زوردۇن سابىر

# ئىزدىنىش

2



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## مۇندەرىجە

كىرىش ........................................................... 1
بىرىنچى باب    مەنىسىز يىللار...................................... 3
ئىككىنچى باب    ئۇچرىشىش........................................... 85
ئۈچىنچى باب    تىغمۇتىغ ئېلىشىش ....................... 233
تۆتىنچى باب    قىساس ........................................... 339
بەشىنچى باب    دىدار ئىستەكلىرى ........................ 437
ئالتىنچى باب    ئىزدىنىش ........................................ 611
خاتىمە ............................................................ 761

# كىرىش

ئەلانىڭ خاتىرىلىرى ئاخىرلاشتى ، ئۇ ئەمدى خاتىرە يازمايدى-
غان بولۇپ قالدى . نېمىشقا ؟ ھازىر ئۇ ھېچ نەرسىگە قىزىقمايدۇ ،
ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەشنىمۇ خالىمايدۇ . ئۇ ھەممىلا ئىشتىن
رازى ئادەمدەك خاتىرجەم . كەلگۈسىدىن يەنە نېمىلەرنى ئۈمىد
قىلىدىكىنتاڭ ، پات - پاتلا دوستلىرى بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىدە
كەلگۈسى توغرىسىدا سۆزلىشىپ قويىدۇ ، لېكىن بۇرۇنقىدەك قىز-
غىن ئەمەس .

ئۇ كۆپىنچە خىيال سۈرىدۇ ، يالغۇز يۈرىدۇ . ئۇن يىلدىن
بېرى خۇددىنى بىلمەي كىتاب ئوقۇپ ، خاتىرە - ماقالە يېزىپ ،
ئەمدى ئوتتۇز ياشقا كەلگىنىدە پروفېسسور بولۇشىنىڭ ئورنىغا
گۆڭشى ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان ، ھېچكىم
نەزەرگە ئىلمايدىغان ئەرزىمەس ئادەم بولۇپ قالغىنى ھار كەلدىمۇ ؟
ياكى سۆيۈملۈك ئايالى بىلەن ئوغلىدىن ئايرىلىش ئەقلىدىن ئاداش-
تۇردىمۇ ؟ بۇنىسى كىشىلەرگە بەلگىسىز .

ئۇ ھويلىسىنى ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن مەكتەپ قورۇسىدا
ئىككى ئىتنىڭ ھۇزۇرلىنىپ ئېغىنىشىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن
كۆزەتتى . نېرىدا باغلاقتا تۇرۇپ ئۆزىگە ھاۋشىۋاتقان قارا كۈچۈككە
قاراپ كۈلۈپ قويدى - دە ، ئاتلىرىغا ئالدىرىماي خامۇت كىيگۈزۈپ
ھارۋىسىنى قوشتى . ئۇنىڭ ئېزىلەڭگۈلۈكى ئۆزۈن يىللىق قويچىغا
ياكى ئەترەتنىڭ سۇچىسىغا ئوخشايتتى . ئۇ ئاتلىرىنى يېتىلەپ
چوڭ كوچىغا چىقتى - دە ، ھارۋىسىغا چىقتى .

ئۇ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ، ئاتلىرىنى قاترىتىپ غۇلجا شەھ-

رنگە قاراپ ماڭدى . ھاۋا ئىسسىق ، يول توپىلىق ، لېكىن ئەلا ئۈچۈن بۇلار ئەھمىيەتسىز . ئۇ بۇگۈن دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشى- دۇ . لېكىن ، ئۇ شۇ يەردىمۇ گەپ قىلماي خىيال بىلەن ئولتۇرار- مىكىن...

ئەلانىڭ خاتىرىلىرى ئاخىرلاشتى . ئەمدى ئەلا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى توغرىسىدا ئاپتورنىڭ ئۆزى قەلەم تەۋرىتىدۇ .

# بىرىنچى باب مەنىسىز يىللار

## 1

— ئون يىلدىن كېيىن يەنە ئۆز شەھىرىمىزدە جەم بولدۇق. قىممەتلىك دوستلىرىم، مەن تۆت ئېغىز كىرىش سۆز قىلىۋالاي. بىز ئۇچۇرما بولغان قۇش باللىرىدەك، نە - نەلەرگە ئۇچۇپ كېتىپ، ئۆز بېغىمىزغا ئون يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلدۇق. ئون يىل ئىچىدە چىرايلىرىمىز، مىجەز، ئورۇنلىرىمىز قانچىلىك ئۆزگەرگەن - ھە؟ ھاشىرغا قاراڭلار، چېچىنىڭ يېرىمى قاپتۇ، بۇ بىر يوقىتىش، لېكىن يوقىتىش ھېسابىغا قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرىمۇ بار. مەسىلەن، ھاشىر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى. بۇنداق ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن، مەن ھەممە چېچىمنى يوقىتىشقىمۇ رازى بولغان بولاردىم. يەنە قاراڭلار، ماۋۇ بىزنىڭ قۇرماش گارموشكا چېلىشنى تاشلاپتۇ، بۇمۇ بىر يوقىتىش، لېكىن بۇ يوقىتىش ھېسابىغا ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇۋالدى. تاشچۇ تېخى؟ ئىلمىي مۇدىر. بىزنىڭ نامەتمۇ قالتىس ئۆزگەردى. 1957 - يىلى بىرلا خورجۇن بىلەن خوتەنگە كېتىۋىدى، مانا ئون يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە خەنزۇ بازىرىنىڭ خوجايىنى، ئۆمۈر بويى يېسەڭمۇ ئۇپرىمايدىغان باي. ئۇچۇقراق ئېيتقاندا، زامانىمىزنىڭ ۋېلىباي، مۇسابېيى! بىزنىڭ ئەلاچۇ؟ ئۈچتىن ئايرىلدى، ئۈچكە ئىگە بولدى، يەنى خوتۇندىن، قوشۇندىن، غايىدىن ئايرىلدى، ھارۋىغا، قالپاققا، شاھماتقا ئىگە بولدى. ئۇ ھازىر ئۇستا ھارۋىكەش، بىر ھارۋا بىلەن

پۈتۈن بىر مەكتەپنى كۆمۈر بىلەن تەمىنلەيدۇ ؛ ئۇستا شاھماتچى ،
گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ چېمپىيونى ، يەنە تېخى ئۇستا مۇقام-
چى ، زامانىمىزنىڭ روزى تەمبۇرى . ئەمدى ، پرولېتارىيات ئىنقى-
لابىنىڭ بۆشۈكىگە بېرىپ ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ مېۋىلىرىدىن
تەم ئېلىپ كەلگەن ئىككى دوستىمىز ماناپ بىلەن ناسىرنى ئالايلى .
بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا قىزىللاشماي ، سارغىيىپ قايتىپ كەل-
گەنلىكى ئۈچۈن بۇگۈن ، قايتا رېمونت قىلىنىۋاتىدۇ . ئەمدى ئون
يىل بۇرۇن بىزنى شەرققە ئۇزاتقان دوستلىرىمغا ئۆتەي !...

— توختا ! — دېدى ھاشىر ئۇنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ، —
مېھمانلىرىم كۆڭۈللۈك ئولتۇرسۇن دېسەڭ ، بۇ كۆڭۈلنى غەش
قىلىدىغان تونۇشتۇرۇشلىرىڭ ئاخىرلاشسۇن . بىر سىنىپتا ئوقۇ-
غان يىگىرمە ئۈچ دوست - بۇرادىرىڭنى ئەجىر قىلىپ بىر يەرگە
توپلىغىنىڭغا رەھمەت . كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنى قويا-
لى ، ھاراق ئىچىشتىن بۇرۇن كېلىشىۋالايلى : بىرىنچىدىن ، بۇ
يەردە ئىككى خىل كۆزقاراش سۆزلەنمىسۇن ؛ ئىككىنچىدىن ، بىر-
نى كۆتۈرۈپ بىرنى چۈشۈرىدىغان ، ئادەمنى ئاسانلا مەست قىلىدى-
غان سۆزلەر بولۇنمىسۇن . نەق گەپنى ئېيتساق ، بۇرۇن ھەممىمىز
باپباراۋەر ئىدۇق ، ھازىرمۇ شۇ . ھەممىمىز بىكارچى ، يالغۇز
نامەتلا ئىش قىلىدۇ . قالغىنىمىزدا نە مەنسەپ ، نە ئىش يوق . بىز
ناخشا ئېيتايلى ، كۈلەيلى . ئۆزىمىزنى 1967 - يىلى يازدا ئەمەس ،
1957 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ
قويندا ھېس قىلايلى ، قېنى ئەمىسە ، ئوسمان ھارىقىڭنى باشلا !

غۇلجا ئاسمىنى يەنىلا قەدىمكىدەك سۈزۈك ، باغلىرى سال-
قىن ، پۇراقلىق ، قۇشلىرى يەنىلا تىنىمسىز ، شوخ ، قورۇقلىرى
چىتلانغان باغنىڭ شاخ - شاخلارغا پاتماي قالغان ئالمىلىرى ئاستى-
غا تېكمەتلەر سېلىنغان ، داستىخان خىلمۇخىل مېۋىلەر ، كاۋاپ ،
سەيلەر بىلەن تولغان . ئالدىغا پەرتۇق تارتىلغان زۇلخۇمار يازلىق

ئاشخانىدىن باغقىچە خىش ياتقۇزۇلغان يولدا تاكاسلاپ قاتناپ تۇرد-
دۇ . ئۆز تۇرمۇشىدىن قانائەت تاپقان ياش ئائىلىنىڭ پېشانىسى ،
بۇرۇن ئۇچلىرى تەر ، چىرايى كۈندەك يورۇق ، كۆزلىرى ئويناق ،
چاقچاق ، كۈلكە ، خۇشاللىق ئۇنىڭغا چەكسىز ئارام . ئۆز ئەمگىكى
بىلەن قەدىرلىك ھەمراھىنىڭ كۆڭلىنى ئاللىغانلىقى ئۇچۇنمۇ ياكى
مۇنۇ كۈلكىلەر ئۆزىنىڭمۇ ياشلىق ھېسلىرىنى قوزغىغانلىقى ئۇ-
چۇنمۇ ، ئىشقىلىپ ئۇ تولىمۇ خۇشال . ئۇ ھەر قېتىم داستىخانغا
پەتنۇس كۆتۈرۈپ كەلگىنىدە قاقاقلاپ كۈلىدۇ ۋە : «قېنى ، ئوخ-
شىمىغان بولسىمۇ ئەمدى !...» دەپ قويىدۇ . ئوسمانچۇ ؟ ئۇ ھېلى-
دىن ـ ھېلىغا كۆزىگە چۇشۇۋالىدىغان بۇدۇر چاچلىرىنى سىلكىپ
قويۇپ ، ئۆز ۋاقتىدا زۇلخۇمارنى ئوڭايلا تەسلىم قىلىۋالغان خۇمار
كۆزلىرىنى ئوينىتىپ دوستلىرىغا گەپدانلىق بىلەن ھاراق سۇنى-
دۇ ، قاقاقلاپ كۈلىدۇ :

— بول ئەلا ، جېنىم ئاداش ، كۆتۈرۈۋەت ، ھازىر تەمبۇر
چالىسەن ، دۇتارنى ھاشىر چالىدۇ . سىلەرنىڭ ناخشاڭلارنى مەست
بولۇشتىن بۇرۇن ئاڭلىۋالاي ، بولمىسا ساڭا ناخشا ئاشمايدۇ
جۇمۇ !

ئەلا كۈلۈپلا قويىدۇ ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايلا ھاشىرنىڭ
يانپېشىغا جەينىكى بىلەن تايىنىۋېلىپ داستىخانغا مولايىملىق بىلەن
قاراپلا ئولتۇرىدۇ . ھاشىر بولسا بالىسىنىڭ ئەركىلىكىنى ھار
ئالمىغان ئانىدەك ئەلانىڭ جەينىكىدىن كېلىۋاتقان زەربىگە پىسەنت
قىلماي خاتىرجەم چاقچاق قىلىپ ئولتۇرىدۇ :

— ھەي ئاۋاق ، يانپېشىمدىن تۆشۈك ئاچاي دەمسەن ، بوپتۇ
يۆلەن ، ئەركىلە ، مەندىن باشقا كىمىڭ بار ئەركىلەيدىغان !

ئۇ يوغان قوللىرى بىلەن ئەلانىڭ چاچلىرىنى تاراپ
قويدى ـ دە ، كۆپچىلىككە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ :

— ئاغىنىلەر ، مېنىڭ تەكلىپىم بار . ئۆيلەنگىنىڭلار ئائىلد-

رىڭلارنى ئەكېلىڭلار ، تونۇشۇۋالايلى ، — دېدى .
— سەن بويتاق ، نېمەڭنى ئەكېلىسەن ؟
— سېنىڭ تويۇڭدا ئەكېلەيلى . ھەي تۆگە ، قاچان ئۆيلىنىسەن ؟
— بىرىنچى شۇجى بولمىغۇچە ئۆيلەنمەيدۇ بۇ ، خۇزىمىنچە ئىنقىلابچى ـ دە !
نامەت ھەممىدىن بۇرۇن مەست بولدى ۋە لاۋزىلاشتى .
— بۇنىڭغا ھېلىقى ئەلانۇرنى ئېلىپ بېرەيلى . تونۇگۈن كۆردۇم ، بەرناۋۇلدەك ئايال ، بولىدىكەن ، ھا... ھا... !
ئوسمان ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى :
— يادىڭدىمۇ نامەت ، ھېلىقى چاغدا بەرناۋۇلدىن پەشۋا يېگىنىڭ !
— ئۇتەيدىما ! ھا... ھا... ھا... !
ئۇنىڭ ئۇرۇنسىز كۈلكىسى قاتتىق كۈلكە قوزغىدى .
— ئارىمىزدا بويتاقتىن ئۇچى بار ئىكەن ، — دېدى قورماش ، — ئايالLIرىمىزنى ئەكەلسەك بولارغا بېسىم بولىدۇ ـ دە ، ئۆيلىنىدۇ . ئەكەلسەك ئەكېلەيلى .
— ھاشىرغا بېسىم بولىدۇ ، ئەلاغا ئازاب بولىدۇ ، لېكىن بىزنىڭ نامەتكە بازار بولىدۇ ـ دە !
يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى .
— ئاداش نامەت ، ھېلىقى ئايالىڭ بارمۇ ، قويۇۋەتتىڭمۇ ؟
— قويۇۋەتمەي ، بىز دېگەن خوتۇن دېگەننى قويۇۋەتكىلى ئالىمىز .
— قانچىنى قويۇۋەتتىڭ ؟
— ئارانلا بەش !
ھاشىر ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى :
— مۇھەببەتتىنچۇ ؟

— مۇھەببەت ، — نامەت تەرىنى تۇردى ، — مۇھەببەت ياڭ-
چۇقتا !

— ئۇنداقتا ، مۇرىتى كەلسە بىزنىمۇ ساتىدىكەنسەن - دە ؟

— تۈگىمىنىڭ بازىرى كاسات ، ماشىنا چىقتى ئەمەسمۇ ؟

كۆپچىلىك يەنە كۈلۈشتى .

قۇياش ئۇلار بىلەن خوشلاشتى . ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى تۆپە شاخلاردىكى قىزىل ئالمىلارنىڭ مەڭزىدە ئويناپ ، باغقا يېڭىچە زىننەت بەردى . غۇلجا باغلىرى كەچكى شەرق شامىلى بىلەن پىچىرلىشىشقا باشلىغاندا ، يالغۇز تەمبۇرنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق ئاۋازى خۇددى ھەممىنى ئۇيقۇغا ئۇندەۋاتقاندەك جىمجىتلىق چىللاپ باغنى كەيپ قىلدى . «مۇشاۋرەك» مۇقامىنىڭ تەمبۇر بىلەن باشلىنىشى خۇددى كۈچلۈك ئىچىملىكتەك ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ، كۆڭۈللىرىنى ئەزدى .

ئەلانىڭ زەخمەك باغلىغان قارامتۇل بارماقلىرى باياتىن ئالمىغا ئىپسىقلىق تۇرغان مۇنۇ تۆت سىم تارلىق تىلسىزنى شۇنچىلىك شېرىن تىلغا كىرگۈزدىكى ، كىگىز ئۈستىدە ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئولتۇرۇشقان يىگىرمە نەچچە يىگىت خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەك ئۈن - تىنسىز جىمجىتلا قالماي ، قازان بېشىدىكى ئايالالار ، شوخ بالىلارمۇ تۇرغان يېرىدە قېتىپ قېلىشتى .

ئەلا مۇقام باشلىدى :

مۇزەھھەب ئەيلىگەن پەيكانلىرىڭ
جىسمىم ئارا ھەريان ،
دىمە باش چەكتى كىم ، چەكتى زەبانە
شۇئلەئى ھىجران .
قاچان پەيكان كۆرۈنمەس ھېچبىر ئۇتنىڭ
شۇئلەسى بولسا ،

ئانى تارتىپ چىقارماق زەخمىم ئىچىدىن
بارمىدۇر ئىمكان؟
................................
................................

ئۇنىڭ ئاۋازىغا مۇڭ ۋە قايغۇ سىڭگەچكە يۈرەكلەرنى تىترىتەتتى. ئۇنىڭ قوشاق ـ شېئىرىمۇ ئۆزگىچە، ئولتۇرغانلار ئاڭلاپ باقمىغان تەسىرلىك ئىدى. مۇقام قەدەممۇقەدەم ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىغاندا ھاشىر ئوسمانغا رومكىنى قويۇپ پىيالىنى ئۇزاتتى. ئوسمان پىيالىنى تولدۇرۇپ يېرىمىنى ئۆزى ئىچىپ، قالغان يېرىمىنى ئۇن ـ تىنسىز ھاشىرغا ئۇزاتتى. ئوسمانغا كەينى ـ كەينىدىن قوللار سۇنۇلدى. ھاراق تەشنالىقىنى ئاشۇرۇۋاتقان ئاجايىپ مۇقام، ئولتۇرغانلارنىڭ بىرلىرىنى ئۇھ دېگۈزسە، بىرلىرىنى بۇقۇلدىتىپ يىغلاتتى، يەنە بىرلىرىنى دوست تارتقۇزدى. ئۇلار داستىخاننى قايرىپ قويۇپ قىستىلىشىپ ئەلاغا يېقىنلاشتى ۋە بىر ـ بىرىنى نوقۇشۇپ، مۇقامنىڭ ھەربىر گېپىنى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن زېھىن قويۇشتى.
مۇقام ئاخىرى:

نەۋائى ئۆزنى خۇش تۇتكىم كىشىگە دەيىر
ئىشى باردۇر،
ئەگەر مۇشكۇل تۇتار ـ مۇشكۇل ۋە گەر
ئاسان تۇتار ئاسان.

... داستان نەغمىسى «ئايادەردىم بى... بى... بى... ۋاي دەردىمەي...» دېگەن مۇڭ بەرگۈچى، ھېسسىيات قوزغىغۇچى ئىبارىلەر بىلەن چۈشكەندە، ئولتۇرغانلار بىر ئېغىزدىن: «ئۆلمە ئەلا!»

دەپ ۋارقىراشتى . «مۇشاۋىرەك» داستانلىرى باشلىنىۋىدى ، بايا-
تىن دۇتارنىڭ بېشىنى تىزىغا قويۇپ ھاياجان بىلەن ئولتۇرغان
ھاشىر دۇتارى بىلەن يانداشتى . ئەلانىڭ زىل ، جاراڭلىق ئاۋازىغا
ھاشىرنىڭ بوم ، قوپال ئاۋازى ماسلاشمىدى . ئوسمان ھەممىنى
جەينەكلەپ ئەلانىڭ قولتۇقىغا كىردى ، ساقىيلىقنى بولسا نامەتكە
ئۆتكۈزۈپ بەردى .

غەمدىن قۇتۇلمىغان مېھنەتلىك باشىم ،
كۇندە يۈز مىڭ ھىجرانە بولدى نەيلەيىن .
ۋاپاسى يوق شۇم پەلەكنىڭ گەردىشى ،
تۇگىمەس سەۋداغا سالدى نەيلەيىن...

بۇ يۇرەكلەرنى تىترەتكۈچى قوشاقلار ئېيتىلغاندا ، ئۆيدىكى-
لەرنىڭ ھەممىسىلا : «ئۇھ» تارتتى ، خۇددى ئەلا ئۇلارنىڭ يۇرەك
سۆزىنى ئىزھار قىلىۋاتقاندەك ، ئۇلار ئۇچۇن ئەجدادلاردىن نەقىل
كەلتۇرۇپ بۇگۇنكى يۇرەك جاراھەتلىرىنى ئەسلەۋاتقاندەك بىلىن-
دى ، لېكىن يالغۇز نامەتلا غەمدىن خالىي ئىدى .
نامەت بىر قولىغا بوتۇلكا ، بىر قولىغا رومكا ئېلىپ
ئېگىز - پەس دەسسەپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى . ئۇ قۇرماشنىڭ
ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قاشلىرىنى ئويىنتىشقا باشلى-
ۋىدى ، تاش ئۇنىڭ پۇتىغا تېپىپ :
— پەيزى ئوغرىسى ، بولدى قىل ! — دەپ قويدى .
ئەلا بىرىنچى داستاننىڭ مەرغۇلىنى شۇنچىلىك يېقىملىق چال-
دىكى ، باغنىڭ كوچا تېمى ئادەملەر بىلەن تولدى . باغقا ناتونۇش
مەستلەر ، قولۇم - قوشنىلارمۇ سالام بىلەن كىرىپ كېلىشتى .
ئىككىنچى ناخشا — نەۋائى شېئىرىغا تەقلىد قىلىنغان شېئىر
بىلەن باشلانغاندا ، ئەلاغا ئەگىشىدىغان ھېچكىم قالمىدى . چۇنكى ،

بۇ شېئىرنى ھېچكىم ئاڭلىمىغان، شېئىرنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ مەنىلىك، تەسىرلىك ئىدى.

كۆرگىلى ھۆسنۇڭنى زارۇ مۇپتىلا بولدۇم ساڭا،
نە بالالىق كۈن ئىدىكىم ئاشنا بولدۇم ساڭا.
نەكى كۈندۇز، نەكى تۈن ئۇيقۇ كەلمەس كۆزۈمە،
ھېچ داۋاسىز دەرد ئىلە تەشنا بولدۇم ساڭا.

تۈندە يانغان چوغ كەبى غىل - پال كۆرۈندۈڭ نە ئېتەي،
يەر يۈزىدە جۈپتى يوق بىر تال بىلىندىڭ نە ئېتەي.
بىر كۆرۈندۈڭ بىر ئۆمۈرچە تارتقۇدەك دەرد سالدىڭا،
ئاشۇ دەردتە مۈكچىيىپ خۇددى يا بولدۇم ساڭا.

مۇقام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دوستلىرى ئۇنى سوئاللار بىلەن كۆمۈۋەتتى:
— ھەي ئاۋاق، نەلەردە يۈرۈپ شۇنچە ئۇستا بولۇپ كەتتىڭ؟
— بايىقى ئېيتقانلىرىڭ كىمنىڭ شېئىرلىرى؟
— ئالىم بولۇشنى چۆرۈپ، ئەمدى سازەندە بولاي دەپسەن - دە؟
— ئاداش، قوللىرىڭ نېمانچە قاداق؟
— ھەي، بېرىپ - بېرىپ ھارۋىكەش بولۇپ قالدىڭما؟
لېكىن، ئەلا كۈلۈپلا قويدى. ئۇ ئۈن - تىنىسىز ھاراق ئىچەتتى، كىر لۆڭگىسى بىلەن يۈز - بويۇنلىرىنى ئېرتاتتى. ھاشىرلا ئۇنىڭغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن زەن قويۇپ، جىمجىت خىيال بىلەن ئولتۇراتتى. گەرچە دوستى ئۇنىڭغا ھال ئېيتمىغان بولسىمۇ، ھاشىر ئەلانىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلەتتى. ھاشىر 1966 - يىلىنىڭ بېشىدا مۇشۇ ناھىيىگە مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ

كېلىپلا ، ناھىيىنىڭ بىر ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئارانلا ئورۇن تەگ-
كەن دوستىنى ئىزدەپ تاپتى . ئۇلار بىر كېچە مۇڭداشتى . شۇ
چاغدىمۇ ئەلا ئۇنىڭغا ھال ئېيتمىدى . ئۆزىنىڭ «تۆتنى ئېنىقلاش»
تا تارتىپ چىقىرىلغانلىقى ، ئوقۇتقۇچىلىق لاياقىتى ئېلىپ تاشلان-
غان ، رۇخسەتسىز ھېچنەگە بارالمايدىغانلىقى توغرىسىدا بىر ئې-
غىزمۇ گەپ قىلمىدى ، پەقەت تىرىشىپ رۇسچە ئۆگىنىۋاتقانلىقى ،
يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى ، توپلىغان كىتابلىرى ، دۆۋە - دۆۋە
كارتا ، خاتىرىلىرى ، كۆندىلىك ۋە ئۇزۇن يىللىق پىلانلىرى توغرى-
سىدا قىزغىن ۋە روھلىنىپ سۆزلەپ بەردى . ئاز كۈندىن كېيىنلا
ناھىيىلىك پارتكومدا ئۇستقۇرۇلما ساھەسىدىكى سىنىپىي كۈرەش
مۇزاكىرە قىلىنغاندا ، ئەلانىڭ مەسىلىلىرى ، يەنى ساۋۇتوف بىلەن
بولغان ئالاقىسى ، ئەكسىيەتچى ماقالىلىرى تىلغا ئېلىندى . ھاشىر
دوستىنى ئاقلاپ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ باش شۇجىسى ۋە تەشۋىقات
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى رەقىپ بىلەن قاتتىق تىركەشتى ، لېكىن كۈچ
ئېلىشالمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئەلا ناھىيە بويىچە «كىچىك دىڭتو»
دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ كۈرەش ۋە پىپەن قىلىندى . ھاشىرنىڭ
يۈرىكىنى زېدە قىلغان بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى باشلىنىپ ، ئەلا بىرىنچى قېتىم سازايى ۋە كۈرەش
قىلىندى ، پۈتۈن كىتاب ، قولىيازمىلىرى كۆرگەزمە قىلىنىپ كې-
يىن كۆيدۈرۈلدى ، ئاز كۈندىن كېيىن ھاشىرمۇ تارتىپ چىقىرىل-
دى... مانا ھازىر ئۇلارنى تارتىپ چىققانلار ھوقۇق كويىدا بىر -
بىرى بىلەن ئۇرۇشماقتا . ھاشىر بىلەن ئەلا ئۇلارنىڭ سوقۇشۇشلى-
رىدىن پايدىلىنىپ بۇگۈن دوستلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇپتۇ .

ھاشىر ئەلانىڭ قولىنى ئالىقىنىغا ئالدى . ئۇلار بىر - بىرى-
نىڭ كۆزىگە قاراشتى . بۇ كۆزلەرگە تىل بىلەن ئىپادە قىلغىلى
بولمايدىغان دەرد - ئەلەم ، يەنە شۇنداقلا ناھايىتى چوڭقۇر قاتلامل-
رىغا ئۈمىد شولىسى يوشۇرۇنغانىدى .

— ئۆتۈپ كېتىدۇ ! — دېدى ھاشىر قاتتىق ئۇھ تارتىپ .
— ئۆمۈرمۇ ؟ — ئەلا ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى . ھاشىر ئۇنىڭغا يەنە سىنچىلاپ قارىدى : دوستىنىڭ كۆز قويرۇقلىرىنى ئۇششاق قورۇقلار قاپلىغان ، ئىككى قوۋۇزى ئولتۇرۇشقان ، ئۇمىدلىك كۆزلىرى شۇنچە غەمكىن ، مىسكىن...
— بۇگۈن مېنىڭكىگە چىقىپ كېتەيلى ، — دېدى ھاشىر ، — پىيادە چىقىپ كېتىمىز .
— قارىدۆڭدىكى سارايدا ئىككى ئېتىم بىلەن ھارۋام بار ، — دېدى ئەلا ، — ئۇلار ماڭا قاراشلىق .
— ئۇنداق بولسا ، بۈگۈن شۇ سارايدا ياتايلى .
— كېچىلەپ خاڭغا بارىمەن . ئەتە چۈشكىچە كۆمۈر بېسىپ يېنىپ چىقمىسام ماڭا كۈن يوق .
— ئۇنداق بولسا ، خاڭغا بىللە چىقايلى .

ئوسماننىڭ مېھمانلىرى ئەمدى بىر توپ مەستلەرگە ئۆزگەردى . مەستلەر نېمىلەرنى دېمەيدۇ ، نېمىلەرنى قىلمايدۇ ؟ ئۇلارنىڭ بىرلىرى گەپ تالاشماقتا ، بىرلىرى پىچىرلىشىپ ، بويۇنلىرىدىن گىرەلىشىپ مۇڭداشماقتا ، يەنە بىرلىرى ، ئالىملارنىڭ ئاستىدا ياتماقتا ، يەنە بىرلىرى ، مەسلەن ، نامەتكە ئوخشاشلار قازان بېشى بىلەن سورۇن ئارىسىدا دەلدەڭلەپ ، بىردەم ئاياللارغا ، بىردەم دوستلىرىغا ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈپ يۈرۈشمەكتە .

پەقەت يالغۇز ئەلا بىلەن ھاشىرلا خۇدنى يوقاتمىغان . ئۇلار ئىشتىھا بىلەن ئېرىن يېدى ۋە ئوسمان بىلەن زۇلخۇماردىن ئۆزرە خاھلىق سوراپ كوچىغا چىقىشتى .

ئاسمان يۇلتۇزلار ۋە تولۇن ئاي بىلەن گۈزەل ، كوچىلار ئۇيقۇدا . غۇلجىنىڭ ياز ئاخشىمى تولىمۇ سالقىن ۋە لەرزان شامال-لىق . ئېگىز ئاق تېرەكلەر ئاستا شۇۋىرلىشىدۇ . ئېرىق سۇلىرى ئېھتىيات بىلەن پىچىرلىشىدۇ . باغ ، ھويلىلاردىن گۈپۈلدەپ گۈل

ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ...

تەبىئەت ئىككى دوستنى ئۇنىڭدىلا سەگىتتى. باياتىن ئىچكەن ھاراقلىرى يازدا ياغقان قاردەك ئۇنىڭدىلا غايىب بولدى. ئۇلار ئۇلتۇرۇشتا باشلىغان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ نوۋېگورود كوچىسىغا كەلدى. كوچا ئالا كۆلەڭگىلەر بىلەن ئۇسا قىلىنغان بوز يەرگە ئوخشاپ قالغان. بۇنداق ئالا كۆلەڭگىلىك كېچىدە ئۇلار تۇرغۇن قېتىم قولتۇقلىشىپ بىللە مېڭىشقان، لېكىن ئەستىن چىقمايدىغىنى، بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن رازىيە ئۇچى بىللە ماڭغان كېچە. ئۇلار گەرچە رازىيە توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىغان بولسىمۇ، مۇنۇ سىرلىق كېچە ھەر ئىككىلىسىگە رازىيەنى ئەسلەتتى. ئۇلار تەڭلا ئۇھ تارتتى. ئەلا ئىختىيارسىزلا:

— بىچارە رازىيە مۇشۇ تۇرقىدا تۇرمە تۇڭلۇكىدىن يۇلتۇزلارنى كۆرۈۋاتىدۇ، لېكىن مۇنۇ پۇراقلىق شاماللار ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىيپاشقا قادىر ئەمەس! — دېدى.

— ئۇ خىيالىدا بىز بىلەن سۆزلىشىۋاتىدۇ، — دېدى ھاشىر ئەلانىڭ بىلىكىدىن مۇجۇپ قويۇپ، — بىچارە قىزنىڭ جەبىر - جاپا تارتىشىغا مەن سەۋەبچى!

— ناۋادا، سەن ئۆز ۋاقتىدا رەھمەتوفچە[1] ئىش قىلمىغان بولساڭ، رازىيەنىڭ تەقدىرى باشقىچە بولغان بولاتتى. مۇھەببەت ئىنساننى ھەم بەختلىك، ھەم بەختسىز قىلىدىكەن، لېكىن بەختلىكلەرمۇ، بەختسىزلەرمۇ پۇشايمان قىلمايدىكەن، بۇ ئاجايىپ ئىش!

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى.

— ئۆتۈپ كېتىدۇ، تۈزىلىدۇ، — دېدى ھاشىر دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇپ، — تۈزەش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىشقۇ

---

① چېرنىشېۋسكىينىڭ «نېمە قىلىش كېرەك» رومانىدىكى تەلەپچان قەھرىمان.

بۇلار . رازىيە چوقۇم چىقىدۇ . دادىسىنىڭ كىتابلىرىنى ئېلىپ ماڭغانلارغا قارىتىپ ئاچچىق گەپ قىلغىنى ئۈچۈنلا سولانغان تۇرسا ، نېمىشقا قويۇپ بېرىلمەيدىكەن ، ئۇ قويۇپ بېرىلسىلا ، مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن !

— ناۋادا ، قويۇپ بېرىلمىسىچۇ ؟

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ؟

— ئۇ نەق سەن ھىمايە قىلىۋاتقان مۇشۇ ئىنقىلابنى تىللىغان ! ئۇ چىقسىمۇ يەنىلا تىللايدۇ . سەن مۇشۇ تەبىئىيىتىڭ بىلەن قانداقمۇ رازىيەگە ھېسداشلىق قىلالايسەن ؟

— ياق ، تىللىمايدۇ ، ئەمدى تىللىمايدۇ ؟

— خاتالىشىسەن ، ئۇ پۇشكىنچە ئادەم ئەمەس ، لېرمونتوفچە[①] ئادەم ، ھەرگىز خاتا قىلدىم دېمەيدۇ .

— سېنىڭچە ، مەن ئۇنىڭ كۆزقارىشىنى قوبۇل قىلسامىلا ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولالايدىكەنمەن - دە ؟

— نەق شۇنداق .

— بۇ تولىمۇ چوڭ قۇربان بېرىش بولىدۇ - دە !

— باشقىلار سېنىڭ ئۈچۈن قۇربان بەرسىلا بولىدىكەن - دە ، رازىيە ئاز قۇربان بەردىمۇ ، كۆڭلى خالىمىغان بىرىگە ئايال بولۇش ، سېنىڭچە ئاز قۇربان بەرگەنلىكمۇ ؟

ئۇلار يەنە جىمىپ قېلىشتى . ئەتراپتا مىلتىق - پىلىموتلار ئېتىلىشقا باشلىدى . يېقىنلا يەردە ئادەملەر ۋارقىراشماقتا ئىدى . ھاشىر تېرىكتى . ئۇ ئۆزىچە غودۇڭشىدى :

— كىتاب خالتىسى ، كىتاب خالتىسىدىن زادى ياخشى گەپ چىقمايدۇ ، تالانتىڭ بار ، لېكىن زىيانلىقسەن !

---

① پۇشكىن پادىشاھقا قارشى تۇرۇپ كېيىن توۋا قىلغان ۋە پادىشاھنى تىللىمىغان ، لېرمونتوف ئاخىرغىچە تىللىغان — ئاپتورنىڭ ئىزاھى .

— لۇشۇننىڭ مۇنداق بىر گېپى بار ، — دېدى ئەلا خۇددى ھاشىرغا ئەمەس ، ئۆيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان شەھەرگە سۆزلەۋاتـ قاندەك ۋارقىراپ ، — «تالانت ئىگىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىش كىشىلەرنىڭ كۆنۈپ قالغان ئادىتى بولسا كېرەك . جۇڭگودا خەن ۋە جىن سۇلالىلىرىدىن كېيىن داڭق چىقارغان ئەدىبلەرنىڭ تولىـ سى قارىلىنىپ كەلدى» . ھازىرمۇ شۇنداق... لىيۇشى مۇنداق دې۔ گەن : «سەركەردىلەر ، ۋەزىرلەر مەرتىۋىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن شـۆھرەت قـازىنىدۇ . ئـەدىبلەر مـەرتىۋىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن تىل - ھاقارەت ئاستىدا ياشايدۇ» . بۇ خۇددى دەريا سۇلىرى ئۆركەشلەپ ئاقسا ، ئېرىق سۇلىرىنىڭ بىردەم كۆپ ، بىردەم ئاز ئاققىنىغا ئوخشاش بىر ئىش !

— تىلىڭنى يىغ دەيمەن ، — ھاشىر تاتىرىپ كەتتى .

— نېمە ، شۇجىلىقتىن سەركەردىلىككە ياكى ۋەزىرلىككە ئۆرـ لەي دەمسەن؟ — ئەلامۇ نۆۋىتىدە تارتىنىپ ئولتۇرمىدى .

— بولدى قىل دەيمەن ، — ھاشىر مۇشتۇمىنى ھاۋادا پۇلاڭـ لاتتى ، لېكىن ئەلا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى .

— يالغانمۇ ؟ — دېدى ئەلا غەمسىز قىياپەتتە ، — نېمە قالـ دى ؟ كىم قالدى ؟ ئۆمەر ئەپەندىنىڭ كىتاب يېغىشىمۇ گۇناھمۇ ؟ رازىيەنىڭ ساپ دىل دادىسىنى ھىمايە قىلىشى جىنايەتمۇ ؟ نېمىشقا سەندە ئۇلارغا نىسبەتەن ھېسداشلىق قوزغالمىدى . سېنىڭ ئادىللىـ قىڭ ، ۋىجدانىڭ نەگە كەتتى ؟ پارتىيە ئەزاسى ، پارتكوم شۇجىسى بولغان ئادەم قارىغۇ ، پاڭ ، گاچا بولۇۋالسا بولامدىكەن ؟ بىلىپ قوي ، سەن تېخى تۈزىلىدۇ دەيسەن ، مېنىڭچە تۈزەلمىكى تەسـ ئۈمىد نەدە ؟ «چىڭگىزخان» رومانىدا ، مۇھەممەت شاھ دۆلىتى ۋەيران بولغاندا ھوقۇقنى ئوغلى جالالىدىنغا بېرىدۇ . جالالىدىن نېمە دەيدۇ ؟ «ئۈمىد بورانلىق كېچىدىكى بىر تال يىڭنە ، لېكىن مەن ئۇنى تېپىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىمەن» دەيدۇ . ھازىرمۇ ئۈمىد

شۇنچىلىك ، كۆرسەن تېخى .
هاشىر جالاقلاپ تىترىدى . ئۇ چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ئەلا-
نىڭ ياقىسىدىن مۇجۇپ تۇتتى ۋە مۇشتۇمىنى كۆتۈردى :
— سەن ئىپلاس !
ئەق شۇ چاغدا ، ئۇلارنىڭ يېنىغا قورال‌لىق ئادەملەر كېلىش-
تى . ئۇلار جىددىي ، ئەسەبىي ، تەلۋە ئىدى . هاشىر دوستىنى
قويۇۋېتىپ ئىككى قولىنى چۇشۇرۇپ تىك تۇردى .
— نېمە ئادەمسىلەر ؟
— مەن ، — دېدى هاشىر ، — دۆلەت كادىرى .
— قايسى كۆزقاراشتا ؟
— تارتىپ چىقىرىلغانىمەن .
— سەنچۇ ؟
— مەن هارۋىكەش !
— قايسى كۆزقاراشتا سەن ؟
— هەقىقەت تەرەپتە !
— تۈز گەپ قىل ! ئېيت ، قايسى پەيگە يېقىنسەن ؟
— ئىككى ئېتىمغا يېقىن !
— مېھمانلار ، هازىر هەربىي هالەت !
ئۇلارنى بىر كىچىك هويلىغا هەيدەپ كىردى . هويلىدا بىر
نەچچە «تۇتقۇن» ئولتۇراتتى . هويلا خىرە يورۇق ، بىسەرەمجان ،
قورال‌لىق ياشلار كىرىپ - چىقىپ تۇرۇشاتتى .
ئەلا بىلەن هاشىر بىر - بىرىگە دۇمبىسىنى قىلىشىپ قېرى
قارىياغاچقا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشتى . ئۇلارنىڭ ئۆزرە - سۆهبىتى
داۋاملاشماقتا ، لېكىن ئاۋازلىق ئەمەس ، هەرقايسىسى ئۆز ئىچىدە
سۆزلەشمەكتە . هاشىر : «بىكارلا رەنجىتتىم ، بەلكىم ئەلانىڭ
ئېيتقانلىرى راستتۇ ، پارتىيىمىزدە هازىر ئايرىم رەهبىرىي كىشى-
لەر خاتالىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىنغۇ ؟ لېكىن ئەلا نېمىشقا پارتى-

يىمىزنىڭ ئۇنداق كىشىلەرنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشىگە ئىشەنمەي-
دۇ ؟ ئۇ ھەممە ئىشنى چوڭقۇر ئويلايدىغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ
تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە ئادەم . شۇنداق بولغاندىن كېيىن قىيىن
شارائىتتىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى ، گۇمانلانماسلىقى زۆرۈر ئە-
دىغۇ ؟ نېمىشقا ئۇ چوڭ يۆنىلىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىنكار
قىلىدۇ… » دەپ ئويلىسا ، ئەلا دوستىغا ئىچ ئاغرىتىپ : «ئۇنى
بىكارلا رەنجىتتىم ، ئورنىمىز ، كەچۈرمىشلىرىمىز ئوخشاشمايدى-
غۇ ، ئەلۋەتتە ئۇ مەن ھېس قىلغاننى ھېس قىلالمايدۇ - دە ، ئۇنىڭ
ئىشەنچىسى سادىقلىقىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ، نېمىشقا
ئۇنى ئۆز ساداقىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلايمەن ؟ » دەپ
ئويلايتتى .

— ئەلا مۇئەللىم ! — بىر ياش قوراللىق يىگىت ئەلانى
تونۇۋالدى ، — مېنى تونۇدىڭىزمۇ ، مەن ئىبراھىم ، سىز لەنجۇدىن
كېلىپ بىزنىڭ مەكتەپكە مۇئەللىم بولغاندا ، بىزگە ئەدەبىيات
دەرسى بەرگەنىدىڭىزغۇ ، ھازىرمۇ بىز بالىلار توپلانساقلا سىزنىڭ
گېپىڭىزنى قىلىشىمىز !

ئەلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىبراھىمنىڭ سوزغان قولىنى تۇتتى .

— ئوھوي ، مېنىمۇ مۇئەللىم دەيدىغان ئادەم چىقىدىكەن -
ھە ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ .

— ئەلا ! — قاراڭغۇ بۇلۇڭدىن چىرايلىق كىيىنگەن ، كاپكاز-
چە بۆرۆت قويغان بىر ئادەم ئەلاغا قاراپ قۇچاق ئېچىپ يۈگۈرۈپ
كەلدى. ئەلا ئۇنى تونۇدى :

— ساۋۇتوف ئاكا !

ئۇلار ئۇزاق قۇچاقلاشتى . ھاشىرمۇ ئورنىدىن تۇردى . ساۋۇ-
توف ئەلانى يورۇققا ئاچىقىپ سىنچىلاپ قارىدى : ساۋۇتوفنىڭ
ئالدىدا مايلاشقان ئىش كىيىمى ، بىر سوملۇق سېرىق شەپكە ،
پۇتىغا چوخەي كىيگەن ، ئورۇق ، غەمكىن ، چۈشكۈن يىگىت كۆ-

لۇمسىرەپ تۇراتتى .
— ئەلامۇ سىز ؟ — دېدى ساۋۇتوف قايتىلاپ ئەلانىڭ مۇرىسىدىنى قۇچاقلاپ ، — مەن پەرەز قىلغاندىن ياخشى تۇرۇپسىز ، ئىنىم . سىز بىلەن بىزگە مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايە . روھىمىز ئېكەكلەنمەيدىغان كۈن يوق ، شۇڭا تىلىمىز ئۆزىمىزگە بېقىنمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن تىلىمىز بەدىنىمىزگە دۈشمەن . ئىسراپىلوف ، كېلىڭ ، مۇنۇ يىگىت بىلەن تونۇشۇڭ ، دوست بولالىسىڭىزلا ، سىز بەختلىك بولىسىز !
بۇلۇڭدىن ساقال - بۇرۇتى ئۆسكەن ، ئېگىز ، ئورۇق ، ناچار كىيىنگەن ئادەم قوزغالدى - دە ، ئەلاغا يېقىنلاشتى . ئۇ يىرىك قوللىرى بىلەن ئەلانىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ :
— ئىككى كۆمۈرچى تېپىشىپتىمىز - دە ! ئىسمىم ئارۇپ ئىسراپىلوف . 1945 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ ئەسكەر بولغان ، ئۆمرۈمنىڭ تولىسى دالادا ئۆتكەن ، «ئازاد» نىشانلىق پولكتا كاپىتان بولغان ، جەڭ كۆرگەن ، قان تۆككەن . راستىنى ئېيتقاندا ، سىلەرنى ئازاد قىلغان قەيسەرلەرنىڭ بىرىمەن ! — دېدى . ئۇ مەست ئىدى . ساۋۇتوف ھاشىرنى تونۇدى . ئۇ ھاشىرنىڭ ماش رەڭ ئۇستۇېشىغا قاراپ قويۇپ ، قۇچاقلاشمايلا كۆرۈشتى :
— ھاشىر ، سىزمۇ مەن ئويلىغاندەكلا تۇرۇپسىز . ئاڭلىدىم ، بىزگە رەھبەركەنسىز ئىنىم ، لېكىن ھاشىر ئۇكام يالغۇز ساداقەت بىلەنلا بىر ئادەم قەدىرلىك بولۇپ كېتەلمەيدۇ . ساداقەتمۇ زۆرۈر ، لېكىن ئۇ بىر خېمىرتۇرۇچلۇق رولى بار نەرسە ، ئۇنىڭ بىلەن قورساق تويمايدۇ . ساداقەت بىلەن يارامىلىق كەسىپ ماسلىشىپ كەلسە ، تولىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى .
— راست ، مەن كەسىپ ئەھلى بولالمىدىم ، — ھاشىر ساۋۇتوفقا يالت قىلىپ قاراپ قويدى . ئەلا ئۇنىڭ قارىشىدىن بىر خىل يوشۇرۇن نارازىلىقنى چۈشەندى .

دەل شۇ چاغدا سىرتتا ئاۋۋال مىلتىق، ئارقىدىن ئاپتومات بىلەن پىلىموت ئېتىلدى. هويلىدا بىرمۇ قوراللىق ئادەم قالمىدى. «تۇتقۇن»لارمۇ قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغا تىقىلىشتى. هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغۇز ئىسراپىلوفلا قارىياغاچقا هەمراھ بولۇپ، ئىككى قولى بىلەن بېلدىكى تاپىنچىنى پەرۋاسىز تۇراتتى. ساۋۇتوف پىچىرلىدى:

— كىم كىمنى يوقىتىۋاتىدۇ، بىلەمسىلەر بالىلار؟

— بىر كۆزقاراشتىكىلەر يەنە بىر خىل كۆزقاراشتىكىلەرنى!

— ياق، — دېدى ساۋۇتوف ۋارقىراپ تۇرۇپ، — بۇ ھېچقانداق ئىنقىلاب ئەمەس، چىڭگىزخاننىڭ ئەلۋىلىكى، باتۇرخاننىڭ ۋەھشىيلىكى، گىتلېرنىڭ ئەسەبىيلىكى! ئۇلار خەلقنى، ئىنسانلارنىڭ قان - تەرىنى، روھىنى يوقىتىۋاتىدۇ، بۇ ئوقلار خەلققە ئېتىلىۋاتىدۇ!

— كاپىشماڭ! — دېدى هاشىر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، — بىلەمسىز، بۇ گەپلىرىڭىز ئۈچۈن تۈرمىگە چۈشىسىز ئەپەندى!

— تۈرمىگە؟ — دېدى ساۋۇتوف زەھەرلىك كۈلۈپ قويۇپ، — هازىرمۇ تۈرمىدىمەن، بۇ جەمئىيەتنىڭ قەيىرى تۈرمە ئەمەسكەن؟

— هېلىغۇ مۇئەللىم ئىكەنسىز، — دېدى هاشىر خۇددى بىرى كانىيىدىن بوغۇۋالغاندەك ئازابلىنىپ هاسىراپ، — دادام بولسىڭىزمۇ ئەمدى كانىيىڭىزدىن بوغىمەن!

— سەن بوغىمىساڭمۇ سىرتماقتىمەن! — دېدى ساۋۇتوف هاشىرغا يېقىنلىشىپ، — بىلىپ قوي، مەن تۈرمىدىن چىققىلى بىر يىل بولدى، يەنە كىرمەكچىمەن. نېمىشقا كىرىمەن؟ راست گەپ قىلغىنىم، هالال ئىش قىلغىنىم ئۈچۈن كىرىمەن!

— سۆزلىمەڭ! — هاشىر ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ مۇش-

تۇمىنى كۆتۈردى . شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىسراپىلوف يېتىپ كەلدى ـ دە ، قاتمال قوللىرى بىلەن ھاشىرنىڭ كۆتۈرۈلگەن قولىنى بىلىكىدىن مۇجـۇپ تۇتـۇپ كۆزىـنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ :

— ئوغۇل بالا بولساڭ مۇشتۇمۇڭنى ئاۋۇ قورال تۇتقانلارغا تەڭلە . كۆردۇڭمۇ ؟ بىلىم يۇرتى كۆيۈۋاتىدۇ . ساڭا ئوخشاش نەچچە مىڭ تەلۋىنى ئادەم قىلىپ چىققان ئانا مەكتىپىڭ ئوق ئاستىدا كۈل بولماقچى !

ھاشىرنىڭ قوللىرى ئىختىيارسىز تۆۋەن چۈشتى . ئىسراپىلوف كوچىغا قاراپ يۈگۈردى . ئۇنىڭ كەينىدىن باشقىلارمۇ يۈگۈردى . ئۇلار ئېنىق كۆردى . غۇلجا بىلىم يۇرتىنىڭ سۆيۈملۈك بىناسى كۆيمەكتە ئىدى .

— مېنىڭ جېنىم تېنىمگە پاتمايۋاتىدۇ ، — دېدى ئىسراپىلوف قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، — ئانا مەكتىپىمىز كۆيۈۋاتىدۇ . بىز 1944 ـ يىلى كەچ كۈزدە مۇشۇ ئانا مەكتەپتىن قولىمىزغا قورال ئېلىپ جەڭگە چىقىپ ، ئاۋۇ ئۇن زاۋۇتىغا ھۇجۇم قىلغاندا گومىنداڭنى قىرغان ، لېكىن ئانا مەكتىپىمىزنىڭ بىر تال كۆزنىكىنى چاقمىغان .

ھاشىر ئەلانىڭ بىلىكىدىن تۇتتى ـ دە ، مۇتەللىپ بېغى تەرەپكە سۆرىدى :

— ماڭ ، ناغرىچى بىلەن ئايلىنىپ قارىدۆڭگە كېتەيلى .

ئەلا ساۋۇتوفنى سۆرىدى :

— يۈرۈڭ ، مۇئەللىم !

— ياق ، — دېدى ساۋۇتوف يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ ، — ئىسراپىلوفنى قايتۇرۇپ كېلىمەن .

ئىسراپىلوف يولنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ۋارقىراپ كېتىپ باراتتى .

## 2

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۇلار خاڭدىن كۆمۈر بېسىپ قايتتى. بىر يېرىم توننا كۆمۈر بېسىلغان هارۋىنى سۆرەپ، يازنىڭ ئىسسىقىدا دېمى سىقىلىپ قارا تەرگە چۆمگەن ئىككى تورۇق ئات «يېڭى هايات» مەھەللىسىدىن ئارانلا چىقتى.

ئەلا ئامالسىز ئاتلىرىغا ئوت يېگۈزۈش ئۈچۈن توختىدى. ئاتلىرىغا قۇرۇق بېدىدىن سېلىپ بېرىپ، هاشىر ئىككىسى يولنىڭ چېتىدىكى ياش ئۈجمە سايىسىدە سەگدەپ ئولتۇردى.

تۈنۈگۈندىن بېرى ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشمىدى، نېمىلەرنى ئەسلەشمىدى؟ بىردە كۈلۈشتى، بىردە تالاش - تارتىش قىلىشتى، بىردە قىزىرىشتى، لېكىن ئاخىر يەنىلا بىر - بىرىنىڭ غېمىدە باش قاتۇرۇشتى. ئۇلار شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى: گەرچە نۇرغۇن ئىشلاردا يەنىلا ئۇلار ئارىسىدا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار بار بولسىمۇ، ئۇلار هامان دوست، بىرى ئۈچۈن يەنە بىرى جان پىدا بولالايدىغان قەدىردانلار ئىكەن.

— گەپ قىل، ئاۋاق! — دېدى هاشىر قۇمساڭغۇ قىردا سۇنايلىنىپ يېتىپ، — شۇنداق قىلىپ ھەممىدىن قول ئۈزدۈڭمۇ؟

— ھەممىدىن قول ئۈزگەن بولسام ياشاپ نېمە قىلاتتىم؟

— نېمە قىلماقچىسەن؟

— ئوقۇماقچى، يازماقچى.

— يازغىنىڭنى باسمىسىچۇ؟

— ئەۋلادلار ئۈچۈن يازىمەن. قولىيازمىلىرىم كەلگۈسىدە ئەتىۋارلىنىدۇ.

— نېمىلەرنى يازماقچىسەن؟

— ھېلىقى يەتمىش تۆت پارچە ماقالىنىڭ ھەممىسىنى يوشۇ-رۇنچە يېزىپ چىقىمەن .

— خوش ، يازغانمۇ بولغىن ، بۇنىڭ بىلەن نېمىنى ئىسپاتلى-ماقچىسەن ؟

— ئىككى نەرسىنى ئىسپاتلىماقچىمەن : بىرىنچىسى ، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز مەدەنىيەتلىك ، ئەمگەكچان ، باتۇر خەلق . ئىككىن-چىسى ، بىز ئەجدادلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلايمىز ، روھىغا ۋارىسلىق قىلىمىز دېگەن مەسىلىلەرنى .

ئەلا بۇ گەپنى جىددىي ، تەمكىن ، خۇددى قەسەم بېرىۋاتقاندەك تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئېيتتى ، شۇڭا ھاشىرغا دەرھال تەسىر قىلدى . ئۇ دوستىنىڭ كۆزىگە قارىدى :

— ئىشلە ئاداش ، مەن ھاياتلا بولسام ھەرقانداق شارائىتتا ساڭا ياردەم قىلىمەن . بىلەمسەن ، مەن پات يېقىندا يەنە پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا رەھبەرلىك خىزمىتىدە بولىمەن . مەن مۇ-شۇ ئىشلارغا يارالغان ئوخشايمەن . يالغان ئېيتىشنىڭ ئورنى يوق . مەن خىزمىتىم ئەسلىگە كەلسىلا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى تۇتىمەن . مەن يېزىش ، تەتقىق قىلىشتىن قول ئۈزدۇم ، لېكىن ساڭا ئوخشاشلارغا ماڭا ئوخشاش قالقان لازىم . قالقانسىز قالساڭ ، تاش ـ تاياقنا كۆمۈلۈپ كېتىسەن ، مەن بۇنى ياخشى بىلىمەن .

— لېكىن ، — دېدى ئەلا خىيالچان كۆزلىرىنى نازۇك قىياق يوپۇرمىقىغا تىكىپ ئولتۇرۇپ ، — بىزنىڭ ئارىمىزدا پات يېقىندا ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر سېپىل پەيدا بولىدۇ . سەن پارتىيىنىڭ بىر رەھبىرى بولۇپ ، قاتمۇقات ئەمەلدارلار چەمبىرىكى ئىچىدە قالىسەن . مەن بولسام ، ناھايىتى زور غەمخورلۇققا ئېرىشەلىسەم ، بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇئەللىم بولالايمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرد-كەتلا كەلسە ، سەن تاياق تۇتقانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىسەن ، مەن دۇمبالىنىدىغانلار قاتارىدىن !

— دېدىمغۇ ، — دېدى ھاشىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، — نەدىن ئورۇن ئالسامۇ ، ساڭا قالقان بولالايمەن !

ئۇلار ئاسماندىكى ئاقۇچ بۇلۇتلارغا قاراپ جىمىپ قېلىشتى . ئۇلار ھەر ئىككىسى چۈشىنىدۇ . ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يوللىرى بىر بولمايدۇ . ئۇلار ئۆز يوللىرىدا ماڭغانسېرى بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىدۇ . ئەقىدىسى ئوخشاش بولمىغان ئاكا ـ ئۇكىلارمۇ يىراقلىشىدۇ ، ھەتتا دۈشمەنلىشىدۇ ، ئاتا ـ بالىلارمۇ شۇنداق بولىدۇ . ناۋادا ، بۇ ئىككى دوستنىڭ بىرى باشقۇرغۇچى ، بىرى بويسۇنغۇچى — ئىجاد ، ئەمگەك قىلغۇچى بولۇپ قالغىنىدا ئىدى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۇقىرىقىدەك ئاغزاكى ۋەدىلەرگە ئورۇن قالمىغان بولاتتى . قانداق قىلسۇن ؟ ھازىرقى ھاياتنىڭ چىغىر يوللىرىمۇ شۇنداق ئەگرى ـ بۈگرى بولۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ...

ئەلا يۇمشاق توپىدا ئۇخلاپ قالدى . ھاشىرمۇ كېچىدىن بېرى پىيادە مېڭىپ ، كۆمۈر قاچىلاپ تۈزۈك ئۇخلىمىغان بولسىمۇ ، ھازىر ئۇيقۇسى كەلمىدى . ئۇ يولدىن ئۆزۈلمەي ئۆتۈۋاتقان قوراللىق ، قورالسىز ياشلارنىڭ شوئار ـ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ جانلاندى . ناخشىلار ھاشىرغا قاتتىق تەسىر قىلاتتى . «ئىنقىلاب مېھمان چاقىرىش ، ماقالە يېزىش ئەمەس... ئۇ بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەت !» دېگەن سۆزلەرنى جۇشقۇن ئاھاڭلىق ناخشا پېتى ئاڭلىغاندا ، ئۇنىڭ قانلىرى ئۇرغۇدى . ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ئەمگەكچىلەرنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسى بار جەڭچى ئىكەنلىكىنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنتۇپ قېلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەندەك جىددىيلەشتى ، خىجالەت بولدى . ئۇ پىچىرلىدى : «ئاۋۇ ماشىنىلاردا كېتىپ بارغان قوراللىق ياشلار جانلىرىنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ ئىنقىلاب ئۈچۈن كېتىدۋاتىدۇ . كېچىچە توپىلارغا مىلىنىپ جەڭ قىلغانلارچۇ ؟ ئۆزىنىڭ ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلغانلارچۇ ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى قارىغۇلارچە

ئېتىقادىنىڭ قۇربانلىرىمۇ ؟» ئۇنىڭ قۇلىقى تۇۋىدە بىر گەپ جاراڭ-لىدى : «ئۇلار خەلقنى ئۇققا تۇتۇۋاتىدۇ» . ئۇ : «ساۋۇتوف گەرچە مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازىم بولسىمۇ ، مەن ئالقىشلاۋاتقان ، ھىما-يە قىلىۋاتقان ئىشقا قارشى بولغىنى ئۈچۈن يامـان ئادەم ! ساۋۇ-توفنىڭ پـۈتۈن ئـەقىدىسىگە قـارىغـۇلارچە قوشـۇلىدىغان مۇنۇ ئەلاچۇ ؟» دەپ ئويلىدى .

ھاشىر يېنىدا ياتقان دوستىغا چۆچۈپ قارىدى . يۈزىنى ئىنچى-كە قورۇقلار قاپلىغان ئەلا خۇددى ھازىرلا ئويغىنىپ ھاشىرنى تىللىۋېتىدىغاندەك ، پەشنى قىقىپ ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىدىغان-دەك ، شۇ ئەتكىنچە ئۈمۈر بويى ھاشىرغا قارىمايدىغاندەك بىلىن-دى . ھاشىر ئېنىق چۈشەندى : «ئىنقىلاب» بىلەن «دوست» ئوت-تۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش پەيدا بولدى . ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىگە ئاسىيلىق قىلىشى كېرەك . بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان بۇ ئىككى چۈشەنچە ئەمدى ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىللە تۇرالمايدۇ ، ئۇ ئەلاغا يېنىشلاپ قارىدى ، ئۆز ۋاقتىدا ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شۇجى-سى بولغان ، ھەتتا ھاشىرغا قارىغاندىمۇ كۆپرەك «ئىنقىلاب» توغ-رىسىدا سۆز قىلىدىغان دوستى بۈگۈن چوڭ مەسىلىلەردە ئۆزىگە قارشى ، ھەتتا دىكتاتورا ئوبيېكتلىرى بىلەن پىكىرداش !...

ھاشىرنىڭ ئەلاغا غەزىپى كەلدى ھەم ئىچى ئاغرىدى . ئۇ ئەلانى ئىرغىتتى :

— تۇر ، ئەلا ، ھارۋاڭنى قات !

ئەلا ھارۋىسىنى قېتىپ بولغۇچە ، ئۇ شەھەرگە كېتىۋاتقان قوراللىق ياشلار بىلەن پاراڭلاشتى .

— نېمە قىلماقچىسىلەر ؟ — دەپ سورىدى ئۇ يېنىدا توختىغان ئىشچى كىيىمىدىكى بىر يىگىتتىن ئاستا پىچىرلاپ .

— قـارشى پـەيىنىڭ مـۇھىم قورغانلىرىغا ، تىببىي مەك-تەپ ، 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ ، ئاشلىق ئىدارىسى ، بانكىلارغا ھۇجۇم

قىلىمىز .

— قۇربان بولساڭلارچۇ ؟

— شەرەپلىك ، تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك !

هاشىر ئۆزىگە يارايدىغان بۇ جاۋابتىن خۇشال بولدى ۋە روھلاندى .

ئۇلار كۆمۈر بېسىلغان هارۋا ئۈستىدە تېگىگە چۆپ ۋە جۇۋا سېلىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن هاشىر ئەلاغا قارىدى :

— سېنىڭدىن بىر نەرسىنى سورىماقچىمەن ، ئەلا راستىنى ئېيتقىن .

— قېنى سورا .

— ساۋۇتوفنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرىگە قانداق قارايسەن ؟

ئەلا دوستىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى :

— شۇجىغا جاۋاب بېرىمەنمۇ ياكى دوستۇم هاشىرغىمۇ ؟

— كېيىنكىسىگە .

— ئۇنداق بولسا ، ساۋۇتوف هەقلىق .

— ئۇنداقتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، مىليونلىغان خەلق خاتا قىلىۋاتامدۇ ؟

— خەلقنى سەن بۇ ئىشقا چاتمىغىن . خەلق بەلكىم بۇ خىل «ئىنقىلاب»نى ئەمەس ، باشقا نەرسىنى ئارزۇ قىلىدۇ .

— نېمىنى ؟

— چۈشىنىشلىك ، باياشات تۇرمۇش ، كۈچلۈك دۆلەت .

— خاتالىشىسەن ئەلا ، «ياشىسۇن» دېگەن شوئار مىليونلىغان خەلقنىڭ قەلب ساداسى .

ئەلا دوستىغا يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ ، ئالدى تەرەپتە زۇمرەتتەك هاۋا ئىچىدە قارىيىپ تۇرغان ئاۋرال تېغىغا قارىدى .

— ئالدىرىما ، يەنە ئون يىل تەخىر قىل . شۇ چاغدا ، خەلقنىڭ

ھەقىقىي ئارزۇسى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىسەن .

— ئەلا ، خەتەرلىك ، كاللاڭغا نېمىلەر كىرىۋالدى سېنىڭ ، مەن سېنى !...

ئەلا ئاچچىق كۈلۈپ قويدى .

— سەن ئىچ ئاغرىتىپ ماڭا يېقىنلىشىپ يۈرسەن ھاشىر ، بىلىمەن ، سەن ماڭا نەپرەتلىنىسەن ، مېنىڭ جەمئىيەت ، ئىنقىلاب توغرىسىدا ئۆز چۈشەنچەم بار . بىلىپ قوي ، مەن خەلقنىڭ دۈشمىنى ئەمەس ، لېكىن ھازىرقى ئىشلار مېنىڭ ئەقلىمگە سىغمايدۇ . مەيلى سەن قانچىلىك غەزەپلەنگىن ، مېنىڭ كۆزقارىشىم ئۆزگەرمەيدۇ . سەن مېنى : «ئەكسىيەتچى مەيداندا چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ» دەپ ئەيىبلەيسەن ، لېكىن مېنىڭ مەيدانىمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلىسەن !

ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشىغا ھېسداشلىق قىلغاندەك قۇرغاق توپىلىق يوللاردا ياغسىراپ چاقلىرى قىيىپ كەتكەن ھارۋا مەست ئادەمدەك ئىرغاڭلاپ ، قارىماي ياتقۇزۇلغان سالقىن تاشيولغا ياندىشىپ كاتاڭلىق توپا يولدا ئاستا ماڭماقتا . ئىككى تورۇق ئات كۆز چاناقلىرىغا چاپلاشقان چىۋىنلەر دەستىدىن ھېلىدىن - ھېلىغا بىر - بىرىگە باش سۈركىشىپ ، ساغرىسىدىكى كۆكۈيۈنلەر دەستىدىن ھېلىدىن - ھېلىغا بىر - بىرىگە قۇيرۇقلىرىنى شىپپاڭلىتىپ ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكى ئارتىلغاندەك تىرەجەپ - تىرمىشىپ كېتىپ بارماقتا . ئۇلار مۇنۇ ئىسسىق ھاۋالىق ئۇزۇن يولدىن خۇددى ھارۋىكەش ئەلاغا ئوخشاشلا ئاللىقاچان زېرىككەن ، لېكىن ئۇلارنىڭ ساغرىسىغا تىنىمسىز تېگىپ تۇرغان زەربىسى ئاچچىق تاسما قامچا ئۇلارنى تاكى كۆتۈرۈلمە بولغۇچە مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدۇ .

— ئاكا ، ھارۋاڭلارغا سېلىۋالساڭلارچۇ ؟

ئاق ياغلىقنى كۆزىگە باسۇرۇپ چىكىپ دەرەخ ئاستىدا سايە-

داپ ئولتۇرغان چىرايلىق ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ھارۋىدىكىلەرگە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. ئايالنى ئاۋۋال ھاشىر كۆردى.

— كۆمۈردە قانداق ئولتۇرىسىز، سىڭلىم؟

— كوكات يۇلۇپ تېگىمگە سالسام...

ئايال گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلالمىدى. چۈنكى ئەلا تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ئايالغا بۇرۇلۇپ قارىغانىدى.

— گۈزەلئاي! — ئەلا ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى، — سىزنىمۇ كۆرىدىكەنمەن، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

گۈزەلئاي بىردىنلا خۇددى ئوق تەگكەن ئادەمدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى چانقىغا پاتماي قالدى، لەۋلىرى كۆكەردى، كىرپىكلىرى چاڭ قونغان پېتى قېتىپلا قالدى. ئۇ ئاغزىنى مىدىرلاتتى، لېكىن گەپ قىلالمىدى.

— نەدە تۇرۇۋاتىسىز، مېنىڭ ئوغلۇم، ئەلى تىنچلىقمۇ؟

گۈزەلئاي يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ كونا سومكا تۇتقان قوللىرى غالىلداپ تىترىدى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز گۈزەل، قېنى ھارۋىغا چىقىڭ!

ئايال جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئالدىراپ ئالغا قاراپ قارىماي ياتقۇزۇلغان يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئەلا ئورنىدا قېتىپلا قالدى.

— تۇرسەڭچۇ، ئارقىسىدىن يۈگۈر ئەلا!

ئەلا گۈزەلئاينىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى، ھاشىرمۇ ئاتلارنى قامچىلىدى. ئەلا گۈزەلئايغا يېتىشىپ كەلدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ گۈزەل، سىزنى ئويلىمىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق، بىلەمسىز، مەن سىزنى جىق ئىزدىدىم!

— پروفېسسور بولىدىغان چاغدا تاشلاپ، ھارۋىكەش بولۇپ قالغىنىڭىزدا ئىزدەشكە ۋىجدانىڭىز قانداق يول قويىدى؟

قىز تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ئالدىراپ سۆزلىدى.

— تاشلىدىممۇ؟ بۇ سىزنىڭ گۇمانىڭىز، ئۆتمۈشنى قويۇڭ،

بىز ھازىر تەقدىرداشقۇ؟

— سىز كىتابلىرىڭىز بىلەن تەقدىرداش ئىدىڭىز، ھازىر ھارۋا بىلەن تەقدىرداش ئوخشايسىز!

گۈزەلئاي تېخىمۇ ئالدىراپ ماڭدى. ئۇلار قوغلىشىپ سۇ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ كۆۋرۈكىگە كەلدى. ئەلا ئۇنىڭغا يېتىشىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭدى.

— ھارۋىڭىزغا چىقىڭ! — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، — ئەمدى يېقىنلاشسىڭىز، ئۆزۈمنى سۇغا تاشلايمەن! —

گۈزەلئاي كۆۋرۈك ۋادىكىنى تۇتتى. ئەلامۇ تىترىدى:

— پاك كۆڭۈل ئادەملەر بىر - بىرىنى ئاسان كەچۈرەلەيدۇ، گۈزەلئاي، سىز!...

— سۆزلىمەڭ، سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىسام بېشىم قايدۇ، كۆڭلۈم ئاينىيدۇ!

ئەلا بۇ ھاقارەتلىك گەپكە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. «توغرا ئېيتتىڭىز، بولغانغان ھاۋاغا كۆنگەن ئادەمنىڭ ساپ ھاۋانى كۆرسە كۆڭلى ئاينىيدۇ» دېمەكچىدى، لېكىن مۇنۇ ھىمايىسىز ئايالغا زەربە بەرگۈسى كەلمىدى:

— مېنىڭ سىزگە، ئوغلۇمغا ياردەم قىلىشتىن باشقا غەرىزىم يوق، گۈزەلئاي!

ئەلا كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىدا ئۆزۈندىن بېرى ئوغلى ئۈچۈن ساقلاپ يۈرگەن بىر كاللەك پۇلنى چىقاردى.

— ھەرقانچە خاپا بولسىڭىزمۇ، بالامنىڭ ئانىسى بولغىنىڭىز ئۈچۈن بالامغا ياردەم قىلىشىمغا يول قويۇڭ، مۇنۇ پۇل بالامنىڭ، ھەرقانچە قىينالسامۇ ئىش ھەققىمدىن ھەر ئايدا بالامغا ئون بەش سوم ئاجرىتىپ كېلىۋاتىمەن!

گۈزەلئاي ئەلاغا يالت قىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرى ئەلانىڭ كۆزلىرىدىمۇ غىلىلداپ ياش ئەگىگەنلىكىنى

كۆردى ـ دە، تەتۈر قارىۋالدى. ئەلا پۇلنى چاققانلىق بىلەن گۈزەلئاينىڭ سومكىسىغا سالدى.

گۈزەلئاي يۈگۈرگەندەك ئىتتىك مېڭىپ يۈرۈپ كەتتى. ئەلا بۇ سۆيۈملۈك ئايالنىڭ تۈرمەكلىۋالغان قويۇق چاچلىرى، ئاپئاق بويۇن، نۇرلۇق ھالقىسى، سۈتتەك ئاق كوپتا بىلەن زىغىر رەڭ تار يوپكا ئىچىدىكى زىلۋا گۈزەل قەددىگە زوق ۋە مۇھەببەت بىلەن قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئايال ئالا كۆلەڭگىلىك سېمونت يولدا توپلىيىدىن: «تاق، تاق، تاق...» ئاۋاز چىقىرىپ كېتىپ باراتتى. بۇ ئاۋاز بايىقى گەۋدە يىراقلاشقانسېرى سۇسلىشىپ بارماقتا ئىدى.

ئۇنىڭ يېنىغا ھاشىر كەلدى. ئۇ دوستىنىڭ مۈرىسىگە ئوڭ قولىنى قويدى:

— تراگېدىيە قەھرىمانلىرى بىز، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن، — بىرى تۈرمىدە، بىرى سەرگەردان تۇل خوتۇن. ئاڭلىسام، خىزمەتسىز، قۇرۇلۇشلاردا ئىشلەپ يۈرگۈدەك. ناھىيىگە نېمىگە ماڭدىكىن؟

— تراگېدىيە ھەممىلا جايدا تولۇپ ياتىدۇ، — دېدى ئەلا ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — بۇ بىزنىڭلا بەختسىزلىكىمىز ئەمەس، راستىنى ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تراگېدىيىنىڭ ھۆجەيرىلىرى بۇلار!

— يەنە جۆيلۈگىلى تۇردۇڭ!

— ياق، بۇنىڭدىن كېيىن مەن سېنىڭ بىلەن سىياسەت، جەمئىيەت توغرىسىدا پاراڭلاشمايمەن. ئىلىم ـ بىلىم، كۈندىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىلا سۆزلىشىمەن. بولمىسا، بىزنىڭ دوستلۇقىمىز بۇزۇلىدىغان ئوخشايدۇ. مەن ئايالىم بىلەن دۈشمەنلەشتىم، ئەمدى سېنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىشنى خالىمايمەن!

ئۇلارنىڭ يېنىدىن پىكاپ غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى.

— رەقىپ! — دېدى ھاشىر، ئۇلارغا بېشىنى پىكاپتىن

چىقىرىپ كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويغان ئادەمنى تونۇپ ، — مانا ئۇ ھەقىقىي رەقىپ . ئۇ بىزنىڭ ھالىمىزدىن ھۇزۇر قىلىپ كۈلمەكتە ، ئەنە قارا !

ئۇلار پىكاپنىڭ گۈزەللىكىگە يېتىشىپ توختىغىنىنى ، رەقىپنىڭ ئايالنى جەينىكىدىن تۇتۇپ پىكاپقا چىقارغىنىنى كۆرۈشتى .

— چىدا ، ئاداش ! — دېدى ھاشىر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، — چوڭلىغا چىدىغان ئوغۇل بالا كىچىكىگە چىدايدۇ . يوقىتىسەن ، ئېرىشىسەن ، يەنە يوقىتىسەن ، يەنە ئېرىشىسەن ! بۇ بىر قانۇنىيەت !

— ئاخىر يوقىتىسەن ! — دېدى ئەلا ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، — غالىبىيەت بىلەن ھالاكەتنىڭ قايسىسى ئۈستۈن ؟ مېنىڭچە ھالاكەت !

— ئۈمىدسىزلىك ، — دېدى ھاشىر ، — ئەلۋەتتە يەر شارى ، ئىنسان ھالاك بولىدۇ ، يوقىلىدۇ . بۇ نۇقتىدىن ئېيتساڭ توغرا ، بىراق ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدىچۇ ؟

— ئوخشاش ، ئۆلۈم ھامان ھاياتنى يېڭىدىغۇ !

— ھا... ھا... ھا !...

ئۇلارنىڭ ھارۋىسى ناھىيىگە يېقىنلاشقاندا ، يەنە بىر پىكاپ ئۇلارنىڭ يېنىدا توختىدى . ئوتتۇرا ياشلىق بىر ھەربىي ئادەم ماشىنىدىن چۈشۈپ ھاشىر بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى . ئۇلار چەتكە چىقىپ بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن ھاشىر قايتىپ كېلىپ ئەلانىڭ قولىنى قىسىپ تۇتتى :

— سېنىڭكىگە بارالمايدىغان ، بولدۇم ، ئاداش ، بۇلار مېنى بىر كۈن ئىزدەپتۇ . مېنى ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق شتابىغا مۇئاۋىن قوماندان قىلىپ بېكىتىپتۇ . ئەمىسە مەن بۈگۈندىن باشلاپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم . خەير ، دوستۇم .

— خەير ! — دېدى ئەلا ، — ئامەتلىك ئىكەنمەن ، بۈگۈن

يول ئۈستىدىكى ئىككى دوستۇم پىكاپلىق بولۇپ قالدى !

ماشىنا يۈرۈپ كەتتى . ئەلا غىچىرلاپ تۇرىدىغان ھارۋىسىغا چىقىپ ، قامچىسىنى ھاۋادا قارسىلداتتى :

— چۇ ، ئايرىلماس دوستلىرىم !

ئاتلار تىرەجەپ - پۇشقۇرۇپ ھارۋىنى سۆرەپ بارماقتا . ئەلا ئۆزىنى بىپەرۋا ، خۇشال تۇتۇشقا قانچە زورۇققان بولسىمۇ ، يۈرەكىنى بېسىپ تۇرغان ئەلەم تېشىدىن قۇتۇلالمىدى . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەمدى ئۇچرىسا بوينۇمغا ئېسىلىدۇ ، دەپ ئىشەنچ قىلغان ئايالى بۈگۈن ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى . قېرىشقاندەك دۈشمىنىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەك بولۇشقا رازى بولدى . دوستىچۇ ؟ تېخىچىلا بۇرۇنقىدەك ، ۋەزىپە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەلادىن ئۈستۈن ، مەيلى نېمىلا ۋەزىپە بولسا ئۇ ئۆزىنى ، دوستلىرىنى ئۇنتۇيدۇ . ئەمدى ئويلىغۇدەك ، خىيالىدا مۇڭداشقۇدەك كىم قالدى ؟ ھېچكىم ئۇنىڭغا قىيا تەبەسسۇم بىلەن بولسىمۇ قارىمايدۇ . ئۇ ئىنسانلار بىزار بولغۇدەك قانچىلىك گۇناھ قىلىپتۇدىكىن ؟ جەمئىيەت ياماندىن بىزار بولىدىغان بولسا ، رەقىپتەكلەرنىڭ كالچىيىدىشىغا ئورۇن قالمىسا بولمايتتىمۇ ؟ قىلغۇلۇقنى قىلىپ تۇرىدۇ ، ئىنسانلارغا زىيان سېلىپ ، يامانلىق ئويلاپلا يۈرىدۇيۇ ، يەنە ئەتىۋارلىنىدۇ . ئەلاچۇ ؟ ياخشىلىق ، تۆھپە ، ئەمگەك كويىدا ئىزدەنمەكتە ، لېكىن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خار . تۇرمۇشنىڭ بۇ ئادالەتسىز فورمۇلىسىنى كىم ۋە قانداق شەكىللەندۈرگەن بولغىيدى ؟ بۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ يولى نەدە... ؟

ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى كاتاڭلارغا ئالا قويماي چۈشۈپ چىقىپ ، قويۇق توپا توزۇتۇپ قارىماي ياتقۇزۇلغان يولنى بويلاپ كېتىپ بارماقتا . بۇ ھارۋا بىلەن تەڭ چايقىلىپ ، ھاياتنىڭ چوڭقۇر دېڭىزىغا خىيالەن شۇڭغۇپ ، چوڭقۇرلۇقتىن سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەپ كېتىپ بارغان ھارۋىكەش يىگىت ، توپىغا كۆمۈلۈۋاتقان گى-

ياھلاردەك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن نېرى . چوڭ يولدىن ماشىنا ، ھارۋا ، ۋېلىسىپىت بىلەن كېتىۋاتقان سانسىز سەپەرداشلىرىدىن بىرىمۇ بۇ تۇزان ئىچىدىكى ھارۋىغا نەزەر سالغىنى يوق ، ھارۋى-كەشنىڭ ھېچكىم ئويلىمىغان فورمۇلىلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋات-قىنى كىمنىڭمۇ يادىغا كەلسۇن ؟ ! قانداق قىلسۇن بىچارە ، نە قۇۋلۇقنى ، نە ئادەم ئالداشنى ئۆگەنمەپتۇ . بۇ خىل ئاقىدىغان ھۈنەرنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇ كەمسىتىلمەي قانداق قىلسۇن !

ئۇ قانچە ئويلىسىمۇ ئۆزىگە ئەيىب قويالمىدى . ناۋادا ، ئۇمۇ ھاياتتا يەڭگىل يول تاللىغان بولسا ، ئاۋۇ داغدام ، كۆپچىلىك مېڭىۋاتقان قارىماي ياتقۇزۇلغان يولدا مېڭىۋەرگەن بولسا ، بەلكىم ئەيىبسىز ، پاك ھېسابلىنىپ بۈگۈنكىدەك قاتمۇقات روھىي يۈك ئاستىدا ، ئۆز سوئاللىرىغا ئۆزى جاۋاب تاپالماي قىينىلىپ يۈرمە-گەن بولاتتى . ھېچبولمىسا ، جەمئىيەتتە رەقىبىنىڭ ئورنىغا ئىگە بولالىغان ، گۈزەل ئايالى بىلەن ئىناق ئۆتكەنمۇ بولار ئىدى . پۈتۈن پېشكەللىك ئۇنىڭ يولىنى خاتا تاللىغانلىقىدا ، باشقىلار ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئىشقا مۇھەببەت باغلىغانلىقىدا بولۇۋاتىدۇ . ئۇ نە بىرەر ئېغىز يامان سۆز قىلمىدى ، باشقىلاردەك بىرلىرىگە يېلى-نىپ ، يەنە بىرلىرىنى چېقىپ ، يامانلاپ ، ھاياتتا ئۆزىگە ئۆرلەش ئۈچۈن شوتا ياساشنىڭ كويىدا باش قاتۇرمىدى . ئۇنىڭ قىلغىنى كىتاب ئوقۇش ، ماقالە يېزىش ، ئىلىم ئەھلى بىلەن سىردىشىشلا بولدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئالدىدا ئۈستىگە مەجبۇرىيەت ئالغانلىقىدىن بولغان ئەمەسمىدى ؟ خەلق ئالدىدا ئۆزى قىلالايدىغان ئىشنى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ۋىجدان ئازابى تارتمايدىغان ، ئۆزىنى خەلق ئالدىدا ھېچقانداق جاۋابكار ھېسابلىمايدىغانلار پايدا ئېلىپ ، جاۋابكار ھېسابلىغانلار زىيان تارتسا ، بۇ ئادالەتسىزلىكنىڭ ھېسابى بولماسمۇ ؟

ئۇ باش - ئاخىرى يوق سوئاللاردىن ئېغىرلاشقان بېشىنى

كۆتۈرۈپ كۆڭگە قارىدى. كۆن ئولتۇرۇشقا ئاز قاپتۇ. مانا مەھەللىمۇ كۆرۈندى، قويۇق چاڭ توزۇتۇپ پادا كالىسى كەلمەكتە. مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا، ئۇ خىياللىرىدىن خۇلاسە چىقاردى: «ياق، ئەمدى تولىمۇ ياۋاشلىق قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. مەن ياشلىق ھاياتىمنى ھارۋا ھەيدەشكە سەرپ قىلالمايمەن، مەن ئۆزۈمگە بىر پاناھ جاي تاپىمەن ـ دە، يوشۇرۇپ قويغان كىتابلىرىمنى قولغا ئالىمەن. جاھان تىنچىغاندا، يېشىلمىگەن سوئاللىرىمغا جاۋاب ئىزدەيمەن!...».

ئۇ گۇگۇشى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاشخانىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىپ توختىغاندا، ئاتلىرىمۇ، ئۆزىمۇ ھارغىنلىق، ئاچلىقتىن ھالسىزلانغانىدى. بۇرۇنقى ھارۋىكەش — ھازىرقى مەكتەپ خوجايىنى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئۆيدىن چىقتى ـ دە، ئېرىق سۈيىدە يۇيۇنۇۋاتقان ئەلاغا ئالىيىپ قارىدى:

— نېمىشقا تۇنۇگۈن كەلمىدىڭ؟

ئەلا كىر لۆڭگىسى بىلەن يالىڭاچ كۆكرىكىنى سۈرتۈۋېتىپ باشلىقىغا سوغۇق نەزەر بىلەن قارىدى. مايكىچان، يوغان باش، يوغان ئېغىز، يېرىك ساقال ـ بۇرۇتى دائىملا ئېلىنماي يۈرۈيدىغان، ئوتتۇزغا ئەمدىلا كىرگىنىگە قارىماي قورساق سېلىشقا باشلىغان مۇدىر ھازىرلا ئېتىلىدىغاندەك ھۆرپىيىپ تۇراتتى. نېرىدا باغلاقتىكى قارا كۈچۈك يەرنى قاساپ ئەلاغا قاراپ قاۋىماقتا ئىدى.

— تاڭگازا چىشلىۋالدىڭمۇ؟ — ئۇ قۇرۇق ياغاچ سۇنغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ ۋارقىرىدى.

— جاننى ئالساڭمۇ سىلىق گەپ قىل! — دېدى ئەلا تاقەت قىلالماي.

— سىلىق گەپ؟ دۈشمەنگمۇ؟

— دۈشمەن بولسا يوقـاتـمامسەن، قانـداق ئاق نانچى جۇرىنسەن؟

— نېمە؟ ئاق نانچى؟ ئانا ـ ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن قارا يىپ، گېزەندە! — مۇدىر بىردىنلا كۆمۈردەك قارىيىپ ھارۋا قامچىسىنى قولىغا ئالدى، — يەنە بىر دېگىنە؟

ئەلا بۇ خورلۇقنى كۆتۈرەلمىدى:

— ئاق نانچى! تەييار تاپ! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — ئاق نانچى بولمىساڭ، ھارۋاڭنى ئۆزۈڭ ھەيدىمەمسەن؟

مۇدىر قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى، تورۇق ئاتلارنى چىچاڭشىتىدىغان قامچا يىلاندەك تولغىنىپ كېلىپ ئەلانىڭ بېشىدىن يۆگىلىپ يالىڭاچ بەدىنىگە تەگدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقتى، قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ، بېشى ئايلاندى. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ قامچىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئېتىلغاندا، ئىككىنچى قامچا تەگدى. مۇدىر ئىشتا ساۋاتسىز بولغىنى بىلەن قامچا ئۇرۇشتا مەلۇماتلىق ئىكەن. ئەلا ئالدىغا ماڭسا، كەينىگە چېكىنىپ تۇرۇپ، ئەلا چېكىنسە، ئېتىلىپ تۇرۇپ خۇددى شاش ئاتنى كۆندۈرمەكچى بولغاندەك ئەپچىل قامچا ئۇراتتى. ئەلانىڭ يالىڭاچ بەدىنى تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتتى. بېشىنى پاناھ قىلىۋالغان بىلەكلىرى قارا، قىزىل پۇلتايغان، قان تەپچىرىگەن ئىزلار بىلەن تولدى. ئۇ ھامان قامچىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلاتتى، ئۇ نە نالە قىلمايتتى، نە يىغلىمايتتى. ئۇنىڭ غەيرەت ۋە جاھىللىقى مۇدىرنىڭ جەھلىنى قاتۇردى ـ دە، ئۇ قامچىدىن رازى بولمىغان چېغى، قولىغا تۆمۈر گۈرجەكنى ئالدى ۋە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەلانىڭ يېرىلغان بېشىنى چەنلەپ ئۇرۇش ئۈچۈن چات كېرىپ، غولاچ يايغاندا، ئەلانىڭ ئالدىدا قاپىقىدىن بوران يېغىپ تۇرغان زۇليا پەيدا بولدى. مۇدىرنىڭ قولىدىن گۈرجەك چۈشۈپ كەتتى. بەدەنلىرى تىلىم ـ تىلىم بولۇپ كەتكەن ئەلا مۇدىرغا ئېتىلدى. زۇليا ئۇنى تۇتۇۋالدى:

— كىمنى خورلاۋاتىسەن ئىت! — دېدى زۇليا لاغىلداپ

ئىترەپ تۇرۇپ ، — سەندەك مىڭنى يوغۇرسا ، بۇ ئادەمنىڭ بىر تال ئىرىنقى ئىرىلمەيدۇ . ۋويى ، قارا نىيەت لاالما !

زۇليا مۇدىرنىڭ كۆكرىكىگە بىر مۇشت ئۇردى . مۇدىر ئوڭ-دىسىغا ئوچۇپ كەتتى ، لېكىن ئۇ زۇلياغا نە تىل ، نە قول قايتۇ-رالمىدى . چۈنكى زۇليا ھازىر پۈتۈن ناھىيىدە ئىناۋىتى بار بىر داۋىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ئىدى . مۇدىر ئۆزۈن يىل ئۇنىڭ قول ئاستىدا ھارۋا ھەيدىگەن ، ئۇنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن تېخى بىر يىل بۇرۇن مەكتەپنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان ئىشچى بولۇۋالغانىدى .

ئەلا زۇليانىڭ ئۆيىگە كېلىپ يۇمشاق كۆرپىدە پۈتۈن بەدىنى تېڭىلغان ھالدا ياتقاندىن كېيىنلا ، ئۆزىنىڭ قانچىلىك روھىي ، جىسمانىي خورلۇق تارتقىنىنى بىلدى . قىزى دىلئارانى ئېلىپ كىچىك ئاپىسى كىرىپ كەلگەندە ، ئۇ ئۆزىنى توختىتالماي بوقۇل-داپ يىغلىۋەتتى . ئۇنتۇلمايدىغان خورلۇق بولمايدىكەن ، بولۇپمۇ غايىلىك ئادەملەر ، بۈيۈك مەقسەت يولىدا كېتىپ بارغان ئۈمىدلىك ئادەم پۇتىغا كىرگەن تىكەن بىلەن كۆزىگە كىرگەن چاڭ - توزان-نىڭ ئازابلىرىغا پىسەنت قىلمايدىكەن . ئەلا شۇ تاياقتىن كېيىن يېنىكلەپ ، كىتاب ۋە خىياللىرى بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان بولۇ-ۋالدى . ئۇ ھارۋىدىن قۇتۇلدى . شەھەرنى تاشلاپ ئەلانىڭ يېنىغا كۆچۈپ چىققان قەدىردان كىچىك ئاپىسى بىلەن بۇ يىل تۆت ياشقا كىرگەن ئوماق قىزى ئۇنىڭ ھال - مۇڭىغا ئورتاق ، داۋىي پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى زۇليا ئۇنىڭ بار - يوقىغا ئىگە بولدى - دە ، ئۇ خۇددى باشقىلارنى ئۇنتۇغان ، باشقىلارمۇ ئۇنى ئۇنتۇغاندەك ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ ، كىتاب ئو-قۇش ، ماقالە يېزىش بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىۋەردى .

## 3

رەقىپ «ئىنقىلاب»نىڭ ئالدىدىلا يۆتكىلىپ كېلىپ بۇ ناھى-
يىدە ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان .
ئۇ ، ھېچبولمىغاندا ناھىيىنىڭ ھاكىمى ياكى مۇئاۋىن شۇجىسى
بولارمەن دەپ ئويلىغان ، ئۇنىڭغا ھازىرقى ئورنى تولىمۇ تۆۋەنلىك
قىلاتتى . ئۇ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ناھىيىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى
بىلەن يېقىنلاشتى ، ھەر كۈنى بوش ۋاقىت بولسىلا باش شۇجىنىڭ
يېنىدا بولدى . شۇجىمۇ خەنزۇچە بىلىدىغان ، تىلى يۇمشاق ، كۆ-
رەش روھى ئۇستۇن بۇ يېڭى بۇجاڭنى چىن كۆڭلىدىن ياقتۇرۇپ
قالدى ، دائىم زەنجىر ئۇزەرلىك قىلىدىغان ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تىل
بىلمەيدىغان مۇئاۋىن شۇجى ھاشىر بولسا باش شۇجىنىڭ دىتىغا
ياقمىدى . ئۇ باش شۇجى بىلەن بىرنەچچە قېتىم مۇھىم مەسىلىلەر-
دە گەپ تالىشىپ قالغانىدى . بولۇپمۇ ، تۆۋەنگە دائىم قاتراپ يۇ-
رۇپ ، ناھىيىلىك پارتكوم ھەل قىلىپ بولغان بەزى كونا ماجىرالار
بىلەن «تۆتنى ئېنىقلاش»تا زەربە يېگەن كادىرلارنىڭ مەسىلىلىرى-
نى قاراپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، باش شۇجىنىڭ ئوغىسىنى
قايناتتى . باش شۇجى ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇپ
يۈرگەن چاغلاردا ، مۇنۇ رەقىپ كېلىپ قالدى ـ دە ، ئۆزىگە ھا-
شىردىن كېلىدىغان تەھدىتتە ياخشى «مۇداپىئەچى» بولۇپ بەردى .
«ئىنقىلاب» باشلانغاندا ، باش شۇجى ئورۇمچىگە بېرىۋېلىپ ھاشىر
بىلەن رەقىپنى ئالدىغا چىقىرىپ قويدى . ناھىيىدە بولۇنغان تارتىپ
چىقىرىش ، سازايى قىلىش ، قالپاق كىيدۈرۈش ، پىپەن قىلىشلار
ئۇلارنىڭ قولى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى . ئەكسىيەتچى لۇشيەن پىپەن
قىلىنغاندىلا ، باش شۇجى ئاندىن ناھىيىگە قايتىپ كەلدى ـ دە ،
ھەممە جاۋابكارلىقنى ھاشىرغا ئىتتىرىپ ئۆزىنى ساقلاپ قالدى .

هاشىر مەكتەپ ، ئىدارىلەردە ئۆزىنى تەكشۈردى ، چوڭ يىغىنلاردا پىپەن قىلىندى ، ئېغىر ئەمگەككە سېلىندى . رەقىپ باش شۆجى-نىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئۆتكەلدىن ئاسانلا ئۆتتۈۋالدى ـ دە ، باش شۆجى بىلەن بىللە ھەربىيلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى . ناھىيىدە ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرىدىغان ئورگان قۇرۇلغاندا ، باش شۆجى بىلەن رەقىپ بۇ ئىشقا مەسئۇل بولۇشتى . كېيىن چوڭ بىرلىشىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش يولغا قويۇلغاندا ، ئۇلار ئىنقىلابىي كادىر سۈپىتىدە يېڭى رەھبەرلىك ئورنىغا كىردى . يېقىندىن بېرى ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتىدىغان ئادەم قالمىغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ چاتىقى جىق ئىشقا ھاشىرنى مەسئۇل قىلىشنى باش شۆجى قوراللىق بۆ-لۈمگە تەكلىپ قىلىپ قويدى ، رەقىپنى بولسا يېڭىدىن قۇرۇلغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى»غا مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ بېكىتتى . ئۇ ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۈستىدە ئىدى . ئۇنىڭ قولىدا ئىقتى-ساد ، قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرى ، تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى بار ئىدى .

ئۇ گۈزەلئاينى يوغان ساپالار قويۇلغان ، گىلەملەر سېلىنغان كەڭرى بۆلۈمگە باشلاپ كىردى .

گۈزەلئاي قىسقا تار يوپكىسى بىلەن تىزلىرىنى يېپىپ ساپادا قورۇنۇپ ئولتۇردى . رەقىپ ئۇنىڭ يېنىدىكى ساپادا لاللىيىپ ئول-تۇرۇپ ، ياش ئايالغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن سىنچىلاپ قارىدى ، ھەتتا ئۇنىڭ قىيسىق كۆزلىرى يوپكىدىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس چىقىپ تۇرغان ئىچ كۆڭلەكنىڭ كۆچۈك چىشلىرىنىمۇ ئالا قويمىدى . ئۇ بىر ئۇھ تارتتى ـ دە ، گۈزەلئاينىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ :

— بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپسىز ، بىلمىدىم ، ئۆزىڭىزنى قانداق كۈتىسىزكىنتاڭ ! — دېدى .

رەقىپنىڭ ھاياسىز كۆزلىرى ، قىلچىمۇ ھۆرمەت پۇرىقى بول-

مىغان تەكەببۇرانە سۆزلىرى گۈزەلئايغا ھار كەلدى . ئۇ ئاۋۋال
قىزاردى ، كېيىن تاتاردى ،لېكىن ھاجەتمەن ، يېلىنغۇچى بولغىنى
ئۈچۈن تۆۋەن لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قارىدى . گۈزەلئايدىكى ئۆز-
گىرىشلەرنى سىنچى كۆزلىرى بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇرغان رەقىپ
مەنىلىك قىلىپ بىر ئۇھ تارتتى ـ دە :

— قېنى گەپ قىلىڭ ، ھەرقانداق قىيىنچىلىقىڭىز بولسا
ئىلتىماس قىلىۋېرىڭ ، — دېدى .

— مەن لەنجۇدىن قايتىپ كەلسەم ، — دېدى گۈزەلئاي توپلى-
يىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇپ ، تىترەڭگۈ ، زەئىپ ئاۋاز
بىلەن ، — ئاتا ـ ئانام ماڭا قارىماي چەت ئەلگە كېتىپ قاپتۇ .
ماڭا خەت قالدۇرغانىكەن ، خەتكە : «بانكىغا ئازراق پۇل قالدۇر-
دۇق ، قورۇ ـ جاي سېتىلمىدى ، بۇلارنىمۇ ئىدارىگە بارساڭ بىلى-
سەن ، لەي جۇرىن ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ» دەپ يېزىپتۇ .
بارسام ، ئۈچ مىڭ سوم ، پۇلنىڭ چېكىنى بەردى ، قورۇ ـ جاينى
يەسلى ، ئائىلىلىكلەر ئۆيى قىلىۋالغانىكەن ، سېتىپ بەرگىن دېگى-
لى تۇردى !

— قارا ماۋۇ مۇتتەھەملىكنى ! — رەقىپ دىققەت قىلغان
بولۇپ ئايالغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى .

— مەن ساتمايمەن دېدىم ، — دېدى گۈزەلئاي ھازىرلا يىغلى-
ۋېتىدىغاندەك مەيۈسلىنىپ ، — بىر ئېغىز ئۆينى بولسىمۇ بوشى-
تىپ بېرىڭلار ، قالغان ئۆيلەرنىڭ ئىجارىسىنى بېرىڭلار دېدىم ،
ئۇلار مۇزاكىرە قىلايلى دەپ كەينىگە سۇردى . مەن ئايدۆڭدىن
ۋاقىتلىق بىر ئېغىز ئۆي تېپىپ بالام بىلەن ئورۇنلىشىپ ئىش
ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتىم ، ھېچ يەردىن تۈزۈك ئىش تاپالمىدىم ،
ئاخىر ئامالسىز ئۆينى ساتماقچى بولۇپ ئىدارىگە بارسام ، يەنە بىر
مۇئاۋىن جۇرىن ئۆيۈڭلار ئۆزگەرتىلدى ، دېدى . مېنىڭ بارمىغان
يېرىم قالمىدى ، ئاڭغىچە «ئىنقىلاب» بولۇپ كەتتى ، ئۆيىمىزنى

بىكارغىلا ئېلىنىۋالدى . ھازىر بىزنىڭ ئۆيىنى ھېلىقىلار ئەللىك بەش مىڭ يۈەنگە باشقا ئىدارىگە سېتىپتۇ ، بۇ دەۋانى ئاڭلايدىغان ئادەم يوق ، ئاڭلىسام سىزنى كەپتۇ دېدى ، ياردەم قىلارمىكىن دەپ يېنىڭىزغا چىقىشىم .

گۈزەلئاينىڭ سۈزۈك مەڭزىگە ئىككى تال ياش تامچىلىدى ، رەقىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆياقتىن - بۇياققا ماڭدى ، ئاخىر ئايال-نىڭ ئالدىدا توختاپ ھاياجان ۋە غەزەپ بىلەن سۆزلىدى :

— بۇ بىر بۇلاڭچىلىق ، ئۆزگەرتىلگەن بولسا نېمىشقا ساتىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئىدارىلەرنىڭ ئۆزگەرتىۋېلىش ھوقۇقى يوق-قۇ ؟ بىر يىل بۇرۇن كەلگەن بولسىڭىز بۇنى ھەل قىلىش ناھايىتى ئاسان ئىدى ، ھېلىھەم بولسىمۇ مەن بۇ ئىشقا ماڭاي ، پۇل لازىم بولسا مەن بېرەي ، ئۆينى ساتقاندا قايتۇرۇپ بېرىڭ ، مەن ئەتىگەن-لىككە سىزگە بەش يۈز يۈەن بېرەي ، بۈگۈن كەچ كىرىپ قالدى ، بانكىدىن ئالغىلى بولماس .

— بالام كوچىدىلا قالدى ، پىيادە بولسىمۇ كىرىپ كەتمىسەم بولمايدۇ ، — گۈزەلئاي ئورنىدىن تۇردى ، رەقىپ ئۇنىڭ قوللىرى-دىن تۇتتى .

— ياق ، ياق ، ئۇنداق بولسا بىر سائەت كۈتۈڭ ، مەن پۇلنىڭ ئورنىنى قىلاي ، سىزنى ماشىنا بىلەن ئەكىرىپ قويسۇن .

گۈزەلئاي يەنە ئولتۇردى ، رەقىپ چىقىپ كەتتى ، يەرگە گۈ-گۈم چۈشتى ، گۈزەلئاي بىردەم سائىتىگە ، بىردەم تالاغا قاراپ جىددىيلەشكىلى تۇردى .

ئىشىك ئېچىلدى ، ئۆيگە بىرى كىرىپ كەلدى . گۈزەلئاي چۆچۈپ كەينىگە داجىدى . كىرگۈچى ئىككى نان ، بىر پىيالە ۋە چايداندا چاي ئېلىپ كىرگەنىكەن ، ئۇ ئەكىرگەنلىرىنى ئۈستەلگە قويۇپ قولى بىلەن يېيىشكە ئىشارەت قىلدى ، دېمەك ئۇ گاچا ئىدى . گاچا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گۈزەلئاي ئالدىراشلىقتا چاي ئىچ-

تى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يولغا تەلمۈرۈپ ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىدا ئولتۇرغان ئوغلى ئەلى كەلدى . تالاغا قاراڭغۇ چۈشكەن ، ئانا بالىسىنى ئويلاپ يەۋاتقان نېنىنى ئۇستەلگە تاشلاپ قويۇپ تالاغا ماڭدى ، ئۇ زالغا چىقىپلا رەقىپ بىلەن دوقۇرۇشتى .

— نەگە ؟

— پىيادە بولسىمۇ كەتمىسەم بولمايدۇ !

— هازىرلا ماشىنا كېلىدۇ ، — دېدى رەقىپ نېمىگىدۇر مەڭدەپ ، ئالدىراپ ، — سىرتقا چىقىپ كەتكەنىكەن ، مەن شوپۇرغا ئادەم ئەۋەتتىم .

ئۇلار يەنە بىر سائەت ئولتۇرۇشتى ، ماشىنا كەلمىدى ، رەقىپ دىۋانغا بىر هەرىبىي جۇۋىنى تاشلىدى ـ دە :

— سىز خاتىرجەم دەم ئېلىپ تۇرۇڭ ، ماشىنىغا ئۆزۈم بېرىپ كېلەي ! — دەپ چىقىپ كەتتى . گۈزەلئاي جۇۋىنى بېشىغا قويۇپ قىڭغايدى ـ دە ، بالىسىنى ئويلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى .

ئۇ چۈشىدە ئوغلىنى كۆردى :

ئوغلى ئەلانىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ «دادا» دېسە «دادا» دەپ چاپلىشىۋاپتۇدەك ، گۈزەلئاي ئۇنى تارتىپ ئاجرىتالماي رەللە بولۇپ يىغلىغۇدەك... ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى . ئۆي قاراڭغۇ ، ئۇستىدىكى جۇۋا يوق ، ئۇ ئورنىدىن تۇردى :

— بالام ئەلى كوچىدىلا قېلىۋىدى ! — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ .

— ئەپۇ قىلىڭ ، ئۇ گاچا ، سىز ئۇخلاپ قالغاندا...

ئۇنىڭ ئالدىدا ناتونۇش بىرى كېكەچلەپ تۇراتتى :

— گاچىغا نېمە بولدى ؟

— سەزمىدىڭىزما ؟

ئۇنىڭ يېنىدا قوراللىق ئادەملەر پەيدا بولدى . سىرتتا بىرىنى ئۇرماقتا ، بىرلىرى ۋارقىراشماقتا ئىدى . ئۇ رەقىپنىڭ بوغۇلۇپ سۆزلىگەن مۇڭلۇق ئاۋازىنى ئاڭلىدى :

— ئەپلاس گاچا، مېنىڭ سىڭلىمغا باسقۇنچىلىق قىپتىكەن، ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ، سولاپ تاشلىدۇق.

گۈزەلئاي ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىدى، بۇنداق ۋەھشىيلىك ئۇنىڭ بەدىنىدە يۈز بەرسۇنۇ، ئۇ ھېچ نەرسىنى سەزمىسۇن!

— يالغان، تۆھمەت! — ئۇ قاتتىق ۋارقىرىدى - دە، ساپاغا يىقىلدى.

گۈزەلئاينى قوراللىق ئادەملەر كېچىلەپ ئۆيىگە ئەكەلدى ۋە ئالدىغا پۇل قويدى، ئۆي ئىگىسىگە ياخشى قاراشنى تاپىلاپمۇ قويدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن گۈزەلئاي ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق يىغلىدىكى، پۇل ئۇچۇن ماڭغان پۇتىنى چانىۋەتكۈدەك، ھال ئېيتقان تىلىنى كېسىۋەتكۈدەك بولدى. ئۇ تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى، ئەتىسى كەچكىچە يەنە يىغلىدى. شۇ مىنۇتلاردا، ئۇ ئەلانىڭ نامىنى يۈزلەپ تەكرارلىدى. ئەلاغا باغلانغان ئۈمىد رىشتىنىڭ بۈگۈن بىر قارا قولنىڭ تۆھمىتى بىلەن ئۈزۈلگەنلىكىنى سەزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇلغانمىغان، پاك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا قادىرمۇ؟ ئۇ نېمىنى دەپ ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالدى؟... ئۇ ئەمدى چۈشەندى. ئۇ ئەسلىي چەت ئەلگە كېتەلەيتتى، ئاتىسى ئۇنىڭغا پاسپورت ئاجرىتىپ قالدۇرغانىدى، لېكىن گۈزەلئاي ئەلانى تاشلاپ كېتىشنى خالىمىغان، ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئېرى بىلەن بىللە بولۇشنى، مۇنۇ كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئوغلىنى دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئىپپەت - نومۇسى بىلەن بىللە ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭمۇ تۆھمەتكە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندى، ئەمدى بۇ ھاياتنىڭ قانچىلىك لەززىتى قالدى؟

كەچقۇرۇن ئۇ ئۆزى چىرايلىق كىيىندى، ئوغلىنىمۇ چىرايلىق كىيىندۈرۈپ ئايدۆڭ كوچىسىنى بويلاپ دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى.

— نەگە بارىمىز ، ئاپا ؟ — بالا مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئانىسىغا تەلمۈرۈپ سورىدى .

— بوۋاڭ بىلەن موماڭنىڭ قېشىغا ، بالام !

ئانىسىنىڭ كۆزىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپ ئۇنچە ياشلار تۆكۈلدى .

— نېمىشقا يىغلايسەن ، ئاپا !

— داداڭغا يىغلايمەن بالام . خوشلىشالمىدۇق ئەمەسمۇ ؟

— خوشلىشىپ ماڭساق بولمامدۇ ئەمىسە ؟ — هوشيار ئوغۇلمۇ كۆزىگە ياش ئالدى .

— داداڭ يىراقتا ، بالام .


— يىراق بولسىمۇ مېڭىپ بېرىۋېرەتتىم . يۈر ، ئاپا ، خوشلىشايلى !

ئانا ئوغلىنى بىردەم باغرىغا باساتتى ، بىردەم ئالدايتتى ، بىردەم بولسا كۆتۈرۈپ ماڭاتتى . بالا خۇددى قوشخانىغا سۆرەلگەن پاقلاندەك مېڭىشقا كاجلىق قىلاتتى ، هېلىدىن - هېلىغا كەينىگە قايرىلىپ قارايتتى .

ئۇلار يەنە شۇنداق سۆرىشىپ - تارتىشىپ چوڭ يولدىن چىغىر يولغا قايرىلدى . چىغىر يول بىلەن بىر ئاز مېڭىپ تاشلىق ، قۇملۇق يەرلەردە قىينىلىپ مېڭىشتى . كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان دەريا بېشىدا كۈننىڭ قىيپاش نۇرى يالتىرىدى . گۈزەلئاي بالىسىنى باغرىغا بېسىپ دەرياغا قاراپ ئۈن سېلىپ يىغلىدى . ئۇ ئاۋۋال شەرققە قارىدى . يىراقتا تەڭرىتاغنىڭ سارتاغ تىزمىلىرى ئاخىرقى نۇرلار بىلەن كۈمۈشتەك باشلىرىنى يالتىرىتىپ غىل - پال كۆرۈندى .

— داداڭ ئاشۇ ياقتا ، بالام ! — دېدى ئايال بالىسىنىڭ يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ ، — داداڭ ئەلا مۇشۇ تۇرقىدا نېمە قىلىۋاتىدىكىن ؟

— بېرىپ خوشلىشىپ كېلەيلى ، ئاپا ! — بالا شەرققە قولىنى





سوزدى .

— ياق بالام ، بىز بىر دەمدىلا بوۋاڭلارنىڭكىگە بارىمىز .

گۈزەلئاي دەرياغا بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە ماڭدى... دەريا دەھشەتلىك شارقىرايتتى ، مۇزدەك لاي سۇ قىرغاقتا ئۇرۇلۇپ دەھشەتلىك داۋالغۇپ ، بۇ ئانا ـ بالىنى پاتراق يۇتۇۋېتىش ئۈچۈن قۇچاق ئاچاتتى . مانا ، سۇ بالىنىڭ پۇتلىرىغا تەگدى ، بالا ئەندىكىپ چىرقىراپ ئانىسىغا چىڭ ياماشتى .

— جېنىم ئاپا ، جېنىم ئاپا ، بوۋاملارنىڭكىگە بارمايلى !

بالا قاتتىق بىر سىلكىنىۋىدى ، ئانا غىلتالڭ تاشتا تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ سۇغا يىقىلدى . بالا قىرغاققا قاراپ قاچتى . ئانا ئۇنى سۇغا سۆردى . ئۇلار قىيا ـ چىيا قىلىشىپ هايات ـ مامات ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان شۇ مىنۇتتا ، قىرغاقتا قېچىر مىنگەن بىر ئادەم پەيدا بولدى .

— قويۇڭ ، قىزىم ، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭ ! — دېدى قېچىر مىنگەن ئادەم قېچىردىن سەكرەپ چۈشۈپ .

گۈزەلئاي دەرياغا يۈگۈردى . سۇ كۆكرىكىگە كېلىدىغان يەرگە كېلىپ ماغدۇرسىزلىنىپ يەنە يىقىلدى ، ئاندىن كېيىن نېمە بولغىنىنى سەزمىدى...

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ قىزىم ، ھە ، مانا ياخشى بولۇپ قالدىڭىز ، هېچنېمە بولمىدىڭىز ، قورقۇپ كەتتىڭىز ، مەن سىزنى تونۇدۇم ، مۇنۇ بالامدىن ئۇقتۇم ، ھەممىنى ئۇقتۇردى . ئەلانىڭ ئوغلىكەن ، مەن كىم ، بىلەمسىز ؟

گۈزەلئاي جاۋاب بەرمىدى .

— مەن ساۋۇتوف ، — دېدى ئەر كىشى ، — سىزگە ئەلا مەن توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ بەرگەن بولغىيدى ؟

گۈزەلئاي بېشىنى لىڭشىتتى ، ئۇ ئەمدى ئولتۇرۇپ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرمەكتە ئىدى . يەرگە قاراڭغۇ چۈشتى ،

دەريانىڭ شاۋقۇنى تېخىمۇ كۈچەيدى . بالا تىترىمەكتە ، گۈزەلئايمۇ ئەمدى تولۇق ھوشىغا كېلىپ قىلغان ئىشىدىن ئۆيالماقتا ئىدى .

— يۈرۈك ، قىزىم ، قېچىرغا مىندۈرۈپ ئاپىرىپ قوياي ، قورۇنماڭ ، مەن سىزنىڭ ئۆز ئاتىڭىز ، ھەي نادان قىز ، كىچىك-كىنە كېچىككەن بولسام تۈگەيتتىڭلاركەن . بۇ تولىمۇ ئەخمەقلىق ، تۈنۈگۈنلا بىر دوستۇم ئاشۇ تاش دۆۋىلەنگەن دوقمۇشتىن دەرياغا سەكرەپ ئۆلۈۋالدى ، ناھەق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى ، قىل-غان گۇناھىنىڭ تايىنى يوق ، زادىلا ئۈچۈقدالمىغان ئاق كۆڭۈل بىر رەھبەر ئىدى ، تۆھمەتنىڭ قۇربانى بولدى . ئەمدى بىزنىڭ كىمدىن ئىنتىقام ئالمىقىمىزمۇ بىر گەپ ، مەن شۇ دوستۇمنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن دەريا بويىغا تاش دۆۋىلىدىم ، قارىسام سىلەر ئۆمسە ھەرىكەت قىلىپ يۈرۈيسىلەر ، قېنى قېچىرغا مىنىڭ .

ساۋۇتوف گۈزەلئاينى قېچىرغا ئاۋايلاپ مىندۈردى . كىچىك ئەلىنى چاپىنىغا يۆگەپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىۋىدى ، بالا ئۇخلاپ قالدى . ساۋۇتوف قېچىرنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ سورىدى :

— ئېيتىڭە ، قىزىم ، قانداق بىر دىشۋارچىلىققا يولۇقتىڭىز ؟

— سورىماڭ ! — ئايال پەس ئاۋازدا يىغا ئارىلاش پىچىرلى-دى ، — مەن ھامانەم ئۆلۈۋالىمەن .

— بىرى بوزەك قىلدىمۇ ؟ ئاياغ ئاستى قىلدىمۇ ؟

گۈزەلئاي بۇقۇلداپ يىغلىدى .

— چۈشەندىم ، — دېدى ساۋۇتوف خاپىلىقتىن گاراڭ-گۇرۇڭلاشقان ئاۋازدا ، — سىزدەك چىرايلىق ، تۇل ئايالغا يامانلىق ئويلايدىغانلار كۆپ بولىدۇ . خاتىرجەم بولۇڭ ، بىز ئىنتىقام ئالى-مىز ، ئۇنى جازالاپ ئۆچىڭىزنى ئېلىپ بېرىمىز . ناۋادا ، ئۆلۈپ كەتكەن بولسىڭىز ، سىز ئەلانىمۇ ئۆلتۈرگەن بولاتتىڭىز . ئۇنىڭ يۈرىكىگە ساقايماس جاراھەت چۈشۈرەتتىڭىز ، ئۇ بىزنىڭ ئۈمىدى-مىز ، غۇرۇرىمىز . بىز ئۇنى زەربىدىن ئاسرىشىمىز لازىم . ئۇ

يىراق سەھرادا يۈرگىنى بىلەن، ئۇنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، قايغۇسىنى قىلىپ يۈرگەنلەر ناھايىتى كۆپ. قىزىم، سىز گەرچە ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئاي ئۆي تۇتقان بولسىڭىزمۇ، ئۇنى تېخى مەنچىلىك چۈشەنمەيسىز. ئۇ ئۆز ھاياتىنى مەنىسىز ئىشقا ئەمەس، مىللىتىمىزنىڭ شان - شۆھرىتىنى كۆتۈرۈشكە بېغىشلىغان ئادەم. ئۇنداق ئادەملەردىن بىزدە نەچچىسى بار؟ ناھايىتى ئاز، تولىمۇ ئاز، بىز ھېچقانچە ئىش قىلالمىدۇق. ئۈمىدىمىز ئەلاغا ئوخشاش جىگەرلىك ياشلاردا. ئومۇمەن، مەن بىلىدىغان ياشلار ئىچىدە مەيلى بىلىم، ئەخلاق - پەزىلەتتە، غەيرەت - شىجائەت، يىراقنى كۆرەرلىكتە بولسۇن، ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشەلمەيدۇ! سىز ھېچبولمىسا شۇنى ئايىشىڭىز لازىم ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىشنىڭ قانچىلىك چوڭ زىيان ئىكەنلىكىنى ئويلىشىڭىز لازىم ئىدى.

گۈزەلئاينىڭ بېشى چۈشتى. ئۇ شۇ تاپتا ھەممىگە پۇشايمان قىلماقتا. ئەلادىن ئاجراشقىنىغا، رەقىپنى ئىزدەپ چىققىنىغا، بالىسىنى ئېلىپ دەريا بويىغا ئۆلمەكچى بولۇپ كەلگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلماقتا ئىدى.

شەھەر يېقىنلاشتى. ساۋۇتوف دەرەخلەر ئارىسىدىن قىزىرىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان چىرايلىق تولۇن ئايغا قارىدى.

— ئەنە، سىز كۆلۈپ كۆتۈرۈلۈۋاتىسىز، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ، — سىزنىڭ ئورنىڭىز سۈزۈك ئاسمان. لاي سۇنىڭ ئىچىدە سىزگە نېمە بار، قىزىم، سەپىرىڭىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولسا، قىسقىسى سىز ئۈچۈنمۇ كىم بىلەن ھېساب - كىتاب قىلىشنى بىلمىگەن بولاتتۇق. سىز ماڭا بولغان ئىشنى ئىككىلىك خەت بىلەن مەلۇم قىلىپ بېرىڭ، مەن جەزمەن قىساس ئېلىشنىڭ يولىنى قىلىمەن. مەن ياشاپ بولغانمەن. مېنىڭ ئەمدىكى ئىشىم باشقىلارنى ياشىتىش!

ئۇلار گۈزەلئاينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئادەم-لەر تېخى ئۇخلىمىغان . ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىلاردا ئولتۇرغانلار ئىچىدىن ئۆي ئىگىسى تول ئايال ئورنىدىن تۇردى :

— نەگە كەتتىڭىز ، قىزىم . بايا ئىككى ئادەم بىلەن بىر قىز سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن ، سىزگە خەت قالدۇرۇپ كەتتى ، — دېدى .

گۈزەلئاي بىلەن ساۋۇتوف ئۆيگە كىرىپ مۇنۇ خەتنى ئوقۇدى :

«ئوسمان ، قۇرماش ، ئەلانۇر ئۈچىمىز كەلسەك يوق ئىكەن-سىز ، سىزنىڭ ئۆي دەۋايىڭىز ئاممىنىڭ كۈچى بىلەن ھەل بول-دى . ئەته بىزگە يولۇقۇڭ !

1967 - يىلى 17 - ئىيۇل»

— مانا بۇلار ئەلانىڭ ھىمايىچىلىرى ! — دېدى ساۋۇتوف خوشلىشىۋېتىپ ، — گۈزەلئاي ، تېخى بۇنىڭدىن كېيىن تولىسىز قىزىم !

گۈزەلئايغا قىلىنغان ھاقارەتنى بىرىنچى بولۇپ رەقىپ كۆتۈ-رۈپ چىقتى . ئۇ گاچىنى سولىتىۋېتىپ ، ھەممىلا جايدا ئۆز غەزى-پىنى بايان قىلىپ بۇ ئىشنى سۆزلەپ يۈردى . بۇ ئىشتىن ئەلانىڭ دوستلىرى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ قۇرماش خەۋەر تاپتى . ئۇ ھا-شىرنى ئىزدىۋىدى ، ھاشىر تېپىلمىدى . ئۇ يازلىق يىغىم خىزمىتى بىلەن ئادەم باشلاپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتكەن ، تاشپولاتمۇ ئائىلىسى بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭكىگە — يىراق يېزىغا كەتكەنىدى . قۇرماش ۋېلىسىپىتىنى غىچىرلىتىپ شەھەرگە كىرىپ ئوسماننى تاپتى . ئۇ ئوسمانغا ئويلىغىنىنى ئېيتتى .

— بۇ جەزمەن ئاشۇ رەقىپنىڭ تۆھمىتى . ئۇ گۈزەلئاينىڭ نامىنى بۇلغاپ ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى ، گاچىنىڭ قولىدىن بۇنداق

ئىش كەلمەيدۇ .
— گوزەلئاي نېمىگە رەقىپنىڭ يېنىغا چىقىۋىدىكىن ؟
قۇرماش گوزەلئاينىڭ ئۆي دەۋاسىنى ئېيتىپ بەردى . بۇ دەۋانىمۇ ئۇ رەقىپتىن ئاڭلىغانىدى . ئۇلار ئوسماننىڭ ئۆيىگە توپلاندى ، ئەلاننىڭ جان كۆيەر ئۇنىغا يېقىن دوستى مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئىشنى ئاخىرغىچە ئېنىقلاشقا بەل باغلىدى .
— گوزەلئايىنىمۇ ھىمايە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمايلى ، — دېدى قۇرماش ، — ئۇنىڭغا ھېچبولمىسا ئاۋۋال ئۆز قورۇسىدىن بىر ئېغىز ئۆي ھەل قىلىپ بېرەيلى . خىزمىتى يوق ، بىر بالا بىلەن قىيىن ، كونىدە ھالىدىن خەۋەر ئالايلى .
ئۇلار گوزەلئايىنىڭ دادىسىنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ سابىق ئىدارە باشلىقىنى تاپتى . باشلىق قورۇنىڭ ئۆزگەرتىلمىگەن توت ئېغىز تاختايلىق ئۆيى بىلەن بېغى بارلىقىنى ، بۇ ئۆيلەرنى ئىدارىدىكى مەلۇم ئادەمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ساتقانلىقىنى ئېيتىپ ئىسپات يېزىپ بەردى . ئۇلار يازما ماتېرىيالنى ئېلىپ بىرنەچچە ئورۇنغا باردى ، ھېچ ئىش ھەل بولمىدى ، ئاخىر ھېلىقى ساتقۇچىنى ئىزدەپ تاپتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق مۇنازىرىلەشتى ، ئۇنى ھەربىي رايونغا ھەيدەپ كەلدى . ھەربىي رايوندىكى بىر چوڭ كىشى ئۆي ساتقۇچىنى قاتتىق سۆكتى ۋە ئۈچ كۈنگىچە ئۆينى ئىگىسىنىڭ قولىغا بېرىشنى بۇيرۇدى . ئون نەچچە دوست ئۆي ساتقۇچىدىن تىلخەتمۇ ئېلىۋالدى .
— ئىتتىپاقلاشسا مەسىلە ھەل بولىدىكەن ، — دېدى ئوسمان خۇشال بولۇپ ، — مېنىڭ تەلىپىم ، بىز ئۆزىمىز بىر جەڭگىۋار دۈي قۇرايلى ، ئىككى پەي بىلەن كارىمىز بولمىسۇن ، دوستلىرىمىزنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلايلى . گوزەلئاي ئەنزىسى ، ئەلا ئەنزىسى ، ھاشىر ئەنزىسى ، ساۋۇتوف ئەنزىسى ، رازىيە ، ماناپ ، ناسىرلارنىڭ ئىشى بىزگە يېتىپ ئاشىدۇ . بىز ئۇلارنى پاكىت

ئارقىلىق ئاقلاشنىڭ يولىنى قىلايلى ، مەسىلەن ، «ساۋۇتوف گۇ-رۇھى» دېگەن ئەنزە بىلەن ئەلا قارىلاندى ، ئەلانىڭ دوستى دەپ ھاشىر ئەيىبلەندى ، كىم بىلىدۇ ، يەنە كىملەر قارىلىنىدۇ ، كىم-لەر جازالىنىدۇ تېخى ؟ ! بىز ئۆز - ئۆزىمىزنى ئازاد قىلايلى .

ئۇنىڭ پىكرىگە بىرنەچچە دوست قوشۇلدى . بۇلار بىرىنچى بولۇپ گۈزەلئاي توغرىسىدىكى تۆھمەتنى ئېنىقلىماقچى بولۇشتى .

گۈزەلئاي ئەتىسى ساۋۇتوف بىلەن بىللە ئوسمانلارنىڭكىگە كەلدى . گۈزەلئاي ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانىنى زۇلخۇمار بىلەن ئەلانۇرغا تەپسىلىي قىلىپ سۆزلەپ بەردى . ئۇلار شۇ كۈنى ھارۋا ئاپىرىپ گۈزەلئاينى يېڭىدىن بوشىتىلغان ئىككى ئېغىز ئۆيگە كۆچۈرۈپ ئەكەلدى . بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى غەلىبىسى ئىدى . ئۇلار غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ گۈزەلئاينىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ، بۇ ئۆيدە ئاددىي ئولتۇرۇشمۇ قىلىشتى . ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن گۈزەلئاينى ھويلىدىكى ئۆيلەرگە باشلاپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان ئۆي جابدۇقلىرىنىڭ تونۇيالىغانلىرىنى قويماي يىغدى . ھويلىدىكى قوشنىلاردىن نورغۇنلىرى ئىشكاپ ، كارىۋات قاتارلىق مۇلۈكلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئاچىقىپمۇ بەردى . گۈزەلئاي ئەلانىڭ بۇ دوستلىرىنىڭ ئۆزىگە قانات ياپقىنىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ، جانلاندى ، ئۇ يۈرىكىنى مۇجۇپ ئارام بەرمەيۋاتقان روھىي ئازابنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇشقا قانچە تىرىشىپ باقسىمۇ ، لېكىن بولمىدى . ئۇ ھامان سولغۇن ، خىيالچان ، چۈشكۈن ئىدى .

— قىزىم ، — دېدى ساۋۇتوف قىزنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ، — مەن سىزگە ماشىنا ، رەخت ئېلىپ بېرەي ، سىز رېشىلىيە ئىش-لەڭ ، مەن ھامانەم بازاردا ئوقەت قىلىۋاتقان ئادەممەن ، سىزگە پۇل قىلىپ بېرىمەن ، مەن سىزگە جاھان تۈزەلگۈچە قارايمەن ، سىزدىن ئۆتۈنەي ، دوستلىرىڭىز ئۈچۈن ، ئەلا ئۈچۈن يامان خىيال-لارنى نېرى قىلىڭ ، خورلانغان يالغۇز سىزمۇ ؟ ھەممىمىز خورلە-

نىۋاتىمىز!

گۈزەلئايغا ھەمراھ بولۇپ ئەلانۇر ئۇ ئۆيدە قونۇپ قالدى.

دوستلار كوچىغا چىققاندىن كېيىن ئوسمان:

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى غەزەپ بىلەن، — مۇشت بىلەن ھەل قىلىمىزمۇ ياكى قەغەز - قەلەم بىلەن؟

— مۇشت بىلەن مىلتىقنى يەڭگىلى بولمايدۇ، — دېدى قۇرماش، — قەغەز - قەلەم، چوڭ خەتلىك گېزىت، تەشۋىق ۋەرەقىسى بىلەن رەقىپنى سېسىتىش كېرەك. ئۇنى قورالسىزلاندۇرغاندىن كېيىن ھەرنېمە قىلساقمۇ قىلالايمىز.

— گۈزەلئاينىڭ ئىسمىنى يازىمىزمۇ؟ ئەلا ئاڭلىسا قانداق بولىدۇ؟

— ياق، ئىسمىنى يازمايمىز، «بىر مەزلۇمنىڭ كۆز يېشى» دەپ چوڭ خەتلىك گېزىت، تەشۋىق ۋەرەقىسى يازايلى.

— چوڭ خەتلىك گېزىتنى كېچىسى چاپلايلى، — دېدى ساۋۇتوف يول كۆرسىتىپ.

— چوڭ خەتلىك گېزىتنىڭ بېشىغا: «بۇزۇق ئۇنسۇر رەقىپنى قانۇني جازاغا تارتايلى!»، «ئىت بېشىنى يانجىيلى» دېگەندەك چوڭ شوئارلارنى چاپلاپ، شوئارلارنىڭ ئاخىرىغا ھەر خىل جەڭگىۋار دۆيلەرنىڭ ئىسىملىرىنى يازايلى.

ئۇلار مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن يەنە ئوسماننىڭ ئۆيىگە مېڭىشتى. ساۋۇتوف «بىر مەزلۇمنىڭ كۆز يېشى» ناملىق ماقالىنىڭ تېكىستىنى يازىدىغان بولۇپ كېلىشكەندىن كېيىن، ئۇلار شۇ ئاخشىمىلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

رەقىپ ئۈستى ئۇچۇق جىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ناھىيەدىن شەھەرگە ئىككى قوراللىق مۇھاپىزەتچىسى بىلەن «تەييارلىق كومىتېتى» دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ يىغىنىغا كەلدى. رەقىپ ماش رەڭ شىم - تۇجۇركا، شەپكە كىيگەن، ئوبدانلا قورساق سالغان،

ئىككى قوۋۇزى ساڭگىلاپ، كۆزلىرى پۈتكەن، پەۋاز قاپاقلىرى
ئۈستىدىكى يېپىلاڭغۇ، شالاڭ قاشلىرى تار پېشانىسى بىلەن يۈزى-
نى ئايرىپ تۇرمىغىنىدا، ئومۇمىي يۈز قۇرۇلۇشى ئېقىپ پىشقان
ئارپا نېنىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ يىغىن باشلانغاندا كىردى. ئۇ
ھەربىي رايون ۋەكىللىرىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى ۋە يىغىن قاتناش-
چىلىرىغا مەغرۇر قىياپەتتە قاراپ چىقتى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر
ئۇنىڭغا قاراپ باش ئىرغىتىدىغانلار ئازايغان. ئۇ ھەيران قالدى
ۋە گۇمانخورلۇق بىلەن ئۇڭ يېنىدىكى ئىشچى كىيىمى كىيگەن ياش
بالىغا پىچىرلىدى:

— باياتىن نېمە گەپلەر بولدى؟

يىگىت گەپ قىلمايلا ئۇنىڭغا بىر تەشۋىقات ۋەرەقىنى تۇتقۇ-
زۇپ قويدى. رەقىپ ماۋزۇسىنى ئوقۇدى: «بىر مەزلۇمنىڭ كۆز
يېشى». ئۇنىڭ ئاستىدا: «ئىنقىلاب چاپىنى كىيىۋالغان بۇزۇق
ئۇنسۇر» دېگەن كىچىك ماۋزۇ تۇراتتى.

رەقىپ ئالدىراپ ئوقۇدى، ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ چىرايى تاتى-
رىپ، قوۋۇز گۆشلىرى لىپىلداپ كەتتى. ماقالىنىڭ تىلى ئۆت-
كۈر، پاكىتلىرى كۈچلۈك، تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى. ئۈچ كۈن
بۇرۇنقى ۋەقە ئىنچام، تەسىرلىك بايان قىلىنىپ، ئاخىر بىگۇناھ
گاچىنىڭ تىلغا كىرگەنلىكى، بىگۇناھ ئايالنىڭ بالىسى بىلەن
دەرياغا تاشلانغانلىقى زەھەرلىك تىل بىلەن خۇلاسىلىنىپ، ئاندىن
كېيىن جەمئىيەتتە بۇ خىل زوراۋانلىقنى مەلۇم شەخسنىڭ ئۇتۇقى
قىلىپ كۆرسىتىدىغان نەيرەڭگە يول قويۇلمايدىغانلىقى ئۆتكۈر تىل
بىلەن كۆرسىتىلگەن.

رەقىپ قەلەم ئىگىسىگە قارىدى، «ئادۋوكات» دەپ ئىمزا
قويۇلغانىدى.

رەقىپ ئوقۇپ بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى. ھەممىلا كۆز ئۇنىڭغا
تىكىلگەنىكەن، ئۇ مەڭدەپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ۋەرە-

قىنى مىجىپ تۆتتى :
— بۇ تۆھمەت ! قىپقىزىل زىيانكەشلىك !
— ئايالىنىڭ سىزدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ چىققىنىچۇ ؟
— بۇ... بۇ راست !
— ئايالنى ئەتەي كەتكۈزمىگىنىڭىزچۇ ؟
— مەن ياخشى نىيەت بىلەن ساقلاتقۇزغان !
— بۇ يەردە نىيەت توغرىسىدا ئەمەس ، پاكىت توغرىسىدا سۆز بولۇۋاتىدۇ ! — ھەربىي باشلىقنىڭ ئاچچىقى كەلگەن ، قاپىقى چۈشكەنىدى . ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بىلەمسىز ، بىز بۇ خىل جىنايى ئىشقا ھەرگىز سەل قارىيالمايمىز . بىز بۇ ئىشنى جىددىي بىر تەرەپ قىلمىساق ، ئاممىنىڭ غەزىپىنى باسالمايمىز !
— سىز چىقىپ تۇرۇڭ ! — دېدى بىر ياش قىز ئورنىدىن تۇرۇپ ، — بۇ بىزنىڭ ئىنقىلابىي ئاممىۋى تەشكىلاتىمىزنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ يۈزىگە سۈۋۈنۈلغان قارا ، بىز بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمىز !
— گاچا ئۆز جىنايىتىگە ئىقرار ! — رەقىپ ئارانلا شۇنى دېيەلىدى .
— بەللى ، — دېدى ھەربىي ۋەكىل مەسخىرە قىلىپ ، — سىزنىڭ گاچىنى تىلغا كىرگۈزىدىغان سوراقخانىڭىزمۇ بارمۇ تېخى ؟ سىزگە ئادەم قاماش ھوقۇقىنى كىم بەردى ؟ نېمىشقا سوراقخانىڭىزنى تارقاتمايسىز ؟
ئەمدى رەقىپنىڭ پۇتلىرىمۇ تىترىمەكتە ئىدى .
ئۇ چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلانغان يەرگە كەلدى . ئۇ ئىسمى تەتۈر يېزىلغان چوڭ خەتنى كۆرۈپ بىشى قايدى ، ئۆز ئۆنچاق قەغەزگە : «قوي تېرىسىگە كىرىۋالغان يىرتقۇچ بۆرە رەقىپنى قەتئىي قانۇنىي جازاغا تارتايلى !» دەپ يېزىلغانىدى .
رەقىپ كەينىگە ياندى ـ دە ، ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئىككى

مۇھاپىزەتچىسى بىلەن ناھىيىگە يۈرۈپ كەتتى .

ئۇ ئىككى كۈندىن كېيىن جىن - شەيتانلارنى كۆرەش قىلىش چوڭ يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ، سىنىپىي دۈشمەنلەر قاتارىدا قولى باغلاقلىق گاچمۇ بار ئىدى .

## 4

«ئادۋوكات» ناھايىتى تېزلا پۈتۈن ئەتراپقا تونۇلدى . ئۇنىڭ خىزمىتى ، ئىناۋەت ، كۈچى توغرۇلۇق ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايىلەرمۇ توقۇلدى . ئۇنىڭغا ھال ئېيتقۇچىلار ، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇچۇق خەت ، چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ ئۆز ھالىنى مەلۇم قىلىشتى . كوچىلاردا تويۇقسىزلا «ئادۋوكات»نىڭ چوڭ خەتلىك گېزىتلىرى پەيدا بولۇپ قالسا ، نەچچە يۈزلىگەن ئادەم ئۇنى تالىشىپ - ئىتتىرىشىپ ئوقۇشىدىغان بولۇشتى ، لېكىن ھېچكىممۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ نەدە ۋە كىملەردىن قۇرۇلغانلىقىنى بىلمەيتتى . بۈگۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىغا ئىككىنچى بىر ئايال — رازىيە توغرىسىدا بىر قىزىقارلىق چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاندى . ئوقۇغۇچىلارغا «ئادۋوكات»نىڭ راستىنلا تەسىرى چوڭىيىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ، بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كۆرسەتمەكچىمىز . بۇنىڭ ماۋزۇسى مۇنداق : «بىر ئېغىز راست گەپكە بىر ئۆمۈر جازا» ، كۆچۈرۈلمىسى :

«دۇنيادا ئوغرىلىق ، قاراقچىلىقنى گۈزەل ئەخلاق دەپ ئېلان قىلغان ھېچقانداق ھۆكۈمەت يوق ، شۇنداقلا بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ نەچچە خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىشىنى ساناپ باققان بىرمۇ ئادەم يوق . تۇخۇم ئوغرىسىدىن تارتىپ دۆلەتنىڭ ئەڭ

مەخپىي ھۆججەتلىرىنى ئوغرىلاشقىچە بولغان ئوغرىلىق زادى نەچچە خىل؟ ئۇنىڭغا بەلكىم جاۋاب بېرەلىدىغان ئادەم چىقماس. ئەمما تالان - تاراج قىلىش ئوغرىلىقنىڭ ئالىي شەكلى بولسىمۇ، بۇنى ئاقلايدىغانلار شۇنچىلىك كۆپ ۋە كۈچلۈك. تىللايدىغانلارچۇ؟ ئادالەت پىرىنىڭ كۆزى كور، پىچىقى گال بولۇپ قالىدىغان چاغلاردا، ئەلۋەتتە تىللىغۇچىنىڭ ئورنى تۈرمە، ئىسمى جىنايەتچى بولماي نېمە بولاتتى؟ ئىشەنمىسەڭلار تۆۋەندىكى قۇرلارغا قاراڭلار:

كىچىككىنە مېۋىلىك باغ، ھويلىدا گۈللەر ئېچىلغان ھويلا. قوش قاناتلىق ھويلا ئىشىكى، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىكى ھاكلانغان كىچىك سۇپا، كوچىغا قارىغان قاپقىلىق دېرىزە، تەكچىسىدە كۈلۈشۈپ - مارىشىپ تۇرغان ھەر رەڭ گۈللەر. مانا بۇ غۇلجا ئاھالىسىنىڭ ئاددىي قورۇسىنىڭ سۈرىتى. بۇ گۈزەل سۈرەتنى كىمنىڭ يىرتقۇسى كېلىدۇ؟ بۇ ئائىلىدىكى پۈتۈن ھاياتى ۋە كۈچىنى مائارىپ ۋە مەرىپەتكە بېغىشلىغان ئۈچ ئەۋلادنىڭ ھاكىمىيەتنى ئۆرۈۋېتىش غەرىزى بار دېسە، كىممۇ ئىشىنىدۇ؟ بۇ ئۆيدىكى بىر خىل تەرتىپلىك، ئىناقلىق، ھۆرمەت بىلەن داۋام قىلىۋاتقان ھايات بىمەھەل ئۇششۇك تەگكەن باغدەك ۋاقىتسىز خازان بولدى. بۇ ئۆينىڭ خۇشلۇقى ۋە ئۈمىدى بولغان رازىيە ھازىر تۈرمىدە. ئۇنىڭ مومىسى قازا تاپتى، دادىسى ئەقلىدىن ئازغان، ئانىسى تۈيۇقسىز يۈرەك كېسىلىگە يولۇققان، بۇ ئائىلىنى كىم ۋە قانداق نابۇت قىلدى؟ تۆۋەندىكى قۇرلاردا بۇ سوئالغا جاۋاب چىقىدۇ.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ھەممە گېزىت - ژۇرناللار، قەدىمكى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر قوليازمىلىرى، نەچچە مىڭ پارچە ھەر خىل يېزىقتىكى كىتابلار، نەچچە يۈز پارچە ھەر خىل ژۇرنال توپلاملىرى بۇ ئائىلىنىڭ

بىر نەچچە ئەۋلادنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن يىغقان بىردىنبىر بايلىقى ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى بەش - ئالتە سائەت ئۆرە تۇرۇپ بالىلارغا دەرس سۆزلەش، كېچىلىرى ئۇخلىماي يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە بۇ كىتابلارنى يىغقان. ئۇلار كىشىلەرگە شۇنچىلىك كۆپ بايلىق يارىتىپ بەرگەنكى، بىرنىڭ قىلچىلىك نېمىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئەمەس. ئۇلار پاكلىق، ھالاللىق ۋە مەرىپەتنىڭ سىيماسى ئىدى. لېكىن، بىزنىڭ ئىشنى تالان - تاراج قىلىش بىلەن باشلىغان «سادىق» جەڭچىلىرىمىزگە ئەڭ بۇرۇن مۇشۇ ئائىلە ئەڭ خەتەرلىك ۋە قورقۇنچلۇق بىلىندى - دە، ئۇلار بىر دەيدەيچىنىڭ قول ئىشارىسى بىلەن خۇدىنى يوقىتىپ، بۇ ئائىلىگە ھارۋا - ماشىنىلارنى سۆرەپ كېلىپ ھېلىقى كىتابخانىدىكى بارلىق كىتابنى خۇددى ئېغىلدىن ئوغۇت باسقاندەك بېسىپ ماڭدى. ئوغرىلىق، قاراقچىلىق بىلەن ھالاللىقنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئۈچ يېشىدىن تارتىپ ئېنىق بىلىپ كېلىۋاتقان رازىيە يولسىزلىققا قارشى يالغۇز ئۆزى جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇنى قوللاش، مەدھىيىلەش، مۇكاپاتلاش لازىم ئىدى، لېكىن «جەڭچىلەر»گە ئۇ «قەبىھ دۈشمەن» بولۇپ كۆرۈندى. بىرلىرى ئۇنىڭ قولىنى قايرىدى، بىرلىرى چېچىنى يۇلدى، بىرلىرى ئاغزىغا ئۇردى. رازىيە ئۇلارنى تىللىدى، تىللىغاندىمۇ چەكتىن ئاشۇرماستىن: «يولسىزلار!»، «فاشىستلار!»، دېگەندەك تىللار بىلەن تىللىدى. بۇ يەردە جىنايەتچى بىلەن جىنايەتچىنى ئەيىبلىگۈچىنىڭ چەك - چېگرىسى ئېنىق تۇرسىمۇ، قوراللىق ئادەملەر ئەيىبلىگۈچىنى تۈرمىگە سالدى. ئۇنىڭ ئېيتقىنى بىر ئېغىز راست گەپ، ئەمما ئۇ بىر ئۆمۈر تۈرمىدە ياتارمىش. ئادالەت ۋە دېموكراتىيىنىڭ بايرىقى راستىنلا كۆكتە جەۋلان قىلىۋاتقان بولسا، رازىيەنى

قىزىل بايراقنىڭ ئۆزى ھىمايە قىلىشى كېرەك . ناۋادا ، قا-
نۇن ۋە ئاقلاش ھوقۇقى ھەممە يازما ماتېرىياللاردىن چىقىرى-
ۋېتىلمىگەن بولسا ، رازىيەنى ئادالەت - قانۇن ئاقلىسۇن ،
رازىيە قويۇپ بېرىلسۇن . ئۇلارنىڭ زىيانلىرى تۆلەنسۇن ،
ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا دەيدەيچىلىك قىلغان ، ئۇرغان ، بۇلى-
غانلار قانۇن ئالدىدا تىزلاندۇرۇلسۇن !

ئادۋوكات . 1967 - يىلى 28 - ئىيۇل»

— توغرا گەپ !

— ئىنقىلابىي تەلەپ !

— بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەننىنى پىپەن قىلغانلىق !

— ياق ، تىغ ئۇچى مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قارىتىلغان ئەكسىل-
ئىنقىلابى دازىباۋ .

بىزنىڭ ھەرقانداق گەپنى قىلىشتىن قورقمايدىغان «باتۇرلى-
رىمىز» ، مانا شۇنىڭ بىلەن غۇژمەك - غۇژمەك بولۇشۇپ قوللى-
رىنى شىلتىشىپ ، ئۇزۇندى ، ھۆججەتلەردىن نەقىل كەلتۈرۈشۈپ
مۇنازىرە باشلىۋېتىشتى .

باياتىن بېرى چوڭ خەتلىك گېزىت ئۈستىدە بولۇۋاتقان ھەر
خىل گەپلەرنى ئاڭلاپ بىر چەتتە تۇرغان ئەلانۇر ئىختىيارسىز
مۇنازىرىچىلەرنىڭ ئارىسىغا كىردى . ئۇ ئاق كۆڭلەكچان قىزنىڭ
مۈرىسىگە قولىنى قويدى . قىسقا چاچ ، بىلىكىدە قىزىل بەلگىسى
بار قىزىل قوغدىغۇچى قىز ئەلانۇرغا بۇرۇلۇپ قارىدى .

— سىڭلىم ! — دېدى ئەلانۇر باياتىن ئاغزىدىن چوڭ خەتلىك
گېزىتنى ئەيىبلەشتىن باشقا گەپ چىقمىغان بۇ قىزغا نارازى بو-
لۇپ ، — ناۋادا رازىيەنىڭ ئورنىدا سىز بولسىڭىز ، ئاشۇ ئەھۋال
ئاستىدا قانداق قىلاتتىڭىز ؟

— ئىنقىلاب تەرەپتە تۇراتتىم !

— دادىڭىزغا قارشى تەرەپتىما ؟

— ئىنقىلابتا ئادەمگەرچىلىك بولمايدۇ ، ئىنقىلاب مەنپەئىتىگە زىيان سالىدىكەن ، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بىز ئىسيان كۆتۈرىمىز !

ئەلانۇرنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى ، ئۇنىڭ دادىسىمۇ ھازىر تارتىپ چىقىرىلغان ، ئۇ بىلىدۇ ، دادىسى ھېچقانداق «ئىنقىلاب مەنپەئە- تى»گە زىيان سالغىنى يوق . ئۇ 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ قولىغا قورال ئېلىپ ، ئىلقا پارتىزانلىرىغا قاتنىشىپ ، گومىنداڭ بىلەن ئېلىشتى ، غۇلجا ھەرەمباغدىكى گومىنداڭ قال- دۇق كۈچلىرى بىلەن بولغان سوقۇشتا بىر كۆزىدىن ئايرىلدى . ئۇ يەنە سەپتىن قالماي تاكى ماناس دەرياسى بويىغىچە جەڭ قىلىپ باردى ، قان تۆكتى ، يارىدار بولدى ، لېكىن ئۇنىڭ بەدىلىگە ئارانلا بىر گۇڭشېنىڭ پارتكوم تەشكىلات بۆلۈم كادىرى بولالىدى . ئۇ نېمە قىلدى ؟ سەممىي - سادىقلىق بىلەن خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلدى ، كىشىگە ئۇۋال قىلمىدى ، بىر پۇلغا خىيانەت قىلمىدى ، خاتىرە ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرلىق كىيىملىرى بىلەن جەڭلەردىن يادىكار قالغان ئاي يۇلتۇزلۇق ئار- مىيە بايرىقىنى ساقلىغىنى ئۈچۈن «پانتۇركىست» دېگەن نام بىلەن قارىلىنىپ سازايى ، كۈرەش قىلىندى ، ھازىرغىچە ناھىيە تۈرمى- سىدىن چىقمىدى . ئەلانۇر بۈگۈن بىگۇناھ دادىسىنى ئەيىبلىسە بولامدۇ ؟ ئۆزىچۇ ؟ خەلققە شان - شەرەپ كەلتۈرمەن دەپ ۋالىبول ئوينىدى ، داڭق چىقاردى ، خىزمەت كۆرسەتتى ، ئاخىرىدا مۇشۇ «ئىنقىلاب» باشلىنىش بىلەن دادىسىنى ئاقلاپ سۆزلىگەنلىكى ئۈ- چۈن ھەممە ھوقۇقىدىن چەكلەندى . بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئىنقىلاب مەنپەئىتى»گە زىيانلىقمۇ ؟

— ھەي ! — دېدى ئەلانۇر ھېلىقى قىزنىڭ مۇرىسىدىن سىلـ- كىپ ، — گەپ - سۆزۈڭدىن قارىغاندا ، سەن ئادەمدىن تۇغۇلمىغان

ئوخشايسەن !

— نېمە ؟ ! — ھېلىقى قىز ئۇنىڭغا ئەسەبىيلىك بىلەن قادال-دى ، — سەن بۆرىنىڭ كوچۇكى نېمىدەپ كاشىشۋاتىسەن !

ئەلانۇر ئۇزۇن غولىچىنى كەردى . ئۇ مۇنۇ ئاتىسىغا نەپرەتلىنىدىغان كۆچى مەخلۇقنىڭ ئاغزىغا ئۇرماقچىدى .

— توختاڭ ! — دېدى بىرى تەمكىنلىك بىلەن ، — قويۇڭ ئەلانۇر ، شاپىلاق بىلەن ، بولىغانغان قاننى ساپلاشتۇرغىلى بولمايدۇ .

ئەلانۇر قارا كۆزەينەك تارتىپ ، چىغ شىلەپە كىيىۋالغان سا-ۋۇتوفنى تونۇدى ۋە ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى . ساۋۇتوف ئېگىز بوي ، قاملاشقان قىزنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ كۆ-رۈشتى .

— ئالدىراشمۇ سىز ، ئەلانۇر ؟

— كەچ كىرگۈچە بىكارمەن !

— ئۇنداق بولسا ، يۈرۈڭ ، رازدىيەلەرنىڭكىگە بېرىپ كېلەيلى .

— دادىسىنى يوقلايمىزمۇ ، ئۆزىنىمۇ ؟

— ئاۋۋال دادىسىنى ، ئىمكان بولسا ئۆزىنىمۇ يوقلايمىز !

ئۇلار قويۇق قېرى تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كوچا بىلەن مېڭىشتى . چوڭ كوچا داقا - دۇمباق چېلىنىپ ، شوئار توۋلى-شىپ ، قوللىرىدىكى قىزىل ئۇزۇندىلەرنى پۇلاڭلىتىشقان ، باش - ئايىغى يوق نامايىشچىلار بىلەن تولغانىدى .

— ئەپەندى ، — دېدى ئەلانۇر «جاڭ - جاڭ» چىلارنىڭ ئاۋازى يىراقلاشقاندىن كېيىن يان كوچىغا ئەگىشىپ ، — راستىنى ئېيتىڭە ، مۇشۇ ئىشلار دۆلىتىمىزنىڭ قىياپىتىنى راست-تىنلا ياخشىلىيالارمۇ ؟

ساۋۇتوف قىزغا بىر قاراپ قويدى - دە ، بېشىنى لىڭشىتىپ

قويۇپ ، تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى :
— سىزگە ئىشىنىمەن ، راست گەپ ئۇچۇن ماڭا زىيان سال-
مايسىز . بۇ بىر ئىنقىلاب ئەمەس ، قىيقىرىل تەلۋىلىك . بۇنداق
تەلۋىلىك دۆلەتنىلا تۈگەشتۈرۈپ قالماستىن ، تەلۋىلەرنىڭ ئۆزىنى-
مۇ تۈگەشتۈرىدۇ !
ساۋۇتوفنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەلانۇر چۆچۈپ كەتتى .
ئۇلارنى ئۆمەر ئەپەندى ئىشىكى ئالدىدا كۈتۈۋالدى . ئاق چاچ ،
ئاق ساقال بوۋاي سۇ سېپىلگەن ئىشىكى ئالدىدىكى سۇپىدا نەۋرە-
سىنىڭ بېشىنى سىلاپ ، خىيال بىلەن ئولتۇرغانىكەن ، ساۋۇتوف
ھەيران بولۇپ قارا كۆزەينەكنى بىلەن چىغ قالپىقىنى قولىغا ئال-
دى . ئۇنىڭ كۆتمەك قارا بۇرۇتى مىدىرلىدى :
— ھوي ، ئۆمەرمۇ سەن ؟
بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئورنىدىن تۇردى - دە ،
قويۇق ساقال - بۇرۇت ئارىسىدىكى لېۋىنى مىدىرلاتتى .
— سىز... سىز ؟
— مەن ساۋۇتوف ! — ساۋۇتوف ئۇنىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى
قۇچاقلىدى .
— ساۋۇتوف ! — دېدى بوۋاي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن
دوستىنىڭ دۈمبە - مۈرىلىرىنى سىلاپ . ئۇلار چىڭ قۇچاقلاشتى .
ئەلانۇرغا ساۋۇتوفنىڭ دۈمبىسى ، ئۆمەر ئەپەندىنىڭ جۇدەڭگۇ ،
پۈچۈلغان ساقاللىق چىرايى بىلەن كۆك تومۇرلىرى پۈلتىيىپ
چىققان ئورۇق قوللىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بوۋاينىڭ كۆز ياشلى-
رى ساۋۇتوفنىڭ يەلكىسىگە تامچىلاۋاتاتتى . ئەلانۇر بۇ ئىككى
دوستىنىڭ ئۇچرىشىشىنى كۆرۈپ رازىيە بىلەن تېزرەك ئۇچرىشىش
ئىستىكى بىلەن ئۆرتەندى .
رازىيەنىڭ ئانىسى مەلىكىخانىمۇ ئۆزگەرگەن ، بېشىغا بولۇشىغا
تاشلاپ قويغان ئۇڭگەن گەرىس ياغلىقىنىڭ ئاستىدىن ئاق لەيلىدەك

چېكە چاچلىرى چىقىپ تۇراتتى. يۈزى خۇددى ئىسلانغاندەك كۆكۈچ، قارايغان، كۆزلىرىنىڭ ئېقى سارغايغان، ھەرىكىتىمۇ ئاستا، ناقۇلاي ئىدى. ئۇ كالىچىنى شىپىلدىتىپ، تولا يىغلاپ يېشى قۇرۇغان كۆزىنى يېڭى بىلەن سۈرتتى - دە، ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ ئۇرۇق قوللىرى بىلەن ئەلانۇرنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى. ئەلانۇر مومايىنىڭ كۆكسىگە بېشىنى ئېگىپ، ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى مومايىنىڭ ئېتىكىگە تېمىتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئۈن - تىنسىز، سىلىق - يۇمشاق ھەرىكەتلەر بىلەنلا سالاملاشتى، ھال - ئەھۋال سوراشتى، ئەلانۇر داستىخانغا ئولتۇرغىلى مېھمانخانىغا كىرگەندە، ئىككى دوست قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن، ئۇلار خۇددى باشلىرىغا كەلگەن تارتقۇلۇقلىرىنى ئۇنتۇشقاندەك، كىتابلار، ئەلانۇر چۈشەنمەيدىغان كونا گەپلەر توغرىسىدا قىزغىن سۆزلەشمەكتە ئىدى.

— يۈسۈپ سەككاكى غەزەللىرىمىكىن دېسەم شېئىرىي ئۇسلۇبى ئوخشىمايدۇ، — دەيتتى ئۆمەر ئەپەندى بىر پارچە كىرلەشكەن، خېتى ئۆچكەن كىتابنىڭ بەتلىرىگە لوپا ئەينىكى بىلەن قاراۋېتىپ، — يامان يېرى، بۇ كىتابنىڭ ئاخىرى يوق ئىكەن.

— تاپىمىز، — دەيتتى ساۋۇتوف ھۆددە قىلىپ، — مېنىڭدە لاتىنچىسى بار، سېلىشتۇرساقلا مەلۇم بولىدۇ.

— مۇھىم راقلىرىنى سەنمۇ ساقلاپ قويدۇڭمۇ؟

— مەن ئۆز ۋاقتىدا قوليازمىلىرىم بىلەن قوشۇپ لەنجۇغا — ئەلاغا ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۇ بالىنىڭ ئېيتىشىچە، بىر ياخشى دېھقاننىڭ ياردىمى بىلەن كىتاب، يازمىلىرىمنى ساقلاپ قاپتۇدەك.

— ئەلا ھازىرمۇ تىرىشقاق، زېھنى ئۆتكۈر پېتى تۇرۇپتۇمۇ؟

— بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ پىشىپتۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي تىللىرىدا مەندىن ياخشىكەن، ئىنگلىزچە، رۇسچە تىللار-

دىمۇ ماتېرىيال كۆرەلەيدىكەن، خەنزۇچىنىمۇ كۆڭزىنىڭ كىتابلىرىنىمۇ چۈشىنەلىگۈدەك بىلىپتۇ.

— يارايدۇ، يارايدۇ، — دېدى ئۆمەر ئەپەندى چىن قەلبىدىن سۆيۈنۈپ، خۇشال بولۇپ، — ئۇنىڭغا كەملىك قىلىۋاتقىنى بىرلا شارائىت بولۇۋېتىپتۇ ـ دە!

— تازا مېۋە بېرىدىغان ۋاقتى ئىدى، — دېدى ساۋۇتوف، — رۇس يازغۇچىسى گوگول، لېرمونتوفلارمۇ ناھايىتى ياشلا تونۇلغان، شولوخوفمۇ «تىنچ دون»نى ئوتتۇزغا كىرمەي تۇرۇپ يازغان. شارائىت يار بەرسە، بىزنىڭ ئەلا ئاشۇنداق زور تالانت ئىگىسى ئىدى. ھەي ئىسىت!

بوۋايلارنىڭ ئەلا توغرىسىدىكى ماختاش گەپلىرى ئەلانۇرنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇن ھۆرمەت، سېغىنىش ھېسى ئويغاتتى. قىز ئەلا بىلەن لەنجۇدا ھېلىقى كۈنى پويىز ئىستانسىسىدا خوشلاشقانچە تېخى كۆرۈشمىدى. ئەلانىڭ ھېلىقى ئەلانۇر ئۇن نەچچە كۈن باققان قىزى دىلئارا قانچىلىك بولۇپ قالدىكىن، لەنجۇدىن پويىزدا كەلگۈچە، غۇلجىغا ماشىنىدا بارغۇچە دىلئارا بەڭۋاشلىقى، ئوماقلىقى بىلەن ئەلانۇرنىڭ قەلبىدە قىزنى نومۇس قىلدۇرىدىغان ئانىلىق مېھرى پەيدا قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئەلانىڭ گېپى چىقىش بىلەن ئەلانۇرنىڭ يۈرىكى تېپچەكلىدى. دېمەك، ئۆز ۋاقتىدا پەيدا بولغان بۇ بىر پارچە چوغ كۈلگە ئايلانمىغان، يىللار قويۇق كۈل بولۇپ بۇ چوغنى ساقلىغانىكەن، مانا بۈگۈن كىچىككىنە شامال چىقىۋىدى، كۈللەر توزۇپ چوغ يېلىنجاشقا باشلىدى. ئۇ چوغنىڭ يالقۇنغا ئايلىنىشىنى قىز خالىمايتتى، چۈنكى بۇ بەخت نۇرغۇن بەختسىزلىكلەر ھېسابىغا قولغا كېلەتتى. ئەلانۇر قايسى كۈنى گۈزەلئاينىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۈزۈلمەس رىشتىنىڭ سىرىنى بىلدى. ھايات، گۈزەلئايغا كەلگەن بەختسىزلىك قايتا ئۇلىنىش ئالدىدىكى رىشتىنى يەنە نابۇت قىلدى.

گۈزەللىكى نېمىلا بولمىسۇن ئەلانىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشىنى خالىمايدۇ. ئۇ پۇشايمان، مۇھەببەت ئازابى بىلەن بىر ئۆمۈر بەختسىز ئۆتۈشكە تەييارلانغان. ئەلانور ئۆز بەختى بىلەن ئاشۇ بىچارىنىڭ قەلب جاراھىتىگە تۇز سەپسۇنمۇ؟ ئۇ چاغدا ئەلانورنىڭ قىلمىشى ھېلىقى قىرقىم چاچ قىزنىڭ ئۆز دادىسىنى ھاقارەت قىلغىنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالمامدۇ؟

— قىزىم، يۈرۈڭ، ئاش سوزۇشۇپ بېرىڭ!

ئەلانور بېشىنى كۆتۈردى ۋە ناھايىتى زورىغا كۈلۈمسىرىدى.

ئەلانور پەتنۇسقا ئىككى تەخسە لەڭمەننى قويۇپ قايتا كىرگەندە، ئىككى دوست رومكىلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ شېئىر ئوقۇشۇۋاتاتتى. شېئىرلارنىڭ بەزى سۆزلىرى ئەلانورغا چۈشىنىكسىز بولغىنى بىلەن مەنىسىنى قىز چۈشەندى. شېئىرلار تەسىرلىك، چوڭقۇر مەنىلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى بىر قاپىيىدە بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇسا، يەنە بىرى شۇنىڭغا قاپىيىداش، مەزمۇنداش شېئىردىن يەنە بىر كۇپلېت ئوقۇيتتى. ئۇلار شېئىر ئوقۇش ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن مۇڭداشماقتا، بىر - بىرىنىڭ پىكىر خىياللىرىنى چۈشىنىشمەكتە ئىدى.

ئەلانور بۇ خىل سۆھبەت شەكلىنى تېخى كۆرۈپ باقمىغاندى. قىز قەلبىدە بۇ شېئىرلارنى ئاڭلاپ، مۇنۇ تاشلاندۇق ئادەملەرنىڭ كۆڭۈل خەزىنىسىنى غىل - پال كۆرۈپ، ئۆز خەلقىگە بىر خىل مۇھەببەت، بىر خىل غۇرۇر - ھۆرمەت ئويغىنىشقا باشلىدى.

ئۇ رازىيەنىڭ كارۋىتىدا يېتىپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۆزى قاتنىشىۋاتقان مۇنۇ «ئىنقىلاب» بىلەن مۇنۇ ئىككى ئىلىم ئەھلىنىڭ كۆزقارىشى، ئارزۇسى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ زور چىقىشالماسلىقنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، دوستى رازىيە ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ئۆزى ئەمدى بۇنىڭدىن

كېيىن قانداق قىلسا بولىدىغانلىقىنىمۇ ئاز - تولا چۈشەندى ، «ئادۋوكات»نىڭ ئىشى توغرا ، ئۇنىڭ تىغ ئۇچى ھېچقاچان خەلق-نىڭ مەنپەئىتىگە قارشىلىغان ئەمەس ، ناۋادا بىرى ئۇنى قارىلايدى-كەن ، ئەلانۇر رازىيەگە ئوخشاش تۇرمىگە كىرىپ كەتسىمۇ ، ئۇنى ئاقلاشقا ، قوغداشقا ھەرىكەت قىلىدۇ...

قىز قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمىدى . ئۇنى رازىيە-نىڭ ئانىسى ئويغاتقاندا ، ئۆمەر ئەپەندى بىلەن ساۋۇتوف بوك مېۋى-لەر بىلەن تولغان باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك بوستاندا ئولتۇ-رۇپ يەنىلا ئاخشامقى گەپلىرى ، كىتابلار ، شېئىرلار توغرىسىدا سۆزلەشمەكتە ئىدى .

ئۇلار ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە ئەگىگەن يەردە ، ئالدىنى قوراللىق قىزىل قوغدىغۇچىلار توسۇۋالدى .

— نەگە ؟

— ئوبلاستلىق تۈرمىدە قىزىمىز بار ئىدى ، شۇنى يوقلىغىلى ماڭدۇق ، — دېدى ئۆمەر ئەپەندى ئۇلارغا يېلىنىپ .

— بۈگۈن كۆرەلمەيسىلەر ، بىلەمسىلەر ، بۈلتۈر ئۈچىنچى سېنتەبىردىكى ۋەقەدە قولغا ئېلىنغان قەھرىمانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ، بۈگۈن ئىسيانچىلار ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسى ئالدىغا جىم ئولتۇرۇۋېلىش كۈرىشىگە كەلدى .

— بوشىتىدىغانلىقى بولسا ، — دېدى مەلىكىخان خۇشال بولۇپ ، — بىزمۇ جىم ئولتۇرايلى . بىزنىڭمۇ قىزىمىز سولاقتا .

— قىزىڭىز نېمىشقا سولانغان ؟

— نېمىشقا دېگىنىڭىز نېمىسى ، جېنىم بالام ، كىتابلىرىمىز-نى بۇلىغانلارنى تىللاپ قويغان - دە !

— كىتابلىرىڭلارنى كىملەر بۇلىغان ؟

— سىلەرگە ئوخشاش بىلىكىگە قىزىل باغلىغانلار !

— ئۇنداق بولسا باشقا گەپ . ئۇنداقلارنى ھېچكىم قۇتۇلدۇر-

مايدۇ !

— سىلەر كىمنى قۇتقۇزماقچى ، ئۇلار نېمىلەرنى قىلغان؟

— تۆت ئوقۇغۇچىنى ! — دېدى قىزىل قوغدىغۇچى سوغۇقلا قىلىپ .

— ئۇلار نېمە قىلغان؟

— ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنى توپقا تۇتقان !

— توۋا ، — دېدى ئانا ياقىسىنى تۇتۇپ ، — توپقا تۇتقانلارنى ، كۆيدۈرگەنلەرنى قۇتقۇزىدىكەن ، كۆيدۈرمىگەن ، توپمۇ ئاتمىغان ، ناھايىتى بۇلاڭچىلارنى تىللىغان قىزىمنى قۇتقۇزمىغۇدەك ، جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ، يائاللا ، ئاشۇ تىزىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ قىزىمنى قۇتۇلدۇرىدىغانلار يوقمىدۇ - ھە !

ئۆمەر ئەپەندى ساددا كۆڭۈل ، تولا سۆزلەپ ئەقلىدىن ئادىشىشقا باشلىغان بۇ ئايالنىڭ پېشىدىن تارتىپ قويدى . ئەلانۇر ئۇلارنى تىزىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئارقىسىغا قېتىپ ئېلىپ ماڭدى . ھېلىقى قىزىل قوغدىغۇچى ۋارقىرىدى :

— ھەي ، سىلەر نېمە ئادەملەر !

— بىزمۇ ئىسيانچى ! — دېدى ئەلانۇر كۈلۈپ قويۇپ .

ئوقۇغۇچىلار توپىلىق يەردە ئولتۇرۇشۇپ قوللىرىدىكى قىزىل تاشلىق كىتابنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىراشماقتا ، ناخشا ئېيتماقتا ، شوئار توۋلاشماقتا . پاكار بويلۇق ، ئاق يۈزلۈك ئوقۇغۇچى ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ئۇلارغا قوماندانلىق قىلماقتا . ئولتۇرۇۋالغانلارنى قوللاپ سەپ بولۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ، ئىشچىلار ، كادىرلارمۇ شوئار توۋلاپ ساقچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ ، تاملارغا شوئار چاپلاپ ، تۈرمە ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ قوللىرىدىكى قىزىل تاشلىق كىتابلىرىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ چۆرگىلەپ قايتىشماقتا . تۈرمىنىڭ ۋادىكى ئىچىدىكى قوراللىق ھەربىيلەرنىڭ بىرلىرى غەزەپ بىلەن ، بىرلىرى كۈلۈشۈپ تۇرۇشماقتا . مەيدان

قالايمىقان، ئۆمەر ئەپەندىلەر بىلەن ھېچكىمنىڭ سۆزلەشكۈدەك ھالى يوق، ھەر كىم ئۆز غېمى بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— ھازىر ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى چىقىپ بىزگە جاۋاب بېرىدۇ! — دەپ ئېلان قىلدى ھېلىقى قوماندانلىق قىلغۇچى، — ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە بەلگىلەنگەنلەر بىرىنچى قاتارغا ئۆتەيلى!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەلىكىخان ھەدە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆمەر ئەپەندىنىمۇ سۆرىدى:

— يۈرۈڭ، بىزمۇ ئۇلار بىلەن دېيىشەيلى!

ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۇلار ئالدىغىراق يۆتكىلىپ ئولتۇردى.

كۈنپېتىشتىكى چوڭ دەرۋازىدىن تۆت ئادەم چىقتى. ئۇلار چاسىنچە كېيىنگەنىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ شوئارلىرى گۈركىرىدى. يۈزلىگەن قوللار ئۇلارغا شىلتىلدى. ئۇلار يېنىدىكى ھەربىي باشلىقلارغا بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، بىر ھەربىي باشلىق ئېلېكترلىك كاناي بىلەن ئېلان قىلدى.

— ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ بىرىنچى تەلىپىگە ئاساسەن، بۈلتۈر ئۈچىنچى سېنتەبىر ۋەقەسىدە قولغا ئېلىنغان ئوقۇغۇچىلار ۋادەك يېنىغا كېلىپ سەپداشلىرى بىلەن دىدارلىشىدۇ.

ھەممە كۆز ۋادەك ئىچىگە بۇرۇلدى. جۇدەڭگۈ تۆت نەپەر ئوقۇغۇچى تۈرمە ھويلىسىدىن تۆمۈر ۋادەكلىك دەرۋازىغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رازىيە كۆرۈنمىدى. ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ ۋادەك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، سولانغان ئوقۇغۇچىلار خاتا ئويلاپ قالدىمۇ، ئۆزلىرىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئايالغا قوللىرىنى سوزۇپ ۋادەككە قاراپ مېڭىشتى. ۋادەك يېنىدا ئۇچراشقاندا، مەلىكىخان يىغلاپ تۇرۇپ تىزلاندى.

— مېنىڭ قىزىم رازىيەنىمۇ چاقىرىۋېتىڭلار!

ئۆمەر ئەپەندى بىلەن ئەلنۇر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئانىنى يۆلە-

دى . ئۇلار مەلىكىخاننى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقىمۇ ئۆلگۆرمەي ۋادەك
ئەتراپى ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولدى . ئۇلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىش-
مەكتە ، بىر - بىرى بىلەن تارتىشماقتا ، مەلىكىخان دەسسەلمەكتە
ئىدى . ئانا قىزىنىڭلا ئىسمىنى توۋلايتتى ، ئەلانور ۋالىبولچىغا
خاس چەبدەسلىك بىلەن ئانىنى قېقىپ - سوقۇپ دەسسەۋاتقانلارنى
ئىتتىرىپ ، سىلكىپ ، ئانىنى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ ئالدى - دە ،
چەتكە ئاچىقتى . ئانا قۇرۇغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ :
— نېمىشقا مېنىڭ قىزىمنى ئاچىقمايدۇ ، قىزىم رازىيە نەدد-
سەن ؟ — دەپ ۋارقىرىماقتا . ئەلانورنىڭ كۆز يېشى خوددى پىياز
چاناۋاتقاندەك ، كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ مەڭزىنى يۇيۇپ ئاقماقتا .
ئۆمەر ئەپەندى بولسا خوددى بىھوش ئادەمدەك دەرەخكە يۆلىنىپ
جىم تۇرماقتا . ساۋۇتوف ئۇنىڭ يېنىدا پىچىرلاپ تەسەللى
بەرمەكتە .

— غەيرەت قىل ئۆمەر ، سەن بولساڭمۇ ئۆزۈڭنى تۇت !

— ماۋۇ جىن - شەيتانلار نېمە قىلىپ يۈرۈيدۇ ! — دېدى
بىرى ئۆمەر ئەپەندى بىلەن ساۋۇتوفنى كۆرسىتىپ .

— مالىمانىدا توقاچ ئوغرىلىماقچى ، يوقىلىش ! سەنلەرگە بۇ
يەردە نېمە بار ؟

ئەلانور بۇ دېۋەيلىگۈچىنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— نېمە ؟ — دېدى ئۇ پۈتۈن غەزىپى بىلەن ھېلىقى ئوقۇغۇچى-
غا تىكىلىپ ، — بۇلارنىڭ قىزى سىلەرنىڭ ئاۋۇ قەھرىمانلىرىڭ-
لاردىن مىڭ ھەسسە ياخشى ، ئاشۇنداق ئېسىل پەرزەنتلەرنى چوڭ
قىلغان ئاتا - ئانىلار قانداق جىن - شەيتان بولىدىكەن ؟ !

ھېلىقى ئوقۇغۇچى بىردىنلا كۆزدىن يوقالدى - دە ، بىردەم-
دىن كېيىن بىرنەچچە بولۇپ يېتىپ كەلدى .

— سىلەر نېمە ئادەم ؟ — ئۇلاردىن بىرى ھەيۋە بىلەن

سورىدى .

— بىزمۇ باللىمىزنى كۆرگىلى كەلگەن ، باللىرىم ! — ئۆمەر ئەپەندى ئەنسىزلىك بىلەن جاۋاب بەردى .

— بالاڭلار كىم ؟

— رازىيە .

— ئۇ ، — دېدى ئۇلارنىڭ چوڭى زەھەرلىك كۈلۈپ قويۇپ ، — ھەقىقىي ئەكسىلئىنقىلابچى ، سىلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مالىمان قىلىشىڭلارغا يول قويۇلمايدۇ ، تېزدىن يوقىلىڭلار !

— ھەقىقىي ئەكسىلئىنقىلابچى ؟ — دەپ تەكرارلىدى ئۆمەر ئەپەندىمۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، — ساۋۇتوف ، يۇر ، بىز قايتايلى ، مۇنۇ كىشى ھۆكۈمەتنىڭ سۆزىنى قىلىۋاتىدۇ ، مەن قورقۇۋاتىمەن . قىزىمنى قۇتقۇزىمىز دەپ تېخىمۇ نېرىسىغا ئىتتىرىۋېتىدىغان ئوخشايمىز !

ئۇلار سولىشىپ قايتىشتى ، يالغۇز ئانىلا كەينىگە پات - پات قايرىلىپ ، تۆمۈر ۋادەكلىك دەرۋازىغا قاراپ قوياتتى . ئۆمۈ تولا يىغلاپ يېشى قۇرۇغان كۆزىنى چوڭقۇر ئازابنىڭ ئىس - تۈتەكلىرىدىن پاناھداپ يېرىم يۇمغان ، ئانىنىڭ ساددا قەلبىمۇ سىرلىق ، بىر - بىرىگە بېقىنمايدىغان قالايمىقان پىكىرلەر ، سوئاللار بىلەن تولغان . ئۇنىڭ ئورۇق گەۋدىسىگە بۇ خىل چىگىش خىياللار بىلەن تاش بولۇپ قاتقان بېشى ئېغىر كەلدىمۇ ، ئۇنىڭ قەددى تېخىمۇ پۈكۈلگەنىدى .

— نېمانچە ئېڭىشىپ ماڭىسەن ، مەلىكەم ؟

— مېنى يەر ئۆزىگە تارتىۋاتىدۇ .

— مانا بۇ خۇدانىڭ شەپقىتى !

— ياق ، ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتى ئۇنداق ئەمەس ، دەرد بىلەن

تولغان يۇرەك زەھەر قاچىلانغان كۆپكە ئوخشايدۇ ، باشقا كۆپلەرگە
قارىغاندا بۇنداق كۆپ ئۇزاق چىدايدۇ . نېمىشقا دەمسىنا ؟ ئۇنىڭ
ئۇستامىنىڭ قولى تەگمىگەن كەمتۈكلىرى زەھەر دۇغى بىلەن پۈتە-
دۇ ـ دە ، ئۇ تېخىمۇ پىشىدۇ . دەردلىك يۈرىكى بار ئادەم ھاياتنىڭ
باشقىلار بىلمەيدىغان سىرلىرىنى تازا ياخشى بىلىدۇ . شۇنىڭ ئۇ-
چۇن ، سەن بىلەن مەن مەلىكىخانغا قارىغاندا ئاز يىغلايمىز ، بۇنىڭ
سەۋەبى نېمە ؟ بىز خۇددى پاقىلار بىلەن ئىت ، چاشقانلار يەرنىڭ
تەۋرىشىنى ئالدىن بىلگىنىگە ئوخشاش ، بۇ بوراننىڭ شەپىسىنى
ئالدىن سەزگەن . بوران بولىدىكەن ، غېرىب كەپىسى ئۆرۈلمەي
قالمايدۇ . بىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆرۈلىدىغان كەپىنىڭ تېگىدە پاناھ-
لانغاندىن كۆرە ، چاڭ ـ توزان ، ئەخلەت ـ چاۋار بىلەن بىللە
بورانغا قوشۇلايلى دەپ ئالدىنئالا دالاغا چىقىۋالغانمىز . بوران بىز-
نى بىر بولسا ، ئۈچۈرۈپ ئاپىرىپ ئەسكى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا
تىقىدۇ ، ئۇ يەردە يېتىپ سېسىپ تۈگەيمىز ، بىر بولسا ، تەلەي
ئوڭغا تارتىپ تېخىمۇ مۇنبەتــرەك يــەرگە چــۈشۈپ تېــخىمۇ
كۆكلەيمىز !
— ئاڭلىدىڭمۇ مەلىكىخان ، تېخى ئالدىڭدا تالاي يىغلايدىغان ،
مۇكچىيىدىغان كۈنلەر بار ، بىزگىمۇ كۆز يېشىڭدىن ئاز ـ تولا
ئاياپ قوي !
— راست ، ئالدىمىزدا يىغا ، بەلكى قان تۆكۈش ، باش كېتىش-
مۇ بار ، لېكىن كۈن چىقىدۇ ، دۇنيا ھېچقاچان قۇياشسىز ، مەڭگۈ
زۇلمەت ئىچىدە تۇرىۋەرمەيدۇ !
شۇ ئاخشىمى ئەلانۇر بۇ گەپلەرنى خاتىرىسىگە ئەينەن يېزىۋال-
دى ۋە ئەتىسى «ئادۋوكات»قا ئوقۇپ بەردى . يامىنى ، بۇگۈن
ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە چالا مەست نامەتمۇ بار ئىدى .

## 5

تەبىئەتنىڭ قوينى كەڭرى ، مېھرى چوڭقۇر بولغىنىغا ئوخشاش ، كىشىلىك دۇنياسىنىڭمۇ جازاسىدىن شەپقەتتى مول ، پاناھلىنىدىغان جايلىرى كۆپ .

بوران ھەممىلا يەرگە چاڭ - توزان پۇركۈپ ، دەل - دەرەخلەرنى قومۇرۇپ ، شاخلىرىنى يېرىپ - يىقىتىپ ، كۆۋرۈك ئاستىلىرىنى قامغاق - چاۋارلار بىلەن تولدۇرۇپ ، سۇلارنى تاشتۇرۇپ ، پۈتۈن تەبىئەتنى خۇددى كوچىدا ئېغىنىغان مەست ئادەمدەك بەتبەشرە قىلىۋەتكەن چاغلاردىمۇ ، بەربىر تىرىك جانغا پاناھ ، گۈزەللىككە ماكان تېپىلىدۇ . خىلۋەت جايدا پاناھلانغۇچى گويا سىرتقى دۇنيادىكى ساراسىمە بىلەن ئالاقىسىزدەك ، خاتىرجەم - بەخۇدۇك ھالدا ئادەتلەنگەن ھايات قانۇنى بويىچە كۈن ئۆتكۈزىۋېرىدۇ .

بۇ يېزا خۇددى شۇنداق .

شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان تاشلىق كوچا بوگۇن ئادەمسىز ، جىمجىت ، كوچىغا چېچىلغان كۈمۈش رەڭ مەڭگەنلەردە دانلىشىپ يۈرگەن توخۇلارلا بۇ كوچىنىڭ ئەركىسى . بۇ يەرنىڭ موزاي - قىسىرىندىلىرىمۇ ئىگىلىرىدەك خاتىرجەم ، ئۇلار ئۆستەڭ بويىدىكى پىچانلىقتا ئىللىق قۇياشقا قاقلىنىپ يېتىشماقتا . ئۆستەڭ سۈيى ئەگرى - بۈگرى قىنىدا سىلىق ، شاۋقۇن - سۈرەنسىز ئاقماقتا ، پەقەت بېلىقلارنىڭ ھېلىدىن - ھېلىغا «پىلتىڭ» ئېتىپ سۇ بېشىغا سەكرەپ چىقىشلىرىلا ئۇنىڭ تىنىق ، ئەينەكتەك يۈزىگە چەمبەر ياساپ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇرىدۇ . تېرەك باشلىرىدىكى شاخلارنى ئېگىپ ئولتۇرۇشۇۋالغان قاغىلارمۇ ئاندا - ساندا زوۋان سۈرۈپ قويۇشىدۇ - دە ، قىزىق چۆچەك ئاڭلاۋاتقان بالىلاردەك نېمىنىدۇر دىققەت بىلەن تىڭشايدۇ...

شالاڭ ئۆيلەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكۈچ مەڭگەن ئىسى قو-
يۇق دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ سۈزۈك ئاسماندا تېزلا تارقاپ
تۈگەيدۇ - دە، باغلار كۆز ھاۋاسىدىن قىزارغان ئالمىلىرىنى
كوزا - كوزاڭ قىلماقچى بولغاندەك، سەلكىن شامالدا ئاستا
تەۋرىنىدۇ.

ئىچكىرى - تاشقىرى جايلىشىپ، ھەرە چىشىدەك كۆرۈنۈش
پەيدا قىلغان يېزا كوچىسىدا، بۇ كوچىلارنى پەيدا قىلغۇچىلاردىن
بىرى پەيدا بولدى: ئۇ دوغىلاق، بېشىغا مالىخاي، پۇتىغا كالاچ
كىيگەن ياشانغان دېھقان، ئۇ تارانچى ئادىتى بويىچە ئەتكەنچاي
ئىچىپ تەرلىگەن، شالاڭ، ئاق سېرىق ساقال - بۇرۇتى ئارىسىدى-
كى ئېغىزىدا پىششىق قايماق ئارىلاشقان قارىچاي شامىسىنى زوق
بىلەن چاينىماقتا. ئۇ قارىماققا بوگۈنكى كۈندىن رازى، كۆڭلى
توق، غېمى يوق دېھقان، مانا ئۇ غوللىرى قوۋزاق تاشلاشقا باشلى-
غان قېرى سېدىنىڭ ئاستىغا — تاقىر يەرگە ئولتۇردى - دە،
قاتتىق بىر كېكىرىپ قويۇپ، مالىخېيىنى بېشىغا قويۇپ يېنىچە
سۇنايلىنىپ ياتتى.

ئۇنىڭ كۆزى ئەمدىلا يۇمۇلۇۋىدى، يان ئۆينىڭ غورۇسىدىن
تەستە ئېڭىشىپ ئۆتۈپ ئىككىنچى دېھقان پەيدا بولدى. ئۇ ئېگىز،
دۇمچەك، قوللىرى دېھقان ئارىسىدەك ئۇزۇن، ئۆچكە ساقال ئادەم
ئىدى.

— مەمۇر ئاڭلاۋاتامسەن، مىلتىق ئېتىلىۋاتىدۇ!

— نەدە؟ — ياتقان ئادەم ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆزىنى
ئاچتى، — ئەمدى ھەرەمباغ سوقۇشى بولماس، بولسىمۇ سەن
بىلەن مەن «ھوررەي»[1] توۋلاشقا يارىمايمىز، سىراج تۆگە، ناسۋى-

[1] 1945 - يىلى پارتىزانلار غۇلجا ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلغاندا، دېھقانلار ھوررا
توۋلاپ شەھەرگە كىرگەن.

لىنىڭ بارمۇ؟ — مەمۇر ئىسىملىك دېھقان ئورنىدىن قوزغالدى.

— سەندىن يوق دەپ قۇتۇلغىلى بولامدۇ ـ ھە!

ئۇلار ئەمدى قىزىرىپ پىشقان قاپاقتىن ئالىقانلىرىغا ناسۋال قېقىپ تۇرۇشىغا، جىمجىت مەھەللىگە قوراللىق ياشلار ۋېلىسىد- پىت، ئاتلار بىلەن كىرىپ كېلىشتى. ئىككى بوۋاينىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، قوراللىقلار ئۈستەڭ بويىدا توختىدى ـ دە، بىرى مىلتىقىنى تېرەك بېشىدىكى قاغىلارغا توغرىلىدى.

— بۇ نېمە كارامەت!؟ — دېدى مەمۇر بوۋاي زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، — نېمە ئەنسىزلىك بۇ!

— دېسەم ـ دېمىسەم بۇلار ھېلىقى ئەپەندىنى ئىزدەپ كەلگەن- لەر، — دېدى سىراجىدىن بوۋاي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — بۇ بالا بىلىملىك بولغاچقا، دۈشمىنى كۆپ دېيىشىۋاتاتتى. مەمۇر، سەن ئۇلارغا كۆز ـ قۇلاق بول، مەن زۇلىيانىڭكىگە چاپاي، بالا ئۆزىنى دالدىغا ئالسۇن.

سىراجىدىن بوۋاي قوزغىلىشىغا ۋاڭىلداپ ئوق ئېتىلدى. قاغىلار مەھەللە ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ قاقىلداشتى، پۈتۈن مە- ھەللىنىڭ ئىتلىرى تەڭلا ھاۋشىدى. ئۆي ـ ئۆيدىن باللار يۈگۈ- رۈشۈپ چىقىشتى. مەھەللە جىمجىتلىقى بۇزۇلدى. شەھەردە بولۇ- ۋاتقان ئېلىشىشلار، يۇقىرى ئاۋازلىق كانايىنىڭ تەشۋىقاتلىرى، نەچچە مىڭ كىشىلىك نامايىش ۋە قەسەمياد يىغىنلىرىنىڭ تەنتەنى- لىك نۇتۇق، شوئارلىرى، كۈندە ئېلان قىلىنىدىغان «ئەڭ يېڭى يولىيورۇق»، «ئالاھىدە خەۋەرلەر»، بىرلىرىنىڭ غەلىبە سادال- رى، يەنە بىرلىرىنىڭ نالە ـ زارلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئاڭلانمايد- غان جىمجىت يېزا، بىر پاي ئوق ئاۋازى بىلەن خوددى بۇزۇلغان چۈمۈلە ئۇۋىسىغا ئوخشاپ قالدى. ساراسىمە ـ ۋەھىمە يېزا ئۈستى- نى قاپلىدى.

— خوش باللىرىم! — دېدى مەمۇر يېنىغا كەلگەن تەرى

سوغۇق ياشلارغا قول قوۋۇشتۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ ، — قېنى ئۆيگە كىرەيلى ، بىر چىنىدىن ئەتكەنچاي ئىچكەچ ، قونساڭلار سويۇشقا مېلىمىزمۇ بار تېخى !

— ئەلا نۇراخۇننىڭ ئۆيى نەدە ؟ — ھەربىيچە كىيىنگەن ، قىزىل بۇرۇن يىگىت مەمۇرغا قارىدى .

— قايسى ئەلا نۇراخۇن ، ھە ، بىزنىڭ ئەلا مەزىننى دەمسىلەر ؟ ئۇ ئۆيدە ، ئاغرىق ، ئۇكىلىرىم .

— مەزىن ئەمەس ، ناھىيىدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن مۇئەللىم !

— بۇ يەرگە چۈشكەنلەر كۆپ ئۇكىلىرىم ، جۇۋىچى ، ياغاچچى ، ساتىراش ، داخان ، يايمىچى ، ئارتىس ، قىمارۋاز··· ۋاي — ۋۇي ، ئۇنداقلار جىق ، بۇلارنىڭ قايسىسى ئەپەندى ، قايسىسى ئەلا بىز نەدىن بىلىمىز ؟

— دادۇي شۇجىسىنىڭ ئۆيى نەدە ؟

— مۇشۇ مەھەللىدە ، ئۇكىلىرىم ، ئاۋۋال ئۆيگە چۈشەيلى ، چاي — پاي ئىچەيلى . بىز خەلقنىڭ ئادىتى شۇ ، ئاۋۋال سالام — سەھەت ، ئاندىن كېيىن داستىخان ، داستىخاندىن كېيىن نېرى — بېرى ، ھاي ئەكرەم ، ماڭ موماڭغا ئېيت ، ئۆيگە مېھمان كەلدى !

قوراللىق ياشلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى . ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچ ، لېكىن ئەلانى قاچۇرۇپ قويماسلىق كېرەك . ئۇلار گۇدۇڭشلاشتى . ئاخىر بىرى بوۋايغا قارىدى :

— بىز ئاۋۋال دادۇي شۇجىسىنى تاپايلى ، سىزگە رەھمەت ، ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئۆيىڭىزگە مېھمانغا كېلەيلى ، — دېدى ئۇ .

لېكىن ، ئۇلار چوتنى خام سوقتى . بۇ مەھەللە خەلقى ئەلانى ئۇلارغا بەرمەيدۇ . دادۇي سېكرېتارى زۇلىيا ھەممىلا ئەزاغا ئەلانىڭ كىملىكى ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سۆزلەپ ، كۆپچىلىك ئىچىدە ئەلانىڭ ھۆرمەت ۋە تەسىرىنى پەيدا قىلغان . بولۇپ-

مۇ ، بۇ مەھەللىنىڭ ياشلىرى ھەر كۈنى ئاخشىمى ئەلادىن ئەدەبىد-
يات ، تارىخ ۋە پەن يېڭىلىقلىرى ئۈستىدە پاراڭ ئاڭلاپ ، يېقىملىق
تەمبۇرى بىلەن ناخشىلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئىب-
جىل بولۇپ قالغاچقا ، ئۇنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايتتى .

مانا بىر دەمدىلا قورالىقلارنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر توپلاندى .
ئۇلار «مېھمان»لارنىڭ مېڭىشىغا كاشىلا بولۇپ خىلمۇخىل سوئال-
لارنى سوراشتى :

— ئېتىڭ بىلەن مىلتىقىڭنى ماڭا بەرسەڭ ، سەن دېگەن
ئەلانى تۇتۇپ بېرىمەن ! — دېدى بىر يىگىت مەسخىرە ئارىلاش
كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ئۇ مەھەللىدە ئەمەس ، جاڭگالدا !

— تۇتۇپ بېرىپ قانچىلىك مۇكاپات ئالىسىلەر ؟

— ئاتقان ئوقى قاغىغا تەگمەيدىغان بىلەن ئاسمانغا تەگدى ،
ھا... ھا... ھا...

— توخۇ - تۇخۇم ئالامدىكىن بۇلار ؟

— بىكارغا بەرسەڭ توپىنىمۇ ئالىدىغاندەك تۇرىدۇ !

قوراللىقلارنىڭ باشلىقى ياپىلاق يۈزلۈك ، پالكۆز يىگىت غە-
زەپ بىلەن ۋارقىرىدى :

— تولا چىشىمىزغا تېگىشمە ، ئۆلۈمتۈك ناكەسلەر ! — دېدى
ئۇ ئات ئۈستىدە سىڭارىيان ئولتۇرۇپ قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ ، —
بىز ناھىيىلىك باش سىلىغۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغىلى كەل-
دۇق ، يېقىندا سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ تەتۈر ھېساب ، قايتۇرما
ھۇجۇملىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىش قەسەمياد يىغىنى ئېچىلىدۇ .
يىغىندا ناھىيىمىزدىكى ئەڭ ۋەھشىي دۈشمەنلەر كۈرەش قىلىنىد-
دۇ ، سازايى قىلىنىدۇ ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى بىتچىت قىلىنىدۇ .
ئەلا ئەنە شۇنداق دۈشمەن ، كىم ئۇنى قوغدىسا ، پرولېتارىيات
سىلىغۇسى بىلەن قارشىلاشقان بولىدۇ . ئۇنداق ئادەم سىنىپىي
دۈشمەن ، ئۇ جەزمەن دىكتاتورا ئاستىغا ئېلىنىدۇ .

— ھەي بالام ! — دېدى يېڭىلا يېتىپ كەلگەن سىراجىدىن بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويۇپ ، — ئەلا دېگەن بەكمۇ چوڭ نەرسە ئىكەنغۇ ، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە مەھەللىگە قانداق سىغىدۇ ، ئۇ چوڭ بېلىق بۇ كىچىك كۆلگە سىغمايدۇ ـ دە !

— ئۇ جەزمەن مۇشۇ يېزىدا !

— پاھ ، ماۋۇ ئىشنى ، ئېيتقىنا بالام ، ئۇ نېمە قىپتۇ ؟ نېمىشقا خەتەرلىك دۈشمەن بولۇپ قاپتۇ ؟

— خەتەرلىك ، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ خەتەرلىك ئەشەددىي دۈشمىنى ! — دېدى يەنە بىر قوراللىق ، بىر كۆزىدە ئېقى بار يىگىت قۇرۇغان لېۋىنى يالاپ قويۇپ ، — ئۇلار «ئادۋوكات» دېگەن بىر تەشكىلاتنى قۇرۇپ ، ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەرەقە تارقىتىپ ، تىغ ئۇچىنى پرولېتارىيات سىلىڭبۇسىغا قاراتقان ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان ، بۇ تەشكىلاتنىڭ غول ئۇنسۇرلىرىدىن ساۋۇتوف ، ئەلا قاتارلىقلار تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى ، پانتۈركىست ، سوتسىيال جاھانگىرلىكنىڭ...

— ھەي بالام ! — دېدى سىراجىدىن بوۋاي ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — ئۇنداق بولسا ، نېمىشقا ساقچى ئۇلارنى قولغا ئالمايدۇ ، سىلەرنى بىزنىڭ ياشلار تونۇيدىكەن ، ناھىيە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تراكتور زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلىرى ئىكەنسىلەرغۇ ؟ سىلەر كىمنى تىللىمىغان ، كىمگە بوھتان چاپلىمىغان ، مېنىڭ ساقىلىم بىلەن تۆپەمنىمۇ دۈشمەن دېدىڭلار ، ئاياللارنىڭ ھالقىسى بىلەن ئۈزۈكلىرىنىمۇ يامان دېدىڭلار ، بىز سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارغا ئىشەنمەيمىز . قالپىقىڭلار ئاۋۇ قاغىلاردىنمۇ كۆپ ، ئاۋازىڭلار بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىدەك سۈرلۈك بالىلار ئىكەنسىلەر ، بېرىپ باشلىقىڭلارغا ئېيتىڭلار ، بۇ يەردە ئەلا ئىسىملىك ئەپەندى يوق . ئۇنچىلىك چوڭ دۈشمەننى يوشۇرغۇدەك گەمىمىزمۇ يوق .

چۈشۈڭلار، قورسىقىڭلارنى تويغۇزۇپ ئىسسىقىدا كېتىۋېلىڭلار!

سېدە ئاستىغا ئادەملەر كەينى - كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى، ئۈچ ئات، ئۈچ ۋېلىسىپىت بىلەن ئۆزلىرىنى ھەيۋەتلىك ھېسابلىغان ئالتە نەپەر قورال‌لىق يىگىتنىڭ تۆتى بوشاپ، ئەسنەپ كۈسۈرلىشىشقا باشلىدى. يالغۇز بىر كۆزىدە ئېقى بار يىگىت بىلەن پالكۆز يىگىتلا كۆپچىلىككە ھومىيىپ قاراپ، ئەلانى يامانلاپ، كۆپچىلىكنى ئۆزلىرىنى قوللاشقا ئۈندەپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئىككىسى بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي سۆزلەۋاتقاندا، نەدىندۇر يېرىم خام تاۋۇز ئۇچۇپ كېلىپ بىر كۆزىدە ئېقى بارنىڭ يۈزىگە تەگدى. كۆپچىلىك ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— مانا مۇكاپات!

— ئۇسسۇزلۇقى قاندى!

— تاش بىلەن سال!

— مىلتىقىنىڭ ئوقى يوق!

پالكۆزنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. ئۇ قورالىغا قول ئۇزىتىپ توختاپ قالدى، قورال ئىشلەتسە بۇ يېزىدىن ساق چىقالماسلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— زۇلىيا شۇجىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىڭلار، بىز زۇلىيا بىلەن سۆزلىشىمىز!

لېكىن، زۇلىيا بىلەن سۆزلىشىشكە يېزا ياشلىرى يول قويمىدى. بىرنەچچە يىگىت ئۇلارنى قويۇق ئالمىلىق باغدا بولۇۋاتقان ئولتۇرۇشقا باشلاپ باردى. ئۇلار قوراللىقلارغا چىرايلىق سۆز، ماختاشلار بىلەن بىر پىيالىدىن ھاراق تۇتۇشتى. قوراللىقلار ئاچ قورساق، ھارغىن بولغاچقا، ئوڭايلا مەست بولۇپ قېلىشتى. ناھىيىلىك ئىسيانچىلار سىلىگبۇسىدىن رەقىپنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېتىپ كەلگەن بۇ قوراللىق يىگىتلەر ئەتىسى ئەتىگەنلىكى شۇ باغدا ھوشىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ۋېلىسىپىتلىرىنىڭ كامېرلىرى تېشىل-

گەن، ئاتلىرى قويۇپ بېرىلگەن، قوراللىرى باغلىق چىلايدىغان كارىزغا — سېسىق سۇغا تاشلانغانىدى.

ئەتىسى كەچلىكى ئۇلار ئارانلا كېتەلىدى. ئۇلارنىڭ سومكەلىرىدىن ئېلىنغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى ئېلىپ ئاخشىمى زۇليا ئەلانىڭ يېنىغا كىردى. زۇليانىڭ قاپىقى چۈشكەن، سېرىق بورۇتى تىترىمەكتە ئىدى.

— ئېيتىڭە، ئۇكام ئەلا! — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن پاكار سۇپا لېۋىگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، — ماڭا ئېيتىپ بەرگەنلىرىڭىزدىن باشقا يەنە يوشۇرۇن ئىشلىرىڭىز بارمۇ؟

— يوق! — دېدى ئەلا كەسكىن قىلىپ، — ئەگەر بار دېيىلسە، كەلگۈسىگە ساقلاۋاتقان ئۈمىد ۋە ئارزۇلىرىملا بار. بۇ نەرسىلەرنى سىزگە تولۇق ئېيتىمىدىم.

— ئۇلار سىزنى زادى نېمىشقا شۇنچە يامانلايدۇ. قاراڭە، نېمىلەرنى دېمىگەن، — دېدى زۇليا قولىدىكى تەشۋىق ۋەرەقىلەرنى سۇپىغا تاشلاپ، — سىزنى بىلمىگەن ئادەم بۇ نەرسىلەرنى ئوقۇسا سىز بىلەن گەپلىشىش تۈگۈل، سىزگە قاراشتىنمۇ قورقىدۇ. پۈتۈن يامانلىقنى سىزگە چاپلىغان، ھەتتا مۇنۇ كىچىككىنە قىزىڭىزنىمۇ ھاقارەتلىگەن. مەن بۇ بىشەملىككە چىدىمىغۇدەكمەن. تېگىشلىك جايىغا بېرىپ سىز توغرۇلۇق سۆزلىشەي دەيمەن!

— ۋاقتى ئەمەس! — دېدى ئەلا تەشۋىق ۋەرەقىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ، — ئەرزىمەيدۇ، ئۇلارغا ۋاقىت ۋە زېھىن سەرپ قىلىشنىڭ ئۆزى بىر بىمەنىلىك!

زۇليا ئالدىراپ يەردىكى ۋەرەقىلەرنى يىغىشتۇردى - دە:

— ئوقۇماڭ، ئەكېلىڭ، مەن بۇ نەرسىلەرنى ھېچكىمگە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلمىدىم. سىزمۇ ئوقۇماڭ! — دېدى.

ئەلا زۇليانى چۈشەندى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئەلانىڭ دىلىنى غەش قىلىدىغان، ئۇنى ئازابلايدىغان نەرسىلەر بار، زۇليا

ئەلانى روھىي ئازابتىن ھىمايە قىلماقتا ئىدى.

شۇ ئاخشىمى كۆندىكىدەك يېزا ياشلىرى كېلىشتى. ئۇلار زۇلىيانىڭ ئالتە پارچە تېكمەت سېلىنغان مېھمانخانىسىدا يېرىم كېچىگىچە ئىلىم، تارىخ، سەنئەت يېڭىلىقلىرى ئۈستىدە پاراڭلاشتى. يېزا ياشلىرى ئەلادىن ھەر كۈنى يېڭىدىن - يېڭى گەپلەرنى ئاڭلايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەلا ھەممە بىلىملەرنىڭ قوشۇلمىسى، بىر بىلىم خەزىنىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرلىرى تارىخ، بىرلىرى جۇغراپىيە، بىرلىرى دىن، بىرلىرى سىياسەت، بىرلىرى ئاسترونومىيە، بىرلىرى ئاتوم، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، يەنە بىرلىرى زور تارىخىي ۋەقەلەر قاتارلىق مەسىلىلەرگە قىزىقاتتى. ئەلا ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا قىزىقارلىق، ئېنىق ۋە توغرا جاۋاب بېرىشكە تىرىشاتتى، بىلمىگەنلىرىنى ئەتىگە قالدۇراتتى - دە، كېچىلەپ كىتاب كۆرۈپ ئۇنىڭغا جاۋاب تاپاتتى. ئەلا بۇ ياشلار بىلەن بىللە بولۇشنى كۆڭۈللۈك بىلەتتى. ئۇ خۇددى ئالىي مەكتەپ دەرس مۇنبىرىدە سۆزلىگەندەك زوق - شوق، قىزىغىنلىق بىلەن سۆزلەيتتى. ياشلارغا سۆزلەۋاتقاندا، ئۇ ئۆزىنى بىر مۇھىم ئىش بېجىرىۋاتقان، شۇ بېجىرىۋاتقان ئىشىدىن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىۋاتقان كەسىپ ئەھلىدەك، ئۆز ئىشى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۇ بالىلارنىڭ ئاددىي سوئاللىرىغىمۇ ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ ۋە ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇنىڭ جاۋابلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، پۈتۈن مەھەللىگە، ھەتتا باشقا يېزىلاردىكى ئىلىمخۇمارلىرىغا تارقىلاتتى. بەزىدە ئۇنى يىراق يەرلەردىن ئادەملەر ئىزدەپ كېلىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى. بۇ يەرگە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كېلىپ قالغان تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلار، ھەر خىل كاسىپلار، مولالار ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئەلاغا سۆزلەپ بېرىشەتتى. ئەلا بۇ سۆھبەتتىن ھايات توغرىسىدا قىزىقارلىق خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇراتتى. ئۇ ئەتىگەن ئورنىدىن

تۇرۇپ چەت ئەل تىلى يادلاش ، كۈندۈزى بېرىلىپ قەدىمكى ئەدەبىي كىتابلارنى تەتقىق قىلىپ ئىلمىي ماقالىلەر ، ئىزاھلار يېزىش ، كەچتە كىتاب كۆرۈش ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق كۆڭۈللۈك ئىشلار بىلەن بولۇپ ، ھازىر جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئويلاپمۇ قويمايتتى ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى توغرىسىدىكى گېزىت - ژۇرنال ، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى ئوقۇپمۇ قويمايتتى . ياشلار بۇ توغرىدا بەزىدە تالاش - تارتىش باشلىسا ، ئۇ بىر چەتتە يالغۇز ئولتۇرۇۋېلىپ مۇڭلۇق پەدىلەرگە تەمبۇرنى تىرىڭلىتىشقا باشلايتتى . ياشلار بۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىنى ئاسانلا ناخشا - ئۇسسۇلغا ئالماشتۇراتتى - دە ، يەنە ئەلانىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى . بۈگۈن ئەھۋال باشقىچە بولدى . ئۆيگە كىرگەن ياشلارنىڭ تولىسى خاپا ، چۈشكۈن ئىدى . ئۇلارنىڭ بىرلىرى ئەلاغا گۇمان ۋە ئەندىشە بىلەن قارىشاتتى ، بىرلىرى ھەتتا غەزەپلىك ئىدى . ئۇلار جىمجىت ئولتۇرۇپ سىنچاي ئىچىشتى . بىردىنلا ياقۇپ ئىسىملىك دوغىلاق ، قىلىن كالپۇك يىگىت ئەلاغا قارىدى - دە :

— ئەلا ئاكا ! — دېدى ئۇ كىچىك كۆزلىرىنى ئەلاغا تىكىپ ، — ئېيتىپ بېرىڭە ، دىلئارامنىڭ ئانىسى قانداق قىلىپ ئۆلگەن ؟

ئەلا بۇ كۈتۈلمىگەن سوئالنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ قالدى - دە ، ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى :

— بۇ ئىش ساڭا نېمىگە لازىم بولۇپ قالدى ؟ — دەپ سورىدى .

— بىز ھېلىقىلاردىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ نۇرغۇن تالاش - تارتىش قىلىشتۇق . قىزنىڭ ئانىسى راستىنلا سىزنىڭ سەۋەبىڭىز بىلەن ئۆلگەن بولسا ، بۇ ئىش ئۈچۈن سىز جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك ، بىز سىزنى ھەرگىز قوغداپ قالالمايمىز !

ئەلاغا ھەممە كۆزلەر تىكىلدى . ئەلا گەپ قىلماي ، بېشىنى

لىڭشىتىپلا قويدى .

— قىزىڭىزنىڭ نىكاھلانمىغان ئانىدىن تۇغۇلغانلىقى راستمۇ ؟ ئەلا بىردىنلا تاتىرىپ ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ۋە ئازاب ئوتلىرى چاچرىتىپ ئەتراپىغا قارىدى ، ئۇنىڭ چىرايىنى ئازاب بۇلۇتلىرى قاپلىدى ، ئۇ يەنىلا جاۋاب بەرمىدى .

ياقۇپ خۇددى ئەيىبلىگۈچىدەك قوپال ۋە ئاچچىق ئارىلاش سۆزلەشكە باشلىدى :

— ناۋادا ، سىز قىزىڭىزنىڭ ئانىسىنى ئالدىغان بولسىڭىز ، ئۇ بىچارە ئەلەمگە چىدىماي ئۆلۈۋالغان بولسا ، ئۇنى ئاز دەپ مۇنۇ كىچىككىنە قىزدىن راست گەپنى يوشۇرۇپ ھازىرمۇ ئالدامچىلىق قىلىۋاتقان بولسىڭىز ، سىز چاتاق ئادەم ، شۇ تاپتا سىز بىزنىمۇ ئالداۋاتقان ئوخشايسىز !

— ياقۇپ ! — باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ، ئېگىز بوي ، چىرايلىق يىگىت ياقۇپنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى ، — سەن نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ؟ ئالدانغانلىقىڭغا كۆزۈڭ يەتكەن بولسا ، قاسقىنىڭنى كۆتۈرگىن ، بىرىپ ھېلىقى قىزىل قوغدىغۇچىلارغا قوشۇل .

— يالغۇز مەنلىمۇ ؟ — دېدى ياقۇپ مۇئەللىمگە گۆلدىيىپ ، — سەنمۇ ئالدانغان ، ھەممىمىز ئالدانغان !

— سەن نېمىشقا ئەلا ئاكامنى رەنجىتىسەن ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ تۇرمۇش ئىشىغا ئارىلىشىسەن ، ساڭا بۇ ھوقۇقنى كىم بەردى ؟

— كىم بېرەتتى ؟ ۋىجدانىم ، — دېدى ياقۇپ غەزەپلىنىپ ، — مەنمۇ ئونىنچى سىنىپنى تۈگەتكۈچە ئورغۇن كىتابلارنى ئوقۇغانمەن . ساختىلىق بىلەن ساپلىقنىڭ بىر ئۆلچىمى بولىدۇ . ئۇ بىر ئادەمنىڭ ھاياتقا تۇتقان مۇئامىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ !

— تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق ! — دېدى دۆي بوغالتىرى ئىككى مەڭزىدىن قان تېپىپ تۇرىدىغان ،

ئەلا بىلەن دېمەتلىك يىگىت ، — ھەرقانداق خۇلاسە تەكشۈرۈشنىڭ
بېشىدا ئەمەس ، ئاخىرىسىدا چىقىدۇ . ئەلا ئەپەندى ، بىزگە ئۆز
بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بەرگىنى يوق ، بىزمۇ تەلەپ قىلمى-
دۇق . تۇرمۇشتا نۇرغۇن سىرلىق ئىشلار بولىدۇ ، ئۇلارنىڭ بەزى-
لىرىنى ئۆمۈر بويى بىرىگە تىنماي قويۇشقا توغرا كېلىدۇ ، تۇر-
مۇش دېگەن تولىمۇ نازۇك نەرسە ، سېنىڭ خۇددى كىچىك بالىنى
سوراققا تارتقاندەك ئەلا ئەپەندىگە سوئال قويۇشۇڭ تولىمۇ قوپال-
لىق . شەخسەن مەن ئەلا ئەپەندىگە ئىشىنىمەن ، ئەپەندى رۇخسەت
قىلىڭ . مەن بىر سوئال سوراپ باقاي ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتى
توغرىسىدا بىزگە سۆزلەپ بېرىشنى ئويلىغانمۇ ؟

— ياق ! — دېدى ئەلا يەرگە قاراپ ، — بۇنىڭ ھاجىتى يوق ،
مەن ساپ ، خەلق ئالدىدا ، ۋىجدان ئالدىدا خىجىل بولىدىغان ئىش
قىلغىنىم يوق . شۇنىڭ ئۈچۈن ، مەن ھېمايىگە موھتاج ئەمەسمەن ،
ئىلمگە ، سەنئەتكە ئىنتىلگەن ھەرقانداق ئادەمنى ھۆرمەتلەيمەن ،
ئىشىنىمەن ، ماڭا گۇمان بىلەن قارىغانلار يالغۇز ياقۇپلا ئەمەس ،
مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ساپ ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە
ئالدىرىمايمەن ، بۇنى ۋاقىت ، ئەمەلىيەت ئۆزى ئىسپاتلايدۇ . يالغان
بوياق بەرىبىر ئۆڭىدۇ . دۇنيادا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي رەڭگىنى ئاشكا-
رىلىمايدىغان نەرسە يوق ، كۆزى ئۆتكۈر كۆزەتكۈچى ھامان ئۇنى
كۆرەلەيدۇ .

ياشلار تارقالغاندىن كېيىن ئەلا ئۇزاققىچە باغ ئايلاندى . ئۇ
ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىماسقا ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئەسلىمى-
لەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا قانچە تىرىشىپ باققان بىلەنمۇ تۇرمۇش
ئۇنىڭغا يول قويمىدى . ئۆزىنى ئېغىر ئىشقا جەلپ قىلىش يولى
بىلەن تۇرمۇشىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئەسلەشكە ۋاقىت قويماس-
لىق ئۈچۈن ئۇرۇنغىنى بىلەن ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ئۇنىڭغا
ھامان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پۈرىتىپ تۇراتتى . دېمەك ، ئىنساننىڭ

غەمدىن خالاس بولۇشى ، دەرەخنىڭ شامالدىن ساقلىنالمىغىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش ئىكەن .

باغ جىمجىت ، ئايسىز ئاسمان تىنىق ۋە سىرلىق . پۈتۈن يېزا ئۇيقۇدا ، يىراقتىن ئىلى دەرياسىنىڭ غەمكىن ناخشىدەك شارقىرىشى ئاڭلىنىدۇ . دەريا ئۇنىڭغا ئادىلەنى ئەسلەتتى . ئادىلە لەنجۇدىن قايتىپ كېلىپ هاياتتىن ئۈمىد ئۈزۈپ ئۆلمەكچى بولۇپ دەرياغا ئۆزىنى تاشلىغان ، لېكىن بىرىنىڭ ئېپتىشىچە ئۇ هايات ئىكەن ، ئۇنى بىرى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان . ئۇ هازىر يىراق بىر يېزىدا ، ياشانغان بىرىگە تۇرمۇشلۇق بولغانمىش... ئەلانىڭ يادىغا ئادىلەنىڭ خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى خۇشخۇي كۈلكىلىرى ، قويۇق ، گۈزەل قىرقىم بۇدۇر چاچلىرى كەلدى . ئۇنىڭغا ئۆلىشىپلا گۈزەلئاينىڭ زىلۋا قامىتى ، دالىيەن باڭچۇيداۋ ئىستىراھەتخانىسىدىكى قويۇق ئورمانلىق ، دېڭىز ياقىسى ، قىزنىڭ خۇمارلاشقان بەختلىك كۆزلىرى كەلدى .

«بىزنى بىر ــ بىرىمىزدىن ئايرىۋەتكەن زادى قانداق بىر كۈچ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۆز ــ ئۆزىدىن ، — مىجەزىمىزدىكى كېلىشمەسلىكمۇ ؟ ياق ، ياق ، بۇ كېلىشەلمەسلىك بىزنى شۇنچە ۋەيرانچىلىققا سالغۇدەك كۈچ ئەمەس . مېنىڭ كۈنچىلىكىم ، ئەنسىزلىكىم ، ئۇنى هەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن كېلىپ چىققاندىغۇ ؟ گۈزەلئاي نېمىشقا بۇنى چۈشەنمىدى ؟ ئۇنىڭ مەندىن كۆڭلى سوۋۇپ قېلىشى مۇمكىنمۇ ؟ مۇمكىن بولسا ، ئۇ نېمىشقا تېخىچە ماڭا نورمال مۇناسىۋەت قىلمايدۇ . «تىرىلىش» رومانىدىكى ماسلوۋانىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىيىن شارائىتلاردا نىخلىيۇدوفنى سۆيۈشى ، سۆيگەنلىكى ئۈچۈن نىخليۇدوفنى سوغۇق قارشى ئېلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىشنى رەت قىلىشى ، گۈزەلئاينىڭ ماڭا تۇتقان مۇئامىلىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغۇ . دېمەك ، مېنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن سوغوق مۇئامىلە قىلىۋاتقان ، مېنى سۆي-

گەنلىكى ئۈچۈن رەقىپنى ئىزدىگەن باھانە بىلەن ناھىيىگە چىققان بولسىچۇ؟ مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋە سۆيۈملۈك ئوغلۇمنىڭ ئالدىغا كىرمەيمەن؟ نېمىشقا ئۇلارغا يېلىنمايمەن؟ بۇ كاجلىق ھېسابىغا ئۇلارنى قىيناشنىڭ ئۆزى مېنىڭ گۇناھلىق، رەھىمسىز ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرمەمدۇ؟ گۈزەللىكى ئۆزىنىڭ مەغرۇرلۇقى بىلەن مېنىڭ ئالدىغا بېرىشىمنى، يالۋۇرۇشۇمنى، ۋەدە بېرىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بولسا، مەن نېمىشقا يەنە ئۇنى كۈتكۈزىمەن؟...»

قاراڭغۇ تۈن ئۇنىڭ قايغۇسىنى، پۇشايمان، ئەپسۇس بىلەن تولغان كۆز ياشلىرىنى يوشۇردى. ئىللىق كۆز شامىلى بۇ ياشلارنى سۈرتۈپ قۇرۇتتى. ئۇ ئۇزاق خىيالدىن كېيىن بىر قارارغا كەلدى ـ دە، ئۆيگە كىرىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى. قىزى ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپ بۇدرۇق قوللىرى بىلەن دادىسىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىدى. ئۇلار شۇ قۇچاقلاشقان پېتى ئۇخلاپ قېلىشتى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئۇ زۇلىياغا ئۆز پىكرىنى ئېيتتى. ئۇ زۇلىياغا تىكىلىپ قارىدى. زۇلىيا خۇددى بىر مۇھىم ئىشقا دۇچ كەلگەندەك تەڭقىسلىقتا قالغانىدى.

— شەھەرگە كىرمىسىڭىز قانداق بولاركىن، — دېدى ئۇ خېلى جىملىقتىن كېيىن، — سىزنى تونۇماقچى بولۇپ چېپىشىپ يۈرۈشسە، سىز ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىڭىز، بىر پالاكەت بولارمىكىن!

— مەن يوشۇرۇنالايمەن. دەريا ياقىلاپ ياكى سال بىلەن كىرىمەن ـ دە، كېچىلەپ قايتىپ چىقىمەن!

— مېنىڭچە كىرمەڭ! — دېدى زۇلىيا كەسكىن قىلىپ، — ھېچبولمىسا، كېلەر يىلى باھاردا كىرىڭ، ئاڭغىچە جاھانمۇ تۈزۈلۈپ قالار.

— ئۇلار شەھەردە قىينالماقتا ، زۇلىيا ئاكا ، مەن جىق ئويلى-
دىم ، نېمىلا بولمىسۇن ، مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا مەن گۈزەل-
ئاي بىلەن ئوغلۇمنى شەھەرگە تاشلاپ قويۇپ خاتىرجەم
بولالمايمەن !

— ياق ، بۇ يىل قىش چىققۇچە سەۋر قىلىڭ !

— ئۇنداق بولسا ، مەن يەنە مەكتەپكە كۆچۈپ باراي ، سىزنىڭ
ئۆيىڭىز گۇمانلىق بولۇپ قالدى . ئۇلار سىزنى ھەرقانداق ۋاقىتتا
ئاۋارە قىلالايدۇ . سىز ھېلىقى مېنى ئۇرغان جۇرىنغا ياخشى گەپ
قىلىپ قويۇڭ ، ئۇ مېنى قوغداپ قالالايدۇ .

زۇلىيا خېلى ئويلاندى ، دېمىسىمۇ مەكتەپ ئادەمسىز ، ھېچكىم
ئەلانى ئۇ يەردە دەپ گۇمان قىلمايتتى . ئەلانى شۇ بۇرۇنقى ئۆيىگە
كۆچۈرۈپ ساقلاش ، ياشلار ئارقىلىق مۇھاپىزەت قىلىشقا ئوڭاي-
راق ، ئۆز ئۆيى بولسا ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئۆي . ئاخىر
ئەلا يەنە ئۆز ياتىقىغا كۆچتى .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن جاھان خېلى تىنچىپ قالدى . چۈن-
كى ، 1967 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجا شەھىرىدىكى بىر تەرەپ
يەنە بىر تەرەپنى باستۇرۇپ ، بىرنەچچە بىنانى كۆيدۈرۈپ ، شەھەر-
نى تىنچىتتى . ھازىر ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ «ئىنقىلابىي كومى-
تېت» قۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كېتىشتى . مانا مۇشۇ
«تىنچ» ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئەلا ئۆزى تۇغۇلغان يېزىغا كەلدى .
ئۇنىڭ ئۇ يەردە يازغان خاتىرىسىنى تۆۋەندە كىتابىمىزغا قىستۇرۇپ
قويۇشنى لايىق كۆردۇق .

# ئىككىنچى باب ئۈچرىشىش

## 1

مانا مەن يۇرتۇمدا خاتىرە يېزىۋاتىمەن.

ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭ، ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى يازپاشلاپ ياتقان بوۋايدەك كۆرۈنىۋاتقان قاپاق تېرەكلەر، ئۆستەڭنىڭ يازلىقى لېيىپ، كۈزلۈكى تىنىپ - سۈزۈلۈپ ئاقىدىغان تەملىك سۈيى، قاپاق تېرەك ئاستىدىكى كىچىككىنە ئۈزگۈن... ھەممىسىلا خۇددى مېنىڭ بالا ۋاقتىمدىكىدەك ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. پەقەت باغلا ئۆزگەرگەن: ئوتتۇرىسىدىكى مېۋىسى ھەم ئۇششاق، ھەم چۈچۈك قېرى ئاق ئالمىلار مومايدەك دۈمچىيىپ، مۆڭلىنىپ قاپتۇ. ئۇ 1958 - يىلقى داغدۇغىلىق «پولات تاۋلاش ھەرىكىتى»دە بىمەھەل كېسىلىپ كەتكەن قېرى قارىياغاچلار ئۈچۈن ھازىدارمىكىن؟ ياكى ئېتىز - ئېرىق، مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش دولقۇنى يېتىپ كەلگەنى ئۈچۈن، قېنى قىزىغان دېھقانلارنىڭ رەھىمسىز كەتمەن - پالتىسى ئۇنىڭغا ۋەھىمە سېلىۋاتامدىكىن؟...

مانا ئىزغىرىن شامال.

كەچ كۈزنىڭ كۆڭۈلسىز، زىمىستان پۇرىقى ئارىلاشقان نەشتەرلىك شامىلى مېنى بۇ يەردىن ھەيدىمەكتە. ئۇنىڭ زەربىسىدىن ئۆستەڭنىڭ شاۋقۇنسىز، ئېرىنچەك سۈيى تىترەپ، جىمىرلىغان چەمبىرەكلەر پەيدا قىلىپ، خۇددى ھېلىلا توڭلاپ، ئۇيۇپ قالىدىغاندەك شۈمشەيگەن، دارغا ئەكېلىنگەن گۇناھكاردەك يالىڭاچلانغان قېرى تېرەكلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى شاخلىرىدا كۆكىرىپ تۇرغان

يوپۇرماقلار يەرگە قاراپ نارازى هالدا ئاستا پىلدىرلاپ چۈشمەكتە .
مېنىڭ ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىدى . ئۇلار ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدىن نويا-
بىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئاشۇ كۆك بىلەن مۇڭدىشىدىغان شاخلار ئۈس-
تىدە يەتتە ئاي چاۋاك چېلىپ پىلدىرلاشقان ئەمەسمىدى ؟ ئۇلارنىڭ
تەقدىرىمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ قالغىنى نېمىسى ؟ هاياتنىڭ
قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلمىدۇق ، گۈزەللىك ، ئىستىقبال ئۈچۈن
ئىنتىلدۇق ، ئاقىۋەت قېقىلدۇق ، شېخىمىز ، بەرگىمىز بىلەن
مەڭگۈلۈككە خوشلاشتۇق . مانا ئەمدى بىزگە ئۈمىد ـ ئارزۇ ، هەتتا
هاياتمۇ يات ! هايات بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋاتقان نائۈمىد
ئادەمدەك ئاسمانغا قارىدىم : ئاسمان خۇددى كىر سۇيى چېچىۋەتكەن
ئەينەكتەك خىرە ، كۆرۈمسىز ، قىزغۇچ پارچە بۇلۇتلار ئاستىدا
قاغىلار ئەنسىزلىك بىلەن ۋارقىرىشىپ شۇڭغۇشماقتا ، ئىزغىرىن
كەچ كۈز شاملى كۈنپېتىشنىڭ تۇمانلىق ئۇپۇق قىرغىقىدىن كۆچ
بىلەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك بارغانسېرى كۈچەيمەكتە . ئاسمان
بارغانسېرى سەتلەشمەكتە ، چاڭ ، پاخال ـ چاۋار ، قەغەز پارچىلى-
رى مانانلىق هاۋا قاتلىمىدا ئۇچماقتا . مەن غەربكە قارىدىم ـ دە ،
بىردىنلا بەزگىكى تۇتقان ئادەمدەك تىترىدىم . مېنىڭ سۆيۈملۈك
ئوغلۇم بىلەن ئۇنىڭ مېھرىبان ، تەرسا ، ئۆزۈمچىل ئانىسى ئاشۇ
تۇمانلىق شەھەردە پاناھسىز ، يۆلەنچۈكسىز هالدا كەلگۈسىنىڭ
شەپقەتسىز تاقەت بىلەن كۈتۈپ ياشىماقتا . ئېھ ، گۈزەلئاي ، چې-
لەك بىلەن گېپى يامان ئۇستىلارغا لاي توشۇپ ، قورۇلۇشتا ئىش-
لەپ كۈنىگە بىر سوم سەكسەن تىيىن تېپىش يولى بىلەن هايات
كەچۈرمەن دەپ شۇنچە يىل ئوقۇغانمىدىڭىز ، ئىزغىرىن شاماللار
سىزنىمۇ جىم قويمىغاندۇ ـ هە؟ مېنىڭ قارا كۆز ئوغلۇمنى بۇ
كۆڭۈلسىز كۈنلەردە نېمە بىلەن قوۋاندۇرۇۋاتىسىز ؟ ئۇنىڭ هايات-
تىكى سىرلىق ئىشلارنى چۈشىنىشكە قۇربى يەتمەيدىغان يۇمران ،
پاك قەلبىنى ئاۋۇندۇرىدىغان ئانىلىق هارارىتىگە باي گەپلەرنى

نەلەردىن ئىزدەۋاتىسىز ـ ھە؟

بىز نېمىنى خاتا قىلدۇق ۋە نېمە ئۈچۈن تۇرمۇشنىڭ كەچۈر-گۈسىز جازاسىغا يولۇقتۇق . بىز ئۈچۈن جۇدالىقتىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى بەخت ئىدىغۇ؟ ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن چۆلمۇ ، دېھقان-لار ۋابادىن قاچقاندەك پىتىراۋاتقان بىر خىلۋەت يېزىمۇ بىزگە يەتكۈدەك خۇشاللىق ، ھاراۋەت ، بەخت ئاتا قىلغان بولاتتى ، بىز نېمىشقا ھايات كەچۈرۈشنىڭ مۇشۇ ئەڭ تۆۋەن تەلىپىگىمۇ ئېرى-شەلمەيمىز؟ سىز كۆنلۈكچى ، مەن ھارۋىكەش ، ھەر ئىككىمىز جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بىزنىڭ كۆڭلىرىمىز ۋەھىمىلىك ، ئىشەنچسىز . بىزدەك ئادەمنىڭ بالىسى نېمە بولماقچى؟ ئۇنىڭ ئاۋۇ تۇمانلىق ئاسماندا پىلدىرلاپ يۈرگەن سېرىق يوپۇرماقتىن قانچىلىك پەرقى بار ـ ھە؟

كۆزلىرىم ئېچىشتى ، ئەلەمدىنمۇ ياكى سوغۇقتىنمۇ؟ بۇنى بىلىشنىڭ پايدىسى قانچىلىك ، بەرىبىر ئەمەسمۇ؟

— ئەلا ئاكا ، دادام سىزنى بىر چىنە چاي ئىچىپ چىقامدىكىن دېگەنىدى .

ھودۇققان ، ئالاقزادە قىزنىڭ نازۇك ئاۋازى ئاڭلاندى . مەن شۇ چاغدىلا ھوشۇمغا كەلدىم .

— رەھمەت ، سىڭلىم ! — دېدىم مەن قىزغا قايرىلىپ ، — بىكارلا ئاۋارە بوپسىلەر .

بۇ قىز ئۆمەر تەمبۇرچىنىڭ قىزى . مەن تۇنۇگۈن بۇ يەرگە چىقىپ ئاتا ـ ئانامنىڭ تۇپرىقى بېشىغا بېرىپ دۇئا قىلىپ قايتقى-نىمدا ، بۇ كىچىك يېزىدا بىرىنچى بولۇپ مەن ئۇنى ئۇيلىغان ، دېگەندەك مېنىڭ يېزىمىزغا كەلگىنىمنى ئاڭلاپ مانا بۈگۈن بىرىن-چى بولۇپ ئۆيىگە چىللاپ قىزىنى ئەۋەتىپتۇ .

مەن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن قىزغا قاراپ كۈ-لۈمسىرىدىم .

— نەچچىگە كىردىڭىز ، جوھەرگۈل ؟
— ئون ئالتىگە ، — قىز لېۋىنى چىشلىدى .
— نەچچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇدىڭىز ؟
— بەشىنچى...
— نېمىشقا كۆپرەك ئوقۇمىدىڭىز ؟
— دادام ئوقۇتمىسا .
— نېمىشقا ؟
— ئوقۇپ ئەلا ئاكاڭدەك بولغۇچە ، تۆت ئورمىچىنىڭ بېغىنى باغلاپ ، يەتتە ـ سەككىز نومۇر تاپقىنىڭ تۈزۈك دەپ...

قىز گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى . مەن غىڭلا بولۇپ قال-دىم . ئۆمەر ئاكامدەك مەھەللىنىڭ بىردىنبىر مەرىپەتچىسى بۇ گەپنى قىلغان بولسا ، باشقا نادان دېھقانلار نېمىلەرنى دېمىسۇن ، بۇ مەھەللىدە ئونىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن تۇنجى ئوغۇل مەنغۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مېنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىم توغرىسىدا ئەڭ قىزىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ يۈرىدىغان ئىخلاسمەنلىرىممۇ مۇشۇ تۇغۇلغان يۇرتۇمدىغۇ ، مېنىڭ شۇنچە يىل ئوقۇپ ئاخىر بىر دىشلو هارۋىغا ئارانلا ئىگە بولۇپ كۆمۈر توشۇپ يۈرگىنىمگە ئېچىنغان ، خاپا بولغان ، ھەيران قالغانلار مۇشۇ يېزىدا ھەممىدىن كۆپ . مانا قىزنىڭ گېپىدىن مەلۇم بولدىكى ، مەن ئىزىمدىن كېلىۋاتقان نۇر-غۇن ئەقىللىق ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ يولىنى توسۇپ قويۇپتى-مەن . يېقىنلىرىمنىڭ تىلىنى قىسقا قىلغىنىمنى ئاز دەپ ، جوھەر-گۈلدەكلەرنىڭ ئىستىقبالىغىمۇ زىيان سالپتىمەن . مانا بۇلار ماڭا ئازاب ، تولىمۇ ئازاب ! ئىستىقبالىم خۇددى ئاۋۇ كۆيۈۋاتقان زىغىر پاخىلىنىڭ تونۇردىن چىقىۋاتقان بۇرۇقتۇرما ئىسىغا ئوخشاپ كې-تىدىغان غەرب ئاسمىنىغا ئوخشايدۇ . يورۇقتىن ،نۇردىن دېرەك يوق ، كۆڭلىرىم تۈزسىز ئۇماچتەك تەمسىز ، پىكىرلىرىم چىگىش كىرگەن يىپتەك باش ـ ئۇچسىز ، ئىنسان غايە ۋە ئۈمىد بىلەن

ياشىغاندىلا، ھايات ئۇنىڭغا مەنىلىك، قىزىق ۋە قىممەتلىك تۇيۇلىدۇ. ئۇ نەرسىلەرسىزچۇ؟ ئۇ ھالدا ھايات توختام سۇ، ئۆمۈر ئۇنىڭدا لەيلەپ يۈرگەن چىرىك كۆتەك. ئۇنىڭ لەيلىگىنى بىلەن چۆكۈپ كەتكىنىنىڭ پەرقى يوق. ھاياتتا بۇنداق ئادەملەر ئازمۇ؟ ئۇلار تۇغۇلغاندا خۇشال بولىدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئۆلگىنىدىچۇ؟ قايغۇرىدىغانلار تېخىمۇ ئاز بولىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر ھەربىر مەھەللىدىن تېپىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر قىزىق ھېكايە ياكى بىرەر بەلگە - نىشانمۇ قالمايدۇ. مانا بۇ خىل جان ئىگىلىرى قاتارىغا كىرىپ قېلىشتىنمۇ چوڭ پالاكەت، بەختسىزلىك بولمىسا كېرەك.

ئېغىر، كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن تاشقىن كۆز سۇلىرى، قېلىن يوپۇرماقلار بېزەپ قىلىۋەتكەن كوچىدا مېڭىپ مەھەللىنىڭ چېتىگە — ئۆمەركامنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدىم. يالغۇز قورۇ - جاي، ھويلا سىرتىدىكى تونۇر، مەڭگەن ئۈستىدە لاللىيىپ ياتقان قېرى ئىت، سامانلىق لايدا قوپال سۇۋالغان ئۆگزىگە كۆرۈك تۇخۇدەك قانات يېيىپ ياتقان قېرى ئۈجمە ئۈستىدىكى قاقىلدىشىۋاتقان قاغىلار، مەن بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن چىقىپ كەتكەن ۋاقىتىمدىكىگە ئوخشاش ئۆزگەرمەي تۇرۇپتۇ. ئەنە ئۆمەركام تېۋىلغا سۈپۈرگىسىنى قاراڭغۇ ئېغىل ئىشىكى يېنىغا تىكلەپ قويۇپ، ماڭا قاراپ قوللىرىنى سوزۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ بىر كۆزى قىسىلغان، ساقال - بۇرۇتى ئۆسكىلەڭ، بىر مۈرىسى پاكار، ئۈڭۈپ كەتكەن چىبەرقۇت تۇجۇركىسىنىڭ سىرتىدىن چىگە بىلەن بېلىنى باغلىۋاپتۇ. ئۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئۆمەركام ئەمەس، ئۇ قېرىغان ۋە چۈشكۈن.

— ئەلامۇ سەن؟ كەلگىن، كەلگىن! — دەپ كۈلدى ئۇ قېلىن لەۋلىرىنى تىترىتىپ، — سەنمۇ كېلىدىكەنسەن، ھەرنېمە بولسىمۇ ھاياتكەنسەن ئۇكام، قېنى ئۆيگە.

گۈللىرى ئۈچكەن ئىككى پارچە تېكمەتتىن باشقا ھېچنېمە يوق دېگۈدەك چوڭ مېھمانخانىغا كىردىم ، ئويۇق ـ لىمتاقلار قورۇق ، ئىككى لىمتاق ئوتتۇرىسىدىكى قوزۇقتا ئىلىقلىق تۇرغان ناسۋال قاپىقىدەك پارقىراق تەمبۇرلا كىشىنىڭ كۆزىگە تاشلىنىپسا ، بۇ ئۆي گويا مەن كىچىكىمدە ئوقۇغان دىنىي مەكتەپكىلا ئوخشايتتى .

— ئۆزگەرمەپسىز ، ئۆمەركا ، — دېدىم مەن دۇئا ۋە تارانچى يوسۇنى بويىچە ئۇزاق تىنچ ـ ئامانلىق سورىشىشلاردىن كېيىن يېڭىۋاشتىن قوراق كۆرپە ئۈستىدىن ئورۇن ئېلىپ ، — ئۆيمۇ ، سىزمۇ خۇددى بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپسىلەر ، بالىلار كۆپەيىپتۇ ناھايىتى !

— بالىلارلا ئەمەس ، — دېدى ئۆمەركام تەمكىن ، مەنىلىك سۆزلەپ ، — باشقا نەرسىلەرمۇ كۆپەيدى ، مىسالى ، غەم ـ ئەندىشە ، جەبىر ـ جاپا ، قەرز ـ پەرز دېگەنلەرمۇ كۆپەيدى ئۇكام ، ھى... ھى... لېكىنزە ، نائۈمىد ئەمەسمەن . ئۈچ قىز ، تۆت ئوغلۇم بار ، خوشلۇقۇممۇ ، بايلىقىممۇ ، ئۈمىدىممۇ شۇلار .

ئۆمەركام سۆزلەۋاتقاندا ، ئۇنىڭ ئاۋازى ماڭا بۇرۇنقىدەك جاراڭلىق ، جازىبىلىك تۇيۇلمىدى ، ئۇنىڭ ئاۋازىدا بوۋايلارغا خاس قانائەت ، سەۋر ـ تاقەت ۋە موڭ بارلىقىنى سەزدىم . ئۇ قېرىغان ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى خۇشخۇي ، جۇشقۇن ۋە قىزغىنلىقىمۇ ئۇچۇرغان . «ئەجەبا ، — دەپ ئويلىدىم مەن ئەلەم بىلەن مەيۇسلىنىپ ، — ئىنسان قېرىغاندا ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگە خاس ئالامەتلەرمۇ ،قابىلىيەت ، پەزىلەت ۋە يوشۇرۇن گۆزەللىكلىرىمۇ بىللە قېرىمدىغاندۇ ـ ھە ؟ ھەۋەس ، ئىشتىياق قېرىغىنىغا ئوخشاش ، ئىنساننىڭ ھاياتقا بولغان تەلپىمۇ قېرىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ... »

— قېنى ، چايغا باق ، — دېدى ئۇ خۇددى مېنىڭ ئويلىرىمنى بىلىۋالغاندەك ماڭا قاراپ قويۇپ ، — قانداق ، قېرىپتىمەنمۇ ؟

ھەي ، ئەلا ، تېزلا قېرىپ كەتتىم . ھېلىقى چاغدا سېنى مىنگەشتۇرۇپ ئارا ئۆستەڭگە ئېلىپ بارغان تورۇق بايتالدىنمۇ قاشاڭلىشىپ كەتتىم . لېكىنزە ، بۇ كوممۇنا دېگىنى بىزنى تولىمۇ تېلىقتۇرۇۋەتتى . خۇددى زاغرىدىن بىزار بولغاندەك ، كوممۇنادىنمۇ جاق تويدۇم ، ئۇكام . ئادەمنىڭ بىغەرەزلىرىنى باشلىق قىلىپ قويدىكەن ، جان ھەلقۇمغا يېتىپ دوختۇرغا كۆرۈنەي دەپ يەتتىنىسگە تەزىم قىلىپ ، ئىككى سوم قەرز سوراپ بارساڭ ، ئالتە باشلىق يېرىم كۈن مۇزاكىرە قىلىپ ئاراندا جاۋاب بېرىشىدۇ . بۇرۇنلاردىچۇ ، بىر مەشرەپتىلا بىر قوينىڭ پۇلى ئۆرۈم چۈشەتتى . يانچۇق دۆڭ ، قورساق توق ، كۆڭۈل خۇش ، نەگىلا بارسام ئادەملەر : «ۋاي ئۆمەر تەمبۇر ، ۋاي ئۆمەرجان» دېيىشىپ تۆرنىڭ كاللىسىنى ماڭا بوشىتاتتى . ھازىرچۇ ؟ باشقىغا چامىم يەتمەي ، بىر يىل ساڭغا كۆزەتچىلىك قىلىۋىدىم ، ئىسمىم ئۆمەر قارانچۇق بولۇپ قالدى . بۇلتۇر بىر يىل تۇگمەنگە قارىۋىدىم ، مانا ئەمدى ئۆمەر سەرگەي (سېرگىي دېمەكچى ) دېيىشىۋالدى . بۆۋەكلىك قىلىپ يۇرۇپ ئوتتۇز ئالتىگە كىرگەندە ئۆيلەندىم . باللارنىڭ چوڭى ئاراندا ئون بەشكە كىردى ، ئۇمۇ قىز تېخى ، ئەقىللىك قىز بولۇۋىدى ، نومۇرغا ئىشلەپ ئوقۇشتىن قالدى . سېنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ كەتكىنىڭگە ئون يەتتە يىل بولدى ، ئەلا ، ئوتتۇزغا كىردىڭ ، قارىغىنا ، سېنىڭمۇ چېچىڭغا ئاق كىرىپتۇ . ھەي ، ھېچبىر راھەت ـ پاراغەت كۆرمەيلا ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز !

— ئۇنداقمۇ بولماس !

بۇ گەپنى ھەم ئۆمەركامغا ، ھەم ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈنلا ئېيتتىم .

چۈشتىن كېيىن ئۆمەركام مېنى قوناقلىققا باشلاپ باردى . مەن كۆڭلۈمدە ، ئادەملەر مەن بىلەن قول قىسىشىپ ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم ، لېكىن مەن ئويلىغاندەك بول-

مىدى . ئادەملەر قوناق شېخى تالىشىش بىلەن بەند ئىكەن ، ھېچ-
كىمنىڭ ماڭا چولىسى تەگمىدى . بىرلىرى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن
چىقىپ قوناق شېخى باغلاپ ، شاخنى بىر يەرگە بېسىۋاتقان ، يەنە
بىرلىرى ھارۋا تالىشىپ ياقىلىشىۋاتقان ، يەنە بىرلىرى شاخ ئورۇ-
ۋاتقان ، ھەتتا بەش - ئالتە ياشلىق بالىلار بىلەن دۈمچەك
بوۋاي - مومايلارمۇ خۇددى شىرنىلىك قوغۇن شاپىقىغا چاپلاشقان
ھەرىلەردەك قوناق شېخىغا يېپىشقان ، بىرمۇ بىكار ئادەم كۆرۈن-
مەيتتى .

پەقەت بىرلا ئادەم قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ ، ئاغىل -
تاغىل ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ ، مەست بۇقىدەك ئۇياقتىن - بۇياققا
ئالدىراش مېڭىپ يۈرەتتى .

— ئاۋۇ كىم ، ئۆمەركا ؟

— ھۆپىگەر - دە ! — دېدى ئۆمەركام تەنە بىلەن كۈلۈپ
قويۇپ ، — تونۇپ باقە ، ئۇ كىم ؟

مەن ئۇنىڭغا يىراقتىن سىنچىلاپ قارىدىم . ئۇ كىرلەشكەن
ماش رەڭ شىم - تۇجۇركا ، چېكىلىكى خورازنىڭ تاجىسىغا ئوخ-
شاپ قالغان ھەربىيچە شەپكە ، پۇتىغا چۇخەي كىيىپ ، مۇرىسىگە
ماش رەڭ برېزېنت سومكا ئېسىپ ، بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىۋال-
غان ، ساقال - بۇرۇتى ئۆسكىلەڭ ، چىرايى سۇرلۇك ئادەم ئىدى .

— تونۇيالمىدىم ، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيغۇ دەيمەن .

— ھا... ھا... ھا ! ...— ئۆمەركام كۆزىدىن ياش چىققۇچە
كۈلدى ، — راست ئالماشقان ، دۆتلۈكتىن ساراڭلىققا ئالماشقان
ھا... ھا... ھا... !

— ئۇ كىم ، ئۆمەركا ؟

— ئىبا تاز ئەمەسمۇ !

— ۋۇي ، ھېلىقى بىرىنچى سىنىپتا تۆت يىل ئوقۇغان
ئىبامۇ ؟

— ھەئە، جىق ئوقۇغىنى ئۈچۈن، ھازىر ئۇ دادۈينىڭ سېكرېتارى[1]!

— ھا... ھا... ھا... ! — مەنمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم، — مۇنداق دەڭ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن مەھەللە قوناق شېخىغا دۈم چۈشتى - دە! ھەي، ئىبا! مەيەرگە كەل، ياخشى تاماكا بار، بىردەم ئارام ئېلىۋال!

ئىبا يېنىمىزغا كەلدى. ئۇ ماڭا ھومىيىپ قارىدى. مېنىڭ قىزغىن سالىمىمغا پەرۋا قىلماستىن، خۇددى بالا ۋاقىتلىرىدا مەن ئۇنى سىنىپتىن كۆچۈرمىگەندەك، ماڭا ئۆچمەنلىك بىلەن چەكچىيىپ قاراپ قويدى.

— قانداق ئىبا؟ — دېدىم ئۆز كۆرۈپ.

— ئۆزۈڭچۇ؟ نەچچە كۈنلۈك رۇخسەت ئېلىپ كەلدىڭ؟

— رۇخسەت سورايدىغان ئۇنىڭ ئىبا سېكرېتارى يوق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ — ئۆمەركام مازاق ئارىلاش كۈلۈپ قويدى.

— ئىبا شۇجىسى بولمىغىنى بىلەن خوجا ئاكىسى بار. بىلمەيدۇ دەمسەن، ئۇ تۈت خىللار بىلەن ئىشلەيدۇ. ھارۋا ھەيدەۋاتامسەن؟

— ھەئە.

— ساڭا ياخشى ئىش تېگىپتۇ ئەلاۋاي، — دېدى ئۇ خۇددى ھەربىر سۆزنى ئېغىزدىن دومىلىتىپ چىقىرىۋاتقاندەك چىڭقىلىپ، — ئاكوپ كولاشقا سالماپتۇ ھېلىمۇ؟

— يېنىك بولۇپ قالغان بولسا قوناق شېخىنى توشۇۋال، — دېدى ئۆمەركام بىردىنلا خاپا بولۇپ، — تېتىقسىزنىڭ گېپىنى! گۆھەرنى لايغا پاتۇرۇۋاتسا ئىچ ئاغرىتىش يوق، دەۋاتقان

---

① سېكرېتار دېمەكچى.

گېپىنى ، ساغا ئوخشاش يۈز سېكىلتارنى يانجىپ قويۇق ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ يۇغۇرسا ، ئەلادەك ئالىمنىڭ بىر تال تىرنىقى يارالمايدۇ ، بىلدىڭمۇ ؟

— سەن قايسى تۆت خىلنى ماختىمىغان ؟ — دېدى ئىباق ئۆمەركامغا ئالىيىپ ، — شۇنداقلىقىڭدىن كۇرەش ، پىپەندىن قۇتۇلالمايسەن !

— ئۆزۈمنىڭ ئەسكىلىكىدىن ئەمەس ، ساڭا ئوخشاشلارنىڭ ئەسكىلىكىدىن تولا دۇمبا يەيمەن !

— نېمە دېمەكچىسەن ، زامانىنى يامان دېمەكچىمۇ ؟

— نېمە دېسەڭ شۇ ، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل ، ۋۇي يۇلۇندى تېرە ، ئون نەچچە يىل كەلمىگەن بىر مەھەللىلىكىڭ مىڭ تەستە بىر كەلسە ، دەۋاتقان گېپىڭنى قارا ، سەندە ئادەمگەرچىلىك دېگەن نەرسە نېمە قىلسۇن !

مەن ئۆمەركامنى مەھەللىگە زورمۇزور قايتۇرۇپ ماڭدىم . يولدا كەلگۈچە ئۇن - تىنسىز ئادەملەر ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى توغرىسىدا ئويلىدىم .

ئىباق بىلەن كىچىكىمىزدە بىللە پادا باققان ، ئۇ مەندىن بەش - ئالتە ياش چوڭ ، نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىدى ، سازلىقنىڭ يۇمشاق چىمەنلىكىدە ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ ئويناپتتىم . ئۇ ماڭا قويۇق قومۇشلۇق ئارىسىدىن قۇلاقچە سۇغا چۆكۈپ يۇرۇپ ئۆردەك بالىسى تۇتۇپ بېرەتتى ، يار بويىدىكى بۇلاق سۈيىگە چىرايلىق تۇگمەن ياساپ بېرەتتى . ئۇ چاغلاردا ، ئۇ جۇۋاز ئۆكۈزىدەك ياۋاش ، نارەسىدىدەك ساددا ، ئاق كۆڭۈل ، مومايدەك كۆيۈمچان ئىدى . مەن ئىياقنىڭ پادىچى ۋاقتىدىكىدەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم . ئۇ نېمىشقا بۇنداق قوپال ، رەھىمسىز ، تەكەببۇر بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ - ھە ؟ شۇجى بولغىنى ئۈچۈنمۇ ؟ ياق ، زۇلىيا ئاكىمۇ شۇجىغۇ ؟ ئۇ نېمىشقا ئادەمگە ياقىدۇيۇ ، بىزنىڭ ئىبا ،

نېمىشقا خېمىغا ياندۇ ـ هە ؟

ئۆمەركام يولدا كەلگۈچە ئىبانىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئۇنى يامانلاپ كەلدى . ئۇ يامانلىغانسېرى ، مېنىڭ ئىباغا شۇنچە ئىچىم ئاغرىدى ، چۈنكى ئۇ هامان بىر كۈنى مەنسەپ ، ئورنىدىن قۇرۇق قالىدۇ . شۇ چاغدا ، ئۇ تولىمۇ يېتىم ، تولىمۇ بىچارە هالغا چۈشۈپ قالىدۇ . مەن ئۆز يۇرتدىشىمنىڭ كەلگۈسىدە يامان كۈنگە قېلىشىنى هەرگىز خالىمايمەن .

كەچقۇرۇنى قىبلىدىن سوققان ئاچچىق شامال بىلەن قار ئارىلاش يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . ئۆمەركامنىڭ توخۇلىرى تورۇسى پاكار ، قۇشقاچ ئۇۋىسى بىلەن تولغان لاپاس ئاستىدىن ، بالىلىرى دالان ئۆينىڭ كېڭى ۋە ئوچاق مانتىسىدىن ئورۇن ئالدى . ئۆمەركام ئىككىمىز هېلىقى يوغان مېهمانخانىدىكى پارچە تىكمەت ئۈستىگە تاشلانغان ياستۇقلارغا ئېغىناپ پاراڭغا چۈشتۇق . ئۇ مېنىڭ هەممىلا ئىشىمغا قىزىقاتتى . مەن ئۇنىڭغا لەنجۇ ، بېيجىڭلاردا ئوقۇغانلىقىم ، ئەسەرلەرنى يازغانلىقىم ، دەرس ئۆتكىنىم ، گەنجا يايلىقىدا ئەمگەك قىلغانلىقىم ، دوستلىرىمدىن هاشىر ، ئوسمان ، قۇرماش ، رازىيە ، ئەلانۇرلار توغرۇلۇق ، گۈزەلئاي ۋە ئوغلۇم ئەلى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىم . ئۇ خۇددى بىر قىزىق كىتابتىكى قىزىقارلىق هېكايىلەرنى تۇتۇۋېلىشقا پۈتۈن زېهنى بىلەن بېرىلگەن ئەقىللىق ئۆسمۈردەك ، مېنىڭ بايانلىرىمنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى . ئۇ يىرىك ئالىقانلىرىغا ساقاللىق ئېڭىكىنى قويۇۋېلىپ ئالدىمدا دۈم ياتاتتى . مەن بېشىمغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلارنى سۆزلىگەندە ، ئۇنىڭ قېلىن لەۋلىرى تىترەپ ، كۆزلىرى تۇمانلىشاتتى . ئۇ گويا شۇ يىللاردا ، شۇ يەرلەردە مەن بىلەن بىللە شۇ ئىشلارغا قاتنىشىۋاتقاندەك ، تارتقان ئازابلىرىمدىن ئازابلىنىپ ، خۇشاللىقلىرىمدىن خۇشال بولاتتى . بۇنداق ئادەمدىن نېمىنى يوشۇرالايسەن ۋە ئۇنىڭغا قانداقمۇ يالغان گەپ قىلالايسەن ؟

— ئوخشاشكەن ، دېھقانمۇ ، زىيالىيمۇ ، كادىرمۇ ئوخشاش- كەن ، ھەق سۆز ئىگىلىرى ھەممىلا يەردە ئايىنمايدىكەن ، يالغانچى- لار ، ھىيلىگەرلەر ، ئالا كۆڭۈللەر يوقىرىغا يامىشىدىكەن ، گەپنىڭ توغرىسى ، بىزنىڭ ئىبادەكلەر سىلەرنىڭمۇ ئۇستۇڭلاردا بار ئى- كەن . سىلەرگىمۇ قامچىنىڭ دەستىسىنى تىلتۇمار قىلىدىغانلار ھۆپىگەرلىك قىلىدىكەن ـ دە ! — دېدى ئۆمەركام مېنىڭ سەرگۇ- زەشتلىرىمنى ئاڭلاپ بولۇپ .

ئۆگزىگە چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئارىلاش قار مۆلدۈردەك توكۇر- لىماقتا . دەرەخلەر غاراسلاپ ، تەبىئەت ھۆۋلىماقتا . ئۆمەركام ئىك- كىمىزنىڭ سەرگۈزەشت ئاسمىنىمىزدىمۇ قارا بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ مېڭىپ ، جۇدۇن ـ چاپقۇن بولۇۋاتماقتا… بىز مۇشۇ كىچىككىنە مەھەللىنىڭ ئىككى ئوقۇمۇشلۇق ئوغلى ، باشقىلاردىن كۆپرەك بىلىمگە ئىگە بولغانلىقىمىز ، ئارزۇ ـ ھەۋەستىمۇ ، جەمئىيەت ۋە ئادەملەرنى چۈشىنىشتىمۇ باشقىلاردىن ئۈستۈنرەك بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ، كۆپرەك قېقىلغان ۋە سىقىلغان . گەرچە ، بىرىمىز چوڭ شەھەرلەرنى كېزىپ ، نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغان ، ئەل ئاغزىغا چىق- قان ئىلىم ئەھلى ، يەنە بىرىمىز مۇشۇ كىچىككىنە مەھەللىدىن ھېچنەگە باش ئېلىپ چىقمىغان ، پەقەتلا مۇشۇ مەھەللىدىكى ئاق كۆڭۈل ، ساددا دېھقانلار ئارىسىدىلا ئوقۇمۇشلۇق دەپ نام چىقارغان دېھقان بولساقمۇ ، بىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىمىز ، ھاياتتىن پەيدا قىلغان تەجرىبە ۋە خۇلاسىمىز ئوخشاش ئىدى . تەقدىرداشلىق ، پىكىرداشلىق ، قېرىنداشلىقنىڭ ئانىسى ئىكەن . بىز تالىشىدىغان ، زىتلىشىدىغان ھېچ ئىش بولمىغىنىغا ئوخشاش ، بىز پەرەز قىلمايدىغان ھېچقانداق خېيىمخەتەرمۇ يوق ئىكەن . بىزنى ئالدىمىزدا تېخى نېمىلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ ؟ بىز يەنە قانداق قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرىمىز ؟ بىز ئەمدى مۇشۇ مەسىلىلەرنى سۆزلەشكىلى تۇردۇق .

— ئەلىنى ماڭا ئاچىقىپ بەرگىن ، — دېدى ئۆمەركام ئېغىر خورسىنىپ ، — گۈزەلئاينى بىر ئامال قىلىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا يولغا سېلىۋېتىشكە بولىدۇ . سەن ئۇيغۇر تارىخى ، ئەدەبىيات دېگەندەك نەرسىلەرنى تېخىچە تاشلىماپسەن ، تېخى ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنىمۇ قولدىن بەرمەپسەن ، بۇ نەرسىلەرنىڭ مەيلى ئەسقاتسۇن ياكى ئەسقاتمىسۇن ، سەن بۇنى ئويلاپ ئولتۇرمايسەن ، سېنىڭ بۇ نەرسىلەردىن كۆڭلۈڭ سۇ ئىچىدۇ . سەن بۇ نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولغىنىڭ ئۈچۈن ، ئۆزۈڭنى ئادەم ھېسابلايسەن ، ئادەم بولغىنىڭ ئۈچۈن ، دۇنيادا بىر نىشاننى كۆزلەپ مېڭىشىم كېرەك دەيسەن . مەن بۇ گەپلىرىڭگە قوشۇلىمەن ، قارشى ئەمەسمەن ، لېكىن بىرلا گېپىڭ ماڭا يارىمىدى . ئۇ قايسى گەپ دەمسىنا ؟ ئەمدى دۇنيادىن بويتاق ئۆتىمەن دېگىنىڭ . بىلىپ قوي ، بەزىدە جەمئىيەتتىن تاپمىغان بەختنى ئۆيدىن تاپالايسەن ، سەن تالادىن مۇزلاپ كىرىپ ، ئۆيدە ئىسسىق كاڭ بوغۇزىدا راھەتلەنگىنىڭگە ئوخشاش ، سەن جەمئىيەتتىن ئازار يەپ دۇنيادىن كۆڭۈلسىز بولغىنىڭدا ، ئۆيۈڭدە باللىرىڭ ، ئايالىڭ بىلەن قايتىدىن لەززەت تاپىسەن - دە ، دۇنيا ساڭا قىزىق ، لەززەتلىك تۇيۇلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئۆلگۈسى كەلمەيدۇ ، ئەلا !

— ھەي ئۆمەركا ، — دېدىم ئاخىر قايىل بولماي ، — ئائىلىدىنمۇ ، ئايال ، باللاردىنمۇ كۆپرەك لەززەت ، خۇشاللىق بېرىدىغان نەرسىمۇ بار جۇمۇ .

— ئۇ نېمە ؟

— نېمە بولاتتى ، كۆڭلۈڭ سۆيگەن كەسپىڭ ! مەن كەسپىمنى دەپ ئائىلەمنى ۋەيران قىلدىمغۇ ؟ ناۋادا ، كەسپىمنى دېمىسەم ، گۈزەلئاينىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلاتتىم - دە ، بەختلىك ئادەم بولالايتتىم . ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا تالىشىدىغان باشقا ھېچ گەپ يوق ، بېرىپ - بېرىپ ئارزۇ - ھەۋەسىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان-

لىقى بىزنى ئايرىلىشقا ئېلىپ باردى. مەن بۇ خىل تۇرمۇش پاجىئەسىنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلاشنى خالىمايمەن، ئاكا.

— ساۋاتسىز دېھقان قىزى بىلەن توي قىلىپ، دېگىنىڭنى قىلدىڭ، ئۆمۈر بويى سېنى كۈتتى، خىزمىتىڭنى قىلدى، باللىرىڭنى باقتى.

— مەن ھېچقانداق ئادەمنىڭ مەن ئۈچۈن قۇربان بېرىشىنى خالىمايمەن، ئاكا.

— دېھقان قىزىنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈشتىن باشقا ئارزۇسى بولمىسىچۇ؟

— ئۇ چاغدا ئۇ قىز ناھايىتى بىچارە، ئەرزىمەس ئادەم بولۇپ قالامدۇ، قانداقمۇ سەن ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر نادان، بىچارە ئۆتۈشىگە يول قويالايسەن؟ بولۇپمۇ، ساڭا ئوخشاش ئادەم ئۇنىڭ قەلبىدە بىر ئارزۇ، نىشان پەيدا قىلماي قانداقمۇ تىنچ تۇرالايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر ئۆمۈر! ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن بىر ئائىلىلىك، غايىلىك ئادەم بىلەن بىر كۈن ياشىسامۇ رازىمەن، مېنى كۆتۈشنى ئالىي مەقسىتى قىلغان بىرى بىلەن بىر يىل ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشكە رازى ئەمەسمەن.

بوران ھۇۋلىماقتا، قار ئارىلاش يامغۇر پەنجىرىلەردىن چاپقۇداپ ئۇرماقتا، ئۆي ئىچى جىمجىت، دالان ئۆيدىن كىمدۇر بىرسىنىڭ خورىكى ئاڭلانماقتا. بىز جىم بولۇپ قېلىشتۇق، ئۇزاق جىمىلىقتىن كېيىن ئۆمەركام كۈلۈپ قويدى ـ دە، ماڭا قارىدى:

— ئادەملەر يەردە ئۆمۈر كۆرۈۋاتسا، سەن دەرەخ بېشىغا چىقىۋالساڭ مەسخىرىگە قالىسەن، سەن ئەلا، تېخىلا كىتابلاردىن قۇتۇلالماپسەن، ھەممىگە كىتابتىكى گەپلەرنى ئۆلچەم قىلىدىكەنسەن، بېشىڭغا شۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەر كەپتۇ، لېكىن سەن تېخىلا تۇرمۇش بىلەن كىتابنى، پاكىت بىلەن خىيالنى ئارىلاشتۇرۇپ يۈرۈپسەن. ئويلاپ باق، دۇنيادا زادى يەنە بىرىگە بېقىنمايدىغان

كىم بار ئىكەن؟ ھەممىلا ئادەم باشقا بىرىگە بېقىنىپ ياشايدۇ.
پادىشاھ بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن، بەربىر بىرىگە بېقىنىدۇ.
ئۆزىدىن ئۈستۈن، كۈچلۈك بىرىنى ئۆزىگە ئۆلگە، باشپاناھ قىلى-
دۇ، بىرىنىڭ بۇ مۇرەببەسى چوڭ، بىرىنىڭ كىچىك ياكى بولمى-
سا، بىرىنىڭ ھايات، يەنە بىرىنىڭ ئۆلگەن بولىدۇ. بەربىر بىرى
يەنە بىرىگە بېقىنىدۇ، چوقۇنىدۇ. سەنمۇ پەلەن - شەلەن دېگىنىڭ
بىلەن، بىرىگە بېقىنىدى، بېقىندى ئىكەنلىكىڭگە ئىقرار بولمىغى-
نىڭ بىلەنمۇ بەربىر شۇنداق. بۇنداق بولىدىكەن، بىر ئادەم يەنە
بىر ئادەم ئۈچۈن نېمىشقا قۇربان بەرمەيدىكەن. سەنمۇ ئۆزۈڭ
سەزمەي تۇرۇپلا باشقا بىرى ئۈچۈن قۇربان بېرىۋاتىسەنغۇ، مىسالى
ئائىلى، سېنى مەيلىڭگە قويۇپ بەرسە، كىتاب ئوقۇيتتۇڭ، ماقالە
يازاتتىڭ، ھەرگىزمۇ ھارۋىكەشلىك قىلىپ كۆمۈر توشۇمايتتىڭ.
سەن ئۆزۈڭدىن ئۈستۈن بىر كۈچكە بېقىندى، شۇڭا سەن ئۇنىڭغا
قۇربان بېرىسەن، ۋاقتىڭنى، كۈچۈڭنى، ئەقلىڭنى ئۇنىڭغا تەقدىم
قىلىسەن. مانا بۇ قۇربان بېرىش. سەن كۆڭلۈڭ تارتمايدىغان
بىرىگە قۇربان بېرىدىكەنسەنۇ، يەنە بىرى سەن ئۈچۈن خالاپ تۇرۇپ
قۇربان بەرسە، بۇنىڭ قوبۇل قىلالمىغۇدەك نېمىسى بار ئىكەن؟
مەن ساڭا ئوخشاش كۆپ ئوقۇمىغان، دېھقان ئادەممەن، لېكىن
قارا قورساق، نادان ئەمەسمەن، جىق كىتاب ئوقۇيمەن، جىق
ئويلايمەن، جىق ئىشلاردىن ئۆزۈمچە خۇلاسە چىقىرىمەن، ئالدى-
دىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرىمەن، دەڭسەپ
كۆرىمەن. كىتابلاردا نېمىلا يېزىلسا شۇنى توغرا دەيدىغان گول
چاغلىرىمىز ئۆتكەن ئوخشايدۇ. مىسالى، بىر چاغلاردا كادىرلار
كېلىپ بايلارنى جازاغا تارتىپ، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغاندا
خۇشال بولغان، كېيىن يەر بەردى، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كاتىپ
قىلدى، خۇشال بولدۇم، ئەمدى ياخشى كۈن كۆرىدىغان بولدۇق
دەپ ئويلىدىم، رايوندا سانايىنەپىسە قۇرۇلۇۋىدى، مەن يىگىرمە

تۆت كىشىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە باشلىق بولۇپ دەۋرنى ،پارتىيىنى تەمبۇر چېلىپمۇ ، شېئىر ـ دراما يېزىپمۇ كۈيلىدىم . ھېسابلاپ كۆرسەم ، قىرىق نەچچە تېكىست ، لەپەر ، تۆت دراما يېزىپ خەلققە ئويۇن كۆرسىتىپتىمەن . كېيىنچۇ ، بىز سەنئەت دۆيى ئەمەس ، گۇڭشېنىڭ سۈت پاراشوك زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى ، كۆكتات تېرىپ كادىرلارنى باقىدىغان مالىيى بولۇپ قالدۇق . بۇنىڭغا ھەم رازى بولۇپ ، باللارنى تارقاتماي يالالنما ئىشچى بولۇپ يۈرسەك ، 1959 ـ يىلىدىن كېيىن مائاش ـ نومۇرمۇ يوق ، قورساققا نان ئورنىغا زاغرا ، كۈنجۈرە ئارىلاشقان گولياڭ نېنىنى يەپ ، تەمبۇر ئورنىغا كەتمەن تۇتىدىغان ، بىكارغا ئىشلەيدىغان ئىشچى بولۇپ قالدۇق . بىر كۈنى سىپكىلتارنىڭ ئالدىغا كىرسەم ، سېكىلتار ياخ- شى گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا تىللاپ جوزا مۇشتلاپ يۈرۈيدۇ .

نېمە دەيدۇ بۇ ؟ دېسەم ، تەرجىمانى ئۇنىڭ گېپىنى ئۆرۈپ ، سەن پاراشوك زاۋۇتى بىلەن كۆكتاتچىلىق مەيدانىدىن كىرگەن كىرىمگە خىيانەت قىپسەن ، مەسىلەڭنى تاپشۇرغىن دەيدۇ ، دېمەم- دۇ . جان ـ ئىمانىم چىقىپلا كەتتى . ئاچچىقىمدا ناھىيىگە ، ۋىلا- يەتكە... دەۋا قىلىپ بارمىغان يېرىم قالمىدى . بىر تىيىن خىيانەت قىلمىدىم ، خەلقنى سەنئەت بىلەن خۇش قىلاي ، مەدەنىيەتلىك قىلاي دېگەندىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئويلىمىدىم . ياخشى نىيەت بىلەن رايونغا بېرىپ ، بىكارغا ئىشلەپ يۈرۈپ خىيانەتچى دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ ، كالا ، دەرەخ ، كىگىزلىرىمنى سېتىپ ، يەتتە يۈز تەڭگە تۆلەپ رايوندىن ئارانلا قۇتۇلدۇم ، ئۇكام . شۇ قېتىم بېلىم سۇنغاندىن بېرى زادىلا قەددىمنى رۇسلىيالمىدىم . ساۋات- سىز ، نادان بولغان بولسام ، كىم مېنى سەنئەت ئۆمىكىگە باشلىق قىلاتتى ، تەمبۇر چېلىشنى بىلمىگەن بولسام ، بۇنچىلىك زىيان نەدىتى ؟

— ناھەقچىلىكنى تەكشۈرمىدىمۇ ؟

— تەكشۈردى ، تەكشۈرگەچكە يەتتە يۈز نەچچە سوم تۆلەپ قۇتۇلدۇم ـ دە .
— بۇ قانداق بولغىنى ؟
— مەن ئەمەس ، رايوننىڭ كاسسىرى خىيانەت قىلغان . ئۇ ماڭا توغرىلاپ قويۇپ چەت ئەلگە كەتكەن . ئۇ هارامزادە بىزنىڭ سەنئەت ئۆمىكىمىزدىكى راسا چىرايلىق بىر قىزنىڭ پېيىگە چۈشـكەن ، مەن ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزمىۋىدىم ، شۇڭا قىساس ئالدى .
— تەشكىل قىساس ئالغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ سىزگە نېمىشقا تۆلەتتى ؟
— بۇنداق ئىشلار ناهايىتى كۆپ ، شۇنىڭ ئۈچۈن هۆكۈمەت هەدېسىلا هەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ ـ دە !
بىز يەنە جىمىپ قالدۇق . ئۆمەركامنىڭ ئايالى داستىخان سېلىپ بىر چىنىدىن قويۇق ئەتكەنچاي ئېلىپ كىردى . ئۆمەركام ئېرىنچەكلىك بىلەن پىيالىگە نان ئۇشتۇپ سېلىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى :
— مانا بۇ بىر مىسال . تۆتنى ئېنقىلاش دېدى ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېدى ، ئىشقىلىپ هەرىكەت بولسىلا مېنىڭ بېشىمدا بىر ئوت بار . ئەگەر بىلسە ، مۇشۇ مەهەللىدە ئەڭ توغرا ، راست گەپ قىلىدىغانمۇ ، كۆپچىلىكنىڭ پايدىسىنى ئەڭ كۆزلەيدىغانمۇ مانا مەن ، لېكىن باشلىقنىڭ نەزىرىدە تازا خەتەرلىك ، تازا يامان ئادەمـمەن . بۇ ئۇقۇشماسلىق كاساپىتىدىن مەنمۇ ساڭا ئوخشاش كۆڭلۈم تارتمىغان بىرىگە بېقىنىمەن ، بويسۇنىمەن ، ئۇنىڭغا قۇربان بېرىدـمەن . بۇ ئۇقۇشماسلىقنىڭ قاچان تۈگىشىنى بىلمەيمەن ، هەرىكەتـلەردىن ئۈمىدىم قالمىدى . هەرىكەت بولغانسېرى ناهەقچىلىك كۆـپىيىدىكەن ، ئادەملەر بۇزۇلىدىكەن ، هەرىكەت چوڭ بولغانسېرى ناهەقچىلىكمۇ ، بۇزۇلۇشمۇ شۇنچە چوڭ بولىدىكەن ، مۇنۇ مەدەنىـيەت ئىنقىلابى دېگىنى باشلانغىلى ئىككى يىل بولدى . گېزىتلەرنى

ئوقۇپ قويىمەن، قاچان ئاخىرلىشىشىنى ئېيتماپتۇ. تېخى بىرگە زەربە، ئۈچكە قارشى تۇرۇش، قوشۇن تازىلاش، پارتىيىنى رەتلەش دېگەن ھەرىكەتلىرى بار ئىكەن، كىم بىلىدۇ، يەنە نېمىلەرنى كۆرىمىز، بىزنى نېمىلەر كۈتۈۋاتىدۇ تېخى. ئۇكام ئەلا، ئۆزۈڭ گەپنىڭ قىسقىسى، دېھقان قىزىغا ئۆيلەن، تۆت كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى، دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرگىن. ئاڭلىدىم، كۈنۈڭ ئېغىر ئىكەن، كۆمۈرگە مىلىنىپ كېچىلىرى كېلىدىكەنسەن، بىر چىنە ئىسسىق چايغىمۇ زار بولغان كۈنلىرىڭ بار ئىكەن، باشلىق بىلسە، ساڭا ئوخشاشلارغا ياخشى ئۆي، تاماق بېرىپ خاتىرجەم قىلىپ، قېنى ھۈنىرىڭنى كۆرسەت دەپ قويۇپ بەرسە بولاتتى. بىزغۇ مەيلى، سىلەرنىڭ بولسىمۇ ئۆمرۈڭلارنى ئايىسا، زايە قىلمىسا بولاتتى. ئىدارەڭ سىلەرگە ياخشىلىق قىلمىغاندىكىن، يەنە ئۇنى قىلىمەن، بۇنى يازىمەن دەپ جاننى ئۇپراتماي، زامانغا بېقىپ كۈن كۆرسەڭ بولارمىكىن، ئۆمۈر بىر كېلىدۇ، تەكرارلانمايدۇ، ئۆمرۈڭنى باشقىلار ئايىمىسا، ئۆزۈڭ ئايىغىن، ئۇكام.

نېمىمۇ دەيمەن؟ مەن بۇ ھەممىنى كۆرگەن، رېئاللىقنى ئەقىل بىلەن كۆزىتىپ ھالال ياشاۋاتقان مەرىپەت ياراتقۇچى دېھقانغا يەنە قارشى گەپ قىلايمۇ؟ ئۇ مېنىڭ: «ياق، مەن زور مەقسەت ئۈچۈن تۇغۇلغان، مەن خەلقىمىز باركاللا ئېيتقۇدەك زور ئىشلارنى قىلىشقا يارىملىق ئادەممەن. شارائىت، ۋەزىيەت قانچىلىك ناچار بولسىمۇ، نىشانىدىن ئازمايمەن، بەلنى يەشمەيمەن!» دېگەندەك جاراڭلىق سۆزلىرىمگە تەشنامىدى؟ مەن ئۇنىڭ ئالدىدا پەقەتلا لام - جىم دېمەي تىنچ تۇرۇشقىلا ھەقلىقمەن. مېنىڭ ئەقىللىق ھىمايىچىم، غەمخورچىم بولغان بۇ ئادەم، مېنىڭ يۈركىمنىڭ نېمىگە سوقۇۋاتقىنىنى پاراسەت قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، ماڭا ئەقىل ۋە كۈچ بېغىشلىيالايدۇ...

ئىشىك قېقىلدى. بىردەمدىن كېيىن ئۆمەركامنىڭ ئايالى ناتونۇش بىر يىگىتنى باشلاپ كىردى.

— كەل، ئۇكام شايەخمەت، بۇ جۇدۇننى قارا، ئەجەب ياخشى كېلىپ قاپسىنا، يۇقىرى ئۆت، — دېدى ئۆمەركام ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مەشەدىنلا ياناي، — دېدى يىگىت قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، — دادام سىلەرنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەن، ھارۋا ئەكەلدىم، نادىروف چوڭ دادام چىقىۋىدى، سىلەر بىلەن بىر چىنە غىزانى بىللە يېسەم دەيدىكەن.

— بارىمىز ئۇكام، جان دەپ بارىمىز، — دېدى ئۆمەركام ئالدىراپ كىيىنىپ، — بول، ئەلا، كىيىنگىن، بىلەمسەن، شايەخمەت بىزنىڭ نۇرەخمەت سېكىلتارنىڭ چوڭ ئوغلى، مۇشۇ گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى بولىدۇ. بۇنىڭ دادىسىمۇ سوتسىيالىستىك تەربىيىدە قىڭغايغان، خىيانەت - پىيانەت، ئەسكىلىك - پەسكىلىكتە يوق، ناھىيىنىڭ بىر سېكىلتارىنى يەرگە قاراتقىنى ئۈچۈنلا قىڭغايغان. نادىروفنى بىلىسەن، بىزنىڭ رايوندىن چىققان ئەڭ چوڭ ئەمەلدار، نازىر بولغان، لېكىن ئۈچ ۋىلايەتچى ئىكەنسەن دەپ دۇمبالاپتۇ. نادىروف نۇرەخمەتنىڭ ئاكىسى، بۈگۈن بىزنىڭ يېزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەمەلدارى، ئەڭ چوڭ ئالىمى، ئەڭ چوڭ سازەندىسى بىلەن بىللە بولىدىكەنمىز. دۇتار، تەمبۇر تەييارلىغانسەن، شايى، قېنى ئەمىسە كەتتۇق.

## 2

يالغۇز ئات قېتىلغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋا پاتقاقلىق ئېتىز يولىدا كېتىپ باردۇ. يول ئاتقا ئازاب بولغىنى بىلەن بىزگە راھەت. ئاتنىڭ سېمىز چۈۋلىرى، قۇلاق ئاستىلىرى تەرلىگەن،

جانىۋار ئۆز ساغرىسىغا كۆكۈيۈندەك نەشتەرلىك قامچىنى تەگكۈز-
مەسلىك ئۈچۈن ، پات - پات پۇرقۇپ قويۇپ ، قۇلاقلىرىنى شىڭتايە-
تىپ ، باش ئويىنىتىپ يۈرتۈپ باردۇ . مېنىڭ هارۋا هەيدەپ گەر-
دىش بولۇپ كەتكەن قوللىرىم مايلانغان تاسما ياندۇرۇق بىلەن
ئاتنى باشقۇرۇپ ، هارۋىنى جالاق - جۇلۇقسىز ئېلىپ ماڭماقتا ،
يۇمشاق تىكمەت ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ ، كۆپكۆك ، ئۈ يەر ،
بۇ يېرىدە پاختىدەك بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرگەن ئىلى ئاسمىنى ئاستىدا
تۇنجى قاردىن كېيىنكى جانغا راهەت كەچ كۈز هاۋاسىنى سۈمۈرۈپ
هايات لەززىتى سۈرۈۋاتقان ئىككى پېشقەدەم ، بۈگۈن بۆلەكچىلا
خۇشال ، جانلىق . ئۇلارنىڭ كېچىدىكى سۆهبىتى شېرىن ئۈيقۇسى
بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان ، مانا هارۋا ئۈستىدە سۆهبىتىنى قايتا
باشلىۋالغان . ئۇلارنىڭ سۆهبىتى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ، قىزغىن ۋە
مەنىلىك ، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قاتلاملىرىدىكى يوشۇ-
رۇن سىرلارنى ئاشكارىلاشماقتا ، هاياتتىكى يېشىلمىگەن تۈگۈن ،
تېپىشماقلارنى يەشمەكتە ، ئۈزۈندىن بېرى ئىچىلماي توپا بېسىپ
قالغان ، ئاجايىپ ۋەقەلەر پۈتۈكلۈك هايات كىتابىنى ۋاراقلىماقتا .

قوللىرىم ياندۇرۇقنى (بوجىنى ) ماهىرلىق بىلەن باشقۇرۇ-
ۋاتقىنى بىلەن خاتىرجەم بوۋايلارنىڭ سۆهبىتىگە بەت تەييارلىماق-
تا . مانا كۈز ئالدىمدا ، ئۇلارنىڭ هازىرقى قورۇق چۈشكەن ،
قانائەتچان ، ئىتائەتچان ، ئەلەملىك چىرايى . ئۆمەركام يېڭى چە-
بەرقۇت چاپان ، يېڭى كاپكازچە قۇلاقچا كىيگەن بولسىمۇ ، چوڭقۇر
قورۇقلىرىنىڭ كۆن چۈشمەي ئاقىرىپ تۇرغان ، سۇ ئاقمىغان
ئېرىقتەك قاغجىراق ئىزنالىرى كۈز يېشى ۋە هەسرىتىنى ئاشكارە-
لاپ تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ دوستى نادىروفچۇ؟ ئۇنىڭ يوغان بۇرنىغا
ماسلاشمىغان كىچىك يۈزى ئىسىر - چىمىر قورۇقلارغا تارلىق
قىلىپ قالغان ، ئۇ گويا كاتتا مەهسۇلاتلىق بوغداي چېشىگە جاۋاب
بېرەلمىگەن خامانغا ئوخشايدۇ . ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قىز - جۇۋان-

لارنىڭ يۈرىكىنى ئويناتقان ئۇزۇن كىرپىكلىك يوغان، خۇمار كۆزلىرى ئۆسكىلدەك قاشلار ئارىسىدا گويىاكى چۆرىسىنى قوراي ـ چاۋار باسقان تاشلاندۇق قۇدۇقتەك نۇرسىز، خۇنسىز، جىلۋىسىز هالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كونا ھەربىيلەرگە خاس چەبدەس، قاتاڭغۇر گەۋدىسى سەل مۈكچەيگەن، ئۆز ۋاقتىدا مىلتىق قوندىقىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇنىڭدىن يىگىرمە ئىككى يىل بۇرۇن جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن قوللىرى، مانا ئەمدى موخوركا ئوراشتىمۇ قىينالماقتا... ئۇلار بەلكى بۇ ۋاپاسىز دۇنياغا نېمىلەرنى قالدۇرۇپ، نېمىلەرنى ئۆزىمىز بىلەن ئېلىپ كەتسەك بولىدىكىن؟ دېگەن مەسىلىنى يوشۇرۇن سۆزلىشىۋاتسا كېرەك. مەن ئۇلارنىڭ تونۇگۈندىن بېرى بولۇۋاتقان سۆزلىرىدىن بەزىلىرىنى چۈشەنگەن، بەزىلىرىنى چۈشەنمىگەن بولساممۇ، يۇقىرىقى مەسىلىنى ئويلىيالىدىم، چۈنكى ئىككى دىلكەش بىر بولسا، ئاددىي بىر گەپنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن هامان نۇرغۇن سۆز ۋە ھېكايە كوچىلىرىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ مىجەزلىرىگىمۇ ھەيرانمەن. ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن ئىككى دوست ئاددىيلا كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئاددىي، خۇددى ھېيت نامىزىدىن كېيىنكى قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ قول ئۈچىدىلا كۆرۈشۈشلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆرۈشۈشلىرى، «قانداقراق هوي؟» دېيىشىپ بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ قاراپ قويۇشلىرى، مېنىڭ ئىچىمنى پۇشۇردى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشلىرى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇلار ئاددىي، سوغۇقلا كۆرۈشتى، ئاز ـ تولىدىن ئىچىشتى، لېكىن: «قېنى!» دىن باشقا تەبرىك سۆزى قىلىشمىدى ياكى رومكىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇشتۇرۇپمۇ قويۇشمىدى. ئۆمەركام تەمبۇرنى، مەن دۇتارنى سازلاپ بولغاندىن كېيىن قائىدە بويىچە «نىمپەدە» ياكى «چىمبۇلاق»، «جۇخازا» چېلىنىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۆمەركام مەن بىلمەيدىغان بىر ناخشىنى باشلىۋەتتى. ناخشىغا نادى-

روفتىن باشقا ھېچكىم قېتىلالمىدى . ناخشا تۈگىگەندە نادىرووف بىر پىيالە ئاق ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى ـ دە ، مېنىڭ قولۇمدىن دۇتارنى ئېلىۋېلىپ ئۈمەركامغا شىپقاپ ئولتۇردى ـ دە :

— ئېھ ، ماناس دەريا بويى ، يەنىسەي ، ئورمانباغ ! — دەپ قويدى . ئۇلار بىرلىرى بىزگە ئۆز ، بىرلىرى بىزگە يات ناخشىلارنى ئۇلاشتۇرۇپ ئېيتىشتى ، تەڭ تەرلەپ ، تەڭ ھاياجانلىنىپ ، تەڭ يىغلاشتى . چۈشىنىشلىك ، ئۇلار ناخشا ئارقىلىق مۇڭداشماقتا ، گۈزەل ياشلىقىنى ئەسلەشمەكتە ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بايان قىلىشماقتا . ناخشا توختىغاندا ، نادىرووف :

— ھېلىقى پولك ئىمامى چېغىڭدا ، بىر پولك ئەسكەرگە جۇمە نامىزىنى ئىككى قېتىم ئوقۇتقىنىڭ يادىڭدىمۇ ؟ — دېۋىدى ، ئۈمەركام :

— سېنىڭچۇ ؟ ئون بىر بىتىم ئېلان قىلىنغاندا ، دەريادىن ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۇ قاتقا كېچىپ ئۆتۈپ ئاسمانغا قارىتىپ ئون بىر پاي ئوق ئاتقىنىڭ ، بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن قانداق جازاغا تارتىلغىنىڭ ئېسىڭدىمۇ ؟ — دېدى . ئاخىردا ئىككىسى باشلىرىنى ئىرغىتىپ :

— تاسلا قالغان ـ ھە ، ئاتۇغا بۇيرۇلغىلى ! — دېيىشتى . ئۈمەركام :

— جىڭدىكى سوقۇشتا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقۇڭ سېنى قۇتقۇزۇپ قالدى ، — دېسە ، نادىرووف باش ئىرغىتىپ تەستىقلاپ :

— گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ رەھىمتى قەھرىمانىنى ئەجەب قەدىرلەيتتى ! — دەپ قوشۇپ قويدى .

بۇ گەپلەر ماڭا ھەم چۈشىنىشلىك ، ھەم قاراڭغۇ . چۈشىنىشلىكى ، نادىرووف ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ، قاراڭغۇ بولغىنى ، ئۇ نېمىشقا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغىلى تاس قېلىۋىدىكىن ؟

مېنىڭ نادىروفقا ھەۋەسىم كەلدى. ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى، تارىخىنى تولۇق بىلىشنى ئارزۇ قىلدىم. مەن ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدىم:

— نادىروف ئاكا، ئۆز تارىخىڭىزغا دائىر ھېكايىلەردىن ئاڭلىغاچ ماڭساق قانداق؟ مېنىڭ سىزنى ياخشىراق بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— بىرنېمە يازاي دەمسىز، رومانمۇ؟ ئۇكام مەن سىزنى ئاڭلىغان، مانا ئەمدى تونۇشتۇق، ناۋادا رومان يېزىش نىيىتىڭىز بولسا، مەن سىزنى بىر قىسىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىن قىلىشقا ۋەدە بېرىمەن.

— مەن تەتقىقاتچى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان، ئەدەبىي ئەسەر يېزىپ باقمىغانمەن.

— مەن ئىشىنىمەن، سىز ھەم ئالىم، ھەم يازغۇچى بولالايسىز، ئالىملاردىن، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىدىن يازغۇچى چىقسا تولىمۇ ياخشى بولىدۇ. مەنمۇ ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىمەن. ھازىر خاتىرە، ئەسلىمە يېزىۋاتىمەن، ھامان بىر كۈنى لازىمى بولىدۇ دەپ ئويلايمەن. جاھان بۇنداق بولىۋەرمەيدۇ، ئىلىم - پەن راۋاجلىنىدىغان، خەلقىمىز باياشات، خۇشال - خۇرام بولىدىغان چاغلارمۇ كېلىدۇ، تېخى. مەن تولىمۇ ئۈمىدۋار ئۇكام. سىزنىڭ غەيرىتىڭىزگە قايىلمەن، ھەرگىز تىرىشىش، ئىزدىنىش يولىدىن قايتماڭ، بىزنىڭ سىزدەك غايىلىك، غەيرەتلىك ياشلىرىمىز ئاز، ناھايىتى ئاز، بەش بارماقچىلىكمۇ يوق. مەن قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاي، سىزنى مۇنۇ ئەمگەك، ھارۋىدىن قۇتۇلدۇرۇش زۆرۈر.

— رەھمەت ئاكا، ئۆز ھالىڭىز قىيىن تۇرۇقلۇق، ماڭا كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت.

— سىلەرنى ئاسراش، قوغداش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، ئۇكام. ھازىر جەمئىيەتتە بىر ئېغىر خاتالىق يۈز بېرىۋاتىدۇ. بەزى رەھ-

بەرلەر ياشلار ئىچىدىكى تالانت ئىگىلىرىنى قوغدىمايۋاتىدۇ. ياشلار قېرىلارنى قوغدايمىز دەپ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ قان تۆكۈپ، جان بېرىۋاتىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بولغان قېرىلار ياشلارنى قوغدىغان بولسا، ئۇلارنى قوراللىق قىرغىنچىلىقتىن، دۈشمەنلىشىشتىن توسقان بولسا ياخشى بولاتتى. ئۇلار نابۇت بولسا، دۆلەتنىڭ كەلگۈسى نابۇت بولىدۇ ـ دە!

بۇ ئادەم مېنىڭ ئويلىرىمنى ئېيتماقتا، مەن بىرىگە دېيىشكە تەمشەلگەن گەپلەرنى دېمەكتە. مەن نادىروفنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ئادەم نۇرغۇن ئىشلارنى مۇستەقىل ئويلايدىكەن، گېزىتلەرنىڭ باش ماقالىلىرىدىكى گەپلەرنى تەكرارلىمايدىكەن، ھەتتا ناھايىتى چوڭ ئىشلاردىمۇ ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئېيتالايدىكەن.

— نادىروف ئاداش، سەن قايسى تەرەپنى توغرا دەيسەن، خۇڭزاۋخۇيمۇ، چىۋىنخۇيمۇ[①]? — ئۆمەركام كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى.

— مەن لىيلاخۇي، — دېدى نادىروف كۈلۈپ قويۇپ، — ھە، ئۆزۈڭچۇ؟

— مەن بۇغدايخۇي، — دېدى ئۆمەركامىمۇ كۈلۈپ، — غۇلجا شەھىرىدىن ئىسيانچىلار يېڭىلىپ قېچىپ چىقتى، بىلىدىغانسەن، ئۇلار بىزنىڭ يېزىلارنىمۇ ئوتقا تىقماقچى بولۇپ، دېھقانلارنى خۇڭزاۋخۇيغا خەتلىدى، قارىسام بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ياشلىرى بىر كۈنى ئاتلىنىپ قوللىرىغا تاياق ـ توقماق ئېلىپ، تۆتىنچى دۇۋىزيىدىن (ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيە تۆتىنچى دۇۋىزيەسىنى دېمەكچى) چىققان يەتتە ـ سەككىز قوراللىق خەنزۇنىڭ كەينىگە كىرىپ، بەش دۆڭگە قورال بۇلاشقا مېڭىپتۇ. بىرەر

---

① ئىلى رايونىدىكى ئىككى تەرەپ ئاممۇۋى تەشكىلاتىنىڭ ئىسمىلىرى.

ئېتىشىش ـ پېتىشىش بولۇپ قالسا، ئۆمرىدە ئوقنىڭ نېمىلىكىنى كۆرۈپ باقمىغان نادان باللار گۆشكە ئايلىنىدۇ ـ دە. نېمە بولسا بولسۇن دەپ، باللارنىڭ ئالدىنى توسۇدۇم، قېرىلارنى سالدىم.
— نېمە دەيسەن، سەن باۋخۇاڭپەيمۇ؟ — دەيدۇ تېخى بىر ئىسيانچى مىلتىقىنى شاراقلىتىپ، — سەن نېمىشقا توسقۇنلۇق قىلىسەن؟
— باۋخۇاڭپەي، پاۋخاڭپەيلىرىڭنى قوي، ئاداش، — دېدىم مەن ئاچچىقىم كېلىپ، — دېھقان دېگەن بوغدايپەي، ھەي ساراڭ باللار، زېرىككەن بولساڭلار مەشرەپ، ئوغلاق، توي ئويناڭلار، ھەرگىزمۇ قورالنىڭ يېنىغا بارماڭلار. كۆردۈڭلارمۇ، غۇلجا شەھىرىدە تېببىي مەكتەپ، ئاشلىق ئىدارىسى، بانكا، ئالتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ كۆيۈپ كۇلگە ئايلاندى، سىلەردەك ياشلاردىن نۇرغۇنلىرى ئۆلدى، سورىقى بولدىمۇ؟ ئاسماندىن تاۋار ياغسا سىلەرگە قولياغلىقلىق تەگمەيدۇ، — دېدىم. بىر سېرىق چاپان ئۇيغۇرچە بىلىدىكەن، ئىباغا قاراپ:
— ھەي سېكىلتار، بۇ نېمە ئادەم؟ — دېۋىدى، ئىبا مېنى كۆرسىتىپ:
— بۇ تۆت خىل! — دېمەسمۇ.
— باغلا! — دېدى بۇ سېرىق چاپان. يەنە بىرى بىز بوۋايلارغا قاراپ مىلتىق تەڭلەپ كېلىۋىدى، بىزنىڭ ئاتلىق يىگىتلىرىمىز ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ھېلىقى سېرىق چاپانلارنىڭ ھەممىسىنى قورشاپ، قوراللىرىنى تارتىۋالدى.
— ياشلار تۆت خىل ئۇنسۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپتۇ ـ دە! — دېدى نادىروف قاقاقلاپ كۈلۈپ، — سەنمۇ بىزنىڭ ئىمىنوفتەك قىپسەن.
ئىمىنوفنىڭ ئىسمى چىقىۋىدى، مەن قىزىقىپ نادىروفقا قارىدىم.

— ھە، ھە، — دېدى ئۆمەركامىمۇ كۈلۈپ، — ئىمىنوف پولكوۋنىكنىمۇ قولغا ئالدى دەمدا؟ بۇ نېمە قىلغىنى؟ سۆزلىگىنە ئاداش.

نادىروف ئىمىنوف توغرىسىدا، ئۆزى توغرىسىدا قىزىقىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

نادىروف 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجا شەھرىدە گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب بولغاندىلا، شەھەردە تۆمۈرچىگە شاگىرتلىققا كىرىپ بازغان سوقۇۋاتقان يېرىدىن بازغان كۆتۈرۈپ ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، غۇلجا تولۇق ئازاد بولغاندا، ئۇ مىلتىق ئېتىشقا ماھىر، قورقۇمسىز، ئوت يۈرەك قوراللىق جەڭچى بولۇپ ئىمىنوف پولكىدا ئىزۋوت كوماندىرى بولغان ۋە 4 ـ ئايدىكى چوڭ ھەربىي پاراتتا ھۆرمەت كوماندىسى ئىچىدە چەبدەس قەدەم بېسىپ، ئەھمەدجان قاسىمى، ئىسھاقبەك قاتارلىق رەھبەرلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، مونتىزىم ئارمىيىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە مەغرۇر قەدەم بىلەن پاراتتىن ئۆتكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ ئىمىنوف ئۇنىڭ قەلبىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان. نادىروف ئاشۇ ھۆرمەتلىك كوماندىرغا ئەگىشىپ، گومىنداڭنى ئۆز يېرىدىن تولۇق قوغلاپ، ھەربىي يۈرۈش بىلەن شەرققە ماڭغان. جەڭ سوقۇشىدا دۈشمەن پوتەيلىرىنى بومبا بىلەن پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، قۇربان بولغان سەپداشلىرى بىلەن ياش تۆكۈپ خوشلىشىپ، يامغۇردەك يېغىۋاتقان پىلىموت ئوقلىرىغا قارشى يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ مېڭىپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك مۆجىزە ياراتقان. ئۇ پوتەيلەرنى پارتلاتقانلىقى ئۈچۈن، ھۇجۇمچى قىسىملار جەڭ ناھىيىسىگە ئۇتۇقلۇق ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنلەرنى شەرققە قارىتىپ قوغلاپ ماڭالىغان. مانا بۇ چاغدا نادىروفنى قاتتىق قۇچاقلاپ خۇشاللىق بىلەن تەبرىكلىگەن بىرىنچى رەھبەر يەنە شۇ ئىمىنوف بولغان. نادىروف مەيلى شىخو سوقۇشلىرىدا

بولسۇن ، ئالتاي تاغلىرىدا ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرلارنى تازىلاشتا
بولسۇن ، ئىمىنوف بىلەن بىللە بولغان . سوقۇش ۋە ساداقەتنىڭ
نۇرغۇن سىناقلىرىدىن ئۆتكەن قەھرىمان جەڭچى ئۆز باشلىقىنىڭ
ئىشەنچىسى بىلەن روتا ، باتالىيون ، دىۋىزىيون كوماندىرى قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ، 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچ
يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر ھەر-
مەتلىك ، تۆھپىسى زور كوماندىرى سۈپىتىدە ، ئىمىنوف بىلەن
بىللە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان . شىنجاڭدا
ئىجتىمائىي ئىسلاھات يۈرگۈزۈلگەن يىللاردا ، ئېھتىياج سەۋەبى
بىلەن ئارمىيىدىن يەرلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىك خىزمىتىگە ئال-
ماشقاندا ، نادىروف يەنىلا ئىمىنوف بىلەن بىللە بولغان ، ئۇنىڭ
تەقدىرى ئىمىنوفنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن ،
نادىروف ئىمىنوف ئۆرلىگەندە بىللە ئۆرلەپ ، پارتكوملاردا شۇجى ،
نازارەتلەردە نازىر بولۇپ ئىشلىگەن . ئۇ نەدىلا ئىشلىمىسۇن ، ئۆزد-
گە ئىمىنوفنى ئۈلگە قىلىپ سەمىمىي سادىق ، راستچىل ، ئەستاي-
دىل ، كەمتەر ، ئاددىي ـ ساددا بولالىغان ، باشقىلاردەك ماددىي
مەنپەئەت ، نام ـ ئابرۇي ئۈچۈن يېقىنلىرىنىڭ ئورنىنى كولايدى-
غان ، ئۈستىدىكىلەرگە خۇشامەت ، چېقىمچىلىق قىلىدىغان نەپرەت-
لىك ئىللەتلەردىن خالى ، خەلقنىڭ ئالقىش ، ھۆرمىتىگە سازاۋەر
رەھبەرلەردىن بولالىغان . مانا شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ، 1957 ـ
يىلى تەنقىد قىلىنىپ مەنسىپى تۆۋەنلىتىلگەن ، تۆۋەنلىتىلگەن
چاغلاردىمۇ ، ئۇ ھامان خۇددى ئىمىنوفقا ئوخشاش خەلق ئىشىغا
چەكسىز سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن ، ھۆرمەت ۋە قىممىتىدىن ئاي-
رىلمىغان . 1966 ـ يىلى ، ئۇ يىراق بىر ناھىيىنىڭ سوتسىيالىس-
تىك تەربىيە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقاندا ، ئۈرۈمچىگە چا-
قىرتىلغان ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى»
نىڭ خىزمىتىگە ئىمىنوف بىلەن بىللە قاتناشقان . لېكىن ، ئىككى

ئايغا بارمايلا ئىمىنوف بىلەن بىللە «ئەكسىيەتچى لۇشيەن»نىڭ ئىجراچىلىرى دېگەن نام بىلەن سازايى قىلىنغان، تەنقىد قىلىنـ.
غان. ئۇ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەن، خىزمەت كۆرسىتىمەن دەپ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى خاتا بولۇپ چىققان، ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ ئالاقە باغلىشى ئۈچۈن كېتىدىغان پۇلنى قىسقانلىقى ئۈچۈن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قارشى» دېيىلگەن بولسا، ئاز كۈن ئۆتمەي
پۇلنى جىق تەستىقلىغىنى ئۈچۈن «ئىقتىسادپەرەسلىكنى يولغا قويـ.
غان ئۇنسۇر» دەپ دۇمبالانغان. ئىشلىسىمۇ، ئىشلىمىسىمۇ كۆ-
رەش، تەنقىد قىلىنىپ ئەيىبلىنىۋەرگەن. ياخشى ئىشلىسىمۇ بۇز-
غۇنچىلىق قىلدى دېيىشكەن، راست گەپ قىلسىمۇ ھىيلىگەر، سۇيىقەستچى دېيىشكەن. نەپەس ئېلىشقا ئىمكان قالمىغان ئاشۇ
كۈنلەردە، ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا كۈن بويى غەزەپلىك ۋارقىراپ، شوئار توۋلىغان يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرى جىمىغاندا،
نادىـروف پـات ـ پـات ئىمىنوفنىڭ يېنىغا كېلىپ ھال ـ مۇڭ ئېيتقان:

— نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟

— ھېچ بىلەلمىدىم.

— ئاخىر قانداق بولار؟

— گاڭگىراپلا قالدىم.

ئۇزۇن سۆھبەتلىرى مۇشۇنداق خۇلاسە بىلەن ئاخىرلىشىدـ.
غان ئىككى سەپداش كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، خۇددى بازارغا كەتكەن ئانىسىنىڭ تاتلىق بازارلىق بىلەن قايتىشىنى تۆت كۆز
بىلەن كۈتۈۋاتقان نامرات باللىرىدەك كەلگۈسىگە تەلمۈرۈپ يۈ-
رۈشكەندە، ئوقۇغۇچىلار ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقىپ بىر مەكتەپكە ئاپىرىپ قاماۋالغان. ئىمىنوف بىلەن نادىروف قىزىل
ئىككىنچى سىنگبۇنىڭ ئادەملىرىگە ئۆتۈلگەن ئىشلارنى، بولۇنغان گەپلەرنى راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرگەن. ئۇلار يەنىلا كەلگۈ-

سىنىڭ ھازىرقىدىن پارلاق بولۇشىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ
«ئۇلۇغ ئىنقىلاب»نىڭ غەلىبە بىلەن تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى،
ۋەيران بولغان ئىگىلىك، ئىقتىساد ۋە روھىي كەيپىياتنى تېزرەك
ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلققە باياشاتلىق، خاتىرجەملىك ۋە
بەخت - سائادەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەشكە ئالدىرايتتى.
ئۇلاردا مانا مۇشۇنىڭدىن باشقا نىيەت يوق ئىدى. لېكىن، تۇيۇق-
سىزلا ئۇقۇغۇچىلار يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بىلەن ئىمىنوفنى ھەر-
بىي رايونغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.
نادىروف دەرھال قامالغان مەكتەپتىن قېچىپ چىققان، ئامال
قىلىپ ئىمىنوفنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالغان. ئۇ دەسلەپ ئىمىنوف-
نىڭ ھەربىي رايونغا تاپشۇرۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھاياتىنى قوغداپ
قېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان، لېكىن ئىمىنوف
ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن خېتىدە، تۈرمىگە سولانغانلىقى، سوراق قىلىن-
غانلىقى، سوراق ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەھۋالنىڭ يامانلىقى، يې-
قىن ئارىدا چىقالماسلىقى، كەلگۈسىدىمۇ زور خېيىمخەتەرنىڭ بولى-
دىغانلىقى، نادىروف بىلەن مەڭگۈلۈككە جۇدالىشىدىغان پەيتنىڭ
كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ بىردىنبىر تىلىكى، نادىروفنىڭ غۇلجىغا بې-
رىپ ئۆزىنىڭ قەدەم ئىزلىرى چۈشكەن قىممەتلىك تۇپراق بىلەن
ئۆزىگە ۋاكالىتەن خوشلىشىپ كېلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ئېيتىلغان.
نادىروف قاتتىق قايغۇرغان، ئاۋۇ يۈزلىرىدىكى چوڭقۇر قو-
رۇقلار بىلەن چاچ - ساقاللىرىدىكى مەزگىلسىز چۈشكەن ئاقلار،
ئاشۇ ئەلەمنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمىكىن؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن، قانداق
گۇناھى ئۈچۈن ئەيىبلەنىدى؟ قان كېچىپ جەڭ قىلغىنى ئۇ-
چۇنمۇ؟ ياكى خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك
قىلىپ، سەممىي - سادىق بولغىنى ۋە راست گەپ قىلغانلىقى
ئۈچۈنمۇ؟ مەن ئىمىنوف بىلەن بىر دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىمدىن،
ئۇنىڭ بويىنىغا چۈشكەن سىرتماق ئۆز ئىشىنى تاماملىغاندىن كېيىن

مېنىڭ بوينۇمغا چۈشمەسمۇ؟ دېگەن سوئاللار نادىروفنى ناچار سوراقچىدەك قىيىنغان. ئۇ ئاخىر ئىمىنوفنىڭ ۋەسىيىتىنى ئو-رۇنداش ۋە ئۆزىمۇ ئىزى چۈشكەن، تەرى ئاققان، قان تۆككەن، باغرىغا باسقان، كۆز يېشى تامغان يەرلەر بىلەن خوشلىشۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كەلگەن. مانا ئۇ تۇغۇلغان يېزىسى-دىن بۇ مۇبارەك سەپىرىنى باشلىدى، مانا ئۇ سەپەر ئۈستىدە...

مەن نادىروفنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندىم. ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى، گەپلىرى، كۆز ياشلىرىدىكى چوڭقۇر ۋە يوشۇرۇن مەنىلەرنى خېلى چۈشەندىم.

ئات ئويناقلاپ، ئۆكۈرەك تاشلاپ كېتىپ بارىدۇ. ئاچچىق تاغ شامىلى ئاخشام ياغقان يۇپقا قاردىن سەللە ئورىغان ئاۋرال، دىلمۇك تاغلىرىنىڭ ئاپئاق باشلىرىنى سىلاپ، تەسەللى بېرىپ، ئىلى دەر-ياسىغا ياش تېمىتىپ قويۇپ، چەكسىز توقايلىقلاردىكى تال - يۇلغۇنلارنى سىلكىپ - تىترىتىپ، مادارى قالمىغان نىمجان ئاند-نىڭ قوللىرىدەك تىترەپ كېلىپ، بىزنىڭ غەمكىن يۈزلىرىمىزدى-كى ئەلەم بەلگىلىرىنى يالاپ قۇرۇتماقتا. مەن مۇشۇ ماڭغىنىمچە نادىروف بىلەن بىرنەچچە كۈن بىللە بولۇشنى، ئۇنىڭ پۈتۈن سەر-گۈزەشتىلىرىنى تولۇق بىلىشنى خالايتتىم. مەن گۇڭشى ئوتتۇرا مەكتىپىدە ھارۋىكەش ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇغاندەك، بىر ئەھمىيەت-لىك ئىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىپ بارغاندەك خۇشال ۋە قىزغىن. ئۆمەركام بولسا بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى ئۆيگە تاشلاپ قويغاند-ەك، گويا ئۇنىڭ چىرايىمۇ ياشىرىپ، چوڭقۇر قورۇقلىرى تارت-لىپ، سوزۇلۇپ قالغاندەك.

— مەن ئاداش، ساڭا بىر ئاي ھەمراھ بولالايمەن، — دېدى ئۇ بىز بارماقچى بولغان سېرىق يوپۇرماقلىق دەرەخلەر بىلەن چۆم-كەلگەن چوڭ يېزىغا يېقىنلاشقاندا، — لېكىن بىزنىڭ ئەلنىڭ ئىشلىرى چالا، ئۇ ھارۋىسىنى سېغىنىپ قالارمىكىن؟

— ياق ، مەن ھارۋا ھەيدىمەيمەن .نېمىشقا ئۇلارنىڭ قىل دېگىنىنى قىلىۋېرىمەن ؟ قايسىبىر گۇناھىم ئۈچۈن مەن ئۇلارغا باغلىناتتىم ؟ مەن يېڭى بىر خۇلاسىگە كەلدىم . بىزمۇ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئازاد قىلىشىمىز كېرەككەن ، نادىروف ئاكا قېچىپ كەت-تۈيۇ ، مەن قېچىپ چىقالمايدىكەنمەن !

— توغرا ، قېچىش كېرەك .

بىز ھۇزۇر قىلىپ كۈلۈشتۇق .

— كىتابلىرىڭنى ئېلىۋالمىدىڭ - دە ، ئەلا ؟ — دېدى ئۆمەر-كام ۋە نادىروفقا بۇرۇلۇپ ، — بۇ بىر كۈنمۇ كىتابسىز ياشىيالماي-دۇ . ئەتىگەن ئىنگلىزچە يادلىغانلىقىنى ئاڭلىغانسەن - ھە ؟

— ئاڭلىدىم ، شېكسپىرنىڭ شېئىرلىرىنى يادلاۋاتىمەن دەيدىغۇ .

— شۇنداقمۇ ، ئەلا ، شېكىسپىر دېگىنىڭ تاقىر باش ئورۇس-كەن ، ئۇ بىر ئۇلۇغ ئادەممۇ ؟

— ئورۇس ئەمەس ، ئىنگلىز ، — دەپ تۈزەتتى نادى-روف ، — بىزنىڭ خەلقىمىز دۇنيا خەلقىنى ئۈچلا مىللەتكە بۆلە-دۇ . سېرىق چېچى ، ئېگىز بۇرنى بولسىلا ، ئۇلارنى ئورۇس ؛ پاكار ، بۇرنى كىچىك بولسىلا خەنزۇ ، قالغىنى بىز خەق ، دەيدۇ .

— ئۇنچىلامۇ دەپ كەتمە ، ئۇ ئۈچ مىللەتتىن بىلىمە-زەي . قازاق ، قىرغىز ، تاتار ، تاجىك ، موڭغۇل ، شىبە ، خەنزۇ ، خۇيزۇ... قانداقكەن ، ھە ، ھېلىقى شېكىسپىر دېگىنىڭ ئۇلۇغمۇ ، ئەلا ؟

— بىر تاغ ، — دېدىم كۈلۈپ قويۇپ ، — يەنە بىر گېيوتى دېگەن شائىرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ، ئۇ ئۆزى ياشىغان XVI ، XVII ئەسىرلەردە ، سانسىز تاغ چوققىلىرىنىڭ بىرى ئىدى . يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بويى تالاشقان چوققىلار شامال ، بوراندا يىمىرىلىپ تۈگەپ ، ئاشۇ بىرلا شېكىسپىر بارغان-

سىرى زورىيىۋاتقان يالغۇز چوققا بولۇپ قالغان !

— ئاجايىپ گەپكىنا ، — دېدى نادىروف بېشىنى ئىرغىتىپ قوللاپ ، — دۇرۇس ، بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغ ياكى ئەمەسلىكىنى ۋاقىت ئۆزى ئىسپاتلىيالايدۇ . ھازىر مەدھىيىلىنىۋاتقان ، ماختىلىۋاتقان تالاي - تالاي ئادەملەر ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھېلىقى قۇم تاغدەك بورانلار زەربىدىن ئۇپراپ تۇگەيدۇ ، تەتۇرچە قارىلىنىۋاتقان ، تىللىنىۋاتقان ئادەملەر ، دەۋر تۇپرىقىدا تاغ بولۇپ تىكلىنىپ ، بارغانسېرى زورىيىدۇ . ئۇكام ئەلا ، سىزگە ئۆمۈر تىلەيمەن ، سالامەتلىك تىلەيمەن ، ھالال ئەمگىكىڭىز بىلەن بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت زېمىنىمىزدىكى بىر يىمىرىلمەس تاغقا ئايلىنىڭ . بىزنىڭ ئىمىنوف سىز بىلەن تونۇشقان بولسا قالتىس خۇشال بولاتتى ، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرەتتى .

— ئاجايىپ ئىشكەن ، — دېدى ئۆمەركام ئۇلاشتۇرۇپ ، — ياخشىلارنىڭ جەم بولمىقى كاككۇك بىلەن زەينەپنىڭ ئۇچراشمىقىدەك تەس بولىدىكەن ، يامانلار بولسا توپ قاغىدەك دائىم بىللە يۈرۈشىدىكەن .

دەل شۇ چاغدا ، ھارۋىمىز غۇلجا شەرقىي بەش ناھىيە تاشيولىغا چىقتى . شەھەر تەرەپتىن ماشىنىلار كەلمەكتە . بىز چەتتە يول كۈتۈپ توختىدۇق . كابىنكا ئۈستىگە پىلىموت تىكلەنگەن ، كوزۇپلىرىغا چويۇن قالپاقلىق ، تولۇق قوراللانغان ياشلار تولغان ماشىنىلار مەنىلىك سىگنال بېرىشىپ ئۈزۈلمەي ئۆتۈشمەكتە . ماشىنىدىكى ياشلار سۇرلۇك ، ھەممىلا نېمىگە غەزەپ - نەپرەت بىلەن قادىلىپ كېتىپ باراتتى . نادىروف موخوركا ئوراپ پىچىرلىدى :

— ۋابال ، بىچارە ياشلارغا ۋابال ، دۈشمەن بېسىپ كىرگەن بولسىدى ، مۇشۇنداق كۆرۈنۈشى يېقىملىق ، گۈزەل كۆرۈنگەن بولاتتى . ھازىرچۇ ؟ ئادەملەر ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ . ناۋادا ، مۇشۇ ياشلار مۇنۇ ئەلادەك كىتاب بىلەن ھەپىلەشكەن بولسىدى ، ئۇ چاغدا

دۆلىتىمىزدە بايىقى ئەلا دېگەندەك ئۇپرىماس تاغلار كۆپەيگەن
بولاتتى .

چوڭ ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن ئۇستى ئوچۇق كىچىك ماشىنا كەلدى . ماشىنىدا ئىككى قوراللىق يىگىت ، ئوتتۇرىسىدا ھەربىيچە كىيىم بىلەن پەۋاز قاپاق ، سىمىز بىرى ئولتۇراتتى . كىچىك ماشىنا بىردىنلا توختىدى ـ دە ، ھېلىقى ياپما قاپاق ماشىنىدىن چۈشۈپ ھەجىيىپ بىزگە قاراپ كەلدى .

— رەقىپ ! — دېدىم ھەمراھلىرىمغا پىچىرلاپ ، — نېمە دەيدىغاندۇ ؟

— ئەسسالامۇئەلەيكوم ، قانداق ، ئەلا ئاداش ، سىنى كۆرمىگە-لى بىر يىلدىن ئېشىپتۇ . سىنى ئىزدەپ نۇرغۇن يەرلەرگە ئادەم ئەۋەتتىم . سەن زۆرزۆر بولۇپ قالدىڭ ، ماڭا ياردەم قىلالامسەن ؟

— قانداق ياردەم ؟

— ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەننى قوغداش ئۈچۈن كۈچ قاتىسەن ، بىزنىڭ يېزىقچىلىق گۇرۇپپىمىزدا ئىشلەيسەن .

— مەن گېزەندە ، مەندە بۇنداق لاياقەت يوق .

— لاياقەت دېگەننى ئادەم ئۆزى يارىتىدۇ . ياخشى خىزمەت كۆرسەتسەڭ ، ئۆتكەن ئىشلار سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ .

— مەن ھېچكىمنىڭ كەڭچىلىك قىلىشىغا موھتاج ئە-مەسمەن .

— بۇ گېپىڭ بولمىدى ، ئاداش ، ئىنقىلابىي چوڭ پىپەن گۇرۇپپىسىغا قاتناش . مەن بۇگۈنلا سىنى ئېلىپ كېتىمەن . كۆ-رۈپ تۇرىسەن ، ۋەزىيەت چوڭ ياخشى ، ھەممىلا جاي قىزىل نۇرغا پۈركەنگىلى ئاز قالدى .

— شۇ چاغدىمۇ بىز پاتقۇدەك قارا بۇلۇڭ چىقىپ قالار ، يولۇڭدىن قالما ! — مەن ئاتىنىڭ ياندۇرۇقنى سىلكىدىم .

— ئەلا ، ئىستىقبالىڭنى ئويلا ، ئاداش ! — رەقىپ كەينىمدىن

ۋارقىرىدى .

— سەندىن ياخشى ئۆيلايدۇ ، — دېدى ئۆمەركام غوتۇلداپ ، — ۋۇي نائەهلى ، ئۆز ئىستىقبالىڭنىڭ غېمىنى قىل ، مانا هېلىقى سىلەر ئېيتقان بىرىنچى دۆڭ ئاشۇ ، كىچىككىنە هەقىقەت شامىلى بىلەن توزۇپ تۈگەيدۇ ، لېكىن هازىر ئۇ ئاۋۇ ئىككى قوراللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنى تاغ هېسابلايدۇ - دە .

مەن غەزەپلەندىم ، لېكىن رەقىپ توغرىسىدا تىنىمىدىم .

— بۇ كىم ؟ — دەپ سورىدى نادىروف .

— بۇمۇ ؟ رەقىپ بۇجاڭ دېگەن مۇشۇ ، بىلىسەن ، غۇلجا شەهرىدىكى جالالىدىن هاجىنىڭ تۇخۇمىدىن ، لەنجۇدا ئەللارغا باشلىق بولغانىكەن ، مۇشۇ ئىنقىلاب باشلىنىشتىن سەللا بۇرۇن ناهىيىگە يۆتكىلىپ كېلىپ تەشۋىقات بۇجاڭى بولغان .

— چۇ ، جانىۋار ! — مەن گەپنى باشقا تېمىغا بۇراش ئۈچۈن قامچامنى هاۋادا پۇلاڭلاتتىم ، — نادىروف ئاكا ، مانا سىلەر يۈرۈش قىلغان يوللارغا چىقتۇق . قاراپ باقايلى ، ئىزلىرىڭىز تېپىلامدىكى ؟

— راست ، بۇ يوللاردا بىزمۇ قوراللىنىپ ئاتلىق ماڭغان ، ماشىنىدىمۇ ماڭغان ، بىرىنچى قېتىم غېنى باتۇر پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇپ ، ئاتلىق تاياق - توقماق بىلەن قوراللىنىپ غۇلجا شەهرىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن جەڭگە ماڭغان . ئىككىنچى قېتىم گومىنداڭنىڭ كۆك ئارچىن ئارقىلىق جىڭدىن بۇياققا ئۆتكەن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ، مىلتىق بىلەن قوراللىنىپ غۇلجا شەهرىدىن تاغقا قاراپ ماڭغان .

— تەلىيىڭىزگە بۇ يولدىن يەنە سىرتقا چىقمىدىغان بولدۇق ، — دېدىم ئاتنىڭ بېشىنى قېلىن قارىياغاچلىق يېزا يولىغا بۇراپ .

بوۋايلار كۈلۈشتى .

مەھەللىگە كىرىش ئېغىزىدىن كونا كۆۋرۈككە بىر گاز ماشىنا تىقىلىپ قالغان، ئادەملەر پىشاڭلار بىلەن ماشىنىنىڭ ئېرىققا چۈشۈپ كەتكەن چاقىنى كۆتۈرمەكتە، ماشىنا ئەنسىز گۈركىرەپ ئىنجىقلىماقتا ئىدى. ياللاڭۋاش، گەۋدىلىك ئىككى ئادەم تىزىغىچە پاتقاققا كىرىپ ماشىنا بىلەن تەڭ ئىنجىقلاپ، گەدەن تومۇرلىرى پۆلتىيىپ چىقىقۇچە چىڭقالماقتا. مەن ئۇلارنىڭ بىرىنى تونۇدۇم.

— تۆگە يېتىۋالسا، تۆمشۇقىغا ئېسىلسا قوپىدىغانغۇ! — بۇ مېنىڭ «تۆگە» لەقەملىك دوستۇم ھاشىرغا قىلغان چاقچىقىم، مەن چاقچاق بىلەن تەڭ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتۈم.

— نېمىدەپ ۋىچىرلايسەنوي؟

بۇ مېنىڭ «قۇشقاچ» لەقىمىمنى ئاتىغىنى ئۇنىڭ. بىز قىزغىن كۆرۈشتۇق. ئۆمەركام چاقچاققا ئارىلاشتى:

— جانلىقلارنىڭ چوڭى بىلەن كىچىكى قانداق قۇچاقلىشىدىكىن، كۆرۈپ باقايلى. ھا... ھا... ھا!...

ھاشىرلارنىڭ ماشىنىسى تېزلا چىقتى، ئەمدى بىزنىڭ ھارۋىغا قىيىن، ئۆمەركام ھاشىر بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ يەنە چاقچاق قىلدى:

— ئەمدى بىزنىڭ ھارۋىغا ئېگىزرەك بىر ھايۋاننى قوشمىساق ئۆتەلمەيدىغان بولدۇق.

— ئەڭ ياخشىسى، جاھىلراق ھايۋان بولسا بولاتتى!

— ھا... ھا... ھا!... كۆردۈڭمۇ نادىروف، ھاشىر شۇجى سېنىڭ قېچىرلىقىڭنىمۇ بىلىپ بوپتۇ.

ئۇلار ھەممىسى كۈلۈشتى. ھاشىر نادىروفنىڭ قولىنى چىڭ قىستى.

— سالامەت كەپسىز، ئۆي - ئىچى، بالا - چاقىڭىز تىنچمۇ؟

— رەھمەت ئۇكام، يامان ئەمەس، سىزنى بىر كۆرسەم دېۋىدىم، مانا كۆرۈشتۇق، ئۇكام ھاشىر.

— مەنمۇ سىزنى كۆرۈشكە تەشنا ئىدىم ، كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ ، ئىزدەپ تاپاي دېۋىدىم ، نادىروف ئاكا .

— ھە ، ئالدىراش ئوخشايسىزغۇ ؟

— ئىشلار بېسىقراق ، قارىمامسىز ھەممىلا ئادەم ئىنقىلاب بىلەن ، خىزمەت يوق ، زاۋۇتلار ، مەكتەپلەر ، دوختۇرخانىلارمۇ تاقالغان ، بىرلا دېھقان ، چارۋىچىلار ئانچە ـ مۇنچە ئىش قىلىدۇ . ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنىڭ يېرىمىنىمۇ ئورۇندىيالمىدۇق . كۆزگى تېرىلغۇ بۇ يىل قىرىق پىرسەنت كېمەيدى ، ھازىر مانا ئون ئىككىنچى ئاي كىرەي دېدى ، تېخىچە كۆزگى تېرىۋاتقان دۆلەت بار ، كېچىككەن كۆزگىدىن مەھسۇلات چىقامدۇ ؟ ئوتتۇز بەش جىڭ ئۇرۇق چېچىپ ، بىر مو يەردىن ئاتمىش ـ يەتمىش جىڭ ھوسۇل ئالغان دۆلەت كۆپ . بىر تال بۇغداي ئارانلا ئىككى تال بولغان ، دېھقانىنىڭ كىرىمى تۆۋەن ، ناھىيە بويىچە بىر گۇڭغا تەقسىم قىلىنىدىغان پۇل بىر سومدىن تۆۋەن ، نۇرغۇن دۆلەتنىڭ تېخى يىگىرمە ـ ئوتتۇز تىيىن ، قەرزدار ئائىلىلەر بولتۇرقىدىن بۇ يىل يىگىرمە بەش ـ ئوتتۇز پىرسەنت كۆپىيىدىغاندەك تۇرىدۇ . ھەي ئاكا ، جۇڭگودا ئالتە يۈز مىليون دېھقان بار ، بىر يېرىم مىليارد مو يېرىمىز بار ، بۇ يەرگە سەككىز يۈز مىليون خەلقنىڭ قورسىقى قاراشلىق . دېھقان كۆكلىمىسە ، بىزنىڭ تۈگىگىنىمىز شۇ . ئىنقىلابنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈڭلار دەۋاتىدۇ ، لېكىن «تۇتۇش» ياخشىيۇ ، «ئىلگىرى سۈرۈش» تازا ياخشى بولمايۋاتىدۇ . مېنى يەنە بىر جىڭۋېيغا مۇئاۋىن قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابىغا مەسئۇل قىلىپ قويدى . مانا مۇشۇنداق . كېچەيۇ كۈندۈز چاپىمەن ، قىيىنچىلىق ئېغىر ، مەسىلە كۆپ ، ئەلا بىلەن كۆرۈشمىگىلى نەچچە ئاي بوپتۇ ،باش تاتلىغۇدەك چولا يوق .

ئۇلار تاماكا چەككەچ پاراڭلاشتى . مەن ھاشىرغا سىنچىلاپ

قارىدىم . راست گېپىمنى ئېيتسام ، مەن ئۇنى سېغىنمىغان ، ئۇيى-
لىمىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق . مانا شۇ تاپتا ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىل-
غۇم ، سالپاڭ قۇلاقلىرىنى تارتقۇم كېلىۋاتىدۇ ، لېكىن ئىلاج
يوق . مەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتىم . ئۇ جۇدىگەن ، چاچ ـ ساقاللى-
رى ئۆسكەن ، كىيىملىرى كىر ۋە ساپاسىز . مۇشۇ كۆرۈنۈشى
بىلەن ھېچبىر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسىغا ئوخشىمايدۇ ،
بەلكى كۈنىگە مىڭ كېسەك قۇيۇپ قارا كۈچ بىلەن ياشاۋاتقان
ئاددىي ئەمگەكچىگە ئوخشايدۇ . مەن بايىلا ئۆتۈپ كەتكەن رەقىپنى
ھاشىرغا سېلىشتۇردۇم ، ھاشىر دېھقان ۋە پۈتۈن ناھىيە ، دۆلەت
ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ چېپىپ يۈرىدۇ ، ئۇ گاز ماشىنىدا ؛ رەقىپ
بولسا ئادەم تونۇش ، قان تۆكۈشكە ماھىر ، ئۇ كىچىك ماشىنىدا .
ھاشىرنىڭ خىيالى دۆلەت ۋە خەلقتە ، ئۇ جۇدىگەن ، ھارغان ؛
رەقىپ بولسا سۈيىقەست ، مەنسەپ ، مەنپەئەت تەمەسىدە ، ئۇ سې-
مىز ، راھەتتە . قايسىدۇر بىر كىتابتا : «نادان ۋە جاھىللارنى
ئەتىۋارلاپ ، دانا ۋە بىلىملىكلەرنى خورلاش ، زالىم پادىشاھلارنىڭ
ئەلنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى» دېيىلگەن . مەن بۇ سۆز ئارقىلىق بىر
ئادەمنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن ، لېكىن مۇنۇ ماڭا تونۇش ۋە
يېقىن بولغان ئىككى كىشىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئىختىيارسىز ھال-
دا ماڭا بۇ سۆزنى ئەسلەتتى .

بىز ھاشىر بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتۇق . ھاشىر بىز بىلەن
كېيىن ئۇچرىشىشقا ۋەدە بېرىپ كېتىپ قالدى . ئۇ كېتەر ۋاقتىدا
مېنى چەتكە تارتىپ پىچىرلىدى :

— نادىروفنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئادەم بار ، ئۇقتۇڭمۇ ؟ سەن
ئۆزۈڭنى ئايا . ئەڭ ياخشىسى ، بۇ ئادەمنىڭ كەينىگە كىرىۋالما ،
ۋەزىيەت جىددىي ، قالغان گەپلەرنى كېيىن ئېيتىمەن ، ئۈچ كۈن-
دىن كېيىن ، كېچىسى ياتىقىڭدا كۈت ، مەن قونغىلى بارىمەن .

مەن ئۇنىڭ گېپىگە ھەم نارازى ، ھەم ھەيران ، «نادىروف

نېمە گۇناھ قىلغىنى ئۈچۈن گۇمانلىق؟ مەن نېمىشقا بۇنداق سەمىمىي، بىلىملىك، يېقىملىق ئادەمدىن ئۆزۈمنى تارتىدىكەنمەن. بۇ دۇنيا بىزگە نېمانچە تار، بىز قاچانغىچە مەنىۋى، جىسمانىي قەپەس ئىچىدە قىيىنىلىمىز؟»

بىزنى بۇ يېزىدا مەھەللىنىڭ تاللانغان ئادەملىرى كۈتۈۋالدى، كېيىن نېمە بولسا بولمىدۇ، بۈگۈن راسا قانغۇچە ناخشا ئېيتىۋالىدىغان بولدۇق. بۇمۇ بىر غەنىيمەت!

## 3

رەقىپنىڭ ئىشخانىسىدىن يېرىم كېچىدە ئادەم ئايىغى ئۈزۈلدى. ئۇ تاماكا ئىسى بىلەن ئىسلىنىپ كەتكەن ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ـ دە، پوپايكىچان زالدىن ئۆتۈپ، قويۇق دەرەخلىك ھويلىغا چىقتى. پاكار، شاخ ئايرىغان ئالمىلارنىڭ ئاستى رەقىپكە سۇرلۇك، خەتەرلىك بىلىندى. يېنىدىكى ئۆيلەردە قورالىق ئىسيانچىلار، ھەربىيلەر تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي ئۇنى سۈر باستى. ئۇ قورقۇپ زالغا داجىدى.

ئۇنىڭ بۇ ئىشخانىغا كىرمىكى ئاسانغا چۈشمىدى. ناۋادا «يانۋار ئىنقىلابى» بولۇپ «ھوقۇق تارتىۋېلىش» «ئىجاد» قىلىنمىغان بولسا، رەقىپنىڭ بۇ سابىق بىرىنچى شۇجى ئىشخانىسىدا ھوقۇقدار بولۇپ ئولتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ «شاڭخەي ئىشچىلىرى»غا مۇھەببىتى چوڭقۇر.

ئۇنىڭ «ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىر ۋەكىلى» دېگەن نامغا ئىگە بولمىغىمۇ ئاسانغا توختىمىدى. ئۇ دەسلەپ «ئىشچى ـ دېھقان ئىسيانچىلىرى سىلىڭبۇسى»نىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق خىزمەتچىسى يەنى تراكتور رېمونت زاۋۇتىنىڭ ساۋاتسىز ئىشچىسىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ناھىيىدىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىگە

ئۇنى كۆچۈرۈپ ئاچىقتى ، «ئەرزان» ئۇن ، گۆش ، مايلار بىلەنمۇ
بۇ «سىلىك»نى ئۇبدان تەمىنلىدى ، ئاندىن كېيىن سەھەر تۇرۇپ
«سىلىگبۇ»نىڭ ھويلىسىنى ، ئىشخانىلىرىنى تازىلاپ ، قايناق سۇ
قاينىتىپ «لىپي فىيڭ روھى»نى جارى قىلدۇردى ، يەنى قوراللىق
قىسىملارنىڭ نەلەردىن بولاپ كەلگەن «ئولجا»لىرىنى «خالىس»
بولۇپ ئۆي - ئۆيلەرگە توشۇدى . ساۋاتسىز «رەھبەر»لىرىنى
«تالانت» ۋە «قابىلىيەت ئىگىسى» دەپ ماختاش ، ئۇلارنىڭ «يول-
يورۇق»لىرىنى چوڭ خەتلىك گېزىت قىلىپ ياساپ چىقىرىش ،
ئۇلار توغرىسىدا : «جاڭ بىلەن كۆرۈشتى ، چىن بودا قوبۇل قىلـ-
دى» دېگەن مەزمۇنلاردا گەپ توقۇش ، رەقىپ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك
ئەمەك بولۇپ ھېسابلاندى .
بۇ يىل يانۋاردا ، ناھىيىدىكى ئىسيانچىلار شاڭخەي ئىسيانچىـ-
لىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان بولسىمۇ ، يۇقىرىدىن ئېتىراپ
قىلىنمىغانلىقى ، مۇھىمى ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن بۇ تەجرى-
بىسىز ، بىلىمسىز ، ئىقتىدارسىز ئادەملەر توپى پۈتۈن ناھىيىنىڭ
ئىنقىلاب ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قورال-
لىق قىسىملار بۇسى ئەمەلىي ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ، بۇ ئىسياز-
چىلارنىڭ بىرلەشمە تەشكىلاتىنى «تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى»
قىلىپ ئۆزگەرتىپ قويغان . بۇ تەشكىلاتنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئىنـ-
قىلاب ، يەنى ئۆزگە قارشى تەرەپتىكى ئىسيانچىلار قوماندانلىق
شتابى بىلەن ئېلىشىش . بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەشكىلات ناھىيىنىڭ
ھەممە خىراجىتىنى ئىشقا سېلىپ ، نەچچە يۈزلىگەن ، ھەتتا مىڭلە-
غان قوراللىق بىكارچىلارنى ياخشى تاماق ، ئوق - ياراغ ۋە ھەتتا
ھەق بىلەن تەمىنلەيدۇ ، نۇرغۇن پۇلغا توختىغان يۇقىرى ئاۋازلىق
رادىئو كانايلىرى (بۇ كانايلار قانچە ئېگىز ئورنىتىلسا شۇنچە

ياخشى ) ، تەشۋىقات ماشىنىلىرى ،كۈنگە نەچچە يۈز بەتلىك بولۇپ چىقىدىغان چوڭ خەتلىك گېزىت ، ۋەرەقىلەر ، تەشۋىقاتچىلار . ئادەم ئۆتكۈچى قوراللىق قىسىملار ئۆزلىرى قۇرۇۋالغان تۈرمە - سوراقخانىلارنى ئىشقا سېلىپ قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئالاقىچىلىرى ئوبلاست ، ئۈرۈمچى ھەتتا بېيجىڭلار بىلەن ئالاقە قىلىپ «ئەڭ يېڭى» خەۋەرلەرنى تېپىپ كېلىپ ، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىرى ، چوڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ چىشىغا تېگىدۇ ۋە قارشى تەرەپنى تىللايدۇ . قارشى تەشكىلاتنى يوقىتىپ ئۆزلىرىنى بىردىنبىر «توغرا يول» ۋە «ھەقىقەت»نىڭ ھىمايىچىلىرى قىلىپ كۆرسىتىشكە جېنىنى ئاتىغان بۇ ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى تەشكىلات ، رەقىپ ئۈچۈن مانا شۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىك ، ئەتىۋار . رەقىپ ئۆزىمۇ باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش ، سۇيىقەست ۋە يۇقىرىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق باشقىلارنى يوق قىلىۋېتىشتىن چەكسىز ھۇزۇر ئالىدىغان ۋە بۇنداق قىلىشنى ھاياتنىڭ لەززىتى دەپ بىلىدىغان ئادەم بولغاچقا ، ئۆزىنىڭ مىڭ باراۋەر يوغىنىتىپ كۆرسىتىدىغان مىكروسكوپتىكى كۆرۈنۈشى بولغان بۇ تەشكىلاتنى نېمىشقا جېنى بىلەن باراۋەر كۆرمىسۇن ؟

ئۇنىڭ بۇ تەشكىلاتتا رەھبەرلىك ئورنى يوق ، لېكىن كېيىن ئۇ ماتېرىيال تەييارلاپ ۋەرەقە تارقاتقۇچىدىن تەرجىمانلىققا ، تەرجىمانلىقتىن كېيىن ھەربىي رايون بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ئالاقىچىگە ئايلاندى . بولۇپمۇ ، يېقىندىن بېرى «ئىنقىلابىي كومىتېت» قۇرۇش توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر كۆپەيگەنسېرى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەقىپتەك «رەھبىرىي» كادىرغا بولغان كۆزقارىشىدا ئۆزگىرىش بولماقتا . ئۇلار رەقىپنى مۇھىم ئىشلارغا قاتناشتۇرىدىغان ، «رەسمىي دائىمىي ھەيئەت» دەپ تونۇيدىغان بولۇپ قېلىشتى . مانا بۇ ئۆزگىرىش رەقىپنى تېخىمۇ ئالدىراتتى ، خۇش قىلى-

دى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئالدىراش ئىشىدىن تېخىمۇ رازى
بولىدىغان كۈنلەرنىڭ يىراق ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ھازىر
دائىمىي ھەيئەتلەر ئۇنىڭ ياتقىغا توپلاندى. رەقىپ ناھىيىلىك
پارتكوم شۇجىسى ئولتۇرىدىغان دۈگىلەك يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا
ئولتۇرۇپ، ھەربىي رايون سىياسىي كومىسسارىنىڭ ئاممىۋى تەش-
كىلاتلارنىڭ دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مۈلكىنى بۇلاش - تالاش ھەرىكە-
تىنى چەكلەش توغرىسىدىكى يولىيورۇقىنى خەنزۇ تىلىدا يەتكۈز-
دى. ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنى ناھىيىنىڭ مۇناسىپ رەھبىرى ھېسابلى-
غان ۋە تېزرەك بۇ كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى. ئۇ
كېيىنكى كۈنلەردە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئوبلاستقا، ھەربىي رايونغا
كىرىپ يېڭىدىن - يېڭى يولىيورۇقلارنى ئېلىپ چىقىپ يۈرگەچكە،
ناھىيىدە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇۋاتقان تەشكىلاتنىڭ بىرىنچى، ئىك-
كىنچى نومۇرلۇق رەھبەرلىرى (بىرىنچى رەھبىرى تراكتور زاۋۇ-
تىنىڭ شوپۇرى، ئىككىنچى رەھبىرى ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ ئوقۇغۇچىسى) رەقىپنى ھەربىي رايوندا ئارقا تىرىكى بار،
كەلگۈسىدە چوڭ ھوقۇقدار بولىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۆزلىرىگە مۇھىم
مەسلىھەتچى (ئەمەلىيەتتە رەھبەر) ھېسابلاپ، نېمىلا قىلسا ئۇنىڭ
مەسلىھەتىنى ئالىدىغان بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن رەقىپ
گەرچە بىر كونكرېت ئەمەلى بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نەچچە مىڭ
ئەزاسى بار، كۈچلۈك ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ يوشۇرۇن رەھبىرى،
ئارقا تىرىكى بولۇپ قالغان، مانا بۇ ھال ئۇنى چەكسىز خۇشال
قىلغان، ھۇزۇرلاندۇرغانىدى.

ئۇ ئۆيىگە كىرىپ يان قورالىنى يېنىغا ئاستى - دە، ھويلىغا
چىقتى. كېچە جىمجىت، ئەمما سۈرلۈك. ئۇ تامنى ياقىلاپ مې-
ڭىپ، پاكار ئۆيلەردىكى شاپىگرافتا ئىشلەيدىغان قىزلار ياتقى
تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەتراپنى تىڭشاپ باقتى، ئەتراپ جىم-
جىت. ئۇ ئاستا كېلىپ ئىشىك يېنىدىكى دېرىزىنىڭ سوڭۇق ئەينە-

ىكىنى چىقاردى ـ ده ، قولىنى تىقىپ ئىشىكنى ئاچتى . تاشقىرىقى ئۆيـدە ئىكـكى كارىـۋات بار ئىدى ، ئۇ كارىـۋاتلارنىڭ بىرىنى سىيپىدى .

— كىم ؟ — بىر قىز چۆچۈپ ئويغاندى ۋە پىچىرلىدى ، — نېمانچە كەچ كىردىڭىز ؟

بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ ئوقۇغۇچى قىزنىڭ يېنىدىن چىقتى . نۇرغۇن ئەجىر سەرپ قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن بۇ نادان قىز رەقىپىنىڭ ھاياتقا بولغان تەلپىنىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان چې-غى ، ئۇ ئاسماندىكى يۇپقا بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان تولۇن ئايغا قاراپ ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتتى . «گۈزەلئاي ، شۇنچە ئىز-چىشتىم ، لېكىن تېخىچە تىنىقىڭ يۈزۈمگە ، چاچلىرىڭ بەدىنىمگە تەگكىنى يوق ، ماڭا ھازىر بىر سەنلا ، بىلەمسەن ، بىر سەن گۈزەل-ئاي كەملىك قىلىسەن ! — دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ ، — نېمىنى كۈتىسەن ، يەنە شۇ ئەلا دېگەن چالا ئۆلۈك ئىتنىمۇ ؟ ياكى قۇشمۇ مەڭگۈ ئۆتەلمەيدىغان پولات سىپىلنىڭ غەربىدىكى ئاتا ـ ئاناڭنىمۇ ؟ پۇل بەرسەم ئالمايسەن ، تېخى سىزنىڭ پۇلىڭىز مېنى بىر قېتىم بەختسىز قىلدى ، ئەمدى تەكرارلانمىسۇن دەيسىنا ؟ لايغا مىلىنىپ قۇرۇلۇشتا ئىشلەپ ، يالاڭغىداق ، چىت كۆڭلەك بىلەن ماڭساڭمۇ ، ماڭا خۇددى پۈتۈن ئاسماننى سەنلا يورۇتۇۋاتقاندەك كۆرۈنىسەن ! ئاھ ، گۈزەلئاي ، ئىككى قېتىم ئۆيلەندىم ، ساناپ باقسام ئوتتۇز تۆت ئايال بىلەن ئالاقىدە بوپتىمەن ، ئۇلارنىڭ ئالتى-سىدىن بالا تېپىپتىمەن ، ئىككىسىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بوپتى-مەن ، بىراق نېمىدىن قورقىمەن ؟ مەن ئۇلارنى زورلىمىدىم ، ماگ-نىتقا تۆمۈر پارچىلىرى تارتىلغاندەك ئۇلار ماڭا تارتىلدى . مەن ئۇ ئىشلىرىم ئۈچۈن پەخىرلەنسەم بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، قايسى ئەر بۇنداق قىلمايدۇ ؟ ئوتتۇز تۆت دېگەن قانچىلىك سان ؟ ھەممىسى ئۆتكەن ئىشلار ، ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن كىم ھېساب ئالىدۇ ؟

ئىشقىلىپ ، سەن گۈزەللىكىي ماڭا كۆڭۈل بەرسەڭلا ، مەن بۇنىڭدىن كېيىن جىنايەت ، گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىپ قالالايتتىم . مېنى سەنلا خاتالىقتىن ، پەسكەشلىكتىن ساقلاپ بەختلىك قىلالايدىغان . لېكىن سەن ئاسماننىڭ قەرىدە ، مەن مۇنۇ پاسكىنا يەر ئۈستىدە . ھەرقانچە قىلساممۇ ساڭا قولۇم يەتمەيدۇ... »

بىرى يۆتەلدى ، ئۇ خىيالدىن سەگىدى .

— يولداش رەقىپمۇ؟ ... — رەسىمدىيەت كۆلكىسىمۇ ئاڭلاندى .

— لاۋجاڭ ! — دېدى رەقىپ ئۇ تەرەپكە مېڭىپ ، — سىزمۇ ئۇخلىيالماپسىز - دە ؟

— بىزنىڭ قوراللىق قىسىملار بۇلاپ كەلگەن ئۇن بىلەن ھەسەلنىڭ دېرىكىنى قىلغىنى نېمىسى لاۋرې ؟ ئاممىۋى ھەرىكەت تۇرسا ، چوڭ يۆنىلىشكە قاراش كېرەك - دە ، بۇ سىياسىي كومىسسارمۇ تازا !...

— قورقماڭ ، لاۋجاڭ ، بۇنىڭ چارىسى ئاسان ، ئەمما لېكىن ئەركىن بازاردا ساتقۇزۇپ پۇلىنى بۆلۈشۈۋېلىپ يامان قىپسىلەر - دە ، سىز قانچە ئالدىڭىز ، لاۋجاڭ ؟

— ئالمايمەن دېسەم ئۇناشمىدى ، ئىككى مىڭ يۈەن ئالغان . ئورنى بار ، تۆلىۋېتىمەن .

— ئىشىنىمەن ، ئىشىنىمەن . قورقماڭ ، ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلسا ، سىز جەزمەن بىرىنچى مۇئاۋىن جۇرىن بولىسىز ، ئۇ چاغدا بۇ ئىشلارنى كىممۇ تىلغا ئالار ؟

— كىممۇ دېگىنىڭىزنى ، ئاشۇ كومىسسارچۇ ؟ چىرايىدىن مۇز ياغىدىغان ئادەمكەن ئۇ . ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئاشۇ گاۋ جېڭۋېي جۇرىن بولىدىغاندەك قىلىدۇ . ئۇنىڭ قولىغا قالساق ، بىزگە ياخشى كۈن يوق .

— نېمىشقا؟ بىز بىر پەي ، كۆزقارىشىمىز ئوخشاش تۇرسا؟

— پەيىنىڭ ئىچىدە مەزھەپ بار ـ دە؟ ئۇ دېگەن كاللىسى گرانىت تاشتەك قاتقان يەنە ماركىلىق كونا ئەبلەخ، پىت ـ سىركىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىدۇ. لاۋرې، كىم بىلىدۇ، تېخى سىزنىڭ بايا شاپىگراف بۆلۈمىدىن چىققىنىڭىز، ئۇنىڭ دەپتىرىگە چۈشۈپ بولدىمۇ تېخى؟

رەقىپنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، لاۋجاڭ؟

— ئۆزۈمچىلا دەپ قويدۇم لاۋرې، بۇمۇ سىزنىڭ مېنىڭ نەچچىلىك پۇل ئالغىنىمنى سوراپ باققاندەكلا بىر ئىش دەگە!

— ها... ها... ها! — رەقىپ يالغان كۈلدى، — لاۋجاڭ، گۇمانىڭىزمۇ ئورنى بولسۇن ـ دە، خاتىرجەم بولۇڭ، سىز تېخى پارتكوم قۇرۇلسا شۇجىمۇ بولالايسىز.

— بىز تېخى پارتىيىگىمۇ كىرمىگەن لاۋرې، سىزدەك پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىدىن بىزگە ئاشماس.

— پارتىيىگە كىرمىگەن بىلەن نەچچە ھوقۇقدارنى پارتىيىدىن قوغلاشنى تەستىقلىغانسىز، ھازىر رامكا يوق. ئاۋۋال شۇجى بولۇپ، كېيىن پارتىيىگە كىرسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ.

— بۇ ئىشتا سىز كۆپرەك ياردەم قىلارسىز لاۋرې، بىرىنچىدىن، سىز كونا پارتىيە ئەزاسى، ئىككىنچىدىن، كومىسسار بىلەن ئالاھىدە يېقىن.

ئۇلار قارىماققا دوست، ئەمەلدە بىر ـ بىرىگە دۈشمەن. ئۇلارنىڭ مەنپەئەت ئورتاقچىلىقىمۇ بار، تالىشىشىمۇ بار، ئۇلار بىر ـ بىرىگە بېقىنىدۇ، نۆۋەتتە كەلسە بىر ـ بىرىنى تىرىك كۆمىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ چىرايلىق گەپلىرىمۇ، كۈلكىسىمۇ يالغان. ئۇلار يېرىم كېچىدە بىر ـ بىرىگە نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىشىپ، ھەر كىم ئۆز ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىشتى، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئۇخلىيالمىدى. رەقىپ بۈگۈن نېمىشقىدۇر بىئارام،

ئالاقزادە ئىدى . ئۇ خۇددى ھازىرلا بىرى دېرىزىسىدىن سەكرەپ چۈشىدىغاندەك چۆچۈپ ، قورقۇپ تۇراتتى . ئۇ ھېلىقى شاپىگرافتا ئىشلەيدىغان قىزنىڭ : «مېنى ئەخمەق قىلىسىز ، مەندىن ساق قۇتۇلالمايسىز جۇمۇڭ !» دېگەن سۆزىدىن قورقتىمۇ ياكى بايىقى بىرىنچى نومۇرلۇق خىزمەتچىنىڭ : «سىزمۇ كومىسسارنىڭ دەپتىرىدە» دېگەن سۆزىدىن قورقتىمۇ؟ بۇنىسى ئۆزىگە قاراڭغۇ . ئىشىلىپ ، ئۇ قورقماقتا ، چۆچۈمەكتە .

تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئۇ ئاخىر ئىككى قوراللىق ئوقۇغۇچىنىڭ ھىمايىسىدە كومىسسارنىڭ يېنىغا — قوراللىق قىسىملار بۇسى تەرەپكە ماڭدى . ئۇ بايىقى جاڭدىن بۇرۇنراق بېرىپ ، ئىككى مىڭ سوم توغرىسىدا كومىسسارغا دوكلات بېرىپ قويۇشى كېرەك . بۇ ئۇنىڭ «ۋىجدان» ئالدىدىكى بۇرچى . ئۇ جىمجىت كوچىدا ئىككى قوراللىق يىگىتنىڭ ھىمايىسىدە غاچ ـ غاچ دەسسەپ ماڭغاندىلا ، ئۆزىنى ئەھمىيەتلىك ئىشقا ماڭغان ، دۆلەت ، خەلق ئۈچۈن ناھايىتى زور ئىش قىلىپ بېرىۋاتقان ئادەم ھېسابلاپ ، چىن يۈرىكىدىن خۇشال بولدى . خۇشاللىق ھەممىگە زۆرۈر ، لېكىن ئۇنىڭ مەنبەسى ، مەنىسى ھەر خىل بولىدۇ . بىرلىرى ئەمگىكى ، ھالاللىقى بىلەن خۇش بولىدۇ ، بىرلىرى باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياردىمى ياكى كۆپچىلىك ، ۋەتەن ، خەلقنىڭ روناق تېپىشى بىلەن خۇشال بولىدۇ ، يەنە بىرلىرى بولسا ، باشقىلارنىڭ پالاكىتى ، ھالاكىتى ، ئۆزىنىڭ شۇملۇقى ، رەزىللىكى بىلەنمۇ خۇشال بولىدۇ ، ئەلۋەتتە يەنە بىرلىرى ئۆز راھەت ـ پاراغىتى ، پايدا مەنپەئىتى بىلەن خۇشال بولىدۇ .

رەقىپنىڭ نېمىگە خۇشال بولغىنىنى كىتابخان ئۆزى بىلىۋالسۇن ، بىز ئۇنىڭ كومىسسارنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ ، ئۇيەرگە كىرىش جەريانىغا ۋاقىت سەرپ قىلمايلى ، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنىنى ، ئەينەن خاتىرىگە تىركەپ قويايلى .

كومىسسار — ئېگىز بوي ، دۈمچەكرەك ، چاسا يۈز ، يوغان باش ، چىشاڭراق ، ئەللىككە يېقىنلاشقان ئادەم . ئۇ رەقىپنى سوغۇقلا كۈتۈۋالدى ۋە مۇھاپىزەتچىلەرگە كېتىشنى ئىشارەت قىلدى .

— خوش ، نېمە ئىش ؟ — دېدى ئۇ ئەسنەپ قويۇپ . رەقىپ ئاۋۋال ئۇنىڭغا پاپىروس تۇتتى ، ئاندىن كېيىن چاقماق چېقىپ ئوت سۇندى ، ئاخىرىدا ئۆزى ئېجاد قىلغان غەلىتە قىياپەتتە كۈلۈپ قويدى - دە :

— جاڭ فىيشۈەن (هېلىقى لاۋجاڭ ) بىزنىڭ پەيگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بۇزۇق كاتتىۋاش . ئۇنىڭ بۇلاڭچىلىق قىلىش ، پاچاقلاش ، ئۇرۇش - قىيناش قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتلىرىدىن كونكرېت ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق ، مەن سىزگە سانلىق مەلۇماتلارنى ئېيتىپ بېرەي ، — دېدى .

كومىسسار ئادىتى بويىچە ئىشتىنىنى تىزدىن يۇقىرى تۈردى - دە ، تۈكۈرۈپ قويۇپ رەقىپكەقاراپ بېشىنى ئىرغىتتى . رەقىپ دەپتىرىنى ئېچىپ قويۇپ ئاي ، كۈن ، ئورۇن ، قاتناشقۇچىلار ، ئاشلىق ، گۆش ، ماي ، ھەسەللەرنىڭ سانى ، سومىسى قاتارلىقلارنى بىرمۇبىر ئېيتىپ چىقتى . كومىسسار ئارىلاپ - ئارىلاپ دەپتىرگە بىرنېمىلەرنى يېزىپ قويدى . رەقىپ توختىغاندىن كېيىن ، ئۇ يەنە بىر قېتىم تۈكۈرۈپ قويۇپ :

— ئەمەلىيلەشكەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— يۈز پىرسەنت ئەمەلىيلەشكەن ، گاۋ جېڭۋېي .

— بىز تەكشۈرۈپ كۆرەيلى .

— بولىدۇ ، گاۋ جېڭۋېي ، دەرھال تەدبىر قوللانمىساق ، خۇڭزاۋخۇيچىلارنىڭ ئېغىزىنى باسالمايمىز .

— ھىم ، ئەتە بىر ياقۇقا كېتىپ قالماڭ ، خۇڭزاۋخۇيچىلار سىلىڭبۇسىغا بېرىپ ئىنقىلابىي چوڭ بىرلىشىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ كېلىمىز . سىزمۇ بىللە بېرىڭ !

— بولىدۇ ، گاۋ جېڭۋېي ، يەنە قانداق يولىيورۇقىڭىز بار ؟

— ھىم ، — ئۇ يەنە بىر قېتىم توكۇردى ، — بىر مۇھىم ئىش بار ، جاڭنىڭ ئىشى ئۇنچىلىك مۇھىم ئەمەس ، مۇنۇ ئىش مۇھىم .

— قانداق ئىش ، جېڭۋېي ؟

— بىر ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات بۇ يەردە ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ . ئۈرۈمچىدىن ئۇلارنىڭ مۇھىم ئادەملىرى ئىلى رايونىغا كەلگەن . ئۇلار چەت ئەل بىلەن ئالاقە باغلاپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى . سىلەرنىڭ خىزمەت كۆرسىتىدىغان ۋاقتىڭلار كەلدى . ياخشى خىزمەت كۆرسەتسەڭلار ، پارتىيە ، خەلق سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى يەردە قويمايدۇ .

— ھەرقانداق خىزمەتكە ، زۇرۇر تېپىلغاندا جېنىمنى قۇربان قىلىشقىمۇ تەييارمەن ، گاۋ جېڭۋېي !

— مەركەزدە بىر رەھبىرىي يولداش : «شىنجاڭدا ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەن كالا توكىدىن تولا» دەپ بىكار ئېيتمىغان . چەت ئەل ئىشپىيونلىرى ، ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىراقلا ئۇۋىسىدىن چىقتى . مۇنۇ رەسىمدىكى ئادەمنى كۆرگەنمۇسىز ؟

رەقىپ رەسىمنى كۆردى - دە ، خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى :

— تونۇيمەن ، گاۋ جېڭۋېي ، بۇ ئەبلەخنى مەن يېقىندىلا بىر توپ چىلبۆرىلەرنىڭ ئارىسىدا كۆردۈم .

— مۇنداق دەڭ ، ناھايىتى ياخشى .

— ئەتلا تۇتايلى ، گاۋجېڭۋېي .

— ياق ، ئالدىرىماڭ ، ھازىرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئادەم كىرگۈزۈڭ ، ياخشى ئىشلەڭ ، يولداش رەقىپ . ئىنقىلابىي كومىتېت قورۇلغاندا ، مەن سىزنى خەلق ئامانلىق ساقلاش گورۇپپىسىغا مەسئۇل قىلىمەن .

ئۇ تالاغا چىققاندا ئاي غەربكە قىيشىيىپ، قاپقارا كۆرۈنىدىغان دەرەخلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغانىدى، رەقىپ ئايغا قاراپ ئەسەبىيلەرچە خۇشاللىق بىلەن سۆزلىدى:

— خوشلىشىشقا ئالدىرىماڭ گۈزەلئاي، پات يېقىندا رىشتىڭىز قاتتىق باغلانغان بىرى بىلەن خوشلىشىسىز، مەڭگۈلۈككە خوشلىشىسىز.

ئۇنىڭغا ناھىيىلىك پارتكوم بىناسى ئالدىدا يەنە لاۋجاڭ ئۇچرىدى. بۇ قېتىم ئۇلار بىر - بىرسىگە قارىشىپ تەنە بىلەن دىمىققىدا كۈلۈپلا قويۇشتى.

كىمنى قانداق يول بىلەن نادىروفنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ ئىشەنچىسىگە ئىگە قىلغۇلۇق؟ بۇ ئىش ئۇچۇن رەقىپ ئىككى كۈن باش قاتۇردى. ئۇ چۈشلۈكى بازاردا، سودا ئىدارىسىنىڭ ئاشخانىسىدىن غىزالىنىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قۇرماشنىڭ مۇرىسىگە ئېسىلىپ نالە قىلىۋاتقان نامەتنى كۆرۈپ قالدى.

نامەت خوتەندىكى ئايالىنى قويۇۋېتىپ، بىر قىسىم پۇل ۋە گىلەملەر بىلەن غۇلجىغا قايتىپ چىققۇالغان، ئۇ نورغۇن پۇللۇق سودىگەر سۈپىتىدە غۇلجا شەھىرىدە تىلغا ئېلىنغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلانغاندا، يېڭىدىن سېتىۋالغان قورۇ - جايى ئاختۇرۇلغان ۋە خېلى نۇرغۇن ماللىرى مۇسادىرە قىلىنغان. بۇ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۇ خەنزۇ بازىرى بىلەن تاشلەپكە ئارىلىقىدا ئوقەت قىلىپ يۈرۈپ يەنە بېيىۋالغان. ئۇ يېقىندا غۇلجا شەھىرىنى خەتەرلىك ھېسابلاپ، بۇ ناھىيىنىڭ ئارقا كوچىسىدىن بىر قورۇ - جاي سېتىۋېلىپ، «گۆشكۈ ئەزاسى» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرمەكتە ئىدى. بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ناھىيىدىكى «ھوقۇق تارتىۋېلىشقا تەييارلىق قىلىش كومىتېتى»نىڭ قوراللىق «جەڭچى»لىرى ئۇنىڭ ئۆيىنى يەنە ئاختۇرۇپ، نۇرغۇن ئاشلىق

بىلىتى ، پۇل ، ئالتۇن قاتارلىق ماللىرىنى بۇلاپ كەتكەن . ھازىر ئۇ قورماشقا نەق مانا شۇ زىيانلىرى ئۈستىدىن ھال ئېيتماقتا ، قولى بىلەن رەقىپنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ جونۇماقتا ئىدى . رەقىپ ئۇنىڭغا قارىدى . نامەتنىڭ ساقال - بۇرۇتى ئۆس- كەن ، كۆزلىرى ھازىرلا كېسەلدىن قوپقاندەك ئىلىنشاڭغۇ . ئۇ شەپكىسىنى تەتۈر كىيىپ ، ئالدى چاچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ، پاتقاقتا مىلەنگەن رېزىنكە ئۆتۈك ئىچىدىكى پۇتلىرىنى سەل - پەل ئېگىپ ، توقۇلما ياقىلىق كونا چىبەرقۇت چاپان ، يېڭىدىن ئارانلا چىقىپ تۇرغان قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەۋاتاتتى .

«ھىم ، — دەپ ئويلىدى رەقىپ خۇشال بولۇپ ، — مانا بۇ بولىدۇ ، تازا جايىدا» . ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، «شتاب»قا قاراپ ئالدىراپ ماڭدى .

شۇ كۈنى كېچىدە ، ئۇ نامەتنىڭ بۇك دەرەخلىك چوڭ باغ ، چىتلانغان تاملىرى بار قورۇسى ئالدىغا كېلىپ ، بىللە كەلگەن ئىككى مۇھاپىزەتچىگە يىراققا كەتمەي مۆكۈنۈپ تۇرۇشنى جېكىپ ، قوش قاناتلىق ئىشىكنىڭ يوغان تۆڭگىسىنى شاراقلاتتى . ئىشىك- تىن ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن بىرىنىڭ ئاۋازى توم ، بىرىنىڭ ئاۋازى ئىنچىكە ئىككى ئىت خۇددى رەقىپنى يەۋېتىدىغاندەك غەزەپ بىلەن ھاۋشىدى . رەقىپ ئىشىك يوچۇقىدىن قارىدى ، پېشايۋان ئاستىدى- كى ئۆي ئىشىكى ئېچىلغانلىقىنى كۆردى .

— ئاقتۇش ، سامىكا ! — نامەت ئىتلىرىغا ۋارقىرى- دى ، — كىم ؟

— بۇ مەن ، رەقىپ .

— رەقىپ ، رەقىپ بۇجاڭمۇ ؟... ئىشىڭىز بارمىدى ... —

رەقىپ نامەتنىڭ قورقۇپ ھودۇقۇۋاتقىنىنى سەزدى .

— قورقما ، نامەت . مەن سېنى تۇتقىلى كەلمىدىم ، ياردەم قىلغىلى كەلدىم .

— سالامەتمۇ، بوۋجاك؟ — نامەت ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن دۇدۇقلىدى، — ئىش ـ پىش...

— ساراڭ بولدۇڭمۇ نامىتەك. ئۆيۈڭگە باشلا، مېھمان بولغىلى كەلدىم.

— بىئەپ بوۋجاك، باشقا كۈنى... ھى... ھى... ھى...

— ۋاي خۇنپەر. كەكلىك سوقۇشتۇرماقچىمەن دېگىنە، ھېچقىسى يوق، يۈر، ئىتلىرىڭنى توسا، يېرىم سائەت ئولتۇرۇپلا قايتىمەن. ئاۋۇ «مېكىيان»نى بىر ئامال قىلىپ يېرىم سائەتلىك يولغا سال.

نامەت ئامالسىز رەقىبنى ئۆيىگە باشلاپ كىردى. دالان ئۆيدىن زىلۋا، چىرايلىق بىر چوكان ئىچكەركى ئۆيگە قاراپ ماڭدى. رەقىپ دەرھال چوكان بىلەن كۆز ئۇچراشتۇردى. چوكان رەقىپكە تونۇشتەك قىلدى، ھە، راست، بىر قېتىم ناھىيىدىن ئاپتوبۇستا بىللە كەلگەن، رەقىپ ئۇنى دۆڭ مازاردا مېھمان قىلغان ئەمەسمىدى. رەقىپ دالان كېيىندىن ئورۇن ئالدى ۋە ئۆيگە سىنچىلاپ قاراپ:

— نامەت ئاداش، يېڭى كېلىن جايىدىكەن. قارا، ئۆيۈڭنى مايلىغاندەك تۇتۇپتۇ، — دېدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن تۇتار تېخى، بوۋجاك، تونۇشقىلى ئىككى كۈن بولدى، ئۆيگە بىرىنچى قېتىم كېلىشى.

— بەللى، شۇڭا ئۆيۈڭنى مەندىن قاچۇرغان ئىكەنسەن ـ دە؟

— چىقىشىپ قالسام نىكاھلىنىمەن، بوۋجاك، ئەمدى...

— قانچىنچىسى بولىدۇ؟

— نىكاھلانسام، خۇدايىم بۇيرۇسا ئالتىنچىسى ـ دە.

— نىكاھلانمىغانلارنىڭ قانچىنچىسى؟

— ھى... ھى... ھى... بوۋجاك، قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز ـ دە.

ئۇ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ پىچىرلىدى، خېلىدىن كېيىن

ھېلىقى چوكان توقۇلما پالشوپكا كىيىپ دالانغا چىقتى ۋە رەقىپكە قاراپ ئالتۇن چىشىنى كۆرسىتىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، سۇنئىي نازۇكەرەشمە بىلەن ھويلىغا قاراپ ماڭدى. قىسقا تۇجۇركىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېگىز - پەس ئېتىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن نامەتمۇ ماڭدى. ئۇ تاپىسىدا تۇرۇپ رەقىپكە قايرىلدى.

— بەش مىنۇت تەخىر قىلىسىز - دە، مەن ماۋۇنى قاراڭغۇلۇقتىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپلا...

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن رەقىپ قىلىدىغان ئىش تاپالماي رامكىغا ئېلىنغان ئەينەك ئىچىدىكى رەسىملەرنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئالتە يىگىت بىلەن چۈشكەن رەسىمگە قادالدى. ئۇلار بىر خىل خادانىدىن ئىشتان، چاپان كىيىشكەن، يالاڭۋاشتاق، نامەتتىن باشقىلىرى چاچ قويغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. رەقىپ بارمىقى بىلەن ئالدىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قوشۇمىسىنى تۇرۇپ جىددىي قىياپەتتە تۇرغان يىگىتنىڭ يۈزىگە نوقۇدى:

— ھاشىر، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن، — سەن تېخى بۇ ناھىيىنىڭ بىرىنچى شۇجىلىقى، بۇ يەردىن ئۆسۈپ ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ نازىرلىقى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى كۆزلەۋاتىدىغانسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن دۈم يېتىپ - دۈم قوپۇپ، ئېتىز - خامانلاردا يۈرۈيسەن، لېكىن سېنى كەلگۈسىدە مەنسەپ ئەمەس، تۈرمە، جازا، مىلتىق ئوقى كۈتۈپ تۇرغىنىنى ئويلاپمۇ قويمىغانسەن - ھە؟ سەنچۇ، ئەلا؟ ئاڭلىسام، ھېلىھەم كۈنگە نەچچە سائەتلەپ كىتاب ئوقۇپ، ماقالە يېزىپ، چەت ئەل تىلى يادلىغۇدەكسەن، سەنمۇ كەلگۈسىدە بىلىمدە تەڭدىشى يوق ئالىم بولۇپ، يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن زور مۇنار تىكلەپ، ئۆلمەس ئادەمگە ئايلانماقچىمۇ؟ ياق، مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزمەيمەن، سېنى پات يېقىندا توپا چىشلىتىمەن.

سېنى بۇ تەقدىردىن ھېچكىم قۇتۇلدۇرۇۋالالمايدۇ . ساڭا پۇتۇلگەن بەختتىن مەن رەقىپ بەھرىمەن بولىمەن . ساڭا بېرىلمەكچى بولغان شان ـ شەرەپ ، ھەتتا سېنىڭ ئايالىڭمۇ مېنىڭ بولىدۇ . ھە ، سەن قورماش ، ماۋۇ بۇدۇر چاچ ، مۇنۇ سەھرالىق تارمۇش ، سەنلەرچۇ ؟ مەن سەنلەرگىمۇ ھاشىر ، ئەللارنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداشنىڭ نېمىلىكىنى كۆرستىپ قويىمەن . سەنلەرگە تۇرمىنىڭ بۇرگە ـ چۇسلىرى بىلەن تەكلىماكان قۇم ـ بورانلىرىنىڭ بېرىدىغان مۇ- كاپاتى بار تېخى . سىلەرنى يېقىن كەلگۈسىدە بۇ مۇكاپات كۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . سەنچۇ ، نامەت ئاداش ، ياخشى خىزمەت قىلساڭ ، تەلىيىڭ ئوڭدىن كەلسە ، ھازىرقىدىن ياخشى كۈن كۆرسەن ، ناۋادا پېشانەڭ كاج بولۇپ گۇڭچەنداڭنىڭ ھەقىقىتى ئۆز كۆچىنى كۆرسەتسىچۇ ؟ ئۇ چاغدا رەنجىمە ، مەن سېنى دالدا قىلىپ ئۆزۈمنى قوغدايمەن . سېنىڭ جەستىڭ مېنى قوغدىشى كېرەك . ھەي ، بەختسىز بەندە ، ماڭا ئۇتۇق تىلە ، مېنىڭ سايەم ساڭا ساراي بولالايدۇ...

ھويلا ئىشكى غىچىرلىمىغان ، ئىككى ئىت باغلاقتا تۇرۇپ ئىگىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەركىلەپ غىڭشىمىغان بولسا ، رەقىپ يەنە نېمىلەرنى سۆزلەيتتىكىن . ئۇ نامەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ رە- سىمنى جايىغا قويۇپ ، شەپكىنى كۆزىگە يېپىپ ئۇخلىغان بولۇپ ئوڭدا يېتىۋالدى .

— رە بۇجاڭ ، — دېدى نامەت ئىشىكتىن ھىجىيىپ كىرىپ ، — قېنى تۇرۇڭ ، ئاۋۋال ئىككى رومكىدىن ئىچەيلى .

رەقىپ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئۆرە بولدى ، ئۇنىڭ ياپما قاپاقلىرى ئاستىدىكى قىيسىق كۆزلىرى نامەتكە قادالدى .

— قېنى ، قۇيغىن ئەمىسە ، زاكۇسكاڭ نېمە ؟ قوي بېشىمۇ ؟ جايىدا .

«ئىككى رومكا» بىلەن ئىش تامام بولمىدى ، ئۇلار قىرلىق

رومكىدا بىر ـ بىرىگە سالامەتلىك ، ئۇتۇق ، بەخت تىلەپ ئورغۇن ئىچىشتى . ئاخىر رەقىپ ئېيتىدىغان گەپلەرنى يىغىنچاقلاپ خۇلا ـ سىلىدى :

— شۇنداق ، ئاغىنە ، — دېدى ئۇ نامەتكە تىكىلىپ تۇرۇپ جىددىي ۋە سۇرلۇك قىياپەتتە ، — بۇ بىر قاتتىق سىناق ، جىددىي ۋەزىپە ، سەن هاياتىڭ بىلەن هېسابلىشىپ ئىش قىل . سەن زەربە يېگەن ، بىچارە قىياپەتتە نادىروفقا هال ئېيتىسەن ، ئۇنىڭ ئىشەنچ ـ سىگە ، دىققىتىگە ، ئاخىرىدا ئىشلىتىشىگە ، سىر ئېيتىشىغا سازا ـ ۋەر بولىسەن . بىزگە ئەهۋالدىن دوكلات قىلىمەن دەپ ئاۋارە بول ـ ما ، بىز سېنى بىرنەچچە قېتىم قولغا ئالىمىز . «دوكلات»نى شۇ چاغدا قىلىسەن ، ئەمما سەن تېزلا سولاقتىن «قېچىپ» كېتىسەن ، بىز سېنىڭ سۇرىتىڭ بېسىلغان ۋەرەقىنى هەممە يەرگە تارقىتى ـ مىز ، هەممىلا ئادەم سېنى «خەتەرلىك» دەپ بىلىدۇ . سەن شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئالالايسەن . سەن ئۆزۈل ـ كېسىل ئازاد بولۇپ چىققان چاغدا ، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل ـ مېلىڭ ، ئىش هەققىڭ ، مۇهىم ئورۇندىكى خىزمىتىڭ هەممىسى ئەسلىگە كېلىدۇ . ئۇ چاغدا ، بىزنىڭ ئورتاق دۈشمەنلىرىمىز ، هاشىر ، ئەلا دېگەنلەر يەر يۈزىدە يوق بولىدۇ . ئاداش ، شۇ چاغدا هاراقنىڭ قالغىنىنى ئىچىمىز ، قانداق ؟ ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكى ـ لات ئەزالىرىنى بىزگە تۇتۇپ بېرىشتە هۆكۈمەت ، خەلق ئالدىدا جانىنى پىدا قىلالايمەن ، دەپ قەسەم ئىچەلەمسەن ؟

— ئىچەلەيمەن ، بۇجاڭ !

— چاندۇرساڭ ، خائىنلىق قىلساڭچۇ ؟

— بېشىم جادۇ ئاستىدا ، بۇجاڭ .

— يادىڭدىمۇ ، ۋەزىپەڭ نېمە ؟

— يادىمدا : ××× لار باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇهنىڭ ئىلى رايونىدىكى قارا قولىنى كېسىپ تاشلاش !

— ئۇسۇلۇڭ نېمە؟

— نادىروفنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ يۇرىكىگە كىرىش!

— نىشان؟

— ھاشىر، ئەلا!

— يارايسەن، نامەت! سەن بىلەن بىز بۇ خىزمىتىمىز ئۈچۈن جەزمەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئالدىدا مۇكاپاتلىنىمىز. ئېسىڭدە تۇت، ناۋادا ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە كىرەلمىسەڭ، پارقىراق تاشنى گۆھەر قىلىپ كۆرسىتىشكىمۇ تەييارلىنىپ قوي.

— خوپ.

— چۈشەنگەنسەن؟

— چۈشىنىمەن، مەن سودىگەر. يالغان مالنى راست مال دەپ سېتىش بىزنىڭ ھۈنىرىمىز، خاتىرجەم بولۇڭ. مېنىڭ ئۇلارغا بولغان غەزىپىم سىزنىڭكىدىن كەم ئەمەس!

— يارايسەن، ئەمدى مەن كېتەي.

ئىتلار ھاۋشىدى، نامەت ھويلا ئىشىكىگە قاراپ يۈگۈردى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئاياللار بىلەن بىللە قايتىپ كىردى. بۇ قېتىم ئىككى چوكان نامەت بىلەن بىللە كىرگەنىدى. چوكانلار ھاراق بىلەن قىزىرىپ رەڭ تۈزىگەن رەقىپكە ناز ۋە قىزىقىش بىلەن قاراپ قويۇپ ئىچكەركى ئۆيگە مېڭىشتى. رەقىپ ئاياللارغا تىكىلىپ شەھۋانە نەپسانىيىتى بىلەن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ۋە ھىجايدى.

— ئەمدى، رە بۇجاڭ، ئويۇننى تاڭ ئاتارغا ئۆزگەرتسەك قانداق؟

— تازا كەلگەن يېرىكەن، ئاۋۇ كەينىدىكىسى...

— سىزنىڭ.

— بىراق، بۈگۈن بولمايدۇ، بۈگۈن جىددىي ئىشىم بار، بىلەمسەن، بۇ تاماشىمىز تېخى ئالدىمىزدا، بىز نۇرغۇن قېتىم

بىللە بولىمىز !

ئۇ ئىككى قوراللىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، ئىككى تەرد-
پى شاخ ئايرىغان قېرى ئۆرۈكلەر بىلەن تولغان جىمجىت كوچىدا
كېلىۋېتىپ ، نامەتىنىڭ ئۆيى تەرەپكە يېنىش - يېنىشلاپ قارىدى .
نامەتىنىڭ بېغىدىن سۇس چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ
خۇددى بىر مۇھىم نېمىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ، ئۇ ئۆيدىن مېھ-
رىنى ئۈزەلمەيۋاتاتتى . ئۇنى يېپىسىز ئۆزىگە باغلىۋالغان زادى نې-
مە ؟ ھېلىقى ئىككى جۈپ ئوتلۇق كۆزلەرمۇ ياكى نامەتكە ئېيتقان
ۋەزنى ئېغىر سۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋەھىمىسىمۇ ؟ بۇنى ئەلۋەتتە
رەقىپ ئۆزىلا بىلىدۇ - دە .

يەنە شۇ ئورۇق مالىنىڭ چاۋا يېغىدەك يۇپقا ، ئالاڭغۇ بۇلۇت
بىلەن قاپلانغان ئاسمان ، بۇلۇتلار كەينىگە يوشۇرۇنۇپ چىققان
نازلىق چوكاندەك جىلۋىلىك تولۇن ئاي . رەقىپ يەنە ئايغا قارىدى .
ئۇ بۇ قېتىم ئايغا قارىغاندا ، يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان ھارارەت ئىچىدە
بىر خىل تولىمۇ سوغۇق ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ، تۇمۇردەك
ئېغىر ئۈيۈتمىنىڭ بارلىقىنى سەزدى . بۇ نېمە؟ بۇ ئەلۋەتتە رەقىپ-
نىڭ ئۆزىگە بەلگىلىك بولغان ۋىجدان ، ئىنسانىي تۇيغۇ ئوتى ئىچىد-
دىكى ئازاب داشقىلى . ھاشىر ئۇنىڭغا نېمە يامانلىق قىلدى؟ مەذ-
سەپ لازىم بولسا ، ھاشىر بىلەن تالاشمىسىمۇ ئورۇن كۆپقۇ؟ ئۇ
ئۆزى بىلىدىغان ئادەم بىلەن تالىشىشى ، خۇددى قاغا بۈركۈت ياكى
سا بىلەن ئوزۇق تالاشماي ، نەق ئۆز نەسلى بولغان قاغا بىلەن
تالاشقىنىغا ئوخشاش ئۆز خىزمەتدىشى ، ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلغۇ-
چى بىلەن تالىشىشى كېرەك ئىكەن . بۇ نەدىن پەيدا بولغان قانۇن ؟
ئۇ نېمىشقا ھاشىر بىلەن ئۆچەكىشىپ قالدى؟ ئۇ ھاشىر بىلەن
ھازىرغىچە ھېچ نەرسە تالاشقان ، يامانلاشقان ئەمەس . يەنە نېمە
ئۈچۈن ئۇنى يوقىتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك بولۇپ قالدى ؟
دۇرۇس ، مەنسەپ - ئورۇن ئۈچۈن . ناھىيىدە ھاشىر بولمىسىلا ،

رەقىپ ئىككىنچى قول بولالايدۇ، ئۇچ - تۆت يىل بۇ ئورۇندا تۇرۇپ تۇرسا قىرىق ياشقا كىرگۈچە ئوبلاست، ئاپتونوم رايونلارغا ئۆسەلەيدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنلا هاشىرنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك. هاشىر خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالمىغان، زور ئىناۋەت - ئىشەنچىگە ئىگە بولمىغان بولسا، بەلكىم ئۇ رەقىپنىڭ بۇنچىلىك خەتەرلىك دۈشمىنى هېسابلانمىغان بولار ئىدى... ئەلاچۇ؟ ئەلاغا بىر چىرايلىق قىز كۆڭۈل بەرگىنى ئۈچۈنلا، ئۇ رەقىپنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالغانمۇ؟ ئۇ رەقىپكە قانچىلىك دۈشمەنلىك قىلدى؟ ئادىلەنىڭ قىزنى بىقىۋالغىنى ياكى گۈزەلئاي بىلەن توي قىلىپ، كېيىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى، ياكى بولمىسا تىرىشىپ ئۆگىنىپ بىلىمگە بېرىلگەنلىكى، بۇ يول بىلەن خەلق ئىچىدە ئىناۋەت تاپقانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ رەقىپكە دۈشمەن هېسابلىنىشى كېرەكمۇ؟ يوقىرىقى ئىشلارنىڭ رەقىپ بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ ئۇ بىردىنلا ئادىلەنى ئەسلىدى: ئۇ چاغ كەچ كۈز، سوغۇق شاماللىق بىر كۈن ئىدى. رەقىپ «شەرقىي مەهەللە»دىكى بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدىن ۋېلىسىپىت بىلەن كېلىۋاتاتتى، تاختا كۆۋرۈكتە ئۇ بىرىگە سوقۇلدى. ئۇ ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ سوقۇلغۇچىغا قارىدى: يۈزلىرى سوزۇنچاق، كۆزلىرى نۇرلۇق، سەل قۇش بۇرۇن كەلگەن ئورۇق ئايال غەزەپ بىلەن رەقىپكە تىكىلدى.

— ئا... ئادىلەمۇ سىز؟

— ياق، ئەمەسمەن، نېمىگە سوقۇلۇپ يۈرىسىز؟ كىشىلەرگە پۇتلىشىشتىن باشقىنى بىلمەمسىز؟

— ئادىلە، توختاڭە، مەن...

— نېمىگە توختايتتىم؟ بېشىمنى كېسىۋېلىڭ دەپمۇ؟

— سىز هازىر نەدە؟

— يەر يۈزىدە!

— دىلئارامنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن...

— نېمە؟ كىمنىڭ ئىسمىنى تىلىڭىزغا ئېلىۋاتىسىز؟ خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ سىزنىڭ دىلىڭىزنىڭ ئارامى ئەمەس، دۈشمىنى. ئۇ چوڭ بولغاندا سىزنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ… ها… ها… ها!…

رەقىپ ھاياتىدا شۇ كۈنكىدەك قورقمىغان. ئادىلە ھازىر نەدىكىن، ئۇ نېمىگە كۈلۈۋىدىكىن؟ دىلئارا رەقىپنى ئۆلتۈرەرمىش. ئۇ ھازىر ئاشۇ ئەلانىڭ قولىدا چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بۇ يىل تۆت ياشقا تولۇپ، بەش ئاي ئاشتى. ئۆز پۇشتىدىن تامغان ئاشۇ قىزنى ھىمايىسىز، تەلەيسىز قىلىۋېتىش رەقىپ ئۈچۈن راھەتمۇ؟…

«گۈزەلئاي، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلۇتلار كەينىگە مۆكۈپ ماڭا سوغۇق قارامسىنا؟ مەن سېنى ئازابقا سالىمەن، بالاڭنى ئۆز دادىسىدىن، سېنى مۇھەببەتتىن مەڭگۈلۈككە مەھرۇم قىلىمەن. مۇھەببەتسىز بەختلىك بولالمايسەن، مۇھەببەت سېنى بەختسىز قىلغانىكەن، ئەمدى سەن بەختلىك بولىمەن دېسەڭ تاش يۈرەك، ھېسسىياتسىز، ۋەھشىي بولۇشۇڭ كېرەك. شۇ چاغدا سەن نۇرلۇق، لېكىن تەپتىڭ يوق، يورۇق، لېكىن مېھرىڭ يوق ھەقىقىي ئاي بولالايسەن…»

ئۇنىڭ يۈرىكىدە ھەقىقەت بىلەن ياسالمىلىق، ئىنساپ بىلەن ۋەھشىيلىك، ئاددىي ھېسسىيات بىلەن مەخلۇقانە ياۋايىلىق ئەنە شۇنداق بىر مەھەل ئۇن-تىنسىز ئېلىشتى-دە، ئاخىر قاباھەت غالىب كەلدى. ئۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، باشقىلاردىن ئۈستۈن بولۇش، ياخشى كۈن كۆرۈش ئۈچۈن، قاباھەتنىڭ قولى بولماي بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى، ئەمدى كەينىگە يېنىشقا ئورۇن يوق.

ئۇنى ئىشخانىدا ئىلى ھەربىي رايونىدىن چىققان ئىككى ئادەم كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇلار رەقىپ بىلەن تولىمۇ قىزغىن كۆرۈشتى.

— ھازىرلا ماڭايلى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى كېلىشتىكى

مەقسىتىنى ئېيتىپ بولۇپ، — ئەتىلا ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كېتىدى.
غان ئىش ئىكەن. سىز ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىرلار ۋەكىللى
سۈپىتىدە، بۇ قېتىمقى ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇش تەييارلىق
گۇرۇپپىسىغا قاتناشتىڭىز. سىزگە ۋابال بوپتىكەن، سىز ناھىيە.
لىك پارتكومدا تەشۋىقات بۇجاڭى بوپسىز، بۇ بەكمۇ كىچىك،
بەكمۇ كىچىك ئورۇن. سىز چۇجاڭ دەرىجىلىك كادىر ئىكەنسىز،
قانداقسىغا كوجاڭ دەرىجىسىگە رازى بولدىڭىز كىنتاڭ؟
رەقىپ بۇ راست گەپلەرنى، ياخشى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ
ئىچ - ئىچىدىن ھاياجانلاندى.
ئۇ ئەتىسى يىگىرمە تۆت كىشىلىك ئايروپىلان بىلەن قىرى
قارىياغاچلار ئارىسىدىكى غۇلجا ئايرودرومىدىن قوزغالغاندا، ئۆزد.
نى چەكسىز بەختلىك، چەكسىز غورۇرلۇق ھېس قىلدى، چۈنكى
ئۇنى ئۇستۇرگەن تۇپراق ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالغانىدى.

## 4

«سالام ھاشىر، مەن ئەمدى سىزنى ھاشىر دېيىشكە
ھەقلىقمەن. چۈنكى ئەمدى سىز مېنىڭ. مەن ھازىر تۇرمىدە
ياتسامۇ سىزنىڭ نامىڭىزنى تەكرار - تەكرار چاقىرىپ تۇر.
غانلىقىم ئۈچۈن خۇددى ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ ئۇ.
چۇپ يۈرگەن كەپتەردەك خۇشالمەن، چۈنكى بۇ يەردە سىز
بىلەن مۇڭدىشىپ، بەختلىك بولۇشۇمغا كاشىلا بولىدىغان
ھېچكىم يوق.
بۇ يەردە مېنىڭ كىتاب ئوقۇشۇم، خەت - خاتىرە يېزد.
شىمغا دەخلى يوق. مېنىڭ گۇناھسىز سولانغىنىمنى بۇ يەر.
دىكى گۇندىپايلارمۇ بىلىدىكەن. ئۇلارمۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشد.
دۇ، تەسەللى بېرىشىدۇ، ۋۇۋوتۇ ئورنىغا ئاق جىڭموما، يېڭى

كۆكتات بېرىشىدۇ . ئۇلار پەقەت يۇقىرىنىڭ باش لىڭشىتىپ قويۇشىنىلا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . مەن توغرۇلۇق نە شىكايەت ، نە تەپتىشىنىڭ ئەيىبلىشى يوق ئىكەن . دادامنىڭ كىتابلىرىنى بۇلىغان يولسىز ئۇنسۇرلارنى تىللىغانلىقىم ۋە بىرىنى بىر شاپىلاق ئۇرغانلىقىم ئۈچۈنلا سولاشقانىكەن ، مانا بىر يىلدىن بېرى نە سوراق قىلىنماي ، نە قويۇپ بېرىلمەي بىكارلا تۇرمى- دە ياتىمەن .

ھاشىر ، سىزنىڭ خەت ـ خالتىڭىز بىلەن يالقۇنلۇق سالىمىڭىزنى ئەلانۇر يەتكۈزۈپ بەردى . بۈرناكۈن دادام بىلەن ئاپامنۇ كېلىپ كۆرۈشتى . ھازىر مەن خېلىلا ئەركىن . بىز ئالتە ئايال بىر كامېردا ياتىمىز . ئالتە ئايال ئىچىدە ئەركىنى- رەك ۋە بايراقى مەن . ئەڭ جىق سوۋغىلار ئۇقۇغۇچىلىرىم- دىن كېلىدۇ . ئۇلار تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنىمۇ كىرگۈزۈپ تۇرىدۇ . بىر توپ ۋەرەقە ئىچىدىن سىز توغرۇلۇق يېزىلغان بىر ۋەرەقىنى كۆرۈپ قالدىم : «... ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىككىنچى شۇجىسى ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان ، كا- پىتالىزم يولىغا ماڭغان بۇ ھوقۇقدار ، ھازىر پۈتۈن ناھىيىدى- كى جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئارقا تىرىكى ، يۆلەنچۈكى بولۇۋې- لىپ ، پۈتۈن ناھىيىدە كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈپ ، ئەكسىل- ئىنقىلابىي قايتا تىرىلىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئالاھىدە ھەرىكەت دۈيى تەشكىللىمەكتە . ئۇنىڭ قانىتى ئاستىغا يوشۇ- رۇنغان پومېشچىك ، باي دېھقان ، بۇزۇق ئۇنسۇر ، ئوڭچى ، يەرلىك مىللەتچىلەر ، شيۇجېڭجۇيىچى ئۇنسۇرلار ھەممىلا جايدا قۇترىشىپ ، ئالاقە باغلىشىپ ، يەر ئاستى تەشكىلات قۇرۇشۇپ ، قورال ۋە ئوزۇقلۇق توپلىشىپ ، ئىچ بىلەن سىرت ماسلىشىپ ، قورغاننى ئىچىدىن پارتلىتىش يولى بىلەن پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى ئاغدۇرۇشنى قەستلەپ ، جىددىي

ھەرىكەت قىلماقتا... ) . مانا بۇلار شۇ ۋەرەقىلەردىن كۆچۈرۈ-
ۋېلىنغان سۆزلەر . نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە ؟ بۇ يالغان
گەپلەر بازار تېپىپ قالسا ، سىزگە زىيان ـ زەخمەت يېتەر-
مۇ ، ھاشىر ؟ مەن سىزدىن تولىمۇ ئەنسىرەيمەن . بەزىدە سىز
توغرۇلۇق قورقۇنچلۇق چۈش كۆرىمەن ، بۇ چۈشلىرىم قور-
قۇنچلۇق خىياللىرىمنىڭ داۋامى بولسا كېرەك . سىرتتا بولۇ-
ۋاتقان غوۋغادىن خەۋىرىم بار . تۆت كېچە ـ كۈندۈز داۋام
قىلغان ئېتىشىش بىزگە ئاڭلىنىپ تۇردى . ھەر قېتىم مىل-
تىق ئېتىلغاندا يېنىمدىكى ياش ئايالنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلاپ
نالە قىلدىم . ماڭا بىزنىڭ گۈزەل شەھىرىمىز كۆيۈۋاتقاندەك ،
بىز دەرس تەكرار قىلىدىغان سالقىن باغلار ، تانسا ئويناشقا
دائىم بارىدىغان قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى (ھازىرقى ئالتىنچى
ئوتتۇرا ) ، دادام ئوقۇغانلىقى ۋە تولىمۇ سۆيگەنلىكى ئۈچۈن
مەنمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان مۇقەددەس جاي ـ بىلىم يۇرتى ،
بىز ئەلا ئۈچىمىز ئايلانغان ھېلىقى بوك تېرەكلىك ، سۇلار
شۇۋىرلىشىدىغان كوچىلار... ماڭا مەڭگۈ گۈزەل تۇيۇلىدى-
غان ، يۇرتىمگە گۈزەل ياشلىقنىڭ ئۈچمەس خاتىرىلىرىدىن
نەقىشلەر ئويۇپ يادىكار قالدۇرغان يەرلەرنىڭ نابۇت بولۇشى ،
مەن ئۈچۈن شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ۋە ئازابلىق... مەن ئېتى-
شىش توختىغۇچە كۈنلەر ۋە تۈنلەرنى كۆز يېشىم ، ۋەھى-
مە ـ ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم . مانا ھازىر ئۇ خەتەرلىك
كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى . ئەلانۇردىن ئاڭلىدىم ، سىزمۇ ،
دوستلارمۇ ئامان ئىكەنسىلەر ، لېكىن ئالتىنچى ئوتتۇرا ،
بىلىم يۇرتى ، خۇددى مەن ئاڭلىغاندەكلا كۆل بوپتۇ . ھاشىر ،
سىز بەلكى مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىڭىزنى مۆلچەر قىلمىغان-
سىز . مەن سىزنى كۈندىن ـ كۈنگە ، بارغانسېرى ، ئەسەبىي-
لەرچە ياخشى كۆرمەكتىمەن ، سېغىنماقتىمەن . سىز مېنىڭ

قەلبىمدە تولىمۇ زور ، تولىمۇ سۆيۈملۈك ، تولىمۇ مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەنسىز . بىز ئۆرۈمچىدە يۈز كۆرۈشتۇق . «بارلىق ئۇقۇشماسلىق ، بارلىق تەڭسىزلىك ئۆتمۈشكە مەن-سۇپ . بىز ھەممىنى يېڭىۋاشتىن باشلايمىز . بۇنىڭغا سىز-نىڭ تۇرمۇشلۇق بولغىنىڭىز ، بالىڭىز ۋە ھېلىمۇ قانۇنلۇق ئەر بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەھرام ئىسىملىك ئارتۇقچە ئادىمىڭىز ھېچقانداق دەخلى بولالمايدۇ» ، دېگەن مەردانە سۆزلىرىڭىز مېنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سىزنى ياخشى كۆرۈشكە ، ساپ ئىنسانىي مۇھەببىتىمنى قوغداشقا تۈرتكە بولۇپ تۇردى . مەن ئاخىر سىز ئۈچۈن ئۆزۈمنى (ئائىلە ) ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلالىدىم : بىزنى مەڭگۈ بەختسىز قىلماقچى بولغان (جاراڭ-لىماس كىشەن ) — نىكاھتىن قۇتۇلۇپ چىقالىدىم . مەن نىكاھتىن ئاجراشقان كۈنۈم سىزنى قانچىلىك ئەسلىدىم -ھە ؟ ناۋادا ، شۇ كۈنلەردە سىز غۇلجىدا بولغان بولسىڭىز ، مەن يېڭىدىن ئۇچۇشنى ئۆگەنگەن قۇش بالىسى ئۆزىنى قەدىر-دان دەرەخ شېخىغا تاشلىغاندەك ، سىزنىڭ قۇچىقىڭىزغا (قوللىرىم تىترەۋاتىدۇ ، يۈرىكىم كۆيۈۋاتىدۇ ) تاشلانغان بولات-تىم ، لېكىن بۇ بەختلىك مىنۇتلار ماڭا نېسىپ بولمىدى . ئۇ چاغدا سىز يىراقتا ئىدىڭىز . سىز غۇلجىغا يۆتكەلگەن كۈنى مەن قانچىلىك خۇشال بولدۇم ؟ سىز بىلەن كۆرۈشكەن كۈنى كىيىش ۋە ئۇنى بەختنىڭ بەلگىسى قىلىپ مەڭگۈ ساقلا-ش ئۈچۈن ، سىز ياخشى كۆرىدىغان ئاددىي چىتتىن كۆڭلەك تىكتىم ، لېكىن بىز كۆرۈشەلمىدۇق . سىز ئۆرۈمچىدە «سوتسىيالىستىك تەربىيە كۇرسى»دا ئۆگىنىشكە تۇتۇلۇپ قالدىڭىز . سىز ئىشتىن قول بوشىتىپ مېنىڭ يېنىمغا ئالدى-راپ كەلگەن كۈن ، دۇنيانى قارا تۇتەك باسقان كۈن بولدى . مەن سولاققا كىرىپ قالدىم . ھاشىر ، بىز قاچان كۆرۈشە-

مىز ؟ بىزنى تۈگىمەس جۇدالىقلار بىلەن قىينايدىغان بۇ
«سىياسىي سىناقلار ، قاچان ئاخىرلىشىدۇ ؟ بىزنىڭ بەختلىك
ئائىلىدە بىللە بولۇشىمىز ، بالىلىرىمىزنى يېتىلەپ سەيلىگە
چىقىشىمىز ، دوستلار بىلەن بىللە خۇشال كۈلۈشۈپ ،
كۆڭۈللۈك ئويۇن - تاماشا قىلىشىمىز ئۈچۈن ، ئەلا ياكى
قورماش بىلەن مەلۇم ئىلمىي تېمىدا قاتتىق تالاش - تارتىش
قىلغىنىڭىزنى كۆرۈپ ھۇزۇر قىلىشىم ئۈچۈن ، تىنچ شارا-
ئىت ، جىمجىت جاھان زۆرۈر ئىدى . ھاشىر ، بىز تىنچ كۆل
سۈيىدەك ھاياتقا موھتاج . بولۇپمۇ ، سىز بىلەن بىزدەك
بىر - بىرىگە تەشنا يۈرەكلەر ئۈچۈن ئىس - تۈتەكتىن ،
پۈرۈخ ھىدىدىن خالىي بولالمايدىغان ۋېيتنام ھاۋاسى ئەمەس ،
بەلكى ھېلىقى ئەلانىڭ يازغىنىدەك ، يېڭى زېلاندىيىنىڭ نېرى-
سىدىكى لىنكولن ئارىلىنىڭ تىنچ ، خاتىرجەم ئاسمىنى تولى-
مۇ زۆرۈر ئىدى ، چۈنكى بىز تىنچ شارائىتتىلا بىر - بىرى-
مىزنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىيالايتتۇق . ئېيتىڭە ھاشىر ،
ھاياتنىڭ بۇ خىل لەززەتلىرى بىزگە قاچان نېسىپ بولىدۇ ؟
بىز قاچانغىچە ھىجران ، سېغىنىش ، ئازابلىنىش ۋە كۆز
يېشى بىلەن ياشايمىز ؟ مانا ھازىر مەن ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى «ئىپ-
لاس تۇك»نى تۆكمەن ، ئاندىن كېيىن ئىقتىساد قىلغان
يېرىم چېلەك سۇ بىلەن بېشىمنى يۇيىمەن . ئاندىن كېيىنچۇ ،
پايپاقلارنى چۇۋۇپ قويدۇم ، شۇنى بالىلارغا ئاتاپ پويايكا
توقۇيمەن . بۇ خىل زېرىكىشلىك ، ئازابلىق ھايات كىشىنى
ساراڭ قىلىپ قويۇشى مۇمكىنغۇ ؟ ناۋادا ، دادامنىڭ كىتابخا-
نىسى يېنىمدا بولغان بولسا ، مەن تۇرمىدىن چىقمىغان بولار
ئىدىم . بۇ يەردە ھېچبولمىسا كۆڭۈللۈك رومانىدىن ئۈچ -
تۆتى ياكى رۇس ، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدىغان لۇغەت ، كونس-
پېكتەك بىرنېمە بولغان بولسىچۇ ؟ ئۇ چاغدا كۈنلەرنى ھازىر-

قىدىن كۆڭۈللۈكرەك ئۆتكۈزگەن بولماسمىدىم . بۇ يەردىكى
تۇرمىداش ئاياللار بىلىم ئەھلى ياكى ھېچبولمىسا چۆچەك
ئېيتىشقا ئۇستا بولسىچۇ ، كاشكى؟ بۇلارچۇ ، بىرى مەنىۋى
جەھەتتىن كاردىن چىققان ، ئاياللارغا جىنايەت تۇيۇلىدىغان
ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىككىلەنمەي قىلىۋېرىدىغان ئايال ،
يەنە بىرى جىمىغۇر ، ھەممىگە يوغان كۆزلىرى بىلەن گۇماندـ
لىنىپ قارايدىغان ، خۇشال بولسىمۇ ، خاپا بولسىمۇ ھۆركىـ
رەپ يىغلايدىغان ، نېرۋىسى جايىدا ئەمەس بىچارە ئايال .
قالغان ئىككىسى ھەدە ـ سىڭىل ، ئۇلار ئانىسى بىلەن بىرلىـ
شىپ مۇشۇ تۇرمىدىكى ئاۋۇ سېرىق (چوڭى)نىڭ ئېرىنى
ئۆلتۈرۈشكەن ، پەقەت ئەرزىمەس ئۈچ يۈز يۈەن ئۈچۈنلا ئۇلار
ئاشۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈشكەن . ئاخىرقى بىر ئايال ئېرى
بىلەن چەت ئەلگە قېچىپ چېگرىدىن تۇتۇلغان . ئۇ مېنىڭ
دوستۇم ئادىلەنى تونۇيدىكەن . بىچارە ئادىلە يىراق بىر دېھقانـ
چىلىق مەيدانىدا ئىشلەيدىغان قىرىق نەچچە ياشلىق كونا ئوـ
فىتسېر (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ باتالىيون
كوماندىرى ) بىلەن توي قىلغانىكەن . ئۇلار بىر ـ بىرىنى
ياخشى كۆرىدىكەن ، ئادىلە مەيدان سەنئەت ئۆمىكىدە ئارتىسـ
لىق قىلغانىكەن ، ئۇلار بەختلىك ئائىلە قۇرۇشقانىكەن ، لېـ
كىن يولدىشى 1962 ـ يىلقى (يىگىرمە توققۇزىنچى ماي )
ۋەقەسىدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بوز يەر ئېچىشقا بەلگىـ
لەنگەنلەرنىڭ تىزىملىكىگە تىزىملىنىپ قاپتۇ . لېكىن ، ئۇ
كىشى جەنۇبقا بېرىپ تەكلىماكان قوينىدىن بوز يەر ئېچىشقا
قارشى چىقىپتۇ ، تاكى 1964 ـ يىلىغىچە تىركىشىپتۇ .
ئاخىر بىر قېتىمقى يىغىندا ، مەن بۇ يەرنى ئازاد قىلىش
ئۈچۈن قان تۆككەن ، ئۆزۈم ئازاد قىلغان يەردىن نەگە ھەيدەـ
لەتتىم ! دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇنى مەجبۇرىي ئەمگەككە

ساپتۇ . بىر كۈنى ئاچچىقىغا چىدىماي ھاراقنى جىق ئىچىپ
قويۇپتۇ ـ دە ، 1965 ـ يىلىنىڭ بېشىدا زەيكەش ئېرىققا
چۈشۈپ كېتىپ توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ . توۋا ، ھاشىر ، بۇ ئادەم
راستىنلا ئازادلىق ئۈچۈن قان تۆككەن ، چەت ئەلگە چىقىش
ئىمكانىيىتى بار بولسىمۇ قاچمىغان ، ئۆز يېرىدە دېھقانچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىپ دۆلەت ، خەلق ئۈچۈن ھالال ئەمگەك
قىلىۋاتقان ئادەم تۇرۇقلۇق ، نېمىشقا ئۆز يېرىدىن ھەيدەلدى ؟
سىز پارتىيىمىزنىڭ رەھبىري كادىرى ، بۇ ئىشقا جاۋاب بې-
رىپ بېقىڭە ؟ ھاشىر ، مەن سىزنى چۈشىنىمەن . سىز سا-
دىق ، سەمىمىي ، قىزغىن ئادەمسىز ، رازىيە دەۋرىمىزنىڭ ،
دۆلىتىمىزنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىگە قىزىقىدىغان ئوخشايدۇ
دەپ ئويلاپ گۇمان بىلەن قاراپ يۈرمەڭ ، سىزنىڭ ھەددىدىن
ئاشقان «سادىق» لىقىڭىز پىكرىڭىزدە قاتاللىق ، بىر تەرەپ-
لىمىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . سىز دەۋرىمىزنىڭ قاراڭغۇ
بۇلۇڭلىرى ، ئەيىب ـ خاتالىرى ھەتتا تۈيۈق يوللىرى بارلى-
قىنى بىلىشنى خالىمايسىز . سىز شۇڭا دەۋرىمىز توغرىسىدا
(سەلبىي ) گەپ قىلغۇچىنى تولىمۇ يامان كۆرىسىز . سىزدى-
كى مۇشۇ قاتاللىق سەۋەبىدىن بىز بەختسىز بولغاندۇققۇ ؟
مەن ئەلا بىلەن سۆزلەشكەن ، ئۇ سىزنىڭ «سول» ئىدىيىلىك
ئىكەنمەن ، دەپ ئېتىراپ قىلغىنىڭىزنى ماڭا ئېيتقان ، دې-
مەك ، ئەيىبىڭىز بار ئىكەن ، ئۇنى تۈزىتىۋالىشىڭىزغا ئى-
شىنىمەن . ھاشىر ، تۈيۈقسىزلا سىز بىلەن گەپ تالىشىپ
قالدىم . ھاياتنىڭ قىزىقىمۇ مانا مۇشۇ يەردە . گەپكە قايتاي ،
ئادىلە يەنە بىر ئوغلى بىلەن بەختسىز قاپتۇ . مەنمۇ ، ئادىلە-
مۇ ، گۈزەلئايمۇ بىردىن ئوغۇل بىلەن قالدۇق ، ئاجايىپ
قىزىق ـ ھە ؟ قاراڭغۇلۇقنىڭ يورۇقى بولىدۇ . بۇ تۇل ئايال-
لارنىڭ ئوغۇللىرى 80 ـ ، 90 ـ يىللارغا بارغاندا يىگىت

بولىدۇ. شۇلار بەختلىك بولسىلا، بىز بارلىق يىغا ـ زار، كۆز يېشىمىزغا رازى بولاتتۇق. ھاشىر، ئېيتقىنە، سىز ئالدىن كۆرەرغۇ، بالىلىرىمىز بەختلىك بولالامدۇ؟

شۇنداق قىلىپ، بۇ كامېردىكى مەندىن باشقا بەش ئايال ئىچىدە ھېلىقى چېگرىدىن تۇتۇلغان ئەڭ ئېغىر جىنايەتچى مەندە پەيدا قىلالىدى. مەن ئۇنىڭ «جىنايەت» دەپ ئاتالغان سۆز ـ ھەرىكىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. ئۇ بىر قېتىملىق (بەلكى تۆتىنچى قېتىملىق سوراق بولسا كېرەك) سوراقتىن تاياق يېگەن، كۆزلىرى كۆكەرگەن، لەۋلىرى ئىششىغان ھالدا ئىككى ئايال ساقچىنىڭ يالىشى بىلەن كامېرغا كىردى. ئۇ كۈنى ماغدۇرسىز، لام ـ جىم دېمەي ئوڭدىسىغا ياتتى. مەن ئۇنىڭغا سۇ ۋە تاماق بەردىم. يېرىم كېچىدە ئۇ مېنى نوقۇپ ئويغاتتى ۋە كۇلۇپ تۇرۇپ سوراق جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. مەن سوئال ـ سوراقنى قىسقىلا قىلىپ يېزىپ قوياي:

سوراقچى: ئېيت، نېمە مەقسەت بىلەن قاچتىڭ؟

قىز: قاچمىدىم، بىلىم ئىزدەپ ماڭدىم.

سوراقچى: غەربتىن نېمە ئىزدىمەكچىسەن؟

قىز: بىزدە يوقنى!

سوراقچى: نېمە؟

قىز: راستقۇ، بىزدە بىلىم يوققۇ!؟

سوراقچى: سوتسىيالىزمغا قارشى ۋەتەن ئاسىيسى!

قىز: قالاقلىق، نادانلىققا قارشىمەن، ئاسىي ئەمەسمەن!

بەس، شۇنچىلىك يازاي. ئۇلار يېڭى توي قىلغان، تولۇقسىزغىچىلا ئوقۇغان قىزغىن ياشلار ئىكەن. مەن ئويلايمەن، بىز ئۇلارنى ئىنقىلابقا سۆرىمەي، بىلىم ئېلىشقا ئۈندە-

گەن بولساق، بەلكى ئۇلار قاچمىغان بولار ئىدى. ئۇلارنىڭ
ئۆز يېرىدە ئىگە بولالمىغان نېمىنى باشقا يەردىن ئىزدىمەكچى
بولغان سادىدا، پاكىز قەلبىنى نېمىشقا چۈشىنىشكە، كەچۈ-
رۈشكە بولمايدىكەن؟ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ چېگرىدىن ھالقىپ
قېچىشى جىنايەت. لېكىن قەلبىچۇ؟ پاكىز قەلبى بار ئادەم-
لەرمۇ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. دۇنيادا كىشىلەرنىڭ
قەلب ساداسى بىلەن تولۇق ھېسابلىشىدىغان بىر مۇكەممەل
قانۇنمۇ بارمىدۇ؟ مەن دادامنىڭ بىر ئۇلۇغ، ئىنسانىيەتكە
پايدىلىق مەقسەت بىلەن ئەمگەك تەرى ھېسابىغا قۇرۇپ چىق-
قان كىتابخانىسىنى ياۋۇز كۈچلەرنىڭ تالان - تاراج قىلىشى-
دىن قوغدايمەن دەپ «جىنايەت» ئۆتكۈزدۈم. مەن ھەر-
گىز تۇۋا قىلمىغان، ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن، ھەرگىز
خاتا قىلدىممۇ دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن سوراپمۇ قويماي-
مەن. ئەمدى بايىقى بىر جۈپ ياشنىڭ ئوقۇيمىز، بىلىم
ئالىمىز دەپ، بىلىم، مەدەنىيەت ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقان،
ھەممە ئادەم نادانلىق، ۋەھشىيلىك گىرداۋىغا ئىتتىرىلىۋات-
قان يەردىن قېچىشى، مېنىڭ قىلمىشىمدىن قانچىلىك پەرق-
لىق؟ قىزنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ئېرى ئېتىلارمىش، قىز
كەم بولغاندا يىگىرمە يىل كېسىلەرمىش. بۇ نېمىدېگەن دەھ-
شەت؟ بۇ ئۆلۈم بىلەن ئادىلەنىڭ ئېرىنىڭ ئۆز يېرىدىن
كەتمەيمەن دەپ توڭلاپ ئۆلۈشى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق
بار؟

سۆيۈملۈك ھاشىر، مەن سىزنى بارغانسېرى ياخشى كۆ-
رۈۋاتىمەن، نېمە ئۈچۈن؟ سىز تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىككە
قارشى تۇرالايدىغان بىر قەيسەر، ساپ قەلب ئىگىسى. شۇڭا
مەن سىزگە ئۆز قەلبىمنى يېرىپ كۆرسىتىشنى، ئوي -
خىياللىرىمنى ئېيتىشنى ياخشى كۆرىمەن. راست گەپ قىل-

غىنىم ئۇچۇن مېنى تىللىسىڭىزمۇ ، ھەتتا ئۇرسىڭىزمۇ ،
مېنىڭ سىزگە بولغان ئوتلۇق ھېسسىياتىم زىيانغا ئۇچرىماي-
دۇ . چۈنكى سىزگە راست گەپ قىلالىغانلىقىم ، مېنىڭ سىز
بىلەن بەختلىك بولالايدىغانلىقىمنىڭ ئىسپاتى . ئىشىنىڭ ،
مەن بۇنداق بەخت ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربان بېرىشتىن ئۆ-
زۈمنى تارتمايمەن ! ھاشىر ، مېنىڭ يازغانلىرىم ھاياتىنىڭ ئەڭ
تۆۋەن قاتلىمىدىكى بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ئىڭرىشى ، كەل-
گۈسىگە ئۈمىد باغلاپ ، ھاياتلىق ئۈچۈن ئىنتىلىۋاتقان بىر
ھىمايىسىزنىڭ قەلب ساداسى . سىز پارتىيىمىزنىڭ بىر رەھ-
بىرى سۈپىتىدە ، دەۋر تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدى-
غان بىر ئۇلۇغ كۈچ — كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ بىر
ئەزاسى سۈپىتىدە مېنىڭ يازغانلىرىمنى ۋىجدان ، ھەقىقەت ۋە
ئەقىل - پاراسەت تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ كۆرۈپ ، ئۆزىڭىز-
دەك ھەقىقەت ۋەكىللىرى بىلەن پىكىرلىشىپ ، پارلاق كەلگۈ-
سىگە بىزنى باشلاپ بارىدىغان بىر داغدام يول تېپىش ئۈچۈن
كۆرەش قىلىڭ !

سىزگە بەخت ، غەلىبە تىلەپ ، سىزگە كېچەيۇ كۈندۈز
تەلپۈنۈپ تۇرغان ئوتلۇق يۈرەكنىڭ ئىگىسى ! ر . ئۆ .
1967 - يىلى 11 - ئۆكتەبىر »

ماش رەڭ سومكىسىغا قاچىلانغان قىزىل سۇلياۋ تاشلىق ماۋ-
جۇشى ئەسەرلىرىنىڭ مۇقاۋىسى قاتلىرىدا ساقلىنىدىغان بۇ خەتنى
بۈگۈن چۈشتە ھاشىر يەنە بىر قېتىم ئۆيدە يېتىپ ئوقۇپ چىقتى .
ئۇ ئىككى كۈن ناھىيىنى ئارىلاپ يۈرۈپ چارچىغان ، ئۇيقۇسىز
بولۇشىغا قارىماي ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋېلىپ ، تۇرمەكلەنگەن
ئورۇن - كۆرپىسىنى چۇۋۇمايلا داق تاختايدا ئۆيدە ياتتى - دە ،
تولا ئوقۇپ قىرلىرى پۇچۇلۇپ كەتكەن بۇ خەتنى تېز ئوقۇپ

بولدى . بۇ خەت ھەر قېتىم ئوقۇغاندا ھاشىرغا تېگىگە يەتكىلى
بولمايدىغان ، بىردە ئۇيغا سېلىپ ، بىردە غەزەپلەندۈرىدىغان مەسى-
لىلەرنى سوئال قىلىپ قوياتتى . بۇ سوئاللار ئالدىدا ئۇ ھامان
ئىلاجسىز ۋە كۈچسىز ھالغا چۈشۈپ قالاتتى . ھېسداشلىق قىلسۇن-
مۇ ؟ ياق ، ھاشىر ئۇنداق قىلالمايدۇ ، چۈنكى ئۇ ئۆز شەخسىي
مۇھەببىتى ، ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ھېسسىيات ئۈچۈن ئۆزى مۇھەب-
بەت باغلىغان دەۋرگە گۇمان بىلەن سوئال قويالمايدۇ . رازىيەنىڭ
خەتلىرى يىغىپ ئېيتقاندا مۇشۇ «پرولېتارىيات مەدەنىيەت ئىنقىلا-
بى»غا بولغان نارازىلىق ۋە غەزىپىنىڭ پارتلىشى ئىدى . ھاشىر
بىلىدۇ : رازىيە «ئىنقىلاب» سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ،
ئۇ دەۋرنىڭ بۇ بوراندىن كېيىن تېخىمۇ روشەن ، سۆيۈملۈك بولى-
دىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ ، بەزىدە تەبىئەتتىمۇ شۇنداق ھادىسە بولى-
دۇ : قار ـ بورانلىق جۇدۇن ئىرادىسىزلەرگە قىيامەت بولۇپ
تۇيۇلىدۇ . ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن بۇ ئىرادىسىزلەر سۈزۈك ئاس-
مان ، ئىللىق قۇياش ، گۈزەل تەبىئەتنى كۆرۈپ بۇرۇنقى ھېسسى-
ياتى ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدۇ ، خىجىل بولىدۇ . رازىيەمۇ كۆڭلەرنىڭ
بىرىدە بۇ خېتى ئۈچۈن ھاشىرنىڭ ئالدىدا پەرەڭدەك قىزىرىپ
يەرگە قارايدۇ . «ساقلايمەن ، — دېدى ھاشىر مىيىقىدا كۈلۈپ
قويۇپ ، — سەن بىلەن توي قىلغان كۈنۈمدە ھاياتىڭدىكى بۇ ئېغىر
خاتالىقىڭنى ئۆز ئېغىزىڭ بىلەن ئىقرار قىلىسەن ، مانا شۇ چاغدا
بۇ خېتىڭنى بىرلىكتە كۆيدۈرۈپ تاشلايمىز . خاتىرجەم بول رازى-
يە ، مەن ساڭا ھېسداشلىق قىلمايمەن ، چۈنكى ھەرقانداق گۈزەل-
نىڭمۇ يۈزىدە بىر ئەيىبى بولغىنىدەك ، ئۇلۇغ دەۋرنىڭمۇ يۈزىدە
كىر ، بەدىنىدە ئەيىبى بولىدۇ . سەن بۇ ئەيىبنى كۆرۈپ ئۇنى
ئۆزۈڭگە يات بىر نەرسە دەپ چۆچۈسەڭ ، ئۇ ھالدا ھېسسىيات
جەھەتتە دەۋرنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىسەن . مەن سېنى بۇ خاتا
يولدىن قايتۇرۇپ كېلىمەن . سېنى تۈرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن

قانچىلىك ھەرىكەت قىلسام ، بۇ چۈشكۈنلۈك پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇ-
رۇش ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك ھەرىكەت قىلىمەن . سەۋەبى ، ماڭا سې-
نىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىڭ قانچىلىك زۆرۈر بولسا ، مەنىۋى
ئەركىنلىكىڭ ۋە ساپلىقىڭمۇ شۇنچىلىك زۆرۈر...»

ئۇ ئۆز خۇلاسىسىدىن رازى بولۇپ ئۇيقۇغا كەتكەنمۇ بولار
ئىدى ، يېنىغا ئۆرۈلگەندە يېنىدا ياتقان رازىيەنىڭ سۈرىتىنى كۆ-
رۈپ قالدى . قىز ئاق ياقىسىنى پەلاتى سىرتىغا چىقارغان ، خىيال-
چان ، يوغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ
تۇراتتى . بۇ بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنقى رازىيە . ئۇ ئون يىلدىن
بېرى بۇ رەسىمنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن يېنىدىن
ئاجراتمىغان . بايا خەتنى ئالغاندا كارىۋاتقا چۈشكەنىكەن ـ دە ،
ھاشىر رەسىمگە تىكىلىپ قارىدى . ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى ئەتراپى-
دىكى قورۇقلار يىغىلىپ ، شالاڭلاشقا باشلىغان چاچلىرى سايە
تاشلاپ تۇرغان كەڭ پېشانىسىدە تەر تەپچىرىدى . دېمەك ، ئۇ ئازاب-
لانماقتا ئىدى . «رازىيە ، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ ، — مېنى دەپ
تۈرمىگە چۈشتۈڭ . سەۋەبى ، مېنى دەپ نىكاھتىن ئاجراشمىغان
بولساڭ ، دۈشمەنلىك بولمايتتىڭ . مەن سەن ئۈچۈن ، سۆيۈملۈك
ئۇستازىم ئۆمەر ئەپەندى ئۈچۈن ، سىلەرنىڭ ئۆيىنى بۇلاتقان ، سېنى
تىللاش ، ئۇرۇش ۋە ئاخىرىدا تۈرمىگە كىرىشكە مەجبۇر قىلغان
ياۋايىلاردىن ئىنتىقام ئالىمەن . بىز يېقىن كەلگۈسىدە بىللە بەخت-
لىك ھايات باشلايمىز» .

ئۇ شۇلارنى دەپ بولۇپ رازىيەگە يەنە قارىدى . قىزنىڭ يوغان
كۆزلىرى ھاشىرغا نارازىلىق بىلەن قاراۋاتقاندەك ، «سىز تېخى
ماڭا نەسىھەت قىلماقچىمۇ ؟ ئۆزىڭىزنىڭ ھەممىگە چېكىدىن ئاشقان
قاتاللىق بىلەن قارايدىغان «سول» كېسىلىڭىزنى داۋالىۋېلىڭ»
دەۋاتقاندەك بىلىنىدى . «رازىيە ئېيتقاندەك بىزنىڭ پارتىيىمىز
خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالالمايدىغان ئىشنى باشلىۋالدىمۇيا ؟ رازىيە

ئۇتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە نېمىشقا جاۋاب بېرەلمەيمەن . ئۇلار-
نىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى نېمىشقا ئېتىراپ قىلمايمەن . ئۆزۈمگە
يەڭگىل يول تېپىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقان بولسامچۇ ؟ نۇرغۇن
ۋەقەلەر ئۆتتى ،نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىنسانلار ئۆتتى . بۇ ھەقتە بىز
نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدۇق ، ماۋجۇشىنىڭ ئۈچىنچى تومىدىكى
‹بىرنەچچە تارىخىي مەسىلىلەر ھەققىدە قارار ›دا ئوتتۇرىغا قويۇل-
غان مەسىلىلەر تەكرارلانمايدۇ دەپ ئېيتقىلى بولامدۇ ؟ » ئۇ يەنە
قىينالدى ، ئاخىر تاماكا چەكتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ نېرىقى ئۆيدە
ئۇخلاۋاتقان شوپۇرنى ئويغاتتى :

— يۇر ، ماڭىمىز !

— نەگە ، ئا شۇجى ؟

— ئا شۇجىرىڭنى قوي ، ھاشىركا ، دە .

— ھە ، ھاشىركا ، نەگە ؟

— ھەيدە ، شەرققە ، قاش دەرياسى تەرەپكە .

ھاۋا كەچقۇرۇن خېلىلا مۇزلىغان ، سولدىكى ئېدىرلار ، ئوڭ-
دىكى ئىلى دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا كۆكۈچ تۇمان ئىچىدە ئاسمانغا
تۇتىشىپ تۇرغان دىلمۇك تېغى ۋە ئالدى تەرەپتىكى ئاۋۇلنىڭ
چوققىلىرى كەچكى شەپەقنىڭ ھەل بېرىشى بىلەن قىزغۇچ ئاق
رەڭدە چاقنايتتى . ئاشۇ قارلىق چوققىلار بۇ كەڭ ۋادىغا زىمىستان
قىش چىللاۋاتامدىكىن ، يول ئۈستىدىكى قارايغان ئۇششۇك چۆپلە-
رى چىلىشىپ تۇرغان ئېرىق سۇلىرىنىڭ چەت - چۆرىلىرىنى
چاۋاتتەك مۇزلار قاپلىغان . يۇمران كۈزگى بۇغدايلار مۇگدىمەكتە ،
كەپىسى بۇزۇلغان قوغۇنلۇقتا قاغىلار ئاستا مېڭىشىپ يۈرۈپتۇ .
كېلەر يىلى زىغىر ، قوناق تېرىلىدىغان بوز يەرلەردە قاچاق كالىلار
قوناق شېخىنى سۆرەپ يۈرۈپ چاينىماقتا ، يىراقلاردىكى يېزىلار
خۇددى يىلىنجاۋاتقان كۆمۈر چوغى ئىچىدە تۇرغاندەك قىپقىزىل
ئۆرۈك يوپۇرماقلىرىغا چۈمكەلگەن .

ھاشىر گاز ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇرۇپ ئىلى ۋادىسىنى كېسىپ ئۆتكەن تاشيولدا كېتىۋېتىپ، ھامان يەنە رازىيە توغرىسىدا، كۆڭلىدىكى غەشلىكنى تېزرەك ھەيدىۋېتىش توغرىسىدا ئويلايتتى. ئۇ بۇ باش - ئۇچى يوق خىياللار ئۈستىدە بىرى بىلەن ياخشىلاپ مەسلىھەتلىشىشى كېرەك. بۇ ئادەم ئەلۋەتتە ئەلا.

ھاشىرنىڭ ماشىنىسى يوپۇرماقلار تۆكۈلۈۋاتقان، ئېگىسىز سۇلار تاشقىنلاپ ئېقىۋاتقان يوللاردا قوناق شېخى، بېدە، شاخ، مەڭگەن ھەتتا چاقما كاۋىلارنى ئۆگزىسىگە بىراقلا چىقىرىۋالغان دېھقان ئۆيلىرىنى ئارىلاپ ئۇزاق ماڭدى ۋە ئاخىر كالا - قويلارنىڭ مۆرەشلىرى - مەرەشلىرى ئەۋجىگە چىققان مەزگىلدە ئادەمسىز، ھويلىسىنى قوراي باسقان يېزا مەكتىپى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ھاشىر ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ شوپۇرغا:

— ئەتىگەنلىككە ئاش ۋاقتى بىلەن مەشەگە كەلگىن. بۈگۈن ماشىنا بىلەن يېزاڭغا بارغىن، — دېدى - دە، ماشىنا يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاقىرىپ كەتكەن ئۆتۈكىنىڭ ئۇچىغا قاراپ، قولىنى كەينىگە قىلىپ مېڭىپ مەكتەپ ھويلىسىغا كىردى. ئۇنىڭ بېشىدا بىر سومۇلۇق سېرىق شەپكە، ئۇچىسىدا تۆت يانچۇقلۇق كۆك رەڭ دىكا چاپان، كونا ماش رەڭ ئىشتان. ئۇ بېلىنى قارا رەخت پوتا بىلەن باغلاپ، ماش رەڭ سومكىسىنى تۇتۇۋالغانىدى.

مەكتەپ ھويلىسى ئادەمسىز ھوڭغاراپ قالغان، بىرى نېرىدىكى تاللارنىڭ ئۇ چېتىدە ئوتۇن يېرىۋاتاتتى. ھاشىر ئوتۇن يېرىۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. يىپ پوپايكا كىيگەن، بېشىنى سىيرىپ چۈشۈرۈۋەتكەن بىرى ھاشىرغا قاراپ ئالىقىنىغا تۈكۈردى - دە، قولىدىكى پالتىنىڭ جۇلدىسى بىلەن تۆت سانتىمېتىرلىق پەندە پۇختا قىلىپ ياسالغان ئوقۇغۇچىلار پارتىسىنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۇردى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن، بۇرادەر؟ — ھاشىر ناتونۇش ئادەمدىن

سورىدى .

— نېمە ، كۆرمەيۋاتامسەن ؟ — ھېلىقى ئادەم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، قولىنىڭ كەينى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتۈپ قويۇپ پالتىسىغا تايىنىپ ھاشىرغا ئالىيىپ قارىدى .

— كۆرۈۋاتىمەن ، شۇڭا سوراۋاتىمەن !

— قارىغۇ بولساڭ ئاڭلا ، ئوتۇن يېرىۋاتىمەن !

— بىر يۈز يىگىرمە سومغا پۈتكەن پارتىنى ئوتۇن دەۋاتقان سەن قارا قورساق قارىغۇ بولماي ، مەن نېمىشقا قارىغۇ بولىدىكەنمەن ؟ ! — ھاشىر ئۆتىنگەغا دېۋەيلەپ باردى ، — سەن كىم ؟

— مەن مۇشۇ مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ جۇرنىنى !

— سەنمۇ ئەمەلدىن قالغان مەنسىپىڭنى ئاتىدىڭ ، مەنمۇ شۇنداق قىلاي : ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ھاشىر توك دېگەننى ئاڭلىغانمۇ سەن ؟

مۇدىرنىڭ قولىدىن پالتىسى چۈشۈپ كەتتى .

— ھاشىر شۇجى ، قېنى ئۆيگە !

— پارتىدىن نەچچىنى قالدىڭ ؟ ئەلانى ئۆرگىنىڭ ئۈچۈن ئەپـۇ سورىدىڭمۇ ؟ بىز تېـخى ھېسابلىشىمىز ، ھـارۋاڭـنى قولۇڭغا ئالدىڭمۇ ؟

— ياق .

— نېمىشقا ؟

— مەن گوڭشې ئىسيانچىلار سىلىگبۇسىنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق رەھبىرى ، ھارۋىكەش ئەمەسمەن ! — مۇدىر ھاشىرنىڭ قوپاللىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەستىن بايىقى سىپايىلىكتىن خېمىغا ياندى .

— ئەلاچۇ ؟ ئۇ ھارۋىكەشمىكەن ؟ بىلەمسەن ، ئۇ كىم ؟

— نەدىن بىلەي ، ئۇ بىزدە گېزەندە ! گېزەندە بولغاندىكىن ھارۋا ھەيدەيدۇ .

— ئۇ گېزەندە ئەمەس، بىلىپ قوي، ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىن چىققان ئىختىساسلىق بىلىم ئىگىسى. ئۇنى ئاسراش ساڭا ئوخشاش ئىشچى بىلەن ماڭا ئوخشاش رەھبەرنىڭ ۋەزىپىسى. سەۋەبىنى بىلىدىغانسەن، بىز ھەر ئىككىمىز ئۇنىڭ قىلغىنىنى قىلالمايمىز، بىلگىنىنى بىلمەيمىز. لېكىن، ئۇچۇ؟ بىز بىلگەننى بىلىدۇ، بىلمىگەننىمۇ بىلىدۇ؛ بىز قىلالىغاننى قىلالايدۇ، بىز قىلالمايدىغاننىمۇ قىلالايدۇ. سەن بىلەن مېنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇر-غىلى بولمايدۇ، ئەمما خەلققە يەتكۈزىدىغان پايدىمىزنى تارازا بىلەن ئۆلچەشكە توغرا كەلسە، بىزنىڭكىنى ماگىزىندىكى تۇز تارتىدىغان تارازىدا ئۆلچىسە، ئۇنىڭكىنى سەن كۆمۈر توشۇيدىغان خاڭلاردا ئىشلىتىدىغان ھېلىقى ماشىنا بىلەن يۈكنى بىراقلا ئۆلچەيدىغان چوڭ تارازىدا ئۆلچەيدۇ. ئۇقتۇڭمۇ، بۇرادەر؟

مۇدىرنىڭ لەۋلىرى مىدىرلىدى، ئاۋازى چىقمىدى، چىرايى بىر ئۆڭۈپ، بىر تاتىرىپ، قوللىرى تىترىدى. ئۇنىڭ ئازاب ۋە ئەپسۇس ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ھاشىر بايقىدى — دە، سەممىمىي ۋە يۇمشاق ئاۋازدا سۆزلەپ ئۇنىڭغا موخوركا سۇندى:

— ئەلا قەيەردە؟

— تۈنۈگۈن تۇتۇپ كېلىپ سولاپ قويۇۋىدۇق.

— نېمىشقا؟

— ئەتە پۈتۈن گۇڭشې بويىچە سىنىپىي دۈشمەنلەرگە ئومۇم-يۈزلۈك ئوت ئېچىشقا قەسەمياد قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغانىدۇق. پۈتۈن گۇڭشېدىكى تۆت خىل ئۇنسۇرلار قاتارىدا ئەلاغا ئوخشاش ئۇن ئالتە گېزەندىنىمۇ كۈرەش قىلماقچى. ئەلاغا ئۇقتۇرۇش قىلساق، قارشىلىق قىلىپ بىزنى تىللىغانلىقى ئۈچۈن زۇلىيانىڭ ئۆيىدىن تۇتۇپ ئەكېلىپ سولاپ قويدۇق.

— نەگە سولىدىڭلار؟

— گوڭشې ئىسىيانچىلار سىلىڭبۇسى يېنىدىكى گەمىگە !

— سەن ئۇنى چىقىرىپ بېرەلەمسەن ؟

— تەس .

— نېمىشقا تەس ؟ سەن نېمىگە ئىككىنچى نومۇرلۇق ؟ بىرىنچى نومۇرلۇقۇڭلار كىم ؟

— گوڭشې پارتكومىنىڭ كاتىپى ياۋ مىشۇ .

— مېنى ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارغىن . ئەلانىڭ ناھىيىدە مۇھىم ئىشى چىقىپ قالدى .

— تەس .

— ياۋ مىشۇ كىمنىڭ سۆزىگە كىرىدۇ ؟

— ۋاڭ شۇجىنىڭ .

— ھىم ... — ھاشىر سابىق گوڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى تۇرۇشلۇق ھويلا تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

ۋاڭ شۇجى — پاكار ، سېمىز ، قىرىقتىن ھالقىغان ئادەم بولۇپ ، ھويلىسىدا توخۇ يۇڭداۋاتقانىكەن . ئۇ ھاشىرنى كۆرۈپ كۈلۈپ - ھىجىيىپ ، قوللىرىنى سىلكىپ ، تېقىمىغا سۈركەپ ھاشىرغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلدى :

— ئا شۇجى ، قانداق شامال سىزنى مەندەك ھوقۇقدارنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ كىردى ؟

ھاشىر گەپنى ئۇزاققا سوزۇشنى خالىمىدى :

— مەن ئەلانى ناھىيىگە ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم . ئۇ سولاقتىكەن ، قويۇپ بېرىشكە ياۋ مىشۇغا مەسلىھەت بەرسىڭىز قانداق ، لاۋۋاڭ ؟

— قولۇمدىن كەلمەيدۇ ، ئا شۇجى .

— ئۇنداق دېمەڭ ، «خەلق گېزىتى»نىڭ باش ماقالىسىنى ئوقۇغانسىز ، ئىنقىلابىي كادىرلار بىلەن زىيالىيلار دۆلەت ۋە خەلقـ

نىڭ قىممەتلىك بايلىقى. ئۇلارنى ئاسراپ قالساق، بۇ قىلغان ياخشىلىقىمىز ئۈچۈن كەلگۈسىدە، پارتىيە، خەلق بىزگە رەھمەت ئېيتىدۇ، لاۋۋاڭ!

لاۋۋاڭ ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ھاشىر توغرىسىدا مۇقىم كۆزقاراشقا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھاشىر پات ئارىدا ناھىيىنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىش، يېقىن كەلگۈسىدىكى چوڭ زىياننىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغۇسى.

— ئا شۇجى، مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى شياۋ ياۋغا ئېيتىپ كۆرەي، سىز ئون مىنۇت ساقلاپ تۇرۇڭ.

ئەلا سولانغان گەمىگە ھاشىر ئۆزى يالغۇز كەلدى. ئۇ گويا تونجى مۇھەببەت ھودۇقۇشىدىكى يىگىتتەك نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ئۇ قاراڭغۇ زالغا تىۋىش چىقارماي كىردى ـ دە، زالنىڭ ئىچىدىكى تار، زەي ئۆينىڭ ئىشىكىنى سىيپاشتۇرۇپ تاپتى. بۇ ئىشىككىمۇ قۇلۇپ سېلىنغانىكەن، ئىككىنچى ئاچقۇچ بىلەن بۇ ئىشىكنىمۇ ئاچتى. ئۇ ئاۋۋال ئىشىكنى قىيا ئاچتى، تېگىگە خىش ياتقۇزۇلغان، تاملىرى سامانلىق لاي بىلەن تەكشى سۇۋالغان زەي ئۆينىڭ ئۈچ ـ تۆت مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۆپە تۈڭلۈكىدىن شەپەق ئارىسىغا ئاللىقاچان يوشۇرۇنغان قۇياشنىڭ غۇۋا نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئەلا پۈتۈن دىققىتى بىلەن بىر پارچە كونا كىتابقا قادىلىپ، ھازىرلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ ئۆرە تۇراتتى. ھاشىر دوستىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ قاتتىق ئازابلاندى: «ساڭا ئەمدى قۇياش نۇرىنىمۇ ئاياشتىمۇ، دوستۇم. دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشىي ھايۋانمۇ بەھرىمەن بولىدىغان قۇياش نۇرى بىر ساڭىلا تۇتىيا، دوستۇم مېنى كەچۈرگىن، مەن سېنى قوغدىيالمىدىم...» دەپ ئويلىدى ئۇ لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا.

— ئەلا ، ماڭا قارىغىنا !

ئەلا ئاڭلىمىدى ياكى ئاڭلىماسقا سالدى . ئۇ گويا كۆرگەزمىلەرگە تەييارلىغان مودېلغا ئوخشاش مىدىرلىماي تۇراتتى . ھاشىر ئۇنىڭ يېنىغا باردى ۋە دوستىنى قۇچاقلىدى :

— بۇ مەن ، ھاشىر ، ئەلا ئاداش !

ئەلا شۇ چاغدىلا ئەسلىگە كەلدى . ئۇ خۇددى ھاشىرنىڭ كېلىپ قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئەجەبلەنمەستىن دوستىغا قاراپ كۈلدى ۋە مۈرىسىگە قولىنى قويدى :

— ئەمدى كەلدىڭما ، ئاداش ؟

— مەن پۈتۈنلەي بىخەۋەر .


— زۇلىيا ئاكا سېنى ئىزدەپ كەتكىلى بىر كۈن بولاي دېدى ، — ئەلا تالاغا مېڭىۋىدى ، قولىدىكى كىتاب يەرگە چۈشۈپ كەتتى . ھاشىر چېچىلغان بەتلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ ئۆزى ئوقۇيالمايدىغان خەتلەر ، يالىڭاچ ئادەملەرنىڭ سۈرەتلىرىگە قاراپ سورىدى :

— بۇ نېمە كارامەت ئاداش ، ھاۋا ئانىمىزمۇ ياكى ۋېناسمۇ ؟

— «ئىلاھىيەت» ، — دېدى ئەلا كۈلۈمسىرەپ ، — مۇشۇنداق كۈنلەرگە تەييارلىنىپ ، بىرقانچە ئىنگلىزچە كىتابلارنى چۈۋۈپ ماۋۇ پاختىلىق چاپاننىڭ پاختىسى ئارىسىغا ئېلىۋەتكەنمەن . ئىتالىيىنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپ شائىرى گالىزى دانتىنىڭ ئەسىرى «ئىلاھىيەت» ، مەن ئۇنىڭ سەككىز قەۋەت دوزاخ توغرىسىدىكى بەتلىرىنى ئوقۇۋاتاتتىم .

— نېمىشقا بولمىغۇر كىتابلارنى تاشلىمايدىغانسەن ؟

— بولمىغۇر كىتاب يەتتە يۈز نەچچە يىلدىن بېرى ياشاپ كەلمەيدۇ ، ئاداش . بۇ كىتابتا ئاللىقاچان دېيىلگەن گەپلەرنى سىلەر تېخى «ئەڭ يېڭى...» دەپ يادلاپ يۈرۈۋاتىسىلەر .





— ئاستا ، بۇ گېپىڭ باشقىلارنىڭ قۇلىقىغا يەتسىزە !

— يالغان گەپنى لابادا توۋلىشىدىكەن ، راست گەپنى پىچىر-لاپ دېگىلىمۇ بولمامدىكەن !

ئەلا دوستىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قويدى ، ھاشىر خۇددى ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىكىدەك دوستىنىڭ مەنىلىك ، قىزىقارلىق ۋە يې-ڭى گەپلىرىگە زوق بىلەن دىققەت قىلدى . ئۇ باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا ئانچىلىك سەۋر - تاقەتلىك ئەمەس بولغىنى بىلەن ، بىرلا ئەلانىڭ گېپىنى زادىلا يېرىم بەلدە قوشۇق سالماستىن ئەستايىدىل ئاڭلايدۇ . ئۇ دوستىنىڭ ھەرقانداق گېپىنى ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەقە-لدە - قارىشىنى قايچىلايدىغان گەپلىرىنىمۇ تاقەت ۋە ئىجتىھات بىلەن ئاڭلاشقا ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن ، ئەلا تالادا ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان ئادەملەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ :

— ئىلاھىيەتتىكى دوزاخلارغا بېرىلگەن تەبىرلەرنى ئوقۇپ ئۆز ئەمەلىيىتىمگە سېلىشتۇرۇپ باقتىم ، ھا... ھا... ھا... ! — دەپ ئۇمىدۋار ئاۋازدا قاقاقلاپ كۈلگىنىدىمۇ ، ئۇ دوستىغا تاپا - تەنە قىلمىدى ، دوستىنى چەكلىمىدى .

— كۈلۈۋال ، ئاداش . سەنلا كۈلۈپ - شادلانساڭ ھەرقانداق گېپىڭگە چەك قويمايمەن ! — دېدى ھاشىر بىر ئۆكۈپ ، بىر تاتىرىپ .

ئۇلار ھاشىرنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئەلانىڭ ياتىقىغا قونغىلى ماڭدى . ھاشىر سومكىسىدىن قوي گۆشى چىقىرىپ مەكتەپتىكى بىردىنبىر قاراۋۇل بولغان مۇدىرغا بەردى :

— سائىتىڭ باردۇ ، ئىككى سائەتتىن كېيىن گۆشنى پىشۇ-رۇپ ئەكىر ، ئاڭغىچە زۇلىيانىڭ ئۆيىگە خەۋەر قىل ، بىز بىللە ئولتۇرىمىز ، ئۇقتۇڭمۇ بۇرادەر ؟ ئاندىن بىزگە دەرھال بىر چۆگۈن چاي كىرگۈزۈۋەت .

بىر پارچە تىكىمەت، بىر كۆك چامادان، بىر يوتقان، بىر كۆرپە، گۈزەلئايدىن قالغان بىر مامۇق ياستۇق بىلەن يوللۇق يۈك ئەديال... ئەلانىڭ بارلىق بىساتى مانا مۇشۇنچىلىك. كۆلگە كۆمۈلۈپ قۇرۇم باسقان مەشمۇ تۇرۇپتۇ. يۈلەنچۈكلۈك بەندىڭدە توپا بېسىپ قاچا - قۇچا، چوكا - قوشۇقلارمۇ يېتىپتۇ. چالا كۆيگەن شاخ بىلەن مەدەك، كۆيۈپ قىڭغىيىپ بوۋايغا ئوخشاپ قالغان شام، ياتاق دەپ ئاتالغان بۇ ئۆينىڭ ئادەم بويى يەتمەيدىغان تورۇسىغا ياندىشىپ جايلاشقان سوزۇنچاق دېرىزىسى، ساھىبخانا ئۆزى ياسىۋالغان، تېگىگە پاخال سېلىنغان قوپال تەپچەڭگىدە چېچىلىپ ياتقان كىتابلار، بۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ناچار، ئېغىر ۋە ئازابلىق ھايات كەچۈرۈۋاتقىنىنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. دېمەك، ھاشىرغا ھال سورىغۇدەك ھېچ گەپ قالمىغانىدى. ئۇ قويىنىدىن رازىيەنىڭ خېتىنى چىقاردى - دە، تەپچەڭگە ئۈستىگە تاشلىدى.

— ئۇقۇ، مەن يېرىم سائەت ئۇخلىۋالىمەن. ئوقۇپ بولۇپ پىكرىڭنى ئۇچۇق ئېيت، نېمىدەپ جاۋاب يازساق بولىدۇ؟

ئەلا ئۈچ بەتلىك خەتنى ياتقىدا مىڭىپ يۈرۈپ ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتى. ئۇ ھاشىرغا قارىدى، ھاشىر خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەن. ئەلا دوستىنىڭ ساقال - بۇرۇتى ئۆسكەن جىددىي چىرايىغا قاراپ قويۇپ، ئۆز ئېچىكىنى سىلىدى. ئۇنىڭ ئورۇق يۈزىنى قويۇق ساقال باسقان، ئۇ ئورۇندۇقتىكى ئەينەكنى ئېلىپ ئۆزىگە قارىدى - دە، كۈلۈمسىرىدى:

— ھەي رازىيە، سىز بىلەن بىزنىڭ شارائىتىمىزدا قانچىلىك پەرق بار - ھە؟ بەلكى سىزنىڭ شارائىتىڭىز مېنىڭكىدىن ياخشىدۇ، سىزدە ۋەھىمە - ئەندىشە يوق. سىز پەقەت جازانى ئەمەس، ئەركىنلىك، خۇشاللىق، بەختنى كۈتۈپ ياتىسىز. بىز ئۆزىمىز كۆرمىگەن، پەرەزمۇ قىلمىغان يولغا كىرىپ قالدۇق. بۇ يولغا

مەجبۇرىي ماڭماقتىمىز . بۇ يول بىزنى نەگە ئاپىرىدۇ؟ بۇنى ھېچ-قايسىمىز بىلمەيمىز .

— نېمىدەپ كۈسۈرلاۋاتىسەن ، ئاۋاق؟ ساقال ئالغۇچۇڭ بار-مۇ؟ ماڭ ، قۇدۇقتىن سۇ ئەكىرگىن ، — ھاشىر ئورنىدىن تۇردى ۋە تەپچەڭگىدە تۇرغان رازىيەنىڭ خېتىنى چىرايلىق قاتلاپ قىزىل سۇلياۋ تاشلىق كىتابنىڭ مۇقاۋىسى قېتىغا سالدى ، — ھە ، رازد-يەگە قانداق خەت يازساق بولىدۇ ، ئاۋاق؟

— بۇ قېتىم خوتەندىن يازغان خېتىڭدەك ۋەھىمىلىك بىرنېمە يازمىساڭ بولىدۇ - دە . رازىيەگە لازىمى ، نەسىھەت ، قورقۇتۇش خېتى ئەمەس ، ساداقەت ، سەمىمىيەت بىلەن يۇغۇرۇلغان يۈرەك سۆزى !

— كۆردۇڭغۇ ، رازىيە ماڭا ، دەۋرگە جەڭ ئېلان قىپتۇ !

— دەۋرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقساڭ سەن دېگەن-دەك ، لېكىن ھەقىقەتنىڭ ، ۋىجداننىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئوت-تۇرىغا چىقساڭچۇ؟

— نېمە؟ سەن بۇ زەھەرلىك پەلسەپىنى نەدىن تاپتىڭ؟ دەۋر بىلەن ھەقىقەت ، ۋىجدان ئوتتۇرىسىدا شۇنچىلىك چوڭ ھاڭ بارمىكەن؟

— شۇنداق ، بۇ ھاڭ تېخىمۇ زورىيىۋاتىدۇ !

— بۇ گەپلىرىڭ ئۈچۈن جاۋاب بېرىسەن ، ئەلا !

— مەن سېنىڭ ھىمايەڭگە موھتاج ئەمەسمەن ، ھاشىر . مەن سېنى ۋىجدان ئىگىسى سۈپىتىدە قەدىرلىگەن ، دوست بولغان ، ھازىرمۇ شۇنداق . مەن سېنى رەھبەر ، كوممۇنىست دەپ ھۆرمەتلە-ۋاتقىنىم يوق !

— رەھبەر ، كوممۇنىست دېگەن سۆزلەر بىلەن ۋىجدان دېگەن سۆز بىر - بىرىگە قارىمۇقارشىمىكەن؟ بۇ نەزەرىيىلەرنى نەدىن

تاپتىڭ ، ئەلا ؟

— ماڭا تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئۆگەتتى ، رەقىپمۇ رەھبەر ، كوممۇنىست ، ئۇنىڭدىن چوڭلىرىمۇ ، ھازىر رادىئو ، گېزىت ، كىتابلاردا ماختىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن داڭلىق شەخسلەرمۇ رەھبەر ، كوممۇنىست ، لېكىن ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغان قەغەزگە «ۋىجدان» ، «ھەقىقەت» دېگەن سۆزلەرنى يازغىلى بولمايدۇ . نېمىشقا دەمسىنا ؟ مەن رەھبەر ، كوممۇنىست دەپ بىرىنچى بولۇپ لېنىننى تونۇغان ، ئىنسانلارغا ھەقىقىي ئۈلگە بولالايدىغان نۇرغۇنلىغان ماركسچە ، لېنىنچە كوممۇنىستلار توغرىسىدا نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئارتۇقچىلىقى ئىككى : بىرىنچىسى ، ۋىجدانلىقلىقى ، راستچىللىقى ؛ ئىككىنچىسى ، قورقماس ـ قەيسەرلىكى !

ئەلا جىم بولۇپ قالدى . ھاشىرمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئىنكار قىلغۇدەك گەپ تاپماقچى بولغاندەك ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى . سىرتتا ئىزغىرىن شامال ۋىژىلدايتتى . سوزۇنچاق پەنجىرىنىڭ سۇنغان كۆزنىكىگە چاپلانغان قەغەز لەگلەك دارقىراتمىسىدەك گىژىلداپ ئۆي جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى . ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن ھاشىر كۈلۈمسىرەپ ئەلاغا قارىدى :

— ماقۇل ، دوستۇم ، بۇ قېتىم راست گەپ قىلاي ، رازىيەگە يۈرەك ـ قەلبىمنى يېرىپ كۆرسىتەي ، ئەمما بۇ يېرىلغان قەلبنى رازىيەدىن بۇرۇن سەن كۆرۈپ باق !

نەق شۇ چاغدا بىر جاۋۇر گۆش كۆتۈرۈپ ، ئايالىغا نان ـ چاي كۆتۈرتۈپ مۇدىر كىرىپ كەلدى .

— ئاۋاق ، راسا بىر ئىچەيلى ، — دېدى ھاشىر كۈلۈپ ، — خۇددى بېيجىڭدا بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئالتە ئاي بۇرۇن ئىچكەندەك ئىچىشەيلى !

— يەنە شۇ 1960 ـ يىلى تۆتىنچى ئايدىكىدەك تالاش ـ تارتىش قىلىپ، ئاخىر سوقۇشىدىغان گەپمۇ؟

— سوقۇشساق سوقۇشتۇق، — دېدى ھاشىر كۈلۈپ، — ئىككىمىزنىڭ ھاياتنى چۈشىنىشىمىزدە ئىختىلاپ بار. يەتتە يىل بولدى، مۇنازىرىمىز ئاخىرلاشمىدى، قانچە قېتىم سوقۇشتۇق، يەنە ئەپلەشتۇق. بۈگۈن سوقۇشساڭ زىيان تارتىسەن، ھارۋىكەش ماڭا بولۇشىدۇ. ئۇنىڭ قامچىسىنى ئۇنتۇمىغانسەن؟

مۇدىر خىجىل بولدى، ئىككى دوست قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

زۆلىيا تاپسىدا پەيدا بولدى، ئۇ قىزىل دۇخاۋا بۆكىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ قاقاقلاپ كۈلدى.

— بەللى، بەللى، — دېدى ئۇ قاشلىرىنى ئۇينىتىپ، — ئويناشنى بىلىسىلەر ـ دە، يەر تاللاشقىمۇ ئۇستا. بىر بولسا ئۆتەيدىكى تاشلىق قاپتال، بىر بولسا مۇنۇ ئېيىق ئۆڭكۈرى، ھا... ھا... ھا!...

ئۇلار «ئۆڭكۈر»دە يېرىم كېچىگىچە كۈلۈشتى.

## 5

ئۇلار ئوخشىغان قورۇما شورپا بىلەن غىزالىنىپ، ئاش ۋاقتى بىلەن زۆلىيانىڭ ھويلىسىدىن شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

«گاز» ماركىلىق يۈك ماشىنىسى بىلەن يولغا چىقماق شەھەرلىكلەر ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ئىش بولغىنى بىلەن، يېزىلىقلار ئۈچۈن چوڭ يېڭىلىق. شەھەردىن قىرىق نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ يېزىغا ماشىنىمۇ كەمدىن ـ كەم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەلگەندىمۇ ھاشىرنىڭ شوپۇرىدەك بۇنداق ياۋاش، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان شوپۇرلار زادىلا كەلمەيدۇ. بۇ يەرگە كېلىدىغان شوپۇرلار گۇڭشې شۇجىسىدىنمۇ يۇزلۇك، يېزا باجگى-

رىدىنمۇ سۈرلۈك بولۇۋالدۇ - دە، دېھقانلار ماشىنىسىغا چىقماق-چى بولسا، بەش تەڭگىلىك يوكى ئۈچۈن ئۈچ - تۆت كوي ھەق ئالدۇ. لېكىن، ھاشىرنىڭ شوپۇرى ئۇنداق ئەمەس، مانا قاراڭ، ئۇنىڭ ماشىنىسىدا نېمىلەر يوق: ئاشلىق، ماي، نان - تو-قاچ، كىگىز - كېچەك، ساندۇق، بوشۇك، توخۇ، غاز، كۆكتات، ياغاچ - كۆتەك، ھەتتا قوي، تايىنچا - تورپاقلارنىڭمۇ كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرۇپتۇ. يۇقىرىقى دېھقان بايلىقى ۋە شەھەر بازىرىدا پۇلغا ئايلانماقچى بولغان بۇ نەرسىلەر ئىگىلىرى بىلەن بىللە ماشىنا كوزۇپىغا تىقىلغان. دېھقانلار ئاشۇ «بايلىقى» بىلەن ماشىنىدىن ئورۇن ئالالىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال، مەغرۇر. ئۇلار-نىڭ ھەييارلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇتىنى تولغاپ، مالچىلىرىنى قىرلىۋېلىشقان. ماشىنا خۇددى بوغجۇمىسى ئېغىر قىزنى كۆچۈ-رۈپ ماڭغاندەك توپا توزۇتۇپ، ۋاڭ - چۇڭ، چۇقان - سۈرەن ئىچىدە ئىلى دەرياسىنى ياقىلاپ ماڭغان قەدىمي كارۋان يولى بىلەن غەربكە — شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

كابىنكىغا ھاشىر، ئەلا، زۇلىيالار تىقىلىشىپ ئولتۇرۇشۇۋال-غاچقا، شوپۇر يىگىت ماشىنىسىنى يېنىچە ئولتۇرۇۋېلىپ ھەيدەش-كە مەجبۇر بولدى. بۇ خىل قىلىق قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ، لېكىن بۇ دېگەن 60 - يىللار، جۇڭگونىڭ 60 - يىللىرى «قاتناش قائىدىسى» دېگەننى ئاللىقاچان ئەخلەت ساندۇقىغا چۆرۈۋەتكەن، شۇڭا ئادەملەر پويىزغا يامىشىپ چىقىپمۇ، ماشىنىنىڭ كەينىگە چاپلىشىۋېلىپمۇ شەھەردىن شەھەرگە كېتىۋېرىدۇ. جۇڭگونىڭ نەچچە مىليون «قىزىل قوغدىغۇچىلىرى»نى بېيجىڭ، شاڭخەيلەر-گە پۇلسىز، بېلەتسىز توشۇپ، تەرتىپسىزلىككە ئۈگەنگەن قاتناش قورالىرى ھەرقانداق قائىدىگە بويسۇنمايدۇ، چۈنكى بۇ 60 - يىللارنىڭ ئاخىرى - دە!

دېھقانلارنى توپىغا چۆمۈلدۈرۈپ تونۇغۇسىز قىلىۋەتكەن ماشى-

نا غۇلجا شەھىرىگە يېقىن قالغاندا جىرغىلاڭ دېگەن سايدىكى سۇ بويىدا توختىدى . ئادەملەر يۇيۇنۇپ ، رەڭگىروينى تۈزەشتى .
ئەلا ھاشىرغا چاقچاق قىلدى :
— بولدى ، بەك سەتەڭ بولۇپ كەتتىڭ . رازىيەنىڭ كۆنچىلىكى تۇتۇپ تۇرمىدىن چىقماي قويمىسۇن يەنە !
— رازىيە چىراي بىلەن ھېسابلىشىدىغان سىڭىڭ گۈزەل مېشىچانكاڭ ئەمەس !
ھاشىر شۇنداق دېدى ـ دە ، دوستىغا ئىتتىك قارىدى . ئەلا دەرھال ئۆڭگەندى .
— يۈرىكىڭ جىغ قىلىپ قالدىمۇ ، ئاۋاق . مەن بۇ قېتىم جەزمەن سېنى گۈزەلئاينىڭ ئۆيىگە باغلاپ تاشلاپ قويۇپ چىقىمەن . يا شۇ يەردە ئاچتىن ئۆل ، يا بالاڭ بىلەن خوتۇنۇڭنىڭ مېھمىنى بول .
— مۇشۇ يەردىن قايتىمەن !
— مىدىر قىلساڭ ، بىرلا بۇيرۇق بىلەن باغلىتىۋېتىمەن !
ئۇلارنىڭ بۇ گەپلىرى چاقچاق ، لېكىن ھاشىرنىڭ ئەلانى مەجبۇرلاپ ئېلىپ كېتىپ بارغىنى راست .
غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قارىدۆڭ مەھەللىسىدىن كىرىپ كەلگەن ماشىنا قەدىمىي توخۇ بازىرىنىڭ كوچا ئېغىزىدا توختىدى . دېھقانلار ھارۋا ، ئادەم ، ماشىنىلار يول تېپىپ ماڭالمايدىغان خىنزۇ بازىرىغا كىرىپ ، ئەكەلگەن ماللىرىنى پۇل قىلىپ ، ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈشكە ئالدىراشاتتى . ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ئۆزىمىزگە ئايان : تۇساق قوي ئەللىك ـ ئاتمىش يۈەنگە ، تايىنچا ـ تورپاق يەتمىش ـ سەكسەن يۈەنگە يارىسا ياكى دېھقان بۇغداي ئۇننىڭ بىر پۇتىنى ئون سومدىن ، پەمىدۇر قېقىنىڭ كىلوسىنى ئۈچ سومدىن پۇل قىلالىسا بولدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلار بازاردىنمۇ ، دەۋردىنمۇ رازى بولۇشىدۇ . لېكىن ، مۇنۇ

هاشىرنىڭ قارىشىچە ئاغىنىسى ئەلانى رازى قىلماق تولىمۇ تەس، ئۇنىڭ مۇنۇ ھەممىلا نېمىگە زەن قويۇپ، ھەممىلا ئىشتىن پۈتۈن جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ خۇلاسىلەرنى چىقىرىشقا ئادەتلەنگەن ئاغىنىسى قاچانمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان ھايات — جەمئىيەتنى ماختايدىغان گەپلەرنى قىلار؟ ئۇ نېمىشقا ھەدېسىلا هاشىرنىڭ زىتىغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلىدۇ - ھە؟ مەسىلەن، ئاخشام ئەلا ياشلارنىڭ نادانلىقى ئۈستىدە قايناپ سۆزلىۋىدى، هاشىر: «ئۆتمۈشكە قارىغاندا ياخشى» دەپ نارازىلىق بىلدۈردى. ئەلا تېخىمۇ خاپا بولۇپ: «سەن ھەدېسىلا ئۆتمۈش، ئۆتمۈش! دەيدىكەنسەن. بىز بىلەن تەڭ ئازاد بولغان ياكى بىز بىلەن تەڭ قۇرۇلۇش باشلىۋەتكەن دۆلەتلەرگە قارىمايدىكەنسەن. ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، بىز نېمە قىلىۋاتىمىز؟ باشقىسىنى قوياي. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بىلەن ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ئىشىنىلا ئالايلى، بىزگە مۇناسىۋەتتى بولمىغان دۆلەتلەردە مەخسۇس كەسپىي ئورگانلار قۇرۇلغان. بىزدە بولسا، پۈتۈن مەملىكەتتە بۇ خىل ئىدارە تۇرماق، ئىشخانىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغۇچى ئادەملەر دىكتاتورىنىڭ ئوبيېكتى!» هاشىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قانچىلىك خاپا بولدى. ئازابلاندى؟ هاشىر مانا مۇشۇنداق ئىلىم - پەن خورلىنىۋاتقان بىر دەۋرنىڭ پارتكوم شوجىسىمۇ؟ دۇرۇس. بىز كەمبەغەللەرك، نۇرغۇن ئىشلارنى تېخى قىلالمىدۇق، لېكىن كەلگۈسىدە، يېقىن كەلگۈسىدە قىلىمىز - دە!

ئەلا ھەربىر ئىشقا سەپسېلىپ، خۇددى يۇقىرىدىن جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن بىر ئىلمىي خادىمدەك بازارغا ئىچكىرىلەپ ماڭدى. هاشىر ئۇنىڭ نارازى بولۇپ ۋالاقلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، خۇددى كۆيۈمچان ئانا ئۆز بالىلىرىنىڭ ئەيىبىنى تەرسا مىجەز ئېرىدىن يوشۇرغاندەك، ئېھتىيات ۋە يېلىنىش بىلەن ئەلانىڭ كەينىدىن ماڭدى. زۇلىيا بولسا خالىيراق ئاشخانا تېپىپ

قورساق تويغۇزۇش ، يېزىدىن سۈلياۋ تۇڭغا ئېلىۋالغان «دولانىيۇ-
زى ئاق ھارىقى »دىن ئېتىپ بېقىش كويىدا .
— لەڭزى بېشىغا چىقىپ ، چىمەنلىكتە يانپاشلاپ يېتىپ
ئۆپكە - ھېسىپ ، كاللا - پاقالچاق بىلەن ئاز - تولىدىن ئىستېمال
قىلساق قانداق ، ئۇكىلىرىم ؟ — دېدى ئۇ ئاخىر ماۋۇ ئۈن -
تىنسىز كېتىپ بارغان دوستلىرىدىن ئىچى پۇشۇپ .
— تاش پولاتنىڭكىگە بارىمىزمۇ ياكى ئوسماننىڭ دادىسىنىڭ-
كىگە بارىمىزمۇ ؟ — ھاشىر ئاخىر سورىدى ، — ماشىنا دۆڭدە
ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ (شوپۇرغا بايتوقاي سارىيىدا بىزنى ساقلا دې-
گەن ) . مېڭىۋېرىمىزمۇ ؟
— قارا ، ئاۋۇ يەردە ئىككىسى مۇشتلاشتى ! — دېدى ئەلا
بويىنىنى سوزۇپ ، — نېمە تالاشقاندۇ . قارا ، بىرىنىڭ باش -
كۆزى قانىدى ، قولىغا پىچاق ئالدى . ۋاي ، ئۆلتۈرىدىغان
بولدى ! — ئۇ ھاشىرنىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ بەرمەي يول تالىشىۋات-
قان ھارۋا ، ئادەملەرنى ئىتتىرىپ ماجىرا بولۇۋاتقان تەرەپكە قاراپ
يۈگۈردى - دە ، ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا كۆزدىن غايىب بولدى .
ھاشىر بىلەن زۇليا يوق يەردىن ئىش تېپىۋالغان ھەمراھىنى تىللە-
شىپ ، توپ ئىچىگە قاراپ تەستە يول تېپىپ مېڭىشتى .
كۈن ئىسسىغان ، بازارچىلار قېرى قارىياغاچ تۈۋىدىكى ئۇۋ-
سىدا مىغىلداشقان چۈمۈلىلەردەك تولا . ئۇلار ھەممىسى ۋارقىراش-
ماقتا . ئات ، ئېشەك ، كالا ، قوي ، توخۇ ، ئۆردەكلەرمۇ تىنچ
ئەمەس ، بۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەچچە مىڭ كىشىلىك خور
ئىچىدە كۈلكىمۇ ، يىغىمۇ ، ناخشىمۇ ، تىل - ئاھانەتمۇ ، سىياسىي
تەشۋىقاتمۇ ، دىۋانە - مەدداھلارنىڭ ئاۋازلىرىمۇ بار . بىر - بىرىگە
مۇناسىۋەتسىز ، بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ، بىر - بىرىنى رەت
قىلىدىغان بۇ ئاۋازلار ، بىرلا ئېھتىياج — ھايات ئۈچۈن ھەرىكەت
قىلىش يۈزىسىدىنلا ئۆزئارا ئارىلىشالىغان . ھاشىر بىلەن زۇليا

تەرلەپ ـ پىشىپ، كىيىملىرىنى هارۋىدىكى ئوتۇنلارغا ئىلىندۇ.
رۇپ، ئاخىر بىر كەمدە توپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. ئۇ يەردە باش ـ
كۆزى قانغا بويالغان بىرى ئەلاغا ئېسىلىۋالغان، ئەلا كىيىملىرى
قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن هالدا ئۆزىنى هىمايە قىلىپ بىرنېمىلەرنى
دەپ ۋارقىرىماقتا ئىدى.

— مانا ئاجرىتىڭ، مانا ئادەمگەرچىلىك! — دېدى زولىيا
بوغۇلۇپ. هاشىر بولسا يوغان گەۋدىسى بىلەن ئادەملەرنى مۈرىدەپ
توپنى يېرىپ مەيدانغا چۈشتى ۋە هېلىقى «مۇتتەهەم»نىڭ گەجگە.
سىدىن مۇجۇپ تۇتۇپ يەردىن سىلكىپ ئالدى ـ دە:

— مۇتتەهەم، كىمگە مۇشت ئېتىۋاتىسەن، كىمگە؟ — دەپ
ۋارقىرىدى.

«مۇتتەهەم»نىڭ هەمراھلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن مەيدانغا
يالىڭاچلىنىپ يۇگۇرۇشۇۋىدى، ناتونۇش ئادەملەر هاشىر بىلەن
ئەلانى «هارام تاياق»تىن ساقلاپ قېلىشتى:

— هاشىر شۇجى!

— ئەلا، هېلىقى ئالىم! — دەپ ۋارقىرىشاتتى ناتونۇش
ياشلار، دېھقانلار.

ئۇلار «لەڭزىبېشى» سۈيىدە تازىلاندى. ئەلاغا يېڭىدىن چاپان
سېتىۋېلىشقا توغرا كەلدى.

— بۇ قانداق پېشكەللىك! — دېدى زولىيا تېرىكىپ.

— ئۆزىمىز ئىزدەپ تاپقان پېشكەللىك! — دېدى هاشىر تەنە
قىلىپ.

— سەن بىلەن بىز تۇزەشكە تېگىشلىك پېشكەللىك! — دېدى
ئەلا كۇلۇپ قويۇپ، — سەن هاشىر بايىقى بىچارە يىگىتنى يامان
بوغۇۋەتتىڭ!

— ئۇ سېنى بوغسا مەيلىمىدى، ئەمىسە؟

— ئۇ نادانلىقتىن، غەزەپتىن بوغدى. بىلەمسەن، ئۇنى بىر

تۇخۇم ئۇچۇن ئۇردى . مەن ئارىلاشمىغان بولسام ، بىر تۇخۇم ئۇچۇن ھېلىقى رەقىبى بۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى . بىزنىڭ خەلقىمىز «كەچۈرۈڭ» ، «كېرەك يوق» دېيىشنىڭ ئورنىغا مۇشت ، پىچاق تەڭلەيدۇ . خەلققە بۇنى كىم ئۆگەتتى ؟ بۇ ۋەھشىيلىشىش بولماي نېمە ؟

ئەلا جاۋاب ئالغۇچە ۋاڭىلداپ ئوقلار ئېتىلدى . ئادەملەر بىر - بىرىنى دەسسەپ قورغىيدىن ئۈركۈگەن قۇشقاچتەك پىتىراشتى . ئەلا ئىككى پارتىيە خادىمىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ھېچنەگە قاچماستىن ، بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى ، خاتىرىلىگۈچىسى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى كۆردى : دېھقانلار ئۆز گۈللۈكى بىلەن ئۆز ماللىرىنى تۇتۇپ قېلىشتى ، ساختىپەز ئوقەتچىلەر قېچىپ كەتتى . ھەربىي پاسوندا كىيىنگەن قورallıq ئوقۇغۇچىلار دېھقانلارنىڭ ئۈمىد ۋە ياخشى نىيەت بىلەن ئېلىپ كىرگەن مال ، ئاشلىق ، ياغ ، كۆكتات ، مېۋە ، پۇللىرىنى بۇلىۋېلىپ ، قارشىلىق قىلغۇچىلارنى ئۇرۇپ - دومىلىتىپ ، دەسسەپ - چەيلەپ ئىككى ماشىنىنى تولدۇرۇپ كېتىپ قېلىشتى . بايىقى قىم - قىم بازاردا ئۆرۈلگەن كاۋاپدانلار ، ھور چىقىۋاتقان قازانلار ، يىغلاۋاتقان موماي ، بالىلار ، بىر - بىرىنى يۆلەپ تەسەللى بېرىشىۋاتقان سەۋرچان دېھقانلار... گويا ئادەملەر ئۇرۇشتىن كېيىنكى شەھەر خارابىسىدە ئۆز يېقىنلىرىنىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ يۈرگەندەك مەنزىرە شەكىللەندى .

— بۇ نېمىدېگەن زومىگەرلىك ؟ — دەپ ۋارقىرىدى بۇ قېتىم زۇليا تىترىكىپ - بوغۇلۇپ ، سىرىق بۇرۇتى تىك - تىك بولغان ھالدا ، — قېنى بۇ ئىنساپ ، قېنى بۇ ھۆكۈمەت ! دېھقانغا ۋابال ئەمەسمۇ ، يېزىغا چىقسا قورۇق نومۇر بىلەن زاغرا ، شەھەرگە كىرسە تەييارغا ھەييار تۇرغان بۆلاڭچىلار ، دېھقاننى قوغدايدىغان ھۆكۈمەت قېنى زادى ؟

— ھۆكۈمەت مانا؟ — دېدى ئەلا ھاشىرنى كۆرسىتىپ، — پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرى بولغان ئادەملەر بۇ خىل زورا-ۋانلىقنى توغرا دەۋاتسا!

— سەن ئەلا، تارماق ئىقىمنى ئاساسىي ئىقىمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئەجەب ئۇستىغۇ - ھە؟ بۇ دېگەن ئۆتكۈنچى ھادىسە.

— نەچچە يۈز مىليون دېھقاننىڭ زاغرا غاجىشى، نەچچە مىل-يون كادىر، زىيالىيلارنىڭ ئىگىسىز ئىتتەك خورلىنىشى ۋاقىتلىق ھادىسىما؟

— ئەلا، سەن يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلما دەيمەن، مەن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاداش!

شۇ چاغدا، ئۇلارغا قاراپ قەدىمىي گىر كوچىسىدىن دەلدەڭ-لەپ نامەت چىقىپ كەلدى. ئۇ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، گەجگىسىگە كىيىۋالغان شەپكىسى ئاستىدىن پاخپىيىپ چىقىپ تۇرغان چېچىنى پۇلاڭلىتىپ باش ئېگىپ كەلمەكتە ئىدى.

— مانا، دەۋرىمىزنىڭ قەھرىمانى! — دەپ كۈلدى ئەلا قولى بىلەن نامەتنى كۆرسىتىپ، — نامەت، سالامەتمۇ سەن؟

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى نامەت ئېگىلىپ سالام قى-لىپ، — سىلەرنى ئىزدىگىلى نېكەم. بۇگۈن ئەتىگەن خەۋىرىڭلار كېلىۋىدى، ئەجەب ياخشى بولدى.

خىلمۇخىل سوئاللار بىلەن ئۆزىنى ئورىۋالغان دېھقانلاردىن قۇتۇلالمايۋاتقان ھاشىر نامەتكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— نامەت ئاداش، خوتەندىن كەلمىسەك بوپتىكەن، ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ياۋاش ئىدى - ھە!

ئۇلار مۇشۇنداق ئاددىي گەپلەر بىلەن نامەتنى كۈتۈۋالدى. نامەت بولسا قوللىرىنى شىلتىپ، مەيدىسىنى مۇشتلاپ، كىملەرنىڭ-دۇر تىللىغىلى تۇردى:

— ۋۇي ئاناڭنى، نەگىلا بارساق بىزگە كۈن يوق، خوتەندە

مۇسادىرە قىلىندىم ، ناھىيىدە بۇلاندىم . بۇ يەرگە كىرىۋىدىم ، بۇ يەردىمۇ تالاندىم . يىگىرمە - ئوتتۇز مىڭ يۈەندەك زىيان بولدى ، ھەممىنى قىلغان ئاشۇلار ، مېنىڭ سىلەر بىلەن يېقىنلىقىمنى بىلىپ مەقسەتلىك زەربە بېرىۋاتىدۇ !

— نېمانچە ئاسمانغا ئوق ئاتىدىغانسەن ، ئاداش ، كىمنى تىللا- ۋاتىسەن ؟

— كىمنى بولاتتى ، سەن كىمنى تىللىساڭ مەنمۇ شۇنى . بىز ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ، ئالغان تەربىيىمىزمۇ ، مەقسىتىمىزمۇ بىر ، بىزنىڭ دوستىمىزمۇ ، دۈشمىنىمىزمۇ ئورتاق !

— ئەمما نىيەت - مەقسىتىمىزدە ئورتاقلىق يوق - دە ! — دېدى ھاشىر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، شۇ چاغدا بىرنەچچە دېھقان كېلىپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى . بىر دېھقان :

— ئەزبىرايى خۇدا ، ئۆزۈم تېرىغان سەۋزە ئىدى . باللىرىم يالاڭ ئاياغ ، ئاشۇ سەۋزىنى پۇل قىلىپ باللارغا ئاياغ ئېلىپ بېرەي دېۋىدىم . ئەمدى قانداق قىلىمەن ، كىمدىن قەرز سورايمەن ! ؟ — دەپ زارلىدى .

— مانا ، مۇنۇ نامەتتىن سوراڭ ، نامەت ، بىز بىلەن بىر مەقسەتتە بولساڭ ، مۇنۇ دېھقانغا ئۆسۈمسىز قەرز بەرگىن !

— بولىدۇ ، ئاداش !

يەنە بىر دېھقان ھاشىرغا يېلىندى :

— خۇدا ھەققى ، بىرلا كالىمىز قالغان ، دۆگە ئىككى مىڭ سومدەك قەرزىمىز بار . مۇشۇ كالىنى سېتىپ باللارنىڭ ئانىسىنى داۋالىتاي دېۋىدىم ، سودام پىشقان ، پۇلنى ئالساملا بولاتتى . ھاشىر شۇجى ، بىر گەپ قىلسىڭىزا ، سىزلا گۇۋاھچى بولۇپ «راست» دەپ بەرسىڭىز ، ئۇلار كالامنى بېرىۋېتەتتى !

تەرەپ - تەرەپتىن ئادەملەر كېلىپ ھاشىرغا يېقىنلىشىشقا

باشلىدى . ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى هازىر هېچقانداق گېپى ئاقمىغان شۇجى ، هاكىملارنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ، هامان بىرىگە يالۋۇرۇش زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈنلا هاشىرغا يالۋۇرماقتا ئىدى . ئۇلارنىڭ بۇ ناله - پەريادلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئازابلىرىنى ئىزهار قىلىش بىلەن ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىشتىن باشقا مەقسەتلىرى يوق ئىدى .

— سەۋر قىلايلى ، كۆپچىلىك ، ۋەزىيەت ياخشىلىنىدۇ . ياخشىلىقنىڭمۇ ، يامانلىقنىڭمۇ هېسابى بولىدۇ . پارتىيىگە ، خەلققە ئىشىنەيلى ! — دېدى هاشىر قۇرۇغان لەۋلىرىنى يالاپ ، قوللىرىنى هاۋادا بوش پۇلاڭلىتىپ . ئۇنى زۇلىيا ئالدىراتتى .

— هاشىر شۇجى ، سائەتكە قاراڭ ، هېچبولمىسا كۈنگە قاراڭ ، پېشىندىن ئېگىلدى . قورساق ئېچىپ باش قايغىلى تۇردى !

— مۇنۇ دېهقانلارنىڭچۇ ؟ — دېدى ئەلا باياتىن چوڭقۇر خىيال بىلەن تۇرغان يېرىدىن بېرى مېڭىپ ، — بۇلارنىڭمۇ قورسىقى ئاچ ، بۇلار قانداق قىلار ؟

— هەي ئۇكام ، سىز بىلەن بىز پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ غەم - قايغۇسىنى كۆتۈرۈۋالالمايمىز - دە ، هەممىلا ئادەمنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان نۇسرەت ئىگىسى تېخى تۇغۇلمىغان بولسا كېرەك !

هەرقانداق تۇگۈننىڭ يېشىمى بولغىنىدەك ، غوۋغانىڭ ئاخىرى ، دەۋانىڭ يەكۈنى بولىدىكەن . بايىلا جىمجىت بولۇپ قالغان بازار بىردەمدىلا يەنە جانلاندى ، هېلىقى ئاجايىپ خور يەنە باشلاندى . نامەتىنىڭ تىل - ئاهانىتىمۇ ، دېهقانلارنىڭ هال - مۇڭىمۇ ، ئەلانىڭ مۇلاهىزە - نۇتۇقلىرىمۇ ، هاشىرنىڭ ئۈمىدۋار نۇتۇق - تەسەللىسىمۇ شۇ خورنىڭ ئىچىگە قېتىلدى . هاشىر بىردىنلا بىر ئىشنى يادىغا ئالدى - دە ، ئەلا بىلەن زۇلىيانى ئالدىرىتىشقا باشلىدى .

— بولۇڭلار ، بۈگۈن قانداق قىلىپ بولسىمۇ رازىيە بىلەن كۆرۈشۈش كېرەك ! — دېدى ئۇ ھەممىدىن قول ئۈزۈپ .

ئۇلار «گاز» ماشىنىسىنى ئىلى ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسى-نىڭ دەرۋازىسى جايلاشقان تېرەكلىك كوچىدا توختاتتى . شوپۇر بىلەن زۇليا كابىنكىدا ، نامەت بىلەن يەنە بىر دېھقان يىگىت كوزوۋپ ئۈستىدە قېلىشتى . ھاشىر بىلەن ئەلا سوۋغا - سالاملىرى-نى ئېلىشىپ ساقچى دەرۋازىسىغا كەلدى . كۈنچىقىشقا قارىغان دەرۋازا ، ئۇ يەرنى ھازىر ھەربىيلەر ساقلىماقتا . قىبلىگە قارىغان يېڭى دەرۋازا تۈرمە ئىشىكى ، ئۇ يەردە رازىيە بار . ھاشىر ئالدىدا ، ئەلا كەينىدە قاتارلىشىپ توپتوغرا تۈرمە دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭ-دى . دەرۋازىغا قارىغۇچى ھەربىي ئۇلارنى توستى .

— نېمە ئىش ؟

— جىنايەتچى بىلەن كۆرۈشمەكچى .

— ئىسمى نېمە ؟

— رازىيە ئۆمەر ، ئوقۇتقۇچى ئايال .

— سىلەر نېمىسى ؟

— مۇنۇ كىشى ساۋاقدىشى ، مەن بولسام ئۇنىڭ يېقىن ئادىمى ھاشىر !

— يېقىن ئادىمى ؟ زادى نېمىسى ؟

— ئېرى ، يولدىشى !

دەرۋازا باققۇچى كۈلۈپ قويۇپ كىرىپ كەتتى - دە ، چاسنى كىيىم كىيگەن بىرىنى باشلاپ چىقتى . ئۇ كىشىنىڭ قاپىقى تولىمۇ يامان ، مۇئامىلىسى قوپال ئىدى .

— كىم ئۇ ، رازىيەنىڭ يولدىشىمەن دېگەن ؟

— مەن !

— نېمىگە يالغان سۆزلەيسەن ، رازىيە تۇل خوتۇنغۇ ؟

— تۇل بولسا ئەرلىك بولالمامدىكەن ، بۇنىڭ نېمىسى

يالغانىكەن؟
— ھازىر سەن ئۇنىڭ ئىرى ئەمەس!
— ھازىر بولمىسام، كەلگۈسىدە بولىمەن!
— ماڭ، يوقال، بۇ يەر سېنىڭ مۇھەببەتلىشىدىغان باغچاڭ ئەمەس!
— قوپاللىق قىلما، ھوي گۈندىپاي، بۇ يەر سېنىڭمۇ كاللا ئالىدىغان مويتۇڭزاڭ ئەمەس!
— سەن نېمە ئادەمسەن؟
— مەنمۇ؟ — دېدى ھاشىر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — بۇرۇنقىسىنى بىلمەكچى بولساڭ، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى، ھازىرقىسىنى بىلمەكچى بولساڭ، ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق شتابىنىڭ مەسئۇلىمەن، مانا ئالاقەم!
ھاشىر تۆش يانچۇقىنى ئۆرۈپ بىر تۇتام قەغەز، كىنىشكىلارنى چىقىرىپ بايىقى گۈندىپاينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.
گۈندىپاي ھاشىرنىڭ ئالاقىلىرىنى چالا - بۇلا ئوقۇپ قويدى - دە:
— بۇگۈن كۆرۈشىدىغان كۈن ئەمەس، سىياسىي جىنايەتچىلەر ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى يېقىنلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ! — دېدى.
— رازىيە سىياسىي جىنايەتچى ئەمەس! — دېدى ھاشىر خاپا بولۇپ.
— قانداق جىنايەتچى ئەمىسە؟
— ھېچقانداق جىنايەتچى ئەمەس!
— بۇ يەرگە جىنايەتچىدىن باشقىسى سولانمايدۇ. بىلىپ قوي، بۇ تۈرمە، بىلدىڭمۇ ھوقۇقدار؟
— جىنايەتچىلەر سولانماي، جىنايەتچىنىڭ دۈشمىنى سولانغان بولسىچۇ؟ بىلىپ قوي، سەن نۇرغۇن بىگۇناھلارنى جازالاپ، گۇ-

ناهكارلارغا باش قويۇپ يۈرۈۋاتىسەن؟ — دېدى ئەلا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ.

— سەن كىم، ئەكسىلئىنقىلابىي خورىكىڭ نېمانچە ئۆسۈپ كەتكەن نېمىسەن، ئەسلىي سېنى سولايدىغان گەپكەن!

— ئالدىرىما، ئۇمۇ بولۇپ قالار، — دېدى ئەلا زەھەرلىك كۈلۈپ، — كىم بىلىدۇ، كەلگۈسىدە ئىككىمىز بىر تۈرمىدە ياتىمىزمۇ تېخى؟

— نېمە دېمەكچىسەن، مۇتتەھەم؟ — گۈندىپاي تامدەك تاتىرىپ، ئەلاغا قاراپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى.

— نېمە دېمەكچىدىم؟ چۈشىنىشلىكقۇ، مەن ئادەم سۈپىتىدە سولانسام، سەن بىر ئىت سۈپىتىدە سولىنىسەن، نېمانچە قوپاللىق قىلىسەن؟ — ئەلامۇ ئالدىغا بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى.

هاشىر ئەلانى ئىتتىرىۋېتىپ ئالدىغا ئۆتتى - دە، گۈندىپايغا قاراپ كۈلدى:

— خاپا بولما، بۇرادەر، دوستۇم سەپراراق، تىلى زەھەرلىك بولغىنى بىلەن كۆڭلى ياخشى يىگىت. ئۇنداق بولسا، بىز سەن دېگەن كۈندە كېلەيلى، يۈر ئەلا، كەتتۇق، — هاشىر شۇنداق دېدى - دە، ئەلانى سۆرەپ ماشىنىغا قاراپ ئېلىپ ماڭدى، — سەن ئاۋاق، مەن بولمىسام بىر كۈندە نەچچە قېتىم سولاققا كىرىدىغان ئوخشايسەن، بىلەمسەن، بۇ قىزىققانلىقىڭ نېمىنى خاراب قىلىۋاتىدۇ؟ سەن دۇنيادا ئۆزۈڭ ئۇچۇنلا ياشامسىنا؟ خەلقنىڭ، دوستلارنىڭ ئۇمىد - ئارزۇلىرى شۇنچىلىك قەدىر - قىممىتى يوق نېمىما؟ نېمىشقا ئۆزۈڭنى تۇتالمايسەن؟

— كۆيۈنگىنىڭگە رەھمەت، هاشىر، راست ئېيتىسەن، ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم، لېكىن ئۆزۈمنىڭ مەيلىمۇ؟ مېنى ھەممىلا ئىشتا چېچىلىدىغان، ھەممىلا نېمىدىن نەپرەتلىنىدىغان قىلىپ قويغان زادى نېمە؟

— بۇنى بىلىپ نېمە قىلىسەن ، ئەلا ، ماڭا ئىشەن . ياخشىلىق ئالدىمىزدا ، بىز ئاجايىپ بىر بىنا سېلىش ئۈچۈن بۇرۇنقى جايلە- رىمىزنى بۇزۇۋاتىمىز . تاپتازا ، كۆڭۈللۈك ھايات ئالدىمىزدا ، ئاداش !

كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شاملى خېلىدىن بېرى «لەڭزىبىشى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ چىمەنلىكتە ئولتۇرۇپ ھەر خىل يېمەكلىكلەر- نى قولياغلىق ، گېزىتلەرگە يېيىپ قويۇپ ، ۋېلىسىپىت قوڭغۇرى- قىنى رومكا قىلىپ ھاراق ئىچىۋاتقان بۇ بىر توپ ئادەمنى ئاخىر بۇ يەردىن ھەيدىدى . بۇ بىر توپ ئادەم ئىچىدە ، بازارغا ئەكىرگەن قوي ياكى ئۆنىنىڭ پۇلىنى ئۆلپەتلىرىگە خەجلەپ بېرىپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈۋاتقان دېھقانلارمۇ ، بىر تىيىن پۇل خەجلىمەي بىرنەچچە سائەت ياغلىما گەپلەر بىلەن يېزىلىقلارنى ئالداپ مېھمان بولۇۋاتقان غۇلجا ساختىپەزلىرىمۇ ، بۇ بىر توپ ئادەمدىن ئاللىقاچان بىزار بولغان ، لېكىن كېتىشىنىڭ يولىنى تاپالمايلا نەچچە سائەت ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ھاشىردەك ئىشۋاز ، ئەلادەك كىتابخۇمارلار- مۇ ، بۇنداق ئىلتىپات ، چاقچاق ، مەئىشەت تۈكمە بولغان سورۇننى كۆرسە مەيدىسىنى يېقىپ يېتىۋالىدىغان نامەتتەك ئويۇنچىلارمۇ ، زۇلىيادەك ئەستايىدىل كۆڭۈل ئېچىشنى بىلىدىغان دىلكەشلەرمۇ ، قىسقىسى ، ھەر خىل مىجەزلىك ، ھەر خىل كەسىپلىك ئادەملەر بار . نامەت پات - پاتلا كېكىرىپ قويۇپ :

— ۋۇخا دا گېمىڭ ۋەنسۈي[1] ! — دەپ قويىدۇ . زۇليا ئۇنىڭغا جاۋابەن كۈلۈپ ، قوللىرىدىن قارس چىقىرىپ :

— غەنىيمەت ، ئاغىنىلەر غەنىيمەت ! — دەپ ۋارقىراپ قويى- دۇ . ھاشىر ھېلىدىن - ھېلىغا سائىتىگە قاراپ نېمىگىدۇر رەللە بولسا ، ئەلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ نېمىنىدۇر ئويلاپ جىم ئولتۇرات-

---

① ياشىسۇن مەدەنىيەت ئىنقىلابى ، دېمەكچى .

تى . ئۇلارنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېسابلىۋال-
غان زۇليا ھېلىدىن ـ ھېلىغا ھاراق رومكىسىنى قۇشتەك قولىغا
قوندۇرۇۋېلىپ ، كۆزلىرىنى سەل يۇمۇپ ناخشا ئېيتاتتى ۋە ھاشىر
بىلەن ئەلاغا «خۇش كەتتى» قىلاتتى . ئەلا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپلا
ھاراقنى ئىچىۋېتەتتى ۋە ناخشا ئورنىغا :

ئىككى شاپتۇل بىر ئۆرۈك .
سىلى موللا ، بىز تۆرۈك .

دېگەندەك كۈلكىلىك بېيىتلارنى ئېيتىپ رومكىنى قايتۇراتتى .
ھاشىر بولسا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ زۇلياغا قاراپ قويۇپ :

— ئـون بىرىنـچى ئـايدىمۇ كـۈزگە تېرىـۋاتقان دېھقان بار
دېگىنە ؟ ! — دەپ قوياتتى .

ئاخىر گۈگۈم چۈشتى ، سوغۇق كۈچەيدى ، نەم چىملىقمۇ
ئۇلاردىن زېرىكتى .

— قايتايلى ، بولدى قىلايلى ! — دەپ ئورنىدىن تۇردى ھاشىر
بىرىنچى بولۇپ .

— قوزغىلايلى ، — دېدى باياتىن سوغۇق بولۇشىغا قارىماي
بازار بىلەن چىمەنلىك ئارىسىدىكى قارا سۇدىن كېچىپ ئۆتۈپ
توشۇقچىلىق قىلىپ يۈرگەن ، خۇمار كۆز ، سىلىق يۈز يىگىت
ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ ، — ئەمما تارقالمايلى ،
داستىخان سېلىقلىق ، قازان قايناقلىق ، ئۇلتۇرۇشنى قىز كۆچۈر-
گەندەك بىزنىڭكىگە كۆچۈرىمىز . مەن تاڭ ئاتقۇچە خىزمەت قىلاي
دەپ باياتىن سىلەردىن ئاجرىمىدىم .

— بـولدى ، بـولدى ، — دېـدى ھاشىر قـوللىرىنى شىل-
تىپ ، — ئۆيۈڭگە كېيىن بارىمىز . ئىشىمىز بار بىزنىڭ !

— ھېچبولمىسا كېيىن بېرىش ئۈچۈن ئىشىكىمنى كۆرۈپ
قويسىلەر ـ دە !

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى زۇلىيا خۇشال بولۇپ، — ئەلا بىلەن بىزنىڭ ھاشىر ئىچمىدى. قۇلاقنى تۇتۇپ ناخشىمۇ ئېيتار-مىز، تېخى!

— شۇنداق قىلايلى، بىچارىلەرنىڭ كۆڭلى، ھاشىر شۇجى، ئىش دېگەن تېپىلىدۇ. كۆڭۈل تېپىلمايدۇ، جۇمۇڭ!

مەستلەر ھاشىرنى قولتۇقلاشتى. ئەمدى خەنزۇ بازىرىدا مەستلەر، سۈيۈقئاش، كاۋاپ ساتىدىغانلاردىن باشقا ئادەم قالمى-غان. نەلەردىندۇر يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرى غەزەپ بىلەن سۆزلىمەكتە، شوئار توۋلىماقتا؛ يەنە نەلەردىندۇر مىلتىق، ئاپتو-مات ئېتىلماقتا. ماشىنىلاردىن بىرلىرى تۆت، بىرلىرى بەشتىن سىگنال بېرىپ شىنجاڭدىكى ئىككى چوڭ تەرەپنىڭ كۈرەش نىشانى-سىنى ئىپادىلەپ يۈگۈرۈشمەكتە... لېكىن، مۇنۇ ئون نەچچە ئادەم خۇددى زايومكىغا ياكى جىرغىلاڭغا بېرىپ دەريا بويىدا ئويناپ قايتقان غۇلجا ياشلىرىدەك خۇشخۇي. ئۇلار كۈلۈشمەكتە، ۋارقى-رىشىپ چاقچاقلاشماقتا. ئۇلار خۇددى جەمئىيەتتىكى ئاۋۇ ئىككى تەرەپنىڭ تىللىشىش - ئېتىشىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز-دەك. ئۇلار گويا دۇنيادىن كۈلكە ۋە چاقچاق بىلەن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك، ھاياتنىڭ مەقسىتىمۇ گويا كۆڭۈل ئېچىش دەپ قارايدىغاندەك كۆرۈنمەكتە. لېكىن، ئۇلار كۈلكە ۋە چاقچاق بىلەن نېمىلەرنى يوشۇرۇۋاتىدۇ، نېمىلەرنى ئىپادە قىلىۋاتىدۇ ۋە نېمىلەرنى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ-دە!

مانا ئۇلار چوڭ خەتلىك گېزىتلەر دەسسىلىپ، ئۈچۈپ يۈر-گەن كوچىلاردىن ئۆتۈپ مەھەللىگە ئەگىيدىغان چوڭ كۆۋرۈككە كەلدى. ھېلىقى ساھىبخانا باياتىن يولدا كەلگۈچە، كىم قوي سويالايدۇ؟ ئۆي ياخشىمۇ، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىمۇ؟ پولۇ يەيمىز-مۇ، نېرىنمۇ؟ دېگەندەك سوئاللار بىلەن كىشىلەرنى پاراڭغا سېلىپ

كەلگەنىدى . مانا ئەمدى كۆۋرۈككە كەلگەندە ئىككى قولىنى كۆك-
سىگە قويۇپ ئۆزرە ئېيتتى :
— ئىلتىپات ، ئوتتۇز ئوغۇل ، — دېدى ئۇ تولىمۇ سەممىي-
لىك بىلەن ئېگىلىپ ، — بەش مىنۇت ، ياق ، بىر مىنۇت تاماكا
چېكىپ تۇرىدىغان بولدۇڭلار . مۇشۇ ھويلىدا راسا ياخشى بىر
سازچى ئاغىنىمىز بار ، مەن شۇنى دىككىدە ئېلىۋالاي !
— چاتاق يوق !
چاقچاق ، لەتىپە ، كۈلكە بىلەن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى
ھېچكىم سەزمىدى ، پەقەت ھاشىرلا نەچچە قېتىم سائەتىگە
قارىدى .
— ئاغىنىلەر ، ھېلىقى ساپساپچى قاچتى ، — دېدى ئۇ سائە-
تىنى چېكىپ ، — بەش مىنۇتنى بىر مىنۇتقا قىسقارتىپ كىرىپ
كەتكەن ئوغۇل بالا مانا ئوتتۇز بەش مىنۇت ئۆتتى ، تېخىچە يوق !
— يۈزى پولۇ ئەمەستۇ !
— بۇنداقلاردا يۈز نېمە قىلسۇن !
— باياتىن مەيدىسىگە ئۇرغىنى نېمىسى ، كىم ئۇنى زورلىدى ؟
— جەزمەن ئۇ ئىشنى چوڭايتماقچى ، قاراپ تۇرۇڭلار ، بىر
توپ سازەندىلەرنى باشلاپ چىقىدۇ ، — دېدى زۇلىيا باشقىلارغا
قارشى چىقىپ .
— ياق ، ئۇ قاچتى . ھازىر جەزمەن يەنە بىر سورۇندا يالاق
يالاۋاتىدۇ ! — دېدى نامەت ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ ، — مەن بۇنداق
ساختىلاردىن كۆنگە يۈزنى ئۆچرىتىمەن . يۈرۈڭلار ، قالغان ئويۇن-
غا مەن ئىگە !
— ياق ، ئۇ چىقىدۇ ، — دېدى زۇلىيا ، — تەخىر قىلايلىلا !
— ئارقا ئىشىك بىلەن قاچتى . بولمىسا ، يۈرۈڭ ، كۆرۈپ
چىقايلى ، — دېدى نامەت زۇلىيانىڭ يېڭىدىن تارتىپ ، — بۇ
قورۇنىڭ جەزمەن ئارقا ئىشىكى يەنە بىر كوچىغا چىقىدۇ !

— نېمە دەيدۇ ! — دېدى زۇلىيا دەرگۇماندا نامەتكە ئەگىشىپ ، ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن زۇلىيا سۇلتايغان ، نامەت ھاياجانلانغان ھالدا ھويلىدىن چىقىپ كەلدى .

— شەيتان ، — دېدى زۇلىيا قولىنى سىلكىپ ، — بوپتۇ ، ياغاچ قازان بىر قاينايدۇ .

— مۆجىزە ! — دېدى نامەت ھاياجان بىلەن ھىجىيىپ ، — ئەلا دەپ باققىنا ، بىز كىمنى كۆردۇق ؟

— كىمنى ؟ تېز دە ، داۋلەك ! — دېدى ھاشىر بىردىنلا جانلىنىپ ، — گۈزەلئاينى دەمسىنا ؟ يور ، ئەلا ، يولىمىز قىسقاردى . بايىقى قاچقۇنغا رەھمەت !

ئۇ ئەلانىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا بىلىكىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ماڭدى .

— بىزچۇ ؟ ھاشىر شۇجى ، سىزمۇ قاچماقچىمۇ ، — دېدى زۇلىيا ، — قوغلاشماق ئوينايدىغان كۈنمۇ نېمە بۈگۈن !

— بىزنى ئوسمانىنىڭ دادىسىنىڭكىدە كۈتۈڭلار ، باشلا ، نامەت !

ھاشىر بىلەن ئەلا ھويلىغا يۈگۈرۈشۈپ دېگەندەك كىرىشتى . ھويلا چوڭ ، يىگىرمە - ئوتتۇز ئۆيلۈك ئادەم جايلاشقان ، ئۆيلىرى ياسىداق ھويلا ئىكەن . ھويلىنىڭ راست دېگەندەك ئۇلار كىرگەن قوش ئىشىكىدىن باشقا يەنە بىر چوڭ كوچىغا قارايدىغان ، سىرتى قاڭالتىرلانغان چوڭ دەرۋازىسى بار ئىكەن .

— بۇ كىمنىڭ ئۆيى ؟ — دەپ سورىدى ھاشىر چىشىنى چوتكىلاۋاتقان بىر خەنزۇدىن .

— دۆلەتنىڭ ! — دېدى ئۇ تەستە سۆزلەپ .

— ئەسلىي ئىگىسى كىم ؟

— بىلمەيمەن !

— بۇ ئۆي مېنىڭ ! — دېدى تۇيۇقسىزدىن بىر ئوماق

ئوغۇل .

— ئەلى ! — دېدى ئەلا كۆزلىرى دوگىلىدەك ، قاپقارا ، ئاق يۈز ، قاڭشارلىق ، لەۋلىرى ئالۇچىدەك سۆزۈك ئوغۇلنى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ ، — ئالتۇن ساقام ، جېنىم بالام ، سېنىمۇ كۆرىدى- كەنمەن !

ئوغۇل ئاۋۋال يىتىرقاپ يۈزلىرىنى قاچۇردى ، ئاندىن كېيىن ئالىقانلىرى بىلەن ئەلانىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ ۋە كۆزلىرى- گە ، مايلاشقان شەپكىسىگە قارىدى :

— هارۋاڭ قېنى ؟

— هارۋام بار ، بالام .

— سەن خاڭدىن كۆمۈر توشۇمسەن ؟

— هەئە بالام ، دادا دېگىن !

— مېنىڭ دادام يەكياخان ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا .

— ئەلى ئوغلۇم ، داداڭنى ئۆيۈڭگە باشلا ! — دېدى هاشىر قوپال قوللىرى بىلەن بالىنى ئەلانىڭ قولىدىن يۇلۇۋېلىپ پېشانى- سىگە سۆيۈپ ، — بىلەمسەن ، بۇ كىم ؟ بىلىدىكەنسەن . ئاپاڭ ساڭا داداڭ توغرىسىدا دائىم سۆزلەپ بېرىدىكەن . بىلىپ قوي ، داداڭ هازىر هارۋىكەش ، پات يېقىندا ئالىم بولىدۇ . ئۇ چاغدا سېنى ئايروپىلان بىلەن ئوينىتىدۇ ! ماڭ ، داداڭنى ئۆيۈڭگە باشلا !

بالا هاشىرنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى - دە ، ئەلانىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى . ئەلا ئوغلىنى قۇچاقلاپ يەردىن كۆتۈردى . بالا ئەلانىڭ بويىنىدىن چىڭ قۇچاقلاپ ، يۈزىنى ئەلانىڭ يۈزىگە يېقىپ پىچىرلىدى :

— جېنىم دادا ، كەتمىگىن ، مېنى بالىلار ئۇرىدىكەن !

ئەلانىڭ مۈرىلىرى سىلكىنمەكتە ، ئۇ يۈزىنى بالىسىغا مەھكەم چاپلىۋالغان . هاشىر دوستىنىڭ كۆزلىرىنى كۆرەلمىدى . ئۇمۇ كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتمەكتە ئىدى . شۇ چاغدا

بىر ئايالنىڭ تولىمۇ زىل، يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ئەلى، ئەلى، نەدىسەن، بالام!


هاشىر يانچۇقىدىن بىر كاللەك پۇل ئالدى ـ دە، ئۇنى ئەلا-
نىڭ يىرتىق يانچۇقىغا سالدى. ئۇ دوستىنىڭ مۇرىسىگە ئاستا
پەپىلەپ:

— مەن كەتتىم، ئۇسمانىنىڭكىدە كۈتىمەن. بەختلىك بول،
ئاۋاق. بۇ قېتىم كەتمە. ساقچى چاقىرسىمۇ كەتمە! — دېدى ۋە
يوغان ـ يوغان چامداپ كەلگەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ قوش قاناتلىق ئىشىككە بېرىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى،
نېرىدا قىزىل پوپايكا كىيگەن، تىۋىت شال ئارتقان زىلۋا ئايال
ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، سەھنە-
دە ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك هاياجان بىلەن قېتىپ تۇراتتى. بېرىسىدا
ئەلا ئۇۋاق پۇتى بىلەن داجىپ، كۆرۈمسىز كىيىملىرى ۋە ئۇرۇق،
ئەمما كۆركەم گەۋدىسى بىلەن قورۇنۇپ سەل ئېگىلىپ تۇراتتى.
قارا يۇڭ پوپايكا، قارا بۇرۇلكا كىيگەن تولىمۇ چىرايلىق ئوغۇل
ئەلانىڭ قولىنى ئىككى قولى بىلەن تىرەجەپ تارتىپ ئانىسى تەرەپكە
ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن هەرىكەت قىلماقتا ئىدى. هاشىر بۇ خىل
كۆرۈنۈشنى قەدىمكى گرېك، فرانسىيە، ئىتالىيە ياكى رۇمىنىيە،
سوۋېت رەسساملىرىدىن هېچقايسىسىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرمىگەن.
ئۇ هاياجان بىلەن پىچىرلىدى:
— مانا بۇ هەقىقىي رەسىم. هەتتەڭ‌ي، بۇ يەردە رېپىن ياكى
شۇبېيخۇڭ بولارمىدى!

## 6

دۇنيادا چىرايى پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان ئىككى ئادەم بولمىغ-
نىغا ئوخشاش، كۈندىلىك تۇرمۇش شەكلى ئوخشاپ كېتىدىغان





ئىككى ئائىلىمۇ تېپىلمىسا كېرەك . شۇنداق ، ھەر ئائىلىنىڭ ئۆزىـ
گە خاس ئائىلە ئادىتى ، تۇرمۇش شەكلى بولىدۇ ، ئۇ خۇددى
ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆز كىيىمى بولغىنىغا ئوخشاش .
گۈزەلئايمۇ ئۆز قورۇ ـ جايىدىن ئىككى ئېغىز تاختايلىق ئۆي
ۋە ئۆي جاھازلىرىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە خاس ئائىلە
ئادىتى پەيدا قىلىۋالدى . ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك كەچتە ئۆيىگە
كەلگەن مېھمانلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزگەچكە كەچ ياتاتتى ، شۇڭا
ئوغلى ئەلىگە ئەتىگەنلىك چاينى قوشنا ئايال بېرىدىغان بولۇپ
قالدى ، ئۆزى چۈشلۈكى قورۇلۇش ئورنىدا غىزالىنىدۇ ـ دە ،
كەچقۇرۇن سائەت ئالتىگىچە ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ . ئۇنىڭ كېلىـ
شىنى كۈتۈپ ھويلىسىدا ئويناپ ، قوشنىلارنىڭ ئۆيىدىن غىزالىـ
نىپ يۈرىدىغان ئوغلى ئەلى ، ھەر كۈنى كەچقۇرۇن چوڭ دەرۋازا
ئالدىدىكى كۆۋرۈكتە ئانىسىنى بويىنىغا گىرە سېلىپ ، ئىككى مەڭـ
زىگە سۆيۈپ قويۇش بىلەن كۈتۈۋالىدۇ . ئالتە ياشتىن ئاشقان
بولسىمۇ تېخىلا ئەركىلىكى تۈگىمىگەن ئوغلىنى گۈزەلئاي قۇچاقـ
لىۋېلىپ يان ئىشىك يېنىدىكى يوغان تېرەكلىك ئارىسىغا جايلاشقان
سالاسۇن يۆلەنچۈكلۈك بەندىڭگە كېلىپ ئولتۇرىدۇ ـ دە ، قۇچىقىـ
دىكى ئوغلىنىڭ قويۇق بۇدۇر چاچلىرىنى پۇراپ تۇرۇپ :
— دەرسىڭنى ئوقۇدۇڭمۇ ، ئەلى ؟ — دەپ سورايدۇ . ئوغلى :
— بۈگـۈن ئىكـكى بەتـكە تولـدۇردۇم ، تازا ! — دەپ
كۆرەڭلەيدۇ .
— ئەقىللىق ساقام ، بۈگۈن نېمە يەيمىز ؟
— نان بىلەن چاي .
— ياق ، تاماق قىلمىسام بولمايدۇ ، ئەلى .
— ئەمىسە ، سۇيۇقئاش .
گۈزەلئاي ئوغلىنـى بـەزىدە كۆتـۈرۈپ ، بـەزىدە يېتىلەپ ،
قولۇم ـ قوشنىلىرى بىلەن سالاملىشىپ ئۆز ئۆيىگە كىرىدۇ . ئۇ

ئۆي تۇتۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. كەچ كىرگۈچە قورۇلۇشتا
ئىشلەپ ھارغىنىغا قارىماي، تاختاينى ھۆل مىشكاپ پارچىسى بە-
لەن سۈرتۈپ چىقىدۇ، دېرىزىلەرنى ئېچىپ ئۆينىڭ ھاۋاسىنى
يەڭگۈشلەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن يەڭگىل ئايىغى بىلەن شىپىلداپ
يۈرۈپ تاماق ئېتىشكە باشلايدۇ. لېكىن، ئۇ دائىم دېگۈدەك ئۆزى
تاماقسىز قالىدۇ، چۈنكى تامىقى تەييار بولغاندا، بەزىدە ئۈچ-
تۆت، بەزىدە بەش- ئالتە، كەم بولغاندا بىر ئىككى مېھمان كىرىپ
كېلىدۇ- دە، گۈزەلئاي ئۆز ئادىتى بويىچە مېھمانلارنى تاماققا
زورلاپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئاچ قورساق
يۈرۈۋېرىدۇ. ئۇنىڭ مېھمانلىرى خىلمۇخىل، بەزىدە ناخشا- ساز-
خۇمار ئاياللار كېلىشىدۇ. چۈنكى، گۈزەلئاي غۇلجىغا كەلگەندىن
كېيىن قىلىدىغان ئىشى بولمىغاچقا، كۈن بويى ئۆيدە يالغۇز دۇتار
چېلىپ، ناخشا بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ، ھازىر ئاياللار
ئولتۇرۇشلىرىنىڭ سازەندىسى بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ مۇڭلۇق دۇ-
تارى بىلەن ھېسسىيات ۋە مەنىگە تولغان ناخشىلىرى نۇرغۇن ئايال-
لارغا ئۇنتۇلغان ياشلىقى، مۇھەببىتى ۋە ھىجرانلىرىنى ئەسلەت-
كەن، شۇڭا ئاياللار ئۇنىڭ ئۆيىگە خۇشتار. بەزىدە ئۇنىڭغا
ساۋاقداش- دوستلىرى ئەر- ئايال بولۇپ كېلىشىدۇ- دە، يېرىم
كېچىگىچە ساز- ناخشا، چاقچاق ھەتتا تانسا بىلەن ئوقۇغۇچىلىق
ھاياتىنى ئەسلىشىدۇ. بەزىدە گۈزەلئاي كۈتمىگەن مېھمانلار —
مەست يىگىتلەر ھاراق زاكۇسلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ كېلىشى-
دۇ. گۈزەلئاي ئۇلار بىلەن قورۇلۇشتا ئىشلەپ يۈرۈپ تونۇشۇپ
قالغان، ئۇلارنىڭ ئىنساپ ۋە ھايادىن چېگرا ئاجراتقان كۆزلىرى
بىلەن قوپال، بىشەم چاقچاقلىرى گۈزەلئاينى ھەرقانچە خاپا قىل-
سىمۇ، ئۇ ساھىبخانا بولغانلىقى ئۈچۈن كۈلكە ۋە سىلىق گەپ
بىلەن خىزمەت ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنى ئۆيدىن
ھەيدەپ چىقىرىشتا قوشنىلىرىنى ياردەمگە چاقىرىدۇ.

گۈزەلئاينىڭ مېھمانلىرى بۇلار بىلەنلا توگىمەيدۇ . بەزىدە سوۋغا - سالام ، سىلىق - سىپايە مۇئامىلىسى بىلەن ساۋۇتوفمۇ كېلىدۇ . ئۇ : «قىزىم» دەپ تۇرۇپ سۆزلىسىمۇ ، گۈزەلئاينىڭ سەزگۈر نېرۋىلىرى بۇ ھۆرمەتلىك ئۇستازنىڭ ياش ، گۈزەل ئايالغا يەنە باشقىمۇ بىر يوشۇرۇن سەۋەب بىلەن يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرگىنىنى خەۋەر قىلىپ قويىدۇ... لېكىن گۈزەلئايىنى تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قويىدىغان مېھمان يەنىلا رەقىپ . ئۇ تولا كېلىدۇ ، تولا سۆزلەيدۇ ، تولا ۋەدە بېرىدۇ ، تولا يېقىنچىلىق قىلىدۇ ، تېخى ئۈچ كۈن بۇرۇنلا ئۇ ئىككى ھەربىي يىگىت بىلەن بىللە پىكاپتا كەلدى . ئۇ شۇنچىلىك جىق سوۋغا - سالام ئەكەلگەنكى ، گۈزەلئاي خىجالەتتىن يىغلىغۇدەك بولدى ، ئاياللار پوپايكىسى ، يوپكا ، ياغلىق ، توپلەي ، پايپاق ، باللار كىيىمى ، ئوت چىقىدىغان ئاپتومات ، ماشىنا ، پويىز ، زىراپە ، ئېيىق ، توشقان ، يېمەك - ئىچمەك... گويا رەقىپ ئۆگىتىپ قويغاندەك ، ئىككى ھەربىينىڭ ماختاشلىرىچۇ تېخى :

— لاۋرېپ ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ بېكىتىلدى ، يېقىندا ئېلان قىلىنىدۇ .

— لاۋرېپ مىللىيلار ئىچىدە سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى ، مەيدانى ئەڭ مۇستەھكەم ، ئىنقىلابىي غەيرىتى ئەڭ ئۇستۇن ، ئەڭ ئىستىقباللىق رەھبەر !

— لاۋرېپ يولداشلارغا ئەڭ قىزغىن ، سەمىمىي ، ئاددىي - ساددا ، كۆيۈمچان ، سەمىمىي - سادىق يولداش !

گۈزەلئايغا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاش بايىقى سوۋغا - سالاملارنى قوبۇل قىلىشتىنمۇ تەس . لېكىن ، ئۇ ساھىبخانا ، چىرايى ئۆزگەرمەسلىكى لازىم . يەنە ئۇ تەربىيە كۆرگەن ، ئەخلاقلىق ئايال ، شۇڭا تەنە ، سوغۇقلۇق ، قوپاللىق دېگەنلەرنى بىلمەسلىكى كېرەك . ئۇ

نېمىلا بولمىسۇن كۆلۈمسىرەپ، سىلىق گەپ قىلىشى، باشقىلار-نىڭ گېپىنى ئورۇنسىز بولسىمۇ، بېشىنى ئىرغىتىپ تەستىقلىشى لازىم. بولۇپمۇ، رەقىپىنىڭ ئىستىقباللىق رەھبەر ئىكەنلىكى ئېيتىلغاندا خۇشال بولۇشى، رەقىپكە ھۆرمەت بىلدۈرۈشى، ئۇنىڭ ئورنى ۋە ئىستىقبالىدىن لەززەت ئېلىشى لازىم.

شۇ كۈنى گۈزەلئاي شۇنداق قىلدى. ئۇنىڭ بەدىلىگە رەقىپ قايتار ۋاقتىدا ئۇنىڭ قوللىرىنى ئۇزاق مىجىپ تۇتتى. گۈزەلئاي-نىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ:

— ماڭا سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىزلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە، يەنە ... — دېيەلىدى. گۈزەلئاي ئۇنىڭ گېپىنى ئۈستىلىق بىلەن بۆلۈپ، كارىۋاتتا مۈگدەۋاتقان ئوغلىغا قاراپ:

— ئەلى، يىقىلىپ چۈشمە، ساقام! — دەپ يۈگۈردى ۋە رەقىپىنىڭ قوللىرىدىن قۇتۇلۇپ، سەزگۈرلۈك بىلەن ئوغلىنى باغ-رىغا مەھكەم بېسىپ كۆتۈرۈۋالدى.

مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋېلىپ ئادىتى بويىچە ئوغلىنى باغرىغا باستى - دە، يۈزىنى ئوغلىنىڭ شوخ ئويناۋاتقان يۈرىكىگە يېقىۋېلىپ:

— مېنىڭ قالقىنىم، ئىشەنگەن تېغىم، جېنىم ئوغلۇم، بىچارە ئاپاڭنى ھىمايە قىل. مېنىڭ سەندىن باشقا يۆلەنچۈكۈم يوق! — دەپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئەلى ئانىسىنىڭ ھالقىسىنى ئويناپ خىيالچانلىق بىلەن خېلى ياتتى - دە، ئۇنىڭ ئۇزۇن تال - تال كىرپىكلىرى ئاستا - ئاستا جۇپلەشتى.

بۇگۈنچۇ؟ ھاۋا سوغۇق، تېرەكلەر ۋەھىمە بىلەن شالدىرلاپ ئاخىرقى يوپۇرماقلىرىنى تۆكمەكتە. كەچ كۈزنىڭ نەم، مۇزدەك ھاۋاسى ئەلى دەرياسى تەرەپتىن قىش پۇرىقىنى ئەكەلگەن چېغى، گۈزەلئاينىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشماقتا.

— ئەلى، ماڭ بالام، مۇزلاپ كەتتۇق!

— دادام... نېمىشقا ماڭمايدۇ ؟ ماڭ ، دادا .

ئەلا بىلەن گۈزەلئاي ئۈن - تىنسىز قارىشىپ تۇرۇشماقتا . تەربىيە كۆرگەن ئايال بوگۈنمۇ ساھىبخانىغۇ ، ئۇ نېمىشقا مېھماننى ئۆيىگە تەكلىپ قىلمايدىكىنە ؟ ئەجەبا ، بۇ مېھمان ھېلىقى قوپال مەستلەر بىلەن داپشاق مېھمانلاردىنمۇ قورقۇنچلۇقمىكىنە ؟ بالىسى. نىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان ئايال بوگۈن نېمىشقا ئوغلىنىڭ خاھى. شىغا پىسەنت قىلمايدىغاندۇ - ھە ؟ ئاۋۇ كىيىملىرى ناچار ، ئورۇق يىگىت بۇ ئايالغا نېمە يامانلىق قىلغان ؟ ئۇنىڭ داڭلىق ئارتىس بولالماي كۆنلۈكچى بولۇپ قېلىشىغا ئاشۇ يىگىت سەۋەبچىمۇيا ؟ ياكى ئۇنىڭ گۈزەللىكى ، ئارزۇ - ھەۋىسى ، ھەتتا قەدىرداﻥ ئاتا - ئانىسى ئاشۇ ناچار كىيىنگەن يىگىتنىڭ ئاۋاق قوللىرىدا بوغۇلۇپ يوقالغانمۇ ؟ قىساس ، ئۆچمەنلىكنىڭمۇ چېكى بولى. دۇ ، يىللار — تاغوتاشلارنى ئۆپرىتىپ تۈگىتىدىغان بۇ ئۇلۇغ كۈچ ، بىر ئايالنىڭ قەلبىدىكى كىچىككىنە تۈگۈچنى يېشەلمىدى. مۇ ؟ شۇنچە يېشىلمىگەن بۇ تۈگۈچ زادى نېمە ؟ قىساسمۇ ، نەپرەت. مۇ ، ئاداۋەتمۇ ؟ ياكى...

ئەلى دادىسىنىڭ قولىنى تارتىپ چارچىدى ، نە دادىسى بىر چامدام ئىلگىرىلىمىدى ، نە ئاپىسى ياردەمگە كەلمىدى . ئۇ ئاخىر تېپىرلاپ يىغلىدى . ئېھ بالا ، ئانا يۈرىكىدىكى توڭنى ئېرىتىدىغان ئوتمۇ بالا ، ئانا قەلبىنى تىلىپ پارە قىلىدىغان تىغمۇ بالا . گۈزەل. ئاي ئاخىر بالىسىنىڭ نالىسىگە چىدىمىدى . ئۇ كېلىپ بالىسىنى ئېڭىشىپ قۇچاقلىدى . ئەلا گۈزەلئاينىڭ ئېڭىشكەندە ئۆزىگە يېقىن. لاشقان چاچلىرىدىن كېلىۋاتقان تونۇش ، يېقىملىق پۇراقتىن بىر. دىنلا ئەس - ھوشىنى يوقاتتى - دە ، ئۇمۇ ئىختىيارسىز بالىغا ئېڭىشتى . بىر دەقىقە ئۇلارنىڭ تىنىقلىرى ئارىلاشتى ، قوللىرى بىر - بىرىگە تەگدى . تەگدىيۇ ، ئۇلار ھەر ئىككىلىسى توك سىمى تۇتۇۋالغاندەك سىلكىندى ، لېكىن ھەر ئىككىلىسى قارشى تەرەپ.

نىڭ ھالىغا دىققەت قىلمىدى. چۈنكى، توك سىمى تۇتۇۋالغان ئادەم جان قايغۇسىدا قالىدۇ-دە، يېنىدىكى ھەمراھىنى ئۇنتۇيدۇ...

— رەھمەت، گۈزەلئاي، ئەلىنى ياخشى تەربىيىلەپسىز، مېھماندوستلۇقى سىزنى دوراپتۇ.

— جاھىللىقى كىملەرنى دوراپ قالدىكىنتاڭ؟

ئۇلار بىر-بىرىگە تىكىلىپ قاراشمىدى، ھال-ئەھۋال سوراشمىدى، ئۈن-تىنسىز، يەرنى ئاۋايلاپ دەسسەپ گۈزەلئاينىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى.

ئۆيگە ئەلا ئاۋۋال كىردى. ئۇ ئۆيدە ساھىبخانا گۈزەلئاي ئەمەس، ئەلى بولدى. ئۇ ئەلانى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى، ئىشكاپتىن تاتلىق-تۈرۈم، نانلارنى ئېلىپ ئۈستەلگە تىزدى، گۈزەلئاي تاپسىدىكى ئىككى كىشىلىك كارىۋاتقا سېلىنغان كونا گىلەمنىڭ مويىنى تىتىپ ئۈن-تىنسىز ئولتۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ خىيالى، پىكرى، ئارزۇسى نېمە؟ بۇنى ئەلۋەتتە ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇ تاپتا ئۇنى 1957-يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1961-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە كېچە-كۈندۈز سۆزلىشىش، كۈلۈشۈش ۋە ئارزۇ-ئارمان ئۈستىدە ئورتاقلىشىشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن ۋە ئاخىر بىر ئۆيدە بولۇپ كېيىن يەنە جۇدالاشقان ئادىمى بىلەن كۆڭلىدە سۆزلەشمىدى دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئۇنىڭ قوللىرى گىلەم مويىنى تىتىۋاتقىنى بىلەن يۈرىكىچۇ؟ ئۇنىڭ يۈرىكى ياشلىق خاتىرىلىرى بىلەن تولغان ھايات كىتابىنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلاۋاتمىغانمىدۇ. ناۋادا شۇنداق بولسا، ئاشۇ قىممەتلىك كىتابنىڭ قايسى بېتىگە ئاۋۇ ئۈستۈۋېشى ناچار، چىرايى سولغۇن يىگىتنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان دەيسىلەر؟ لېكىن گۈزەلئاي ئۈندىمىدى. ھەتتا: «نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز؟» دەپ سوراپمۇ قويمىدى. يىگىتچۇ؟ ئۇ قارىماققا بالىسى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك قىلغىنى بە-

لەن ، ئەمەلدە گۈزەللىكى بىلەن سۆزلەشمەكتە . «… سىز قاچانغىچە هاكاۋۇرلۇق قىلىسىز ؟ سىز مېنىڭ ئالدىڭىزدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، مېنى كەچۈرۈڭ ، ئالدىڭىزدا ئەيىبلىكمەن ، دېيىشىمنى كۈتۈۋاتامسىز ؟ ياق ، مەن يالغان سۆزلىيەلمەيمەن . مەن سىزگە ۋاپاسىزلىق قىلمىدىم . مەن سىزدىن قېچىپ گەنجا يايلىقىدىكى قارا بوتخانىغا مۆكۈنۇۋالمىدىم ياكى سىزنى تۇرمۇشتا قىينالغانلىقىمىز ئۈچۈن غۇلجىغا كېتىشكە دەۋەت قىلمىدىم . ئاتا - ئانىڭىز چەتئەلگە كەتكەن بولسا ، نېمە بوپتۇ ؟ سىزدەكلەر كۆپقۇ . ئۇلار سۆيگىنى ، بالىسى ، خىزمەت ۋە دوستلىرى ئۈچۈن ، ئەڭ مۇھىمى ، ۋەتىنىنىڭ قانغا سىڭگەن مېھىر - مۇھەببىتى ئۈچۈن ئاتا - ئانىدىن ئايرىلىپ ئۆز يېرىدە قالدىغۇ ؟ ئۇلار ئاشۇنداق ئاچا يولغا كەلگەندە ، بىر مىنۇتمۇ تېڭىرقاپ تۇرماستىن ئاتا - ئانىلىرى بىلەن خوشلاشتىغۇ ؟ ئادەم ۋەتىنى ، مۇھەببىتى بىلەن قەدىرلىك ، چۈنكى بۇلار سىزدىن قۇربان بېرىشنى ، مۇھىمى ، مۇقەددەس نەرسىلەردىن ئادا - جۇدا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئادا - جۇدا بولالىسىڭىز ، قۇربان بېرەلىسىڭىز ، سىز هاياتنىڭ ئىنسانغا قويىدىغان تەلىپىنىڭ هۆددىسىدىن چىقالىغان بولىسىز ، ئەكسىچە بولغاندا ، سىز هاياتنى ئالدىغان ، ئۆزىڭىزنى ، باشقىلارنى ئالدىغان بولىسىز . بۇ ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىكقۇ ؟ مەن بۈگۈن سىزنى ئەيىبلەش هېسابىغا ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى ئەمەسمەن ، يەنە شۇنداقلا ، سىزگە هايات ۋە ئىنسان توغرىسىدا دەرس ئۆتمەكچىمۇ ئەمەسمەن ، دېمەكچى بولغىنىم ئاددىيلا ، پۇرسەت غەنىيمەت ، تىلىسىڭىزمۇ مەيلى ، گەپ قىلىڭ !…»

— ئاپا ، نېمىشقا دادامغا سەي قورۇپ بەرمەيسەن ؟

— ھە ، ھىم…

— ئۇ كۈنى ھېلىقى ماشا ئاپتومات ئەكەلگەن سېمىز ئادەمگە سەي قورۇپ مېھمان قىلدىڭغۇ ئەمىسە ؟

— ئەلى ! ... — گۈزەلئاينىڭ لەۋلىرى كۆكىرىپ ، يۈزى تاتاردى .
— ئۇ كىم ؟ — ئەلا چۆچۈپ سورىدى .
— ئۇما ؟ — گۈزەلئاي تۇنجى قېتىم ئەلاغا تىكىلىپ قارىدى ، — ئۇ رەقىپ .
— رەقىپ ؟ — ئەلا ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، — ئۇ بۇ يەرگىمۇ كېلىپ تۇرامدۇ ؟
— مەن چىللىمايمەن ، كەلگەن ئادەمنى كۆتمەن !
— لېكىن ، ئۇ...
— ئۇ نېمە بوپتۇ ، ئۇمۇ ئادەم !
— سىز ئۇچۇن بەلكى ئۇلۇغ ئادەمدۇ ، لېكىن...
— سىزنىڭ ماڭا تەنە گەپ قىلىشقا ھەققىڭىز يوق ، سىز پۈتۈنلەي يات بىر تۇل ئايالنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىسىز ، ئورنىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ ، ھە !
گۈزەلئاي تىترەڭگۈ ، يىغا ئارىلاش ئاۋازى بىلەن تەتۈر قاراپ تۇرۇپ شۇلارنى دېدى ـ دە ، ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن ئوغلىنى باغرىغا باستى .
ئەلا ئايالنىڭ يۈرەك يارىسىنى ئەقىل كۆزى بىلەن دەرھال كۆرەلىدى . «رەقىپ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن ، مەن ئۇنى ھىمايە قىلىش ، ساقلاش ئورنىغا ، نېمىشقا ئۇنىڭغا تەنە قىلىمەن ؟» دەپ ئويلىدى ئەلا . ئۇ ئەمدى گۈزەلئاينىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشەي دەپ بېشىنى كۆتۈردى ، شۇ چاغدا گۈزەلئاي ئەلىنى يېتىلەپ تالاغا ماڭدى . ئەلى تارتىشىپ تەستە ماڭدى ۋە دادىسىغا مۆلۈلدەپ قاراپ :
— ماۋۇ ئاپتوماتنى ئۈستەڭگە تاشلىۋېتىمەن ، بۇ ئەسكىكەن ! — دېدى . گۈزەلئاي بولسا بېشى چۈشكەن ، يۈرىكى پۇچىلانغان ھالدا :

— يوق ، بالام ، مېھمان قونىدىغان ئوخشايدۇ ، بىزمۇ بىر يەردىن قونىدىغان جاي تاپايلى ! — دېدى .

گۈزەلئاينىڭ شىپىلداپ پېشايۋان پەلەمپىيىدىن چۈشكىنى ، ئۇھ تارتقىنى ، ئەلىنىڭ غىڭشىپ دادىسىغا تارتىشقىنى ئەلاغا ئاڭلىنىپ تۇردى . ئۇلارنىڭ تىنۋىشى يوقالغاندىن كېيىنلا ئەلا تۈمۈر تۇڭدىن بىر چۆمۈچ سۇ ئېلىپ ئىچتى . ئالىيۇمىن چۆمۈچ تېخىچىلا بار ئىكەن ، بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى ئۆيىنىڭ يالدامىسى . ئۇ يەنە بىر چۆمۈچ سوغۇق سۇ ئىچتى - دە ، چۆمۈچنى سۆيۈپ قويدى . ئۇ ئالدىراپ ئۇستەلگە كەلدى ۋە ئەلىنىڭ دەپتىرىگە قېرىنداش بىلەن مۇنۇ سۆزلەرنى يازدى : «ئەلى ، باتۇر ئوغلۇم ، مۇنۇ پۇلغا ئاپتومات سېتىۋال ، ئاپاڭغا ياخشى قارا ، ئاپاڭنى ئاپتومات بىلەن قوغدا ! » ئۇ ھاشىر يانچۇقىغا سېلىپ قويغان ھېلىقى پۇلنى ئۇستەلگە قويدى - دە ، سىرتقا قاراپ ماڭدى .

تالا قاراڭغۇ ، قىبلىدىن سوغۇق شامال ئۇرۇۋاتاتتى ، قارمۇ ئۇچقۇنلاپ چۈشمەكتە . ئەلا ئارقا ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى . ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ، يۈرىكى ئېچىشتى ، لېكىن ئۇ يىغلاش ئورنىغا لەۋلىرىنى چىشلەپ ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى .

گۈزەلئاي ئۇ كېچىسى ئۇخلىيالمىدى . ئۇ قوشنىسى — يالغۇز ئوغلى قۇرۇلۇشتا ئىشلەيدىغان تول مومايىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئەلانىڭ چىقىپ پەلەمپەيدىن چۈشكىنىنى ، ئارقا ئىشىكنىڭ تاراقلاپ يېپىلغىنىنى ئاڭلىدى . ئەلا كېتىشى بىلەن ئوغلىنى باشلاپ ئۆيگە كىردى ، خەتنى ئوقۇدى ، بالىسىغا ئوقۇپ بەردى . ئەلىگە دادىسى توغرىسىدا ، كەلگۈسى توغرىسىدا ئۇزاق ھېكايە سۆزلەپ بەردى . ئەتىسى بازارغا ئاچىقىپ ، دادىسى قالدۇرغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ ئەلىگە كىيىم - كېچەك ، ئويۇنچۇق ، يەيدىغان نەرسىلەر ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى ، ئوغلى

ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئەينەككە قاراپ ئۇزاق ئولتۇردى . ئۇنىڭ پېشانىسىگە ، كۆز قوۋۇقلىرىغا ئىنچىكە سىزىقلار چۈشكەن ، قو- لاقلىرىنى چۈمكەپ تۇرىدىغان بۇدۇر چاچلىرى بۇرۇنقىدەك يالتى- راق ، جىلۋىدار ئەمەس ، پەقەت خىيالچان كۆزلىرى ، سۇزۇك يۈزىگە شولا تاشلاپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىلەن گۈزەل- لىك ياراتقۇچىسىنىڭ ماھىر قوللىرىدا پۈتكەن ئاجايىپ چىرايلىق بۇرنىلا ئۇنىڭ ھېلىمۇ تارتىملىق گۈزەل ئايال ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ . ئۇ ئەلۋەتتە بۇ خىل تېپىلغۇسىز چىرايى بىلەن مەغرۇرلىنىشقا ، ئۆزىنىڭ بىر يىگىت ئالدىدىكى ئاجىز - بىچارى- لىكىنى ئامالىنىڭ بارىچە يوشۇرۇشقا ھەقلىق ! ئۇ ئەلۋەتتە بۇ چىرايى ۋە خۇلق - مىجەزى بىلەن مەئىشەت ، راھەت تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ، ئۆزىگە شەرتسىز بېقىنىدىغان بىر ئەركەك بىلەن بەختلىك بولۇشقا ھەقلىق ! لېكىن ، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى . ئۇ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن كۈنىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە نۇرغۇن ياخشى مەسلىھەت ، مۇۋاپىق لايىق ، ھەتتا ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر- نىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىنىمۇ سوغۇق قانلىق بىلەن رەت قىلىپ كەلدى . ئۇنىڭ باشقىلارغا بېرىدىغان جاۋابى تولىمۇ ئاددىي . ئۇ :
«خاپا بولماڭ ، مەن سىزنى بەختسىز قىلىشنى خالىمايمەن !»
دەيتتى .

ئۇنىڭ بۇ گېپىگە باشقىلار نۇرغۇن چىرايلىق سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىپ ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ گۈزەل ھايات يوللىرىنى كۆرسەت- كەن تەقدىردىمۇ ، ئۇ ئۆزىنىڭ بايىقى سۆزىگە ھېچقانداق ئىزاھات بەرمەيتتى . ئۇ تۇرمۇشىدا كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەرگەندىمۇ ، باش- قىلار ئۇنى قارىلاپ گەپ تارقاتقاندىمۇ ، مەسىلەن : «گۈزەلئاي كېچىلەپ ئەرلەر بىلەن ئولتۇرۇش قىلىدۇ ، گۈزەلئاي مۇنچە يە- گىتتىن پۇل ئېلىپ خەجلەيدىكەن ، گۈزەلئاي ئەركىنتايىنى ئۆيىدە قوندۇرۇپتۇ ، ئەركىن ئۆز ئېغىزى بىلەن دېدى ...» دېگەندەك

گەپلەرنى ئاڭلىغاندىمۇ، چىپچىلماي، تەگىمەي، سوغۇق كۈلكە بىلەنلا بۇ گەپلەرنى ئىزاھاتسىز ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. لېكىن، ناھىيىدە ھېلىقى كېكەچ گۈزەلئايغا باسقۇنچىلىق قىپتۇ، دېگەن گەپ تارقىلىپ، بۇ گەپ تەشۋىقات ۋەرەقىسىگە يېزىلغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ ئىغۋانى ئۆلۈم بىلەن رەت قىلماقچى بولغانىدى، بىراق بۇ گەپمۇ بېسىلىپ قالدى.

گۈزەلئاينىڭ يۈرىكىدە ئىغۋا توقۇغۇچىغا قاتتىق نەپرەت، بۇ ئىغۋانى كېڭەيتىپ، رەقىبكە دۆڭگەپ مۇقىملاشتۇرۇپ تەشۋىق ۋەرەقى يازغان ئەلانىڭ دوستلىرىغىمۇ قاتتىق نارازىلىق تۈگۈنى پەيدا بولۇپ قالدى.

ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئىزاھاتسىز، سۈكۈت بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەندىغۇ؟ بۈگۈن نېمىشقا ئەلانى ياخشى كۆتمىگىنى ئۈچۈن، ئوغلىغا ئەلا توغرىسىدا قولاشمايدىغان نۇرغۇن گەپلەرنى دېدى! ئۇنىڭ كىچىك بالىغا:

— دادىڭ بىزنى شۇنچە يىل تاشلىۋەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن خاپىمەن! — دېگىنى نېمىسى. كېيىن يەنە بۇ گېپىنى رەت قىلىپ:

— دادىڭ ياخشى، ئاق كۆڭۈل، چىدامىلىق، كۆيۈمچان ئادەم! — دېگىنىنى نېمىدەپ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ؟

سەزگۈر ئوغۇل دەرھاللا:

— دادام ئەسكى بولسا، بىزنى تاشلىۋەتمەيتتىمۇ؟ دادام بىزنى تاشلىمىدى، سەن مېنى ئېلىپ قاچتىڭ! — دېۋىدى، ئۇ بالا ئالدىدا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن خاتاسىنى ئىقرار قىلىپ:

— راست، ئەلى، ئاپاڭ يارىماس، داداڭنىڭ بېشىغا تازا ئېغىر كۈن كەلگەندە داداڭنى چۆلگە تاشلاپ قويۇپ قايتىپ كەلدى، — دېگىنى قانداق گەپ؟ بالىسىغا ئېيتقان بۇ گېپىنى ئەلاغا ئېيتقان بولسا، ئۇنىڭ ئابرۇيىغا دەخلى يېتەرمىدى؟ ھەي،

ئىنسان مىجەزى غەلىتە نەرسە، نۇرغۇنلىغان يارامىلىق ئادەملەر
مىجەزىدىكى نۇقسانلىرى بىلەن بەختسىز بولۇپ قالىدۇ، ئوخشاشلا
نۇرغۇنلىغان يارامسىز ئادەملەرمۇ مىجەزىدىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن
بەختلىك بولۇپ، جەمئىيەتتە يۈز - ئابرۇي، ئورۇن - ئىناۋەتكە
ئىگە بولالايدۇ. گۈزەلئايغا بۇ گەپنى ئەلا تالاي قېتىم ئېيتقانىدى-
غۇ؟ گۈزەلئاي نېمىشقا ئۆزىنى مۇشۇ تارازىغا سېلىپ كۆر-
مىدى - ھە؟

ئۇ ياتتى، لېكىن ئۇخلىيالمىدى، پۈتۈن كېچىنى چىگىش
خىياللار، جاۋابسىز سوئاللار، كۆز يېشى بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ
ئىشكىنىڭ جالاقلىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى:

— ئىشقا بارىدىغان ۋاقىت بولدى، گۈزەلئاي، تۈنۈگۈنكى
ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ قار ياغماق تۇگۇل، ئاسماندىن
تاش ياغسىمۇ لاي توشىغىلى بارىمەن دېۋىدىڭىزغۇ؟ بوتى كىيىپ
چىقىڭ، قار ياغدى، تالا پاتقاق، تېز بولۇڭ!

بۇ قوشنا موماينىڭ ئوغلى. گۈزەلئاي ئالدىراپ كىيىندى -
دە، يۈز - كۆزىنى چالا - بۇلا يۇيۇپ، ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى سۆيۈپ
قويۇپ، ئاپئاق قار بىلەن شاخلىرى ئېگىلگەن دەرەخلەر ئاستىدا
ساقلاپ تۇرغان ئىشچى بالىغا ئەگىشىپ ئالدىراپ ماڭدى. ئۇ ئىش
مەيدانىغا كەلگەندە، دائىملا يىگىتلەر ئىشلىرىنى توختىتىپ، ئۇ-
نىڭ زىلۋا قامىتى بىلەن گۈزەل چىرايىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن
قارىشىپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ. ئۇلار خىلمۇخىل باھانىلەر بىلەن
ئۇنىڭغا گەپ قىلىدۇ، سۇركىلىدۇ، چاقچاقمۇ قىلىپ باقىدۇ،
بەزىلىرى ھەتتا ئاشكارىلا ئۇنىڭغا كۆز - قاشلىرىنى ئىشقا سېلىپ،
«مۇھەببەت» ئىزھار قىلىدۇ. لېكىن، گۈزەلئاي ھېچكىمگە تىكى-
لىپ قارىماي، ئىشىغا ئالاقىسىز گەپتىن بىرەر ئېغىزنىمۇ قىلماي-
دۇ. ئارتۇقچە خۇشخۇيلۇق، ئوچۇق كۆڭۈللۈك، بۇنداق جايدا
ئۆزىگە قانچىلىك كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئۇ بىلىدۇ.

ئۇ تونۇگۇن ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا ، چىرايلىق ، قوپال ، ئۆزۈمـ-
چىل ئىش بېشى يىگىتنىڭ :

— ئايالىم سىزنى بىر كۆرسەم دەيدۇ ، بۈگۈن بىزنىڭكىگە
مېھمانغا بارالامسىز ؟ — دېگەن تەلىپىگە ، مىيىقىدا كۈلۈپ : «كې-
يىنچە» دەپ قويۇۋىدى ، ئىش بېشى بىردىنلا شادلىنىپ ، كېتەر
ۋاقتىدا ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى .

— ياق ، پىيادە ماڭىمەن ! — دېدى گۈزەلئاي . ھېلىقى
يىگىت پىچىرلاپ :

— بۈگۈن بىرلا قېتىم بىللە كىنو كۆرۈڭ ، كۆڭلۈڭىزگە
تامچىلار قاتارىدا بەش سومدىن ھەق بېرىمەن ، — دېدى . گۈزەلئاي
خورلاندى ، ئاخىر ئىش بېشىنى سىلكىۋەتتى . دېمەك ، ئۇ يەردە
مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئەمەس ، مانا
بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى . ئۇ ئىش مەيدانىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن
مىچىلداپ ئېرىۋاتقان قاردا ئىش خۇشياقماي ئولتۇرۇشقان يىگىتـ-
لەر ئۇنىڭغا يېپىلىشتى :

— قارلىق ! — دەپ قار ئاتتى يۈرەكلىكرەك بىرى .

قاردا قارلىق تاشلىدۇق ،
يامغۇردا ياغلىق تاشلىدۇق .
كۆڭلىمىز تارتقاچقا سىزگە ،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق .

باغقا كىردۇق جوپ بىلەن ،
موزايىنى باقتۇق چۆپ بىلەن .
ئوينىۋېلىڭ بىز بىلەن ،
كۆڭۈل ئاچايلى سىز بىلەن !

بىر پاناق يىگىت شالاڭ قاشلىرىنى ئۈينىتىپ، دولىسىنى مىدىرلىتىپ گۈزەلئايغا بېيىت تۇتتى، باشقىلار كۈلۈشتى، لېكىن گۈزەلئاي بۈگۈن قاپاق ئاچمىدى. ئۇ تېخىلا ئاخشامدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان خىيالدىن سەگىمىگەن، ئۇنىڭ خىيالى ئۆز ئۆيىدىن قار يېغىۋاتقان جۇدۇنلۇق كېچىدە چىقىپ كەتكەن ئەلادا ئىدى. ئۇ ئەلاغا لەنجۇدا قىلغان رەھىمسىزلىكنى تەكرارلاشنى خالىمايتتى. چۈنكى، ئەلا ھازىر يالغۇز گۈزەلئاي ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇھىمى سۆيۈملۈك ئوغلى ئەلى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بويۇن قىسماسلىقى، شادلىقى ئۈچۈن تولىمۇ لازىم ئىدى. مانا مۇشۇلارنى ئويلىسىلا، گۈزەلئاينىڭ يىغلىغۇسى، كىملەرگىدۇ نالە قىلغۇسى كېلەتتى.


— سىز بۈگۈن ئۆزگىچە لاي ئاچىقىڭ! — دېدى ئىش بېشى قوپاللىق بىلەن، — نېمىشقا بوتى كىيىپ كەلمىدىڭىز، بۇ يەرگە توپلەي بىلەن تانسا ئويناشقىلى كەلگەنمىدىڭىز!؟

گۈزەلئاي ئۇنىڭغا «لاپ» قىلىپ قاراپ قويدى ـ دە، گەپ قىلمايلا ئىككى لاي چېلەكنى بىلەن ئەپكەشنى قولىغا ئالدى.

— كېرىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، گۈزەلئاي ماڭا لاي ئېلىپ بېرىۋاتاتتىغۇ؟ — دېدى گۈزەلئاينىڭ قوشنىسى خاپا بولۇپ.

— سەن ئىشىڭنى قىل! — دېدى ئىش بېشى قولىنى سىلكىپ، — ساڭا سەنەۋەر لاي ئېلىپ بېرىدۇ!

گۈزەلئاي ئالىلىقاچان لاي ئورىكىنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغانىدى. لاي سېلىپ بېرىۋاتقان يىگىت ئۇزۇن قونچلۇق رېزىنكە ئۆتۈك بىلەن لاي ئىچىدە چاتىرىقىنى كېرىپ، ھاۋادا كەتمىنىنى ئۇينىتىپ، سامانلىق لايغا چاپتى ـ دە، گۈزەلئاينىڭ چېلەكلىرىگە لايىنى تولدۇرۇپ سالدى. گۈزەلئاينىڭ قوشنىسى بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ كەلدى، گۈزەلئاي ئەپكەشنى مۈرىسىگە سېلىپ، تىزلىرىنى پۈكۈپ چېلەكلەرنى كۆتۈردى. ئەپكەش غىچىرلىدى، ئايالنىڭ پۇتلىرى دىرىلدىدى، بەللىرى تولغاندى. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ چىڭقىلىپ





تۇرۇپ ئەپكەشنى تەڭپۇڭ قىلىۋالدى ـ دە، يېڭى ئايىغى چىققان بالىدەك تەمتىلەپ ماڭدى.

— تاشلاڭ، ئەپكەشنى تاشلاڭ! — گۈزەلئاينىڭ قوشنىسى ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى، لېكىن گۈزەلئاي تاشلىمىدى. ئۇ لىڭشىلداپ تۇرىدىغان يانتۇ شوتىنىڭ بىرىنچى بالدىقىنى دەسسىدى، تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلدى، ئۇ توختىۋېلىپ سول پۇتىنى ئىككىنچى بالداققا، ئوڭ پۇتىنى ئۈچىنچى بالداققا باستى... ئۇ جاھىللىق بىلەن شوتىنىڭ بەل ئوتتۇرىسىغا كەلدى. قورۇلۇشتا ئىشلەۋاتقان ئوتتۇز ـ قىرىق ئادەم ئىشتىن توختىغان، ھەممە كۆزلەر ئۇنىڭغا، ھەممىلا ئادەملەر ۋارقىراشماقتا ئىدى.

— مۇشۇمۇ ئىشمۇ!

— يۈگۈر، ئەزىم، يىقىلىدىغان بولدى!

— تاشلاڭ، ھەي قىز!

— ئىسىت، مۇشۇمۇ ئوغۇلبالىچىلىقمۇ؟

— كېرىم، ئىت ئىگەنسەنغۇ!

گۈزەلئاي يەردىن ئىككى مېتىردەك كۆتۈرۈلدى، ئۇ غىلتاڭ، مىچىلداپ تۇرغان تاختاي بەلدەملەرنى ناھايىتى تەسلىكتە دەس-سەيتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ، پۇتلىرىدا جان قالمىدى، ئۇنىڭ قوشنىسى شوتىدىن ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقماقتا، شوتا قاتتىق سىلكىنمەكتە ئىدى. قوشنىسى يېتىپ كېلىشى بىلەن گۈزەلئاينىڭ كۆزى قاراڭغۇلاشتى ـ دە، شوتىدىن يەرگە قاراپ ئۈچتى. ئادەملەر شوتا يېنىغا يۈگۈرۈشتى، ئىشچى ئاياللار ئۇنى يۆلىدى. ئۇ نەم يەرگە قاتتىق چۈشمىگەن، لېكىن بىر چېلەك لاي ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلگەن، ئۆمرىدە بۇنداق ئۇچۇپ كۆرمىگەن ئايال قاتتىق قورقۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كۆزلىرى يۇمۇلغان، ئۇ بىھوش ھالدا بىر ياشانغان ئايالنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ سوُنايلىنىپ ياتاتتى. يىگىتلەر

ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر زەمبىلـگە پاخال سېلىپ نوسىلكا تەييار-لاشتى . گۈزەلئاينىڭ گۈزەللىكىنى تولۇق كۆرەلمىگەنلەر ، ئەمدى توسقۇنسىز كۆرۈۋېلىشتى . ئاپئاق مەڭزىگە تۆكۈلۈپ تۇرغان كىر-پىكلىرى ، ھىم يۇمۇلغان ئوماق لەۋلىرى ، ئاجايىپ گۈزەل بۇ-رۇن ، يۈز ، قۇلاقلىرى ، سۈتكە چىلاپ ئالغاندەك بىلىنىدىغان بويىنى... ئاچ كۆز يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدىن نېرى قالمىدى...

— پاھ ، ئىنسان بالىسىمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن !

— پەرىزات !

— يەنە بىردەم قارىۋالايلىلا !

— ئاياللار كۆتۈرۈپ زەمبىلگە سېلىڭلار ، ئوڭدا ياتسۇن ، قوللىرى ساڭگىلاپ قالدى !...

زەمبىلنى تۆت ئايال كۆتۈرگەن ، گۈزەلئاينىڭ قوشنىسى بە-لەن ئىش بېشى ئۇلارغا ئەگەشكەن ھالدا گۈزەلئاينى ئېلىپ كوچىغا چىقىشتى . ئۇلار دوقمۇشتىن قايرىلغاندا ، بىر «بېيجىڭ» ماركى-لىق جىپ ئۇلارنى ئورۇۋەتكىلى تاسلا قالدى . ماشىنا ئۆتۈپ كې-تىپ توختىدى ، ماشىنىدىن ھەربىيچە كىيىنگەن سېمىز بىرى چۈشتى .

— توختاڭلار ! — دېدى ئۇ قۇتۇلدۇرغۇچىلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ . ئۇ قۇتۇلدۇرغۇچىلارغا يېتىۋالدى ـ دە ، تاتىرىپ ياتقان ئايالنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىدىغاندەك ئالاقزادە بولدى .

— گۈزەلئاي ، ۋاي ئۇلەي ، بۇ نېمە پېشكەل ؟ ! — قۇتۇلدۇرغۇچىلار ئۇنىڭ ياپما قاپاقلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن ياش ئەگىگەنلىكىنى كۆردى ، — توختاڭلار ، گۈزەلئاينى ماشىنىغا سالايلى !

قۇتۇلدۇرغۇچىلار بۇ تۇيۇقسىز ئۇچرىغان رەھبەر سياقىدىكى ئادەمگە قارشىلىق قىلىشمىدى . گۈزەلئاي ئۇچ كىشىلىك ئورۇنغا ياتقۇزۇلدى . ئۇنىڭ بېشىنى بايىقى غەمخورچى ئۆز تىزىغا قويدى ،

قوللىرىنى تۇتۇپ، تىنىقىنى تەكشۈردى. ماشىنا قوتۇلدۇرغۇچىلار بىلەن خوشلاشقاندا، گۈزەلئاينىڭ قوشنىسى شوپۇرنىڭ يېنىغا چىقىۋالدى.

— سەن بۇ قىزنىڭ نېمىسى، ئۇكام؟

— قوشنىسى.

— بولدى، سەن بولمىساڭمۇ بولىۋېرىدۇ، ئىشىڭدىن قالمىغىن يەنە.

— ياق، مەن بىللە بارمىسام بولمايدۇ. سىز ئۆزىڭىز بۇ قىزنىڭ نېمىسى؟

— بىلمەمسىنا؟ قوشنىسى بولغاندىكىن بىلىشىڭ لازىم ئىدى، مەن بۇ قىزنىڭ ئىگىسى.

— مەن بۇ قىزنى تازا بىلىمەن، بۇ قىزنىڭ بۇ شەھەردە ئەڭ يېقىن ئادىمى بىز.

— توغرا، يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا يېقىن بولىدۇ.

— قولىڭىزنى قىزنىڭ يۈزىگە تەگكۈزمەڭ، نامەھرەم دېگەننى بىلمەمسىزا؟

— نېمانداق قوپاللىق قىلىسەن، مەن بۇ قىزنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى، بىلەمسەن، مەن يېقىندا ئەلىنىڭ دادىسى بولىمەن.

— نېمە؟ سىزدەك شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقانلار كۆرمىڭ. بۇ قىزنىڭ ئىگىسى بار.

— نېمە، نېمە؟ سەن نەدىن بىلىسەن؟

— يېقىن بولغاندىكىن بىلىمىز ـ دە!

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. ماشىنا سېمونت يول بىلەن بىر خىل سىلكىنىپ كېتىپ بارماقتا.

— ئېيتقىنا، بۇ قىزنىڭ ئۆيىگە ئورۇق، جۇنى پەس بىر سەھرالىق پات ـ پات كېلىپ تۇرامدۇ؟

— كەلسە كېلىدىغاندۇ، بۇنىڭ سىزگە نېمە ئالاقىسى؟

— نېمانچە قوپال نېمە سەن؟ ئۇ يېقىندا كەلدىمۇ؟

— مەن سىز ئۈچۈن پايلاقچىلىق قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، مەندىن تولا سوئال سوراۋەرمەڭ، ئاكا!

— تازا تومبالقا ئىكەنسىنا، ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتسەڭ قانداق؟

— توختا، شوپۇر! مەن چۈشۈپ كېتىمەن.

شوپۇر توختىدى. ھېلىقى يىگىت شوپۇرنى ئىشقا بۇيرۇدى.

— يۈگۈر، بېرىپ ئاۋۇ كېسەك ھارۋىسىنى ئەكەلگىن.

— بەللى، پىيادە ماڭمايدىكەنسەن ـ دە؟

— گۈزەلئاينى ئېلىپ كېتىمەن.

— نەگە؟

— ئۆيگە، دوختۇرغا. مەن ئۇنىڭ ئىگىسى!

شۇ چاغدا، گۈزەلئاي ماشىنا ئىشىكىدىن كىرگەن سوغۇق شامالدىن سەگىپ كۆزىنى ئاچتى ۋە دەرھال ھېلىقى ئادەمنىڭ يانپېشىدىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ:

— رەقىپكا، مەن نېمە بولدۇم... ئەزىمەت، سىز باركەنسىز؟ — دېدى.

قار توختىغاندىن كېيىنكى سۈزۈك ئاسمان ئاجايىپ گۈزەل، قار گويا ئاسماننى تازىلاپ، دەردسىز كۆكۈلگە ئوخشىتىپ قويغان، ئاپئاق بۇلۇتلار دىلمۇك تېغى چوققىلىرىدىن كۆچكەن قار پارچىلىرىدەك بىلىنىدۇ. تىنىق ئاسمان سايرام سۈيىدەك جىمجىت، كۆپكۆك تېرەك شاخلىرىدىن تامچىپ چۈشۈۋاتقان قار سۈيى تېزىقىدىن ئاجراپ چۈشۈۋاتقان مەرۋايىتلاردەك يالتىرايدۇ... ھايات ئىنسانغا تېزلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان غەم ـ قايغۇ بىلەن بىللە مەڭگۈ ھەمراھ بولالايدىغان گۈزەل نەرسىلەرنىمۇ بەخش ئەتكەن. بۇ نەرسىلەر ئاۋۇ سۈزۈك ئاسماندەك، قارلىرى كۆزنى چاقىدىغان تاغلاردەك، مەڭگۈ

قېرىمايدىغان گۈزەل تەبىئەتتەك ، دائىم ساڭا ھەمراھ . گەپ سې-
نىڭ بۇ گۈزەللىكنى تونۇيالىشىڭدا . قەلبى پاك ئادەملەرلا ھاياتتىن
چەكسىز لەززەت ئالالايدۇ . ھاياتمۇ ئۇلارغا كۈلۈپ قارايدۇ ، تەبى-
ئەتمۇ چىراي ئاچىدۇ ، ئاسمان ئۇنى پەپىلەيدۇ ، ھەممىلا گۈزەللىك
ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ...

بىزنىڭ ئەلانۇر ئەنە شۇنداق قەلبى تازا ، پىكرى ئوچۇق ،
زېھنى ئۆتكۈر قىز ، ئۇ ئۆز قەلب سەزگۈسى بىلەن ماشىنىدىكى
ئۈچ ئادەمنى كۆردى . ئۇ گۈزەللىكنى ھېلىقى ئىككى ئەرنىڭ ئارد-
سىدىن ئېلىپ چىقىپ ، ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ
دوختۇرغا ئاپاردى ، كوچا ئايلاندۇردى ، ھەتتا سېرىق غازاڭلار
بىلەن قاپلانغان «مۇتەللىپ باغچىسى»غا ئاپاردى ، گۈزەللىك بۇ
تۇيۇقسىز ئۇچرىغان قىزغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى . ئۇ
قىز بولمىغان بولسا ، رەقىپ بىلەن قوشنىسى گۈزەللىكنى تالىشىپ
نېمىلەرنى دېيىشەركىنتاڭ ! ئەلانۇر گۈزەللىكنىڭغا كەچ كۈزدە ساقلاذ-
غان تەبىئەت گۈزەللىكلىرى توغرىسىدا ، مەسىلەن ، سۈزۈك ئاس-
ماندىكى ئاقۇچ بۇلۇتلاردىن ياسالغان ھەر خىل سۈرەتلەر ، كەچ
كۈزدە پورەكلىگەن ئەتىرگۈل ، شىلدىر - شىلدىر سۈزۈك سۇ...
توغرىسىدا ئاجايىپ زوق ، ھېسسىيات بىلەن خۇددى شېئىر ئوقۇ-
غاندەك ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ بەردىكى ، گۈزەللىك بۇگۈن ئۆزىنى
تولىمۇ خۇشال ، كۆڭۈللۈك ھېس قىلدى . ئۇ ئەتىگەنكى ۋە ئاخ-
شامقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ، مۇشۇ شەھەردە ،
مۇشۇنداق دوستلىرى بىلەن بىللە ياشاۋاتقىنى ئۈچۈن ئۆزىنى بەخت-
لىك ھېسابلىدى . ئۇلار ئۆيگە قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كەلدى ،
قول - قولچە تاماق ئېتىپ يېيىشتى ۋە دۇتار چېلىشىپ ، قاقاقلە-
شىپ كۈلۈشۈپ يېرىم كېچىگىچە ياتمىدى .

— مەن ئەمدى سېنى «سەن» دەيمەن ، — دېدى ئەلانۇر
كارىۋاتتا باللاردەك ئېغىناپ يېتىپ ، — سەنمۇ مېنى «سەن»

دېگىن .
— مەن سەن دېيىشكە ئۆگىنەلمىگۈدەكمەن ! — دېدى گۈزەل.
ئاي پىخىلداپ كۈلۈپ .
— نېمىشقا ؟ ئىسمىم «ئەلا » بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ؟
— قېلىن ! — دېدى گۈزەلئاي دۈدۈقلاپ ، — ھېلىمۇ قىز بولغىنى !
— قىز بولغىنىم ئۈچۈن يىگىتلەرنىڭ گېپىنى قىلىمەن ، بۇ بىر قانۇنىيەت !
— ئەسكى قانۇنىيەت !
— ئەسكى ؟ يالغانچى ، مەندىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرالمايسەن . سەن بۈگۈن نېمىشقا خۇشال ، مېنى بىلمەيدۇ دەمسىنا ؟ مەن ساڭا ئەلا توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەپ بەرگىنىم ئۈچۈن خۇشالسەن .
— يالغان ، نەدە سۆزلىدىكى...
— يالغان ؟ بۈگۈن سۆزلىگەنلىرىمنىڭ تولىسى ئەلادىن ئاڭلى-غان گەپلەر . بۇ گەپلەرنى سەنمۇ نۇرغۇن ئاڭلىغان ، راستمۇ ؟
گۈزەلئاي جاۋاب بەرمىدى . ئۇ ئوغلىغا يۈزىنى يېقىپ جىم يېتىۋالدى . ئەلانۇر دوستىنىڭ نېمىگە خاپا بولغانلىقىنى بىلەلمى-دى ، كۈنداشلىقى تۇتقان بولسا بۇنىڭ كارى چاغلىق ، لېكىن ئەلا توغرىسىدىكى گەپلەردىن راستىنلا بىزار بولسىچۇ ؟... ئەلانۇر شۇنى ئويلىدى ـ دە ، گۈزەلئاينى دۈمبىسىدىن قۇچاقلىدى :
— ئېيتقىنا گۈزەل ، ئەلانى ھەر كۈنى ئويلامسەن ؟
— ياق .
— ياخشى كۆرسەن ، لېكىن ئويلىمايسەن ، بۇ گېپىڭ يالغان !
— راست !
— ئۇنداق بولسا ، 1962 ـ يىلى نېمىشقا قانۇنلۇق پاسپورتۇڭ بىلەن چەت ئەلگە كەتمىدىڭ ؟

— ...

— پاسپورتىڭنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىپ ، ئاتا - ئانان-
نىڭ تەلىپىنى رەت قىلغىنىڭنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىسەن ؟

— ...

— سەن كىم ئۈچۈن بۇ شەھەردە يۈرۈۋاتىسەن ، كىمنى كۈ-
تۈپ تۇرمۇشقا چىقمايۋاتىسەن ؟

گۈزەلئاي جاۋاب بېرىش ئورنىغا بۇقۇلداپ يىغلىدى . ئەلانۇر-
مۇ بىردىنلا مەيۈسلەندى ، ئۇ يۇقىرىقى سوئاللىرى بىلەن دوستىدىن
ئۆزى كۈتكەن گۇمانلارنىڭ تۈگۈچىنى يېشىشكە يول ئىزدىگەنىدى ،
لېكىن ئۇ كۈتكىنىگە ئېرىشەلمىدى . چۈنكى ، گۈزەلئاينىڭ جاۋاب
ئورنىغا ئاققان كۆز يېشى ، ئۇنىڭغا بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ
بەردى : سەن ئەلانۇر بولساڭمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەلا نۇرنىڭ
ئورنىنى باسالمايسەن ، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا سەن ھەرقانچە
ياش ، گۈزەل ۋە يېقىملىق بولساڭمۇ ، بۇ ھايات تىياتىرىدا گۈزەل-
ئاينىڭ رولىنى ئېلىپ چىقالمايسەن !

ئۇ مەيۈسلەندى ، ئۇمۇ يىغلىدى .

قىزلارنىڭ بىر كۈنلۈك خۇشاللىقى ، كۈلكىلىرى ، كۆز
يېشى — كۆڭۈل ئاغرىقىغا ئالماشتى . لېكىن ، قىزلار ، ئەتىگەن-
لىككە يەنە كۈلىسىلەر ، چۈنكى ئەتىكى كۈن يېڭى ، ئۇ ئۆز يېڭى-
لىقلىرى بىلەن سىلەرنىڭ كۆز يېشىڭلارنى قۇرۇتۇپ ، سىلەرنى
غىدىقلاپ كۈلدۈرەلەيدۇ . ئۇخلاڭلار ، ياخشى چۈش كۆرۈڭلار ،
ئەتىگەنلىككە سىلەرنى يېڭى قۇياش كۈتۈۋالىدۇ .

## 7

تۇن ھەم قورقۇنچلۇق ، ھەم سېخىي . ئۇنىڭ قورقۇنچلۇقى ،
ئۇ سېنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ ؛ ئۇنىڭ سېخىيلىقى ، ئۇ قوينىدا

يۈز بەرگەن پاك ۋە ناپاك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرالايدۇ .
ئەلا گۈزەللىكىنىڭ ئۆيىدىن ئېغىرلاشقان ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەپ چوڭ كوچىغا چىققاندا ، ئەتراپ قازان تۈۋىدەك قاراڭغۇ ، ھەممىلا نەرسە بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەندەك ئەتراپ سۇر-لۇك ، ھاۋا بولسا ، قاتىلنىڭ يۈرىكىدەك سوغۇق ۋە زەھەرلىك ئىدى . ئۇ مۇزلاپ تىترەپ ، ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئاۋايلاپ دەسسەپ جەنۇبقا قاراپ خېلى ماڭدى . ئۆز پەرىزىدە ئوسماننىڭ دادىسىنىڭ-كىگە ئاللىقاچان يېتىپ بېرىشى لازىم ئىدى ، لېكىن چىتلانغان تام ، ئىككى تۇپ قاپاق تېرەكتىن تېخىچە دېرەك يوق . ئۇ پات - پات سەرەڭگە يېقىپ ئەتراپنى قاراشتۇردى ، لېكىن ھېچ تونۇيالمى-دى . ئۇ ئاخىر غۇۋا يورۇق كۆرۈنگەن كوچىغا قاراپ ئالدىراپ ماڭدى . ئۇ گازىر - تاماكا سېتىپ ئولتۇرغان بوتكىچىدىن سورىدى .

— بۇ قەيەر ؟

— سۇ دەرۋازا .

— نېمە ؟ بېشىم تۆرەپ قاپتۇ . مەن تۆرەم مەھەللىسىگە بارماقچىدىم .

— يۇقىرىلاپ ماڭ ، قولچىرىغىڭ يوقمۇ ؟ سەرەڭگىدىن چىق-راق ئېلىۋال .

ئەلا سەرەڭگە ئېلىۋاتقاندا ، ئۈچ يىگىت كېلىپ تاماكا ئالدى . ئەلا ئۇلاردىن بىرىنى تونۇغاندەك قىلدى - دە ، شەپكىسىنى چۆكۈ-رۈپ كىيدى . ئۇ بوتكىچىدىن تاماكا ئالغان بولۇپ ھېلىقىلارنىڭ كېتىشىنى كۈتتى ۋە ئۇلار قاراڭغۇ كوچىغا ئەگمەندىن كېيىن ئۇ ئېھتىيات بىلەن باشقا كوچىغا ماڭدى . ئۇ ئون قەدەمچە مېڭىۋىدى ، قولچىرىغىنىڭ نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى يورۇتتى . ئۇ شەپكىسىنى كۆزىگە چۆكۈردى .

— توختا ، ئەلا دېگەن ئەبلەخ سەنغۇ - ھە !

قاراڭغۇلۇقتىن قوپال ئاۋاز ئاڭلاندى . ئەلا نە قىچىشنى ، نە ھىيلە ئىشلىتىشنى ئويلىمىدى . ئۇ شەپكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ :

— ھەئە ، مەن ئەلا ! — دېدى كۈلۈمسىرەپ .

— ئۇنداق بولسا ، بىز بىلەن ماڭ !

— نەگە ؟

— نەگە بولاتتى ، سېنى كۈتىدىغان يەرگە !

ئىككى ئادەم ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن ، يەنە بىرى گەجگىسىدىن تۇتتى .

— سىلەر نېمە قىلماقچى ؟ — ئەلا ئۇلارنىڭ قوپاللىقىدىن خاپا بولدى ، — سىلەر خاتالىشىۋاتىسىلەر ، ئۇكىلىرىم !

— كاپىشما ، ماڭ ! — ئۇلار ئەلانى سىلكىشتۈرۈپ ئىتتىرىپ ئېلىپ ماڭدى . ئەلانىڭ پۇتلىرى يەرگە تەگمەي دېگۈدەك يەردىن كۆتۈرۈلۈپ باراتتى .

— كېيىن پۇشايمان قىلىسىلەر ، ئۇكىلىرىم ، سىلەرگە بۇ ئىشلارنىڭ پايدىسى يوق !

— ۋارقىرىما ، چىلبۆرە !

— نېمىشقا مېنى تۇتىسىلەر ، مەن ھېچكىمگە زىيان سالمىدىم !

ئەلا يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى . بىرى مۇشت بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاتتىق ئۇردى . ئەلانىڭ ئاغزى تۇزلۇق سۇيۇقلۇققا تولدى . ئۇ يەنە ۋارقىرىماقچى بولۇۋىدى ، بىرى ئاشقازىنىغا قاتتىق دىسلىدى . ئۇنىڭ ئىچى قاراڭغۇلاشتى ، ئىككى تىزى ئېگىلدى ، ئۇ مۈكچىيىۋىدى ، ئىككى قولىنى ئىككى ئادەم كەينىگە قايرىدى ، يەنە بىرى مېڭىسىگە ، گەجگىسىگە ئېغىر بىر نەرسە بىلەن ئۇردى ، يەنە بىرى قاتتىق ئۆتۈك بىلەن يۈز - كۆز ، تۇمشۇقلىرىغا تەپتى . ئۇ نە ۋارقىرىيالمىدى ، نە قارشىلىق قىلالمىدى . بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ بەدىنى ھېچقانداق ئاغرىق سەزمىدى…

هاشىر بىلەن زۇلىيا ئۇسمانىنىڭكىدە نېمىلا قىلمىسۇن خاتىر-جەم بولالمىدى. هاشىر پۈتۈن ئاچچىقىنى هاراقتىن ئالماقچى بول-غاندەك، پىيالە بىلەن هاراق ئىچەتتى، هېلىدىن - هېلىغا سائىتى-گە قارايتتى:

— هاشىر شۇجى، سىز بىكارلا ئۇنى تاشلاپ كەپسىز!

— شۇنى دېمەمسىز، مەن ئىشنىڭ بىر تەرىپىنى ئويلاپ-تىمەن!

— قونۇپ قالدىمۇيا؟

— ياق، ئۇلار هەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ.

تاڭ ئاتارغا يېقىن زۇلىيا كوچىغا چىقتى، هاشىر تالادا رەللە بولۇپ مېڭىپ يۈرگەنىكەن.

— يۈرۈڭ، هاشىر، بىز ئاخشامقى يولىمىزنى يەنە بىر مې-ڭىپ باقايلى!

— يۈرۈڭ!

هەممە يەر ئاپئاق قار. سۇبهى كۆتۈرۈلگەچكە، ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان كوچىلاردا خېلى يىراقلاردىكى نەرسىلەرنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئۇلار جىمجىت كوچىلار، ئىز چۈشمىگەن كۆۋ-رۈكلەردىن ئۆتتى. بىردىنلا زۇلىيا ۋارقىرىۋەتتى.

— نېمە ئۇ؟

مەسچىتنىڭ يان تەرىپىدىكى ئويماندا بىرى ئىككى پۈكلىنىپ قوللىرىنى تاشلاپ ياتاتتى.

— ئەلا! — زۇلىيا ئوق تەگكەن شىردەك هۆركىرىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى بىردىنلا قېتىپ قالغاندەك، نە پۇتى، نە تىلى كارغا كەلمىدى. هاشىر قانغا مىلەنگەن، لايغا پاتۇرۇلغان، يۈز - كۆزى كۆكەرگەن، بېشى ئېششىغان دوستىنى يەردىن كۆتۈرۈپ ئالدى - دە، يۈزىنى - يۈزىگە يېقىپ تىنىقىنى تىڭشىدى. زۇلىيا يىغا ئارىلاش سورىدى:

— قانداق ، ھاشىر ؟ بىز خەلققە نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز ، ئۇكام ؟

— ۋاي بىچارە ھىمايىسىز ئاغىنەم ، ئەيىب مەندە !

ئۇلار دوختۇرخانىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى . ھاشىر ھاياتىدا بۇنچىلىك تەرلىمىگەن ، بۇنچىلىك جىددىيلەشمىگەن ، بۇنچىلىك ئۈمىدسىزلەنمىگەنىدى . ئەلانىڭ ناھايىتى ، ناھايىتى سۇس تىنىقى باردەك قىلاتتى . ناۋادا ، ھاشىر بىرلا قاتتىق مۇدۇرۇپ كەتسە ، بۇ تىنىق توختاپ قالىدىغاندەك ، بۇ تىنىق توختىسا ، ھاشىرنىڭمۇ تىنىقى توختاپ قالىدىغاندەك قىلاتتى . زۇلىيا بولسا ھېلىدىن - ھېلىغا نالە قىلاتتى :

— ئىسىت ، قېرىندىشىم ! سەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمىسام ، زۇلىيا ئەمەسمەن !

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىشتى - ھە ؟ چىرايلىق خوتۇن ئۈچۈنمۇ ، يا بولمىسا بىلىملىك بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ؟ !

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار ئەلانى ماشىنىغا ياتقۇزۇپ ناھىيىگە قاراپ يولغا چىقتى . «گاز »نىڭ ئوتتۇرىسىغا پاخال ، كىگىز سېلىنغان ، كىگىز ئۈستىگە رەسمىي ئورۇن سېلىنغان ، باش - كۆزى تېڭىلغان ، كۆزلىرى يۇمۇلغان ، ئېغىر تىنىق ئېلىپ ياتقان ئەلانىڭ كۆكەرگەن ، قان ئۇيۇپ قالغان يۈزىنى ، چىشلىرى قومۇرۇلۇپ ، كالپۇكلىرى تىتىلىپ دوردايغان ئېغىزىنى سەھەر قۇياشى غىل - پال يورۇتۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بېشىدا زوڭزىيىپ ئوڭ قولى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇرغان ھاشىر ئىككى كۈندىلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ چېكە چاچلىرى ، ئېڭىكى تامامەن ئاقارغان ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، قاڭشارلىق بۇرنى قىڭراققا ئوخشاپ قالغان ، ئىككى قوۋۇزى ئىچىگە كىرىپ ، ئېڭەكلىرى ئۈزىراپ قالغاندەك بىلىنەتتى . ئۇ دوستىدىن كۆزىنى ئالماي ، چوڭقۇر خىيال بىلەن كېتىپ باراتتى . كابىنكىغا تايىنىپ ئۆرە

تۇرۇۋاتقان نامەت ، ئوسمان ، تاشپولات ، زۇلخۇمار قاتارلىق يېقىن-
لىرى ئىچىدە يالغۇز نامەتلا ۋاتىلداپ سۆزلەيتتى :

— مېنىڭچە بۇ ئىش رەقىپنىڭ ئىشى . ئۇ ئاللىقاچان ئەلانىڭ كەينىگە ئادەم سالغان ، لېكىن ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى كۈچلۈك ، بىزمۇ بىر كۈچلۈك ئارقا تىرەك تاپمىساق تەڭ كېلەلمەيمىز !

— نەدىن تاپىسەن ! ؟ — ئوسمان ئۇنىڭغا ئالايدى .

— نەدىن ؟ دۈمبەڭنى قىبلە تامغا قىلىسەن ، تىرەك دېگەن شۇ !

ئۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى . ئەلانىڭ ئايغىدا ئۈستىگە يېپىلغان جۇۋىلارنى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇرغان زۇليا سېرىق بۇرۇتى-نى قولىنىڭ كەينى بىلەن تاراپ قويۇپ نامەتكە قارىدى :

— ئاغىنە ، ھە دېسىلا ھارۋىنى كاتاڭغا تارتىسەن ، بىزنى غۇلىتىپ ، نېمە مۇراد - مەقسەتكە يەتمەكچىسەن زادى ؟

— چوڭ نىشانىمىز بىر ، نېمىگە چېچىلىسەن ، زۇلياكا ؟

— دۈمبەڭنى قىبلە تامغا قىلىسەن دېگىنىڭ ، خاتا چۈشەنمى-گەن بولسام ، سىرتتىن ياردەم ئالىمىز دېگىنىڭمۇ ؟

— ياردەم ئالمىساڭ رەقىپنى قانداق جايلىيالايسەن ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا مىلتىق ، زەمبىرەك ، راكېتا ، ئاتوم بومبىلىق تىرىكى بار تۇرسا ؟

— خاتا ، ئاداش ، بۇ خىل گەپلىرىڭنى نەدە ئاقسا شۇ يەردە قىلىۋال . بايا سەن دېگەن قوراللارنىڭ ئىگىلىرى رەقىپكە ئەمەس ، ۋاقتى كەلگەندە بىزگە ئارقا تىرەك بولىدۇ . بىز دۈشمەنلىرىمىزنى شۇلارغا تايىنىپ يوقىتىمىز !

ھاشىر زۇلياغا قاراپ كۈلۈپ قويدى . بۇنى نامەت كۆردى - دە ، قىسقا جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ مۈرىسىنى چىقىرىپ قويدى :

— ئاچچىق ئادەمنى ھەرنېمە دېگۈزىدۇ - دە ، زۇليا ئاكا .

گەپنى نەلەرگە ئەكەتتىڭ، ھوي! مەن ئەلا ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىنىڭ كويىدا. سەن نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيسەن؟

— كىم بىلىدۇ، سەن كىملەر ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماقچى. نامەت ئاداش، ھە دېسىلا نەشە چېكىۋالغانداك سۆزلەۋەرمىگىنە، ئەلانى كىملەر، نېمە ئۈچۈن ئۆردى؟ بۇ تېخى نامەلۇم. مۇشت ئات، لېكىن ئاسمانغا ئاتما!

تاشپولاتنىڭ ئاچچىق گېپى بىلەن نامەت جىمىپ قالدى.

ئەلا ناھىيە دوختۇرخانىسىدىمۇ ياتالمىدى، چۈنكى دوختۇرخانىدا نە دوختۇرلار، نە كۆتۈلگۈدەك شارائىت يوق ئىدى. ئاخىر ئۇ ھاشىرنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ياتاقتا دورا بېرىش، ئوكۇل سېلىش، بېشىنى يۆلەپ سۈت ئىچكۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى ھاشىر بىلەن قۇرماش ئۈستىگە ئېلىشتى.

ھاشىر ھازىرمۇ ئالدىراش، گەرچە ھازىر دېكابىرنىڭ ئاخىرى بولۇپ، دېھقانلار ئېتىز ئىشىنى تاماملاپ، قىشلىق مەشرەپ- ئولتۇرۇشلىرىنى باشلىۋالغان، ناھىيىدە زور سۇ قۇرۇلۇشى، يول ياساش، ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ھەقسىز ئىشلەش ۋاقتىنچە توختىغان، پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئادەم يوق بولسىمۇ، ھاشىرغا ھامان ئىش تېپىلاتتى. ئۇ «گاز» ماشىنىسىغا چۈشۈۋېلىپ «ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش ئىشخانىسى»نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نامى بىلەن ئىلى دەريا بويىدىكى تەبىئىي ئورمانلىقلارنى ئاسراپ قېلىش، قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ چارۋا ماللارنى پىلانسىز سويۇش، سېتىشقا ئوخشاش ناتوغرا ئىشلارنى چەكلەش، ھەرقايسى گۇڭشېلاردا تەقسىماتنى ۋاقتىدا ئىشلەپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، كېلەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەييارلىقىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى ئىزدەپ تېپىپ، ھەربىيلەر بىلەن بىللە ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، كوممۇنىستلار قۇرۇق شوئار توۋلىماسلىقى لازىم ئىدى. «پرولېتا-

رىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» خۇددى گېزىت - ژۇرنال، ھۆججەتلەردە ئېيتىلغىنىدەك، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازاد قىلىپ، گۈللىنىش، باياشاتچىلىق پەيدا قىلىشى، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشى لازىم ئىدى. لېكىن، ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي مەھسۇلات، ئومۇمىي كىرىم زور دەرىجىدە كېمەيگەن، دېھقانلارنىڭ كىرىمى تېخىمۇ ئازايغان، قەرزدارلارنىڭ سانى بۇلتۇرقىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەن، دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرەلمەيدىغان دۇيلەر ھەسسىلەپ ئارتىپ، دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا قاراپ قالغان دادۇي، شياۋدۇيلەر پەيدا بولغان، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقان - چارۋىچىلىق مەيدانلىرى بىلەن تاغ، ئورمان، كارخانىلار بانكىدىن قەرز ئېلىش ھېسابىغا ئادەملىرىگە مائاش تارقاتماقتا...

ھاشىر مانا بۇ كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىۋاتقان ۋەزىيەت ئۈستىدە باش قاتۇراتتى، رەللە بولاتتى، ئۇ يەر، بۇ يەردە بۇ توغرۇلۇق سۆزلەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان ئادەم ناھىيىدە تۇگۇل ئوبلاستتا، ئاپتونوم رايوندىمۇ تېپىلمايتتى. پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ كونا رەھبەرلىرى تامامەن تارتىپ چىقىرىلغان، ئاممىۋى تەشكىلات رەھبەرلىرى بىلەن قوراللىق قىسىملار رەھبەرلىرى بۇ ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆز بولغاندا:

— چوڭ يۆنىلىش ياخشى، ۋەزىيەت چوڭ ياخشى، سىز دېگەن ھادىسىلەر ۋاقىتلىق، دەرھال ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشەتتى.

ئۇ مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، دوستى ئەلانىڭ تۇيۇقسىز پالاكەتكە يولۇققىنىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتى: ئۇيقۇ، تامىقى ئازايدى، ئۇ جۇددى، ھالسىزلاندى، بارلىق غەزىپىنى تاماكا ئىسىدىن ئالماقچى بولغاندەك ئارقا - ئارقىدىن موخوركا ئورىدى.

ئۇنىڭ باشمالتىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقى ناسۋال قاپقىدەك قىزارغان ، چىشلىرىمۇ سارغايغانىدى .

— نېمانچە چېكىسەنۋي ! — دېدى قورماش باياتىن بېرى ئەلانىڭ كۆكىرىپ كەتكەن چىرايىدىن كۆز ئۈزمەي ئارقا ـ ئارقىدىن تاماكا چېكىۋاتقان ھاشىرغا قاراپ ، — ئۆزۈڭنى ئايىما ، مۇنۇ كېسەلنى ئايا ، كۆردۈڭمۇ ئۆيىنىڭ ھاۋاسىنى سېنىڭ قىلمىغاندەك قىلىۋەتكىنىڭنى !

ھاشىر ئورنىدىن تۇرۇپ ياتىقىنىڭ باغقا قارىغان دېرىزىسىنى ئېچىۋەتتى . ئۆيگە گۈرۈلدەپ سوغۇق ھاۋا كىردى . ئۇ ئۆزىنىڭ ياغاچ كارىۋىتىدا ، گىلەم ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقان ئەلانىڭ يوتقىنى ئۈستىگە ھەربىيچە جۇۋىسىنى يېپىپ ، ئەلانىڭ ئۆلۈكنىڭكىدەك ساغىيىپ تۇرغان قوللىرىنى جۇۋىنىڭ ئىچىگە تىقتى ۋە ئەلەم بىلەن ئۇھ تارتىپ :

— نېمە بوپ كەتتى ، بۇ جاھان ـ ھە ! ؟ — دېدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، — بۇ زەربە بىزگىلا بولۇۋاتىدىغۇ ـ ھە ؟ ناھىيە تۈگەشتى . رازىيە تۈرمىدە ، ئەلا چالا ئۆلۈك ! مېنىڭ يۈرىكىمنى يۇلۇۋېلىشىلا قالدىغۇ ، ئەمدى ؟ بۇ ھەقىقەت دېگەن نەرسە بارغانسېرى مەندىن يىراقلاپ كېتىپ بارىدىغۇ ـ ھە ؟ قورماش ، سەنمۇ ، مەنمۇ پارتىيە ئەزاسىغۇ ، ھەقىقەت بىزنىڭ قولىمىزدا بولۇشى ، بىز ئۇچۇن خىزمەت قىلىشى لازىم ئىدىغۇ ، قېنى ئۇ ؟ قول يەتمەيدىغان يەرگە كەتتىمۇ ـ ھە ؟

— ساراڭ بولدۇڭمۇ ؟ ھەقىقەت خۇداغا ئوخشاش بىزنىڭ قەلبىمىزدە تۇرسا ، سەن ئۇنى نەدە دەپ يۈرسەنا ؟

— قەلبىڭدىكى ھەقىقەتنىڭ كىمگە كېرىكى بار ئىكەن ؟ سېنىڭ ھەقىقەت ئۇچۇن جان تىككىنىڭنىڭ قانچىلىك رولى بار ؟ ھەق سۆز بىلەن رازىيەنىڭ دىدارىنى كۆرەلىدىمۇ ؟ ئەلانى ئۇرغان ۋەھشىيلەرنى تاپالىدىمۇ ؟ بازىرى بولمىغان ئالتۇننىڭ ئەخلەتتىن

پەرقى نېمە؟ مەن خەت يازىمەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا، ماۋجۇشىغا ناھىيىنىڭ ئەھۋالىنى، ئۆزۈمنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا يازىمەن!

— ياز، ئاداش، مەن بىرىنچى بولۇپ قول قويىمەن، ئەمما گېزىتلەرنىڭ باش ماقالىسىنى ئوقۇۋېلىپ ئاندىن كېيىن ياز!

— نېمە؟ يالغان سۆزلە دېمەكچىمۇسەن؟

— ئۇنىڭسىزمۇ سەن دائىم يالغان سۆزلەيسەنغۇ، ئەلا گەپ قىلالىسا ئىدى، يالغانلىرىڭنى بىرمۇبىر دەپ بەرگەن بولاتتى.

— يالغان سۆزلىگىنىم يوق، راست گەپلىرىمنى ئەمەلىيەت يالغان قىلىپ قويغان چاغلار بولدى، پەرەزلىرىم خاتا چىققان ۋاقىتلار بولدى، لېكىن مەن يالغانچى ئەمەسمەن!

— گېزىتلەردىكى گەپلەرنى ھەممىلا جايدا سۆزلەيسەن، تۆۋەندە كۆرگەنلىرىڭنى ئەجەب سۆزلىمەيسىنا؟

— مەن كوممۇنىست، مەن پارتكوم شۇجىسى، بىلدىڭمۇ؟ مېنىڭ دەۋرىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان، پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋىتىدىگە تەسىر يېتىدىغان گەپلەرنى سۆزلەشكە ھەرگىز تىلىم بارمايدۇ.

— بەللى، يالغان گەپ قىلساق پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتمەمدىكەن؟ مەسىلەن، گېزىتتە: «خەلق گۇڭشېلىرى گۈللەنمەكتە، يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا نەچچە يىل مول ھوسۇل ئالدۇق» دەپ سۆزلەيدۇ، بۇ يالغان. يېزىلار ۋەيرانلىشىۋاتىدۇ، مەھسۇلات كېمىيىۋاتىدۇ، قىسقىسى بىزنىڭ ناھىيە شۇنداق، مانا بۇ راست، شۇنداقمۇ؟ سەن بولساڭ، ناھىيىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇپ ھېچقانداق سورۇندا راست گەپ قىلمايسەن، گېزىتتىن يادلىۋالغان گەپلەرنى قىلىسەن. بۇنىڭ بىلەن پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرگەن بولامسىنا؟

— سېنىڭچە، ئەلادەك ھەممىلا نېمىنى تىللىسام، ھەممىلا ئادەم بىلەن سوقۇشسام، تالاشسام بولىدىكەن - دە!

— سەن ئەلانى ئەيىبلىمە، ئۇ ياش بولغىنى بىلەن نۇرغۇن ئىشلاردا بىزدىن ياخشى، راست گەپ قىلىدۇ، مەسىلەن، «ئىنقىلاب» توغرىسىدا نېمە دېدى؟ ئادەم قورقىدىغان گەپلەرنى قىلدى. كەلگۈسى ،ئەمەلىيەت جاۋاب بەرسۇن دەيدۇ، بۇ مېنىڭچە توغرا، تارىختا ئۆتكەن ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ ئادەم ئۆز تەشەببۇسىنى خاتا دېمىگەن، كېيىنكى ئەمەلىيەت، ئەۋلادلار نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىشلارنى خاتاغا چىقىرىۋەتكەن!

— بولدى، قوي! — دېدى ھاشىر ئورنىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇپ، — ئەلا تېپىلغۇسىز گۆھەر، لېكىن ئۇ سىياسىي جەھەتتە تېخى خام، ھەتتا ساۋاتسىز، «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا بولغان كۆزقارىشى خاتا، ناھايىتى خاتا. ئۇ نۇرغۇن تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىدۇ، ئۇ دانالىقىدىن ئەمەس، ساۋاتسىزلىقىدىن شۇنداق سۆزلەيدۇ، سەن قۇرماش ئۇنىڭغا تولىمۇ چوقۇنىسەن!

— مەن ھەقىقەتكە چوقۇنىمەن، ئاداش، مەن بۇ ھەقىقەتنى سېنىڭ ئاغزىڭدىن كۆرە، ئەلانىڭ ئاغزىدىن كۆپرەك ئاڭلايمەن!

ئۆي مۇزلىدى، قۇرماش دېرىزىنى ئەتمەكچى بولدى، دەل شۇ چاغدا، ئۇ بىرىنىڭ دەرەخ سايىسىدە شىپىرلاپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ قالدى:

— كىم؟

— بۇ مەن، قۇرماشمۇسىز؟ ئەلا قانداقراق؟

— رەقىپ بۇجاڭمۇ؟ كىرىڭ، ئەلا بىر خىل ياتىدۇ.

— ھازىر شەھەردىن چىقىشىم، سىلەرنى ياتتىمۇ - يوق، دەپ قاراپ باققىنىم ئىدى، ھازىر كىرىمەن.

— ھەقىقەتنىڭ ۋەكىلى ئەمدى كىرىدىغان بولدى، ھاشىر، مانا، كۆزقارىشىڭنى ئۇنىڭغا ئاشكارا ئېيت! — قۇرماش كۈلدى. ھاشىر گەپ قىلماستىن قۇرماشقا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— ئەسسالام ! — سالامدىن كېيىن ناھىيىنىڭ ئۈچ رەھبىرى ھوشسىز ياتقان دوستىنىڭ بېشىدا جەم بولۇشتى .

رەقىپ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن كىرگەنىدى ، ئۇ ئەلانىڭ پېشانىسىگە ئالىقىنىنى قويدى ، ئەلانىڭ نىمجان قوللىرىنى سىلىدى .

ئەلا ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى تەستە كۆتۈرۈپ قان تولغان كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى ـ دە ، يەنە يۇمدى .

— مېنى كەچۈرگىن ئەلا ، سېنى قوغداپ قالالمىدىم ! — رەقىپنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ نېمە ئۈچۈن تىترەۋاتقانلىقى ئۆزىگىمۇ ، ھاشىر بىلەن قۇرماشقىمۇ ئايان ئىدى . بۇ ئۈچ نەپەر ناھىيە رەھبىرى ئاز ۋاقىت بولسىمۇ ، مۇشۇ ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ، ساقلىقنى ساقلاش ، تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى بىللە ئىشلىگەن ، بىر ـ بىرىنى ئاز ـ تولا چۈشەنگەن ، «ئىنقىلاب» ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ تونۇشتۇرغانىدى . ھازىر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى چۈشەنمىگۈدەك ھېچقانچە سىر قالمىغانىدى . شۇڭا رەقىپنىڭ ئاۋازى نېمىگە تىترەۋاتقانلىقى ھەر ئۈچىلىسىگە چۈشىنىشلىك .

رەقىپ بۇ ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، گەپنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى چوڭ تەرەپنىڭ سۆھبىتىگە يۆتكىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىنقىلابىي رەھبىري كادىر» ۋەكىلى بولۇپ سۆھبەتكە قاتناشقانلىقى (ئەمەلىيەتتە بىر تەرەپنىڭ ۋەكىلى بولسىمۇ) ، سۆھبەت جەريانىدا مەركەزدىن يېڭى كەلگەن رەھبەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ، ئۇ كىشىنىڭ رەقىپنى ماختىغانلىقى ، رەقىپنىڭ لايىھە تۈزۈش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ «چوڭ بىرلىشىش كېلىشىمى» نىڭ ھەر ئىككى تەرەپ قوبۇل قىلالايدىغان لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى… قاتارلىق ئىشلارنى ئەزمىلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى . قۇرماش سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئاڭلىدى ، ھاشىر

ھېلىدىن - ھېلىغا موخوركا ئۇرايتتى ، رەللە بولۇپ قىمىرلايتتى .
ئۇ ئاخىر تاقەت قىلالمىدى :

— يولداش رەقىپ ، — دېدى ئۇ رەقىپنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — سىز ھەربىي باشلىقلار بىلەن تونۇشۇپسىز ، كەلگۈسىدە بىزگە رەھبەر بولىدىغان ئوخشايسىز ، ئېيتىڭە ، قاچان بۇزۇقلار تازىلىنىپ ، ئىشلار ئىزىغا چۈشىدۇ ، بۇ يىل ئەتىياز قانداقراق بولار ؟

— ئىنقىلاب داۋاملىشىۋاتىدۇ ، — دېدى رەقىپ كۈلۈپ قو- يۇپ ، — جىن - شەيتانلار ئۆزلۈكسىز سەكرەپ چىقىپ تۇرىدۇ ، ئىنقىلابنىڭ قوشۇن تازىلاش ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش دېگەن باسقۇچلىرى بار ، شۇ باسقۇچلاردا ئەلۋەتتە بۇزۇقلار ئەدىپىنى يەي- دۇ . مىسالى ، ئەلانى ئۇرغان لۈكچەكلەرنى ئالساق ، ئاساسەن ئېنىقلاندى ، مەن مۇشۇ ئىش بىلەن ئىلى ھەربىي رايونى رەھبەرلى- رى بىلەن ئۈچ قېتىم كۆرۈشتۈم .

— كىمكەن ئۇ زادى ؟ — قۇرماش ئالدىراپ سورىدى .

— كىم بولاتتى ، گۈزەلئاينىڭ ھېلىقى تامچى قوشنىسى بول- مامدۇ ؟ ئۇ ئۆزىچە گۈزەلئايغا ئىچ پەش تارتىپ يۈرگۈدەك . ئەلا شۇ كۈنى گۈزەلئايىنىڭكىدە بولغان ،كۆنچىلىك قىلىپ ئۇرغان گەپ . بۇ لۈكچەكنى ھازىر بىر ئاممىۋى تەشكىلات قانات ئاستىغا ئېلىۋاتىدۇ ، بولمىسا تانابى تارتىلاتتى .

— ئاممىۋى تەشكىلاتلار خېلى نۇرغۇن بۇزۇقلارنى قانات ئاس- تىغا ئېلىۋالدى ، بۇ گېپىڭىز راست ، يولداش رەقىپ !

ھاشىر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قۇرماشقا قاراپ قويدى .

— ھازىر قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇپ ، چەت ئەل بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىلىشىپ ، پرو- لېتارىيات دىكتاتورىسىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان- لارمۇ بار ! — دېدى رەقىپمۇ ئوخشاشلا غەزەپلىنىپ .

— ئەڭ خەتەرلىكى، قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرىلەر! — دېدى قورماشمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ، — ئۇلارنىڭ قولىدا قىزىل بايراق، قوينىدا قانلىق خەنجەر. ئۇلار سۈيىقەست، ھىيلە ـ نەيرەڭگە ئۇستا، تورۇپلا ئاممىنى ئاممىغا كۈرەشكە سالىدۇ، تورۇپلا باشقىلارنىڭ قولىغا خەنجەر تۇتقۇزۇپ ئۆز دوستىنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ، بىرلىرىنى ئالدايدۇ، بىرلىرىنى قورقىتىدۇ، بىرلىرىنى قايمۇقتۇرىدۇ، بىرلىرىنى سېتىۋالىدۇ، ئىشقىلىپ، ئورۇن، مەنپەئەت، ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىمۇ سۇنۇق ياماققا ساتىدۇ! مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، بىزگە مۇشۇ خىل قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرىلەرنى ئاشكارىلاپ بەرگىنى بولدى. قانداق دېدىم؟

ئۇ ئاۋۋال ھاشىرغا، ئاندىن كېيىن رەقىپكە قارىدى. ھاشىرمۇ، رەقىپمۇ تامدەك تاتىرىپ، خۇددى ھازىرلا بىر ـ بىرىگە ئېتىلىدىغاندەك غەزەپلىنىپ ئولتۇراتتى. قورماش بۇ جىددىيلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن، رەقىپنىڭ سوۋغا ـ سالىمى ئىچىدىن ئۈچ تال ئاپورت ئالمىنى ئالدى:

— ئالما يەيلى، ئەلا توغرىسىدا گەپلىشەيلى، كەلگۈسى توغرىسىدا تېخى نۇرغۇن سۆزلىشىمىز، تېخى نۇرغۇن ئولتۇرۇشىمىز، كىم بىلىدۇ، تېخى كەلگۈسىدە ئېلىشىپمۇ كېتىمىزمۇ، ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ھازىر دوست بىز، دوستلۇقنى قەدىرلەيلى، ئاقلاپ بېرەيمۇ ھاشىر ياكى پوستى بىلەن يەۋېرەمسەن؟

— بىر بوتۇلكا ھاراق بولسىدى، ئالمىنى زاكۇسكا قىلىپ ئىچسەك! — دېدى ھاشىر ئالمىنى چاپىنىغا سۈرتۈپ قويۇپ كورسىلدىتىپ چىشلەۋېتىپ، — پىغانىم ئۆرلەپ قالدى.

— مەن ئېلىپ چىقاي ئەمىسە، — دەپ قوزغالدى رەقىپ، — مېنىڭ ياتىقىمدا ھەممە نېمە بار!

رەقىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەلا ئازاب بىلەن چىرايىنى

پۈرۈشتۈرۈپ كۆزىنى ئاچتى . ھاشىر ئۇنىڭغا ئۇسسۇزلۇق ئىچۈر-
دى . ئەلا دوردايغان كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ كۈلمەكچى بولدى .
ئۇ ئىنجىقلاپ تۇرۇپ ، گەپنى بىرمۇبىر ، تەستە ئېغىزدىن چىقىد-
ىرىپ چاقچاق قىلدى :

— ئۇ... نىڭ... غەلىبىسى ئۈچۈن... مەنمۇ... بىر رومكا...
ئىچەي !...

ھاشىر بىلەن قۇرماش قاقاقلاپ كۈلۈشتى . ھاشىر خۇشال
بولۇپ :

— قالغان يېرىڭنى مەن ئۇرۇپ تىتىۋېتەيمۇ ، ئاۋاق ، نېمىشقا
مېنىڭ غەلىبەم ئۈچۈن ھاراق ئىچمەيسەن ؟ — دېدى .

— سېنىڭ... غەلىبەڭ... ئۈچۈن... ھاراق ئەمەس... قەسەم
ئىچىمەن !...

— يارايسەن ، ئاۋاق ، يارايسەن ، ئاداش ، ساقايدىڭ ، ئەتىلا
ماڭىسەن ، نامايىشقا قاتنىشىسەن !

— كۆرەش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ بۇ ، ساقايسىلا ئاممىغا باش
ئېگىدۇ ، بىز ئۇنى كۆرەش قىلىمىز ! — دەپ چېقىشتى قۇرماش .
ئەلا بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى ، ئۇنىڭ قارىداپ كەتكەن لەۋلىرى
خام ئۆپكىدەك تىترىدى .

ئون كۈندىن كېيىن ئەلا قولتۇقتاياق بىلەن ماڭغۇدەك بول-
دى ، لېكىن ئۇ تولىمۇ ماغدۇرسىز ، زەئىپ ۋە روھسىز ئىدى .
ئۇنىڭ دوستلىرى مەسلىھەتلىشىپ ، ئۇنى زۇلىيانىڭ ئۆيىگە يۆتكە-
دى . ھاشىر ئۆزى ماشىنا بىلەن ئۇنى زۇلىيانىڭكىگە ئەكەلدى .
ھاشىر خوشلىشاردا ئەلا ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ :

— ھاشىر ، گۈزەلئايغا ئېيت ، بىز يارىشىپ قالايلى ، مەن
ئوغلۇمغا زادى چىدىمىدىم ، مەن سەزدىم ، گۈزەلئاي مەندىن سو-
ۋۇغان ئەمەس ! ئۇنىڭ ياراشقۇسى بار ، لېكىن مەغرۇرلۇقى قويماي-
ۋاتىدۇ ! — دېدى .

هاشىر ئۇنىڭغا ۋەدە بەردى .

1968 ـ يىلى كىرىش بىلەن ئىلى ۋادىسىدا ھەپتىلەپ قار ياغدى . شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ يوللىرى ئېتىلدى . شەھەر كوچىلىرى قار دۆۋىلىرى بىلەن توشتى . شەھەرلىكلەرنىڭ ئىشى ئەتىدىن كەچ كىرگۈچە قار تازىلاش بولدى . ئۆگزىلىرىنى تازىلاپ بولۇپ ئەتىسى چىقسا ، ئۆگزىلەرنى يەنە قېلىن قار قاپلىغان بولۇپ چىقاتتى . ھاشىرنىڭ ئەمدىكى ئىشى چارۋىچىلارنى ئاپەتتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، ئادەم تەشكىللەپ تاغلارغا بارىدىغان يوللارنى ئېچىش بولۇپ قالدى .

ئۇ قىشلاققا بارىدىغان ئىككى چېتى تىك چوققا ۋە بوك قارىغايلىق غول ئىچىدە تراكتور ۋە ئادەملەر بىلەن قار كۆرەپ يول ئېچىپ يۈرگەندە ، ئۇنىڭ قېشىغا سىپىز ـ ئويناق تورۇق ئات مىنىپ قۇرماش يېتىپ كەلدى . ئۇ ھودۇققان ۋە جىددىيلەشكەندى . ھاشىر ئۇنى ئۈستى چىم بىلەن يېپىلغان ياغاچ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ئىشىكنى ياپتى :

— قېنى سۆزلە ، نېمە بولدى ؟

— چاتاق ! — دېدى قۇرماش ، — پاجىئە ، ئاداش ھاشىر ، ئىش چاتاق !

— بېشىڭغا چىقىلغان چۈشكەن بولسىمۇ سۆزلە ، نېمە بولدى قازاق ؟

— تۇنۇگۈن كەچ ، نادىروف ، ساۋۇتوف ، ئوسمان ، تاش ، نامەت ، زۇلخۇمار ، ئەلانۇر ، ماناپ... بىراقلا قولغا ئېلىنىپتۇ . ئاڭلىشىمچە ، ئىككىمىزنى ، ئەلانى ، زۇليا ئاكىنى ئىككىنچى قەدەمدە تۇتقۇدەك ، قانداق قىلىمىز ؟

— كىم تۇتۇپتۇ ، ئاممىۋى تەشكىلاتمۇ ، ھەربىي رايونمۇ ؟

— ھەربىيلەر تۇتۇپتۇدەك !

ھاشىر موخوركا ئورىدى . ئۇ مۇنداق چاغدا تولىمۇ خاتىرجەم ،

تەمكىن بولۇۋالاتتى :

— بىزنىڭكىلەرنىڭ بىز بىلىدىغان ئىشلىرىدىن باشقا يوشۇ.
رۇن ھەرىكەتلىرىنى سەزگەنمىدىڭ ؟

— نامەتنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ بىرنەچچەيلەن بىلەن «ۋەتەن قۇ.
تۇلدۇرۇش» دەيدىغان رادىئونى ئاڭلاپتىكەن !

— يەنىچۇ ؟

— چەتتىن كەلگەن بىرى بىلەن كۆرۈشتۇق دېگەندەك
قىلىۋىدى !

— بىزنىڭكىلەردىن ئۇنىڭغا يەنە كىملەر چېتىلغان ،
بىلەمسەن ؟

— ياق ، بىلمەيمەن !

— نامەتنىڭ ئىشى باشقا گەپ ، — دېدى ھاشىر خىيالچانلىق
بىلەن ، — يەنە نادىروفنىڭ قانداق گۇمانلىق ئىشلىرى بار ، بۇنى
بىلمەيمىز ، لېكىن بىز سۇتتىن ئاق ، خاتىرجەم بول ، قانداق
تۇتقان بولسا شۇنداق ئەپۇ سوراپ قويۇۋېتىدۇ . سەن گۇمانلانما ،
شۇنداق بولىدۇ . سەۋەبى ئاددىي : جۇڭگو گۇڭچەندانىڭ غولاپ كەت.
كىنى يوق ، پارتىيىمىز ھەققانىي ، توغرا پارتىيە ، ۋاقىتلىق يېڭىل.
لىمىز ، ئاخىر يېڭىمىز ، سەۋەبى ، بىز پارتىيىمىزگە تايىنىمىز .
شۇنىڭ ئۈچۈن ھىيلە ـ نەيرەڭ ، قۇۋلۇق ـ شۇملۇققا تايانغانلاردىن
ھامان بىز كۈچلۈك ! مەن ناھىيىگە بارىمەن ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇ.
رۇشنىڭ يولىنى قىلىمەن !

ئۇ ئاسمانغا قارىدى ، ھاۋا مانانلىق ، ئاۋۋال ئۇششاق ، كېيىن
بال قوشۇقىدەك قار چۈشۈشكە باشلىدى ، بىردەمدىلا تازىلانغان
يوللارنى قار كۆمۈپ كەتتى . بىردىنلا نەدىندۇر بوران پەيدا بولدى ،
قارلار ۋىژىلداپ ئۇچاتتى ، قارىغايلار غاراسلايتتى ، بوران ھۆركە.
رەيتتى ، ھاشىر بىلەن قۇرماش تورۇق ئاتنىڭ دالدىسىدا شۇمشى.
يىشىپ تۇرۇشاتتى . ئۇلارنى قارلار ئورىماقتا ، بوران ئىتتىرمەك.

تە ، تەبىئەت جازالىماقتا... ھاشىر تاغ تەرەپكە قارىدى .

— چاتاق بولدى ، قورماش ، ئۈچ كۈن بولدى ، قىشلاقتىكىلەرنىڭ يەيدىغىنى تۈگىگىلى ! قار ئاپتىگە يولۇققانلارنى قوتۇلدۇرىمەنمۇ ، تۇرمىگە چۈشكەنلەرنىمۇ ؟ ئېيتقىنا قورماش ، بۇ ئاپەت قاچان ئاخىرلىشىدۇ ؟

ئۇنىڭغا بوران جاۋاب بەردى ، يوتقاندەك بىر قار كۆچمىسى ئۇچلاپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا چۈشتى .

بۇ چاغدا ئەلا زۆلىيانىڭ ھويلىسىدا تۈرگە بىلەن قار تازىلاۋاتاتتى . ئۇنىڭ خىيالى شەھەردە ، شەھەر يولى ئېتىلگەن ، ھاۋا تولىمۇ سوغۇق ئىدى . «گۈزەلئاي نېمە قىلىۋاتىدىكىن ، مېنىڭ ئوغلۇم ئەلىچۇ ؟ ھاشىر نېمىشقا كەلمەيدۇ ، ئۇنى ئەلچىلىككە تاللىغاندىكىن مەنمۇ ساراڭ . ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئوڭلىيالمايدىغان تومبالقا مېنىڭ ئىشىمنى ئوڭلىيالايتتىمىكى ؟...»

— ئەلاجان ئۇكام ، تۈرگىنى قويۇڭ ، خىتىڭىزنى قىلىۋېرىڭ ، سىز تېخى تۈزۈلۈپ كېتەلمىدىڭىز ، مۇسام چايغا چاقىرىپ بالىسىنى ئەۋەتىپتۇ ، بىزە تۇرۇپ سىزنى چانا بىلەن مېھمانغا ئاپىرىمەن !

زۆلىيا ئەلانىڭ قولىدىن تۈرگىنى تارتىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى ، ئەلا ھەدەپ قاچۇراتتى ، ئاخىر زۆلىيا تۈرگىنى ئېلىۋالدى .

— زۆلىيا ئاكا ، — دېدى ئەلا كۈلۈپ تۇرۇپ ، — خېلى ماغدۇرۇمغا كىرىپ قاپتىمەن جۇمۇڭ ، شەھەرگە كىرىپ ئوغلۇمنى كۆرۈپ چىقاي دەيمەن !

— ياق ، بولمايدۇ ، ۋاقتى ئەمەس ، ئۇكام ، مەن بۇنىڭغا ئۇنىمايمەن !

— بىر كېچە قونۇپلا قايتىپ چىقىمەن ، ئاكا ، ماڭا ئەتىلا ئات تۇتۇپ بېرىڭ !

— ياق ، ياق ، — دېدى زۆلىيا بېشىنى چايقاپ ، — مەن

سىزنى يولغا سېلىپ قويۇپ خاتىرجەم بولالمايمەن!

— مەن ھاشىر بىلەن كۆرۈشىمەن، مۇھىم ئىشىم بار، ئاكا! زۆلىيا جىمىپ قالدى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە:

— ئۇنداق بولسا، مەن ھاشىر شۇجىنى ئۆيگە باشلاپ كېلەي، بۈگۈنلا ناھىيىگە باراي، بىز ئۈچىمىز ئەقىللىشىپ بىر ئىش قىلايلى، — دېدى.

زۆلىيا ئەتىسى ھاشىرنىڭ خېتىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ئەلا خەتنى ئوقۇپ ساراڭ ئادەمدەك بىردەم كۈلۈپ، بىردەم ئۇمچەيدى. ئۇ باغ ئارىلاپ ناھىيىگە قاراپ نەچچە رەت يۈگۈردى، لېكىن زۆلىيا ۋە ئۇنىڭ يېزىلىقلىرى ئۇنى قويۇپ بەرمىدى. ھاشىر زۆلىياغا: «ئۇنى قوغداڭلار، ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلمىغۇچە ئۇنى يېزىدىن چىقارماڭلار! ئۇنى بىز سىلەرگە تاپشۇردۇق، ھەرقانداق بالايىئاپەت كەلسىمۇ ئۇنى قوغدايلى، ئۇنى قوغداپ قالغىنىمىزنىڭ پايدىسىنى كەلگۈسىدە كۆرىمىز» دەپ جېكىلىگەن، زۆلىيا ئۆزىمۇ بۇ ياش يىگىتنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى چىن قەلبىدىن چۈشەنگەنىدى.

تۆۋەندە بىز كىتابخانلارغا ھاشىرنىڭ خېتىنى ئەينەن تاپشۇرماقچى.

«قىممەتلىك دوستۇم، ئەلا! يالقۇنلۇق سالام، ساڭا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن، ئامانلىق تىلەيمەن! كىچىك ئاپاڭنى مەن ئۈچۈن قۇچاقلا، قىزىڭنى سۆيۈپ قوي.

دوستۇم، ساڭا بۇ ئىشنى ئېيتمىسام كەلگۈسىدە جەزمەن ئەيىبلىنىمەن، غەيرەتلىك، ئەقىللىك، سەۋرلىك يىگىت بولغىنىڭ ئۈچۈن، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويمايسەن، مەن بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەن. ئەسلىدە يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ ئېيتماقچىدىم، لېكىن مەن ھازىر نازارەت ئاستىدا، سىرت

بىلەن ئالاقە قىلغۇزمايدۇ ، پات ئارىدا كۆرۈشىمىز ، بارلىق پاجىئە-
لەرنىڭ نېگىزى ئۈستىدە پىكىرلىشىمىز ، شۇم خەۋەرنىڭ بىرىنچى-
سى مۇنداق : ساۋۇتوف باشلىق دوستلارنىڭ ھەممىسىلا قولغا ئې-
لىنغان ، ناسىر نەلەرگىدۇ قېچىپ قۇتۇلغان . سەۋەبى ، دوستلىرى-
مىز «ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرغان» مىش . پىلانلىغۇچى-
سى نادىروف بىلەن مەن ئىكەنمىشمەن . ئۇلار ھازىر ئوسمان ،
قۇرماش ، تاش ، زۇلخۇمار ، ئەلانۇر ، ساۋۇتوف ، ماناپ ، ئۆمەر
ئەپەندى ، كېرىمجان… قاتارلىق دوستلارنى سوراق قىلىپ ئىقرار-
نامە يازدۇرۇپ ، بىزنى قانۇنىي ئاساستا (گەرچە بۇ قانۇن يوق
بولسىمۇ) رەسمىي قولغا ئېلىشنىڭ ھازىرلىقىنى قىلىۋېتىپتۇ .
خەۋەرنىڭ ئىككىنچىسى مۇنداق ، بۇ خەۋەرنى چىدام ۋە تەمكىنلىك
بىلەن ئاڭلاپ قوي ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال ، گۈزەلئايغا ئەلچى كىر-
گۈزدۇم ، ئەلچىمىز ئەلانۇر ، ئوسمان ، زۇلخۇمارلار بولدى . گۈ-
زەلئاي يارىششقا زادىلا ئۇنىمىدى ، ئۇ ھېلىقى چاغدا تۆھمەتكە
يولۇققاندىن كېيىن ئار - نومۇسىنى ئاقلاشقا ئىلاج تاپالماي ئوغ-
لۇڭنى باغرىغا بېسىپ دەرياغا چۈشكەندە ، ساۋۇتوف قۇتۇلدۇرۇپ
قالغان . ئۆلۈۋېلىش خەۋپى ئۆتۈپ كەتتى . دوستلار ھازىر گۈزەل-
ئاي بىلەن ئوغلۇڭغا قاراۋاتىدۇ . ئەمدى شۇنداق بىر پاجىئە شە-
كىللەنگەن : گۈزەلئاي سەن بىلەن ياراشمىغۇدەك ، سەۋەبىنى ئېيت-
ماپتۇ ، بەلكى ئۇنىڭ بىر يوشۇرۇن سىرى باردۇ ياكى باشقا بىرسى-
گە سېنى «ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى» ، بولدىمىكىن ؟ مېنىڭ ئەقلىم يەت-
مىدى ، مەن ئۇ قىزنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن ، ئۇ قەدىرلەشكە
ئەرزىيدىغان قىز ئىكەن . ئۇ مۇھەببەتكە سادىق ، پاكىز قىز ئى-
كەن ، ئۇ ئەمدى ھاقارەت قىلىنغان جىسمى ۋە روھى بىلەن سېنىڭ
قۇچىقىڭغا تاشلىنىشنى خالىمايدىكەن ، ئوغلۇڭ ئەلى ھامان ئالدى-
مىزدا چوڭ بولىدۇ . ئەمدى گۈزەلئايدىن ئۈمىد كۈتمە ، ئۇ قىز-
نىڭ ھايات توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنىمۇ ھۆرمەت قىلىشقا توغرا

كېلىدۇ، بىز تەجرىبىلىك بولۇپ قالدۇق. بىزنىڭ قايسىمىز،
نېمىنى خاتا قىلدۇق؟ بۇنى ۋاقىت بىزگە كۆرسىتىپ بېرىدىكەن،
يەنى ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھەقىقەت ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىكەن،
دوستۇم، سەۋر قىل، «چىدام ۋە غەيرەتنىڭ يەڭگىنى ھەردەم
يادىمدا». گۈزەل كەلگۈسى بىز يېشەلمىگەن تۈگۈنچەكلەرنى يې-
شىپ بېرىدۇ، بىز جاۋاب بېرەلمىگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرى-
دۇ. ھازىرچۇ؟ ھازىر — پارلاق كېلەچەكنىڭ ھارپىسى، ئىستىق-
بال بېغىنىڭ بوسۇغىسى. بۇ ھارپا، بۇ بوسۇغا بىزگە خۇشاللىقنى
ئازراق، خاپىلىقنى كۆپرەك ھەدىيە قىلىدىغان ئوخشايدۇ. بىز
بوزەك بولۇۋاتىمىز، خورلىنىۋاتىمىز، لېكىن بىز ھامان غالىب
چىقىمىز، ئۆزۈڭنى تۇت، نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سوئال قويىۋەرمە-
گىن، سېنى چىڭ قۇچاقلايمەن، ئاچ قۇچىقىڭنى، ئاۋاق!
ھا. 1968 - يىلى فېۋرال»

ئەلا خەتنى ئوقۇپ قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ بۇ پالاكەتلەرنىڭ
ھەممىسىدە بىر يوشۇرۇن قولنىڭ ھەرىكىتى بارلىقىنى چۈشەندى،
ئۇ ھازىر ئازاب ئۈچۈن زارلىنىدىغان، ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىرايدى-
غان ئەلا ئەمەس، ئۇ نۇرغۇن خورلۇقلارغا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ
قويغان، ئالدىدا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ئالدىن
مۆلچەرلىگەن، گېپى ئاز، خىيالى كۆپ، ئازابنى ئىچىگە يۇتالايدى-
غان، پېشكەلنى سوغۇق قانلىق بىلەن، زەھەرلىك - ئاچچىق تەنە
بىلەن كۈتۈۋالىدىغان باشقىچە بىر ئەلا، ئۇ بۈگۈنمۇ شۇنداق قىل-
دى. ئۇ مىيىقىدا ئاچچىق كۈلۈپ قويدى - دە، باغقا قاراپ
ماڭدى، ئۇ ئۆزىچە ئويلىدى: «مەن نېمە ئۈچۈن شۇنچە خورلىنى-
مەن؟ نېمە ئۈچۈن مەن نېمىنى ئارزۇ قىلسام، شۇنىڭ يولى
توسۇلىدۇ؟ ھايات مېنى قاتىللىق قىلىشقا قىستىماقتا. مەن قان
تۆكمىسەم ئىچىم بوشىمايدۇ! زۇليا ئاكا، مېنى قويۇپ بېرىڭ،

مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن !»

لېكىن ، زۇلىيا ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمىدى . پۈتۈن يېزا خەلقى ئۇنى قوغدىدى . يېزىنىڭ سېرىق خازانلىق كۆز پەسلى ، قەھرىتان سوغۇق ، قېلىن قارلىق قىش پەسلى ئۆتۈپ كەتتى . ئەلانىڭ كۈلكىسى ، ناخشىسى ئاڭلانمىدى . ئۇ سائەت ـ سائەتلەپ ئۈن ـ تىنسىز ، ساقاللىرى ئۆسكەن ئېڭىكىنى تۇتۇپ ، تولۇق تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى ، ئاردىلاپ غەرق مەست بولۇۋالاتتى .

زۇلىيا ۋە ئۇنىڭ مەھەللىسىدىكىلەر ئۇنىڭ كۈلكىسىگە تەشنا ، ئۇ قاچان ئېچىلاركىن ؟...

# ئۈچىنچى باب تىغمۇتىغ ئېلىشىش

## 1

ئۇ 1968 ـ يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدىلا ئەسلىگە كېلەلىدى . ئۇ باش ـ ئۈچى يوق خىيال بىلەن تالاي ئايلارنى ئۆتكۈزدى ، ئۇنىڭ نە كۆلكىسى ، نە پارىڭى ئاڭلانمىدى . كۆرگەنلەر ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ چاچ ـ ساقاللىرى ، سولغۇن ، خىيالچان چىرايىغا قاراپ ، ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپمۇ ئويلايتتى . ياق ، ئۇ پەقەت خىيال بىلەنلا شۇنچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەن ، مانا بۈگۈن خىيالدىن ئەمەلىيەتكە قايتقان ئوخشايدۇ . ئۇ خۇددى مەستلىكتىن يېشىلگەندەك ، چېچەكلەر بىلەن تولغان باغقا قاراپ ئۆزىچىلا ناخشا ئېيتتى ، قىزىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ :

— ياشاش كېرەك ، دوستۇم ، ياشاش كېرەك ! — دەپ ۋارقىرىدى .

ئۇنىڭ خۇشاللىقى زۇليا ئائىلىسىنىڭ خۇشاللىقى بولدى . زۇليا شۇ ئاخشىمىلا ياشلارنى يىغىپ ئولتۇرۇش قىلىپ بەردى . ئولتۇرۇشتا ئەلا تەمبۇر چېلىپ ئاجايىپ يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بەردى .

— ئۇھ ، — دېدى زۇليا ئولتۇرۇش تارقىغاندىن كېيىن قىزىل دوخاۋا بۆكىنى قولىغا ئېلىپ ، شادلانغان كۆزلىرىنى ئەلاغا تىكىپ ، — بېشىمدىن بىر تاغ غۇلىدى . ئېيتقىنە ئۇكام ، نېمىگە تۇيۇقسىزلا خۇشال بولۇپ قالدىڭىز !

ئەلا كۈلۈپ قويدى ـ دە ، گەپ قىلماستىن قېلىن بىر كىتاب-

نى قولىغا ئالدى. كىتاب ئىنگلىز يېزىقىدا يېزىلغانىدى.
— مۇشۇ كىتاب ماڭا يول كۆرسەتتى، — دېدى ئۇ ھاياجانلى-نىپ، — بىلەمسىز، بەزىدە كىتابمۇ ئادەمنى قۇتۇلدۇرالايدۇ، بەزىدە ئۆلتۈرەلەيدۇ.
— بۇ نېمە كىتاب، ئۇكام؟
— بۇ، — دېدى ئەلا كىتابنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ، — دۇنيادىكى مەشھۇر ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش پاجىئەلىرى توغرىسىدا يېزىلغان قىزىقارلىق ھېكايىلەر. دۇنياغا داڭق چىقارغان ئۇلۇغ ئادەملەرمۇ تۇرمۇشنىڭ خىلمۇخىل پاجىئەلىرىگە دۇچ كەلگەن، ئۇلار قىيىن ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە، ھامانەم ئۆز ئىشىنى، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى خەلق بىلەن بىرلەشتۈرەلىگەن، ئۆز شەخسىي پاجىئەسىنى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئە بىلەن سېلىشتۇرال-غان، شۇنداق قىلىپ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەن. ئادەم ئۆزىنىڭ خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەندە، ئۇنىڭ شەخسىي پاجىئەسى ئەرزىمەس بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. بىر ئادەمنىڭ يارامىلىق ياكى يارامسىزلىقىنىڭ بەلگىسى مانا مۇشۇ مەسئۇلىيەتنى تونۇپ يەتكەن ياكى يەتمىگەنلىكىدە ئىكەن!
— بىز چوڭ ئىش قىلالمايمىز، — دېدى زۆليا بېشىنى سىلاپ، — سىلەر چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلغاندا چىراغپاي بولۇشقا يارايمىز، ئۇكام. سىلەرگە بۇنداق ئادەملەرمۇ كېرەكقۇ - ھە؟ ئۆي غېمى، تۇرمۇش غېمى دېگەنلىرىڭىزنى ماڭا ئىتتىرىۋېرىڭ. سىز ئوقۇيدىغاننى ئوقۇپ، يازىدىغانلىرىڭىزنى يېزىۋېرىڭ، مەن سىز ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار. جېنىم ئامانلا بولسا، كىرپىكىڭىزگە ياش، كىيىمىڭىزگە چاڭ قوندۇرمايمەن. بىزنىڭ خەلقىمىزگە قورسىقىڭىزدىكى ھەممە ھۇنىرىڭىزنى كۆرسىتىڭ. مەن سىزگە ئۇستەل، يۇمشاق ئورۇندۇق بۇيرۇتۇپ قويدۇم. ئىش-لەڭ، ئۇكام!

ئەلا زۇلىيانىڭ سەمىمىيلىك، دوستلۇقتىن باشقا تەمەسى يوق مېھرىبان كۆزلىرىگە قاراپ قويدى ـ دە، ئۇنىڭ يىرىك قاتمال قوللىرىنى قىستى.

«گۈزەل باھار مېنى ئۆز قۇچىقىدا ئەركىلەتمەكتە. باغ گۈللىرى پۇراقلىرى بىلەن ماڭا ئىلھام ۋە راھەت بەرمەكتە. قۇشلار چۇرۇقلىشىپ، مېنىڭ خۇشاللىق ۋە تەلپۈنۈشلىرىمنى كۈچەيتمەكتە، تاغ سۇلىرى چۇقان ـ سۈرەن بىلەن مېنى خاتىرجەملىك، كۆڭلى توقلۇققا ئۈندىمەكتە... ماڭا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ تەقدىم قىلغان باھارنىڭ ئىللىق قوينىنى، دوستۇمنىڭ قىممەتلىك يالدامىسىدەك خاتىرەمدە ساقلايمەن!»

ئۇ كەچتە بۇ گەپلەرنى خاتىرىسىگە يېزىۋېتىپ دوستلىرىنى قايتا ئەسلىدى: «ئۇلار نەدە؟ نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟»

ئۇنىڭ خىيالى دوستلىرىغا كۈچۈش بىلەن قولى ئىشقا بارمىدى، مېكىسىگە ئوقۇغان كىتابىدىكى گەپلەر كىرمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھاشىر كەلدى. ئۇ ھاشىرنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ياشلىق تۇغرىسىدا ئويلىماقچى بولدى، لېكىن كۆز ئالدىدا تەشۋىق ۋەرەقىلەر، كۈرەش يىغىنى قارا پەردە بولۇپ تۇرۇۋالدى ـ دە، ھەممىلا ئەسلىمىسى سىياھقا چىلانغاندەك بولۇپ تۇيۇلدى.

— ھاشىر! — دېدى ئۇ بىر تەشۋىق ۋەرەقىنى مىجىقلاپ تۇتۇپ، — ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدىمۇ، دوستۇم!

مىجىپ تاشلانغان ۋەرەقىدە ناھىيىدە ئېچىلغان كۈرەش يىغىنىنىڭ ئەھۋالى يېزىلغان، يىغىندا ھاشىر باشلىق ئادەملەر كۈرەش قىلىنغان. ھاشىرنىڭ گۇناھى مەركەزگە خەت يازغانلىقى، ھاشىر خېتىدە يېزا ئىگىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان ئېغىر مەسىلەرنى ئىنى-

كاس قىلىپ، يۇقىرىدىن قەرزدارلىق، ئاچارچىلىق كۈندىن -
كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان جايلاردىكى دېھقانلارنى قوزغىلىشقا تەلەپ
قىلىنغان. خەتتە پاكىتلار ئەينەن قويۇلغان، سەۋەبلەر تەھلىل
قىلىنغان، تەلەپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، لېكىن بۇ دوكلاتقا
يۇقىرىدىن: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قىلىنغان ھۇجۇم!» دې-
گەن خەت قوشۇمچە قىلىنىپ ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمگە قايتۇ-
رۇلغان!
ۋەرەقىگە يەنە ھاشىرنىڭ نەق مەيداندا تارتىلغان سۈرىتىمۇ
بېسىلغان. سۈرەتتە ھاشىرنىڭ كۆكرىكىگە قېلىن تاختا ئېسىل-
غان، تاختىغا تەتۈر قىلىپ ھاشىرنىڭ ئىسمى، ئىسمىنىڭ ئۈستى-
گە «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر» دېگەن خەتمۇ يېزىلغان.
قوراللىق ئىككى يىگىت ئايغى بىلەن ھاشىرنىڭ گەجگىسىدىن
دەسسەپ، چېچىدىن كەينىگە تارتىپ تۇرغان، ھاشىرنىڭ كۆزلىرى
چەكچىيىپ چىققان، ئاغزى يېرىم ئېچىلغان، قوللىرى گەجگىسىگە
قايرىلغان!
ئەلا پاكار ھۇجرىدا — كىگىزلەر ئۈستىدە ئۇياقتىن - بۇياققا
ماڭدى. ئۇ خۇددى ئۆزى كۈرەش قىلىنىۋاتقاندەك ئازابلاندى.
ھاشىرنىڭ پولتىيىپ چىققان كۆزلىرى خۇددى ئۆزىدىن ياردەم
تىلەۋاتقاندەك، يېرىم ئوچۇق ئاغزى بىرنېمىلەرنى دەۋاتقاندەك بى-
لىندى، قۇلىقى خۇددى ھاشىرنىڭ ئازابىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، كۆز-
لىرى دوستىنىڭ مەردانە قەددىنىڭ پۈكۈلگىنىنى كۆرۈپ تۇرغان-
دەك بىلىندى - دە، ئازاب بىلەن ئۇھ تارتىپ كۆزلىرىنى بىرپەس
يۇمدى، ئاندىن ھۇجرىنىڭ باغقا قارىغان دېرىزىسىنى ئېچىۋېتىپ،
پەردە مىجىلىپ ياتقان ۋەرەقىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى.
دېرىزە تۈۋىدىكى سېرىنگۈلدىن چېچەك پۇرىقى ئۇرۇلدى.
باغنىڭ نېرىقى تېمىغا ياندىشقان تېرەكلەرنىڭ قارا سايىسى ئەينەكتە
ئىرغاڭلىدى، باھار ئۆزىنىڭ يېڭى، سىرلىق قىلىقلىرى بىلەن

ئەلانىڭ ئازاب ۋە كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن هەرىكەت قىلماقتا . باهارنىڭ شوخ ، سالقىن شامالىلىرى ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەنجادا ، لەنجۇدا ، ناهىيىدە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى قانداق يەڭگەنلىكىنى شىۋىرلىماقتا ئىدى : «چىدام ، تاقەت ، ئىشەنچ ۋە ئۈمىد !— دەپ پىچىرلىدى ئەلا خۇددى بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى زوق بىلەن تىلغا ئالغان كۆيۈمچان ئانىدەك هەربىر سۆزنى بىرمۇبىر ، تەمكىن ئېيتىپ ، — مانا بۇلار ماڭا هەمراھ بولسۇن . شۇنچە يىلنى كىچىككىنە ئارالدا ئۆتكۈزگەن روبىنزون - كروزۇ ، ئۆز ياشلىقىنى تۈرمىدە چىدام بىلەن ئۆتكۈزگەن مونتو كرىستوفنىڭ سەۋر - تاقەت ، چىدام غەيرىتى ماڭا هەمراھ بولسۇن . هازىر ماڭا مانا شۇ لازىم» .

هۆجرىنىڭ هويلىغا قارىغان دېرىزىسىدىن خىرە يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى . بۇ يورۇق پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا قويۇلغان گازۋاينىڭ يورۇقى ، بۇ يەردە زۇلىيا كىگىزچىلەر بىلەن كىگىز پىشۇرماقتا . ياش كىگىزچى مۇشتىنىڭ دۇكانىغا «جىغ - جىغ ، جاغ - جاغ !» قىلىپ ئۇرۇلۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ قىسقا ئۇدارلىق ئاهاڭدا ناخشا ئېيتماقتا :

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار ،
غېرىبنىڭ يولىنى باغلار .
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار ؟
غېرىبقا غېرىب يىغلار .

ئەلا كىگىزچىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ ، هاشىرنى ئۇنتۇماقچى بولۇپ ئۆيدىن چىقتى .

سۇپىغا تېكىمەتلەر سېلىنغان ، چوڭ داستىخان ئۈستىگە نانلار چېچىلغان ، چىنىلەردە مۇزلىغان قايماقلىق ئەتكەنچايلار چالا ئە-

چىلگەن پېتى تۇرغان . داستىخان ئەتراپىدىكىلەر خۇددى ھېلىلا ماجىرادىن ئاجرىتىلغاندەك تاتارغان ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى غەزەپ-لىك ، كۆزلىرى ئۇمسە ئىدى .

— قۇربانجان ! — دېدى زۇليا . ئەلا ئۇستەلگە كېلىش بىلەن تۆۋەندە ئۆرە تۇرغان يىگىتكە قاراپ قويۇپ ، — سەن ھازىرلا دادۇي ھەيئەتلىرىنى ئىشخانىغا يىغ ، پىكرى بارلار ئىشخانىدا سۆزلىسۇن !

زۇليا قىزىل دۇخاۋا بۆكىنى قولىغا ئالدى - دە ، كىگىزدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەلاغا قارىدى . ئۇنىڭ خۇشخۇي چىرايى ئۆز-گەرگەن ، سېرىق بۇرۇتى كىرپە تىكىنىدەك ھۇرپىيىپ ، كۆكۈچ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىماقتا ئىدى .

— مەن بىزنىڭ مۇشۇ دادۇيدە بولسىمۇ تىنچلىق ، خاتىرجەم-لىكنى ساقلاپ قالىمەن دەپ ئويلىغانىدىم . ئۇكام ئەلا ، بولدى . مەن بوراندا چايقالغان دېڭىزنى كۆرگەن . پۈتۈن جۇڭگو ھازىر شۇنىڭغا ئوخشاپ قاپتۇ . دېڭىز چايقالسا ، ئىچىدىكى ھەممە نەرسە تىنچ قالالمايدىكەن . سىز بەربىر ھەممىنى بىلىسىز ، يوشۇرۇپ نېمە قىلىمىز ، مېنىڭ بېشىمغىمۇ ئوت تۇتاشتى . دادۇيجاڭ ناھە-يىگە بېرىپ ئۆزگىرىپ كەپتۇ . كۆردىڭىزمۇ ، ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىدە ناھىيىدىن بىللە كەلگەن ئىسيانچىلار شتاب قۇرۇپ ماڭا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ . ناھىيىلىك قورallıق بۆلۈم ئۇنى قوللاپ ، بىرنەچچە ئەسكەرنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ . ئۇلار مېنى ئاغدۇرماقچى . مەن ئۇلارغا ھوقۇق بەرمەيمەن . ھوقۇقنى بەرسەم پۈتۈن دادۇي تۈگىشىدۇ . ئەزالارنىڭ بىر گۆشىنى مىڭ بىر جاپا بىلەن ئارانلا ئىككى سوم ئاتمىش تىيىنگە چىقارغانىدىم . ھوقۇقنى تارتقۇزۇپ قويسام كۆزلۈككە تەقسىمات ، نورما يوق بولىدۇ . بىز-نىڭ دادۇيمۇ باشقا دادۇيلەردەك ۋەيران بولىدۇ !

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى ، داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشقانلار-مۇ ئورنىدىن تۇرۇشتى .

بىردەمدىن كېيىن ھويلىدا ئەلاغا ھەمراھ بولۇپ ئۈچ كىگىزچى ، باج كادىرى ، نەدىندۇر قېچىپ كەلگەن قېرى ئارتىس ، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن «تاغىل ئۆكۈز» لەقەملىك كادىر ، سىرتتىن كەلگەن جۇۋىچى قاتارلىق ئادەملەرلا قالدى .

— ھەر يەر ، ھەر يەردىن كېلىپ بىرلا مەقسەت ئۈچۈن توپلاندۇق ، — دېدى «تاغىل ئۆكۈز» ھەيۋەرلىق بىلەن غۇژمەك قاشلىرى ئاستىدىكى خومار كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ ، — ھەربىرىمىز ھەر يەردىن كەلگەن ھەر خىل كاسىپلار : كادىر ، مۇئەللىم ، باجگىر ، جۇۋىچى ، كىگىزچى ، ئارتىس ، دېھقان ! مەقسەت بىر ، يەنى جان بېقىش .

ئولتۇرغانلار كۈلۈشتى . ئارتىس — يوغان بۇرۇن ، چار ساقال ، تاقىر بېشىغا كىر ، ئاق خەسە دوپپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ، سوئال بەلگىسىدەك دۈمچەك ئادەم بېشىنى گىلدىڭلىتىپ قاتتىق كۈلدى - دە :

— بەلەن گەپ ، — دېدى ئۇ ، — ھازىرقى كۈندە ئىككىلا ئادەم خاتىرجەم : بىرى خان ، بىرى دىۋانە ، خان ھۆكمى بىلەن ، دىۋانە رىزقى بىلەن خاتىرجەم . لېكىن ، ئۇلارنىڭمۇ مەقسىتى جان بېقىش !

— خاتا گەپ ! — دېدى ئۇزۇن تۇرا ، قويۇق چاچلىق باج كادىرى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئويىنىتىپ سۆزلەپ ، — ھەممىلا ئادەمنىڭ مەقسىتى جان بېقىش ئەمەس - دە . ئۇنداق بولسا ، نېمىشقا ئادەملەر بىر - بىرىگە غەمخورلۇق قىلىدۇ ؟ زۇليا شۇجىنىڭ نېمىسى كەم ؟ يەنە نېمىشقا شۇجىلىقنى ئالساڭ ئال ، دېمەيدۇ ئەمىسە ؟

— بەلەن گەپ ! — دېدى ئارتىس دەرھاللا باج كادىرىغا قوشۇلۇپ ، — ھەممىلا ئادەم جان باقالايدۇ ، چۈمۈلە ، قۇرت - قوڭغۇز چېغىدا جان باقىدۇ . ئادەمنىڭ مەقسىتى جان بېقىشلا

بولسا، ئادەم قۇرت بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ ـ دە!
— جان باقماق پەرز! — دېدى «تاغىل ئۆكۈز» باج كادىرىغا قاراپ قويۇپ، كالپۇكلىرىنى تىترىتىپ، — لېكىن سەن چۈشەن. مولدىن باج ئالىدىغان ئاداش، جان بېقىش دېگەن سۆزنى قورساق بېقىش دەپ قارىما!
— مانا بەلەن گەپ! — دېدى ئارتىس ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم قۇرتتىن قالتىس. ئادەم دېگەن يەيدۇ، كۈلىدۇ، بۇيرۇق قىلىدۇ، ئېزىدۇ، ئالدايدۇ، قەست قىلىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، ۋاي ـ ۋۇي... ھەممىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمگە بىر تاماقلا ئەمەس، مىسالى ياخشى كىيىم، ئۆي ـ جاي، ياخشى ئايال، مەنسەپ، ھوقۇق، ئابرۇي ـ پۇل، راھەت ـ پاراغەت لازىم. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى جان بېقىش!
— بىكار گەپ! — دېدى باج كادىرى داستىخانغا شىپقاپ ئولتۇرۇۋېلىپ قوللىرىنى شىلتىپ، — چاكىنا گەپ. ھايات دېگەننى بۇنداق تار چۈشەنسەك، راستىنلا قۇرت بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىمىز. مەن جىق كىتاب ئوقۇيمەن، دۇنيادا راستىنلا ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەيدىغان ئادەملەر بار. ئۇلار ئولتۇرسا ـ قوپسا كۆپچىلىكنىڭ پايدىسىنى ئويلايدۇ. باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆلۈشتىنمۇ قورقمايدۇ، بۇنداق ئادەملەر كىتابلاردا كۆپ، مەسىلەن: بېتيۇن، پاۋىل كورچاگىن!...
— بەلەن گەپ! — دېدى ئارتىس، — مەسىلەن، لېنىنمۇ، ماركسمۇ شۇنداق ئىدى. ماركس پۇل، مەنسەپ كۆرمىگەن.
— كىتاب دېگەن كىتاب! — دېدى «تاغىل ئۆكۈز» بۇ قېتىم ئارتىسنى سىلكىپ، — يۇمىلاق تاۋۇز ئاداش، كىتابتا بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە بارمۇ زادى ئۇنداق ئادەملەر؟
— ئەمەلىيەتتە... ھى... قىيىن، — دېدى ئارتىس كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، — زادىلا ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەيدىغان ئادەم بەلكى

تېپىلماس.

— تېپىلىدۇ! — دېدى باجگىر قولىلىرىنى شىلتىپ، — مىسال ھاشىر شۇجى، زۇلىيا شۇجىلارنى ئالايلى!

— تېپىلىدۇ! — دەپ تەستىقلىدى ئارتىس قولىلىرىنى ھاۋادا ئوينىتىپ، — مىسالى، ھاشىر شۇجى، دەسسەپ، چەيلىنىپ تۇرسىمۇ راست گەپ قىلغان، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. كۆرەش يىغىنىغا بارغىنىم يوق، ناھىيىگە ئاغىنىلەرگە ئەگىشىپ ئويناپ باردىم، تازا ئىچتۇق، كېكەرگۈچە يېدۇق. كىشى بېشىغا بەلكى بىر كىلودىن جۇن ئىچكەندىمىز. غەرق مەست بولۇۋېلىپ سەھنىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئاپتىمىز. بولۇۋاتىدۇ كۆرەش، توۋلاۋاتىدۇ شوئار، قويۇلۇۋاتىدۇ سوئال، شۇنداق گەپلەر بولدى: «دېھقانىنىڭ تۇرمۇشى ئىنقىلابتىن بۇرۇنقىدىن قانداق؟» دەپ سورىدى بىرى ھاشىر شۇجىنىڭ قۇلىقىدىن تارتىپ، مەن ئەمدى توۋا قىلىدۇ دەپ ئويلاپ ھاشىر شۇجىغا قارىسام، ئۇ ئادەم چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن تۇرۇپ: «كوپىراتسىيىگىمۇ يەتمەيدۇ!» دېمەمدۇ، قورقۇپ جېنىم چىقتى. مانا راست گەپ، مانا يۈرەك! ھاشىر شۇجى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن بولسا، يالغان سۆزلىمەسمىدى؟

— ھارۋا ئەپقاچمىغىنا، يۇمىلاق تاۋۇز، — دېدى «تاغىل ئۆكۈز» ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، — خۇدايىم دۇنيادا ئەر بىلەن ئايال، راست گەپ قىلىدىغان بىلەن يالغان گەپ قىلىدىغان دەپ، ئادەملەرنىڭ جىنسىنىمۇ ئىككى خىلغا، مىجەزىنىمۇ ئىككى خىلغا بۆلگەن. راست گەپمۇ، يالغان گەپمۇ ھەممىسىلا جان بېقىش ئۈچۈن، مەن چېغىمدا ھۆكۈمەتنىڭ قىرىق يىل كەتمىنىنى چاپتىم. يېڭى ھۆكۈمەتكە ئون توققۇز يىل، كونا ھۆكۈمەتكە يىگىرمە بىر يىل ئىشلەپتىمەن، ساناپ باقسام، بىر مىڭ بىر يۈز دوست تۇتۇپتىمەن، ئىككى - ئۈچ مىڭ كىتاب ئوقۇپتىمەن. دىنىنىمۇ،

پەنىمۇ ئۇقۇدۇم، لېكىنزە گالنى بىرىنچى ئورۇنغا قويمايدىغان ئادەمنى كۆرمىدىم.

— نېمىشقا دېگەندە، — دېدى بۇ قېتىم ئارتىس ئۇنىڭغا ئەگەشمەي، — بىر مىڭ بىر يۈز ئاغىنەڭنىڭ ھەممىسى ھاراقكەش، ئۆزۈڭدەك گالغا ئامراق - دە!

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ گال سۆزگۈچى، — دېدى «تاغىل ئۆكۈز» ئۆڭۈپ - تاتىرىپ، — سىلىدەك گال ئۈچۈن تۆت پۇتلۇق بولۇپ ماڭمايمىز جۇما! بىر شاپاققا بىر كۈن ساز چېلىپ ئەللىك نەچچىگە كىرگەن نېمىلەرسەن!

— بەللى! — دېدى ئارتىس كۈلۈپ تۇرۇپ، — تاغىل ئۆكۈز قارا ئۆكۈزگە ئايلاندى مانا، ماتىتەيگە كانىۋاي بوپتىكەنلا، شۇڭا باللىرىنىڭ تىلى تۇڭگانچە چىقىپتۇ غوجام، ئۇنى ئاز دەپ شىڭ دۇبەنگە ۋاسكىچى بوپتىكەنلا، چىشلىرى تېخىچە قارا، بولارغا قارىغاندا شاپاققا ناخشا ئېيتقان بەلەن!

ئولتۇرغانلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى. كۆپچىلىككە ئەگىشىپ «تاغىل ئۆكۈز»مۇ كۈلدى، كۈلكىدىن كېيىن قېرى ئارتىس چېكىۋاتقان ئاچچىق موخوركىسىنى «تاغىل ئۆكۈز»گە تۇتتى. «تاغىل ئۆكۈز» تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تاماكىنى ئېلىپ شورىدى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن چىققان قويۇق ئىس ئاقارغان بۇرۇتلىرىنى يالاپ ئۆتۈپ، غۇژمەك قاشلىرى ئاستىدىكى خۇمار كۆزلىرىدىن چىققان ياشتا ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئەلا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ قورۇقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان گۈزەللىكى بىردىنلا نامايان بولدى. ئۇ قاڭشارلىق، خۇمار كۆز، كەڭ پېشانە، ئەرلەر گۈزەللىكىگە كەم - كۈتىسىز توشىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇمۇ ئەلادەك چاغلىرىدا ھاياتتىن ئاجايىپ ئۈمىدلەرنى كۈتكەن، قورسىقىغا ئاجايىپ پىلانلارنى پۈككەن، نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى ئەنە شۇ پىلانلىرىغا سەرپ قىلغان

ئۈمىدۋار ، غايىلىك يىگىت بولغىيدى . بۈگۈنچۇ ؟ ھېچنېمىدىن ئۈمىد يوق ، زاغرا نان بىلەن قايناق سۇغا رازى ، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تورۇۋېلىپ ئۆزىدىن يۇقىرى تەرەپتە نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى بىلىشكىمۇ رايى يوق ، جېنى بار ، ئۈمىدى يوق ، سۆزلەيەلەيدىغان ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قالغان . ئەلامۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەنە شۇنداق بولۇپ قالارمۇ ؟ ئەلا «تاغىل ئۈكۈز» توغرىسىدا ئاڭلىغان . بۇ ئادەم تۇنجى قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىرى . ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارغا پەن ـ بىلىم ، مەرىپەت ئۆگەتكەن ، نادانلىق ، نامراتلىق دەستىدىن قول بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن خەلقنى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن ئويغىتىپ ، دۇنيا ۋە جەمئىيەتنىڭ سىرلىرىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش يولىدا ئەجىر سىڭدۈرگەن مۇنۇ ئادەمنىڭ ، بۈگۈن ئىسمىنىمۇ خەلقلەر ئۇنتۇشقان .

ئەلانىڭ ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان بۇ بوۋايغا ئىچى ئاغرىدى ـ دە ، ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ قولىنى مۈرىسىگە قويدى :

— ئاكا ، ئىسمىڭىز زادى نېمە ؟

«تاغىل ئۈكۈز» ئەلاغا يالت قىلىپ قارىدى ـ دە ، كۈلدى .

— قورۇنماستىن «تاغىل ئۈكۈز» دەۋېرىڭ ، ئۇكام . خورلۇقىڭىز كېلىۋاتىدۇ . بىلدىم ، بىلىم ئەھلىنىڭ يۈرىكى بىر . سىز بىلەن بىز سېسىق توققۇزىنچى . بۇ نام يەن سولالىسى دەۋرىدە قويۇلغان . ئادەملەر توققۇز دەرىجىگە بۆلۈنگەندە ، يەتتىنچىسى جالاپلار ، سەككىزىنچىسى دىۋانىلەر ، توققۇزىنچىسى زىيالىيلار ئىدى . زىيالىيلار جالاپلار بىلەن دىۋانىلەردىن تۆۋەن ئىدى . ھازىرمۇ شۇنداق . يەنە نېمىگە خورلۇقىڭىز كېلىدۇ ، ئۇكام ؟

— بىلگۈم كېلىدۇ ، سىز نېمىشقا بۇ قوپال ئىسمنى قوبۇل قىلدىڭىز ؟ — ئەلا مېھرىبانلىق بىلەن بوۋاينىڭ قولىنى تۇتتى .

— ئۇكام ، — دېدى بوۋاي ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، —

كەپتەرنى تۇلكىگە سالغاندەك كۇلكىلىك ئىش بۇ. مېنىڭ ئۆمرۈم كىتاب، گەپ بىلەن ئۆتكەن تۇرسا، مەن قانداق قىلىپ دېھقان بولالايمەن. كەتمەن بىلەن ئالتە جاننى باقماق، مەن ئۈچۈن خۇددى كەپتەرنى تۇلكىگە سالغاندەكلا ئىش. نومۇرغا ئىشلىيەلمىدىم، قەرزگە بوغۇلدۇم. شۇنىڭ بىلەن «تاغىل ئۆكۈز» دېگەن لەقەمگە رازى بولدۇم.

— نەق ئۆزى! — دېدى باجگىر كۇلۇپ، — دېھقان دېگەن لەقەمنى بابلاپ قويىدۇ. بۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە بىر قېرى ئۆكۈز بار، ئىشقا بارمايدۇ، ئۇنى ئۇرساڭ بىر چامداپ قويىدۇ، سوياي دېسەڭ ئۈستىخاندىن باشقا گۆش يوق، قىشچە ئاشقان - تاشقاننى يەپ ئۆلمەي قىشتىن چىقىدۇ، ئەتىيازدا بىر ئىككى ئاي كۆتۈرەم بولۇپ ياتىدۇ، لېكىن ئۆلمەيدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇنى كوممۇناغا قوشقان ئىگىسى ئاداپ بىلەن باقىدۇ. ئىگىسىگە جىق ئىشلەپ، كۆچى تۈگىگەندە مۇنۇ كىشىدەك ئىشلەپ-چىقىرىش ئەترىتىگە ئەزا بولغان جانۋار - دە، ئۇ ئەزالارغا خار بولغان بىلەن ئىگىسىگە ئەزىز. شۇنداق قىلىپ، ئۇن يىلدىن بېرى ئۆلمەي كېلىۋاتىدۇ. مۇنۇ دانىشمەن ئەپەندى نەق شۇ ئۆكۈزگە ئوخشايدۇ! خىزىر قويغان ئىسمى بۇ!

كۆپچىلىك كۇلۇشتى، لېكىن ئەلا كۇلمىدى. ئۇنىڭ بوۋايغا بىردىنلا چىن يۈرىكىدىن ھۆرمىتى قوزغالدى.

— ئىسمىڭىزنى دەپ بېرىڭ، ئاكا! — دېدى ئەلا بوۋاينىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى قۇچاقلاپ، — تاغىل ئۆكۈزنى ھىمايە قىلىدى-غان ئادەم باركەنۇ، سىزنى ھىمايە قىلىدىغان ئادەم چىقمامدۇ؟

— ئىسمىم باراتجان، لېكىن مېنى سۇلتانوف دېيىشەتتى. ھازىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ داڭگىرىسىدىمۇ بۇ ئىسملار يوق، ھېچكىم مېنى سۇلتانوف دېمەيدۇ، پەقەت ئايالىملا بۇ ئىسمنى پەخىرلىنىپ تىلغا ئالىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇ قىز چېغىدا يە-

گىتلەرنى چېكىپ يۈرۈپ، ئاخىر تۇنجى قېتىم كاستۇم ـ بۇرۇلكا
كىيىپ گالستۇك تاقىغان، چىرايلىق، بىلىملىك سۇلتانوفنى يارد-
ىتىپ تەگكەن. دۆلىتىمنى كۆردى، ئەمدى مەينەتكە پاتقاندا ئۇ
مېنى سەتلەمدۇ؟ ھەي ئۇكام، دۇنيانىڭ قىزىقى قالمىدى دەڭە،
لېكىن ئاشۇ ئوتتۇز نەچچە يىللىق ھەمراھىمنىڭ كۆڭلىنى دەپلا
ئۆلگۈم كەلمەي تۇرۇپتىمەن، بولمىسا، ياشاپ نېمە قىلاتتىم؟
ئۇ كۆزىگە ياش ئالدى. ئەلا بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە،
ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپ بىرئازدىن كېيىن بىر بوتۇلكا ھاراق
بىلەن بىر سىقىم قۇرت كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ بۇرۇنقى ئورنىغا
ئولتۇرۇپ پېچەتلىك بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى چوكا بىلەن ئېچىشقا
كىرىشتى. سۇلتانوف ئاغزىنى تەمشىتىپ قويدى، قېرى ئارتىس
تۇكۇرۇكىنى يۇتتى، باجگىر كۇلۇپ قويۇپ ئەلاغا شىپقىدى، جۇ-
ۋچى بىلەن كىگىزچى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى.
— ھاياتنى بىر چوڭ بىنا دېسەك، — دېدى ئەلا پىيالىگە
ھاراق قۇيۇپ، — بىز شۇ بىنانىڭ ئەخلەتخانىسى. بەلكىم جەمئى-
يەتتە جىنايەت بىلەن تۇرمىگە كىرگەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا،
بىزدىن تۆۋەن ھېچكىم يوق. مۇنداق قارىسام كىگىزچى، جۇۋچى
ئاكىلاردىن باشقىلىرىمىز زىيالىيلار ئىكەنمىز.
— بىزمۇ شۇ! — دېدى جۇۋچى تەلپىكىنى كەينىگە سۈرۈپ
قويۇپ، — مەنمۇ يىگىرمە تۆت يىللىق ماتېماتىكا مۇئەللىمى.
مۇنۇ كىشى كىگىزچىلىك قىلىپ يۈرگىنى بىلەن، ئەسلى ناھىيە-
لىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ باش بوغالتىرى ئىدى.
— تېپىشىپتۇق! — دېدى باجگىر كۇلۇپ، — تازا تاللىنىپ-
تۇق. ئىنىمىز ئەلانى بىلمەيدىغانلار كۆپ. تونۇشتۇرۇپ قوياي،
ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىمى، نۇرغۇن ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان،
كىتابلىرى چىققان. قىسمەت بۇ كىشىنىمۇ ئەخلەتخانىغا ئەكېلىپ
تاشلىدى.

— قېنى ئەمىسە، — دېدى ئەللا جانلىنىپ، — ئەخلەتخانىدا بولساقمۇ ئادەم بىز. ئادەم بولغىنىمىز ئۈچۈن خۇشال بولۇشقا ھوقۇقلۇقمىز. بۇ ھوقۇقنى ھېچكىم چەكلىيەلمەيدۇ. تونۇشايلى، بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلىشەيلى، كىم بىلىدۇ، بىزنىڭ سۆھبىتىمىز «چاھار دەرۋىش» قىسسىسىدىكى تۆت دەرۋىشنىڭكىدەدىن ئېشىپ كېتەمدۇ تېخى. ھېكايە ئېيتىشايلى. بىزمۇ ئالتە دەرۋىش. قېنى، ئالتە دەرۋىشنىڭ دوستلۇقى ئۈچۈن كۆتۈردۈم ئەمىسە!

دۇنيا مۇرەككەپ ۋە سىرلىق بولغىنىدەك، ئىنسانلارمۇ ئادەمزاتسىز چۆلدەك سىرلىق بولىدىكەن. بىرلا قارىساڭ، ئۆزى ئاددىي، ئەسكى چاپانلىق، ئەمما ئىچى - قارىنى بىلەن تونۇشساڭ، ئۇ ئادەم ساڭا غەلىتە ۋىنتا، پۇرژىنىلاردىن قۇرۇلغان ماشىنىدەك مۇرەككەپ بىلىنىدىكەن.

ئالتە دەرۋىش بىر - بىرى بىلەن ياخشى تونۇشماستا بىر - بىرىنى بىلىشەتتى، بىرى جۇۋىچى، بىرى جازالىنىپ خىزمەتتىن ھەيدەلگەن كادىر، بىرى ئىشقا يارىمىغان ئارتىس، بىرى قىلىدىغان ئىشى يوق ئاق نانچى باجگىر... مانا ئەمدى بىر بوتۇلكا ھاراق ئۇلارنىڭ كانىيىدىن ئۆتۈپ كېتىۋىدى، ماغدۇرسىز بەدەنلىرى ماغدۇر تاپتىمۇ، ئۇلار بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلىگىلى تۇردى. سۆزلىگەنسېرى ئۇلار بىر - بىرىگە چۈشىنىكسىز، يات ۋە گۇمانلىق بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— جۇۋىچى ئۇستام، ئىسمىڭىز قۇدرىتاخۇن ئىكەن، ماتېماتىكا مۇئەللىمى ئىكەنسىز، بەللى، مۇنداق دەڭ، تېخى سىزنى ئېلىپنى تاياق دەمدىكىن دېسەم، زىيالىي ئىكەنسىز - دە!

قارا قاش، قارا ساقال، بۇرۇتلۇق، ئاق يۈزلۈك جۇۋىچى بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى:

— قىسمەت !

— كىگىزچى ئۇستام كۈنگە ئىككى شاگىرتى بىلەن قىرىق - ئەللىك سوم تاپىدىكەن، بەش يىلدا تاپقان پۇلىنىڭ ھېسابىنى قانداقمۇ چىقىرىدىكەن دەپ ئويلاپ بېشىم قېتىپ يۈرەتتى، — دېدى سۇلتانوف ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن يىگىلەپ قالغان كاۋىدەك پۇرۇلگەن يۈزىنى سىلاپ قويۇپ، — باش بوغالتىر ئىكەنلىدە، ھېسابلاپ كۆرسىلە، كۈنگە تۆت كىلودىن يېسەك، ئالتە جاننىڭ توقسان كۈندىكە قانچىلىك قوناق كېتىدىكىن، ھى... ھى... ھى... قۇيە ئۇكام ھارىقىڭنى !

ئەمدى كىگىزچىنى كىتابخانلارغا سۈرەتلەيدىغان بولدۇق : ئۇ دوغىلاق، قىزىل يۈز، خۇددى ئوۋ ماشكىسىدەك يۇمىلاق، پەقەت مەڭزىنىڭ ئۆرۈكتەك جايى، قاڭشىرى، تار پېشانىسىلا يۇڭسىز، دىقماق، توم بارماقلىرى خۇددى پاپاقلىق خورازنىڭ پۇتىغا ئوخشايدۇ، مەيدىسى بوردىلىشۋاتقان ئۆكۈزنىڭ تېقىمىدەك...

— ھوشۇرجان ! — دېدى ئۇ يۇڭ ئېتىشۋاتقان شاگىرتىغا ۋارقىراپ، — مە، مۇنۇ يىگىرمە سومنى ئال، ماگىزىنچىنى ئويغات، كېلىشىگە ھاراق ئال، مەزىنئاخۇننىڭ قولىدىكى بېقىلىۋاتقان پاقلاننى سويۇپ ئەكەلگىن، ھامىنى ئىچكەندىكىن يۈرەك چىلاشقۇچە ئىچەيلى !

ئۇلار ئىچىشمەكتە، يېيىشمەكتە. خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن يۇرتداشلار مەھەللىسىدىكى ھەممىلا نېمە توغرىسىدا قىزغىن سۆزلەشكىنىدەك، مۇنۇ تاشلاندۇق ئادەملەرمۇ ئىلىم، تارىخ، ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا شۇنچىلىك قىزىقىپ سۆزلەشتىكى، ئۇلار ئالىلقاچان مۇنۇ كىچىككىنە، بىر يۈز سەكسەن تۈتۈنلۈك مەھەللىدىن چىقىپ كېتىشكەن. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى دۇنيانى كەزمەكتە، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ - تۆت يۈزىنچى يىللاردا ئۆتكەن ئادەملەر، ئاجايىپ كىتابلار-

نىڭ ئىسىملىرى، قىزىقارلىق ۋەقەلەر چىقماقتا. ئۇلار ئارىستو-
تىل، ئەپلاتونلارنىڭ دىئالېكتىكىسى، «مېتافىزىكا»، «دىئالوگ»
دېگەن ئەسەرلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلىرى، ئارخىمىد، پىفاگور،
گالىلى، نيۇتون قانۇنلىرى، پولشا ئاسترونومىيە ئالىمى كو-
پېرنىك توغرىسىدا، گېئورگى ۋاشىنگتوننىڭ 1775 ـ يىل-
لىدىن 1783 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىگە قار-
شى تۇرۇپ، ئاخىر غەلىبە قىلىپ تۇنجى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان-
لىقى؛ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئۈچىنچى ئەسىردە مىسىرنىڭ ئىس-
كەندىرىيە شەھىرىدە دۇنيا ئىلىم مەركىزى — ئىسكەندىرىيە كۇ-
تۇپخانىسى بولغانلىقى، كېيىن بۇ مۇقەددەس ئىلىم مەركىزىنى
ئىلگىرى رىملىقلار، كېيىن ئەرەبلەر كۆيدۈرۈپ تۈگەتكەنلىكى،
بۇ ۋەقەنىڭ چىن شىخۇاڭنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈپ، مولللىلارنى تى-
رىك كۆمۈشى، چىڭگىزخاننىڭ مەدرىسە ـ خانىقالارغا ئوت قويۇشى
ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كىتابلارنىڭ كۆيدۈرۈلگەنلىكى بىلەن
ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى قىزىقارلىق قى-
لىپ سۆزلەشتى. ئۇلار قەدىمكى شائىرلاردىن ئۆمەر ھەييام، يۇ-
سۇپ خاس ھاجىپ، ئەخمەد يۈكنەكى، ئاتايى، سەككاكى، لوتفى،
نەۋائى، زەلىلى، غېرىبى، نازىمى، نىزارى، مەشرەپ، ھۇۋەيدا-
لاردىن شېئىرلارنى، «شاھنامە»، «گۈلىستان»، «تارىخىي ئەمە-
نىيە»، «تارىخىي رەشىدىيە»، «ئىلى تارىخى»، «قەشقەرىيە تارى-
خى»... قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئاجايىپ ۋەقەلەرنى شۇنچىلىك قى-
زىقارلىق قىلىپ سۆزلەشتىكى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىنى
مۇشۇ ئەتراپتا ئەڭ بىلىملىك ئادەم ھېسابلاپ يۈرگەن باجگىرنىڭ
ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. ئۇ ھاياتىدا بۇ گەپلەرنى تۇنجى قېتىم
ئاڭلىماقتا، شۇنداقلا بۇنچىلىك جىق نەرسىلەرنى بىلىدىغان ئادەم-
لەرنىمۇ تۇنجى قېتىم كۆرمەكتە ئىدى.

كۆندە بىرلا رومكا ھاراق بىلەن مەست بولۇپ قالىدىغان

ئادەملەر بۇگۇن توت بوتۇلكىنى بوشاتتى ، لېكىن تېخى ھېچكىم يىقىلمىدى . سۇلتانوف قىڭغايدى ، كىگىزچىنىڭ گېپى كۆپەيدى ، قېرى ئارتىس ھېلىدىن ـ ھېلىغا ناخشا ئېيتىپ باشقىلارغا ھاراق تۇتاتتى ، جۇۋېچى خىيالچانلىق بىلەن تەمكىن ئولتۇراتتى . سورۇن-نىڭ ئاساسىي پاراڭچىسى بولغان ئەلا بولسا مۇنۇ كۆپنى كۆرگەن ، ئۆزلىرىنى ئۆز ساھەسىدە تەڭدىشى يوق ھېسابلايدىغان جول ـ جول كىيىملىك بىلىم ئەھلىنى ھەيران قالدۇرۇپ ۋە ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ، خۇددى ھەممىلا ساھەنىڭ ئەھلىدەك ، تىل ـ ئەدەبىيات ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، ماتېماتىكا ، ئاسترونومىيە ، پەلسەپە ھەتتا مۇ-زىكا توغرىسىدا يېڭى ، قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلماقتا ئىدى .

— زامانىمىزنىڭ فارابىسى ! — دېدى قېرى ئارتىس ئەلاغا قايىل بولۇپ يېنىدا يېنىچە يانقان «تاغىل ئۆكۈز »گە پىچىر-لاپ ، — ئىچى بىلىمگە تولغان يىگىتكەن !

— گيۇتى ! — دېدى سۇلتانوفمۇ قايىل بولۇپ ، — گيۇتى گېرمانىيىنىڭ XIX ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىرى ، لېكىن ئۇ ئۆسۈملۈكلەر ، نۇر ، مېخانىكا ، پەلسەپە ساھەسىدىمۇ داڭلىق ئى-دى . بۇ ساھەدە ئەسەر يازغانىدى . بىزنىڭ ئەلامۇ ئۇيغۇرلاردىن چىققان گيۇتى بولىدىغان ئوخشايدۇ .

— لېكىن ، — دېدى جۇۋېچى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە ئارىلى-شىپ ، — گيۇتى تولىمۇ پۇللۇق ئۆتكەنمىش . ھازىر گىنىدىنبورگ-تا ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك جايى بار ئىكەن ، بىزنىڭ ئالىمىمىزچۇ ؟ ئۇنىڭ بېشىدىن دوپپىسى چۈشسە كىشىنىڭ يېرىگە چۈشىدۇ ، كىتابلىرى قىغىنىڭ ئارىسىغا تىقىقلىقمىش تېخى !

خىيال بېسىپ ياۋاشلاپ قالغان باجگىر تۇنجى قېتىم «تاغىل ئۆكۈز »گە يېلىندى .

— ئاكا ، بارات سۇلتانوف ئاكا . سىزمۇ نۇرغۇن بىلىملىك ئادەمكەنسىز ، ھەممىڭلارلا يېتىلگەن ئادەملەر ئىكەنسىلەر ، يەنە

قانداق قىلىپ بۇنداق چۈۋا ـ چۇپۇر ئارىسىدا قالدىڭلار ـ ھە؟
سۇلتانوف كۇلۇپ قويۇپ ئەرەبچە شېئىر ئوقۇدى:

پەسسەھمۇ، يەرتەئۇ، پىررىيازى ۋە ئىنناماھۇ،
بىسەل ھىزارۇ، لىئەننەھۇ يە تەرەن نەمۇ!

سۇلتانوف قاقاقلاپ كۇلدى. باجگىر كۆزلىرىنى چىمىلداتتى:
— مەنىسىنى دەپ بەرسىڭىزا!
— مەنىسىمۇ؟ — دېدى ئەلا كۇلۇپ قويۇپ، — مەن بۇ شېئىرنى قوپالراق بولسىمۇ ئۇيغۇرچە شېئىر قىلىپ ئوقۇپ بېرەي، سىز ئۆزىڭىز چۈشىنىۋېلىڭ.

رىيازى جەننەت ئارا قۇشقاچ ئۇچار، راھەتتە،
چۇرۇكلايدۇ، كۇلىدۇ، لېكىن ھامان بىنەزەر.
بۇلبۇل تار بىر قەپەستە تېپىرلايدۇ زۇلمەتتە،
گۇناھى شۇ — چاراكى خۇش ئاۋاز ئۇ ئەلھەزەر!

— يارايسەن، يارايسەن! — دېدى كىگىزچى قاقاقلاپ كۇلۇپ پىيالىنى كۆتۈرۈپ، — ئالامەت تەرجىمە قىلدىڭ، ئۇكام، سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن ئىچىمەن!
پۈتۈن تۈن بويى سۆھبەت بولدى، ناخشا، شېئىر ئوقۇلدى. سورۇندىكىلەرنىڭ كۆكسى ـ قارنى ئېچىلىپ، كۆڭۈللىرى يايرىدى، زۇلىيانىڭ ئايالى مانا ئاخىر مېھمانلىرىغا چۈچۈرە ئېلىپ كىردى. پۈتۈن ئولتۇرۇش داۋامىدا داستىخاندىن كەتمەي گەپ ئاڭلىغان زۇلىيانىڭ ئون بەش ياشلىق ئوغلى، دادىسى ھويلا دەرۋازىسىدا كۆرۈنۈشى بىلەن دادىسىغا قاراپ يۈگۈردى:
— دادا، بۇلار قالتىس ئادەملەركەن!

## 2

ئۇنىڭ يەنە ئۇشۇقى ئالچۇ چۇشتى : ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەركىبىگە كىرىدىغان ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە ، ئۇنىڭ ئىسمى بار ئىكەنلىكى مۇقىملاشتى . بۇ خەۋەرنى ناھىيىنىڭ بۇرۇنقى شۇجىسى لۇ مىڭچۈن ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتتى . ئۇ ھەتتا رەھبەرلەرنىڭ ئالدى - كەينى تەرتىپىنىمۇ بىلىپ بولدى . قوراللىق بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى رىن بۇجاڭ ناھىيىگە بىرىنچى قول ، سەۋەبى ئۇ ئازادلىق ئارمىيە مەسئۇلى - دە ، لۇ مىڭچۈن ئىككىنچى قول (ئۇ ئەمەلىيەتتە بىرىنچى قول ، سەۋەبى رىن بۇجاڭ ئۇنىڭ سىزىقى بىلەن ماڭىدۇ . رىن بۇجاڭ لۇ شۇجىنىڭ قولىدا ئۆسكەن ) ئاندىن قالسا ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ، ئۇلاردىن كېيىن ھەم ئىنقىلابىي كادىرلار ۋەكىلى ، ھەم مىللىي كادىرلار ۋەكىلى بولۇپ رەقىپىنىڭ ئىسمى يېزىلغان . ئۇ تېخى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ دائىمىي ھەيئىتى ، ناھىيىگە نامزات قىلىنغان دائىمىي ھەيئەتلەر رەقىپىنىڭ تۆۋىنىگە يېزىلغان . ئەمەلىيەتكە رەقىپىنىڭ كۆزى يەتتى . لۇ شۇجى بىرىنچى قوللۇققا كۆتۈرۈلمەي قالمايدۇ ، ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئاسانلا چۈشۈپ قالىدۇ . دېمەك ، لۇ شۇجىدىن كېيىنلا رەقىپ تۇرىدۇ . بۇ ئورۇن رەقىپىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئېيتقاندا ئەرزىمەس ئورۇن ، لېكىن ھازىرقى كۈندە بۇنداق ئورۇنغا ئىگە بولماقمۇ ناھايىتى چوڭ ئامەت . بۇ ئورۇنغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغان قانچىلىگەن ھاكىملار ، شۇجى ، بۇجاڭلار «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىگە بارىدىغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى . يەنە بىرلىرى ، مەسىلەن ، ھاشىرغا ئوخشاشلار بۇ ئورۇننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قانچە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ ، ئاخىرى ئەجرى بىكارغا كېتىپ

ئۆزى تىنچىدى... رەقىپنىڭ خىيالى ھاشىرغا كۆچۈش بىلەن بەدە-
نىدە سوغۇق تەر پەيدا بولدى ، ھاشىر ھازىر سولاقتا بولغان بىلەن
ئۇنىڭ قولچوماقلىرى قويۇپ بېرىلگەن . ئۇلار ھازىرمۇ ھەرىكەتتە .
نامەتىنىڭ دېيىشىچە ، ئىلى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ
ئوبلاستلىق ساقچى خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان مۇئاۋىن سىياسىي
كومىسسارى ، «ئادۋوكات» ئىسىملىك تەشكىلاتنى ئاممىۋى تەشكى-
لات دەپتۇ . ئۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىنى بۆيرۇق بىلەن قويغۇزۇ-
ۋېتىپتۇ . ئەنە شۇ سىياسىي كومىسسار ھاشىرنىمۇ قويغۇزۇۋېتى-
شى ، گۇناھسىز دەپ ئاقلاپ چىقىشى مۇمكىنغۇ ، ئۇ چاغدا رەقىپ-
نىڭ ھازىرقى ئورنى ھاشىرغا قايتۇرۇلسا ، رەقىپنىڭ بەدىنىگە
ئوت تۇتاشقان بولمامدۇ .

ئۇ قويۇق تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان توپىلىق يولنىڭ
چېتى بىلەن ياتىقىغا قاراپ ماڭدى . ئۇ ھازىر ياتىقىدىمۇ ، شەھەردى-
كى ئۆيىدىمۇ ياتمايدۇ . ئۇ بىر كۈن ئۇنىڭ ، بىر كۈن بۇنىڭ ئۆيىدە
قونىدۇ . ھازىر ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىرى يىغىۋېلىنغان ، ئۇنىڭ
نە يان قورالى ، نە مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئادەملىرى يوق . شۇنىڭ
ئۈچۈن ، ئۇ ھەربىر قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن باسىدۇ . كۆپىنچە
لۇ شۇجىنىڭ ئۆيىدە ياكى ئۆزى قاتناشقان تەرەپنىڭ مەسئۇللىرى-
نىڭكىدە قونىدۇ . شەھەردىكى كاتتا ئۆيىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزگەر-
تىلگەن ، تاختايلىق ، چېدىرى قاڭالتىرلىق بەش ئېغىز ئۆيىدە ھا-
زىر ئانىسى ، ئىنىسى ۋە كېيىن ئېلىپ قويۇۋەتكەن ئايالىدىن
قالغان ئۈچ ياشلىق ئوغلى تۇرۇۋاتىدۇ . ئۆي رەقىپ ئۈچۈن تېخىمۇ
قورقۇنچلۇق . ھېلىقى «ئادۋوكات» كۈنلەرنىڭ بىرىدە رەقىپنىڭ
ئادىلەگە ، ئەلاغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى يېزىپ چاپلىشى ، ئۇنى
ھاشىرنى قاماش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈشى مۇمكىن .
ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ قاملىشىدا رەقىپنىڭ قولى بارلىقىنى بىلگەن
«ئادۋوكات» ئەزالىرى رەقىپكە بولغان غەزىپىگە بەس كېلەلمەي

رەقىپكە يوشۇرۇن زەربە بېرىشى ، ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىنغۇ !

ئۇنىڭ خىيالى گۈزەلئايغا كۆچۈش بىلەن ۋۇجۇدى بىر يوشۇرۇن كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن سىلكىندى ، ۋۇجۇدى تۇيۇقسىز ئوت ئالغان پۈرۈختەك پارتلاشقا تەييارلاندى . ئۇ ئازاب بىلەن تولغاندى . ھازىر ئۇ يەنە نېمىشقا ئۆزىنى قىينايدۇ ؟ گۈزەلئاي ھازىر تۇل ، ھىمايىسىز ، رەقىپ ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشى ، گۈزەل ئايال بىلەن ھاياتىدىكى كەمتۈك جاينى تولدۇرۇشى ، ئازابلىق خىيالLاردىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشى مۇمكىنغۇ ؟ ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشىغا يەنە نېمە توسقۇنلۇق باركىنتاڭ ؟ ئۇنىڭ خىيالىدا گۈزەلئاي بىلەن ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقىتىدىكى كۆرۈنۈش سۈرەتلەندى :

رەقىپ كىچىك ماشىنا بىلەن يەھياخان قورۇسىنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ شوپۇرنى قايتۇرۇۋېتىپ تاختايلىق ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ پەلەمپىيىدىن كۆتۈرۈلدى . كۆك سىرلانغان ، نەقىشلىك دېرىزە قاپقىلىرى مەھكەم ئېتىلگەن ، لېكىن ئۇدۇلىدىكى دالاننىڭ ئېگىز ، قوشقاناتلىق ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى . رەقىپ ئىشىكتىن قارىدى . دالاننىڭ باغقا قارىغان ئارقا ئىشىكى ئۇلۇغ ئوچۇق ، باغدىن بۇلبۇل ئاۋازى ، گۈللەر پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى . رەقىپ دالانغا شەپىسىز كىردى . ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى ھازىرلا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تېپچەكلىدى . باغ ئىشىكىنىڭ يېنىدىكى چوڭ ساندۇق ئۈستىگە گىلەم سېلىنغان ، گىلەم ئۈستىدە گۈزەلئاي جەينىكىگە تايىنىپ سۇنايلىنىپ ياتاتتى ، ئوغلى ئانىسىنىڭ بېقىنىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ ياتاتتى . رەقىپ ئانا ـ بالىنىڭ ئاستا ، تەسىرلىك سۆھبىتىنى ئېنىق ئاڭلىدى .

— ئاپا ، ئەلا دادام ئەمدى كەلمەمدۇ ؟

— كەلمەيدۇ ، بالام .

— كەلمىسە، بىز بارساق بولمامدۇ؟

— بارساق ھەيدىۋېتىدۇ، بالام.

— مەن ئۇنىڭ ئوغلى تۇرسام، نېمىشقا ھەيدىۋېتىدۇ؟

— سېنى ھەيدىمەيدۇ، مېنى ھەيدىۋېتىدۇ.

— مەن ئاپامنى ھەيدىمە، دېمەمدىم؟

— سېنىڭ گېپىڭگە كىرمەيدۇ، بالام.

— نېمىشقا، مەن بىر تال بالىسى تۇرسام؟

— ئۇنىڭ يەنە بىر قىزى بار، بالام.

— مېنىڭ ئۇكاممۇ، ھەدەممۇ؟

— ھېچنېمەڭ ئەمەس.

— ئۇ قىز دادامنىڭ قىزى ئەمەسمۇ ئەمىسە؟

— ئەمەس، بالام.

— ئەمىسە، نېمىشقا دادام باقىدۇ ئۇنى؟

— چوڭ بولغاندا بىلىسەن، كاككۇكقا ئوخشاش ئۆزىنىڭ بالىسىنى باقمايدىغان ئادەملەرمۇ بار. ئۇنى ئاز دەپ بالىسىنى بېقىپ بەرگەن ئادەمنى دۈشمەن بىلىدۇ، ياخشى ئادەملەرگە يامانلىق قىلىدۇ، ئۇنداق ئەسكى ئادەملەرنى چوڭ بولغاندا بىلىسەن، ئەلى.

رەقىپنىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولدى.

بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مەن چوڭ بولغاندا ئەسكى ئادەملەرنى ئاتىمەن، ئاپا!

رەقىپنىڭ تېنى شۈركۈندى. ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن مېڭىپ دالاندىن قايتىپ چىقتى، لېكىن كەينىچە ماڭغانلىقى ئۈچۈن ئاپتوۋىغا پۈتلاشتى. ئاپتوۋا پېشايۋاندىن داراڭلىغىنىچە ھويلا ئوتتۇرىسىغا دومىلاپ باردى.

— سىزمىدىڭىز؟ — دېدى گۈزەلئاي قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، چىرايى تامدەك تاتارغان ھالدا دالان ئىشىكىدە پەيدا بولۇپ، —

يەنە بىرلىرىنى تۇتۇپ بېرەي دەپ تىمىسقىلاپ يۈرەمسىز؟

رەقىپ ئايالنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن، غەزەپلىك چىرايىدىن ئوڭايسىزلاندى.

— ياق، سىزنى... سىزدىن هال سوراپ كېلىۋىدىم، — ئۇ سىناق نەزىرى بىلەن ئايالغا قارىدى. ئايالنىڭ لەۋلىرى هەم يىمىرىلگەن، «ئۆيگە كىرىڭ» دەيدىغان تەكەللۇپ سۆزىنىڭ چىقىشىغىمۇ رەقىپنىڭ كۆزى يەتمىدى.

— سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ، — بىخەستەلىك قىلىپ ئەلانى قوغدىيالمىدۇق، ئەمما ئۇنى ئۇرغان لۈكچەكلەرنى تۇتتۇق. ئاڭلىسام، بەكمۇ هار ئاپسىز، بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتىڭىزمۇ؟

گۈزەلئاي بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ ئېغىر تىندى:

— بىزنىڭ قوشنا گۇناهسىز، ئۇنى نېمىشقا سولايسىلەر؟ ئەلانى ئۇرغان ئۇ ئەمەس!

گۈزەلئاينىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلسە تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدىكەن، رەقىپ ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەستىن قارىدى. ئۇنىڭ ئايالغا ئېسىلغۇسى، ئۇنى باغرىغا باسقۇسى كەلدى، لېكىن، ئايالنىڭ چىرايىدىكى غەزەپ بۇلۇتلىرى ئۇنىڭغا توسۇق بولۇپ تۇراتتى. لېكىن، سەۋر قىلسىلا ئايال هامان يۇمشايدۇ. گۈزەلئاي يۇمشاق كۆڭۈل، هېسسىياتچان ئايال، رەقىپ بىچارە بولۇۋالسىلا، ئايالنىڭ چىرايىدىن غەزەپ بۇلۇتلىرى كېتىدىغانلىقىغا ئىشەندى:

— ۋاقىتلىق ئىشمۇ؟ مەيلى كېيىنچە رەسمىيلەشتۈرۈۋالىمىز. ئىشىڭىز سىزگە ياقامدۇ؟

گۈزەلئاي جاۋاب بەرمىدى. شۇ چاغدا، ئانىسىنىڭ يېنىدا ئەلى پەيدا بولدى. ئۇ ئانىسىنىڭ چىرايىغا بىرلا قارىدى ـ دە، كۆڭۈلسىز ئادەمنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ باغقا قايتىپ كىرىپ قولغا كۆسەي تۇتقان هالدا قايتىپ چىقتى.

— ئىقتىسادتىن قىينالدىڭىز ، — دېدى رەقىپ يانچۇقلىرىنى كولاپ ، — ئاز بولسىمۇ خىراجەت قىلىڭ ، مەن سىزگە باشقا تەرەپتىن ياردەم قىلالمىساممۇ ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن...

ئۇ پۇل تۇتقان ئۇڭ قولىنى سۇندى . گۈزەلئاي يالت قىلىپ رەقىپنىڭ كۆكىرىپ تۇرىدىغان چىرايىغا بىر قارىدى ـ دە :

— مەن نېمە ئۈچۈن سىزدىن ياردەم ئالىدىكەنمەن ! — دېدى .

— سەۋەبى ، سىز هازىر ھىمايىسىز ، ياردەمگە موھتاج !

— خاتالىشىۋاتىسىز ! — دېدى گۈزەلئاي ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، — مەن ھىمايىسىز ئەمەس ، ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن كىشىلىرىم بار ، ئۇلار مېنى ھىمايە قىلىۋاتىدۇ .

رەقىپ قولىنى تارتىۋالدى . ئۇنىڭ ئەلەمدىن ئاۋازى تىترىدى :

— شۇنداقتىمۇ ، بالىڭىز بىلەن تەس !

— بالامنى تىلغا ئالماڭ ، ئۇنىڭ دادىسى هايات ، ئۇ ھەر ـ قانداق يول بىلەن ئۆز ئوغلىنى ھىمايە قىلالايدۇ !

— سىزگە ئېيتىپ قوياي ، — دېدى رەقىپ ئەمدى غەزىپىنى يوشۇرالماي ، — سىز خىيالىڭىزدىن ئەلانى چىقىرىۋېتىڭ . ئۇ خەتەرلىك ، ئۇ يېزىدىمۇ تىنچ تۇرغىنى يوق ، جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرىنى يېنىغا يىغىۋېلىپ ھەدەپ ئەكسىيەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ .

گۈزەلئاي كۆزىگە ياش ئالدى . ئۇنىڭ غەزەپتىن لەۋلىرى كۆكەردى :

— سىزدىن ئىلتىماس قىلاي ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدەمەڭ ، مېنى ئاشۇ ئەلا ، هاشىرلاردەك دۈشمەنلىرىڭىز قاتارىدا ھېسابلاڭ . مەن سىزنى كۆرۈشنىمۇ ، ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايمەن !

دەل شۇ چاغدا ، رەقىپنىڭ يۈزىگە كۆسەينىڭ ئۇچى كېلىپ تەگدى . رەقىپ چۆچۈپ يۈزىنى تۇتتى . ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇش

ئۇچۇن كۆسەي كۆتۈرگەن بالىسنى گـۈزەلـىئاي قۇچـاقلاپ تۇتۇ-
ۋالدى :
— ئۇرما ، بالام !
— ئۇرمەن ، ئۇ ئەسكى ئادەم !
ئايال ئوغلىنى قۇچاقلاپ يەردىن كۆتۈرۈۋالدى ـ دە ، دالاننىڭ
ئىشىكىنى ياپتى . رەقىپ ۋارقىرىدى :
— گۈزەلئاي ، توختاڭ ، مەن سىزگە... مەن سىزگە يۈرەك
سۆزۈمنى ئېيتاي !...
ئۇنىڭغا جاۋابەن ئىشىك قاتتىق جالاقلىدى ـ دە ، شاراقلاپ
قۇلۇپلاندى .
رەقىپ ئۆز ئىشىكىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىۋېتىپ ، خۇددى ھېلى-
قى ئېتىلگەن دالان ئىشىكىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىۋاتقاندەك ۋەھىمە
بىلەن ئەندىكتى . ئۇ ئۆيگە كىرىپ چۆچۈپ كەينىگە داجىدى ،
ئۇنىڭ كارىۋىتىدا بىر ئەر بىلەن بىر ئايال قۇچاقلىشىپ يېتىپ
ئۇخلىماقتا ئىدى . رەقىپ ۋارقىرىماقچى بولدى ، لېكىن شۇ چاغدا
بېشىنى پـاكىز قىردۇرۇۋەتكـەن نامـەت ھېجىيىپ كـارىۋاتتىن
چۈشتى .
— سىزنى زادىلا كەلمەسمىكىن دەپتىمەن ! ھې... ھې...
— مېنىڭ ياتىقىمنى پاھىشىخانىغا ئايلاندۇرۇپسەنغۇ ، ھوي
قىلىقى سەت ، بۇ ئۆيگە قانداق كىردىڭ ؟
— دېرىزىدىن ! — دېدى نامەت يۈزىنى پۈركەپ يېتىۋالغان
ئايالنى نوقۇپ تۇرۇپ ، — بىر كۆزنىكىنى چىقاردىم ـ دە ، ئىچىد-
دىن ئىلغۇچىنى ئاچتىم .
— يـوقات ! — دېـدى رەقـىپ پاقـا يۇتۇۋالغان يىلاندەك
كۆپۈپ ، — بەش مىنۇتقىچە مۇنۇ قانجۇقنى يولغا سال ، ساڭا گەپ
بار !
ئۇ ئۆيدىن خۇددى بىرى ئىتتىرگەندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ

كەتتى.

ئۇلار ئىككىسى ئەلياتقۇ بىلەن مەست ھالدا يەنە شۇ ئۆيدە پەيدا بولدى. يان ئۆيدىمۇ خېلىدىن بېرى رەقىپ بىلەن دوستلىشىپ، پۇلىنى باياشات خەجلەپ كەلگەن بىر ئامىمۇى تەشكىلاتنىڭ باشلىقى ئۆز ئادەملىرى بىلەن ۋارقىرىشىپ ـ كۇلۇشۇپ ھاراق ئىچىشمەكتە.

— بۇگۇندىن باشلاپ، — دېدى رەقىپ نامەتنىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ، — ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە دۇشمەن. سەن ھاشىر، قۇرماش، ئەلالار بىلەن يەنە دوست بولىسەن، مېنى خالىغانچە تىللا، ھەتتا ئۇلار بار يەردە مېنى يۇزمۇيۇز تىللا، لېكىن ھېلىقى پاش قىلىدىغان ماتېرىيالنى ياخشى تەييارلا، ئىشەنچلىك بولسۇن! لازىم بولغاندا مەن سېنى ئۆزۈم چاقىرىمەن، قېنى، رومكىنى ئال، مۇنۇ مىڭ سوم پۇلنى يانچۇقۇڭغا سال، ۋاقىتلىق دۇشمەن، مەڭگۇلۇك دوستلارنىڭ سالامەتلىكى ئۇچۇن كۆتۈرەيلى!

ئۇلار رومكىلىرىنى كۆتۈرۈشتى، بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى قىسىشىپ خوشلاشتى. رەقىپ نامەتنى چوڭ دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇ سېمونت كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا يۆلىنىپ ئەمدىلا تاماكا چېكىۋىدى، دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۇچ ئادەم چىقتى.

— يۇرۇڭ، رەقىپ بۇجاڭ! — دېدى ئېگىز بويلۇق ئادەم قاراڭغۇدىن چىقماي تۇرۇپ، — ئازراقلا ئىشىمىز بار.

— سىلەر كىم؟ — رەقىپ پارتكوم بىناسى تەرەپكە كەينىچە ماڭدى.

— ۋارقىرىماڭ! — دېدى دوغىلاق، ئاۋازى سۇرلۇك بىرى ئۇنىڭ يولىنى توراپ، — ۋار ـ ۋۇر قىلىسىڭىز، ئاسانلا جىم قىلىمىز.

رەقىپ دوغىلاقنىڭ قولىدا تاپانچا بارلىقىنى كۆردى، پۇتۇن بەدىنى تىترەپ، پۇتلىرىدا جان قالمىدى.

— سىلەر، سىلەر زادى كىم؟

— چالۋاقىماي يۈرۈڭ! — دېدى يەنە بىرى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تارتىپ، — بارغاندا بىلىسىز.

— ۋاي!...

ئۇنىڭ ئاغزىنى بىرى ئالىقىنى بىلەن ياپتى، تاپانچا پېشانىسى-گە تەڭلەندى.

— تىرىك قالىمەن دېسەڭ، ئۈنۈڭنى چىقارما!

ئۇلار رەقىپنى قولتۇقلاپ ئۈن - تىنسىز مېڭىشىپ ناھىيە سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ يەردە رەقىپنى ئۈچ ئات قېتىلغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋىغا سالدى. ئاتلار توپىلىق يېزا يولىدا يورتۇپ يۈرۈپ كەتتى.

— چىۋىندەك قانىتى، يىلاندەك تىلى بار ئادەممۇ خەلققە بېرىدىغان ھېسابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! — دېدى قويۇق ئور-مانلىق باغقا كەلگەندە ھېلىقى ئېگىز ئادەم رەقىپنى ھارۋىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، — راست گەپ قىلسىڭىز، جېنىڭىز ئامان قالىدۇ، يالغان گەپ بىلەن ئالدىماقچى بولسىڭىز، ئۆلۈكىڭىز قوزغۇنغا يەم بولىدۇ. بىز بۈگۈن سىزدىن ھېساب ئالىمىز. سو-ئاللىرىمىزغا راستى بىلەن جاۋاب بېرىڭ!

ئۇلار رەقىپنى چىمەنلىككە تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇ-لاردىن بىرى قىسقىلا قىلىپ نۇتۇق سۆزلىدى:

— تارىختىن بېرى بىزنىڭ ئېسىل، يارامىلىق ئادەملىرىمىز خائىن، مۇناپىقلارنىڭ كاساپىتىدىن مۇرادىغا يېتەلمەي ھالاك بو-لۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇ مۇناپىقلارنىڭ بىرى نەق سىز. بىز ئۇزۇن-دىن بېرى سىزنى كۆزىتىپ كېلىۋاتىمىز. سىز بىر شۇمبۇيا، شۇنداق بولسىمۇ، راست گەپ قىلسىڭىز يەنە كۈن كۆرىسىز!

ئۇ خۇددى كېزىك تەگكەن ئادەمدەك قورۇپ - جۇدەپ ئۆيىدە

بىر ئاي مىدىر قىلماي ياتتى . ئۇ نە تاياق يېمىدى ، نە تىل ئاھانەت ئاڭلىمىدى . ئۇنى سوراق قىلغۇچىلار خۇددى ھەممىلا جايدا ئۇنىڭ كەينىدىن يۈرگەندەك ، قىلغان خىياللىرىنى يوشۇرۇن ئەسۋاب بىلەن ئاڭلىغاندەك ، ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنى ، ئويلىغان ـ سۆزلىگەنلىرىنى بىرمۇبىر ئۇتتۇرىغا قويۇشتى . رەقىپ بۇ سىرلىق ئادەملەرنىڭ قولىدىن سالامەت قۇتۇلۇۋېلىش ئۈچۈن ، ھەممە قىلمىشلىرىنى راستى بىلەن ئېيتتى ، ھەتتا ئاخىرىدا لېنتىغا ئېلىنغان سوراق خاتىرىسىنى قايتا ئاڭلىغاندا ، ئۆز قىلمىشىدىن ئۆزى قورقۇپ بۇقۇلداپ يىغلىدى . ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرگە قەست قىلماسلىققا ، ناۋادا يەنە بىرىگە زىيانكەشلىك قىلسا ، يوشۇرۇن ئوق بىلەن ئېتىلىشقا رازى بولۇشقا ۋەدە بەردى .

ئۇ تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا شەھەردىكى قورۇسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ھارۋا بىلەن كەلدى . ھارۋىدىكىلەر كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ شۇنچىلىك قورقتىكى ، ئۇنىڭ دەرۋازىنىڭ تۈگۈسىنى تاراقلىتىشقىمۇ ھالى يەتمىدى . ئۇ دەرۋازا ئالدىدىكى تاختاي سۇپىدا ئولتۇردى ـ دە ، ھالسىزلىنىپ كەينىگە تاشلاندى . ئۇنىڭ بىر نەرسىنى ئويلاشقىمۇ ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قايتا ئەسلەشكىمۇ مادارى يوق ، ئۇنىڭ ھېچ نەرسە ئويلىماي ياتقۇسى ، ئارام ئالغۇسى كەلدى .

ئەتىگەنلىكى كوچىغا سۇ چاچقىلى چىققان قوشنىلىرى ئۇنى يۆلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى ، ئىنىسى دەرھال ناھىيىگە خەۋەر قىلدى . ناھىيىدىن كەلگەنلەر ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدى ، چۈنكى ئۇ پارقىراپ قاراپلا تۇراتتى ، سوئاللار جاۋابسىز قالاتتى .

ئۇ شۇ ياتقىنىچە ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىغىچە ھويلىدىن چىقماي ياتتى . ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ناھىيىگە ئېلىپ چىقتى . ناھىيە رەھبەرلىرى ئۇنىڭدىن ئالاھىدە ئەھۋال سورىدى . ئۇ شۇ چاغدىلا بىلدى : ناھىيىدە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغان .

رەقىپ بۇ كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ بىرىكەن . ئۇنىڭغا تەقسىم قىلىنغان خىزمەت ، خەلق قوغداش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇللۇقى ئىكەن . ئۇ جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل ئىكەن . ئۇنىڭغا ئەمدى يەتمىش - سەكسەندەك قوراللىق ئادەملەرگە مەسئۇل بولۇشتەك ھوقۇق تەگكەندىلا ، ئىككى ئاي بۇرۇنقى ئىشنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئەسلىدى ۋە ئۆزىنىڭ «ئەكسىلئىنقىلابچىلار» تەرىپىدىن سوراق قىلىنغانلىقىنى ناھىيە رەھبەرلىرىگە سۆزلەپ بەردى :

— بۇ جەزمەن ھاشىرلارنىڭ ئىشى ، — دېدى ئۇ خۇلاسىلەپ ، — سوراقنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئۇلار ھاشىر بىلەن ئەلانى ئاقلاپ ، ماختاپ سۆزلەشتى . ئۇلارنىڭ مەقسىتى ، مېنىڭ ئورنۇمغا ھاشىرنى سەپلەش .

— ھېلىقى «ئادۋوكات» بىلەن چېتىشلىقى بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى لۇ شۇجى ئۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ ، — ناۋادا شۇنداق بولسا ، بۇ بىر ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ، بۇ ئىشنى دەرھال ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتقا دوكلات قىلىشىمىز كېرەك .

ھالال ئىش قىلغۇچىلار ئۆز ئەجرى ئۈچۈن قانچىلىك ئاسان جازالانغان بولسا ، ھارام ئىش قىلغۇچىلار ئۆز رەزىللىكلىرى ئۈچۈن شۇنچىلىك ئاسان ئىنئام ئېلىشتى . راست گەپ ئۈچۈن تۈرمىگە كىرگۈچىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىدىغان ئەمەلدار چىقمىغىنى بىلەن ، رەزىللىكى ئۈچۈن سوراقتا تارتىلغۇچىنى ھىمايە قىلغۇچىلار يەڭ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشتى . ئۇلار نەچچە قېتىملاپ قارارلار قوبۇل قىلىشىپ ،نەچچىلىگەن گۇمانلىق ئادەملەرنى سوراققا تارتتى ، مانا شۇنداق سوراققا تارتىلغانلارنىڭ بىرى قۇرماش . ئۇ ھويلىسىدا قوناق شېخى باغلاۋاتقاندا ، ئونغا يېقىن قوراللىق خەلق ئەسكىرى ئۇنىڭ ھويلىسىنى قورشىۋالدى . ئۆگزىگە پىلەموت ئورنىتىلدى ، تاملارغا ئاپتومات ئاسقانلار يامىشىپ چىقىشتى .

هويلىغا سۈرلۈك ئادەملەر قوراللىرىنى يالىڭاچلاپ كىرىپ كەلگەندە ، قۇرماشنىڭ باللىرى چۇرقىراشتى ، ئايالى قۇرماشقا ياماشتى . قۇرماش پاچىقىغا ياماشقان كىچىك بالىسىنى باغرىغا باستى - دە ، كىرگۈچىلەرنىڭ مەسئۇلىغا قاراپ ئاچچىق كۈلدى :

— بۇنچىۋالا كۈچ زايە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى ، چاقىرتساڭلارمۇ باراتتىمغۇ !

— باغلا !

ئىككى خەلق ئەسكىرى قۇرماشنىڭ قوللىرىنى قايرىپ باغلىدى .

قۇرماشنىڭ قوللىرى گەجگىسىگە چىقتى ، گەۋدىسى مۈكچەيدى ، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقتى ، چىشلىرى غۇچۇرلىدى :

— قانۇنسىز…لىق ! — دېدى ئۇ ھەربىر سۆزنى ئازاب بىلەن دانىمۇدانە قىلىپ ئېيتىپ ، — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بار ، چوقۇم بۇ قىلغىنىڭلار ئۈچۈن جازالىنىسىلەر !

قۇرماش ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇتۇلغانلىقىنى ئىككى كۈندىن كېيىن يەنى بىرىنچى قېتىملىق سوراقتا ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىنلا بىلدى .

— ھاشىر سىلەرگە قانداق يوليورۇق بەردى ؟

— ئەلانى كىم يوشۇردى ؟ ئۇ ھازىر قەيەردە ؟

— قانچە قېتىم ئەكسىلئىنقىلابىي قارا يىغىن ئاچتىڭلار ؟ يىغىن خاتىرىسىنى قەيەرگە يوشۇردۇڭ ؟

بۇ سوئاللار قانچە قېتىملاپ تەكرارلاندى . قۇرماش نۇرغۇن گەپ قىلىپ ھېچنېمىنى چۈشەندۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىر سوئاللارنى جاۋابسىز قالدۇردى - دە ، دەھشەتلىك قىيىن - قىستاققا تەييارلاندى… تاسما پوتا ، ئاق تاياق ، مۇشت ، پۇت… ئۇنىڭ بەدىنىگە ھەممىلا نېمە تەگدى ، ھەممىلا نېمىنىڭ ئىزى چۈشتى . لېكىن ، ئۇ نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلمىگەچكە ، سوراقچىلارنى

رازى قىلالمىدى .

تۆتىنچى كۈنگە بارغاندا ، بورا سېلىنغان تاختاي سۇپا ئۈستىدە ئون تۆت ئادەمنىڭ ئارىسىدا يېنىچە يېتىپ قىيىنىلىش ، كۈنگە ئىككى ۋاخ قوناق نېنى يېيىش ، سېسىق ھاۋالىق كامېردا قىينىلىپ نەپەس ئېلىش ، تەرەت تۈگىنى تۆكۈش قاتارلىق جانغا تېگىدىغان ئىشلارغا ئۇ چىدىيالمىدى . ئۇ ئەركىن يايلاقنى ، قارىغايلار ئارىسىدىكى يامغۇردىن كېيىنكى نەم ، پۇراقلىق ھاۋانى ، تىترەپ تۇرىدىغان پىششىق گۆش ، ساپ تاياقتا سۇنۇلىدىغان قىمىز ۋە غۇر - غۇر شاماللىق كىگىز ئۆيلەرنى قانچە ئەسلىدى ، قانچە سېغىندى ، تەشنالىق ، ئەركىنلىك ئۇنى ئەقلىدىن ئازدۇردى . ئۇ كەچتە سوراقچىغا خەت يازدى . سوراقچى خەتنى رەقىپكە بەردى . رەقىپ ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇدى . خەت مۇنداق يېزىلغانىدى : «مەن ھەممىنى تاپشۇرىمەن . لېكىن بىرلا شەرتىم بار : رەقىپ ئۆزى مېنى سوراق قىلسۇن» .

كۆپ ئويلىنىش ، مۇزاكىرىلەردىن كېيىن رەقىپ قۇرماشنى سوراق قىلىشقا قوشۇلدى . لېكىن ئېھتىيات تەدبىرلىرى تولۇق قوللىنىلدى .

ئىككىيلەن قارىمۇقارشى ئولتۇردى . ئۇلار نۇرغۇن قېتىم مۇشۇنداق قارىمۇقارشى ئولتۇرۇشقان ، لېكىن ئۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ھازىرقىدەك غەزەپ - نەپرەت جۇدۇنلىرى يوق ئىدى . ئۇلار كۈلۈپ ، بىر - بىرىگە تاماكا سۇنۇشۇپ ئولتۇرۇپ پۈتۈن ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ، مائارىپ ئىنقىلابى ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭلاشقان . بۈگۈنچۇ ؟ ئۇلارنىڭ بىرى جان كۆيەر غايىلىك سەمىمىي - سادىق بولغىنى ئۈچۈن دۈشمەن — جاۋابكار ؛ يەنە بىرى بولسا ھىيلىگەر ، ساختىپەز ، مەنسەپخور بولغىنى ئۈچۈن ئىشەنچلىك — سوراقچى .

— قۇرماش ، — دېدى رەقىپ سۈرلۈك قىياپەتتە

ھوميىپ ، — مەن تېما بەلگىلىمەيمەن ، سوئال سورىمايمەن . قېنى سۆزلە ، قولىقىم سەندە !

قورماش رەقىپنىڭ تېخىمۇ بۆرتۈپ چىققان قاپىقىغا ، قوش ئېگىكىگە ، ئۈچ بۆرجەك ، ھىيلىگەر كۆزلىرىگە قارىدى :

— مەن ئۇسسۇدۇم ! — دېدى ئۇ خىرقىراق ئاۋاز بىلەن . ئۇنىڭغا خەلق ئەسكەرلىرى سۇ بەردى .

— قولۇمنى بوشىتىپ قويۇڭلار !

— ياق ، قولۇڭ بوشىتىلمايدۇ .

— ماقۇل ! — دېدى قورماش ئورنىدىن تۇرۇپ ، — سەن ھاشىرنىڭ قانداق يولىيورۇق بەرگىنىنى بىلمەكچىمۇ ؟

— قېنى سۆزلە !

— ئۇنىڭ يولىيورۇقى ئاددىي : سېنى يوقىتىش !

— تەشكىلات توغرۇلۇق سۆزلە ! — رەقىپ ئورنىدىن قوزغالدى . ئۇنىڭ چىرايى كۆكىرىشكە باشلىدى . قورماش كۈلۈپ قويدى .

— ۋارقىرىما ! — دېدى ئۇ رەقىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — سېنى تۇتۇپ ئاپىرىپ سوراق قىلغانلار تېخى ھايات ، ھەرىكەتتە !

— ئۇلار قوراللىق ئەكسىلئىنقىلابچىلار !

— ئۇلار ھاشىرنىڭ يولىيورۇقىنى جەزمەن ئىجرا قىلىدۇ . سېنى جەزمەن ئاتىدۇ !

رەقىپ ئىشىك تەرەپكە داجىدى . ئۇ خۇددى ھازىرلا ئېتىلىدىغان ئادەمدەك ئالاقزادە بولۇشقا باشلىدى . قورماش سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ئەلانى تۇتالمايسەن . ئۇ ھازىر چەت ئەلدە ! ئۆز دۆلىتىدە كۈن ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇنى چەت ئەلگە قاچۇرۇۋەتتى !

رەقىپ كاتىپلارغا قارىدى :

— تولۇق يېزىڭلار، «بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇنى چەت ئەلگە قاچۇرۇۋەتتى» دېدى - ھە، ياخشى، قۇرماش جوجاڭ، سىز پارتىيە تەربىيىسىدە چوڭ بولغان، پارتىيە قوينىدا ئۆسكەن كادىر. راستىنى ئېيتسىڭىز، خىزمەت كۆرسەتكەن بولىسىز، سىلەرنىڭ تەشكىلاتىڭلارنىڭ ئىسمى نېمە؟

— «ئادۋوكات»!

— پروگراممىسچۇ؟

— بارلىق گۇناھسىز جازالانغانلارنى ئاقلاش!

— ئېنىق بولمىدى، قۇرماش ئەپەندى، ئوچۇقىنى ئېيتىڭ. چەت ئەل بىلەن قانداق ئالاقە قىلدىڭلار؟ قەيەرنى بازا قىلماقچى؟ بازاڭلارغا قانچىلىك ئات، ئاشلىق، مىلتىق توپلىدىڭلار؟ نادىروف، ساۋۇتوف، ئىسرائىلوف قاتارلىق «قەھرىمان»لىرىڭلار قانداق يولىيورۇقلارنى بەردى؟ پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدىكى ھەرىكەت پىلانىڭلار قانداق؟ بىرىنچى نومۇرلۇق رەھبىرىڭلار كىم؟ قوماندانلىق شتابى نەدە؟ ئەسلىدە سوئال سورىماي دېگەن، لېكىن سىزگە ياردەم قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. قېنى بىر - بىردىن جاۋاب بېرىڭ!

— تولۇق يېزىڭلار كاتىپلار، كەلگۈسىدە ياخشى كۈنلەر كەلگەندە خەلقىمىز بىلىپ قويسۇن، رەقىپ سۈيىقەستچى، مۇناپىق، ئۇ مەنسەپ ئۈچۈن ھاشىرغا، ئايال ئۈچۈن ئەلاغا سۈيىقەست قىلدى. ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئادەملىرىمىزنى يوقىتىش ھېسابىغا پايدا تاپماقچى. ھاشىر كىم؟ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خەلققە بېغىشلىغان كوممۇنىزمچى كادىر! ئەلاچۇ؟ ئۇ بىلىم - مەدەنىيەتكە جېنىنى تىككەن قەيسەر جەڭچى. ئۇلارنى يوقىتىش خەلققە زىيان سېلىش، خەلق مەنپەئىتىنى يوقىتىش دېگەن گەپ. رەقىپ دېگەن سۈيىقەستچى ئەلانى لۈكچەكلەرگە ئۇرغۇزدى. ھاشىرنىڭ ئۈستىدىن، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن يالغان ئەنزە ياسىدى. ئەۋلادلار بىلىپ قالسۇن،

رەقىپتەك رەزىللەر بولمىغان بولسا، جاھان تېزرەك گۈلگە پۈركەنگەن بولاتتى!
— ئاغزىڭنى يۇم، ئىت!
رەقىپ سەكرەپ قوپۇپ قورماشنىڭ ئاغزىغا مۇشت بىلەن ئۇردى. قورماش سەنتۈرۈلۈپ توختاپ قالدى. ئۇ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:
— مانا بۇ سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ، رەزىللىكىڭ! — دېدى ئۇ ئاغزىغا تولغان قاننى رەقىپكە قارىتىپ تۈكۈرۈپ، — تۈفى، مانا ساڭا جاۋاب، شېڭ شىسەينىڭ دەۋرىدە ئىشلىگەن بولساڭ، ئورنۇڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولاتتىكەن، بىراق، بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز جاللاتنى يامان كۆرىدۇ-دە!
رەقىپ يەنە ئۇرۇشقا يۈگۈرۈۋىدى، كاتىپلىق قىلىۋاتقان ئىككى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى تۇتۇۋالدى.
— بۇ ئىشىڭىز بولمىدى، رە جورىن!
— راست قاملاشمىدى.
ئۈچ كۈندىن كېيىن رەقىپ پىكاپ بىلەن غۇلجا شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. «بېيجىڭ» ماركىلىق پىكاپ ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت بىناسىنىڭ سېمونت پەلەمپىيى ئالدىدا توختىدى. رەقىپنى ھەمراھى بىلىكىدىن تۇتۇپ ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقتى-دە، «خەلق مۇھاپىزەت گۇرۇپپىسى» دېگەن ۋىۋىسكىسى بار ئىشىككە كېلىپ توختىدى.
رەقىپ رەھبەرلەر، مەخسۇس خادىملار، مۇھىم ئورۇنلار بىلەن سۆزلەشتى. ئۇنىڭ قولىدىن چىققان ماتېرىيال نۇرغۇن نۇسخا باستۇرۇلۇپ يۇقىرىسى مەركەز، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتقىچە، تۆۋىنى ھەرقايسى ناھىيىنىڭ قوراللىق بۆلۈملىرىگىچە ئەۋەتىلدى. «... ئىلى رايونىدا چەت ئەلنىڭ بىۋاستە قول سېلىشى بىلەن بىر ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات قۇرۇلغان. ئۇ تەشكى-

لات بەش خىل ئۇنسۇرلار ، چەت ئەلگە باغلانغانلار ، مىللىي بۆلگۈن-
چىلەردىن تەركىب تاپقان . ئۇ چېگرا رايوندا بازا قۇرۇپ نۇرغۇن
قورال ، ئاشلىق ، ئات تەييارلىغان . ئۇلار ئاكتىپ ھالدا ئەزا كۆ-
پەيتىپ ، تېز ئارىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى ، چەت ئەل-
نىڭ ياردىمى ۋە قوراللىق ئارىلىشىشى بىلەن پرولېتارىيات دىكتا-
تورىسىنى ئاغدۇرۇپ ، فاشىستىك ھاكىمىيەت قۇرماقچى . ھازىر
بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ غول ئۇنسۇرلىرىدىن بولغان نادى-
روف ، ئىسرائىلوف ، ساۋۇتوفلار قولغا ئېلىندى . ھاشىر ، ئەلا ،
قۇرماش قاتارلىق غول ئۇنسۇرلىرىمۇ خەلق ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنى
ئىچىدە قالدى . ئۇلارنىڭ پروگرامما ، پىلان ۋە ئاتالمىش قارا
دۆلەت بايرىقى ، دۆلەت گېربى ، دۆلەت گىمنى ، ھەتتا
دۆلەت ئاساسىي قانۇنى قاتارلىق نەق پاكىتلارمۇ ھازىر
قولغا چۈشتى…» ماتېرىيالنىڭ بۇ كىرىش قىسمىدىن كېيىن
بىرقانچە پارچە تارماق ماتېرىياللار ، سوراق خاتىرىلىرى ، پاش
قىلىش ماتېرىياللىرى ۋە ئىسىملىك ، گرافىلار ئايرىم - ئاي-
رىم ھالدا توپلەنگەن… بۇ بىر ماتېرىيال ھەممىلا جايدا جىددىيە-
لىك ، ئەنسىزچىلىك ، ۋەھىمە پەيدا قىلدى : تولۇق قوراللانغان
ئادەملەر ئاپتوموبىللارغا تولۇپ ، ئۆرە تۇرۇۋېلىپ نەلەرگىدۇر چې-
پىشتى ، نەلەردىدۇر بىرلىرى باغلاندى ، بىرلىرى تاياق يېدى ،
بىرلىرى قاچتى ، يەنە بىرلىرى يوشۇرۇندى… قانچىلەپ ئادەملەر
خورلاندى ، كۆز يېشى قىلدى ، يېلىندى ، ئېچىندى ، غەزەپلەندى
ۋە خۇشال بولدى ، شادلاندى . خۇددى تۇيۇقسىز يەر تەۋرىگەندەك
ياكى دەھشەتلىك مۆلدۈر چۈشكەندەك ، ئادەملەرنى ھاڭ - تاڭ
قالدۇرىدىغان بىر خىل ئاپەت پەيدا بولدى . رەقىپ مانا شۇنداق
زور مۆجىزە پەيدا قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تولىمۇ قابىلىيەت-
لىك ، يارامىلىق ۋە دەۋرگە لايىق «قەھرىمان» ھېسابلاپ ، ئاخ-
شىمى ئوڭدا يېتىپ راھەتلىنىپ تاماكا شورىدى .

## 3

1969 ـ يىلى جۇدۇنلۇق ۋە ۋەھىمىلىك باشلاندى . قار ياغ‐مايدىغان كۈنلەر ئاز ، داللار مېتىردىن قېلىن قار بىلەن ، شەھەر كوچىلىرى تەكلىماكان قۇم بارخانلىرىدەك قار دۆۋىلىرى بىلەن تولدى . يېزىلار بىلەن شەھەر ئارىسىدا قاتناش ئۈزۈلدى . شەھەر خەلقى ئەتىدىن ـ كەچكىچە هويلا ـ ئارام ، ئۆگزىلىرىدىكى كېچىچە ياغقان قارنى ئادالاش بىلەن ئاۋارە ، دېھقانلار سوزۇلۇۋاتقان قاراڭغۇ قىشنىڭ دەستىدىن قوتانلىرىغا قامىلىپ ، ئۆگزىدىن كۆز ئۈزمەس بولۇپ قالغان تۆت توكتوك مېلى بىلەن ئېچىرقىغان توخۇلىرىنىڭ غېمىدە ، مالچىلارنىڭ قىشلاقلىرى قېلىن قار بىلەن كۆمۈلگەن ، كۆزلەك ۋە مەيدانلارنىڭمۇ يوللىرى ئېتىلگەن ، ماللار قىرىلماق‐چى ، مالچىلار قاقشىماقتا ، ئۇلارنىڭ هالىغا يېتىدىغان ئادەم يوق . هەتتاكى كۈنمۇ غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قويىدۇ ـ دە ، ئاق تۇتەك ۋە كۆل رەڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا يوقىلىدۇ ، شاخلىرى قېلىن قارنىڭ بېسىمىدىن يەرگىچە ئېگىلگەن تېرەكلەرنىڭ تۆپە شاخلىرىدا قاغا ـ قۇزغۇنلار ئەنسىز ۋارقىرىشىپ ، تەبىئەتتىن زارلىنىۋاتقان ئادەملەرنىڭ غەم ـ قايغۇسى ئۈستىدە كۈلۈشىدۇ . قېلىن مۇز ئاستىدا ياتقان ئىلى دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى شالاڭلاشقان توقايلىق‐لار ئارىسىدا سېغىنغان شاراقلاپ ، كىشىلەرگە تېخىمۇ «دەردى كۆپ مېھمان» — سۇ ئاپىتىنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە .

ئىلى ۋادىسى قار ۋە ۋەھىمە ئىچىدە .

1968 ـ يىلى دېكابىردىمۇ ئىلى ۋادىسىغا قار ياغمىغان . كۈزگى بۇغدايلار مال ئېغىزى تەگكەنلىكى ۋە قارا سوغۇق يەرنى چاك ـ چاك يېرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن كاردىن چىققان ، شۇ سەۋەبلىك

دېھقانلار ۋەھىمە ئىچىدە ، شەھەر خەلقى بولسا توپلىغان كۆكتات
زاپىسىنىڭ تۈگىگەنلىكى ، ئايلىق ئۆن نورمىسىدا قوناق ئۇنىنىڭ
ئاتمىش پىرسەنتتىن ئاشقانلىقى ، بەش يۈز گىرام ئايلىق گۆشنىڭ
ئورۇق كالا گۆشىگە ئايلانغانلىقى ، يېرىم جىڭ ماينىڭ كاپالەتسىز-
لىكى ، بىر كىلو ماينىڭ يەتتە يۈەنگە چىققانلىقى ، شېكەرنىڭ
يوقلۇقى ، هاراقنىڭ تېپىلماسلىقى ، رەخت بېلەتنىڭ ئازلىقى ،
كۆمۈرنىڭ قىسلىقى... قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش قىيىنچىلىقى
ئۈستىدە زارلىناقتا ، ئىلىم ئەھلى ئىلىمنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ دۇش-
مىنىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى بىلەن ئازابلانسا ، سىياسەت ۋە جاما-
ئەت ئەھلى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئۆزئارا ئىچكى ما-
جىرا ، ئەنسىزچىلىك ۋە رەسمىيەتچىلىك زەربىسىدىن بۇرۇق-
تۇرما بولماقتا .

بىر ئايدىن بېرى ناھىيە تۇرمىسىنىڭ يىگىرمە تۆت كىشىلىك
تار كامېرىدا يېتىپ ، تېخى بەش كۈن بۇرۇن دۇملەكلىك قازاندەك
قاراڭغۇ ، ماشىنىدا پۈتۈن بىر ماشىنا قورالىقلارنىڭ يالىشى بىلەن
كېچىدە ئوبلاستلىق تۇرمىگە يۆتكەلگەن هاشىرنىڭ خىيال كەپتىرى
ئىلى ۋادىسى ئۈستىدە پەرۋاز قىلماقتا . ئۇنىڭ خىيالى بىر ئاي
بۇرۇن ئۆزى كۆزدىن كەچۈرگەن يېزىلار ، تاغ غوللىرىدىكى مالچى-
لار بىلەن بەند . ئۇ خىيالىدا ئەترەت باشلىقلىرى بىلەن تەقسىمات ،
تېرىلغۇ ، كەلگۈسى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى ، ئورۇقلۇقتىن يېتىپ
قالغان قويلارنىڭ دۈمبىسىنى سىلايتتى ، ئۈچ ۋاخلىقىغا تالقان
يەپ ، قېلىن جۇۋىغا ئورىنىپ ، ئىسلاشقان ئۆينىڭ تۈڭلۈكىگە
قاراپ ئولتۇرغان مالچىنىڭ يىرىك قوللىرىنى چىڭ سىقاتتى ۋە
باللىرىغا پىرەنىك تارقىتاتتى...

تۆمۈر ئىشىك ئېغىر ئېچىلدى . يەردىن يېرىم مېتىر كۆتۈ-
رۈلگەن سۇپا ئۈستىدە قىستىلىشىپ يېتىشقان يىگىرمە نەچچە مەھ-
بۇس ، كوماندا بېرىلگەندەك تەڭلا بېشىنى كۆتۈردى . ئاپتوماتنى

خۇددى ھازىرلا ئاتىدىغاندەك تۇتۇۋالغان يۇمۇق كۆز تۇرمە نازارەت-
چىسى چىرقىراق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى :
— ھاشىر !
ھاشىر ئورنىدىن تۇردى .
— ماڭ !
ئۇ ماڭدى . پۈتۈن تۇرمىدىكىلەرنىڭ دىققىتى ۋە ھۆرمىتىگە
ئىگە ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى پاكىز قىردۇرۇلغان بېشىنى
سىلاپ قويۇپ ، پۈرلەشكەن كۆك شەپكىسىنى كىيىپ ، توقۇلما
ياقىلىق كۆك پاختىلىق چاپىنى ئۈستىدىن كەڭ تاسما پوتىنى چىڭ
باغلاپ ، باجىڭگىر كىيگەن ئايغىنى مەشىق قىلغان ئەسكەرلەردەك
جانلىق دەسسەپ ئىشىككە قاراپ ماڭغاندا ، ئۇنىڭ تۇرمىداشلىرى
قاپاقلىرى چۈشكەن ھالدا ئۇنىڭ كەڭ ۋە مەزمۇت يەلكىسىگە قاراپ
تۇرۇشتى . كامېرنىڭ تۆمۈر ئىشىكى قايتا ئېتىلىپ ئېغىر قۇلۇپ
قايتا سېلىنغاندىن كېيىنلا بولۇڭدىكى تەرەت تۇڭى يېنىدا — نەم
يەردە ئەسكى مىشكاپ ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتقان ساقال - بۇرۇتى
ئۆسكىلەڭ ، دورداي كالپۇك مەھبۇس بىرىنچى بولۇپ كۈلدى :
— ئۇ ئەمدى كەلمەيدۇ ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئەمدى مەن ياتىمەن ،
ھى... ھى... !
— مىدىرلىما ، ئورنۇڭدا يات ! — دېدى بىر يىگىت ئۇنىڭغا
قولىنى شىلتىپ ، — ئۇ قايتىپ كېلىدۇ !
— ئۇنى چوقۇم ئاتىدۇ ، — دېدى بايىقى دورداي كالپۇك
بېشىنى گىلدىڭلىتىپ ، — ئۇنىڭغا ئوق زايە ، ئۇنى سىرتماق
سېلىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك !
— ھايۋان ! — دېدى بايىقى يىگىت ئورنىدىن چاچراپ تۇ-
رۇپ ، — سېنىڭ ئاشۇ شۇم ئېغىزىڭنى داغلاش كېرەك !
— نېمە ، سەنمۇ مەن بىلەن سىنىشىپ باقماقچىمۇ ؟
دورداي كالپۇك ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ بىر كۆزىگە قان

ئۇيۇپ قالغان ، قاپىقى يېرىلغانىدى . سۇپىدا ياتقانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تەرەپ - تەرەپتىن توۋلاشتى :

— ئەمەت ئوغرى ، سۇپىغا چىقساڭ دۇمباغا ئۆلىسەن !

— ئەمدى ، سەنلەر ئىشىنىدىغان هاشىر توك يوق ، ئاناڭنى !

نەق شۇ چاغدا گوندىپاي ئىشىكنى ئاچتى ، ھەممە جىم بولۇپ قىلىشتى .

— نېمە بولۇشتۇڭ ؟ — گوندىپاي غەزەپلىك ۋارقىرىدى .

— ئەمەت ئوغرى يەنە جېدەل قىلىۋاتىدۇ !

— ئەمەت ئوغرى ماۋۇ تۇڭنىمۇ تۆكمىدى !

— ئەمەت ئوغرى يەنە ھەددىدىن ئاشتى !

كۆپچىلىك ۋارقىراشتى ، دورداي كالپۇك ھىجايدى :

— هاشىر دېگىنى ئاخشام مېنى ئۇردى ، ئورنۇمنى تارتىۋالدى . مەن جىنايەتچى ئەمەس ، تاپىسدا ياتمايمەن ، سەن پاسكىنا ئوغرى تاپىسدا ياتىسەن دېدى ، ئورنۇمنى ئۇرۇپ تارتىۋالدى ، ئەمدى ئۇ يوق ، مەن ئورنۇمدا ياتىمەن ! — ئەمەت ئوغرى شىكايەت قىلدى . هېلىقى ياش يىگىت گوندىپايغا قاراپ يىپلىنغاندەك كۈلۈپ قويۇپ :

— يالغان ئېيتىدۇ ، ئۇنداق ئەمەس ، هاشىر بۇ يەرگە كىرىش بىلەن ئەمەت ئوغرى ئۇنى مازاق قىلدى . «ئوغرى بىلەن شۇجى ئوپمۇئوخشاش . مانا قارا ، سەن مېنى تۇتۇپ بېرىشۇدىڭ ، ئارقامدىن ئۆزۈڭمۇ كىرىپسەن ، كۆرىسەن ، سېنى ئاتىدۇ ، مېنى قويۇۋېتىدۇ . بۇ هۆكۈمەتكە ئوغرىلار دۈشمەن ئەمەس ، ساڭا ئوخشاش شۇجىلار دۈشمەن» دەپ كۈلۈۋىدى ، هاشىر بۇنى راسا ئۇچۇقلىدى . بۇ ئوغرى ھەممىمىزنى بوزەك قىلاتتى . هاشىرنىڭ تۆمۈر مۇشتى بۇنى ياۋاشلاتقان ، مانا بۇ يەنە ئەدىگىلى تۇردى .

گوندىپاي ئۇلارنىڭ گېپىنى خۇددى هېكايە ئاڭلىغاندەك قىزىقسىنىپ ئاڭلىدى ۋە ئاخىر :

— ئەمەت ئوغرى ، سەن مۇشۇ يەردە ياتىسەن ، ئەمدى جېدەل قىلساڭ ، قولۇڭغا كويزا سالىمەن ! — دېدى تەرەت تۇڭگىنىڭ يېنىنى كۆرسىتىپ .

شۇنىڭ بىلەن ئوغرى جىممىدى ، لېكىن تۈرمىنىڭ قىلىن تام ۋە تۆمۈر قاپقىلار ئىچىدىكى سوراقخانىسىدا ئېلىشىش ئەمدى باشلانغانىدى .

باش سوراقچى ، ئىككى ياردەمچى سوراقچى ، ئىككى خاتىرىلىگۈچى ، بەش نەپەر قوراللىق مۇھاپىزەتچى ئېگىز ، ئورۇق ، قىڭراق بۇرۇن ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان ، ئەمما سۇرلۇك ئادەمنى قورشىۋېلىشقان . ئۇلار جىددىيلەشكەن ، سوئاللىرى تەرتىپسىز هالدا جاۋابكارنى قىستىماقتا . جاۋابكار بولسا گويا ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئۆز غېمىدە ئولتۇرغاندەك خاتىرجەم ، ئېغىر بېسىق ۋە تەمكىن ئىدى .

خاتىرىلىگۈچى دەپتىرىگە : «1969 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېل ، بىرىنچى سوراق» دېگەن خەتنى يازدى ـ دە ، ئاخىرىغا : «جاۋابكار هاشىر ، ئەر ، ئۇيغۇر ، ئوتتۇز يەتتە ياش ، ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇهنىڭ غول ئۇنسۇرى…» دېگەندەك خەتلەر يېزىلدى .

سوراقچىنىڭ بىرىنچى سوئالى :

— جاۋابكار هاشىر ، سەن پارتىيىمىزنىڭ دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى بىلەمسەن ؟

— بىلىمەن .

— دەپ باقە ؟

— بىرمۇ دۈشمەننى قالدۇرۇپ قويماسلىق ، بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ۋابال قىلماسلىق !

— سېنى قولغا ئېلىش دەل ، توغرا بولغانمۇ ـ يوق ؟

— يۈز پىرسەنت خاتا بولغان !

— جاهىللىقنىڭ ئاخىرى نېمىگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بې-

لەمسەن ؟

— ھەقىقەتتە چاڭ تورۇشنىڭ ئاخىرى غەلىبىگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىمەن !

— سەن چەت ئەل ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ جەمئىيەتتىكى بىر ئوچۇم ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغان ، جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ئەكسىلئىنقىلابىي كاتتىۋاشسەن . سېنىڭ ھەممە جىنايى ماتېرىياللىرىڭ قولىمىزدا ، سەن مۇتتەھەملىك بىلەن پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايسەن ، ئۆلۈم ياكى ھايات يولىنى تاللىۋېلىش ئۆزۈڭگە باغلىق . قېنى ئېيتقىنا ، ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى دۈيۈمىن قاتارلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا يازغان بۇيرۇقىدا نېمىلەرنى دېگەن ؟

— ئۆزۈڭلار ياد بىلىسىلەرغۇ !

— ئالىي يوليورۇقنى ياد ئوقۇشتىن باش تارتتىڭ ـ ھە ؟

— ياق ، ئۆزۈمنى گومىنداڭچىلارغا ئوخشىتىشتىن باش تارتتىم !

— سەن دۈشمەنمۇ ، ئەمەسمۇ ؟

— مەن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى !

— دۈشمەن سەن !

— مەن دۈشمەنلەرنىڭ دۈشمىنى !

— سېنىڭ دۈشمىنىڭ ۋەتەن ، پارتىيە ، خەلق !

ھاشىرنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ ،لەۋلىرى تۈمۈردەك كۆكەردى . ئۇ ئورنىدىن ئىختىيارسىز سەكرەپ تۇرۇپ ۋارقىرىماقچى ، يوغان مۇشتۇمى بىلەن سوراقچىنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە ئۇرماقچى بولدى . ئۇ جالاقلاپ تىترەپ ئالدىغا بىر قەدەم چامدىشىغا ، ئىككى قولىغا تۆت مۇھاپىزەتچى ئېسىلدى . تۆت ئادەم ئۇنىڭ

قاۋۇل قوللىرىنى ئەستە قايرىدى ـ دە ، گەجگىسىگە ئاپىرىپ
بىرىنچى باغلاقتا باغلىدى . ھاشىرنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ ، كۆزلىرى-
دىن تارامـلاپ ياش تۆكۈلدى . ئۇ بىرىنچى قېتىم باغلانماقتا ،
خارلانماقتا . ئۇنىڭغا ئازاب تۇيۇلغىنى ، جېنىنىڭ ئاغرىشى ئەمەس ،
بەلكى سوراقچىنىڭ ئاخىرقى ھاقارىتى . ھاشىرغا دۈشمەن قىلىپ
كۆرسىتىۋاتقان ئۇ ئۈچ ئىسىم ئۇنىڭ ھاياتى ، جېنى ، ئۇنىڭ بار-
لىق ئارزۇ ـ ئارمان قىلغان ئىشىنىڭ كۈچ ـ كاپالەت مەنبەسى .
ئۇ شۇلار ئۈچۈن تۇغۇلغان ، شۇلار ئۈچۈن ياشايدۇ ، ئۇلارسىز
ياشاش ھاشىر ئۈچۈن ئۆلمەكتىنمۇ ئازابلىق . ئۇ نېمىلا قىلمى-
سۇن ، ۋەتىنى ، پارتىيىسى ۋە جانجان خەلقى ئۈچۈن قىلىشقا
ئادەتلەنگەن . ئۇ نەدىلا بولمىسۇن ، ئۆزىنى شۇنىڭ ئۈچۈن قەرزدار
ۋە مەجبۇرىيەت ئىگىسى دەپ تونۇپ كەلگەن . ئۇ ئۆز ھاياتىدا بىرەر
ئىنساندىن بۇ خىل ھاقارەتلىك گەپنى ئاڭلايمەن دەپ ھەرگىزمۇ
ئويلىمىغان ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ساداقىتى ھېسابىغا بۇ خىل ئاھانەت-
نىڭ ئىنئام بولۇشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن...
ئۇ ئۇزاق ئۇخلاپ ئويغانغاندەك ھوشىغا كەلدى . ئۇ ئۆزىنىڭ
قانچىلىك تاياق يېگەنلىكى ، قانچە ۋاقىت ئېسىلغانلىقى ، نەم يەردە
قانچىلىك ۋاقىت ياتقانلىقىنى ئەسلەشنى خالىمايتتى . ئۇ ئۈچ مې-
تىر ئېگىزلىكتىكى تۆپە پەنجىرىدىن كىرىمسەن ئاسمانغا قارىدى .
ئاسماندا قار ئۇچقۇنلىماقتا ئىدى . ئۇنىڭ خىيالى يەنە قار بىلەن
چۈمكەلگەن كىچىك ، پاكار ياغاچ ئۆيلەرگە تىقىلىۋالغان چارۋىچى-
لار ، ئۆگزىسىدىن ياغاچ گۈرجەك بىلەن قار تاشلاۋاتقان كۈرەك
جۇۋىلىق قېرى تاغىسى ، مەھەللىسىدىن يىراقتىكى مەكتەپكە كۆل-
تۈك قاردا ئەستە مېڭىپ كېتىۋاتقان ، قۇلاقلىرى خوراز تاجىسى-
دەك قىزارغان بالا ، شىۋىرغان ھۇۋلاۋاتقان دەريا بويى...
تەرەپلەرگە كۆچتى . ئۇ شۇ يەرلەرگە بېرىشقا تەشنا ، ئورۇنسىز
قامىلىپ ، قىممەتلىك ۋاقتىنىڭ زايە كېتىۋاتقىنىغا رەللە بولاتتى .

ئۇ كامىر تۇڭلۇكىدىن كۆزىنى يېنىغا يۆتكىدى . ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا چىرايلىق بىر يىگىت موخوركا چېكىپ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇ-رۇپتۇ .

— قانداقراق ھاشىر ئاكا ، — دېدى يىگىت مىيىقىدا كۈلۈم-سىرەپ ، — پۇتلىرىڭىز ساقىمىكەن ؟

ھاشىر پۇتلىرىنى قىمىرلاتتى ۋە يىگىتكە قولىنى سوزدى . يىگىت ئۇنىڭ يوغان قوللىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم-لەشتى .

— بېشىم ئېغىر ، — دېدى ھاشىر داكا بىلەن تېڭىلغان بېشىنى ئىرغىتىپ ، — مېڭەم قوزغالمىغان بولسىلا مەيلىدى !

ئۇ موخوركا ئوراۋېتىپ ئۆزىچە سۆزلىدى :

— ئۆتۈپ كېتىدۇ . پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ . بىزنىڭ قايىسىمىز ۋەتەن ، خەلق ، پارتىيە دەيمىز ، قايسىمىز دېمەيمىز ، بۇنى ئەلۋەتتە ئايرىيدۇ !

— نېمە دەۋاتىسىز ، ئاكا ؟ — دېدى يىگىت كۆزلىرىنى چەك-چەيتىپ ، — بىزنى بۇ تۈرمىگە ئەكېلىپ قاماغان شۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغۇ ؟ سىز تېخىچە بۇ ئىنقىلابتىن ئۈمىدتىمۇ ؟

— شۇنداق بولمامدۇ ؟ — ھاشىرنىڭ چىرايى تۇتۇلدى ، — سەن نېمە ئادەمسەن ؟ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قارشىمۇ سەن ؟

— مېنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇردۇڭ دەپ سولىغان تۇرسا .

— نېمىدەپ قارشى تۇرغانسەن ؟

— مەسچىتنىڭ پەشتىقىنى بۇزغانلارنى رەگەتكە بىلەن ئاتقان-مەن . كېيىن مېنى تۇتۇۋالغاندا ، ئاساسىي قاتلامنىڭ جۇرنىنىڭ تۆت چىشىنى بىر باش بىلەن قومۇرۇۋەتكەن .

— يەنچۇ ؟ — ھاشىرنىڭ چىرايى سەل ئېچىلدى ، — باشچى ئوخشىمامسەن ؟

— يەنىمۇ؟ — دېدى يىگىت كۈلۈپ قويۇپ، — قىزىل قوغدىغۇچىلار مېنى ئۇرغىلى تۇرغاندا: «بۇ ئىنقىلاب ئەمەس، بۇلاڭچىلىق!» دەپ ۋارقىرىدىم.

— ۋارقىرىغىنىڭ قاملاشماپتۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئىنقىلاب. ئىنقىلابنى ھاقارەت قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ، دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئىنقىلاب!

— شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئوخشاش ناھىيە شۇجىلىرى، لىيۇ شاۋچىدەك دۆلەت رەئىسلىرى، ماڭا ئوخشاش ئىسلام ئاچقۇچىلار بىلەن بىر ئۆيگە سولىنىۋاتىدۇ - دە!

ئورۇن - كۆرپىسى ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتقان، قاڭشارلىق، ساقىلى تولىمۇ قويۇق ۋە ئۇزۇن، يەلپۈگۈچتەك كۆرۈنىدىغان مەزمۇت، گەۋدىلىك ئادەم تەنە بىلەن ھىجىيىپ قويدى.

— سەن نېمىدەپ بىلجىرلايسەن، ئاكا! — ھاشىر ئۇنىڭغا ھازىرلا تاشلىنىدىغاندەك ئەلپازدا ھومىيىپ قارىدى، — ئىسلام ئاچقۇچى ئىكەن تېخى! خەلقىمىزنىڭ بەدىنىدىكى مەرەز سەن، ئۆزۈڭنى مەن بىلەن قانداق سېلىشتۇرالايسەن؟ مەن سۇيىقەستكە ئۇچرىغان پاك كوممۇنىستمەن!

— بىلىمەن، راست كەم نومۇسسەن!

ھاشىر ئۆزىنىڭ قانداق سەكرەپ تۇرغىنىنى، ھېلىقى بومبا ساقاللىقنىڭ كانىيىدىن قانداق بوغقىنىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى. ئۇنىڭ قوللىرىنى ئۈچ ئادەم قايرىشتۇرۇپ ئاجراتتى. بوۋاي قانىغان بۇرنىنى كىر ياغلىق بىلەن ئېرتىپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى:

— قويۇپ بېرىڭلار، بەربىر بىزنى ئاتىدۇ. ئوقتا ئۆلگىنىمدىن شۇجىنىڭ تىرناقلىرىدا ئۆلگىنىم ئوبدانراق، — دېدى ئۇ ئاچچىق تەنە بىلەن، — سېنى بىلىمىز، سەن تۈرمىگە كىرگەن كۈنۈڭلا بىلىپ بولغان بىز. ساڭا ئوخشاش ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدىغان سىياسىي جىنايەتچىنىڭ مۇشۇ ئۆيگە كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتۇق.

هاشىر گەپ قىلمىدى. توغرىسى، ئۇنىڭ گەپ قىلغۇدەك هالى يوق، بېشى قېيىپ، پۈتۈن بەدىنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە كۆيۈپ ئاغرىماقتا ئىدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ تونۇگۈن قانچىلىك قاتتىق تاياق يېگىنىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئاغرىقى كۆچەيگەنسېرى هېلىقى چاڭگا ساقال زەهەردەك ئاچچىق تىل بىلەن ئۇنىڭ نېرۋىلىرىغا هۇجۇم قىلماقتا ئىدى.

— يەر تەۋرەش باشلاندى، — دەيتتى چاڭگا ساقال، — سېنىڭ ئىشەنگەن پولات تاملىق قەسرەڭ قىڭغايدى، ئۇ گۇم بولىدۇ. سەن قوتۇر كۆچۈك بۇ تاملارغا تىرەك بولالايتتىڭمۇ؟ بىز شەيخۇلئىسلامنىڭ غازاتچىلىرى ئاي يۇلتۇزلۇق ئىسلام بايرىقىنى ئۆز يېرىمىزنىڭ ئاسمىنىدا لەپىلدىتىمىز. بىزنى ئاتىدۇ، ئەمما بىزنىڭ ئادەملىرىمىز جاهاننى قاپلىغان. سىلەرنىڭ تىلىڭلار بىلەن ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ هەممە يېرىدە بار. سەن ئەخمەق، دۈشمىنىڭ بىلەن ئۆز ئادىمىڭنى پەرق قىلالمايسەن تېخى، پېشىمدە ناماز ئوقۇشنىڭ ئورنىغا كانىيىمغا قول سالدىڭ، قالغان تارتقۇلۇقۇڭنى ۋەيلۇندا تارتىسەن تېخى!

ئەتىسىدىن باشلاپ هاشىرنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئىششىپ - كۆكىرىپ، قىزىرىپ كەتتى. ئۇ هېچنېمە يېمەي - ئىچمەي، كۆزىنىمۇ ئاچماي سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى. هېلىقى ياش يىگىت ئۇنىڭ پېشانىسىگە لۆڭگە قويۇپ هالىدىن خەۋەر ئالدى. هاشىر جۆيلۈيتتى، ئۇ بىرلىرىنى چاقىراتتى، بىرلىرىنى تىللايتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئازاب بىلەن كۇلۇپ قوياتتى، بەزىدە يوغان كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. كامېردىكى قالغان تۆت كىشى — هېلىقى چاڭگا ساقال بوۋايدىن باشقىلىرى — تىنىمسىز هالدا ئېغىزلىرىنى مىتىلدىتىپ قۇرئان ئوقۇيتتى. يالغۇز چاڭگا ساقال بوۋايلا پات - پات:

— ئۇ تېخى جان ئۈزمىدىمۇ؟ ئەزرائىل ئەلەيهىسسالام ئالدى-

راش ئوخشامدۇ ، ئۇ ياكى بىرىگە تارتىشامدۇ ؟ — دەپ قويائتى .

— ئەلا ، رازىيە دېگەنلىرى كىمكى ، بالىلىرىمدۇ ياكى ئايالى
بىلەن دوستىمدۇ ، پات - پات شۇلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدىغۇ ؟

— بۇنىڭ خوتۇن - بالىسى يوق ، — دېدى چاڭگا
ساقال ، — مەن بىلىمەن ، ئەلا دېگىنى بۇنىڭ دوستى — شېرىكى ،
ئۇنىڭ ھەممە شېرىكلىرى تۇتۇلغان ، يالغۇز شۇ ئەلا دېگىنىلا
تۇتۇلماپتۇ .

— سىز نەدىن بىلىسىز ؟

— بىزنىڭ تەشكىلاتتىن بىرى مۇشۇ ئەلا دېگەننى چېكىپ
كۆرگەن . ئۇ جازالانغان ، بىلىملىك ئادەم . بىز ئۇنى ھۆكۈمەت-
كە قارشى ئادەم ھېسابلاپ ، تەشكىلاتقا تارتىش ئۈچۈن سىناپ
باققان - دە !

— ھە ، سىناقتىن ئۆتتىمۇ ؟

— نەدىكىنى ! ئۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىزىلۋاش ، ۋەتە-
نىم ، خەلقىم دەپ سۆزلەيدىغىنىدىنكەن ، بىزگە لازىمى بۇ ھۆكۈ-
مەتنى چىش - تىرناقلىرى بىلەن تالايدىغان ، دىنغا ، مىللەتكە
سادىق ئىسلام ئەھلى .

— ئەمدى سىلەرنى ئاتىدۇ . تەشكىلات قۇرغىنىڭلارغا ئىقرار
ئىكەنسىلەرغۇ - ھە ، دۆلەت بايرىقى ، دۆلەت قانۇنى دېگەنلىرىڭلار-
نىمۇ تاپشۇرۇۋپسىلەرغۇ ؟ — ياش يىگىت بوۋاينى مازاق قىلىپ
كۈلدى .

— بۇلارنى سەن نەدىن بىلدىڭ ؟ سەن بىزنىڭ ئىشىمىزنى
نېمىگە سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىسەن ؟ خەپ توختا ، مەن سېنى ئۆلتۈر-
گۈزۈۋەتمىسەم !

چاڭگا ساقال قاتتىق ئاچچىقلاندى .

بىر ھەپتىدىن كېيىن ھاشىر ھوشىغا كېلىپ غىزالاندى .
ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، كۆز چاناقلىرى كۆكىرىپ كەت-

كەن ، ئىككى قوۋۇزى ئىچىگە كىرىپ ، بۇرنى قىڭراقتەك بولۇپ
قالغانىدى . ئۇ گەز باغلىغان لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ ، چە-
رايلىق يىگىتتىن سورىدى :
— ئېتىڭ نېمە ، ئۇكام ؟
— رەخمەتجان .
— نەچچە ياشقا كىردىڭ ؟
— يىگىرمىگە .
— ئوقۇغانمۇ ؟
— تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تۈگەتكەن .
— نېمە ئىش قىلىسەن ؟
— چورنىڭ ، دادام ئىككىمىز ئۆيدە دۇكان ئېچىپ خۇرۇم
چىگرىن ياساپ ، شلىيا - قامۇت ، ئېگەر - جابدۇق تىكەتتۇق .
قىزىل قوغدىغۇچىلار دۇكانلىرىمىزنى چېقىپ سۇندۇرۇپ ،
خۇرۇم - چىگرىنلىرىمىزنى بۇلاپ كېتىپ ، ئون بىر جان ئادەمگە
جان باققۇدەك يول قويمىدى . مەن تۇرمىگە كىرگەندىن كېيىن
داداملارنى نىلقا ناھىيىسىگە تاغ ئىچىگە چۈشۈرۈۋېتىپ ، ئۆيىمىز-
نىمۇ تارتىۋاپتۇ .
— بۇلار توغرا ئەمەس ، رەخمەتجان ، سەۋرى قىلايلى ، ۋەزى-
يەت ئۆزگىرىدۇ ، جاھان بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى بولىدۇ ، پرولېتارى-
يات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاخىرلىشىشقا ئاز قالدى . ئىنقىلا-
بىي كومىتېت قۇرۇلدىغۇ ، ئەمدى بىزنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىمىز ھو-
قۇق يۈرگۈزۈۋاتىدۇ دېگەن سۆز . بىز يېقىندا تۇرمىدىن چىقىمىز .
بىزنىڭ ئورنىمىزغا بىزگە قەست قىلغانلار قامىلىدۇ . مەن چوقۇم
يەنە پارتىيە خىزمىتىنى ئىشلەيمەن . شۇ چاغدا ، سېنىڭ ئاتا -
ئاناڭنى قايتۇرۇپ كېلىپ ، ئۆيۈڭنى ، مۇسادىرە قىلىنغان مۈلكۈڭ-
نى قايتۇرۇپ بېرىپ ، زىيانلىرىڭنى تۆلىتىپ بېرىمەن . سەن ئە-
شەنگىن ، بۇ ۋاقىتلىق ئوقۇشماسلىق ، بىزنى ئاقلايدىغان ئادىل

ئادەملەر ناھايىتى كۆپ . ئالدى بىلەن داھىيمىز ماۋجۇشى ئۆزى بىزنى ئاقلايدۇ .
— ئۇ كىشى بېيجىڭدا تۇرسا .
— ئۆزى بېيجىڭدا بولغىنى بىلەن يولىيورۇقى ، سىياسىتى كېلىدۇ ئەمەسمۇ ؟
— بىزنىڭ ئۆيىنى بۇلاپ - تالىغانلارمۇ ، بىز ماۋجۇشىنىڭ يولىيورۇقىنى ئىجرا قىلىۋاتىمىز دېيىشىپ ، ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۇزۇندى ئوقۇغانتىغۇ ئەمىسە ؟
— ئۇ چاغدا خاتا لۇشيەننى ئىجرا قىلغۇچىلار داھىيمىزنىڭ يولىيورۇقلىرىنى بۇرمىلىغان ، لېكىن پارتىيىمىز بۇ خاتا خاھىشنى ۋاقتىدا تۈزەتتى .
— ھازىرچۇ ؟ تۈزەتكەن بولسا ، يەنە نېمىشقا دادامىلارنى قايتۇرۇپ كەلمەيدۇ ، بىزنى نېمىشقا قويۇپ بەرمەيدۇ ؟
— سەن ئىشەنگىن ، چوقۇم قويۇپ بېرىدۇ . ئىنقىلاب يولى ھامان ئەگرى - توقاي ، بوران - چاپقۇنلۇق بولىدۇ . ماھىيەتلىك نەرسىلەر بىلەن ماھىيەتلىك بولمىغان نەرسىلەر ، ئاساسىي ئېقىم بىلەن تارماق ئېقىم ئايرىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ . لېكىن ، رەخمەتجان ، ئىشەنگىن ، كەلگۈسى پارلاق ، گۈزەل !
ئۇ بۇ ئاخىرقى سۆزى بىلەن رەخمەتجاندىنمۇ كۆرە ئۆزىگە تەسەللى بەرمەكتە ، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىككە تەلپۈنگەن يۈرىكىنى سەۋر - تاقەت ۋە غەيرەت - شىجائەتكە ئۈندىمەكتە ئىدى . مۇشۇنداق چاغدا كۆڭۈل ئارزۇسىنى كۈچلۈك تىل بىلەن ئىپادىلەيدىغان شېئىر مىسرالىرى ئەجەب زۆرۈر ئىدى ، لېكىن ھاشىر شېئىر يادلاشنى ئانچە ياقتۇرمايتتى . ئۇ ئەلانى ئەسلىدى ، ئۇ بولغان بولسا قانداق ئاجايىپ مىسرالارنى يادلىغان بولار ئىدى - ھە ؟
ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىدا يادلىۋالغان مىسرالىرىدىن ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغانلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆردى :

تېگىرقىمايمەن دوستلار، تىلەيمەن ئالىي تىلەكلەرنى.<br>
چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۇرغان بۇ بىلەكلەرنى.<br>
مەرد باغۋەن خازان قىلماس، ۋاقىتسىز باغنى،<br>
تەربىيىسىز سولدۇرۇپ گۈل ـ چېچەكلەرنى!

— باغۋىنىڭ گۈل ـ چېچەك تۈگۈل، يۇمران مايسىلىرىمۇ تۈگەتتى، يەنە نېمىدەپ باغۋىنىڭنى تىلغا ئالىسەنەي!

ھاشىر بوۋايغا ئالىيىپ قاراپ قويدى ـ دە، گەپ قىلمىدى. بوۋايمۇ ئارتۇق گەپ قىلماي ياماۋاتقان چاپىنىنى تىزىغا قويۇپ ئۇھ تارتتى ـ دە، ساقىلىنى تاتىلاپ خىيالغا پاتتى.

ھاشىر ئۆزىنىڭ سول يېنىدا ياتقان كەم سۆز ،نامازدىن باش كۆتۈرمەيدىغان قارا ساقال ئادەمدىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى: ئۇلار بىنەمگە چىقىپ قۇربان ھېيت نامىزىنى يوشۇرۇنچە ئوقۇۋاتقىنىدا، بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، ياشلار ئۇلارنىڭ قۇرئان، سەللىلىرىنى تېپىپ ـ يىرتىپ، كۆيدۈرۈپتۇ، ئۆزلىرىنى باغلاپ، ئۇرۇپ كوچا چۆرگىلىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جېنىدىن جاق تويغان بۇ ئىسلام دىنىي مۇخلىسلىرى كونا قەبرىستانلىق ئىچىگە توپلىنىپ، خۇدا يولىدا جەڭ قىلىپ ئۆلۈشكە قەسەمياد قىلىشىپتۇ ۋە «شەيخۇلئىسلام» ناملىق تەشكىلات قۇرۇپتۇ. ئۇلار تېخى ئەمدىلا ھەرىكەت باشلىشىغا، بىر دېھقان يىگىت ئۇلارنى پاش قىپتۇ ـ دە، يىغىن ئېچىۋاتقان يېرىدە ھەممىسى بىراقلا قولغا چۈشۈپتۇ.

— چۈمۈلىنىڭ دەرەخنى لىڭشىتىشى دېگەن شۇ، — دېدى ھاشىر ئۇلۇغ تەرىپىگە ئۆرۈلۈپ يېتىپ، — بۇلارغۇ جىنايەتچى ئىكەن، بىزچۇ؟ بىز نېمىشقا بۇلار بىلەن بىر كامېرغا سولاندۇق؟ بىزنىڭ قىلمىشىمىز نېمە؟ مېنىڭ دېھقانلار تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، خەلق گۈڭشېلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ماۋجۇشىغا

يازغان ھېلىقى خېتىمنى بىرى قولىغا چۈشۈرۈپ بۇرمىلىغانمىدۇ؟ ئۇلار مېنى ئەكسىلئىنقىلابچى دېيىشىنىلا بىلدى، قىلمىشىمنى ئېيتمىدى، مەن زادى نېمىلەرنى خاتا قىلدىم؟ ياكى ھېلىقى ئوسمانلارنىڭ «ئادۋوكات» دېگەن تەشكىلاتىدىن چاتاق چىقىپ، ئۇ قوشماي مېنى تۇتۇپ يۇرۇشەمدۇ؟ لېكىن، ئۇ تەشكىلاتمۇ تارقالغىلى بىر يىل بولدىغۇ!...

ئۇ ئۆزىنىڭ تۇتۇلغان كۈنىنى ئەسلىدى: شۇ كۈنى ئۇ «شەرق قىزاردى — 75» تىن تۈتنى ئېلىپ، تاغ ئېغىزىغا يول ئېچىشقا باردى، كەچ كىرگۈچە قار كۈرىگۈچىلەر بىلەن بىللە بولدى، كەچتە چانا بىلەن قايتىپ كېلىپ سىياسىي كومىسسارغا چارۋىلارنى قوتقۇزۇشنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ئۇ ياتىقىغا قايتىپ چىقىپ ئەمدىلا باجىڭگىرىنى سېلىپ، پايتىمىلىرىنى قورۇتماقچى بولغاندا، دېرىزىسىگە يالت - يۇلت قىلىپ قولچىرىغىنىڭ نۇرى چۈشتى. ھاشىر ھاراقكەشلەر كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئىشىكنى يوغان ئېچىشىغا، ئۆيىگە ئىككى دانە يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقنىڭ ئىستىۋۆلى كىردى - دە، تۈشمۇتۇشتىن:

— قولۇڭنى كۆتۈر! — دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى ۋە ئىشىك - دېرىزىلەردىن قوراللانغان ئادەملەر كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ھاشىرنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، ئورۇن - كۆرپىسىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ ياتاقتىن چىققاندا، ھاشىر ئۆگزە، ھويلا، دەرۋازىلاردىكى تىكلەكلىك پىلىموت، تەڭلەكلىك ئاپتومات - مىلتىقلارنى كۆردى، ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئۇنى كىچىك ماشىنىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپ، ئىككى يېنىدا ئىككى نەپەر يالىڭاچ تاپانچا تۇتقان يىگىت، ئالدىدا ئاپتومات بىلەن قوراللانغان بىر يىگىت قورال تەڭلەپ ئېلىپ ماڭدى. ھاشىر ئالدىدا، بىر ماشىنا كەينىدە، بىر ماشىنا قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ

ناھىيە تۈرمىسىگىچە بىللە ماڭغانلىقىنى كۆردى . «نېمانچە سۆرلۈك ، — دەپ ئويلىغانىدى ھاشىر ئۇ چاغدا ، — ماڭا بىرلا ئادەم كۇپايە ئىدىغۇ ، مېنى تولىمۇ دەھشەتلىك دۈشمەن ھېسابلىغان ئوخشىمامدۇ ؟...» ئۇ چاغدا ، گەرچە ئۇنىڭ تۇتۇلۇشى ۋەھىمىلىك بولسىمۇ ، ھاشىر زادىلا قورقمىغان ، چۈنكى ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئۇقۇشماسلىق ئىكەنلىكىگە قاتتىق ئىشەنگەن . ئۇ قورال تۇتقان مۇھاپىزەتچىلەرگە يېقىملىق كۈلكىسى بىلەن تىكىلىپ قاراپ ، ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ، ئۇلارنىڭ خاتالىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغانىدى ، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىمىدى .

ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلدى . كامېردىكىلەر ئىشىككە قاراشتى . ئىككى نەپەر تۈرمە مۇھاپىزەتچىسى كىردى - دە ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ۋارقىرىدى :

— شامال يېيىشكە ! — دېدى بىرى ئۇيغۇر تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەپ .

— فاڭ فېڭ ! — دېدى يەنە بىرى تەستە كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتۇپ .

سىياسىي مەھبۇسلارنى ئادەتتىكى مەھبۇسلاردىن ئايرىم جايدا ھاۋالىتىدىكەن . ھاشىرنىڭ بىرىنچى قېتىم سىرتقا چىقىشى بولغاچقا ، سوغۇق ، لېكىن يېقىملىق باھار ھاۋاسى بۇرنىغا پۇرىغاندا ئۇنىڭ بېشى ئايلاندى . قۇياش تازا چىڭقىچۇش بولغان ، سۈزۈك ئاسمان ئاجايىپ يېقىملىق ۋە سىرلىق ، ئېگىز تېرەكلەرنىڭ شاخلىرىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان سۈزۈك قارلار ئۇنىڭغا كەڭرى ئىلى ۋادىسىنى ، سېرىق تال ئېتەكلىرىنى ، چەكسىز بىنەملىكلەرنى ئەسلەتتى . ئۇنىڭ جۇدەڭگۈ ، خارلانغان يۈزىگە سېخىي قۇياش نۇرىنى تۆككەندە ، ئۇنىڭغا ھايات ، ئەركىنلىك ، ئىنسانىي غۇرۇر شۇن-

چىلىك قىممەتلىك بىلىندىكى ، ئۇ نۇرغۇن چاغلاردا ئۆزىنىڭ بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى قەدىرلىمىگەنلىكىنى شۇ چاغدىلا ھېس قىلدى . نېمىشقا ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بەختىگە سەل قارىدى؟ نېمىشقا رازىيەنىڭ مۇھەببىتى ، ئىنساني قەدىر - قىممىتى ئالدىدا مەردانىلىك بىلەن پەيدا بولمىدى؟ قىز ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان ئاشۇ چاغلاردا ، ئۇ نېمە ئۈچۈن سۇنئىي قەيسەرلىككە بېرىلىپ ، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ كېرىلىپ ، گۈزەل ياشلىقىنى سوغۇق چىراي كۈتۈۋالدى؟ ھاياتتا بىرلا قېتىم بولىدىغان ئۇ دەقىقىلەر ئەمدى تەكرارلىناتتىمۇ؟ ئەلانى نېمىشقا ھەدېسىلا ئەيىبلەۋەردى . ئەمدى نېمىشقا نەق ئاشۇ «ئەيىبلىك» ئاغىنىسى ھەدېسىلا كۆز ئالدىغا كېلىۋالىدۇ؟ ناۋادا ، ھاشىر گۈزەللىكتىن ، كىشىلىك تۇرمۇشتىن ، قۇياش نۇرى بىلەن گۈزەل تەبىئەتتىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلىپ ، مۇنۇ سېسىق ، چۈسا - بۇرگىلىك ، قاراڭغۇ زىندانغا تاشلانمىغان بولسا ، ئۇ ھايات ، تەبىئەت ، قۇياش ۋە ئىنساني مۇھەببەت توغرىسىدا شۇنچىلىك ئىچكىرىلەپ ئويلىمىغان ، ئۆز ئەيىبلىرىنى بۇنچىلىك چوڭقۇر ئويلىمىغان بولاتتى .

— ھاشىر ئاكا ، — دېدى رەخمەتجان دۇپدۇگىلەك ، قوي كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، ھاياجان بىلەن ، — مەن ئاۋۇ ئىشىكتىن چوڭ ھويلىغا قايناق سۇ ئەكىرىشىپ بەرگىلى ساقچى بىلەن بىللە چىققانىدىم ، قايناق سۇ ئېلىۋېتىپ چىرايلىق بىر ئايالنى كۆردۈم . ئۇ ئايال ماڭا ئېگىشىپ پىچىرلاپ ، مەن رازىيە ، ھاشىرغا سالام دەڭ ، دەپ قويۇپلا كېتىپ قالدى .

— رازىيە ! — دېدى ھاشىر ھاياجاندىن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، — تېخىچە چىقماپتۇمۇ؟ ھە ، يەنە نېمە دېدى؟

— مېنىڭ ئىسمىمنى ۋە ئادرېسىمنى سورىدى ، ئېيتىپ بەردىم . ئۇ ئايال خېلى ئەركىن ئوخشايدۇ !

— ئۆزى قانداقراق ؟

— چىرايلىقكەن ، بولۇپمۇ كۆزلىرى ، لېكىن چېچى ئاقىرىپ قاپتۇ .

ھاشىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى . ئۇ ھازىرلا مۇسابىقىگە چۈشىدىغان تەنتەربىيىچىدەك جانلاندى . ئۇنىڭ رازىيەنىڭ ئىسمىنى تولۇقلىغۇسى ، ناخشا ئېيتقۇسى ، بارلىق تارتقۇلۇقلىرىنى ئۇنتۇپ قاقاقلاپ كۈلگۈسى كەلدى . لېكىن ، ئۇنىڭغا يول يوق ، چۈنكى بۇ تۈرمە .

## 4

گۈزەلئاي ھالقىسىنى سېتىپ تۆت ئاي قىشنى يېمەك - ئىچمەكتىن ئانچە قىينالماي چىقىرىۋالغانىدى . مانا مارت ئېيى كىرىپ ، قار سۇلىرى ئۆگزىلەردە چوكا مۇز پەيدا قىلىپ ئېرىپ ئېقىشقا باشلىغان كۈنلەر كېلىۋىدى ، قىرىشقاندەك نە ئۇنى ، نە مېيى قالمىدى . ئوغلى ئەتىگەندىن بېرى نانىنىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلىۋەتتى . ئۇ ئوغلىنى يېتىلەپ دائىم نان ئالىدىغان تونۇش ناۋايىنىڭكىگە ئامالسىز قورۇق قول بېرىشقا مەجبۇر بولدى . ناۋايخانىدىن پۇرقىراپ ھور چىقماقتا ، ئۆچىرەتتە تۇرغان ئادەملەر كۆپ . ئۇلار قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ ، قاراڭغۇ قىشنىڭ ئاخىرقى سوغۇقلىرى بىلەن ئېلىشماقتا . مانا ئۆچىرەت گۈزەلئايغا كەلدى . ئۇ تونۇش ئۇستامغا قاراپ قويۇپ بىر كىلو ئاشلىق بېلەتنى سۇندى . بىر كىلو بېلەتكە بەش نان كېلىدۇ ، بەش نان ئۈچۈن يەتمىش بەش تىيىن تۆلەش كېرەك . ئۇستام ئايال كىشىنىڭ ئىللىق قارىشىدىن ئەھۋالنى چۈشەندى - دە ، ئىسسىق قولى بىلەن بېلەتنى ئالغان بولۇپ گۈزەلئاينىڭ مۇزدەك قولىنى قىسىپ قويۇپ بەش ناننى

تۇتقۇزدى . بالا خۇشال بولۇپ يېرىم نانني ئۇشتۇپ يېيىشكە باشلى-
دى . «قورۇلۇشلاردا ئىش باشلاشقا تېخى بىر ئاي بار ، — دەپ
ئويلىدى گۈزەلئاي تېۋىت ياغلىقىنى كۆزىگىچە چۈشۈرۈۋېلىپ ، نان
سېلىنغان سومكىسىنى كۆكرۈلىسىزلا پۇلاڭلىتىپ ، — بىر ئايغىچە
نېمىنى خىراجەت قىلارمەن؟ ئۆگزىدىكى قار ئېرىگىلى تۇردى .
قىشتىن بېرى بىرەر قېتىم قار ئادالمىدىم . كىمگە يېلىنسام
بولار؟ ئەر خەق دېگەننىڭ قاندىقىغا چىراي ئاچسا ، شۇ هامان
ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارايدىكەن ، ئەلى تېزرەك چوڭ بولسى-
مىغۇ ، ئوغلۇم قاچانمۇ ئاناڭنى غەمدىن قۇتۇلدۇرارسەن... »

ئۇ ناۋاينىڭ كىچىككىنە ياخشىلىق ئۈچۈن ، ئۇنىڭ بەدىنىدىن
ئۆز هالاۋىتى ئۈچۈن نەپ ئىزدىگىنىگە غەزەپلەندى . دۇرۇس ،
گۈزەل ئايالنىڭ سوغۇق قولىمۇ بىر ئەرگە زور راهەت بېغىشلىيا-
لايدۇ . لېكىن ، ئۇ ئەر بولغۇچى ئۇنىڭغا راهەت بېغىشلىغۇچىنىڭ
بۇ بەدىلى ئۈچۈن ئازاب چېكىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمىدى؟
بولۇپمۇ گۈزەلئايدەك نازۇك ، هېسسىياتچان ئاياللار تېخىمۇ شۇن-
داق . ئۇ دائىم دوستلىرىغا : «مەن دۇنيادا ئەڭ يىرگىنىدىغان
نەرسە ئەرلەر ، ئۇلارنىڭ هەرقاندىقىدىن يىرگىنىمەن . نېمىشقا
دېسەڭلار ، ئۇلار ئۆز نەپسى ئۈچۈن سىزنىڭ مەيلىڭىزنى بىر تىيىن-
گە ئەرزىمەس قىلىۋېتىدۇ . بۇ قىلىقى بىزنى ئادەم كۆرمىگىنى»
دەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ ئەلادىن ئايرىلغاندىن بېرى ئەرلەرگە
هاجەتمەن بولۇپ يېلىندى ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە سوغۇق
جاۋاب بەردى . ئەرلەر جەمئىيەتتە باشقۇرغۇچى ، ياراتقۇچى ۋە قوغ-
دىغۇچى ئورۇندا تۇرىدىكەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئايالنىڭ ئۇلارغا
هاجىتى چۈشمەي قالمايدىكەن . شۇنىڭ بىلەن ئەرلەر يەنە شەخسى-
يەتچى ، خىيانەتچى ، بۇلاڭچى ئىكەن . ئاياللار ياشاش ئۈچۈن گاهى-
دا ئۆزى يامان كۆرىدىغان ئادەملەرگە يېلىنىشقا ، گاهىدا ئۆزىگە
ياخشىلىق قىلغان ئادەملەرگە ئالىيىشقا مەجبۇر بولىدىكەن... ئۇ

بەش ناننى نېسىگە ئېلىپ، ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزلەرگە قىيا كۆزى-
نى سالماستىن، سوغۇقتا قىزارغان يۈزىگە قاپقارا سايە تاشلاپ
تۇرغان ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى چىمىلدىتىپ، ئېڭىكىدىن چىگىۋال-
غان تىۋىت ياغلىقى تېخىمۇ ئوماق كۆرسىتىدىغان نېپىز لەۋلىرىنى
ھەم يۇمۇپ، پاتقاقلىق كوچىدا چېتىك - كالاچ كىيگەن ئاياغلىرى-
نى تېز - تېز يۆتكەپ كېتىپ بېرىپ، ئازاب بىلەن ئاشۇلارنى
ئويلىدى. ئوي - خىيالى چوڭقۇرلاشقانسېرى، كۆز ئالدىغا يەنە
بىرمۇنچە ئىشلار تىزىلىپ كەلدى. بىر تونىنا كۆمۈر ئوتتۇز نەچچە
سوم، مۇنۇ ئوقۇۋاتقان ئوغلىنىڭ يازلىق كىيىم - كېچىكى
ئۈچۈن يىگىرمە - ئوتتۇز سوم كېتىدۇ. ئون - ماي، يازلىق
ئاياغ... بىرەر يۈز سوم بولمىسا، ئەتىيازغا چىققىلى بولمايدۇ.
مۇقىم ئىش ئورنى يوق، يازچە يەنە قۇرۇلۇشتا ئىشلەش كېرەك.
جاننى ئۈپراتماسلىق ئۈچۈن يەنە بىر ئۇستىغا يېلىنىشقا، شۇ يول
بىلەن يەڭگىلرەك ئىش تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. نېمىلا قىلمىسۇن،
بىر ئايال كىشى ئەرلەرسىز راھەتكە، ھەتتا بەختكە ئېرىشكىلى
بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئىسىت، بۇ ھەقىقەتنى ئۇ نېمىشقا بۇرۇن-
راق، ھېچبولمىسا بۇنىڭدىن ئالتە - يەتتە يىل بۇرۇن
بىلمىدى - ھە؟ گۈزەلئاي بۇرۇن، ئەر تۇغۇل، ئاتا - ئانامغا
يۆلەنمەيمۇ جەمئىيەتتە ياخشى ياشىيالايمەن، ماڭا ھەرقانداق جايدا
ئىستىقبالنىڭ ئىشىكى ئوچۇق دەپ ئويلايتتى. ئۇ چاغلاردا، ئۇ
ئۆزىنى ئالاھىدە قابىلىيەت ۋە پەزىلەت ئىگىسى ھېسابلايتتى، ئۇ
ئۆزىلا جۈرئەت قىلالىسا، بىرەر ناھىيىگە بېرىپ سەنئەت ئۆمىكىدە
ناخشا ئېيتسا، ئىككى - ئۈچ قېتىملىق ئويۇن قويۇشتىن كېيىن
داڭق چىقىرىپ دەۋرنىڭ نۇرلۇق چولپانلىرىدىن بولالىشىغا ئىشى-
نەتتى. لېكىن، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر، 1961 - يىلى قايتىپ كەلگى-
نىدىن تارتىپلا بىرەر مەكتەپتە سەنئەت مۇئەللىمى بولۇشنى ئارزۇ
قىلىپ قالدى. دوستلىرى ئۇنىڭدىن:

— شۆنچە تالانتىڭ بىلەن نېمىشقا سەنئەت ساھەسىدە داڭق چىقىرىشقا ئۇرۇنمايسەن؟ — دەپ سورىغاندا، ئۇ مەيۈسلىنىپ:

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئارتىس بولىمەن دەپ ئوقۇدۇم، نېمىشقىدۇر سەھنىگە چىققۇم كەلمەيدۇ، — دەيتتى.

بىر كۈنى ئەلانۇر ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ:

— سەن كىمگە تارتىشىپ ئاتا - ئاناڭ بىلەن چەت ئەلگە كەتمەي قېپقالدىڭ؟ — دەپ سورىدى. گۈزەلئاي بىردىنلا ئۆزگىدى - دە، سوغۇقلا قىلىپ:

— ۋەتىنىمگە تارتىشىپ! — دېدى.

— نېمىشقا ئارتىسلىق قىلماستىن سەنئەت مۇئەللىمى بولدىمەن دەيسەن؟

— تاڭ.

— بىرىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچىمۇ؟

— ھېچكىم بىلەن چاتىقىم يوق! — دېدى گۈزەلئاي بىردىنلا قىزىرىپ، — نېمە، سەن ھە دېسىلا مەندىن غەلىتە سوئاللارنى سورايسەن؟

— مېنى بىلمەيدۇ دېمە، ئاتا - ئاناڭ شۇنچە زورلىسىمۇ بىللە كەتمەي قېپقېلىشىڭ، سەنئەت ئۆمەكلىرى ناخشىچىلىققا ئالىمىز دېسىمۇ، ئارتىس بولماي مۇئەللىم بولىمەن دەپ تۇرۇۋېلىشىڭ، بىر كىشى ئۈچۈن! سەن ئۇنى تولىمۇ...

— بولدى قىلە، نېمانداق ئەدەيدىغاندۇ!... — گۈزەلئاي كۆزىگە ياش ئېلىپ تەتۈر قارىدى. ئەلانۇر دوستىنى مەھكەم باغرىغا باستى.

بۇ گەپلەرنىڭ بولغىنىغا ئۈچ - تۆت يىل بولۇپ قالدى. مانا ھازىر گۈزەلئاي ئوتتۇز ياشلىق راسا ھۆسنىگە، ئەقىلغا تولغان چوكان، ئوغلى ئەلى ئوقۇيدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا بولغان ئارزۇسىنى ئوغلىغا «مۇئەللىم» بولۇش بىلەن قاندۇرۇپ

كېلىۋاتىدۇ . ئۇ بويىنى قاتتىقلىقىدىنمۇ ياكى يولنى خاتا تاللىۋالدى-
مۇ ، ھازىرغىچە ئىشىنىمىز . ئۇ نۇرغۇن قېتىم مۇناسىۋەتلىك ئورۇن-
لارغا ئىش ئىزدەپ باردى . جاۋاب ئاددىي :

— دۆلەت شتاتىدىكى ئادەملىرىمىز بىكار يۈرۈۋاتىدۇ ، سىڭ-
لىم ، كۆرۈپ تۇرۇپسىز !

راست ، دېمىسىمۇ گۈزەلئاي كۆرۈپ تۇرۇپتۇ . مۇئەللىملەر
ئۆي ئىشى ، مېھماندارچىلىق بىلەن ، ئارتىسلار ، بىر - بىرىنى
پاش قىلىش بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ . ئۇلارغا قارىغاندا گۈزەل-
ئاينىڭ قۇرۇلۇشتا ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزگىنى كۆڭۈللۈك ، لېكىن
ئىنسان ئۆمرىنىڭ چېكى بار - دە . گۈزەلئاينىڭ قىزلىق چاغلىرى
قانداق تېز ۋە كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتتى - ھە؟ ئەمدى
مۇنۇ قىران چاغلىرى لاي - كېسەك توشۇش بىلەن ئۆتۈپ كەتسە ،
موماي بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئەتىۋارلايدىغانلار قانچىلىك چىقار .
ھېلىقى كومىسسىيونچى ئەجەب چىرايلىق ، پۇلدار ، مۇلايىم ئادەم-
كەن . ئۇنىڭ ئەلچىلىرىنى قايتۇرىۋەرگىنى ئۈچۈن كېيىن پۇشاي-
مان قىلىپ قالارمۇ؟ مانا بۈگۈن يۈز سوم پۇل ئۈچۈن قايسى
كىيىمىنى ساتسام بولاركىن دەپ باش قاتۇرۇۋاتىدۇ . ھاياتتا باش
قاتۇرمايدىغان ، خۇشال - خۇرام كۈن ئۆتكۈزىدىغان يول كۆپ .
بولۇپمۇ ، گۈزەلئايدەك چىرايلىق ، خېرىدارلىق ئاياللارغا بۇنداق
يول كەڭرى ، راھەت - پاراغەت سارايلىرىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق .
ئۇ نېمىگە تارتىنىدۇ؟

ئۇ باش - ئۇچى يوق خىياللار بىلەن ئۆيگە كېلىپ ، ئوغلىغا
ئەتىگەنلىك چاي بېرىپ مەكتەپكە يولغا سېلىش ئۈچۈن ، ئۇنى
كىيىندۈردى . ئوغلى چىرايلىق ، ئەقىللىق ، خۇشخۇي ، گۈزەلئاي
بالىسىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ . ئۇ كېچىلىرى ئويغىنىپ چە-
راغنى ياندۇرۇۋېلىپ ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوماق ئوغلىنىڭ چىراي-
لىق كۆزلىرىگە سۆيىدۇ ، يۈزىنى - يۈزىگە ياقىدۇ ، كېچە -

كۈندۈز بىللە يۈرسىمۇ ئوغلىغا قانمايدۇ، يۈرىكىنىڭ بىر يېرى پېژىلداپ كۆيۈپلا تۇرىدۇ. مانا ھازىر ئوغلىنى ياساپ كىيىندۈرۈپ بولۇپ، قايتا - قايتىلاپ سۆيدى - دە، كۆزلىرىگە تىكىلىپ:

— ئەلى، ساڭا دادا تېپىپ بېرەيمۇ، بالام؟ — دېدى ئۆزىمۇ ھۆپپىدە قىزىرىپ، — ئۆگزىدىكى قارنى كىم ئادالايدۇ، كۆمۈرنى كىم توشۇيدۇ، بىزگە كىم پۇل تېپىپ بېرىدۇ؟ داداڭ بولمىسا بولمايدىكەن، بالام!

ئوغلى ئانىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى دەرھال چۈشەندى، ئۇ ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىگە غىللىدە ياش ئالدى - دە:

— ئەلا دادام كېلىدۇ، يا بولمىسا بىز ئۇنىڭ يېنىغا، يېزىغا كېتەيلى! — دېدى.

گۈزەلئاي بالىسىنى باغرىغا بېسىپ ئۇزاق يىغلىدى.

ئۇ ساندۇقتىن كىيىملىرىنى ئېلىپ كونا گىلەم ئۈستىگە يايدى، كاستۇم، پەلتولارنى كىيىش چەكلەنگەن، ئۇنى ئالىدىغان ئادەم يوق. يىپەك، دۇخاۋا، ئەتلەس، گىرىپتىشىن، شىپۇن دۇخاۋىلار قانچىلىك پۇلغا يارىشى مۇمكىن؟ ئاۋۇ تامدىكى گىلەمنى ساتسىچۇ؟ ئۇ گىلەم ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ تويىغا قىلغان سوۋغىسى، گۈزەلئاي ئۇنى ئوغلى ئەلىنىڭ تويىغا ئاتاپ قويغان، ياق، ئۇنى سېتىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پۇلغا يارىغۇدەك ھېچ نەرسە يوق. بىرىدىن يۈز سوم قەرز سورىسىچۇ؟ كىمدىن؟ يەنە ئەرلەردىنمۇ؟ ئۇ ئاياللارنى ئەسلەپ كۆردى. قەرز بېرەلىگۇدەك بىرىنى تاپالمىدى. ھېلىقى كومىسسىيونچىنىڭ ھەدىسىچۇ؟ ئۇ ئايالغۇ، بىراق ئۇنىڭ پۇلىنى ئالدى دېگەن سۆز، ئۇلاردا ئۈمىد پەيدا قىلدى دېگەن سۆز. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا ئەلانۇر كەلدى، ئۇ يېقىندا ئۆرۈمچىگە بېرىپ كەلدى، بىرنەچچە ئايلىق مائاشى يىغىلىپ قاپتىكەن، خېلى پۇل بىلەن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، زۇلخۇمارنىڭ دېيىشىچە، تويىغا ساقلاۋاتقان پۇلىمۇ بار ئىدـ

كەن . گۈزەلئاي قەرز پۇل بېرەلەيدىغان ئاياللىڭ تېپىلغىنىغا خۇشال بولۇپ كىيىم ـ كېچەكنى رەتلەپ قايتىدىن ساندۇققا سېلىۋاتقاندا ، بىرى دالان ئىشىكنى چەكتى . گۈزەلئاي دەرھال ئەينەككە قارىدى ، قاتلىشىپ قالغان ياقىسىنى ئوڭلاپ ، قاشلىرىنى چىمدىپ ـ يىمىرىپ قويۇپ ئىشىككە ماڭدى .

— قارلىغاچ كەلدى ، ۋىچىر ـ ۋىچىر قارلىغاچ ، ئىشىك ـ دېرىزەڭنى ئاچ ! ھا... ھا... ھا ! ... — قاقاقلاپ كۈلۈپ زۇلخۇمار كىرىپ كەلدى .

— ئەجەب ياخشى كەلدىڭا ! — دېدى گۈزەلئاي ئۇنى يەڭگىل قۇچاقلاپ قويۇپ ، — بالىلىرىڭ تىنچلىقمۇ ؟

— بالىلارغۇ تىنچ ، — دېدى زۇلخۇمار ، بىردىنلا كۆزىگە ياش ئېلىپ ، — ئوسماننى تۇتۇپ كەتتى . بىر ماشىنا قوراللىق ئادەم ئۆيىمىزنى قورشىۋېلىپ ، بىچارە ئوسماننىڭ قوللىرىنى قايرىشتۇرۇپ ... — زۇلخۇمار گۈزەلئاينىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى ، — نېمانداق بەختسىز بىز ، دوستۇم ، نېمانداق ۋاقىتتا تۇغۇلۇپ قالدۇق . مۇشۇمۇ كۈنمۇ ، مۇشۇمۇ تۇرمۇشمۇ !

گۈزەلئايمۇ دوستىنىڭ دولقۇنلۇق سارغۇچ چاچلىرىنى سىلاپ بىللە يىغلىدى . ئۇلار كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ گەپ ـ سۆز قىلىشماي ئۇزاق يىغلاشتى . ئېسەدەشلەر تۈگىگەندىن كېيىن گۈزەلئاي تەسەللى بەردى :

— ھەممىمىزلا شۇم پېشانە ئىكەنمىزغۇتاڭ ، يەنە كىملەرنى تۇتۇپتۇ ، رازىيە بىچارىچۇ ؟

— تېخى ئاڭلىمىغان ئوخشىمامسەن ؟ ئاۋۋال ناھىيىدىن قۇرماشنى ، بىر ئاي بۇرۇن ھاشىرنى تۈرمىگە ئاپتىكەن ، ساۋۇتوف ، ھېلىقى ئۇرۇمچىدىن كەلگەن نادىروف ، يەنە بىرقانچە ياشلار بىراقلا بىر ئولتۇرۇشتىلا قولغا ئېلىنىپتۇ . ئەلانى قولغا ئالغىلى چىققان

ماشىنا ھىلىقى زۇلىيا دېگەن شوجىنى تۇتۇپ كەپتۇ. زۇلىيا ئەلانى قاچۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ. بىر شۇم خەۋەر ئاڭلىدىم، بىرنەچچە ئاتلىق ياشلار ئەلانى چەتكە قاچۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان- كەن، چېگرا ساقلىغۇچىلار بىرقانچىسىنى ئېتىۋېتىپتۇ. ئۆلگەن- لەرنىڭ ئىچىدە ئەلامۇ باركەن دېيىشىدۇ، لېكىن جەسەتلەرنى كۆرگەن ئادەم يوق.

زۇلخۇمار ئالدىراپ خەۋەر يەتكۈزگىنىگە پۇشايمان قىلدى. ئۇ گۈزەلئاينىڭ ئەلا بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ مۇ- ھەببىتىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دەپ قارايتتى، شۇڭا گۈزەلئايدا بۇن- چىلىك چوڭ ئۆزگىرىش بولۇشىنى ئويلىمىغانىدى. بۇ ئىشەنچسىز شۇم خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن گۈزەلئاي تامدەك تاتىرىپ، مارجاندەك تۈكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى باشقۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى كۆكىرىپ، چىشلىرى كاسىلداپ، تىلى گەپكە كەلمىدى.

— يا... يا... يالغان!... — دېيەلىدى ئۇ ئارانلا تىترەپ تۇرۇپ، — ئۇ قاچمايدۇ... ئۇ گۇناھسىز...

— تۇتۇلۇۋاتقانلارنىڭ قايسىبىرى گۇناھلىقكەن؟ — دېدى زۇلخۇمار دوستىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، — ساپلا گۇناھسىزلارنى تۇتۇۋاتىدۇ، گۇناھكارلارنى قوغداۋاتىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرگەن، بىز- نىڭ مەكتەپلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرغان، بۇلاڭچىلىق قىلغان، تۆھمەت قىلىپ گۇناھسىزلارنى سولاتقان ئادەم ئەسكىلە- رى ئۆسمەكتە، ئەتىۋارلانماقتا. ئوسمان، ھاشىر، ئەلا، ساۋۇ- توف، نادىروفلار، ھەتتا نى ـ نى قابىلىيەتلىك رەھبەرلەرمۇ قامال- دى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھسىز!

— قويغان گۇناھى نېمىكەن زادى؟ — گۈزەلئاي ئاخىر ئېغىر خورسىنىپ ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ سورىدى.

— بىر مۇناپىق يالغان ئەنزە پەيدە قىپتۇدەك، ئۇنىڭ پاش قىلىشىچە، بىزنىڭكىلەر «تەشكىلات» قۇرغانمىش. بۇ پۈتۈنلەي

يالغان . مەن ئوسماننى بىلىمەن . ئۇنداق ئىشى بولسا ماڭا ئېيتاتتى . «ئادۋوكات» ئاممىۋى تەشكىلات ، ئۇ ئاللىقاچان تارقالغان !

ئۇلار خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى . زۇلخۇمار ئوچۇق سۆز ، گېپى سەل قوپاللىراق ئاڭلانغان بىلەن مۇئامىلىسى سىلىق ئايال بولغاچقا گۈزەلئاي ئۇنىڭ بىلەن دائىم مۇڭدىشىپ تۇراتتى . ئۇلار بۇگۈنمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇمچىگە بىللە ماڭغانلىقى ، يوللاردىكى خاتىرىلەر توغرىسىدا ، ئەلانۇر ، رازىيەلەر ئۈستىدە خېلى ئۇزاق سۆزلەشتى .

— ساڭا چاي قۇيااي دېسەم يا نېنىم ، يا چېيىم قالماپتۇ ، — دېدى ئاخىر گۈزەلئاي خىجالەت بولۇپ ، — تول خوتۇننىڭ ئۆيىدىن رەنجىمەيسەنلا !

— ۋاي سارائەي ، — دېدى زۇلخۇمار بىردىنلا كۈلۈپ ، — ئېسىم قۇرۇسۇن ، مەن ساڭا پۇل ئەكەلگەن ئەمەسمىدىم . ئىككى ئاي بۇرۇن ئەلا يۈز سوم كىرگۈزگەنىكەن . ئوسمان ئىشلىتىپ قويۇپ ، تېخى يېقىندا ئورنىنى قىلىپ قويغان . ئوسماننى تۇتقاندا ، ئۇ ماڭا بۇ پۇلنى ساڭا يەتكۈزۈپ بېرىشىمنى قايتا - قايتا تاپىلىغان ، ئال ، سانىۋال ، نېمىگە قۇرۇنىسەن ، بالاڭنىڭ پۇلى بۇ !

گۈزەلئاي پۇلنى تەسلىكتە ئالدى .

زۇلخۇمار كەتكەندىن كېيىن ئۇ بازارغا چىقتى . كوچا - كوچىلاردا ئەگىز سۈيى ئاقماقتا . قارلىرى تازىلىنىپ ، ھور چىقىپ تۇرغان ئۆگزىلەردە پاختەكلەر گۇگۇكلاشماقتا . شالاڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندا توپ - توپ كەپتەرلەر ئۇچۇشماقتا . نەلەردىدۇر «تات - تات - تات» قىلىپ ئاپتومات ئېتىلماقتا .

تەشلەپكە تۆت كوچىسى چىبەرقۇت چاپانلىق ئوقەتچىلەر بىلەن تولغان . تاقىچى كوچىسىدا كىر جوۋۇلارغا يۆگىنىپ كۆمۈرچىلەر تۇرۇشاتتى . گۈزەلئاي بىر ئۆكۈز ھارۋىسىنىڭ يېنىغا كەلدى . كۆمۈرچى ياش بالا ئىدى .

— بۇ كۆمۈرىڭىزگە نەچچە بەرسەم بولار ، ئۇكام ؟ — دەپ

سورىدى گۈزەلئاي يىگىتتىن .
— يىگىرمە بەش سوم بېرىڭ .
— ئون بەش سوم بەرسەم قانداق ؟
نېرىدا دىشلودىكى كۆمۈرگە قارىشىپ تۇرغان بىرنەچچە ئادەم پىچىرلاشتى .
— ئەلانىڭ ئايالى .
— پاھۋي ، ئەجەب چىرايلىقكىنا !
— ۋاي ، بىچارىلەرەي !
— ھەدە ، ماياققا كېلىڭە ، — دەپ ۋارقىرىدى بىر يىگىت شۇ چاغدا . گۈزەلئاي قارىدى . بىر ناتونۇش ، قايرىما ياقىلىق كۆك جۇۋا ، ئۇغلاق تېرىسىدىن تىكىلگەن قولاقچا كىيگەن دېھقان يىگىت هارۋا قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەن پىيمىسىنىڭ قونچىسىنى ئۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . گۈزەلئاي ئۇنىڭ تۇر- قىدىن يامانلىق سەزمىدى ، ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا باردى .
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، — دېدى يىگىت ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپ ، — سىز گۈزەلئاي ھەدەم بولىسىزغۇ دەيمەن ، ھە ، ئەلە- جان ئۇكام تىنچلىقمۇ ؟
— رەھمەت سىزگە ، تىنچلىق ، سىز ؟
— مەن ئەلا ئاكام بىلەن تۇغقان بولىمەن ، كۆمۈردىن قىسىل- غان ئوخشايسىز ، مۇنۇ كۆمۈرنى چۈشۈرۈپ بېرەيمۇ ؟
— ماشا ئۈچ - تۆت يۈز كىلو بولسىلا بولاتتى . سىزنىڭ كۆمۈرىڭىز بىر تونىدىن جىق ئوخشايدۇ .
— قورقماڭ ، ئەرزان بېرىمىز ، ھەدە !
— ئەرزان بولسا ، قانچە ؟
— بىكىرىغا !
— بۇ نىمە دېگىنىڭىز ؟
— بۇ كۆمۈرنى بىزنىڭ شياۋدۈيجاڭ بىزگە ، گۈزەلئاي ھە-

دەڭلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىڭلار دېگەچكە، سىزگە ئەكەلگەن. ئۆيە-ڭىزنى قانداق تاپارمىز دەپ غەم قىلىپ تۇراتتۇق، تازا ۋاقتىدا ئۇچرىدىڭىز، يول باشلاپ مېڭىڭ ئەمىسە!

— بۇ، بۇ، قانداق بولغىنى؟

— تازا جايىدا بولدى، ئەلىجان ئۇكىمىزنىڭ ھەققى!

ئىككى يىگىت گۈزەلئاينىڭ لەڭمىنى پىشقۇچە كۆمۈرنى جاي-لاشتۇرۇپ بولۇپ ئۆگزىدىكى قارنىمۇ ئادالاپ بولۇشتى. چوڭراقى «ھەدىسى»گە چاقچاق قىلىپ:

— ئۆگزە يالاڭشىپ قالدى، مۇزلاپ قالارسىزمىكىن ئەمدى؟ — دەپ كۈلدى. كىچىكى بىر خۇرجۇننى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ كىردى. خۇرجۇندىن سۈت بىلەن يۇغۇرۇپ ياققان توقاچ-لار، قوي گۆشى، قېزا، ئۇن ۋە بەش كىلولۇق قەلەي تۇڭدا زىغىر مېيى، قورۇتولغان پەمىدۇر - لازا قاتارلىقلار چىقتى. گۈزەلئاي نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەي ھودۇقتى. يىگىتلەر ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ كۈن پېشىندىن ئاشقۇچە قايتىپ كەلمىگەن ئەلىدىن ئەنسىرەپ قايتىدىن كىيىندى.

«توۋا، — دېدى ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، — بىر دەمدە غەم - قايغۇ، بىردەمدىلا يىغا - زار، يەنە بىردەمدىلا خۇشاللىق، تېخى ئەتىگەنلا قانداق قىلارمەن دەپ قايغۇرۇۋىدىم، مانا ئەمدى ھەممىسى تەل، بىراق يەنە شۇ ئەرلەرگە تاياندىم. ياق، بۇلار — پۇلمۇ، نەرسىلەرمۇ بالامنىڭ ھەققى، لېكىن بالاممۇ ئەر - دە!» ئۇ بالىسىنى «ئەر» دەپ ئويلاپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى. ئۇ ئوغلىنى ئۆز دېمەتلىرى بىلەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ «خوڭزاۋخوي»، «چىۋنخوي» بولۇپ ئېتىشىۋات-قان يېرىدىن، مەسچىت ھويلىسىدىن تاپتى. ئۇنى ئۇستۈۋېشى لاي، چىرايىدىن توپا يېغىپ تۇرغان، چاچلىرىدىن ھور چىقىپ تۇرغان ھالەتتە دەرۋازىنىڭ كەينىدىن تۇتۇۋالدى:

— ماڭ خۇڭزاۋخۇي، قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ ئىنقىلاب قىل، — دېدى گۈزەلئاي ئوغلىدىن خاپا بولۇش ئورنىغا پەخىرلەنگەن هالدا بالىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ، — كۈنگە قاراپمۇ قويمىدىڭمۇ ساقام، ماڭ، يۈر، تاماق يە!

— نېمە ئەتتىڭ؟

— لەڭمەن.

— قايسى پۇلغا؟

— داداڭ پۇل، كۆمۈر، ھەممە نېمىنى ئەۋەتىپتۇ، — گۈزەلئاي بالىسىنى كەينىدىن قۇچاقلاپ، قىزارغان يۈزىنى، تىترەپ چىققان ئاۋازىنى بالىسىدىن يوشۇرۇپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى - دە، «داداڭ» دېگەن سۆز ئېغىزىدىن چىقىش بىلەن ئىختىيارسىز يۈرىكى ئويناپ، ۋۇجۇدىدا بىر خىل تىترەش پەيدا بولدى. ئەتىگەن زۇلخۇمارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان: «چېگرىدا ئېتىلغانلار ئىچىدە ئەلامۇ بار ئىكەن» دېگەن شۇم خەۋەر دەرھال يادىغا كېلىپ بىردىنلا پۇتلىرى دىرىلدەپ تىترەپ، كۆزىنى تۇمان قاپلىدى. ئۇ بالىسىغا تايىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئاپا، جېنىم ئاپا، نېمە بولدۇڭ، بېشىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ بولدى، ئوينىمايمەن، گېپىڭنى ئاڭلايمەن، ئاپا!

ئەلى ئانىسىنىڭ ئالدىدا پەرۋانە بولۇپ بۇلبۇلدەك سايراپ يېلىناتتى. ئانا بىردىنلا شۇم خەۋەرنى يالغانغا چىقاردى - دە، بالىسىنىڭ مۇزدەك قوللىرىغا سۆيۈپ تۇرۇپ:

— يالغان، يالغان گەپ، ساقام! — دېدى.

— نېمە يالغان، ئاپا؟ دادام پۇل بەرمىدىمۇ، لەڭمەن ئەتمىدىڭمۇ؟ نېمىنى يالغان دەۋاتىسەن؟

— ئۇلار راست، بېشىمنىڭ ئاغرىقى يالغان، بالام! — دەپ ئانا زورىغا كۈلۈمسىرەپ ئۆزىنى ئازابلىغان سىغىنىش ۋە ئىنتىلىش ھېسلىرىنى ئوغلىدىن يوشۇردى.

تۇن ۋەھىمىلىك ، شاۋقۇن - سۈرەنلىك ، تولىمۇ قاراڭغۇ . گۈزەلئاي دېرىزە قاپقاقلىرىنى مەھكەم ئېتىپ ، كېچىچە يەتكۈدەك كۆمۈرنى ئەكىرىۋېلىپ ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىدى - دە ، ئادىتى بويىچە ئورنۇدا يېتىپ ئوغلىغا ھېكايە ئېيتىپ بەردى . ئوغلى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ساندۇقتىن ئالبومنى ئېلىپ كۈندە كۆرۈپ تۇرىدىغان رەسىملىرىنى قايتا كۆرۈشكە باشلىدى : ئاتا - ئانىسى ، دوستلىرى ، ئۆزى ، ئۆكىلىرى… ئالدىدىن كۈلۈمسىرەپ بىرمۇبىر ئۆتتى . ئەلا بىلەن ئىككىسىنىڭ تويىدا چۈشكەن خاتىرە رەسىمى چىقىش بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بۆلەكچىلا دولقۇنلاندى . ئۇ ئەلانىڭ خىيالچان ، چىرايلىق كۆزلىرىگە ، ئورۇق ، مېھرىبان يۈزىگە ئۇزاق قارىدى . «ئۇ راستىنلا دۇنيادا ھايات بولمىسىچۇ ؟ ئۇ چاغدا مەن بۇ دۇنيادا نېمىگە سۆرۈلۈپ يۈرىمەن ؟ ئۇنىڭ مۇشۇ كۈنلەرگە قېلىشىغا مەن سەۋەبچى ئەمەسمۇ ؟ ناۋادا ، مەن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بارمىغان بولسام ، ئەلا بۇنچىلىك دۈشمەنلىك بولمىغان ، ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدراكىنى ئەھمىيەتلىك ئىشقا تولۇق سەرپ قىلغان بولار ئىدى . مەن ئۇنى بەختلىك قىلدىم دەپ ئويلىغانىدىم ، ئەمدى ئويلىسام ئۇنىڭغا زىيان ساپتىمەن . ھېلىقى چاغدا ، باغچۇيداۋدا ئۇچراشقاندا نېمىشقا ھېسسىياتقا بېرىلدىم ، نېمىشقا ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇپ ، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالمىدىم ؟ مەن رەقىپ ئىسىملىك ھېلىقى ئەخلاقسىزنىڭ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشىنى بىلگەن ، لېكىن ئۆز ۋەتىنىدە تۇرالماس قىلىۋېتەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن . ھەي ئىسىت ، ئەلانىڭ بەختى ، بىخەتەرلىكى ئۈچۈن بولسىمۇ ، ئەلادىن ئاجراشقاندىن كېيىن ھەر - قانچە نەپرەتلەنسەممۇ نەپرىتىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئاشۇ رەقىپنىڭ ئايالى بولۇشقا رازى بولسام بوپتىكەن ، ئۇ چاغدا بەلكىم مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇمنىڭ دادىسى دۈشمەنسىز ، زىيان - زەخمەتسىز ياشىغان بولار ئىدى . مەن نېمىشقا مۇنۇ كىشىلەرنى جەلپ

قىلىدىغان ، ئۆزۈمنى بەختسىز قىلىدىغان بەدىنىمنى بالامنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئايىدىم ، ئۆز بەدىنىنى قۇربان قىلىپ ، روھىنى ، پەزىلىتىنى ساقلاپ قالىدىغان ئاياللار كۆپ ئۆتكەنغۇ . ئەلا ھەر دائىم : بەدەن بىر جىسىم ، ئۇپرايدۇ ، يوقىلىدۇ ، ئۇ ھامان سېنىڭ ئەمەس ، سېنىڭ نامىڭ روھىڭ بىلەن ياشايدۇ . روھىڭ ساپئا خاس ، روھىڭ قانداق بولسا نامىڭ شۇنداق بولىدۇ ، دەيتتى . مەن بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى نېمىشقا ھازىرغىچە چۈشەنمىدىم ـ ھە ؟ » ئۇنىڭ مۇلاھىزىسىنى سىرتتىكى گۈركىرىگەن بوران ئاۋازى ئۈزۈپ تاشلىدى . ئېگىز تېرەكلەر ھۇۋۇلىماقتا ، بىرنېمە ئىسقىرتماقتا ، دېرىزىنى بىرنېمە قاقماقتا ، ئىشىكنى بىرى جالاقلاتماقتا ، ۋەھىملىك ، قاراڭغۇ تۈن مۇنۇ تۇل ئايالغا ھەيۋە كۆرسەتمەكتە . ئايال ئىختىيارسىز يوتقانغا شۇڭغۇپ بالىسىنى مەھكەم قۇچاقلىدى . ئۇ قورقۇشتىن كاسىلداپ تىترەشكە باشلىدى . تاراقلاش ، جالاقلاش ، قاراس ـ قۇرۇس ، شار ـ شۇر ئاۋازلار كۈچىيىشكە باشلىدى . «يەر تەۋرەۋاتامدۇ يا ؟ » دەپ ئويلىدى گۈزەلئاي ئەلىنى ئاستا ئىرغىتىپ . شۇ چاغدا ، كىمدۇر بىرى گاراڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋازدا دېرىزە قاپقىسى سىرتىدىن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى چاقىردى . گۈزەلئاي تىترەپ تۇرۇپ ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا دېرىزە يېنىغا باردى :

— كىم ؟ — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ .

— مەن ، بۇ مەن .

— مەن دېگەن كىم ؟

— بۇ مەن ، رەقىپ !

گۈزەلئاينىڭ پۈتۈن قورقۇشلىرى بىردىنلا غەزەپكە ئايلاندى .

— نومۇس قىلمامسىز ؟ كېچىلەپ تۇل خوتۇننىڭ دېرىزىسى يېنىدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز ؟

— مەن سىزگە خەۋەر ئەكەلدىم . يامان خەۋەر !

گۈزەلئايىنىڭ ۋۇجۇدى يەنە تىترىدى :

— نېمە خەۋەركەن ئۇ ؟ — ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلدىدى .

— ئىشكىنى ئېچىڭ ، ئۆيگە كىرىپ ئېيتىمەن ، قورقماڭ ، مەن سىزگە دەخلى قىلمايمەن !

— يوقىلىڭ ، تېز يوقىلىڭ !

— ئۇنداق بولسا ، ئاڭلاپ قويۇڭ ، ئەلا ئۆلدى ، ئۆلۈكى ئورمانلىقتا قۇزغۇنغا يەم بولماقتا .

گۈزەلئايىنىڭ خۇددى بىرى كانىيىدىن بوغۇۋالغاندەك ئاۋازى ئۆچتى ، بىرى كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك بېشى قايدى . ئۇ ئوغلىنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى ـ دە ، ئۆپكە ـ ئۆپكىسىنى باسالماي بۇقۇلداپ يىغلىدى .

لېكىن ، ئۇنىڭغا كەلگەن كۆڭۈل ئاغرىقى بۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشمىدى . جاھاندا نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن . ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خەلق ئەسكەرلىرى كىرىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ، بارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى ، رەسىم ، سالام خەتلەرنى ئاھالىلەر كومىتېتىغا چۆشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەتتى . گۈزەلئايىنىڭ ئۆيىنى قولۇم ـ قوشنىلاردىن بەلگىلەنگەن مەخسۇس نازارەتچىلەر كۆزىتىدىغان بولدى . بۇ كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئەڭ ئاچچىقى يامىنى ، ھېلىقى ئوغلى قۇرۇلۇشتا ئىشلەيدىغان تۇل خوتۇن ئىدى . بۇرۇنقى مېھرىبان ، ساددا ، ياۋاش قوشنىسى بىردىنلا باغلاقتىن بوشىغان ئىتتەك يامانلاشقان . ئۇ گۈزەلئايىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ ، «ئورۇس خوتۇن» دەۋالدى . گۈزەلئايىنىڭ ئوغلىنى «سېرىق كۈچۈك» دەپ چاقىرىدىغان بولدى . ئەمما ، ئەلى بوش كەلمەيتتى ، ئۇ قوشنا ئايالنى «قارا قانجۇق» دەپ چاقىردى . ئانىسى خاپا بولسا ، ئەلى تېخىمۇ ئەدەيتتى :

— ئۆزى ئىت بولمىسا ، بىزنى ئىتقا ئوخشىتاتتىمۇ ؟ —

دەيتتى ئۇ ئانىسىدىن نارازى بولۇپ .
— مەيلى بالام ، ئۇلار بىلەن تەڭ بولما ، ئىت ھاۋشىسا سەنمۇ دوراپ ھاۋشىمىسىنا ؟ — دەيتتى ئانا ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ .
قارلار ئېرىپ تۈگىدى ، كوچىلاردىمۇ ئەگىز سۇلىرى ئېقىپ بولدى . باھارنىڭ تۇنجى ئەلچىلىرى — قارىغۇجا ـ ھۆپۈپلەر كېلىپ ئۆرۈك شاخلىرىدا سايراشتى . ئەلىنىڭ لەگلىكى ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا «ئاسماننىڭ ئۇ چېتى»گە باردى . ئۆستەڭ بويلىرىدا چىمەنلەر كۆكىرىپ ، تاللار چوكان ـ جالا چىقاردى .
باھارنىڭ بىر يېقىملىق ئەتىگەنلىكى ، ئەلى ئۇخلاۋاتقاندا ئانىسىنى خەلق ئەسكەرلىرى ھەيدەپ كەتتى . ئەلى ئويغانغاندا ئىككى خەلق ئەسكىرىنى قوشنا خوتۇن باشلاپ كىردى . بىرى ئەلىگە :
— داداڭ ئەكسىلئىنقىلابچى ، ئاپاڭ شيۇجېڭجۇيىچى ، سەن ئۇلارنى دورىما ، سېنى ماۋۇ چوڭ ئاناڭ باقسۇن ! — دېدى .
— مەن قارا قانجۇققا بالا بولاتتىممۇ ، كارىڭ بولمىسۇن ! — دەپ ئۇنىڭغا ئالايدى ئەلى .
ئەلى ھەر كۈنى قۇرۇق نان بىلەن سوغۇق سۇ ئىچىپ ، بويىنىدىكى ئاچقۇچ بىلەن ئۆي ئىشىكىنى ئېچىپ ، تاقاپ ، خۇددى چوڭ ئادەمدەك ئۆز ئۆيىنى يالغۇز ساقلىدى . بالا نە يىغلىمىدى ، نە قورقمىدى . ئۇ بۇرۇنقىدەك شوخلۇق قىلمايتتى ، پېشايۋاندىن نېرى كەتمەيتتى ، بەزىدە پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئۇزاق ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى . ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىدە نېمىلەر بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى ، چۈنكى ئۇنى قولۇم ـ قوشنا ، ھەتتا دوستلىرىمۇ تاشلىغان . بالا ئەلۋەتتە «ئىنسان» ھەققىدە ئويلىسا كېرەك . «ئىنسان» ۋاپادىمۇ ، يۈزسىزلىكتىمۇ ھەممە جانلىقلارغا ئۈلگە بولالايدىكەن ، بولمىسا ، بالىنىڭ بېشىنى سىلايدىغان بىرى چىقماسمىدى ؟
ئاخىر ئەلىنىڭ نېنىمۇ تۈگىدى . بالا قورساق ئاچلىقىدا بىر

كۈنى ئۈستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى، بىر يۇمشاق قول ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئەلى قارىدى. ئۇ بىر ئايال ئىكەن، ئايال ئۇنىڭ توپا يېغىپ تۇرغان مەڭزىنى سىلىدى:

— كىمنىڭ بالىسى سەن؟

— ئەلانىڭ بالىسى.

— نېمە؟ ئاپاڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

— گۈزەلئاي.

— گۈزەل؟ جېنىم دوستۇم گۈزەل، ئاپاڭ نەدە؟

ئايال بالىنى يەردىن دەس كۆتۈرۈۋالدى ۋە يۈزىنى يۈزىگە ياقتى.

— ئاپام ئاھالىلەر كومىتېتىدا سولاقتا، دادامنى ئېتىۋەتتى!

— دىلئاراچۇ؟ ئۇ نەدە؟

ئايال بالىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتتى. نېرىدا ئولتۇرغان خادىكتىن يېشى توختىغان، سالماقلىق بىر ئادەم چۈشتى:

— نېمە بولدۇڭ، ئادىلە، بۇ كىمنىڭ بالىسىكەن؟

— سىزگە دائىم پارىڭىنى قىلىپ بېرىدىغان ھېلىقى دوستلەرىم — ئەلا بىلەن گۈزەلنىڭ ئوغلىكەن!

ئادىلە ئەلىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ يولدىشىغا:

— سىز ئابرۇيلۇق، ھوقۇقلۇق ئادەمغۇ، ئاھالە كومىتېتىغا بېرىپ مەن ئۈچۈن تۆت ئېغىز گەپ قىلىڭ، گۈزەلنى قويۇۋەتسۇن! — دەپ يېلىندى. يولدىشى ھارۋىكەشكە ئاھالىلەر كومىتېتىغا مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى.

ئۇلار سوراپ يۈرۈپ ئاخىر ئاھالىلەر كومىتېتىنى تاپتى. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ئېگىز، ئاقساق، پېشانىسىدىن ئىككى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى بويلاپ چوڭقۇر ئىككى قورۇق يۈزىنى تىلغاندەك ئېگىكىگە چۈشۈپ كەتكەن، سوغوق چىراي، يوغان بۇرۇن ئادەم ئىكەن.

— سىزنىڭ نەرىڭىز دۆلەت كادىرى؟ — دېدى ئادىلە سالام - سەھەتسىزلا ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ، — ھىمايىسىز، گۇناھسىز تۇل ئايالنى قاماپ، نارەسىدە بالىسىنى كوچىغا تاشلاپ قويۇپ نومۇس قىلمامسىز؟ گۈزەلئاي نەدە؟

باشلىق ئادىلەدىن قورقتى، چۈنكى ئۇنىڭ گېپى راست ئىدى. باشلىق ئۆزىمۇ گۈزەلئاينىڭ نېمە گۇناھى بارلىقىنى بىلمەيتتى، بالا بىلەن كارى بولمىغانلىقىمۇ راست ئىدى.

— گۈزەل قېنى؟ بىلمەمسىز، ئۇ كىم؟ تالانتلىق ئارتىس، سىزدەك كاللىسى ئىشلىمەيدىغانلاردىن يۈزنى ھاۋانچىدا يەنجىسە گۈزەلنىڭ بىر تال تىرنىقى تىرىلمەيدۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باشلىقنىڭ چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترىدى.

— ئادىلە، خاپا بولماڭ، — دېدى يولدىشى سالماقلىق بىلەن ئاندىن باشلىققا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، — مەن ئوبلاستلىق ئىنقىلا-بىي كومىتېتقا يېقىندىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ كەلدىم، خەلق قوغ-داش بۆلۈمىگە مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرمەن. گۈزەلئاينى كۆرۈشكە بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئەلۋەتتە بولىدۇ! — دېدى باشلىق ئاقساپ مېڭىپ.

ئادىلە قاراڭغۇ، زەي، دېرىزىلىرى كېسەك بىلەن توسۇلغان ئۆيگە بىرىنچى بولۇپ بېسىپ كىردى:

— گۈزەل، قېنى سەن ئاداش!

— ئادىلە! — قاراڭغۇدىن گۈزەلنىڭ يىغا ئارىلاش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار تاپىسىدا قۇچاقلاشتى. خىزمەت گۇرۇپپا باشلىقى ئادىلەنىڭ يولدىشىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلار قايتىپ كىرگەندە، سولاقخانىدا يورۇقلۇق پەيدا بول-غان. زىغىر پاخىلى سېلىنغان كونا ئۆيدە ئەر - ئايال ئارىلاش

قوللىرى باغلانغان، يۈزلىرى كۆكەرگەن، روھى چۈشكەن، چىرا-
يى سولغۇن يىگىرمە نەچچە ئادەم تىقىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئايال-
لار بىلەن ئەرلەرنىڭ ئارىسىغا سېمونت خالتىلىرىغا پاخال تىقىپ
توسۇق قىلىنغانىدى.

ئادىلەنىڭ يولدىشى ئادىلەگە چۈشەندۈردى:

— مەن ھازىر تېلېفوندا يۇقىرى بىلەن سۆزلەشتىم. ھازىرچە
گۈزەلئاينى قويۇپ بېرىشكە بولمايدىكەن. شەھەرلىك ھەربىي ئىدا-
رە قىلىش كومىتېتى بۇ ئىشقا مەسئۇل ئىكەن، تېخى ئەنزە تۇرغۇ-
زۇلمىغان ئوخشايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، يۇقىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا
تۇرمە قۇرماسلىق توغرىسىدا يوليورۇقى بار. بىز سىياسەت بويىچە
ئىش قىلايلى.

گۈزەلئاي چۈشەندى. ئۇ ئوغلىنى دوستىغا تاپشۇردى. ئۇ
سۆيۈملۈك ئوغلىنى كۆز يېشى بىلەن ئۇزىتىپ قالدى. ئەمدى ئۇلار
قاچان كۆرۈشەركىن؟

## 5

ئۇ پۈتۈن يازنى يېزىش، ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدى، كىشىلەر
بىلەن كەمدىن - كەم ئارىلاشتى، ھەتتا زۇلىيامۇ ئۇنىڭ دېرىزىسى
باغقا قارايدىغان ئۆيىگە كەمدىن - كەم كىرەتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆيگە
يېيىلىپ ياتقان ھەر خىل يېزىقتىكى كىتابلار، قوليازمىلارنىڭ
ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ خوتۇن - بالىلىرىنىمۇ ئەلانىڭ
ئۆيىگە كىرگۈزمەيتتى. ئۇ ئەلانىڭ نېمە يېزىۋاتقىنىنى چۈشەنمەيت-
تى، لېكىن ئۇ كۆڭلىدە كېچىلىرى ئۇخلىمايدىغان، توي - تۆ-
كۈن، ئويۇن - تاماشىلاردىنمۇ ئۆزىنى تارتىپ، بىر مىنۇت ۋاقىت-
نىمۇ بىكارغا ئۆتكۈزمەي ئوقۇش، يادلاش، يېزىش بىلەن كۈن
ئۆتكۈزۈۋاتقان ياداڭغۇ يىگىتنىڭ بىر ئۇلۇغ ئىش بىلەن مەشغۇل

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى . ئۇ ئەڭ يېقىن دوستلىرىغا ياكى ئەلانى پات ـ پات يوقلاپ كېلىدىغان ئۆمەر تەمبۇرچىگە كۆسۈرلاپ تۇرۇپ ماختىنىش بىلەن شۇنداق دەيتتى :

— ئۇنىڭ بەتلىرى مېنىڭ چىشمىدەك سارغىيىپ كەتكەن بولغار تاشلىق كىتابلىرىنى بىر مەنلا بىلىمەن ، ئۇ ئۇلارنى ئۆگە-تىلگەن سەزگۈر ماشكىلارمۇ تاپالمايدىغان يەردە ساقلاۋاتىمەن . قولىيازمىلىرىنى دەمسىنا ، ھېلىقى يازغانلىرىمۇ ؟ ئۇلارنىمۇ پەت-نۇس قىقلىغان كىچىككىنە ساندۇقتا ئۇتتۇرلۇق سېلىپ ساقلاۋاتىد-مەن . ئۇنىڭ نەدىلىكىنى خوتۇن بىلىدۇ . بىزنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاغزى ئاچقۇچى يوقالغان قولۇپنىڭ ئۆزى ، ھېچكىم ئاچالمايدۇ . ئۇ مەن تاپشۇرغانلا نېمىنى ئاپىسىدىن مىراس قالغان ئالتۇن سوۋغىدەك مەھكەم ساقلايدۇ !

ئەلا ئۆزىنىڭ ، ۋاقتىنىڭ ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى تېخىمۇ چۈشىنىدىغان بولۇپ قالدى . ناۋادا ، ئۇ ۋاقىت-نى غەنىيمەت بىلىپ ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلمىسا ، خەلقىگە زۆرۈر بولغان بۇ ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ يوقى-لىپ تۇگەيدىغانلىقىنى چۈشەندى . ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئەت ئاتا قىلى-غان ، ھازىر بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتقان تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىگە تايىنىپ نۇرغۇنلىغان دەلىل ـ ئىسپات ، يىلنامىلەر ، شېئىر ـ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى يادلاپ بولدى . ئۇ چاغاتاي تىلى ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ، ئىنگلىز تىلىدىن ھازىر ياخشى پايدىلىنالايدۇ ، پارس-چە ئەسەرلەرنىمۇ «ئىنگلىزچە ـ پارسچە» لۇغەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇيالايدۇ . رۇس تىلىنى بولسا ، گەرچە ئوقۇشلۇق كىتابلىرى يوق بولسىمۇ ، «رۇسچە رومانلارنى تاتىلاشتۇرۇپ» ئوقۇپ يۈرۈپ ئوبدانلا چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ يېشى ھازىر ئوتتۇز-دىن ئاشتى ، ئەقلىي قۇۋۋىتى تولغان راسا قىران چاغلىرى مۇشۇ .

ئۇ بۇ تېپىلغۇسىز قىممەتلىك چاغلىرىنى ھەرگىزمۇ بىكارغا ئۆتكۈزمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مىنۇت ۋاقىت باھاسىز بايلىق. ئۇ بۇ كۈنلەردە كىچىك ئاپىسى ۋە قىزى دىلئاراغىمۇ كەمدىن ـ كەم كۆرۈنىدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي زۇلىيا ئائىلىسىنىڭ ئەزاسىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئەلا ئۆزىنىڭ ئايلىق مائاشىنىمۇ زۇلىيا ئائىلىسىگە تاپشۇرۇۋەتكەن. ئۇ ھازىر تۇرمۇش، دوستلىرى، ۋەزىيەت توغرىسىدا زادىلا ئويلىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ 1957 ـ 1958 ـ يىللاردىكىدەك يەنە كىتابلار بىلەن سۆزلىشىدىغان، كىتابلاردىكى ئادەملەر بىلەن بىللە ياشايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ تاماقنىمۇ يالغۇز يەيدۇ، ئەتىگەنلىكى مەزىن ئاخۇندىنىمۇ بۇرۇن تۇرۇۋېلىپ، ئېتىز ئارىلىرىدىكى چىغىر يوللاردا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق يۈگۈرەيدۇ، مۇزدەك ئېرىق سۈيىدە يۇيۇنىدۇ. بەزى ئاخشاملىرى ئۆزىچىلا زۇلىيانىڭ يېنىغا كىرىۋېلىپ دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ ياكى بىرنەچچە رومكا ھاراق ئىچىپ قويىدۇ. شۇنداق چاغلاردىلا، زۇلىيا ئۇنىڭ ئەقلى ـ ھوشىدىن ئازمىغان، راستتىنلا ئىلىمگە بېرىلگەن ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ـ دە، ئۇنى ئاسراشنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىدۇ.

— كەم ـ كۈتمىگىنى بولسا تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ، ئۇكام، سىز يات ئەمەس، مۇشۇ ئۆينىڭ ئادىمى بولۇپ قالدىڭىز، — دەيدۇ زۇلىيا بۇنداق چاغلاردا خۇشال بولۇپ، — بىز ئۆلسەك بىر سىقىم تۇپا قالىدۇ، سىزدىنچۇ، بىلىم، كىتاب، نام قالىدۇ. قانچە بايلار، پادىشاھلار، باتۇرلار ئۆتتى. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن نام ـ نىشانسىز بولۇپ، كۈلدەك توزۇپ ئۆچتىغۇ. لېكىنزە، شائىرلار، ئالىملارنىڭ مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى گەپ ـ سۆزلىرى، كىتابلىرى ھازىرمۇ تىللاردا سۆزلىنىپ، مەكتەپلەردە ئوقۇلۇپ يۈرمەمدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دەيمەن: سىلەر

ئادەم ، بىز كۆك قۇرت ، ئاشۇ ناۋاينىڭ[1] خىزمىتىنى قىلغان قۇل بابا دېگەن قېرىنىڭ نامى سۆرۈلۈپ يۈرۈپتۇ . ھەي ئۇكام ، دەيمەنغۇ ، بىز ئىككى ئانىدىن تۇغۇلغان بىلەن بىر ئانىنىڭ بالىلىرى ، قالغىنىنى ئۆزىڭىز چۈشىنىۋېلىڭ ، مەن سىز ئۈچۈن بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن كۈنۈم كەچكىچە ناخشا ئېيتىمەن ، ئۇكام !

زۇليا ئىشچان ، ھەق سۆز ، مېھرىبانلىقى بىلەن يۇرت ئىچىدە يۈز تاپقان . كۆپچىلىك شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ ، ئۇنىڭ گېپىگە كىرىدۇ ، ھەرقانداق بىر مەرىكە ئىشىنىمۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتسىز قىلمايدۇ . ئۇمۇ قولىدىن كېلىدىغان ياردىمىنى باشقىلاردىن ئايىمايدۇ . مانا شۇ سەۋەبتىن كۆپچىلىك ئۇنىڭ ھىمايە قىلغىنىنى ھىمايە قىلىپ ، ئۇنىڭ نەپرەتلەنگىنىگە بىردەك نەپرەت بىلدۈرۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ رەھبىرىنى ئاسراپ ، ھىمايە قىلىپ كەلمەكتە . بۈگۈن ئۇ ئۆز ئۆيىدە بېشىغا كۈن چۈشكەن بۇ مۇساپىرنى ئاسراۋاتقانىكەن ، پۈتۈن يۇرتنىڭ ئۇنى ئاسرىشى ، ئۇنى ھۆرمەتلىشى تۇرغان گەپ . بىرنەچچە ئاي بېرىش - كېلىش قىلىش ئارقىلىق ، يۇرت ئەلانى شۇنچىلىك ياقتۇرۇپ قالدىكى ، ھەتتا ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش ئۈچۈن زۇلياغا ئەلچى قويغۇچىلارمۇ چىقتى .

ئەلا مانا شۇنداق ئەۋزەل ئائىلە ، ياخشى شارائىتتا ئىللىق يازنى ئۆتكۈزدى . كۈز پەسلى ئىلھام پەسلى دەپتىكەن ، ئۇ كۈز پەسلىنىمۇ يېزىش ، ئوقۇش ، ئارىلاپ مەكتەپنىڭ ،بەزىدە زۇليانىڭ ئوت - چۆپىنى چېپىش ، باغلاش ، سامان - مەڭگىنىنى توشۇپ قويۇش بىلەن ئۆتكۈزدى .

مانا ، قىشمۇ كىردى . ئۇ چوڭ ئىشلارغا زادىلا قىزىقمىدى . «ئوبلاستتا ، ناھىيىدە ، گوڭشېدا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ-

---

① ناۋاي — نەۋائى دېمەكچى .

تۇ» ، «رەقىپ مۇئاۋىن جورىن بوپتۇ ، هاشىرنىڭ ئۈستىدىن تۆھ-
مەت توقۇپ يۇرگۇدەك» دېگەن سۆزلەرگە پىسەنت قىلمىدى . ئارى-
لاپ ـ ئارىلاپ ئۇ هاشىرنى ، ساۋۇتوفنى ، نادىروفنى ، كۆپىنچە
گۈزەلئاينى ، ئەلىنى ، تۇرمىدىكى رازىيەنى ئويلاپ قويىدۇ ، چۈشىد-
ە كۆپىنچە گۈزەلئاي ، ئەلىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ ، شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۆمەر تەمبۇرنىڭ تاپقان لايىقلىرى ئۇنىڭغا ياقمايدۇ . زۇل-
يانىڭ مەھەللە قىزلىرى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇش ۋە ماختاشلى-
رىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كۇلكىلىك ئاڭلىنىدۇ .
ئۇنىڭ كۇندىلىك تۇرمۇشى شاۋقۇنسىز سۇدەك تىنچ مېڭىپ ،
قىلىن قارلىق قىشنىمۇ چىقاردى . ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يېزا ئوتتۇرا
مەكتىپى ئۇنى ئۆگىنىشكە چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتىدۇ ، لېكىن ئەلا
ئۆگىنىشكە بارمايدۇ . ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلەيدىغان
هېچكىم يوق .
شۇنداق تىنچ ـ خاتىرجەم كۇنلەرنىڭ بىرىدە ، بۇ كىچىككىنە
ئائىلىنىڭ هايات ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ ، جۇدۇن ـ
چاپقۇنلۇق كۇنلەر باشلاندى . زۇليا ناهىيىلىك ئىنقىلابىي كومى-
تېت بىلەن قوراللىق بۆلۈم تەرىپىدىن چاقىرىلغان يىغىنغا قاتنى-
شىپ قايتىپ كېلىپ ، ئەلانىڭ ياتىقىغا ئۆگىنىۋاتقان ئەمەس، ئۆچكەن هالدا
كىرىپ كەلدى :
ـــ بولمىدى ، ئۆكام ، ـــ دېدى ئۇ جىددىيلىشىپ ، ـــ
ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئالمىسىڭىز بولمىدى . مەن سىزگە دالدا بولۇشقا
ئاجىزلىق قىلىدىغان ئوخشايمەن . هاشىر ، نادىروفلار قولغا ئېلى-
نىپتۇ . سىزنى تۇتقىلى بۇگۇن كېچە قوراللىقلار كېلىدىكەن . ماڭا
ئىشەنچلىك بىر رەهبەر بۇ گەپنى دەپ قويدى . يىغىن تۇگىمىدى ،
مەن بۇياققا چاپتىم !
ئەلا ئورنىدىن تۇرۇپ گەپمۇ قىلماستىن كىتاب ـ قەغەزلىرى-
نى يىغىشتۇردى ۋە زۇلياغا قاراپ :

— مەن بۇ كۈننى كۈتكەن ، ئاخىر كەلدى . يامىنى ، ئىشىم چالا قالدى . ئاكا ، كىچىك ئاپام بىلەن قىزىم ، مۇنۇ قولىيازمىلىرىم سىزگە ئامانەت ، مەن تاپشۇرۇۋالمىسام تاپشۇرۇۋالىدىغان ئادەم چىقىدۇ . مېنى ھېلىقى كىگىزچى ، جۇۋىچىلار بىلەن تېپىشتۇرۇپ قويالامسىز ، مەن ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەن ، ئۇلار مېنى شاگىرت قىلىۋالماقچى بولۇشقان .

— شۇنداق قىلغان ياخشىمۇ ياكى مەن بىرەر دېھقاننىڭ ئۆيىدىن پاناھ جاي تاپايمۇ ؟

— ياق ، ئاكا ، مۆكۈنۈش خەتەرلىك ، ئىشەنچلىكى كىگىزچى ، جۇۋىچىلار بىلەن سىرت ناھىيىلەرگە كېتىش .

زۇليا بالىلىرىنى قېرى ئارتىسنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى . ئۇ جۇۋىچى ، كىگىزچىلەرنىڭ كەتكەن يېرىنى بىلەتتى . «بىرلا تور بىلەن ھەممىسىنى سۈزۈش» دولقۇنى شەھەردىن ناھىيىلەرگە ، يېزىلارغا تارقالدى . ئىلى رايوننىڭ بارلىق تاشيول ، ئاچال ، ئۆتەڭ ، دەريا بويلىرىغا قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر قويۇلدى . ئۇلار بارلىق گۇمانلىق ئادەملەرنى تۇتتى . لېكىن ، بىر ئات ، تۆت ئېشەك بىلەن ناھىيىمۇ ناھىيە كېزىپ كىگىزچىلىك ، جۇۋىچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئالتە كىشىنى ھېچكىم تۇتمىدى ، چۈنكى ئۇلارنىڭ يول خەتلىرى ئىشەنچلىك ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىگە يېڭىدىن قېتىلغان بۇدۇر ساقال ، سەپكۈن يۈزلۈك كىرلەشكەن تەلپەك بىلەن كۆرەك جۇۋا كىيگەن ئادەم بارلىق سوئال ـ سوراقلارغا : «ھەئە» ، «ياق» دىن باشقىچە جاۋاب بەرمەيتتى . «ياق» سۆزىنى ئېيتقاندا «ق»نى ، «ھەئە»نى ئېيتقاندا «ئە»نى چۈشۈرۈپ قوياتتى :

— سەن نەلىك ؟ — دېسە ، تونۇشتۇرۇش خېتىنى كۆرسىتەتتى .

— ئىسمىڭ نېمە ؟ — دېسىمۇ تونۇشتۇرۇشنى چىقىراتتى .

— نەچچە ياش ؟ — دېسىمۇ شۇنداق قىلاتتى .

— ئوقۇغانمۇ ؟
— يا !
— ئۆيلەنگەنمۇ ؟
— هە !

قارىماققا ئۇ بۇ تىجارەتچىلەرنىڭ ئەڭ قېرىسى ئىدى ، لېكىن دۇكان ئاچقاندا ئۇ يۇڭ تىتىشتىن باشقا ئىش قىلمايتتى .

يۇڭ تىتىش تۆت بارماق بىلەن بولىدىغان ئاددىي ئەمگەك بولغىنى بىلەن ، بۇ «بوۋاي» ئۈچۈن ئۇ بىر كۆڭۈللۈك ئەمگەك . چۈنكى «بوۋاي» جىمجىت ئۆيدە ياكى كۇنگەي پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ خالىغان ئىش ئۈستىدە ئويلىيالايتتى ، خالىغان بىرى بىلەن خىيالىدا سۆزلىشەلەيتتى . ھەتتا ھېچكىم يوق چاغدا ئەسكى جوۋىسىنىڭ ئىچىدىن كىرلەشكەن ياغلىققا ئورالغان كىچىككىنە كىتابچىنى چىقىرىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇپمۇۋالاتتى ، سىرتتىن بىرى كىرىش بىلەن كىتابنى يۇڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قوياتتى ـ دە ، بەھۇزۇر يۇڭ تىتاتتى . ئۇنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ، نازارەت قىلىدىغان ھېچكىم بولمىغاچقا ، بۇ خىل خىيال ۋە كىتاب كۆرۈش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى . ھېچكىم يوق چاغلاردا جوۋىچى ، بەزىدە كىگىزچى ئۇنىڭغا ۋەزىيەت ياكى يېڭىلىقلار توغرىسىدا قىسقىچە بىرنېمىلەرنى دەپ قوياتتى . بەزىدە بولسا ، نۇرغۇن شېئىرلارنى يادلىۋالغان جوۋىچى ئۆزىچىلا پارسچە ، ئەرەبچە ياكى چاغاتايچە شېئىرلارنى ئوقۇيتتى . ئۇنىڭ ئوقۇغىنىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى . بۇدۇر ساقاللىق «بوۋاي»لا بېشىنى گىلدىڭلىتىپ كۈلۈپ قوياتتى . بەزىدە جاۋابەن شۇنىڭغا ئوخشاش شېئىرلارنى ئوقۇپ قوياتتى . بۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئىدى .

ئۇلار تاغ ئىچىگە — چارۋىچىلارنىڭ كۈزلەكلىرىگە ئوقەت قىلغىلى كىرىپ ، بىر دادۇي شۇجىسىنىڭ ئۆيىدە دۇكان قۇردى . دادۇي شۇجىسى باغدىن كۆۋەجەپ چۈشۈۋاتقان سۇ بويىغا كەگرى

قورۇ - جاي سېلىپ، تاغ قاپتىلىغا قويۇق ئالمىلىق باغ قىلغاندىكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوتتۇز نەچچە ئۆيلۈك ئۇيغۇر، قازاق چارۋىچىلار بار ئىكەن، قالغان ئەزالار بولسا، يىراق غول - قىشلاقلاردا ئولتۇراقلاشقانىكەن. دادۇي شۇجىسى ئۇزۇن سېرىق بۇرۇتلۇق، يوغان قوي كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، مەڭزى قىزىل، يۇزى كەڭ، ئاغزى يوغان ئادەم ئىكەن. ئۇ هاراققا ئىشتىهالىق، تاماكا بىلەن خۇشى يوق، گۆش يېيىشتە، قازاقچە ئۆلەڭ ئېيتىشتا داڭلىق ئىكەن، بەسلىشىپ پاقلان يېيەلەيدىكەن، كېلىنچەكلەر بىلەن پۇتۇن تۈن بويى «ئۆلەڭ» ئېيتىشالايدىكەن. ئۇنىڭ ئادەتتىكى گېپىمۇ ئۇيغۇرچە - قازاقچە تىلىنىڭ ئارىلاشمىسى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى تۇداخۇن بولسىمۇ، كىشىلەر لەقىمىنى ئىسىم ئورنىدا ئاتاپ ئۇنى «قاسقىر ئاۋۇز»① دەپ چاقىرىشىدىكەن.

ئاخشىمى كىگىزچىلەر گۆش بىلەن شورپىغا تويدى. «قاسقىر ئاۋۇز» كىچىك بەكىسى بىلەن قوي بېشىنى قىرىپ - تازىلاپ يەۋېتىپ، بۇدۇر ساقاللىق «بوۋاي»غا قاراپ - قاراپ قويدى. «بوۋاي» شورپا ئىچىپ بولۇپ ساقال - بۇرۇتىنى ئاۋايلا سۈرتۈپ قوزغالماقچى بولۇۋىدى، «قاسقىر ئاۋۇز» ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم يالت قىلىپ قارىدى - دە:

— ياراشماپتۇ، چېنىپ قاپتۇ. بېشىڭ تېكە، ھەرىكىتىڭ ئوغلاق، ساقىلىڭ بوۋاي، چىرايىڭ يىگىت، قارىماققا كىگىزچى، بارماقلىرىڭ خەتچى، مۇئەللىم ياكى كاتىپ، يۈڭ تىتىشلىرىڭ يېڭىياچە ئىكەنلىكىڭنى مانا مەن دەپ كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئاله، يالغان ساقىلىڭنى، نېمە ئادەمسەن؟ — دېدى. كىگىزچى ھەيران بولۇپ «قاسقىر ئاۋۇز»غا قاراپ:

— بوۋايغا چاقچاق قىلغۇڭىز كېلىۋاتىدۇ - ھە، شۇجى، —

① بۆرە ئېغىز.

دېدى .
— راست گەپ قىلساڭلار قوتۇلىسىلەر ، بولمىسا قوراللىق ئەسكەرلىرىم سىلەرنى بىر دەمدىلا ناھىيە تۈرمىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ . بۇ يالغان ساقاللار بىلەن ئۆيدىكى گالۋاڭلارنى ئالدىيالايسىلەر ، لېكىن بىز قىر خەلقى قوغۇن بىلەن كاۋىنى ئايرىۋالمىغان بىلەن ئۆچكە ساقىلى بىلەن ئادەم ساقىلىنى بەك ئوڭاي پەرق قىلالايمىز ، راست گەپ قىل ، مەن ساقچى ئەمەس ، ناھىيىدىن تۇتۇلغان ھاشىر ، ساۋۇتوف ، نادىروف گۇرۇھىنىڭ ئادەملىرىدىنمۇ سىلەر ؟
— مەن شۇلاردىن ، ئېتىم ئەلا ! — دېدى «بوۋاي» ساقىلىنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىپ ، — ئاكا ئېيتقىنا ، ھاشىرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا نېمە بىلىسەن ؟
— ئەلا ؟ — دېدى «قاسقىر ئاۋۇز» ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ ، — راستمۇ ؟
— راست ، تۇتۇپ بېرىپ مۇكاپات ئالاي دەمسەن ؟
«قاسقىر ئاۋۇز» ئورنىدىن تۇردى . قوزۇققا قامچىسى بىلەن بىللە ئېسىقلىق تۇرغان خۇرۇم سومكىسىنى ئېچىپ ئىچىدىن بىر تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى ئالدى ـ دە ، بىر ئەلاغا ، بىر ۋەرەقىگە قارىدى ، ئاخىر :
— راست ، سەن ئەلا ئىكەنسەن ، مە ، ماۋۇ دوستلىرىڭنىمۇ كۆرۈۋال ، ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالغىنىڭ بولۇپ قالار . بۇلار ئېتىلدۇ . مە ، قېنىۋال ! — دېدى .
ئەلا غالىلداپ تىترەپ «قاسقىر ئاۋۇز»نىڭ قولىدىن ۋەرەقىنى ئالدى . ئۇنىڭ كۆزى بىرىنچى بولۇپ ھاشىرغا چۈشتى . ھاشىرنىڭ بېشى پاكىز چۈشۈرۈلگەن ، ئۇ ئاغزىنى يېرىم ئېچىپ ، يوغان ، خىيالچان كۆزلىرى بىلەن ئەلاغا تىكىلىپ تۇرۇپتۇ . مانا جىددىي چىراي نادىروف ، ئۇ خۇددى ئاكوپ پارتلىتىشقا ماڭغاندەك

غەزەپلىك، جىددىي چىرايى بىلەن ئەلاغا قادالماقتا. ئۇنىڭدىن كېيىن ساۋۇتوف، ئۇ پۇشايمان، ئەپسۇس بىلەن بېشىنى چايقاۋاتـ قاندەك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىم، ئادىل ئىسىملىك ئاكا ـ ئۇكا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن قورماش، ئوسـ مان... ئۇلار كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتۈۋاتقاندەك ئاسمانغا قاراشقان، ئۇنىڭدىـن كېيىـن ئـەلاغا تونـۇش بولمىغان ھەر خىل چىرايدىـ كى ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئاياللار...

ھەربىر ئادەمنىڭ ئىسمى، يېشى، مىللىتى، قىسقىچە جىنايى قىلمىشى، ئاخىرىغا كۆپچىلىكنىڭ ھۆكمى يېزىلغان. كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ تولىسىغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ۋەرەقىدە ئەلا توغرىسىدا، ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى، تۇتۇلغان زامان ئېتىلىدىغانلىقى يېزىلغانىدى.

ئەلانىڭ لەۋلىرى كۆكىرىپ، قوللىرى تىترىدى:

— مەن بۇلارنى ئاقلايمەن! — دېدى ئۇ ئۆزۈن جىمجىتلىقـ تىن كېيىن، ئولتۇرغانلارغا قاراپ ئەسەبىيلەرچە كۆزلىرىنى چەكـ چەيتىپ.

— يىگىت، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، — دېدى «قاسقىر ئاۋۇز» يوغان ئالىقىنىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، — ھاشىر سەن ئۈچۈن قانچىلىك ئەزىز بولسا، مەن ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك ئەزىز. ئۇنىڭ غەمخورلۇقى بولمىغان بولسا، بىزنىڭ نۇرغۇن چارۋىچىلىرىمىز قار كۆچكىسى ئاستىدا ئۆلگەن بولاتتى. ئۇنىڭ تەشكىللىگەن قوـ تۇلدۇرغۇچىلىرى بىزنى قوغداپ قالغان. مەنمۇ ئۇنىڭ گۆرۈھ ئۇيۇشتۇرۇپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغىنىغا زادىلا ئىشەنمەيمەن. ئۇكام، سەن ئۇنىڭ ئاغىنىسى ئىكەنسەن، ئۇنداقتا سەن مېنىڭمۇ ئاغىنەم، ھەرنېمە قىلساق بىللە قىلىمىز، ئەكەلگىـ نە قولۇڭنى، ھەي ئىتنىڭ بالىسى!

ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن ئەلا قايتىدىن بوۋاي بولۇپ ياساـ

دى . ياخشى ئاتقا نان ـ توقاچ ، پىششىق گۆش سېلىنغان خۇرجۇننى غانجۇغىلىدى . كىگىزچى بىلەن جۇۋىچى يېپىندىكى نەق پۇللىرىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى :

— لازىمى بولىدۇ ، ئەلاجان ئەپەندى ، — دېدى قۇدرىتاخۇن يەنى جۇۋىچى ، — بىزمۇ پۇل تاپقىلى ئەمەس ، جان ساقلىغىلى بۇ يەرلەردە تەمتىرەپ يۈرۈۋاتىمىز . سىلى تېخى جىق رىيازەت چېكىلا ، پۇل ھەرقاچان لازىم نەرسە .

ئەلا تاڭ سەھەر بىلەن شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى . «قاسقىر ئاۋۇز» ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ :

— ئۇكام ، ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئال ، ئەھۋالىنى بىل . ھەربىي رايوندا ، ئۈرۈمچىدە ، ئىچكىرىدە ياخشى تونۇشلىرىم بار دەيسەن ، ئۇلارنى ئاقلاپ ، قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىل ، نېمە لازىم بولسا ماڭا خەت ياز ، لېكىن ئۆزۈڭنى ئايا ، ئاچچىقىڭنىڭ كۈچى بىلەن يولۋاستەك تەلۋىلىك قىلىپ قاپقانغا ئۆزۈڭنى ئۇرما ، پەم بىلەن ، ئەقىل بىلەن ئىش قىل ! — دەپ قايتا ـ قايتا جېكىلىدى .

يوللار قارايغان ، لېكىن كۈندۈزى ئەگىز سۇلىرى ئېقىپ ، ئەتىسى ـ ئاخشاملىرى مۇز بولۇپ قېتىۋالىدىغان غىلتاڭ يەرلەردە ئات ـ ھارۋىلار قىينىلىپ ماڭاتتى . كۆتەك ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى يېرىم قېتىشقان يولنى تىغدەك تىلىپ ماڭسا ، ئاتلار توڭ يەردە مۈدۈرۈلۈپ ، ئۇششاق چامداپ مۆزگەگدەپ ماڭاتتى . ئەلا مىنگەن ئۇزۇن يالىلىق ، كەڭ ساغرىلىق تورۇق ئات بىر دەمدىلا تەرلىدى ، تەرلىگەندىن كېيىن ئاتنىڭ ئايىغى ئېچىلىپ ، تىزگىن سىيرىپ ، يېنىك ـ يۇمشاق قەدەم تاشلاپ ، تاغ ئىچىدىن قىر ئارىلاپ ، بەل ئېشىپ كېتىدىغان چىغىر يول بىلەن شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە غۇلجا شەھىرىنىڭ خەنزۇ بازىرىغا يېتىپ كەلدى . شەھەر سۈرلۈك ۋە كۆرۈمسىز ئىدى . ئاشخانا ،

دۇكانلار تاقالغان . بازاردا ھەر خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدى-
غان ئادەملەر بۇلۇڭلاردا تەمتىلىشىپ يۈرۈشەتتى . ھېلىقى چاغدا
ھاشىر بىلەن تاماشا قىلغان لەڭزىبېشىمۇ گۇڭگاراپ قالغان . ئو-
رۇق ، قوتۇر ئىتلار پاسكىنا ئەخلەتخانىلارنى پۇراپ - قىدىرىپ
يۈرگەندىن باشقا بىرەرمۇ دۇكان ياكى يايمىچى قالمىغانىدى . ئۇ
ئېتىنىڭ بېشىنى غەربكە قاراتتى . غەرب — دۆڭ مەھەللە تەرەپ
ئۇنىڭغا تېخىمۇ سۈرلۈك ، تۇمانلىق كۆرۈندى . مانا توغرا كۆۋ-
رۈك ، ئىلى مېھمانخانىسى ، ئۇنىڭ ئالدى ماشىنا - تراكتورلار
بىلەن تولغان . ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى بىناسىدىن كەينى -
كەينىدىن ئۈچ ماشىنا قورallıق ياشلار چىقىپ يېڭى ھايات مەھەل-
لىسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى . «ئۇلار مېنى تۇتقىلى ماڭدىمى-
كىن» دەپ ئويلىدى ئەلا ئېتىنى يولنىڭ چېتى بىلەن ماڭغۇزۇپ
ئاستا كېتىۋېتىپ . ئۇ ئۆز ۋاقتىدا غۇلجا گۈزەللىرى قايىنايدىغان
قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى ئالدىدا توختىدى . ئىككى قەۋەتلىك ،
قاڭالتىر ئۆگزىلىك ، بوك دەرەخ ، گۈللەر ئىچىدە كىشىنى جەلپ
قىلىپ تۇرىدىغان مەكتەپ بىناسى يوق ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئوتتا قاراي-
غان كېسەكلەر دۆۋىسى ، تاملار ئىزناسىلا قالغان . ئەلا ئۆز ۋاقتىدا
بۇ يەردىكى پاكىز ، ئازادە مەكتەپ بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدى-
كى زالدا ئالىيېشىل قەغەزلەر ، يورۇق لامپۇچكىلار ئاستىدا كېپە-
نەكتەك شوخ قىزلار بىلەن تانسا ئوينايتتى . ئاشۇ كۆلكىسى جا-
راڭلىق ، شوخ ، ئوماق قىزلار ھازىر نە - نەلەردە ئانا بولۇپ
يۈرىدىكىن ؟ ئۇ ئېتىنى سوۋۇتقاچ غەربكە قاراپ يەنە ماڭدى . بانكا ،
ئاشلىق ئىدارىلىرى كۆيگەن ، ئەسكى تاملىققا ئايلانغان ، مانا ئەك-
سىنىر[①] ئۇن زاۋۇتى . ئۇنىڭ زاۋۇت بىناسى ئوقلار زەربىدىن بۇ-
دۇر - چوقۇر بولۇپ كەتكەن . ئۇنىڭ قارشىسىدىكى بىلىم يۇرتى-

---

① ئىلى ئۇن زاۋۇتىنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى .

نىنىڭ دېرىزىلىرى سۇنغان ، ئىسلاشقان ، جەنۇبقا قارىغان يان ئىشى-
كى بىلەن ئۆيلەر كۆيگەن ، ئۆرۈلگەن . ئۆز ۋاقتىدا بىلىم كانى ،
ئارزۇ - ھەۋەس ، غايىلەرنى يېتىلدۈرۈپ چوڭ قىلىدىغان ئانا
بۆشۈكى بولغان بۇ مۇقەددەس ئورۇنغا ئوق ئاتقان ئادەملەر ھاشىر ،
ئەللارنى ئاياپ قويارمۇ ؟ ئەلا ئېتىنى توختىتىپ مەكتەپنىڭ ئۆز
ۋاقتىدىكى مەيدانلىرىغا قارىدى . بۇ مەيداندا ئەلا ، ھاشىرلار توپ
ئوينايتتى . ھاشىر توپنى قانداق ئۇراتتى - ھە ؟ ئۇ يەردىكى ئەللار
قىشتا قارنى تازىلاپ ، يازدا ئەخلەتنى سۈپۈرۈپ خۇددى چېچەن
ئايالنىڭ قازان بېشىدەك قىلىۋېتىدىغان مەيدانلار ئەنە ، خازان -
چۆۋا چىرىندىلىرى ، ئەسكى - تۇسكى كېسەكلەر غۇۋا لامپۇچكا
يورۇقىدا دۆۋىلەكلىك كۆرۈنمەكتە . ئۆز ۋاقتىدا مۇدىرىيەت ئىشخا-
نىسى ، ئىلمىي باشقارما دېگەن ۋىۋىسكىلار قادىلىدىغان چىرايلىق
ۋادەكلىك بىر قەۋەت ئۆيلەر ، ئەمدى ئەسكى خومدانغا ئوخشاپ
قاپتۇ . «بۇ قانداق ئىنقىلاب ؟ — دېدى ئەلا ئۆز - ئۆزىگە ، —
مەكتەپلەر كۆيدۈرۈلگەن ، ئىلىم ئەھلى سولانغان ، دەسسەلگەن .
«ئىنقىلاب » دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى خاتا چۈشەندۈ-
رۈلگەنمۇيا ؟ خاتا بولمىسا ، ئىنقىلاب جەمئىيەتنى ئىلگىرىلەتكۈچى ،
يېڭىلىق ياراتقۇچى ھەرىكەت بولۇشى كېرەك ئىدى . ھازىرقى ئىن-
قىلاب ئۇنىڭ تەتۈرىچە بولۇۋاتىدىغۇ ؟ ھەي قىممەتلىك دوستۇم
ھاشىر ، ئىككىمىز ئەمدى بۇ توغرىدا مۇنازىرە قىلالمايدىغان بول-
دۇق . سېنى راستىنلا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلارمۇ ؟ بۇنداق
بولسا ، بۇ تولىمۇ جانغا پاتىدىغان ناھەقچىلىك بولىدىغۇ ؟ مەن
سېنى جىسمانىي كۈچۈم بىلەن قۇتۇلدۇرالمايمەن . مەن ئۇنچىلىك
قەھرىمان يارالماپتىكەنمەن . قۇرۇق ھېسداشلىق ، قۇرۇق كۆز
يېشى ۋە ھەسرەت بىلەن سېنى قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ . دوستۇم ،
مەن نېمىمۇ قىلارمەن ؟ قولۇمدىن بىرلا مەردلىك كېلىدۇ : سەن
بىلەن بىللە ئۆلۈش . مەن ئوقۇغان كىتابلاردا يېزىلىشىچە ، قا-

شىستلار كاتتىۋاشلىرىدىن گېتلېر، مۇسسولىنىلارنىڭ ئاشنىلىرى چېغىدا گېتلېر، مۇسسولىنىلار بىلەن بىللە ئۆلۈشنى بەخت بىلگەن. كلارىتا[1] بىلەن ئېۋا برائىن[2] لارچىلىك ساداقەت مەندە بولمىسا، مەن ئۆزۈمنى نېمىگە ئادەم ھېسابلايمەن. مەن ھازىرلا ھاشىر يېتىۋاتقان تۈرمىگە كىرىمەن - دە، ئۆزۈمنىڭ ئەلا ئىكەنلىكىمنى مەلۇم قىلىمەن!»

ئۇ يۇقىرىقىلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى - دە، قەھرىمانلىق ۋە مەردلىكتە ئۆلگە قالدۇرماقچى بولۇپ، ئوبلاستلىق ساقچى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ كوچىنىڭ ئىسمى نوۋگورد. بۇ كوچا بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى، يەنى 1871 - يىلىدىن 1881 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا چارروسىيە غۇلجىنى بېسىۋالغاندا گوبېرناتور كالپاكوۋسكىي بىلەن بىللە غۇلجىغا كىرگەن چارروسىيە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ئۆي سېلىش بىلەن مەھەللە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ نام (يېڭى شەھەر) بىلەن ئاتالغان. ئۇ بۇ كوچىدا تەنھا ئۆزى خىيالەن قەھرىمانلىقى بىلەن مەغرۇر ئات ئوينىتىپ، ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسى ئورۇنلاشقان كوچىغا ئەگىيدىغان يەرگە كەلگەندە، تۇيۇقسىز ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلۈپ ئوقلار ئېتىلدى. ئەلا ئۆزىنى پاناھقا ئالماق بولۇپ ئېتىنى تېرەكلىككە بۇرۇشىغا، يېنىدىكى ئېرىققا بىرى دۈم يىقىلدى، كەينىدىنلا دەرھال تۆت نەپەر قوراللىق يۈگۈرۈپ كېلىشتى ۋە يىقىلغۇچىنى يەردىن يۆلىدى. ئۇ ئۆلگەن. ئەلا خىرە چىراغ يورۇقىدا قويۇق قاننى، ئۆلگۈچىنىڭ چېچى چۈشۈرۈلگەن دۈگىلەك بېشىنى، تاتىرىپ كەتكەن يۈزىنى كۆردى. ئۆلگۈچى تولىمۇ چىرايلىق ياش يىگىت ئىدى. ئەلا ئىختىيارسىز

---

[1] كلارىتا — مۇسسولىنىنىڭ ئاشنىسى.

[2] ئېۋابرائىن گېتلېرنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاشنىسى ۋە ئۆلەر ۋاقتىدا نىكاھلانغان ئايالى.

ئېتىنى بالىغا قارىتىپ شىپقىدى . قوغلىغۇچىلاردىن ئىككىسى با-
لىنى سۆرەپ مېڭىۋىدى ، يەنە بىرى يۈگۈرۈپ چىقىپ :
— قوزغاتما ، نەق مەيداننى ساقلا ، تۇرمىدىن قاچتى ،بەلگە
ئوقى بەرسەك توختىمىدى ، ئاتتۇق . ئۆلۈمگە مەھكۇم ! — دېدى .
ئەلا ئەھۋالنى دەرھال چۈشەندى . قوغلىغۇچىلاردىن بىرى ئەلانى
كۆرۈپ قالدى .
— بوۋاي ، نېمىگە تۇرىسەن ؟
— بۇ مېنىڭ بالام .
— نېمە ؟ ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر رەخمەتنىڭ دادىسىمۇ
سەن ؟ ئېتىڭ نېمە ؟
— ئەخمەت !
— رەخمەت ، ئەخمەت ! — دېيىشتى قورال-لىقلار
بىر - بىرىگە قاراپ قويۇپ ، — بالاڭنىڭ قېچىشىنى بىلەتتىڭمۇ
دەيمەن ؟
— ياق ، بىلمەيتتىم !
— ھە ؟ قانداق دۈچ كېلىپ قالدىڭ ئەمىسە ؟
— نان - توقاچ ئېلىپ كەلگەنىدىم .
— كېچىسىما ؟
— ھەئە ، كوندۇزى كوممۇندا ئىشلەيمەن ، رۇخسەت
قىلمايدۇ .
— كۆردۇڭمۇ ؟ بالاڭ قاچتى ، قانچە قىلساقمۇ توختىمىدى ،
ئاخىر ئامالسىز ، مانا !
— سىلەر گۇناھسىز ، بالام يامان بالا ئىدى ، ئۆلگىنى ياخشى
بولدى ، ئۆلۈكىنى بەرسەڭلار ، مەن ئۇنى دەپنە قىلىۋېتەي !
— بىزنىڭ رەسمىيەتلىرىمىز بار ، ئۇنى ئۆتەيسەن .
— ئەتىلىككە كېلىپ ئۆتەي .
بالىنىڭ قانلىرى قېتىشقانىدى . ئەلا يەرگە چۈشۈپ بالىنى

بېلىدىكى قارا رەخت پوتىسى بىلەن ئوبدان ئوراپ تاڭدى. ئۇنىڭ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىدى. قوراللىقلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ «بالادىن قۇتۇلدۇق» دەپ ئويلىدىمۇ، بالىنى «بوۋاي»نىڭ ئالدىغا ئېلىپ بەردى ۋە ئەتىگەنلىككە جەزمەن كېلىشىنى جېكىلەپ «بوۋاي»نى يولغا سېلىپ قويدى.

ئەلا جىمجىت كوچا بىلەن ئۇزاق، ئاستا ماڭدى. ئېگەردە توغرىسىغا ياتقان بۇ يىگىت كىمنىڭ بالىسى، ئۇ نېمىشقا تۈرمىگە كىرگەن، نېمىشقا ۋە قانداق قاچقان. ياش بالا بەلكى ئاتا - ئانىسىنى سېغىنغاندۇ؟ ئۆزىدەك چىرايلىق بىر قىز ئۈچۈن تۈرمىدىن قاچقاندۇ؟ سېغىنىش، مۇھەببەت ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆلۈم، خەتەر دېگەنلەرنى كۆرسەتمىگەندۇ ياكى ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى تۇيغان بولسا جاننى قولغا ئېلىپ بىر ئېلىشىپ كۆرمەكچى بولغاندۇ؟ ياكى بىرەر ئىشنى ئىجرا قىلماقچى بولغاندۇ...

ئەلانىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى. ئۇ قۇچىقىدىكى ياش يىگىتنى چىراغ ۋە ئاي يورۇقىدا قانغۇچە، سىنچىلاپ كۆرۈپ چىقتى. ئۇنى ھېچنەدە كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

ئۇ چارچاش ۋە ئاچلىقتىن تىترەشكە باشلىدى. شۇ چاغدىلا ئېتىنى ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، ھازىر ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئارۇپ ئىسىملىك دوستىنىڭ ئۆيىگە بۇرىدى. ئارۇپنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدە، ئايدۆڭ، ناغرىچى مەھەللىلىرىنىڭ چېگرىسىدىكى بىر خالتا كوچىدا ئىدى.

ئەلا قوش قاناتلىق ھويلا ئىشىكىنى قېقىشتىن بۇرۇن، سۇ بويىدىكى قويۇق ئالۇچىلىققا ئېتىنى باغلاپ جەسەتنى چۈشۈردى ۋە يالغان ساقال - بۇرۇتىنى ئېلىۋەتتى.

ئارۇپ ئۇنى خۇشاللىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئارۇپنىڭ ئايالىمۇ ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇلار ئەلانى ئۇزۇندىن بېرى

بىلەتتى، ئۇنىڭ ياخشى پارىڭىنى دائىم قىلىشاتتى. ئارۇپ تاشپولات بىلەنمۇ يېقىن ئاغىنە بولغاچقا، ئەلا، ھاشىر، قۇرماش، ئوسمانلار توغرىسىدىكى ھەممە گەپلەردىن خەۋەردار ئىدى. چايدىن كېيىن ئەلا ئوبدان ئىسسىدى - دە، ئىچكەركى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ھەم يېپىۋېلىپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئارۇپقا ئېيتىپ بەردى.

— مۇردا قېنى؟ — دەپ سورىدى ئارۇپ ھاياجانلىنىپ، — ئۆستەڭ بويىدا دەمسىنا، يۇر، ئاداش جايلاشتۇرالايلى!

ئۇلار جەسەتنى ئارۇپنىڭ ياغاچچىلىق قىلىدىغان ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن ئارۇپ بالىنى دەرھال تونۇدى.

— ۋۇي، بۇ رەخمەتجان ئەمەسمۇ، — دېدى ئۇ چۆچۈپ، — بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان، دادىسى ئۇستا چورنىك ئىدى. قەيەرگىدۇر تارقاقلاشتۇرۇپتۇ دەپ ئاڭلىغان. ۋاي بىچارە بالا!

ئۇلار جەسەتنى بورا ئۇستىگە قويدى ۋە ئاندىن كېيىن بالىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇردى. بالىنىڭ تۆش يانچۇقىدىن قانغا مىلەنگەن خەت چىقتى. خەتنىڭ ئىملاسىغا قاراپلا ئۇلار دەررۇ تونۇشتى:

— ھاشىرنىڭ ئىملاسى! — دېيىشتى ئىككىسى تەڭلا.

ئۇلار ئىچكەركى ئۆيگە قايتىپ كىرىشتى. ئۇلارنىڭ كېلىدىن غىزا ئۆتمىدى. ئارۇپ چىقىپ ئاتنى جايلاشتۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن ئۇلار دېرىزىلەرنى مەھكەم قاپقىلاپ، قانغا مىلەنگەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

## 6

ئەلا كىچىك ئاپىسى تىكىپ بەرگەن پاختىلىق جىلىتكىسىنىڭ قوش ئەستىرىنى سۆكۈپ، خەتنى پاختا بىلەن ئەستەر ئارىسىغا ئېلىپ قايتىدىن تىكتى - دە، يېرىم كېچىدە يولغا تەييارلاندى.

— ئارۇپ ئاداش ، — دېدى ئۇ دوستىنىڭ قوللىرىنى چىڭ
سىقىپ ، — رەخمەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تېپىپ ئۇنى دەپنە قىلىۋې-
تىڭلار ، بۇ يىگىتنىڭ قەيسەرلىكى ھەققىدە كەلگۈسىدە سۆزلىشە-
مىز . ئۇ بىزگە تۇرمىدىكى دوستلىرىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى-
نى يەتكۈزدى . مەن ئۈرۈمچىگە ، بولمىغاندا بېيجىڭغا — پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىغا بارىمەن . بىر سۇيىقەستچىنىڭ تۆھمىتى
بىلەن بىزنىڭ ئاجايىپ ئادەملىرىمىز ئۆلۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتى-
دۇ . تېز ھەرىكەت قىلمىسام كېچىكىمەن . مەن ئىشەنچلىك ئادە-
ملىرىم ئارقىلىق ، ھاشىرنىڭ مۇنۇ خېتىنى پارتىيىمىزنىڭ مەس-
ئۇللىرىغا يەتكۈزىمەن !

ئارۇپنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا يوللۇق تەييارلىدى . ئەلا ئاخىرقى
قېتىم رەخمەتنىڭ جەسىتى بىلەن خوشلاشتى . رەخمەت ئۇنىڭغا
تولىمۇ گۈزەل ، سۆيۈملۈك كۆرۈندى : يىگىتنىڭ تاتارغان ، بالى-
لىق بەلگىلىرى يوقالمىغان پاكىز يۈزىگە سايە تاشلاپ تۇرغان
ئۇزۇن كىرپىكلىرى ، چاناقلىرىدا قان قېتىپ قالغان ، تولىمۇ
چىرايلىق بۇرنى ، ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان ، بىر گېپىنىڭ
يېرىمىنى دەپ بولۇپ يېرىمىنى دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندەك كۆرۈنى-
دىغان ئۇماق لەۋلىرى ئەلانىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈلۈك ئىزنا قال-
دۇردى .

ئەلا قايتىدىن بوۋايچە ياسىنىپ ، ئېتىنى ئويىنىتىپ گۈزەلئاي-
نىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ، سۇبھى كۆتۈرۈلگەنىدى . ھويلا دەرۋازىلىرى
مەھكەم ئېتىلگەن ، ئاپئاق قىرولاردىن شاخلىرى ئۆگزىلەرگە ئې-
گىلگەن قېرى تېرەكلەر ئۈستىدە قاغىلار ئەنسىز قاقىلدىشىپ ،
ئىتلار خوشياقماي ھاۋشىشىپ قويغاندىن باشقا ئەتراپتا ھېچقانداق
ئاۋاز ـ شەپە يوق ئىدى . ئۇ ئوغلى ۋە دائىم خىيالىدىن كەتمەيدىغان
گۈزەل ئايالىنى كۆرۈۋېلىش ئىستىكى بىلەن ئېتىنى باغ قورغىنى-
نى ئەگىتىپ ئۆتۈپ پاكارراق شورىدىن باغقا ، ئاندىن باغقا قارىغان

دېرىزە قاپقىلىرىغا قارىدى. ئاشۇ ھەم يېپىلغان قاپقىلار ئىچىدە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئادەملىرى ئۇخلىماقتا. ئۇ ئۆز بالىسىنى كۆ-رۈشكە تەقەززا، ھاشىرلار بىلەن ئۇنىڭغۇ تۇرمە تاملىرى ئايرىپ تۇرۇپتۇ. مۇنۇ ئۆز ئوغلى بىلەن ئايالىنىچۇ؟ ئۇلارنى ئايرىپ تۇرغان قايسى تام؟ ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە كۆڭۈلسىزلىككە ئوخ-شاش مەڭگۈلۈك جۇدالىق — ئايرىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىنسان سۆيگۈسىنىڭ دۈشمەنلىرى تام بولۇپ تۇرۇۋاتامدۇ؟ ياق، بۇنداق دېيىشكە ئەلانىڭ ھەرگىز تىلى بارمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ مەنمەن-لىك، ئۆزۈمچىلىك، جاھىللىققا ئوخشاش ھەم ئەيىبى، ھەم خۇ-سۇسىيىتى ھېسابلىنىدىغان مىجەز - خۇلق بەلگىلىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىللىق ھاۋانى توڭلىتىپ، مۇز پەيدا قىلدىمۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولغان بولسا، ئەلا مۇشۇ تۇرقىدا بۇ مۇزنى نەپەسى، كۆز يېشى ۋە ھەتتا ئىسسىق قېنى بىلەن ئېرىتىشكە تەييار ئىدى. ئۇ ئەمدى جۇدالىق ۋە تەلمۈرۈش ئازابى بىلەن ئۆزىنى «تاۋلاش»نى خالىمايدۇ. ئۇ ئۆزىدىن ئۆتكەن ئەيىبلەر ئۈچۈن ئايالىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كەچۈرۈم سوراشقىمۇ تەييار!

— ھەي بوۋاي، نېمەڭ يوق!؟

تام تۈۋىدىكى كېسەك بىلەن تورالغان ھاجەتخانىدىن بىر ئايال-نىڭ بېشى كۆتۈرۈلدى.

— مەن گۈزەلئاينى كۆرەي دېۋىدىم؟

— ئەمدى سەن قالغانمىدىڭ، پوق ساقال! ئۇ سولاقتا، بالىسىنى بىرلىرى ئېلىپ كەتتى. ئۆيگە بوينۇڭ ئۆزۈلگۈچە سو-زۇلۇپ قارىغىنىڭ بىلەنمۇ بەرىبىر، چاشقاندىن باشقا ھېچكىم يوق، ماڭ يولۇڭغا ئېزىتقۇدەك مارىماي!

ئەلا ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدى، يولىغا ماڭدى. ئۇ ئوبلاستلىق تۈرمە ئالدىغا كەلگەندە قولاقچىسىنىڭ يۈڭلىرىغا ئاپئاق قىرو باغ-لىغانىدى. قوراللىق مۇھاپىزەتچى ئۇنىڭغا ئەنسىزلىك بىلەن

قارىدى:

— نېمە دەيسەن؟

— ئاخشام ئېتىلغان بالىنىڭ دادىسىمەن!

— نېمە، كىم ئېتىلىپتۇ؟ بۇنداق ئىش يوق، ماڭە، كەت!

«بەللى، — دېدى ئەلا ئۆز - ئۆزىگە، — بىر ئادەم ئېتىلسۇنۇ، بۇ ئىش بۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىسۇن، بىر ئىت ئۆلسە پۈتۈن بىر يېزىدا غۇلغۇلا بولىدۇيۇ، پۈتۈن سۈرۈك بىر ئادەم ئۆلسە، بۇلار غەم يېمەي يۈرۈشىدۇ. بۇلار قانداق ئادەملەر؟ مەن بۇلارغا ئۆزۈمنى تۇتۇپ بېرىپ دوستلىرىمغا بولغان ساداقىتىمنى ئىپادە قىلماقچى بولغانىدىم، تازا ئەخمەقلىق قىلغانىكەنمەن. بۇنداق قىلغان بولسام، ھاشىرلار ئۈچۈن كىم يىغلايدۇ؟ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلار بىلەن بىللە ئۆلگەندىن ئەۋزەل. ھاشىر خېتىدە ماڭا قانداق چوڭ ئۈمىد باغلىغان - ھە؟ «دوستى ئۈچۈن قۇربان بولۇشنى شەرەپ بىلگەن ئادەم مەڭگۈ غالىب، ئۆزى ئۈچۈن دوستىنى تۇتۇپ بەرگەن ئادەم ئۆلۈمگە مەھكۇم!»، ھاشىرنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىنكى تەسىراتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدە بىر ئۇلۇغ ھەقىقەتنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرۇپتۇ. مەن ھەرقانداق يول بىلەن بولسىمۇ دوستلىرىمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىمەن. مەيلى بۇنىڭ ئۈچۈن غورۇرۇم، ئىنسانىي قىممەتىم، ھەتتا ئىسسىق جېنىم سەرپ بولسىمۇ مەيلى!»

تۈرمە تاملىرى ئېگىز، دوقمۇش - دوقمۇشلىرىدىكى پوتەيلەردە قوراللىق يىگىتلەر بار. ئەلا ئاتلىق تۈرمىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ يۇقىرىقلارنى ئويلىدى - دە، ئاخىر ئېتىنىڭ بېشىنى شىمالغا بۇرىدى. ئۇنىڭ يادىغا ھازىر ھەربىي رايوندا ئىشلەيدىغان بىر دوستى چۈشتى. جاۋ فامىلىلىك بۇ يىگىت بىلەن ئەلا مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىلا يېقىن دوست ئىدى. جاۋ 1961 - يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى كەسپىنى تۈگىتىپ

ئىلى ھەربىي رايونىغا تەقسىم قىلىنغان، ئۇ ئاۋۋال تەرجىمان ئىدى، ھازىر سىلىكىبۇدا مۇھىم خىزمەتتە ئىكەن. ئەلا ئۇنىڭ بىر ئەقىل كۆرسىتەلىشىگە ئىشىنەتتى.

ئەلا ئۇنىڭ ئۆيىنى ئۇزاق ئىزدىدى. ئۇ باشقىلارغا ئۆزىنى جاۋنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى پراكتىكا قىلغان ۋاقتىدىكى «دادىسى» دەپ تونۇشتۇردى (ئۇيغۇر تىلى ئۆگەتكەن خەنزۇ بالىلار ئۆزلىرى ياتقان ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىرىنى «دادا»، «ئاپا» دەپ ئاتايتتى).

كۈن چىققاندا، ئۇ جاۋنىڭ ئائىلىسىنى تاپتى. ئۇ ئىتىنى ئارقا دەرۋازا يېنىغا باغلاپ قويۇپ، خۇرجۇن - قاچىسىنى كۆتۈ-رۈپ ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقتى. بىر ئەسكەر جاۋنىڭ ئىشىكىنى كۆرسىتىپ قويۇپلا كەتكەنىدى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دېدى ياش، خۇشخۇي ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ، — مىللىي يولداشلارنىمۇ؟

— ياق، ئەركىننى ئىزدەپ كەلگەن! — دېدى ئەلا ئۇيغۇر تىلىدا. ئايال جاۋاب بەرگۈچە ئۆي ئىچىدىن جاۋنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كىرىڭ، مانا مەن ھازىرلا...

ئەلا ئۆيگە كىردى. جاۋ ئۇنى دەسلەپ تونۇيالمىدى، لېكىن قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئەلا كونا تونۇشىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن خۇ-شال، لېكىن ئۇ قەلبىدىكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان جاراھەت-نىڭ زەربىسىدىن غەمكىن ۋە سولغۇن ئىدى. ئۇ كۆرەك جۇۋىسى-نى سالدى. جاۋنىڭ ھۆپپىدە ئىللىق ئۆيى، غەمسىز بالىلىرى ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقان ئائىلە بەختى-نى پۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، يىغلىغۇسى، نالە قىلغۇسى كەلدى، لېكىن ئۇ غەيرەت بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغان جاۋ «بوۋاي»نىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقىدى:

— نېمە بولدى، تاغا؟ — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن، — مۇزلاپسىز، چاي ئىچىڭ، سىز كېپەكيۈزىدىنمۇ؟

— ياق، — دېدى ئەلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن گەپنى چاقچاققا ئۆرۈپ، — مەن كېپەكيۈزىدىن ئەمەس، جىرىنسيۈزىدىن!

جاۋ قاقاقلاپ كۈلدى ۋە «بوۋاي»نىڭ چاقچىقىنى ئايالىغا ئۆرۈپ بېرىۋىدى، ئايالىمۇ قاقاقلاپ كۈلدى. شۇ چاغدىلا ئەلا ئۇلارغا خەنزۇ تىلىدا تاڭ دەۋرىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر لەتىپىنى سۆزلەپ بەردى. ئەلا خەنزۇچە سۆزلىگەندىن كېيىنلا جاۋ ئۇنى تونۇۋالدى.

— ئەلا، ئەلاغۇ سىز؟ بۇ نېمىڭىز؟ — ئۇ ئەلانىڭ ساقىلىنى كۆرسەتتى. ئەلا ساقال - بۇرۇتىنى يۇلۇپ ئالدى - دە:

— بۇ گىرىم، مەن ھازىر ئارتىس، مەن بىر ھايات تراگېدىيىسىدە رول ئېلىۋاتىمەن! — دېدى. جاۋ ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى ئاچچىق تەمدىن ئۇنىڭ قېچىپ يۈرگەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ دەرھال ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— خەۋىرىم بار، — دېدى خېلى جىمىلىقتىن كېيىن جاۋ گەپ باشلاپ، — ئاغىنىڭىز ھاشىرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرىم بار. يېقىندىلا ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت خەلق قوغداش بۆلۈمىدىكى ساۋاقداشلىرىم ماڭا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتتى. سىزنىڭ تېخىچە تۇتۇلماي قېچىپ يۈرگىنىڭىزنى ئاڭلىغانمەن.

— ئۇنداقتا، باشقىلارنىڭ تۇتۇۋالغىنىدىن سىزنىڭ تۇتۇپ بەرگىنىڭىز ياخشى. مەن سىزگە ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى كەلدىم.

ئەلا سىناش نەزىرى بىلەن جاۋغا قارىدى، جاۋ تاماكىسىنى ئوبدان شۈمۈرۈۋېلىپ ئەلانىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، دوستلارنىڭ تونۇش - سىرداش كۆزلىرى ئاۋازسىز سۆزلەشتى. جاۋنىڭ كۆزى: «ماڭا ئىشەن» دېسە، ئەلانىڭ كۆزى: «سېنى ئاياي-

مەن !» دەيتتى .
— ماڭىمۇ تەس ، مەن سىياسىي بۆلۈمنىڭ بىر مەسئۇلى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن «بىرگە زەربە بېرىش ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش قوماندا-لىق شتابىدىمۇ ۋەزىپەم بار . ۋەزىپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، سىزنى كۆرۈپ تۇرۇپ تۇتۇپ بەرمەسلىك بىر جىنايەت ، لېكىن بىز ئادەم ، بىز دوست ، مەندىمۇ ۋىجدان ، ھېسسىيات بار ـ دە . سىز مەندىن ياردەم كۈتۈپ كەپسىز . مەن تەشكىل ئالدىدا خاتالىق ئۆتكۈزسەممۇ مەيلى ، ۋىجدانىمغا خىلاپ ئىش قىلالمايمەن . سىزگە ياردەم قىلد-مەن . مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ، مەن سىزنى ئۆز ئۆيۈمدە بالايىئا-پەت ئۆتۈپ كەتكۈچە ساقلىيالايمەن .
— لېكىن ، مەن سىزدىن يالغۇزلا پاناھلىق تىلەپ كەلمىدىم . ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشتا ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلدىم .
جاۋ ئەلاغا تىكىلىپ قارىدى . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەنە سۆز-لەشتى : جاۋنىڭ كۆزى : «مېنى تەڭقىسلىقتا قويدىڭىز» دېسە ، ئەلانىڭ كۆزى : «مەن ئۇلار بىلەن بىر تەن ، بىر جان» دېمەكتە ئىدى .
— سىزچە ، ئۇلار گۇناھسىزمۇ ؟
— ماڭا ئوخشاشلا گۇناھسىز ، لاۋ جاۋ ، بىز ھېلىقى رەقىپ جۇرنىنىڭ تۆھمىتى بىلەن قارىلانغان ، بىلەمسىز ، «ئەكسىلئىنقى-لابىي تەشكىلات» دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ، سىز مۇنۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈڭ ، ھاشىر يەتتە قېتىم سوراق قىلىنغان ، ئەڭ ئاخىر-قى سوراقتا ئۇ نامەت بىلەن يۈزلەشتۈرۈلگەن . نامەت يۈزمۇيۈز قاراپ تۇرۇپ يالغان ئەنزە توقۇغان . ماناپ ئىسمىلىك بىرى تاياق ، ئازابقا چىدىماستىن بۇ يالغان ئەنزىنى ئىقرار قىلىپ قول قويغان . سىز مۇنۇ قانغا مىلەنگەن خەتنى ئوقۇپ چىقىڭ ، بۇ ھاشىرنىڭ

تۇرمىدە تۇرۇپ يازغان خاتىرىسى . بۇ خاتىرىنى تۇرمىدىن ئېلىپ چىققان بالا تۈنۈگۈن كېچىدە قاچقۇن سۈپىتىدە ئېتىلغان !

ئەلا هاشىر ، رەقىپ ، ساۋۇتوفلار توغرىسىدا ، رەخمەتجاننىڭ ئېتىلىشى ، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدا لاۋ جاۋغا تەپسى-لىي سۆزلەپ بەردى . لاۋ جاۋ خىيالچانلىق بىلەن ئەلادىن سورىدى :

— هاشىر راستىنلا شۇنداق سادىق ، رەقىپ سۇيىقەستچى ، ساۋۇتوف بىلەن سىز ئىلىمگە بېرىلگەن ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بولىدىغان بولساڭلار ، بۇ بىر جىددىي هەرىكەت قىلمىسا بولمايدى-غان ئەهۋال ئىكەن . لېكىن ، ئوبلاستتا بۇ ئىش هەل بولمايدۇ . مەن سىزنى هەربىي ماشىنا بىلەن هەربىيچە كىيىندۈرۈپ يولغا سالاي ، سىز ئاپتونوم رايونلۇق «هەرىكەتكە قوماندانلىق قىلىش شتابى»دىكى لى فامىلىلىك باشلىق بىلەن كۆرۈشىسىز . لاۋلى مېنىڭ يېقىن دوستۇم ، ئۇمۇ مىللىي رايوندا ئۇزاق ئىشلىگەن . ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ، ئۇيغۇر تىلىغا هەۋەسى كۈچلۈك بىر زىيالىي . قەلىمى ياخشى بولغاچقىلا ، قوماندانلىق شتابىغا قويۇلغان . ئۇ سىزنى بىر ئامال قىلىپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت-نىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ . هازىر جىنايەت-چىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىش هوقۇقى ئاپتونوم رايونغا چۈشۈرۈلدى . هەقىقىي ئەهۋالنى ئۇقسا ، ئۇلار دەرهال تۈزىتىشى مۇمكىن .

ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتتى . ئەلا لاۋ جاۋنىڭ هىمايىسىدە كىچىك ماشىنىدا يۈرۈپ نۇرغۇن ئەهۋاللارنى ئۇقتى ، گۈزەلئاينى ئادىلە قۇتۇلدۇرۇپ بالىسى بىلەن بىللە ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ-تۇ . رازىيە قويۇپ بېرىلگەنىكەن ، تۇرمىدىن چىقماي تۇرۇۋاپتۇ . ئۇ : «تولۇق ئاقلىساڭلار چىقىمەن ، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى دېگەن خۇلاسىگە رازى ئەمەسمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ . ئوس-مان قاراملىق بىلەن تۇرمىدىن قېچىپ ، دېرەكسىز يوقىلىپتۇ .

ھاشىر بىلەن رازىيە جازىدۇڭچە[1] ئالاقىلىشىپ، ياشلىقىدا ئۈزۈلۈپ قالغان «مۇھەببەت رىشتىسى»نى قايتىدىن ئۇلىۋېلىپ، قىيىن شارائىتتا «بەختلىك كۈن» ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. ساۋۇتوف بىلەن نادىروف ئۆزلىرى ئۈستىدىكى بۇ «ئۇقۇشماسلىق»قا قاتتىق نارازى بولۇشۇپ ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىگە كەينى - كەينىدىن ئەرز بېرىۋېتىپتۇ. ھاشىر خۇددى ئۆز خېتىدە يازغىنىدەك، بۇ «ئەگرى - توقايلىق»نى سەۋر - تاقەت ۋە ئىشەنچ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. قورماش قاتتىق قىيىن - قىستاق زەربىسىدىن ئېسىنى يوقىتىپ قويغان ئوخشايدۇ، ئۇ كەچ كىرگىچىلا بېشىنى چاترىقىغا ساڭگىلىتىپ، ئۇن - تىنسىز خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزگۈدەك. تاشپولات يىگىرمە تۆت كىشىلىك ياتاقتا «ئەگەشكۈچىلەر» قاتارىدا ئىكەن، ئەلانۇرنى ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ ئاپىرىپ ئۆز ئىدارىسىگە كۈرەش قىلىشقا تاپشۇرغانىكەن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا قاچقان ئوخشايدۇ...

ئەلا بۇ خەۋەرلەرنى رازىيەنىڭ دادىسىغا چىقارتقان خەتلىرى، زۇلخۇمارنىڭ ئالدىراپ - تېنەپ كوچىدىلا ئېيتىپ بەرگەن سۆزلىرىدىن ئاڭلىدى.

ئەلا ئېتىنى خەنزۇ بازىرىدىكى ئەيسىرەم دېڭىدە ئۇچراشقان يېزىلىق بالىدىن زۇلىيانىڭ ئائىلىسىگە (زۇلىيا ئۆزى ناھىيە تۈرمىسىدە ئىكەن) چىقىرىۋەتتى. زۇلىيا ئائىلىسى ئاتنى ئەلۋەتتە ئىگىسىگە تاپشۇرىدۇ. ئۇ شۇ كۈنى كېچىلەپ ئۇرۇمچىگە كېسەل يۆتكىگەن ھەربىي دوختۇر ماشىنىسى بىلەن يولغا چىقتى.

ماشىنا بايانداييدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەلانىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئازابتىن تىترىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھاياتقا مەنە ۋە خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى يېقىنلىرىنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇ كەينىدە قالغان غۇلجا

---

① جازىدۇڭچە — «قىزىل قىيا» رومانىدىكى تۈرمە ئىسمى.

شەھىرىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ ، قورقۇنچلۇق ، ۋەھىمىلىك يەرلىرىدە تۇرماقتا . باغلىرى ، پاكىز كوچىلىرى ، ئازادە ئۆيلىرى ، مېھماندوست ، ئاق كۆڭۈل ئادەملىرى بىلەن كىشىلەرگە «جەننەت» بولۇپ تۇيۇلغان بۇ گۈزەل شەھەردىن بۈگۈن ئۇنىڭ دوستلىرى — يېقىنلىرىغا پاناھ جاي تېپىلمىدى . ئۆز ئاتا - بوۋىلىرى سېپىل چۆرۈپ ، باغ ياساپ ، ئۈستەڭ چېپىپ ئۆز تەرى بىلەن كۆكلەتكەن بۇ شەھەر ، بۈگۈن ئۇلارغا يات . مەنچىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ چىدىغۇسىز زۇلمى دەستىدىن قولىغا قورال ئېلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن سادىر ، ئەلاخان ئەۋلادلىرى بۈگۈن پاناھسىز ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان مىللىي زۇلمى جېنىغا پاتقانلىقى ئۈچۈن ئىنسانىي ھوقۇق ، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ جەڭ قىلغان ئەزىمەتلەر بۈگۈن گۇناھكار ! بۇنداق ئادالەتسىزلىكنى چەكلەيدىغان بىرەر كۈچنىڭ ئۆز يۇرتىدىن تېپىلمىغانلىقى ، ئەلا ئۈچۈن چەكسىز ئازاب !...

ئۇ بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقان شەھىرىگە ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ، پاكىز تۇپراق ، ساپ ھاۋا ، شوخ ۋە شىپالىق سۈيىدە ئۇنى چوڭ قىلغان ئىلى ۋادىسىغا تويماستىن قايتا - قايتىلاپ قارىدى . كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى ، ئۇ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالماي ، ئۆپكە - ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىدى .

بېشى چېكىلەنگەن ، ھەربىيچە جۇۋىغا ئورۇنۇپ ماشىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىگىز ئۈستىدە يېنىچە ياتقان ئادەم ئەلاغا قاراپ قويۇپ سورىدى :

— يىگىت ، نېمىگە يىغلايسەن ؟ ھەربىي دېگەنگە مۇنداق يىغا ياراشمايتتىغۇ ؟

ئەلا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ھەربىي كىيىمدە ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى . ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان چاسا يۈز ، لەۋلىرى قېلىن ۋە قاپقارا كەلگەن بۇ ئادەمدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ تەتۈر

قارىۋالدى .

— ئېيتقىنا ، قانداق بىر كۆڭۈل ئاغرىقىغا يولۇقتۇڭ؟

ئەلا قاتتىق ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ پەس ئاۋازدا :

— ئاپام ئېغىر هالدا ياتىدۇ ، مەن قايتىپ كەلگۈچە هايات تۇرامدۇ ، يوق ! — دېدى . ئۇنىڭ «ئاپام» دېگىنىنى بىر ئۆزىلا چۈشىنىدۇ . بۇ «ئاپا» تۇرمىدىكى يېقىنلىرى ئەلۋەتتە .

— قانداق ۋەزىپە بىلەن ماڭدىڭ ، يىگىت؟

— ئاپامغا دورا ئىزدەپ .

— نېمە . شۇنداق چوڭ شەهەردە تېپىلمىغۇدەك قانداق دورىكەن ئۇ؟

— تېپىلمىدى ، ئاۋادا ئۇرۇمچىدىمۇ تېپىلمىسا بېيجىڭغا بارىمەن .

— هىم ، مۇنداق دېگىن ، ئۇنداق بولسا يىغلىساڭ بولىدىكەن ، يىغلىساڭ ماڭا دەخلىسى يوق ، يىغلاۋەرگىن !

ئۇ ئادەم ئەلاغا مەنىلىك قاراپ قويدى . ئەلانىڭمۇ ئۇ ئادەمدىن گەپ سورىغۇسى كەلدى :

— سىز ياربدارمۇ ، ئاكا؟

— هەئە .

— قاچاندىن بېرى؟

— يىگىرمە تۆت يىلدىن بېرى .

— مىللىي ئارمىيىنىڭ كونا ئوفىتسېرلىرىدىن ئىكەنسىز - دە؟

— كونا ئوفىتسېر ئەمەس ، كونا جەڭچىسى .

— شىخو سوقۇشىدا يارىلانغانمۇ؟

— هەئە .

— باتالىيون كوماندىرىڭلار نادىروفمىدى؟

— سەن نادىروفنى نەدىن بىلىسەن؟ — هېلىقى ئادەم چۆ-

چۆپ ، ھودۇقۇپ سورىدى .

— ئۇ ئادەم بىزگە يېقىن تۇغقان بولىدۇ .

— نادىروفنى يوقلاپ تۇرۇۋاتامسەن ؟

— ئەلۋەتتە ، ئەمما ئەھۋالى ياخشى ئەمەس .

— بىلىمەن ، ۋابال بولدى . ناھايىتى ياخشى ئادەم ئىدى . ئامال قانچە ، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ .

— راست گەپنى قىلىشمۇ كەلمەمدۇ ؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ كوممۇنىستلىقىڭىز بىلەن ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە كېپىللىك قىلالامسىز ؟

— سەن ئۆزۈڭچۇ ، سەن قىلالامسەن ؟

— مەن قىلالايمەن . زۆرۈر تېپىلغاندا ، جېنىمدىن كېچىپ تۇرۇپ ئۇنى قوغداشقا تەييارمەن !

— مۇنداق دە ، سەن ئۇلارنىڭ ئەقىلسىزلىك قىلىپ يەنە قولىغا قورال ئالماقچى بولغانلىقىنى يالغان دېمەكچىمۇ سەن ؟

— شۇنداق ، پۈتۈنلەي يالغان !

— «ھاشىر ، نادىروف ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھى» يالغان دەمسىنا ؟ بۇ بېكىتىلىپ بولغان ئەنزىنى ئاغدۇرالىغۇدەك سەندە قانداق پاكىت ـ ئاساسلار بار ؟ مەن مانا نەق ئاشۇ ئەكسىلئىنقىلابىچىلارنى تۇتۇش جەريانىدا كونا جاراھىتىمنى قوزغىتىۋالغان . سەن بىلىپ قوي ، بۇنداق بىلجىرلاش بىلەن بېشىڭغا بالا تاپىسەن !

ئۇنىڭ قېلىن ، قارا كالپۇكلىرى تىترىدى ، ئۇ يوقىرىقى گەپلەرنى ئېيتقاندا خۇددى ھازىرلا ئەلاغا ئېتىلىدىغاندەك ئورنىدىن تېپىرلاپ ئۆرە بولدى ، مۇشتۇملىرىنى ھاۋادا پولاڭلاتتى .

— خاپا بولماڭ ، ئاكا ! — دېدى ئەلا كۆڭلىدە پەيدا بولغان غەزىپىنى تەستە يوشۇرۇپ ، — بىر ئادەمنى قارىلاش ياكى ئاقلاش ھېسسىيات بىلەن پۈتمەيدۇ ـ دە ، يالغان دېگەنىكەنمەن ، مېنىڭمۇ ئۆزۈم تايىنىدىغان پاكىتلىرىم باردۇ ، بەلكى .

— بۇ مۇمكىن ئەمەس !
— سىز پاكىت دەۋالغان ھېلىقى ماتېرىيال يالغان ، ياسالغان بولسىچۇ ؟
— سەن ئۇ ماتېرىيالنى كۆرمىگەن تۇرساڭ نەدىن بىلىسەن ؟
— كۆرمىگەنلىكىمنى سىز نەدىن بىلىسىز ؟
— ئۆزۈڭ نېمە خىزمەت قىلىسەن زادى ، ئېيتقىنا ؟
— بۇنى بىلىشىڭ سىزگە ھېچ زۆرۈرىيىتى يوق . سىز ھەربىي ئادەم ، بۇنى چۈشىنىسىز .

يارىدار ئادەم جىم بولۇپ قالدى . ئۇ شۇ جىم بولغىنىچە شىخودا ھەربىي مېھمانخانا ياتىقىدا ئەلاغا قايتىلاپ گەپ قىلدى :

— سەن تېخى ياش ، زەربىگە ئۇچرىمىغان ، باتۇرلۇق قىلدىم دەپ ھەر قىسما گەپلەرنى قىلىۋېرىسەن ، بىزدەك سىنىپىي كۈرەش-نىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا چېنىققان بولساڭ ، پانتۈركىستلارنى تازىلاش ، ئوڭچى ، يەرلىك مىللەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان بولساڭ ، بىلەتتىڭ . پانتۈركىزم بىر كۈنمۇ ئۆچمىدى ، ئېلىخان تۆرە بىلەن ساۋۇت داموللىنىڭ روھى ھەممە يەرنى كېزىپ يۈرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئادەملىرى تېخىچە يەڭ ئىچىدە خەنجەر ساقلاپ يۈرمەكتە . مىڭ جاپا بىلەن قۇرۇپ چىققان قىزىل ھاكىمىيەتنى ئۇلاردىن قوغدىماق بىزنىڭ بۇرچى-مىز . مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدىكى قىسمەن قالايمىقانچى-لىقتىن پايدىلىنىپ ، بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ئالاقە ئورنىتىپ تەشكىلات قۇرغانلىقى راست ، بۇ بىر پاكىت . ئۇلاردىن يۈزى ، ھەتتا مىڭىنى ئاتقانغا بىز خەق تۆگەپ كەتمەيمىز ، بەلكى خاتىرجەم ، تېخىمۇ بەختلىك بولالايمىز !

ئەلا ئالدىدىكى ئىسسىق چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ ، ئىچ - ئىچىدىن قوزغىلىۋاتقان تىترەكنى ئاران باسالىدى -دە :

— ناۋادا، بىز ئارتۇقچە گۇمانخور بولۇپ قالساقچۇ؟ ئۆزد-
ىمىزنىڭ ئەڭ يارامىلىق ئادەملىرىمىزنى سۇيىقەستچىلەرنىڭ تۆھمەت-
لىرىگە ئىشىنىپ دۈشمەن قىلىۋالغان بولساقچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇلار-
دىن يۈزنى ئەمەس، بىرنى ئۆلتۈرۈشمۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھ، سىز
بۇ ئىشنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى ئويلاپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ياردار ياتقان كارىۋىتىنى غىچىرلىتىپ يېرىم ئۆرە بولدى،
ئۇ تەرىنى تۈرۈپ مۇشتۇمىنى پۇلاڭلاتتى.

— ئالايلۇق، نادىروفنى! — دېدى ئۇ غەزەپ بى-
لەن، — مۇشۇ شىخودا بولغان سوقۇشتا قەھرىمانلىق قىلغانىدى،
لېكىن ھازىرچۇ؟ لىۋ شاۋچى، پىڭ دېخۇەيدەك ئادەملەر ئۆزگىرىپ
پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانغان يەردە، نادىروفلار
ئۆزگەرمەيتتىمۇ؟ باشقا چوڭ دۈشمەنلەر نېمە قىلغان بولسا، نادى-
روفلار شۇنى قىلغان. ئۇلار ۋەتەننى پارچىلىماقچى، خەلقنى قۇل-
لۇققا ئىتتىرمەكچى، قىسقىسى بىزگە بالايىئاپەت كەلتۈرمەكچى.
ئۇلارنى ئاقلىماقچى بولغان ئادەم، خەلقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى!
— خاتالىشىۋاتىسىز! — دېدى ئەلامۇ ئىختىيارسىز ئەسەبىي-
لىشىپ، — ئەكسىچە، ئۇلارنى قارىلىغان ئادەم خەلقنىڭ
دۈشمىنى!
— نېمە دەۋاتىسەن، ئەشەددىي ئوغچى!
— سەن نېمە دېگەن بولساڭ شۇنىڭ تەتۈرىنى!
— مەن سېنى تۇتۇپ بېرىمەن. سەن خەلق ئازادلىق ئارمىيە-
سىنىڭ جەڭچىسى ئەمەسسەن. خەتەرلىك دۈشمەنسەن، مەن سېنى
جەزمەن تۇتۇپ بېرىمەن!
— مەنمۇ سەندەكلەردىن بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە تەلەپ
قىلمايمەن! سەنلەر تۇتۇپ بېرىش، ئۆلتۈرۈش ھېسابىغا مەنسەپ،
ئورۇنغا ئىگە بولغانلار، خەلققە بالايىئاپەت سەندەكلەردىن كېلىدۇ!
قوشنا ئۆيدىن ئىككى كىشى كىرگەندىن كېيىن ئۇلار جىم

بولۇپ قىلىنىشتى . يارىدار جالاقلاپ تىترەپ ، ئازاب بىلەن ھاسىراپ تاماكا چېكەتتى . ئەلا بولسا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قولىدىكى كىتابنى مەقسەتسىز ۋاراقلايتتى .

ئەلانىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى . ئۇ ئۇرۇمچى ـ غۇلجا تاشيولىغا چىقىپ مەقسەتسىزلا ئۇزاق ماڭدى . ئۇنىڭ يادىغا نادىروفنىڭ شىخو ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى كەلدى : مۇشۇ شەھەرنىڭ چېتىدىكى سازلىقتا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى گومىنداڭنىڭ جاھىل قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغان . دۈشمەن پوتىيىنىنى پارتلىتىش ئۈچۈن قانچە يىگىتلەر قۇربان بولغان ، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەلنىڭ ئېسىل پەرزەنتلىرى قانچىلىك قانلارنى تۆككەن ، قانچىلارنىڭ جەسەتلىرى چۆللەردە نام ـ نىشانسىز قېلىپ قالغان… بۇگۈن شۇ جەڭلەردە يارىلانغان بىر جەڭچى ئۆز سەپداشلىرىغا ، ئۆز خەلقىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغان . ئۇنى شۇنداق ئىشەنچ ۋە سەممىيەتتىن مەھرۇم قىلغان قانداق بىر كۈچ ؟ بۇ كۈچ ئۆزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئىلھامى ئەمەسمىدۇ ؟ يەنە مۇشۇنداق «ئىنقىلاب» بولىۋېرىدىغان بولسا ، دوستلار ، بىر ئائىلىدىكى ئاتا ـ ئانا ، بالايۇۋاقىلار… مۇ بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان ، بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان بولۇپ كېتەرمۇ ـ ھە ؟ ئىنسانلارنى بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلەشتۈرۈشنىڭ جەمئىيەت ، ھاياتلىق ئۈچۈن پاجىئەدىنمۇ باشقا رولى بارمىدۇ ؟ ئەلانىڭ ساۋاقداشلىرى ، يۇرتىدىكى دېھقانلار ، نادىروفنىڭ سەپداشلىرى بۇرۇن ئىناق سەممىي قېرىنداشلاردىن ئىدى ، بۇگۈن ئۇلار نېمىشقا بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ، بىر ـ بىرىنى يوقىتىش ، ئۆلتۈرۈش كويىدا ؟

ئەلا كوچىدا مېڭىپ يۈرۈپ ئۆزى ياشاۋاتقان ئاشۇ «ئىنقىلاب شارائىتى» ، بۇ «شارائىت»نى پەيدا قىلغان ئادەملەر توغرىسىدا ئۇزاق ئويلاندى .

ئۇرۇمچىدە ئۇ لاۋ جاۋنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئىشلەتمەستىن
«داۋالانغىلى كەتتى» دېگەن تونۇشتۇرۇش بىلەن ئوتتۇرا كۆۋرۈك-
تىكى «ئاممىۋى مېھمانخانا»نىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە ئىككى كارى-
ۋاتلىق بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتى. مېھمانخانا پاسكىنا، تەرتىپسىز ۋە
ھەر خىل ئىش بىلەن كەلگەن خىلمۇخىل ئادەملەر بىلەن تولغانى-
دى. ئۇ ئەتىسى پىيادە يۈرۈپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومى-
تېت بىناسى ئالدىغا كەلدى. نەنمىن، داشىمىن، بەيخۋاسۇندىكى
ئەخلەت دۆۋىلىرى، ئاشخانىلاردا بىر قاچا ناچار تاماق ئۈچۈن
ئۆچىرەت تۇرۇشقان، ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېيىشىۋاتقان، ناچار كى-
يىنگەن ئادەملەر، ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق، ئىدا-
رىلەردىكى رەسمىيەتۋازلىق، ئادەملەر مۇناسىۋىتىدىكى قوپاللىق…
ئۇنى بۇ شەھەردىن ئۈگۈلا زېرىكتۈرۈپ قويدى. ئۇ لاۋجاۋنىڭ
خېتىنى ئېلىپ لى فامىلىلىك ئادەمنى ئۇرغۇن ئىزدىدى، لېكىن
تاپالمىدى. پەقەت يېرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ يەنىلا غەربىي
شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ ھەربىي رايونغا خىزمەت-
كە تەقسىم قىلىنغان «ساۋاقداش»لىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق، لى
فامىلىلىك ئادەم بىلەن كۆرۈشەلىدى. ئۇ خام سېمىز، پاناقراق،
ئىككى قوۋۇزى سالپىيىپ تۇرىدىغان، قىرىقتىن ئاشقان، قىز-
غىن، ئېغىر - بېسىق ئادەم ئىكەن.

ئەلا ئۇنىڭغا دوستلىرى، نادىروف، ساۋۇتوفلار توغرىسىدىكى
ھەممە گەپلىرىنى، ھاشىرنىڭ خېتىدىكى ئۆزلىرىگە ئۆلۈم جازاسى
بېرىلىدىغانلىق توغرىسىدىكى يامان خەۋەرنى يېرىم كۈن سۆزلىدى.
لاۋلى ئەلانىڭ سۆزلىرىدىكى پىكىرىنىڭ ئېنىقلىقى، ئىخچاملىقى،
ئاتالغۇلارنى جاي - جايىدا قوللىنىشى قاتارلىق تىل سەنئىتى
جەھەتتىكى ماھارىتىگە دىققەت قىلىپ، قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ
جىددىيلىكى، تېز ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق تەرەپلەرگە
دىققەت قىلمىدى. ئەلا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ چوڭقۇر ئوي-

لانغان بولۇپ ئۇزاققىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، تاماكا چېكىپ جىم ئولتۇردى . ئاخىر ئۇ ئەلانىڭ ، «ھاشىر ، نادىروف ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى دېگەن ياسالما ئويۇننىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا» دېگەن ماۋزۇلۇق يازما دوكلاتىنى قولىغا ئالدى . دوكلات ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغانىدى . لاۋلى دوكلاتلارنى چىرايلىق قاتلاپ ، ئالدىرىماستىن قارا سومكىسىغا سالدى :

— ماقۇل ، مەن لاۋ جاۋنىڭ دېگىنى بويىچە بۇ ئەھۋالنى ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزەي ، مەن شۇ رەھبەرنىڭ كاتىپلىرىنىڭ بىرى ، ۋەزىپەم نەق مۇشۇنداق ئىشلار بويىچە ئۇ كىشىگە ياردەم قىلىش ، — دېدى .

— لاۋلى ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى . ئاڭلىسام ھۆكۈم مۇشۇ يەردىلا چىقىرىلغۇدەك ، شۇنداقمۇ ؟

— ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشنى بېكىتىدىغان گۇرۇپپا بار ، گۇرۇپپا مۇزاكىرە قىلىدۇ ، ئاساسىي رەھبەر قول قويىدۇ . مەن يېقىندا بولغان مۇزاكىرىلەرگە قاتناشتىم . ھاشىر ، نادىروف ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ ماتېرىيالى تۇرغۇزۇلدى ، لېكىن تېخى مۇزاكىرىگە قويۇلمىدى . مۇزاكىرىدىن بۇرۇن مەن باشلىققا بۇ ئىشنى چوقۇم مەلۇم قىلىمەن ، ھېچبولمىغاندا دېلونى قايتا تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بولىدۇ .

كەم سۆز ، پىكرى ئېنىق بۇ ئادەمگە ئەلا ئىشەندى . ئۇ «ئاممۇۋى مېھمانخانا»دىن باشقا مېھمانخانىغا — بېيىمىڭغا يۆتكىلىپ كېلىۋالدى . چۈنكى بۇ مېھمانخانىنى تەكشۈرۈش كۆپ بولمايتتى . بۇ يەر بىخەتەر ئىدى . لېكىن ، بىخەتەر بولغىنى بىلەن زېرىكىشلىك ئىدى . ئۇنىڭغا نە ئوقۇغۇدەك كىتاب ، نە ئۆگەنگۈدەك چەت ئەل تىلى ماتېرىيالى يوق ئىدى . ئۇ لاۋلىدىن ئېلىۋالغان قېلىن دەپتەرگە خاتىرە يېزىشقا باشلىدى . ئۇ خاتىرجەملىكتىن ئايرىلغاندىن بېرى خاتىرە يېزىشنى توختىتىپ قويغانىدى . خاتىرە يېزىش ئۇنىڭ

ئۇچۇن كۆڭۈللۈك ، چۈنكى ئۇ خاتىرە يېزىش جەريانىدا دوستلىرى ، يېقىنلىرى بىلەن سىردىشالايدۇ ، ھايات توغرىسىدا ، كەلگۈسى توغرىسىدا قىلغان خىياللىرىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ ، كۆڭۈل دىمىقتىلىقىدىن قۇتۇلالايدۇ .

ئۇ بەش كۈن خاتىرە يازدى ، خاتىرىسى تۇيۇقسىز يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى ، چۈنكى لاۋلى ناھايىتى بىئارام ھالدا كىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا شۇم خەۋەر يەتكۈزدى . ھاشىر ، نادىروف گۇرۇھى توغرىسىدىكى دېلو مۇزاكىرە قىلىنغان ، ھاشىر ، نادىروف ، ساۋۇتوفلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنىدى . ئەلا خۇددى تۇيۇقسىز ئوق تەگكەندەك گاڭگىرىدى ، ئازابلاندى :

— لاۋلى ، مېنى ئاشۇ ئاساسىي رەھبەر بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭ ، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن ، ھېچبولمىسا ئىككى يىل كېچىكتۈرۈشكە قوشۇلىدۇ !

لاۋلىنىڭ بېشى چۈشتى ، ئاخىر ئۇ ئەلانى باشلاپ ماڭدى . ئەلا ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغىنىنى بىلمەيتتى . ئۇ خۇددى ئۆزىنى ئاتقىلى ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك خۇدىنى يوقىتىپ قويغان . لاۋلى قوڭۇر خۇرۇم مىخلانغان ئېغىر ئىشىكنى كۆرسىتىپ :

— كىرىڭ ، ھەممە ئىش قائىدە بويىچە بولسۇن ! — دېدى .

ئەلا ئىشىكنى چەكتى ، ئىشىك ئىچىدىن :

— ھە ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىشى بىلەن ئەلا ئۆيگە كىرىپ ھەربىيچە چاس بېرىپ :

— دوكلات ! — دېدى .

— ھە ، نېمە ئىش ؟ — دەپ سورىدى پاكىز كىيىنگەن ، ئېگىز بويي ، ئاق يۈز ، قاراقاش ، ئەللىك نەچچە ياشلىق ئادەم ئالدىدا تىك تۇرغان «جەڭچى»گە پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ .

— مەن سىزگە جىددىي بىر ئىشنى دوكلات قىلغىلى كىردىم .

— نېمە گەپ؟ — باشلىق ئەلاغا تىكىلىپ قارىدى.

— غۇلجىدىن «ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ ئېيىبلىنىپ، ئەنزى-سى بۇ يەرگە كەلگەن ھاشىر، نادىروف، ساۋۇتوفلار پۈتۈنلەي گۇناھسىز!

— سارائىمۇ سەن؟

— ياق ساقمەن، يۈز پىرسەنت ئىشەنچ بىلەن ئېيتىمەن: ئۇلار ياخشى ئادەملەر، ئۇلار خاتا ھالدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى!

باشلىقنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئۇ قوپاللىق بىلەن قولىنى شىل-تىدى:

— كاللىسى جايىدا ئەمەسقۇ، بۇنىڭ!

— ياق، مېنى ئېتىۋېتىڭ، مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن، كېيىن پۇشايمان قىلىسىز، پارتىيە، خەلقنىڭ ئەڭ ياخشى ئوغۇل-لىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتىسىز. ئۇلار تېپىلغۇسىز ياخشى ئادەملەر!

باشلىق «جەگچى»نىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدى:

— مىللىتىڭ نېمە؟

— ئۇيغۇر!

— سەن قايسى قىسىمدىن؟

— مەن ھەربىي ئەمەسمەن! — دېدى ئەلا بېشىدىن ھەربىيچە شەپكىسىنى يۇلۇپ ئېلىپ، — مەن ئوقۇتقۇچى، سىز بىلەن كۆرۈ-شۈش ئۈچۈنلا ھەربىيچە كىيىنىۋالدىم. مانا بۇ مەن ئاقلاۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ تۈرمىدىن چىقارغان خېتى!

ئەلا قانغا مىلەنگەن خەتنى ئېچىپ، باشلىققا ئىككى قوللاپ سۇندى. باشلىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئەلاغا تىكىلگەن پېتى ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، قاپىقىدىن مۇز ياغات-تى. ئۇ ئەلانى دەرھال قولغا ئېلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىشى مۇمكىن ئىدى. نەق شۇ چاغدا، بىر ئايال ئىشكتىن ئېتىلىپ

كىرىپ كەلدى .

— سىلىڭيۇەن ! — دېدى كىرگەن ئايال ئەلاغا يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ ، — بۇ بىر جىددىي ئىشكەن ، مەن سىزگە يالۋۇراي ، مۇنۇ يالغان جەڭچىنى كەچۈرۈڭ !

باشلىق بىردىنلا يۇمشىدى ، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئەلاغا چىقىپ كېتىشنى ئىشارەت قىلدى . ئەلا چىقىپ كېتىۋېتىپ چىرايلىق ئايالغا مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارىدى :

— رەھمەت ، شياۋلى ! — دېدى ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا .

ئەلا باشلىقنىڭ :

— شياۋلى ، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭىز - ھە ، يولدىشىڭىز قېنى ؟ — دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى .

سىرتتا ئۇنى لاۋلى كۈتۈۋالدى . ئۇ ئەھۋالنى ئەلاغا قىسقىچىلا تونۇشتۇردى : ئەلا بىلەن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىللە ئىشلىگەن ، ئەلاغا خەنزۇ تىلى ئۆگەتكەن ، ئەلانى تولىمۇ قەدىرلەيدىغان لى مۇئەللىم ھازىر بىر مۇھىم ئادەمنىڭ ئايالىكەن . ئۇ ئادەم مۇنۇ باشلىقنىڭ بىردىنبىر گەپ يېگۈزەلەيدىغان دوستى ئىكەن ، ئەلانىڭ ساۋاقداشلىرى مەسلىھەتلىشىپ بۇ جىددىي پەيتتە بۇ ئاخىرقى «كوزىر»نى ئاتقانىكەن .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ئەمدى بۇ ئەنزە قايتىدىن تەكشۈرۈلىدۇ ، — دېدى لاۋلى ئەلا بىلەن كۆرۈشكەندىن بېرى تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرەپ ، — لاۋئەي ، بۈگۈن بىزنىڭكىدە دوستلار بىلەن تاماقتا بىللە بولۇڭ ، ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭ ، شياۋلى بىزنىڭ باشلىقنى بەك ئوڭاي گەپكە كىرگۈزەلەيدۇ .

بۇ گەپكە ئەلا ھەيران . چۈنكى ، ئۇنىڭ بارلىق پاكىتلىرى ، ئىرىشچانلىقلىرى ، چىرايلىق ئايالنىڭ بىر يېقىملىق كۈلكىسىچەلىك رول ئوينىيالمىغانىدى .

# تۆتىنچى باب قىساس

## 1

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئىلى باغلىرى چېچەكلەر بىلەن چۈمكىلىدۇ. ئاق، ھال رەڭلىك ئالما چېچەكلىرى، قىزغۇچ ئۆرۈك چېچەكلىرى، قارىياغاچ پۆرلىرى، سۆگەتلەرنىڭ توق يېشىل يوپۇرماقلىق چوكان - جالالىرى، قىرلاردىكى يۇمران مايسىلار بىلەن قوشۇلۇپ كىشىگە زوق بېغىشلايدىغان مەنزىرە پەيدا قىلىدۇ. غۇلجا شەھىرى مانا شۇ باھار مەنزىرىسى ئىچىدە قاراڭغۇلىشىۋاتقان باغلىرى، گۈزەللىشىۋاتقان كوچىلىرى، چېچەك سۈيى بىلەن شادلانغان ئېرىق - ئۆستەڭلىرى، تەنتەنە قىلىشىۋاتقان قۇشلىرى بىلەن ھەر يىلقىدەك مەغرۇر. شەھەر باھار شادلىقى بىلەن چىراي ئاچقان.

ھاۋا ئوچۇق، قۇياشنىڭ نۇرى ئىللىق بىر ئەتىگەنلىكى، يوغان دەرۋازىلىق ھويلىدىن بۇدۇر چاچلىق، كۆزلىرى چىرايلىق، لېكىن، غەملىك، قويۇق ساقال - بۇرۇتى دۇگىلەك يۈزىنى كىرپە تىكىنىدەك قاپلىغان بىر قىران يىگىت ئالدىراپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزىگە نە شەھەر گۈزەللىكى، نە باھار شادلىقى، نە قۇشلارنىڭ تەنتەنىسى كۆرۈنمەيتتى، قۇلىقىمۇ ھېچ نەرسە ئاڭلىمايتتى. ئۇ يېڭىلا سۇپۇرۇلۇپ سۇ چېچىلغان كوچىلاردىن ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا قاراپ ماڭدى. كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرى قوراللىق ھەربىيلەر، خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن تولغان، تەرەپ - تەرەپتىن رەتلىك تىزىلغان، ھەر خىل جاراڭلىق شوئارلار يېزىلغان پلاكاتلارنى كۆتۈرۈشكەن ئادەملەر دۇشمەنلىرىگە بولغان

غەزەپ - نەپرەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شوئارلارنى يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىشىپ، داقا - دۇمباق، جاڭ - جۇڭلار بىلەن مەيدانغا قاراپ ئاقماقتا. «ياشلار مەيدانى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قاقاس مەيداننىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سەھنىسى ھەر رەڭ بايراقلار بىلەن چۈمكەلگەن، شەرق تەرىپىدىكى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن غەرب تەرىپىدىكى «قىزىلبايراق» سودا ماگىزىنىنىڭ ئۆگزىسىگە پىلىموتلار ئورنىتىلغان، ئاپتومات تۇتقان جەڭچىلەرمۇ قاتۇرۇپ قويغاندەك تىك تۇرۇشاتتى. باھار بىلەن ماسلاشمىغان بۇ سۈرلۈك مەنزىرە بايىقى بۇدۇر چاچ يىگىتنى تېخىمۇ چۆچۈتتى. ئۇ مەيدانغا كىرىدىغان ئېغىزدا ئالاقزادە بولۇپ، گاڭگىراپ خېلىغىچە تۇردى.

— ئوسمان، ماڭە! — دېگەن تونۇش ئاۋاز ئاڭلانغاندىن كېيىنلا ئۇ كىرىپ كېتىپ بارغانلارنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ، ھېلە-قى ئۆزىنى چاقىرغان دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئالتىدىن تىزىلغان سەپنى يەتتە قىلىپ تىزىلىشىۋالدى، دوستى ئۇنىڭغا پىچىرلىدى:

— دىشلۇ ئايرودروم تەرەپتە ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇ ياقتا ئاتقۇدەك.

ئۇ ئوسماننىڭ قولىنى ئاستا سىقىپ قويدى. ئوسمان ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشلىق ئىدى.

— ئارۇپ ئاداش، — دەپ پىچىرلىدى ئوسمان تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — مەن پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، نېمىشقا تۇرمىدىن قاچتىم، ئۇلار بىلەن بىللە ئېتىلغان بولسام بولمايتتىمۇ؟ ماڭا بۇ جاننىڭ لازىمى نېمە؟

— ئاڭلىدۇق، ئوغۇشلۇق قېچىپسەن، لېكىن ھېلىمۇ خەتەر ئىچىدە سەن، تېز قاچ، سېنى ئەمدى تۇتۇۋالسا ئېتىۋېتىدۇ. ئەلادىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ شۇ بولسىمۇ، ئامان قالسا بولاتتىغۇ!

— تەس، ئامان قالمىقى تەس جۇمۇ، ئاڭلىسام ئەلانى كۆر-گەن يېرىڭلاردا ئېتىۋېتىڭلار دەپ، ئىزدىگۈچىلەرگە بۇيرۇق بې-

رىلگەن ئوخشايدۇ .

ئۇلار بەلگىلەنگەن ئورۇندا داق يەردە ئولتۇرۇشتى . تەرەپ -
تەرەپكە قارىتىلغان يوقىرى ئاۋازلىق كانايلاردىن «ماۋجۇشى سۆز-
لىرىدىن ئۈزۈندى »نىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش توغرىسىدىكى
قىسىملىرى ناخشا قىلىنىپ كۆتۈرەڭگۈ - جۇشقۇن ئاۋازدا ئېيتىل-
ماقتا ، ھەربىيچە كىيىنگەن ، توختىغان بىر كىشى پلاكات ئاستى-
دىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ مەيدان تەرتىپىگە رىياسەتچىلىك
قىلماقتا ، مەيدان ئادەمگىمۇ تولدى . پۈتۈن مەيداندىكىلەرنىڭ كۆ-
زى سەھنىدە ، يالغۇز ئوسمانلا يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن غا-
لىلداپ تىترەپ ، كۆز يېشىنى ھېلىدىن - ھېلىغا سۈرتۈپ ئازابلان-
ماقتا . ئۇنىڭغا بۇ داغدۇغىلىق يىغىن بىر جازا مەيدانى ، ۋىجدانى
ئۇنى ئەيىبلىمەكتە ، ئازابلىماقتا ، ئۇنىڭ ئىقراسى مۇشۇ بىرنەچچە
مىڭ كىشىنى ئالدىماقتا ، ئۆزى تازا ياخشى كۆرىدىغان يېقىنلىرىنى
بىگۇناھ ھاياتىدىن مەھرۇم قىلماقتا . ئۇ نېمىشقا ھېلىقى ئاخىرقى
قېتىم ئېسىلغاندا ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقتى - ھە ؟ ئۇنىڭ قۇلىقى-
غا سوراقچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى :

— ھاشىر ، نادىروف ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ ئارقا
تىرىكى كىم ؟

ئوسمان ھازىرلا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك سوزۇلۇپ ئاغرىۋات-
قان ئىككى باشمالتاق بارمىقىنىڭ ئازابىغا چىدىمىدى .

— بىلمەيمەن ! — دېدى ئۇ تىلىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئازاب
بىلەن .

— ئۇرۇڭلار !

ئوسمان بەدىنىگە نېمىلەر تەگكەنلىكىنى ، ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى
دېگىنىنى ئەسلىيەلمىدى . ئۇ كېيىن بىلدى ، ئۇ جان ئاچچىقىدا
نامەتىنىڭ پاش قىلغىنىنى تەكرارلاپتۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن قىلغان
سۆزىنى تەستىقلاپ قول قويۇپتۇ . مانا شۇ بىر ئېغىز سۆزىنىڭ

دوستلىرىنىڭ بېشىغا چىقىشىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ ئەتىسى ھەممە ئىقرارىنى رەت قىلدى، لېكىن تېخىمۇ قاتتىق جازالاندى. ئۇنى ئېسىشقا ئاچىقتى. ئۇ ئۇستىلىق بىلەن قاچتى. مانا ھازىرمۇ ئۇ قاچقۇن. ئۇ تېخى ئۆيىگە كىرمىدى. دوستلىرىنى دەپنە قىلىپ بولۇپ، ئۇ بۇ يەردىن يىراققا، ئۆزى بىلمەيدىغان يەرلەرگە يەنە قاچىدۇ. ئارۇپ ئۇنى نوقۇدى، ئوسمان سەھنە تەرەپكە قارىدى. سەھنىنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇققا قاتار ماشىنىلار پەيدا بولغان، ماشىنىلارنىڭ ئۈستىدە ئۆزىگە تونۇش چىرايلار، پاكىز چۈشۈرۈلگەن باشلار كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ مەيدىلىرىگە ئاق قەغەزگە يېزىلغان ئىسىملىرى بىلەن سۈپەتلىرى چاپلانغان. ئەنە نادىروفنىڭ مەيدىسىدىكى ئېتىش بەلگىسى ئۇرۇلغان قەغەزگە: «ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھنىڭ غول ئۇنسۇرى نادىروف» دەپ يېزىلغان. نادىروفنىڭ قوللىرى كەينىگە باغلانغان. ئىككى ئەسكەر قولىنى قايرىپ، گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرۇپتۇ. ئەنە بىرى ئۇنى تەپتى، ئوسمان نادىروفتىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ھاشىرنى ئىزدىدى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئاينىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ نېمىشقىدۇر ھاشىرنى كۆرەلمىدى. چەتتىرەك بىر يەردە يىراققا قاراپ قوللىرى باغلانغان قورماش تۇراتتى. ئۇ ساۋۇتوفنى ئىزلىدى. ساۋۇتوف مۈكچەيگەن، ئىككى ئەسكەر ئۇنى يۆلەپ تۇراتتى. ئوسمان بۇ قابىلىيەتلىك، بىلىملىك ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغالغانلىقىنى بىلدى.

ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت قوغداش گورۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى، ياشانغان ھەربىي ھۆكۈمنى ئېلان قىلدى. شۇ چاغدا، ئوسمان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ: «بۇلارغا ئۇۋال بولدى، بۇلاردا گۇناھ يوق!» دەپ ۋارقىرىماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئۇ ۋۇجۇدى ئاۋاز چىقىرىشتىن مەھرۇم بولغاندەك، گويا ھاۋا ئورنىغا قۇم - چاڭ يۇتۇۋالغاندەك دېمى سىقىلىپ ئازابلانماقتا ئىدى. ئارۇپ بىر

چاغدا ئۇنىڭ بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇپ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئورنىدىن تۇرغۇزدى :

— ئېلىپ ماڭدى ، ھەي ئىسىت ، ئاتقىلى ئېلىپ ماڭدى ! — دېدى ئارۇپ ئوسماننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ، — بۇ جاھان نېمە بولۇۋاتىدۇ ، قېنى بۇ ئادالەت ؟ !

ئوسمان ماغدۇرسىزلانغان ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەپ شەھەرنىڭ شىمالىغا قاراپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئارۇپنىڭ جەينىكىگە ئېسىلىپ مېڭىۋەردى . ئۇلار ئايرودروم يولىغا كەلگەندە ، قوراللىقلار ئۇلارنى توسۇپ ماڭغۇزمىدى . ساي كۆۋرۈكى ئۈستىدىكى كانايدىن تېخىچىلا ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت باشلىقىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلانماقتا . دېمەك ، ئوچۇق سوت يىغىنى تېخى داۋاملاشماقتا ئىدى .

— ھاشىرچۇ ، ئۇنىمۇ ئاتقىلى ئېلىپ ماڭدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئوسمان بىردىنلا جۆيلۈگەندەك .

— ئاڭلىمىدىڭمۇ ؟

— ياق .

— ھاشىر يوشۇرغان قورالنى تاپشۇرغاندىن كېيىن ئېتىلغۇدەك .

— ئەلاچۇ ؟

— ئۇنىڭغا ھۆكۈم ئېلان قىلىنمىدى .

— ئۇنىڭ نەدىلىكىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ ، ئارۇپ ؟

— ئۈرۈمچىگە كەتكەندىن بېرى ھېچ خەۋىرى بولمىدى .

— تۇتۇلغانمىدۇ ؟

— ياق ، تۇتۇلغان بولسا دەرھال سوتلىناتتى .

— ئارۇپ ئاداش ، — دېدى ئوسمان تولىمۇ چۈشكۈن ، روھسىز ھالدا ئۈمچىيىپ تۇرۇپ ، — بىز نېمە قىلغان گۇناھىمىز ئۈچۈن بۇنچە جازالىنىمىز ؟ بىزنىڭ قىران چاغلىرىمىز مۇشۇنداق

جازا، ۋەھىمە، سەرسانلىق بىلەن ئۆتۈپ تۈگەپ كېتەرمۇ ـ ھە؟ بىزنى سولىمىغان، جازالىمىغان بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ ھاشىر بۇ ناھىيىنىڭ ئىشىغا زور تۆھپە قوشاتتى. ئەلا بىرنەچچە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازاتتى. قالغانلىرىمىزمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىۋېتەتتۇق. ئاروپ ئاداش، بىز تۈگەشتۇق، بالىلىرىمىز نېمە بولار؟ نېمىشقىمۇ يىگىرمە يىل كېيىن تۇغۇلمىغاندىمەن؟

ئاروپ دوستىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەستىن خىيال بىلەن يەرگە قاراپ ئالدىراپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى، بۇرۇنراق بېرىپ ئىگىسىز جەسەتلەرنى ھارۋا بىلەن ئېلىپ كېتىش، تىرىكلىكىدە رازى قىلالمىغان ئۇستازى ساۋۇتوف، پۈتۈن بالايۇ ـ ۋاقىسى ئۈرۈمچىدە، ئۇرۇق ـ تۇغقىنى يېزىدا قالغان نادىروفلارنىڭ جەسىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز ئادىتى بويىچە يەرلىكىگە قويۇپ، بېشىغا تاش ـ كېسەك بىلەن بەلگە ياساپ قويۇش، ئۇ مۇشۇنداق بىر ئاددىي، لېكىن ياخشى نىيىتىنىڭ توسقۇنسىز ئەمەلگە ئېشىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. مۇشۇ نىيىتى ئۈچۈن چىن قەلبىدىن خۇدادىن مەدەت ۋە يول تىلەيتتى...

ئۇلار قۇدۇق مەھەللە كوچىسىدا ئۇزاق ئايلىنىپ مېڭىپ ئاخىر ئايرودروم تەرەپكە ماڭىدىغان «تاللىق»قا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئىلى دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا، بۇ يەرگە دەرس تەكرارلىغىلى، ئوينىغىلى كېلەتتى. ئۇ چاغدا ئۇلار قانداق ئۇلۇغ ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشەتتى ـ ھە؟ ئۇلار ئۆزلىرىنى كەلگۈسىنىڭ لومونوسوف، مىندىلېف، نيۇتون، پۇشكىن، بايرون، تولستوي، گوركى، لۇشۈنى... ھېسابلاشقان ئەمەسمىدى؟! ئۇلارنىڭ ئېچىدىكى ھاياتقا ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارايدىغان ئەڭ ناچارلىرىمۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەپداشلىرىمدىن بىرىنىڭ جەسىتىنى يەرلىكىگە سالامەت قويالىسام، ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى دېگەننى ئويلاپ باققان بولمىغىدى ـ ھە؟ ئىنسانمۇ دەرەخ-

كە ئوخشايدۇ، نوتىلىق دەۋرى، مېۋە بېرىدىغان دەۋرى، قاقشال بولىدىغان دەۋرلىرىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. نوتا دەۋرى بىلەن قاقشال دەۋرىلا بولىدىغان دەرەخنى، مېۋىلىك دەرەخ دېگىلى بولامدۇ؟ بىر سىنىپتىن چوڭ - چوڭ ئارزۇلار بىلەن جەمئىيەتكە چىققان ئوتتۇز - قىرىق يىگىتنىڭ تەڭدىن تولىسى يوقىلاڭ سەۋەبلەر بىلەنلا مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشاپ پالتا ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالسا، ئامان قالغانلىرى سەپداشلىرى ئۈچۈن ئېچىنامدۇ؟

ئارۇپ — ئورۇق، قاڭشارلىق، كەم سۆز يىگىت، مانا بۈگۈن باشقىلارنىڭ ئۈششاق گەپلىرى، تەشكىلنىڭ كەلگۈسىدە قىلىدىغان سوئال - سوراقلىرىغا پەرۋا قىلماستىن، ئۆزىنىڭ ساۋاقداشلىق، ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، ئاددىي ئارزۇنى ئۇلۇغ ئىش بىلىپ تېپىرلاپ يۈرۈپتۇ. لېكىن ئوسمانچۇ؟ ئۇ نېمىلەرنى قىلالىدى؟ ئۇنىڭ ئۆز چاققانلىقىغا تايىنىپ تۈرمىدىن قېچىشى، مەنپەئەت، ئۆز غېمى ئۈچۈن بولماي نېمە؟ رازىيە نېمە ئۈچۈن چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت بېرىلسىمۇ، هاشىرنى دەپ تۈرمىدىن چىقماي تۇرۇۋالدى؟ گۈزەلئاي نېمىشقا ئۆزىگە نېسىپ بولغان راھەت - پاراغەتنى ئەلا ئۈچۈن جەبىر - زۇلۇم تارتىشقا ئالماشتۇرۇۋالدى؟ ئەلا نېمە ئۈچۈن تونۇمايدىغان بىر يىگىتنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ بىر كېچە سىرتتا يۈردى؟ ئارۇپنىڭ ئۇ يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تېپىپ، ئۆز ئۆيىدە رەسمىي هازا ئېچىپ، يىگىتنى ئادىمىي يول بىلەن يەرلىككە قويغانلىقىنى نېمىدەپ چۈشەنسە بولىدۇ؟...

ئوسمان «تاللىق»قا كىرگەندىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدا دەرس تەييارلايدىغان قېرى تالنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇۋېلىپ يۇقىرىقىلارنى ئويلىدى، ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان نەپرىتى كۈچەيدى. نەپرىتى كۈچەيگەنسېرى، ئۇنىڭغا هايات مەنىسىز، دۇنيا قاراڭغۇ، ياشاش ئۇياتلىق بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆلۈشنى ئارزۇ

قىلىپ قالدى. ئوغاي ۋە تېزرەك ئۆلۈۋېلىشنىڭ يوللىرىنى ئىز-
دەشكە باشلىغاندا، ئۇنىڭ خىيالى ئىلى دەرياسى، بېغىدىكى قېرى
ئۆجمىنىڭ شېخىغا سېلىنغان سىرتماق، ئىتتىك ئۇستىرا، ئېگىز
زاۋۇت تۇرخۇنى، «د د ۋ» دورىسى... قاتارلىق ۋەھىمىلىك نەرسە-
لەرگە يۆتكەلدى.

باياتىن يولنى كۆرگىلى كەتكەن ئارۇپ قايتىپ كېلىپ، بېشى
چاترىقىغا ساڭگىلاپ قالغان ئوسماننى مۈرىسىدىن ئىرغىتىپ:

— يۈر، بىزنىڭ هارۋىنى تاپتىم، ئادەملەرمۇ جەسەتلەرنى
كۆرۈپ قايتىۋاتىدۇ، جەسەتلەرنى ئەكېتىشكىمۇ رۇخسەت قىلىن-
دى، — دېدى.

ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ، ئادەملەرنى ئارىلاپ شىمالغا قاراپ خېلى
ماڭغاندىن كېيىن ماشىنا ـ ماشىنىلاپ قۇراللىقلار كېلىۋاتقان
تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. ئادەم ئېتىلغان تاشلىق سايدا بىرنەچچە
قاراۋۇل تۇراتتى. ئارۇپ ئالدىن تەييارلانغان ئاق خەسىدىن ئۆزىگە
ۋە ئوسمانغا پوتا باغلىدى. ئۇلار ئۈن سېلىپ يىغلاشتى. ئۇ يەرگە
ئاللىقاچان ساۋۇتوفنىڭ سىڭلىسى، كۈيئوغلى، نادىروفنىڭ بىر
نەچچە تۇغقىنى (ئايالى ۋە بالىلىرىمۇ سولاقتا ئىكەن) كەلگەنى-
كەن. ئارۇپ بىلەن ئوسمان ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر قۇچاقلىشىپ،
يىغلىشىپ كۆرۈشتى. بىر قاراۋۇل ئۈن سېلىپ يىغلىغان ئوسمان-
نىڭ مۈرىسىدىن قوپاللىق بىلەن سىلكىدى:

— يىغاڭنى ئۆيۈڭگە بارغاندا يىغلا، يىغلاشقا رۇخسەت يوق!

— نېمىشقا؟ — ئوسمان ئۇنىڭغا ئالايدى.

— يىغلاشمۇ تەشۋىقات، باشقىلاردا هېسداشلىق پەيدا قىلماق-
چىمۇ؟

— ئاتتىڭ، بۇلارنىڭ گۇناھى تۈگىدى. هۆكۈمنى ئىجرا
قىلىپ بولدۇق، ۋەزىپەڭ ئاخىرلاشتى، قانۇنلۇق گەپ قىل!

— نېمە قانۇنسىزكەن؟ — قاراۋۇل ئوسمانغا گۆلەيدى.

— قايسى قانۇندا يىغلاشمۇ گۇناھ دېيىلگەن؟ كىمگە يىغلاي-
مەن، كىمنى تىللايمەن، بۇ مېنىڭ ئەركىنلىكىم، سەن بۇنچىلىك
ئەركىنلىككىمۇ چەك قويماقچىمۇ؟
قاراۋۇل دۇدۇقلىدى، يەنە بىر قاراۋۇل قاتتىق تاشلىق دەپتە-
رنى ئوسمانغا تەڭلىدى:
— مەيەرگە قول قوي!
ئوسمان تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن دەپتەرنى ئېلىپ
ئارۇپقا ئۇزاتتى. ئارۇپ دەپتەرلەرگە قول قويدى.
جەسەتلەرنىڭ پۇت - قوللىرىدىن كويزا - كىشەن، ئاغزىدىن
تىل قايرىغۇچ سىم ئېلىندى. ساۋۇتوف بىلەن نادىروف ئوڭدا
ياتاتتى. ساۋۇتوفنىڭ ئاغزىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى، لەۋلىرى
بىرنېمە دېمەكچى بولغاندەك يېرىم ئوچۇق، كۆزلىرى يېرىم يۇمۇل-
غان، خۇددى چىگىش بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. نادى-
روف بولسا تىلىنى چىقىرىپ كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا ياتاتتى. ئۇ
خۇددى بىرىنى مازاق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ
ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆكرىكىدە ئوق ئىزىدىن پەيدا بولغان قان
ئۇيۇتمىسى تۇراتتى...
جەسەت ئىگىلىرى ئۇلارنى يەردىن ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ
ئالدىن تەييارلانغان ھارۋىلاردىكى پاخال ۋە تاختاي ئۈستىگە ئوڭدا
ياتقۇزۇشتى ۋە ئۈستىگە ئاق داكا يېپىشتى.
ئوسمان ساۋۇتوفنىڭ جەسىتىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇردى -
دە، تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرى يۇيۇپ تۇرۇۋاتقان يۈزىنى قوياشقا
قارىتىپ، ئىككى قولى بىلەن بېلىدىكى ئاق پوتىسىغا تايىنىپ،
بىرىنچى بولۇپ بار ئاۋازى بىلەن ھازا باشلىدى:
— قېرىنىدىشىم، ئۇستازىم، ۋاقىتسىز كەتتىڭ، بىگۇناھ
كەتتىڭ، ئارماندا كەتتىڭ، رازى بول مەندىن!
ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان - سۈرەن بىلەن

ھازا باشلاندى .
ئۈرۈش ، باغلاش ، دەسسەش ، خورلاش بىلەن شەھەردىن ئا-
خىرقى قېتىم چىقىپ كەتكەن خەلق ئوغلانلىرىنىڭ جەستى ، داغ-
دۇغىلىق يىغا - زار ، ھۆرمەت - رەسمىيەت بىلەن ئاخىرقى قېتىم
ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كىردى . ئەل ھۆرمىتىنىڭ بۇ تەنتەنىسى
شۇ كۈنىلا پۈتۈن غۇلجا شەھىرىگە تارالدى .
ئەتىسى جۈمە كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى ئەڭ شۆھرەتلىك مەس-
چىت بولغان بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ھويلىسىغا يىپەك گىلەملەر
يوپۇق قىلىنغان ئىككى تاۋۇت كەلتۈرۈلدى . تاۋۇتنى ياشلار قول-
دىن قولغا ئېلىشىپ ، تالىشىپ تۇرۇپ كۆتۈرۈشتى . يۇرتنىڭ ئەڭ
مۆتىۋەر قېرىلىرى ئاق سەللىلىرىنى ئوراپ ، بۇ مېيىتلارنىڭ نامى-
زىنى چوشۇرگۈچىلەرنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇشتى . سەپراس
بولۇشقان ياش - قېرىلار نەچچە مىڭغا ، بېلىگە ئاق پوتا باغلىغانلار
يۈز نەچچىگە يەتتى . نامازدىن كېيىن مېيىت ئۆزىتىپ ماڭغان
ئادەملەر بىلەن ماشىنىلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ھەرقانداق بىر
نامايىشتىن ئاز بولمىدى . شەھەر ئىچىدىن چوڭ كوچا بىلەن قارا-
دۆڭ تەرەپكە ماڭغان بۇ ئادەملەر تاۋۇتلارنى تاكى قارادۆڭنىڭ
سىرتىدىكى ئېدىرلىقچە مۇرىلىرىدە كۆتۈرۈشۈپ بېرىشتى . تا-
ۋۇتقا قولى يەتمىگەنلەر ، ئۇزۇن ئارغامچىلارنى تاۋۇت پۇتلىرىغا
باغلاپ ئارغامچىنى تۇتۇپ مېڭىشتى . تەنتەنىلىك ئۆزىتىشتىن ھايا-
جانلانغانلار :
— ئۆلۈم ئەمەس ، تويى ، رەھمىتىلەرنىڭ تويى بولدى ! —
دېيىشتى .
— خەلقنى ھېچقاچان نامايىشقىمۇ بۇنچىلىك قوزغىتالمىغاندى-
دى . ئادەمنىڭ ياخشىسى دېگەننىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ ئابرۇيى ، ئىنا-
ۋىتى ئۆلمەيدىكەن ! — دېيىشتى . لېكىن ، بۇ ئىشنى كۆرۈپ
ئالاقزادە بولۇپ ، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ۋەھىمىلىك خەۋەر يەت-

كۆزگۈچىلەرمۇ بولدى. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى رەقىپ ئىدى. ئۇ
گەرچە تېزلا ناھىيىدىن ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتقا يۆتكە-
لىپ كېلىپ مۇھىم ئورۇنغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان «تەلەيلىك
ئادەم» بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇ ھازىر تولىمۇ جۈدەڭگۈ، غەمكىن
ۋە ئالاقزادە ئىدى. ئۇ ئامەتتىن پەيدا بولغان ئەنسىزچىلىك ۋە
ۋەھىمىنىڭ ئارامسىز زەربىسىدىن بولسا كېرەك، يۈزلىرى تاياق
يېگەندەك كۆكەرگەن، ئاۋازىمۇ غاراڭ - غۇرۇڭ، قوللىرى پېيەن-
چۈكنىڭ قولىدەك تىترەپ تۇراتتى. ئۇ ھەربىي رايون دەرۋازىسىغا
ئالدىراپ كىرىپ سىياسىي باشقارمىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا
لاۋجاۋ ئۇچراپ قالدى. ئۇ لاۋجاۋ بىلەن كونا تونۇش، ھازىر
خىزمەتداش، بىر سەپتىكى ئادەم بولغاچقا، ئۆزى تاپقان «ئەڭ
يېڭى خەۋەر»نى لاۋجاۋغا ئېيتماقچى بولدى:

— لاۋجاۋ، كۆردىڭىزمۇ؟

— نېمىنى؟

— ئىككى ئەكسىلئىنقىلابچىنى قانداق كۆمۈشكىنىنى دەي-
مەن! پۈتۈن شەھەر مۇسۇلمانلىرى كوچىغا ئاق باغلاپ چىققان،
دوقمۇش - دوقمۇشلارغا مەرسىيە دەپ تېما قويۇلغان ئەكسىيەتچى
شېئىرلار چاپلانغان، ھەتتا بۇ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى خەلققە ماخ-
تاپ تونۇشتۇرىدىغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىمۇ تارقىتىلغان، بۇ ئەھ-
ۋال بىزنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشكە خەلقنى ياخشى قوزغىمىغان-
لىقىمىزنى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ھەيۋىسىنىڭ چۈشمىگەنلى-
كىنى، يوشۇرۇن ھەرىكەتىنىڭ توختىماي كېلىۋاتقانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ.

لاۋجاۋ جىم بولۇپ قالدى. ئۇ لاۋلىدىن ئەلا توغرىسىدا،
ئاتالمىش «گۇرۇھ»نىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكى، بۇ ھەقتە ھۆكۈم
مۇزاكىرە قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى مەسئۇللارنىڭ قاتتىق تالاشقان-
لىقى، بولۇپمۇ مەلۇم رەھبەرنىڭ ھاشىرنىڭ خېتىنى كۆرۈپ ھە-

رىكەتتە خاتالىق بولىۋاتقانلىقىنى ئېيتقانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ھا-
شىر توغرىسىدىكى جىددىي بۇيرۇقنىڭ ئالدىنقى كۈنى كېچىسى
كەلگەنلىكى، شۇڭا ھاشىرنىڭ ئېتىلمىغانلىقى، نادىروف بىلەن
ساۋۇتوفنىڭ بولسا يەنە بىر باشلىقنىڭ ئۆز ئالدىغا قول قويۇشى،
يولىيورۇقى بىلەنلا ئېتىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەت تاپشۇرۇ-
ۋالغان. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن ئۆز پىكرىنى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي
كومىتېتىنىڭ بىرىنچى مۇدىرى بولغان كومىسسارغا ئېيتقانىدى.
لاۋجاۋ لاۋلىنىڭ مەخسۇس ئادەمدىن ئەۋەتكەن خېتىنى ئوقۇغاندىن
كېيىن كېچىچە ئازابلىنىپ ئۇخلىيالمىغان. ساۋۇتوفنىڭ بىلىمى،
نادىروفنىڭ تۆھپە - ئابرۇيى توغرىسىدا ئەلادىن ئاڭلىغانلىرى،
بۇ بىلىم ۋە تالانت ئىگىلىرىگە ھېرىسمەن زىيالىينى نەچچە ۋاقىت-
تىن بېرى ئويلاندۇرغان بولسا، تۈنۈگۈندىن باشلاپ قاتتىق ئازاب-
لىغان. ئۇ ئۆزۈلدۈرمەي تاماكا چېكىپ پۈتۈن كېچىنى خىيال ۋە
كۆز يېشى بىلەن ئۆتكۈزگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا رەقىپنىڭ مۇنۇ
يېڭى خەۋىرى ئاغرىۋاتقان چىشىغا تەگكەن تاشتەك بىلىندى:

— يەنىچۇ؟ — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن رەقىپكە ئالىيىپ.

رەقىپ ئۇنىڭ غەزىپىنى ئۆز مەنتىقىسى بويىچە چۈشەندى - دە:

— يەنىمۇ، — دېدى ئۇ تېخىمۇ كۈچۈكلىنىپ تۇرۇپ، —
بۇ، يەنە بىرەر مىڭ ئادەمنى تۇتمىساق، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ
نوخلىسىنى ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

— پۈتۈن كادىرلار بىلەن زىيالىيلارنى قىرىۋەتسەك، يالغۇز
سىزنىلا ئېلىپ قالساقچۇ؟ — دېدى لاۋجاۋ غالىلداپ تىترەپ، —
نېمىشقا ئۆز ئادەملىرىڭىزگە شۇنچە ئۆچسىز؟ سىزدەك ئۆز خەلقى-
نى چۈشەنمەيدىغان، چۈشىنىشنى خالىمايدىغان، سۆيمەيدىغان ئا-
دەمدىن ھېچقانداق ئادەمگە، قىسقىسى ھېچقانداق تىرىك جانغا ياخ-
شىلىق كەلمەيدۇ! بىلىپ قويۇڭ، مەن كوچىدىكى ھازىدارلار
بىلەن بىللە يىغلاشقا تەييار. نەگە ماتېرىيال بەرسىڭىز بېرىڭ،

مەنمۇ سىزدەكلەر بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلىنىپ قويدۇم!

رەقىپ تۇرغان يېرىدە مىخلاپ قويغاندەك قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ قوللىرى هاۋادا پۇلاڭلىدىيۇ، پۇتلىرى قىمىرلىمىدى؛ ئاغزى مىدىرلىدىيۇ، ئاۋازى چىقمىدى، خېلىدىن كېيىن ئۇ هوشىغا كەلدى. مۇنۇ يېڭى باش كۆتۈرۈپ چىققان «خەتەرلىك، قاۋۇل دۈشمىنى»نى يوقىتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئۇزاق ئويلاندى ـ دە، ئاخىر ئۆزى ياخشى چۈشىنىدىغان يېڭى مۇئاۋىن كومىسسارنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

ئوسمان تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆز ئۆيىنىڭ خىلۋەت مېهمانخانىسىدا زۇلخۇمارنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ قاتتىق يىغلىدى. زۇلخۇمار ئۇنىڭ مەست ئەمەسلىكىنى، ساق ۋاقتىدا هېچقاچان كۆزى يېشى قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئوسمانىنىڭ بۇدۇر چاچلىرىنى سىلاپ، خۇددى ئوغلىنى ئەركىلەتكەندەك باشلىرىنى مەيدىسىگە بېسىپ بەزلىدى، لېكىن ئوسمان ئېسەدەپ زادىلا يىغىدىن توختىمىدى:

— بولدى قىلىڭ، ئوسمان، سىزنىڭ نېمىشقا يىغلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن، يىغا بىلەن ئۆلگەننى تىرىلدۈرگىلى بولاتتىمۇ؟ بولدى قىلىڭ، سەۋر قىلىڭ، — دېدى ئۇ هېچنېمە چۈشىنەلمەي هەيرانلىقتا.

ئوسمان يىغلاپ تۇرۇپ ئايالىنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىدى ۋە بېشىنى زۇلخۇمارنىڭ كۆكسىگە قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىز بىلەمسىز، مېنىڭ نېمىگە يىغلاۋاتقىنىمنى بىلمەيسىز، سىز ئۈچۈن، باللىرىم ئۈچۈن، قېرى دادام بىلەن ئاپام، ئاكا ـ هەدەم، سىڭىللىرىم ئۈچۈن مەن يىغلىۋېتەي، سىلەر مەڭگۈ كۆز يېشى قىلماڭلار، كۆز يېشى ئەرزىمەس نەرسە، ماڭا ئوخشاش كېرەكسىز ئادەملەرلا كۆز يېشى قىلسا بولىدۇ. زۇلخۇمار رازى بولۇڭ!

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ — دېدى زۇلخۇمار ئۇنىڭ بېشىنى سىلكىپ، — نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسىز؟

— جۆيلۈمىدىم، راست سۆزۈم، زۇلخۇمار!

— قانداق راست گەپكەن بۇ، قانداق دېگەن قاملاشمىغان گەپ بۇ!

زۇلخۇمار ئەندىشە ۋە ۋەھىمە بىلەن ئوسماننىڭ قوللىرىنى ئىتتەردى. دائىم خۇشخۇي، ناخشا ئىڭشىپ يۈرىدىغان يىگىتنىڭ تۈرمىدىن شۇنچە ئازاب بىلەن قېچىپ چىققانلىقى، بىردىنلا ئادەم چۆچۈتىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ سەۋدايى مىجەز بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكى ياش ئايالنىڭ يۈرىكىنى ئەزمەكتە ئىدى. ئۇ ئوسماننىڭ قوللىرىدىن بوشاندى ـ دە، كۆرسەتكۈچ قولىنى بېگىز قىلىپ تۇرۇپ ئوسمانغا ۋارقىرىدى:

— دادامنى باشلاپ كېلىمەن، مىدىرلىماي يېتىڭ، توختاپ تۇرۇڭ، مەن سىزنى ئالجوقا سۆزلىگىنىڭىزگە تويغۇزمىسام!

زۇلخۇمار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوسمان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ يىغىدىن توختىدى. ئۇ يانچۇقىدىن باللىرى بىلەن ئايالىنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمىنى ئېلىپ سۆيدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن يېنىغا ئېسىۋالغان غىلاپتىن خەنجىرىنى ئالدى ـ دە، بارماقلىرى بىلەن تىغىنى تەكشۈرۈپ باقتى، ئاندىن كېيىن ئۈستەلدىكى خاتىرە دەپتەردىن بىر ۋاراق قەغەز يىرتىۋېلىپ ئالدىراپ بىرنېمىلەرنى يازدى ـ دە، خەتنى ئۈستەلگە ئىستاكان ئاستىغا قويۇپ ئالدىراپ ھويلىغا، ئاندىن كېيىن باغقا چىقتى. ئۇ دەريا تەرەپكە قاراپ قاراڭغۇ تۈن ئىچىگە شۇڭغۇدى. ئۇ كېچىچە ماڭدى، لاي توپىغا مىلەندى، ئەتىسى ئېتىزلاردا، ئېرىقلاردا ياتتى، كەچقۇرۇن بولغاندا شەرققە — ناھىيە مەركىزىگە قاراپ ماڭدى. ئولتۇرۇۋاتقان قۇياش ئۇنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن چاپىنىنىڭ غولىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاتتىق ئۆتۈكى تاشلىق يولدا خۇددى بىر خىل

ئۇرۇلغان سوقما تاشتىك ئاۋاز چىقىرىپ باراتتى . قوياش نۇرىدا ئۇنىڭ چاپىنى ئاستىدىكى مىستىن نەقىش بېرىلگەن غىلاپى يالت ـ يۇلت قىلىپ ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كۆرۈنۈپ قالاتتى .

ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە روزىمەتيۈزىنىڭ چېچەكلەر بىلەن تولغان بېغىدىن چىقتى ـ دە ، ساينى كېسىپ ئۆتۈپ ، كۈنچىقىش تەرەپكە — قورۇق تاملىق باغقا قاراپ ماڭدى . ئەتراپتا ھېچكىم يوق ، ياز ئايلىرى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغاچقا ، ھاۋا سالقىن ، ئىللىق . باغلاردىن بۇلبۇل ئاۋازى بىلەن قىزىلگۈل ھىدى كېلەتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ قىساسخورلۇق ۋە قاتىللىق ئىستىكى بىلەن كۆيۈۋاتقان يۈرىكىنى تەبىئەت ئۆز گۈزەللىكى بىلەن ئېرىتەلمەيتتى . ئۇ چەبدەسلىك بىلەن سوقما تامغا ياماشتى ، چاققانلىق بىلەن مېۋىلىك باغقا سەكرەپ چۈشتى . بۇ باغ نامەتنىڭ بېغى ، نامەت يالغاندىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خوتەندە ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالى بۇ قورۇغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالغان ، نامەت تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن مۇشۇ ئۆيگە چىقىپ يەنە بۇرۇنقى ئايالى بىلەن نىكاھلانماستىنلا بىللە تۇرماقتا ئىدى . ئوسمان قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن ، بۇ ئۆيگە چىقىپ ئۇنى يوقلىغانىدى . ئۇ شۇ چاغدىلا بۇ ئۆينىڭ ھەممە تەرىپىگە ياخشىلاپ زەن قويۇۋالغان . ئۇ چاغدا نامەت ئوسمانغا ھاراق قويۇۋېتىپ :

— ئاداش ، بەك قورقۇۋاتىمەن ، بىرى كېچىلەپ كىرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەكلا قىلىدىغۇتاڭ . نېمىشقا دەمسىنا ؟ رەقىپ بىزنىڭ پېيىمىزدە يۈرۈيدۇ . ئۇ بىر كۈن بولمىسا ، بىر كۈنى بىزنى تۇتۇپ بېرىدۇ . ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا پوسۇرلاپ يۈرگەنلىكى مېنى بەكمۇ ئەنسىرىتىدۇ . ئۇنىڭ يېتەرلىك كۈچى بار ، مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ، ئۇنىڭ ئادەملىرى ، — دېگەنىدى . ئۇ چاغدا ئوسمان ئۇنىڭ نېمىشقا ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى ، لېكىن خۇپسەنلىك قىلىپ :

— خاتىرجەم بول ، سېنى پرولېتارىيات دىكتاتورىسى قوغداي-دۇ ، — دەپ قويغانىدى .

ئۇ مانا بۇگۈن كېچىلەپ بۇ ئۆيگە ئىككىنچى قېتىم كەلدى . بۇ ئۇنىڭ بەلكىم ئاخىرقى قېتىم كېلىشى ، شۇنداقلا ئۇزۇندىن بېرى قويۇق دوست بولۇپ كەلگەن ساۋاقدىشى بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدارلىشىشى بولۇشى مۇمكىن . ئۇ بۇگۈن «دوستى» بىلەن ۋە ئۇنى بەخت بېرىمەن دەپ ئالداپ قويغان هاياتلىق بىلەن خوشلاش-ماقچى . ئۇ بۇگۈن ۋەھشىيلىك بىلەن كۆڭۈل كىرىنى يۇماقچى ، ئۇ بۇگۈن قان تۆكۈش بىلەن ئۆز ۋىجدانىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرماق-چى ; ئۇ بۇ يول بىلەن ئۆزىنىڭ نامەتتىن پەرقلىق ئىنسان ئىكەنلى-كىنى ، دوستلىرى ، خەلقى ئالدىدا ئۆز ۋىجدانىنى قوغدىيالايدىغان ياراملىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى ; هاياتىدا ئاخىرقى قې-تىم مەردلىك ، قەھرىمانلىق كۆرسەتمەكچى . لېكىن ، نامەت قاچان بېغىغا چىقىدۇ . ئۇ ئاۋۇ ئالما تۇۋىدە ياتقان قويلىرىنى قوتانغا سولىغىلى چىقىشى لازىم ئىدىغۇ ، ئوسمان ئالدىرىغان بىلەن نامەت ئۆلۈشكە ئۇنچىلىك ئالدىرىمىسا كېرەك . ئۇنىڭ ئۆيى يورۇق ، ئىشىكلىرى ھىم ، ھېچبىر ئىشىكىدىن نامەتنىڭ دوغىلاق گەۋدىسى چىقمايدىغۇتاڭ...

ئوسمان ۋەسۋەسىگە چۈشتى . ئۇ : «ھامىنى بىر ئۆلۈم ، ئۆيى-گە باستۇرۇپ كىرىپ ئىشىمىنى تامامىلىسام بولمامدىكەن» دېدى ئۆز - ئۆزىگە كاسىلداپ تىترەپ تۇرۇپ . شۇ چاغدا ، كۈنچىقىشتى-كى ئىشىك ئېچىلىپ ، يۆتىلىپ تۇكۇرگەن پېتى نامەت ئۆيدىن چىقىپ كەلدى . ئوسمان باغ ئىشىكىگە يېقىنلاشتى . نامەت باغ ئىشىكىنى ئاچتى ، ئوسمان قېرى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈندى . نامەت قوينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ يۆتەلگىلى تۇرغان-دا ، ئوسمان ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى . ئۇ ھەش - پەش دېگۈچىلا نامەتنى تېگىگە بېسىۋېلىپ مەيدىسىگە ئىككى قېتىم دەسسىدى .





نامەت تىپىرلىدى ، لېكىن ۋارقىرىيالمىدى . ئوسماننىڭ بىر قولى ئۇنىڭ كانىيىدىن بوغۇۋالغان ، خەنجەر تۇتقان قولى نامەتنىڭ بېشى ئۈستىدە دەھشەت ياغدۇرۇپ قادىلىپ تۇراتتى . نامەت قارشىلىق قىلسىلا ، ئوڭايلا دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ ، يالۋۇرسىچۇ ؟ ئوسماننىڭ كۆزلىرىدىكى غەزىپى ، شەپقەت ، رەھىمدىللىق ۋە كەچۈرۈمچانلىق بىلەن ئالمىشىپ قېلىشى مۇمكىنغۇ .

— مەن... مەن— ... دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ ، يېلىنىپ ، — ساڭا ئېيتسام... بۇ رەقىپىنىڭ ئىشى... مەن ساڭا... رەقىپنى ئۆلتۈرۈپ بېرەي... رەھىم قىل !

— قىلغان - ئەتكىنىڭنى بىلىدىكەنسەن ، ئىپلاس ، سەن يۈز قېتىم ئۆلسەڭمۇ ساۋۇتوف ، نادىروفلارنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرىنقى تىرىلمەيدۇ . قىساس ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئۆلۈك ئىتسەن ، بىراق ئۆز قولۇم بىلەن جېنىڭنى ئالمىسام ، زادى پۇخادىن چىقمايمەن ، تېزرەك ئۆل !

ئۇ خەنجىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇردى ، لېكىن خەنجەر تۇتقان قولى ھاۋادا پۇلاڭشىپ قالدى . ئىككى مەزمۇت قول ئۇنىڭ تىغ تۇتقان قولىنى ئامبۇردەك مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى . ئوسمان ئۇ ئىككىسىگە قايرىلدى . ئۇ ئېلىشماقچى بولۇۋىدى ، بىر تونۇش ئاۋاز ئاستا ، تەمكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردى :

— ئوسمان !

ئوسماننىڭ قولىدىن خەنجەر چۈشۈپ كەتتى . باياتىن چەيلىنىپ قېيىنىلىپ ھالسىرىغان نامەت سۇنايلىنىپ يېتىپ ئاسايىشلىق ھالدا ئىڭرىدى...

## 2

ئەلا ئۈرۈمچىدىن يەنە ھەربىي كىيىم ، ھەربىي ماشىنا بىلەن

قايتتى. ئۇ لاۋجاۋنىڭ ئۆيىگە كېچىدە كەلدى. لاۋجاۋ ئۇنىڭغا قايغۇلۇق خەۋەر يەتكۈزدى: ساۋۇتوف بىلەن نادىروف ئېتىلغان، ئەلانىڭ ئىشكمۇ ئىشىك دوقۇرۇپ يېلىنىشلىرى، ئاپتونوم رايونىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، دوستلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى ئاران كىچىككىنىلا ئۇنۇم بەرگەن: ھاشىر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ، تارىخىدا ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزۈپ جازالانمىغان، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن بۇرۇن كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، جياۋيۇلۇچە كادىر بولۇپ باھالىنىپ كەلگەن. مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ تۈرمىدىن يازغان خەلققە، پارتىيىگە، ۋەتەنگە ساداقىتى يالقۇنجاپ تۇرغان خېتىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش قارار قىلىنغان. ئەمما، «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ» توغرىسىدىكى يالغان دېلو يەنىلا راست دېلو دەپ مۇقىملاشتۇرۇلغان. لاۋجاۋ بۇ ئەھۋالنى ئەلاغا ئېيتقاندا، ئەلا نە يىغلىمىدى، نە نالە قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئۇچقۇنلار يانغاندەك بولدى، لەۋلىرى نامەلۇم بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى ـ دە، لاۋجاۋغا قاراپ تىترەڭگۈ ئاھاڭدا:

— لاۋجاۋ، ھاراق بولسا بىر ئىستاكان قۇيۇپ بەرسىڭىزچۇ، — دېدى.

لاۋجاۋ ساپا ئالدىدا تىك تۇرغان ئەلانىڭ ئىككى مۈرىسىگە ئىككى قولىنى قويدى:

— ئىرادىسىزلىك قىلماڭ، ئەلا، ھاراق بىلەن كۆڭۈلدىكى قارا بۇلۇتلارنى ھەيدەش ئىرادىسىزلىك. ھازىر بىزگە چىدام، سەۋر ـ تاقەت زۆرۈر. تۈرمۈش سىزگە قانچىلىك مەنىسىز تۇيۇلسا، ماڭىمۇ شۇنچىلىك مەنىسىز. لېكىن، ياشاش كېرەك، ئىرادە، غەيرەت بىلەن ئالدىمىزدىكى ياخشى كۈنلەرنى كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك!

— سىزچە ، ئالدىمىزدا ياخشى كۈنلەر بارمىدۇ ، لاۋجاۋ ؟

— ئەلۋەتتە بار ، مەن ئىنسانلارنىڭ خاتالىقلارنى تونۇپ يېتىپ توغرا يول بىلەن ماڭىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنىمەن .

ئۇلار يېرىم كېچىگىچە ۋەزىيەت ، تۇرمۇش ، ئىستىقبال ۋە دۆلەت ، خەلقنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى توغرىسىدا سۆزلەشتى . ئەلا كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ دۆلەت ، پارتىيە ، رەھبەرلەر توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلاردىن بىخەۋەر قالغانىكەن . لاۋجاۋ ئارمىيە ۋە پارتىيىمىزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەر ، خەلقئارادىكى پارتىيىلەر ئارىسىدىكى ۋە ئىچكى قىسىمدىكى كۈرەشلەر توغرىسىدا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بەردى . ئەلا لاۋجاۋنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۆۋەندە بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇ گەرچە 1937 ـ ، 1938 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسى خاتالىشىپ ، لېنىننىڭ نۇرغۇن سەپداشلىرىنى ، سىناقلاردىن ئۆتكەن بولشېۋىكلارنى ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالىغانلىقى توغرىسىدا كىتاب ـ ماتېرىيال كۆر-گەن بولسىمۇ ، بۇ ئىشنىڭ بىزنىڭ دۆلىتىمىز ، پارتىيىمىز ئىچىدە تەكرارلىنىشىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى .

— لاۋجاۋ ، — دېدى ئۇ ئاخىر ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن روھلىنىپ ، — بىزنىڭ باشلىقلىرىمىزمۇ ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلارمۇ ؟

— ھازىر قىلمىغان بىلەن كەلگۈسىدە قىلىدۇ ، — دېدى لاۋجاۋ تۆۋەن ئاھاڭ بىلەن سۆزلەپ ، — تارىخ ھەرقانداق بىر ئادەم ، ھەرقانداق بىر پارتىيىنىڭ تۆھپىسى بىلەن خاتالىقىنى يال-غان يازمايدۇ ، سەۋەبى ، تارىخنى مىليونلىغان خەلق يازىدۇ ئەمەسمۇ !

كۆزلىرى يوغان ، قېشى غۇزمەك ، ئورۇق ، ئېگىز لاۋجاۋنى

ئەلا خۇددى بۇگۈنلا تونۇۋاتقاندەك چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ چىق-
تى . كەم سۆز ، خىيالچان بۇ يىگىتنىڭ ئەلا ئويلىمىغان ئىشلارنى
ئويلايدىغانلىقى ، ۋەزىيەت ، كەلگۈسى توغرىسىدا بۇنچىلىك چوڭقۇر
پىكىر قىلىدىغانلىقى ، ئەلانىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىدى . ئەلا لاۋ-
جاۋنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۆزى ھېس ۋە گۇمان قىلغان بەزى
ئىشلارنى ئۆزىدىن باشقىلار ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭمۇ ھېس ۋە گۇ-
مان قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندى .

ئادەملەر جىم يۈرگىنى بىلەن ئۇلارنىڭ يۈرىكى ، مېڭىسى
زادى جىم تۇرمايدۇ ، كىشىلەرنى خىيال ، پەرەز ، گۇماندىن ھېچ-
كىم چەكلىيەلمەيدۇ . كىشىلەر نېمىنى خالىسا شۇنى ئويلىيالايدۇ ،
لېكىن ئوي بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك چوڭ ئارىلىق
بولسا ، ئويلاش بىلەن سۆزلەش ئوتتۇرىسىدىمۇ شۇنچىلىك پەرق بار
ئەمەسمۇ . ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ئويلىغىنىنى كۆرۈنگەن
بىرىگە ئېيتىۋەرمەيدۇ ، پەقەت ئادىمىنى تاپقاندىلا ئېيتىدۇ .

— ئەلا ئاداش ، — دېدى لاۋجاۋ كارىۋىتىدا ئوڭدا
يېتىپ ، — مەن ئىچكىرىگە يۆتكىلىپ كېتىمەن . مەن بۇ يەردىكى
تەڭسىزلىك ، ناھەقچىلىكلەرنى كۆرۈپ چىدىيالمىغۇ-
دەكمەن .

— بۇ ئىشىڭىز ئىرادىسىزلىك ئەمەسمىكەن ، لاۋجاۋ ؟

لاۋجاۋ جىم بولۇپ قالدى . ئۇلار باش توخۇ چىلىلىغاندىن
كېيىنلا ئۇخلاپ قېلىشتى .

ئەتىگەنلىكى ئەلا يەرگە يورۇق چۈشۈش بىلەن ئارۇپنىڭ ئۆيى-
گە يېتىپ كەلدى . ئارۇپ چالا ئويغۇلۇق ھالدا ئىشىك ئاچقىلى
چىقىپ ، ھەربىي كىيىم بىلەن ئالدىدا پەيدا بولغان دوستىنى مەھ-
كەم قۇچاقلىدى .

ئۇلار ئىشكنى ئىچىدىن ئېلىۋېلىپ چۈشكىچە كۆرگەن -
بىلگەن ، ئاڭلىغانلىرى توغرىسىدا پاراڭلاشتى . ئەلا ئۈرۈمچىدىكى

ئەھۋاللاردىن ؛ ئارۇپ ساۋۇتوف بىلەن نادىروفنىڭ دەپنە قىلىنىشى ، ئوسماننىڭ تۈرمىدىن قاچقانلىقى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى .

— قۇرماش ئىككى يىلدىن كېيىن ئېتىلىشقا ، تاشپولات ئون بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى . ئاداش ، 1957 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلاردىن ساناپ باقسام ، ھازىر جەمئىيەتتە سېنى قوشقاندا ئالتىمىز قاپتىمىز . ئوقۇش پۈتتۈرگەن شۇ يىلىلا ئون ئىككىسى ئوڭچى بولۇپ قولغا ئېلىنغان ، سەككىزى چەت ئەلگە كەتكەن ، قالغانلىرى بۇ قېتىم تۇتۇلۇپتۇ . ئاداش ئەلا ، ئەڭ ياخشى ساۋاقداشلار زەربە يەپتۇ . ئويلاپ باقسام ، ئۇلارنىڭ بىرلا مەسىلىسى باركەن . ئۇ بولسىمۇ ، ئويلىغىنىنى ئېيتالايدىكەن . ماڭا ئوخشاش مۆرىمەس ، پەرۋاسىزلارلا زەربە يېمەپتۇ . مەن ئويلاپ ـ ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىدىم . نېمىشقا قولىدىن ئىش كېلىدىغانلا ئادەم دۇمبا يەپ ، كېرەكسىز ئادەملەر قەدىرلىنىدۇ ـ ھە ؟ بۇنداق كېتىۋەرسە ، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى نېمە بولماقچى ؟

— مەنمۇ خېلىغىچە ساڭا ئوخشاش چۈشەنمىگەنىدىم ، — دېدى ئەلا خېلى جىملىقتىن كېيىن ئارۇپقا قاراپ قويۇپ ، — بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ ، بىرنەچچە ئاساسلىق رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن نۇرغۇن چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندىم . مەن ھاشىر ، ساۋۇتوف ، نادىروفلارنى ئاقلايمەن دەپ نۇرغۇن پاكىت ـ دەلىللەرنى توپلاپ ، تەييارلىق قىلىپ باردىم ، لېكىن بۇ رەھبەرلەردىن مېنىڭ پاكىتلىق سۆزلىرىمنى ئاڭلايدىغانلىرى چىقمىدى ، يالغاننى ، تۆھمەتنى ئاڭلايدىغانلار بولسا ئەكسىچە نۇرغۇن ئىكەن ، ھەممىلا جايدا بار ئىكەن . مەن ساڭا ئېيتسام ، ئاداش ، مېنىڭ پاكىت ، قائىدە ـ قانۇنلۇق گەپلىرىم بىر چىرايلىق چوكاننىڭ پىسسىڭگىدە كۇلۇپ قويغىنىچىلىك رول ئوينىيالمىدى . بۇ بىر گەپ ، قالغىنىنى ئۆزۈڭ چۈشىنىۋال ، ھاشىر ، نادىروفتەك ئۇۋال-

چىلىقتا قالغانلار بەكمۇ تولا ئىكەن، ئىككىمىز ئۇلارنى ئاقلاپ بولالمايدىكەنمىز. ھاشىرلاردىن چوڭلار، مەسىلەن، لىيۇشاۋچى، خېلۇڭ، پېڭ دېخۇەيدەك دۆلەت رەھبەرلىرىنى ئاقلايدىغانلار يوق تۇرۇۋاتسا، ھاشىر، نادىروفلارنى كىممۇ ئاقلاپ چىقالايدۇ دەي-سەن؟ مەن بۇرۇن دوستۇم، ئۇستازىم دەپلا ئۆز يېقىنلىرىمنىڭلا يىغىسىنى يىغلاپتىمەن، پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ، ئەڭ ياخشى كادىر-لىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بالا - قازانى بەكمۇ تار مەنىدە چۈشىنىۋاپتىمەن. ماقۇل، ھاشىر، ساۋۇتوفلارنى ئاقلىدۇق، رە-قىپ، نامەتلەرنى ھەتتا جازالىتىۋەتتۇق دەيلى، بۇنىڭ بىلەن بالايى-ئاپەتتىن ساقلانغىلى، رەزىللىك، قەبىھلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولامدۇ؟ ياق، ئاداش، بۇ بىر ئۆيگە كەلگەن زىيانغا چىدىماي بالىسىنى ئۇرۇپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغانغا ئوخشاشلا ئىش ئىكەن!

— سۇ باشتىن لاي دېگىنە!

ئەلا بېشىنى لىڭشىتىپ ئارۇپنىڭ بۇ خۇلاسىسىنى ماقۇل-لىدى.

— قانداق قىلىمىز ئەمىسە؟ — ئارۇپ ئەلاغا گۇناھكاردەك تەستە قارىدى، — ماشىنىدىن قورقۇپ قاچقان كۆچۈكتەك دەۋر چاقىنىڭ مىجىۋېتىشىدىن جان ساقلاپ، كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈ-تۈپ جىم ياتىمىزمۇ؟

— مەنمۇ بىلەلمىدىم، خېلى سىياسىي كالىلىسى بار ئاغىنىلە-رىم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىسام، چىدام - غەيرەت بىلەن كەلگۈسىدىكى ياخشى كۈننى كۈتۈش كېرەك ئىكەن.

— مەن مۇئەللىملىكىمنى قىلاي، سەن كىتابىڭنى ئوقۇپ، ئەسىرىڭنى يېزىۋەر، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق دېيىشكە بولاتتى، لېكىن بۇنىڭغىمۇ يول قويۇلماي-ۋاتامدۇ؟

ئۇلار يەنە جىمىپ قېلىشتى. كەچقۇرۇن بىرى ئىشىك هالقىسىنى قاتتىق جاراڭلاتتى. ئاروپ يۈگۈرۈپ چىقىپ ئالاقزادە بولۇپ كەلگەن زۇلخۇمارنى باشلاپ كىردى. زۇلخۇمار يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— قاراڭلار، بۇنىڭ قىلغىنىنى! — ئۇ قولىدىكى مىجىلغان خەتنى ئەلاغا ئۇزاتتى. ئەلا خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى. خەتتە مۇنداق گەپلەر يېزىلغانىدى: «ئۆز دوستلىرىنى ئۆلۈمگە تاشلاپ، ئۆز بېشىنىڭ غېمىنى يەپ تۇرمىدىن قاچقان رەزىللەرنىڭ بىرسى بولۇپ ياشىغىنىمدىن، ناھەق ئۆلگەنلەرنىڭ بىرى بولغىنىم مىڭ ئەلا ئىكەن. خەير زۇلخۇمار، بالىلار، ئامان قالغان دوستلىرىم ساڭا ئامانەت...»

ئەلا تامدەك تاتىرىپ ئاروپقا قارىدى. ئاروپ بېشىنى ئىرغىتىپ:

— قايسى بىرىنى قۇتقۇزغۇلۇق، ماۋۇ پېشكەلچىلىكنى، پاھ! — دېدى. زۇلخۇمار كۆزىگە چۈشكەن ئۇششاق چاچلىرىنى كۆز يېشى بىلەن ھۆللەپ:

— دەرياغا سەكرىگەنمىدۇ، ياكى ھېلىقى خەنجىرى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانمىدۇ؟ ۋاي قانداق قىلارمەن، تىنچراق يۇرسەك بولماسمىدى، نېمىگىمۇ باشقىلارنى ئاقلايمىز دەپ «ئادۇۋوكات» بولغان بولغىيدۇق! نېمىشقىمۇ ئۇنى ئۆيگە سولاپ ياغاچچىلىق قىلىڭ دېمىگەندىمەن!

ئەلا زۇلخۇمارغا ئالىيىپ قاراپ قويدى:

— ئەيىبلەيدىغان ئادىمىڭىزنى تاپالمايۋاتامسىز نېمە؟ پۇشايمان بىلەن نېمىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. خەنجەر دەمسىز؟ ھېلىقى ئەتۋارلىق خەنجىرى يېنىدىمۇ؟ سىز ئۆيگە بېرىڭ، بىز ئاروپ ئىككىمىز ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالايلى.

زۇلخۇمار كەتكەندىن كېيىن ئەلا ئاروپقا:

— بۇ جەزمەن نامەتنى ئۆلتۈرگىلى كەتتى . ئۇنىڭ ئىچى كۆچلۈك ، ئۇ يىقىنلىرىنىڭ ناھەق ئۆلۈمىگە چىدىمىدى . بىز دەرھال نامەتنىڭ ئۆيىگە بارايلى . تېز ھەرىكەت قىلساق قۇتقۇزۇۋالالايمىز ، — دېدى .

ئۇلار ھېچنەدىن قاتناش قورالى ھەل قىلالمىدى . قاراڭغۇ چۈشكەندىلا لاۋجاۋنىڭ ياردىمى بىلەن ماشىنا ھەل قىلىپ ، نامەتنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

بايىقى ئوسماننىڭ بېلىكىدىن تۇتۇۋالغان قوللار مانا مۇشۇلار ئىدى .

— ئەلا ، قويۇۋەت ! — دېدى ئوسمان تېپىرلاپ ، — سەن قاچانغىچە بۇلارنىڭ دەردىنى تارتىسەن ، يا ئۆزۈڭ قىساس ئالمايسەن ، يا باشقىلارغا يول قويمايسەن !

نامەت «ئەلا» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى :

— ئەلا ! — دېدى ئۇ غالىلداپ تىترەپ ، — ئاۋۇ خەنجەرنى ئال ، ئۆز قولۇڭ بىلەن يۈرىكىمگە سال ، ئەزبىرايى خۇدا ، مەن بۇنداق بولارنى بىلمىدىم ، مەن سىلەرنى تۈرمىگە كىرگۈزۈشنىلا ئويلىغان . ماڭا ئالا تاغ - قارا تاغلارنى ۋەدە قىلغان رەقىپمۇ ئەزبىرايى ، بۇنداق بولارنى ئويلىمىغان !

ئوسمان ئۇنىڭ ئاغزىغا تەپتى ، ئەلا بىلەن ئارۇپ ئۇنى قاتتىق سىلكىپ تۇتۇۋالدى . نامەت ئۆمىلەپ كېلىپ ئەلانىڭ ئايىغىغا ياماشتى . ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئاققان قان ئاغزىغا كىرىپ جاۋغايلىرىدىن سىرغىپ تۇراتتى . ئارۇپ قولچىرىغى بىلەن ئۇنىڭ چىرايىنى يورۇتقاندا ، ئەلا ئۇنىڭ قان يۇتۇۋاتقاندەك يىرگىنچلىك بەشىرىسىنى كۆرۈپ تەتۈر قارىۋالدى . ئۇ ئوسماننى ھويلا تەرەپكە سۆرىدى :

— يۈر ، قولۇڭنى پاسكىنا قان بىلەن بۇلغىما ! — دېدى ئۇ نامەتكە غەزەپ بىلەن قاراپ ، — بىزنىڭ ئارمىزدىن مۇنداق بىر-

نىڭ چىققىنىغا نومۇس قىلىمەن ، خورلۇقۇم كېلىدۇ !
ئۇلار ھويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ كوچا ئىشىكىگە ماڭغاندا ، پېشايۋاندا گازۋاي لامپا تۇتۇپ تۇرغان ئايال كىشى خىرقىراپ سۆزلىدى :
— نامىتەك ئۆلدىمۇ ؟ جىگىرىنى ئىت يېسۇن ، ئۇ شاپاقچى ئوغرىنىڭ !
— ئۆلمىدى ! — دېدى ئوسمان غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ ، — زامانى رەنجىتىپ نېمە قىلىمىز ، زامان ئاشۇنداقلار-نىڭ بولغاندىكىن ، ئۇ كۈن كۆرسۇن - دە !
ئۇلار قويۇق ئۆرۈكلۈك سەيناغا كېلىپ ، چىرىغى يورۇق تۇرغان ماشىنا يېنىدا توختاشتى . ئەلا شوپۇر يىگىتكە قاراپ خەنزۇ تىلىدا :
— سىزگە رەھمەت ، لاۋجاۋغا ئېيتىڭ ، ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولدى ، سىز قايتىپ كېتىڭ ، بىز ئەمدى ئەتە ئۆزىمىز كېتىۋالاي-مىز ، — دېدى .
شوپۇر كەتكەندىن كېيىن ئۇلار شىېغىللىق يولغا چىقتى . ئەلا ئوسماننى قولتۇقلىۋالدى ۋە :
— سەن ئۆزۈڭنى خائىنلار قاتارىغا قويۇۋېلىپ ئازابلىنىۋەر-مىگىن ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە سەن سەۋەبچى ئەمەس ، نامەتمۇ بىر-دىنبىر سەۋەبچى ئەمەس ، نامەت بولمىغان بولسا ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرى چىقىپ يالغان دېلو ياسايتتى . سەن بۇ دېلونى قىيىن - قىستاق دەستىدە ئىقرار قىلمىغان بولساڭمۇ ، باشقا بىرى ئىقرار قىلاتتى . ياخشى كۈن كۆرۈش ئۈچۈن ئۆز دوستلىرىنى سېتىش ، باشقىلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى دەسسەپ تۇرۇپ يۇقىرىغا ئۆرلەش ، بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ تالانتى ، ئاداش . سەن ھەرگىز ئۇنداقلاردىن ئەمەسسەن . بىز ئاشۇ تالانت ئىگىلىرىدىن ھېساب ئېلىشىمىز كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن ياشاش كېرەك ، ئۆز ئۆمرىمىز

يەتمىسە ، باللىرىمىزنى بۇ قىساس ئۇچۇن تەربىيىلىشىمىز كې-
رەك ! — دېدى .
ئۇلارنى قۇرماشنىڭ ئايالى بىلەن باللىرى يىغا - زار بىلەن
كۈتۈۋالدى . خوتەنىنىڭ يىراق بىر ناھىيىسىنىڭ تەكلىماكان قۇم-
لىرىغا ياندىشقان بىر كىچىك يېزىسىدا تۇغۇلغان ۋە 1962 - يىلقى
«29 - ماي» ۋەقەسىدىن كېيىن ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن كادىر
يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭ-
دىن يۆتكىلىپ چىققانلار قاتارىدا يولدىشى قۇرماش بىلەن بىللە
چىقىپ ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بو-
لۇپ ئىشلەۋاتقان بۇ چىرايلىق ئايال ، ئۆز يولدىشىنىڭ دوستلىرىنى
كۆرۈپ ئىچ - قارنى بوشىغۇچە يىغلىدى :
— نېمىشقىمۇ چىققان بولغىيدۇق ، — دېدى ئۇ ئاخىر ئېسە-
دەپ يىغلاپ تۇرۇپ ، — چىقمىغان ، خوتەندە تۇرىۋەرگەن بولساقمۇ
بۇ كۈنلەرگە قالماسدۇق . قۇناخۇن ئۇنىمىۋىدى ، مەن زورلاپتى-
مەن . مېنىڭ سۆزۈمگە قىيالماي ماقۇل دەپ چىقىۋىدى ، مانا
ئەمدى پۇشايمان ئالىدىغان قاچا يوق !
ئۇلار جىمىپ قېلىشتى . ئاخىر ئەلا ئايالغا تەسەللى بېرىپ :
— غەيرەت قىلايلى ، ئالدىمىزدا ياخشى كۈنلەر بار ، ھاشىر ،
قۇرماشلار چوقۇم تۈرمىدىن ئاقلىنىپ چىقىدۇ . ئۇلار گۇناھسىز ،
ئۇلارنى قۇتقۇزىدىغانلار چىقىدۇ . خوتەندىن چىقمىغان بولساق ، بۇ
كۈننى كۆرمەيتتۇق دەيسىز ، بۇمۇ ناتايىن ، ھەممىلا جاي ئوخ-
شاش . رۇس يازغۇچىسى ل . تولستوي « تىرىلىش » دېگەن ئەسى-
رىدە ، شۇ چاغدىكى رۇسىيىنى قارغاپ : «رۇسىيە بىر چوڭ تۈر-
مە» دېگەنىدى . بىزدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشراق بولۇۋاتىدۇ ، مەنمۇ
ھەربىي كىيىم كىيىۋالغان مەھبۇسمەن . قۇرماشتىن پەرقىم ،
قاچقۇنمەن ، ئوسمانمۇ قاچقۇن . ئارۇپچۇ ؟ ئۇمۇ ئوخشاش . كۆڭۈل
ئازادىلىكى ، ئىنسانىي ئەركىنلىك بولمىغان ھايات - تۈرمە ھاياتى .

بىزنىڭ راست گېپىمىز جىنايەت ، ياخشى نىيەت ، ئالىي غايىمىزمۇ جىنايەت ، بىزنى پاكلىقتىن رەزىللىككە ، ئىنسانلىقتىن ياۋايىلىققا ئۆزگەرتمەكچى ، ئۆزگەرمىسەكلا ، بىز جىنايەتچى ، بىزنى قاتىللىق قىلىشقا ، چەت ئەلگە قېچىشقا ، باشقا جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىماقتا . بىز ئۇنداق قىلمىساقلا ، جىنايەتچى !

ئۇلار ياشلىق ، ئۆتمۈش ، دوستلار ، كەلگۈسى ۋە هايات توغ-رىسىدا ئۇزاق پاراڭ قىلىشتى .

ئەتىگەنلىكى تېخى غۇلجا شەھىرىدە تۈنجى لالما ئىتلار كوچىغا چىقماستا ، ئۇلار شەھەردە پەيدا بولدى . ئۇلار ئەلا بىلەن ئوسماننىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىدىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلاتتى . شۇنىڭ ئۇ-چۈن سەھەرلىكى باشقىلار قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقاندا ھەرىكەت قىلىش زۆرۈر ئىدى . ئوسمان ئۆز كوچىسىنىڭ ئېغىزىدا ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىۋىدى ، ئەلا يېرىم چاقچاق بىلەن :

— ئىشەنچلىكمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— مەن ئىشەنگەندىكىن ، سەنمۇ ئىشىنەرسەن ؟

— لېكىن ، ئادەملەردە ئىشەنچ قالمىدى ، — دېدى ئاروپ مەقسەتسىزلا .

— تەنە قىلما ، ئاروپ ئاداش ، — دېدى ئوسمان دەرھال خاپا بولۇپ ، — شۇنىڭ ئۈچۈن كۆزۈڭلاردىن بىراقلا يوقىلاي دېگەن ، لېكىن يەنە مۇشۇ ئەلانىڭ گېپى بىلەن پەيلىمدىن ياندىم .

— مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ زىيان تارتمىدىڭغۇ ، — دەپ چېقىشتى ئەلا كۈلۈپ قويۇپ ، — گېپىمگە كىرىپ ، ئوقۇش پۈت-تۈرگەندە ئۇرۇمچىگە بېرىپ زۇلخۇمار بىلەن تېپىشۇالدىڭ ، تۈنۈ-گۈنمۇ مېنىڭ گېپىم بىلەن نامەتنى ئۆلتۈرمىدىڭ ، بولمىسا ، خەل-قىمىز چوڭ بىر شۇمبۇيىدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتى .

ئۇلار ئاروپنىڭ ئۆيىگە بىللە كېلىشتى . ئاروپنىڭ ئۆيى ئە-شەنچلىك ، ئۇ مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ،

ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپى، مەكتەپتىكى بار ـ يوقى ئۈچلا پارتىيە ئەزاسى ئىچىدە مەسىلىسى يوقىمۇ شۇ ئارۇپلا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ھېچكىم ئۆيىدە ئادەم يوشۇرىدۇ، دەپ گۇمانلانمايتتى. قولۇم ـ قوشنىلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە دائىم ھەربىيلەرنىڭ كىرىپ چىقىپ يۈرگىنىنى كۆرگەچكە، «گۇمانلىق ئادەم كەلدى» دەپ ئاھالە كومىتېتىغا دوكلات قىلىدىغانلارمۇ بولمايتتى، لېكىن كوچىلار ۋەھىمىلىك، ئۇلارنىڭ ھەرقاچان تۇتۇلۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. كوچىدا ئۈستى برېزېنت بىلەن يېپىلغان بىر ماشىنا تۇراتتى. ئوسمان دوستلىرىدىن ئايرىلىپ ماشىنىغا ياماشتى، ئەلا ئۇنى تۇتۇپ يەرگە تارتتى. ئوسمان ئۇنىڭ قولىنى سىلىكىدى:

— تەۋەككۇل قىلغىلى قوي! پۇلۇڭ بولسا بەرگىنە!

ئەلا دوستىغا پۇل بەردى. ئۇلار ئەمدىلا خوشلىشىپ بولۇشىغا ماشىنا شوپۇرى چىقىپ قالدى ـ دە، برېزېنتنى مەھكەم چۈمكىدى. ئوسمان دوستلىرى بىلەن ئۈن ـ تىنسىز خوشلاشتى. ئەلا بىلەن ئارۇپ ماشىنا ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۈن ـ تىنسىز ئارۇپلارنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. بۇ چاغدا، يەرگە ئەمدىلەتىن يورۇق چۈشمەكتە ئىدى. ئۇزاق جىمىقتىن كېيىن ئەلا ئارۇپقا قارىدى:

— تاشپولاتنىڭ ئايالى گۈلچىمەن بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئامالىنى قىلساڭ بولاتتى. ئۇ بىر ئاق كۆڭۈل، ساددا ئايال، ئۇ تاشپولاتقا تولىمۇ ئامراق ئىدى، تولىمۇ ئېغىر زەربىگە يولۇقتى، بىچارە. ئۇنى ئۇمىدلەندۈرۈش ناھايىتى زۆرۈر. ئۇنى يالغان گەپ بىلەن بولسىمۇ ئۇمىدلەندۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭ خۇشخۇي چىرايى، باللىرىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. مانا بۇ ئۆلۈم جازاسىدىنمۇ ئېغىر پاجىئە. كىچىككىنە باللارنىڭ قەلبىگە جۇدالىق دېغى چۈشتى. مېنىڭ ئەلى ئوغلۇم بىلەن دىلئارا قىزىمچۇ؟ ئۇلارنىڭ گۆدەك قەلبىگە چۈشكەن جارا-

ھەتتا ساقايتماق مېنىڭ بۇرچۇم ئىدىغۇ؟ ئاروپ ئاداش، قىلىدىغان ئىشلىرىم تولىمۇ كۆپكەن، ئويلايدىغان، يازىدىغان، ئوقۇيدىغان ئىشلىرىمچۇ تېخى؟ ئۇزۇن بولدى، خاتىرىمۇ يازالمىدىم، كىچىك ئاپام قانداقراقكىن؟ زۇلىيا ئاكىنىڭ ھالى قانداق؟ سەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، گۈزەلئاينى تولىمۇ ئويلايمەن. سەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال. ئىمكان بولسا، مەن ئۇنى بىر كۆرسەم بولاتتى. رازىيەچۇ؟ ھاشىرنى بىر كېچىدىلا ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېتىپتۇ. لاۋجاۋ ماڭا خەۋەر بەردى. نەگە يۆتكىگەنلىكى نامەلۇم. رازىيەنى مەجبۇرىي ھالدا ئۆيىگە ئاچىقىپ تاشلىغانىكەن، ئۇنى ئەقلىدىن ئادىشىپلا قاپتۇ دېيىشىدۇ. ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىشىنىڭ ئىلاجى بولارمۇ؟ دوستۇم، مېنىڭ ھازىر سەن بىلەن لاۋجاۋدىن باشقا يۆلەنچۈكۈم قالمىدى. ناۋادا، مەن تۇتۇلۇپ كېتىپ قالسام، مېنىڭ بايا ئېيتقان ئادەملىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن...

ئاروپ دوستىنىڭ ھەممىلا گېپىگە «ماقۇل»دىن باشقىنى دېمىدى. ئەلا ئاروپنىڭ تېكىمەتلەر بىلەن تولغان مېھمانخانىسىغا كىردى ــ دە، يېكەنداز ئۈستىدە يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۈن ــ تىنسىز خىيال قىلدى. ئاروپ بولسا كېچىچە ئۇيقۇسىز بولغاچقا، ئاشخانىسىغا چىقىپ بالىلىرىنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ قالدى.

ئەلا خىيالىدا گۈزەلئاي بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ مۇشۇ سەرسان بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىنى تولىمۇ سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئايالى بىلەن بىللە ئۆتكەن كۆڭۈللۈك چاغلىرىنى، دالىيەن، باڭچۇيداۋدىكى دېڭىز ساھىلى، ئۇلارنىڭ ھۆل قۇمغا چۈشكەن يالاڭ ئاياغ ئىزلىرى، دېڭىزغا دۆڭدىن ساڭگىلاپ چۈشكەن قارامتۇل يوپۇرماقلىق ياش دۇب دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى چىمەنلىكتە، ئۇلارنىڭ ئېغىناشلىرىدىن يەرگە چاپلىشىپ قالغان چىمەنلەر، گۈزەلئاينىڭ چەكسىز بوخەي دېڭىزىغا

قاراپ تۇرۇپ ھاياجان بىلەن ئېيتقان ئىتالىيانچە ناخشىلىرى ، لەنجۇدىكى ئاستى تاختايلىق ، ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان ئۆيى ، گۈزەلىنىڭ يېرىم كېچىدە ئويغىنىۋېلىپ ئەلانى ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە قىستاشلىرى ، ياش ئايالىنىڭ بەدىنىدىن ، تىنىقىدىن ، سۆز ۋە قەلبىدىن كېلىدىغان لەززەتنى چەكسىز ھارارەت··· بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كېلەتتى . ئۇ ھېچكىم يوق ئۆيدە ئىختىيارسىز ھالدا بوقۇلداپ يىغلايتتى . ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىنى بەزلەيدىغان نە كىتابى ، نە ئىلمىي ئەمگىكى يوق . ئۇ شېرىن ئەسلىمە ، تاتلىق خىيال بىلەنلا ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى . ئۇ ياشلىق خاتىرىلىرىدىن ھازىرقى سەرگەردانلىقىغا قايتقاندا ، ئازاب ۋە ئەلەم بىلەن بوراندا قالغان يالغۇز نوتىدەك تولغىناتتى ، لېكىن بۇ ھالەتنى ، بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۇنىڭ چامى - قۇربى يەتمەيتتى . ئۇمۇ ئوسماندەك بۇ كۆڭۈلسىز ، ئازابلىق دۇنيا بىلەن بىراقلا خوشلىشىشنى ئويلايتتى ، لېكىن ئۈمىد ، ئىشەنچ ئۇنى ساقلايتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى بىلەتتى . ئۆزىنى خۇددى سەپەر ئۈستىدە جۇدۇن - چاپقۇنغا يولۇقۇپ ، ۋاقىتلىق پاناھ جايدا تۇرۇۋاتقان يولۇچىدەك ھېس قىلاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ پاناھ جايىغا زىيان - زەخمەت يەتمەسلىكىنى چىن يۈرىكىدىن ئۈمىد قىلاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ تولىمۇ ئېھتىياتچان ، تولىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن ياشايتتى . ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنى ئوبدانراق يوشۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەممە ئىلاجنى قىلاتتى . ھاشىر تۈرمىدىن چىقارغان بىر خېتىدە : «ئەلانى قوغداڭلار ، ئۇ تۈرمىگە كىرمەسۇن ، كىرسىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ . ئەلانى قوغداش ، خەلقىنىڭ بايلىقىنى ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى قوغداش بولىدۇ . ئەلا ئاۋاقفا ئېيتىڭلار ، تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ بولسىمۇ ھېلىقى ئىلمىي ئەسەرلىرىنى يازسۇن ، بىزدىن ئەنسىرىمىسۇن ، بىز چوقۇم قاراڭغۇلۇقنى يېڭىمىز ، بىز چوقۇم سۇيىقەست ، تۆھمەت ئۈستىدىن

غەلىبە قىلىپ ، گـۈزەل كـەلگۈسىنى قۇچـاق ئېچىپ كـۈتۈۋالا-
لايمىز !» دەپ يازغانىدى . «ئادۋوكات»نىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن تەش-
كىللەنگەن ياش ئەزالىرى ئەلانى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنى
قايمۇقتۇرۇش نىيىتىدە ، بىر كېچىدە شەھەرنىڭ دوقمۇشلىرىغا
چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ : «ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر ئەلانىڭ
چەت ئەلگە قېچىش ئۈچۈن چىگراغا قېچىپ بېرىپ قەھرىمان چېگرا
مۇداپىئە جەڭچىلىرىمىز تەرىپىدىن ئېتىلغانلىقى ، پرولېتارىيات
دىكتاتورىسىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى !» دېگەن شوئارلارنى چاپلاشتى .
تەشۋىقات ۋەرەقىگە قاچقۇنلارنىڭ قېچىش ، ئېتىلىش ۋە تۇتۇلۇش
جەريانىنى توقۇلما بىلەن تەپسىلىي يېزىپ ھەممە جايغا تارقاتتى .
بۇ ۋەرەقىنى ئەلا ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى . ئۇ ئۆز ھىمايىچىلىرى-
دىن تولىمۇ مىننەتدار بولۇش بىلەن بىللە بۇ ئىشلاردىن ئۆزىگە
غەم ـ ئەندىشىمۇ تېپىۋالدى . ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان يېقىن-
لىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئازابلىنارمۇ ؟ مەسىلەن ، كىچىك ئاپى-
سى ، بالىلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھازا ئېچىشار ، زار ـ زار
قاقشاپ ئەلەم چېكەر ، گۈزەلئايچۇ ؟ ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئازابلى-
نارمۇ ؟ ناۋادا ، ئۇ ئەلادىن ئۈمىد كۈتۈپ يۈرگەن بولسا ، بۇ خەۋەر-
نى ئاڭلاپ تەۋەككۈل قىلىپ بىرىگە تۇرمۇشقا چىقىپ كېتەرمۇ ؟

ئەلا گۈزەلئاينىڭ تۇرمۇشقا چىقىپ كېتىشىنى ئويلىغاندا ،
بىردىنلا بوشىشىپ ، پېشانە تەرىنى سۈرتتى . «ئۇنى ئادىلە ئۆز
ھىمايىسىگە ئالغان ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلانىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا
ئىشىنىدۇ . گۈزەلئاينىڭ بۇ شەھەردە ئەلا بىلەن ئوغلىدىن باشقا
ھىمايىچىسى يوق ، قولىدا چەت ئەل پاسپورتى بولغان بىلەن چەت
ئەلگە چىقىپ كېتىشكە ھازىر ئىمكانىيەت يوق . ئۇ تۇرمۇشتا
باياشاتچىلىققا ئادەتلەنگەن . مېنىڭ ئازغىنە ياردىمىم ھېچ نەرسىگە
دال بولمايدۇ . ئۇنىڭ مىجەزى ، ئۇنى كىشىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا
ئۆزۈن تۇرغۇزمايدۇ . ئۇ ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن بولسىمۇ بىرىگە

تۇرمۇشقا چىقىپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟…» ئۇ شۇنداق ئويلىدى ـ دە، ئىختىيارسىز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئارۇپ ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئارۇپنى ئويغاتتى:

— قوپ، هوي تېرىر پاكار![1] — دېدى ئۇ ئارۇپنى لىڭشىتىپ، — سەن ئايالىڭنى ئىشقا سال. زۇلخۇمار ئارقىلىق ئادىلەنىڭ تۇرار جايىنى تاپسۇن، مەن نېمىلا بولمىسۇن، گۈزەلئاي بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمىدى.

— نېمە، چۈشۈڭگە كىردىمۇ؟ توخۇنىڭ چۈشىگە تېرىق كىرىدۇ ـ دە!

— بىلەمسەن، ئۇ مېنىڭ هايات ئىكەنلىكىمنى، ئۇنى تولىمۇ سېغىنىدىغانلىقىمنى بىلىشى كېرەك. بىلىمەن، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى مەن، لېكىن ئۇنىڭ مىجەزىدىكى مەغرۇرلۇق، ئۇنىڭ ئۆز ئۈمىدىنى ئاشكارىلىشىغا يول قويمايۋاتىدۇ. ئۇ مېنىڭ توغرامدىكى هېلىقى ۋەرەقىنى ئوقۇسا ئازابلىنىدۇ، هاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ، ئۈمىدسىزلەنگەن ئادەم هەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. چۈشەندىڭمۇ، مەن ئۆزۈمنىڭلا بىختەرلىكىم بىلەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەهۋالى بىلەن هېسابلاشمىسام قانداق بولىدۇ؟

دوستىنىڭ هەرقانداق تەلىپىنى ئورۇنداشقا تەييار تۇرىدىغان ئاق كۆڭۈل مۇئەللىم كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، بېشىنى ئىرغىتىپ، ئەلانىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىدى. ئۇ ئايالى بار ئۆيگە ماڭغاندا، يەرگە ئوبدانلا يورۇق چۈشكەنىدى.

شۇ كۈنى ئارۇپ ئەر ـ ئايال ئادىلەنىڭ يىراق تۇغقانلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىر كۈن يول مېڭىشتى. ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىـ

---

[1] ئارۇپ پاكار بولغاچقا قويۇلغان لەقەم. تېرىر 19 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە پادشاھى.

-رىنىڭ ھەممىسىلا تۆۋەنگە تارقاقلاشتۇرۇلغان بولۇپ چىقتى. ئادى-
لە شەھەر تىزىملىكىدىن ئاللىقاچان ئۆچۈرۈلگەن، دوستلىرىنىڭ
يادىدىنمۇ ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن. بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئاڭ-
لاپ، ئەلانىڭ بېشى چۈشتى. ئەمدى لاۋجاۋنى ئىشقا سېلىپ بارلىق
دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسىگە
قاراشلىق دېھقان - چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى بىر-
مۇبىر قاراپ چىقىپ، ئادىلە ئىسىملىك ئايالى بار مەيدان باشلىقىنى
تېپىشلا قالغانىدى.

لېكىن، ئۇ ئادىلەنىڭ يولدىشىنىڭ ھازىر مۇشۇ شەھەردە
رەقىپ بىلەن بىللە ئىشلەيدىغانلىقىنى ھەرگىز بىلمەيتتى.

## 3

— جاھىللىق قىلما گۈزەل، ئەمدى كىمنى كۈتىسەن؟ بۇ
يىگىت تولىمۇ ئەخلاقلىق، قارىغىنا، چىرايىمۇ ئەلادىن چىرايلىق،
تېخى سەندىن ئۈچ ياش كىچىك، ئۆيلەنمىگەن يىگىت. ئۇ ساڭا
كۆيۈپ كۆمەچ بولايلا دەپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى قىز تاللا - تاللا،
ئاخىر لايىق تاپالماي ئۆلۈپ كەتكەن. ئانىسىچۇ؟ بالىسىنىڭ ساڭا
كۆيۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىزنىڭ بوسۇغىمىزدىن كەتمەيدىغان
بولۇۋالدى. بالاڭ ئەلى كەچ كىرگۈچە شۇلارنىڭكىدە، رىشات ئاكا
دېسە، رىشات ئاكا دەپ ئۇ بالا بىلەن ئىرماش - چىرماشلا بولۇپ
كەتتى!

— قويغىنا ئادىلە، بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ، گۈزەل، تۇل خوتۇن ئەرگە تەگمەي
نېمە قىلاتتى. بېشىڭ ئۇگە - ئۇگىسىدىن ئاجراپ كەتسىمۇ دەي-
مەن، مەن ئەمدى سېنى غۇلجىغا ئەۋەتمەيمەن. مۇشۇ يىگىتكە
تېگىسەن! ئەمدى ئۆتمۈشنى ئۇنتۇيمىز، خالىساق ناخشا ئېيتە-

مىز ، خالىساق سەيلە قىلىمىز ، بىزنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولماي-
دۇ . ئەرلىرىمىز ، خوجايىن ئەمەس ، بىزگە مالاي بولىدۇ . خالى-
ساق ، ئۇسما سىقتۇرىمىز ، پايپاق يۇغۇزىمىز ، خالىساق ، يۇندىپۇ-
رۇشلۇققا سېلىپ ئالدىمىزدا سوكۇلدىتىمىز . ئەرلەر دېگەننى پاي-
تىما - پېتەك قىلىش ، مۇھەببەت دېگەننى يۇندى قىلىپ ئەۋرەزگە
تۆكۈش كېرەك . مېنى مۇشۇ ئېرىنى ياخشى كۆرىدۇ دەمسىنا ؟ بۇ
ئۆلۈمتۈك قېرىدىن يىرگىنىمەن ، ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق ،
لېكىن سىقىپ سۈيىنى ئىچىش ، تەشمەي قېنىنى ئېلىش ئۈچۈنلا
ئۇنىڭغا يالغاندىن ھىجىيىپ ، قاپىقىمنى سۈزۈپ نازلىنىپ قويى-
مەن . قېرىنىڭ بەزىدە يىگىتلىكى تۇتۇپ ، كۇرسۇك ئىتتەك قۇي-
رۇقىنى ئوينىتىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ . مەن شۇنداق چاغلاردا
ئۇنى ئۆمىلىتىمەن ، پۇتۇمنى سۆيدۈرىمەن ، پۇتۇمنىڭ تىرنىقىنى
ئالغۇزۇپ ، كىرىنى تازىلىتىمەن . ئۇ مېنىڭ تېنىمدىن ھۇزۇرلى-
نىپ ، قېرى جېنىنى ياشارتىمەن دەپ ، دېگىنىمنى قىلىدۇ . بىزگە
نېمىدى ، كۆزىمىزنى يۇمساقلا بولدى ، روھىمىز پاك ، قەلبىمىز
گۈزەل بولسىلا بولدى ، بەدەن دېگەن لاي - توپا ، ئۇنىڭ ئايىغۇدەك
نېمىسى بار دەيسەن ؟ رەقىپتەك نىجىستىن ئاشقان بەدەننىڭ ماڭا
قانچىلىك قىممىتى بولاتتى . مەيلى دەيمەن ، قېرىنى مۇشۇ نىجىس
باسقان بەدىنىم بىلەن ھۇزۇرلاندۇرىمەن - دە ، ئۇنىڭ روھىنى
ئۇپرىتىمەن ، خورلايمەن ، مازاق قىلىمەن ، خالىسام بارلىق ئەر-
لەرگە بولغان غەزىپىمنى مۇشۇ قېرىدىن ئالىمەن ، يۈزلىرىگە تۈكۈ-
رۈپ ، كۆزلىرىگە قولۇمىنى تىقىپ ، قورسىقىمنى راسا بوشى-
تىۋالىمەن .

— قويغىنا ساراڭ ، شۇمۇ ئىشمۇ ؟

— ساڭا تەلىم بەرگىنىم ئەمەس بۇ ، سەن دېگەن گۈزەل ،
مەن بولسام ئادىلە . بىزنىڭ زۇۋۇلىمىزمۇ ئوخشىمايدۇ .
بىز باشقا - باشقا يەرلەرنىڭ توپىلىرىدىن ياسالغان . مەن نېمە

قىلسام، سەنمۇ شۇنى قىل دېمەيمەن. سەن بىر يىگىتنى بەختلىك قىلالايسەن، سەندە مۇھەببەت، ھايات بار، مەندىچۇ؟ مۇھەببەت يوق، جېنى چىقمىغان ئۆلۈك مۇردىمەن، سۆزلەپ تۇرىدىغان سىپسىق گۆشمەن. مەن باشقىلار تۈگۈل ئۆزۈمنىمۇ بەختلىك قىلالمايمەن. مېنىڭ بوۋىيىم تېخى: «بىر توغساڭ، بالا يۈزى كۆرسەم بولاتتى» دەپ يېلىنىپمۇ قويىدۇ. ئىككى قېتىم ھامىلدار بولدۇم، لېكىن قېرىغا بىلىندۈرمەستىن دورا بىلەن شۇملارنىڭ گېلىنى بوغۇۋەتتىم. مېنىڭ بەدىنىمدە بۇ قېرىنىڭ شۇملىرى چوڭ بولارمىش تېخى. ياق، مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز نەسىل - پەرزەنت قالدۇرۇپ بەرمەيمەن. سەنچۇ؟ جېنىم گۈزەل، گېپىمگە كىر، ئاشۇ رىشات بىلەن يۈرۈپ باق، قولۇڭنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزماي سىناپ باقمامسەن؟ ھېچبولمىسا، دۇتارى بىلەن ناخشىسىنى ئاڭلاپ باقە، يۈرەكنى خېلى تىترىتىدۇ، كىم بىلىدۇ، ياخشى كۆرۈپ قالامسەن تېخى؟

— بولدى قىلغىنا، بېشىم ئايلىنىۋاتىدۇ.

— ھا... ھا... ھا... يىگىتنى ئويلاپسەن - دە؟ بولمىسا نېمىشقا ئاغرىيدىغان باش بۇ؟

— ئەمدى سۆزلىسەڭ ئۆيۈڭدىن كېتىمەن. ئادىلە، قۇلاق - مېڭەمنى يەپلا كەتتىڭغۇ!

— بوپتۇ، گۈزەل، سۆزلىمەي، كەلگىنە، بىردەم قۇچاقلاي، يۈزلىرىڭگە يۈزۈمنى ياقاي، يادىڭدىمۇ لەنجۇدىكى چاغدا ئىككىمىز بىر ئورۇندا ياتاتتۇق، ئاھ، گۈزىلىم، سەن كېتىپ قالساڭ، مەن ئۆلۈۋالىمەن. مەن سېنى ھېچنەگە كەتكۈزمەيمەن!

— ئاپا مېھمان، ئاپا مېھمان! — ئەلى تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى بۇزۇۋەتتى. ئەلىنىڭ كەينىدىن ئېغىر قارا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ قامەتلىك، چىرايلىق بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

باياتىن ئۆزۈم بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىدا ، كىگىز ، كۆرپىلەر ئۈستىگە تاشلانغان ماشۇق ياستۇقلاردا ئېغىناپ يېتىشقان چوكانلار مېھماننى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە چاچ ، يوپكىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ مېھماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشتى .

— سالامەت كەلدىلىمۇ ؟ — دېدى گۈزەلئاي بىر دىنلا ھۇپپىدە قىزىرىپ ، — قېنى ئۆيگە .

مېھمان ئۆيگە ماڭغاندىن كېيىن ئادىلە مېھماننىڭ مېڭىشىنى دوراپ ئارقىسىدىن ئىرغاڭلاپ مېڭىۋىدى ، گۈزەلئاي دوستىنىڭ بېلىكىنى چىمدىۋالدى . ئۇلار تاپىسىدا پىچىرلاشتى :

— كىم ؟

— كومىسسىيونچى .

— ھە ، تىنچلىقمۇ ، سالامەتمۇ ، ئۆي - ئىچى ، بالايۇۋاقا ، ھويلا - ئارام ، قورۇق تام ، ئىشىك - كېشەك ، كېلىن - كېتەك ، قوشنا - قولۇم ، كومىسسىيون دۇكان ھەممىسى...

ئادىلەنىڭ ھەييارلىقى شۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۇلار ھەممىسى قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى . ئادىلە كومىسسىيونچىغا قاراپ قويدى :

— كۆرپىگە چىقسىلا ، تارتىنمىسىلا ، گۈزەل مېنىڭ قىزىم ئەمەس ، بۇنچىلىك قول قوۋۇشتۇرۇپ ئۆرە تۇرمىسىلا ، قېنى ئەمىسە ، ئېچىلىپ - يېيىلىپ ، ئوبدان يېشىنىپ ، كۆرپە بېسىپ ئازادە ئولتۇرسىلا .

ئۇنىڭ قول ، بەل ھەرىكەتلىرى درامىدا رول ئېلىۋاتقان ئار-تىسقا ئوخشايتتى ، ئاۋازى ئېلانچىلارنىڭكىدەك يېقىملىق ۋە جىلۋى-لىك ئىدى . ئارتىس بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ ئوقۇشقا بارغان ، ياشلىق ئىستەكلىرىنىڭ ئالدىشى بىلەن مۇرادىغا يېتەلمىگەن بۇ دەردمەن ئايال ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئازابلىرىنى كۈلكە ، چاقچاق ، خۇشخۇيلۇق بىلەن يوشۇراتتى - دە ، ياشلىقىدا ئارزۇ قىلغان ئارتىسلىقنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ، باشقىلارنى

كۆلدۈرۈپ ئۆز كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى.

— ئىسمىڭىزنى ئاللىقاچان ئاڭلىغان، بىزنىڭ گۈزەل سىزنىڭ گېپىڭىزنى جىق قىلىدۇ، مەن سىزنىڭ دۇكىنىڭىزدا نېمىلەر بارلىقىنى بىلىمەن تېخى. گۈزەلئاي تولىمۇ سىنچى، دۇكىنىڭىزدىكى سېتىلماي تۇرۇۋاتقان پەلتو، كاستيۇم، بۆرتمە شال، ھالقا، ئۈزۈك، مارجان، سائەت ھەتتا كوپتا - ئىچ كۆڭلەك، ناسكى - باسنوشكا، مېدالىئون، بولاپكا... ۋاي - ۋۇي، ھېچنېمىنى قويماي ماڭا تونۇشتۇرۇپ بولغان!

كومىسسىيونچى تەرلىگەن بويۇنلىرىنى يىپەك ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ يۈزىنى يەلپۈدى - دە، ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلدى.

— ئۇنداقتا، مېنىڭ نېمىشقا سىلەرنى يوقلاپ كەلگەنلىكىمنى چۈشەندۈرمىسەممۇ بولىدىكەن - دە؟

— ۋاي شۇنداق بولمامدىغان، بىزنىڭ گۈزەل يولىڭىزغا قاراپ، كۆندە بېشىنى تاراپ، قارلىغاچتەك سايراپ، سىزنى كۈتكەلى نېكەم.

— ياخشى نىيىتىڭىزگە رەھمەت، تىلىڭىزغا قەنت سىڭلىم، راستىنى ئېيتسام، ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ئاخىر نېمە بولسا بولسۇن دەپ ئىزدەپ - سوراپ تېپىپ كەلدىم.

— قانداق تاپتىڭىز؟

— ھېلىقى بىزنىڭ ئاھالە كومىتېتىغا چۈشكەن ئاقساق كادىرغا يولدىشىڭىز ئادرېسىنى ئېيتىپ بېرىپتىكەن، شۇنىڭ ياردىمى تەگدى.

— ئۇ قېرى بۆرە تېخى ئۆلمىدىمۇ، مېنىڭ قارغىشىمغا ئادەم ئۆلمەيدىغان چېغى، شۇ ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالغان كۆتۈرەم چېغىدا، قار - يامغۇر ياغدۇرۇپ قارغىغانلىرىمغا مەت قىلىپ قويماپتۇ!

— نېمىشقا قارغايسىز سىڭلىم ، ئۇنىڭ ئۆز مەيلى ئەمەسمۇ ؟

— سىزمۇ گۈزەلگە ئاغزىڭىزدىلا كۆيىدىغان ئوخشايسىز ، ئۇ-نى سولاپ قويغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا قۇتۇلدۇرۇۋالمى-دىڭىز ؟

— مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى ، گۈزەلئاينى قۇتۇلدۇراي دەپ شەھەرنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆيگە چاقىرىپ ئولتۇرۇش قىلىپ بەردىم . گۈزەلئاي نەگە قاچتى ؟ ئانچە - مۇنچە بازارلىقمۇ ئاچىق-قان ، ئەرزىمەس نەرسىلەر بولسىمۇ قوبۇل قىلار .

كومىسسىيونچى سومكىسىنى ئاچتى - دە ، سوۋغا - سالاملى-رىنى كىگىزگە يايدى : سارجا ، يىپەك رەختلەر ، ئالتۇن ھالقا ، باللار كىيىمى ، باللار ئويۇنچۇقلىرى ، قەنت ، پىرەنىك...

— ۋايەي ! — دېدى ئادىلە قاقاقلاپ كۇلۇپ ۋە تالادا چاي قايىنىتىۋاتقان گۈزەلئايغا قاراپ ۋارقىرىدى ، — بول گۈزەل ، ساڭا رەھمەت - تەزىم چېيى كەپتۇ !

كومىسسىيونچى قىزاردى :

— ئۇنداق دېمەڭ ، سىڭلىم ، زاڭلىق قىلماڭ ، ئۇمۇ بولۇپ قالار ، خۇدايىم بۇيرۇسا...

گۈزەلئاي ئادىلەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى . ئۆزىگە ئىككىنچى بىر ئەر كىشىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ راستىنلا ئەلانىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئۇ بۈگۈنلا بىلدى . مۇنۇ سې-مىز كومىسسىيونچى غۇلجىدىكى چېغىدا زېرىكمەي ئەلچى كىرگۈ-زۈپ ، ئۆيىنى ئايلىنىپ جىق ئاۋارە بولغان ، لېكىن كېيىن ئۇ ئەلانىڭ گۈزەلئاينى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تارتقان . بۈگۈن ئەلانىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبى-دىكى ئۆلگەن ئۈمىدلىرى قايتا تىرىلىپ ، يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مۇنۇ ئورۇننى ئىزدەپ تېپىپ ، سوۋغا - سالاملار بىلەن يەنە كەپتۇ . ئۇنى قوپاللىق بىلەن قايتۇرسۇنمۇ ؟ ئۇنداق

قىلىش بىر كىشىنىڭ ياخشى نىيىتىگە يامانلىق بىلەن جاۋاب بەر-
گەنلىك بولىدۇ . كومىسسىيونچى ئېمىلا بولمىسۇن ، گۈزەللىكىنى
بەختلىك قىلىشنى ئويلايدۇ . ئۇ گۈزەللىكىنى ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىشقا
تەييار ، گۈزەللىكىنىڭ ھاياتىدىكى بارلىق كەم - كۈتىلىرىنىڭ ئور-
نىنى تولدۇرىدۇ ، گۈزەللىكىنىڭ ھاياتىنى كۆپرەك لەززەت ئېلىشى
ئۈچۈن ئىمكان يارىتىپ بېرىدۇ . بۇلار ئۇنىڭ ياخشى نىيىتى ،
بۇنداق ياخشى نىيەت بىلەن كەلگەن ئادەمگە قوپاللىق قىلىش تولى-
مۇ ئويانلىق ، قاملاشمىغان بىر ئىش . گۈزەللىكى زادى بۇنداق
قىلالمايدۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا سىلىق - يۇمشاق مۇئامىلە قىلىسچۇ ؟
ئۇ چاغدا كومىسسىيونچى تېخىمۇ ئۈمىدلىنىدۇ . گۈزەللىكىدىن تې-
خىمۇ كۆپ ، ھەتتا گۈزەللىكى قوبۇل قىلالمايدىغان نېمىلەرنى تەلەپ
قىلىدۇ . ئەڭ يامىنى ، ئۇ ئەلانىڭ ئورنىغا چىقىۋېلىش ئۈچۈن
گۈزەللىكىنىڭ قەلبىگە قول سالىدۇ . لېكىن ، گۈزەللىكى ھاياتىدا
ھېچكىمنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمايدۇ . ئۇنىڭ ھايات توغرى-
سىدىكى چۈشەنچىسى شۇنداق . بىر قەلبتە بىرلا ئادەمنىڭ نامى
بولۇشى كېرەك . بۇ نام مەڭگۈ سېنىڭ ، سەنمۇ مەڭگۈ شۇ نامنى
يادلايسەن . مانا بۇ نام مۇھەببەت قەلبكە تامغا بولۇپ ئورناشقان ،
بۇ نامنى يادىدىن چىقىرىش ، ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇ-
غانلىق . ئۇ نامنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنىڭ نامىنى يېزىپ قويۇش ،
ئۆز ۋىجدانىنى ئۆزى خورلىغانلىق ! شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ رەقىپىنىڭ
پۈتۈن ياخشىلىقلىرىنى ئاخىرىدا نەپرەت ۋە كۆز يېشى بىلەن ئىنكار
قىلدى ، چۈنكى ئۇ زورمۇزور گۈزەللىكىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئال-
ماقچى بولغانىدى . ئۇنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ ئاھالىلەر
كومىتېتىنىڭ قاماقخانىسىدا ياتتى ، ھاقارەتلەندى ، قارىلاندى ؛ ئۆز
ۋىجدانىنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن ، يامان ئاتلىق ، جىنايەتلىك بولۇپ
قالدى . لېكىن ، گۈزەللىكى بۇ تارتقۇلۇقلىرى ئۈچۈن زادىلا ئۆكۈن-
مىدى ، چۈنكى ئۇ بۇ تارتقۇلۇقلارنى قەلبىدىن ئورۇن ئالغان ئادە-

مى ئۇچۇن ، ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببىتى ئۇچۇن بىشىدىن كەچۈردى .
گۈزەلئاي بۇ كەچۈرمىشلىرى بىلەن خۇشاللىنىدۇ ۋە پەخىرلىنە-
دۇ . بۇگۇنچۇ ؟ ئۇنىڭ قەلبىنىڭ يالغۇز ھۆكۈمرانى بۇ دۇنيادا
يوق . ئىككى ئايدىن بىرىقى كۆز يېشى ، ناله - پەريادى ئۇنىڭغا ،
جۇدالىق ، مەڭگۈلۈك جۇدالىقنىڭ ھەقىقەتكە ئايلانغانلىقىنى چۈ-
شەندۈرۈپ بەردى . لېكىن ، جۇدالىق ، قەلب يارىسى ھېلىقى قەل-
بىدىكى ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتەلىدىمۇ ؟ گۈزەلئاينىڭ يۈ-
رىكىدىكى تىنىمسىز يېنىۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈپ مۇزغا ئايلاندۇرۇپ
قويالىدىمۇ ؟ يۈرىكىنى مۇز قاپلىغان بىر ئايال مۇنۇ دوستى ئادلە-
گە ئوخشاش دۇنياغا نەپرەت بىلەن قاراپ ، ئادەملەرنى ئويۇنچۇققا
ئايلاندۇرۇپ ئەخمەق قىلىشى ، ئۆزىدە يوق نەرسىلەر بىلەن
باشقىلارنى ئۈمىدلەندۈرۈپ ئالدىشى لازىمىكەن ؟...

— گۈزەل مەيەرگە كەلگىنە ، ئاجايىپ سوۋغىلار ، ھا...
ھا... ھا... ! — ئادلە كۈلمەكتە ، گۈزەلئاي يىغلىماقتا ، ئۇ
ئۆزىنى تولىمۇ بەختسىز ، بىچارە ھېس قىلماقتا . ئۇنىڭغا ئۆيلەنمە-
گەن يىگىت ، مۇنۇ باي ، چىرايلىق كومىسسيونچى ، ئەمىلى ئۆ-
سۈۋاتقان تەلەيلىك رەقىپ ، يەنە ئاللىكىملەر خېرىدار ، گۈزەلئاي
بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى خالىمايدۇ ؛ ئۇنىڭ قەلبىدە بىرلا ئادەم-
نىڭ نامى بار ، ئۇ بۇ نامنى مەڭگۈ يادلايدۇ ، لېكىن ھايات ئۇنىڭ
بۇ ئارزۇسىغا يول قويمايدۇ . مۇھىت ، ئادەملەر ئۇنىڭ بىرلا ئادەم-
نىڭ نامىنى يادلاپ بىر ئۆمۈر ياشىشىغا قارشى ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى
ئۇ نامنى ئۆچۈرۈۋېتىش ، ئۇنتۇلدۇرۇش ئۇچۇن تىرىشىدۇ .مانا
شۇنداق قىلىپ ، گۈزەلئاي قەلبى تازا بولغانلىقى ئۇچۇن دۈشمەن-
لىك ، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى قوغدىغانلىقى ئۇچۇن ئەيىبلىك ، ئىغۋا ،
پىتنە - پاساتنىڭ ئوبيېكتى ، بىرلىرى :

— بەك ئۇستا ، ئەرلەرنى دەرياغا ئاپىرىپ تۇمشۇقىنى نەم
قىلماي قايتۇرۇپ كېلىدۇ ، — دېسە ، بىرلىرى :

— خىزمىتى ـ مائاشى يوق ئايال ، ئەرلەرنىڭ ياردىمىسىز كۈن كۆرەلەمدۇ ؟ گۈزەللىكمۇ تەييار ئاشكەن... — دېيىشىدۇ .

بۇ گەپلەرنى نومۇسسىز ئەرلەر كوچىغا يايىدۇ ، قىتىغۇر ئايال- لار تارقىتىدۇ . بىرلىرى خۇددى تويغا باغاق تارقاتقاندەك ئۆيمۇئۆي قىدىرىپ يۈرۈپ گۈزەلئاينىڭ ئۈستىدىن گەپ ـ سۆز تارقىتىدۇ . گۈزەلئايدىن دەككە يېگەن ۋىجدانسىز ئەرلەرچۇ ؟ «ئويناپ ـ ئوي- ناپ تاشلىۋەتتىم » ، «كەينىمگە تولا كىرىۋالدى ، ماقۇل دەپ كۆڭ- لىنى خۇش قىلىپ قويدۇم !» دېگەندەك يارىماس سۆزلەرنى كەپ- تەرگە دان چاچقاندەك ، سېخىيلىق بىلەن چاچىدۇ...

ئەلا هايات بولغان بولسا ، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئۆزىنى هىمايە قىلالايتتى ، لېكىن بۈگۈن ئۇ يوق ، غۇلجا شەھىرىدە قالغان «دۇش- مەنلىرى»دىن قۇلىقى ئەمدىلا تىنجىپ قېلىۋىدى ، بۈگۈن مۇنۇ يېڭى ماكاندىمۇ ئۇنىڭ يېڭى كۈشەندىلىرى پەيدا بولماقچى . ياشى- ماق نېمانداق تەس ، گۈزەل ئايال ئۈچۈن بۇ دۇنيا قاچقۇنىنىڭ كۈندىنىمۇ تەس ، تار ئىكەن .

— نېمىگە يىغلايسەن گۈزەل ، خۇشاللىقتىنمۇ ؟ — ئادىلە ئۆيدىن بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى .

گۈزەلئاي گەپ قىلمىدى . كومىسسىيونچى گۈزەلئاي ئاڭلە- سۇن دېگەندەك قىلىپ ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى :

— سىڭلىم ، ئادىلەخان ، مەن پۇلنى دوست تۇتمايدىغان سې- خىي ئادەممەن . دادام رەھمىتى ماي ئىچىدىكى بۆرەكتەك ياشاپ دۇنيادىن ئۆتكەن . هۈسەنباي ، ۋېلىباي ، تۇداخۇنباي ، داموللا جال- لاپ ، هۈسەيىن تاران ، ئەختەمباي ، نۇسرەتباي ، هاكىم بەك خوجا دەمىسىز ، كېيىنكى بايلاردىن ئابلاباي ، نەسرۇللا باي ، روزى قارى ، مامۇت هاجى ، سۇسەر هاجى ، پاتىخ ئاللىگارۇپ دەمسىز ، غۇلجا بايلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دادامنىڭ دوستى ، شېرىكى ، ئۈلپىتى ئىدى . باشقىسىنى ئېيتماي ، دادامنىڭ ئاياللىرىنى مىسالغا ئالسام-

لا يەتمىش ـ سەكسەنگە يېتىدۇ ، نى ، نى چىۋىنىمۇ قونمىغان ، شامالمۇ سۆيەلمىگەن گۈزەل قىزلار ماڭا ئانا بولغان . مەن چوڭ خوتۇنىنىڭ بالىسىكەنمەن . دادام رەمىتى چىرايلىق ، خۇشخۇي ئا- دەم بولغاچقا ، خوتۇن ـ قىزلار تولا كۆيەتتىكەن ، دادام رەمىتى تاپقان دۇنياسىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئاياللارغا خەجلەپ تۈگەتكەند- كەن . ماڭا دادامدىن جىق دۇنيا مىراس قالمىغىنى بىلەن دادامنىڭ خۇي ـ پەيلى مىراس قاپتىكەن . گۈزەل ئاياللارغا پۇل خەجلەشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن ، مۇنداق دېسەم ، پوخوركەن دەپ ئويلاپ قالماڭ ، مەن ئۈچ قېتىملا ئۆيلەندىم ، ئىككىسى تۇغۇتتا ۋاپات بولدى ، بىرى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى . كېيىن ئۆيلىنەي دېسەم ، بىزنىڭ غۇلجىدا گۈزەللەر ئازلاپ كەتتى . توۋا ، جاڭگالدا توشقان تۈگىگەندەك ، شەھەردە گۈزەللەرمۇ تۈگىدى . بۇ نېمە كارامەت دەپ يۈرسەم ، ئۇشتۇمتۇت بۇ گۈزەل سىڭلىم شەھەردە پەيدا بولۇپ قالدى . گۈزەلئاينىڭ ئاتىسى يەھياخان ئاكا ئۇلپەتچىلىككە يارايدى- غان ، ئوبدان ئادەم ئىدى . بىز نۇرغۇن ئارىلاشقان ، دوستىمۇ بول- غان ، بۇگۈنزە ، دوستۇمنىڭ يالغۇز قىزىنى ھىمايە قىلىش ماڭا نېسىپ بوپتۇ . بۇ يولدا پۇل تۈگۈل جانىمۇ تەسەددۇق دەڭە . پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى . گۈزەلئاينىڭ كىرپىكىگە چاڭ ، توپلىيىگە لاي يۇقتۇرسام ، دادام گۆرىدە ئۆرە تۇرسۇن ، ئىلاھىم . بالا دەم- سىز ؟ گۈلگە كۆيگەن ئادەم تىكىنىگە چىدايدۇ . ئەلنى بېقىش ، ئوقۇتۇش ، قاتارغا قېتىش ، بەش ۋاخ نامازدەك قىيامەتلىك قەرز دەڭە . قەرزنى رەل ئالمىسام ئاتا بالىسى بولمايمەن . ھېلىمۇ قۇ- رۇق قول ئەمەسمەن ، دادامدىن قالغان تۆت يەردىكى جايىمىزنى سېتىپ ئالتۇن قىلىۋالغانمەن . سەككىز قورۇ قوي ، ئۈچ قوتان كالا ، ئىككى ـ ئۈچ يۈز يىلقىنىمۇ ھۆكۈمەت تارتىۋېلىشتىن بۇ- رۇنلا سۇ قىلىۋالغانمەن . خۇدايىم بۇيرۇسا ، ئالتۇن دەمسىز ، نەق پۇل دەمسىز ، ئۆي ـ بىسات ، مۈلۈك ـ ئىمارەت دەمسىز ، يەتكۈ-

دەك بار . مەن قۇرۇق كومىسسىيوندا ئولتۇرغىنىم بىلەن تېگىم
چىڭ ، ئالتۇن ئۈستىدە ياتقان يىلان پادىشاھى دېسىڭىز ، بىزنى
دەڭ ، پۇل ـ دۇنيا تىرىكلىكنىڭ يامغۇرى ، ئۇنىڭسىز كۆكلىگە-
لى ، گۈللىگىلى بولمايدۇ . پۇل ئەرنىڭ قانىتى ، ئۇنىڭسىز ئۇچقى-
لى بولمايدۇ . پۇل دېگەن ئابروي ـ ئىناۋەت ، پۇل دېگەن
راھەت ـ پاراغەت ھەم مۇھەببەت . پۇلسىز ئەر يولدىكى قۇرت ،
ئۇ ھەرقاچان دەسسىلىپ ـ مىجىلىپ تۈگەيدۇ !
كومىسسىيونچى ئاخىرقى گەپلەرنى ھاياجان بىلەن ئېيتتى .
ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا قوللىرى ئىختىيارسىز پۇل بىلەن تولغان
قېلىن پورتمالنى ئوينىدى . ئۇ كۈمۈش زەنجىرلىك سائەتكە قاراپ
قويۇپ ، خۇددى ھەممە ئىش يۇرۇشۇپ كەتكەن غالىب سودىگەردەك
غادايدى ـ دە ، ئۇن سوملۇق پۇللارنى پورتمالدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ
ئالدىدىكى گۈللۈك داستىخانغا يايدى :
— گۈزەلئاي مائاشىڭىز ، تۇرمۇشتا ئەلۋەتتە قىسىلدى . مانا
بۇلار خىراجىتى ئۈچۈن ، مەن ئەڭ ھەشەمەتلىك قىز تويىغا تەييار-
لىنىمەن . سىز ئادىلە ، تازا قاتتىق ئانا بولۇڭ ، ماڭا بوغجۇمىنى
تازا ئېغىر قىلدۇرۇڭ ، بەش ـ ئالتە مىڭ سوم ، ھەتتا ئون مىڭ
سوم خەجلىتىڭ . مەن ھېچقاچان چوكان تويى قىلدىم دەپ ئويلىماي-
مەن . پۈتۈن شەھەرنى تويغا ئېيتىمەن . بېغىمغا يىگىرمە پارچە
گىلەم سېلىپ سورۇن راسلايمەن . غۇلجىنىڭ ئەڭ داڭلىق
سازەندە ـ ناخشىچىلىرىنى خىزمىتىمگە سالغانىنىڭ ئۈستىگە ، ئۈ-
رۈمچىگە ماشىنا ئەۋەتىپ ئەڭ داڭلىق ئارتىسلارنى تەكلىپ قىلىپ
تويغا قاتناشتۇرىمەن . مەن ئۆزۈمنىڭ ئاددىي كومىسسىيونچى ئە-
مەس ، غۇلجا بايلىرىنىڭ كۆكلەۋاتقان يىلتىزى ئىكەنلىكىمنى بىر
كۆرسىتىمەن !
ئادىلە تاپىنىدا تىزلىرىنى ئېتەكلىرى بىلەن ھىم يېپىپ ،
كومىسسىيونچىنىڭ ئاغزىغا قاراپ سۈنئىي ھاياجان بىلەن ئولتۇراتـ-

تى، كومىسسىيونچىنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە قاقاقلاپ كۈلۈپ چاۋاك چالدى.

— پاھ، ئاپىرىن، ئاپىرىن، ماڭا ئەجەب مۇنداق بەخت نېسىپ بولمىدى. مەيلى، دوستۇمنىڭ بەختى، مېنىڭ بەختىم. بۇ كۈن تېززەك كەلسە، ھوشۇمدىن كەتكۈچە ئۇسسۇل ئوينىسام بولاتتى، ھەي گۈزەل، چېيىڭنى پات ئەكەلگىن، يىگىتنىڭ كاككۈكتەك چاكىلدىغلى تۇردى.

ئادىلە بۇرۇلۇپ كاۋا بارىڭى ئاستىدىكى لېڭزا ئۇچاققا قارىدى، كۆمۈر چوغى ئۈستىدە چەينەك قايناۋاتاتتى، چەينەك جوغىسىدىن فونتاندەك ھور چىقاتتى، چەينەك ئاغزى بايىقى تەنتەنىلىك سۆزلەردىن تەسىرلىنىپ سەكرەپ تاراقلىماقتا ئىدى.

— ۋاي گۈزەل، نەدىسەن؟ گۈزەل ئۇيالما، تويۇڭ بۇگۈن ئەمەس تېخى!

لېكىن، گۈزەلئاي ھېچنەدە يوق ئىدى. كومىسسىيونچى تاقەتسىزلىنىپ غىلدىرلاپ تۇرغان كۆڭلىكى بىلەن سىلىق يەلپۈنۈپ ئۆيدىن چىقىپ ئۇياق - بۇياققا قارىدى. ئادىلە باغنى شەرەت قىلدى. كومىسسىيونچى باغقا چىقتى - دە، تامدەك تاتىرىپ كەتتى. چۈنكى، باغدا گۈزەلئاي ئاجايىپ قاملاشقان بىر يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. گۈزەلئاي بىر قولىدا قېرى ئۆرۈك شېخىغا چىقىۋالغان ئوغلىنى يۆلەپ، يەنە بىر قولى بىلەن بىر تال گۈلنى پىرقىرىتىپ تۇراتتى. ئېگىز، بۇدۇر چاچ، قاپقارا يوغان كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان سۇتتەك ئاپئاق، قاملاشقان يىگىت قوللىرىنى بىردە ئىشتان يانچۇقىغا سالاتتى، بىردە ئۆرۈك شاخلىرىغا سۇناتتى، بىردە گەدىنىنى سىلاپ، ئېڭىكىنى تۇتاتتى. ئۇ ھاياجانلانغان، ھودۇققان، نېمىلەرنىدۇر سۆزلىمەكتە، گۈزەلئاي خىيالچانلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماقتا ئىدى.

كومىسسىيونچى سىنچى كۆزلىرى بىلەن بۇ كۆرۈنۈشكە بىرلا

قاراپ ، ئۆزىنىڭ ياش رەقىبىنى تونۇۋالدى . ياق ، ئۇ ھازىر قىرىق-
تىن ھالقىغان بولسىمۇ ، ئاۋۇ چىرايلىق يىگىت بىلەن ئېلىشالايدۇ .
دۇ . يىگىتتە ھەرقانداق ئادەمنى جەلپ قىلالىغۇدەك چىراي بار .
بۇنىڭغا قارشى كومىسسىيونچىدا پۇل بارغۇ ، چىراي بىلەن پۇلنىڭ
كۈرىشى تۈنجى قېتىم بولۇۋاتقىنى يوققۇ ، ئۇزاق تارىخقا نەزەر
سالماي ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى مىسالغا ئالسىلا كۇپايە . ئۇ ھەممى-
لا ئاياللىرىنى پۇل كۈچى بىلەن گۈزەل يىگىتلەرنىڭ قولىدىن
يۇلۇۋالغان ، پۇل گۈزەللىكتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ، پۇل گۈزەللىكنى
يېڭەلەيدۇ . چۈنكى ، چىراي ئۆتكۈنچى ، ئاجىز نەرسە ، پۇل مەڭگۈ-
لۈك ، كۈچلۈك نەرسە . پۇل سەتنى چىرايلىق ، كېكەچنى زۇۋۇان-
لىق ، توخۇ يۈرەكنى يولۋاس ، شىر قىلالايدۇ . شۇنداق تۇرۇق-
لۇق ، دائىم كۆكرىكىنى كېرىپ يۈرىدىغان كومىسسىيونچى بۈگۈن
نېمىشقا تەمتىرەيتتى . ئۇ ئۆز سۆلەت ، ھەيۋىسى بىلەن ئاۋۇ يېڭى-
دىن چىلاشنى ئۆگىنىۋالغان چۈجە خورازنى قاچۇرالايدۇ .
كومىسسىيونچى قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ ، مەيدىسىنى كې-
رىپ ، كۆكرىكىنى چىقىرىپ ، قىزىل مانچېستېر بۆكىنى چېكى-
سىگە سۈرۈپ قويۇپ ، زورىغا بىر ناخشا غىڭشىپ ، بىپەرۋا ،
مەغرۇر قىياپەتتە ئۆز رەقىبىگە قاراپ ماڭدى . ئۇ ئەمدىلا تۆت -
بەش قەدەم چامدىۋىدى ، گۈزەلئاي نېمىگىدۇر قاقاقلاپ كۈلدى .
ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق ، سەنئەتلىك كۈلدىكى ، قېرى ئۆرۈك ئۈستى-
دە گۇگۇكلىدىشىۋاتقان پاختەكلەر قاناتلىرىنى قېقىشىپ چۇچۇپ
ئۇچۇشتى ، ئوچاق بېشىدىن ئادىلە يۈگۈرۈپ چىقتى . كومىسسىيون-
چى خۇددى بىرى يۈزىگە سوغۇق سۇ سەپكەندەك كەينىگە داجىدى :
«بۇ قانداق كۈلكە ، مېنى مازاق قىلىۋاتقىنىمۇ ياكى ئاۋۇ تەلۋە
تورپاققا قىلىۋاتقان خۇلق - نازىمۇ؟ ھەر ئىككىلىسىلا
تېتىقسىزلىق... لېكىن ، نېمە دېگۈلۈك ، ئۇ مېنىڭ ئەمرىمگە
ئۆتمىدىغۇ تېخى !» كومىسسىيونچى ئازاب بىلەن شۇنداق ئوي-

لىدى ـ دە ، گۈزەلئايغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى .
— سەنئەت ، سەنئەت ، — دېدى ئۇ بېشىنى بىلەن تەستىق-
لاپ ، — بۇنداق كۈلكە ھەرقانداق ناخشىدىن ، ھەرقانداق مۇزىكى-
دىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ، ھا... ھا... ھا...
— ئەدەپسىزلىك بولدى ، — دېدى گۈزەلئاي ۋىللىدە قىزى-
رىپ ، — مۇنۇ ئەلى ئاجايىپ بالا ، ئۇنىڭ گەپلىرىگە گاھى -
گاھىدا شۇنداق كۈلۈپ كېتىمەن .
— شۇنداقمۇ ، قېنى ئوغلۇم ئەلى ، مېنى راسا بىر كۈلدۈرۈپ
باققىنا .
ئەلى نومۇس قىلىپ تىزلىرى ئارىسىغا بېشىنى ساڭگىلاتتى ، كومىسسىيونچى بالىغا سىنچىلاپ قارىدى . نۇرلىنىپ تۇرغان ئاق يۈزى ، ئالۇچىدەك لەۋلىرى ، ئاپئاق مەڭزىگە سايە تاشلاپ تۇرغان قويۇق ، قايرىلما كىرپىكلىرى ، گۈزەل بۇرۇن ، قاشلىرى بىلەن بۇ گۆدەك بالا ئەپسانىلەردىكى تەڭدىشى يوق چىرايلىق يىگىتلەرگە ئوخشايتتى . كومىسسىيونچىنىڭ يۈرىكى ئۆرتەندى . ئۇ بالىنى ئۆ-رۆك شېخىدىن قۇچاقلاپ ئالدى . شۇ چاغدا ، ئۇنىڭ گۆشلۈك قوللىرى گۈزەلئاينىڭ نازۇك ، ئارامبەخش ، سېھىرلىك قوللىرىغا چاللا ـ بۇلا تېگىپ كەتتى . كومىسسىيونچى بۇ غىل - پال تەگكەن قولدىن ھاياتىدا كۆرمىگەن بىر خىل ھارارەت ، بىھوش قىلىش ، جەلپ قىلىش كۈچىنى سەزدى . ئۇ بۇ كۈچكە دەرھال ئەسىر بولدى . ئۇنىڭ بەدىنى سىمابتەك ئېرىدى ، بېشى قايدى ، پۇتلىرى بوشاشتى... «ئۇنىڭ نەپىسى يۈزۈمگە ئۇرۇلسا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن ، — دەپ ئويلىدى ئۇ بالىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن پۇراپ سۆيۈۋېتىپ ، — بالىنىڭ بەدىنىدە ئانىسىنىڭ ھىدى بار ، خۇدانىڭ نېسىۋىسى مۇشۇ بولسا ، بۇنىڭغا مىڭ قەتلە شۈكۈر... »
— ئىنىمىز رىشات بىلەن تونۇشۇپ قويۇڭ ، — دېدى گۈزەل-

ئاي كومىسسىيونچىغا يېنىدىكى يىگىتنى تونۇشتۇرۇپ . ئۇ «ئىنىمىز» دېگەن سۆزنى يۇقىرى تەلەپپۇزدا ئېيتىپ ، ئاندىن رىشاتقا قارىدى ، — بۇ كىشى ، بايا سىزگە پارتىيىنى قىلغان ئاكىمىز بولىدۇ . مېھرىبان ، كۆڭلى ياخشى مېھمان . ئۇكام رىشات ، مېھماننى ئۆيگە باشلاڭ ، بىز غىزاغا تۇتۇش قىلايلى .

گۈزەلئاي شۇنداق دېدى - دە ، ئەلىنى يېتىلەپ ئۆي تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى . ئۇنى باغ ئىشىكىدە بۆلەكچىلا شادلانغان ئادىلە كۈتۈپ تۇراتتى .

— بەختلىك دوستۇم ، — دەپ گۈزەلئايدى قوچاقلىدى ئادىلە ، — بىر يېنىڭدا نۇرلۇق ئاي ، بىر يېنىڭدا ئالتۇن ، بىرى گۈزەل ، بىرى باي ، ساڭا خۇشتارلاردىن يەنە ھوقۇق ئىگىلىرىمۇ بار تېخى . پۇل ، چىراي ، مەنسەپ ، ھەر ئۈچىلىسى قالتىس قېنى ، گۈزىلىم ، سىناپ باق ،بۇ ئۈچىنىڭ قايسىسى نوچىكەن ؟ سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسام ، ھەممىسىنى قولدىن بەرمەيتتىم ، ھەممىسىنى ئەخمەق قىلىپ ، ئايغىمدا ئۆمىلىتەتتىم !

— قويساڭچۇ ، ئادىلە ، مېنى ئارامخۇدا كۈن كۆرگىلى قويغىنا ، مېنىڭ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ ، نومۇس كۆچىدىنلا ئۆزۈمنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمەن دېگىنە ئاداش .

گۈزەلئاي ئۈمچەيگىنىچە ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى ، ئادىلە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئەلىنىڭ قولىدىن تۇتتى :

— ئاپاڭ نېمە دەيدۇ ؟ ئەلى ، ئېيتىقىنا ، ئاپاڭ نېمىشقا يىغلايدۇ ؟

— دادامنى ئويلاپچۇ ! ... — بالا يەرگە قارىدى . ئۇنىڭ چىرايلىق كىرپىكلىرىدە ئۈنچىلەر پىلدىرلىدى .

— داداڭنى سەنمۇ ئويلامسەن ، ساقام ؟

بالا بېشىنى تۆۋەن سالدى :

— مېنىڭ دادام ئالىم ئىدى ، مېنىڭ دادامنى ھەممە ئادەم

ئويلايدۇ .

— راست ئېيتىسەن ، ئوغلۇم ، ھەممە ئادەم ئويلايدۇ ، داداڭ ئالىم ئىدى ، ۋىجدانلىق ، كۆڭلى دەريا يىگىت ئىدى . ئۇنىڭ ئور-نىنى ئاۋۇلاردەك پۇلدارلار ، مەنسەپدارلار ، چىرايلىقلار ھەرگىزمۇ باسالمايدۇ . لېكىن ، ئامال قانچە ؟ قانىتى سۇنغان لاچىن يەردە ماڭىدۇ ، پەرۋاز قىلالمايدۇ ، ئۇ توخۇ ، ئۆردەكلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ .

ئادىلە ئۆيگە كىرگەندە ، گۈزەلئاي تىكلىمە ئەينەككە قاراپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى .

— نېمىگە كۆڭلۈڭنى بۇزاتتىڭ ، بايىقىدەك قاقاقلاپ كۈل ، كۆڭۈل ياراڭنى ئۆزۈڭلا بىل ، سەن تېخى ئەمدىلا ئوتتۇزغا كىر-دىڭ ، ئاتمىش ، يەتمىشكە يەنە ئوتتۇز ـ قىرىق يىل بار . بۇنچە ئۇزاق ۋاقىتنى كۆز يېشى بىلەن قانداق ئۆتكۈزەتتىڭ . بۈگۈن دۇتار چالىمىز ، ناخشا ئېيتىمىز . مەن بىزنىڭ چىرايلىقىمۇ تېلې-فون بېرىپ قويدۇم ، شەھەردىن ھېلىلا يېنىپ چىقىدۇ . مەن تېلېفون بەرسەم ، ھەرقانداق مۇھىم يىغىنلارنىمۇ تاشلاپ چىقىدۇ . شەھەردىن ئۇمىلەپ چىق دېسەممۇ ياق دېمەيدۇ ، ئۇ ئەۋرەز پاقىسى ھا... ھا... ھا... !

گۈزەلئاي ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلدى .

رىشات بىلەن كومىسسىيونچى باغدا ئولتۇرۇپ نېمىنىدۇر ئۇزاق تالاشتى . ئۇلارنى ئادىلە نەچچە قېتىم چايغا چاقىردى ، لې-كىن ئۇلار كىرمىدى . ئۇلار بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەستىن ، نېمىنىدۇر تالىشاتتى ، مۇنازىرىلىشەتتى .

— بۇلار خوڭزاۋخوي بىلەن چۈنخوي ئوخشايدۇ ، — دېدى ئادىلە قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ، — گۈزەل دەرھال پوزىتسىيە بىلدۇ-رۇپ ، بىر تەرەپنى قوللىمساڭ ، ئەلەم كۈرىشى يۈز بېرىدىغان ئوخشايدۇ .

— ئۇكام ، سىز ، نېمىنىڭ ھۆرمەت ، نېمىنىڭ تەكەببۇرلۇق ئىكەنلىكىنى تازا ئاڭقىرالمىغان ئوخشايسىز ! — دەپ سۆزلىگىنىچە باغدىن چىقىپ كەلدى كومىسسىيونچى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن رىشاتمۇ ئۆز سۆزىنى تەكرارلاپ كىرىپ كەلمەكتە :

— سىزچە بولغاندا ، ياشلار ھۆرمەتنى ئۆگىنىشى ، ياشانغانلار غادىيىشنى ئەخلاق دەپ تونۇشى لازىم ئىكەن - دە ، — دەيتتى رىشات كومىسسىيونچىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — بۇ تازا قاملاشمىغان گەپ ، پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان مەنتىق !

— سىز گەپ بۇرمىلاشتا خېلى قابىلىيەتلىك ئىكەنسىز ئۇكام ، — دەيتتى كومىسسىيونچى ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ ، — مەن نېمە دېدىم ؟ غادايغانغا غادايغىن ، بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە ، ئېگىلگەنگە ئېگىلگىن ، بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە ، دېدىم . بۇ گەپ سىزنىڭ ماڭا قىلغان سوغۇق مۇئامىلىڭىزگە قارىتىلغان ئۇكام ، تاج خورازدىمۇ بار ، لېكىن ئۇ پادىشاھ ئەمەس !

— پۇل دېگەن ئەخمەقتىمۇ بولىدۇ ، لېكىن ئۇمۇ ئەۋلىيا ئەمەس ، ئاكا ! لېكىن ، شائىرلار ئىنسان ھۆسنىنى مەدھىيىلەپ نەچچە مىڭ مىسرالاپ شېئىرلارنى يازغان : «ھۆسنى ئىقلىمدا يوق ئەرمىش سەندەك كىشىنىڭ دىلبىرى» دېگەندەك مىسرالار تولىمۇ كۆپ . سىز ھە دېسىلا چىراي ئۇنداق ، چىراي بۇنداق دەۋەرمەڭ ، ئاكا ، مەن سىزگە چىرايىم بىلەن ماختانغىنىم يوق ، ئۆزىڭىزچە ماڭا تاپا - تەنە ياغدۇرغىلى تۇردىڭىزغۇ ؟

— سىزچۇ ؟ ماڭا پۇلدار ، زېمىندار ، مۇلۇكدار دەپ ئاز ھۇجۇم قىلدىڭىزمۇ ؟ مەن قاچان سىزگە پۇلۇمنى دالۋاي قىلدىم ؟ لېكىن ، بىلىپ قويۇڭ ، پۇلسىز گۈزەللىك بولمايدۇ . سەن ھىرات شەھىرىگە بارساڭ ، بىر دەرھەمسىز بارمىغىل ، بىر دەرھەمسىز رەڭگىرويى ئاچماس ھىراتنىڭ خوتۇنلىرى... دەرھەم دېگەن پۇل !

ئۇلار بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەستىن مەنمەنلىك شوتىسى بىلەن بالداقمۇبالداق ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئۇلار تىللاشقان، ياقىلاشقان، ھەتتا مۇشتلاشقان، بولاردى، گۈزەلئاي ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ئۆچمەنلىك، نەپرەت توڭلىرى ئوتنى كۆرگەن ئۆچكە مېيىدەك ئېرىپ دەرھال يوقالدى ـ دە، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك:

— قېنى ئاكا، ئۆيگە، قېنى، قېنى مېھمان ئەمەسمۇ سىز!

— مېڭىڭ، ئۇكام، بۇ ئۆز ئۆيىمىز، سىز مېھمان! — دېيىشىپ بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى.

كەچقۇرۇن ئادىلەنىڭ يولدىشى شەھەردىن چىقتى. ھاۋانىڭ تىنجىق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ھەربىيلەرگە خاس ئادەت بويىچە، كاكارسىز ھەربىي شەپكىسىنى تۈپتۈز چۆكۈرۈپ كىيىپ، ھەربىي بەلگىسى يوق ناسۋال رەڭ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى تولۇق ئەتكەن، پۇتىغا چىبەرقۇت خەي كىيگەن ھالدا ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇنىڭ مەيدىسىگە قادالغان ھەربىي كىيىملىك داھىي ئىنزىنكى ئۆزىنىڭ ھەللىرى بىلەن كىشىنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە چېلىقاتتى. رىشات ئۇنىڭغا چاس بەردى، كومىسسىيونچى سالامدىن كېيىن كونا تونۇشىدەك ئىككى قولىنى كۆرۈشۈشكە سۇندى. گۈزەلئاي ئۇنىڭ مۈرىسىگە سېلىۋالغان كىتاب سالىدىغان سومكىسىنى ئالدى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئۇنىڭغا كومىسسىيونچى تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ شەپكىسىنى ئېلىپ، ھەربىيچە چاپىنىنىڭ ئېڭىكى ئاستىدىكى بىرلا تۈگمىسىنى ئېچىپ قويۇپ، كومىسسىيونچىنىڭ يېنىدا كۆرپە ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى:

— ئىشلار ئالدىراش، — دېدى ئۇ قېلىن قاپاقلىرى ئاستىدىكى بۆرتۈپ چىققان كۆزلىرىنى كومىسسىيونچىغا تىكىپ، —

ئىككىنچى تۇركۇمدە ئېتىلىدىغانلارنىڭ دېلوسىنى جىددىي تەييارلا-
ۋاتىمىز .

— جىقمۇ ؟ — كومىسسىيونچى ئەنسىزلىك بىلەن خۇدۇكسى-
نىپ سورىدى .

— جىق ، جىق ، — دەپ بېشىنى ئىرغىتتى ئادلەنىڭ يولدى-
شى سۇرلۇك قىياپەتتە قورۇق يۆتىلىپ قويۇپ ، — يەنە بەش
قېتىم چوڭ ئېتىش بولىدىغان ئوخشايدۇ . جاھىل ، ئەڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىدىن يىگىرمە ئالتىسى ئېتىلدى . بىرنەچچە يۈزى ئېتىلمى-
سا ، بۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسى چۈشمەيدىغان ئوخشايدۇ . ئە-
جارە ھەققىنى كېمەيتىشنىڭ ئاخىرىدا نەچچە يۈزى ئېتىلدى ،
1957 - ، 1962 - ، 1964 - ، 1965 - يىللىرى يەنە نەچچە
يۈزى ، ياق ، بەلكىم نەچچە مىڭى قامالدى ، باستۇرۇلدى ، يەنە
پەندىيات دېمىگەن قانداق خەقكەنمىز كىنتاڭ ! شۇنداق ، تۈزەلمەيدى-
كەنمىز ، ئەسكى خەقكەنمىز ، ھوش - كاللىمىزنى بىلمەيدىكەنمىز
ئەمەسمۇ ، قويۇڭ بۇ گەپنى ، قاراڭ ماۋۇ بالىنى ، — ئۇ ئۇلارنىڭ
گېپىگە دىققەت قىلىپ تۇرغان ئەلىنى كۆرسەتتى ، — تىرىك يې-
تىم ، ئاتا - ئانىلىرى قىلسا ، بالىلىرىغا قىلىدۇ . بۇ بالىنىڭ
ئاتىسى ئەلا ئۆزىگە قىلمىدى ، بالىلىرىغا قىلدى - دە !

— ھە راست ، ئەلانىڭ چېگرادا ئېتىلگىنىنى راست بولۇپ
چىقتىمۇ ؟

— گۇمانلىق ! بۇ دېلو مۇرەككەپلىشىۋاتىدۇ .ھاشىرنىڭ ئې-
تىلمىغانلىقى ، بىر سىرلىق ئىش . يۇقىرىدا بۇلارنىڭ بىر مۇھىم
ئادىمى بولمىسا ، ئېتىلىشقا ھۆكۈم قىلىنغان ھاشىر تۇيۇقسىزلا
ئۈرۈمچىگە يۆتكىلەتتىمۇ ؟ بىرىنچى پاي ئوق شۇنىڭغا تېگىل ئە-
دى ، لېكىن ئۇ ئامان قېلىپ ، بىزنىڭ نادىروف رەمىتى بىلەن
ساۋۇتوفلار ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى . باشقىسىنى بىلمەيمەن ،
نادىروفنىڭ ئەكسىيەتچى ھەرىكىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇ بىر

باھاسى يوق ئادەم ئىدى .

— ساۋۇتوفچۇ ؟ — دېدى كومىسسىيونچى ئۇنىڭغا ئۇلاشتۇ-رۇپ ، — مەنمۇ ئۇنى تازا بىلمەن . ئۇمۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرى بولۇپ قالمىغان بولسا ، ۋىجدان ، ئادەمگەرچىلىك ، ئەقىل - بىلىمدە تېپىلغۇسىز ئادەم ئىدى . بۇ دۇنيادىن بويتاق كەتتى - دە !

— مۇنداق دەڭ . دېمەك ، ئەلانىڭ يېقىن ئادىمى بولغاچقا بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاي دەپ چىققانىكەنسىز - دە ، چۈشىنىشلىك .

ئۇ كومىسسىيونچىغا مەنىلىك قاراپ قويدى . كومىسسىيونچى ھودۇقۇپ دەرھال پەردە ئۆزگەرتتى :

— يوقسۇ ، يوقسۇ ، خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز ، مەن ئەلالار بىلەن بىر سەپتە ئەمەسمەن . پەقەت بۇ يەرگە ، نېمە دېسەم بولار ، سىزدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي ، تەقدىر - پېشانە گۈزەلئاي بىلەن ھېلىقىدەك...

— ھە ، چۈشىنىشلىك ، — دېدى ئادىلەنىڭ يولدىشى سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ ، — مۇنداق دەڭ ، بۇ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى يوق ، ئەلۋەتتە ئەلى دادىسىز چوڭ بولالمايدۇ ، ئۇنىڭغا دادا كېرەك ، لېكىن...

— مېنىڭ ئەلا دادام بار ! — ئەلى بىردىنلا قاتتىق ۋارقىراپ تالاغا قاراپ يۈگۈردى ، — ئاپا ، ئاپا ، دادام ئۆلمەپتۇ !

ئۇلار ھەممىسى ھاڭ - تاڭ بولۇشتى ، گۈزەلئاي ئوغلىنىڭ يۇملاق بېشىنى باغرىغا باستى :

— دېگىنىڭ بولسۇن ، ئاغزىڭغا ناۋات ، بالام !

— لېكىن ، — دېدى ئادىلەنىڭ يولدىشى ئەنسىزچىلىككە چۈشكەن كومىسسىيونچىغا قاراپ قويۇپ ، — گۈزەلئايغا كۆزى چۈشكەنلەر خېلى كۆپ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ خىزمەت ئورنى

خېلى يۇقىرى.

— مەسلەن، كىملەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز؟ — باياتىن جىم ئولتۇرغان رىشات بىردىنلا جانلىنىپ ھەيران بولۇپ سورىدى.

— مەسلەن بىزنىڭ رە فۇجۇرىن، ماڭا ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر قېتىم ئېغىزلىنىۋاتىدۇ.

— رە فۇجۇرىن دېگىنىڭىز ھېلىقى يېڭىدىن ئوبلاستقا ئۆسكەن باشلىق شۇمۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟ — كومىسسىيونچى ئالدىراپ سورىدى.

— رەقىپ! — ئادىلەنىڭ ئېرى بۇ ئىسىمنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدى، — رەقىپ جۇرىن بىزنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىمىزنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى، ئۇ ئادەم ئىشخانىمىزنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە مەسئۇل، تولىمۇ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ئادەم.

— رەقىپ؟ — دەپ تەكرارلىدى كومىسسىيونچى ئاسمانغا قاراپ ئۆزىچىلا دۇدۇقلاپ. بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ كومىسسىيونچى تامدەك تاتاردى، چۈنكى بۇ ئىسىم شەھەردە بولۇۋاتقان ھەربىر ناھەقچىلىك بىلەن دېگۈدەك چېتىشلىق. رىشاتمۇ خۇددى بۇ ئىسىمنى ئۇياتلىق گەپتەك سەسكىنىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ كىشىنىڭ گۈزەلئايىنى ئەگىپ يۈرگەن قارا سا ئىكەنلىكىنى ئادىلەدىن ئاڭلىغان. نەق شۇ چاغدا، تەخسىلەر تىزىلغان پەتنۇس بىلەن تاپسىغا قەدەم باسقان ئادىلە، بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ ئىشىك بېشىغا ئۇسۇۋالغاندەك ئىڭراپ كەينىگە داجىدى. ئۇ پەتنۇسنى تاشقىرىقى ئۆيگە قويۇپ، بېشىنى تامغا كەينىچە يۆلەپ بىردەم تۇردى ـ دە:

— ھەي، مەيەرگە چىقىڭە! — دەپ يولدىشىنى ئاچچىق بىلەن چاقىردى. ئالاقزادە بولغان يولدىشى يېنىغا چىققاندىن كېيىن:

— ئاۋۇ بورداق ئۆكۈز تىلغا ئالغان ئىسىمنى قايتا تەكرارلىساڭلار يۈزۈڭلارغا قايناق سۇ چاچىمەن، مەڭ، مۇنۇ زاكۇسكىلە-

رىڭىزنى ئۆزىڭىز ئەكىرىڭ ! — دېدى .

گۈزەلئاي ھويلىدىكى باراڭ ئاستىغا ياسالغان سۇپا ئۈستىدە ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ خىيال بىلەن سۇنايلىنىپ ياتاتتى . ئۇ نامازشام بىلەن شۇنداق ياتقىنىچە ئادىلەنىڭ تاماق ، چايغا زورلاشلىـ رىغا قۇلاق سالماي ، ئاسماننى قويۇق يۇلتۇزلار قاپلاپ بولغۇچە مىدىر قىلماي ياتتى . ئۇنىڭ قەلبى ئوتتا ئۆرتەنمەكتە ، ۋۇجۇدى ئازاب بىلەن كۆيمەكتە ئىدى . ئۇ ئاۋۇ خېرىدارلىرىنىڭ ئۆزىگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن ۋارقىرىشىپ قىلىشقان سۆزلىرىدىن ، ئوغلىـ نىڭ چۈشكۈن ھالدا بويۇن قىسىشلىرىدىن ، ئۆز ھاياتىدىكى ئورنىـ نى تولدۇرغىلى بولمايدىغان بوشلۇقنى ، ئۆزىنىڭ بۇ بوشلۇقنى پەيدا قىلىشتىكى خاتالىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى . ئۇ ئۆز خاتالىقىنى ئىقرار قىلغانسېرى ، يۈرىكى پۇچىلىناتتى ، ۋۇجۇـ دى كۆيەتتى . ئۇ ئادىلەدەك سۇنئىي خۇشال بولۇش بىلەن ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالدىيالمايتتى . لېكىن ، خاتالىقىنى تۈزىتىشنىڭ پۇرسىتى كەتكەن ، ناۋادا يېرىم يىل بۇرۇن ئۆز خاتاسىنى بىلگەن بولسىدى ، ئەلا ئۆلمىگەن بولاتتى . گۈزەلئاي ئەلانى ياخشى بىلەـ دۇ ، ئۇ ھېچقاچان ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ ، ئۇنى دۈشمەنلىرى قاچتى دېگەن باھانە بىلەن ئۆلتۈرۈشكەن . ئۇ جەزمەن ئۆلۈش ئالدىدا بىچارە ئوغلى بىلەن گۈزەلئاينى ئەسلىدى...

— گۈزەلئاي ، بىر رومكا قىزىل ھاراق ... — ئۇنىڭ ئالدىدا رىشات ئېگىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ سۇس لامپۇچكا يورۇقىدا قارامـ تۇل كۆرۈنگەن چىرايىدا غۇرۇر ۋە ئىشەنچ جىلۋە قىلاتتى .

— ياق ، ئەپۇ قىلىڭ ، مەن ئىچەلمەيمەن ، — دېدى گۈزەلئاي سۇپىدىن پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ، رىشات ھازىر ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىدىغاندەك ھالەتتە ئۇنىڭ مۇرىلىرىنى تۇتتى :

— گۈزەلئاي ، جې ...

ئۇنى كومىسسىيونچى قاتتىق سىلكىدى :



رەڭگىڭىزنى ئۆزىڭىز ئەكىرىڭلا ! — دېدى .



[illegible]

— ياشلىقىڭىزغا ئىشەنمەڭ ، يىگىت ، باغنىڭ ئىگىسى بار !

— گۈلنىڭ خىلى بۇلبۇل ، ئاكا ، — دېدى رىشات مەستلەرچە تەلۋىلىك بىلەن ، — قاغىنىڭ گۈلگە قونغىنى كۈلكىلىك !

— نېمىدەپ قاقىلدايدۇ ، ماۋۇ قوزغۇن !

— هەي ئاغىنىلەر ، يۇرۇڭلار ئۆيگە ، هەر ئىككىڭلار بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىسىلەر ، باغنىڭ ئىگىسى باشقا ، قورۇقچىسى مەن ، قېنى ئۆيگە ! قېنى ، گۈزەلئاي سىزمۇ كىرىڭ ، ناخشا ئېيتايلى ، ئۇسسۇل ئوينايلى ، مانا بۇنىڭغا هەممىمىز ئىگە !

مەستلەر كېچىچە ئاياللارغا ئارام بەرمىدى ، ئۇلار هېلىدىن - هېلىغا ئاياللارنىڭ يېنىغا چىقاتتى ، ئاياللارنى تۇتاتتى ، تارتاتتى ، ئاخىر ئادىلەنىڭ غەزىپى كەلدى :

— ۋۇ چۈپرەندىلەر ، نېمىگە هۆركىرەيسىلەر ، هەممىڭلارنى يۇغۇرسا ، بىزنىڭ ئەلانىڭ بىر تال تىرنىقى تىرىلمەيدۇ . سىلەر تېخى ئۆزۈڭلارنى گۈزەلنىڭ خىلى دەمسىلەر !

گۈزەلئاي دوستىنى مەھكەم قۇچاقلىدى .

## 4

«... قىممەتلىك هاشىر ، ئىشىنىڭ ، مەن ساراڭ ئەمەسمەن ، ئۇلار نېمىشقىدۇر مېنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا باغلاپ ئەكېلىپ تاشلىدى . ئۇلار بىزنىڭ بىر سوتكىدا بىر قېتىم دىدارلىشىپ ، هاياتتىن خۇشاللىق تېپىۋاتقىنىمىزنى سېزىپ ، بىزنى بۇ خۇشاللىقتىن مەهرۇم قىلماقچىمۇ ؟ گۇناهسىز سولاندىم ، گۇناهسىز ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كەلتۈرۈلدۈم ، يەنە قانداق جازا ، پاجىئەلەر مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ ، بۇنى بىلمەيمەن . لېكىن ، مەن بىرلا نېمىنى ياخشى بىلىمەن ، بىز يورۇق دۇنيادا ئۇچرىشىمىز ، بەلكى مەڭگۈ بىللە بولىمىز...

ھاشىر، ساقمۇساق بىر ئادەمنىڭ ساراڭلار ئارىسىدا تۇرۇشى قانچىلىك ئازاب؟ ھەمراھلىرىمنىڭ بىرلىرى يىغلايدۇ، بىرلىرى كۈلىدۇ، بىرلىرى تىللايدۇ، بىرلىرى باغلاقتىن بوشىنىش ئۈچۈن تىپىرلايدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى قورقۇنچلۇق، كۆزلىرى غەزەپلىك، ئۇلار نېمىدىندۇر نارازى، نېمىگىدۇر غەزەپلىك. ساراڭ بولۇش بىر خىل پسىخولوگىيىلىك ھادىسە، لېكىن ئۇ فىزئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا تەرەققىي قىلىدىكەن ياكى يوقىلىدىكەن، مەن مۇشۇ ھەمراھلىرىمنى كۆرۈپ ئازابلىنىش جەريانىدا راستىنلا ساراڭ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن. مەن ساراڭ بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، ماڭا قارايدىغان دوختۇرلار تولىمۇ قىينالماقتا. مەن ئۇلار بىلەن ساق ئادەمدەك سۆزلىشىشنى خالايمەن، لېكىن ئۇلار ماڭا ساراڭلارغا قىلىدىغان مۇئامىلە بويىچە قوپاللىق قىلىدۇ، سادىدا ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەن قانداقمۇ خاپا بولماي تۇرالايمەن؟ مەن تونۇگۈن مانا ئەمىسە دەپ «ساراڭلىق» قىلدىم، بۇ نېمە گەپكىن دەپ قالماڭ، مەن كوللېكتىپ ياتاقتىن زورلۇق بىلەن يالغۇز كىشىلىك ياتاققا چىقىۋالدىم. ئۇلار مېنى مەجبۇرلاش يولى بىلەن كوللېكتىپ ئايالار ياتىقىغا ئاچىقماقچى بولۇشتى، مەن، بۇنداق قىلساڭلار بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۆلۈۋالىمەن، دېدىم. مەن ھازىرچە يالغۇز كىشىلىك ياتاقتا. بۇ ياتاق تۇرمىدىن، كوللېكتىپ ئايالار ياتىقىدىن ياخشى. بۇ يەردە ھازىر يىغا ــ زار، جېدەل ــ ماجىرا يوق، تامىقىمۇ يامان ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، ئۆتكەن ئىشلارنى كەڭ ــ كۇشادە ئەسلىۋالغىلى بولىدۇ. جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيال قىلىش قانداق راھەت، خۇددى تېپىۋالغان بىر كىتابنى ئوقۇۋاتقاندەك راھەتلىنىمەن. مانا كۆز ئالدىمغا سىز كەلدىڭىز: سىزنى ھېلىقى كۈنى ھويلىدا، پۈتۈن مەھبۇسلارنى يىغىپ تۇرمىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئېلان قىلغان كۈنى، بىرىنچى قېتىم كۆردۈم. كۆردۈم ــ دە،

ئىسمىڭىزنى ئاتاپ ئىختىيارسىز سىزگە قاراپ يۈگۈردۈم (مەن راستىنلا ساراڭ ئوخشايمەن) ، بىكاردىن ـ بىكارغا بىر يۈز ئون سەككىز كۈن تۈرمىدە يېتىپ بۇنچىلىك ئەقلىمدىن ئاداشمىسام بولاتتىمۇ؟ سىز بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن شۇ كۈنۈمنى ئەسلەيمەن. شۇ چاغدا، مەن سىزنى بىر يۈز ئون سەككىز كۈن ئويلىغاندىن كېيىن كۆرۈشكەن ئەمەسمىدىم. سىزگە تاشلىنىپ ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. كۆزۈمنى ئاچسام ئاياللار كامېرىدا يېتىپتىمەن. ھېلىقى بىزنىڭ خېتىمىزنى توشۇيدىغان بالىنىڭ، قاچىمەن دەپ ئېتىلىپ كەتكەنلىكى تولىمۇ ئېچىنىشلىق. سىلەرگە تۈرمە ھويلىسىدا ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان كۈنى، بىر قورقۇنچلۇق چۈشتەك كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. سىلەرنى تامغا قارىتىپ تىزدى، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەرنى بىرمۇبىر ئىسمىنى چاقىرىپ، جىنايىتىنى بىرمۇبىر ئوقۇدى، سىزنىڭ جىنايىتىڭىزنى شۇ كۈنى ئاڭلىدىم: قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەشكىلات قۇرۇپ چېگرادا بازا تەييارلاپسىز، مىڭ ئات، ئون يەتتە توننا ئۇن، گۆش، كىيىم ـ كېچەك توپلاپسىز، شەخسەن ئۆزىڭىز ئون ئىككى ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپسىز... پاھ، نېمانچىلا يۈرىكىڭىز چوڭ؟ مەن ئومۇمەن بىز توغرۇلۇق ئېيتىلغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يالغان دەپ ئويلاشقا ئادەتلەنگەنمەن. شۇ كۈنى سىلەرنى قارىلاپ ئوقۇغان ماتېرىيالنى ئاڭلاپ كۈلگۈم كەلدى. ھاشىردىن باشقىسىنى بۇنداق سۆزلەر بىلەن قارىلاشقا بولىدۇ، لېكىن ھاشىرنى بۇ گەپلەر بىلەن قارىلىسا تولىمۇ چاندۇ، تولىمۇ ۋابال بولىدۇ، چۈنكى ھاشىر پارتىيىگە شۇنچىلىك سادىقكى، مۇشۇ ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ قارىلىنىۋاتقان مىنۇتتىمۇ، ئۇ چوقۇم پارتىيە، خەلقنىڭ ئىشىنى ئويلاۋاتىدۇ دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. ھاشىر، راستىنلا سىز شۇ كۈنى مەن دېگەندەك، پارتىيە، خەلقنى ئويلىغانمۇ؟ ئويلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۆز ۋاقتىدا مېنى چۈشىنىشنى

خالىمىغان ، ناۋادا سىز ئۆز شەخسىي ھېسسىياتىڭىزغا ئاز - تولا ھۆرمەت قىلغان بولسىڭىز ئىدى ، ئۇ چاغدا سىز غۇلجىنى تاشلاپ كەتمەيتتىڭىز ، بىزنىڭ ھاياتىمىزدا بۇگۇنكىدەك پاجىئە يۈز بەرمە- گەن بولاتتى . بىر مەسۇم قىز ئۆزىنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىنى ئاشكا- رىلاپ تەلمۈرۈپ تۇرغاندا ، ئۇ قىزنى سوغۇق مۇئامىلە بىلەن (گەر- چە ئۆزى ئۇخشاشلا قىزنى ياخشى كۆرسىمۇ ) كۇتۇۋالغان بىر رەھىمسىز يىگىت ئۆلۈم ئالدىدا ئۆز ھاياتىنى ئويلايدۇ دېسە ، مەن زادىلا ئىشەنمەيمەن . لېكىن ، سىزنىڭ ئۇرۇمچىدە ئۇچراشقىنىمىز- دا قىلغان قوپال مەردانىلىكىڭىز ، ھەممە رەھىمسىزلىكىڭىزنى بېسىپ چۈشتى . مەن ئۇ چاغدا بىرىنىڭ ئايالى ، بىر بالىنىڭ ئانىسى ئىدىم . چوڭ زالدا دوكلات بولۇۋاتىدۇ . مەن سىزنىڭ ئىشارىتىڭىز بىلەن زالدىن چىقتىم . بىز ئىككىنچى قەۋەتكە ئۈن - تىنسىز چىقتۇق ، نېمىشقا سىزگە ئەگىشىپ يالغۇز زالدا كېتىۋاتىمەن؟ بۇنى زادىلا ئويلىمىدىم . مېنىڭ ياتىقىمنى ئېچىپ ياتاققا كىردۇق . مەن نېمىشقا سىزنى يالغۇز ياتاققا باشلاپ كىر- دىم؟ بۇنىمۇ بىلمەيمەن . سىز مېنى خۇددى ئالدىن ۋەدىلىشىپ قويغاندەك ئىشەنچلىك تۇتتىڭىز ، مەن قارشىلىق قىلالمىدىم... مەن ئېسىمگە كېلىپ چۆچۈپ كەتتىم . مەن باشقا بىرىنىڭ ئايالى تۇرۇپ نېمىشقا يات بىر ئەرنىڭ قۇچىقىدا... مەن ئاياللىق بۇرچۇم- نى ئويلىدىم - دە ، خورسىندىم . سىز قاقاقلاپ كۈلۈپ چاچلىرىم- نى سىلىدىڭىز : «قانۇنىي جەھەتتە بەھرام ئەپەندىنىڭ ئايالىسىز ، لېكىن سىز مېنىڭ ، ۋىجدان ئالدىدا بىز بىر - بىرىمىزگە قەرز- دار ، بولۇپمۇ مەن ! » ، دېدىڭىز . سىزنىڭ شۇ بىر ئېغىز سۆزىڭىز بىلەن مېنىڭ كۆز يېشىم قۇرۇدى . مەن ئۆتكەنكى خاتالىقنى تۈزەت- كىلى بولىدىغانلىقىنى ، ھازىرقى ماڭا ئۇياتلىق تۇيۇلغان ئىش خاتالىقىم ئەمەس ، خاتالىقىمنى تۈزىتىشنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلى- كىنى دەرھال چۈشەندىم . ئۇزۇن يىل بىر - بىرىگە تەلپۈنگەن

ئىككى يۈرەكنىڭ ئۆچرىشىشىنى قانداقمۇ قانۇن بىلەن چەكلىگىلى بولسۇن؟ ھاشىر، مەن يالغۇز كىشىلىك ساراڭلار ياتىقىدا ئولتۇ-رۇپ، شۇ كۈنكى بىزنىڭ تۈنجى خۇشاللىقىمىز، بەختلىك مىنۇت-لىرىمىزنى ئويلايمەن. مەن مانا شۇ كۈن بىلەن ئۆز ھاياتىمدىن رازىمەن. مەن شۇ كۈننىڭ تەكرارلىنىشىنى، بىزنىڭ بەختلىك بولۇش ھوقۇقىمىزنىڭ تېزرەك قولىمىزغا كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتىمەن. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ساراڭ بولمىدىم، شۇ-نىڭ ئۈچۈن ئۈمىدۋارمەن...»

دوم قازاندەك قاراڭغۇ ماشىنا ئىچىدە نەچچە ئادەم بارلىقى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ. ئۇنى بىر كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى ئىلى ئوبلاست-لىق تۈرمىنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ چىقىپ، تامغا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ ھۆكۈم ئېلان قىلدى. ئۇنىڭغا ئىككى يىلدىن كېيىن ئىجرا ئېتىش جازاسى بېرىلگەنىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنى پۇتىغا كې-شەن، قولىغا كويزا سېلىپ كامېردىن ئېلىپ چىقتى. ھويلىدا كۆزىنى قارا لاتا بىلەن تاڭدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ باھار قۇياشى ئۇنىڭغا بۇ ھايات پاجىئەسىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويامدۇ يا؟ ئۇنىڭ قوناق شېخىدەك ئاقارغان يۈزىگە چۈشكەن ئىللىق قۇياش نۇرىمۇ ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ماشىنىغا ئىتت-ىرىلدى - دە، سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، قولىدىكى كويزىسىنى شا-راقلىتىپ قاتتىق ئورۇندۇققا تايىنىپ قالدى. ئۇ پەقەت ماشىنىدى-كى ناتونۇش ھەمراھلىرىنىڭ سۆھبىتىدىن، ئۆزىنىڭ غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەنلىكىنى بىلىپ كۆلۈمسىرەپ قويدى. چۈنكى، بۇ ئىش ئۇنىڭ يېقىندا ئۆلمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، ئۆلمى-گەنىكەن، ئۇنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا، بەخت توغرىسىدا ئويلاش ھوقۇقى بولىدۇ - دە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ رازىيەنىڭ يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان، تولا ئوقۇلۇپ ياد بولۇپ كەتكەن خېتىنى خىيالد-

دا تەكرارلىنىشغا ھېچكىم دەخلى قىلالمايدۇ . ئۇ سۆيگىنىنىڭ ئاخىرقى خېتىنى يادقا ئوقۇش بىلەن مۇنۇ باھار لەززىتىدىن مەھ- رۇم بولۇپ ، ھايات سوئاللىرى بىلەن ئېغىرلاشقان بېشىنىڭ ئاغ- رىقىدىن ۋە روھىي ئازاب ئىسكەنجىسىدىن ئۆزىنى ۋاقتىنچە قۇتقۇ- زالايدۇ . ئۇ كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلىشى ، كەلگۈسى بىلەن ئۆزى- نى ئۈمىدلەندۈرۈشى لازىم . مانا شۇ خىيال ۋە ئۈمىد ئۇنىڭغا تۈرمىدە ھەمراھ بولالىغان ، مۇنۇ قوپال ، قاراڭغۇ ماشىنىدىمۇ ھەمراھ بولالايدۇ . ئىككى كۈن خىيال بىلەن ماڭسا ، ئۇ ئۆزىنى سۆيگىنى بىلەن ئۇچراشقاندەك ، دوستلىرى بىلەن مۇڭداشقاندەك بەختلىك ھېسابلىمامدۇ ؟...

شۇنداق ، شۇ چاغدا ھاشىر رازىيەنىڭ باشقا بىرىنىڭ قانۇنلۇق ئايالى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغانىدى . ئۇ كېيىن ئۆزىنى جىملىدى ، لېكىن يالغۇز ئۆيدە ئۆزىنى قوپاللىق ۋە قاراملىقى بىلەن بەخت- لىك ، مۇرادىغا يەتكەن ھېسابلىدى . ئۇ شۇ چاغدا ئىنسانىيەت ھالاۋىتىنىڭ ئەڭ لەززەتلىك مىنۇتلىرىدىن بەھرىمەن بولدى . گەر- چە بۇ قوپاللىق بەدىلىگە كەلگەن جان ئارامى ، ئۇنىڭ ھاياتىدا بىرلا قېتىم يۈز بەرگەن بولسىمۇ ، شۇ قىسقا دەقىقە ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ چەكسىز لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى . ئۇ كېيىن ئۆزىنى جېملىدى ، لېكىن بۇ جېملەش سۆيگۈ بىلەن بەخت تاپقان قىزنىڭ نازىدەك كۈچسىز ، سۈنئىي ئىدى . سەۋەبىنى ئۇ بىلىدۇ : تەلپۈنگەن ئىككى يۈرەكنىڭ بىر بولۇشى ھەممىنى يېڭىشكە قادىر . ئۇلارغا قىلىچ قىل بولۇپ كۆرۈنىدۇ ، ئوتمۇ چىمەندەك تۇيۇلىدۇ ، شۇنداق تۇرغان يەردە ، بىر نىكاھ بىلەن پەيدا بولغان خىندەك ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنەتتىمۇ ؟ «سۆيگۈنىڭ كۈچى ، — دەپ ئوي- لىدى ھاشىر ئىرغاڭلاپ كېتىۋاتقان قاراڭغۇ ماشىنىدا خىيال بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ ، — قەلبىدە سۆيگۈ ئوتى يانغان ئادەم ئۈچۈن دۇنيادا ۋەھىمە يوق ئىكەن . مەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان

شۇ كۈنىمۇ، ئۆز ئۆلۈمۈمنى ئاڭلاۋېتىپ ھويلىدىن كۆزلىرىم بىلەن رازىيەنى ئىزدىدىمغۇ؟ ئۇ ئاق ياغلىق تاڭغان، ئاق كۆڭلەك كىيگەن ھالدا، بىزدىن ئىبرەت ئالغۇچىلار قاتارىدا تۇرغانىكەن. مېنىڭ كۆزلىرىم ئۇنى دەرھال تاپتى، ئۇنىڭغا يۈرىكىمدىكى ئۆلۈم ئالدىدا تېخىمۇ لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان يالقۇننى كۆرسەتتى. كۆز ھەممىنى تاپىدۇ، ھەممىنى يوشۇرمايدۇ، ئۇ مېنىڭ ئاۋازسىز، كۆز بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىمنى چۈشەندى. ياشلىرى بۇلدۇقلاپ تېشىپ تۇرسىمۇ، ئۇ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ كۈلۈمسىرەش ساپ قەلب ئىگىسىنىڭ ئۆزى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىۋاتقان قەدىردان ئادىمىگە سۇنغان ئاخىرقى سوۋغىسى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن، يەلكىگە قادالغان سۇرلۇك مىلتىقلار ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۈلگەن بولاتتىم. بۇ كۈلكەم بىلەن بىر ئۇلۇغ، شەرقنىڭ قەدىمكى دۆلىتىدە يۈز بېرىۋاتقان نادانلىق، ئەخمەقلىق، جاھىللىقنى مازاق قىلغان بولاتتىم. لېكىن تاغ ھاۋاسىدەك تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تەقدىر مېنى بۇ غەلىبىدىن مەھرۇم قىلدى، مەن ئېتىلمىدىم. مانا ئەمدى ھايات قالىدىغان ئوخشايمەن. رازىيەنىڭ سوۋغىسىغا سالامەت كۆرۈشكەندە، قۇچاقلاشقاندا، قاقاقلاپ كۈلۈپ جاۋاب بېرىمەن. چۈنكى، بىز ھامان بىر كۈنى ناھەقچىلىك، قاباھەت ئۈستىدىن كۈلىمىزغۇ!...»

— ئىنساپ قىلىڭلار، ھەي ساقچى يىگىتلەر! — دېدى ماشىنىدىكى جىنايەتچىلەردىن بىرى يىلىنىپ، — بىز ماڭغىلى تۆت سائەت بولدى. كۈن ئاش ۋاقتى بولدى، بىز كەڭ سايغا كەلدۇق، كۆزىمىزنى ئېچىۋېتىڭ، ئۇنىڭسىزمۇ بىز قاراڭغۇدا!

— يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى شۇ، مەن كۆزۈڭلارنى ئاچالمايمەن!

— سىز ئادەمغۇ؟ ئادەم دېگەندە ھېسسىيات بولىدۇ. مەن بىر كىتابنى ئوقۇغان. بىر جاللات بىر قىزنى بۇيرۇق بىلەن چاپقان،

ئەمما چىپىپ بولۇپ قىزنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلىغان !
— سىز نېمە دېمەكچى ؟
— چۈشىنىشلىك ، سىزدىمۇ ھېسسىيات بولۇشى كېرەك ، دېمەكچىمەن . قاراڭغۇ ماشىنىدا كۆزلىرىمىزنى تېگىش ئەخمەق- لىق ، ھېچبولمىسا ئەخمەقلىقنى ھېمايە قىلماڭ ـ دە !
— سىز تولا ۋالاقلىماڭ !
— گەپ قىلىش قايسى قانۇندا چەكلەنگەن ؟ — ھاشىرنىڭ زەردىسى قايناپ گەپكە ئارىلاشتى ، — راست گەپ قىلغان ئادەمنى ۋالاقلىدى دېسەڭ ، بىر كۈن كەچكىچە يالغان سۆزلىگەننى نېمە دەيسەن ؟
— سەن ھاشىر تولا گەپدانلىق قىلما . يالغان گەپ قىلغان دەپ كىمنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسەن ، مېنى بىلمەيدۇ دېمە !
— بىلسەڭ ، شۇ يالغانچىلارنى ئەيىبلە ، كۆزىمىزنى ئاچ ، مۇشۇك جېنىدا كۆزىنى تېگىپ ئاپىرىپ تېنىتىۋەتسەڭ ئۆيىنى تېپىپ قايتىپ كېلىدۇ . ھېلىغۇ كۆزىمىزنى تېگىپ قويۇپسەن ، كۆزىمىزنى ئويۇپ تاشلىساڭمۇ ، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئورۇمچىگە يۆت- كەلگەنلىكىمىزنى بىلىمىز !
— سەن ھاشىر ، توختامسەن يوق !
ساقچىنىڭ قوپال ئاۋازىدىن چۆچۈدىمۇ ، ماشىنا توختىدى . كابىنكىدىن قوراللىق باشلىق سەكرەپ چۈشتى ـ دە ، ساقچىلىق قىلىپ كېتىۋاتقان قوراللىققا بۇيرۇق بەردى :
— ئۇلارنىڭ كۆزىنى يەش ، قولىدىن كويزىنى ئېلىۋەت !
— بۇ ، بۇ...
— نېمە بۇ ، ئۇلار ئارقىغا ئۆتمەمدۇ ، تاماق يېمەمدۇ ؟
قوراللىق ئۆز باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلدى . ھاشىر كۆيۈشكەن قوللىرى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلىدى ـ دە ، ئەتراپقا قارى- دى . ماشىنىدا ئۈچ ئادەم بار ئىكەن ، بايا سۆزلىگەن سېرىق

ساقال ، كۆك كۆز تاتار ئىكەن .

— مەن هايدار ، — دېدى ئۇ كۇلۇپ قويۇپ ، — سىز هاشىر ، مەن سىزنى ياخشى تونۇيمەن .

— چۈشۈڭلار ! — دېدى بايىقى باشلىق يەنە بىر قوراللىق بىلەن ماشىنىنىڭ كەينىدىكى برېزېنتنى قايرىپ ، — بەش مىنۇت توختايمىز .

— ئىنقىلابىي ئىنسانپەرۋەرلىك ! — دېدى تاتار ھەييارلىق بىلەن كۇلۇپ قويۇپ ، كېيىن يېنىدىكى قېلىن جۇۋا ، يوغان قاسقانلىق كەمچەت تۇماق ئىچىدە كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۈگۈلۈپ ياتقان كىشىنى جەينىكى بىلەن تۈرتۈپ قويۇپ قازاقچە سۆزلىدى ، — تۇرۇڭىز ئاغاتاي ، ئازاتتىق !

ئۇلارنىڭ يېنىدا يەنە بىر قوراللىق يىگىتلەر چۈشكەن ماشىنا توختىدى . ماشىنا كابىنكىسىدىن قورالى يوق ، ياش ، چىرايلىق بىر ئۇيغۇر ھەربىي چۈشتى - دە ، هاشىرغا قاراپ مەنىلىك باش لىڭشىتىپ قويدى . هاشىرنىڭ يۈرىكى ئويندى ، پۇتلىرى تىترىدى : «بۇ نېمە كارامەت ، بۇ ئەلانىڭ ئۆزىغۇ ؟» ئۇ ھەربىي ئاشخانىغا كېتىۋېتىپ ئەتەيلەپ شەپكىسىنى ئالدى - دە ، هاشىرغا تونۇش بولغان بېشىنى لىڭشىتىپ هاشىر بىلەن خوشلاشتى . «دېمەك ، ئۇ ئۆزىنى چىڭ يەرگە يوشۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ ھەربىي رايوندىكى دوستلىرى ھەقىقىي دوستلاردىن ئىكەن - دە ، مېنىڭ ئېتىلماي قېلىشىم ئەلانىڭ يوشۇرۇنۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن - دە» .

ماشىنا ئەگرى - بۈگرى يوللار بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەكتە . ماشىنىنىڭ دومىلەكلىك برېزېنت يوچۇقلىرىدىن ، قارىغاي يېلىمى پۇرىقى ئارىلاشقان سالقىن ھاۋا كىرمەكتە . مانا بۇ باھار !

بايا هاشىر ياپيېشىل قارىغايلار بىلەن كۆكىرىۋاتقان يانباغىرلارغا قاراپ ، بۇ تونۇش يەرلەرنىڭ باھارى بىلەن روھلانغان ، شادلانغان ئەمەسمىدى ؟ باھار كىشىگە ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى

چۈشەندۈردى. ئۇ بىر سىرلىق كىتابتەك دىل يارلىرىغا مەلھەم بولۇپ، كۆڭۈلدىكى تۈگۈنچەلەرنى يېشىدۇ. ياپيېشىل قىرلاردا سۈزۈك ئاسمانغا قاراپ تۇرغىنىڭدا، سەن ئۆزۈڭنى تەبىئەتنىڭ خوجايىنى، پادىشاھى ھېسابلايسەن. دۆلەت باشلىقىمۇ، ئۆلۈمدىن قېچىپ يۈرگەن بەختسىز تۇتقۇنمۇ ئوخشاشلا بۇ ھېسسىياتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، تەبىئەت سېخىي ئانا. باھار — ئۆز بايلىقىنى كەڭ قوللۇق بىلەن ھەممىگە چېچىپ بېرىدىغان مەرد ئوغلان. ھاشىردەك بىرنەچچە ئاينى قاراڭغۇ كامېردا ئۆتكۈزگەن خىيالپەرەس ئۈچۈن، ھازىر مانا مۇشۇنداق مەرد ئاغىنە، قويىنى كەڭ ئانا تولىمۇ زۆرۈر. ئاغىنە — باھار، ئەلانىڭ قەلبى ھەم ھاشىر ئۈچۈن باھاردەك گۈزەل. ئۇ خېيىمخەتەر ئىچىدە. ئۇ ھەرقاچان تۇتۇلۇشى، ئېتىلىشى مۇمكىنغۇ؟ ئۇ جىمجىت، كىتابلار ۋە قالايمىقان قولىيازمىلار بىلەن تولغان ئۆيدە، ئويچانلىق بىلەن قوشۇما تۈرۈپ، جىددىي ۋە ئالدىراش ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشى لازىم ئىدى. كىتاب ۋە ئۈستىلىدىن ئايرىلىپ قېچىپ يۈرۈش ئۇنىڭغا تۈرمىدە ياتقاندىنمۇ ئازابلىق. ئۇ كىتابسىز، مۇلاھىزە ۋە يېزىقتىن مەھرۇم بولۇپ بىر كۈنمۇ ياشىيالمايتتى. نېمىشقا ئۇنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرىشمىدى؟ تەبىئەتتەك رەھىمدىل، سېخىي ئانا، باھاردەك ئىللىق دوست، ھاشىردىنمۇ كۆرە ئەلاغا زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ نەچچە يىللاپ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن پەيدا بولغان بىلىمى ئەخلەت ئارىسىدا چىرىپ كېتەرمۇ؟ ئۈجمە يوپۇرمىقىنى راسا يەپ يېتىلگەن پىلە قۇرتى ئەمدى يىپەك چىقارماقچى بولغىنىدا، ئۇنى بىر گىرى ئاياغ دەسسىۋەتمەكچى بولسا، بۇنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر جان ئىگىسى ئېچىنمامدۇ؟ ئېھ، ئەلا، سېنىڭ كىتابلىرىڭ نەدە؟ زۇلىيا ئاكىنىڭ ھالى قانداق؟ ئۇ سېنىڭ كىتابلىرىڭنى ساقلاپ قالالىغانمىدۇ؟ بىر نادان ئالتۇن تەختكە چىققان زامان قەپەستىن بوشىغان تەلۋە ئارسلانغا ئايلىنىدۇ. تەلۋە ئارسلان

ئىنسان ياراتقان ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى يوقىتىشنى ئۆز بۇرچى ھېسابلاپ، قاباھەت توقمىقى بىلەن ھەممىنى ساۋايدۇ. مانا شۇنداق چاغدىمۇ ئۆز جېنىنى ئويلىماي، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە مەنەۋى بايلىقىنى باغرىغا بېسىپ، ئەۋلادلار ئۈچۈن مىراس تالىشىدىغان مەرد - مەردانىلەر چىقىپ تۇرىدۇ. زۇلپىيا مانا مۇشۇنداقلاردىن. ھاشىر قولىدا ئاز - تولا ھوقۇقى بار ۋاقىتىدا نېمىشقا ئەلانى ئويلىمىدى؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرىغا غەمخورلۇق قىلىشنى ئۆز زىممىسىگە ئالماي، بۇ ئىشنى باشقىلارغا تاپشۇردى؟ ئۇ نېمىشقا ئەلانىڭ ئايالى بىلەن بىللە بولۇشنى ئۆز قولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرماي، ئەلانىڭ ئۆزىگە تاپشۇردى؟ ھاشىر سەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسىلا ئەمەس، ئۇنىڭ بىر رەھبەرىي كادىرىسەن، سەن باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى، باشقىلارنى ھىمايە قىلىشنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالدىڭ؟ ئەلادەك ئىلىم ئەھلى مانا بۈگۈن سەن ئۈچۈن جان تىكىپ خېيىمخەتەر بىلەن ئېلىشىۋېتىپتۇ. سەن بولساڭ، ئامان قالغىنىڭغا خۇشالسەن، بۇنداق خۇشال بولۇش ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ - دە. سەن تەبىئەتتەك مەرد، باھاردەك ئىللىق بولىمەن دېسەڭ، باشقىلارنىڭ ئامانلىقى، بەختى بىلەن خۇشال بول...

— ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى چەكسىز، شەپقەت، ئىنايىتىمۇ چەكسىزدۇر! — دېدى باياتىن جۇۋىغا ئورىنىپ ياتقان موللا كۆزىنى ئېچىپ، — ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى، ئۇ گۇناھ پاتقىقىغا پاتقان ھەرقانداق بەندىسىنى كەچۈرەلەيدۇ، گۇناھتىن ساقىت قىلالايدۇ. ئۇنىڭ بىرلا شەرتى بار، ئۇ بولسىمۇ ياراتقان ئىگىسىنى سېغىنىش. پۈتۈن بىر ناھىيە مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ قوراللىنىپ توپىلاڭ قىلماقچىمىش، مۇشۇنى ئىقرار قىلمىدىڭ دەپ، قانچىسىنى ئاتتى، قانچىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۇۋالدى، قانچىسىنى ھازىرمۇ قىيناۋاتىدۇ. مانا مېنى ئىقرار قىلدۇرۇش، ئۈچۈن چوڭقۇراق يەرگە

ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ . پۈتۈن بىر ناھىيىدە مۇشۇ ئاپەتنى پەيدا قىلغۇ-
چى بىرلا ئاسىي بەندە ، ئۇ ئۆزىنىڭ دوزىخى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ .
بۇ دۇنيانىڭ كىچىككىنە راھىتى ئۇنى دوزىخى قىلىۋەتتى . ناۋادا ،
ئاشۇ ئاسىي ، ئىگىسىنى تونۇسا ، يىغلىسىچۇ ؟ ئۇنىڭ گۇناھى تاغ ،
ساۋابى مىسالى بىر پىننە قاسىرىقى دەيلى ، ئىگىسى جەزمەنكى ئۇنى
كەچۈرىدۇ . مەندىن بىر كۆپۈرلۈق ئۆتتى ، باياتىن خىيالىمدا شۇ
ئاسىينى تىللىدىم ، قارغىدىم ، ئۇ مېنىڭ بالام ئىدى ، مەن ئۇنىڭغا
خۇدادىن ئاپەت تىلىدىم . لېكىن ، خۇدانى ئۇنتۇپتىمەن . خۇدادىن
ئۇ ئاسىيغا ئىنساپ تىلىمەي ، بالا ـ قازا تىلىگەنلىكىم كۆپۈرلۈق
بوپتۇ . لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلىللا ، سۇبھان كاللا
ھۇممە...

— ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ مېغىزى ئەپۇچانلىق ، — دېدى
سېرىق ساقاللىق تاتار ، — گۇناھكارنى ئەپۇ قىلىش ئىسلام ئەخلا-
قى . ھۆكۈمىتىمىز بۇ ئەخلاقنى ئۆگىنىۋالسا بولاتتى .

— شۇنداق ، — دەپ ھېكايە باشلىدى بومبا ساقاللىق
موللا ، — بىر ئاسىي بەندە بىر موللامدىن سوراپتۇ :

— موللام ، ئېيتسىلا ، مەن توقسان توققۇز ئادەمنى ئۆلتۈر-
دۈم ، تۆۋا قىلسام ، خۇدايىم گۇناھىمنى كەچۈرەمدۇ ؟

— بەدبەخ ، سەندەك قاتىل دوزىخى بولىدۇ . توقسان توققۇز
ئادەمنىڭ قېنى يىلان ـ چايان بولىدۇ .

— ئۇنداق بولسا ، يۈز بولسۇن ، — دەپتۇ ـ دە ، ئاسىي بەندە
موللىنىمۇ ئۆلتۈرۈپتۇ ، ئۇ كېتىپ بارسا بىر دەرۋىش ئۇچراپتۇ .

— دەرۋىش ، يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ تۆۋىسىنى
خۇدايىم قوبۇل قىلامدۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاساسىي بەندە .

— مۇمكىن ، — دەپتۇ دەرۋىش ، — ئاۋۇ ياقتا بىر ئۆلىما
بار ، شۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۆۋا قىل .

قاتىل يېرىم يولدا تۇيۇقسىز جان ئۈزۈپتۇ . دوزاخقا ئەكىرى-

دىغان پەرىشتىلەر بىلەن جەننەتكە ئەكىرىدىغان پەرىشتىلەر ئۇنىڭ جېنىنى تالىشىپتۇ :

— بۇ قاتىل، دوزىخى !

— ياق، ئۇ جەننەتى، توۋا قىلغىلى ماڭغان !

ئۇلار راسا تالاشقاندا، خۇدادىن ۋەھيي كەپتۇ :

— ئۇنىڭ ياتقان يېرىدىن، كەلگەن تەرىپى بىلەن بارىدىغان يېرىنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەڭلار. كەلگەن تەرىپى ئۇزۇن، بارىدىغان تەرىپى قىسقا بولسا ئۇ جەننەتى، تەتۈرىچە بولسا ئۇ دوزىخى، — دەپتۇ.

پەرىشتىلەر، ئۆلچىگەنىكەن، ماڭغان يولى ماڭمىدىغان يولىدىن بىر چامدام ئۇزۇن چىقىپتۇ. دېمەك، ئۇ توۋا قىلىدىغان تەرەپكە مايىل بوپتۇ - دە، جەننەتى بوپتۇ. شۇنداق، چىن ئىخلاس بىلەن توۋا قىلسا، خۇدايىم بەندىلەرنىڭ ھەرقانداق گۇناھىدىن كېچىدۇ. راست ئېيتىسىز، ئەپۇچانلىقنى ھۆكۈمەت ئۆگىنىۋالسا بولاتتى...

ھاشىر بۇرۇنقى چاغلار بولسا، مۇنۇ ھۆكۈمەت ئۈستىدىن بىلجىرلاۋاتقان ساقاللىقلارغا كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتەتتى، لېكىن ھازىر ئۇ يۇقىرىقى ئاچچىق گەپلەر ئىچىدىمۇ ھەقىقەت بار ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ بېشىنى ئۇلارغا قاراپ لىڭشىتىپ قويدى.

ماشىنا سايرام كۆلىگە قاراپ پەسلەپ ماڭغان ئوخشايدۇ، سۈرئىتى تېزلىدى. بىرېزىنتىنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكىدىن كىرگەن شامال ئۇنىڭ يۈزلىرىدە ئويناپ، ئۇنىڭغا ھۇزۇر بېغىشلىدى. ئىھ، سېخىي تەبىئەت! كۆلپەت ئىچىدىكى مۇنۇ دىلى سۇنۇق بالىلىرىڭنى ئۇنتۇماپسەن. ئۇلۇغ تەبىئەت، گۈزەل باھار، بىزنى ئۇنتۇما، بىزمۇ خۇشاللىق، بەخت ئۈچۈن تۇغۇلغان، شۇڭا بىز ساڭا يېلىنماقتىمىز!» ھاشىر شۇنداق ئويلىدى - دە، ناخشا باشلىۋەتتى :

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ ،
بىز قايتقۇچە توڭلايدۇ .
غەمدە قالغان بېشىمنى ،
خۇدايىم ئۆزى ئوڭلايدۇ .

ئۇنىڭ ناخشىسى شۇنىڭدىن باشلاپ زادى توختىمىدى . ئۇ خۇددى 1957 ـ يىلى دوستلىرى بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا ئېيتقىنىدەك مۇڭلۇق ، جۇشقۇنلۇق ناخشىسىنى ئېيتىۋەردى . ئېھ ، ئۇيغۇر ، سەن خۇشال بولساڭمۇ ، مۇڭلانساڭمۇ ، مەست بولساڭمۇ ، كېسەل بولساڭمۇ ناخشا ئېيتىسەن ، تويغىمۇ ، ئۆلۈمگىمۇ ناخشا بىلەن ماڭىسەن . شۇڭا سېنىڭ كۆكسى ـ قارنىڭ كەڭ ، دىلىڭ ئاق !...

هاشىرنىڭ ناخشىسىنى ، قوينىدا يېڭىدىن ـ يېڭى شەھەر ـ يېزىلار بىلەن يىلان باغرى يوللار پەيدا بولۇۋاتقان مىسكىن جۇڭغار دالىسى تولۇق ئىككى كۈن ئاڭلىدى .

بۇ تۈرمىگە سىياسىي مەھبۇسلار قامالغىنىكەن ، هاشىر مانا شۇلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلدى . غۇلجا تۈرمىسىدە بىللە بولغان ، هاشىر بىلەن تولا گەپ تالىشىدىغان هېلىقى ئىككى دىندار ئۆلۈم جازاسى بىلەن ئېتىلدى . هېلىقى يىگىت بولسا قاچىمەن دەپ بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى . ئەمدى مۇنۇ يېڭى «سەپداش»لىرى قانداق بولاركىن ، بۇلارنىڭ ئىچىدە هەر خىل سىياسىي كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى بار : هىندىستاندا ئوقۇپ بىلىم ئىگىلىگەن ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ «ئىستىقلالىيەت» ئۈچۈن ئەللىك نەچچە يىل تۈرمىدە ياتقان پانئىسلامچىلار ، هېلىمۇ ئۆز باشلىقلىرى بولغان ساۋۇت داموللا ، ئابدۇقادىر داموللىلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى هەر كۈنى تەكرارلايدىغان بوۋايلار ، ئازادلىقنىڭ هارپىسىدا گومىنداڭ هاكىمىيىتىنىڭ جاھىل ئۇنسۇرلىرى قاتارىدا چەت

ئەلگە قېچىپ تۇتۇلۇپ قالغان «جىنىي تۈركىستان ۋەكىللىرى» ، زۇلۇمغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ قەھرىمان جەڭچىسى ، ئوفىتسېرلىرى ، ئازادلىقنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ ، دۇنيادا سوتسىيالىزم - كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەسەم بېرىپ پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا سەمىمىي - ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان پارتىيە شۇجىلىرى ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن رەئىس ، نازىرلار ، شۇنىڭدەك «بۆلۈنۈش ئۈچۈن تەشكىلات قۇرغان» دەپ ئەيىبلەنگەن ياشلار ، چەت ئەل ئىشپىيونلىرى ۋە ھەر خىل ئاممىۋى ، دىنىي گۇرۇھلارنىڭ رەھبەر ۋە ئەزالىرى... ئومۇمەن ھەر خىل چىراي ، ھەر خىل ياش ، ھەر خىل ئېتىقاد ، ھەر خىل مىللەت ، ھەر خىل تامغا - جىنايەتلىك ئادەملەر بار ئىدى . ھاشىر ئۆزى بىلەن بىللە ياتىدىغان ئون ئىككى ئادەم بىلەن تېزلا تونۇشۇپ ، بىللە موخوركا شورىشىدىغان ، ئوخشاش كىيىنىپ ، بىللە ئەمگەك قىلىپ (كېسەك قويۇپ) زاغرا بىلەن مايسىز بەسەي شورپىسىنى بىللە يەپ - ئىچىپ تېز چىقىشىپ كەتتى . ئۇ كامېردىكىلەر ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا پۈتۈن تۈرمىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بولدى . ئۇ ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان بۇ ئادەملەر ئارىسىدىمۇ ، ئۆز سالاھىيەت - سۈپىتىنى ئۇنتۇپ قالمىدى . ئۇ ھېچقانداق بىر جايدا پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نارازىلىق بىلدۈرمىدى ، ئۆزىنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ «چوڭ يۈنىلىشى توغرىسىدا» دېگەن سۆزنى ئېغىزدىن چۈشۈرمىدى . چەت ئەل رادىئوسىدىن تارقالغان «شۇم ھەرىكەت» دېگەن سۆز بەزىلەرنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن چىقىپ قالاتتى . بۇنداق چاغلاردا ، ھاشىر مەيلى كامېردا بولسۇن ياكى ئىش ئورنىدا بولسۇن ، ئۇنداقلار بىلەن خۇددى «قىزىل قوغدىغۇچى» ياشلاردەك قايناپ - چېچىلىپ مۇنازىرە قىلى-

شاتتى. ئۇنىڭچە، بۇ يەر «بۆرە بىلەن قوي، چۈجە بىلەن سا، كىرپە بىلەن يىلان ئارىلاش سولانغان بىر ئۇۋا» بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئادەملەر ئىككى سىياسىي كۈچكىلا يەنى «ئىنقىلابىي» ۋە «ئەك-سىلئىنقىلابىي» كۈچلەرگىلا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى «ئىن-قىلابىي» كۈچلەر ۋەكىلى ھېسابلاپ، باشقىلارنى ئۆزىگە دۈشمەن يەنى «ئەكسىلئىنقىلابىي» كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى ھېسابلايتتى. قارىماققا، ئۇلار بىلەن «ئىناق» كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇ ھېسسىيات جەھەتتە تۇرمىداشلىرىنى ناھايىتى يامان كۆرەتتى. سۇپىدىن ئو-رۇن تەگمەي، تەرەت تۇڭىنىڭ يېنىدىلا نەم يەردە ئىككى ئايدىن بېرى يېتىپ كېلىۋاتقان بىر «خائىن»، بىر كۈنى ھاشىرنىڭ ئورنىدا يېتىۋاپتۇ. ھاشىر ئىشتىن قايتىپ كىرىپ گەۋدىلىك، ساقاللىق «خائىن»نى پۇتى بىلەن تۈرتتى.

— تۇرە، ئورۇننى بۇلغىماي! — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

— نېمە؟ سەن كوممۇنىست بولساڭ، مەنمۇ كوممۇنىست، سەن ناھىيىگە سېكرېتار بولغان بولساڭ، مەن ۋىلايەتكە سېكرېتار بولغان، نېمىگە چوڭچىلىق قىلىسەن؟

— ۋاللاقىلىما، ئەكسىيەتچى خائىن! — دېدى ھاشىر مۇشتلە-رىنى تۈگۈپ.

— ئەكسىيەتچى؟ سەنچۇ، سەن نېمىچى؟ سەن ئۆزۈڭنى ماركسىزمچى دەمسىنا؟ بىلىپ قوي، يۈز خائىندىن ساڭا ئوخشاش بىر كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار يامان، ئارىمىزدىكى ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەنسەن! ئاغزىڭدىن «ئۇقۇشماسلىق»، «پارتىيە ھامان مېنى چۈشىنىدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى چۈشۈرمەيسەن. سەن ئۆزۈڭنى ناھەق جازالانغان سەي خېسەن، بوگۇ، چۈي چۈبەيلەرگە ئوخشىتىسەن تېخى! بىلىپ قوي، مەيلى كەلگۈسىدە كىم بولساڭ شۇ بول، سەن ھازىر ئىككى يىلدىن كېيىن ئېتىلىدىغان سىياسىي جىنايەتچى. مەنچۇ؟ تېخى كېسىلمىدىم، چوقۇم ئاقلىنىمەن. سەن

تاپسىدا يات ، مەن سۇپىدا ياتىمەن ، يات ، ئەكسىيەتچى ، يات ، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان دۈشمەن !

ساقاللىق ئادەم ھاشىرنىڭ ئورۇن - كۆرپىسىنى تىللاپ تۇ-رۇپ بىرمۇبىر تاپسىغا ئاتتى ، باشقىلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى . ھاشىر جالاقلاپ تىترىدى - دە ، يەردە چازانى قورۇپ ئولتۇرغان ساقاللىقنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ قاتتىق سىلكىپ تىك تۇرغۇزدى :

— نېمىدەپ غىڭشىۋاتىسەن ، خائىن ئىت ؟

— ئاز كۈندە كۆرىسەن ، ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن ، ئىپلاس !

ھاشىر ئۇنى جالاقلىتىپ سىلكىپ تامغا ئاپىرىپ كۈچ بىلەن ئۇردى ، لېكىن ئۇمۇ بوش كەلمىدى . ئۇ توگۇلۇپ تۇرۇپ ھاشىر-نىڭ قورسىقىغا تىزلىدى . ھاشىرنىڭ ئىچى قاراڭغۇلىشىپ مۈكچە-يىپ قالدى . شۇ چاغدا ساقاللىق پۈتۈن كۈچى بىلەن ھاشىرنىڭ گەجگىسىگە ئۇردى . ھاشىر بىر ئىڭرىدى - دە ، تۆت پۈتلۈق بولۇپ قالدى . ساقاللىق ھاشىرنىڭ ئاچ بېقىنىنى كۆزلەپ تېپىش ئۈچۈن پۇت كۆتۈرۈشىگە ، ھاشىر تېگى تەرەپتىن چاققانلىق بىلەن سەكرەپ تۇرۇپ ساقاللىقنىڭ يۈلۈنى بىلەن تامىقىنى كۆزلەپ تۆۋەن ئېگىز-لىككە كۈچ بىلەن مۇشت ئۇردى . ساقاللىقنىڭ پۈتلىرى ئار-ۋاڭ - سارۋاڭ بولدى - دە ، قېرى ئۇجمە بوراندا يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلغاندەك ئىرغاڭلاپ بېرىپ ، تاپسىغا ئوڭدىسىغا چۈشتى .

تۈرمىدىكىلەر بۇ «قىزىق ئويۇن»دىن تاكى گۇندىپاي كىرگۈ-چە كۈلۈشتى .

ئۇ كۈنى ھاشىر گۇندىپايدىن بىر كاچات يېدى ، كىشەن ۋە كويزا بىلەن بىر سوتكا جازا ئۆيىدە ياتتى . ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ ئايرىم ئازادە ئۆيگە سولاندى : بۇ ئۆيدىكى تاختايلىق سۇپىدا پاكىز ئورۇن - كۆرپىگە چۈمكىلىپ ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ياتاتتى . بوۋاينىڭ چىرايى قەغەزدەك ئاقارغان ، قاڭشارلىق بۇرنى

شۇنچىلىك ئىنچىكە، بۇ قانسىز بۇرۇننى بىر قاراشتا ئادەم قىڭغىراق بىسى دەپ قالاتتى. بوۋاينىڭ خىيالچان، ۋەھىمىلىك كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، لەۋلىرى قورۇغان، بىلەكلىرى ئىنچىكە، كۆپكۆك تومۇرلىرى يىراقتىنلا كۆرۇنۇپ تۇراتتى.

— بۇ كىشىنى كۇتىسەن، — دېدى گۇندىپاي هاشىرغا بوۋاينى تونۇشتۇرۇپ، — كىمكىن دەپ قالمىغىن، بۇ كىشى بىزنىڭ رەھبەرلەردىن بىرى بولىدۇ. خېلىدىن بېرى تاۋى يوق، سىلىگە مۇنۇ هاشىرنى «ئادىيوتانت» لىققا ئەكەلدىم. بۇ تولىمۇ نوچى، ئۆلگۇچە توۋا قىلمايدىغان ئۇنسۇر ئىكەن. ئېهتىيات قىلمىسىلا، بۇ سىلى بىلەنمۇ ئېتىشىدىغاندەك، بىلىپ قوي هاشىر، بۇ كىشى چوڭ دۇشمەن لىيۇشاۋچىنىڭ شىنجاڭدىكى گۇماشتىلىرىدىن بىرى، ماۋۇ ئىنقىلاب مۇشۇلارنى يوقىتىش ئۇچۇن بولۇۋاتىدۇ، لېكىن بۇلارنى مۇشت بىلەن ئەمەس، شوئار بىلەن يوقىتىدىغان گەپ. تولىمۇ ماركسىزمچى ئىكەنسەن، مۇنۇ ئادەمنى يۇزمۇيۇز پىپەن قىل. ياخشى خىزمەت قىلساڭ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئېتىلمايسەن، قانۇن بويىچە ئىككى يىلدىن كېيىن ئېتىلمىساڭ، يىگىرمە يىل تۇشقاندا قويۇۋېتىمىز. ئوتتۇز توققۇز ياشقا كىرىپسەن، ئەللىك توققۇز ياشتا تۇرمىدىن بوشانساڭ، سەن ئۆلگۇچە بالاڭ يىگىرمە ياشقا كىرىدۇ. غەيرەت قىلساڭ، نەۋرىمۇ كۆرىسەن تېخى!

ئات يۇز، بىر كۆزى ئالغايراق گۇندىپاي، گەپچى، ئۇچۇق - يورۇق ئادەم ئىكەن. ئۇ كۇلۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن هاشىر سۇپىنىڭ بىر چېتىگە ئۇزۇن ئورۇن راسلىدى. ئۇ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن بوۋاينىڭ يېنىدىكى گېزىتنى قولىغا ئالدى:

— رۇخسەتمىكىن؟

— ئېلىڭ ئۇكام، سىزنىڭكى، — دېدى بوۋاي كۇلۇپ قويۇپ، ئورنىدا ئۆرە بولۇپ، — گېزىتتە هېچ يېڭىلىق يوق،

گېزىتتىكى ماقالىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تىل ـ ئاھانەت ، رادىئونى ئاچسام ، رادىئومۇ شۇ .

بوۋاي يېنىدىكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو قوبۇللىغۇچنى كۆزى بىلەن كۆرسىتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئاڭلىسام ، سىزنى ئەتراپتىكىلەر بىلەن دائىم مۇنازىرىلەشىدۇ دەيدۇ . ئۇكام مەن سىزنى بىلىمەن ، سىز سەممىمىي ، سادىق ، ئىشلەمچان ، ياخشى كوممۇنىست ، بۇ يەردە سىزدەك ياخشى كوممۇنىستلار تولا ، بۇ يەردىكى كوممۇنىست ئەمەسلەرنىڭمۇ تولىسى ياخشى ئادەملەر ، ئۇلار پارتىيىگە ، سوتسىيالىزمغا قارشى ئەمەس ، كەلگۈسىدە بۇلارنىڭ تولىسى ئاقلىنىدۇ . پارتىيە ، خەلق ئۈچۈن ، ئۇلار يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بېرىدۇ . بۇ يەردىكى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسىلا گۇناھسىز ، بىز چوقۇم ئاقلىنىمىز . پارتىيىمىز ھامان ياخشى ئادەملەرنى ئەتىۋارلايدۇ . ئۇكام ، سىز بۇنىڭغا ئىشىنىڭ .

ھاشىر «پارتىيىمىز ھامان ياخشى ئادەملەرنى ئەتىۋارلايدۇ» دېگەن سۆزنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاچقا ، بوۋايغا «يالت» قىلىپ قارىدى :

— پارتىيىمۇ خاتالىشامدۇ ؟

— قىزىق ئىكەنسىز ، ئۇكام ، ساداقەت بەزىدە نادانلىق بىلەن باراۋەر بولۇپ قالىدۇ . سىز ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ ؟ مۇشۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلاب»مۇ ؟ پارتىيىنىڭ بىر ئەزاسى ، بولۇپمۇ بىر رەھبىرى پارتىيە تارىخىنى ، كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىشى ، تارىخىي ساۋاقلارنى ياخشى يەكۈنلەپ ، ھەربىر ئىشتىن ئۆزى مۇستەقىل خۇلاسە چىقىرىشى ، قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىكى كېرەك . يولداش چېن يى توغرىسىدىكى تەشۋىق ۋەرەقىسىنى ئوقۇغانسىز ، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قارىشىنى يوشۇرمىغانغۇ ؟

ھاشىر بوۋاينىڭ ئۆزۈپ ـ ئۆزۈپ ، ئالدىرىماي ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ، تارىخ دەرسىدە مۇئەللىمنىڭ بىلىمى بىلەن مەست بولغان بالا خىيالىدا ئۆتمۈشكە قايتقانغا ئوخشاش ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە قايتىدىن چوڭقۇرراق ئويلاشقا باشلىدى .

شۇ چاغدا ياش قاراۋۇل ئىشكنى ئۇردى :

— سۆزلىمە ، سۆزلەشكە رۇخسەت يوق !

— مانا بىزنىڭ تۇرمىمىز ! — دېدى بوۋاي ئاخىرىدا پەس ئاۋاز بىلەن ، — چاررۇسىيىنىڭ سۈرگۈنلىرى بىزنىڭكىدىن ياخشى ئىكەن . 1898 ـ يىلىدىن 1900 ـ يىلىغىچە لېنىن ئوتتۇرا سىبىرىيىنىڭ مىنوشىنىسكى دېگەن يېرىگە سۈرگۈن قىلىنغان . ئۇنىڭ كروپسكايانى يېنىغا چاقىرتىپ توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان . لېنىنمۇ باشقا سىياسىي مەھبۇسلاردەك ئېيىغا توققۇز گوبى تەڭگە راسخوت ئېلىپ ئايالى بىلەن ئوبدان ياشىغان ، بىللە كىتاب ئوقۇغان ، ئىلىم ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەن ، چەت ئەلدىكى دوستلىرى بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشقان ، بەلگىلەنگەن رايون ئىچىدە ئوۋ ئوۋلىغان . لېنىن «كاپىتالىزمنىڭ رۇسىيىدىكى تەرەققىياتى» دېگەن كىتابىنى مانا شۇ يەردە يازغان . بۇ يەردىچۇ ؟ بىزگە سىرتتىن كىرگەن سالام خەتلەرمۇ تەكشۈرۈلىدۇ . بىزگە ھاۋامۇ نورمىلىق...

ھاشىر خۇددى بىر قىزىقارلىق كىتاب تېپىۋالغاندەك ، پۈتۈن سوئاللىرىغا جاۋاب تېپىلىدىغان بىر سىرلىق لۇغەتكە يولۇققاندەك ، ئۆزىنى تەشنا بولۇپ ئىزدىگەن ئادىمىنى تۇيۇقسىز تېپىۋالغاندەك خۇش بولدى . ئۇ بوۋاينىڭ ھەربىر سۆزىنى كۆڭۈل دەپتىرىگە ئەينەن خاتىرە قىلىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن ، پۈتۈن زېھنى بىلەن بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىدى . ئاڭلىغانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇماقتا ئىدى . لېكىن ، بۇ خۇشاللىق ئۇزۇنغا بارمىدى ، بىر ھەپتە-

دىن كېيىن ھاشىرنى بۇ ئۆيدىن يەنە كوللېكتىپ ياتاققا ئاچىقىپ قويدى. ئۇ ئەمدى كەم سۆز، خىيالچان بولۇپ قالدى.

بىر ئايدىن كېيىن يەنى ئۈرۈمچىدە «ئەكسىلئىنقىلابچىلار»نى ئوچۇق سوت قىلغان كۈنى، بوۋاينىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھاشىرنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ئۆچتى. باشقىلار تۇيۇقسىز يوقالغان گۇندىپايغا ھەيران قېلىشقاندەك، ھاشىرنىڭ مىجەزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشكىمۇ ھەيران قېلىشتى.

## 5

«لاۋجاۋ مېنى ساقلىمىغان بولسا، مەن بۇ چاغقىچە نەدىدىم؟ مۇنۇ رەھبەرنىڭ ئۆيگە لاۋلى ئەكېلىپ قويمىغان بولسا، بۇنچىلىك خۇشاللىق، ئازادە ئۆي، كىتابخانا، ياخشى تاماق، ئىسسىق سۈيى ئۈزۈلمەيدىغان مۇنچىلار ماڭا نەدىدى؟ بۇ ئادەمنىڭ ئۆيگە مېنى تۇتقىلى كىممۇ كىرەلەيتتى؟ مەن بۇ يەردە ئۆلۈم، تۇتقۇنلۇق ۋەھىمىسىدىن خالىيمەن. بىرلا يامان يېرى، بۇ ئادەم تولا گەپ قىلىدىكەن، تامامەن بىلمەيدىغان ئىشلار توغرىسىدىمۇ سائەتلەپ سۆزلىيەلەيدىكەن. بۇمۇ بىر قابىلىيەت، مەن بۇ قابىلىيەتتىن مەھرۇم، بىلمەيدىغان ئىشتىن، مەسىلەن، گۈلچىلىك ئىشىدىن بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالمايمەن. ئەمما مېنىڭ خوجايىنىم ئاتوم بومبىسىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى ماڭا بىر سائەت لېكسىيە قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئاتوم بومبىسىنى بىرىنچى بولۇپ ياسىغان ئادەم بىر ئورۇسكەن، ئۇ ئورۇس بىزنىڭ خوجايىنىنىڭ يېقىن دوستىكەن... لېكىن، مەيلى، ئۇ يالغان سۆزلىسە سۆزلەۋەرسۇن، ماڭا يامانلىق قىلمىسىلا بولدى. مەن نېمە بولدۇم؟ نېمىشقا ماڭا شەپقەت ياغدۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلىمەن؟...»

ئەلانىڭ خاتىرە يېزىۋاتقان قەلىمى توختىدى. ئۇ ئىككى سائەتتىن بىرى خەت يېزىۋاتاتتى. ئاۋۋال «خوجايىن»نىڭ تەلىپى بويىچە «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ پەرغانە نۇسخىسىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى قىسقا، قىزىق ھېكايىلەشتۈرۈپ يازدى، ئاندىن كېيىن «خوجايىن»نىڭ ئاجايىپ خاراكتېرى ئۈستىدە يۇقىرىقى خاتىرىسىنى يازدى. ئۇنىڭ قەلىمى توختىغان بىلەن خىيالى توختىمىدى.

ئەلا جىنىنى قولىغا ئېلىپ شەھەرمۇشەھەر قېچىپ يۈرگەندە، بىر كۈنى لاۋجاۋ تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭغا:

— ئەلا، سىزگە راسا ياخشى يوشۇرۇنىدىغان بىر جاي چىقتى. بىزنىڭ بىر مىللىي رەھبىرىمىز بىزنىڭ لاۋلى بىلەن يېقىن. ئۇ ئادەم لاۋلىغا، بىلىملىك بىر تەرجىمان كېرەك، ئۇ خۇسۇسىي كاتىپ، خۇسۇسىي تەرجىمانلىق قىلىدۇ، ئۆيۈمدە تۇرىدۇ، كىتاب ئوقۇيدۇ، مېنىڭ ماقالىلىرىم، ئىلمىي ئەسەرلىرىمگە ئىشلەيدۇ، ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ، مەن ئۇنى ياخشى كۈتىمەن، دەپتۇ. لاۋلى سىزنى تونۇشتۇرغانىكەن، ئۇ كىشى خۇشال بولۇپ، تازا مەن ئىزدىگەن ئادەم ئىكەن دەپتۇ. بايىلا لاۋلىدىن تېلېفون كەلدى، ئەتىلا ئۈرۈمچىگە مېڭىڭ، جاھان تىنچلانغۇچە شۇ «خوجايىن»نىڭ ئۆيىدە كىتاب ئوقۇپ، ماقالە يېزىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈڭ، — دېدى.

ئەلا «خوجايىن» بىلەن مۇشۇ ئۆيدە ھويلىلىرى كەڭ، بېغى چىرايلىق، كەڭ - كۇشادە زامانىۋى ئۆيىنىڭ مېھمانخانىسىدا ئۇچراشتى. مېھمانخانا ساپا، گۈل تەشتەكلىرى بىلەن بېزەلگەن، يورۇق، ئازادە ئىدى. چارۋاش، يوغان كۆز، قېلىن كالپۇك، قوش ئېڭەك، ياشانغان ئادەم ئەلا بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشتى:

— ئەلامۇ سەن، نېمىشقا ھەربىيچە كىيىنىۋالدىڭ، بۇ جىنايەت. بىلەمسەن، ماۋخۇي، لىڭجاڭلىرىڭنى دەرھال يۇلۇۋەت، تۇرسەڭغۇ؟ يالغانمۇ؟ ھە، بوپتۇ ئەمىسە، ئىنگلىزچە بىلىدۇ، دەي-

دۇ ، راستمۇ ؟
— بىلىمەن .
— كونا كىتابلارنى ئىتتىك ئوقۇيالامسەن ؟
— يامان ئەمەس .
— ھىم ، ئەرەبچە ، پارسچە قانداقراق ؟
— پارسچىنى يامىدايمەن ، ئەرەبچە بىلمەيمەن .
— بىلىدۇ دەيدىغۇ ؟
— چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى چۈشىنەلەيمەن .
— قايسى كىتابلارنى ئوقۇغانسەن ، كونا كىتابلاردىن دەۋاتىمەن ؟
— «قۇتادغۇبىلىك» دىن تارتىپ موللا بىلالنىڭ «كىتابى غازات دەرمۈلكى چىن» غىچە بولغان ئەسەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇغانمەن .
— موللا بىلال دېگەن خائىنغۇ ؟ ئۇ پانتوسوفقا خىزمەت قىلغان ، ئۇنىڭ بايا سەن ئىسمىنى ئاتىغان ئەسىرىمۇ ئەكسىيەتچى .
— ئۇنداق دېيىشكە بولماس ، موللا بىلال شۇ چاغدا يەتتىسۇغا كۆچكەن ئىلى ئۇيغۇرلىرى قاتارىدا زۇلۇم دەستىدىن چەت ئەلگە كەتكەن . «غازات دەرمۈلك چىن» 1875 - يىلى يېزىلغان . 1863 - يىلىدىن 1871 - يىلىغىچە بولغان فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى دېھقانلار ھەرىكىتىنى ئەينەن تەسۋىرلىگەن ، قىممىتى زور رېئال ئەسەر .
— ھىم ، تارىخقا قانداقراق سەن ؟
— يامان ئەمەس ، سىز قايسى تارىخنى دېمەكچى ؟
— دۇنيا تارىخى ، جۇڭگو تارىخى ، ئۇيغۇر تارىخى - دە .
— قەدىمكى زامان تارىخى ، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ، يېقىنقى زامان تارىخى ، دۇنيا تارىخى... مۇشۇنداق بۆلۈنىدۇ . جۇڭگو تارىخى بولسا...

— بولدى ، بىلىمەن ، قەدىمكى زامان ، هازىرقى زامان ، دېموكراتىك ئىنقىلاب ، پارتىيە تارىخى... سەن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاتوم بومبىسىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى توغرىسىدا بىرنېمە يېزىپ چىق ، ماڭا لازىم . يۈر ئەمدى تاماق يەيلى ، مېنىڭ تاماقتىن بۇرۇن قىرلىق ئىستاكاندا كوم قويىدىغان كېسىلىممۇ بار دېگىنە ، بۇنىڭغا قانداقراقسەن ؟

— سىزلا خالىسىڭىز .

— ئۇنداقتا تېپىشىپتۇق ، قېنى ئەمىسە ، ئاۋۋال بىر ئىستاكاندىن ئىچەيلى .

ئەلا «خوجايىن»نىڭ كىتابخانىسىنى ھەم ياتاق ، ھەم ئىشخانا قىلىۋالدى .

«مېنىڭ ئاتوم بومبىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم مۇشۇ ئاق قەغەزگە يېزىلدى ، ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى بىلمەيمەن . مەن بىر چاغلاردا ئەر - ئايال كيۈرىلار ، ئېينىشتېين توغرىسىدا ئوقۇغانمەن . مۇنۇ يازغانلىرىممۇ شۇ چاغدا ئالغان بىلىملىرىمگە ئاساسلانغان . ناۋادا ، 1932 - يىلى ، روزۋېلت بىلەن گىتلېر بىرلا ۋاقىتتا ئىككى جاھانگىر دۆلەتكە باشلىق بولمىغان بولسا ، ئاتوم بومبىسى ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا پەيدا بولمىغان بولاتتى ، دېگەن جۈملىنىڭ تېگى نېمىشقا سىزىلدىكىنە ؟ ئىنسانىيەتنىڭ بۇ خىل رېئاكسىيىلىك ھادىسىنى بايقىغىنىغا تەخمىنەن ئاتمىش ، يەتمىش يىل بولدى . 1931 - يىلى ، ئىككى ئەنگلىيىلىك ئالىم ئاتوم زەرەتلىرىنى بايقىغان . بۇ زەرەت ئاتوم مولېكۇلا ئىچىدىكى ئېلېكترسىز دانىچە . يەتتە يىلدىن كېيىن ئىتالىيە ، فرانسىيە ، ئامېرىكا ئالىملىرى ئاتوم زەررىچىسىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى ئېچىشقا باشلىغاندىن كېيىن گېرمانىيىلىكلەر ئاتوم يادروسىنى پارتلىتىش يولى بىلەن ئۇنى پارچىلاشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتى . كېيىن ، 1939 - يىلىغا كەلگەندە ، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتې-

تىنىڭ بەزى ئالىملىرى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تەجرىبىسى بويىچە
تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۆلۈنگەن ئاتوم مولېكۇلا (يادرو)نىڭ
بىردىن كۆپ بولغان زەرەتلەرنى پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلى-
غان. مانا مۇشۇنداق قىلىپ زەنجىرسىمان رېئاكسىيە كەشىپ
قىلىندى. مانا بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن قۇۋۋەت مەنبەسى-
نىڭ ئاتوم دەۋرى باشلانغانىدى. لېكىن، كېيىن قىرىقىنچى يىل-
نىڭ بېشىغا كەلگەندە «ئۇران ـ 235»، تېپىلدى. بۇ پارتلىغۇچى
ئاتوم ئېلېمېنتى، بىر پارتلىغاندا سانسىزلىغان ئاتوم زەررىچىلىرى-
نى ئارقىمۇئارقا پارتلىتىدىغان «ئاكتىپ ئېلېمېنت»، بولۇپ چىق-
تى، بۇ قورقۇنچلۇق پارتلاش ھادىسىسىنى تەجرىبىخانىدىن جەڭ
مەيدانىغا ئېلىپ چىقىشقا، ئادولف گىتلېرنىڭ ئالىملىرىلا لاياقەت-
لىك ئىدى. لېكىن، غۇرۇرى بايلىقىدىن ئۈستۈن بولغان فراكلىن
روزۋېلت ئۆزىنىڭ يېرىم پالەچ گەۋدىسى بىلەن ئاۋستىرىيىلىك
نېمىس ئوفىتسېرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئۆملەشنى ئۆلۈمدىن ئار-
تۇق ھاقارەت بىلدى. ئۇ فىيۇرېرغا مەنسۇپ بولغان بۇ غەلىبىنى
ئۇستىلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، ئاتوم بومبىسىنى ياساپ چىقتى
ۋە ئۆزىنىڭ ئاتوم بومبىسىنى ياپونىيىنىڭ كىچىككىنە ئارىلىدا
پارتلىتىپ، ياپونىيىلىكلەرنى قىرىپ، ئارال تۇپرىقىنى
گىياھ ئۈنمەس قىلىۋېتىپ، قىرغىنچىلىق بويىچە سىناقتىن
ئۆتكۈزۈپ، ھەربىي ئۈستۈنلۈكنى تۇيۇقسىزلا ئۆزىنىڭ قو-
لىۋالدى. كېيىنچە...»

ئەلا ئوقۇۋاتقان ماقالىسىنى تاشلاپ قويۇپ ئۆزىچە غوتۇلدىدى:
«نېمىشقا راستىنى يازدىم؟ تارىخ توغرىسىدا سۆز بولغاندا، ناۋادا
مانجۇ مىللىتىدىن چىققان نۇرغاچى مىڭ سۇلالىسىگە خىزمەت
كۆرسىتىپ ئىشەنچكە ئىگە بولۇۋېلىپ، شەرقىي شىمالدا ئۆز مان-

جۇلىرىنى قوراللاندۇرمىغان بولسا، ئىككى يۈز سەكسەن نەچچە
يىل جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەنچىڭ سۇلالىسى بول-
مىغان بولاتتى دېسەم، بىزنىڭ «خوجايىن»، بىلمەيدىكەنسەن، بىر
كىشىنىڭ نېمە رولى بولسۇن، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى
ئاددىي: كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئىگىلەيدۇ، مىڭ سۇلالىسى چىرى-
گەن، لى زىچىڭ، نۇرغاچىلار بولمىغان بولسىمۇ، بەرىبىر باشقا
بىرى ئۇنى ئاغدۇراتتى، دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئوخشاشلا روزۋېلت
بىلەن گىتلېرنىڭ ئاستىدىغا سىزىپ قويغىنىغا قارىغاندا «خو-
جايىن»، بۇ ئىككى تەلۋە سىياسەتچى تەختكە چىقمىغان بولسىمۇ،
بەرىبىر ئاتوم بومبىسى سەھنىگە چىقاتتى، بىلمەيدىكەنسەن، ئاتوم-
نى دەسلەپ بايقىغانلار، سەن بۇ ماقالەڭدە يازغىنىڭدەك ئىنگلىز-
لار، فرانسۇزلار، نېمىسلار، ئامېرىكىلىقلار ئەمەس، نەق مۇشۇ
رۇسىيىلىك ئىۋانلار. نېمىشقا دەمسىنا؟ چۈنكى، مەن بۇ
خەقنى بىلىمەن، دېيىشى مۇمكىن... دېمەكچى، نېمىشقا ئۇ ئادەم
بىلىدىغان نەرسىلەرنى يازمىدىم ــ ھە؟ لېكىن ئۇ ئادەم نېمىنى
بىلىدۇ؟ يالغان ئېيتىشنى بىلىدۇ. مەن بولسام يالغاننى
يازالمايمەن!... ياق، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەن نېمىشقا
ئۆزۈمگە ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ئەيىبلىرىنى ئويلايمەن؟ ۋاپاغا
جاپا دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ مەن بىر ھاكىمىيەت ئاتا قىلمىغان
ياخشىلىقنى ئاتا قىلغان ئادەمنىڭ ئەيىبلىرى توغرىسىدا خاتىرە
يازسام، قارا يۈز بولمامدىمەن؟ ئۇ ۋاپادار، لېكىن بىلىمسىز، ئۇ
جۇرئەتلىك، لېكىن يالغانچى. ئۇنىڭ بەدىنىدە ھەممە ئادەملەرگە
ئوخشاش ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك
ئارىلىشىپ كەتكەن... لېكىن ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ۋاپادار...»
خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ئەلانىڭ يادىغا «قۇتادغۇبىلىك» دىكى
مۇنۇ مىسرالار بىرمۇ بىر كەلدى:

كىشى قىزلىقى بولدى قايدا تىلەگۇ ،
تىلەپ بولغۇ ئەرسە تىلەيۇ كۆرەي .
قاموغ ئارزۇ بولدۇم كىشى بولمادىم مەن ،
قالى بولسا ئارزۇم يۈزىنە باقاي .
ۋاپا قەھتى بولدى جاپا تولدى دۇنيا ،
ۋاپا كىمدە ئەركى مەن ئازراق قولاي[1]...

شۇ چاغدا گويا تەقدىر ئۇنىڭ خىيال ئارزۇلىرىنى ئىسپات قىلماقچى بولغاندەك بىر ۋەقە يۈز بەردى . نېرىقى ئۆيدىن ۋارقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى .

— بۇ بىر ئېغىر خاتالىق ، بۇ بىر جىنايەت ! — دەپ ۋارقىرىدى بىر يات كىشى خىرىلداق ، لېكىن ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن ، — سىزگە ئوخشاش بىر ئىناۋەتلىك رەھبەر قىلىدىغان ئىشمۇ بۇ ؟ بىر رەھبەر ، بولۇپمۇ سىزگە ئوخشاش قىزىل ھاكىمىيەتتە ئىناۋەتلىك بىر ئادەم پرولېتارىيات دىكتاتورىسىدىن قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىنى ئۆيىدە يوشۇردى دېگەن قانداق گەپ بۇ ؟

— يوشۇردۇم ، قانداق قىلىسىلەر ؟ مەن ئۇنى ئاقلايمەن ، ساقلايمەن ، قولۇڭدىن نېمە كېلىدۇ قېنى ؟ — مانا بۇ «خوجايىن» نىڭ ئاۋازى .

ئەلا پۇتلىرى غالىلداپ تىترىگەن ھالدا مېھمانخانا ئىشىكىگە كەلدى .

يات كىشىلەردىن يەنە بىرى سۆزلىدى :

— ئۇنداق قىلمىسىلا ، جىنايەتچىنى تاپشۇرۇپ بەرسىلە ، ئىلى ھەربىي رايونىدىن جاۋ ، بۇ يەردىن لى لارنىڭ كاساپىتىدىن ئىشتىن توختاپ مەسىلە تاپشۇرۇۋاتىدۇ ، سىلىگىمۇ گەپ كەلمە-

---

① «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 1342 ـ ، 1343 ـ بەتلىرى .

سۇن دەيمىز .

— ھەي ، سەن تولا ماڭا سىياسىي دەرس ئۆتمەي ، باللىرىڭنى باشقۇرۇۋالغىنا ، مەن كىم ، بىلەمسەن؟ تۆت قېتىم ئوق تەگكەن ، گومىنداڭنىڭ ئون مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسىنى يوقىتىپ ، قالغان سەكسەن - توقسان مىڭ ئەسكىرى بىلەن ئەمەلدار ، ساقچى ، ئىشپىيونلىرىنى مىدىرلىغۇسىز قىلىۋەتكەن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرىمەن . كىم دوست ، كىم دۈشمەن ، مەن بىلمەي سەن بىلەمسىنا؟ ئەلا سەندىن ياخشى . ئۇنىڭ ۋىجدانى ، بىلىمى ، ئەقلى بار ، سېنىڭچۇ؟ نېمەڭ بار ، ئېيتقىنا؟ قورۇق جۇۋا تاراقلاتماي ماڭ جوگو !

— بىز سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىمىز ، سىز «بىرگە زەربە بېرىش ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدىڭىز !

— ئاتوم بومباڭ بولسا تاشلىۋەت ، جوگو ، ماڭ ، كىرگەن ئىشىكىڭ ئۈلۈغ ئوچۇق ، تېز يوقال ، تولا زەردەمگە تېگىشمە . مېنىڭ غەزىپىم يوقىرى پەللىگە چىقىشتىن بۇرۇن تېز يوقىلىڭلار !

«خوجايىن»نىڭ قوپال ئاۋازى ھېچقاچان ئەلاغا ھازىرقىدەك يېقىملىق ئاڭلانمىغان ، ئۇنىڭ ئاۋازى بايىقى تۇتقۇچىلارنى ئاخىر جىمىقتۇردى . ئەلا خۇشال بولۇپ كەينىچە مېڭىپ دەرھال ئۆز بۆلۈمىگە كىردى . زالدىن ئاياغ تاۋۇشلىرى ، ئاندىن «خوجايىن» نىڭ :

— ھەربىي رايوننى بىلەمسىلەر ، گەپ بولسا ، شۇ يەرگە بېرىڭلار ، مېنىڭ ئۆيۈم سىلەرنىڭ قاچقۇن ئاقتۇرىدىغان ئۆڭكۈرۈڭلار ئەمەس ! — دېگەن غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى .

بىرئاز جىمىقتىن كېيىن «خوجايىن» قاپىقى سېلىنغان ھالدا ئەلانىڭ بۆلۈمىگە كىرىپ كەلدى :

— ئاڭلىغانسەن؟ سېنى تۇتقىلى كەپتۇ. لېكىن، خاتىرجەم بول، بۇ ئۆيدىن ئاۋۋال مېنىڭ ئۆلۈكۈم چىقىدۇ، ئاندىن سەن چىقىسەن. ھۆكۈمەت جىنايەتچىلەرنى شەرت بىلەن ئىشلىتىدۇ. مەن نېمىشقا بىر قاچقۇننى ئىشلىتەلمەيمەن؟ تەلەيلىك ئىكەنسەن، ئون كۈن كېچىككەن بولساڭ، ھېلىقى جاۋنىڭ ئۆيىدە تۇتۇلاتتىڭكەن. ئۇلارنىڭ پېيىگە ئاللىبۇرۇن ئادەم چۈشكەن. مەن بۇنى بىلىمەن. خەلق قوغداش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئۆزى كېلىپمۇ سېنى ئالالمايدۇ. بىلەمسەن، مەن ئۇنچىلىك بوزەك ئادەم ئەمەسمەن. سەن قورقماستىن مەن كۆرسەتكەن تېمىلاردا ئىلمىي ماقالە يېزىۋەرگىن، جېنىڭغا مەن كېپىل! مەن سېنى ئەڭ پىچىقى كېسىغان باشلىقتىن سوراپ ئالغانمەن، بولمىسا ئېتىلاتتىڭ.

ئەلا كۇلۇپ قويدى: «ھەقىقىي چاپايېف، — دەپ ئويلىدى ئۇ «خوجايىن»دىن رازى بولۇپ، — بۇنداق قارام ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ. بۇ ئادەمدىن بىر چاتاق چىقمىسىلا بولاتتى. نېمىشقا ئىككىلىنىمەن؟ ماقالىلىرىمنى يېزىپ بولاي، ماتېرىياللىرىم يوق، ئۇنى بۇ ئادەم ئارقىلىق ئالدۇرسامچۇ؟ زۇلىيا ئاكىنىڭ ھېلىقى كىچىككىنە ساندۇقى، ھېلىقى يوشۇرۇپ قويۇلغان كىتابلىرىم جايىدىمىكىن؟»

— چاغاتاي دەۋرىدىكى شائىرلار توغرىسىدا ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش يازماقچىدىم، — دېدى ئەلا كۇلۇپ تۇرۇپ، — ماتېرىياللىرىم قىسلىق قىلىۋاتىدۇ.

— مېنىڭ مۇنۇ ئون نەچچە مىڭ پارچە كىتابلىرىم ئىچىدە سەن ئىزدىگەن كىتابلار يوقمىكەن؟ — دەپ خاپا بولدى «خوجايىن» قاپىقىنى سىلىپ، — قانداق يېزىقتىكىسى لازىم بولسا شۇنداق يېزىقتىكىسى بار، يەنە ساڭا نېمە كەم؟ مانا رادلوف، مانا مالوف، ھىدايەتوف...

— ساۋۇتوف ماڭا خېلى مۇكەممەل قوليازمىلارنى قالدۇرۇپ

كەتكەن، ئۇ قولىيازمىلارسىز ھېچ نەرسە قىلغىلى بولمايدۇ.

— ساۋۇتوف؟ ھېلىقى ئېتىلغان ساۋۇتوفمۇ؟ بىلىمى بار ئىدى، لېكىن سىياسىي جەھەتتە كور ئىدى. نادىروف مېنىڭ دوستۇم ئىدى، ئۇ ھەقىقىي ئادىمىي ئىدى. ئىسىت، ئىسىت! — «خوجايىن» بىردىنلا ئەسەبىيلەشتى، — ناھەق ئېتىلدى، مەن ئۇنى ئاقلاپ چىقالمىدىم. قانۇن يوق، قانۇن بار بولسىدى، مەن ئۇنى ئاقلىيالايتتىم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى، ئۇنىڭ جەڭچى-ئوفىتسېرلىرىنى مەن چوقۇم ئاقلايمەن. ئۇلار بولمىغان بولسا، گومىنداڭ قورال تاپشۇرمىغان، يې چىڭ، ماجىڭشاڭلار قاچمىغان بولاتتى. گومىنداڭنى تىز پۈكتۈرۈشتە گەجگىسىدىن مىلتىق تىرەپ تۇرغان ماناستىكى قوراللىق ئارمىيەغۇ! بۈگۈن ئارمىيىنىڭ ئەڭ ياخشى ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى ئەشەددىي دۈشمەن دېيىلمەكتە، ئېتىلماقتا! مەن ماۋجۇشى، جۇزۇڭلى، ۋاڭ جېن، دېڭ لىچۈنلەرگە ئەرز قىلىمەن، پىڭ دېخۇەي ھايات بولغان بولسىدى، ئۇ كىشىنى گۇۋاھلىققا تارتاتتىم! — «خوجايىن» ئەسەبىيلىشىپ ئىلىمدىن سىياسەتكە ئۆتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى كۆكەرگەن، قانسىز يۈزى تېخىمۇ تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، پۈتۈن تۇرقى قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگەنىدى. ئۇ بىر يۆتىلىپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ھە، ئەلا، چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭغا قىلغان تاجاۋۇزىغا دائىر ماتېرىياللار تەييار بولدىمۇ؟ مەن ئۆگۈنلۈككە سۆزلەيدىغان بولدۇم، پاكىتلار، يىل، ئاي، سانلىق رەقەملەر، نەقىل ئېلىنغان كىتابلارنىڭ ئىسىملىرى، قايسى تىلدىكى، قاچانقى نەشرى... قىسقىسى ھەممە ئۇجۇر-بۇجۇرى تولۇق يېزىلسۇن. مەن بىلىمەن، سەن: «مېنىڭ بىلىمىمدىن پايدىلىنىۋاتىسىز، نومۇس قىلمايدىكەنسىز» دەپ مېنى ئەيىبلەۋاتىسەن، لېكىن بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە ھېچكىم ئۆز بىلىمىگە، ئۆز ئەقىل-ھوشى، كاللىسىغا ئۆزى ئىگە ئەمەس، گېزىت-ژۇرناللاردىكى قايسىبىر

قالتىس ماقالە باشلىقىنىڭ دەيسەن ؟ چوڭلار ئۈچۈن كىچىكلەر ئىش-لەيدۇ ، ئەزەلدىن بار ئىش بۇ . سەن ئۆزۈڭ ، قۇرئاننىمۇ پەيغەمبىرد-مىزنىڭ ئۆز ئەمگىكى ئەمەس دەيسەنغۇ ، ئۇ يەرلىرىنى ئۆيلاپ نېمە قىلاتتىڭ ؟

— تاپشۇرمىڭىز تەييار ، — دېدى ئەلا پاكىز ، دانىمۇدانە قىلىپ كۆچۈرۈلگەن قېلىن قولليازمىنى «خوجايىن»نىڭ ئالدىغا قويۇپ ، — سىز بايا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق ، خاتىرجەم بولۇڭ ، بۇ ئەسەر سىزگە مەنسۇپ ، سىز ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمى-غان ، ھەر خىل تىللاردىكى ماتېرىياللارنى ئەكېلىپ بەرمىگەن بولسىڭىز ، مەن قانداقمۇ بۇ ئەسەرنى يازالايتتىم .

— قوي ، رەسمىيەت گېپىڭنى ! — دەپ كۈلدى خوجايىن قولليازمىنى ۋاراقلاۋېتىپ ، — كەلگۈسىدە مەن سېنى رازى قىلىمەن .

— مەن ھازىرمۇ سىزدىن رازى . چوڭ غەمخورلۇق قىل-دىڭىز .

— قاچان تۈتاركىن دەپ ئەنسىرەمسەن ؟

— ياق ، — دېدى ئەلا كۈلۈپ قويۇپ ، — بالزاكنىڭ «ئۆلۈم-نىڭ دەھشىتىگە كۆنۈپ قالغان ئادەمنى ھاياتلىق دەھشىتى نېمىمۇ قىلالايتتى» دېگەن بىر مەشھۇر سۆزى بار . بۇ سۆز مېنى دائىم بەزلەپ تۇرىدۇ .

— يارايسەن ، يارايسەن ، ھا... ھا... ھا... ! — «خوجايىن» قاتتىق كۈلدى ، — يەنە ئېيتە ، بالزاك دېگىنىڭ يەنە نېمىدېگەن ؟

— يەنىمۇ ؟ — دېدى ئەلا كۈلۈپ ، — يەنە مۇنداقمۇ گېپى بار : «بۇ يەردە ھاكىمىيەت تايىقى ئانچە بەك قاتتىق بىلىنمەيدۇ ، چۈنكى بىز تاياق كۆتۈرگەنلەرگە يېقىن تۇرىمىز» .

— پاھ ، پاھ ، پاھ ، ۋاي كاساپەتەي ، مېنىمۇ تاياق كۆتۈرگۈ-چىلەردىن دەيدىكەنسەن ـ دە ، توغرا ، توغرا ، تاياق كۆتۈرگۈچى

بولمىسام ، سېنى تارتتۇرۇپ قويىمەن ، جۇر ، ئەلا ، بۈگۈن سېنى تازا بىر مېهمان قىلاي ، مەن مۇشۇ ئەللىك نەچچە ياشقا كىرگۈچە ساڭا ئوخشاش يېتىلگەن بىرىنى كۆرمىگەنمەن ، رەھمەتتى نادىرووف سېنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ خەت يازغان . بىلەمسەن ، سېنى شۇ كىشى قوغدىغان ، رەھمەتتى توغرا ئېيتقانىكەن ، سېنى قوغداش بىلىمنى قوغداش ئىكەن ، جۇر ، سېنىڭ سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن ئىچەيلى .

لېكىن ، ئىچىش يەنىلا «خوجايىن»نىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈش بىلەن باشلىنىپ يەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى . ئۇلار ئەمدىلا قولىغا رومكىنى ئېلىشىغا تېلېفون جىرىڭلىدى . «خوجا-يىن» يېنىدىكى تېلېفوننى ئېلىپ :

— كىرسۇن ، كىرسۇن ! — دېدى ۋە ئاشپەزگە يەنە بۇيرۇت-مىلارنى بەردى ـ دە ، ئەلاغا قاراپ :

— مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن نامدار زىيالىيلاردىن بىرنەچچىسى كەپتۇ ، ئولتۇرىۋەرگىن ، خاپا بولما ، مەن ئۇلارغا سېنى باشقىچە تونۇشتۇرىمەن ، — دېدى .

— مەن چىقاي ، — دېدى ئەلا قۇتۇلۇشنىڭ پۇرسىتى كەلگەن-لىكىدىن خۇشال بولۇپ ، — مېنىڭ ئىچكىممۇ يوق .

— نېمە ؟ بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق گەپنى قىلما ، بۇ ئۆيدە ھېچقانداق بىر ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭ بىلەن بولمايدۇ . مېنىڭ رايىم — بۇيرۇق ، مەن ئىچ دېسەم ئىچىسەن ، نېمىشقا دەمسىنا ؟ بۇ ئاددىي — مەن سېنىڭ خوجايىنىڭ !

ئۇلار ئىچىشتى . ئولتۇرۇش ئەمدىلا قىزىۋىدى ، گەپ سىيا-سىي تېمىغا كۆچتى :

— قورالمۇ كېرەك ، — دېدى «خوجايىن» يوغان مۇشتۇمى بىلەن ئۈستەلنى مۇشتلاپ ، — قەلەممۇ كېرەك ، قەلەم بىلەن لېنىنگراد كېلىشىمى ، ئىلى كېلىشىمى ، چۆچەك تاموژنا قانۇنلى-

رى دېگەنلەرنى تىتىۋېتىش كېرەك. ئاغىنىلەر، ئاكوپلاردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ «ئۇررا» بىلەن يۈگۈرۈشتە، بىز ئالدىدا ئىدۇق، بۈگۈن قولىمىزغا ئاپتومات، گرانات ئورنىغا قەلەم، سىياھ ئالىدىغان دەۋر كەلدى. فرونت ئۆزگەردى، لېكىن بىز ئۆزگەرمەسلىكىمىز كېرەك، بىز مەڭگۈلۈك قەھرىمان بولۇشىمىز كېرەك. ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ فرونت قوماندانلىرى: ژۇكوف، مالىنوۋسكىي، روكوسوۋسكىي، چېرنىخوۋسكىي، كونىف... دوربوخىن، پېتىروف[1]... توغرىمۇ ئالىمجان؟ ھە راستلا، سىلەرگە تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپتىمەن. بۇ پەگادا ئولتۇرغان يىگىت مېنىڭ ھەدەمنىڭ ئوغلى، غۇلجىدا يېزا مۇئەللىمى، ئەمما ھەرقانداق شەھەر مۇئەللىمىنى، ھەرقانداق زىيالىينى چوقۇۋالىدۇ، بىلىمى بويىدىن چوڭ. بەيگىدە دائىم بىرىنچى بولۇپ كېلىدىغان ئات، مانا مۇشۇنداق خىيالچان، يەر تىڭشىغاق كېلىدۇ. ھە ئالىم، گېپىم نەگە كەلگەنىدى؟ توغرا، ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ فرونت قوماندانلىرى، لېكىن ئۇلار شەرقىي فرونتىنىڭ. ئەمدى غەربىي فرونتقا كەلسەك، ئامېرىكىلىق مارشال ئېزىنخائۇئېر، گېئورگى، س. بادۇن، ئەنگلىيىلىك ماڭگمالى (ماكمالىر دېمەكچى)لار بولسۇن، نېمىسلاردىن گىتلېر، گىملېر، گېرىنگىن، گىببېلىس، گودېرئان قاتارلىقلارنىڭ بىرلىرى مىلتىق، بىرلىرى قەلەم تۇتالايدىغان رەھىمسىز سىياسەتچىلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شان - شەرەپ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى دەسسەپ ئۆتۈپ، يامغۇردەك ئوققا قارشى ماڭالايتتى، يەنە بىرلىرى ئۆز دۆلىتىگە ۋەكىل بولۇپ دۇنياۋى سۆھبەتلەرگە قاتنىشالايتتى. ئىنسانلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغان گېنېراللارمۇ دائىم «ئەركىنلىك»، «دېموكراتىيە»، «مېھرىبانلىق» دېگەن-

[1] سوۋېت ئىتتىپاقى گېنېراللىرى.

دەك تېمىلاردا نۇتۇق سۆزلەشكەن . مانا بۇ بىر ھەربىي باشلىقنىڭ خۇسۇسىيىتى . مەن بۇ مىساللار بىلەن دېمەكچىمەنكى ، دۆلىتىمىزنىڭ ، خەلقىمىزنىڭ ئار - نومۇسى ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا ئوق ئاتتۇق ، ئەمدى سىياسەت ، گەپ ، تارىخ بىلەن دۈشمەنلىرىمىزگە ئوق ئاتىدىغان دەۋر كەلدى . مەن ئانچە - مۇنچە ئىزدىنىپ يۈرۈپ ، «ئانچە - مۇنچە تارىختىن ساۋاتلىق بولۇش» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ ، «كونا چار پادشاھنىڭ شەرققە قىلغان تاجاۋۇزى ۋە كېڭەيمىچىلىكى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي ئەسەر يېزىپ چىقتىم . ئۇنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇشتىن بۇرۇن سىلەرگە ئوقۇپ بەرمەكچىمەن . ئاڭلاپ پىكىر بېرىڭلار ، قېنى... ھە ، ئالىم مۇنۇ ماتېرىيالنى ئوقۇ ، بىر سائەت ھاراق ئىچىش توختاپ تۇرىدۇ ، ئەمىسە .

ئەلا ئۆزى يازغان بەتلەرنى ئەلەم ۋە ئازاب بىلەن ۋاراقلاپ ، تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى . ئوقۇغانسېرى ماقالىدىكى نۇقتىئىنەزەر بىلەن پاكىت ، ئىسپاتلارنىڭ ماسلىشىشى ، تىلىنىڭ راۋان ، يېقىملىقلىقى ، ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ يېڭى ۋە چىنلىقى بىلەن بۇ ئەسەر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەمەس ، ئەلانىڭ ئۆزىنىمۇ ھەيران قالدۇردى . ئەسەر تولىمۇ ياخشى يېزىلغانىدى . بىر يېرىم سائەتكىچە ھېچكىم قاتتىق تىنمىدى ، تاماكا چەكمىدى ، خۇددى «ئەتتەيياتۇ»دا ئولتۇرغاندەك ، ئۇلار بىرلا نۇقتىدا — ئەلانىڭ ئاغزىغا قاراپ قاتۇرۇپ قويۇلغاندەك جىم ئولتۇرۇشتى . ئەسەر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار تەڭلا ماختاشتى :

— پاھ ، نېمىدېگەن قالتىس !

— نېمانچە بىلىملىك ئادەم ھەي بۇ !

— بىر ئاتوم بومبىسىغا تەڭ ، بۇ ماقالە ئېلان قىلىنسا ، چوقۇم ھېچبولمىسا ئىككى قىتئە تىترەيدۇ .

— ھەممىدىن قالتىس يېزىلغىنى پاكىتلار !

— بىرەر يۈز پارچە قوشۇمچە كىتابنىڭ ئىسمى تۇرىدۇ . جىق ئەجىر قىپسىز !

— ...

— دېمەك ، بازارلىقى بار مال بوپتۇ دەڭلا ، — دېدى «خوجا-يىن» سىلكىنىپ رىتىملىق كۈلۈپ ، — قېنى ئەمسە ، ئىچەيلى ، مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن كۆتۈرەيلى !

— ئەڭ ياخشىسى ، قىرلىق ئىستاكاندا كۆتۈرەيلى ! — دېدى ئەلا ھاياجان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، — مەن تولىمۇ خۇشال ، ئۆزۈمنى باسالمايۋاتىمەن !

ھەممىسى كۈلۈشتى ، لېكىن ئەلا ئازابتىن ئىچمەكتە . ئۇ «خوجايىن»نىڭ «غەلىبىسى»دىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدى . «ماقالە مېنىڭ ، ھەتتا ئۇنىڭ بايىقى سۆزلىرىمۇ مېنىڭ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ قىرلىق ئىستاكاندىكى ھاراق بىلەن مەست بولۇپ ، — مەن باشقىلارغا ئەقىل - ئاۋاز ، بېزەك بولۇش ئۈچۈن بىلىم ئالدىممۇ ؟ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە كۈتۈلۈۋاتقان بولسام ، بۇ يەرنىڭ ھاشىر ياتقان تۇرمىدىن پەرقى نېمە ؟ »

— قىرلىق ئىستاكان ياشىسۇن ! — دېدى ئۇ ئىككىنچى ئىستاكاننى بوشىتىپ ، — ھۆرمەتلىك ئاكىلار ، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار ، مەن مەست ئەمەسمەن ، مەن ھاياجاندا ، ماڭا دۇتار بېرىڭلار ، مەن سىلەرگە مۇقام ئېيتىپ بېرىمەن !

«خوجايىن» قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇنىڭغا دۇتار تۇتقۇزدى ۋە ئۇنى ساپاغا ئولتۇرغۇزۇپ مۇرىسىگە قولىنى قويدى :

— ئېيىت قېرىندىشىم ، مەيلى سېرىق بولسىمۇ ، كونىسىنى ئېيت ، بىز تەنقىدي قارايمىز . ھەممىمىز ئاڭلىق ، جاۋابكارلىق سۇرۇشتۇرۇلسە ، مانا مەن تەييار !

— سېرىقنى ئاڭلايلى !

— «ئەكسىيەتچى» بولسىمۇ مەيلى ئۇكام !

ئەلا دۇتارنى «مۇشاۋىرەك» مۇقامىغا چالدى ـ دە ، خۇددى دۇتار سېپىدىن بىر مەخپىي ئاۋاز ئاڭلىماقچى بولغاندەك قۇلاقلىرىنى ساپىغا ياقتى . دۇتار بىر خىل جەلپ قىلغۇچى ، مۇڭلۇق سادا بىلەن ئۆزىگە تىل بەرگۈچى قول ئىگىسىنى بەزلىمەكتە ، پۈتۈن ئالەم خورلۇقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، جىسمىلىرى ئاللىقاچان چاڭ ـ توزانغا ئايلانغان بولسىمۇ ، روھى دىللاردا ، تىللاردا ، سامادا ساقلانغان ئاتا ـ بوۋىلىرىدەك سەۋرلىك ، چىداملىق ، ئىرادىلىك بولۇشقا ئۈندىمەكتە ئىدى . ئۇ چىن دوستى — دۇتارنىڭ سۆزى بىلەن مۇڭلاندى ، روھلاندى ـ دە ، هاياجان بىلەن مۇقام باشلىدى :

غېرىبدۇرمەن بۇ دۇنيادا ، مېنىڭدەك بىناۋا يىغلار ،
مېنىڭدەك بەخت قارانىڭ ، هالىگە بەختى قارا يىغلار…

— ئاپىرىن ، ئاپىرىن !
— مۇڭ ، مۇڭ !…
— ئۆلەي ، ئۆلەي !…

ئۆزۈندىن بېرى مۇنداق مۇڭلۇق ناخشا ئاڭلاپ باقمىغان ، ئەتىدىن كەچ كىرگۈچىلا يۇقىرى ئاۋازلىق «ئىنقىلابىي ئۈلگىلىك تىياتىرلار» ناخشىسىنى ئاڭلاپ ، سەنئەت ، هېسسىيات قوبۇل قىلىش نېرۋىلىرى «داتلاشقان» ئولتۇرۇش ئەهلى ئاۋۋال چۆچۈپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى ، كېيىن بىردىنلا جانلاندى . ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى ئويغاندى ، بەدىنى يايرىدى ، كۆزلىرى ياشلاندى . ئۇلار مۇقام ئەۋجىگە دوست تارتىشىپ يۇقىرىقىدەك قىسقا سۆزلەر بىلەن ئۆز هاياجانلىرىنى بايان قىلىشتى . مانا مۇقام ئاخىرلاشتى ، مۇقامچى يۈرىكى تىترىگەن ، ۋۇجۇدى ئېرىگەن ، كۆز يېشىنى ئارانلا تۇتۇۋالغان هالەتتە شائىرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان مىسرالارنى مۇڭ بىلەن ئوقۇدى :

جىمى ئاشىقلىرىڭ بىر تەن، بۇ مەشرەپ بىر تەرەپ تۇرسۇن،
خۇدايىم قازى بولغاندا غېرىب مەشرەپ ئەرزىم ساڭا يىغلار!...
.....................

مۇقامدىن كېيىن داستانلار باشلاندى. ئەلا «يۇسۇپ ئەھمەد»
داستانىدىن ئاجايىپ بېيىتلارنى ئوقۇدى. تىڭشىغۇچىلارنىڭ بىرلە-
رى ئېڭەكلىرىگە تايانغان، بىرلىرى چوكا تۇتقان، بىرلىرى رومكا
ئالغان ھالدا، خۇددى سۈرەتتە قېتىپ قالغاندەك تۇرۇشۇپ ناخشا
تىڭشىماقتا:

يامانلارنى قويۇپ بولماس رايىغە،
ئۆزى بىلەن سالۇرلەر غەملىك جايىغە.
مۇھەببەتلىك مېھمانلار كەلسە ئۆيىگە،
كۆچۈك ئىتتەك قاۋاشىپ ھالىن بىلدۈرۈر.

دېگەن مىسرالار ئوقۇلغاندا ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، باش
لىڭشىتىپ قويۇشتى.
ئەلا ناخشىسىنى «مۇشاۋرەك»نىڭ ئاخىرقى مەرغۇلى بىلەن
تۈگەتتى. «خوجايىن» ھاياجان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بايىقى
ئىستاكانغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدى ـ دە، ئەلاغا سۇنۇپ:
— يارايسەن، مەن سېنى بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشىنىۋاتىمە-
مەن، «كىتاب خالتىسى»دىن مۇنچىلىك مۇڭلۇق سادا چىقىشىنى
ئويلىماپتىكەنمەن! قېنى ئىچە، بىراقلا! — دېدى. ئەلا كۆتۈرۈ-
ۋەتتى. ئولتۇرۇشتىكىلەر ئۇنىڭغا بىرمۇبىر قەدەھ تۇتتى. ئەلا
ھېچ نەرسىنى سەزمەي ئارقىدىن رومكىلارنى بوشاتتى...
ئىككى كۈندىن كېيىن «خوجايىن» ئۇنىڭ يېنىغا خۇشال
ھالدا كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۇستەلگە بىر كاللەك پۇلنى قويدى:

— ئىلى ھەربىي رايون ئارقىلىق ناھىيىدىن سېنىڭ بەش ئايلىق مائاشىڭنى ئالدۇردۇم، قورقما، سېنىڭ نەدە ئىكەنلىكىڭنى ئۇلار بىلمەيدۇ. ئالاقە ـ بۇيرۇق بىلەنلا ھەل قىلدىم. ئىككى ئايلىق مائاشىڭنى زۇلىيانىڭ ئۆيىدىكى كىچىك ئاپاڭ بىلەن قىزىڭغا بەردۇق، قالغىنىغا ئۆز يېنىمدىن ئىككى يۈز يۈەن قوشتۇم. بۇمۇ سېنىڭ ئىش ھەققىڭ. تولا گەدەنكەشلىك قىلما، ئال، تارتمىڭغا سال، سەن «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدىكى ئەمگىكىڭنى قىلىۋەرگىن، كەلگۈسىدە بۇ ئىشلار ئىشلىنىدۇ. بىز ماۋۇ ئىنقىلابنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىلىم ـ پەن، قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىمىز. مەن ئەدەبىيات، تارىخ تەتقىقاتىغا ئاجايىپ قىزىقىمەن، مېنىڭ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى تەتقىقات بىلەن ئۆتكۈزۈش نىيىتىم بار، سەن ماڭا يەنە نۇرغۇن خىزمەت قىلىپ بېرىسەن، تېخى!

شۇ گەپ بولۇپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئەلا ھەربىيچە كىيىندى، بەلگىلىرىنى تاقىمىدى. ئۇ سومكىسىغا خاتىرە ۋە بىرنەچچە لازىملىق كىتابلار بىلەن ئىشلىگەن كارتۇشكىلىرىنى سالدى ـ دە، ئۆيىدىن چىقىپ لاۋلىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. لاۋلى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى:

— سىزنى يوقلاپ بارالمىدىم، تېخى ئىككى كۈن بولدى «ئۆگىنىش كۇرسى»دىن چىققىلى، يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، سىزنى يوشۇرغىنىمىز ئۈچۈن خېلى تۇتۇلدۇق. ھېلىمۇ سىزنىڭ «خوجايىن»ىڭىز ئارقىلىق، رەھبەرلەرگە ئەھۋالنى ئەينەن چۈشەندۈرۈپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە پىشكەلدىن قۇتۇلدۇق.

— سىلەرگە كۆپ رەھمەت، — دېدى ئەلا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ، — لاۋلى، مەن خوشلاشماقچىمەن.

— كىم بىلەن؟

— سىز ۋە «خوجايىن» بىلەن. مەن كەتمەكچى، «خوجايىن» كەتكىنىمنى بىلمەيدۇ. خەير ـ خوش، لاۋلى.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى ، لاۋلى هالىڭ ـ تالىڭ بولۇپ كۆزەينەكنى تۇزەشتۇردى :

— نەگە ، قانداق كەتمەكچىسىز ؟

— بۇ تەرەپلەرنى بىلمىگىنىڭىز ياخشى ، خوش ، لاۋلى !

لاۋلى هالىڭ ـ تالىڭ بولۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى ، لېكىن ئۇ قاراڭغۇ زالدىن چىققۇچە ئەللا كۆزدىن غايىب بولدى...

... ئون نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ گۆرساي ئېغىزىدا پەيدا بولدى . تاغ قاپتىلىدىكى ئىتلار هاۋشۇۋاتقان مەھەللىگە قاراپ هارغىن ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەپ ئاستا ماڭدى...

مەھەللىنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈپ ، ئىتلىرى جىمىققاندا ، ئۇ هويلا چاقسىسى ئۇلۇغ ئوچۇق ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختىدى . هويلىدىكى ئىككى ئىت ئېتىلىپ چىقتى ، ئەلا چاقسا يېنىدىكى تونۇر بېشىغا چىقىپ قولىغا ئۇزۇن كۆسەينى ئېلىپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلدى .

— بۇ كىم ؟ — «قاسقىر ئاۋۇز»نىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى ، — ئاقتۆش ، مەھ ، مەھ !

— بۇ مەن ، مەن ئەلا !

— ئەلامۇ سەن ؟ — دەپ ئالدىراپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى «قاسقىر ئاۋۇز» كالاچ سىپىۋالغان ئاياغلىرى بىلەن شىپىلداپ مېڭىپ ، — هاياتمۇ سەن ؟ سېنى ئېتىلىپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدۇق ، خۇداغا شۈكۈر ، ئامانكەنسەن ، قېنى ئۆيگە .

ئۈچ كۈندىن كېيىن «قاسقىر ئاۋۇز» ئۇنى تەڭرىتېغىنىڭ يالغۇز ئاياغ يوللىرى بىلەن باشلاپ ئۇزاق ماڭدى . كەچقۇرۇن تىك يار بويىدىكى تاش غارنى ئۆي قىلىپ ، ئىككى يۈز تۇياق قوي ، بىرنەچچە كالا ، ئات بىلەن قىشلاۋغا ئورۇنلاشقان دوستىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ چىقتى . «قاسقىر ئاۋۇز» دوستىغا جېكىدى :

— ياخشى باقىسەن ، كىم ۋە نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىماي-

ـسەن ، مەن پات ـ پات كېلىپ تۇرىمەن ، بۈگۈن بىز ساڭا قوناق[1] ، مېلىڭنى ئەكەل ، پەتە بېرەيلى ، ئاۋۇ خۇرجۇندا خوتۇنىڭ بىلەن باللىرىڭغا سوۋغا ـ سالام بار.

ئەلا بۇ ئۆيدە بىرىنچى ئىشنى ئۇيقۇدىن باشلىدى . ئۇ خۇددى پۈتۈن بەخت ـ پېشانىسىنى ئۇيقۇغا ئاتىغاندەك ، دۇنيا ۋەسۋەسىلىرىدىن خالىي بىغەم دېھقاندەك ، مەش يېنىدىكى قېلىن كۆرپە ئۈستىدە نەچچە كۈنگىچە ئۇخلىدى .

بىرىنەچچە كۈندىن كېيىن «قاسقىر ئاۋۇز» ئۇنى يوقلاپ كەلدى :

— ئەمدى مەھەللىگە بارساڭمۇ بولىدۇ . خۇداغا شۈكۈر ، ھېلىقى خىزمەت گۇرۇپپىسى كەتتى . مەھەللىنىڭ ئەڭ چوڭ خوجايىنى يەنە ئۆزۈم بولۇپ قالدىم ، — دېدى ئۇ يېنىك نەپەس ئېلىپ .

---

① قوناق — مېھمان دېگەن مەنىدە .

# بەشىنچى باب دىدار ئىستەكلىرى

## 1

... ئۇيقۇ مېنى قۇتقۇزدى . ئۇيقۇ بىلەن بەدىنىمدىكى بارلىق چارچاش ، جىددىيلىك ، ۋەھىمىلەر بىراقلا تۈگەپتۇ . ئۆي ئىگىسىنىڭ دېيىشىچە ، يۈزۈمنى پەنجىرىگە قىلىپ ، تۆت قاتلانغان تىكىمەت ئۈستىدە سەنسەن جۇۋىغا ئورىنىپ ، مىدىر - سىدىر قىلماي بىر سوتكا ئۇخلاپتىمەن . ئۆزۈمگىمۇ ئايان ، مەن قاتتىق ئۇخلىدىم . دائىم چۈش كۆرىدىغان ئادەم ، بۇ قېتىم چۈشمۇ كۆرمەپتىمەن . بۇ يەرگە كەلگىنىمگە بىرنەچچە ئاي بولۇپ قالدى . مەن ھازىر دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقاندەك غەمسىز ، دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ بولغاندەك پەرۋاسىزمەن . ئۆرۈمچىدىن تاغ ئارىلاپ بۇ يەرگە پىيادە كەلگۈچە ، ھەممىنى ئويلاپ خىيال قىلىپ بولغان ئوخشايمەن . لېكىن ، كەلگۈچە قاچقۇن ئەسكەردەك مۆكۈنۈپ يۈرگىنىم ، كىشىلەردىن پاناھ تىلىگەنلىكىم ئۈچۈن ۋىجدان ئالدىدا ئازابلاندىم . تۈرمىگە كىرگەن بولسام نېمە بولاتتى ؟ تۈرمىمۇ پاناھ جايغۇ ؟ ئۇ يەردە سۆزلىگىلى ، ئويلىغىلى ، ئېپىنى تاپسا يازغىلىمۇ بولىدۇ . مەن يولدا كەلگۈچە مۇشكۇلاتلار بىلەن ئېلىشقان ئەدىبلەر ، ئالىملار ، ھەربىيلەر ، پۇقرالاردىن ئۆزۈم بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك ئەسلەپ چىقتىم . ئۇلارنىڭ تولىسى ۋەھىمىدىن قاچمىغان ، چېرنىشېۋسكىي «سوۋرېمېننىنىڭ» (زاماندىش) ژۇرنىلىدا ئىشلەۋېتىپ قولغا ئېلىنغان ، يىگىرمە بىر يىل تۈرمە ، سۈرگۈن ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ، تۈرمىدە يېتىپ

1862 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 1863 - يىلى
4 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە بولغان بىر يۈز ئون كۈن ئىچىدە
«نېمە قىلىش كېرەك ؟» ناملىق داڭلىق رومانىنى يېزىپ چىققان ،
يىگىرمە بىر يىل تۈرمىدە يېتىپ ، ئۆز ھاياتىدا زور - زور ئىشلار-
نى قىلىپ تۈگەتكەن . بۇ ئەزىمەت ئۆز يۇرتى ساراتوفقا قايتىپ
كېلىپ ، بىر يىلدىن كېيىنلا دۇنيا بىلەن خوشلاشقان . ماڭا ئوخ-
شاش جان ساقلاش ئۈچۈن باشقىلارغا يېلىنغان بولسا ، گىرتسىند-
دەك ، ستېندالدەك چەت ئەللەرگە قېچىپ كېتىپ ئامان قالغان
بولماسمىدى؟ بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلابچىنىڭ «ئىنسان بىر ئۆمۈر بۆشۈ-
كىدە ئۇخلىمايدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزى ، ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۆلمەستۇر .

مەن يولدا كەلگۈچە ، يەنە چەت ئەلگە ئەسىر چۈشۈپ تۇتقۇن-
لۇقتا تۇرۇپ ئۆلمەس ئەسەر ياراتقان سېرۋانتېسنى ، نەدە ئادالەت-
سىزلىككە قارشى كۈرەش بولسا ، دۆلەت ، مىللەت ، ئورۇن تاللى-
ماي خېيىمخەتەرگە ئۆزىنى ئاتىدىغان ئاتالمىش «شەيتان شائىرلار»
دىن بايرۇن ، شېللىر ، پېتوفى ، مىسكىۋىچ ، لېرمونتوفلارنى ، ئۆز
قېنى بىلەن ئەۋلادلارغا ئىنتىقام ئورۇقىنى قالدۇرغان ، «رۇس
خەلقىنىڭ غورۇرى» بولغان رادىشېفنى بىرمۇبىر ئەسلىدىم . شۇ-
كۈر ، ھېلىمۇ ياخشى ، ئېسىم جايىدا ئىكەن ، بۇنىڭدىن بۇرۇن
يادلىغان سۆيۈملۈك ئادەملەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى ، ئەسەرلىرى ،
ۋاقىت - ئورۇنلىرى بىلەن يادىمدا تۇرۇپتۇ . ئەسلىي ئىسمى ھېن-
رى بېيلى بولغان ، كېيىن فرۇسىيىنىڭ بىر كەنتىنىڭ «ستېند-
دال» دېگەن ئىسمىنى تەخەللۇس قىلىۋالغان ئاتاقلىق فرانسۇز
يازغۇچىسىنىڭ 1783 - يىلى تۇغۇلغانلىقى ، ئون ئالتە يېشىدا
ناپولېئونغا ئەسكەر بولۇپ كاپىتان بولغانلىقى ، ئۇ 1812 - يىلى
موسكۋاغا ھۇجۇم قىلغان كۈنى ، بۇ شەھەردە گىرتسىندەك بىر
ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقى ، پۇشكىن بىلەن بال-

زاكىنىڭ بىر يىلدا تۇغۇلغانلىقى ، چېرنېشۋسكىي بىلەن ل . تولس-
تويىنىڭ ئوخشاشلا 1828 - يىلى تۇغۇلغانلىقى ، م . گوركى بىلەن
لۇشۈننىڭ نەق 1936 - يىلى ۋاپات بولغانلىقى... قاتارلىق
خىلمۇخىل قىزىقارلىق خاتىرىلەرمۇ ئېنىق يادىمغا كەلدى . ئىخ ،
سۆيگەن ئىشىم ، هاياتىمنىڭ مەنىسى بولغان جانجان كەسپىم !
مەن سېنى ئاسرايمەن دەپ قاچتىممۇ ياكى سېنى ئاللىقەيەرلەردە
تېنىتىپ يوق قىلىش ئۈچۈن سەرگەردان بولدۇممۇ ؟ سىلەر نەدە ؟
كىتابلىرىم بىلەن قولىيازمىلىرىمچۇ ؟ بۇ يىل كەچ كۈز مەن نەق
ئوتتۇز تۆت ياشقا كىردىم . مەن بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن
ئۇلۇغ ئالىم لومونوسوفنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇغان . لومونوسوف
دەل ئوتتۇز تۆت يېشىدا ، يەنى 1745 - يىلى پېتروگراد پەنلەر
ئاكادېمىيىسىنىڭ خىمىيە پروفېسسورى ، ئاكادېمىيە ئاكادېمىكى
بولغان . ئۇنىڭ تىل - ئەدەبىيات ، تارىخ ، فىزىكا ، ماتېماتىكا ،
مېخانىكا ، خىمىيە ، ئاسترونومىيە ئىلىملىرى بويىچە ، بۇ يېشىدا
نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان... مەن قانداقمۇ ئۆزۈمنى بۇ
ئالىم بىلەن سېلىشتۇراي ؟ بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇنقى سې-
لىشتۇرۇشلىرىم ئۈچۈن مانا ئەمدى نومۇس قىلماقتىمەن . مەن
مۇشۇ يېشىمغىچە نېمىلەرنى قىلالىدىم ؟ شارائىتىم سىرۋانتىس بە-
لەن چېرنېشۋسكىينىڭكىدىنمۇ ناچارمۇ ؟ مەن قابىلىيەتسىز ، ئىرا-
دىسىز ئىكەنمەن . شەن شىڭخەي توغرا ئېيتىدۇ : قىيىنچىلىق
ھەممىلا ئادەمدە بولىدۇ ، بىرلىرى ئۆزىنى ، پايدا - زىيانىنى ئويلاي-
دۇ ، ئۇنداقلار قىيىنچىلىق ئالدىدا ئۈمىدسىز ، چۈشكۈن ، بىچارە
بولىدۇ ؛ بىرلىرى بولسا ، ئەجدادلارنى ، ۋەتىنىنى ، خەلقىنى ئوي-
لايدۇ ، ئۇنداقلار ئۈمىدۋار ، جەسۇر ، قەيسەر ۋە شاد - خۇرام
بولىدۇ . مەن ئالدىنقىلارغا ياتىدىغان ئوخشايمەن . ئوتتۇز تۆت
ياشقىچە هېچ ئىش قىلالمىدىم ، شەرمەندىلەرچە قېچىش بىلەن ۋا-
قىت ئىسراپ قىلىش ، بىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ ئىشىمۇ ؟ يەتتە -

سەككىز يىللىق ئالما كۆچىتىدەك لەززەتلىك مېۋە بېرىدىغان بۇ
چاغلىرىمنى چۆلمۇچۆل قېچىش بىلەن زايە قىلىۋەتكىنىم ئۈچۈن ،
پۇشايماندىن باشقا يەنە نېمىمۇ قىلالايمەن؟ تۆھپە ، شان ـ شەرەپ
ئەمگەكچان قولنىڭ مەھسۇلى ، ئۇ ھەرگىزمۇ تەۋەككۇلچىلىكنىڭ
مەھسۇلى ئەمەس . مەن خۇددى بالزاك ئېيتقاندەك شادلىقتىن خا-
لىي ، خىيال ۋە ھەسرەتكە موھتاج تىنچ ھاياتنى تولىمۇ خالايتتىم .
چۈنكى ، مۇشۇ خىل ھايات مېنىڭ ئاخىرقى ئۆمرۈمدە بولىدىغان
پۇشايمانلىرىمنى ئازايتقان بولاتتى . مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ ، ئەقلىي
ئەمگەككە ، ئىلمىي ئىشلارغا قايتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن .
ماڭا بالزاكنىڭ يالغۇز ھۇجرىسى ، لېۋ . تولستوينىڭ ۋاڭ ـ
چۇڭدىن خالىي جىمجىت ياسنايا پولىناسى ، ساۋشىۆچىنى-
ڭنىڭ كونا بۇتخانىسى... تولىمۇ زۆرۈر ئىدى . مەن ئۇلۇغ ئەمەس-
مەن ، لېكىن ئۇلۇغلارنىڭ ھاياتىغا ھەممىلا نېمىنى تەقلىد قىلىش-
نى خالايمەن . بەلكى مەن بىر تال مېۋە بەرمەي ، بىرنەچچە يۈز
يىل ياشاپ ، كۆكلەپ ، ھۆرمەت تاپقان قېرى قارىياغاچتەك بىر
كۈنى يىقىلارمەن . بۇ يىقىلىش بىلەن باشقىلارنىڭ : «ئالىم ، تا-
لانت ئىگىسى» دېگەندەك سۆزلىرىنى يالغانغا چىقىرىپ ، ئۆزۈمنىڭ
مېۋىسىز دەرەخ ، يالتىراق ھەل بېرىلگەن زىننەت بۇيۇمى ئىكەنلى-
كىمنى ئىسپاتلاپ بېرەرمەن . لېكىن ، نېمىلا بولسۇن ، مەن ئۇ-
لۇغلارنىڭ مۇرىتى ، ناچارلاردىن ، يارىماسلاردىن قاچقىنىم قاچ-
قان ، ياشلىقىمدا نېمىگە چوقۇنغان بولسام ، ئاخىرغىچە شۇنىڭغا
چوقۇنىمەن . ھەممىلا ئادەم بىر ئەقىدىنىڭ مۇرىتى ، مەنمۇ شۇن-
داق . ھاشىرغا قايىلمەن ، چۈنكى ئۇ ئۆز ئەقىسىدىگە سادىق ،
تۇرمە ، ئۆلۈم ئۇنىڭ قەلبىدىكى كوممۇنىزم ئەقىدىسى ئورنىغا
نەپرەت پەيدا قىلالمىدى . ئۇ ناھەق ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ، پارتىيىدىن ،
تۇزۇمىمىزدىن قىلچە گۇمانلانمىدى ، ئۇ ئەلۋەتتە سىياسىي ئەقىدە ،
ئۇ ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ مۇرىتى . سىياسىي ئەقىدە

ئىلىم - پەن ئەقىدىسى، ئەخلاق ۋە ئېتىقاد ئەقىدىسى بىر - بىرىگە دۈشمەن نەرسىلەر ئەمەسقۇ. مەن بىلىدىغان ئۇلۇغلارنىڭ بەدەنىدە بۇ نەرسىلەر بىر - بىرى بىلەن چىقىشالىغان، بىر نەرسىگە ئايلىنالىغان. ئەپلاتون، روتىبىئون، فرانسوس، كىلمانىت - ماروت، دانتې، لومونوسوف قاتارلىق ياۋروپالىقلار بولسۇن، ياكى ئىبنى سىنا، فارابى، مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يەسسەۋى، شىرازى، دېھلەۋى، رەبغۇزى، جامى، بىرۇنى، نەۋائى قاتارلىق شەرقلىقلەر بولسۇن، ئۇمۇمەن ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىي ئەربابلىرى، پەيلاسوپلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى بولۇش بەلەن بىللە ھەر خىل پەنلەرنىڭ پېشۋالىرى ئىدىغۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى بىلەن شېئىرلىرى، پەلسەپىسى بىلەن مۇزىكىلىرى ئوخشاشلا ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك مۈلكى بولالىدىغۇ؟... شۇنداق، ئىنسان ئەقىدىسى ئۆزىگە خاس بولۇشى كېرەك. بۇ خىل خاسلىقنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئومۇملىقىمۇ بولىدۇ. ماي تامچىلىرى بىلەن سۇ تامچىلىرى بىر قاچىغا قۇيۇلسا، ھەرقايسىسى ئۆز خىلى بىلەن بىرلىشىدۇ. ئادەملەرمۇ خۇددى شۇنداق، ئەقىدە، ئارزۇ - ئىستەك ئۇلارنى بىرلەشتۈرىدۇ، ئۇلارنى ئۆزئارا سۆزلىشەلەيدىغان، بىر - بىرىنى چۈشىنەلەيدىغان، ھېسداشلىق قىلىشىدىغان قىلالايدۇ. مېنىڭ ساۋۇتوفنى سېغىنىشىم، ئۇ يادىمغا يەتكەندە يۈرەك تومۇرلىرىمنىڭ قىسىلىشى، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدىكى دانالىق كارلودولچىنىڭ① ئۆلمەس رەسىملىرىدەك خىيال ئېكرانىمدا جانلانغاندا، كۆزلىرىمدىن بويسۇنماس ئۈنچىلەرنىڭ تۆكۈلۈشى، ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغان ھەر خىل تىللاردىكى ھېچنەدە تېپىلماس كىتابلىرىنى ۋاراقلىغىنىمدا، ۋۇجۇدۇمنىڭ خۇددى كۈچلۈك ئېقىنغا تېگىپ تۇرغان مەجنۇنتال شېخىدەك سىلكىنىشى، كىتاب

---

① ئىتالىيە رەسسامى (1616 — 1686).

بەتلىرىدىكى ئۇنىڭ ئىنىق ، چىرايلىق ئىملاسىنى ئالقانلىرىم بى-
لەن سىلىغاندا ، ۋۇجۇدۇمدا جەڭگە ئاتلانغان يىگىتتەك ھاياجان
دولقۇنلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇشى... ئەقىدە ـ ھېسسىيات بىرلىكىنىڭ
مەھسۇلى ئەمەسمۇ ؟ نەدىسىز ، سۆيۈملۈك ئۇستاز ؟ جىسمىڭىز سې-
رىق توپا ئىچىدە ، روھىڭىز قەلبىمدە ، قېنىمدا !... مەن ئەمدى
تىل ـ ئەدەبىيات ، تارىخ ، پەلسەپىدە يېتىلگەن سىزدەك ئادەمنى
يەنە ئۇچرىتارمەنمۇ ؟ سىز مەن ئۇچۇن تىرىك قامۇس ، ئەقىل
بۇلىقى ، جاسارەت ئۈلگىسى ئىدىڭىز ، مەن ئەمدى كىمدىن ياردەم
كۈتىمەن ، كىم بىلەن سىردىشىمەن . مېنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان
سىزدىن باشقا يەنە كىممۇ بار ؟

مەن ھايات قالغان دوستلىرىمنى بىرمۇبىر ئەسلىدىم . ھاشىر
ئۇرۇمچىدىكى بىرىنچى تۈرمىدە ، تاشپولات ئۆز مەكتىپىدە ، ئاڭلى-
سام ئۇستا ياغاچچى بولۇۋاپتۇدەك . ئوسمان ، زۇلخۇمارلاردىن بى-
خەۋەرمەن . ئەلانۇر بىلەن رازىيەدىنمۇ خەۋىرىم يوق ، قۇرماش
بىچارە تۈرمىدىن ئۆيىگە چىقىرىلغان . ئۇ ھازىر ھېچكىمگە ھېچقان-
داق گەپ قىلمىغۇدەك .

مېنى چاقىرتىپ ناھىيىدىن ئىككى قېتىم ئۇقتۇرۇش چىقىرى-
لىپتۇدەك . ئۇلار مېنى مەكتەپكە چاقىرغۇدەك . بىلىمەن ، ئۇلار
مېنى ئالداپ تۇتماقچى . مەن ئەمدى ھېچنەگە بارمايمەن . ئۇلار
مېنىڭ بۇ غول ئىچىدىكى ئۆيلىرى ئىككى قاپتالغا جايلاشقان ،
ئوتتۇرىسىدا تاغ سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان ، ئادەملىرى ياۋاش ، ھۇ-
رۇن ، ئەمما ئاق كۆڭۈل ، مېھماندوست ، ھېچقانداق ۋەھىمە ،
ۋار ـ ۋۇرى يوق خىلۋەت يېزىدا دېھقان بولۇپ ئورۇنلىشىپ
قالغىنىمنى بىلمەيدۇ . مەن بۇ يەردە نوپۇسلۇق ، بىر يۈز ئەللىك
سومغا سېتىۋالغان كىچىككىنە قورۇ ـ جايىم ، ئۈچ پۇڭ كېلىدى-
غان بېغىم ، بىر كالا ، ئۈچ قويۇم بار . دادۇي ئىسكىلاتىدىن ھەر
ئايدا ئوتتۇز جىڭ بۇغداي ، يىگىرمە جىڭ قوناق ، ئىككى كىلو

زىغىر يېغى ئېلىپ تۇرىمەن . مېنىڭ بۇ يەردىكى بىنەم بىلەن
چارۋىغا تايىنىپ كۈن كۆرىدىغان تاغلىقلارغا ئوخشىمايدىغان بىرلا
جايىم : مەن كېچەيۇكۈندۈز كىتاب ئوقۇيمەن ، تىكمەت ئۈستىدە
يانپاشلاپ ئولتۇرۇۋېلىپ پاكار ئۈستەلگە مۈكچىيىپ خەت يازى-
مەن . بۇ يەردە مەندىن باشقا بۇنداق ئوقۇش ، يېزىش بىلەن ۋاقىت
ئۆتكۈزىدىغان ، مېنىڭ نېمىنى ئوقۇپ ، نېمىنى يېزىۋاتقىنىمنى
بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق . ئارىلاپ - ئارىلاپ «قاسقىر ئاۋۇز»
نىڭ يوغان گەۋدىسى ئۆيۈمدە پەيدا بولۇپ قالىدۇ . ئۇ ئۈستەلدىكى
خەنزۇچە ، ئىنگلىزچە ياكى ئەرەبچە ، پارسچە كىتابلارغا سىنچىلاپ
قارايدۇ - دە ، بېشىنى ئىرغىتىپ كۈلىدۇ .

— ساناقلارنى تونۇيدىكەنمەن ، ئەنە ئالتە ، ئاۋۇسى يىگىرمە
ئۈچ . قالغان بىرىنى تونۇسام ئەزبىرايى ها... ها... ها... ھە ، ئەلا
سوپى ئىچمىزمۇ ؟ — دەپ سورايدۇ .

— ياق .

— تاغقا چىقمىزمۇ ؟

— كېيىنچە .

— راسا بىر جوۋان بار ، ئۆيلەپ قويىمايمۇ ؟

— ساڭا رەھمەت .

— ھەئە ، دېگىنىڭمۇ بۇ ؟

— ياق .

— ئۆيۈڭگە كىرمەيمۇ ئەمىسە ؟

— ھەئە .

— تولا جېنىمغا تەگمە ، نوپۇستىن ئۆچۈرگۈزۈۋېتىمەن ،
قوغلىۋېتىمەن . مەھەللە ياشلىرىغا دۇتار چېلىپ بەرگىن ، تاملارغا
شوئار ياز ، قىزىل تاختىغا ئۆزۈڭدى ياز !

— ياق ، ۋاقتىم يوق .

— قوناق سوقۇشقىچۇ ؟

— ھۆۋلاۋەرمىگىنە!

مەن ئۇنىڭغا قارىمايلا توڭلۇق قىلمەن. ئۇ يوغان يىرىك ئالقانلىرى بىلەن بېشىمدىن بېسىپ پېشانەمنى ئۈچ - تۆت قېتىم ئۇستەلگە ئۇستۇرىدۇ - دە، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ ۋە ئىشكىلەرنى جالاقشىتىپ چىقىپ كېتىدۇ. لېكىن، مەن ئۇنىڭ شۇ ھامانلا قوپال، رەتىمسىز ناخشىسىنى ئاڭلايمەن. ئۇ مېنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھىمايىچىم، ئۇ ئۆزىنىڭ قوپاللىقى، ئىچىگە يوشۇرۇنغان مېھرىبانلىقى، ھەققانىي - سادىدلىقى بىلەن بۇ يېزىدا شۇنچىلىك يۈز - ئابرۇي تاپقان. بۇ يەردىكى ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىن تەشكىللەنگەن يۈز ئون تۈتۈنلۈك بىر دادۈي خەلقى ھېچقاچان، ھېچكىمنى بۇنچىلىك ھۆرمەتلىمگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى قولىقىغا تولىمۇ يېقىن جاۋغايلىرى، يوغان ئېغىز، قوش بۇرۇن، قىيغاچ كۆز، ئۇزۇن بۇرۇت بىلەن زىننەتلەنگەن ياپىلاق يۈزى، بۇ يەردىكىلەرگە ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ يېقىملىق، گۈزەل تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ قوپال، ھەتتا تىل - ئاھانەت بىلەن تولغان قىسقا نۇتۇقلىرى، بۇ يەردىكىلەر ئۈچۈن رادىئولاردىن ئاڭلىنىدىغان ھەرقانداق تەنتەنىلىك سۆزلەردىن كۈچلۈك. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۈتۈن خەلق بىنەمگە چىقىپ، گەمە كولاپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق دېھقان، ئۆز ئۆيىدىكى ياخشى ئېتىنى باھا تالاشمايلا دۈيگە سېتىپ بېرىدۇ. ئۇ بۇ يەردىكىلەرنىڭ خوجايىنى ھەم چاكىرى. ئۇ تىنىماي ئىشلەيدۇ، ھەپتىلەپ ئۆيىگە كىرمەيدۇ. غولغا كەلكۈن سۈيى كەلگەندە، ئىككى قاسناقتىكى ئادەملەرنىڭ ئالاقە قىلىشى ئۈچۈن سېلىنغان ياغاچ كۆۋرۈكلەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، يالىڭاچلىنىپ ئەڭ بۇرۇن سۇغا چۈشۈپ تاش كۆتۈرىدىغانمۇ، قارنىڭ نېمىگە بوغداي چۆكۈرۈۋېلىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز تراكتوردىن چۈشمەي يەر ھەيدىگەنمۇ، بۆرە ئېتىشتا، باشقىلار بىر بۆرە ئاتسا بىر قوي

مۇكاپات ئالغان چاغلاردا، ئۇن بۆرە ئاتىسىمۇ بىر قوي ئالمايدىغان سېخىي ئادەممۇ ئەنە شۇ. «قاسقىر ئاۋۇز»، ئۇ تىنىمسىز ئىشلەيدۇ، لېكىن ئادەملەرنى تىنىمسىز تىللايدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ئىتنىڭ بالىسى» دېگەن سۆز «بىسمىللا» ئورنىدا چىقىپ تۇرغاچقا، بۇ يەرنىڭ خەلقلىرىدە «ئىتنىڭ بالىسى» دېگەن سۆز ئومۇملاشقان. لۇشۇن ئەپەندى: «ئاناڭنى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە: «جۇڭگولۇقلارنىڭ دۆلەت گۈلى — مودەن، دۆلەت تىلى — ئاناڭنى!» دەپ تەنە قىلغىنىدەك، بۇ تاغلىقلارغا «ئىتنىڭ بالىسى» دېگەن سۆزنى «ئانا تىلى» دەپ تەنە قىلىشقا بولىدۇ. بۇ تىلنى ياشلارغا مەردلىك، قەيسەرلىك، قاراملىق، يۇرت غۇرۇرى بىلەن بىللە ئاتا مىراس قىلىپ قالدۇرماقچى بولغانلارنىڭ بىرى، نەق ئاشۇ دادۇي پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى «قاسقىر ئاۋۇز».

«قاسقىر ئاۋۇز» توغرىسىدا ناھىيىدە، رايوندا، باشقا دادۇيلەردىمۇ قىزىق ھېكايە ـ رىۋايەتلەر تارقالغانمىش: بىر كۈنى پۈتۈن دادۇي ياچېيكا شۇجىلىرى بىلەن دادۇيجاڭلار گۇڭشېغا يىغىلىپ، تراكتور بىلەن ناھىيىگە يىغىنغا مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر يەردە بولسىلا قوي يەيدۇ، ئىچىدۇ، بۇ بىر ئومۇملاشقان يېزا ئادىتى. قوينى بىرى، ھاراقنى يەنە بىرى كۆتۈرۈۋالىدۇ ـ دە، ئۇلار مەست بولۇشۇۋېلىپ بىر ـ بىرى بىلەن قانغۇچە چاقچاقلىشىدۇ، كۈلۈشىدۇ. ئۇ كۈنىمۇ ئۇلار شۇنداق مەست بولۇشۇۋېلىپ تراكتور بىلەن ناھىيىگە مېڭىپتۇ. تراكتور غول ئېرىققا پېتىپ قاپتۇ. ئۇلار ئىككى قىرغاقنى بۇزۇۋېپ تراكتورنى چىقىرىپتۇ، لېكىن بىر دادۇينىڭ ئۆلچەملىك سۇيى يوللاردىن تاشقىنلاپ ئەتراپقا ئېقىپتۇ. تراكتوردىكىلەر كارى بولماي مېڭىپتۇ. «قاسقىر ئاۋۇز» ئۆرە تۇرۇۋېلىپ:

— ئىتنىڭ بالىلىرى، قاشانى سۇ كولاپ كەتتى، توختات! ئېتىمىز! — دەپ ۋارقىراپتۇ. باشقىلار ئۇنى تارتىپ ئولتۇر-

غۇزۇپ:

— ھەيدە، ھەيدە! — دېيىشىپتۇ.

«قاسقىر ئاۋۇز» ئەپلەپ تۇرۇپ، بېشىنى يوشۇرىدىغان ئىككى پاينەكۋاشنىڭ مالخېيىنى يەرگە ئېتىپتىكەن، نومۇسچان «پىڭژنۋاش»لار ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي تراكتوردىن مالخاي بىلەن تەڭ يەرگە سەكرىشىپتۇ. «قاسىر ئاۋۇز» ئۇلارنىڭ كەينىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇلار بىلەن بىللە كەچ كىرگۈچە يول ياساپ، سۇ ئېتىپ، قىر سوقۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، گۇڭشې شۇجىسى ئادەملىرىنى تولۇق يىغالمىغانلىقتىن تەنقىد يەپتۇ، لېكىن يامان ئىشنىڭ پايدىسى بوپتۇ. ناھىيىنىڭ شۇجىسى «قاسقىر ئاۋۇز»نىڭ بۇ ئىشىنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپتۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ «قاسقىر ئاۋۇز» ناھىيە بويىچە «جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش ئاكتىپى» بولۇپ سايلىنىپ، گۇڭشېمۇ گۇڭشې يۈرۈپ ئۆزىنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى سۆزلەپتۇ.

مەن «قاسقىر ئاۋۇز» توغرىسىدا كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇ ناھىيە بويىچە ئىلغار بولۇپ باھالانغان بولسىمۇ، لېكىن باشقىلاردەك ماش رەڭ شىم - تۇجۇركا، شەپكە كىيىپ، مەيدىسىگە يوغان ماۋجۇشى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىزناكلارنى تاقاپ، ماش رەڭ سومكىسىغا قىزىل كىتابلارنى سېلىپ، ئۇنى مۈرىسىگە ئېسىپ يۈرمەيدۇ. ئۇ قىشتا تۈلكە قولاقچا، يازدا مالخاي كىيىپ، ئۈچىدىكى قىزىل دۇخاۋا بۆكىنى كەينىگە چىقىرىپ قويىدۇ، قىشمۇ ياز قارا چىبەرقۇتتىن قىسقا جۇۋا، شىم - تۇجۇركا كىيىپ، بېلىنى قارا پوتا بىلەن باغلاپ، كالاچ - ئۆتۈك بىلەن يۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىكىمۇ قىڭغىر ياقا، ئۇ ھېچقاچان مەيدىسىنى ئاچماي، تۈگمىلىرىنى ھەم ئېتىدۇ. ئۇنىڭ سېرىق بۇرۇتى دائىم مايلىشىپ پارقىراپ تۇرىدۇ، ئۆتۈكىمۇ ئۆتۈك مېيىدا ئەمەس، مال مېيىدا مايلانغانلىقى ئۈچۈن خىرە، گۆڭگا كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ياساشقا

خېلى ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇرۇتى دائىم چىپكىكلىك، كىيىملىرى رەتلىك تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە تولا كىرىمەن. ئۇنىڭ سەككىز ئوغلىدىن باشقا ھېچقانداق بايلىقى يوق. كاڭدا ئولتۇرۇپ دائىملا ياماق يامايدىغان، ھەر يىلى بىر ئوغۇل تۇغقاچقا، چىرايى قانسىز كۆرۈنىدىغان خۇشخۇي ئايالى ئۇنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ تۆت پارچە تىكىمەت بىلەن، پەتنۇس قېقىلمىغان، سىرلانمىغان ئىككى ياغاچ ساندۇق ئۈستىگە چىرايلىق تىزىلغان، ھەر خىل باسما چىتلاردىن تىكىلگەن يوتقان - كۆرپىلىرىنى چوڭ بايلىق بىلىدىغان بۇ ساددا ئايال، بۇ ئىككى ئېغىز ئۆيدە ھەر كۈنى، ھەر ۋاخ تامىقىدا خۇش چىراي، قىزغىنلىق بىلەن مېھمان كۈتىدۇ...

مېنىڭ يالغۇز ئۆيۈمگە ئاشۇ «قاسقىر ئاۋۇز»نىڭ بۇيرۇق ۋە تەھدىت بىلەن تولغان قوپال ئاۋازى پات - پات پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرمىغىنىدا، مەن مېفستا - فىلىنىڭ① ئېزىتقۇلۇقىدىن قۇتۇلغان فائۇستتەك خاتىرجەم جىمجىت خانىدا رافائىلچە② خىيال ۋە ئىلمىي ئىزدىنىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن بولماسمىدىم. مەندە خىيالغا يېتەرلىك ئىشلار بار، لېكىن ئۆتمۈش ھەققىدىكى خىيال كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ. مەندە ۋىسال ئارزۇسى تولىمۇ كۈچلۈك، لېكىن ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەنمەن، خۇسۇسىي ھاياتقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۇنتۇش كېرەك، شۇنداق بولمىغاندا كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى نەتىجىسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ قېتىم مەغلۇپ بولسام، مەندە پۇشايمان ئورنىغا ئۈمىدسىزلىك، ئازابلىنىش ئورنىغا ئۆلۈۋېلىش ھېسى پەيدا بولۇشى مۇمكىن. مەن گەنجا يايلىقىدا ھاياتتىن لەززەت ئالالىغان، خاڭدىن كۆمۈر توشۇغان

① گېرمانىيە شائىرى گيوتىنىڭ «فائۇست» ناملىق ئەسىرىدىكى ئالۋاستى.
② رافائىل — بالزاكنىڭ «ساغرا تېرە» رومانىنىڭ قەھرىمانى.

كۆڭلىرىمدىمۇ ماڭا خۇشاللىق، ناخشا ھەمراھ بولالىغان، بۇنىڭ سەۋەبى ئاددىي: ھايات چەكسىز گۈزەل، بۇ گۈزەللىك بارلىق بەختلىك ۋە بەختسىزلەرنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا يېتىپ ئاشىدۇ. چېرنىشېۋسكىي: «گۈزەللىك — ھايات» دېگەن فورمۇلانى ياراتقان. ھاياتلىق گۈزەللىكنىڭ ئانىسى، بۆشۈكى، كامالەت ۋە ھالاكەت تۈپرىقى. بارلىق گۈزەل نەرسىلەر بىز ياشاۋاتقان يەر ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ، ئۆسۈپ كامال تاپىدۇ ۋە يوقىلىدۇ، يەنە يارىلىدۇ. توختىماس ئۇلۇغ ئېقىندەك كېتىۋاتقان بۇ ھاياتتىن لەززەت ئېلىشنى، گۈزەللىك تېپىشنى بىلىدىغانلارمۇ، بىلمەيدىغانلارمۇ ئوخشاشلا ھاياتنى سۆيىدۇ. ئەتىگەنلىكى كەتمىنىنى مۈرىسىگە سېلىپ، شامىسىنى لەززەتلىنىپ چايناپ، ھۇزۇرلۇق بىلەن ئېتىزغا كېتىۋاتقان دېھقان، يېڭى تۇغۇلغان ئوماق موزاينىڭ قىيغىتىشلىرى بىلەن، ئايالىنىڭ ئەتىگەنلىك چاقچىقى بىلەن بۈگۈنكى يورۇق كۈننى تەڭداشسىز گۈزەل دەپ تونۇيدۇ. ئۇ بەلكى مېنىڭ دېرىزەمدە يېرىم كېچىدىمۇ پىلدىرلاپ تۇرغان لامپىنى كۆرۈپ: «ئىسىت، بويتاقلىق، ئۆمرى زايە كېتىۋاتىدۇ» دەپ ماڭا ئېچىنىشى مۇمكىن. ئۇ مېنىڭ ئۇرۇمچىدىن كۆچۈرۈپ كەلگەن قولىيازمىلىرىمدىن خەلقىمگە زۆرۈر بولۇۋاتقان بىر كىتاب پۈتتۈرۈۋاتقىنىمنى، مېنىڭ مۇشۇ ئىشىم بىلەن مۇنۇ جىمجىت كېچىدىن چەكسىز لەززەت ئېلىۋاتقىنىمنى نەدىن بىلسۇن؟ قانۇنىيەت شۇ: سەن ھاياتتىن نېمىنى ئارزۇ قىلىپ شۇنىڭغا ئېرىشەلىسەڭ، ھايات ساڭا گۈزەل، ھاياتنى سەن كۆڭلۈڭگە پۈككەن مەنىدە ئۆزگەرتەلىسەڭ، ئۇ ساڭا گۈزەل، ياكى ئۆزگەرگەن ھايات ساڭا ياقسىلا، ئۇ ساڭا گۈزەل. گۈزەللىك — ئوبيېكتىپ رېئاللىق. پەقەت گۈزەللىك ھېسسىلا سۇبيېكتىپ دۇنياغا تېگىل، بىرى سىرتتا، بىرى قەلب - ۋۇجۇدۇڭدا... مانا بۇلار چېرنىشېۋسكىي ئېستېتىكا ئىلمىنىڭ مېغىزى.

چېرنىشۇسكىينى ھاياتتا ئۈلگە قىلغان ئادەممەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، قىيىن شارائىتتىمۇ مەنىۋى ھالاۋەت تېپىشقا ، ھاياتلىق مەۋجۇتلا بولغان ئورۇندا گۈزەللىك تېپىشقا ماھىر بولۇشۇم كېرەك . ھاياتنى مۇشۇ مەنىدە كۆزەتمەكچى بولۇپ ، سەھەرلىكى بىغىم كەينىدىكى ئەتىيازلىقى يۇمران شىۋاق ، قامقاق ، سېرىق چېچەكلەر ئېچىلىدىغان تەكشى ، مۇنبەت تۇپراقلىق ئېدىرلىققا چىقىمەن . شىمالغا قارىسام ئۈستى قار ، قاپتاللىرى بۈك قارىغايلىق ، مىڭ مارال چوققىلىرى بىلەن ھەيۋەت كۆرۈنىدىغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي تىزمىلىرى ، جەنۇبقا قارىسام ، كۈمۈش لېنتىدەك ئاقىرىپ كۆرۈنگەن ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن كۆتۈرۈلۈپ كۆك نۇردا يالتىراپ تۇرىدىغان ، ئاپئاق باشلىق چوققىلىرى بىلەن كەشىدە غورۇر ۋە مۇھەببەت ئويغىتىدىغان دىلمۇك تىزمىلىرى كۆرۈنىدۇ . ئىلى ۋادىسى مۇشۇ ئىككى تىزما ئوتتۇرىسىدا ئەزىم ئىلى دەرياسىنى باغرىغا بېسىپ ، شەرقتىن غەربكە يۈت سۇنۇپ ، يېشىل ، سېرىق ، ئاق ، كۆك... رەڭلەر بىلەن بېزەلگەن پايانسىز يۇمشاق چۈشەك ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتىدۇ . ئۇنىڭ ئاۋۇ تىنچ ، خاتىرجەم بەدىنى ھايات — گۈزەللىك ، مامات — پاجىئە... بىلەن تولغان . مەن ئۇ يەردە يارالغان ، ئۆسكەن ، چەكسىز لەززەت تاپقان ، يەنە مەن شۇ يەرگە پاتمىغان ، خورلانغان ، ھەيدەلگەن... بۈگۈن مەن ھەممە نېمىنى ئوتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازغا ئوخشايمەن . يېرىم سەۋدايى بولدۇم ۋە يەنە قايتىدىن غايىبتىن پەيدا بولغان تۆت تەڭگە پۇل بىلەن ھايات تاۋكاسىغا قايتىپ كەلدىم . قېنى ، مەن يەنە ئۇتتۇرىمەنمۇ ياكى مېنىڭ خۇشاللىقىم ئۇزاققا داۋاملىشامدۇ ، بۇنى ئەمدى كۆرىمىز !...

1971 - يىلىنىڭ باھار پەسلى ماڭا بۈگۈنكى كۈننى ھەدىيە قىلدى . شەرقتىن بىر - بىرىگە مىنگەشكەن چوققىلار ئارىسىدىن قارامتۇل قاپتاللارنى نومۇسچان قىزلاردەك ئاستا - ئاستا چىراي

ئاچۇرۇپ قۇياش كۆتۈرۈلمەكتە. «قوش ئەمچەك»[1] تەرەپتىن سوزۇلۇپ چىقىپ كېلىۋاتقان بۇركۈت تېۋىلغىلىققا شۇڭغۇدى. ياپيېشىل تۆپىلىكلەردە شەبنەم يالتىرىۋىدى، ئەتراپقا كۈمۈش مارجان چېچىلغاندەك بولۇپ قالدى، يۇمشاق - يۇمران شىۋاقلىق ئۈستىدە بىر جۈپ توشقان قوغلاشماق ئوينىماقتا. ئەركىكى چىشىسىنىڭ ئۆڭ بېقىنىغا ئالدى ئاياغلىرى بىلەن نوقۇپ، ئۇنى ئانىلىققا — يېقىندا سەككىز بالىنىڭ ئانىسى بولۇشقا دەۋەت قىلماقتا. بىر لەگمەنتاقتاق ئۆۋىسىدىن چىقىپ ماڭا شىكتىيىپ قارىماقتا، يىراقلاردىن ئاتچىنىڭ: «قىرۇۋ، قىرۇۋ...» دەپ ئېتىنى چاقىرغىنى ئاڭلانماقتا...

جاھان ئەجەب تىنچ، ئەجەب ئىللىق، ئەجەب گۈزەل. ئېدىرلارنىڭ نېرىسىدىكى تاغ قاپتىلىدا قاتارلىشىپ ئۆسكەن قارىغايلار ئۇخلاپ قالغاندەك جىم. قارىغايلارنىڭ يۇقىرىسىدىكى چوققىلار كۆزنى چاقىدىغان قار ئاستىدا مىڭ يىللىق مۈگدەك بىلەن قېتىپ قالغاندەك، قارىغايلارنىڭ بېرىسىدىكى قىزغۇچ قورام تاشلار مەڭگۈلۈككە ئېسىلغان، گويا ئۇلار ئېسىلىپ - ساڭگىلىشىپ تۇرۇشمىسا، تاغلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلىدىغاندەك...

بۇ يەردە مېنى بىزار قىلىۋەتكەن شوئار، داقا - دۇمباق، غەلىبە - تەنتەنىلىرىمۇ يوق، ۋەھىمە ۋە گۇمان بىلەن ئادەمگە خەنجەردەك قادىلىدىغان كۆزلەرمۇ، سېنى تىنچ ھاياتتىن ۋاز كېچىشكە، گۈزەللىكتىن يىرگىنچكە مەجبۇرلايدىغان چىگىش سوئاللارمۇ، باشقىلاردىن ئۈن - تىنسىز شەپقەت تىلەش بىلەن قاساپنىڭ ئىتتىك پىچىقى ئاستىدىكى چۈشەكلىك قويدەك كۆزلەرنى مۆلۈلدىتىپ، تىركىشىپ ئۆتكۈزىدىغان سۈرلۈك كېچىلەرمۇ ۋە مېنى، دوستلىرىمنى ئىنسانىي بۇرچتىن مەھرۇم قىلغان قاباھەت-

---

① تاغ چوققىسى.

لىك نەرسلەرمۇ بۇ يەردە يوق . بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۆز يوتقانلىرىدا ئۇخلىماقتا . بۇ يەرنىڭ مەزىننىمۇ كۈندىن بۇرۇن تۇرۇپ ئەزەن ئېيتمايدۇ ، ئىتلىرىمۇ ئەنسىز ھاۋشىمايدۇ ، توخۇلىرىمۇ قونداقلاردىن ئالدىراپ چۈشمەيدۇ . بۇ يەردە ھەر كۈنى بىر خىل ئىش تەكرارلىنىدۇ ، ئادەملىرىمۇ بىر خىل ئىشنى بىرنەچچە قېتىملاپ تەكرار سۆزلىشىدۇ . بۇ يەرگە باھارمۇ كېچىكىپ كېلىدۇ . بۇ يەرگە سىرتتىن بىر ئادەم كەلسە ، مەھەللىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئۇنى كۆرگىلى كېلىدۇ ، ئاندىن كېيىن كىم بولسىڭىزمۇ مەيلى ، سىزنى ئۆي بېسىپ چايغا چاقىرىدۇ ۋە سىزگە ئىلتىپات ، ياخشىلىق قىلىشتا بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىدۇ .

مەن مانا مۇشۇ ئىلتىپات ۋە ياخشىلىقتىن خۇددى مۇنۇ سەھەر قۇياشىدەك بەھرىمەن بولدۇم . بۈگۈن ھايات ماڭا تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلماقتا ، ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل كۈچ ، يىگىتلەرگە خاس ھېسسىيات ، ھاياتقا بولغان كۈچلۈك قىزىقىش ئۇرغۇماقتا . ماڭا ھەممىلا نەرسە ، بۇركۇت ، توشقان ، لەڭمەنتاقتاق ، ئاتچى... بەختلىك كۆرۈنمەكتە . نېمىشقا ؟ ئۇلار ھاياتتىن ئۆز ھەۋىسنى ئىزدىگىنى ، تاپقىنى ئۈچۈنمۇ ؟ ياكى مەندىكى ھاياجان ، ۋىسال ئارزۇسىمۇ ؟ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئانچىمۇ چىرايلىق ئەمەس مۇئەللىمە لىنگشىپ تۇرىدىغان ئەپكەشتە سايدىن سۇ ئاچىقىۋېتىپ ، مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇۋىدى ، ۋۇجۇدۇمدا بىردىنلا چاقماق ياندى : بۇ شەھۋەت كۈچىمۇ ياكى ھېسسىي ئويغىنىشمۇ ؟

— ئەپەندى ! — نېرىقى ئۆگزىدىن بىرى ۋارقىرىدى ، «ئۇ قاسقىر ئاۋۇز» ، مەن ئۇنى قىسقارتىپلا «بۆرە» دەيمەن . ئۇ بۇنىڭغا كۈندى . مەن ئۇنىڭغا قارىدىم . ئۇ كۈنگە قاراپ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ كېرىلدى .

— ھە بۆرە ، سەھەر تۇرۇۋاپسەنغۇ ؟

— تېخى بىلـمەمسىنا ، مـەزىن ئاخۇنـنى كۈندە مەن ئويـ-
غىتىمەنغۇ ؟
— خوتۇنۇڭنى ئويغاتقىنا ، سەن بۆرە .
— هە ، خوتۇن ، خوتۇن دەپ قاپسەنغۇ ، ئاشنا تۇتۇۋالدىڭمۇ
نېمە ؟
— ماڭا هېچكىمنىڭ خوتۇنى قالماپتۇ . هەممە خوتۇنلارنىڭ
ئاشنىسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ ؟
— ئىتنىڭ بالىسى ، قوشناڭ ـ تۇغقانىڭنىڭ كەمپىرى ساڭا
قالدى .
— ها... ها... ها ! ... — بىز كۈلۈشتۇق .
— ئەپەندى ، بىزنىڭكىگە ئەتىگەنلىك چايغا كېلە !
— رەهمەت .
— رەهمىتىڭنى قوي ، ساڭا بىكار چاي نەدە ، ئىتـنىڭ بالىـ-
سى ، ساڭـا ئىش چىقـتى . بىـكار يېتىپ بۇقىدەك دىخسىراپ
كەتتىڭ !
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — مەن ئەتىگەندىلا سۇر گۆش قاينا-
ۋاتقان ئۆيگە كىردىم . مەززىلىك شورپا پۇرىقى ، ئون نەچچە جاننىڭ
تەر پۇرىقى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ بالىلىرىـ-
دىن باشقا مېهمانلىرىمۇ بار ئىكەن . ئىككى ئېغىز ئۆي لىقمۇ ـ
لىق ئادەم ئىدى . مەن يېزا ئادىتى بويىچە رېزىنكە ئايىغىمنى
تاپىنىغا سېلىپ قويۇپ كىگىز ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ مېڭىپ ، مېهمانـ-
لار بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشۈپ بولۇپ ، پەگادا قول قوۋۇشتۇرۇپ
ئۆرە تۇردۇم . هەممەيلەن :
— ئاللاهۇ ئەكبەر ! — دەپ يۈز سىيپاشقاندىن كېيىن ، مەن
يەكتەر بولۇپ ئولتۇردۇم .
— بۇ ئەپەندىنى تونۇمسىلەر ؟ — دېدى «بۆرە» مۇرەمگە
قولىنى قويۇپ ، — ئىسمى ئەلا ، قارا نوپۇس ، بويتاق ، هەم چالا

دېھقان ، ھەم چالا زىيالىي !

— تونۇمامدىغان ! — دېدى ئاق يۈز ، قارا قاش ، ئېگىز بويلۇق قەلەمقاش بىرى كۈلۈپ قويۇپ ، — بىزلا ئەمەس ، پۈتۈن خەلق تونۇيدۇ !

— نېمە ؟ — دېدى «بۆرە» يالغاندىن ھەيران قالغان بولۇۋېلىپ ، — شۇنىڭغا قارىغاندا ، بۇ بىر بولسا داڭلىق ئوغرى ، بىر بولسا قېچىپ يۈرگەن بۇزۇق كاتتىۋاش ، ئېيتقىنا ئەپەندى ، سەن زادى قايسىسى ؟

— ھەر ئىككىلىسى ئەمەس ، — دېدى بايىقى ئادەم ، «بۆرە» نىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — بۇ كىشى چوڭ ئالىم ، بىزنىڭ ھاشىر شۇجىنىڭ دوستى ، ئاڭلىغانسىز ، ھاشىر شۇجىنى قويۇۋېتىدىغان بوپتۇ .

— نېمە دەيدىغانسىز ؟ — مەن ۋارقىرىغۇدەك تاسلا قالدىم ، — بۇ قانداق گەپ زادى ؟

— مەن يېقىندا ناھىيىدە ئېچىلغان بىر جىددىي يىغىنغا قات-ناشتىم ، يۇقىرىدىن «بىرگە زەربە بېرىش ، ئۈچكە قارشى تۇ-رۇش» ھەرىكىتىدە كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ، يالغان دېلولارنى جىددىي تەكشۈرۈشنى قارار قىپتۇ .

كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش قويۇلدى . بىردىنلا ئېسىمگە ساۋۇتوف بىلەن نادىروف كەلدى - دە ، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ يىغلىۋې-تىشكە تاسلا قالدىم . پاخمىل ئۈچۈن پىيالىگە قويۇلغان ھاراقنى تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن ئالدىم - دە ، ئۇن - تىنسىز ئېچىۋەتتىم .

— مانا ، مانا قارا ! — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى «بۆرە» ، — بۇ راستتىنلا قېچىپ يۈرگەن كاتتىۋاش ئوخشايدۇ .

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھېچكىم كۈلمىدى ، ھېلىقى كىشى پىيالىگە

يەنە ھاراق قۇيدى . مەن گەپمۇ قىلماي پىيالىنى قولۇمغا يەنە ئالدىم ـ دە ، ماڭا تىكىلگەن بەش ـ ئالتە جۈپ كۆزگە قاراپمۇ قويماستىن نەدىندۇر ئاڭلىغان شېئىر مىسرالىرىنى ئوقۇدۇم :

ئىچەي ساقىي ، خۇشاللىقتىن ياقامنى چاك ئېتەي ساقىي ،
ۋاپا ئەھلىگە باش قويدۇم ، يېشىم سەل ـ سەل نېتەي ساقىي .
ۋىسال سەھراسىدا تەنھا ھودۇققان جان كەبى كەزدىم ،
بۈگۈن مۇراد ئادا بولدى ، پىغان ـ دەردىسىز كېتەي ساقىي !...

ھاراق بىلەن كۆز ياشلىرىمنى قوشۇپ ئىچتىم .

— بۇ كىمنىڭ شېئىرى ؟

— نەۋائىنىڭمۇ ، ئۆمەر ھەييامنىڭمۇ ، مەشرەپنىڭمۇ ؟

— ئۆزىنىڭ ، ھازىرلا توقۇدى . شۇنداقمۇ ؟

ئۇلار ھەرنېمە دېيىشتى ، سوئاللىرى جاۋابسىز قېلىشتى . مەن ھېلىقى ماڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچىگە قارىدىم :

— سىز كىم ، نېمە ئىش قىلىسىز ؟

— ئىسمىم داۋۇت ، گوڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىمەن .

— بۇرۇن نېمە ئىش قىلاتتىڭىز ؟

— ئوقۇتقۇچى ئىدىم . مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن گوڭشې پارتكومىنىڭ تەشۋىقات ھەيئىتى بولۇپ گوڭشېغا يۆتكەلگەن .

— سىز ھاشىرنى بىلەتتىڭىزمۇ ؟

— مەن ئۇ ئادەمگە ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن . بىزنىڭ ناھىيەدىن چىققان ئوقۇمۇشلۇق ، يارامىلىق يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنىلا بىلىمەن . سىزنىمۇ 1956 ـ يىلىدىن تارتىپ بىلىمەن . سىز ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ياشلار ئىتتىپاقى

كومىتېت شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىمىزدا بىر قېتىم باشلان-
غۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا «غايە ۋە ئەخلاق» دېگەن
تېمىدا دوكلات بەرگەن . شۇ چاغدا مەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ-
تە ئىتتىپاق شۇجىسى ئىدىم .

مەن سەپداش تاپتىم ، 1969 ـ يىلى ئەتىيازدىن تارتىپ ھا-
زىرغىچە خورلىنىش ، قېچىش ، مۈكۈش بىلەن بولۇپ ، ئۆزۈمنى
تولىمۇ بىچارە ، يېتىم ھېسابلاپ يۈرگەنىكەنمەن . مېنىمۇ ئۆز قەل-
بىدە ھۆرمەتلىك نام بىلەن ساقلاپ يۈرگەن ئادەملەر بار ئىكەن .

مۇشۇ كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ تۇنجى قېتىم باشقىلارغا ئۆز
ئۆيۈمدە چاي بەردىم . بىر پاقلان سويۇش بۇ يەردە ئادەتتىكى ئىش ،
بۇنىڭ ئۈچۈن بەش سوم سەرپ قىلساملا كۇپايە . مەن بۇ يەرگە
كېلىپ تۇنجى قېتىم ئازادە ، ئادەم سىياقى كۆلدۈم ، شىركەيپ
بولۇپ ناخشا ئېيتتىم . ئەتىسى مەن گۇڭشېدىن يېڭى ۋەزىپە تاپشۇ-
رۇۋالدىم . «بۆرە» ناھىيە بويىچە «جانلىق ئۆگىنىپ ، جانلىق
ئىشلىتىش ئاكتىپى» بولۇپ باھالىنىپتۇ . ئۇ ئوبلاستقا ، ئاپتونوم
رايونغا ئىلغارلار بىلەن ئۇچرىشىشقا بارارمىش ، ئۇ يەردە تاللانسا
پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «جانلىق ئۆگىنىپ ، جانلىق ئىشلىتىش
ئىلغارلىرى يىغىنى»غا قاتنىشارمىش . بۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ما-
تېرىيالى ياخشى يېزىلمىسا بولمىغۇدەك . مەن ئۇنىڭ «ئىش ئىزلى-
رى» بويىچە يېزىلغان ھازىرقى ماتېرىيالنى باشقىدىن تېخىمۇ
«گەۋدىلەندۈرۈپ» يېزىپ چىقىدىكەنمەن . مەن ياق دېيەلمىدىم .
ماڭا «بۆرە»نىڭ ماتېرىياللىرى بىلەن «ئۆزۈندى» بېرىلدى . دې-
مەك ، ئۆزۈندىگە سېلىپ ماتېرىيال يازىدىغان گەپ . مەن بۇ خۇ-
شاللىق بىلەن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداش ئۈچۈن ،
ئەتىسىدىن باشلاپ بۆرە بىلەن قايتىدىن سىرداشتىم . «بۆرە»
راست گەپنى قىلغاندا ، تۆت ئەسىرنىڭ ماۋزۇسىدىن باشقا بىرمۇ
ئۆزۈندىنى يادقا بىلمەيدىكەن . سەۋەبى ، ئۇ قىزىل تاشلىق كىتاب-

لارنى ئوقۇمايدىكەن . ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى پەنەركىدىن ياسال-
غان ئۇزۇندى تاختىسىغا سېرىق سىر بىلەن : «بىزنىڭ ئىشلىرى-
مىزغا رەھبەرلىك قىلغۇچى خېشىن كۈچ — جۇڭگو گۇڭچەنداڭى ،
بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى نەزەرىيىۋى ئاساس —
ماركسىزم - لېنىنىزم» دېگەن ئۇزۇندى يېزىلغان بولسىمۇ ، «بۇ-
رە» بۇ ئۇزۇندىنى تولۇق يادلىۋالماپتۇ . مەن بۇ «ئىلغار شەخس»
كە ھەيران قالدىم . ئۇنىڭدا قاراملىق ، ئىشچانلىقتىن باشقا نە غايە ،
نە ئاڭ ، نە ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يوق ئىكەن . ئۇ ئۆز ئىشلىرىنى
سۆزلەشنىمۇ خالىمايدىكەن . ئۇ تەسىرات سۆزلەش يىغىنى بولىدى-
غان ئورۇنغا بارسىلا غالىلداپ تىترەپ ، چىلىقلاپ تەرلەيدىكەن .
ئۇنىڭ كەلكۈن بىلەن ئېلىشىشى ، قويلارغا ھۇجۇم قىلغان بۆرىگە
قورۇق قول بىلەن تاشلىنىپ بۆرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ، «قار كۆچ-
تى» ئاپىتىگە ئۇچراپ كۆمۈلۈپ قالغان چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى
قارنى تاتىلاپ كىرىپ تاپقانلىقى ، سايىنىڭ تاپىنىغا غۇلاپ چۈشكەن
بايتالنى قۇتقۇزىمەن دەپ توڭلاپ ئۆلگىلى تاس قالغانلىقى ، بىنەمدە
بۇغداي ئوغرىلىرى بىلەن ئېلىشىپ خەنجەر ، كالتەك بىلەن قورال-
لانغان ئۈچ ئوغرىنى ئۆزى يالغۇز تۇتۇپ باغلاپ ، قەھرىمانلىق
كۆرسەتكەنلىكى... قاتارلىق خېيىمخەتەرگە قارىماي قورقۇمسىزلىق
بىلەن قىلغان ئىشلىرى زادىلا مۇبالىغە بولمىسىمۇ ، بۇ ئىشلىرىنى
مەن رەتلەپ ھالقىلىق پەيتلىرىدە «خەلق مەنپەئەتى» ، «تەي-
شەن تېغى» ، «جاڭ سىدى» ، «بېتيونلارنى ئويلىغانلىقى» ، «مۇ-
ناسىۋەتلىك ئۇزۇندىلەرنى تەكرارلىغانلىقى» ، «كوللېكتىپنى ،
سوتسىيالىزمنى ھەر دائىم قەلبىدە يادلاپ تۇرغانلىقى» قاتارلىق
دەۋر مودىسى بولغان سۆزلەر بىلەن باغلاشتۇرۇپ يېزىپ ئۆزىگە
ئوقۇپ بەرگىنىمدە ، ئۇ ئاۋۋال قىزاردى ، كۆكەردى ، ئاخىر تاقەت
قىلالماي :

— ئىتنىڭ بالىسى ، يالغاننى قويىدىكەنسەنغۇ ؟ مەن نەدە بۇن-

داق قىلدىم؟ — دەپ تېرىكتى. لېكىن داۋۇت فۇجۇرىن قوشۇمى-
سىنى تۈرۈپ:
— نېمە، سەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىمۇ يالغانچى
قىلماقچىمۇ؟ — دېگەندىن كېيىنلا موخوركا ئوراپ جىم بولۇپ
قالدى. ماتېرىيال ياخشى يېزىلغان، مەن ئۆزۈممۇ ئۆز قەلەم
كۈچۈمگە قايىل بولدۇم. مەندە تۇيۇقسىزلا ئەدەبىي ئەسەر يېزىش
ئارزۇسى پەيدا بولدى. داۋۇت مېنى ماختىغىلى تۇردى:
— ئەزىبرايى، مەن بۇنچىلىك ماتېرىيال يېزىلار دەپ ئويلى-
مىغان. رەھمەت سىزگە، كۆپ رەھمەت. بۇ ماتېرىيال بىلەن
بىزنىڭ بۆرە پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلىدۇ. بىزنىڭ گۆشىنىڭمۇ
پۈتۈن مەملىكەتكە شۆھرىتى تارقىلىدۇ. داجەيچە پەلەمپەي ئېتىز-
لارنىڭ مو سانى بىلەن ئاياللار بىلەن باللارنى ئىشقا سېلىپ
توپلىغان ئوغۇتنىڭ سانى ئاز بولۇپ قاپتۇ. بىرى كېلىپ ئۆلچەيد-
تىمۇ، سانىنى يەنە ئىككى باراۋەر ئاشۇرايلى.
— چۈشەندىم، — دېدى «بۆرە» تۆمۈردەك كۆكرىپ، —
گۆشىنىڭ نام - ئاتىقى ئۈچۈن لاپ ئۇرىدىكەنمەن، شۇنداقمۇ
داۋۇتۇم؟
— شۇنداق، ھەقىقىي قەھرىمانلىق كۆرسىتىدىغان ۋاقتىڭ
ئەمدى كەلدى، ئەلا ئەپەندى يازغان بۇ ماتېرىيالنى ساڭا ئېزىپ
ئىچۈرىمىز، بىلدىڭمۇ، يادلايسەن، زىر - زەۋىرىنى قويماي يادلاي-
سەن، ماڭ، ئورۇن - كۆرپەڭنى تاڭ، ساڭا ئەمدى گۆشىدىن
ياتاق بېرىمىز، باش تارتساڭ، بۇ بىر سىياسىي مەسىلە بولىدۇ.
ئۈچىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قويۇشتۇق.
«بۆرە» بىلەن شۇ كۈنى خوشلاشتىم. ئۇنىڭ بېشى چۈشكەن،
بۇرۇتى سالپايغان، چىرايى قارىدىغانىدى. مەن ئۇنىڭ روھىنى
كۆتۈرۈش ئۈچۈن چاقچاق قىلدىم.
— بۆرە، «ئىتنىڭ بالىسى» دەيدىغان گېپىڭنى تاشلاپ كەت

جۇمۇ ، ئاۋۇ يادلايدىغان ماتېرىيالغا قېتىۋالساڭ ، بېشىڭغا بالا تاپىسەن .

— ئاخىرقى قېتىم بىر دەۋالاي ، — دېدى ئۇ ئويناقلاپ تۇرىدىغان ئېتىغا مىنىۋېتىپ ، — نەدىنمۇ بۇ مەھەللىگە كەلگەندەن ، يوق يەردىن ئىش تېپىپ ، ئىتنىڭ بالىسى !

«بۆرە» كەتكەندىن كېيىن مەن تويۇقسىزلا خۇددى بايرۇن ئېيتقاندەك ، بىرلا كېچىدە داڭق قازىنىپ بۇ يەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئادىمى بولۇپ قالدىم . كوچىغا چىقسام چوڭلارمۇ ماڭا سالام بېرىدىغان ، مەھەللە ياشلىرى ئاخشىمى ئۆيۈمگە كېلىپ چېك تۇرۇۋېلىپ مەشرەپلەرگە ئېلىپ بارىدىغان ، مېنىڭ دۇتارىم بىلەن ناخشامنى ئاياللارمۇ دېرىزە پەنجىرىلىرى ئاستىدا ئۆمىلىشىپ يۈرۈپ ئاڭلايدىغان ، ئاخىر مانا باشقا يېزىلاردىن ھارۋا ، ئات ئەكېلىپ مېنى «بىر چىنە چاي»غا تەكلىپ قىلىشىدىغان بولۇۋېلىشتى . مەن ھەر كۈنى كۈندۈزى ئوقۇپ ، يېزىش ، يادلاش بىلەن بولىمەن ، ئەكەلگەن كىتاب ۋە قولىيازمىلىرىم ئىشلىنىپ بولدى ، مەن تولاراق يازىمەن ، ئىلمىي ماقالە ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ يازىمەن ، يازغان قولىيازمىلىرىمنىمۇ بىر كىچىك ياغاچ ساندۇققا توشتى ، لېكىن ئاخشاملىرى كۆپىنچە ياشلار بىلەن يېرىم كېچىگىچە ھەپىلىشىمەن . ئۇلار ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ سەۋىيىلىك گۈكشي ئەزالىرى ، يېزا مۇئەللىملىرى ، تۆۋەنگە چۈشكەن ۋە جازالانغان كادىرلار ، ئۇلار ئەدەبىيات ، ساز ھەۋەسكارلىرى ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەممىگىلا قىزىقىدىغان قىزغىن ياشلار ، يەنە بەزىلىرى پاراڭ خۇمارلىرى . ئۇلار بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ گەپلەرنى تارقىتىۋاتقان مۇنۇ ئورۇق ، سالماق ، كۈلكىسى كەم ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كېلىشكەن . ئۇلار ئايدىڭ باھار كېچىلىرى غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازلىرى بىلەن مېنى دوراپ ناخشا توۋلاپ ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ . مانا ،

قاشا ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ تاماكا تۇتاشتۇرغان، پاراڭلىشىۋاتقان
ئىككى يىگىتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— قالتىسكەن - ھە؟

— پاھ، ئاجايىپ.

— بويتاق ئىكەن، داداڭغا دە، ھەدەڭنى چېتىپ قويسۇن.

— ئۇنىسىلا جان دەپ بېرەتتۇق، لېكىن بۇ تەكشى ئادەم
ئەمەس جۇمۇ، ھۆكۈمەت چوڭ يەرگە ئەكېتىدۇ ئۇنى.

مەن يۆتىلىپ قويدۇم، ئۇلار قاچتى. ئۇلارنىڭ ئاددىي سۆھ-
بىتى ماڭا بىر كېچە ئۇيقۇ بەرمىدى. مەن ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ نامى
بىلەن گۈزەللىكىنى، «چوڭ يەر» دېگەن سۆزى بىلەن كەلگۈسى
توغرىسىدىكى پىلانلىرىمنى كېچىچە ئويلاشقا مەجبۇر بولدۇم. گۈ-
زەللىكى توغرىسىدىكى خىيالدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن كۆپىن-
چە كېچىلىرى ئۆيدە يېتىپ ئوقۇغان كىتابلىرىمدىكى ئاجايىپ
ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئۇلارنىڭ ئىش شارائىتى، كىتابخا-
نا، لېكسىيە زاللىرىدىكى جىددىي، تاقىر باش، كۆزەينەك، پاخمە-
ۋاش... ھەر خىل بەلگىلىرى بىلەن كىشى ئېسىدە قالىدىغان
ئالىملار، ئاسپىرانت - ستۇدېنتلار توغرىسىدا ئويلايمەن. شۇلارنى
ئويلىسامىلا، ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرتىنىمەن، ئازاب بىلەن تولغىنى-
مەن. مەن تىل، تارىخ، ئەدەبىيات، پەلسەپە ۋە باشقا بىلىملەرنى
ئون بەش يىلدىن بېرى سىستېمىلىق خاتىرە يېزىپ، كارتا قالدۇ-
رۇپ، ئىلمىي ماقالە يېزىش يولى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈپ، يادلاپ،
تەكرارلاپ، كەلگۈسىدە بولىدىغان زور ئىلمىي ئەمگەككە ئۆزۈمنى
تەييارلىدىم. بۇ ياخشى نىيىتىم ئۈچۈن زەربە يەپ، ئۆلۈم جازاسى-
دىن تەستە قۇتۇلدۇم. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەيلى دەيمەن، لېكىن
ھازىرمۇ ماڭا ئىلمىي ئىش ئۈچۈن ئىمكان يوق. گېزىت - ژۇر-
نال، رادىئولاردىن ئىلمىي ئەمگەك توغرىسىدا بىرەر ياخشى خەۋەر
چىقارمىكىن دەپ شۇنچە ئىزدىنىمەن، لېكىن ھېچقانداق ياخشى

خەۋەر تاپالمايمەن . مەن قاچانغىچە ئوقۇيمەن ، قاچانغىچە يادلاي-
مەن ؟ مېنىڭ قىران چاغلىرىم مانا مۇشۇنداق تەييارلىنىش ، كۆ-
تۈش بىلەن ئۆتۈپ كېتەمدۇ ؟ مەن ئۇنتۇغاق ، ماغدۇرسىز بىر
بوۋايغا ئايلانغاندا ، قانچىلىك ئىش قىلالايمەن ؟ دۇرۇس ، مەن
ئېچىمگە پاتمايۋاتقان ئارزۇ - ھەۋەسلىرىمنى بېسىش ، كەلگۈسىگە
ئاساس قىلىش ئۈچۈن ، ھەر خىل تېمىلاردا ئەللىك - ئاتمىش
پارچىدەك ئىلمىي ئوچېرك يازدىم . ئۇلارنىڭ بىرلىرى داڭلىق
ئەدىبلەرنى تونۇشتۇرۇشقا قارىتىلغان ، مەسىلەن ، فرانسۇز يازغۇ-
چىسى سارتىرنىڭ «فلائوبېر» دېگەن ئەسىرى ، ستېندالنىڭ
«راسىنى ۋە شېكىسپېر» دېگەن ئەسىرى ، ئۇلۇغ داھىي لېنىننىڭ
«گىرىتسىننى خاتىرىلەش» ، «لېۋ تولستوي توغرىسىدا» دېگەن
ئەسەرلىرى قاتارلىقلارغا تەقلىد قىلىنغان ئەسەرلەردىن «يۈسۈپ
خاس ھاجىپ ۋە قۇتادغۇبىلىگ» ، «موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ
نازىمى ۋە ئۇنىڭ غازات دەرمولكى چىن ناملىق ئەسىرى» دېگەندەك
نەرسىلەر ، يەنە بىر قىسمىلىرى ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇشقا قارى-
تىلغان ، مەسىلەن ، «زەپەرنامە داستانىدىكى تارىخىي چىنلىق توغ-
رىسىدا» ، «مەنسۇر ئەللاجى راستتىنلا سېپى ئۆزىدىن سوپىزم
ۋەكىلىمۇ ؟» دېگەندەكلەر ، يەنە بىر قىسمىلىرى چەت ئەل يازغۇ-
چىلىرى ئۈستىدە يازغان خاتىرىلىرىم ، زور تارىخىي ۋەقەلەرگە
ئائىت تەتقىقات ماتېرىياللار كاتولىكى ئۈستىدىكى ئىزاھاتلىرىم ،
يەنە بەزىلىرى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر كۆزقاراشلىرىم قاتار-
لىقلار...

بۇ نەرسىلەر چالا ، ئالدىراپ يېزىلغان نەرسىلەر بولسىمۇ ،
ئۇلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئىلمىي قىممىتى بار . بۇ نەرسىلىرىمنى
خەلققە تەقدىم قىلىشنى ، ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ، تارىخى ۋە
ئېتنوگرافىيىسى ئۈستىدىكى يورۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان زۆرۈر
تېمىلاردا ئۆز قاراشلىرىمنى دوستلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى تولىمۇ

ئارزۇ قىلاتتىم. مەن قاچانغىچە يېزىپ تاشلاپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىمەن؟

خىياللار مېنى ئازابلايدۇ، ئارزۇ، ئۈمىد مېنى ۋەسۋەسىگە سالىدۇ. لېكىن، مەن ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنى ئويلايمەن - دە، ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىمەن: «ئۈچ ۋاخلىقىغا ساپلا زاغرا يەپ، جۇل - جۇل كىيىم بىلەن يۈرۈۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئارزۇسى يوقمۇ؟ ئۇلار مايلىق تاماق، ئىسسىق كىيىم، پاكىز - ئازادە ئۆيلەرنى ئارزۇ قىلمامدۇ؟»

ئويقۇم قاچتى. جىمجىت كېچىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئۆيۈمنىڭ كەينىدىكى دۆڭ ھازىر دۇخاۋىدەك چىمەن بىلەن قاپلانغان، ئىللىق باھار شامىلى تاغنىڭ دېۋىرقاي پۇرىقى بىلەن گۈللەر ھىدى ئارىلاشقان غول ئىپارلىرىنى بۇرنۇڭغا ئۇرىدۇ، سەن راھەتلىنىسەن، قارىغات، بۆلدۈرگەنلەردىن لەمپە بولۇپ قالىدىغان، شەبنەملىرى سۈزۈك ساي تاپانلىرى بىلەن، ھەسەل ھەرىلىرى غوڭۇلداپ تۇرىدىغان بۈك چاتقاللار ئارىسىدا تولغىنىپ، ئويناقشىپ ئاقىدىغان تاغ سۇلىرىغا رەھمەت ئېيتقۇڭ، ئۇلارنىڭ قوينىدا ئېغىنىغۇڭ كېلىدۇ.

مەن توقۇلما ياقىلىق پاختىلىق چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ دۆڭدىكى يۇمران مايسىلار ئۈستىدە يانپاشلىدىم، كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ۋىل - ۋىل ئوت چېكىتلىرى (بۇ ئەلۋەتتە چوڭ ئۇرانكانى - تالدى غولى) كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۈشكىلىك تېغىغا قارىدىم. ئاشۇ بايتوقاينىڭ جىمجىت يېزىسىدا، مېنىڭ دىلئارامىم مومىسىنىڭ بوينىغا قولىنى سېلىپ ئۇخلاۋاتىدىغاندۇ. ئۇ بۇ يىل سەككىز ياشقا كىردى. ئۇ مېنىڭ پۇشتۇمدىن بولمىغىنى بىلەن ھاياتىمدىكى بىر خۇشاللىقىم، بىچارە كىچىك ئاپام قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ ئەتىلا ماڭسام، ئەمدى ئادەم تۇتمىغاندىكىن بالامنىڭ يېنىغا بارسام، ئوغلۇم ئەلىنى ئىزدەپ تاپسام، بىر جۈپ بالام بىلەن قالغان

ھاياتىمنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگىلى، ئۆزۈم قىلالمىغان ئىشلارنى بالىلىرىمغا تاپشۇرغىلى بولاتتىغۇ؟ لېكىن، «بۆرە» كەلمەي تۇ-رۇپ بۇ يەردىن كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ماڭا ئىشەنچلىك خەۋەر ئەكېلىشى كېرەك. ئۇ غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ ئارۇپ بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدە بەرگەن. ئۇ ئارۇپنى ئېلىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن، دىدارلىشىشقا ئاز قالدى، بەلكى مېنىڭ ئارزۇلىرىم ئىشقا ئاشىدى-غان كۈنلەرمۇ يىراقتا ئەمەستۇ...

ھويلامنىڭ ئالدىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ قولچىرىغىياندى. مەن «بۆرە» كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ، نېرىقى چىغىر يول بىلەن ئالدىراپ مېڭىپ چوڭ يولغا چۈشتۈم.

—كىم؟

— مەن...— ئايال كىشىنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سىز؟ — مەن چۆچۈپ توختىدىم، — بىر ئىش بولدىمۇ؟

دېھقانلار دائىم مەندىن ھاجىتى ئۈچۈن بىرنەچچە سوم پۇل ئۆتنە سوراپ كېچىسى كېلەتتى. مەن دەرھال ئايالنى كەتكۈزۈۋې-تىش ئۈچۈن يانچۇقۇمنى كولىدىم.

— مەن... زەينەپ ... — دېدى ئايال پەس ئاۋازدا غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، — ئۆزۈمچىلا... نېمە قىلىۋاتىدىكىن دەپ...

— خاپا بولماڭ، زەينەپ سىڭلىم، ئىشىڭىز بولسا كۈندۈزى كېلىڭ.

— كۈندۈزى؟ — ئۇ ماڭا يېقىنلاشتى. مەن داجىدىم، — سىز ماڭا ئوخشاش ئايال كىشى بولغان بولسىڭىز، ماڭا ئوخشاش تۇل چوكان بولغان بولسىڭىز، كۈندۈزى يىگىتلەرنىڭكىگە ھاجەت بىلەن كېلەتتىڭىزمۇ؟

ئاسماندىكى تېخى تولمىغان ئاي ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئاستا شۇڭغۇپ چىقتى.

— مەن سىزنى چۈشىنەلمىدىم، سىڭلىم.

— ئۆيىڭىزگە باشلاڭ، — دېدى ئۇ ئېڭىكىدىن تېڭىۋالغان گەرىس ياغلىقىنىڭ چۇچىسىنى بارماقلىرى بىلەن تىتىپ تۇرۇپ، ماڭا سىڭايان قاراپ. ئۇنىڭ ياغلىقتىن دوپدومىلاق، بولۇق چىقىپ تۇرغان مەڭزى، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن غۇۋا ئاي نۇرىدا قارامتۇل يۇپقا پەردە ئىچىگە يوشۇرۇنغاندەك كۆرۈنگەن چىرايى، قىيغاچ قېشى ماڭا بىردىنلا «تىنچ دون» رومانىدىكى شوخ چوكان ئاكسىنىيەنىڭ چۆپ چاپقىلى چىققان يەردە گېرىگورى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقتىدىكى تەسۋىرنى ئەسلەتتى. لېكىن مەن گېرىگورىنىڭ رولىنى ئەپلەشتۈرەلمىدىم.

— كېتىڭ سىڭلىم، تېز كېتىڭ، راست، گەپكە ئىشىنىڭ، مەن سىزنىڭ كۈتكەن يېرىڭىزدىن چىقالمايمەن، بىلەمسىز، مەن بۇ خىل ئىشلاردىن ئاللىقاچان قول ئۈزگەنمەن.

— سىز ئەر ئەمەسمۇ؟ — ئايالنىڭ قوپال، مەسخىرە، تەنە ئارىلاش ئاۋازى ئاڭلاندى.

— شۇنداقراق، مېنىڭ كۆڭلۈم ئۆلگەن. مەن ئاياللار بىلەن پاراڭلىشىشنىمۇ خالىمايمەن. پەقەت ياشاشنىلا خالايمەن، تېزرەك كېتىڭ!

مەن شۇنداق دېدىم - دە، هويلامغا تېز كىرىپ قوش قاناتلىق كونا ئىشىكىمگە كىلىتاڭ سالدىم. بىردەمدىن كېيىن زەينەپنىڭ:

— يالغانچى، قورقۇنچاق! — دېگىنى ۋە شىپىرلاپ ماڭغىنى ئاڭلاندى.

ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن ياشامدۇ؟ بىر - بىرىگە بېقىنىپ، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، يامان كۆرۈپ، خارلاپ، تىللاپ - قارغاپ ھەتتا قەستلەپ ياشايدۇ. دۇنيادا ئۆزگىگە تەلپۈنمەيدىغانمۇ يۈرەك بارمىدۇ؟ ئاھ زەينەپ، مېنى كەچۈرۈڭ، سىزگە قوپاللىق قىلماسلىققا، يالغان ئېيتماسلىققا، سىزدىن قورقماسلىققا ئىلاجىم يوق.

## 2

«بۆرە» ئون كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى . مەن ئۇ قايتىپ كەلگەن ئاخشىمىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردىم ، ئۇنىڭ كەيپى كەتكەن ۋاقىتىدىكىدىن ياخشى ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى . ئۇ كۆكرىكىگە قادالغان يوغان ئىزناكتىن نومۇس قىلىپ ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى . ئادەم ئايىغى بېسىلغاندا ئۇنىڭكىگە كىردىم . ئۇ قولتۇقىغا قوپال گۈللۈك ماموق ياستۇقنى قىستۇرۇپ ، بىر كىتابنى ۋاراقلاپ ئەس-نەپ ، يانپاشلاپ ياتقانىكەن ، ئۇ سالىمىمنى تەستە ئىلىك ئالدى - دە ، يېنىدىكى كۆرپىنى شەرت قىلىپ :

— كەل ، ئەپەندى ، — دەپ قويدى .

— قانداقراق ؟

— ماڭا يوق يەردىن ئىش تېپىپ بەردىڭ ، بىلەمسەن ، سېنىڭ ھېلىقى مەدەنىي گەپلىرىڭنى يادلىماق قۇلىيانى يادلىماقتىنمۇ تەس چۈشتى . تاسلا قالدىم ، شۇجىلىقىڭنىمۇ ، ئاكتىپلىقىڭنىمۇ ئالە ، دەپ پەشنى قىقىپ قاچقىلى . ئۆمرۈمدە بۇنداق قىيىن ئىشنى كۆرمىگەن ، غۇنجىنىنىڭ ئازابىنى كۆرسەتتى ، تۆتلىك ئېتىمدىن چۈشۈپ كەتتىم !

— نېمىلا قىلغان بىلەن ئاكتىپ بولماق ، بىزدەك گېزەندە بولماقتىن ياخشى دېگىنە .

— قۇرۇسۇن ، ئاكتىپلىقنى ئېلىپ ، ئون قېتىم گېزەندە بول ، ناھىيىدىن ئۇرۇمچىگە ئۆملەپ بارغىن دېسىمۇ مەيلى دەيت-تىم . يادلىماقنىڭ تەسلىكى ، نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلىمەكچۇ تېخى ؟ توۋا دەيمەن باياتىن ، قىلغان ئىشىمنىڭ تايىنى يوق ، ئۇرۇق كالىنىڭ تېزىكى چوڭ دېگەن مۇشۇدە . ئۆيلە-مىغان ئىشنى ئۆيلىدىم دېدىم ، تېرىقتەك ئىشنى كاۋدەك قىلدىم . ھەممىنى قىلغان سەن ، يالغاننى قاملاشتۇرۇپ يازمىغان بولساڭ ،

ماڭا بۇ كۈن يوق، ئىتنىڭ بالىسى!

— داۋۇتۇمنىڭ دېگىنىنى قىلدىم، داۋۇتۇمۇ يەنە بىر ئاكىسىنىڭ دېگىنىنى قىلدى. بىز كۆپچىلىكنى ئالدايمىز، كۆپچىلىك بىزنى ئالدايدۇ. بىر - بىرىمىزنى ئالداپ ئۆتىدىغان ئوخشايمىز. ئالداشنى بىلمىسەڭ، بىزنىڭ ھاشىردەك سوتلىنىسەن!

— بۇ گېپىڭ جايىدا. ئەزالارمۇ دۇيجاڭلارنى ئالدايدۇ دېگىنە، ئەپلەپ - سەپلەپ نومۇر ئېلىشنىلا بىلىدۇ. مالچىلارچۇ؟ گۆش يېگۈسى كەلسە، مال دوختۇرىنىڭ گېلىنى مايلايدۇ. مال دوختۇرى ساق قويلارنى كېسەل دەپ خەت قىلىپ بېرىدۇ. بىر قورۇ قوينىڭ يېرىمى ئارانلا قىشتىن چىقىدۇ. بىزمۇ گۆشنى ئالدايمىز، گۆشى ناھىيىنى ئالدايدۇ. ماڭا قويۇپ بەرسە، يالغان سۆزلىمەيدىغان، ئالدىمايدىغان ئىتنىڭ بالىلىرىنى ئاكتىپ قىلاتتىم، بىزگە ئوخشاش كاززاپلارنىڭ تىلىنى داغلايتتىم. ساڭا ئوخشاش يالغاننى قاملاشتۇرىدىغانلارنىڭ قولىغا مىتىن تۇتقۇزۇپ، توك چاپتۇرۇپ، قىغ يىغدۇراتتىم. ئەمگەك يالغاننى خالىمايدۇ. يەرنى ئالدىغىلى، مالغا ئەپسۇن ئوقۇغىلى بولمايدۇ. ھەي خوتۇن، قېتىپ قالدىڭمۇ، مېھمان كەلگىلى نەۋاخ، ھېچ چىيىڭ كەلمەيدىغۇ؟

— يەڭگەم خاپا، بازارلىقىڭنىڭ تايىنى يوق ئوخشىمامدۇ؟

— «قاسقىر ئاۋۇز» يالغانچىلىقنى ئۆگىنىۋالدى، ئەمدى ئۆسۈپ كېتىدۇ، مەندىن چانسا قانداق قىلارمەن دەپ غەمدە قالدى، يەڭگەڭ!

چاي ئورنىغا شورپا، نان ئورنىغا گۆش كەلتۈرۈلدى. ئائىلىنىڭ چوڭ ئوغلى قولىدىكى كىچىككىنە داس بىلەن مۇرىسىدىكى لۆڭگىسىنى جايىغا قويۇپ دادىسىغا قارىدى. دادىسى كىتابنى بالىسىغا ئۇزىتىپ:

— قاتلاپ قويغان يەرلەرنى يادلا، يادلاشنى بىلمىسەڭ، چاتاق

ئىكەن ، يادلىمىساڭ دورىيالمايدىكەنسەن ، دورىيالمىساڭ ، ساقايالىش نەدە ؟ مەن ئاكتىپ بولۇۋىدىم ، قارىمامسەن ئەلا ، ئوغلۇممۇ ئاكتىپ ياشلارنىڭ ۋەكىلى بوپتۇ . ئەمدى ئۆي خوتۇنلىرىغا نۆۋەت كەلگەندە ، بىزنىڭ خوتۇنمۇ سەھنىدە ئورۇن ئالىدىغان ئوخشايدۇ . توۋا ، ھېلىقى قارىغۇ قەھرىمانىنى دېمەمسەن ، قارىغۇ تۇرۇپ تۆت مودىن بىنەم ئورۇپتۇ ، خامانغا كەلگەن ئوغرىلارنىڭ كىملىكىنى بىلىۋاپتۇ . ئاڭلىدىڭمۇ بالام ، داداڭ قالتىس قەھرىمانلار بىلەن ئۇچراشتى . لېكىنزە ، ئەلا ئەپەندى ، ھاراق ئىچەلمەي گېلىم ، ئادەم تىللىيالماي تىلىم قىچىشىپ ، ئىتتەك زېرىكتىم !

مەن ئۇنىڭ مەسخىرە ـ تەنە بىلەن تولغان سۆزلىرىدىن ۋىجدان ئازابى تارتقانلىقىنى بىلدىم . ئۇ چۆلدە ئۆسكەن يولۋاس ، ئۇ قانداقمۇ قەپەسكە كۆنسۇن ، ئۇنىڭ پىكىرلىرى كەڭرى يايلاقتا قىيغىتىپ يۈرگەن توسۇن ئات ، ئۇ ئات قانداقمۇ تار ئېغىلغا سىغسۇن ؟ ئۇ قانداقمۇ ئۆز خاھىشى بويىچە كېلىپ قونمىغان شان ـ شەرەپ قۇشىنى ، «دۆلەت قۇشى» دېيەلىسۇن ؟

بىز ئىچىشتۇق . ئىككى پىيالە ئاق ھاراق ئۇنىڭ شەھەردىن ئېلىپ كەلگەن چۇمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى . ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ ھەممىسىنى تىللىغىلى ، ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان ئورۇمچىگە ۋەكىل بولۇپ بېرىشتەك شان ـ شەرەپنى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان لاۋزىلىق دېگىلى ، ئۆزىنى بولسا يارامسىز ، پەمسىز ، كېرەكسىز تاغ بۆرىسى دېگىلى تۇردى . مەن گەپنى باشقا ياققا بۇراشقا ئورۇندۇم :

— ھە ، مېنىڭ ئارۇپ ئاغىنەمنى تاپتىڭمۇ ؟

— دېمىدىمما ؟ — دېدى ئۇ يېنىدىكى چىبەرقۇت تۇجۇركىسىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ، — ئۇ خەت ئەۋەتكەنتىغۇ ، قېنى ئۇ ؟ ئىتتىنىڭ بالىلىرى تاش ، ماناپ دېگەنلىرىڭ تازا ئىچمەكچى بولۇپ ئولتۇرغانىكەن ، ئۇستىگە كىرىپتىمەن . كىرىپلا ، ئەلا

ئەپەندىدىن سالام، بىلەمسىلەر، ئۇ ھازىر مېنىڭ كاتىپىم دېدىم.
ھۆرمىتىنىڭ چوڭ ئىكەن جۇمۇ، نامىڭنى ئاڭلاپ ئۇلار ئاۋ-
ۋال بىر - بىرىگە قاراشتى، ئاندىن كېيىن كالپۇكلىرىنى مىدىر-
لىتىشىپ، كۆزلىرىنى مىچىلدىتىشتى، ئاچچىقىم كېلىپ ئۇچە-
ئىنىڭ بېشىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇشتۇرۇپ، ئىتىنىڭ باللىرى،
ئاغىنەڭلارنى سوقۇم قىلىۋەتمىدىم، بېقىۋاتىمەن، نېمىگە يىغلاي-
سىلەر؟ دېۋىدىم، ئۇلار كۈلۈشتى. تۆت ئادەم ئۇن بوتۇلكا «ئىلى
ئالىي سورتلۇق»تىن ئىچىپ، بىر ئۇغلاقنىڭ گۆشىنى يەپ بوپتى-
مىز. پۈتۈن گەپ سېنىڭ ئۈستۈڭدە بولدى. گەپ جىق ئىكەن،
ئۇلار سېنى خۇدا بىلىدىكەن. خوتۇنۇڭ، باللىرىڭ بار ئىكەن،
ھاشىر شۇجى قىيامەتلىك دوستۇڭ ئىكەن. ئۇنداق بولغاندىكىن،
سەن ئەپەندى ماڭىمۇ قىيامەتلىك دوست بولۇشۇڭ لازىم ئىدى.
ئالا كۆڭۈل ئوخشايسەن، مەندىن سىر يوشۇرغىنىڭ نېمىسى؟ سەن
يوشۇرغان بىلەن ئۇلار يوشۇرمىدى. ئۇلار ھېچنېمەڭنى قويماي
دېدى. ئوقۇغان، ئىشلىگەن، يازغانلىرىڭ، مۆككەن - قاچقان،
يىغلىغان، تاياق يېگەنلىرىڭمۇ قالمىدى. مەنمۇ سېنىڭ تاغ ئىچى-
دىن تۈلكىدەك تىمىسقىلاپ چىققانلىقىڭ، ھېلىقى ئۆڭكۈردە ئۈچ
كۈن مىدىرلىماي ياتقانلىقىڭ، ماڭا مۇنۇ تەس سۈرىنى يېزىپ
بەرگەنلىكىڭ، كېچىلىرى جىنچىراغ يورۇقىدا جىنلار بىلەن سۆز-
لىشىدىغانلىقىڭ... ھېچنېمەڭنى قويماي سۆزلىدىم.

— ئۇلار يەنە كىملەرنىڭ گېپىنى قىلدى؟ — مەن تەقەززا
بولۇپ كىمنىڭدۇر خەۋىرىنى بىلمەكچى بولدۇم، — مېنىڭ باللى-
رىم توغرىسىدا نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭ؟

— ھاراق ئىچ! — دېدى ئۇ ماڭا، تۇرۇم - تۇرۇم پېشانىسى
ئاستىدىكى قىزارغان يوغان، كۆكۈچ كۆزلىرى بىلەن سوغۇق
قاراپ قويۇپ، — نەدىن بىلەي؟ ئۈچ بوتۇلكا جۇن ئىچكەن ئادەم-
نىڭ يادىدا نېمىمۇ قالسۇن؟ خوتۇنۇڭ چىرايلىق ئىكەن، ئىتىنىڭ

بالىلىرى، قويۇۋېتىش ئۈچۈن چىرايلىقنى تاللاپ ئالىسىلەر. خوتۇن دېگەننى ئۇستا بېدىكتەك پۇت - قول، چىش - كۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ، ساڭا ئۆمۈر بويى ئاش بولۇشقا كۆزۈڭ يەتكەندىن كېيىن ئېلىشىڭ كېرەك. خوتۇن دېگەن ئىككى ئىشنى قىلىدۇ. بىرىنچىسى، جېنىڭغا جان قوشىدۇ، جان دېگەن بالا، بالىلىرىڭنى تۇغۇپ بېقىپ چىرىغىڭنى ئۆچۈرمەيدۇ دېگەن گەپ بۇ. ئىككىنچىسى، سېنى كۈتىدۇ، تاماق، چۈشەك، كىيىم، ھەتتاكى مېنىڭ تاماكىلىرىمنىمۇ خوتۇن ئوراپ قويىدۇ. ئۇلارسىز جانغا نەدە ئارام بولسۇن؟ سېنىڭ خوتۇنۇڭ چىرايلىق ئىكەن، چىرايلىق دېيىشىۋدى، كۆز ئالدىمغا يۈزلىرى چاۋاياغدەك ئاق، ئاغزىلىرى يېڭى غۇنچىلىغان نامازشامگۈلىدەك كىچىك، ئەۋرىشىم - زىلۋا، گەپ قىلسا ھەممە يېرى تىترەيدىغان بىر ئەركە - نايناق قىز كەلدى. راستمۇ؟ ئەپەندى، ھەممە تارتقۇلۇقۇڭ شۇنىڭ بىلەن باشلانغان. ساڭا چىرايلىق كۆرۈنگەن ئۇ قىزنى بىزنىڭ مۇنۇ يېزىغا ئەكەلسەڭ، ئۆتمەس ماتادەك باھاسى چۈشۈپ كېتىدۇ. بىزگە مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان، پۇت - قوللىرى توم، بەللىرىمۇ ھارۋا ئېتىدەك قاۋۇل قىزلار گۈزەل كۆرۈنىدۇ. مانا شۇنداق قىزلارنى تاللىشىپ، قوللىرىمىزغا قامچا - سويلا ئېلىپ مەيدانغا چىقىشىمىز!

— قويسىڭىزا، نېمانداق بىساپا گەپلەرنى قىلىدىغانسىز، بالىلار ئاڭلىسا ئۇيات ئەمەسمۇ؟ — ئۇنىڭ ئايالى مېھمانخانىغا كىرىپ دېرىزە پەردىلىرىنى تارتىشتۇرۇۋېتىپ ئېرىگە ناز بىلەن تولغىنىپ، لەۋلىرىنى ياساپ، قاپاقلىرىنى سوزۇپ شۇنداق دېدى، — خەت دېدىڭىزما؟ مەن ئۇنى چوكا سالغۇچقا سېلىپ قويغان، ئەپەندىمنىڭ ئىكەن - دە؟

مەن ئۇنىڭ ئۇشۇقىغا چۈشىدىغان قىزىل تامبىلىنىڭ كەڭ پۇشقىقىدىن چىقىپ تۇرغان يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىغا قارىدىم. ئۇنىڭ

تاپانلىرى يېرىلغان ، تىرناقلىرى قوشنىڭكىدەك مەزمۇت ئىدى ، مەن دەرھال كۆزۈمنى قاچۇردۇم . مەن چىقىپ كېتىشىم كېرەك . چۈنكى ، مېنىڭ غىل - پال كۆزۈم چۈشكەن ، سەككىز بالىنى چوڭ قىلغان بۇ تىنىمسىز ئايالغا پۈتۈن زوقى بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان «بۆرە» مەندىن شۇنى تەلەپ قىلماقتا .

— ھاشىر چىقمىدىكەن دېگىنە ؟ — دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇۋې-تىپ ، — مەن ئەمدى ناھىيىگە بىر بارسام بولىدىغان ئوخشايدۇ .

— بىراقلا كېتەمسەن ؟

— ياق ، مەن بىراقلا ساڭا ئەزا بولىمەن .

— گۇڭشېدىن ساڭا تېخى دېمىدىمۇ ؟

— نېمىنى ؟

— سېنى گۇڭشېغا كاتىپ قىلماقچى ، داۋۇت جورىن سېنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ .

— ياق ، مەن ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلاشمايمەن . بۇ يەرنىڭ ئىسمى قورايلىق ئىكەن . مەن ئۆزۈمگە «قورايچى» دەپ تەخەللۇس قويۇپ يېزىقچىلىق ، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمەن .

— نېمە دېدىڭا ، نېمىشقا چۈشەنمەيمەن ، قايسى ئېقلىمنىڭ تىلىدا سۆزلەۋاتىسەن ، ئېتىنىڭ بالىسى ھوي ؟

ئۇ ئورنىدىن تۇردى . مەن ئۇنىڭ مۈرىسىنى قۇچاقلىدىم . مەن تولىمۇ خۇشال ، ئەتىگەنلىكى ھويلامدا تۇرۇپ ساي سۈيى-نىڭ شاۋقۇنلىرىنى ھاياجان بىلەن ئاڭلايمەن ، نېرىقى قاپتالدىكى سېرىق چېچەكلىك قىچا ئېتىزى ماڭا بولەكچىلا گۈزەل كۆرۈنمەك-تە . سايغا تەزىم قىلىپ تۇرغان قىرى سۆگەت شېخىدىكى قۇشلارمۇ ماڭا يېڭىدىن تەبرىكلىگىلى كەلگەندەك كۆرۈنمەكتە ؛ ئېھ ، ئەر-كىنلىك ، سەن قانداق سىرلىق ۋە ئەزىز - ھە ؟ ۋەھىمىسىز ياشى-غان ئادەمگە كۆك ئاسمانمۇ ، ئادەمزاتسىز چۆلمۇ كۇلۇۋاتقاندەك بىلىنىدىكەن . ھاشىر چىقسا ، رازىيە بىلەن تېپىشسا ، مەنمۇ بالد-

لىرىم ، گۈزەللىكى بىلەن مۇنۇ تۇردى بۆرىدەك كۆكۈللۈك ياشى-
سام ، قىممەتلىك ئىشىمنى خاتىرجەم ئىشلىسەم ، ئۇ چاغدا كۆكۈل
جاراھەتلىرىم تېزلا ساقايغان ، نادىرۇق بىلەن ساۋۇتوفلارنىڭ ئار-
مانلىرىمۇ بىزنىڭ قولىمىزدا كامال تاپقان بولماسمىدى ؟ بۇ كۈنلەر
كېلىدىغان ئوخشايدۇ . ئاخشام ئارۇپ بىلەن تاشنىڭ خېتىنى كۆز
ياشلىرىم بىلەن نەمدەپ قايتا - قايتا ئوقۇدۇم . مانا ئادىتىم بويىچە
يادلاپمۇ ۋاپتىمەن : «سالام ، ئۆركىگەن توشقان ، ساڭا تەگلەنگەن
مىلتىقلار يوقالدى ، ئىزىڭغا چۈشكەن ماشكىلار قاپقاندا ، سېنى
ئۆۋلىماقچى بولغانلار يولۋاس - يىلپىزغا دۇچ كەلدى ، قارا بوران
ئۆتۈپ كەتتى . قۇرماش ئۆيىدە ، لېكىن ئۇندىمەس بولۇپ قاپتۇ .
ئوسمان تۈرمىدىن قاچقان ، ھازىر غىچە دېرەكسىز ، زۇلخۇمار دېرى-
كىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەتتى . تاش بىلەن ئارۇپ پاكار
سېنىڭ يولۇڭغا تەقەززا ، ھاشىر سېنىڭ قەھرىمانلىقىڭ ھېسابىغا
ئۆلۈمدىن ئامان قالدى ، ئۇ ھازىر تۈرمىدە ‹ئۇلۇغ غايە› توغرىسىدا
سىياسىي مەھبۇسلارغا لېكسىيە سۆزلەپ ياتقۇدەك . ئۇ يېقىندا
چىقىدۇ - دە ، ناھىيىگە يەنە شۇجى بولىدۇ . ئۇ چاغدا سەن بىلەن
بىزنى يەنە ئىشقا تېگىشىدۇ...» مەن دوستلىرىمنىڭ خېتىدىن
خۇددى بىر ياخشى كىتابتەك ھۇزۇر ئالىمەن . بىز بىر سىنىپتا
ئوقۇغان يىگىتلەر ، ھەممىمىز دېگۈدەك ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرەت-
تۇق ، دوستلىرىمىزغا كىتابلاردىكى ئوخشاش مىجەزلىك ئادەملەر-
نىڭ ئىسىملىرىنى لەقەم قىلىپ قويىۋالاتتۇق . ئارۇپ پاكارنى
بويىغا قاراپ «تىيىر» دېسەك ، يەنە بىر دوستىمىزنى «گىراسىم»
دەپ ، تۇرگىنېفنىڭ «مومو» ناملىق ئەسىرىدىكى كېكەچنىڭ ئىس-
مى بىلەن ئاتايتتۇق . بىرىنى چىچىكوف ، بىرىنى كۆك يىجى ،
بىرىنى ئارتامانوف ، بىرىنى ماھمۇت پوچى[①]... دەيتتۇق . لەقەم-

① «كىتابى غازات دەرمۇلكى چىن»دىكى ياغاچتىن زەمبىرەك ياسىغان شەخس .

سىز بىرىمىز يوق ئىدۇق ، لەقەملىرىمىزگە كۆنۈك ئىدۇق ، لەقەم بىلەن چاقىرسا ، «ھە» دەيتتۇق... مەن دوستلىرىمنىڭ خېتىنى ئوقۇۋېتىپ ، ياشلىق چاغلىرىم ، ئارزۇ ، ئۈمىدكە باي دەۋرىمىزنى ئەسلەپ ، ئىچ - ئىچىمدىن دوستلىرىم بىلەن پەخىرلىنىمەن ، لېكىن ئارۇپ بىلەن تاشنىڭ خېتىدىكى گۈزەلئاي توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى يادلاشنى خالىمايمەن . ھەتتا ئۇنى ئوقۇپ قويغىنىم ئۈچۈن كۆڭلۈم ئەسكى . مەن پەقەت باشقىلار ئوقۇسا خەۋەردار بولسۇن دەپلا بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى خاتىرىلەپ قويدۇم . ئۇنىڭ دادىسىدىن قالغان جايىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ . ئۆزگەرتىلگەن ئۆيلىرىدىن باشقا ئۆي ، باغ ، لاپاسلىرىنى گۈزەلئاي قولىغا ئېلىپ ئەللىك ئالتە مىڭ سومغا سېتىپتۇ . بۇ پۇلدىن يىگىرمە مىڭ سومغا شەرق مەھەللىدىن چاققانغىنا بەش ئېغىزلىق ئۆي سېتىۋاپتۇ . ئادىلە بىلەن ئىككىسى ھازىر شۇ ئۆيدە ئىكەن . ئەلى بىلەن دىلئارامۇ شۇلارنىڭ يېنىدا ئىكەن . ئادىلە بىلەن گۈزەلئاي ئىككى ماشىنا بىلەن رېشلىيە ئىشلەيدىكەن . رېشلىيىنى ھېلىقى كومىسسىيونچى پۇل قىلىپ بەرگۈدەك . ئۇلار ھازىر باياشات ، خۇشال - خۇرام ياشاۋېتىپتۇ . ئادىلە ھېلىقى ئېرىنى تاشلاپتۇ . ئۇلار يەكشەنبە كۈنلىرى بىر خىل ياسىنىپ ، باللىرىنىمۇ بىر خىل ياساپ كوچا ئايلىنارمىش . كومىسسىيونچى ئۇلارنى كۈچىنىڭ بارىچە شوخ يىگىتلەرنىڭ ھۇجۇملىرىدىن ساقلاپ تۇرغۇدەك ، بۇ ئەلۋەتتە ياخشىلىق ، پاجىئە شۇ يەردىكى ، گۈزەلئاي كومىسسىيونچىنىڭ ھىمايىسىنى قوبۇل قىلغان ، ئۇنىڭ قورۇ - جايىنىڭ قولىغا تېگىشىدە كومىسسىيونچى ، ئادىلەنىڭ ئېرى ۋە رەقىپلەر خىزمەت كۆرسەتكەنمىش . دېمەك ، گۈزەلئاي مېنى راستىنلا ئۇنتۇماقچى ، مەن ئۈچۈن ئازابلىنىش ئۇنىڭغا يات . ئۇ ئەكسىچە ئەيش - ئىشرەت كويىدا... بەس ، شۇنچىلىك يازسام يېتەرلىك ، مەن كۈنداشلىق ۋە

نەپرەت بىلەن ئۆرتەنگەن قەلبىمدىن خاتىرەمگە مۇنداق بىر قوپال سۆزنى كۆچۈرۈپ يېزىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرىمەن : «ئۆز سۆي- گىنىنىڭ كۇنداش قويىندا ياتقىنىنى بىلگىنىدىن كۆرە ، كىشىگە ئۇنىڭ قاراڭغۇ گۆردە ياتقىنىنى بىلگىنى ياخشىراق» بۇ ئاچچىق گەپ ، بۇيۇك يازغۇچى بالزاكقا تېگىشلىك . لېكىن ، بۇ سۆز مېنىڭ كۇنداشلىق بىلەن يارىلانغان دىلىمغا تەسەللى بولالايدۇ…

بۈگۈن قولۇم ئىشقا بارمىدى . سايغا چۈشۈپ كۆتمەك قىرى قارىياغاچلار ئارىسىدىكى بېدىلىككە بېرىپ باش ئۆرۈم بىدە چېپە- ۋاتقان يىگىتلەر بىلەن بىللە بولدۇم . يىگىتلەر چالغا چېپىشىۋېتىپ ناخشا ئېيتىدۇ ، قايراق قايرىشىۋېتىپ چاقچاقلىشىدۇ ، چاي ئىچىشى- ۋېتىپ چېلىشىدۇ ، تۇرۇپلا بەسلىشىدۇ ، تۇرۇپلا تىللىشىدۇ . بۇ- لارنىڭ مەنىۋى ئوزۇققا تەشنا دىللىرى هازىر بىلگەن ، كۆرگەنلە- رىدىن رازى ئەمەس ، مەن ئۇلارنىڭ قەلبىگە كىتابلاردىكى هايات ، بىلىم توغرىسىدا كەلسە - كەلمەس گەپ قىلىپ يۈرۈپ ، يېڭى خىيال ، ئارزۇ - تىلەكلەر ئۇرۇقىنى چاچقانىمەن . ئۇلار پاراڭلىرىدا چەت ئەللەر ، كىتابلار ، يېڭىلىقلار توغرىسىدىمۇ سۆزلىشىپ قويۇ- شىدۇ يۇ ، لېكىن يەنىلا هاراق ، ئات ، ئىت ، ئوغلاق ، چېلىش ، ناخشا ، شەھەر توغرىسىدا سۆزلىشىشنى ياخشى كۆرۈشىدۇ .

— بەسلىشەمسەن ؟

— نېمىشقا ؟

— زېرىكىپ كەتتىم .

— هە ماقۇل ، نېمە قىلىپ ؟

— هاراق ئىچىپ .

— نەچچە بوتۇلكا ئىچىمىز ؟

— بىردىن ئىككىنى .

— نېمەڭنى تىكىسەن ؟

— بىردىن پاقلان .

— ماقۇل دە، ئىچ، ئاخشاملىققا ئۇلتۇرۇش ! — كۆپچىلىك ۋارقىراشتى، سالاپچىلار كۆپەيدى. تومۇزدا قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئىككى بوتۇلكا ئاق هاراقنى تۆتكىلا بۆلۈپ ئىچىش، يىقىلغان ياكى ياندۇرغان كىشى بىر پاقلان ئۆتتۈرۈش يېزىلىقلار ئۈچۈن قىزىق تاماشا، لېكىن مەن ئۈچۈن بۇنى تاماشا قىلىش لېرمونتوف بىلەن بلانت ئارىسىدا ياكى پۇشكىن بىلەن دانتىس ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن دۇئېلنى كۆرۈپ تۇرغاندەك قورقۇنچلۇق، مانا بۇگۈنمۇ بىرىنىڭ يىقىلغىنىنى، يەنە بىر غالىبىنىڭ ئۈستەڭ شارقىراتمىسىدا نەچچە سائەتلەپ سۇدا ياتقىنىنى كۆردۈم. چەكلىك، تەكرارلانغۇچى، تە-قەززا قىلغۇچى بىر خىل هايات ئۇلارنى زېرىكتۈرگەن، كۆڭلىرى، ئائىلىرى هەتتا يىللىرى بىر - بىرى بىلەن ئوپموئوخشاش بولغان هاياتمۇ خۇددى كۆڭگە ئۈچ ۋاخ يېيىلگەن جەۋەندە ناندەك جانغا تېگىدۇ. جېنى ئىچىگە پاتمايۋاتقان بۇ يىگىتلەر، ناۋادا ئىمكان بولسا ئۆلۈپ بېقىشقىمۇ، دوزاخ ۋە جەننەتلەرگە كىرىپ بېقىشقىمۇ تەييار. ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان ساداقەت، مەردلىك، نوچىلىق، قارامىلىق، ئىنتىلىش، لەززەتلىنىش قاتارلىق هېسسىي بايلىقلىرىنى سەرپ قىلىدىغانغا بازار - جاي ئىزدىگۈچىلەر. ئۇلار يەنە شۇ ئىزدىنىش يولىدا هەرقانداق ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ - دە.

يېزا ماڭا ئەمدى ئۆمۈرلۈك هەمراھ. مەن بۇ هاۋالىق يېزىدا يەنە قىرىق - ئەللىك يىل ياشارمەن. تۇرگىنېف ئەللىك نەچچە يىلدا قانچىلىك كىتاب يازدى؟ تاگور، تولستوي، گيوتى، گيۇگو-لارچۇ؟ ئەللىك يىلدىن ئاتمىش نەچچە يىلغىچە ئەسەر يازغان بۇ ئۇلۇغلارنى ئۈلگە قىلىپ، قالغان ئۆمرۈمنى ئاشۇ دېھقان ياشلىرى-دەك بىر خىل ئىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە مەن نېمىشقا يارىمايدىكەن-مەن؟ ئائىلىق خىراجىتىمگە ئوتتۇز سوم باياشات يېتىدىكەن، باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇۋالسام، بەلكىم ئەللىك سەككىز

سوم پۇلۇمنى تولۇق بېرەر . بۇ پۇلۇم كىچىك ئاپام ئىككىمىزگە يېتىدۇ . ئازراق ئەمگەك قىلسام ، بالىلار بىلەن ئەمەك بولسام ، قالغان ۋاقىتنى ئوقۇش ، يېزىش بىلەن ئۆتكۈزسەم ، كېيىن بەلكى جاھان ياخشىلىنىپ قالار ، ئۇ چاغدا يازغانلىرىم نەشرمۇ قىلىنار ، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بىرنەچچە كىتابنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالسام ، بەلكى مېنىڭ قەلىمىم بىلەن پۈتكەن كىتابلارنىڭ ئوقۇغۇ-چىلىرى ئارىسىدىن مېنىڭ بۇ خاتىرىلىرىمنى ئوقۇيدىغانلار چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس .

بۈگۈن يەكشەنبە . ئىيۇن ئاخىرلاشتى ، بۇلبۇل مەست بولۇپ زوقى بىلەن تەبىئەتنى ماختىماقتا . ئەجەبا ، بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىدىمۇ يەتتە ئۆزگىرىش بار ئىكەن . ئۇيغۇر — ئىلى ناخشىلىرىدىكى يەتتە ئۆزگىرىش شۇنىڭدىن ئېلىنغانمۇ ؟ ئەنە بۇلبۇل دېرىزەم تۈۋىدىكى قىزىلگۈلگە قونۇپ سايرىماقتا . تىنچ ، سالقىن ياز كېچىسى ، ماڭا بۇلبۇلنىڭ ھەمراھ بولغىنى قانداق ياخشى ـ ھە ؟ ئۇنىڭ ئاۋازى نېمانچە زىل ، ئۇ ماڭىلا شۇنچىلىك يېقىملىق تۇيۇلۇۋاتامدۇ ياكى ھەممىلا ئادەمگە شۇنداقمۇ ؟ ياق ، ماڭىلا شۇنداق ئوخشايدۇ ، مەن يوشۇرۇپ نېمە قىلىمەن . ئۇنىڭ ئاۋازى ماڭا بىرىنىڭ زىل ئاۋاز-لىق ناخشىسىنى ئەسلىتىدۇ . گۈزەلئاي بالىسىنى ياخشى بېقىش ئۈچۈن ھېلىقىلارغا يېلىنىشقا مەجبۇر بولغان بولسىچۇ ؟ مەن نې-مىشقا ئۇنىڭدىن ئورۇنسىز گۇمان قىلىمەن ، نېمىشقا ئازابلىنى-مەن ؟ ماڭا كۆڭۈللۈكرەك باشقا ئەسلىمە يوقمىدى ؟ ھە ، راست ، رىزۋان توغرىسىدا ، ياقۇپنىڭ ئۆپكىدەك قىزىرىپ تۇرىدىغان چىرا-يىدىكى مۇھەببەت تەپتى توغرىسىدا ، قىسقىسى باشقىلارنىڭ بەختى توغرىسىدا ئويلاشمۇ كۆڭۈللۈك ئىشقۇ !

بۈگۈن چىڭقىچۈشتە سايدىكى بۇلاق بويىدا سوغۇق سۇ ئىچىپ ئولتۇرىمەن . بۇلاق بېشىدىكى مەجنۇنتاللار سۈزۈك ، مۇزدەك سۇ-يى بىلەن جانغا ئارام بېرىدىغان بۇ نەچچە يۈز يىللىق بۇلاقنى قايرىما

كىرپىكتەك قوغداپ، ھىمايە قىلىپ تۇردۇ. مەن تويۇقسىز يۇقىرىدىكى يول تەرەپتىن كېلىۋاتقان قىزىقارلىق سۆھبەتنى ئاڭلاپ قالدىم.

— رىزۋان... نېمانداق مېنى كۆرسىڭىز تەتۈر قارىۋالىسىز؟

— ئۇش، يولنى توسماڭە، ياقۇپ، تىللىۋېتىمەن جۇمۇك!

— تىللاڭ، ئۇرۇڭ، غىڭ قىلسام ئۆلەي، تىلىڭىزنى ئاڭلىسام، تايىقىڭىزنى يېسەم دەپ، سىزگە چوكان دېمەي يالۋۇرۇپ يۈرۈۋاتىمەن، نېمىشقا مېنى ياراتمايسىز؟

— ئاۋارە بولماڭ ياقۇپ، مېنىڭ بېشىم باغلاقلىق!

— نېمە، كىمگە؟

— بىلمەمسىز تېخى؟ ئاۋۇ يېڭى كەلگەن بويتاق ئەپەندىگە.

— نېمە، ئەلا ئەپەندىنى دەمسىز؟

— ھە، نېمە بوپتۇ، مېنىڭ ئەپەندىگە يارىغۇچىلىكىم يوقمىكەن؟

يىگىتنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئازابلانماقتا، ماڭا غەزەپلەنمەكتە. مەن ئۇنىڭدىن بەتتەر ئازابلانماقتىمەن، چۈنكى ئۆز ئۈستۈنلۈكى بىلەن باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن كۈلىدىغانلار ۋىجدان ئاسىيلىرى، ئۆز ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئازابلىنىدىغانلارچۇ؟ ئۇلار ھەقىقىي ئادەم. مانا بۇ مېنىڭ مەنتىقەم. رىزۋان مۈرىسىدىكى ئەپكەشنى ئوينىتىپ ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئۇ نازلىنىپ، مەيدىسىنى تۇتۇپ قىزىرىپ كۈلدى:

— تۇۋا، مەھەللىدىكى سۆز - چۆچەكتىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— ياق!

— ھەممە خەقنىڭ ئېغىزىدا گەپ، مېنى سىزگە چاپلاپ... ۋىيەي، سىز قاچانغىچە تۇرىسىز؟ بۆدۈنەمنىڭ ئۇۋىسى يوق، نەگە بارسا ۋىتىۋالداق دەپ، يا... ئادەمنى داغدا قالدۇرارسىزمۇ؟

گۈرۈچتىن خەۋەر يوق ، سەۋزە دەم يەپ قاپتۇ ، دېگەندەك ئىش بولغان ئوخشايدۇ . مەن تېخى بۇ چوكان توغرىسىدا بىر قېتىممۇ ئويلانغىنىم يوق . چوكان بولسا شوخ ئاياللارنىڭ چاقچاقلىرىنى ئاڭلاۋېرىپ ، ئۆزىچىلا شۇنداق قارارغا كەلگەن ئوخشايدۇ .

مەن جاۋابمۇ بەرمەي بۇلاق سۈيىدە يۈز يۇيۇش ئۈچۈن ئېڭىشتىم . چوكان ئەتراپقا يالت - يۇلت قارىۋالدى - دە ، تېخىمۇ جۈرئەت قىلىشقا باشلىدى :

— ھەممە ئادەمنىڭمۇ بېشىدا بار ئىش ، ئادەم نومۇس قىلىدىكەن ، بۇرۇنقى ئېرىم ھاراقكەش ئىدى ، ھاراق بىلەن ئۆلدى . يامان كۆڭۈل ئاغرىقى تارتتىم - دە ، سىز ئىچمەيدىغانسىز ؟

مەن كۈلۈپلا قويدۇم .

— ئوش ، تازا مۆرىمەسكە ئۇچرىدىممۇ نېمە ؟ ئۆيقۇڭىز ئېچىلمىغانمۇ يا ؟ ! مانا ئەمىسە !...

چوكان چۆمۈچ بىلەن سۇ ئېلىپ يۈزۈمگە چاچتى ۋە مېنىڭدىن بۇ چاقچاقنىڭ داۋامىنى تەمە قىلىپ قوللىرى بىلەن يۈزىنى ھىمايە قىلدى . مەن بولسام مايكامغا كىرىپ كەتكەن سوغۇق سۇدىن ئەندىكىپ ، مايكامنى بەدەندىن ئاجرىتىش بىلەن ئاۋارە ئىدىم . چوكاننىڭ رايى قايتتى ئەتىمالىم ، بۇلاق بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ دېدى :

— سىزنى ئەپەندىچىلىكتىن نېمىشقا ھەيدىدى ؟ ئوقۇغۇچى قىزلارغا يا...


— ناچارلىقىمدىن ھەيدىدى .

— قانداق ناچارلىق قىلغانىدىڭىز ؟

— بالا ئوقۇتۇشقا يارىمىغان - دە .

— ئەمدى ياراۋاتىسىزغۇ ، مېنىڭ ئىنىم چوڭ بولسام ، ئەلا ئەپەندىدەك بولىمەن دەيدىغۇ ئەمىسە ؟

— يارامسىز بولماقچىكەن - دە .





— ۋىيەي ، سىز قانداقلارچە يارامسىز بولىسىز ؟ ھە ، راستلا ، سىزنىڭ قىزىڭىز بارىكەن ـ ھە ؟

— ھەئە .

— بۇرۇنقى ئايالىڭىز نېمە ئىش قىلاتتى ؟

— بىكار .

— نېمىشقا قويۇۋەتكەن ؟

— ئۆلگەن .

— چىرايلىقمىدى ؟

— ھەئە .

— يەنە چىرايلىقتىن تەمە قىلىدىكەنسىز ـ دە ، ئەمىسە ؟

— شۇنداق .

چوكان «ئۇھ !» دېدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇردى . ئۇ ئەپكىشىنى مۇرىسىگە ئېلىپ ، سۇدىكى ئۆز كۆلەڭگىسىگە قاراپ قويدى ۋە ئۇزۇن چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ ئۇستىدىن قارايغان قاشلىرىنى يىمىرىپ قويدى ـ دە ، بەل پۇرمە كۆڭلىكىنىڭ بەللىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، ياغلىقىنى چېكىلەپ تاڭدى ، ئەڭ ئاخىرىدا ماڭا يەنە قايرىلىپ قارىدى :

— بىزنىڭ ئۆيگە تونۇگۈن ئەلچى كەلدى ، گوڭشېنىڭ بىر كادىرىغا دەپ كەپتۇ . دادام قىزىمنىڭ بېشى باغلاقلىق دېگەن ئوخشايدۇ . باغلاقلىقمىكىن دېسەم ، يا سىزنىڭ ئەلچىڭىزنىڭ تايىنى يوق .

مەن يەنە گەپ قىلمىدىم ، چوكان مېنىڭ پەرۋاسىزلىقىمدىن رەنجىدى ئەتىمالىم ، ئەپكىشىنى لىڭشىتىپ يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى .

چوكان كەتكەندىن كېيىن مەن ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىكلەپ قالدىم . بۇ ساغلام بەدەن ، قامالاشقان چوكان نېمىشقا ماڭا باغلىنىپ قالغاندۇ ـ ھە ؟ پۇشكىننىڭ «پولتاۋ» داستانى

يادىمغا كەلدى . داستاندا كىنەز قىزىنىڭ ئاتمىش نەچچە ياشلىق ئاتامانغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن . ئەمدىلا يىگىرمە ياشتىن ئاشقان چوكان ئوتتۇز نەچچە ياشلىق ئادەمگە نېمىشقا قىزىققاندۇ ـ ھە ! مەن ئۆزۈمچىلا خاپا بولۇپ قالدىم .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — ئىككى يىگىت چالغىلىرىنى مۇرىسىگە سېلىپ يېنىمغا كەلدى . مەن چالغا چىڭدىغىلى كەلگەنلەر دەپ پەرۋا قىلماي مېڭىۋىدىم ، قاۋۇل ، يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى يىگىت ماڭا قاراپ :

— توختاڭ ئاكا ، سىزگە گەپ بار ، — دېدى .

— خوش ! — مەن ھەيران بولدۇم ، ئىككى قاۋۇل يىگىت چىرايلىرى ئۆمسە ، جىددىيلەشكەن ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي ماڭا قاراپ تۇراتتى .

— بىردەم ئولتۇرسىڭىز ئىكەن !

— مېنىڭ ۋاقتىم قىس .

— قىز ـ چوكانلارغا ئەجەب قىس ئەمەسكەنغۇ ؟ — دېدى گەپ قىلماي تۇرغىنى ھۆركىرەپ .

— نېمە دېمەكچىسەن ، ئۇكام ؟ — مېنىڭ ئاچچىقىم كەلدى .

— گەپنىڭ ئۇزۇننى قىلايلىمۇ ، قىسقىسىنى ؟

— قىسقىسىنى قىل ! — دېدىم مەن خاپا بولۇپ .

— ئۇنداق بولسا رىزۋاندىن قول ئۈزۈڭ ، تەلىيىڭىز بار ئىكەن ، بۈگۈن كۆڭلىڭىز تۇيدىمۇ ، ئۇشۇق گەپ قىلماي ئۇنى يولغا سالدىڭىز ، سەللا قىڭغىر دەسسىگەن بولسىڭىز ، بۈگۈن ئىش باشقىچە بولاتتى ، — دېدى ئالدىراپ گەپ قىلغىنى قوللىرىنى پولاڭلىتىپ . مەن ئۇلارنىڭ نىيىتىنى چۈشەندىم ـ دە ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم .

— مېنىڭدىن ئەنسىرىگىنىڭلار ئارتۇقچە . چىشلەيدۇ دەپ قويدىن قورققاندەكلا بىر ئىش ، رىزۋانگۇلمۇ ئۇ قىزنىڭ ئېتى ؟ مەن

ئومۇمەن قىز ـ چوكانلار توغرىسىدا بىر قېتىممۇ ئويلىغىنىم يوق !

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى ۋە خىجالەت بولۇپ :

— ئۇنداق بولسا ياخشى ، ئەپەندى ، مۇنو ياقۇپ ئۇنىڭغا ئاشىق . ئۇنى ئالمىسا ، ئۆلۈپمۇۋالىدۇ دەڭە ، ئاڭلىساق رىزۋان سىزدىن تەمە قىلىپ يۈرگۈدەك ، قاغا جېنىدا ئۆز ئوزۇقىدىن قىزغىنىدۇ ، ئەپەندى . ياقۇپ ئىككىمىز خېلىدىن بېرى سىزنىڭ پېيىڭىزدە . يوشۇرۇپ نېمە قىلايلى ، لېكىن سىزدىن ھېچ شەپە بولمىدى .

— مېنىڭ ئۆيلىنىش نىيىتىممۇ يوق . ناۋادا ، ئۆيلىنىشنى قارار قىلسام ، ماڭا باشقا لايىق تېپىلار ئىدى . ئۇكام ياقۇپ ، تەييارلىق قىل ، باش چۈشۈرگەندى ئۆزۈم قىلىپ بېرىمەن ! — دېدىم خۇشخۇيلۇق بىلەن .

شۇ كۈنلا ئاتلىنىپ «بۆرە»نى ئىزدەپ تاغقا ماڭدىم . بىرىنچىدىن ، ياقۇپنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچى ، ئىككىنچىدىن ، ھەممىدىنمۇ مۇھىمى ، مەن زۇلىيانىڭكىگە بېرىپ كىچىك ئاپامنى كۆچۈرۈپ كېلىشىم ، يوشۇرۇپ قويغان قولىيازمىلىرىم بىلەن كىتابلىرىمنى ئەكېلىشىم كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن «بۆرە»نىڭ ياردىمى كېرەك . ھازىر ئۇنى كۆرمەكمۇ تەس بولۇپ قالدى . ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ «ئاكتىپلار» يىغىنىدا مېنىڭ يېزىپ بەرگىنىم بويىچە يادلىۋالغىنىنى «دېكلاماتسىيە» قىپتۇ . ئۇنىڭ بۇ «دېكلاماتسىيە»سى (مەن شۇنداق ئاتىۋالدىم) ناھايىتىمۇ چوڭ داغدۇغا پەيدا قىپتۇ . گېزىتلەرگە ئۇنىڭ بۇ سۆزى تولۇق بېسىلدى . مەن بىرگە ئۇنى قوشۇپ يېزىپ چىققان بۇ نەرسەمنى ئوقۇپ بىردە كۈلدۈم ، بىردە نومۇس قىلدىم ، بىردە ئازابلاندىم ، قاراپ تۇرۇپلا باشقىلارنى ئالدىدىم . لېكىن ، مۇشۇ ئالدىنىش ھېسابىغا ، ئۇلار مېنى ھىمايە قىلماقتا . يالغان ئېيتىشمۇ بىر ماھارەت ، قابىلىيەت ئوخشايدۇ ،

يالغان ھېسابىغا «بۆرە» يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت-
لارغا ھەيئەت، ۋەكىل بولالىدى، مەنمۇ مانا ھۆرمەت ۋە ئىناۋەت
تېپىۋاتىمەن. گۇڭشې بىلەن ناھىيە مېنى ھەدەپ تالاشماقتا. گۇڭ-
شېدىن مېنى كاتىپ قىلىش ئۈچۈن نەچچە قېتىم ئۇقتۇرۇش،
ئادەم كەلدى، لېكىن مەن ئۇنىمىدىم. داۋۇت جۇرنىنىڭ دېيىشى-
چە، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مەخسۇس ھۆججەت چىقىرىپ
مەندىن كەچۈرۈم سوراپ، مېنى قايتىدىن خىزمەتكە تەقسىم قىلى-
ماقچىكەن، لېكىن مەن ئەمدى ئۇنىمايمەن. مەن ئەمدى يالغانچى-
لىق ھېسابىغا ئىناۋەت تېپىشنى رەت قىلىمەن. «بۆرە»گە سۆز
يېزىپ بەرگەنلىكىم مېنىڭ ۋىجدان ئالدىدا ئۆتكۈزگەن باشقا خاتا-
لىقلىرىم قاتارىدا خاتىرەمنىڭ بىر بېتىدىن ئورۇن ئالسۇن. ھايات
خاتىرىسى ھەر ئادەمنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلىدىغان قىزىقارلىق
خاتىرە، كۆركەم سۈرەت. ئۇ ئەلۋەتتە ھەر خىل — قىزىل،
كۆك، سېرىق، قارا بوياقلار بىلەن گۈزەل بولالايدىغۇ؟

«بۆرە»نى بۇك قارىغايلىق ئارىسىدىكى كىگىز ئۆيدە قىمىز
ئىچىپ ياتقان يېرىدىن تاپتىم. ئۇ ماش رەڭ شىم ـ تۇجۇركا
كىيگەن، ئۆتۈك قونچىسىغا قامچىسىنى قىستۇرۇۋالغان، قىزىل
كىتابلار سېلىنغان ماش رەڭ سومكىسىنى يانپاشلاپ ياتقاندىمۇ
بويىندىن ئالمىغان. ئۇ بۇ كۆرۈنۈشى بىلەن، بىرىنچى سىنىپقا
كىرىپ ھاياتنىڭ يېڭى بوسۇغىسىدا مەست بولغان بەختلىك گۈدەك-
كە ئوخشايتتى.

— بۇگۈن چۈشكىچە ئادەم يىغدۇق. جانلىق ئۆگىنىپ، جان-
لىق ئىشلىتىش دولقۇنى قوزغىماق ئاسانمۇ؟ ئەلا ئەپەندى، ئورۇم-
چىدە قۇربان تۇلۇم، ئىسمايىل ھەسەن، يەنە نى ـ نى نەمۇنىچىلەر
بىلەن كۆرۈشتۇم، قۇربان تۇلۇم قوللىرىمغا سۆيدى، ئالىقانلىرىم-
دىكى قاداقلارنى سىلاپ تۇرۇپ: «باتۇر ئىكەنلا، يىگىت، رۇس-
تەمدەك قامەتلىرى، بەرزۇدەك كۈچلىرى بار ئىكەن، تاغ يۆتكەشتە

يۈگۈرۈك بوۋاينى يېڭىپ قويىدىغان ئوخشايلا !» دەپ چاقچاق قىلدى .
مەنمۇ لايىقىدا : «ئەمما لېكىن سىلىگە يەتمەيمەن ، ئېشەك بىلەن
بېيجىڭغا بارماق ئاسانمۇ ؟ سىلىمۇ پويىزنىڭ بۇقۇسىدەك كۈچلۈك-
كەنلا » دېدىم .
بىز ھەممىمىز كۈلۈشتۇق . ئۇ ئۇڭدا يېتىپ ماڭا قارىدى :
— ھە ، بىر ئىشقا كەلدىڭمۇ ، ئەپەندى ؟
— تالاغا چىقساڭ ، ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى .
— دەۋەرمەمسەن ؟ — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن ، ئۇ ھازىر
خېلىلا ئۆزگەرگەن . مەن يالغان دەپ يازغان ھېلىقى «ئىش ئىز»
لىرى ئۇنىڭ نەزىرىدە ھازىر راستقا ئايلىنىپ قالغان ، باشقىلارنى
ئۆز سۆزلىرىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ يۈرۈپ ، ئۆزىمۇ
ئىشىنىپ قالغان ئوخشايدۇ . ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ ئۆزگەرگەن ، ئۇ
ھازىر ئادەتتىكى گەپلىرىگىمۇ كىتاب سۆزلىرى ، ئۆزۈندىلەرنى
قوشۇپ سۆزلەيتتى . مۇئامىلىسىمۇ ھازىر بۇرۇنقىدەك ساددا ، قو-
پال ۋە سەممىي ئەمەس ، سۇنئىي - ياسالما ، باشقا ئادەمنىڭ
چاپىنىدەك سىڭىشمىگەن ھالەتتە ئىدى . ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ
كىگىز ئۆي ئالدىدىكى قارىغاي كۆتىكى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، مې-
نىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىدى :
— ياقۇپ بىلەن رىزۋاننىڭ توينى ئۆزۈم قىلىمەن ، ھە ،
راست ، ساڭا دېمەپتىمەن ، ھېلىقى ئەپەندى ئاغىنەڭ يەنە بىر ھەپ-
تىدىن كېيىن چىقىدۇ . زۇلىيانىڭكىگە مەن ئادەم ئەۋەتەي ، ئالدى-
رىما ، سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئايىغى تىنجىدىمۇ ، ئۇقۇپراق ئىش
قىلايلى . ئارۇپما ، ھېلىقى پاكىنەك ؟ شۇ چىقىمەن دېگەن ، بىر
ھەپتىدىن كېيىن بىر گەپ بولار ، — دېدى . مەن ئۇنىڭ گېپىگە
كۆندۈم .
ئەتىسى داۋۇت مۇدىر ئۆزى كەلدى . مەن كاتىپ بولۇشنى رەت

قىلدىم ، لېكىن مەھەللىدىكى قېرى مۇئەللىمگە ياردەملىشىپ بالىلارنى ئوقۇتقاچ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدىم . ئايلىق ئىش ھەققىم يىگىرمە بەش يۈەن پۇل بىلەن ئون بەش گۈڭ .

مۇھىمى ، مېنىڭ ئىشىم كۆڭۈللۈك ، يەنە ئون - ئون بەش كۈندىن كېيىن بالىلارنى تەتىل قويۇپ بېرىمىز . مەھەللىدە بىرىنچى سىنىپتىن ئۈچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇيدىغان جەمئىي قىرىق ئىككى بالا بار . مەن بىرىنچى سىنىپنى تاللىۋالدىم . ئۇلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ خەت يازدۇرۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك . مەن ئىش ھەققى ئالىمەن ، مۇھىم ئىشىم بار بىر پۇقرا . بۇ ماڭا خۇشاللىق . كۈنگە توققۇز - ئون سائەت كىتاب ئوقۇش ، يېزىش بىلەن بولىمەن . ئەرەب - پارس تىللىرى ئۆگىنىشنى مەشىق قىلىشتا ، ماڭا مەكتەپ مۇدىرى ھەم ئوقۇتقۇچىسى بولغان ئاتمىش نەچچە ياشلىق شەمشىدىن ئەپەندى ساۋاقداش بولۇۋالدى . ئۇ بۇرۇن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانىكەن ، 1945 - يىلىدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىمچىلىك قىلىۋېتىپتۇ . ئۇ ھەر كۈنى كەچلىكى دېگۈدەك مېنىڭ ياتىقىمغا كىرىدۇ - دە :

— خاپا بولسىڭىزمۇ كىرىمەن ، نېمىشقا دېگەندە ، بىلىم ئۆگىنىشتە ئادەم دېگەن بۆرىدەك بۆسكەك بولمىسا بولمايدۇ . قېنى باشقىسىنى قويۇڭ ، بۈگۈن «ھەبىبەتۇل ھەقايىق»نى ، ھە راستلا سىز «ئەتەبەتۇل ھەققايىق» دېدىڭىز - ھە ! مەيلى شۇنداق بولسۇن ، كۆچۈرۈۋېلىپ ئەجەب ياخشى قىپسىزكەن - دە ، ئاخشام بەشىنچى بابنى تۈگەتتۇق ، ئاخىرىسىغا ئۆتەيلى ، — دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ - دە ، باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ كۆزەينەكنى تارتىۋېلىپ ئوقۇشنى باشلايدۇ . مەن بەزىدە راستىنلا خاپا بولىمەن ، چۈنكى مەن ئۆز پىلانىمدا ياكى خاتىرە ، ياكى خەنزۇ تىلىدىكى تارىخىي كىتابلارنى كۆرىمەن ، ئۇ بولسا مېنى كلاسسىك

شېئىرلارنى ئوقۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ، مەن نارازىلىقىمنى چاقچاق بىلەن بايان قىلىمەن:

— سىز قېرىغاندا يەنە قۇرئان يادلاشقا ئۆتكىنىڭىز تۇزۇك، بۇ شېئىرلاردىن سىز نېمە پايدا تاپىسىز؟

— ئەبۇ ناسىر مۇھەممەت فارابى سەكسەن يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ نۇرغۇن تىل بىلگەن، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، ھەتتا مۇزىكا قاتارلىق بىلىملەرنى پۇختا بىلگەن، پەننى بىلىملەر ئۇنىڭ نامىنى بۇ دۇنيادا ئۆلمەس قىلىپ قالدۇردىغۇ؟ ئەپەندى، نېمدەپ يۈرىسىز تېخى، نەۋائى قىرىقتىن ئاشقاندا ئىجادىيەت ئۇچۇن ئىستىقامەتتە ئولتۇرغان بولسا، مەن يەتمىش يېشىمدا ئولتۇرىمەن. مەن ئۆلگەندىن كېيىن تېخى مەن يازغان «خەمسە»نى نەچچە كىچە ئولتۇرۇپ كۆچۈرىسىز! — دەيتتى ئۇ.

شەمشىدىن ئاكا مېنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ تەشۋىقاتى ماڭا نۇرغۇن ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپمۇ بەردى. بەزىدە يېزىدىكى تارىخ، تىل ۋە ئىجادىيەت خۇمارلىرى ياتىقىمغا توپلىنىپ كىرىۋالاتتى - دە، يېرىم كېچىگىچە مېنى ئاۋارە قىلاتتى. بەزىدە ھەتتا يىراق گۇڭشېلاردىن زىيالىيلار، مولىلار، ھەتتا يېزا سازەندىلىرىمۇ كېلىپ پاراڭلىشاتتى. مەن ئۇلارغا سەرپ قىلىنغان ۋاقتىمنىڭ ئورنىنى نۇرغۇن ئۇيقۇ ۋە دەم ئېلىشلىرىمنى قۇربان قىلىپ ئارانلا تولدۇراتتىم.

— سىزگە ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە بىر مېھمان كېلىدۇ، — دېدى ئۇ يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — كىم دېمەمسىز؟ سىيىت تارىخچى، شېئىرمۇ يازىدۇ، ئىسمى پازىل موللا، سىزنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، دېمەك، بىزنىڭ ئارىمىزغا بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشۈپتۇ - دە، بىزنىڭ بۇ كاككۇك، بۇلبۇللارغىلا ماكان بولۇپ كەلگەن بېغىمىزغا بۇلبۇلگويا كېلىپ قونۇپتۇ - ھە! يول راسكار-

لىقنى پۈتكۈزۈپ ئەلۋەتتە بارىمەن، دېدى، قورقماڭ، خېرىدارلىقنى مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن! — دېدى قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— سىز مېنى ئازراق تەشۋىق قىلسىڭىز، ئاكا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا رەسمىي ئىلتىماس قىلىپ، — بىز خاتىرجەم مۇئەللىمچىلىك قىلساق دەيمەن.

— بەللى، بەللى! — دېدى بوۋاي خاپا بولۇپ، — مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىلى بۇ يىل يىگىرمە ئالتە يىل بوپتۇ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئون يىللىق خەلپەتچىلىكىم قوشۇلسا، ئوتتۇز ئالتە يىل دېگەن سۆز. مۇشۇ يېرىم ئەر ئۆمرۈم ئىچىدە بىھۇدە ئادەم ماختىماپتىمەن، ئەمما ماختىغۇم كەلگەندە، مەن بىر مەدداھقا ئايلىنىمەن. مەدداھنى نەسىھەت بىلەن مەدداھلىقتىن تايدۇرغىلى بولامدۇ؟ ئەپەندى، ئۆمرىمىز ئاز قالدى، سىلەرنى ماختاپ بولسىمۇ خوش بولۇۋالايلى، بۇنىڭغا چەك قويمىسىڭىز ئىكەن.

ئۇنىڭ بىر تالمۇ ئاق كىرمىگەن كۆتمەك بۇرۇتلىرى تىترىدى، قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى خۇمار كۆزلىرىدىن نارازىلىق بەلگىلىرى بىلىندى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە قوينىدىن سارغىيىپ كەتكەن ۋەرەقىنى چىقاردى.

— مانا قاراڭ، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مېنى ھۆسەيىنلەر مەكتىپىگە مۇدىرلىققا تەيىنلىگەن بۇيرۇقى، ئوقۇپ كۆرۈڭ! — دېدى. مەن ۋالىي مەھكىمە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇدۇم. بۇيرۇقنىڭ ئاستىغا مۇنداق سۆزلەر شاپىگراف قىلىپ ئېلىنغانىدى:

«كىشىلىك جەمئىيەتتە، ئوقۇتقۇچىنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىكرەك مېھنەت يوقتۇر. چۈنكى ئالىم، مۇھەندىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت — دۆلەت ئەربابلىرى ۋە باشقىلارنىڭ

ھەممىسى ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.[1]

ئەخمەتجان قاسىمى

«1949 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى»

مەن بوۋايغا قارىدىم، ئۇنىڭ مەقسىتىنى ياخشى چۈشىنەلمەگەنىدىم. بوۋاي كۈلۈمسىرىدى ـ دە، ۋەرەقىنى ئېلىۋېلىپ:

— سىز بىز دەكلەرنىڭ مەھسۇلى. بىلەمسىز؟ قايسىبىر دېھقان ئۆزىنىڭ ئوخشىغان ئاشلىقى بىلەن ماختانمايدۇ؟ قايسى باغۋەن مېۋىلىرى بىلەن، قوغۇنچى ئۆزىنىڭ ئابىناۋاتلىرى بىلەن، ناۋاي ئۆزىنىڭ شىرمەنانلىرى بىلەن ماختانمايدىكەن؟... لېكىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن ماختىنىشى ئاز بولىدۇۋاتىدۇ، ناھايىتى ئاز بولىدۇۋاتىدۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئازىيىۋاتىدۇ. مەن نېمىشقا خۇشال؟ سىزدەكلەر قانچە كۆپ چىقسا، بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھۆرمىتى شۇنچە زور بولىدۇ. سىز مېنىڭ ئاغزىمنى نەسىھەت بىلەن ياپالمايسىز، مەن سىزنى تېخى گېزىت ـ ژۇرناللاردا شېئىر يېزىپ ماختايمەن! — دېدى.

— ئەرزىمەيدۇ! — دېدىم مەن شەمشىدىن ئەپەندىنىڭ ئوقۇتقۇچى ئۇچۇن شۇنچە سەكپارە بولغىنىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، — مېنى بۇنچىلا تەشۋىق قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، ھېچ تۆھپەم يوق!

— ياخشى ئۇرۇق، مۇنبەت يەر تەييار، ئەمدىكى گەپ، ۋاقتىدا سۇ بېرىپ، پەرۋىش قىلىشتا. مېنىڭ كۆزۈمگە ئىلىم ـ پەننىڭ بولۇق مېۋىسى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ!

— ئۈمىد قىلغىنىڭىزغا رەھمەت. مېنىڭ بۇ ئۈمىدنى ئاقلىشىم ناتايىن.

— يوقسۇ، بۇ سىزنىڭ ئەيىبىڭىز! — دېدى بوۋاي، — مەن

---

[1] بۇيرۇق ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىنغان.

چېغىمدا «خەمسە» قالدۇرىمەن دەپ ئۈمىد قىلىمەنۇ ، سىززە ،
كۆرۈنۈپ تۇرغان مۆجىزىنى ئىنكار قىلماقچى تېخى .
شۇنداق قىلىپ مېنىڭ قايغۇلۇق ، چۈشكۈن ھاياتىم خۇشال-
لىق ۋە ئۈمىد - ئارزۇ بىلەن يەنە يېڭى مەزمۇنلارغا ئېرىشتى .
ھەر كۈنى سەھەر ئورنۇمدىن تۇرىمەن - دە ، ئەتىگەنلىك مەشغۇلا-
تىمنى باشلايمەن . پادا كالا مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى سەيناغا توپلاز-
غۇچە باغلارنى ، بۇلاق بويلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ چەت ئەل تىلى
يادلايمەن . مۇشۇ يېزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ، مەنمۇ ۋاقىتنى ئې-
گىلىۋالدىم . ئەزەن بىلەن تەڭ ئورنۇمدىن تۇرىمەن ، سوغۇق بۇلاق
سۈيىدە يۇيۇنىمەن - دە ، ئۆيۈمنىڭ كەينىدىكى ياپپېشىل ئېدىرلىق-
تا يۈگۈرىمەن . ئۇبدان تەرلىگەندىن كېيىن ئۆز ئىرادەمنى چېنىقتۇ-
رۇش ئۈچۈن سايغا چۈشۈپ تاشتىن - تاشقا ئۆرۈلۈپ ، بۈزغۇن
ياساپ ئېقىۋاتقان شوخ تاغ سۈيىگە چۆمۈلىمەن . يەڭگىل ، خۇش
كەيپ بولۇپ ئۆيۈمگە كېلىمەن - دە ، بۆرىنىڭ باللىرى ئەكىرىپ
قويغان بىر ئاپقۇر ئىسسىق سۈتكە توقاچ چىلاپ ، راھەتلىنىپ
ئوزۇقلىنىمەن . ئەزالار شاما چاينىشىپ ئىشقا ماڭغاندا ، يېزا بالى-
لىرى مەكتەپلىرىگە ماڭىدۇ . مەن بۇ چاغقىچە بەش سائەت بەخۇ-
دۇك ئىشلەيمەن .
مېنىڭ كۈنلىرىم كۆڭۈللۈك ، تەرتىپلىك ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە ، ئېشەك ھارۋا بىلەن ئارۇپ ، تاش ئىككىسى بۇ تاغ
باغرىدىكى كىچىككىنە يېزىنى ئىزدەپ - سوراپ تېپىپ چىقىپتۇ .
مەن دوستلىرىم بىلەن قايتا - قايتا قۇچاقلاشتىم .
— قىينىلىپسىلەر ، — دېدىم مەن قۇلاقلىرى سولاشقان كاۋا
يوپۇرمىقىدەك سالپىيىپ ، تۇكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ ، تىنماي ئې-
چىنى سوقۇۋاتقان ئېشەكنىڭ تۆشىبېقىنىنى بوشىتىۋېتىپ ، —
قارا ، ماۋۇ بىچارە ئېشەكنى !
— نېمىسى بىچارە ، بۇ ئۆلۈمتۈكنىڭ ! — دېدى تاش ئاچچىق

بىلەن ئېشەكنىڭ قورسىقىغا تېپىپ، — ئۇ بىزنى سۆرىمىدى، ئارۇپ ئىككىمىز ئۇنى بۇ تاغ تۆپىسىگە سۆرەپ ئاچىقتۇق. دوغاپ قىل، بۇ هارامنى بىزگە قويۇپ بەرگىن.

«بۆرە»نىڭ باللىرى بىردەمدىلا مۇزدەك بۇلاق سۈيى بىلەن سۈزمە تەييار قىلدى. دوستلىرىم دوغاپ ئىچىپ قىڭغايدى ـ دە، ئۇخلاپ قېلىشتى. مەن ئۇلارنىڭ ئاياغ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ سوغۇق سۇدا پۇتلىرىنى، پايپاقلىرىنى زوق بىلەن يۇدۇم. ئۇلار پادا كالا قايتقاندا، قازاندىكى پاخلان گۆشى پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەندە ئويغاندى. بىز سورۇن تۈزدۇق.

ئۇلار قەغەز يەشكىلىرىدىن توقاچ، ئاق ئۆرۈك، سىتلوي، كارتۇشكا ئالمىلىرى، پەمىدۇر ـ لازا (بۇ نەرسىلەر تاغلىق رايوندا ئەتىۋارلىق)، تۇنىكە قاچىدا ئەلا سورتلۇق هاراق قاتارلىق سوۋغىلىرىنى چىقىرىشتى. مەن پاقلان گۆشى بىلەن خام قايماق، سۈزمە، سېرىقمايغا ئوخشاش (چارۋا مەهسۇلاتلىرى)نى داستىخانغا قويدۇم.

— ئوهوي، — دېدى تاش، — ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرىقى ئۆتنە ـ يېرىم زىياپەتلەرنى بىراقلا تۈگىتىۋالىدىغان بولدۇق ـ دە!

مەن ئوتتۇرا پىيالە هاراقنى كۆتۈردۈم ـ دە، دوستلىرىمغا قارىدىم: تاش ئورۇقلىغان، كۆز قويرۇقلىرىغا قورۇق چۈشكەن، بۇرنى ئورۇقلۇقتىن قىڭراققا ئوخشاپ، كۆزلىرى چوڭقۇر «گودەك» ئىچىدە پىلدىرلاپ قالغان بىچارە، جاپاكەش هالەتتە كۆرۈندى. ئۇنىڭ خادانىدىن تىكىلگەن كۆل رەڭ چاپىنىنىڭ ياقىسىغا بىر ئۇستا قول ئەپچىل ياماق سالغان.

— تۇرمىدە نەچچە ئاي ياتتىڭ، ئاداش؟

— تۆت ئاي، ئون ئىككى كۈن.

— دەرسىڭ ئېغىرمۇ؟

— يىگىرمە ئىككى سائەت دەرس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا بەش

دېگىنە، — دېدى تاش كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، — قۇتقۇزۇش پۇلىغا قول سوزۇپ قالماي دەپ كىشى بېشىغا سەككىز - توققۇز سومدىن كېلىدىغان پۇل بىلەن كۇنلەرنى ئالداپ - سالداپ ئۆتكۈزىدىغان گەپ، ئاداش. قېنى، ئادەمنى تولا چاكىلداتماي يۇتقىن - دە، بىزگىمۇ قۇي.

مەن ئىچتىم - دە، پىيالىنى ئارۇپقا سۇندۇم.

— ئارۇپ ئاداش، سەنغۇ تۇرمىگە كىرمىدىڭ، ئىقتىسادىڭمۇ ياخشى. لېكىنزە، بىزنىڭ دەردىمىزنى تولا تارتتىڭ جۇمۇ.

— مەن تارتمىسام، كىم تارتىدۇ، — دېدى ئارۇپ قارىداپ قورۇلۇپ قالغان كۆرۈمسىز يۇزىدىكى بىردىنبىر «بايلىقى» ھېسابلىنىدىغان دۇگىلەك، قارا كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، — بىرىڭلارنىڭ ئايالى، بىرىڭلارنىڭ بالىسى، بىرىڭلارنىڭ ئۆلۈكى، يەنە بىرىڭلارنىڭ ئىز - دېرىكى، سوراق - ھەيۋىسى ھەممىسىلا ماڭا قالغان تۇرسا، سىلەر ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيگەن بولساڭلار، مەن ئوتنىڭ تېشىدا كۆيدۇم. مانا ئىككى يىل بولدى، ئوسماننىڭ ئۈچ بالىسى بىزنىڭكىدە. ئوسمان تۇرمىدىن قاچقان، زۇلخۇمار ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن. ئوسماننىڭ قېرى ئاتا - ئانىسىنىڭ نەۋرىلىرىنى تۇگۇل ئۆزىنىمۇ باققۇچىلىكى يوق، ئۆگزىسىنىڭ قارى، ھويلىسىنى تازىلاش، ئۇزۇملىرىنى باراڭغا ئېلىش - كۆمۇش، ئۇن - كۆمۈرلىرىنى ئەكېلىشكە ئوخشاش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۇستۇمدە. ئۆمەر ئەپەندىمۇ رازىيەنىڭ بالىسى بىلەن يالغۇزلا قالدى، ئۇنىڭمۇ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن. ھەي، ئىش تولا، ئاداش ئەلا. مانا تاش ئىككىمىز مىڭ تەسلىكتە دەرسلىرىمىزنى باشقىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈچ كۇنلۈك رۇخسەت ئېلىپ بۇ ياققا چىقتۇق. ئىككى كۇن يولغا كەتتى. ئەتە بىر كۇن قالدى، يول ماڭمىزمۇ، سەن بىلەن بىللە بولىمىزمۇ؟ قېنى ئەمسە، ئىچتۇق.

— ھەقىقىي نەمۇنىچى دەپ مۇشۇ ئارۇپنى دېسە بولى-
دۇ، — دېدى تاش بىر پىيالە ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن پوكان-
دەك قىزىرىپ، — مەنمۇ خوتۇن بىلەن بەش بالىنى تاشلاپ، مۇشۇ
ئارۇپقا ئىشەنچ قىلىپ تۈرمىگە خاتىرجەم كىرىۋەردىم – دە! ھەر
قېتىم باھالاش بولغاندا، ئارۇپنىڭ نەمۇنىچىلىكقا ھەممە ئىشى
توشىدۇ. سىنىپنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشىمۇ توقسان پىرسەنتتىن
چۈشمەيدۇ. ھەممە جەھەتتە پۈتۈن شەھەر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئال-
دى، لېكىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى بۇنىڭغا بىر بالا بولدى.
ساۋۇتوفنى، نادىروفنى ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلغانلىقى، ھېلىقى
ھاشىرنىڭ خېتىنى ئاچىقان رەخمەتجان دېگەن بالىنىڭ جەسىتىنى
ئاتا – ئانىسىغا تاپشۇرغانلىقى، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم تۈرمىگە
غىزا، كىيىم – كېچەك توشۇپ تۇرىدىغانلىقى، ھاشىر بىلەن
سېنىڭ ئۇنىڭكىدە بولغانلىرىڭلار، ئوسماننىڭ بالىلىرى... بۇ نەر-
سىلەر ئۇنىڭ پېشانىسىدىن كەتمەيدۇ، ئاداش، قويغىنا، ناخشا
ئېيتايلى، ھېچبولمىسا، بىرەر دومبىرا بولسىمۇ تېپىلار، ناخشاڭ-
نى ئۆزۈڭدىنمۇ تولاراق سېغىندىم، ئاداش.

— ئۇنداق بولسا، ئاۋۋال غىزالىنايلى. ماۋۇ بىر پىيالە،
غىزا يېيىش ئۈچۈن، قالغىنى بىرئازدىن كېيىن، بۇ يەردە مېنىڭ-
مۇ ئۇلپەتلىرىم بار. ھېلىقى سىلەرنى «ئىتنىڭ بالىسى» دەپ
تىللىغان شۇجىنى بىلەمسىلەر؟

— بىلمەمدىغان، شەھەردە پۈتۈن مەكتەپلەر ئۇنىڭ نۇتۇقلى-
رىدىن زىلزىلىگە كەلدى. ئەمدى مۇنۇ داستىخاندا ئۇنىڭ لېكسىيە-
سىنى ئاڭلاش نېسىپ بولىدىكەن – دە، — دېدى تاش كۈلۈپ.

— ياق، ئۇ داستىخاندا راستىنلا بۆرىگە ئايلىنىدۇ. سىيا-
سەتتىن، خىزمەتتىن سۆز قىلمايدۇ. قارىماققا قىپقىزىلدەك كۆ-
رۈنگىنى بىلەن، تازا ئارىلاشساڭ، ئۇ بىر تۈپتۈز، راستچىل،
تېخى ھېسسىياتچان ئادەم.

— ئۇنداق بولسا، چاقىر! — دېدى ئارۇپ خۇشال بولۇپ، — ناخشا، لەتىپە، كۆڭۈل ئاچىدىغان گەپلەر بولسۇن، باشقىسىدىن كۆڭۈل ئايىنىيدىغان بولۇپ قالدى.

— ئۇنى چاقىرىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ شۇ تاپتا چوقۇم تاغدىن قوي، قىمىز ئەكېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بالىلىرى ئالىلىقاچان خەۋەر يەتكۈزدى. ئەمدى سىلەر مېنىڭ ئۆيۈمدە مېھمان بولالمايسى- لەر. مېنىڭ ھەم قارشى ئېلىش، ھەم ئۇزىتىش زىياپىتىم مۇشۇ. ئەمدى بۇ يېزىدا ئۆي بېسىپ قوي سويۇلىدۇ، ھەممىلا ئۆيدە مېھمان بولىسىلەر. بولمىسا، مەن تاپا - تەنىگە قالىمەن.

— ئاپلا، مۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام، بەش بالامنى ئالغاچ چىقاتتىمكەن، — دېدى تاش چاقچاق قىلىپ، — بىچارىلەرنىڭ ئۆچەيلىرى مايسىراپ، ئەسكى ھارۋىنىڭ چاقىدەك قاغجىراپ كەتتى.

بىز تېخى غىزالىنىپ بولماي تۇرۇپلا، تالادىن تۇردى بۆرىنىڭ تاغدىن تاش غۇلىغاندەك ھەيۋەتلىك ئاڭلىنىدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئىتنىڭ بالىلىرى، شەھەردىن مۇشۇ تەخەي بىلەن قانداق چىققانسەن؟ پاھ، بۇ ئېشەكنىڭ ھاسىرىشىنى، بىر ئايسىز ئۆرە بولالمايدۇ بۇ كۆتۈرەلمە، بىر ئاتقا زىيان بوپتۇ - دە، ھا... ھا... ھا...!

بىز ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلۈشتۇق.

ئۇنىڭ يوغان، مەردانە گەۋدىسى تاپسىدا پەيدا بولدى:

— سالام، قوتۇر ئېشەكنىڭ چوملىرى! — دېدى ئۇ قوللىرى- نى كۆكسىگە قويۇپ، — يېتىشلىرىنى قارىمامدىغان، ئېشەكنىڭ- لاردىن ئۆگەنگەن ئوخشىمامسىلەر!

— ھە، تاغنىڭ ئاچ بۆرىسىدىن ئۆگەندۇق، جىق يەۋېتىپ سىڭدۈرەلمەي ياتتۇق، — دېدى تاشمۇ لايىقىدا چاقچاق قىلىپ.

بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كۈلكە - چاقچاق بىلەن كۆرۈشتۇق.

— قېنى، بىزنىڭكىگە يۆتكىلەيلى، — دېدى «بۆرە» بىزنى ئالدىرىتىپ، — ھازىر داۋۇت جۇرىندىن تېلېفون كەلدى، ئۇرۇم-چىدىن بىر چوڭ باشلىق بىزنىڭ گۇڭشېغا كەپتۇ. بۈگۈن كەچ مېنىڭكىدە مېھمان بولغۇدەك، ئوبلاستتىن، ناھىيىدىن قوشۇلغان-لىرىمۇ باردەك.

— ئۇنداق بولسا، بىزگە رۇخسەت قىل، ئاكا! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا يېلىنىپ، — مېھمانلىرىم ئەتە كېتىدۇ، بىر كېچە مۇڭدىشىۋالايلى.

— نېمە، نەگە كېتىدۇ؟ ھازىرلا بۇلارنىڭ ئاۋۇ قوتۇر ئېشە-كىنى سايغا دومىلاتقۇزۇۋېتىمەن. شەھەر تەرەپكە پىيادە ماڭسا، پۇتۇن يوللارغا مىنىبىك قويىمەن. سەن ئەپەندى، مېھمانلىرىڭنى رەنجىتمەيمەن دېسەڭ، تولا ۋالاقلىماي ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ، بولمىسا، ھېلى بىكار، دىۋانىنىڭ خورجۇنىدەك مۈرەمگە سېلىپ ئېلىپ ماڭىمەن.

بىز ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدۇق.

... خاتىرەمنى «لېكىن» بىلەن باشلايمەن، بىزنىڭ بارلىق خۇشاللىقلىرىمىز بىردىنلا يوققا چىقتى. مەن ئۇرۇمچىدىن كەلگەن چوڭ باشلىقنىڭ، ھېلىقى مەن ئۈيىدىن قاچقان باشلىق يەنى «خو-جايىن» ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئوبلاستتىن قوشۇلغان كىشى نەق رەقىپىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي، مەن ھاياتىمدا رەقىپنى قايتا كۆرۈشنى، ئۇنىڭ يامپا قاپاقلىرى ئاستىدىكى زەھەر ياغىدى-غان كۆزلىرىدىن شادلىق كۈلكىسى چاقنىتىپ، قوللىرىمنى خۇد-دى كونا دوستۇمدەك تۇتۇپ يەنە بىر قولىنى مۈرەمگە قويۇپ ئەتراپتىكىلەرگە:

— ئەڭ، ئەڭ، يېقىن دوستۇم! — دەپ تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاپ جىمجىت تۇرۇشنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن.

«خوجايىن» مېنىڭ قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ:

— ھە ، قاچقۇن ، مەن تېخى سېنى يەر شارىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتىمىكىن دېسەم ، ئارانلا مۇشۇ يەرگە كەلدىڭمۇ ؟ يەتتە كېچە - كۈندۈز قېچىپمۇ دۆڭنىڭ ئالىقىنىدىن قېچىپ چىقالمىغان ھېلىقى بىچارە بالىدەك ئىش قىپسەن . بۇ يەر مېنىڭ ئالىقىنىمنىڭ ئىچى . ھە ، ئەمدى ماڭا نېمە دەيسەن ؟ كاتىپ بولامسەن ياكى تۈرمىگە كىرەمسەن ؟ — دېگەن چاقچىقى مېنى خىجىل قىلغان ، نومۇس قىلدۇرغان بولسا ، رەقىپنىڭ :

— ئەلانى ئىزدەپ پۈتۈن جۇڭگوغا ئېلان تارقاتتۇق . بۇ بىكارلا قاچقان . مەن ئۇنى جان تىكىپ قوغدايتتىم . ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تۆھمەت - ئىللەتنىمۇ مەن ئۆزۈم رەت قىلىپ ، ئۇنى ئاقلىدىم ، — دېيىشلىرى مېنى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك ھالغا كەلتۈردى .

— ئاۋۇنى تالاغا ئاچىقىپ ، راسا پۇخادىن چىققۇچە ئۇرمايلىمۇ ؟ — دېدى تاشپولات ئىككى پىيالە ئىچكەندىن كېيىن قولىقىمغا پىچىرلاپ .

— ئەخمەقلىق قىلما ، — دېدىم مەن لەنجۇدا رەقىپنى ئۇرۇپ تارتقان زىيانلىرىمنى دەرھال ئېسىمگە ئېلىپ ، — ئۇنىڭغا قاراپ ئالىيشنىڭ ئورنىغا قاقاقلاپ كۈلگەن بولساق ياخشى بولاتتى . لېكىن ئەجەب خامكەنمىز ، يالغان كۈلۈشنى ئۆگەنمىگەنىكەنمىز .

— ھا... ھا... ھا... ! — تاشپولات تويۇقسىز شۇنداق قاتتىق كۈلدىكى ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ «خوجايىن» ، «بۆرە» ، ئاندىن كېيىن ئۆيدىكى يىگىرمىدەك ئادەمدىن رەقىپ بىلەن ئارۇپتىن باشقا ھەممىمىزلا قاقاقلىشىپ كۈلۈشتۇق . مەن رەقىپكە قارىدىم . ئۇ تۆمۈردەك قارىيىپ ، يالغان ھېجىيىشقىمۇ ماسلاشمايۋاتقان كۆكۈچ لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ ، بىئارام بولۇپ ئولتۇرماقتا ئىدى . مەن ئولاشتۇرۇپلا چاقچاق باشلىدىم .

— ئاڭلىمايلا كۈلدۈڭلار ، مەن تاشپولاتنىڭ كۈس - كۈس

گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بېرەي . ئۇ ئېشىكىمىزنى راستىنىلا بۆرە يېگەن بولسىدى ، شۇ باھانە بىلەن بىر تويى ئۆيىنىۋالساق دەپ كۈلۈۋاتىدۇ .

مەستلەر بۇ گەپكىمۇ كۈلۈشتى . ئۆيدىكىلەر ھازىر كۈلكىدىن باشقىنى بىلمەيدۇ ، «ھۇ ، ئاۋۇنى !» دەپ قويىسىمۇ كۈلىدۇ . «بۆرە»نىڭ ئاغزى ئېچىلدى :

— مۇنۇ ئەلا ئەپەندى ، ئاتىنىڭ ئوسۇرۇقىنىمۇ تەرجىمە قىلالايدىكەن !

— ۋايت !

— بۆرىنىڭ ھوۋلىشىنىمۇ تەرجىمە قىلار .

— ۋايت !

— بۇ ئاسان ، بۆرىنىڭ ھوۋلىغىنى ، چىدىماستىن يىغ-لىغىنى !

— ئانداق بولسا ، بۇگۈنلا كېتەيلى رەقىپ ئوكام ، ئىككىلا قوينى يېسەك ، تۇردى «قاسقىر ئاۋۇز» ئۆلۈۋالدىغان ئوخشايدۇ !

— ۋايت ، ھا... ھا... ھا... !

مەن پات - پات رەقىپكە قاراپ قويىمەن . ئۇ قارىيىپ - تاتىرىپ تەستە يالغان ھىجىيىپ ، گۇمانخورلۇق ، ئەندىشە ئىچىدە ئازابلانماقتا . ئۇ «خوجايىن»نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانلىقى بىلەن قەددىنى رۇسلىۋالدى - دە ، چاقچاققا ئارىلاشماقچى بولدى .

— تۇردى «قاسقىر ئاۋۇز» دېدىڭىزما ؟ پاھ ، قورقماي بۆرى-نىڭ ئۇۋىسىدا مېھمان بولغىنىمىزنى - ھە ؟

— بۆرىنىڭ قورقۇدەك نېمىسى بار ؟ — دېدى تاشپولات دەرھال ، — قورقۇشقا توغرا كەلسە ، ماراپ چىشلەيدىغان ئىتتىن قورقسا بولىدۇ !

— ھا... ھا... ھا... ! — بىزنىڭ ئاروپ تويۇقسىزلا ئارقىسى-غا ئۆزىنى تاشلاپ ، — ئاپىرىن ، تاش ، ئاپىرىن ! — دەپ كۈلۈشكە

باشلىۋىدى ، يەنە پۈتۈن ئۆيدىكىلەر ھېچنېمىنى چۈشەنمەي كۈلدى .

— ئەلا ، دۇتار چال ، ناخشا ئېيت ! — دېدى ئۇزاق كۈلگىدىن كېيىن «خوجايىن» مېنى يېنىغا تارتىپ ، — بىلەمسىز ، رەقىپ ئۇكام ، بۇ سېسىق زىيالىينىڭ ئادەمگە ھۇزۇر بېرىدىغان ھۈنەرلىرى كۆپ !

— بىلمەيدىغان ! — دېدى رەقىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ، مىدىرلاپ - كۆتۈرۈلۈپ قويۇپ ، — يولدا كەلگۈچە سىزگە پارىگىنى قىلىپ بەردىمغۇ ، مېنىڭ ئەڭ ، ئەڭ يېقىن سىردىشىم . راستىمنى ئېيتسام ، بىزنىڭ غۇرۇرىمىز ، ئىپتىخارىمىز ، يۆلتۈزىمىز مانا مۇشۇ ئەلا . سىز بۇنى قىيىن شارائىتلاردا ساقلىدىڭىز ، خەلقىمىز سىزدىن مىننەتدار ، مەن ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن . مىننەتدارلىقىمىزنىڭ بەلگىسى — مۇشۇ بىر رومكا ھاراقنى سىزگە تۇتاي ، لېۋىڭىزنى تەگكۈزۈپلا قويسىڭىز ، بېشىم ئاسمانغا تاقىشىدۇ ، ئاكا !

دۇتار سازلاۋاتقان قوللىرىم ئىختىيارسىز تىترىدى ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا غەزەپ - نەپرەت بىلەن قايناۋاتقان قېنىم مېنى كۈشكۈرتمەكتە : «پەيت كەلدى ، ئاغزىغا ئۇر !» دېمەكتە ، لېكىن مەن بۇنداق قىلالمايمەن . نېمىشقا ھاشىردەك قايىتماس ، قەيسەر بولۇپ يارالمىغاندىمەن ؟ !

— مـە ، قاچـاق ! — دېدى «خوجـايىن» ماڭـا ھاراق سۇنۇپ ، — خۇشاللىق ئۈچۈن ئىچ ، نېمىگە تورۇلىسەن ؟ مەن ھەممىنى بىلىمەن ، سېنىمۇ ، دوستلىرىڭنىمۇ ياخشى بىلىمەن . ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ ، مەن تورۇلمەيمەنۇ ، ھېچنېمىنى بىلمەي تۇرۇپ ، سەن نېمىگە تورۇلىسەن ؟

«خوجايىن»نىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم . ئۇنىڭ «دوستلىرىڭ» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە تەلەپپۇزدا ئېيتىشى ، قەلبىمدىكى نەپرەتتىن ھۇرپەيگەن قارا بولۇتلارنى تارقىتىۋەتتى .

مەن ئۆزۈم يازغان شېئىرلىرىمنى ئۇشاق مۇقامىغا سېلىپ ئېيتىشقا باشلىدىم . ناخشام يۈرىكىمنى تىترەتمەكتە ، دۇتارىمنىڭ مۇڭلۇق تارى قەلبىمنىڭ قاتلام ـ قاتلاملىرىدىكى پىغانلىرىمنى ، پاتقاقتا چەيلەنگەن گۈل دەستىسىگە ئايلانغان ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىمـ ـنى بايان قىلماقتا . مېنىڭ شېئىرىمنىڭ ئالدىنقى كۇپلېتى مۇنداق باشلاندى :

چاراكى بۇلبۇلى ئەردىم تىلىم داغلاندى نەچارە ،
سامادا شادلىنار ئەردىم ، قانات باغلاندى نەچارە ؟
خازانلار تۆكتى گۈلباغىم ، قۇيۇنلار ھوۋلىشار ئاندا ،
قۇرۇپ فىردەۋسى ـ گۈلشەنىم تامام زاغلاندى نەچارە ؟

## 3

ماگا بىرنەچچە پارچە خەت بىلەن ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان خاتىـ ـرىلەرنى قالدۇرۇپ ، ئۆلارنىڭ ھەممىسى كەتتى . «خوجايىن» كېـ ـتەر ۋاقتىدا قولۇمنى قىسىپ :

— غەيرەتلىك ، ئۈمىدلىك بول ، مەن سېنىڭدىن رەنجىمىـ ـدىم ، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسامۇ ، بەلكىم شۇنداق قىلاردىم . لېكىن ، مەن سېنىڭ بىلىمىڭنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالماقچى ئەمەس ، ۋاقتى كەلگەندە ، ماگا يېزىپ بەرگەن پۈتۈن ماقالىلىرىڭنى ئۆز نامىڭ بىلەن ئېلان قىلىپ سېنى رازى قىلماقچىدىم . مەن ئىلىم خادىمى ئەمەسمەن ، بىلەمسەن ، نادىروف مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم ئىدى . شۇنىڭ بىر يوشۇرۇن خېتىنى ئېلىپ لاۋلىنى ئىزدەپ تاپتىم . شۇنىڭدىن كېيىن لاۋلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، سېنى مۇشۇ يول بىلەن ساقلىماقچى ، داتلىشىپ كەتمىسۇن دەپ «بىلەپ» تۇرماقچىدۇق . سەن خاتا چۈشىنىپ قاپسەن ، ئۆكام ، مەيلى

كېرەك يوق ، ھېلىھەم بولسىمۇ خاتىرجەم ئۆگەن ، ياز ، تەتقىق قىل ، مەن يەنە ساڭا ياردەم قىلىشقا تەييار . سېنى بىر ئامال قىلىپ تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ يولىنى قىلى- مەن . مۇنۇ خەت ، ئاغىنەڭ ھاشىرنىڭ خېتى . ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا تۈرمىلەرنى تەكشۈرگىلى كىرگەنلەردىن چىقارغانىكەن ، مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالدى ، ئوقۇپ باق ، خەير ، سالامەت بول ئوكام ! — دېدى .

مەن بۇ ئادەمنىڭ ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئەم- دى بىلدىم ، ئۇنى بىكارلا ئەيىبلەپ يۈرگەنىكەنمەن ، مانا ھازىرمۇ بۇ قىلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ تۇرۇۋېتىمەن . ئادەم بىر مۇرەككەپ «ماشىنا» ئىكەن ، ئۇنىڭ سىرىنى بىلمەك تولىمۇ تەس ئىكەن . بىرلىرى ئۆلگىچىمۇ ئۆز ماھىيىتىنى يوشۇرالايدىكەن ، بىرلىرى ھەتتا ئۆلگەندىن كېيىنمۇ سىرلىق بولۇپ قالىۋېرىدىكەن . ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكىمۇ ئەنە شۇ مۇرەككەپلىكى بولسا كېرەك ، مۇنۇ «خوجايىن»نىڭ قوپال سۆزلىرى ، چوڭ گەپ قىلى- دىغان ، ھەتتا يالغان سۆزلەيدىغان ئەيىبلىرى ئۇنى ناچار قىلىپ كۆرسەتكىنى بىلەن ھايات ئۇنىڭ بۇ ناچارلىقلىرىنى بېسىپ چۈشى- دىغان پاكىز قەلبىنى ھامان مانا ئاشكارىلاپ قويىدىغۇ ؟ ئەيىبنى يوشۇرىدىغانلار ئازىيىپ ، گۈزەللىكنى يوشۇرىدىغانلار كۆپەيسە ، بۇ دۇنيا ، ئىنسانىيەت بۆلەكچە نۇرلانغان بولماسمىدى ؟

ئارۇپ بىلەن تاشپولات ھېلىقى كۆتۈرەم ئېشىكنى يوغان قورساق بايتالغا تېگىشىۋالدى . ئۇلار «قاسقىر ئاۋۇز»نى ئالدىۋال- دۇق دەپ خۇشال بولمىغاندۇ - ھە ؟ لېكىن «قاسقىر ئاۋۇز» ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يول ئازابى كۆرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنى- دۇ ، ئۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن ھېلىقى ئېشەكنى تۈگمەنچىگە بېقىشقا تاپشۇردى .

«خوجايىن» ئالاھىدە تاپشۇرما بەرگەن ئوخشايدۇ . گۆشكىدىن

كەلگەن داۋۇت مۇدىر بۇ يەردىكى باشلىقلارغا مېنىڭ ئالدىمدىلا :

— ئەپەندىنىڭ تۇرمۇشىغا ياخشى قاراڭلار . بىر ئۇستەل - ئورۇندۇق ياسىتىپ ، دېرىزىسىنى يوغانىتىپ ، ئۆينى يورۇق قىلىپ بېرىڭلار ، كەتكەن خىراجەتنى بىز تۆلەيمىز ! — دېدى .

داۋۇت ئاجايىپ يىگىتكەن . رەقىپ مەست بولۇپ قالدى ، ئۇ «سىياسىي تېما» بويىچە نۇتۇق سۆزلەپ ، بىرگە زەربە بېرىش دائىرىسىنىڭ تولىمۇ كەڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ، نادىروفلارنىڭ ناھەق ئېتىلغانلىقى ، 70 - يىلىنىڭ بېشىدىلا بۇنىڭ بىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا دېگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردە قولىلىرىنى شىلتىپ ، «خوجايىن»نىڭ نارازى بولۇپ توختاشقا بەلگە بېرىپ قول ئىشارىسى قىلغانلىقىنى كۆرمەسكە سېلىپ ئەدەپلىك تۇردى . داۋۇت ئۇنىڭغا ئۇنلۇك قىلىپ :

— ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز ، رەقىپ جۇرىن ، بىر يەردە سىزنىڭ لېنىنغا ئېلىنغان سۆزىڭىزنىمۇ ئاڭلىغانمەن ، — دېۋىدى ، رەقىپ بىر دىنلا تاتىرىپ ، كېكەچلەپ ، داۋۇتقا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى تەڭلەپ :

— سەن ، سەن ، نېمە دېمەكچى ، كىمسەن؟ — دېدى ۋە داۋۇتنىڭ ئۇن - تىنسىز تىكىلىپ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ، - ھە ، شۇ ، — دېدى - دە ، جىمىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كەتكىچىلا ئۈندىمىدى ، ھەتتا ھېچكىم بىلەن خوشلاشمىدى . مەن ھەيران : داۋۇت ئاڭلىغان قانداق لېنتا ئۇ؟ داۋۇت زادى كىم؟

ھاشىرنىڭ تونۇش ئىملاسى ، دانىمۇدانە يوغان - يوغان ئەرەب ھەرپلىرى ئارىسىدىكى ئۇچلىرى ئىلمەك ABC لارچۇ تېخى . قىممەتلىك دوستۇم ، خېتىڭ بىر يىل كېچىكىپ تەگدى ، ھېلىھەم بولسىمۇ ۋەسىيىتىڭنى ئورۇندايمەن . ساڭا بولغان ھۆرمىتىم ۋە سېغىنىشىمنىڭ نىشانى بولسۇن ئۈچۈن ، سېنىڭ خېتىڭنى خاتى-

رەمگە ئەينەن كۆچۈرۈپ قويىمەن ۋە خاتىرەمنىڭ بۇ بەتلىرىگە ماۋزۇ قويىمەن. ھاشىرنىڭ خېتى:

«سالام ئەلا، سېنى كەڭسايدىكى ياغاچ ئۆينىڭ يېنىدا غىل - پال كۆرۈپ قالدىم. مەن ئويلىغاندەك قىپسەن، ئەقلىڭ ئىشلەپتۇ. ئاۋاق، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىشىنىشكە، تايىنىشقا بولىدىغان بىردىنبىر يۆلەنچۈك. مەن سېنى كۆپ ئويلىدىم. سېنىڭ مۇشۇ ۋاقىتلىق جۇدۇندىن سالامەت ئۆتۈپ كېتىشىڭنى، راستىننى ئېيتسام. نامەلۇم بىر كۈچتىن تىلىدىم. سەنلا ساق قالساڭ، بىزنىڭ ساق قېلىشىمىزغا ئىشەنچ پەيدا بولاتتى. چۈنكى سېنىڭ ھەربىي رايوندىكى لاۋجاۋ، لاۋلى دېگەن دوستلىرىڭ بىز توغرۇلۇق توقۇلغان يالغان دېلونى بىتچىت قىلىشقا ياردەم قىلىدۇ. يۇقىرىدىن بىزنىڭ دېلويىمىزنى كۆرسىلا بىزنى قارىلىغۇچىلار جازالىنىدۇ. پارتىيىمىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئۆز خىزمىتىدىكى خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىشكە جۈرئەتلىك توغرا پارتىيە. مەندە پارتىيىگە، ئارمىيىگە، خەلققە كۈچلۈك ئىشەنچ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ ناھەق ئۆلۈپ كېتىشىمگە زادىلا ئىشەنمىدىم. دېگەندەك مانا ئامان قالدىم. سېنىڭ ھەقىقەتنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن قىلغان ئەمگىكىڭنىڭ بەدىلىگە ھايات قالغىنىمنى ئويلىسام، بىزنىڭ ئوننىچى سىنىپنى پۈتتۈرگەن يىلى بىر قېتىم: «بىز ئىككى گەۋدە، بىر يۈرەك، دېگەنلىكىمىز ئېسىمگە كېلىدۇ. ئاۋاق، ساڭا رەھمەت، سالامەت قالغانلىقىمنى بىر ئامال قىلىپ رازىيىگە يەتكۈزگىن. يەنە بىر ئامال قىلىپ بىزنىڭ ناھىيىنىڭ ئەھۋالىدىن ماڭا بىر خەۋەر بېرىڭلار، دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ تەقسىماتى تۆۋەنلەپ نەچچىگە چۈشتى؟

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق تۆۋەنلەپ ئىككى يۈز سەكسەن جىڭغا چۈشۈپ قاپتۇدەك. بۇ راستمۇ؟ ئۈستەڭ قۇرۇلۇشى، ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشتىن توختاپتۇدەك، چارۋا ماللارنىڭ يېرىمى ئۆلۈپتۇدەك، كۆزگىلەر ئۇششۇپ، ئالما، ئۆرۈكلەرمۇ چېچەكلىگەندىلا توڭلىشىپتۇدەك...؟ ئاداش، بىر ئامال قىلىپ زۇلياغا ئاكىغا ئېيت، ئۆز دادۇيىنىڭ ئەھۋالىدىن 1966 - يىلى بىلەن 1970 - يىلىنى سېلىشتۇرۇپ بىر ئەمەلىي دوكلات يېزىپ ماۋجۇشىنىڭ ئۆزىگە، ھېچبولمىسا جۇزۇڭلىغا يازسۇن. مېنىڭ دېھقانلار تۇرمۇشى توغرىسىدا ماۋجۇشىغا يازغان خېتىم نۇرغۇن ئەمەلىي تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇش، ئويلىنىش ئارقىلىق يېزىلغان. ئۇ راست گەپ، ئۇ ھېچقانداق تىرناقتىن كىر ئىزدەش، توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈش ئەمەس. مېنىڭ راست گەپنى ئىنكاس قىلىپ يازغان خېتىمنى بۇرمىلىغۇچىلار خەلقنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئاداش ئەلا، ھېلىقى تەتقىقات ئىشلىرىڭ، ئۆگىنىشىڭ قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ ئۇمۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدەك ئىشتىن توختاپ قالمىغاندۇ - ھە؟ مەن تۈرمىدىن سالامەت چىقسام، ئۆز ئىشىم ئەمەلىيلەشمىسىمۇ مەيلى، سېنىڭ ئىشىڭنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن يول ماڭىمەن. ھايات دېمەك، ۋاقىت دېمەك، ئۆمۈر سائەت، مىنۇت، سېكۇنتلارنىڭ يىغىندىسىغۇ؟ ساڭا شارائىت، ۋاقىت زۆرۈر ئىدى، ئىسىت، نۇرغۇن ۋاقتىمىز بىھۇدە ئىسراپ بولدى. مەن بۇ يەردە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ كەلگۈسى توغرىسىدا خىيال سۈرۈۋاتىمەن. كۈلكىلىك ئىش، بىر ئىشچان ئادەمنى ناچار تاماق، جىمجىت ياتاق بىلەن تەمىنلەپ خىيال قىلىشقا مەجبۇر قىلغىنى نېمىسى؟ خىيالىمدا ناھىيىنى ئېلېكترلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنى باي قىلىپ، مەھەللىلەرنى ئاۋات قىلىپ بولدۇم، قاش دەرياسىدا

تۆت ئورۇندا ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى ، سۇلتانى ۋەيسى مازىرىنىڭ يۇقىرىسىغا ناھايىتى چوڭ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇپ ، بىنەملەرگە سۇ چىقىپ ، پۈتۈن ئېدىرلار كۆكۈلمەيدان ، باغۇ-بوستانلىققا ئايلىنىپ ناھىيىمىزنىڭ ھازىرقى تېرىلغۇ يېرىگە يەنە ئۈچ يۈز مىڭ مو مۇنبەت يەر قېتىلدى... خىيال قانداق شېرىن ، گۈزەل - ھە ؟ رازىيە بىلەن كەلگۈسىدە بىللە ياشاي-دىغان بەش ئېغىز ئۆي ، مېۋىلىك باغ ، گۈللۈك ھويلىسى بار قورۇ ، باللىرىمىزنىڭ ئىسىملىرى ، چىرايلىرى ، مېھمان-لىرىم ، ئۇلار بىلەن قىلىشىدىغان گەپلەر... قىسقىسى ھېچ-نېمە قالمىدى ، ئاداش .

ئەمەلىيەتكە قايتاي . سەن بىلىسەن ، مەن 1957 - يىلى ئۈرۈمچىدە سەككىزىنچى ئايلىق مائاشىمنى ئالغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە تېخى سارجا ، يىپەك دېگەنلەرنى كىيىپ باق-مىدىم ، يوتقان - كۆرپەممۇ ناھايىتى ئاددىي رەختتىن ، سەن-دىن باشقا بىرەر كىشىنىمۇ تۈزۈكرەك مېھمان قىلىپ باقمى-دىم . شۇنداق بولغاچقا ، ئايلىق خىراجىتىم يىگىرمە سومدىن ئاشمايدۇ . ھەر يىلى بەش يۈز سوم ئەتراپىدا بانكىغا ئامانەت قويۇپ يۈرۈپ بەش - ئالتە مىڭ سومدەك پۇل يىغدىم . بۇ پۇلنىڭ چېكى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قورۇ خىزمەتچىسى (ئاتباقارى ) يۇسۇپ تاغا دېگەن ئادەمدە . ئۇ سېنى بىلىدۇ . سەن بارساڭلا ، ئۇ پۇلنى ساڭا بېرىدۇ . شۇ پۇلدىن ئىككى مىڭ سومنى ئېلىپ ‹ئىتتىپاق› گۈڭشې ‹يېڭى نۇر› دا-دۈي ، ئالتىنچى ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ كەمبەغەل ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى سىيىت يالاڭ تۆش دېگەن ئادەمگە بەرگىن . مەن تۆۋەنگە چۈشسەملا شۇنىڭكىدە تۇراتتىم . بىچارە ، مېھماندوست ، گېپى چوڭ ، ئىچەرمەن ئادەم . قولىدا قەرزىدىن باشقا بايلىقى يوق ، تېخى قولى ئىشقا

تەگمىگەن يەتتە بالىسى، قورۇۋانىم ئىسمىلىك قولى گۈل، ياش ئايالى بار. ئەر - ئايالنىڭ يېشى ئون سەككىز ياش پەرق قىلغىنى بىلەن ئۇلار يېڭى توي بولغان ياشلاردەك ئىناق، بەختلىك. شۇڭا ئايالى تولىمۇ ئىشچان. ھويلىسىدا ئۇنىڭ قولى بىلەن ھاكلانمىغان ھېچقانداق تام، دەرەخ يوق، تونۇر بېشى، توخۇ كاتىكى، ھاجەتخانە، كۆكتات ئورىلىرىنىڭ ئاغزىمۇ ھاكلانغان. قىسقىسى، بىردىنبىر بايلىقى بولغان ئورۇق تاغىل سىيىرى بىلەن پوپۇچەكلىك تۆت مەللە مېكىيىنىدىن باشقا ھەممىلا نېمىسى ھاكلانغان. ئۇلار بەختلىك، ئۈمىدلىك. لېكىن ئۇلارنىڭ دۈيگە بىر مىڭ تۆت يۈز ئاتمىش ئىككى سوم قەرزى بار. مەن بەرگەن پۇل بىلەن ئۇلار قەرزنى ئۈزۈۋالسۇن، ئاشقىنىنى خىراجەت قىلىپ خۇشال - خۇرام كۈن كۆرسۇن. سېيىت يالاڭ تۆش دوستلىرىنى چايغا چاقىرىپ پىيالىدە ھاراق ئىچىپ، بىز توغرۇلۇق دوستلىرىغا ھېكايە قىلىپ بەرسۇن. ئۇ تولىمۇ ئۈمىدلىك ئادەم. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى چوڭ بولۇۋاتىدۇ، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن قەرزدار بولمايدۇ. ئاۋاق، سېيىت يالاڭ تۆش نېمەڭ؟ دەپ سوراپ قېلىشىڭ مۇمكىن. بىلىپ قوي، ئۇ بىر سەمىمىي دېھقان. سېنىڭچە، پىكىر قىلغاندا، ئۇ 70 - يىللاردىكى ئۇيغۇر دېھقىنى، ئۇنىڭ ئائىلىسى بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ نەق ئۆزى...

ئەلا، يېقىندا مەن ئەلانۇرنىڭ دادىسى — ھېلىقى پېشقەدەم جەڭچى بىلەن ياتاقداش بولۇپ قالدىم. ئۇ ئوسماننىڭ قانداق قىلىپ تۇرمىدىن قاچقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئوسمان ھازىر تۇرۇۋاتقان جايى (شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى بىر ناھىيىسى) دىن مۇشۇ ئادەمنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئوغلىغا يازغان مەخپىي

خېتىدە ، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ شەندۇڭغا كېلىپ قالغىنىنى تەپسىلىي يېزىپتۇ . بۇ ئىسپاتلارغا ئاساسەن ، ئوسمان توغرىسىدا تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئەينەن قىلىپ ساڭا يازدىم . ئىمكانقەدەر باشقىلارغا دېمەي تۇرغىن .

ئوسمان 1970 ـ يىلى ئەتىيازدا ، قېچىپ يۈرگەن يېرىدىن ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىپ ، يېڭى ھايات مەھەللىسىدىكى ئىككىنچى تۈرمىگە قامىلىپتۇ . تۈرمە تاشقىرىقى ، ئىچكەركى بولۇپ ئىككى ھويلىلىق ئىكەن ، تاشقىرىقى ھويلىدا مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن ئات ، ماشىنىلار تۇرىدىكەن ، ئىچكەركى ھويلىدا مەھبۇسلار بار ئىكەن .

ئەلانۇرنىڭ دادىسىنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇنى تۇرغۇن قىيىن ـ قىستاققا ئالغان بولسىمۇ ئۇنۇمى بولماپتۇ . ئۇنى قورقۇتماقچى بولۇپ ، تاشقىرىقى ھويلىدىكى قېرى قارىياغاچقا تەييارلانغان سىرتماقنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەپتۇ . ئادەم قىيناشتا داڭق چىقارغان «جوسەن» لەقەملىك بىر كالتەكچى بار ئىكەن . ئەنە شۇ «جوسەن» ئەلانۇرنىڭ دادىسىنى يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ھەدەپ ئۇرۇندۇقتا تۇرۇۋېلىپ سىرتماقنى سوپۇندىغىلى تۇرۇپتۇ . بوۋاينىڭ سىرتماقتا ئۆلۈشكە كۆزى يېتىپ ، بالا ـ چاقىسىنى ئويلاپ كۆز يېشى قىپتۇ . شۇ چاغدا ئىچكەركى ھويلىدىن ئوسماننى ھەيدەپ چىقىپتۇ ، ئوسماننىڭ پۇت ـ قولى بوشكەن ، دېمەك دار شۇنىڭغا تەييارلانغان ، بوۋاينى قورقۇتماقچىكەن . ئالدىنقى كۈنلا سوراق ۋاقتىدا ، بىر يىگىتنىڭ «جوسەن»نى بىر تېپىپ يىقىتىۋەتكەنلىكى پۈتۈن تۈرمىدە ھېكايە بولغانىكەن . بوۋاي شۇ يىگىت مۇشۇ ئوسمان ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ . ئوسمان ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بوۋايغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپتۇ . بوۋاي تۈرمىدە ئوبدان سىردىشىپ بىللە بولغان ، كېيىن ئايرىلىپ

باشقا تۈرمىگە قامالغان يىگىتكە ئاخىرقى قېتىم ھېسداشلىق
بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ. ئوسمان دار ئاستىغا
كەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئالتىدىن ئون ئىككى
قوراللىق مۇھاپىزەتچى پەيدا بوپتۇ. «جۇسەن» بەندىگە چىـ
قىپ، ئوسمانغا ھەيۋە قىلىپ يەنە سىرتماقنى سوپۇنداپتۇ ۋە
بوينىنى سىرتماققا كىرگۈزۈپ سىناپ بېقىپتۇ. بۇ ئوسمانغا
قىلىنغان ھەيۋىسى ئىكەن. تازا شۇ چاغدا، ئوسمان تولىمۇ
چاققانلىق بىلەن بەندىگە بىر تەپكەنىكەن، «جۇسەن» سىرتـ
ماققا چۈشۈپ بوغۇلۇپتۇ. ئون ئىككى نەپەر قوراللىق ئېغىر،
كېلەڭسىز «جۇسەن»نى قۇتۇلدۇرۇش بىلەن بولۇپ، بىر
مىنۇتقا ئوسماننى ئۇنتۇپتۇ. ئوسمان ناھايىتى چاققانلىق بىـ
لەن شوتىدىن ئۆگزىگە چىقىپ شوتىنى تارتىۋېلىپ ئارقا تامغا
قويۇپتۇ ـ دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. «جۇسەن» تۆمۈردەك
كۆكىرىپ سىرتماقتىن ئارانلا قۇتۇلۇپ: «تۇ...
تۇتۇڭلار!...» دەپ خىرقىراپتۇ. ئارقىدا ۋارقىراش، ئوق ئېـ
تىش خېلى داۋاملىشىپتۇ. تۈرمە ئۆگزىسىدە قاراۋۇللار:
«قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ھەر
خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش
لازىم» دېگەن ئۈزۈندىنى تەكرار ـ تەكرار ۋارقىراپتۇ، لېكىن
ئوسماننى تۇتالماپتۇ. كېيىن ئوسماننىڭ خېتىدىن بوۋاي قالـ
غان ئەھۋالنى تولۇق بىلىپتۇ. تۈرمىنىڭ ئارقىسى قوناقلىق
ئىكەن. ئوسمان قوناقلىققا مۆككەنىكەن، قوناقلىقنى قورالـ
لىقلار قورشىۋاپتۇ. ئۇ تولۇق بىر سوتكا قوناقلىق ئىچىدە
مۆكۈنۈپ، كۆكۈۋاش قوناقنى چايناپ ـ شوراپ كۈن ئۆتكۈـ
زۈپتۇ. ئىككىنچى كۈنى قوناقلىقنى بەك قاتتىق ئاختۇرغىلى
تۇرغانىكەن، ئوسمان ئىلاجسىز قوناقلىقتا ئوت ئورۇۋاتقان
دېھقان يىگىتكە يېلىنىپتۇ. دېھقان يىگىت ئوسماننىڭ ئەھۋاـ

لىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى «تۇرمەل» قىلىپ چۆپنىڭ
ئارىسىغا باغلاپ ئېشەككە ئارتىپ قوناقلىقتىن ئېلىپ چىقىپتۇ
ۋە ئاق ئۆستەڭنىڭ بويىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئوسمان چۆپ بىلەن
بىللە ئۆستەڭدە ئېقىپ بايانداينىڭ قىبلە تەرىپى —
چەيلەگۈزگە كەپتۇ. ئۇ چەيلەگۈزدە سۇدىن چىقىپ، شۇ يەردە-
كى ئاشخانا ئالدىدا توختىغان كوزۇپى بىرېزېنت بىلەن چۈم-
كەلگەن ماشىنىغا چىقىۋاپتۇ. ماشىنا چەيلەگۈزدىن ماڭغىنىچە
شىخوغا كېلىپ، ئەتىسى بىراقلا توختاپتۇ. كەمپۈت - پىرە-
نىك قاچىلانغان قەغەز يەشىكلەر ئارىسىدا بەخۇدۇك ئوزۇقلە-
نىپ ياتقان ئوسماننى شىخودا شوپۇر كۆرۈپ قاپتۇ. شوپۇر
ھودۇقۇپ ۋارقىرىغۇچە، ئوسمان ئۇنى بىر كاللا ئۇرۇپ يىقى-
تىپتۇ - دە، قېچىپتۇ. ئۇنى قوغلىغۇچىلار شىخونىڭ ئۇي-
غۇرلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگۈچە، ئوس-
مان بىرسىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپ ئۈلگۈرۈپتۇ. ئوسماننى
يوشۇرغۇچى بورۇتلۇق، كەم سۆز بىر ئادەم ئىكەن، ئوسمان
قېچىپ كېلىۋاتقاندا، ئىشىكىدە ئاچچىق موخوركىسىنى چىشى-
لەپ، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ تۇرغانىكەن. ئوسمان بىرلا
قارىغانىكەن، ئۇ يوغان كۆزلىرى بىلەن ئۆيىنى شەرەت قىپ-
تۇ. ئوسمان ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن قوغلىغۇچىلار
كېلىپ ئۇنىڭدىن قاچقۇننى سوراپتۇ. ئۇ يەنىلا يوغان كۆزلە-
رى بىلەن يولنى شەرەت قىلىپ، موخوركىسىنى شوراپ مىت
قىلماي تۇرۇپتۇ. ئۇ ئوسمان بىلەن پۈتۈن بىر كېچە بىللە
بولغان تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن پەقەت:

— تۇرمىدىنمۇ؟ — دېگەن بىر جۈملىلا سوئال سوراپ-
تۇ. ئەتىسى يەرگە يورۇق چۈشمەستە ھېلىقى ئادەم ئوسمان-
نىڭ قولىغا ئون نان، ئىككى - ئۈچ كىلو پىششىق كاللا
گۆشى تۇتقۇزۇپ، ئېگىكى بىلەن مەھەللىنىڭ جەنۇبىدىكى

قارىيىپ تۇرغان تاغنى كۆرسىتىپ :
— خەير ، خۇداغا ئامانەت ! — دەپتۇ . ئوسمان تاغ ياقىلاپ بەش كېچە - كۈندۈز مېڭىپ ، بىردىنلا داۋانچىڭغا كېلىپ قاپتۇ . ئۇ بىر بېكەتتە پويىزغا ئوغرىلىقچە چىقىۋېلىپ ، ۋاقىت ئۆتمەي قارا نوپۇس ،لارغا قېتىلىپ پويىزغا چىقىۋاپتۇ . ئۇ پويىزغا ئاچ قورساق ، بىر تىيىن پۇلسىز چىققانىكەن ، بىر سوتكا قېقىلىپ ، سوقۇلۇپ ، قايسى ۋاگوننى تەكشۈرۈپ بولغان بولسا ساقچىلارغا تۇيدۇرماي شۇ ۋاگونغا كىرىۋېلىپ يۈرۈپ جان ساقلاپتۇ ، ئەمما قورساقنى هيلە - نەيرەڭ بىلەن ئالدىيالماپتۇ . ئاخىر ۋاگون ئارىلاپ يۈرۈپ بىرەر ئىنساپلىقراق كۆز بىلەن ئۇچرىشىشنى نىيەت قىلىپ دەلدەڭشىپ ئۇزاق مېڭىپتۇ . نە تىلەمچىلىك ، نە ئوغرىلىق قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ ، بۇنداق چاغدا بۇرۇن ئۆلىدىغانلىقى تۇرغان گەپ . ئۇ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ، بېشى قېيىپ ئايلىنىپ يۈرگەندە ، بىر ۋاگوندا ئۇنىڭغا ئۆز تىلىنى بىلىدىغان ، بىرلا قاراپ هالىنى چۈشىنىدىغان بىر رەھىمدىل ئادەمنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ .
— نەگە ؟
— قاچقۇنمەن ، ئاچتىن ئۆلگىلىۋاتىمەن ! — ئوسمان ئارانلا شۇنى دەپتۇ .
— هاجەتخانىغا كىرىڭ ! — دەپتۇ هېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئوسمان ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ . هاجەتخانىغا كىرگەندىن كېيىن هېلىقى ئادەم ئوسمانغا پۇل بىلەن بېلەت تەڭلەپ :
— ئىككى يۈز كوي ، ئوتتۇز كىلو بېلەت ، مەڭ ئېلىڭ ، ئەمدى بىز بىر - بىرىمىزنى كۆرمىدۇق ، باشقا ۋاگونغا كېتىڭ ! — دەپتۇ . ئۇ كىم ، نېمىشقا ئوسماننى

بىرلا قاراپ چۈشىنەلىدى ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنى
يوق . ئوسماننى «تۇرمەل» ، قىلىپ سۇغا تاشلىغان ، ئۇن-
تىنسىز ئۆيىدە بىر كېچە ساقلىغان ، مۇنۇ پۇل ۋە بېلەت بىلەن
ئۇنى ئاچلىقتىن ساقلاپ قالغانلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ خەل-
قىمىز ، ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە
نېمە قىلىشنى ياخشى بىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلا ، خەلقلا
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن ، بىز خېيىمخەتەردىن ساقلىنالاي-
مىز . ئەكسىچە ، خەلقتىن ئايرىلغان ، خەلقىنىڭ نەزىرىدىن
چۈشكەنلەرچۇ ؟ ئۇلارنىڭ خەلقى يوق ، ئۇلار يىلتىزسىز قام-
غاق . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇلار مېڭىپ يۈرگەن مۇردا ، سۆزلەي-
دىغان چالما ، ۋاقتى قەرەلى كەلگەندە ، ئۇلارنىڭ چەي-
لەنگىنى چەيلەنگەن .

ئوسمان پويىز بىلەن ماڭغىنىچە شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ
دېڭىز بويىدىكى بىر ناھىيىسىگە ، ھېلىقى «قارا نوپۇس»
ھەمراھلىرى بىلەن بىللە بېرىپ قاپتۇ . ھەمراھلىرى ئۆيلە-
رىگە كېتىپتۇ ، بىزنىڭ ئوسمان بىر كۆكتات ماگىزىنى ئال-
دىدا بەسەي يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە يېتىپ - قوپۇپ جان
ساقلاپتۇ . ئۇ پويىزغا چىققاندىن تارتىپلا «يابا» دېگەن نامغا
ئىگە بولۇۋاپتۇ . «يابا»لارنىڭ جەمئىيەتتە خېلى ئورنى بار ،
چۈنكى ئۇلار يالغان - ياۋىداق سۆزدىن خالىي . «يابا» ئەمگەك
قىلىپ بېرىپ كۆكتات دۇكىنىنىڭ كۆزەتچىسى بولۇپ قاپتۇ .
ئۇنىڭغا ئانچە - مۇنچە ھەقمۇ بېرىدىكەن . ياخشى يېرى ،
ئوسمان ئۇ يەردە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن ، سوراق ئازابىدىن
خالىي ، خاتىرجەم كۈن كۆرىدىكەن . كېيىن ئۇ ھېلىقى ھەم-
راھلىرىدىن بىر - ئىككىسىنىڭ ياردىمى بىلەن دېڭىز بويى-
دىن ۋېلسىپىت بىلەن بازارغا بېلىق ئەكېلىپ ساتىدىغان
ئوبدان بىر ئىشنى تېپىۋاپتۇ . باشقىلار كۈنىگە ئىككى قاتنى-

سا، «يابا، تۆت قاتنايدىكەن، بىر قاتناشتا ئىككى - ئۈچ
يۈەن پايدا ئالىدىكەن. ئوسمان هازىر كۈنىگە ئون يۈەندەك
پۇل تاپالايدىكەن. ئۇ خېتىدە قانچىلىك پۇل توپلىغانلىقىنىمۇ
يازغان ئوخشايدۇ. لېكىن، بوۋاي بىلەن تويۇقسىزلا ئايرىلىپ
كەتتۇق. ئوسماننىڭ خېتى كەلگەن ئۆينىڭ ئادرېسىنى شۇ
چاغدا نېمىشقا بىلىۋالمىغاندىمەن. تولىمۇ ئەپسۇس، ئەلانۇر-
نىڭ دادىسى يېقىندا تۈرمىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئەلانۇر
نەدە؟ ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تېخى بىلمىسە كېرەك - هە؟
ئەلانۇرنىڭ دادىسىنى سەن بىلىسەن، گومىنداڭغا قارشى سو-
قۇشتا 1945 - يىلى بىر كۆزىدىن ئايرىلغان، خىزمەتتە
ئاكتىپ، سەمىمىي، سادىق ئادەم ئىدى. هازىر بۇ يەردە
ئۆلۈۋېلىش كۆپىيىۋاتىدۇ. مەن هەيران: ئاپتونوم رايوننىڭ
خېلى يىراقنى كۆرەلەيدىغان، سىناقلاردىن ئۆتكەن رەهبەرلە-
رىدىن بىرنەچچىسى ئارقىمۇئارقا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇ-
لارنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان زادى نېمە؟ جىسمانىي ياكى
روھىي ئازابمۇ؟ ئۈمىدسىزلىك، ئىرادىسىزلىك ياكى مەجبۇ-
رىيەتمۇ؟ مەن هەرگىزمۇ ئۆلۈۋېلىشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ
باقمايمەن. مەن ئىشەنچ ۋە قىزغىنلىق بىلەن كۈنلەرنى ناخ-
شام بىلەن ئۆزىتىپ خاتىرجەم ياشاۋاتىمەن. ئەلا، كەلگۈسى-
نىڭ پارلاق قۇياشى پېشانەمگە ئىللىق نۇرىنى سەپمەكتە. ئۇ
نۇرنىڭ هارارىتىنى ئالدى بىلەن مېنىڭ خۇشاللىق، بەختكە
ئامراق قەلبىم سەزمەكتە. بىز گومورونىڭ مىسرالىرىدا ئېي-
تىلغىنىدەك: «قىزىل نۇرلار ئىچىدە ئۇچرىشىمىز!»...»

بۇ خەت ئەمەس، بىر ئەدەبىي ئەسەر، مەن هېچقانداق بىر
ئەدەبىي ئەسەرنى بۇنچىلىك زوقلىنىپ ئوقۇمىغانمەن. مەن بۇ
خەتنى ئون قېتىملاپ ئوقۇدۇم، هەتتا يادلىۋالدىم. دوستۇمنىڭ

بۇ ئۈمىد ، غەيرەت بىلەن تولغان خېتىنى ماڭا يەتكۈزگەن «خوجا-
يىن» ماڭا بىردىنلا سۆيۈملۈك ، قىممەتلىك غەمخورچى بولۇپ
بىلىنىشكە باشلىدى . ئۈمۈ زۇليا ، توردى بۆرە ، ئارۇپ ، ئۆمەر
تەمبۇر ، ئۆمەر ئەپەندى ، لاۋلى ، لاۋجاۋ ۋە ئوسمانىغا غەمخورلۇق
قىلغان ئىسمى نامەلۇم كىشىلەردەك ساپ قەلب ، پاكىز نىيەتنىڭ
ئىگىلىرى . مەن «قىزىل نۇرلار ئىچىدە» شۇلار بىلەنمۇ پاتراق
ئۇچرىشىشنى ، ئۇلارنى تېخىمۇ چۈشىنىپ ، ئۆگىنىپ ، ئۇلار ھەق-
قىدە ئەسەر يېزىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن !

مەن كەچقۇرۇن «قاسقىر ئاۋۇز»دىن ناھىيىگە ، ئاندىن كې-
يىن شەھەرگە بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم . ئۇ مېنى ئەتىگەنلىككە
ئۆزى ناھىيىگە بىللە ئاپىرىشقا ۋەدە بەردى ، ئەمما ئۇ مېنىڭ
زۇليانىڭكىدە قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ :

—زۇليانىڭكىگە بارمايسەن ، شەھەردىن ئۇتتۇر مۇشۇ يەرگە
قايتىپ كېلىمىز ، جۇمۇ ؟ — دەپ قىستاپ «ماقۇل جاۋاب» ئېلى-
ۋالدى .

مەن تولىمۇ بالدۇر خۇشال بولغانىكەنمەن . ناھىيىگە كېلىپلا
«قارا بۇلۇت» تېخى تارقالمىغان ، «مۇزلار» ئېرىمىگەن «سوغۇق»
ھاۋالىق مەنزىرىنى كۆردۈم . ئوسماننىڭ تايىقىدىن كېيىن يەنە
كىمدۇر بىرى ئۇرغان چېغى ، نامەت پۇتى سۇنۇپ ، قول بىلەن
ھەرىكەتلىنىدىغان «پالەچ ماشىنىسى»غا چۈشۈپ قاپتۇ . بىچارە
قۇرماش مېنى كۆرۈپ ئاۋۋال ئۇمچەيدى ، كېيىن كۈلدى ، ئاندىن
كېيىن قۇچاقلىدى ، لېكىن ئۈندىمىدى . ئۇنى تېخى ئەكسىگە ئە-
كەلمەپتۇ ، ئۇنىڭغا تېخى خىزمەتمۇ بەرمەپتۇ ، ئۆيىدە داۋالىنىشۇې-
تىپتۇ . ئۇنىڭكىدە قونۇپ قالدۇق . ئاخشىمى نامەت ھېلىقى خوتەن-
دە تېپىشقان ئايالى بىلەن (ئۇ يەنە شۇ ئايالى بىلەن يارىشىۋاپتۇ )
كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ پۇتلىرى گەج بىلەن قاتۇرۇلغانىكەن ، ئۇ
ئىنجىقلاپ ياستۇققا يۆلىنىپ يانپاشلىدى ـ دە ، ھەممىنى ئاغزىدىن

قار ـ يامغۇر ياغدۇرۇپ تىللىغىلى تۇردى . «قاسقىر ئاۋۇز»
نامەتنىڭ ئۆسكىلەڭ ، ئاقارغان ساقاللىرى ئارىسىدىكى دورداي
كالپۇكلىرى ئارىسىدىن چىقىۋاتقان ھاقارەتلىك تىلغا چىدىمىدى :
— سېنى كىم ئۇردى ، بۇرادەر ؟
— ئىشقىلىپ ، خۇدا ئۇردى !
— سېنى ئۇرغان خۇدانىڭ كۆزى قارىغۇكەن !
— سەن نېمە دېمەكچى ، سوكال ئاكتىپ ؟
— ئىتنىڭ بالىسى ، سېنىڭ پۇتۇڭنى ئەمەس ، چىشىڭنى
چېقىش كېرەك ئىكەن ، ئاغزىڭنى قوي كاللىسىدەك ئۇتلىگەن
بولسا خېلى پاكىز بولۇپ قالاتتىكەن !
— سەن غالچا ، سەن چېقىمچى ! — نامەت ئازاب بىلەن
چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ «قاسقىر ئاۋۇز»غا قوللىرىنى شىلتىپ
ۋارقىرىدى .
— غالچا ، چېقىمچى بولساممۇ ئادەممەن ، سەن يىلاندەك يەر
بېغىرلاپ مېڭىپ ، مۇنۇ پاكىز ئۆينى نەدىن تاپتىڭ ؟ يوقال كۆزۈم-
دىن ، ئومۇرتقىسى ئۈزۈلگەن لالما ئىت ، يوقالمىساڭ ، ھېلى
ئۆلۈكۈڭنى سايدا كۆرىسەن !
«قاسقىر ئاۋۇز» راستتىنلا مىدىرلىدى ، ئۇنىڭ سېرىق بۇ-
رۇتلىرى تىك ـ تىك بولۇپ ، كۆك كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى .
مەن ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدىم :
— قوي ، ئاكا ، بۇنىڭغا ئېغىزىڭنى ئۇپراتما ، خوش ، نېمە
دەيسەن ، نامەت ؟
— نېمە دەيتتىم ؟ يالغان دېلو پەيدا قىلغان رەقىپتەك ئىتلار-
نىڭ ئۈستىدىن بىرلىشىپ ئەرز قىلايلى دېمەكچىمەن . ئۇ ، ئىككى
قولى بىزنىڭ ئېسىل ئادەملىرىمىزنىڭ قېنى بىلەن بويالغان قا-
تىل ! ئىسىت ساۋۇتوف ، ئىسىت نادىروف ، ھاشىر ، ئوسمان ! —
ئۇ مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى .

مەن ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن سىنچىلاپ قارىدىم. ئاقىرىپ بولۇشقا ئاز قالغان قويۇق، ئۆسكىلەڭ ساقاللىرىنى ئارىلاپ، قورۇقلىرىنى يۇيۇپ ئېقىۋاتقان كۆز يېشى، ئۇنىڭ پۇشايمان، ئازاب بىلەن ئۆرتەنگەن قەلبىنىڭ زەردابى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىلگەن زامان ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. نېمىلا بولمىسۇن، بىز بىر مەكتەپتە ئۈچ يىل بىللە ئوقۇغان. ئۈچ يىل ئىچىدە، چېقىشقان، تىللاشقان ھەم بىللە كۈلۈشكەن، بىر قازاننىڭ تامىقى، بىر مەكتەپنىڭ تۇرمۇشى، بىزنى ئۈچ يىل ئىچىدە چۈشىنىش، ھېسداشلىق قىلىشقا ئوخشاش ياخشى پەزىلەتلەرگىمۇ ئېرىشتۈرگەن. شۇڭا، مەن ساۋاقدىشىمنىڭ كۆز يېشىدىن ساختىلىق، قۇۋلۇقتىن كۆرە، سەمىمىيلىك، راستچىللىقنى بالدۇر كۆردۈم!

— نېمىگە يىغلايسەن، نامەت، يالغان دېلو پەيدا قىلغان بولساڭ، بۇمۇ سېنىڭ ئۆز مەيلىڭ ئەمەس، سېنىمۇ قايمۇقتۇرغان ئادەم بار، بىز بۇنىمۇ بىلىمىز، كۆز يېشى بىلەن بىرىنى قارىلىغىلى بولمايدۇ، لېكىن قارىنى ئاقلىغىلىمۇ بولمايدۇ. يېشىڭ قىرىققا كەلدى، ساختىلىق، نەپسانىيەتتىن تارتقان زىيانلىرىڭمۇ يېتەرلىك بولدى. خەلققە قانچىلىك پايداڭ تەگدى؟ ھاياتىڭدا لەززەتلىنىپ تىلغا ئالغۇدەك نېمە ئىش قىلدىڭ؟ مانا بۇ نەرسىلەرنى ئەستايىدىل ئويلايدىغان، ئىنسانىي بۇرچۇڭنى ۋىجدان بىلەن ئورۇندايدىغان ۋاقتىڭ كەلدى!

— بىر جەڭ بولسا، ئالدىنقى سەپتە ئوقتا ئۆلسەم!

— نەدە جەڭ باركەن؟ — دېدى «قاسقىر ئاۋۇز» خاپا بولۇپ، — ساڭا نام چىقىرىدىغان بىرلا يول بار. مىڭمارالغا بارغىن، تىك چوققىغا چىقىپ چوڭقۇر ھاڭغا سەكرە، ئۇچىسەن، ئۆلىسەن!

— نېمە دەيسىنا؟ مەن ساڭا ئوخشاش يالغان ئاكتىپ ئەمەسمەن، جۇمۇ؟

— بىلىمەن، جىڭ ئاكتىپسەن، ياخشىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتا بىرىنچى ئاكتىپسەن، ئىتتىنىڭ بالىسى، ماۋۇ ئۆيدىن چىق، ھېلى بولمىسا...

— نامىتەك، ئىتتىن ئاشقان يالاقتەك ئۆزۈڭنى توخوغا چوقۇتۇپ ئۆلتۈرامسەن، ماڭ، توۋا قىلساڭمۇ بولارغا ئەمەس، ھۆكۈمەتكە قىل! — نامەتنىڭ ئايالى ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئېرىنىڭ قولىدىن تارتىپ، قولتۇقىدىن يۆلەپ، ھويلىغا ئېلىپ ماڭدى. قۇرماشنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئېرىنى ھارۋىغا جايلاشتۇرۇشىغا ياردەملەشتى، قۇرماش بېشىنى لىڭشىتىپ كۇلۇپلا قويدى، ئۇ يەنىلا گەپ قىلمىدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولدۇم.

— ئاداش، گارموشكا چېلىشنى ئۇنتۇمىغانسەن؟

ئۇ ماڭا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ قويدى ـ دە، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئاداش، زۇليا ئاكىنى تۇرمىدىن قويۇپ بەرگەندۇ ـ ھە؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ئىپادە بىلدۈردى.

ئەتىگەنلىكى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كۆزەتچىسىدىن ھاشىرنىڭ پۇلىنى ئالدىم. سىيىت يالاڭ تۆشنىڭ ئۆيىگە ئۆزۈم يالغۇز باردىم. «قاسقىر ئاۋۇز»نى شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتىن چىققان مەخسۇس ماشىنا دوكلات قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى. ئۇ كېتەر ۋاقتىدا ئىتنى ماڭا تۇتقۇزۇپ دېدى:

— چۇلۋۇرنى بېشىغا تۇرمەللەپ قويۇۋەتسەڭ، ئىتىڭغا ئەگىشىپ يۈرۈۋېرىدۇ. تۆت يەردە دوكلات قىلغۇدەكمەن. خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا بىللە بارامسەن يا؟ باشقا تەرجىمانلار تازا ئەپلەشتۈرەلمەيدىكەن.

— ياق، مېنىڭ ئىشىم تولا.

— سۆزلىگەنسېرى ئېچىلىۋاتىمەن. ھازىر ھودۇقمايمەن، دۇدۇقلىمايمەن، خۇددى تۆت سەر ئىچىۋېلىپ پو ئاتقاندەكلا سۆز-

لەۋېرىمەن. توۋا، بورۇنلاردا يالغان سۆزلىرىم ئۈچۈن قىزىراتـ
تىم، ھازىرچۇ؟ سۆزلىگەنلىرىمنى راستمىكىن دەپمۇ قالىمەن.
بىرى بۇ گېپىمنى يالغان دېسە خاپا بولىمەن، ئۇنى تىللايمەن.
مەن ھازىر ئۆزۈمنى راستىنلا ھېچكىم قىلمىغان ئىشلارنى قىلالىـ
غان «قەھرىمان» سانايمەن. يالغان گەپمۇ تەكرارلىنىۋەرسە راستقا
ئايلىنىدىغان ئوخشايدۇ.

ھازىر ئۇنىڭ مىجەزىمۇ، مېڭىش - تۇرۇشىمۇ، ئاۋازىمۇ
ئۆزگەردى. ئۇ ھازىر موخوركا ئورنىغا سىگارت چېكىدۇ، باشقىـ
لارنىڭ ئىسمىنىڭ بېشىغا «يولداش»نى قوشۇپ چاقىرىشنى ئۇنتۇ-
مايدۇ، قوپال - ئېغىر ئۆتۈكى ئورنىغا ماش رەڭ، قىسقا قونچلۇق
رېزىنكە چوخەي بىلەن پايپاق كىيىپ، بىلىكىگە «شاڭخەي» مار-
كىلىق سائەت تاقاپ، ماش رەڭ چاپىنىنىڭ توگمىلىرىنى تولۇق
ئېتىپ، ساقاللىرىنى پاكىز قىرىپ يۈرۈيدۇ. بورۇنقى «قاسقىر
ئاۋۇز»لىق بەلگىلىرىدىن سېرىق بورۇتى بىلەن ئىشتىھاسى ۋە
«ئىتنىڭ بالىسى» دەپ قويىدىغان ئادەت سۆزىلا قالغان، ھازىر
ئۇنىڭ قوللىرىمۇ يۇمشاپ، يۈزىنىڭ قىزىللىقى ئازىيىپ، قورسىقى
بورۇنقىدىن يوغىناپ، ماڭسا ھاسىرايدىغان بولۇپ قالغان. مەن
ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئەنسىرەيمەن: ئۇ سەممىيەت بىلەن
ساپلىقتىن مەھرۇم بولمىسا بولاتتى.

يېزا يوللىرىدا ئاتلىق يۈرۈش ئەجەبمۇ كۆڭۈللۈك. شەرق
شامىلى جانغا ئارام، بۇغداي ئېتىزلىرى كۈن نۇرىدا جۇلالىنىپ
كىشىنى روھلاندۇرىدۇ. قاش دەرياسىدىن ئايرىلىپ چىققان «ياشـ
لار ئۆستىڭى»، «ئاق ئۆستەڭ»، «ئارا ئۆستەڭ»، «بايتوقاي
ئۆستىڭى» شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن توپتوز ئېلى ۋادىسىنىڭ باغرىـ
دا چاپىدۇ. ئۆستەڭلەرنىڭ سەكرەتمىلىرىدىن پەيدا بولغان مازغاپـ
تەك ئاپئاق بۇژغۇن، يىراقتىن كىشىگە يەردىن كۆتۈرۈلمەكچى
بولغان غازلار توپىدەك بىلىنىدۇ... چاڭسىز، ھاۋالىق، پۇراقلىق،

نەغمە ـ ناۋالىق ئېتىز يوللىرى، ماڭا بالىلىق چاغلىرىمدىكى
قەلبىمگە چېكىلگەن ئۆچمەس تامغىدەك خاتىرە بەتلىرىنى ۋاراقلە-
تىدۇ. مەن مۇشۇ يوللاردا مېڭىپ، مۇشۇ سۇلاردا چۆمۈلۈپ،
مۇشۇ گىياھلار ئارىسىدا ئېغىناپ ـ يۇگۇرۇپ يۇرۇپ چوڭ بول-
غان، ئەقىل تاپقان، غايىلىك بولغانمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ
كۆكسى ـ قارنىم ئىلى ۋادىسىدەك كەڭ، ئىللىق؛ قەلبىم قاش
سۇيىدەك دولقۇنلۇق، بۇژغۇنلۇق؛ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىم بۇگۇنكى
سەھەر ھاۋاسىدەك روشەن ـ تىنىق ۋە تازا. مەن ئانا يۇرت ئوغلىغا
مۇناسىپ بولمىسام. مۇشۇ تۇپراق ئاستىدىكى ئەجدادلارنىڭ كۆزى
يۇمۇلمايدۇ. مەن ھاشىرنىڭ، زۇلىيانىڭ ۋە پۈتۈن ئۇمىدلىرىنى
ماڭا قالدۇرۇپ ۋاقىتسىز خازان بولغان قەدىردان ئۇستازلىرىم —
ساۋۇتوف، نادىروفلارنىڭ ئۈمىدلىرىنى ئاقلايمەن. دەھشەتلىك بو-
ران ئۆتۈپ كەتتى. مېنىڭ بوراندىن ئامان قالغان دوست ـ يارەنلە-
رىم يېقىندا جەم بولىدۇ. ئۇ چاغدا، بىز ھەممىمىز مۇنۇ گۈزەل
تەبىئەتنىڭ بىزگە تەييارلىغان لەززەتلىك، كۆكۈللۈك ئىنئاملىرى-
دىن بىللە بەھرىمەن بولىمىز.

خۇشاللىق ۋە تەنتەنە بىلەن خاتىرە بەتلىرىنى تولدۇرغۇنۇمنىڭ
ئەھمىيىتى قانچىلىك؟ رومانلاردىكىدەك خاتىرىلەر بىلەن بىر پۇ-
تۇن ۋەقەلەر تىزمىسىنى ياساپ چىقسام، ئەلۋەتتە كەلگۈسىنىڭ
يازغۇچى، تارىخچىلىرىنىڭ رەھمىتىگە ئىگە بولىمەن. لېكىن،
مەن «رەھمەت» ۋە «ئالقىش» ئۈچۈن ياشىغان بولسام، بۇ دۇنيادا
جاپا ـ مۇشەققەتنى ئاز كۆرگەن بولاتتىم. چۈنكى، «ئالقىش»
بىلەن «رەھمەت» ھازىرقى كۈندە تولىمۇ ئەرزانلىشىپ كەتتى.
سەۋەبى، ئۇ يالغانچىلىقنى ئۆزىگە تۇپراق قىلغان. ۋەھالەنكى،
دۇنيادا ئەڭ ئاسان ئىش يالغان ئېيتىش... شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن
خاتىرەمگە سىيىت يالاڭ تۆش بىلەن كۆكۈللۈك ھاراق ئىچكەنلە-
كىمنى، ئۇنىڭ ھاشىر ئۈچۈن توقۇغان مەدھىيىلىرىنى، زۇلىيا

بىلەن قوچاقلىشىپ كۆرۈشكەنلىكىم، ئۇنىڭ يەنىلا دادۇينىڭ شۇجىسى، گوڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ تىرىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغىنىمنى، كىچىك ئاپامنىڭ ئورۇق قوللىرى بىلەن ئېڭەكلىرىمنى سىلاپ خۇشاللىقتىن ياشاڭغىراپ خۇنسىزلانغان كۆزلىرىگە ياش ئالغانلىقىنى، ئولتۇرۇشلار، ناخشىلار، زۇلىيا ئاكىنىڭ ئايالى ساقلاپ قويغان قولىيازمىلىرىم بىلەن كىتابلىرىمنى كۆرگەندە ئاققان ئىسسىق يېشىم... قاتارلىق ئىشلارنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە يېزىپ ئولتۇرمايمەن. مەن تۇرمىدىن چىققان، تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلغان، ئۆلۈمدىن ئامان قالغان بارلىق دوستلىرىمدەك، بۇ يىلنىڭ خۇشاللىقى، ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتى بىلەن بەختلىكمەن. مەن خۇشاللىقتىن سەمرىپ كەتمىدىم، يەنىلا ئاۋاقمەن، ئاقارغان چاچلىرىممۇ قارىداپ قالمىدى، بەلكى تېخىمۇ كۆپەيدى. ناۋادا، ئۆزگىرىشنى يېزىشقا توغرا كەلسە، شۇنى يېزىشقا توغرا كېلەر.

مەن ئىككى ئات بىلەن بەش كۈن يېزا ئايلاندىم. بىر شوخ يىگىت «قاسقىر ئاۋۇز»نىڭ ئېتىنى مىنىۋالدى. بىز تاغ باغرىدا ئات چېپىشتۇق. ئاتلار بوراندەك ئۇچماقتا. ھېلىقى شوخ يىگىت مېنى ئات ئۈستىدىن خۇددى چۈجە ئالغان ساغا ئوخشاش يۇلۇپ ئالدى. مەن قورقۇپ تېپىرلىدىم، چالا مەستلىك، شوخلۇق بېشىمغا چىقتى. بىز ياپىپېشىل قاپتالدا ئاتتىن كاللا - موللاق بولۇپ يىقىلدۇق - دە، سايىنىڭ تاپىنىغا قاراپ قامغاقتەك دومىلىدۇق. ھەي پالاكەتچىلىك، مېنىڭ سول پۇتۇم سۇنغان. مانا مەن ھازىر ھېلىقى تاغ باغرىدىكى كىچىك مەھەللىدە، ئۆز ئۆيۈمدە. قولتۇق تاياق بىلەن تالاغا چىققىنىمغا ئىككى كۈن بولدى. ھەش - بەش دېگۈچە كۈز كەپتۇ. ئۆرۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى چوغدەك قىزارغان، يازچە تاغدا يايلىغان سىيىرىم بىلەن ئالتە تۇياق قويۇم تونۇغۇسىز بولۇپ سەمرىپتۇ. مەن مانا بۇ يىل ئۆكتە-

بىردە زۇلىيا ئاكىنىڭكىگە كۆچۈپ بارىمەن . ناھىيىدىن ماڭا نەچچە قېتىملاپ خەت ، تېلېفون كەلدى . مېنى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەك- تەپكە تەقسىم قىپتۇ ، مەن مائاشىمنىمۇ ئېلىپ تۇرۇۋاتىمەن ، لېكىن مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن . شەھەردىن ئارۇپ بىلەن تاشپولات خەت يېزىپتۇ . رازىيە تۇرمىدىن چىققان ، مەن شەھەرگە كىرىمەن . ئۆمەر ئەپەندىنى ، رازىيەنى ، ئوغلۇم ئەلىنى ، قىزىم دىلئارانى… يوقلايمەن .

بۈگۈن تراكتور بىلەن ناھىيە مەركىزىگە كەلدىم . مانا ئاپتو- بۇس بېكىتى . مەن قولتۇق تاياق بىلەن بېكەتكە كەلدىم .

بېكەت ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدە ، ئوچۇقراق ئېيتقاندا ، بېكەت چوڭ كوچىنىڭ ئۆزى . ئۇ يەرگە ئادەملەر توپلانغان . ھەم- مىسىنىڭ كۆزى شەھەر يولىدا . ئاپتوبۇس شۇ ياقتىن كېلىشى كېرەك .

مەن تېرەككە يۆلىنىپ بىر چەتتە تۇردۇم . مېنى تونۇيدىغان بىرنەچچەيلەن پەيدا بولدى . ئۇلار ماڭا قاراپ باش لىڭشىتىپ ئامانلىق سوراشتى ، لېكىن ھېچكىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى . چۈنكى ، ئۇلار مېنىڭ «قېچىپ يۈرگەن ئەك- سىلئىنقىلابچى» ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ . ئۇلار قولتۇق تايىقىم- غا ، ناچار كىيىملىرىمگە قاراپ قويۇپ بىر ـ بىرى بىلەن پىچىر- لاشتى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى يېنىدىكى ھەمراھىغا «ئەڭ يېڭى خەۋەر»لەردىن گەپ باشلىدى :

— توۋا ، ئادەملەر جانلىرىدىن تويۇۋاتامدۇ ، نېمە ؟ ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ھېلىقى پىيەنچۈك كۆزەتچىسىنىڭ تۇتۇلغىنىنى ئاڭ- لىغانسەن . فۇتوڭشۇەي① گە چاقچاق قىلىپ : «سۇرىتىڭىزگە قارى- غاندا ، كىچىكىڭىزدە قوي باققان ئوخشايسىز ، ماڭا ئوخشاش باشنى

① فۇتوڭشۇەي — لىن بياۋ كۆزدە تۇتۇلغان .

ئايىدىغان كىيىسلىكىز بار ئىكەن» دەپتىكەن، بۇگۈن ئەتىگەن تۇرمىگە سولاپتۇ.

«تۇرمىگە ساپتۇ» ياكى «قاماققا ئاپتۇ» دېگەن سۆزلەر بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ناھىيىدە كىشلەرنى زادىلا چۆچۈتمەيدىغان ئاددىيلا بىر ئىبغىز گەپ. بۇ گەپنى ئاڭلىغۇچىلار خۇددى: «پالانچىنىڭ مۈشۈكىنى ئىت بوغۇپ قويۇپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندەكلا، پەرۋاسىزلىق بىلەن كۆلۈمسىرەپ قويىدۇ.

— يا ئاللا، گەپ دېگەننى چايناپ قىلمىسا بولمايدىكەن، — دېدى باياتىن جىق گەپ قىلماي ئەمدىلا توختىغان، يوغان بۇرۇت، ساقال - بۇرۇتى چىكىلگەن ئادەم تاماكىسىنى ئالدىراپ تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — مەن چېغىمدا مىنبىگىلارنىڭ قاماقخانىسىدا ئۈچ كۈن ياتتىم، نېمە گۇناھ قىلغان دەڭە؟ فوتوگشۇەينى: «بۇ بايقۇشمۇ ماڭا ئوخشاش بىر يېتىمەك ئوخشايدۇ، قارىماسىلەر، بېشىغا كىچىكىدىلا چىقىلغان چۈشكىنىنى!» دەپ قويۇپتىمەن! بۇ گەپنى ئىبغتىماي - تېمىتماي ئاپىرىپتۇ!

— مېنىچۇ؟... — دېدى بىر بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — قولۇمنى باغلاپ، دۇمبەمگە قىسرەندىنىڭ تېرىسىنى ئارتىپ، توك تېزەكتەك تېپىپ ئوينىغىنىنى ئاز دەپ، تېخى يەنە ئۈچ يۈز سوم جەرىمانە قويدى، چىرقىرىتىپ تۇرۇپ ئالدى. قىسرەندە تىل - تىكەن بوپتىكەن، پىچاققا ئارانلا ئۇلگۇرگەن، تەپمە ھالال قىلىۋالغاندىم، لېكىن دەرگۇمان بولۇپ، گۆشىنى ساتاي دەپ ئەمدىلا كوچىغا چىقىۋىدىم...

ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. بىر ماشىنا «جاڭ - جاڭ، جاڭ، جاڭ، چىش!» بىلەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا قاراپ ئۈچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىسىدىن ھەم «جاڭ - جاڭ» ھەم شوئارلار بىلەن تىزىلىپ ئادەملەر ئۆتتى. ئادەملەرنى ياناپ، قولدا ماڭدۇرىدىغان ھارۋىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ نامەت كېتىپ

باراتتى . ھېلىقى يوغان بۆرۈن جەينىكى بىلەن يېنىمدىكى ئادەمنى نوقۇشلاپ نامەتنى كۆرسەتتى .

— قارا ، ئاۋۇنىڭ ئەھۋالىنى ، ئەرز قىلىپ ھەر كۈنى ناھىيە- لىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا بارىدۇ . ھېلىقى رەقىپ بوجاڭنىڭ ئۈستىدىن ئەرزنىسى بار ئوخشايدۇ ، لېكىن ئاقمايدۇ - دە ، رەقىپ بوجاڭ ھازىر ئوبلاستنىڭ رەھبىرى تۇرسا ، بۇ ئۆلۈمتۈكنى دەپ رەقىپ بوجاڭنى جازالاپ بېرەمدۇ ؟

— شۇ - دە ، قاراپ تۇرغىن . مۇشۇ ناكەسنىڭ ئۆزىنى جايلايدۇ .

— بۇ بايقۇش مېنىڭ قوشنام ، — دېدى بىر دېھقان ، — لېكىنزە تولىمۇ ئازازۇل ، تولىمۇ بىشەم بىر خوتۇنى بار - دە... ھېلىلا ئاپشاركىسى توخۇلارنى يەۋاتقان ، ھېلىلا خوتۇنى يۇندىسىنى بوسۇغىغا چېچىۋاتقان ، ھېلىلا تامدىن ئارتىلدۇ- رۇپ ھويلىمىزغا ئەخلەت - چاۋا تاشلاۋاتقان ، غىڭ - پىڭ قىلاي دېسەڭ ، ھۆكۈمەتتىن قورقىدىكەن كىشى... ۋاي - ۋۇي ، جاي - پايىنى ئېلىشىغا سېتىپ ، پەشنى قېقىپلا كېتەي دېسەم ، خوتۇن ئۇنىمايدۇ . ئۆزۈممۇ دادامدىن قالغان تەۋەررۇك جاينىڭ مې- رىدىن كېچەلمەيمەن... باش قېتىنچىلىق !...

— دەردى يوق كىم باركىنتاڭ ! — دېدى بوۋاي بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ .

مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا شىپقىدىم ۋە يوغان بۆرۈننىڭ گۆللۈك تاماكا خالتىسىغا قول ئۇزاتتىم . ئۇ ماڭا قەغىزى بىلەن سۇندى - دە ، كۈلۈپ تۇرۇپ :

— سىزنى خۇمار قىلىپ قويدۇق - ھە ، ئەپەندى . ئۇنى دېمىسىمۇ راست - دە ، سىزگە ئوخشاش ئەلنىڭ ياخشى ئوغلانلىرى دەپسەندە بولۇپ ، ئاۋۇ نامەتتەك كالتە كۆسەيلەرنىڭ گۈل تاجى بولۇپ كېتىۋاتقىنىغا قايىنايدۇ كىشى ، ھاشىر شۇجىدىن خەۋىرىڭىز

بارمۇ، ئەپەندى؟ — دېدى.

مەن بىلگەنلىرىمنى ئېيتتىم.

— قايسى تۈرمىدە ياتتىڭىز، بىلەمسىز؟ يىراقتىكەن - دە، يېقىنراق يەردە بولغان بولسا، مەنمۇ بىر چىنە غىزا بولسىمۇ سۇنۇپ قوياي دېۋىدىم. مۇشۇ ئىنقىلاب يېڭى باشلانغاندا، مەن نامەتنىڭ «تۆت كونا» دەپ بىزنىڭ ئىككى پارچە گىلەمنى ئېلىپ كەتكىنىنى ئېيتقانىدىم، ھاشىر شۇجى دەرھال قايتۇرغۇزۇپ بەردى، — دېدى يوغان بۇرۇن ئادەم.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، زەخىملەنگەن پۇتۇم قاتتىق ئاغرىدى. ئاپتوبۇس كېلىپ قالغانىدى. يوغان بۇرۇن ئادەم ئاپتوبۇسقا يۈگۈرۈشۈۋاتقانلارغا قاراپ قويۇپ غودۇڭشىدى:

— بىكارچىلار ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشىدۇ، قېرى - چۆرى، ئاقساق - چولاق، مۇھىم ئىشى بارلار بولسا ئۆرە تۇرۇشىدۇ. تەڭشەلمىگەن ئالەم، ئېيتىڭە ئەپەندى، بۇ ئىشلار قاچان ئىزىغا چۈشىدۇ. تۆت - بەش يىل بولدى، راست گەپ ئانچە ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. بايىقى نامەتتەك قارا كۆڭۈللەرنىڭ ساقىسى ئالچۇ چۈشۈۋاتىدۇ. سىزدەك - بىزدەكلەرنىڭ دەردى كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭمۇ باش - ئاخىرى باردۇ - ھە؟ بىز دېگەن قارا ئىشچى - ھارۋىكەش، مانا مۇشۇنداق سىياسەتنىمۇ سۆزلەپ قويىمىز، ئەپەندى.

ئۇ مېنى قولتۇقلاپ ئاپتوبۇسقا چىقىرىپ قويدى. بىز راستىنلا ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرۇشتۇق. بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىغان ئىشچى كىيىمىدىكى ياشلار ماشىنىنى ئىگىلىگەن، ئۇلارنىڭ بىلىكىدىكى قىزىل بەلگىلىرىگە «جيۇچادۈي» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. سېرىق شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان، بىر كۆزىدە ئېقى بار بىر يىگىت مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ مەن «قارا يىپ» بولغاندا، ھەر قېتىم

سوراقۇا ئاچىقۇاندا قاتتىق ئۇراتتى ، قوللىرىمنى قايرىپ باغلايتتى ، بارماقلىرىمدىن ئىنچىكە چىگە بىلەن باغلاپ ئاساتتى . مېنىڭ ئاۋا-زىم پۈتۈپ كەتكەن ، ۋارقىرىساممۇ ئۆزۈم ئارانلا ئاڭلايتتىم… ئەتىسى ھوشۇمغا كەلگەندىلا ، ئالدىنقى بولغان ئىشلارنى ئەسلەيتتىم ، ھەر قېتىم ئەسلىسەم ، مېنى قىينىغانلار ئىچىدە ئاشۇ بىر كۆزىدە ئېقى بار ، چىرايى قانسىز يىگىت كۆز ئالدىمغا كېلەتتى - دە ، كۆڭلۈمگە : «ھامان بىر كۈنى سېنىڭ كىملىكىڭ مەلۇم بولىدۇ ، سەن چەكسىز ئازاب ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خورلۇق ھېس قىلى-سەن ، ئاۋادا سېنىڭ بەدىنىڭدە بىر تامچە بولسىمۇ ، ئىنسانىنىڭ قېنى بولىدىكەن ، ئىش شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ !» دېگەن پىكىر كېلەتتى . ھازىرمۇ مەن : «ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خورلىنىۋاتىدۇ ، چۈنكى ئۇ مېنىڭ گۇناھسىز ئادەملىكىمنى بىلدى ، مېنى قارىلىغان-لارنىڭ ئۆزىنىڭمۇ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى بىلدى» دەپ ئويلى-دىم - دە ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ھېسداشلىق بىلەن مىيىقىمدا كۈلۈمسىرىدىم . ئۇ قوشۇمىسىنى تۈردى ، يېنىدىكى ھەمراھىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى . مەن چۆچۈپ قالدىم ، يېنىمدىكى ھەمراھىمغا :

— شەھەرگە كىرگەندە بىللە يۈرەيلى ، ئاكا ، مەن ئاۋۇ بالى-دىن ئېمىشقىدۇر چۆچۈپ تۇرۇۋاتىمەن . بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۇ-رۇشقا ئادەتلەنگەن نەرسىكەن ، مەن ئۇنىڭ تايىقىنى كۆپ يېگەن ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلدىمۇ ، بولدى ، ئۇ ئادەم ئۇرماي قالمايدۇ ! — دېدىم .

ھەمراھىم ئۇنىڭغا يالت قىلىپ قارىدى - دە ، يەرگە تۈكۈرۈپ :

— ئىت ! — دېدى ئۇنى شەرەت قىلىپ ، — جالالاتنىڭ كانۋېيى . مېنىڭ تاغامنىڭ ئوغلى ئىدى ، يېتىم قالغان ، مەن بېقىپ چوڭ قىلغان ، لېكىن دادامنىڭ دۇنياسىنى سەن يەپ تۈگەت-

بارمۇ، ئەپەندى؟ — دېدى.
مەن بىلگەنلىرىمنى ئېيتتىم.
— قايسى تۇرمىدە ياتىدۇ، بىلەمسىز؟ يىراقتىكەن - دە، يېقىنراق يەردە بولغان بولسا، مەنمۇ بىر چىنە غىزا بولسىمۇ سۇنۇپ قوياي دېۋىدىم. مۇشۇ ئىنقىلاب يېڭى باشلانغاندا، مەن نامەتىنىڭ «تۆت كونا» دەپ بىزنىڭ ئىككى پارچە گىلەمنى ئېلىپ كەتكىنىنى ئېيتقانىدىم، ھاشىر شۇجى دەرھال قايتۇرغۇزۇپ بەردى، — دېدى يوغان بۇرۇن ئادەم.
مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، زەخمىلەنگەن پۇتۇم قاتتىق ئاغرىدى. ئاپتوبۇس كېلىپ قالغانىدى. يوغان بۇرۇن ئادەم ئاپتوبۇسقا يۈگۈرۈشۈۋاتقانلارغا قاراپ قويۇپ غودۇڭشىدى:
— بىكارچىلار ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشىدۇ، قېرى - چۆرى، ئاقساق - چولاق، مۇھىم ئىشى بارلار بولسا ئۆرە تۇرۇشىدۇ. تەڭشەلمىگەن ئالەم، ئېيتىڭە ئەپەندى، بۇ ئىشلار قاچان ئىزىغا چۈشىدۇ. تۆت - بەش يىل بولدى، راست گەپ ئانچە ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. بايىقى نامەتتەك قارا كۆڭۈللەرنىڭ ساقىسى ئالچۇ چۈشۈۋاتىدۇ. سىزدەك - بىزدەكلەرنىڭ دەردى كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭمۇ باش - ئاخىرى باردۇ - ھە؟ بىز دېگەن قارا ئىشچى - ھارۋىكەش، مانا مۇشۇنداق سىياسەتنىمۇ سۆزلەپ قويىمىز، ئەپەندى.
ئۇ مېنى قولتۇقلاپ ئاپتوبۇسقا چىقىرىپ قويدى. بىز راستتىنلا ئىشەك تۇۋىدە ئۆرە تۇرۇشتۇق. بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىغان ئىشچى كىيىمدىكى ياشلار ماشىنىنى ئىگىلىگەن، ئۇلارنىڭ بىلىكىدىكى قىزىل بەلگىلىرىگە «جيۇچادۈي» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. سېرىق شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان، بىر كۆزىدە ئېقى بار بىر يىگىت مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ مەن «قارا يىپ» بولغاندا، ھەر قېتىم

سوراققا ئاچىققاندا قاتتىق ئۇراتتى ، قوللىرىمنى قايرىپ باغلايتتى ، بارماقلىرىمدىن ئىنچىكە چىگە بىلەن باغلاپ ئاساتتى . مېنىڭ ئاۋازىم پۈتۈپ كەتكەن ، ۋارقىرىساممۇ ئۆزۈم ئارانلا ئاڭلايتتىم… ئەتىسى ھوشۇمغا كەلگەندىلا ، ئاندىن بولغان ئىشلارنى ئەسلەيتتىم ، ھەر قېتىم ئەسلىسەم ، مېنى قىينىغانلار ئىچىدە ئاشۇ بىر كۆزىدە ئېقى بار ، چىرايى قانسىز يىگىت كۆز ئالدىمغا كېلەتتى ـ دە ، كۆڭلۈمگە : «ھامان بىر كۈنى سېنىڭ كىملىكىڭ مەلۇم بولىدۇ ، سەن چەكسىز ئازاب ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خورلۇق ھېس قىلىسەن ، ناۋادا سېنىڭ بەدىنىڭدە بىر تامچە بولسىمۇ ، ئىنسانىنىڭ قېنى بولىدىكەن ، ئىش شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ !» دېگەن پىكىر كېلەتتى . ھازىرمۇ مەن : «ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن خورلىنىۋاتىدۇ ، چۈنكى ئۇ مېنىڭ گۇناھسىز ئادەملىكىمنى بىلدى ، مېنى قارىلىغانلارنىڭ ئۇنىڭغىمۇ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى بىلدى» دەپ ئويلىدىم ـ دە ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ھېسداشلىق بىلەن مىيىقىمدا كۈلۈمسىرىدىم . ئۇ قوشۇمىسىنى تۈردى ، يېنىدىكى ھەمراھىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى . مەن چۆچۈپ قالدىم ، يېنىمدىكى ھەمراھىمغا :

— شەھەرگە كىرگەندە بىللە يۈرەيلى ، ئاكا ، مەن ئاۋۇ بالىدىن نېمىشقىدۇر چۆچۈپ تۇرۇۋاتىمەن . بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۇرۇشقا ئادەتلەنگەن نەرسكەن ، مەن ئۇنىڭ تايىقىنى كۆپ يېگەن ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلدىمۇ ، بولدى ، ئۇ ئادەم ئۇرماي قالمايدۇ ! — دېدىم .

ھەمراھىم ئۇنىڭغا يالت قىلىپ قارىدى ـ دە ، يەرگە تۈكۈرۈپ :

— ئىت ! — دېدى ئۇنى شەرەت قىلىپ ، — جاللاتنىڭ كانۋىيى . مېنىڭ تاغامنىڭ ئوغلى ئىدى ، يېتىم قالغان ، مەن بېقىپ چوڭ قىلغان ، لېكىن دادامنىڭ دۇنياسىنى سەن يەپ تۈگەت-

تىنىڭ دەپ، مېنى بىرىنچى بولۇپ سازايى قىلغانمۇ، ئۆيىمىزنى ئاختۇرغۇزغانمۇ، شەھەردىكى ئىنىمنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بې- رى يىغقان پۈتۈن كىتابلىرىنى كۆيدۈرگۈزۈۋەتكەنمۇ ئاشۇ!

— ئىنىڭىز كىم ئىدى؟ — مەن دەرھال سورىدىم.

— سىز بىلىسىز، ئۆمەر ئەپەندى.

مەن ئۇ ئادەمنىڭ قوللىرىنى ئىختىيارسىز چىڭ قىستىم - دە:

— ئېتىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدىم.

— ھازىرقى ئىسمىم نەزەر ھارۋىكەش، ھۆكۈمەت جاكىزىسى- دىكى ئىسمىم ھەمرايىف.

— ھازىر نېمىشقا ھەمرايىف دېمەيسىز؟

— مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا پولك كومىسسارى ئىدىم. 1958 - يىلدىن بۇرۇن ھەربىي رايوندا ئىشلەيتتىم، 1958 - يىلى كەسىپ ئالماشتۇردۇم. بايقىمايلا بىرنەچچە كاتتى- ۋاشنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپتىمەن، شۇ يىلى خىزمەتتىن ھەيدەل- دىم. ناھەقتىن ناھەق باشقارما باشلىقلىقىمدىن، پارتىيە ئەزالى- قىمدىن، بىر يۈز يەتمىش يۈەن مائاشتىن قۇرۇق قالدىم. دېھقانمۇ بولدۇم، قارا ئىشچىمۇ بولدۇم، ئالتە بالىنى باقىمەن دەپ خاك تېگىدە سۇ باتۇرمۇ بولدۇم. بەش - ئالتە يىل بولدى، بىر ئىدارى- نىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ يۈرۈۋاتىمەن. يەنە ئۈمىدىم بار. مەن ماركسىزمنىمۇ ئانچە - مۇنچە ئوقۇغان، يەر ئىسلاھاتىدا بىر رايون- نىڭ خىزمىتىگە مەسئۇلمۇ بولغان. ھەقىقەتنىڭ كۈچىگە ئىشىنى- مەن، ھامان بىر كۈنى ھەقىقەت يېڭىپ چىقىدۇ، ئاقلىنىشىمغا ئىشىنىمەن. قانات - قۇيرۇقۇمنى سەل - پەل تۈزنۈۋېلىپ، بېي- جىڭغا بېرىپ يۇقىرىغا ئەرز سۇناي دەيمەن.

— ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

ئۇ ماڭا يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ، كالپۇكلىرىنى مىدىرلى-

تېپ قويدى، لېكىن گەپ قىلمىدى.

— ئۆمەر ئەپەندى بىزنىڭ ئۇستازىمىز بولىدۇ. مەن ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىدىمۇ بولغانمەن.

— بىلىمەن، — دېدى ھەمرايېف پەس ئاۋاز بىلەن، — ھاشىرمۇ، نامەتمۇ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، سىز كىتاب بىلەنلا بولۇپ كەتكەن، ئادەملەرنى ئاز بىلىسىز، لېكىن سىزنى بىلىدىغانلار كۆپ. سىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى توغرىسىدا ئۈرۈمچىدە قىلغان لېكسىيىلىرىڭىز... قىسقىسى، ھەممىسىنى بىلىمىز.

مەن خىجىل بولدۇم. مەن ھايات ئادەملەرگە قارىغاندا كىتابلاردىكى ئادەملەرنى جىقراق بىلىمەن. بەزىدە تونۇشلىرىمنى كىتابلاردىكى ئادەملەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپمۇ قويىمەن تېخى... بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى يەنە بىر ئۇچراشقاندا سوراپ يۈرمەسلىكىم ئۈچۈن، «ھەمرايېف» دېگەن ئاسان ئىسمىنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدىم.

— شۇنداق قىلىپ، ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ئەھۋالى ناھايىتى يامان، — دېدى ھەمرايېف قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — قىسقىچىلا ئېيتسام، ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى. ئەقلىدىن ئاداشمىغىنىغا ھەيرانمەن، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئۈمىدى بار ئوخشايدۇ. ئۈمىدلىك ئەر ئۆلمەيدىكەن ئۇكام. كۈنلەرنىڭ بىرى، ئۆز ئۈمىدلىرىنىڭ يالقۇنىنىڭ پىلىلدە بىر يانغىنىنى بولسىمۇ كۆرۈۋېلىشقا ئىشىنىدۇ، بوۋاي.

ھەمرايېف ئەلەم بىلەن دېرىزىنىڭ سىرتىغا قارىدى. سىرتتا ئاق يېغىن بولۇپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. سۇغا چىلاشقان ئېتىزلاردا قاغىلار ھۇرۇنلۇق بىلەن ئۇچۇپ يۈرەتتى. يارىدار پۇتۇم لوقۇلداپ ئاغرىدى، ماڭا گەپ قىلىشمۇ ئارام بەرمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆمەر ئەپەندىنىڭ بېشىغا قانداق كۈنلەر كەلگەنلىكىنى بىلىشكە تەقەززا ئىدىم. بىراق، ھەمراھىم بۇ ھەقتە گەپ قىلىشنى خالىمى-

غاچقا، كوچىلاۋېرىشنى ئەپ كۆرمىدىم. ئۇ كۆزلىرىنى يېرىم
يۇمۇپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىك تۈۋىدىكى تۇتقۇچ خادىسىنى قۇچاقلاپ
جىمجىت تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاقارغان ساقاللىرى، يۈزلىرىدىكى ھا-
زىرلا چوڭقۇرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتقان قورۇقلىرى، قە-
رىق - ئەللىك يىللىق ھاياتىدىكى خۇشاللىقلىرىنى مەنئى قىلغۇ-
چى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى ناھەقچىلىك تۈپەيلىدىن تارتقان ئا-
زابلىرىنى تەستىقلىغۇچى ئىسپات قەغىزى بولۇپ، مېنىڭ ئالدىمدا
ئېچىقلىق تۇرماقتا ئىدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن زارلە-
نىشتىن كۆرە ئۈمىد ۋە ئىشەنچنىڭ كۈپلۈكىنى سەزدىم. مەنمۇ
ئۆز ھالىمنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇردۇم. مۇنۇ جانغا تېگىۋاتقان ئاغ-
رىق، بىرنەچچە يىلدىن بېرىقى بىكىرىغا تارتىۋاتقان ئازابلار، قا-
نۇن - تۈزۈم يول قويمايدىغان يوللار بىلەن ماڭا ئوخشاشلارنىڭ
بەخت - سائادىتىنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆكرەك كېرىپ
يۈرۈشلىرى، تېخى ئۇنى ئاز دەپ ئاۋۇ بىر كۆزىدە ئېقى بار،
يالغاندىن ئىشچى كىيىمى كىيىۋالغان مەخلۇقنىڭ، ناھەق تارتقان
خورلۇقتىن قۇتۇلغىنىمغا نارازى بولۇپ ئالىيىشلىرى... يۈرىكىمدە
جەمئىيەتكە، پارتىيىگە نارازىلىق ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغان بولات-
تىغۇ؟ لېكىن، جەمئىيەتنى ئۇنچىلىك ئاددىي چۈشىنىدىغانلاردىن
ئەمەسمەن، ھەقىقەت يېقىن ئارىدا ئۆزىنىڭ ساپلىقىنى ۋە قۇدرىتى-
نى كۆرسىتىدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. يۈرىكى ساپلارنىڭ
ئارزۇلىرى ئۆلمەيدۇ، مەن بۇنى ھازىرمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن.
شار - شار يامغۇردىن قېچىپ دىمىقتا ئۆڭكۈرلەرگە كىرىۋالغان
كېپىك باللىرى، يامغۇردىن كېيىنكى تېخىمۇ گۈزەللەشكەن قاپ-
تاللاردا قىيغىتىپ ئويناشقىنىدەك، بىر كۈنى مەنمۇ قارا بۇلۇتلار-
نى يېرىپ چىققان ھەقىقەت قۇياشىنىڭ نۇرىدا ھۇزۇرلىنىمەن.
مەن شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىلەردەك سەممىيەت بىلەن بىرمەھەل
ھايات كەچۈرۈپ، ئوڭۇشسىزلىقتا يولۇققاندىن كېيىن ساختىلىق

بىلەن ياشاشقا ئۆزۈمنى مەجبۇر قىلمايمەن. مەن ئاخىرغىچە سەمى-
مىيەت بىلەن ياشايمەن. خۇددى مېنىڭ دادام پۈتۈن ھاياتىدا بىرمۇ
ئادەمنى ئالدىمىغان ۋە دىل ئازارى يېتىدىغان ئىش قىلىپ باقمىغى-
نىغا ئوخشاش، مەنمۇ ئۆز ھاياتىمدا ساختىلىقنىڭ دۈشمىنى بو-
لۇش بىلەن خەلقلەرنىڭ باركاللىسىغا ئىگە بولالايمەن...

ماشىنا توختىغاندا خىيالىم ئۈزۈلۈپ قالدى. قولتۇق تايىقىم
بىلەن ماشىنىدىن ئەستە چۈشتۈم. ھەمرايىم يېنىمدا پەيدا بولدى.

— ئاۋۇلارنىڭ چىرايى ئۆمسە، — دېدى ئۇ، — يۈرۈڭ،
ئاكاملارنىڭكىگە تېز كېتەيلى.

بىر توپ بولۇۋالغان بايىقى جيۇچادۇي ئەزالىرى بىرنېمىنى
قىزىق تالىشىۋاتاتتى. بىزمۇ تەجرىبىلىك بولۇپ قالدۇق. ئۇلار-
نىڭ كۆزىدىن نېرى بولغىنىمىز تۈزۈك. ئىككىمىز تار كوچىغا
بۇرۇلدۇق.

— توختاش! — دېدى بىر كۆزىدە ئېقى بار يىگىت كەينىمىز-
دىن كېلىپ.

بىز توختىدۇق. ئۇ بىزنى چوڭ كوچىغا ھەيدەپ چىقتى ۋە
سېمونت كۆۋرۈك قانىتىغا چىقىۋېلىپ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا
كۆپچىلىككە ۋارقىرىدى:

— پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايلى! سىنىد-
پىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايلى! جىن - شەيتانلارنىڭ قويرۇق
كۆتۈرۈشىگە يول قويمايلى! ماۋۇ ئىككىسى نازارەت ئاستىدىكى
جىن - شەيتانلار ئىدى، ئامىنىڭ نازارىتىدىن قېچىپ يۈرۈشكەن-
لەر، بىز ھازىر ئىنقىلابىي ھەرىكەت قوللىنىمىز، ئىنقىلابىي
ئامىنىڭ بىزنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

ھەر قېتىم ئاڭلىسام، يۈرىكىم تىغ سانجىلغاندەك ئاغرىيدى-
غان، قەھرىتاندا دەرياغا تاشلانغاندەك ئادەمنى ئەندىكتۈرىدىغان بۇ
ئاۋاز مېنى شۇنچىلىك ئازابلايدۇ، ئاڭلاپلا بوغۇلىمەن، زۇۋانىم

تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، بۇ شوئارۋازلارغا راست گەپ قىلىش ئۆكۈزگە سۈرە ئۆگەتكەندەكلا بىر ئىش ئىدى. لېكىن، ھەمرايىفمۇ كۆپچە-لىككە ۋارقىرىدى:

— خالايىق، مېنى ئاسرىماڭلار، بولارىم بولغان ئادەممەن، لېكىن مۇنۇ ئاقساق يىگىتنى قوغداپ قېلىڭلار، ئۇ بىزنىڭ ئاتاق-لىق ئالىمىمىز ئەلا. ئەلانى كىم بىلمەيدۇ؟ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىلىم ـ پەنگە بېغىشلىغان ياش ئالىمنى ئاسرايلى. مۇنۇلار ئۇنى بىر قارا قورساقنىڭ: «ھۇ، دۇ، كۇش ـ كۇش» قىلىشى بىلەن كېلىپ تالاشقا تەمشىلىۋاتىدۇ!

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمىدى، مۇشت، تاسما پوتىلار باش ـ كۆزىمىزگە تېگىشكە باشلىدى. بېشىمغا نېمە تەگكەنلىكىنى بىلمەي-مەن، كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى ـ دە، ئۇچۇپ كەتتىم. قورسىقىمغا بىرى دەسسەۋاتقاندەك، چېچىمنى بىرى يۇلۇۋاتقاندەك بىلىندى...

مەن سىم كارنۇاتتا ھوشۇمغا كەلدىم، ئۈستۈمدە بىر گۈزەل قىز ماڭا ئېگىشىپ تۇرۇپتۇ. چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈرەي دەپ ئۇرۇندۇم، لېكىن بېشىم تاش بىلەن باستۇرۇپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى. «نېمىشقا شۇنچە ئۇردى؟» مەن شۇنى ئويلىدىم ـ دە، كۆڭلۈم ئېلىشىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشتى. «نېمىشقا بولاتتى بالام، — دەيتتى بىر بوۋاي بېشىمنى سىلاپ، — سەن بىلىمگە ئىنتىلگىنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇشتى! ئۇلارغا قارىغاندا ساپ ۋە يارامىلىق بولغىنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇشتى!»

مەن بۇ ئاۋازنى ئارا ئۈستەڭ مەكتىپىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان تازىلىق ئىشچىسى ئىسمايىل ئاتىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاتتىم. مەن شارشار ئۈستەڭنى، مەكتەپ كەينىدىكى غوللىرى كاۋاكلىشىپ كەتكەن قىزىل ئالمىلار-نى، يوغان تېرەك يېنىدىكى تۈگمەننى... ئەسلىدىم.

مەن كەچتىلا تولۇق ھوشۇمغا كەلدىم، ھەممىنى شۇ چاغدىلا

بىلدىم : بېشىمغا تاپانچىنىڭ پايىنىكى بىلەن ئۇرۇپتۇ . بىر توپ
ئوقۇغۇچىلار جىيۇچادۇي ئەزالىرىنى تۇتۇۋاپتۇ ، قوراللىرىنى تارتى-
ۋاپتۇ . ئۇلار ھەمرايىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، ماڭغىلىۋاتقان سەپى-
رىدىن قېلىپ مېنى قۇتقۇزۇپتۇ . ھەمرايىمنىڭ دېيىشىچە ، ئۇلار
بايىقى بىر كۆزىدە ئېقى بار يىگىتنى سوراق قىپتۇ . كۆزىدە ئېقى
بار يىگىت ، ئەلا ئەرز قىلغىلى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتقا
مېڭىپتۇ ، بىز بۇيرۇق بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ماڭغان ،
دەپتۇ .
مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەمرايىمدىن :
— ئۇلار مېنىڭ دەۋا قىلغىلى ماڭغىنىمنى نەدىن بىلدى ، دەۋا
قىلىشىمدىن نېمىشقا شۇنچە قورقىدۇ ؟ — دەپ سورىدىم .
— نەدىن بىلەتتى ، ئۇلار كەينىڭىزگە ئادەم قويغان - دە .
نېمىدېگەن ، نېمە قىلغان ۋە نەگە ماڭغانلىرىڭىزنى دەرھال بىلىپ
بولدى ، دەڭە ، — دېدى ھەمرايىم ، — سىزنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى .
دەسسەپ - چەيلىۋەتتى ، ئۇكام ، لېكىن شۈكۈر قىلايلى ، بىزدەك-
لەردىن نەچچىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى . نېمىشقا قورقىدۇ دەمسىزا ؟
نېمىشقا بولاتتى ، سىز بىلەن بىزگە قىلىۋاتقانلىرى ساپلا جىنايەت
تۇرسا ، ئەلۋەتتە ئۇلار ئاسقىلى ئېلىپ ماڭغان ئىتتەك ئۇنى - بۇنى
چىشلەيدۇ - دە .
مەن تورۇسقا قارىدىم . بايىقى ئېڭىشىپ قارىغان قىز تامدىكى
رازىيەنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ئىكەن . ئۆيدە يالغۇز قالغىنىمدا
رازىيەنىڭ سۈرىتىگە قارىدىم . ئۇنىڭ بەختتىن خۇمارلاشقان دۈگى-
لەك كۆزلىرى ، ھازىرلا كۈلۈۋېتىدىغاندەك قىلىپ تۇرغان ، قى-
زىلگۈل پورەككە ئوخشايدىغان لەۋلىرى ، غىجىم - غىجىم چاچلى-
رى ، ئىككى قۇر ئاق ئۈنچە مارجان ، قويۇق يوپۇماقلار ئارىسىدىكى
يېڭى ئېچىلغان ئەتىرگۈلنى ئەسلىتىدىغان ، قويۇق چاچلىرى ئاس-
تىدا مۆكۈنۈپ تۇرغان ھالقىسى ، بىلىنەر - بىلىنمەس كۆتۈرۈلۈپ

تۇرغان كۆكسىدىكى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىزنىكى ، رازىيەنىڭ شوخ ، ئوماق ، پىكىرچان ، ھېسسىياتلىق ياشلىق قامىتىنى كۆز ئالدىمدا تىرىلدۈرمەكتە ئىدى . شۇ چاغدا ياشلىق چاغلىرىمىز ، ئىلى دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇۋاتقان چاغلاردىكى ، ئۆزئارا ئالبوم ئالماشتۇرۇپ يۈرۈشلەر ، ۋاڭ قادىر بىغىغا ياكى ئايرودروم تەرەپ-تىكى تاللىققا دەرس تەكرارلىغىلى بىللە بارغانلىرىمىز ، لۇشۇن ، گوركىي ياكى مۇتەللىپ ، ئابايلارغا ئاتاپ ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرە كېچىلىرى ، تانسلار ، يېڭى يىل ئاخشاملىرىدا قىش بوۋاي بولۇپ چىققىشلار ، تەنتەنىلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ، كومسومول پائا-لىيەتلىرى ، ئىلىم - پەن توغرىسىدىكى قىزىق سۆھبەتلەر ، كەلگۈ-سىمىزدىكى كۆڭۈل ئارزۇلىرىمىز توغرىسىدىكى سىردىشىشلار... بىرمۇبىر كۆز ئالدىمغا كەلدى . مەن بۇ كۈنلەرنىڭ تەكرارلىنىشى-نى بەكمۇ خالايتتىم .

لېكىن ، رازىيە يوق ، ئۇنىڭ مۇنۇ گۈزەل ياشلىقىمۇ يوق ، ئۇنىڭ مۇنۇ ئادەم زوقلانغۇدەك ھۆسنىمۇ ، ھېسسىياتچانلىقى ، ئار-زۇ ۋە ئۈمىدلىرىمۇ بەلكى بەرگىدىن ئاجراپ ، رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ ئۇپرىتىشى بىلەن خازانغا ئايلانغان گۈلگە ئوخشاپ قالغاندۇ...

مەن بۇ ئۆيگە تويۇقسىز ياردار بولۇپ كېلىپ قالغاندىن كېيىنلا ، ئۆمەر ئەپەندىنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتلەرنى تولۇق بىلگەن بولدۇم . بىلگەنلىكىم ئۈچۈن كۆڭلۈمگە چۈشكەن جاراھەت يەنىمۇ چوڭايدى .

مەن ئۆمەر ئەپەندىنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتتىن بىرنەچچە قۇر يېزىپ قويۇشنى زۆرۈر ھېسابلايمەن .

1955 - يىلى ئۆمەر ئەپەندىنىڭ سابىق قۇدىسى ئىككى سوۋېت مۇتەخەسسىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئەۋەتىپتۇ . بۇ تۈركولوگىيە ئىلمىي خادىملىرى ئۆمەر ئەپەندىنىڭ كىتابلىرىنى يېرىم كۈن كۆرۈپ ،

چاغاتاي دەۋرىدىكى شائىرلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ توپلىمىنى سې-
تىپ بېرىشنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ . ئۇلار قانچە يۇقىرى باھا قويۇش-
سىمۇ ، ئۇمەر ئەپەندى سېتىپ بەرمەپتۇ . بىرنەچچە يىلدىن كېيىن
ئوغرىلارغا قارشى كۆرەش يىغىنىدا ئۇمەر ئەپەندىنىڭ «پانتۈر-
كىستلار» بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى توغرىسىدا بىر پارچە پاش
قىلىش ماتېرىيالى ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ . مۇھىم تارىخىي ماتېريال-
لارنى چەت ئەلگە چىقىرىۋەتمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇمەر ئەپەندى
كۆرەش قىلىنىپتۇ ۋە «ئوغرى» بولۇپ قاپتۇ ، لېكىن كىتاب
ساقلىغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىشنى بولسا ئۇ ئويلاپمۇ قويماپ-
تۇ . ئۇزىگە مەلۇم بىر ئادەمنىڭ قەست قىلغانلىقىغا ، بۇ ۋاقىتلىق
پالاكەتنىڭ تېز ئارىدا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ، كىتابخا-
نىسىنى يەنە يېڭى كىتابلار بىلەن بېيىتىۋېرىپتۇ . كەلگۈسىگە بول-
غان ئۈمىد ئۇنى ئىشەنچ ۋە كۈچكە ئىگە قىلغاچقا ، ئۇز كىتابخانى-
سىدىن خۇشاللىق ۋە روھىي ئوزۇق تېپىۋېرىپتۇ .

لېكىن ، ئېغىر پاجىئە 1966 - يىلى ئالتىنچى ئايدا باشلى-
نىپتۇ . بۇ چاغدا رازىيە ئالتە - يەتتە ياشلىق ئوقۇغۇچى ئىكەن .
ئۇ مۇشۇ كۆڭۈلسىزلىك سەۋەبىدىن ، كۆزىنى يۇمۇپلا بەھرام ئەپەن-
دى بىلەن توي قىلىشقا رازىلىق بەرگەنىكەن . ئۇ چاغدا بەھرام
ئەپەندى تارىخ ئىلمىي بويىچە بىلىملىك زىيالىي ھېسابلانغان ، كى-
شىلەر بىلەن ئالاقىلەشكەندە قاملاشقان يۈزىدىن كۈلكە كەتمەيدى-
غان ، مۇئەللىملەر كۇرسىغا دەرس ئۆتكەندە سىلىق ۋە سالماقلىق
تىلى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلىۋالىدىغان ئادەم ئىكەن ،
دائىم قىرى بۇزۇلمايدىغان بۇرۇلكىلىرى ، سىلىق تارىلىدىغان پار-
قىراق چاچلىرى ، قىزلار ئىچىدىمۇ ھەۋەس ۋە ئېتىبار قوزغىغانى-
كەن . لېكىن ، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە بولىدىكەن ، رازىيە بىلەن
توي قىلغانىنىڭ ئەتىسىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئاشكارىلىنىشقا
باشلاپتۇ . ئاخشىمى مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن رازىيەدىن :

— كۆل رەڭ كاستيۇم كىيگەن يىگىت بىلەن قانچە ۋاقىت يۈرگەنىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۆگۈپ ـ تاتىرىپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دەپتۇ رازىيە بوزىرەك تاتىرىپ.

— ساڭا ئەجەب مەنىلىك قارايدىغۇ؟

كۆڭۈلسىزلىك باشلىنىپتۇ. كۆندىلىك ئادىتى بويىچە رازىيە. نىڭ مەكتىپىگە رازىيەنى بىللە ئەكېتىشكە بارغان بىر كەچقۇرۇنلۇقى، ئۇ:

— خىزمەتتىن چېكىنگىن، مېنىڭ سەكسەن نەچچە يۈەن مائاشىم، دادامدىن قالغان ئۆي، ئەنجام بىزگە كەڭتاشا يېتىپ ئاشىدۇ، — دەپتۇ.

— بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— چۈشىنىشلىكقۇ! ئۇنىلغان ئەرلەر ساڭا ئاچ بۆرىدەك ھو-جۇم قىلىۋاتقان بۇ مەكتەپتە ئىشلەش، ساڭا قانچىلىك راھەت بولسا، ماڭا شۇنچىلىك ئازاب!

— ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئورۇنلۇق گەپ قىلىشى لازىمغۇ، بە-رىنچىدىن، ئۇنلىغان ئەرلەر ماڭا بۆرىدەك يېپىلغىنى يوق، ئىك-كىنچىدىن، سىزگە ئازاب بولغۇدەك ئىش بولغىنى يوق.

ئۇلار شۇ كۈنى خېلى ئۇرۇشۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۆيگە كەچ كەپتۇ ـ دە:

— مېنى مەست دېمىگىن، مەن ساقمەن، قولچىرىغى بىلەن يەرگە قارىسام، ئىشىك تۈۋىدە بىر ئەرلەر شىبلىتىنىڭ ئىزى تۇرىدۇ، سەن خوتۇن!... — دەپ چېچىلغىلى تۇرۇپتۇ. رازىيە چىدىماپتۇ، ئەسلىدىلا كۆڭلى يوق ئادەمدىن تارتىۋاتقان خورلۇققا تاقەت قىلىپ تۇرالماپتۇ. شۇ كېچىسىلا دادىسىنىڭكىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە بەھرام بىلەن قايتا ئۆي تۇتماپتۇ، لېكىن رازىيە ئىككىن-چى يىلى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. دېمەك، 1966 ـ يىلى رازىيە يىگىرمە ئىككى ياشلىق تۇل ئايال ئىكەن، ئۇ تۆت ياشتىن ئاشقان ئوغلى

بىلەن دادىسىنىڭكىدە تۇراتتىكەن. بىر كۈنى ئۈشتۈمتۈت ئۆمەر ئەپەندىنىڭ كىتابخانىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئون نەچچە ئادەم كىرىپتۇ.

— ھەممىسى سېرىق كىتاب! — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى، — ئاچقىپ كۆيدۈرۈش كېرەك!

— مېنىمۇ قوشۇپ كۆيدۈرۈڭلار! — دەپتۇ ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئانىسى ئىشىكتە توغرا تۇرۇۋېلىپ.

— ھېچبولمىسا، تەكشۈرۈپ چىقىڭلار، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ ئۆمەر ئەپەندى كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ.

كەلگۈچىلەر ئانا - بالىنىڭ نالىسىگىمۇ، ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئايالىنىڭ قارشىلىقىغىمۇ پىسەنت قىلماپتۇ. كىتابلارنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن تالاغا توشۇۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا، رازىيە كېلىپ قاپتۇ - دە، يەردە يىقىلىپ يېتىپ قالغان مومىسىنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، كەلگۈچىلەرنىڭ باشلىقىغا:

— مەن ماۋ جۇشىغا، مەركىزىي كومىتېتقا دەۋالىشىپ بارىمەن، بۇ كىتابلار جەمئىيەتنىڭ بايلىقى! — دەپتۇ.

— «تۆت كونا»نىڭ كۈچلۈك ئوغۇتى! — دەپتۇ ھېلىقى باشلىق، — مەن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىنقىلابىي گورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولىمەن. رازىيە، مەن سىزنى تونۇيمەن، ئاڭلىق ھالدا بىزگە ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتىڭىز بار، قارشىلىق قىلسىڭىز، جاۋابكارلىق سىزگە چۈشىدۇ!

ئاڭغىچە كىتابلارنىڭ بىر بۆلىكى كۆيدۈرۈلۈپتۇ. دادىسىنىڭ ئوتتۇز يىللىق ئەجرى، مومىسى، ئانىسىنىڭ كۆز يېشى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتسا، قىز قانداق چىدىسۇن! قىز غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي:

— سىلەر چىڭگىزخان، سىلەر گىتلېر! سىلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ دۈشمەنلىرى! — دەپ تىللاپتۇ ۋە ئۆزىنى ئوت

يىقىلىۋاتقانلار تەرەپكە ئېتىپتۇ . لېكىن ، ئۇنى ئۇرۇپ ، ئاغزىنى قانىتىپ ، قوللىرىنى باغلاپ ، بېشىغا ئۇزۇن قەغەز قالپاق كىيگۈزگىنىچە ئېلىپ كېتىپتۇ .

ئۆمەر ئەپەندى ئانىسى ۋە ئايالىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارالماپتۇ . پەقەت بەش كۈندىن كېيىنلا رازىيەنىڭ دېرىكىنى ئاپتۇ . ئۇ «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» نامى بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ . بۇ ئېغىر دەرد ـ ئەلەم موماي بىلەن ئايالىنى يىقىتىپتۇ . مومايىنىڭ قان بېسىمى ئۆرلەپ بىر ئاي پالەچ بولۇپ ياتقاندىن كېيىن ۋاپات بوپتۇ . ئايالى بولسا ئانىنىڭ قىرىق نەزىرىسى بولغان كۈنى تۇيۇقسىزلا ۋاپات بوپتۇ . ئۆمەر ئەپەندى يالغۇز نەۋرىسى بىلەنلا قاپتۇ . ئاردىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن رازىيە بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپتۇ ـ دە ، ئەقلىدىن ئادىشىپ قاپتۇ…

ئۆمەر ئەپەندى كارىۋىتىمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە بۇدۇر چاچلىق نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋاز بىلەن ماڭا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى :

— مەن تەقدىرگە ئىشىنىپمۇ قالدىم ! — دېدى ئۇ خورسىنىپ تۇرۇپ ، — ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ بىھۇدە خورلۇقلىرى بېشىغا قاراپ كېلىۋاتقان ئوقتەك دەھشەتلىك بىر نەرسە . ئەجەلنىڭ پۈتمىگەن بولسا ، شۇ ئۇدۇل كېلىۋاتقان ئوقمۇ سېنى ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن . مەن نېمىشقا ئۆلمىدىم ؟ يۈرەك كېسىلىم بار ئىدىغۇ ؟ ھازىر ئۇ كېسەلمۇ يادىمدىن چىقتى . مەن ھايات قېلىشقا ھېچقاچان ھازىرقىدەك تەقەززا بولغان ئەمەس ، بەلكىم قىرىلىق مېنى ئۆلۈمدىن قورقىدىغان قىلىپ قويغاندۇ ، لېكىن مەن ياشاشنى خالايمەن . ھېلىقى مېنى سورۇقچىلىققا سالغانلارنىڭ ھالاكىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم ، دۇنيادىن قاقشاپ كەتكەن بولىمەن . مەن ھەر كۈنى گېزىت ئوقۇيمەن ، قالغان ـ قاتقان ئەقلىم بىلەن ۋەزىيەتكە باھا بېرىپ كېلىۋاتىمەن . مېنىڭ ئىشەنچىم كۈچىيىۋاتىـ

دۇ . كۆزۈمنىڭ يېشى قۇرۇدى ، مەن خەلقتىن رازىمەن ، مەندەك-لەرنى يەنىلا خەلق رازى قىلالايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى !

ئۇنىڭ ئاپئاق تالا - تالا ساقىلى لەۋلىرىدە پەيدا بولغان غۇۋا كۈلكىدىن مىدىرلىدى ، ئاقارغان قاشلىرى ئاستىدىكى نۇرسىز كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلانغاندەك بىلىندى . بوۋاي پېشانەمگە يۇمشاق ئالىقىنىنى قويدى - دە :

— سەن ، ئەلا ، ياخشى يىگىت بولدۇڭ ، مېنىڭ مۆلچەرىم توغرا چىقتى ، سەن جاپا - مۇشەققەت چېكىپ ، ئۆز نامىڭنى ئۇلۇغ خىسلەتكە ئىگە قىلىشقا ئىنتىلىۋاتىسەن . مەن ساڭا ئوخشاش شا-گىرتىم بولغانلىقى ئۈچۈن خۇشالمەن ! — دېدى .

— سىزنىڭ كىتابلىرىڭىزنى كۆيدۈرۈشكە قوماندانلىق قىلغان كىم ؟ سىز ئۇنى ياخشى تونۇمسىز ؟

— تونۇيمەن ، سىلەرنىڭ ناھىيىدە بىر باشلىق ئۇ . ئۇنىڭ ئاكىسى بىلەن مەن بىللە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان . ئاكىسى بىلەن كونا ئاداۋىتىمىز بار ئىدى . ھەدەڭ قىز ۋاقتىدا ئاشۇنىڭ ئاكىسى بىلەن ئىككىمىز تەڭلا كۆز تاشلىغان . ئۇ بايلىقىغا ئىشەنگەن بولسا ، مەن ساپ ۋىجدانىمغا ئىشەنگەن . ساپ ۋىجدان ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئۈستۈن چىققان . ھەدەڭ مېنى خالىغان ، شۇ قىساسنى ئۇنىڭ ئىنىسى ئېلىپ بەردى .

— رەقىپمۇ ! — دېدىم مەن غەزەپ بىلەن ئورنۇمدىن قوزغى-لىپ ، — توغرا ، كىتاب كۆيدۈرۈش باشلانغاندا ، ئۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىدا ئىدى .

— شۇ ، — دېدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ ، — سەن چېچىلما ، ئۇ بىر قاپقانغا چۈشكەن بۆرە كۈچۈكى ، ئاز كۈندە بىز ئۇنىڭ ھازىسىنى ئاڭلايمىز .

قەدىردان ئۇستازىمنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسى مېنى جانلاندۇردى . مەن گويا چاڭقىغاندا بىر سۈزۈك بۇلاققا ئۇچراپ

قالغانىدەك خۇشال بولدۇم.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. ئۈمىد، ئىشەنچ مېنى يەنىلا كىتابلارغا، جاپالىق ئۆگىنىشكە چىللاۋاتىدۇ. مەن كىتاب ئوقۇشقا ئالدىراۋاتىمەن. ھاياتىم ئارتۇقچە ۋە ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن بەند بولمىسىلا، مەن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلاتتىم، — دېدىم.

— دۇرۇس، — دېدى ئۆمەر ئەپەندى ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ، — نائەھلى بىلەن ياقىلىشىشقا كەتكەن ۋاقىتمۇ سۇدا ئېقىپ كەتكەن قىممەتلىك بايلىققا ئوخشاش چوڭ زىيان، قانداق قىلىمىز؟ ئىنسان دېگەننىڭ ئۆزىگە كېلىدىغان پايدا بىلەن زىياننى مۆلچەرلەشكە چامى يەتمەيدىكەن. بەزىلەرنىڭ پايدىسى چوڭراق، بەزىدەكىلەرنىڭ تارتقان زىيىنى جىقراق بولىدىكەن. لېكىن، مەن ئىشىنىمەن: نى - نى خانلارنىڭ بېشىدىكى تاجلىرىمۇ ئۇلارنى پالاكەتتىن قوغداپ قالالمىغان، رەقىپ دېگەنلەرنىڭ كىچىككىنە ئەمىلى نېمىگە دال بولالايدۇ؟ پىسەنت قىلما، تارىخ ئۆزى ئۇنداقلارنىڭ يېتەرلىك جازاسىنى بېرەلەيدۇ.

تەكەببۇر ئەھلىگە زىنھار سالامۇ - ئەلەي دېمەي ئۆتكىن،
ئۇلارنىڭ بېشىدا دۆۋە مەلئۇننىڭ ھاۋاسى بار!

غەمنى تارازىغا سالسا، بىزگە قارىغاندا يەنە ئاشۇلارنىڭ تارازا باسىدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ بىگۇناھلىقىمىز، ساپلىقىمىز ئۇلارغا مەلۇم، بىزنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرۈۋاتقىنىمىز، ئۇلار ئۈچۈن چەكسىز چوڭ ۋەھىمە. ۋەھىمە بولمىسا، ئۇلار سېنى ئۇرغۇزامدۇ؟ ۋەھىمە ئىچىدىكى ئادەمنىڭ خاتىرجەملىكى بولامدۇ، ئەجەل ئۇنىڭغا كۆلەڭگىدەك ئەگىشىپ يۈرۈۋاتسا، دۇنيادا ئۇنىڭدىن بەتتەر خورلانغان ئىنسان بولامدۇ؟ سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئۈچۈنلا بۇ گەپلەرنى دەۋاتقىنىم يوق، بۇ گەپلەر مېنىڭ مۇلاھىزىلىرىمنىڭ جەۋھەرلە-

رىدىن ئېلىنغان سۆزلەر، ئەللىك نەچچە يىللىق ھاياتتا تۇرمۇشنىڭ ماڭا قالدۇرغان ئىنئاملىرى مانا مۇشۇ خىل تەجرىبە-ساۋاقلار، يەكۈنلەر...

بوۋاي ئۆيدە مېڭىپ يۈرۈپ شۇ گەپلەرنى دېدى. ئۇنىڭ پۈكۈلگەن قەددى ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەرنى تەزىم بىلەن تەستىقلاۋاتقاندەك، گۆشسىز ياغاچتىن ياسالغاندەك قاتاڭغۇر قوللىرى ھاۋاغا بۇ گەپلەرنى ئۆچمەس قىلىپ يېزىۋاتقاندەك، كىشىدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇراتتى. دېرىزە تۈۋىدىكى سېرىنگۈلنىڭ يوپۇرماقسىز شاخلىرى كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا چىۋ-چىۋ قىلاتتى، باغدىكى تېرەكلەر زىكرى سوقۇۋاتقان بوۋايلاردەك كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ تىنىمسىز ئېگىلىپ قوياتتى، نەلەردىندۇر ھۇۋلىغان، ئۇشتەك چالغان ئاۋازلار كېلەتتى.

بوۋاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن دېرىزىگە تايىنىپ باغقا قاراپ ئۇزاق تۇردۇم. بوران باغقا قارىغان پېشايۋاندىكى لامپۇچكىنىڭ نۇرلىرىنى بىردە خازانلار تولغان ئېرىقلارغا، بىردە ھاۋا رەڭ ۋادەكلىك ئاددىي شىپاڭغا، بىردە بولسا ئالۇچا-شاپتۇللار يازلىقى بۈككىدە ئۆسىدىغان تام ياقىلىرىغا ئاپىرىپ چاچاتتى. غىل-پال كۆرۈنگەن بۇ جايلار ماڭا رازىيەنى، بىر ئۆمۈر بۇ قىزغا بولغان ساپ مۇھەببىتىنى ساقلاپ قېلىشقا قەسەمياد قىلغان قەيسەر دوستۇم ھاشىرنى ئەسلەتتى. مەن دوستلىرىمنى شۇ مىنۇتتا ئاجايىپ سېغىنغانىدىم. يېنىمدا ئۇلار بولسا، مۇنداق سۈرلۈك كېچىدە تەبىئەتنىڭ مۇڭ ياكى غەزەپلىك خىتاب بىلەن قۇلىقىمغا كىرىپ تۇرىدىغان نەغمىسىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ پىكىرلەشسەڭ نېمىدېگەن راھەت ۋە مەنىلىك ھە!...

ئۆيگە ھەمرايىم كىرىپ كەلدى. ئۇ ھاياجانلانغانىدى. ئالدىراپ خەۋەر قىلىشقا باشلىدى:

— رازىيەنى ئېلىپ چىقتۇق، خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ.

گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا ، جىقراق سۆزلىسە ياكى ھاياجانلانسا سەل كېتىپ قالىدىكەن .

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە ئىشىككە قاراپ ماڭدىم . ئۇن ئۈچ ، ئون تۆت يىلدىن بېرى كۆرمىگەن ، كۆرۈشكە ۋە ئۇقۇشماسلىقلارنى ئېلىپ تاشلاشقا ئاجايىپ تەقەززا بولغان ساۋاقدىشىم ، يېقىن دوستۇمنى بۈگۈن كۆرىمەن !

— سەل توختاڭ ! — دېدى ھەمرايىم مۈرەمدىن تۇتۇپ ، — تۇيۇقسىز ھاياجانلىنىش ئۇنىڭغا پايدىسىز . مەن ئاۋۋال ئۇنى سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەردار قىلاي .

ھەمرايىم چىقىپ كەتتى . مەن ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ نېرىقى ئۆيگە قۇلاق سېلىپ ئۇزاق تۇردۇم . گۈركىرىگەن شامالدىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدىم .

بىردىنلا قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازى كەلدى . رازىيەنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆزگەرگەندى . ئۇ ئىشىككە كەلدى ۋە جاراڭلىغان ، خۇشخۇي ئاۋاز بىلەن :

— رۇخسەتمۇ ، ساھىبخانا ! — دەپ ئىشىكنى چەكتى . مەن بارغۇچە ئۆزى ئىشىكنى ئاچتى . مەن ئۇنى كۆرۈپ قېتىپلا قالدىم : ئالدىمدا ئاپئاق چاچلىق ، تولىمۇ ئورۇق ، خۇشخۇي بىر ئايال كۈلۈپ تۇراتتى .

— ھەيران قېلىۋاتامسىز ؟ — دېدى ئۇ مېنىڭ ھاياجانلانغان كۆزلىرىمگە قاراپ ۋە بىردىنلا ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى . ئۆمەر ئەپەندى بىلەن ھەمرايىق كەيىندىنلا كىردى . ئۆمەر ئەپەندى :

— خۇشال بولۇڭ ، قىزىم ، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئەسلىمەڭ ، سالامەت دىدار كۆرۈشمەكلىكمۇ بىر بەخت ! — دېدى . رازىيە ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە ، كۈلۈپ تۇرۇپ :

— قاراڭ ، دادا ، ئەلا مېنىڭ ئۇكامدەك تۇرىدۇ . ئەلا ، ئەمدى

سىز مېنى ھەدە دەڭ ، — دېدى .

مەن بىردە ئۇنىڭ سۈرىتىگە ، بىردە ئۆزىگە قارىدىم ، گېلىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ئاۋازىم چىقمايتتى ، ئاۋازىم چىقسىلا رازىيە رەنجىپ قالىدىغاندەك ، ئۇنى رەنجىتىش كەچۈرگىلى بولماي- دىغان گۇناھتەك بىلىنەتتى . مەن خېلى ئويلانغاندىن كېيىن :

— يىللارنىڭ سوۋغىسى ، رازىيە ، — دېدىم ئاقارغان چاچلى- رىنى كۆزدە تۇتۇپ ، — پەللىگە بىزدىن سەل بۇرۇنراق بېرىپسىز ، بۇ سىزنىڭ ماڭا قارىغاندا جۇدۇن - چاپقۇندا كۆپرەك يۈرگەنلىكى- ڭىزنىڭ ئالامىتى ، ئۆكۈنگۈدەك يېرى يوق .

مەن رازىيەنىڭ ياشلىق قامىتىنى ، ئارزۇ - ھەۋەسلەرگە ، ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە باي چاغلىرىنى كۆرۈشنى خالايتتىم . لېكىن ، ياشلىق كەلمەسكە كەتكەن ، ئۇ بىزدىن بارغانسېرى يىراقلىشىدۇ ، ئۇ يىراقلاشقانسېرى ئادەمنىڭ كۆڭلى شۇنچە غەش بولىدۇ . دې- مەك ، ئەمدى كۆڭۈللەرنى خۇش قىلىش ئۈچۈن كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلىشىشكە توغرا كېلىدۇ . بىز كەلگۈسى توغرىسىدا سۆزلىشىش- كە ئولتۇردۇق . كەلگۈسى — ئۈمىد ۋە ئارمانلارنىڭ ماكانى ! بۇ ماكان بىزنىڭ ھاياتىمىزنى ساقلاپ قالغان ، بۇ ماكان بىزنى يەنىمۇ ياخشىراق ، كۆڭۈللۈكرەك ياشاشقا ئىنتىلدۈرمەكتە . كەلگۈسىگە ئىنتىلگەن يۈرەكلەرنىڭ پارلاق تېڭى سۈبھى بىلەن باشلانغۇسى ، بىز بايرامنى تەقەززا بولۇپ كۈتكەن گۆدەكلەردەك ، شۇ ئاتقۇسى سۈبھى بىلەن خۇشاللىناتتىمىز...

## 4

بەس ، ئەلانىڭ خاتىرىلىرى شۇنچىلىك كۆچۈرۈلسە بولار . ئەمدى قالغان پېرسوناژلار ئۈستىدە ئاپتور قەلەم تەۋرەتسۇن . گەپنى گۇزەلئايدىن باشلايلى . ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ ، راسا

«رەسىدە» بولغاندا خوشلىشىپ چىقىپ كەتكەن قورۇ ـ جايىنىڭ بەش ئېغىزلىق تاختايلىق ئۆيلىرى ، گەرچە دەرەخلىرى كېسىلىپ ، قورۇلىرى ئۆرۈلۈپ ، بۇرۇنقى ئىسكەتىنى يوقاتقان بولسىمۇ ، ھې-لىھەم كەڭرىلىكى ، قىشمۇياز ئېقىپ تۇرىدىغان سۈيى ، قېرى تېرەك ، ئۈجمىلىرىدە چۇرۇكلىشىدىغان قۇشلىرى بىلەن ، قاپقى-لىق دېرىزىلىرىگە ئۇزۇن يىل ھەمراھ بولغان سېرىن ، ئەتىر ، قىزىلگۈللىرى بىلەن كىشىگە ئارام بېرىدىغان بېغىنى قايتۇرۇۋې-لىپ ناھايىتى نۇرغۇن پۇلغا ساتقانلىقى ، ھازىر شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى كوچىلىرى دەرەخلىك ، پاكىز مەھەللىدىن ئۈچ ئېغىزى تاختايلىق ، ئىككى ئېغىزى ئادەتتىكىچە بولۇپ بەش ئېغىز ئۆيى ، مېۋە ۋە ئۈجمىلىرى بار چاققان ھويلىلىق قورۇ ـ جاي سېتىۋالغان-لىقى راست .

بۇ قورۇدىن كېچەيۇكۈندۈز تىكىش ماشىنىلىرىنىڭ غارىلدى-غان ئاۋازى كېلىپ تۇرىدۇ . بۇ قورۇدا قولى ئەپچىل ، خۇشخۇي ئىككى چوكان 1971 ـ ، 1972 ـ يىللىرىنىڭ قاراڭغۇ قىشىنى رېشىلىيە ئىشلەش ۋە ناخشا ئېيتىش بىلەن چىقاردى ـ دە ، مانا 1972 ـ يىلىنىڭ ئىللىق ئاپرېل ئايلىرىنى خۇشاللىق ۋە سېغى-نىش بىلەن كۈتۈۋالدى . ئۇلارنىڭ بىرى گەپچى ، چاقچاقچى ، ناخشىچى ، بۇ چوكان ئەلۋەتتە ئادىلە ، ئۇ گۈزەلئاينىڭ شەھەردە يالغۇز تۇرۇشىنى بىئەپ بىلىپ ، ئىككىنچى قېتىم ئامالسىز تەگ-كەن ھېلىقى «باشلىق» ئېرىنى ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ دوستى بىلەن بىللە تۇرماقتا . بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان تولىمۇ چىرايلىق ، كىرپىكلىرى قارلىغاچ قانىتىدەك قارا ، زىلۋا ، ئېغىر بېسىق ، خىيالچان ئايال ، ئەلۋەتتە گۈزەلئاي . قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن بىر خىل كىيىم ، بىر خىل سومكا بىلەن جابدۇنۇپ چىقىپ مەك-تەپكە ماڭىدىغان ئوغۇل بىلەن قىزچۇ ؟ ئۇلار ئەلۋەتتە ئەلى بىلەن دىلئارام . ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى دادىسىنىڭ ئىسمىنى «ئەلا»

دەپ يازىدۇ، لېكىن بۇ گۈدەكلەر نېمىشقا ئىككى ئانىنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىنى تېخى ئويلاپمۇ باقمىدى. چۈنكى، بالىلار باياشاتچىلىق، بەخت ئىچىدە ئۈنچىلىك جىق نەرسىلەرنى ئويلاپمۇ كەتمەيدۇ. ئاتا-ئانىلىرىنى سېغىنىش، پەقەت بەختسىز بالىلارنىڭلا ئىشى...

كىتابخانىلارغا بۇ قورۇدىكى تۆت جاننى تونۇشتۇردۇق. ئەمدى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يەنى خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلىرى، كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

بۈگۈن ھاۋا باھارغا لايىق سۈزۈك، ئىللىق، ئىشىك ئالدىدىكى ئۆستەڭدە ئەتكەنچايدەك چېچەك سۈيى ئاقماقتا. چوكان-جالا بولۇپ ئىرغاڭلاشقان سۆگەت ۋە تال شاخلىرىدا قۇشقاچلار چۇرۇكلاشسا، يالتىراق ياپراقلىرى بىلەن باھارنى بېزەۋاتقان سۆۋادان تېرەك شاخلىرىدا پاختەك-كەپتەرلەر بۇغۇلداشماقتا، مەڭزى قىزىل، پەيلىرى يالتىراق خوراز، ئىگىسى — ئەلنى ئۈزۈتىپ زىل ئاۋازدا چىللىدى. باغلاقتىكى ئاپشاركا، چېچەكلەشكە باشلىغان لىمون ئالمىنى چۆرگىلەپ زېرىككىشتىن غىڭشىپ ھاۋشىدى. ماشىنىسىنى پاكىز سۇپىغا قويۇۋالغان ئادىلە يېشىل پوپايكا ئىچىدىكى يېتىلگەن كۆكسىنى لىغىرلىتىپ، ماشىنىسىنى غارىلدىتىپ ئىش قىلماقتا. گۈزەلئاي قىزىل پوپايكا كىيگەن، بېشىغا قىزىل غىجىم ياغلىق تاڭغان ھالدا نازۇك بەللىرىنى تولغاپ ھويلىسىدىكى ئاق يەرنى گۈرجەك بىلەن ئاغدۇرماقتا.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ، گۈزەل؟ ئىككى پۇڭ يەرنى گۈرجەك بىلەن ئاغدۇرۇپ بولالامسەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، پۇلۇڭ جىق بولغاندىكىن ئىككى سوم بەرسەڭ بىر مەدىكار كېلىپ ئاغدۇرۇپ بەرمەمدۇ؟

— قۇرۇسۇن، ئەر خەق دېگەننى بوسۇغامغا يولاتمايمەن جۇمۇ!

— نېمە ، سەن ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشەلەيتتىڭمۇ ؟ ئۇمىلىتتى-سەن ، ئەر كىشىنىڭ ئالدىمدا ئۇمىلىگىنىنى كۆرسەم ، جانلىرىم سۆيۈنۈپ كېتىدۇ دېگىنە ، گۈزەل ! ھەي ، رەھمىتى ئىبرىم قېرى بولغىنى بىلەن ئەجەب كۆڭلى ياخشى ئادەم ئىدى ، بىكاردىن - بىكارغىلا ئۇنى قارىلىدى ، دەردكە چىدىماي ھاراققا بېرىلىپ توڭلاپ ئۆلدى ، ئىسىت ، ئىسىت ، ئۇ ئۆلمىگەن بولسا ئەر خەققە بۇنچىلىك ئۆچلۈك قىلماسمىدىمىكىنتاڭ ؟

ئادىلە قولىدىكى كىچىك قايچىسىنى كەرگىگە چىڭ تارتىلغان ئاق دىچۆلياڭ رەخت ئۈستىدە ئوينىتىپ تۇرۇپ ، ئۇھ تارتىپ ئاچچىق خورسىنىپ قويدى - دە ، قاشلىرىنى يىمىرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— مۇنۇ ھازىرقىسىنى كۆرسەم سېرىق توكلىرىم تىك بولىدۇ . بۇ ئادەمدە نە ئەقىل ، نە ۋىجدان ، نە ئىرادە ، نە بىر ئارزۇ ھەۋەس دېگەن نەرسە يوق .

— مۇھەببەتچۇ ؟

— ساراڭ ، ۋىجدان بولمىغان ئادەمدە مۇھەببەت نېمە قىلسۇن ؟

— ساڭا نېمانچە يېپىشۋالىدۇ ، ئەمىسە ؟

— بىزنىڭ ئۆيدە شۇنچە تۇرۇپ شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭمۇ ، ھەي ساراڭ ، ئۇ ماڭا ئابرۇي ، ئاتاق ئۈچۈنلا يېپىشىدۇ . ئۇ كالۋا ، چىرايلىق ئايالمۇ ئەر كىشىگە ئابرۇي كەلتۈرىدۇ دەپ قارايدۇ . ئابرۇي - ئاتاق ئۈچۈن يۈندى ئىچىشتىنمۇ ، ئايالىنى ئۆتۈنۈشتىنمۇ يانمايدىغان ئادەمنى قانداقمۇ ئىبرىم دېيەلەيسەن ؟

— ئۇنداق بولسا ، نېمىشقا تەگدىڭ ؟

— نېمىشقا ؟ ئۇنىڭدا ۋىجدان بولمىغىنى بىلەن پۇل بار ، ماشىنا ، ھوقۇق ، راھەت - پاراغەت بار . ئۇ ئىت مېنىڭ ئۆلگەن بەدىنىمدىن خالىغانچە پايدىلانسۇن ، مەن ئۇنىڭ پۇل - دۇنياسىدىن

پايدىلىنىمەن، ۋاقتى كەلگەندە ئەسكى يوپكامدەك چۆرۈۋېتىمەن، دەپ ئەگدىم. مانا هازىر سەن ئەللىك - ئاتمىش مىڭ سوملۇق پۇلدارسەن. مەن سېنىڭ سايەڭدە كۈنگە بەش - ئالتە سوم تاپالايدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئۇنىڭغا ھاجىتىم قالمىدى، ئەمدى ئۇ چىۋىن بولۇپ كەلسىمۇ، بەدىنىمگە قونالمايدۇ، ئۇ ئەمدى ئۆلسىمۇ، چىشىمنىڭ ئېقىنى، قاپقىمنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرەلمەيدۇ. ئاجراشمايمەن دېسە، ئەسكى پايتىمىدەك بىر ئۆمۈر سۆرەيمەن.

— بىر ئۆمۈر؟ — گۈزەلئاي گۈرجەك سىپىغا تايىنىپ، ئۆزىمۇ «سوئال بەلگىسى»گە ئايلىنىپ خىيال بىلەن ئاستا، ئەلەملىك پىچىرلىدى، — بىر ئۆمۈر قانچىلىك ئۇزۇن؟ ئادىلە، بىر ئۆمۈر تۇل ئۆتىمىزمۇ، دوستۇم؟ پۇل، ياخشى تۇرمۇش بولسىلا، ئەر كىشى بولمىسىمۇ ئۆتتۈپرىشكە بولىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئادىلە، ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرىپتىمەن. تۇرمۇشنى، مۇھەببەتنى قەدىرلەيدىغان ۋاقتىمىز ئەمدى كەلگەن ئوخشايدۇ. بالىلىقتا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىم ئۈچۈن، ئەمدى ئازابلىنىۋاتىمەن. پۇل - پۇچەكنى دەپ ئەلانى ئازابلىدىم، ئەمدى غورۇرىغا تېگىدىغان ئىشلارنى قىلدىم. كىيىم - كېچەك، ياخشى تاماق ئۈچۈنلا، رەقىپىنىڭ مەقسەتلىك بەرگەن پۇللىرىنى قوبۇل قىلدىم.

— ئۇ ئىپلاسنىڭ ئىسمىنى تىلىڭغا ئالمىغىنا! مەنچۇ، پۇل، ئويۇن - تاماشىنى دەپ، ئۇنىڭ مەردلىكىگە قىزىقتىم. قىزىقىشنىڭ مۇھەببەتكە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئۇ چاغدا بىلمىدىم. بىز قىزلار ئاجىز كېلىدىكەنمىز. ئاۋۋال بىر يىگىتنىڭ بىرلا يېرىنى يارىتىدىكەنمىز، كېيىن شۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەي، ئۇ يىگىتنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالىدىكەنمىز تاكى ئۇنىڭ ئەرزىمەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغۇچە، ئۇنى سۆيىدىكەنمىز، ئىسپاتلانسا-

مۇ تېخى ئۇنى ئاقلايدىكەنمىز ، ئۆزىمىزنى بەزلەپ ئالدايدىكەنمىز !
بۇ خىل ئالدىنىش ، تاكى ھېلىقى ناكەس گەجگىمىزگە دەسسىگۈچە
داۋاملىشىدىكەن . ئېيتقىنا ، گۈزەل ، بىز ئاجىز بولماي نېمە ؟
— لېكىن ، مەن ئۇنچىلىك ئالدانمىدىم . مەن ئۆمۈر بويى
بىرلا ئادەمنى ياخشى كۆردۈم .
— ئېيتقىنا ، گۈزەل ، راستىنلا ئەلادىن باشقىسىغا لەۋلىرىڭ
بىلەن سوۋغا تۇتمىدىڭمۇ ؟
— ساراڭ ، قېلىن ! بۇ مۇمكىنمۇ ؟ ۋيەي ، دەۋاتقان گېپى-
نى ، — گۈزەلئاي ياغلىقىدەك قىزىرىپ ، ئالىقانلىرى بىلەن يۈز-
نى ياپتى . ئادىلە كۈلۈپ قويۇپ قاشلىرىنى ئويناتتى - دە ، تولۇق
كۆكسىنى نامايان قىلغاندەك كەينىگە ئېگىلىپ كېرىلدى ۋە مەغرۇر
سۆزلىدى :
— لېكىن ، مەن ۋىجدان ، مۇھەببەت بىرىگە مەنسۇپ ، بەدەن
ھەممىگە مەنسۇپ ، دېگەن قائىدىگە تولۇق ئەمەل قىلدىم .
— ساراڭ ! — دېدى گۈزەلئاي يەر ئاستىدىن دوستىغا سىڭا-
يان قاراپ قويۇپ ، — رېشلىيەدىن زېرىككەن بولساڭ ، مەيەرگە
كەل ، مۇنۇ يەرنى بىللە يۇمشىتايلى .
ئادىلە كۈلۈپ قويۇپ سېرىق غىل - غىل ياغلىقنى پېشانىسى-
گە چۈشۈرۈپ چىڭ چېگىلىدى ، ئاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ
يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ناخشا باشلىدى :

ھاۋا ئاينىپ قاپتۇ ،
مەنمۇ ئاينامەنمۇ .
يامانىنىڭ گېپى بىلەن ،
ياردىن ئايرىلامەنمۇ...

دوستىنىڭ ھەسرەت ، ئارمان ۋە ياشلىق خاتىرىلىرى سىڭگەن

ناخشىسى ئۇنىڭغا — خۇددى گۈزەللىكىغا تەۋەدەك، گۈزەللىكىنىڭ كېپىنەك قانىتىدەك نازۇك ھېسسىياتلىرى دوستىنىڭ ناخشىسىدىكى بېيىتلارغا سىڭىپ، سۈزۈك ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك، خۇددى يىراق بىر يەردە يەنە بىر تەقەززا يۈرەك چەكسىز بوشلۇققا سىڭگەن بۇ سادادىن لەززەت ئېلىۋاتقاندەك، مانا شۇ يول بىلەن ئۇ يۈرەك ئارزۇسىنى ئۆز سۆيگىنىگە مەلۇم قىلىۋاتقاندەك، سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن بەختلىك بولۇۋاتقان نومۇسچان قىزدەك بىلىنمەكتە. بۇ ھېسسىيات بىر خىل سېھرىي كۈچكە ئايلىنىپ، بۇ سېھرىي كۈچ كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن گۈزەللىكىنى غىدىقلاپ، مەست قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئەلۋەتتە بۇ سېھرىي كۈچنىڭ سەنئەت، ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ ئاستا ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان دوستىنىڭ ئالدىغا باردى - دە، قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، چىرايلىق كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، ئادىلەنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ يۈزىنى يۈزىگە ياقتى. ئادىلە دوستىنىڭ قويۇق چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئىھ گۈزەل، بىز مۇشۇنداق بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ناخشا ئېيتىمىز، دەپ سەنئەتچى بولغانمىدۇق؟ بىزنى ئۆزىمىز سۆيىدىغان سەنئەتتىن نېمە ئايرىدى، بىلەمسەن؟ مەن بىلىمەن: بىزنى ھېچ نەرسە ئەمەس، مۇھەببەت ئايرىدى. بىز يىگىتلەرنىڭ كەينىگە كىرمىگەن بولساق، سەنئەتچى بولالايتتۇق. ئەلانۇرنى بىلىسەنغۇ، ئۈرۈمچىدە بىرنەچچە ئاي سولاپ قويۇۋېتىپتۇ، خىزمەتتىن ھەيدەلگەن ئوخشايدۇ. تۈنۈگۈن ھېلىقى مەكتەپ مەيدانىدا ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا ۋالىبول ئويناۋاتىدۇ. بىرەر مىڭ ئادەم يىغىلىۋاپتۇ. چېلىنىۋاتىدۇ چاۋاك، ئەلانۇر شۇنداق ئويناۋاتىدۇكى، ھېچ زەربە يېگەندەك، تۈرمىگە سولانغاندەك ئەمەس. مانا ئادەم دېگەن ئۆز كەسپىنى شۇنداق سۆيسە بولىدۇ. سېنىڭ ئەلارىڭمۇ شۇنداق ئىدى، ئۆز كەسپى ئۈچۈن ھەرقانداق پايدىدىن كېچەلەيتتى، ھەرقانداق

ۋاقىتتا ئۆز كەسپىنى تاشلىمايتتى !

— ئۇ هايـاتقۇ ، — دېـدى گـۈزەلئاي تىترەڭگۈ ئـاۋاز بىلەن ، — نېمىشقا ئۇنداق قىلاتتى ، مۇنداق ئېتەتتى ، دەيسەن ، بالىلىرىمىز ئاڭلىسا يىغلايدۇ .

ئادىلە شۇ چاغدىلا ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئاتىسى شۇ ئەلا ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى . ئۇ گۈزەلئاينىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ چاقچاق قىلدى :

— توۋا ، هەر ئىككىمىزنىڭ بالىمىزنىڭ ئاتىسى شۇ ئەلا ـ هە ؟ بىز ئىككىمىز ئۇنىڭ ئاياللىمۇ ئۇنداقتا ؟

— ساراڭ ، ساراڭ...

— بالىلارنىڭ يۈزى ئۈچۈن بولسىمۇ ياراشتۇرىمەن سىلەرنى . مەن ئەلانى جەزمەن تاپىمەن . ئەلانۇر ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلىدۇ . ئەتە يەنە ۋالىبول ئويناۋاتقان يەرگە بارىمەن ـ دە ، ئۇنىڭغا تونۇش-لۇق بېرىمەن . ئۇ ماڭا ئەلانى تېپىپ بېرىدۇ . بىچارە دىلئارا جۆيلۈسىمۇ ئەلا دادام ، مومام دەپ جۆيلۈيدۇ . بالىنى مومايىنىڭ قولىدىن بۇلاپ دېگۈدەك ئېلىۋالدىم . موماي بىچارە نېمە بولدى-كىن ؟ دىلئارا مېنى هازىرغىچە ئاپا دېمەيدۇ . مېنىڭ ئۇنى ئاپا دېگۈزۈشكە هوقۇقۇم يوق . ئەلا سەن بىلەن ياراشسىلا ، قىزىنى ئۆزىگە تـاپشۇرۇپ بېرىمەن . گۈزەل ، جېنىم دوستـۇم ، سەن بالىلارغا ئانا بولالايسەن ، بالىلارغا ئېيتايلى : دىلئارا هەدىسى ، ئەلى ئىنىسى بولسۇن ، دىلئارا ئېگىزرەك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇنى ئەلا ئۆزى باققان .

— نېمە داۋاتسەن ، ئالجىدىڭمۇ ؟ دىلئارا 1963 ـ يىلى يەتتىنچى ئايدا تۇغۇلدى . بۇ يىل يەتتىنچى ئاي كەلسە ، توققۇز ياشقا تولىدۇ . ئەلى 1962 ـ يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمە تۆتىنچى كۈنى تۇغۇلغان ، ئون ياشقا تولۇپ ئىككى ئاي ئاشتى . ئەلى دىلئارادىن بىر يېرىم ياشتەك چوڭ تېخى .

— راستىنلا ئالجىپتىمەن . ھېلىمۇ ئالجىمايدىكەنمەن ، ھە ، بوپتۇ ، نېمانچە دومسىيىسەن ؟ ئەلى ئاكىسى ، دىلئارا سىڭلىسى بولسۇن . ئەمما دىلئارانىڭ دادىسى ئەلا ئەمەس دېگەن گەپنى ئېغىزىڭدىن چىقارساڭ ، شۇ كۈنىلا چانىۋېتىمەن . باللارغا ئېيتايلى ، سەن ئۇلارنىڭ ئۆز ئانىسى ، ئەلا ئاتىسى ، مەن سېنىڭ ھەدەڭ ، ئەمدى بولدىمۇ ؟

گۈزەلئاي دوستىنى يەنە قۇچاقلىدى .

ئۇلار يەنە خۇشاللىق ، كۈلكە بىلەن ئۆتىدىغان كۈنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى . ئۇلارنىڭ يۈرەك قاتلىرىدىكى قايغۇ ۋە ئارمانلىرى ، ئۇچەككە كىرگەن جانىۋارلاردەك ، كەلگۈسى پائالىيىتى ئۈچۈن ئۇيقۇغا غەرق بولدى . ئۇلار گۆرجەكلىرىنى يۇمشاق توپىغا پاتۇرۇپ ، ئەۋرىشىم بەللىرىنى ئېگىپ ، يەر ئاغدۇرۇشقا كىرىشكەندە ، دەرۋازا ئالدىدا كىچىك ماشىنىنىڭ تونۇش سىگنالى ئاڭلاندى .

— يىگىتلىرىمىز يەنە كېلىشتى ، — دېدى ئادىلە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ، — مېنىڭكىنىغۇ ئۇڭايلا قوغلايمەن ، سېنىڭكىنى قوغلىماق تەس . قانداق قىلىمىز ، گۈزەل ؟

— ئۆزۈڭ بىل ، ھەدە بولغاندىكىن .

— ئۇنداق بولسا ، مەن ئۇلارنى يەر ئاغدۇرۇشقا سالىمەن ، — ئادىلە قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئاچتى . ھويلىغا ئېغىر سومكىلار بىلەن مىشكاپ - يەشىكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ ئادىلەنىڭ ئېرى ، كومىسسىيونچى بىلەن شوپۇر يىگىت كىرىپ كېلىشتى . ئادىلەنىڭ ئېرى كاكارسىز ھەربىي كىيىمدە ، ئۇنىڭ ياقا تۈگمىلىرى ئېچەككە تاقاپ ئېتىلگەن ، شەپكىسىمۇ قولاقچە چۆكۈرۈلگەن . كومىسسىيونچى قارا كۆك سارجىدىن شىم - تۈجۈركا ، بېشىغا ياشلار پاسونىدا ئالدى ئېگىز سارجا شەپكە كىيگەن ، ئايىغى مايلانغان ، قولىغا نېپىز ئاق پەلەي كىيىۋالغان ھالدا گىدىيىپ ،

قولىلىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ئاياللارغا سالام بەردى .
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، بىر جۇپ قارلىغاچ ، — دېدى ئۇ ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ ، — دوستۇم بىلەن ئىككە-مىز ئوبدان تەييارلىق بىلەن كەلدۇق . ئەللىك كىشىلىك زىياپەت قىلىمىز ، ئەمما تۆت كىشى مېھمان بولىمىز . پۈتۈن قوي ، يەشە-كى بىلەن پىۋا ، هاراق ، مېۋە - چىۋە ، تاتلىق تۈرۈم... قىسقىسى ، بىر قىزنىڭ تويىغا توغرىلاپ تەييارلىق قىلدۇق . قېنى قىزلار ، كۈتۈشنى باشلاڭلار ئەمىسە !
— مانا تەييار ، — دېدى ئادىلە قولىدىكى گۈرجەكنى كۆرسە-تىپ ، — يىگىتلەر تۇرغان يەردە بىز يەر ئاغدۇرساق ئەپلەشمەس ، قېنى ، مۇنۇ كىچىككىنە يەرنى ئاغدۇرۇۋەتسەڭلار ، ئويۇن - تاماشا دېگەن ئايلانسۇن !
— جان تەسەددۇق ! — دېدى كومىسسىيونچى گۈزەلئايغا بىر قاراپ قويۇپ ، — سىلەرلا بۇيرۇساڭلار ، بېشىم بىلەن مېڭىپ شەهەر ئايلىنىشتىنمۇ يانمايمەن . ئېيتىڭە ، گۈزەلئاي ، مەن سىز-نىڭ قايسى ئىلتىماسىڭىزنى قوبۇل قىلمىغان ؟
— گۈزەل سىزدىن بەكمۇ مىننەتدار ، گۈزەلنىڭ ئۆي - جايىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشتە قانچىلىگەن باشلىقلارنى مېھمان قىلدىڭىز ، كىملەرگە قانچىلىك سوۋغا سالام بەردىڭىز ، يەنە كىم-لەرگە قانچىلىك يېلىندىڭىز ، هەممىسى دەپتەرگە يېزىقلىق .
— دوستۇممۇ جىق ماڭدى ، — دېدى كومىسسىيونچى پوستا تۇرغاندەك غادىيىۋالغان ئادىلەنىڭ يولدىشىنى شەرەت قىلىپ ، — ئىككىمىز خېلى يول ماڭدۇق . لېكىن ، ئۇ قانچىلىك ئىش ، پەر-هاتتەك تاغ كەسمىدۇق ، يۇسۇپتەك زىنداندا ياتمىدۇق ، مەجنۇندەك چۆللەرنى كەزمىدۇق . مۆرىتى كەلسە ، سىلەر ئۈچۈن هەممىنى قىلىمىز !
ئەرلەر قولىلىرىغا توكۈرۈپ گۈرجەكنى يەرگە سانجىدى . ئايال-

لار پېشايۋانغا قويۇلغان سوۋغىلارنى جايلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا خۇشال، قارىماققا ھاياجانلانغان، لېكىن خۇشاللىقنىڭ ئاخىرىسىغا خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىك ئۇلىشامدۇ؟ بۇنى ھازىرچە بىلگىلى بولمايدۇ.

بىر جۈپ ئەر - ئايال ئىككى، يەنى ئەرلەر ئىنتىلگۈچى، ئاياللار يىراقلاشقۇچى رولىغا چىققان بۇ تۆت كىشىلىك «لەپەر» چىرايلىق ھويلىدا يەنە باشلاندى. ئەرلەرنىڭ قىزغىنلىق ۋە ئۈمىد بىلەن بۇيرۇتقان ھەممە غىزالىرىنى ئاياللار خۇشياقماي، لېكىن خۇشال - خۇرام ھازىرلىدى. يازلىق ئوچاقتا قورۇلغان گۆش بىلەن كۆكتات پۇرىقى قوشنا ھويلىلارغا تارالدى. ئادىلەنىڭ قىيما قىلىشقا ماھىر قولىدا ئۇرۇلغان قىڭراق ئاۋازى كوچىدىن ئۆتكۈچىلەرنى جەلپ قىلدى. چۈنكى، ئادىلەنىڭ قوللىرى ھۈنەردە يېتىلگەن تۆمۈرچىلەرنىڭ بازغان، بولقا ئۇرۇشىدىن قېلىشمايدۇ. ئادىلەنىڭ يولدىشى بىلەن كومىسسىيونچىنىڭ زادىلا قولاشمىغان چاقچاقلىرىدىن پەيدا بولغان يالغان كۈلكىلەر، تامىنىڭ سىرتىغا راست بولۇپ ئاڭلاندى. گۈزەلئاينىڭ قوشنىسى يۈزىگە داغ چۈشكىنى بولمىسا خېلى گۈزەل كۆرۈنىدىغان ياش ئايال، ئۆزىنىڭ يەنە بىر قوشنىسىنىڭ قاچا گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان دېرىزىسىگە يۈزىنى يېقىپ پىچىرلىدى:

— كومىسسىيونچى يەنە كەلدى، ئەجەب يامان ئادەم - دە، نەدە چىرايلىق ئايال كۆرۈنسە، شۇ يەردە ئۇنىڭ كۈلكىسى ئاڭلىنىدۇ.

— ئالامدىكەن، ئوينامدىكەن؟

— ئوينايدۇ - دە، ئازادە ھويلا، ئىككى جۈپ ئەر - خوتۇن، ئۇلار كۈلمەي كىم كۈلەتتى ئەمىسە.

— گۈزەل دېگىنى ئۇنىمىغۇدەكقۇ؟

— نىكاھقا بويۇن تولغىغىنى بىلەن ئويۇن - تاماشىغا ياق

دەرمۇ ؟
— ۋاي ئۆلەي ، سىززە ؟
— دېرىزىسىنى مارىلايمىزمۇ يا ؟
— ساراڭ خوتۇن ، كۆپكۆندۈزدىما ؟
— ئۇنداق بولسا ، تۈيدۈرماستىن بىزنىڭ ئۆگزىدىن مارايلى .
— ها… ها… ها…
— ھى… ھى… ھى…
— چاۋىسىنى چىتقا يايايلى .
— كېرىلگەنگە تويغۇزايلى .
ئاياللار ئۆز نادانلىقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ يەنە كۈلۈشتى . ئۇلار ئۇچۇن دۇنيادا باشقىلارنىڭ يامانلىقىنى بىلىشتىنمۇ لەززەتلىك ئىش يوقتەك ، ھاياتنىڭ ھەممىسىنى غەيۋەت ـ شىكايەتكە بېغىشلىۋەتسىمۇ ، ئۆزلىرىنى تېتىقسىزلىقتا ئەيىبلىمەيدىغان بۇ ئاياللار ئۇچۇن بوگۈنكى بۇ تېپىلغۇسىز ، ئامەتلىك كۈن ھەر كۈنى تەكرارلانسىمۇ ئازلىق قىلىپ ، پۇخادىن چىقمايدىغاندەك ، ئۆزلىرىگە ئۈستىدىن ئىغۋا توقۇشقا ئاسانراق بولغان تۇل ئاياللارنى قوشنا قىلىپ بەرگەن خۇدايىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى نەق بوگۈنلا ئىسپاتلىنىۋاتقاندەك… ئاياللار شادلانغان ، ئۇلار ھاياتتىن ، كۈندىن ۋە ھاۋادىن تولىمۇ رازى ئىدى .
لېكىن ، ئۇلار ئۆز جىنسداشلىرىدىن ئىككىسىنىڭ قانچىلىك ئازاب بىلەن يالغان كۈلۈۋاتقىنىنى ، ئۆز ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەن ئىككى ئەركەك ئۇلارنى خۇددى سادىن چۆچۈگەن چۈجىلەرنىڭ ھالىغا چۈشۈرۈپ قويغىنىنى نەدىن بىلسۇن ؟
ئەنە گۈزەلئاي پىياز ئاقلاۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى ئېپەك ياغلىقى بىلەن سۈرتمەكتە . ئۆگزىدىكى ئايالارنىڭ كۆزلىرى ۋىجدان سۈيى بىلەن نۇرلانغان بولسىدى ، ياش چوكاننىڭ كۆز يېشى پىياز ئاچچىقىدىن ئەمەس ، ھاياتنىڭ ھاقارەتلىك ئىنئاملىرىدىن ئىكەنلى-

كىنى بىلگەن بولاتتى . كومىسسىيونچى ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭ كەينىدىن قاتراپ يۈرمەكتە . ئىرادىسىز ئاياللار ئۈچۈن غۇرۇر ۋە پاراغەت كەلتۈرىدىغان بۇ خىل تىنىمسىز قاتراش ، گۈزەلئايغا ئازاب ، هاقارەت ۋە نەپرەت سوۋغا قىلغان ، ئۇ كومىسسىيونچىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ، ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان تەۋەررۈك جايىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان . سەۋەبى ، كومىسسىيونچى هەر ئىككى كۈننىڭ بىرىدە ئاغىنىلىرى بىلەن ياكى ئۆزى خىلمۇخىل سوۋغى-لارنى ئەكىلىپ گۈزەلئاينىڭ ئۆيىدە «ئولتۇرۇش» قىلىپ ، گۈ-زەلئاينى بىزار قىلىۋەتكەن . گۈزەلئاي ياخشى گەپ قىلسا ، كو-مىسسىيونچى تېخىمۇ ئۈمىدلىنىپ ، يالغان مەست بولۇۋېلىپ ئۇ-نىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالماقچى بولغان ، بەزىدە گۈزەلئاي ئۆيىنى تاشلاپ بېرىپ قوشنىلارنىڭكىدە قونۇشقا مەجبۇر بولغان ، گۈزەل-ئاي قوپاللىق قىلسا ، كومىسسىيونچى پۈتۈن قىلغان ياخشىلىقلى-رىنى مىننەت قىلىپ ، گۈزەلئايغا دۈشمەنلىك قىلماقچى بولۇپ ياش ئايالنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇغان . كومىسسىيونچىنىڭ هەرقانداق يول بىلەن يامانلىق قىلالىشىغا گۈزەلئاينىڭ كۆزى يېتىدۇ . هېلى-قى رىشات دېگەن چىرايلىق يىگىت كومىسسىيونچى بىلەن كۆرۈ-نۈشتە گۈزەلئاينى تالىشىپ دۈشمەنلەشتى . كومىسسىيونچى ئۇ يىگىت بىلەن كۆرۈنۈشتە دوست بولدى . ئۇلار قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىشتى ، ئەمما كۆڭۈللىرىدىكى دۈشمەنلىكلىرىنى كۆلگە كۆمۈلگەن كۆمۈر چوغىدەك ساختىلىق ئىچىگە يوشۇرۇشتى . بىر كۈنى ، رىشات ئاندىن تۇغما هالدا شەهەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاس-كىنا ئېرىق ئىچىدە مەست هالدا دۈم ياتقان پېتى پۈتۈن شەهەرگە نام چىقاردى . بۇ رەسۋاچىلىقتىن كېيىن ئۇ گۈزەلئاينىڭ كۆزىدىن يىتتى . بۇ خىل زەربە بېرىش ، ئۆچ ئېلىش ئۇسۇلىنى كومىسسى-يونچىدىن باشقا بىرىنىڭ قىلىشى مۇمكىنمۇ ؟ پۈتۈن سۈرك بىر يىگىتنى شەهەرگە يولىغۇسىز قىلىۋېتەلىگەن ئادەم ، گۈزەلئايدەك

بىر ھىمايىسىز ئايالنى پالاكەتكە تىقالماسمۇ؟ ئۇ ئۆز قولى بىلەنمۇ، باشقىلارنىڭ قولى بىلەنمۇ گۈزەلئاينى خاراب قىلالايدۇ - دە، گۈزەلئاي بۇ خىل قەبىھ زەربىلەرنىڭمۇ تەمىنى تېتىغان. رەقىپىنىڭ ھېلىقى: «گاچا مىنىبىلىك باسقۇنچىلىق قىلدى» دەپ تارقاتقان ئىغۋاسىغا چىدىماي، بالىسى بىلەن دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلمەكچى بولغانلىقىنى، ئۇ زادى ئۇنتۇمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ رەزىل ئەرلەردىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ، لېكىن كومىسسىيونچىنى ئىككى يىلدىن بېرى بايقاپ كېلىۋاتىدۇ، كومىسسىيونچى گۈزەلئايغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن. ئۇمۇ رەقىپكە ئوخشاش، گۈزەلئاينىڭ گۈزەللىكىگە ئاشىق. ئەلانىڭ ئۆلۈم خەۋىرىدىن كېيىن گۈزەلئاي بىر مەھەل قاتتىق ئازابلاندى. بۇ كۈنلەردە كومىسسىيونچىنىڭ غەمخورلۇقى تولىمۇ چوڭ بولدى. ئۇ گۈزەلئاي ئۈچۈن ھەممىنى قىلدى، قورۇ - جايىنى ھەل قىلىپ بەردى، تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالدى، كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگىنىنى قىلدى. ئۇ ئىنساپ ۋە ئەخلاقتا، رەقىپتىن ئۈستۈن كەلدى. گۈزەلئايدىن قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن جاۋاب تەلەپ قىلمىدى. لېكىن، بىر كۈنى كەچ ئۇ گۈزەلئاينىڭ ئۆيىنى تولۇق ئۆزىگە قايتۇرغانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— گۈزەلئاي، مۇشۇ قەغەزنى ئالغۇچە ئۈچ مىڭ سوم خەجلىدىم. مەڭ، ئۇقتۇرۇشنى ئېلىڭ، لېكىن مىننەتدارلىق ھېسابىغا ھېچبولمىغاندا قولىڭىزغا سۆيۈپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىڭ، — دېدى.

گۈزەلئاي تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئۇقتۇرۇشقا سۇندى. كومىسسىيونچىنىڭ يۇمشاق، گۆشلۈك، كۈچلۈك ئالىقانلىرى ئۇنىڭ نازۇك بىلىكىدىن چىڭ تۇتتى ۋە تىنىقى ئىسسىق، يۈرەك سوقۇشى تېز گەۋدىسى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. گۈزەلئاينىڭ كۆزى

قاراڭغۇلاشتى . ئۇ ئاچچىق ئىڭرىدى :
— ئەلى ، ئەلا !...
كومىسسىيونچىنىڭ لەۋلىرى ئۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى . گۈزەلئاينىڭ نازۇك بېلىدىن قورۇپ تۇتۇۋېلىپ تاكى گۈزەلئاي سىلىق يول قويۇشتىن غەزەپلىك نارازىلىقنا ئۆتكۈچىلا ئۇ ئايالنىڭ چاچ ، بويۇن ، تاڭلاي ، پېشانە ۋە باشقا جايلىرىغا ئاچ كۆزلۈك ـ ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيدى .
— قويۇۋېتىڭ ! — دېدى گۈزەلئاي باسماقچى بولۇپ كارنۋاتقا ئېلىپ ماڭغان قاۋۇل كومىسسيونچىنىڭ كۆكرىكىدىن كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ ، — ئەلى ، قوپ بالام ، ماۋۇ نومۇسسىزنى قارا !
ئەلى دەرھال مىدىرلىدى . كومىسسىيونچى كۆكرىپ ـ تاتىرىپ يىغلاۋاتقان ئايالنى قويۇۋەتتى .
— قوپاللىق قىلىپ قويدۇم . لېكىن چۈشەنمىدىم ، نېمىشقا نارازىلىق قىلىسىزكىنتاڭ ؟
— نېمىشقا چۈشەنمەيسىز ؟ — دېدى گۈزەلئاي يىغلاپ تۇرۇپ ، — ئادەم دېگەن مۇھەببەت ئويغانمىسا سۆيۈشمەيدۇ !
— مەندە ئويغاندى ـ دە ، ئويغانماق تۈگۈل يېنىپ گۈلخان بولدى .
— سىزدىلا ئويغانسا بولاتتىمۇ ؟ كۆڭلى يوق ئايالغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىش ھاقارەت ، زورلۇق !
— شۇنداق ، گۈزەلئاي ، لېكىن مەن سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزدىكى مىننەتدارلىقتىن پەيدا بولغان مايىللىقنى مۇھەببەت دەپ چۈشىنىپ قاپتىمەن . ماڭا ئىشىنىڭ ، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ مەيلىڭىزگە شەرتسىز بېقىنىمەن .
كومىسسيونچى دېگىنىنى قىلدى ، لېكىن ئاشۇرۇۋەتتى . گۈزەلئاي بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ، ئويلىنا ـ ئويلىنا ، ئاخىر كومىسسيونچىغا تۇرمۇشلۇق بولۇشقا ماقۇل جاۋاب بەرمەكچى بولغاندى

دى. ئەلانىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى زۇلخۇماردىن ئاڭلاپ بىردىنلا ئۆز - ئۆزىدىن نەپرەتلەندى. ئۆزىنىڭ كۆڭلى تارتمىغان بىرىگە رازىلىق بىلدۈرمەكچى بولغانلىقىنى ۋىجدان ئالدىدىكى ئەيىبى ھېسابلاپ كېچىچە يىغلاپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن كومىسسىيونچى ئۇنىڭ كۆزىگە تولىمۇ كۆرۈمسىز، تولىمۇ يىرگىنچلىك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ھەي، ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئىغۋا توقۇشقا ھازىرلىنىۋاتقان ئاياللار، ئىنساپ قىلىڭلار، بىگۇناھ يۈرەككە چالما ئاتماڭلار. بىلسەڭلار، گۈزەلئاي سىلەرگە يامانلىق، ئىزا - نومۇس كەلتۈرمەيدىغان ياخشى قوشناڭلار. تۇل بولۇپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئەيىبى ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ ئەيىبى!

— ئەكېلىڭ پىچاقنى، پىيازنى مەن ئاقلاي، — دېدى يەر ئاغدۇرۇشنى ناھايىتى تېزلىكتە پۇلغا كۆتۈرە بېرىشكە ئۈلگۈرگەن كومىسسىيونچى، قوللىرىنى گۈزەلئاينىڭ قولىغا تەگكۈزۈۋېلىش لەززىتىدىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن دادىللىق بىلەن پىچاققا قول سوزۇپ، — يېرىڭىزنى ئاۋۇ مەدىكارغا بەش سومغا كۆتۈرە بەردىم. سىز ھېچ ئىش قىلماڭ، كارىۋاتتا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپلا بېرىڭ، قاراڭە، كۆز يېشىڭىزنى، سىزنىڭ كۆز يېشىڭىزنى كۆرگۈنۈمدىن دادامنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرگۈنۈم ئەۋزەل. گۈزەلئاي، بىلەمسىز، مەن ئەمدى بىلىۋاتىمەن، سىز بولمىسىڭىز، مېنىڭ كۈنۈم تەسكەن، مىنۇتلار ئاي، كۈنلەر يىل، خۇددى چالا بوغۇزلانغان مالدەك... سىزگە نېمە بولدى، گۈزەلئاي؟ نەگە ماڭدىڭىز؟ توختاڭ، سۇ قۇيۇپ بېرەي، يۈزىڭىزنى يۇيۇۋېتىڭ، پىيازنىڭ ئاچچىقى راستلا ناھايىتى يامان!

ئۇ سەندىرەكلەپ گۈزەلئاينىڭ كەينىدىن مېڭىۋىدى، ئۇنىڭ ئالدىنى ئادىلە توستى:

— دەم ئېلىڭ، تەخىر قىلىڭ، زاكۇسكا تەييار بولمايلا مەست

بولۇۋاپسىلەر . مەسىلەرنى مېھمان قىلماق تولىمۇ تەس . كەلسە -
كەلمەس گەپلەرنى قىلىۋەرسەڭلار ، ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كېتە-
مىز . قويدىن ياۋاش بولىسىڭىز ، مېھمان قىلالمايمىز ، — دېدى
ئۇ خاپا بولغان ھالدا كومىسسىيونچىنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ
تۇرۇپ .

كومىسسىيونچى ئادىلەگە گۆلەيدى .

— بۇ بىزنىڭ ئىچكى ئىشىمىز ، سىز ئېرىڭىز بىلەن مۇشۇن-
داق پاراڭلاشسىڭىز ھېچكىم نارازى بولمايدۇ ، لېكىن مەن ھازىر
مۇنۇ ئۆينىڭ خوجايىنى .

— خوجايىنى ؟ تېخى ئەتىگەن ، ھازىرچە خوجايىنى مەن .
بىلەمسىز ئۇ مېنىڭ سىڭلىم .

— پۇللۇق ئادەمنى سىڭلىم دېيىش بەكمۇ كۆڭۈللۈك ، شۇن-
داقمۇ ؟

— كۆيدۈم - ئۆچتۈم دەپ كەينىگە كىرىۋېلىشچۇ ؟ كومىسسى-
يوندىكى كونا كىيىملەرنى ماختاپ پۇل قىلغانغا قارىغاندا خېلى
ئاسان بولسا كېرەك .

كومىسسىيونچى ئادىلەنىڭ مەسخىرە ۋە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى
چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىگە ، ھاراقتىن تەلۋىلەشكەن ، مۇھەب-
بەت بىلەن ھاياسىزلىق ئارىلاشمىسىدىن قورقۇنچلۇق تۇسكە كىر-
گەن تېگى چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن قادالدى :

— يېڭىلىشمىسام ، كۈنچىلىكتىن غەزىپىڭىز تېشىۋاتىدۇغۇ
دەيمەن ، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئايالغا سۈركىلىپ ، — بىر ئامال
قىلىپ قوندۇرۇپ قېلىڭ ، مەن سىزنى خالىغىنىڭىزغا ئىگە قىلا-
لايمەن ، قىزچاق !

— ھايۋان ! — دېدى ئادىلە كەينىگە داجىپ ، غۇلىچىنى
كېرىپ ، — ساڭا بۇ قورۇدا خېرىدار يوق ، يوقال كۆ-
زۈمدىن ، — ئۇ ئۇرماقچى ئىدى ، لېكىن قوللىرى ھاۋادا پۇلاڭلە-

غاندا ، ئۇنىڭ يېنىدا گۈزەلئاي پەيدا بولدى . گۈزەلئاي دوستىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ ، كۈلۈپ تۇرۇپ :

— ئادىلە ، سەنمۇ ئىچىۋالمىغانسەن ، بول ، دوستۇم ، چۆچۈرىنى تېزرەك تۈگەيلى ، مېھمانلىرىمىز قاتتىق مەست بولۇپ قالمىسۇن يەنە ، — دېدى .

ئادىلە دوستىنىڭ رايىغا بېقىپ قازان بېشىغا ماڭدى . ئۇ كومىسسىيونچىغا قايرىلىپ تۇرۇپ :

— خەجلىگەن پۇلىڭىزنى ، ئۇسۇمى بىلەن تاپان ھەققىڭىزنى قوشۇپ ھېسابلاپ چىقىڭ ، سىزنى ھۆركىرەتكەن پۇل بىزدىمۇ بار . پۇلىڭىزنى ئېلىڭ ـ دە ، بۇ قورۇغا ئىككىنچى قېتىم كەلگۈچى بولماڭ ! — دېدى .

كومىسسىيونچى كۈلۈپ قويۇپ ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قازان بېشىغا ماڭدى .

— سىز بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسام ، ئاللىقاچان سىز دېگەندەك قىلغان بولاتتىم ، لېكىن سىز ھازىرچە بۇ ئامەتتىن مەھرۇم . نېمىشقا دەمسىزا !؟ دوستىڭىزدىن سەۋەبىنى سوراڭ ، ئۆي ئىگىسى سىزنىڭ دېگىنىڭىزنىڭ تەتۈرىچە ، مېنىڭ بۇ قورۇغا خوجايىنلىق قىلىشىمنى خالايدۇ .

— خالىغان بولسا ، سىزنى قورۇق هاراق ئىچىشكە مەجبۇرلىمايتتى . قاراڭە ، چىرايىڭىز بىر ئاي ئوزۇق يېمىگەن ئاچ بۆرىگە ئوخشاپ قاپتۇ . بەختلىك ئادەم مۇشۇنداق بەشرە بىلەن كوچىدا يۈرەتتىمۇ ؟ سىز ئەڭ بىچارە ، ئەڭ پەسكەش ، ئۇياتسىز ئادەمسىز ، بولمىسا ، كۆڭلى يوق بىر ئايال ئۈچۈن يۈرىكىڭىزنى داپ قىلىپ چېلىپ يۈرەتتىڭىزمۇ ؟

— ئادىلە ، قويساڭچۇ ؟ — دېدى گۈزەلئاي دوستىنىڭ ھاقارەتلىك سۆزلىرىگە چىداپ تۇرالماي ، — ئەمدى گەپ تەگەشسەڭلار ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كېتىمەن . ئاكا ، خاپا بولماي ئۆيگە كىرىپ

بىردەم ئارام ئالسىڭىزكەن ، خىزمىتىڭىزدە بولايلى ، سىزنى رازى قىلايلى ، كىچىككىنە تەخىر قىلسىڭىز .

گۈزەلئاينىڭ سەممىي يېلىنىشى ئۇرۇشخۇمارلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى يۇمشاتتى . كومىسسىيونچى گۈزەلئاينىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى ــ دە :

— رەھمەت ، سىزگە رەھمەت ، گۈزەلئاي ، سىز مېنى رەقىپ. كە ئوخشاتماڭ ، سەزگۈلىرىم مېنى ئالدىمىغانلا بولسا ، مەن تېخى نائۈمىد ئەمەسمەن ، بىلىمەن ، ئەلا ھاياتكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئىككىلىنىپ قالدىڭىز . ئەلانىڭ ھاياتلىقى بالىڭىزنىڭ بەختى ، لې. كىن سىزنىڭ بەختىڭىز ئەلا بىلەن مۇناسىۋەتسىز . بەختسىزلىكد. ڭىز شۇنىڭ نامى بىلەن چېتىشلىق ، بۇنىسى راست ، مەيلى خالە. مىسىڭىزمۇ دەيمەن : سىزنىڭ بەختىڭىز مېنىڭ نامىم بىلەن...

— ئەمدى ۋالاقلىماڭ !— دېدى ئادىلە گۈزەلئاينىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايى بىلەن تاراملاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىغا قاراپ قويۇپ كومىسسىيونچىغا دېۋەيلەپ ، — سىزدەك ئادەمنى مېھمان قىلغۇچە...

— ئادىلە ، نېمانداق قىلىسەن ؟

— نېمىشقا ئاغزىغا ئۇرمايسەن ، نېمە تىل قىسىنچىلىقىڭ بار ــ ھە ؟ بالىلىرىمىزنىڭ دادىسىنى نېمىدەپ ھاقارەتلەۋاتىدۇ ، مۇنۇ ئادەم ؟

— ئۆيگە كىرىڭ ، ئاكا ! — دېدى گۈزەلئاي كومىسسىيونچىغا ياشلىق كۆزلىرى بىلەن يېلىنىپ قاراپ ، زورىغا كۈلۈمسىرەپ ، — ئۆيگە كىرسىڭىز ، بولامدۇ ؟

كومىسسىيونچى خۇددى ئوقۇشماسلىقتىن خاپا بولۇپ بىر دىنلا ئىشنىڭ راستىغا يەتكەن ئادەمدەك ، تۇيۇقسىز خۇشال بولۇپ ئۆزد. چىلا قاقاقلاپ كۈلدى :

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، بولمامدىغان گۈزەلئاي ،سىزلا تەلەپ

قىلسىڭىز ، ۋەيلۇن دوزاخقىمۇ كۆلۈپ تۇرۇپ كىرىۋېرىمەن دەڭە . باياتىنقىسى چاقچاق ، ئادىلە ئىككىمىز قوپالراق چاقچاقلىشىدىغان بولۇپ قالدۇق . دوستۇم قېنى ، ھەي ، بۇ ئاداشنىڭ ئىچىۋالسىلا ئۇخلايدىغىنى . بۇنداق دوست زېرىكىشلىك بولىدىكەن . ئادەم دې- گەن ئىچكەندىن كېيىن جانلانسا ، ناخشا ئېيتسا ، مۇڭداشسا ، ھېچ- بولمىغاندا ئۇرۇشسىمۇ مەيلى ـ دە !

ئۇ سەنتۈرۈلۈپ ئۆيگە ماڭدى . ئادىلە ئۇنى كۆزى بىلەن شە- رەت قىلىپ پىچىرلىدى :

— ئۇنى نېمانچە ئايايسەن ، كۆڭلۈڭ بارمۇ يا ، ساراڭ ؟

— قويغىنا ، قانداق كۆڭۈلكەن ئۇ ؟ مېنىڭ بۇ ئادەمگە ئىچىم ئاغرىيدۇ . ئىشىنەمسەن ، ئۇ مېنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ . ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بەختسىز ـ بىچارە ، بارلىق بەختسىزلەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ .

— رەقىپىمۇ بەختسىزغۇ ؟ ئۇنىڭغىمۇ ئىچىڭ ئاغرامدۇ ، ئەمىسە ؟

— ياق ، ئۇنىڭغا غەزەپلىنىمەن ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىلا ئادەم مال . بىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئادەملەرنى سېتىۋېرىدۇ . مۇ- ھەببەتمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن مال . ئۇ تەمە قىلغان بىرەر مەنسەپ ياكى مەنپەئەت ئۈچۈن مۇھەببىتىنىمۇ ساتالايدۇ ، لېكىن مۇنۇ ئادەم ئۇن- داق تەمەخور ئەمەس .

رەقىپنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قويۇپلا ئادىلە جىمىپ كەتتى . ئۇ قـازانغا مـاي قۇيـۇۋېتىپ ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ـ دە ، ئۇز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك :

— بىۋاپا ئادەملەر ئۆزىنىمۇ ، باشقىلارنىمۇ بەختسىز قىلىدى- كەن . مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقىم ، رەقىپنى بىر ئاي ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىم . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمۈر بويى پۇشايمان يەيدىغان ئوخشايمەن ،— دەپ پىچىرلىدى .

قاراڭغۇ چۈشكەندە، بۇ ھويلىدىن ناخشا بىلەن كۈلكە ئاڭلاندى. قارىماققا ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇشال، لېكىن راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەردلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرىمۇ، ناخشىلىرىمۇ يالغان. ئىنسان مانا مۇشۇ قابىلىيىتى بىلەن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر تىرىك نەرسە ئادەملەردەك ئالدامچىلىقتا يېتىلگەن ئەمەس.

باھارنىڭ سالقىن ھاۋالىق بۇنداق ئاخشاملىرى، ئاشىقلار ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك. بۇنداق چاغلاردا، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتلىرى چېچەك سۈيى بىلەن تەنتەنە قىلغان ئېرىق سۇلىرىدەك قىنىدىن تاشىدۇ. بۇنداق چاغلاردا، ئاشىق - مەشۇقلارغا تۈنمۇ قىزغۇچ كۆرۈنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغان بولىدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار بەدىنىدىكى مەخلۇقات تەبىئىتىگە خاس بولغان تەلۋە كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن قورقۇش، قورۇنۇش، نومۇس قىلىشقا ئوخشاش ئەقىل تىزگىنلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، قەپەستىن بوشانغان يىرتقۇچتەك بېشى قايغان تەرەپلەرگە چاپىدۇ!... بەس، مۇلاھىزىدىن بايىقى ھويلىغا قايتايلى: ئادىلەنىڭ يولدىشى قىرىللارغا خاس قىسقا ئۈيقۇسىنى كۈندۈزدىكى مەستلىك بىلەن تۈگەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇ ھازىر باشقىچىلا جانلانغان، شالاڭ، ئۈسكىلەڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، چوققىسىدىكى تاقىر يېرى ئوتتۇز يىللىق ماي قاپىقىدەك قىزارغان، كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرى ئېچىلغان، پوپايىكىسىنىڭ تۈگمىلىرى ئېگىز - پەس ئېتىلگەن ھالدا قولىغا ھاراق تولدۇرۇلغان پىيالىنى ئېلىپ ئاياللارغا ھاراق زورلاپ، تىنىش بەلگىسى يوق، جۈملىلىرى خاتا تەمسىز گەپلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ قورساق كۆپۈكىنى چىقارماقتا.

— سىز ئادىلە، ماڭا نېمىگە تەگكەن، — دېدى ئۇ بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە دەلدۈگۈنۈپ تۇرۇپ، — ئالدىغىلى، تاشلىغىلى، ئەخمەق قىلغىلى، شۇنداقمۇ؟ شۇنداق بولغاندىكىن، بىز

ئىچمىمىز ، قوغلىسىگىزمۇ كەتمەيمىز ، سىز بىزنىڭ خۇشكەتتىمىز. نى ئىچمەيدىكەنسىز ، كاللىمىز كەتسىمۇ چېكىنمەيمىز ، يانمايمىز ، مەن ئۇسسۇل ئوينايمەن ، تېخى مۇقام ئېيتىمەن . نېمە ؟ سىز ھېلىقى مەست بولۇپ توڭلاپ ئۆلگەن يولدىشىڭىزنىڭ يۈز ـ خاتى. رىسىنى قىلمامسىز ؟ ئۇ مېنىڭ باتالىيون كوماندىرىم ئىدى . لې. كىن بىزنىڭ باتالىيوندىن بىرلا مەن قالدىم . شىخودىكى سوقۇشتا قىرىق بىر جەڭچىدىن يەتتىسى ئامان قالغاندا ، يەتتىنىڭ بىرىنچە. سى مەن ئىدىم . بىلەمسىز ، بىز سىزگە يارىمىغان بىلەن سوقۇشقا يارايمىز !

— بەللى ! — دېدى ئۇنىڭ سۆزىدىن بىزار بولغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كومىسسىيونچى ، — سىز ئۇچۇن ھەيكەل قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ ، ئۇنتۇماڭ ، ھەيكىلىڭىز قاتۇرۇلىدى. غان كۈنى توت يانچۇقلۇق ناسۋال رەڭ چاپىنىڭىزنىڭ ئورنىغا مىللىي ئارمىيىنىڭ ھېلىقى پاگونلۇق كىيىمىنى كىيىپ ، پۇتۇن ئۇنۋان ـ مېداللىرىڭىزنى تاقىۋېلىڭ !

— سىز نېمە دېمەكچى ، يولداش كومىسسىيونچى ؟ — دېدى ئادىلەنىڭ يولدىشى بىر ئالدىغا ، بىر كەينىگە دەلدۇگۇنۇپ قويۇپ ، — بىزنى مازاق قىلماقچىمۇ ؟ بىزگە بۇ خىل گەپلەرنى قىلىشىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بارلىقىنى ئۇنتۇماڭ . كە. چىككىنە كەڭچىلىك بولسىلا ، بىز خەق ئۆشكىدەك تامغا چىقىۋالى. مىز . ھەرىكەت تېخى تۈگىمىدى ، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ياشىسۇن ! جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئۆۋىسىغا سۇ كىردى ، يەنە كىرىدۇ ، بىزگە ھەيكەل قاتۇرماقچى ، تېخى رەقىپ جۇرىنىنىڭ نېسىۋىسىگە قول سوزماقچى ، يولداش كومىسسىيونچى ، پرولېتا. رىيات سىزگە يول قويمايدۇ ، سىزگە چەك قويۇلىدۇ . كەلگۈسى. ڭىزنى ئويلاڭ ، چىقىش يولى ئىزدەڭ ، سىز تېخى ئاقلانمىغان پىياز !

— نېمىدەپ بىلجىرلايسىز ، ھەي ، ياغاچ گېنېرال ، ئوقسىز مىلتىق ، شوئار خالتىسى ، دىۋانە خورجۇنى !...

— ۋالاقلىماڭ ! — دېدى ئادىلە كومىسسىيونچىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — قويۇپ بەرسە تېخى يوندى چېلىكى ، توكۇرۇك قاچىسى دېگەندەك ئېپلاس نەرسىلەرگىمۇ ئوخشىتىدىغان ئوخشىمامسىز ؟ نېمە بولسىمۇ ، بۇ بىچارە سىلەردىن ياخشى !

— نېمە ، نېمىسى ياخشىكەن بۇنىڭ ، سىزگە ئەر بولۇشقا يارىغىنى بىلەن ماشا پېتەككىمۇ يارىمايدۇ بۇ !

— نېملا بولمىسۇن ، بۇ ئادەم سىزدەك پۇلنىڭ كۈچى بىلەن ھۆركىرىمەيدۇ !

— راست ئېيتىدۇ ، بىزنىڭ ئادىلە ، — دېدى ئادىلەنىڭ ئېرى كومىسسىيونچىغا دەلدۈگۈنۈپ دېۋەيلەپ ، — بىز سىزدەك بېشى ئېلىنمىغان بۇرژۇي ئەمەس ، بىلىپ قويۇڭ ، بىز پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئادىمى . ياشىسۇن پۇ... پۇ... پرولېتارىيات !

— ئادەممۇ مۇشۇنداق بولامدۇ ، ئادىلە ، قاراڭە ، بۇنىڭ تىلىمۇ ، چىرايلىق گېپىمۇ ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان گېپىمۇ بىرلا شوئار . سىز ئۇنىڭ شوئار خالتىسى ئىككەنلىكىگە ئىقرارغۇ - ھە ، مەيلى ، مەن پۇل خالتىسى بولاي ، بۇ ئىككى خالتىدىن بىرىنى تاللىۋېلىڭ دېسە ، ھەرقانداق ئايال جەزمەنكى پۇل خالتىسىغا قول سۇنىدۇ .

— ئېتىۋېتىمەن ! — دەپ چىرقىرىدى ئادىلەنىڭ يولدىشى ئەسەبىيلىك بىلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تاپانچىسىنى غىلىپىدىن ئېلىپ ، — سېنى ئېتىۋېتىمەن ، مۇكاپاتلىنىمەنكى ، جازالانمايمەن !...

باياتىن سۇپىدىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان گۈزەلئاي بىردىنلا چىرقىراپ ئادىلەگە ياماشتى . ئادىلە ئېرىنىڭ تاپانچا تۇتقان قولىغا ئېسىلىپ ھودۇقۇپ ۋارقىرىدى :

— سېلىنىڭ قورالىنى ، قانداق دېگەن تەنتەكلىك بۇ ، چىقىڭلار
ھويلىدىن ، يوقىلىڭلار ! يېدى ، ئىچتى ، مەست بولۇشتى ، يەنە
نېمىدېگەن ئۆكتەملىك بۇ . قورالىڭىزنى سېلىڭ ، بولمىسا مەن
ھېلى ئادەم چاقىرىمەن . تۆل خوتۇنلارنى ئىگىسىز دېمەڭلار ، بىز-
گىمۇ ئىگە چىقىدۇ !

ئادىلەنىڭ غەزىپى ، گۈزەللىكىنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چى-
رايى ، تاپانچا تۇتقان قولنى تىترەتتى . تاپانچا تۇتقۇچىنىڭ يىرت-
قۇچىنىڭكىدەك چەكچەيگەن كۆزلىرىدە خىجىللىق ، ئەپسۇسلىنىش
پەيدا بولدى - دە ، ئۇ تاپانچىسىنى غىلىپىغا سېلىپ توڭلاپ قالغان-
دەك قېتىپ تۇرغان كومىسسىيونچىغا يېلىنغاندەك قارىدى :

— يۈرۈڭ ئاداش ، گەپ بولسا سىرتتا قىلىشايلى .

— تاپانچىنىچۇ ؟ — كومىسسىيونچى قورقۇپ سورىدى .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، — ئادىلەنىڭ ئېرى يەرگە قارىدى .

بىردەمدىن كېيىن ھويلا جىمىپ قالدى . ئادىلە سۇپىدىكى
كونا گىلەم ئۈستىدە پۇتلىرىنى سۇنۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ تامغا يۆلەن-
دى - دە ، تۇۋرۇككە ئېسىقلىق تۇرغان دۇتارنى ئېلىپ دەرد -
ئەلەملىرىنى ناخشىسى بىلەن بايان قىلىشقا باشلىدى :

يار بىلەن ئىچسەم شاراب ،
ئىچسەم پىيالە تولمىدى ،
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ ،
ئەتىۋارى بولمىدى...

تۈن قوينىدا ئۇيقۇغا كەتكەن شەھەرنىڭ قويۇق تېرەكلىرى
باھار شامىلىدا شىلدىرلاشماقتا ، چېچەك ۋە گۈللەر بىلەن تولغان
باغلاردىن بۇلبۇل نەغمىسى ئاڭلانماقتا ، غۇلجا شەھىرى ئانا قوچى-
قىدا چۈش كۆرمەكتە . ئۇنىڭ چۈشى ھەم كۆڭۈللۈك ، ھەم غەم-

لىك . بۇ شەھەرنىڭ پۇقرالىرى چۈشىدىمۇ كەلگۈسى بىلەن خۇشال ، بۇ ئەلۋەتتە كۆڭۈللۈك تەرىپى . يەنە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چۈشلىرىدە ھازىرقى غەم - قايغۇلىرىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزالمايدۇ . مانا بۇ غەملىك تەرىپى .

ئاياللارنىڭ ناخشىسى ئۇيقۇدىكى شەھەرنىڭ چۈشىدىكى كۆڭۈللۈك ھەم غەملىك تەرەپلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن . ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىدا ھاياتقا مەدھىيە بىلەن نارازىلىق ، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىلىشىپ كەتكەن . ئۇلار ھازىرقى توققۇزى تەل بولغان كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېسابلاشسا بولاتتى ، لېكىن ئۇلار روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان زېرىكىش ، ئىچ پۇشۇقى ۋە كەمتۈكلۈكى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا نېمە مەقسەت بىلەن ياشاۋاتقىنىنى تازا چۈشەنمەيدۇ . كەلگۈسىدە ئارتىسلىق قىلىپ تارىختا بىر «ئىز» قالدۇرماقچىمۇ ، ياكى ئۇلارنىڭ ئالىي مەقسىتى ، كۈنگە ئۈچ ۋاخ تاماق يەپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل كىيىملىرى بىلەن چىرايلىرىنى كوزا - كوزاڭ قىلغاچ ، ئالدىلىرىدىكى بالىلارنى ئوبدان تەربىيىلەپ ، قەلبىدىكى «ئۇششۇك تەگكەن» ئۈمىد - ئارزۇلىرىنىڭ چېچەك - مېۋىلىرىنى بالىلىرىنىڭ ئەقلى بىلەن كۆرۈشمەكچىمۇ ؟ بۇ ھەقتە ئۇلار تېخى چوڭقۇر ئويلاپ بىر قارارغا كەلگەن ئەمەس . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى مۇڭلۇق ، كۆزلىرى ياش .

— توۋا ، — دېدى ئادىلە مۇڭلۇق ناخشىدىن كېيىن قاتتىق «ئۇھ» تارتىپ ، — بىر جۈپ چىرايلىق كىيىنىپ ، قولتۇقلىشىپ كوچىلاردا ماڭساق ، ھەممە ئادەم بىزگە زوقلىنىپ قارايدۇ . شۇ چاغدىلا ئۆزىمىزنى تەڭداشسىز گۈزەل ، بەختلىك ھېس قىلىمىز . بىز كۆڭلىمىزنى كۆتۈرۈش ئۈچۈنلا ئۆزىمىزنى بازارغا سالىمىز . ئېيتقىنا ، گۈزەل ، بىز كىيىم ۋە چىرايىمىز بىلەن كىشىلەرنى

جەلپ قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان پەسكەش ئاياللار بىز . بىز ئۆزى-
مىز شۇنچە پەسكەش تۇرۇپ ، نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزگە ئاشىق بول-
غان ئاۋۇ گۇناھسىز بىچارىلەرنى ئەيىبلەيمىز ، ئۇلاردىن
يىرگىنىمىز ؟

— سېنىڭچە قانداق قىلساڭ بولاتتى ؟ — گۈزەلئاي ئۇيقۇسى-
رىغان كۆزلىرى بىلەن دوستىغا ھەيران بولۇپ قارىدى ، —
ئۇلارنى خۇشال قىلىش ، رازى قىلىش ، بىزنىڭ قولىمىزدىن كې-
لەتتىمۇ ؟

— نېمىشقا كەلمەيدىكەن ؟ بىز بەربىر ئۆلگەن ئادەملەرغۇ ؟
ماۋۇ يىرگىنچلىك بەدىنىمىز ئۇلارنى رازى قىلالايدۇ . سەن كو-
مىسسىيونچىنى قانچىلىك كۆيدۈردۈڭ ، قانچىلىك قىينىدىڭ ، بى-
لەمسەن ؟ نېمىشقا ئۇنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ خۇش قىلاي دېمەي-
سەن ؟ سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسام ، ئۇنى خۇش قىلاتتىم ، رازى
قىلاتتىم ، ئۆزۈڭ ئازاب تارتقاننى ئاز دەپ باشقىلارنىمۇ ئازابلامسى-
نا ؟ بىز ئازابلىنىش ، ئازابلاش ئۈچۈنلا دۇنياغا تۆرەلگەنمۇ ؟ ئازاب-
تىن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرالمايمىز ، لېكىن باشقىلارنى قۇتۇلدۇرا-
لايمىزغۇ ؟ سەن يەنە غايە ، ئارزۇ دېگەندەك گەپلەرنى تىلغا ئالىسەن
تېخى ، بەزىدە مەنمۇ كەلگۈسىدە ئارتىسلىق قىلىپ خەلقىمىزگە
خىزمەت قىلالايمەن دەپ ئۈمىدلىنىمەن ، لېكىن بۇ ئۈمىدلىرىمىز
ئاللىقاچان ئۆلگەن . بىزنىڭ ئۈمىدلىرىمىز كۆيگەن توپىغا كۆمۈل-
گەن ئۇرۇققا ئوخشايدۇ ، ئۇ ھەرگىز بىخ ئۇرمايدۇ . مەن ئاللىقا-
چان ئۆلۈۋالغان بولاتتىم ، سېنى دەپلا ئۆلمەي تۇرۇۋاتىمەن . مەن
ئۆلسەم ، ساڭا كىم ھەمراھ بولىدۇ ، كىم ساڭا كۈلۈپ ناخشا
ئېيتىپ بېرىدۇ . بىلەمسەن ، گۈزەل ، مەن سېنىڭ بەختىڭنى كۆ-
رۈشنى تولىمۇ خالايمەن . نېمىشقا دېسەڭ ، سېنىڭ قەلبىڭدە مۇ-
ھەببەت بار . سەن ئەلانى ياخشى كۆرىسەن ، ھامان بىر كۈنى
بەختلىك بولىسەن . لېكىن سەن كومىسسىيونچىنى رازى قىلىشىڭ

كېرەك ئىدى، ئۇنى رازى قىلىش سېنىڭ ساپ مۇھەببىتىڭگە دەخلى قىلمايتتى. نېمىشقا دەمسىنا؟ سەۋەبى، سەن ئەلانى قەلبىڭ، روھىڭ بىلەن ياخشى كۆرسەن، سېنى يات بىرى قۇچاقلاپ قويغانغا روھىڭ بۇلغىنىپ كېتەتتىمۇ؟

— قويغىنا، ساراڭ، — دېدى گۈزەلئاي يۈزىنى ئالىقىنى بىلەن توراپ، — مەن ساڭا قاچان ئەلانى ياخشى كۆرىمەن دېدىم؟

— دېمىسەڭمۇ بىلىمەن. ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قانداق بولۇپ كەتتىڭ؟ ئۇنىڭدىن ئۈمىدىڭ ئۈزۈلگەندىچۇ، كومىسسىيونچىغا رازىلىق بەرمەكچى بولدۇڭ. لېكىن، ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇۋىدى، كومىسسىيونچى ساڭا تولىمۇ سەت، قورقۇنچلۇق كۆرۈنگىلى تۇردى. راستمۇ؟

— ساراڭ!...

ئۇلار بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان شۇ مىنۇتتىن تەخمىنەن ئىككى سائەت ئىلگىرى، چىرايى تولىمۇ جۇدەڭگۈ، كىيىملىرى ناچار بىر يىگىت مۇشۇ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى. بۇ يىگىت ھېلىقى تاياق يېگەن ۋاقىتتىن كېيىن ئىككى ئاي ئۆيدە يېتىپ داۋالىنىپ ئۆرە بولغان ئەلا. ئۇ زۇلخۇمارنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بويىچە بۇ ئۆينى تەستە ئىزدەپ تاپقان. ئۇ سۇ بويىدىكى يان كوچىدا تۇرغان پىكاپنى كۆردى-دە، غەزەپتىن غالىلداپ تىترىدى. چۈنكى بۇ پىكاپتا رەقىبىنىڭ گىدىيىپ ئولتۇرغىنىنى ئۇ نەچچە قېتىم كۆرگەن. ئۇ ئىشىككە كېلىپ ھويلىغا قۇلاق سالدى. ھويلىدىن ئەر-ئاياللارنىڭ كۈلكىسى ئاڭلاندى.

— كىمنى مارايسىز، ھۆيت ئادەم! — بىر ئايال ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى. بۇ ئەلۋەتتە ھېلىقى قوشنا ئايال، — سىزمۇ بۇ سەتەڭلەرنىڭ خېرىدارىمۇ؟

— نېمە دېمەكچىسىز؟ — ئەلا كەينىگە داجىدى، — بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— نېمە چىچاڭشىيسىز ؟ بۇ ئىككى سەتەڭنىڭ خېرىدارى كۆپ بولغاندىكىن ، بىرلىرى پىكاپتا ، بىرلىرى ۋېلسىپىتتا ، بىرلىرى سىز دەك پىيادە... ھى... ھى... ھەر كۈنى كېچىچە ئۆيۈن ، كۈندۈ- زى ئۆيىقۇ ، ئاۋارە بولماڭ ، بۇگۈن سىزگە ئۇلارنىڭ چولىسى يوق ، ھى... ھى...

ئەلا سەسكىنىپ كەينىگە ياندى : «گۈزەلئاي شۇنداق قىلارمۇ ؟ ھازىر نېمىلەر بۇزۇلمىدى ـ ھە ؟ ھەممە نەرسە بۇزۇلدى . ئەڭ يامان بۇزۇلغىنى ئادەملەر . گۈزەلئاي ھىمايىچىسىز ، ئىگىسىز... جەمئىيەتنى بۇزغان بۇ تەلۋە كۈچ ئۇنى بۇزالمايتتىمۇ ؟ » ئۇ شۇنداق ئويلىدى ـ دە ، ئۈمىدسىزلىك ، ئازاب ۋە غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قاراڭغۇ كوچىغا ئەگىمدى . ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆرتەندى ، كۆزلىرىنى مانان قاپلىدى...

ئەتىسى گۈزەلئاي بىلەن ئادىلە باللىرىنى مەكتەپكە يولغا سېلىپ بولۇپ ، ئوخشاش ياساندى ، بېغىر رەڭ كاستۇم ـ يوپكا ، ياقىسى كاستۇم سىرتىغا چىقىرىلغان ، ئەت رەڭ كوپتا ، ئۇزۇن ئېپەك پايپاق بىلەن ئەت رەڭ توپلەي كىيىشكەن بۇ ئىككى چوكان ، پۈتۈن شەھەر بويىچە بىردىنبىر ياسانچۇقلار . ھەممىلا ئادەم مايسا رەڭ ، كۈل رەڭ ، كۆك خادانى ياكى دىكادىن بىر خىل كىيىم كىيىشكە ئادەتلەنگەن بۇ دەۋردە ، كاستۇم ـ يوپكا كىيىش ئەلۋەتتە دەۋرگە ھومايغانلىق ھېسابلىنىدۇ . لېكىن ، بۇ بىر جۈپ چوكان قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىش ئۈچۈن ، نېمىگە رۇخسەت قىلىنمى- سا ، شۇنى قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ .مەسىلەن ، مۇھەببەت قوشاق- لىرىنى ئېيتىش مەنئى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلار «خەلق قوشاق- لىرى» دېگەن توپلامنى تېپىۋېلىپ ، ئۇنىڭدىكى قوشاقلارنى ياد- لاپ ، مۇڭلۇق ، يېقىملىق ئاھاڭلارغا سېلىپ دۇتار بىلەن ئۆيدە مەشق قىلىشىدۇ ـ دە ، قىز ـ چوكانلار سورۇنلىرىدا ھۇزۇرلە- نىپ ئېيتىشىدۇ . ھەتتا ئۇلار مۇشۇ سەۋەبتىن غېرىب ـ

سەنەم ، پەرهات ـ شىرىن ، يۇسۇپ ـ ئەھمەد داستانلىرىنىڭ قوشاقلىرىنى تىرىشىپ يادلاشتى . ھازىر بۇ ناخشىلارنى كۆز يېشى ۋە مۇڭ ـ زارى بىلەن ئېيتىپ ، ئاڭلىغۇچىلارنى يىغلىتالايدۇ . يەنچۇ ؟ گۇل ئۆستۇرۇش ، ئۇپا ـ ئەڭلىك ، ھالقا ـ ئۈزۈك ئىشلىتىش چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇلار بۇ نەرسىلەرگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن . ئۇلارنىڭ ئۆچىسىدىكى ئېسىل كىيىم- لىرى بىلەن قوللىرىدىكى ھالقا ـ ئۈزۈكلىرىمۇ كىشىلەرنىڭ دىق- قىتىگە شۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە چۈشمەكتە . ئۇنى ئاز دەپ ، ئۇلار كوچىلاردىن ئۆتكەندە ، ئادەملەر خۇشبۇي ئەتىرلەر ۋە يۇزمايلاردىن ھۇزۇرلىنىپ ھاۋانى ئىچىگە تارتىشىدۇ... ئۇلارنىڭ مۇنداق قى- لىشلىرىنى ئەلۋەتتە ئۆزلىرىلا چۈشىنىدۇ ، ئۆز قىلمىشلىرىدىن شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ھۇزۇرلىنالايدۇ . نەسىھەت قىلغۇچى- لارغا ، گۇزەلئاي :

— كۆڭۈل كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلىمىز ، كۆڭۈل كۆتۈرۈش چەكلەنمىگەندىكىن ، — دەپ جاۋاب بەرسە ، ئادىلە :

— يامىنىغا كەلسە سازايە قىلارسىلەر ! — دەپ قوپال جاۋاب بېرىدۇ . ئۇلار جامائەت ئاكتىپلىرى توپلانغان جايلاردىن ئۆتكەندە :

— بۇرنىنىڭ نوخلىسى ئېلىنمىغانلار !

— بۇرنىغا سۇ كىرمىگەنلەر !

— ھەقىقىي بۇرژۇئازىيە سەتەڭلىرى ! — دېگەندەك غەزەپلىك سۆزلەرنى ئاڭلاشسا ، مەكتەپلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ، باللارنىڭ «ھوھوي !» ، «ھو ئانى !» ياكى «جىن ـ شەيتان» ، «ئالۋاستى» دېگەندەك قىقاس شوئارلىرىنى ئاڭلايدۇ . ئۇلار ناخشا ۋە كىيىنىش- لىرى ئۈچۈن ، بىر يەردە تاپا ـ تەنە ، بىر يەردە ھەيۋە ـ پوپوزا ، يەنە بىر يەردە مەسخىرە ـ كۈلكە ئاڭلىشىدۇ ، لېكىن ئۇلار بۇلارغا كۆنۈك . ئۇلار ئۈچۈن باشقىلارنىڭ باھالىرى ئەھمىيەتسىز . ئۇلار ھېچنېمىنى ھار ئالمايدۇ ، ھېچكىمدىن رەنجىمەيدۇ . ئەكسىچە ،

ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك بىلەن خۇشال.

— نېمىگە خاپا بولاتتىڭ؟ — دەيدۇ ئادىلە بەزىدە ئاچچىق گەپلەردىن ئۆيىگە كېلىپ يىغلىغان گۈزەلئاينىڭ بېشىنى سىلاپ، — كۈلۈشكە توغرا كەلسە، ئاشۇ كەچ كىرگۈچە يالغان شوئار توۋلايدىغانلاردىن كۈلسە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يول مېڭىشلىرىمۇ دورامچىلىق، ئۇلار سۆزلىيەلەيدىغان، ھېسسىياتسىز ھەيكەل! — بۇ خىل گەپلەر گۈزەلئايغا ياقىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى، ھاۋا ئوچۇق، باغلار قاراڭغۇلاشقان، سالقىن شاماللىق ئەتىگەنلىكى، ئىككى چوكان كوچىغا چىقتى. ئۇلارنى بىرىنچى بولۇپ كوچىغا سۇ چېچىۋاتقان قوشنىلىرى زەھەرلىك تەنىلەر بىلەن كۈتۈۋالدى:

— نېمە، ھەي، بۇ بىخسىغانلار؟ — دېدى بىرى ئىككى چوكاننى شەرەت قىلىپ. يەنە بىرى بېلىگە تايىنىپ تۇرۇپ:

— نېمە بولاتتى، ئۇرۇس توخۇلىرى بولمامدۇ، — دېدى.

ئادىلە ئۇلارنىڭ مەسخىرىسىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈۋىدى، ئۆي-ئۆيدىن باشلار ماراشتى.

ئۇلار ئادەملەردە ھەر خىل تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ، «مۇتەللىپ باغچىسى»نى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، نوۋگورود نىڭ چوڭ كوچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قولتۇقلاشقان ھالدا پەيدا بولدى. ئۇلار بۇنىڭدىن ئون-يىگىرمە يىل بۇرۇن مۇشۇنداق كوچىغا چىققان بولسا، ھېچكىمنى ھەيران قالدۇرمىغان بولار ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا رۇس، تاتار، ئۇيغۇر ئاياللىرى توپ-توپى بىلەن مۇشۇنداق ياسىنىپ، قولتۇقلىشىپ ئۆتۈشەتتى-دە.

شىمىشكا-پۇرچاق ساتىدىغان دۇكان ئالدىدىن بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقاپ، قېرىغىنىغا قارىماي شىم-چاپان كىيىۋالغان ماش رەڭ شەپكىلىك بىر ئايال ئىككى چوكاننىڭ ئالدىنى تورىدى:

— تۆت كونىنى تىرىلدۇرۇپسىلەرغۇ، چوكانلىرىم؟ ئۇنى ئاز

دەپ ، چاچلىرىڭلارنى بۇدۇر قىپسىلەر ، سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلار
ياشلارغا يۇقىدۇ . لاغايلىماي ، ئۆيۈڭلارغا كېتىڭلار !
— بىزدىن يۇقسا مەدەنىيەت يۇقىدۇ ، سىزدىن دورامچىلىق يۇقىدۇ . ئۆيىڭىزگە تېزرەك كىرسىڭىز بولارمىكىن ، — دېدى ئادىلە دەرھاللا . لېكىن ھېلىقى ئايال مۇنداق ئەرزان جېدەلنى تاپقىنىغا خۇشال بولدى - دە ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ «ئۇزۇندى» ئوقۇپ ، ئىككى چوكاننى ئەيىبلىگىلى تۇردى .
— جىن - شەيتانلارنىڭ ، زەھەرلىك چۆپلەرنىڭ ئەركىن يامراپ كېتىشىگە قەتئىي يول قويمايمىز !
بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ يىل بۇرۇنقى چاغلار بولغىنىدا ، كوچىدا موماينى قوللىغۇچىلار بىلەن چوكانلارنى ئەيىبلىگۈچىلەر كۆپەيگەن بولار ئىدى ، لېكىن ھازىر 1972 - يىلىنىڭ باھارى . ھازىر كىشىلەر قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغۇچىلارنى ئۇنچىلىك ھۆرمەتلىمەيدىغان بولۇپ قېلىشقان ، گەرچە ھازىرمۇ «ئۇزۇندى» يادلىغۇچىلار ئەتىۋارلىق بولسىمۇ ، مومايغا ئوخشاش بىكاردىن - بىكارغىلا يوق يەردىن ئىش تاپىدىغانلاردىن خەلق بىزار بولۇشقان :
— نېمىنى خالىسا شۇنى كىيمەمدۇ ؟
— سىزنىڭ چېچىڭىزنى بۇدۇر قىلمىغاندىكىن !
— ناشتىلىق تاپاي دەپتۇ - دە ، بىچارە !
بۇ سۆزلەرنى مومايمۇ ، ئادىلەلەرمۇ ئاڭلاشتى . ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىقىۋاتقان بۇ سۆزلەر مومايغا زەربە ، ئادىلەگە مەدەت بولدى - دە ، موماي تەمتىرىدى ، ئادىلە كۆرەڭلىدى :
— ھا... ھا... ھا... ! — قاقاقلاپ كۈلدى ئۇ ئارتىسلارغا خاس نازاكەت بىلەن ، — قىزىل بەلگە تاقىسىلا ئىنقىلابچى بولۇۋەرمەيدۇ ، ھەدە . لىن بياۋمۇ قولىدىن قىزىل كىتاب ، ئاغزىدىن شوئارنى چۈشۈرمەيتتى . ئاخىر قانداق بولدى ؟ ئۆندۈرخاندا قۇزغۇنغا يەم بولۇشقىمۇ يارىماي ، كۆلگە ئايلاندى !

— ھە، تېخى سەن ئازازۇللار مېنى لىن بياۋغا ئوخشاتماقچى-
مۇ؟ مەن ئاھالە كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، جانلىق ئۆگىنىپ، جان-
لىق ئىشلىتىش ئۈلگىرى تۇرسام، تېخى مەندەك قىزىل ئىنقىلابچى-
غا ھاقارەت قىلىشماقچىمۇ؟ مەن سىلەرنى قىزىل ھاكىمىيەتكە
ئاپارماي قويمايمەن!

موماي ئادىلەنىڭ چىرايلىق كاستۇمىنى پېشىدىن پۇكلەپ تۇت-
تى. ئۇنىڭ ئادەمگە ئېسىلىش ئۈچۈنلا يارالغان قاتمال قوللىرى
چىرايلىق چاپاننىڭ پېتىنى بۇزۇپ، ئىسكەتىنى يوقاتتى. ئادىلە
مومايىنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، مەيدىسىدىن ئىتتەردى.

قىزىقچىلىققا ئامراق غۇلجا باللىرى مومايغا يەل بېرىپ تۇش-
مۇتۇشتىن چۇقان كۆتۈرۈشتى:

— ئاپىرىش كېرەك، بۇ ياسانچۇقلارنى!

— سازايى قىلىش كېرەك!

— ئېگىز پاشىنىلىق تۇپلىيى بىلەن يۈگۈرتۈش لازىم!

— يالاڭغىداق يۈگۈرسۇن!

— بۇدۇر چاچلىرىنى قىرقىپ، بېشىغا قەغەزدىن نوگاي قال-
پاق كىيگۈزۈپ…!

— ماۋۇ چاپانلىرىغا چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ…!

— بولدى قىلايلى چاقچاقنى، ئەنە جيۇچادۇي!

— ئەمدى سەتەڭلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!

ئۈچ نەپەر قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان، ئىشچى كىيىمى
كىيگەن قىران يىگىت تاپانچىلىرىنى ساڭگىلىتىپ چىقىپ كېلىش-
تى. ئۇلار سۈرلۈك، قەتئىي ئىدى.

— نېمە ئىش؟ — ئۇلار ئىچىدىكى قاپىقى يامان يىگىت
سورىدى. باشقىلار ئۆزىنى تۈزەپ بولغۇچە، موماي دەيدىغىنىنى
دەپ بولدى.

— مومايىنىڭ دېگىنى راستمۇ؟ — ھېلىقى كىچىك باشلىق

چوكانلارغا قارىدى .
— راست ! — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى ئادىله . گۈزەلئاي قىزىرىپ - تاتىرىپ ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەي تۇراتتى .
— ئۇنداق بولسا ، قوماندانلىق شتابىغا مېڭىڭلار ! — بۇيرۇق قىلدى ھېلىقى يىگىت چوكانلارنىڭ بۇ شەھەردە ئۇچرىمايدىغان ئۇستۈبېشىغا دىققەت بىلەن قاراپ چىقىپ ، — ئۆزۈڭلارمۇ خالىس ئەمگەك ئىزدەپ چىققاندەكلا تۇرۇسلەر زادى .
— نېمە گۇناھ قىلغانىغا ؟ — ئادىله ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ سورىدى .
— موماينىڭ ئېيتقانلىرى راست دېدىڭىزغۇ ، ئۆزىڭىز ھازىر ؟
— ئۇنىڭ دېگىنى راست بولسىلا بىز گۇناھكار بولاتتۇقمۇ ؟
— سىزچە ، موماي گۇناھكارمۇ ئەمىسە ؟
— شۇنداق - دە ، — دېدى ئادىله كۈلۈپ قويۇپ ، — تىپتىنچ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە ھاۋشىغان ئىت گۇناھكار بولماي ، ئادەملەر گۇناھكار بولاتتىمۇ ؟ بىز ئۇنىڭغا تاش ئاتمىساق ؟
— ئادىله ! — دېدى گۈزەلئاي قورقۇپ تىترەپ ، — ياخشىراق گەپ قىلساڭچۇ ؟
— ئازازۇل ئالۋاستى ! — دەپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياماشتى جيۇچادۇينى كۆرۈپ مەدەتلەنگەن موماي ، — تېخى مېنى ئىت دەيسىنا ، كاپشىغان ئاغزىڭغا مانا !

موماي ئادىلەنىڭ ئاغزىغا بىر شاپىلاق ئۇردى . لېكىن ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئادىله ئۇنى مەيدىسىدىن بىر ئىتتىرىۋىدى ، موماي سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى . تاماشىغا ئامراق شەھەر بالىلىرى «ھو ئانى !» ، «ھو !» دەپ قىقاس كۆتۈرۈشتى ، نوۋىگورودنىڭ ئېگىز تېرەكلىك كوچىسىدا بىر توپ تاماشىچى پەيدا بولدى . ئۇلار

جيۇچادۇي خادىملىرىنى قورشىۋېلىپ ، تۇشمۇتۇشتىن مازاق قىلىشماقتا ئىدى :

— پاقا ئالالماس سالارنى كۆرۈڭ ، ۋەي !

— تاپانچىمۇ ، ناسۋال قاپىقىمۇ ، ۋەي !

— بوش كەلمەڭ ، خانىم !

جيۇچادۇي ئەزالىرى ئادىلەلەرنى قوپاللىق بىلەن ئىتتىرمەكتە ، ئادىلەمۇ ئۇلارنى قول ۋە تىل بىلەن يېقىن كەلتۈرمەي قارشىلاشماقتا . گۈزەلئاي بولسا ، بىر توپ ئادەمنىڭ ئىچىدە خۇددى قاپقانغا چۈشكەن توشقاندەك ئالاقزادە بولۇپ تىپىرلىماقتا ئىدى . شۇ چاغدا ، خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا ، كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەلگىسىز ھەربىي كىيىم بىلەن سىمىز بىر ئادەم پەيدا بولدى . ئۇ ھېلىقى جيۇچادۇي خادىملىرىغا قوللىرىنى شىلتىپ قوپاللىق بىلەن بۇيرۇق بەردى :

— ماۋۇ ئىككى ئايالنى ماشىنىغا سېلىڭلار ، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ ، موماي ، سىز چىقماڭ ، بولدى ، ئۆزىمىز ھەل قىلىمىز ، بولدى ، بولدى ! — ئۇ شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ، قارا كۆزەينەك تاقىۋالغانىدى . ئۇنى پەقەتلا قۇراللىقلارلا تونۇدى .

ئادىلە مەجبۇرەن ، گۈزەلئاي بولسا قورققىنىدىن «بېيجىڭ» بەلگىلىك ماشىنىغا چىقتى - دە ، ماشىنىنىڭ ئىشىكلىرى ھەم يېپىلدى .

مانا شۇنىڭ بىلەن كوچا ماجىراسى ئاخىرلاشتى ، لېكىن ئاياللارنىڭ ۋەھىمىسى كۈچەيدى :

— نەگە ئاپىرىسىلەر؟ توختىتىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى ئادىلە جيۇچادۇي خادىملىرىغا غەزەپ بىلەن .

— رە فۇزۇجاڭ ! — دېدى ئۇلاردىن بىرى ئالدىدا شوپۇر بىلەن قاتارلىشىپ كەينىگىمۇ قارىماي ئولتۇرغان ، گەدەنلىرى تەرلىگەن سىمىز ئادەمگە مۇراجىئەت قىلىپ ، — نەگە ئاپىرىمىز ،

بۇ ئازازۇللارنى ؟

— ئادەم تىللىما، تۇرسۇن! — دېدى ھېلىقى سېمىز ئادەم كەينىگە قارىماي تۇرۇپ، — بىزنىڭ مەقسىتىمىز، بۇ ئاياللارنى قوغداش، ماشىنىنى توختات!

«مۇتەللىپ باغچىسى» نىڭ ئالدىدا پىكاپ توختىدى. ھېلىقى باشلىق يەرگە چۈشۈپ، شەپكىسى بىلەن قارا كۆزەينىكىنى ئالدى. ئاياللار شۇ چاغدا بۇ «شەپقەتچى»نى تونۇدى. ئۇ رەقىپ ئىدى.

— ئۆيۈڭلەرگە ئاپىرىپ قويايلىمۇ يا؟ — دېدى ئۇ ئېغىر قاپاقلىرى ئاستىدىكى قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ئاياللارغا تىكىلىپ.

— سىزمىدىڭىز؟ — دېدى ئادىلە ماشىنىدىن يەرگە چۈشۈۋېتىپ، رەقىپكە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ، — بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولساق، سىزنىڭ ماشىنىڭىزغا چۈشكۈچە، مۇنۇلارنىڭ تۇرمىسىگىلا كىرگەن بولاتتۇق!

رەقىپ ئاۋۋال ئادىلەگە، كېيىن گۈزەلئايغا قارىدى. ئۇ غىل - پال ئۆڭدى - دە، خۇددى ئارىدا ھېچ گەپ ئۆتۈلمىگەندەك ئاياللارغا قاراپ ھىجايدى:

— نېمانچە ئالىيىسىلەر، سىڭىللىرىم، — دېدى ئۇ ھاياسىزلىق بىلەن گۈزەلئاينىڭ كۆتۈرۈلگەن كۆكسىدىن كۆزىنى ئالماي، — مەن كەلمىگەن بولسام بۇ بۇدۇشقاقلاردىن ئوڭايلىقچە قۇتۇلالمايتتىڭلار. رەھمەت، دېمىسەڭلارمۇ مەيلى، ئالايمىساڭلار، قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز، گۈزەلئاي؟ ئاڭلىغانسىز، ئەلانى ساقلاپ قالدىم، ئىزدەپ تاپتىم. ئۇ ھازىر مۇشۇ شەھەردە، خالىسىڭىز ئۇچراشتۇرىمەن. مەن سىلەرگە مەڭگۈلۈك سادىق دوست، ھە راست ئادىلە، سىزنىڭ يولدىشىڭىز بىلەنمۇ قەدىناس بولۇپ قالدۇق. دوستلىرىمنىڭ يېقىنلىرى تۇرۇپ نېمانچىلا ئۆزۈڭلەرنى قاچۇرىسىلەر، خالىساڭلار، يۈرۈڭلار، بىزنىڭكىگە بېرىپ مېھمان

بولۇڭلار ، ئايالىم بولمىغان بىلەن كېلىن ـ كېتەك ، موماي‍لار بار .

گۈزەلئاي يەرگە قاراپ لام ـ جىم دېمەي جىم تۇردى . ئادىلە خۇددى ھازىرلا يېرىلدىغاندەك غەزەپتىن قىزىرىپ ـ چىڭقىلىپ ، رەقىپكە يالت ـ يۇلت قاراپ قويۇپ ، چىشلىرىنى كىرىشتۇرمەكتە ئىدى :

— نېمىدەپ چۇكۇلداۋېرىدىغاندۇ ! — دېدى ئۇ گۈزەلئاينىڭ قولىدىن تارتىپ ، — يۈر ، گۈزەل ، بۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشمۇ جىنايەت . بۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغۇچە ، ئىتنىڭ ھۇۋلىغىنىنى ئاڭلىغان ياخشى ، يېقىنلىرىمىزغا دوستىمىش تېخى ، سىلەردەك ئادەملەرگە كىم دوست بولسا شۇ ئادەم بىزگە دۈشمەن . بىلىپ قويۇڭ ، سىز كىرگەن كوچىغا ئاياغ باسساق ، بىز ئادەم ئەمەس ، سىزمۇ بىزنى رازى قىلمەن دېسىڭىز ، شۇنداق قىلىڭ !

ئۇ گۈزەلئاينى ئاۋۋال يېتىلەپ ، كېيىن قولتۇقلاپ ، خۇددى كىيىم مودىسى كۆرسىتىۋاتقاندەك پاسونلۇق مېڭىپ ، يان كوچىغا قاراپ ماڭدى . ئۇلار بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ پىچىرلاشتى ۋە قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈشتى . ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە بۇرۇلۇپمۇ قويماستىن نېرىغا بېرىپ ، قىبلىگە كەتكەن يان كوچىغا ئايلاندى . يېقىن يەردىكى سىلىپسار دۇكىنىدىن بىرىنىڭ ناخشىسى ئاڭلاندى :

ئەل ئارا باردۇر ماقال ،
تاغ ئارا ياتماس كېيىك .
دوستلىرىم مەندىن زېرىكتى ،
دۈشمىنىم سەنمۇ زېرىك...

«ياق ، بۇ ناخشا ئەمەس ، بىر ناكەسنىڭ ماڭا قاراتقان تىل ئاھانىتى !» دېدى رەقىپ گۈزەلئايلار ئەگىگەن تار كوچىغا چۈشكۈن ھالدا تەلمۈرۈپ...

## 5

ئۇ ھەرقانداق قىلىپمۇ ۋەھىمىدىن پەيدا بولغان روھىي چۈش-كۈنلۈكنى يوشۇرالمىدى . ئۇ سۆزلەيتتى ، لېكىن سۆزى باشقىلار توگول ، ئۆزىگىمۇ مىسكىن ، تىترەڭگۈ ئاڭلىناتتى . ئۇ كۈلەتتى ، لېكىن بۇ كۈلكىسى زورمۇزور بولغانلىقى ئۈچۈن ، كۆپ ھاللاردا يىغىغا ئوخشاپ قالاتتى... ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كېمەيگەن ، ئىشتىھاسى تۇتۇلغان ، ئۇ كۈندۈزلىرى كىچىك ماشىنىدا كېتىۋېتىپ ، پات - پاتلا كەينىگە قارايتتى . ئۇنىڭغا خۇددى بىرى ماشىنىنىڭ كەينىگە ئېسىلىپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى . ئۇ ھەممىلا ئادەمگە ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكىلەرگىمۇ گۇمان ، شەك بىلەن قارايتتى . ئۇنىڭ-چە ، ھەممىلا ئادەم ئۇنى ناھەق ئىشلار ، بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ تارتقۇلۇقلىرىغا قول تىققان دەپ قارايدۇ ، ئۇلار ھامان ئۇنى تۇتۇپ تۈرمىگە سېلىشنىڭ كويىدا ، لېكىن رەقىپ ئۆزىنى ياخشى بىلە-دۇ . ئۇ ئادەملەر شۇنچىلىك بىزار بولغۇدەك يامانلىق قىلمىدى . باشقىلار قانداق ياشىسا ، ئۇمۇ شۇنداق ياشىدى ، باشقىلار مەنسەپ - ئورۇن ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن باش تارتمايدىكەنۇ ، رەقىپ نېمىشقا ئۇلارنىڭ قىلغىنىنىڭ ئازراق قىسمىنى قىلالمايدى-كەن ؟ لىن بياۋ ھەتتا پارتىيە داھىيسىنىڭ بېقىنىغا كىرىۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ يامان غەرەزلىك ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىمىغان . دېمەك ، يامان غەرەز بىلەنمۇ ياشىغىلى ، باشقىلاردىن ئۈستۈن چوڭ ئەمەلدار بولغىلى بولىدىكەنغۇ ؟ كىم بىلىدۇ ، ھازىر يەنە كىملەر نېمە كويى-دا ؟ مەن ئۇلار قىلغاننىڭ بىر بۇرجىكى ، ھەتتا بىر تال ئۇۋۇقىنىمۇ قىلغىنىم يوق... يامان غەرەز بىلەن ياخشى غەرەزنىڭ پەرقى زادى نېمىدە ؟ ياخشىراق كۈن كۆرەي ، باشقىلاردىن ئۈستۈن بولاي دې-يىشنىڭ ئۆزى يامان غەرەزمۇ ؟ ئادەملەر ئۆز غەرەزلىرىنى خۇددى

بىخىل بىر پارچە ئالتۇننى قاتمۇقات لاتىغا ئوراپ، ساندۇقتا ساقلىغانغا ئوخشاش، يۈرەكلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلىشىدۇ. ھېچكىم ئۆز غەرىزىنى پېشانىسىگە يېزىۋالمايدۇ - دە؟ مېنى يالغان دېلو پەيدا قىلدىڭ، دېيىشىدۇ تېخى. يالغان بىلەن راست دېلونىڭ ئارىسىدا قانچىلىك پەرق بار، زادى؟ پەرق پەقەتلا ۋاقىتتا، بىرى سادىر بولغان، بىرى سادىر بولماقچى، پەرقى شۇنچىلىكلا، ھاشىرنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟ ھازىرچە تىرىشىپ ئىشلەپ ئوبدان ئۆسۈۋېلىپ، كەلگۈسىدە نىيىتىنى ئاشكارىلىشىمۇ مۇمكىنغۇ؟ نادىروف، ساۋۇتوفلارچۇ، تەشكىلات قۇرمىغىنى بەلكى راستتۇر، لېكىن قاراخانىيلار، قەدىمكى ئوغۇزلار، تۈرك قەبىلىلىرى توغرىسىدا نېمانچە كۆپ سۆزلىشىدۇ؟ خەلق ئۇنتۇپ كەتكەن ياكى بىلمەيدىغان ئالىملار، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا، ئىلىدا بولغان مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە، گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭلار توغرىسىدا گەپ سېتىپ يۈرۈشىدۇ، غەرىزى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ سادىر پالۋان، ئەلا پالۋان، نۇزۇگۇم، موللا بىلال، ھېيت مۇھەممەد دېگەندەكلەرنى ئەسلەشنىڭ ئۆزىمۇ جىنايەت ئەمەسمىكەن؟ ئەلاچۇ؟ مەن ئۇنى بىلمەن. ئۇنىڭ جىسمى 60 - ، 70 - يىللارغا مەنسۇپ بولغىنى بىلەن، روھى 15 - ، 18 - ئەسىرلەرگە، ھەتتا 10 - ، 11 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بىر ئادەم. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى تىل - ئەدەبىيات، تارىخ بىلىملىرىگە بېغىشلىشىنى قانداق چۈشەنگىلى بولىدۇ؟ ئىنسان دۇنياغا ئۆزىگە تېگىل بولغان راھەت - پاراغەتتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن يارىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، ئۆگىنىدۇ، ئازاب ۋە جاپا چېكىدۇ. بۇنى ئەلا بىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزىگە لازىم بولغىنىدىنمۇ كۆپ ئۆگەندى، كۈرەش قىلدى، بىلىم يولىدا، گۈزەل ئاياللىرى، خىزمەت ئورنىدىن، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ياشلىقىدا كۆرۈشكە تېگىشلىك راھەت - پارا-

غىتىدىن مەھرۇم بولدى. ئۇنىڭ شۇنچىلىك زور قۇربان بېرىشىنى ئىلىمگە ئىنتىلىش، غايە ئۈچۈن دەپ چۈشەنسە كۇپايە بولارمۇ؟ ئۇنىڭ باشقا غەرىزى يوق دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋابال قىلدىڭ دېگۈچىلەر، ناھەق سۆزلەشكۈچىلەرنىڭ نەق ئۆزى. ئۇلار كىم؟ ھاشىر، نادىروف، ساۋۇتوف، ئەلا. ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى تەشكىلات قۇرمىغان بولسىمۇ، بەربىر يامان غەرەز-لىكلەر، ئۇلارغا زەربە بېرىش ھەرگىزمۇ خاتا ئەمەس. ئۇنداقلارغا يالغان دېلو پەيدا قىلىپمۇ تۆھمەت قىلىپمۇ، سۇيىقەست قىلىپمۇ، زەربە بەرسە بولىۋېرىدۇ. ئۇلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرسەڭمۇ، ئاشكا-را ئۆلتۈرسەڭمۇ، بەربىر سەن قاتىل ئەمەسسەن، ئەكسىچە ئۇلار-نىڭ ئۆزلىرى گۇناھكار... لېكىن خىيال بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرى-سىدىمۇ سېپىل بار. خىيالدىن بەزىدە ئۆمۈر بويىمۇ رېئاللىققا ئۆتەلمەيسەن. مىسالى، مېنىڭ خىيال ـ ئارزۇلىرىمنىڭ قانچىلى-كى رېئاللىققا ئايلاندى؟ يەنە قانچىلىكى ئايلىنالايدۇ؟ مەن ئىككىلا ئىشنى ئارزۇ قىلدىم. ئۇنىڭ بىرى راھەت كۆرۈش. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە مەنسەپ، ئورۇن، پۇل لازىم. بۇ ئۈچ نەرسىنى ئېيتماق ئاسان، لېكىن ئېرىشمەك تەس، ئېرىشىش ئۈ-چۈن بەزىدە ۋىجدانىنى ساتىسەن، بەزىدە كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئىچە-سەن، بەزىدە ھەتتا ئەرزىمىگەن بىرىنىڭ تاپىنىنى يالايسەن؛ سە-مىمىي ساداقەت، تىرىشچانلىق ـ ئىشچانلىق دېگەن نېمىلەر، بۇ يولدا بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ. راھەت كۆرۈش تولىمۇ تەس، بۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە قول سوزىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن دۈشمەنلىك بولۇپ قالىسەن. بۇ دۈشمەنلىرىڭنى كۈچ بىلەن ياكى ئەقىل بىلەن يېڭەلمەيسەن، پەقەت ھىيلىگەرلىك، ساختىپەز-لىك، ياسالمىلىق قىلىشنى ئۆگىنەلىسەڭلا، بۇ دۈشمەنلىرىڭنى يېڭەلەيسەن، مېنىڭ ئارزۇ قىلغان ئىككىنچى نېمەم، داڭق قازى-نىش. ھەممە سورۇندا ماختىلىپ تۇرسام، كىتاب، گېزىت،

رادىئولاردا ھەر كۈنى نامىم چىقىپ تۇرسا ، مەن كوچىلاردىن
ئۆتكەندە ھەممە خەلق زوق بىلەن قاراشسا ، ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ
ئىش مېنىڭ نامىمسىز پۈتمىسە ، ھېچبولمىسا ، شۇ ئۇلۇغ ئىشنى
پىلانلىغۇچىلار قاتارىدا تىلغا ئېلىنسام... لېكىن بۇ ئىككى ئىش ،
راھەت بىلەن نام ـ ئاتاق ، تولىمۇ قىممەت ، تولىمۇ قول يەتمەس ،
تولىمۇ دۈشمەنلىك نەرسە ئىكەن . سەن بىر نەرسىگە قىزىقىدىكەن-
سەن ، ئۇ نەرسە باشقا بىرىگە تېگىل بولۇپ قالىدىكەن . سەن
ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىكەنسەن . مانا شۇنىڭ
بىلەن سېنىڭ دۈشمىنىڭ كۆپىيىدىكەن . گۈزەلئاي مېنىڭ ھايا-
تىمغا چەكسىز لەززەت ئاتا قىلغان بولار ئىدى ، مەن ئۇنىڭ
سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى بىلەن ياشارغان ، ھېچبولمىسا ، ئون يىل
ئۇزاقراق ياشىغان بولار ئىدىم ، ئۇنىڭ ھەربىر كۈلكىسى بەدىنىم-
دىكى ئۇلۇۋاتقان مىڭلارچە كىلېتكىلارنى تىرىلدۈرگەن بولار ئى-
دى . ئۇنىڭ بەدىنىدىن كېلىدىغان لەززەت بىلەن يۈرەك قان تو-
مۇرلىرىم جانلىنىپ ، ۋۇجۇدۇمدا ھاياتلىق مايسىلىرى كۆكەرگەن
بولار ئىدى... لېكىن ، بۇ راھەت ئەلاغا — ئاشۇ راھەت بىلەن
ئازابنىڭ پەرقىنى بىلمەيدىغان «قەغەز ساندۇق» قا نېسىپ بولدى .
ئۇ تەڭسىزلىك مىنى قانچىلىك قىينىدى ـ ھە؟ مەن ھازىرغىچە
ئاشۇ لېۋىم تەگمىگەن شارابنى تامشىماقتىمەن ، ئۇ مېنىڭ پېشانەم-
گە مىخلانغان قوڭغۇراق بولۇپ ، مەڭگۈ جىرىڭلاپ تۇرىدىغان بول-
دى . ئاشۇ كىچىككىنە راھەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ، قانچىلىك ئازاب-
لاندىم ـ ھە؟ شۇنىڭغا ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن باش قاتۇرۇپ ،
چاچلىرىم ئاقاردى ، مانا ھازىرمۇ ئوت ئىچىدە ئۆرتەنمەكتىمەن .
ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ، ئەمدىلا ئىشەنچ بىلەن
يەڭ شىمايلىنىۋېدىم ، نەدىندۇر ھاشىر پەيدا بولدى . ئۇ كالىدەك باش
چۆكۈرۈپ ئىشلەپ ، مۇنۇ بىزنىڭ نادان خەلقىمىزنى ئوڭايلا ئۆزىگە
قارىتىۋالدى . ئۇ خۇددى كۆزۈمگە كىرگەن كۆمۈتىدەك جېنىمغا

تەگدى...

كىشىنىڭ ئارزۇ گۈللىرىگە چۈشكەن شۇم بۇيىلارنى ، ھايات يولىدىكى چالما - تاشلارنى يوقىتىۋېتىشمۇ گۇناھمۇ؟ ئۇلارنى يوقاتمىسام ، مەن تەلەيسىز - بەختسىز بولىمەن . مېنى ئەيىبلىگۈچى ، مەندىن گۇمانلانغۇچى مۇنۇ ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارىدەك رەھبەرلەر مانا شۇنداق ئويلاپ بېقىشسى ، مېنىڭ ھاياتىمدىكى بەختسىزلىكلەرنىمۇ ھېسابقا ئېلىشى زۆرۈر ئىدى - دە !...

ئىشخانا ئىشىكى چېكىلدى ، لېكىن رەقىپ جاۋاب بەرمىدى . ئۇنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى ، پۇتلىرى جانسىزلاندى . ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ بۇ بىناسىغا نېمىشقا ھەربىي مۇھاپىزەتچى قويۇلمايدۇ؟ ھەرقانداق ئادەم بۇ بىناغا كىرىپ - چىقىۋېرىدۇ . مەسىلىسى بىر ياقلىق بولمىغان ، سولاق - قىيناشلاردىن پەيدا بولغان جىسمانىي ئاجىزلىقلىرى : توكۇر ، چولاق ، قارىغۇغا ئوخشاش ئەيىبلىرى بىلەن كىرىپ كېلىدىغان «جىنايەتچىلەر» ، ئىشسىز قالغان كادىرلار ، ئوقۇغۇچىلار ، ئۆز قىسمىلىرىغا ئالدىراپ قايتىۋاتقان ، «سولچىلارنى قوللاش»قا چۈشكەن ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئۈتەپ ، «بىرگە زەربە بېرىش ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە سانسىزلىغان دەۋاگەرلەرنى پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن ، ئۆزلىرىنىڭمۇ كۆڭۈللىرى غەش بولۇشقان رەسمىيەت ئۆتىگۈچى ھەربىيلەر ، مەست بولۇۋېلىپ خەت - چەكلەر بۆلۈمىنى بىكارلا ئاۋارە قىلىدىغان بىكارچىلار... قىسقىسى ، بۇ بىناغا ھەرقانداق ئادەم كىرىۋېرىدۇ . قاچانلا قارىسىڭىز زال ، پەلەمپەي ، دەرەخ سايىلىرى يۇقىرىدىكىدەك ئادەملەردىن بوش ئەمەس . مانا بۇ خىل ئادەملەر ئارىسىدا رەقىپنىڭ رەقىبلىرى ، ھەتتە قاتىللىرى يوق دەپ ، كىممۇ ئېيتالايدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۆز ۋاقتىدا ئادەملەر ئەيمىنىدىغان ،

ئەمدىلىكتە باشلىقنىڭ ئۆزى ئەيمىنىدىغان ھالغا چۈشكەن بۇ بۆلۈمنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن ئېتىپ ئولتۇرۇش، ئىشىك چەككۈچىلەردىن ئالاھىدە سەگەك بولۇش، بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئىشى.

رەقىپ ئاۋۋال ھويلىغا قارىغان دېرىزىنى ئاچتى. دېرىزە تۈۋىدىكى ئارچىلار ئارىسىدا توخۇلاردىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۇ يان قورال تۇرىدىغان تارتمىنى ئىختىيارسىز ئاچتى، ھەيئىسەت، ئىككى كۈن بۇرۇن قورالىمۇ يىغىۋېلىنغان. ئىشىك يەنە چېكىلدى. رەقىپ تاماكا شورىدى، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— كىم؟ — دېدى.

— بۇ مەن! — قوپال، ناتونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. «ھاشىرنىڭ ئاۋازىمۇ؟ بىر يەردە ئاڭلىغان ئاۋازغۇ بۇ، ھېلىقى لامزەللە جورىن نەگە يوقالغاندۇ؟» رەقىپ ئالاقزادە بولدى.

— بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇڭ، مەخپىي ئىش بېجىرىلىۋاتىدۇ! — رەقىپ ھەر خىل دېلولار دەستە - دەستە بولۇپ كېتىدىغان ھېلىقى جىددىي «كۈرەش» مەزگىللىرىدە ئېيتىدىغان سۆزىنى ئىختىيارسىز تەكرارلىدى.

— سىز بىلەن بىزگە مەخپىي ئىش قالمىدىغۇ دەيمەن، رەقىپ جورىن!

رەقىپ تېخىمۇ ھودۇقتى. بۇ زەھەرلىك تەننىڭ ئىگىسى چوقۇم ئۇنىڭ دۈشمىنى. ئۇ ۋارقىرىسۇنمۇ؟ ئۇنداقتا، ئۆز ۋەھىمىسى ئاشكارىلىنىدۇ - دە، كۈنى تېخىمۇ تەسلىشىدۇ. ئۇ دەرھال ئەقىل تاپتى:

— لېكىن، لېكىن يولداش، بىر ساراڭ خوتۇنىڭىزمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق مەخپىي ئىشى بولىدۇ - دە، بىزنىڭ پۈتۈن ئىشىمىز سىياسەت ئەمەسقۇ!

— لېكىن، سىزنىڭ بۇ ئىشخانىڭىزنىڭ ئۆزى بىر سىياسەت، رەقىپ جورىن، قاراڭە ۋۇۋىسكىنى — «قوماندانلىق شتابى»،

نېمىگە قوماندانلىق قىلغانلىقىڭىزنى دېمىسەمىمۇ بولار - ھە؟

رەقىپ بۇ ئادەم بىلەن تالىشىشنى ئازاب بىلدى. ئۇ:

— مەن ئادەم قوبۇل قىلالمايمەن! باشقا بۆلۈمگە يولۇقۇڭ، يولداش، — دېدى تاقەت قىلالماي.

— مەن سىزنىڭ قوبۇل قىلىشىڭىزغا ھاجەتمەن ئەمەس، مەن ناھىيەدىن مەسىلە ئېنىقلىغىلى كەلدىم، سىز بىلەن سۆزلىشىدىمەن. ئىشىكنى ئېچىڭ، بولمىسا، باشقىچە چارە تېپىشقا مەجبۇرلىغان بولىسىز، رەقىپ جورىن!

رەقىپ خېلى ئويلاندى، ئاخىر ئىشىكنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاق يۈزلۈك، قارىقاش بىر يىگىت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، غەزەپ بىلەن تىك تۇراتتى.

— سىز، سىز؟ — رەقىپ ھودۇقتى، — قېنى، ئىشخانىغا كىرىڭ.

ئۇلار تىنچلىقمۇ سوراشمىدى، بىر - بىرىگە قولمۇ سۇنۇشمىدى. بىر - بىرىگە ئۆچمەنلىك بىلەن ئالىيىپ - ئالىيىپ قاراشتى. كىرگۈچى تەكلىپسىزلا ئۆزۈن ساپاغا تاشلاندى ۋە كولداندىكى تاماكا قالدۇقلىرىنى ئەخلەت قاچىسىغا تۆكۈۋېتىپ، كولداننى ئالدىغا تارتىپ گۈللۈك موخوركا خالتىسىنى شىرە ئۈستىگە قويدى:

— مېنى تونۇغانسىز، مېنىڭ ئىسمىم داۋۇت، — دېدى كىرگۈچى موخوركا ئوراۋېتىپ، — سىز بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشكەن، بىر قېتىم ھېلىقى تاغدا «قاسقىر ئاۋۇز»نىڭ ئۆيىدە، بىزنىڭ گۈڭشىدا. سىز ئۇ چاغدا ئوڭايلا مەست بولۇپ قالدىڭىز، يەنە بىر قېتىم، سىزنى كېچىسى ناھىيەدىن تۇتۇپ ئاپىرىپ سوراق قىلغاندا، يادىڭىزدا بولسا كېرەك، سىزنىڭ ئۇ چاغدىكى سۆزلىرىڭىزنى بىر لېنتىغا ئېلىۋالغان، خالىسىڭىز، ھازىرمۇ ۋەدە - قەسەملىرىڭىزنى ئاڭلىيالايسىز، — ئۇ يېنىدىكى چوڭ قارا سومكىسىنى كۆزى بىلەن شەرەت قىلىپ قويدى.

— سەن ئەكسىلئىنقىلابچى ! — دېدى رەقىپ دۈگىلەك ئو-
رۇندۇقتىن چاچراپ تۇرۇپ ، — سېنى هازىرلا !...

— هېچنېمە قىلالمايسىز ، رەقىپ جۇرىن ، — دېدى داۋۇت
زەهەرلىك كۈلۈپ قويۇپ ، پەرۋاسىزلىق بىلەن ، — ئەگەر ئىككى-
مىزدىن بىرىمىز راستىنلا تۇتۇلۇشقا تېگىشلىك بولساق ، مەن
ئەمەس ، نەق سىز تۇتۇلىسىز ، سىزنىڭ قوللىرىڭىزدا هازىرمۇ
ئادەمنىڭ قېنىنىڭ پۇرىقى بار . شۇڭا مەن سىزگە قول بەرمىدىم .
نامەتنى تۇتۇپ بەردىم ، يالغان دېلو پەيدا قىلغان نامەت ، دەپلا
قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلامسىزا ؟ يالغان دېلو سىزنىڭ مۇشۇ
قوللىرىڭىزدا پۈتكەن . سىز ئۇنى ئىقرار قىلغانسىز . بىز بۇ لېنى-
تىنى تېخى تېگىشلىك ئورۇنغا تاپشۇرمىدۇق ،تېخى ۋاقتى كەلمى-
دى ـ دە .

— يالغان لېنتا ئۇ ، — دېدى رەقىپ تامدەك تاتىرىپ .
قوللىرى بىلەن چۈۋۈلۈپ توختىمايۋاتقان موخوركىنى تىتىپ تۇ-
رۇپ ، — سىلەر مېنى قىستاپ ئىقرار قىلدۇرغان ، ئۇنىڭغا هېچ-
كىم ئىشەنمەيدۇ .

— سىز تازا ئوبدان بىلىسىز ، تازا ئىشىنىدۇ . قولىدا قانىنىڭ
يۇقى بار ئادەملەر ، ئۆز بېشىنىڭ غېمىنى يەپ ، سىزنى تۇتۇپ
بېرىۋېرىدۇ . قولى پاكىز ئادەملەر ، سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى تازا
بىلىدۇ . ئېيتىڭە ، سىز ياسىغان يالغان دېلولارغا ئىشىنىپ نەچچە
مىڭلىغان ئادەمنى بىگۇناھ جازالىغان ئادەملەر ، هازىرمۇ هاكىمى-
يەت ئورنىدا تۇرۇۋاتسا ، ئۇلار سىزنى ئاياپ قويارمۇ ؟ ئۇلار بىز-
نىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرىمىزغا ئىشەنمەسمۇ ؟

رەقىپ غالىلداپ تىترىدى ، كۆزلىرى قىزاردى ، ئاغزى ئۆم-
چەيدى :

— ئۇكام ، داۋۇت ، ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايمەن ، هەرقانداق
تەلىپىڭنى ئورۇندايمەن . ئاشۇ لېنتىنى ماڭا بەرگىن ، مەن ساڭا

ھازىرلا ئۈچ مىڭ سوم پۇل بېرەي ، سەن يوقىتىپ قويدۇم دېسەڭ-
لا ، باشقىلارمۇ ئىشىنىدۇ .
— مەن خەلقنى ئالداشنى جىنايەت ھېسابلايمەن ، — دېدى
داۋۇت رەقىپىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ ، — سىز ھەممىلا
ئادەم بۇلغانغان ، ئادەملەرنى پۇل ، مەنپەئەت بىلەن قورچاق تىزغاذ-
دەك خالىغان يەرگە قويغىلى بولىدۇ ، دەپ ئويلىسىڭىز كېرەك .
ئەگەر ، سىزگە بۇ لېنتا راستتىنلا زۆرۈر بولسا ، بىزنىڭ خىزمەتكە
كېلىش ئالدىدىكى يېڭى رەھبىرىمىزدىن سوراپ ئېلىڭ . بەلكى ئۇ
كىشى سىزنىڭ كۆز يېشىڭىزنى كۆرسە ، رەھىم قىلار .
— ئۇ كىشى كىم ؟
— تېخى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ ؟ — دېدى داۋۇت تەنتەنە قىلغاندەك
كۈلۈپ قويۇپ ، — ھاشىر شۈجى بىزنىڭ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي
كومىتېتقا بىرىنچى جۇرىن ، ناھىيىلىك پارتكومغا مۇئاۋىن شۇجى
بولۇپ تەيىنلەندى . ئۇقتۇرۇش كەلدى ،تېخى ئۇ كىشى كەلمىدى ،
تۇرمىدىن چىقىپ ئۇرۇمچىدە داۋالىنىۋاتىدۇ .
رەقىپكە ئۇرۇندۇق قاتتىق ، ئىشخانا تار ، ھاۋا قاڭسىق ،
ئەتراپ قاراڭغۇ بىلىندى . ئۇ دار ئالدىدىكى گۇناھكاردەك ، ھايات-
تىن ئاخىرقى ئۈمىدىنى كۆز يېشى بىلەن تىلىۋالماقچى بولغاندەك ،
بوغۇق ئاۋازدا ئىڭرىدى :
— ئۇكام ، داۋۇت... مەن گۇناھكار ، راست ، مېنىڭ جىنايە-
تىم بار . لېكىن ، ھاشىر شۇجىغا چۈشەندۈرمەن . مېنى شۇ ھالغا
سالغان ھېلىقى ناھىيىنىڭ كونا شۇجىسى لى شۇجى بىلەن
ھەربىي... ھەربىي رايوندىكى...
ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىدى ، ياغلىقى بىلەن كۆزىنى توسۇپ ، پۈتۈن
بەدىنى يېڭى پىچاق سۇرۇلگەن پاقلاندەك سىلكىنىپ ، گۆرەنلىرى
كۆپۈپ ، قىزىرىپ ، راستتىنلا ئازاب بىلەن يىغلىدى . داۋۇتنىڭ
ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتى ، يېغى تۈگىگەن جىنچىراغ يورۇقىدەك

ئاستا ـ ئاستا سۇسلىششقا باشلىدى .

— يىغلىماڭ ، رەقىپ جۇرىن ، — دېدى داۋۇت ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ ، — قانىنى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ . سىز دېگەن تەرەپلەرنى بىزمۇ ئويلايمىز ، لېكىن نادىروف ، ساۋۇتوفتەك ئادەملەرنىڭ بېشىغا چىقتىڭىز ، يالغان دېلو پەيدا قىلغانلىقىڭىز ئۇچۇن نامەت قولغا ئېلىندى . ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى كېلىشى مۇمكىن ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئۆلگەنلەر تىرىلمەيدۇ ـ دە .

— مەدەنىيەت ئىنقىلابى بولمىغان بولسا ، بىزمۇ خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن بولاتتۇق . «بىرگە زەربە ، ئۈچكە قارشى» دېگەندەك ھەرىكەتلەرنىمۇ بىز قوزغىمىدۇق ، نى ـ نى دۆلەت رەھبەرلىرى قارىلاندى ، ئۆلۈپ كەتتى . ئۇلارنىڭ قانچىسى بىگۇناھ ، قانچىسى گۇناھكار ، بۇنى كىم بىلىدۇ دەيسەن . مەن بۇ ئىشقا ئارىلاشتىم . پاكىتقا ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا تايىنىدىغان ئىش يوق ، ھېسسىيات ، شەخسىي غەرەز قالتىس رول ئوينايدىكەن ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىزدىن كۆرۈشكە بولامدۇ ؟ داۋۇت ، مەن ئۈرۈمچىگە ئەتىلا بارىمەن ، ھاشىر شۇجىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىمەن . مېنى ئۆز قولىڭىز بىلەن جازالاڭ ،خالىسىڭىز بوغۇڭ ، دەسسەڭ ، ئېتىڭ ، ئاچچىقىڭىز چىققۇچە قىيناڭ دەپ يېلىنىمەن . سەن ، داۋۇت ئۇكام ، مېنىڭ ھېلىقى گەپلىرىمنى ھازىرچە يۇقىرىغا تاپشۇرماي تۇرغىن ، ماڭىمۇ خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىمنى يۇيۇشقا پۇرسەت بېرىڭلار !

— مەن ھېلىقى «ئادۋوكات»نىڭ ئادەملىرىدىن ، — دېدى داۋۇت ئاخىرى ئۆزىنى ئاشكارىلاپ ، — ھازىر ئۇ تەشكىلات يوق ، ئاللىقاچان تارقالغان ، لېكىن ئۇنىڭ جەڭچىلىرى بار . نەدە ناھەقچىلىك بولسا ، ئۇلار شۇ يەردە بار . بۇگۈن مەن سىزنى ئاگاھلاندۇرغىلى كەلدىم . خىزمەت كۆرسىتىمەن دېسىڭىز ، نامەتنىڭ ئورنىغا باش جىنايەتچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىڭ ، ئىقرار قىلغانلار .

غا كەڭچىلىك ئەمەسمۇ ؟ كەڭچىلىكتىن بەھرىمەن بولۇپ قالسىڭىز ئەجەب ئەمەس ، نامەت ئالدانغان ، ئۇ باش جىنايەتچى بولۇپ ئېتىلىسا ، يەنە ناھەقچىلىك بولىدۇ .

— نامەت ؟ — رەقىپ مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ بېشى شۇنچىلىك ئاغرىدى ، داۋۇتنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكى ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن قاچان چىقىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭغا ئاڭلانمىدى .

— سەن خومسى ! — دېدى بىرى ئۇنى نوقۇپ ، — مېنى ئادىلەدىن مەھرۇم قىلدىڭ . سەن بىلەن قاچان تونۇشتۇم ، ئادىلە شۇ كۈندىن باشلاپ مەندىن سوۋۇدى . ئېيتە مەرەز ، مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن زادى قانداق ئالاقەڭ بار ؟ ئەمدى بىزگە سوراق قىلىدىغانغا ئادەم قالمىدى . مەن سېنى سوراق قىلىمەن ، لامزەللە .

ئادىلەنىڭ ئېرى غىق مەست ھالدا رەقىپنىڭ بېشىدا دەلدۈگۈنۈپ تۇرۇۋېلىپ سۆزلىمەكتە ئىدى .

كۆڭلىدىكى ۋەھىمە ، غەزەپ ، ئازاب ئۆزئارا ئارىلىشىپ ، رەقىپنى ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالماس قىلىپ قويغان . ئۇ ئالدىدىكى مەستنىڭ ئاھانەتلىك گەپلىرىنى خۇددى ئاڭلىمىغاندەك ، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىنى مۇشۇنداق زەربە ، تىل - ئاھانەت ، روھىي ئازابقا ئاتاپ قويغاندەك ، بۇ كۈنلىرىنىڭ باشلىنىشى خۇددى مۇشۇ ھازىرقى مىنۇتتەك ، ئۇ ئالدىدىكى ھەققانىي سۆز ئىگىسىگە يېلىنىش قىياپىتىدە قارىدى .

— ئېيت ، ئەبلەخ ! — دېدى ئادىلەنىڭ ئېرى تېخىمۇ كۆچەپ ، — ئېيتمىساڭ ، تانابىڭ يېپ !

— ئېيتاي ، ئاكا ، — دېدى مۇلايىملىق ۋە سەممىيلىكنى مەشق قىلماقچى بولغان ئەيىبكار قىياپىتىدە ياۋاشلىغان رەقىپ ، — ئولتۇرغىن ، ئاكا ، ئادىلەنىڭ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ نامىمنى ئېغىزىغا ئالغان ئادەمنى يامان كۆرۈشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتاي . سەۋەبى ئاددىي ، بىز كونا ئاشىق - مەشۇقلاردىن . بىزنىڭ

بىر قىزىمىزمۇ بولغان.

— نېمە، سەن نېمىلەرنى دەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ ھېساب بەرمەك تەس كېلىپ ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايسەن، دەۋاتقانلىرىڭ پۈتۈنلەي يالغان، يەنە يالغان دېلو توقۇۋاتىسەن!

— ئىشەنمىسەڭ، خوتۇنۇڭدىن سورا، گۈزەلئاينىڭ ئۆيىدىكى دىلئارا دېگەن چىرايلىق قىزنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەنە شۇ قىز، بىزنىڭ قىزىمىز.

— ئۇ ئەلانىڭ قىزى!

— ئوغۇلچۇ؟

— ئۇمۇ ئەلانىڭ.

— ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟ ئەلا بىلەن گۈزەلئاي ئارانلا ئۈچ - تۆت ئاي ئۆي تۇتقان تۇرسا، قانداق قىلىپ ئىككى بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بولالايدۇ؟ ئوغۇلنى گۈزەلئاي تۇغقان، قىزنى ئادىلە تۇغقان. نېمىگە ھەيران قالىسەن؟ بىز نىكاھلانماي بالا تاپقان، ئادىلە بالىنى تۇغۇپلا ئەلاغا تاشلاپ بېرىپ غۇلجىغا كەتكەن.

— ئىپلاس، سەن ئۈچىنچى ئىپلاسسەن! — دېدى ئادىلەنىڭ ئېرى ئۈستەلگە مۇشتلاپ، — ھارامدىن بالا تاپتى دېگەن نامنى ئەلا بىچارە قوبۇل قىلغان، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئۇ ئۆز دۈشمىنىنىڭ بالىسىنى چوڭ قىلدى.

— يەنىچۇ؟

— ئۇ مېنىڭ گۈزەلئايغا ئاشىق ئىكەنلىكىمنى، گۈزەلئاينى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئادىلە بىلەن يۈرگىنىمنى، شەخسىي شەھۋانە نەپسىمنى دەپ ئۇنى خاراب قىلغىنىمنى بىلىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ، مەندەك ناكەسنىڭ پۇشتىدىن تامغان بالىنى باقتى.

— بالىدا نېمە گۇناھ! — دېدى ئادىلەنىڭ ئېرى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، — راست گەپنى ئېيتقاندا، سەن شۇ نارەسىدىنىڭمۇ دۈشمىنى! مەن ئۆمرۈمدە بالا

يۈزى كۆرمىگەن، بالا دېسە، سۇ بولۇپ ئېرىيدىغان بالاخۇمار ئادەممەن. ئىپلاس، ھېلىھەم بولسىمۇ بالىغا ئاتىدارچىلىق قىل، ئادىلەگە بولغان مۇھەببىتىم ئۈچۈن ئاشۇ قىزنى مەن باقاي. سەن ئەلاغا، ئادىلەگە ئېيت، ئۇنۇمىسا ئەرز قىل. پۈتۈن چىقىمنى، مەيلى ئون يىللىق بېقىش ھەققى يىگىرمە - ئوتتۇز مىڭ سوم بولسىمۇ مەن تۆلەيمەن. راستتىنلا توۋا قىلىپ ئادەم بولاي دېسەڭ، مەن دېگەننى قىل. قىلالمىسەن، گەپ قىل دەيمەن. مەن نېمشقا كۈندىلا ھاراق ئىچىمەن، بىلەمسەن؟ بىلىپ قوي، بىرىنچىدىن، سەندەكلەرنىڭ كاساپىتىدىن مەنمۇ قولۇمنى بۇلغىدىم. بۇ ئىشخانا جاللاتلارنىڭ پىچاق بىلەيدىغان جايى، مەن مۇشۇ يەرنىڭ نېنىنى يېگىنىم ئۈچۈن ئازابلىنىمەن. ئىككىنچىدىنچۇ؟ ئۇنى بايا سەن ئېيتتىڭ، سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم. ئادىلە سېنى ماڭا يېقىن دەپ ھېسابلىغىنى ئۈچۈن مەندىن سوۋۇغان. بىلەمسەن، سەن مېنىڭ بەختىمگە چۈشكەن شۇمبۇيا. دۇنياغا سەن يارالمىغان بولساڭ، ئادىلە بەختسىز بولمايتتى. مەيلى ماڭا كۆڭلى بولسۇن - بولمىسۇن، مەيلى مېنى ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۇچراتسۇن، ئادىلەدەك بىر ئايال بەختلىك بولۇشى لازىم ئىدى، بەختسىزلىك، بالايىئاپەت، ھەممە پېشكەللىك ساڭا ئوخشاش ناكەسلەرگە تېگىشلىك ئىدى. لېكىن، تۇرمۇش ئادالەتسىز ئانىغا ئوخشايدىكەن. يارىشىدىغان كىيىمنى كۆرۈمسىزلەرگە كىيگۈزۈپ، چىرايلىقلارنى خورلايدىكەن، سەن رەقىپ، ئىسمىڭ جايىدا قويۇلغان ھەقىقىي رەقىب - دۈشمەن ئىكەنسەن. ئادىلەنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن، سېنى بىر كۈنى بابلايمەن، لېكىن ھازىر ئەمەس!

ئادىلەنىڭ ئېرى ۋارقىراپ - بوغۇلۇپ، ئاخىرىدا يىغلاپ تېلىقىپ قالغان بالىدەك جىمىقتى، ئىشىكنى جېنىنىڭ بارىچە قاتتىق ئۇرۇپ يېپىپ، تالاغا چىقىپ نەچچە قېتىم: «تۇفى!» دەپ ۋارقىراپ، ئاندىن كېيىن كۆزدىن يىتتى.

مانا ئەمدى ئۆيگە ئۈچىنچى ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ ئالدىنقىلاردەك رەقىپنى ئازابلىمىدى، بەلكى خۇش قىلدى:

— بۈگۈن كەچ ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت مېھمانخانا ئاشخانىسىدا بىر قىسىم رەھبەرلەرنى ئۇزىتىش يۈزىسىدىن زىياپەت بولىدۇ، بېيجىڭ ۋاقتى كەچ سائەت ئالتىدە داخىل بولۇشۇپ بېرەلا ئەمىسە، — چېچى سىلىق مايلانغان خادىم بۇ تەكلىپنى تەكەللۇپ بىلەن ئېيتتى ـ دە، ئىشىكنى سىلىق يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. رەقىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. دېمەك، تېخى ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەملەر بار ئىكەن، ئۇ ھازىر تۈرمىدە ئەمەس، «قىزىل ھاكىمىيەت»نىڭ ئىشخانا بىناسىدا ئىكەن، بۇ بىنادا ئىكەن، ئۇ ماۋۇ خادىمدەك سىلىق سۆز، يېقىملىق خۇشامەتلەر بىلەن ھۆرمەتلىنىشى كېرەك. داۋۇت دېگىنى كىم ئۇ؟ رەقىپ نېمىشقا ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىنى سورىۋالمىدى؟ مۇنۇ ئادىلەنىڭ مەستانىسى بايا نېمىلەرنى دېدى؟ «جاللات»، «قاسساپ» دېگەنلەرنى رەقىپ نېمىشقا ھېلىقى «مۇھىم خاتىرىلىرى»نىڭ بىر بېتىگە ۋاقتى ـ سائىتى بىلەن تىركەپ قويمايدۇ ـ ھە؟ ئۇنىڭ يادىغا بىر مۇھىم رەھبەرنىڭ تۈنۈگۈنكى شەخسىي سۆھبەتتە ئېيتقان سۆزلىرى كەلدى: «كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى قىسمەنلىك، بۇ خاتالىقنى تۈزىتىش دېگەنلىك، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش دېگەنلىك، تۈزىتىش دېگەنلىك، ‹بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش›، ھەرىكىتىنى ئىنكار قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، قانچىلىك كېڭەيتىۋېتىلگەن بولسا، شۇنچىلىك تۈزىتىش دېگەنلىك. شۇنى كېسىپ ئېيتىش كېرەك! بىز زور تۈركۈمدە ھەقىقىي سىنىپىي دۈشمەنلەرگە زەربە بەردۇق، ۋابال بولغىنى مانا مۇنچىلىكلا!» باشلىق «مۇنچىلىك» دېگەن سۆزنى ئۆسمىگەن تىرنىقىنى كۆرسىتىش بىلەن ئىپادىلىگەن ئەمەسمىدى؟ نادىروف، ساۋۇتوف،

هاشىر، قۇرماش، ئەللار كىچىككىنە تىرناق بىلەن تەڭمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگىلا ۋابال بولغانمىدۇ؟ مۇھىمى، هاشىر، ئۇ ناھىيىنىڭ يېڭى رەھبىرى بولغان بولسا ئىش چاتاق، بايىقى رەقىپكە ئارام بولىدىغان سۆزلەرنى قىلغۇچى رەھبەرمۇ بۈگۈن خوشلاشماقچى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە ئاۋارىچىلىك بىلەنمۇ خوشلىشىدۇ. بۇ يەردىكى ھەممە جاۋابكارلىق، ھەممە كۆڭۈل ئاغرىقى، تىل - ئاھانەت، ۋەھىمە ھەتتا جازا رەقىپلەرگە قالىدۇ. «ئەكسىلئىنقىلابچىلار كالا تۈكىدىن تولا»، «پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلغان بىر چوڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرگۈچى گۇرۇھ بار» دەپ ھۆكۈم چىقارغۇچىلار، بۈگۈن ئۆز ھۆكۈملىرىنىڭ توغرا - خاتالىقى ھەققىدە لام - جىم دېمەستىنلا كېتىدۇ - دە، خالىغان بىر قۇلاق كەستى رەقىپتەكلەرنى كۆرگەنلا يېرىدە تۇتۇۋېلىپ دۆشكەلەۋېرىدۇ. بۇنىڭغا رەقىپنىڭ جېنى چىدامدۇ؟ ئۇمۇ بىر يەرگە قاچسا بولاتتى، ئۇنىڭمۇ ئۈرۈمچىدە تونۇشلىرى بارغۇ، ھېلىقى غەربىي - شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى خې شۇجى ھازىر ئۈرۈمچىدە ئىكەن. ئىنستىتۇت تارقىتىۋېتىلگەن، ئۇنىڭ كادىرلىرىدىن ما جۇرېن قاتارلىق بىر قىسىملىرى شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەلگەن. ئەڭ ياخشىسى، ئۈرۈمچىگە قېچىش، ئىمكان بولسا شۇ ياققا خىزمەت ئالماشتۇرۇپ كېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك. هاشىر بىلەنمۇ كۆرۈشۈشى، ئۇنىڭغا رەقىپ ئۆز سەمىمىيىتىنى بىلدۈرۈشى، كۆز يېشى، چىرايلىق سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا يېلىنىشى، ھەممە ئىشنى نامەت بىلەن تۈگىتىشنىڭ ئامالىنى قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ھازىرلا ئەلانى تېپىشى، بۇ كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئارقىلىق هاشىر بىلەن ئۇڭۇشلۇق مۇئامىلە قىلىشنىڭ يولىنى قىلىشى كېرەك.

زىياپەت كەچ سائەت ئون ئىككى بىلەن ئاخىرلاشتى. دېڭىز

ۋە يايلاق مەھسۇلاتلىرىدىن : بېلىق ، خەيسەك ، راك ، پاقلان كاۋى-
پى ، قېزا ، توخۇ ، ئۆردەك... خىلمۇخىل قورۇلغان ۋە دورا -
دەرمەك بىلەن پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر بىلەن ئىسىل سورتلۇق
ئىلى ، سىچۇەن ، يۈننەن - گۈيجۇ هاراقلىرى ، ئۈرۈمچى - چىڭداۋ
پىۋىلىرى مېھمانلارنى زېرىكتۈرگىنى يوق . ئۇلار ئايرىلىش ئالدىدا
راسا كەيپ بولۇۋېلىپ بىر - بىرىگە دېيىشىدىغان گەپلىرى بىلەن
تاپلايدىغان ئىشلىرىنىمۇ تۈگەپ قالغىنى يوق . چۈنكى ، ئۇلار «تا-
رىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن» ھەرىكەت جەريانىدا مۈرىنى مۈرىگە
تىرەپ «جەڭ» قىلىشقانلار . ئۇلارمۇ خۇددى رېخستاكقا سوۋېت
بايرىقىنى قادىغان جەڭچىدەك ياكى قاتتىق دولقۇنلۇق بىر كېچىسى
دېڭىزنىڭ ئەڭ خەتەرلىك بىر قولتۇقىدىن گېرمانىيە قۇرۇقلۇقىغا
تۇنجى قەدەم باسقان ئامېرىكا - ئەنگلىيە - كانادا بىرلەشمە ئارمى-
يىسىنىڭ ئالدىنقى سەپ ئوفىتسېرىدەك ، ئۆز غەلىبىسى —
تۆھپىسىدىن مەمنۇن بولغۇچىلار - دە ! ئۇلارنىڭ گېپى ، قەدەھ
ئۆرۈشتۈرۈشلىرى ئاخىرلاشمايتتى . تويۇقسىزلا توك كېتىپ قې-
لىش سەۋەبىدىن مېھمانلار تارقىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى . ئۇلار
شىركەيپ بولۇپ تالاغا چىققاندا ، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىيۇن ئاخشى-
مى تولىمۇ قاراڭغۇ ، لېكىن تولىمۇ سالقىن ، جانغا ئارام تۇيۇلدى .
قاراڭغۇ كېچىنىڭ ئەلىرىدىنئۇر يىگىتلەرنىڭ ناخشىلىرى ، قىقاس
كۈلكە ، ئۇشقىرتىشلىرى ئاڭلىناتتى . بۇك ئالما ، قارىغاي ، تې-
رەك ، مەجنۇنتاللار ۋە ئەتىرگۈللەر بىلەن هۆسن تاپقان بۇ هۆكۈ-
مەت قورۇسىدىن شارقىرىغان سۇ ، مۇڭلۇق بۇلبۇل ئاۋازى كېلىپ
تۇراتتى . غۇلجىنىڭ ھەممە پەسلىنىڭ كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان ئالاھى-
دىلىكلىرى بار ، ئاپتاپلىق كۈنلىرى بىلەن قاغا قانىتىدەك قاراڭغۇ
كېچىلىرىنىڭمۇ شۇنداق كىشىگە مەڭگۈلۈك خاتىرە قالدۇرالايدىغان
قابىلىيىتى بار . بۇلبۇلنىڭ قۇلىقىڭ تۇۋىدە ئاجايىپ يېقىملىق
ئاۋاز بىلەن سايرىشى ، بىر جۈپ كاككۇكنىڭ «كاككۇكلىشىپ»

ئويىنىشىپ ، بىشاڭ ئۈستىدىن پەسلەپ ئۇچۇپ ئۆتۈشى ، قىرى تېرەك ئاستىدا بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ قاراڭغۇدىن تېپىشقان بەختلىرى ئۈچۈن پىچىرلاپ كۈلۈشلىرى ، ئىيۇن كېچىسىنىڭ ئە-جادىيىتى بولماي نېمە ؟...

سىرلىق تۈن ، ئىچىملىك كەيپى رەقىپتىكى كۆڭۈل غەشلە-كىنى بىر مەھەلگە ئۆزىدىن يىراق قىلدى . ئۇ خۇددى ئەزەلدىن كۆڭۈل ئاغرىقى كۆرمىگەن ئادەمدەك خۇشال ئىدى . ئۇ ھېلىقى ئۆزىنى دائىم روھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان باشلىقنى قولتۇقلىۋېلىپ ئادەملەردىن چەتكىرەك تارتتى .

— ياردەم قىلىمەن ، دېدىڭىز ، — دېدى رەقىپ ئۇنىڭغا يېلىنىپ ، — سىياسىي كومىسسار ، مەن سىزنىڭ ئاتىدارچىلىقى-ڭىزنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن . راست ئېيتىمسىز ، جىنايىتى بار ئەلا ، ھاشىرلار يول تېپىپ ئۆزىنى قوغداپ قالالىغان يەردە ، ماڭا ئوخشاش سەممىي - سادىق ، ياخشى كۆڭۈل ئادەملەر نېمىشقا ئۆزىنى قوغدىيالمىسۇن ، مەن مەڭگۈ سىزنىڭ دېگىنىڭىز-نى قىلىمەن . مەيلى سىز نەگە كېتىڭ ، نەدە ئىشلەڭ ، مەن سىز-نىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىيالايمەن ، يوليورۇقىڭىزنى ئىجرا قىلا-لايمەن .

قەسەمگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ ، يۈرىكى تېپچەكلەپ ، ۋۇجۇدى بىر نامەلۇم كۈچ-نىڭ تۈرتكىسى بىلەن غۇژۇلدىدى . بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ بەدىنىدىن ۋەھىمە ، ئەندىشە ۋە ئۈمىدسىزلىك ساقىندىلىرىنى سۈرگە دورىسى-دەك ھەيدەپ چىقاردى . ئۇ يېنىكلەپ ، كىچىك ماشىنىنىڭ كەينى تەرىپىدە غادىيىپ ئولتۇرۇپ ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئۆيگە كەل-دى ، لېكىن كارىۋىتىدا ياتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە بىر ۋەھىمە پەيدا بولدى : بۇ ۋەھىمە ھاشىرنى يادىغا ئېلىش بىلەن باشلاندى . زىياپەتتە ئۇ ھاشىرنىڭ ناھىيىگە رەھبەر بولۇپ بېكى-

تىلگەنلىكىنىڭ راستلىقىنى بىلدى . ئۇ خاتا بولۇپ قالمىسۇن دەپ ، ئوبلاستقا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باشلىقنىڭ ئۆزىدىن سورىدى . باشلىق :

— ھاشىر بىگۇناھ قارىلانغان . ئۇ ئىرادىلىك ، قابىلىيەتلىك رەھبەر ئىكەن ، — دېۋىدى ، رەقىپ :

— تازا كۆڭۈلدىكىدەك بوپتۇ ، — دېدى . لېكىن ، مانا ھازىر كارىۋىتىدا تولغىنىپ ياتالمايۋاتىدۇ . ئۇ قانداقلا ئويلىمىسۇن ، ھاشىر بىلەن ئەمدى دۈشمەنلىشىشنىڭ پايدىسىزلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتۇ ، بۇ ئىشنىڭ «كۆڭۈلدىكىدەك» بولمىغانلىقى ، مانا ھازىر مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ . گەرچە ، ئۇ ھازىر بىۋاستە ھاشىرنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان خادىم ئەمەس بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بىر ناھىيە رەھبىرىنىڭ دۈشمىنى بولۇشنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە ئەكېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان بىر ئادەم ئۆزىنى بىكاردىنلا ئۆلۈم گىردابىغا ئاپارغان دۈشمىنىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ - دە ! ئۇنىڭ قولى ئۇزۇن ، قوللىغۇچىلىرى كۆپ . ئۇ ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن رەقىپتىن ئىنتىقام ئالالايدۇ . ھېلىقى داۋۇت بىلەن يۈزلىشىش رەقىپكە قانچىلىك قورقۇنچلۇق بىلىندى ؟ ئەلا ، ھاشىرلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۇنىڭ يۈرىكى چىدارمۇ ؟ ئۇ بىلىدۇ ، ئۇنىڭدا ھەرقانداق خورلىنىش ، ھاقارەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بىر خىل كۈچ بار . ئۇ ئۆز مەنپەئىتى يولىدا ، نۆۋەتتە كەلسە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆمىلەشكىمۇ ، ئاياغلىرىغا سەجدە قىلىشقىمۇ تەييار . ئۇ مۇشۇ قابىلىيىتىگە تايىنىپ ، 70 - يىللارنىڭ بۇ قىيىن ئۆتكىلىدىن ئۆتەلەيدۇ...

ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ قولىدىن نېمىلەر كېلىدىغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ نېمىگە قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ھەم نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنىمۇ بەلگىلىۋالدى . شۇنىڭدىن كېيىنلا ، ئۇ ئۆزىنىڭ تاڭ ئالدىدا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى .

ئەتىسى ، ئۇ شوپۇرنى ئوبدان مېھمان قىلدى ـ دە ، كىچىك
ماشىنا بىلەن ئاۋۋال ئارۇپنىڭ ئۆيىنى «زىيارەت» قىلدى . يەك-
شەنبە بولغاچقا ، ئارۇپ ئۆيىدە ئىكەن . ئۇ رۇستەككە مۇكچىيىۋې-
لىپ بىر پەننى رەندىلەۋاتقان هالدا كۈتۈلمىگەن مېھماننى سوغۇقلا
كۈتۈۋالدى .

— ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن ، — دېدى
رەقىپ كۆرپىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن سالماقلىق بىلەن گەپ
باشلاپ ، — ناھەق زەربىگە ئۇچرىغان يولداشلاردىن هال سوراش
ئۈچۈن ئالدىڭىزغا كەلدىم . سىز تۈرمىگە كىرمىدىڭىز ، كۈرەش
قىلىنمىدىڭىز ، لېكىن سىز زەربە بېرىلىدىغانلار تىزىملىكىدە بار
ئىكەنسىز ، نۆۋەت سىزگە يېتىپ كەلگۈچە «كېڭەيتىۋېتىش خاتالى-
قى»نى سەزدۇق ۋە دەرهال تۈزىتىشكە كىرىشتۇق . مەيلى ئىشى-
نىڭ ، مەيلى ئىشەنمەڭ ، مەن كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقىنى 70 ـ
يىلىنىڭ بېشىدىلا سېزىپ ، يۇقىرىغا ئارقا ـ ئارقىدىن يەتتە قېتىم
ئىنكاس قىلدىم . بۇنىڭ ئۈچۈن ئىچكى جەھەتتە مەنمۇ زەربىگە
ئۇچرىدىم .

ئارۇپ سىرتىدىن يامان نامىنى كۆپ ئاڭلىغان ، لېكىن ئىچ
سىر ئېلىشمىغان بۇ ئادەمنىڭ هۆكۈمەت نامىدىن قىلىۋاتقان سۆز-
لىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى . گەرچە ، بۇ ئادەم توغرىسىدا بىرەر
قېتىممۇ ياخشى گەپ ئاڭلىمىغان بولسىمۇ ، ئارۇپ شۇ تاپتا بۇ
ئادەمنىڭ راست گەپ قىلىۋاتقىنىغا ئىشەندى ، چۈنكى ئۇ ئارۇپ
گۇمان قىلىپ يۈرگەن ھەقىقەتنى دېمەكتە ئىدى . ئارۇپ پەتنۇستا
مېھمانغا چاي سۇنۇۋېتىپ :

— كەلگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت ، لېكىن شەخسەن مەن زەربە
يېمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ . مەن هازىرمۇ مەكتەپ ئىنقىلابىي كومى-
تېتىنىڭ مۇئاۋىن جۇرىنى . پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىمۇ ئېسى-
لىپ قالمىدىم . بىرلا تەكشۈرۈش بىلەن ئۆتكەلدىن ئۆتتۇم . زەربى-

گە ئۇچرىدى دېسەك، ھاشىر، ئەلا، ئوسمان، قۇرماشلارنى دېسەك بولىدۇ. ئۇلاردىن قانچىلىك ئەپۇ سورىساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۆلگەنلەرچۇ تېخى؟ نادىروف بىلەن بىزنىڭ مۇئەللىم ساۋۇتوفچۇ؟ ئۇلارنى ئەپۇ سوراش بىلەن تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولامدۇ؟

ئارۇپنىڭ ئاۋازى تىترەڭگۈ، سۆزلىرىنىڭ ۋەزنى ئېغىر ئىدى. ئۇ خۇددى بىرىنى سوراققا تارتىۋاتقاندەك، كىمدىندۇر ھېساب ئېلىۋاتقاندەك غەزەپلەنگەنىدى. رەقىپ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان پاكار، كۆزلىرى بىلەن مەنىلىك تىكىلىدىغان ئوقۇتقۇچىغا باش كۆتۈرۈپ قارىيالمىدى. ئۇنىڭ سوئاللىرى رەقىپكە زەربە، نەق دەللەپ ئۇرۇلغان قامچا بولۇپ تۇيۇلدى. ئارۇپ قورساق كۆپۈكىنى چىقارماقچى بولغاندەك، كۆرگەن - بىلگەن، ئاڭلىغان ۋە ئويلىغانلىرىنى قويماي سۆزلىدى -دە، ئاخىرىدا:

— ھېسابى بولۇشى كېرەك، زىيانكەشلىك قىلىپ يالغان ئەنزە ياسىغۇچىلار قاتتىق جازالىنىشى كېرەك! — دېدى.

رەقىپ كۆرۈنۈشتە ئارۇپنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇلغاندەك ھەر - بىر سۆزنى باش لىڭشىتىپ تەستىقلاپ ئولتۇردى. ئارۇپ ھەتتا رەقىپنىڭ پاكىز ياغلىقى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتكەنلىكىنى كۆردى.

— ئەلۋەتتە! — دېدى ئۇ ئارۇپنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى قوللاپ، — سۇيىقەستچىلەر جازالىنىدۇ. نامەت ئۆزىنىڭ يالغان ئەنزە ئويدۇرغانلىقىغا ئىقرار بولدى. ئۇنىڭ مەقسىتى، ھاشىرغا بولغان ئاداۋىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئىكەن. ھاشىر خوتەندە بىللە ئىشلىگەندە، نامەتكە ئانچە - مۇنچە زەربىمۇ بەرگەن چېغى، ئاشۇ قورساق كۆپۈكى ئۇچۇن يالغان ئەنزە ياسىغان. لېكىن، ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاددىي مۆلچەرلىگەن.

— شۇنداق، سۇيىقەست قىلغۇچىلار ھامان ئۆزلىرىنى تولىمۇ ئەقىللىق كۆرىدۇ، باشقىلارنى مەڭگۈ بىخۇد ھېسابلايدۇ، ۋەزىيەت-

نى خاتا مۆلچەرلەيدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەت رەھىمسىز، راست بىلەن يالغاننى، ياخشى بىلەن ياماننى، گۈزەل بىلەن سەتنى ئوڭايلا ئاشكارىلاپ قويىدۇ!

رەقىپ ئارۇپنىڭ مەنىلىك سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە قاتتىق ئۆچمەنلىكى ۋە نەپرىتى بارلىقىنى سەزدى. ئارۇپ بولسا ئاغزىدا قاتتىق گەپ قىلغىنى بىلەن رەقىپنىڭ كۆز يېشى، قىسمەن بولسىمۇ راست گەپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ خېلى يۇمشىغان. ئۇ رەقىپنىڭ چىن كۆڭلىدىن ئۆز خاتالىقىنى تونۇشىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھاياتقا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىشىنى خالايتتى، چۈنكى ئۇ ھازىرغىچە بىرمۇ ئادەمگە يامانلىق قىلمىغان، شۇڭا باشقا بىرىنىڭمۇ ئۆزىدەك بولۇشىنى چىن قەلبىدىن ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىك ئىچىدە ھۆرمەتلىك ئىدى.

رەقىپ خوشلىشاردا ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ:

— رەھمەت، يولداش ئارۇپ، — دېدى ئۇ سۆزنى ھاياجان بىلەن، — نېمىلا بولسۇن، سىز بىلەن بىز پارتىيە ئەزاسى، خەلققە، يولداشلارغا مەسئۇل بولۇش بىزنىڭ بۇرچىمىز. مەن زەربىگە ئۇچرىغان يولداشلاردىن بىرمۇبىر ئەپۇ سورايمەن. يولداش ئەلانىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— ئۇ مۇشۇ شەھەردە، ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە ئىدى، يېقىندا زۇليا ئاكا كىرگەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى. زۇليا ئاكىمۇ زەربە يېدى، پۈتۈنلەي بىگۇناھ - دە. ئۇنى گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەپتىكەن، ئۇ دادۇيدە ئىشلەيمەن دەپ ئۇنىمايۋاتقان ئوخشايدۇ.

— بىلىمەن، يولداش ئارۇپ، بۇ ئىشلارغىمۇ بىز ئارىلاشقان. زۇليا ئاكا ياخشى كوممۇنىست، تېپىلغۇسىز ئادەم. مەن ئۇنى گۇڭشېدا ئىشلەشكە ئەلۋەتتە قايىل قىلالايمەن. بىلەمسىز، مەن شۇ ناھىيىنىڭ پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە بۇجاڭ

بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقىتىمدىلا، ئۇنىڭغا دىققەت قىلغانمەن، ھاشىر شۇجى كەلسە، بىز ئوبلاستتىن كۆچ چىقارساق، ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

لېكىن، شەھەردىن ناھىيىگە قاراپ ماڭغىنىدا: «ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزى ئۈستىدە زادىلا ئويلانمىدى، ئەكسىچە ئۇ «كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى» دېگەن گەپنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار بىلەن كۆڭلىدە راسا گەپ تالاشتى. ھاشىر، ئەلا، مۇنۇ ئاروپ پاكىنەك، ھېلىقى كوچىلاردا كۆرسىمۇ ئالىيىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان تاش، سوراق ئۈستىدە يۈزۈمگە تۈكۈرگەن قۇرماش، ئۆمرۈمدە ئالاقە قىلىپ كۆرمىگەن داۋۇت... ئاخىرىدا ئاۋۇ تۈرمىگە سولانغان نامەت، يەنە ئاللىكىم، ئاللىكىملەر... شۇنچە ئادەم رەقىپكە دۈشمەنلىك قىلماقتا. تېخى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇرنىغا يەپ، رەقىپنىڭ ئايىغىغا يىقىلمىغان تۇرسا، «كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى» سادىر بولدى دەپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇشنىڭ جەمئىيەتكە قانچىلىك پايدىسى بار؟ رەقىپ ئىككىلا نەرسىنى، يەنى راھەت كۆرۈش بىلەن داڭق قازىنىشنى مەقسەت قىلغىنى بىلەن ھەربىر باسقان قەدىمىدە جەمئىيەتكە، دۆلەتكە پايدا يەتكۈزۈۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ باشقىلار ئۈستىدىن مەسىلە تېپىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشلىرىنىڭ ئۇنۇمى بولمىدىمۇ؟... «كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى» دېگەندىن كۆرە، ھەرىكەت يۈزە بولۇپ قالدى دېگەن تۈزۈك ئىدى.

رەقىپكە كۆز ئالايتقانلار يەرگە كىرىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ يولىغا پۇتلىكاشاڭ بولغۇچىلار كۆكۈم ـ تالقان بولغۇچە، زەربە بېرىش، ئېتىش، سولاش، سوراق قىلىشنى توختاتماسلىق كېرەك ئىدى. ئۇنداق داغدۇغىلىق كۆرەش توختاپ قالسا، رەقىپنىڭ كۆڭلىرىنىڭ قانچىلىك قىزىقى قالىدۇ، ھاياتىنىڭمۇ نېمە مەنىسى قالىدۇ؟ ياق، رەقىپ زۇلىيا ـ پۇليالارنىڭكىگە بېرىپ ئەلادەكلەرگە يېلىنىمەن دەپ ئۆزىنى خار قىلمايدۇ. شوپۇر، ماشىنىنى شەرققە، قاش

دەرياسى تەرەپكە قارىتىپ تېز ھەيدە . ئۇ يەردە «7 ـ ماي كادىرلار مەكتىپى» بار . ناھىيىنىڭ بۇرۇنقى پارتكوم شۇجىسى شۇ يەردە . ئۇ ئادەم نېمىشقا بۈگۈن كېرەكسىز مالدەك ئىسكىلاتقا تاشلاندى؟ ناھىيىنىڭ ھوقۇقىنى شۇنىڭغا بەرگەن بولسا ، رەقىپنى بۇنچىلىك ۋەھىمە قۇيۇنلىرى ئەگىپ يۈرمىگەن بولاتتى؟ ئۇ ئادەم ئەجەب قابىلىيەتلىك ، سەزگۈر ، ھەققانىي ئىدى ـ دە ، «پۈتۈن شىنجاڭ خاراكتېرلىك ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ» ، «كالا تۈكىدەك كۆپ» دېگەن سۆزلەرنى رەقىپ تۈنجى قېتىم شۇ كىشىدىن ئاڭلىغان . پارلاق ئىستىقبال ، يالقۇنلۇق كۆرەشلەر توغرىسىدا چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ ، رەقىپنى رىغبەتلەندۈرگەن كىشىمۇ شۇ ئىدى . بۈگۈن رەقىپنى ۋەھىمە ئەرۋاھلىرى قوغلاپ يۈرگەن بۇنداق چاغلاردا ، رەقىپ ئۇ ئادەمدىن يوليورۇق ، مەدەت ۋە ئىشەنچ ، كۈچ ئېلىشى كېرەك !...

ئۇنىڭ ئالدىدا ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى ياماق چۈشكەن ، ئۆڭگەن خادانى چاپان ، تىزىغىچە تۈرۈلگەن كونا كۆك شىم ، «پىنتۇ» قىلىنغان بېشىغا ياز بويى قاسقىنى يوغان چىغ قالپاق كىيىپ يۈرىدىغان ، بېلىق كۆز ، چىشاڭراق ، ئەللىكتىن ھالقىغان ئادەم بىردىنلا پەيدا بولدى . ئۇ بىرنەچچە ئايلا بىللە ئىشلىگەن پارتكوم شۇجىسى گەرچە ھازىر ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا بولسىمۇ ، ئۇ خۇددى شۇجىنىڭ يىرىك ئالىقانلىرىنى چىڭ قىسقاندەك ، كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىغاندەك ھاياجانلاندى .

«لى شۇجى ، — دېدى ئۇ خىيالىدا سابىق شۇجىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ، — ماڭا ئۆز ۋاقتىدا ناھىيىنىڭ ئىككىنچى شۇجىلىقىنى تەۋسىيە قىلغانىدىڭىز ، لېكىن ھاشىردىن بۇ ئورۇننى ماڭا تارتىپ ئېلىپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىدىڭىز ، ھاشىر يەنە سىز بىلەن بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چېقىدىغان ئوخشايدۇ . سىز ، ئاپتونوم رايوندا مۇھىم يېقىنلىرىم بار دېۋىدىڭىز ، شۇلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ ،

مەن سىز ئۈچۈن ۋە ئۆزۈم ئۈچۈن ھەرقانچە تېك چوققىلارغىمۇ يامىشىشقا تەييار !»

ماشىنا شەرققە قاراپ ئىككى قاسنىقى قويۇق تېرەكلىك تاش-يول بىلەن چاپماقتا . پىكاپنىڭ ئالدى دېرىزىسىدىن تولۇق كۆرۈ-نۈپ تۇرغان ئاۋرال تېغى كۈنپېتىشقا قاراپ يۈگۈرۈۋاتقاندەك ، يۈگۈرگەنسېرى كىچىكلەۋاتقاندەك بىلىنمەكتە . كۈن غەربكە قىي-سايغاچقا ، ئالدى ئەينەك ياخشى تەڭشەلگەن كىنو ئېكرانىدەك ھەم-مىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بارماقتا . ماشىنا سۈيى لۆمشۈپ ئېقىۋات-قان ئاق ئۆستەڭ كۆۋرۈكىگە كەلگەندە ، ئىككى ئادەم يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ماشىنا توردى . رەقىپنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ ، شوپۇر ماشىنىنى توختاتتى .

— ئۇنيار دوختۇرخانىسىغا ! — دېدى مالىخاي كىيگەن ، قارا بۇرۇت دېھقان ھاسىراپ تۇرۇپ ، — بىزنىڭ شۇجىنى لۈكچەكلەر يامان ئۇرۇۋەتتى !

ئۇلار ئاغزى - بۇرنى قان ، كۆكەرگەن ، توپىغا مىلەنگەن بىرىنى ماشىنىنىڭ يېنىغا سۆرەپ ئەكەلدى . رەقىپ ياتقان يارىدار-غا سوغۇق نەزەر تاشلىدى - دە :

— سىلەر نېمە ئادەمسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .

— دېھقان ، گۇڭشې ئەزاسى - دە !

— بىلىمەن ئەزالىقىڭنى ، نېمىشقا تاياق يېدىڭلار ؟

— بىكاردىنلا تاياق يېدۇق . بىز تاغقا — توغرىسۇ يايلىقىغا مۇنۇ زۇليا ئۈچىمىز مالچىلارنى يوقلاپ ماڭغان دەڭە . بەش - ئالتە مەست يولىمىزنى توردى . ھەممىسىدە ۋېلسىپىت ، بىر كۆزىدە ئېقى بار ، ئۆز ۋاقتىدا ناھىيىدە قورال تۇتۇپ ئادەم قورقۇتقان بىرى ، زۇليا دېگىنىڭ قايسىڭ ؟ دېدى ، بىزنىڭ زۇليا ، مەن زۇليا بولىمەن ، دېيىشىگىلا ، ناكەسلەر چۇمۇلە ئۆستىخانغا ياماشقاندەك زۇلياغا ئېسىلدى . ئۇنى ئاتتىن ئۈڭتۈرۈپ ، دەسسەپ - چەيلەپ ،

تونۇر لېيىنى چەيلىگەندەك پېتىقلاپ، بىز ئۆزىمىزنى تۈزەپ چاپان سالغۇچىلا، شەيتانچاقلارغا مىنىپ تىكىۋەتتى.

— بىر كۆزىدە ئېقى بار دېدىڭىزمۇ؟ راستتىنلا تونۇمسىز ئۇ خولىگەننى؟ — رەقىپ غەزەپ بىلەن شەھەر تەرەپكە قاراپ مۇشتۇ- مىنى پۇلاڭلاتتى، — بۇ زۇليا شۇجى ئەمەسمۇ، نېمىشقا ئۇردى ئۇ لۈكچەكلەر ـ ھە؟

— بىز ئۇلارنى تونۇيمىز، — دېدى ياشراق كەلگەن دېھقان زۇليانى يۆلەپ ماشىنىغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، — ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە قورال تۇتۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغان، ھېلىقى شە- ھەرگە يۆتكىلىپ كەتكەن رەقىپ بۇجاڭ دېگەننىڭ كالتەكچىلىرى. بىزنىڭ يېزىغا بىر قېتىم شۇ رەقىپنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەلا ئەپەندىنى تۇتقىلى بارغانىكەن، بىزنىڭ يىگىتلەر ئۇلارنىڭ راسا ئەدىبىنى بەرگەن. بۇ قىلىقى، شۇنىڭ ئۆچى بولمامدۇ؟

رەقىپ تۇمۇردەك قارىيىپ شوپۇرغا ۋارقىرىدى:

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ ھەيدە، مۇنۇ يارىدارنى دوخ- تۇرخانىغا چۇشۇرۇپ قويۇپ خېلى ماڭىمىز تېخى!

ئىككى دېھقان خۇرجۇنلار غانجۇغىلانغان پىكاپ يورۇپ كەتتى. ئىككى ئاتتا، يەنە بىر ئاتنى يېتىلەپ، ئاتلىرىنى ئۆكىرەك تاشلە- تىپ ماشىنىنىڭ كەينىدىن چاپماقتا ئىدى.

ماشىنا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دوختۇرخانىسى ئالدىغا كەلگەندە يارىدار كۆزىنى ئاچتى ۋە رەقىپكە قاراپ سوغۇق كۈلۈمسىرەپ، دورداپغان لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلاتتى.

— رەقىپ... بۇ... جاڭ... خۇشالمۇ... سىز؟

— سۆزلىمەيلىگەن ئادەم دوختۇرغا ئۆزى كىرەلەيدۇ، تېز ماڭ، نېمىگە ھاڭۋاقتىلىق قىلىسەن؟ — رەقىپ پۈتۈن غەزىپىنى شوپۇرغا قاراتتى.

ئۇلار زۇليانى دوختۇرخانىنىڭ زالىغا ئەكىرىپ قويدى ـ دە،

يولنى داۋاملاشتۇردى . رەقىب خېلىغىچە كالپۇكلىرى دوردايغان ، سېرىق بۇرۇتلىرى ئۇيۇل قان بىلەن غوژمەك بولۇپ قالغان زۇلىيانىڭ كۆكۈچ كۆزلىرىدىكى مازاق ئارىلاش غەزەپتىن ھوشىنى يىغالالمىدى . ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ، يۆلەنچۈككە بېشىنى تاشلاپ خىيالىنى كۆڭۈللۈكرەك بىر ئىشقا يۆتكەش ئۈچۈن ، لى شۇجىنى ، ھېلىقى سىياسىي كومىسسارنى ئەسلەپ باقتى ، لېكىن بۇنىڭ ياردىمى بولمىدى . ئۇنىڭ خىيالىغا تۇيۇقسىزلا زۇلىيانىڭ قان بىلەن غوژمەكلەشكەن بۇرۇتلىرىغا ئەگىشىپ ، بىر كۆزىدە ئېقى بار يىگىتنىڭ كۆلەڭگىسى كەلدى ـ دە ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خىيال ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇتلار تارقىلىپ ، ئۈمىد شولىسى يۈز كۆرسەتكەن بولدى : «دېمەك ، تېخى مەن ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغانلار بار ئىكەن . ئۆز ۋاقتىدىكى غەمخورلۇقلىرىم ، ھازىرقى يوشۇرۇن ھەرىكەتلىرىم چېچەكلەپ مېۋە بېرىۋېتىپتۇ...»

ئۇ لى شۇجى بىلەن كۆرۈشۈشكە تېخىمۇ ئالدىرىدى .

لېكىن تەلىيىگە لى شۇجى يوق بولۇپ چىقتى ، ئۇ دەۋا قىلىپ ئۈرۈمچىگە كېتىپتۇ . دېمەك ، ئەمدى ئۈرۈمچىگە بېرىش كېرەك .

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ غۇلجا شەھىرىدىن جەنۇبقا ـ ئايرودرومغا قاراپ كېتىۋېتىپ ، ئىككى ئات قوشۇلغان خادىك ھارۋىدا چىرايلىق بىر ئايال بىلەن ياندىشىپ ئولتۇرۇپ ، شۇ يولدا كېتىۋاتقان ئەلانى كۆرۈپ قالدى . ئەلا كۆك خادىنىدىن يېڭى شىم ـ تۇجۇركا ، بېشىغا قىزىل دوخاۋا بۆك كىيگەن ، رەقىب ھەتتا ئۇنىڭ پاكىز چۈشۈرۈلگەن بېشى ، كۆك چۇخەي كىيگەن ، خادىكتىن ساڭگىلاپ تۇرغان پۇتلىرىغا سەپسىلىپ ئولگۈردى . ئۇ ئەلانى تۇنجى قېتىم لەنجۇغا بارغىنىدا ئاشۇنداق كىيىم بىلەن كۆرگەن . ئۇ چاغدا رەقىب ئۇنى مەنسىتمىگەن ، ئۇنىڭغا بىر تەجرىبىلىك رەھبەردەك كۆرسەتمىلەرنى بېرىپ ، ھاياتتا نېمىلەرنى قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ئۆگەتكەن ، لېكىن ئۇ چاغلاردا ، ئارىدىن

ئون بەش يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ، ئاشۇ كۆك چاپان ـ ئىشتان
كىيگەن ئورۇق بالىنى كۆرگەندە ، بۈنچىلىك ئالاقزادە بولۇشنى
ئويلىغانمىدى ؟ ئۇنى ئالاقزادە قىلغان قانداق بىر كۈچ ئۇ ؟ ئىلىم
ياكى ھەقىقەتنىڭ غەلىبىسىمۇ ياكى ساپلىق بىلەن ساختىلىق ئوت-
تۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئېلىشىشنىڭ يەكۈنىمۇ ؟ ئۇنداق
بولمىسا ، زادى نېمە ؟ ۋىجدان ئىگىسى دار ئالدىدىمۇ تەمتىرىمەي-
دۇ ، ئەمما ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى تاجۇتەخت ئۈستىدىمۇ تىنچىيالماي-
دۇ ، دېگەن سۆزنى كىم ئېيتقان ؟ بۇ سۆزنى ئەپلاتون ، روسسو
ۋولتىر ، گېگىل ياكى ئارىستوتېل ، سەئىدى ، دانتى دېگەندەك
ھېكمەتلىك سۆز ئۇستىلىرى ئېيتماستىن ئاۋۇ كۆك چاپان كىيگەن
ئەلانىڭ ئېيتقىنى نېمىسى ؟ ئۇنىڭ بۇ سۆزى نېمىشقا رەقىپنىڭ
يادىدا قالىدىكىنە ؟...

ماشىنا قېرى قارىياغاچلار ئارىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ ، بىر
قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ، لېكىن رەقىپنىڭ
كۆڭلىدىكى ۋەھىمە تارقىمىدى . ئۇ شوپۇر بىلەن سوغۇقلا خوشلاش-
تى ـ دە ، ئىككى قاسىنقى بۇك ئالمىلىق خىش ياتقۇزۇلغان يولدا
ئاچچىق موخوركىسىنى شوراپ خېلىغىچە تىنىمسىز ماڭدى .

— ئامەت ئىزدەپ مېڭىپسەن ـ دە ؟ — تونۇش ئاۋازدىن
چۆچۈپ رەقىپنىڭ چىرايى تامدەك تاتاردى ، لېكىن ئۇ دەرھال
ئۆزىنى تۇتۇۋالدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئەلا ئاداش ، خۇدا ھەققى ، سىنى
ئويلاۋاتاتتىم ، مۇنۇ ئامەتنى قارىمامسەن ؟

رەقىپ ھازىرلا ئۆزىنى ئاتىدىغاندەك قۇچاق ئېچىپ ئەلاغا
قاراپ ماڭدى . ئەلا بولسا ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ ، قاپاقلى-
رى تۈرۈلگەن ، لەۋلىرى يىمىرىلگەن ھالدا رەقىپكە قادىلىپ تىك
تۇراتتى .

رەقىپ سۇنغان قوللىرى جاۋابسىز قالغاندىن كېيىن ئوڭاي-

سىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈلۈمسىرىدى :

— ھېچبولمىسا ، دىپلوماتىيە يۈزىسىدىن بولسىمۇ ، بىر قو-لۇڭنى بېرىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ ، ئاداش .

— دىپلوماتىيە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىش ، ھازىرچە ماڭا ئۇنداق پۇرسەت نېسىپ بولمىدى .

— نېمە ، نېمە دېدىڭا ؟ مېنى ئادەملەر قاتارىدىن ئۇنداق ئالدى-راپ ئۈچۈرۈۋەتمىگىن . ھېچبولمىسا ، ئۆلگەنلەر قاتارىدىن بولسى-مۇ ئورۇن بەرگىن – دە .

رەقىپ بۇ سۆزنى ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ ، كۆزلى-رىدىن ياش ئەگىدى .

— ئەلا ئاداش ، — دېدى ئۇ ئازاب بىلەن ئېغىر تىنىپ ، — نۇرغۇن ئىشلارغا مەن سەۋەبچى ، مېنىڭ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا گۇناھ – جىنايەتلىرىم بار ، لېكىن مەن جىنايەتچى بولسامۇ ، ئادەممەن . ئادەم بولغاندىمۇ ، سىلەر ئويلىغاندىن خېلىلا تۈزۈكرەك ئادەممەن . مېنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس . ئەگەر خالىساڭلا ، مەن ساڭا يۈرەك – باغرىمنى يېرىپ كۆرسىتىپ بېرىمەن .

— ئەرزىمەيدۇ ، — دېدى ئەلا ئالما شېخىدا سايراۋاتقان كى-چىككىنە قۇشقا قاراپ تۇرۇپ ، — ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ ، كونا ساندۇقتىكى مالنى ئۆرۈپ – چۆرۈپ بېرىشىڭ ھاجىتى نېمە ؟ مېنىڭ بىرلا تىلىكىم بار : ئون بەش يىل ياخشى بولسۇن ، يامان بولسۇن بېرىش – كېلىش قىلىشتۇق . بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئۇنتۇغىن . ماڭا ياخشىلىق قىلاي دېسەڭ ، مېنى ئۇنتۇغىن !

— ئەلا ئاداش... ئاداش !— ... رەقىپ قوللىرىنى سوزۇپ ئالدىغا ماڭدى . ئەلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ، ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ كېلىۋاتقان ئايالغا قاراپ ماڭدى .

— رازىيە ، يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن ھاشىر بىلەن كۆرۈ-شىسىز ، ھەي ئىسىت ، سىلەرنىڭ قۇچاقلاشقىنىڭلارنى كۆرەلمەي-

دىغان بولدۇم ـ دە !

— تۇرمىگە كىرمىدىڭىز ـ دە ،— دەپ چاقچاق قىلدى رازىيە قاقاقلاپ كۈلۈپ ، — تۇرمىگە كىرگەن بولسىڭىز كۆرەتتىڭىز . ئەپسۇسكى ، سىزنى تۇرمىگە سالغۇدەك بىر مەردانە تۇغۇلماپتۇ .

رازىيە بۇ تەنلىك گەپ بىلەن رەقىپكە يالت قىلىپ قاراپ قويدى .

يىگىرمە سەككىزلا ئادەم ئولتۇرىدىغان ، سائىتىگە تۆت يۈز نەچچە كىلومېتىر تېزلىك بىلەن ئۇچالايدىغان كىچىك ئايروپىلان غۇلجا ئايرودرومىدىن چۈش بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلدى ـ دە ، ئاۋۋال جەنۇبقا ئۇچۇپ ، كۈمۈش لېنتىدەك پارقىراپ ياتقان ئىلى دەرياسى ئۈستىدىن ئايلىنىپ شەرققە قاراپ ئۇچتى . ئايروپىلاندىكىلەر ئېتىز ، باغ ، ئۆستەڭ ، مەھەللىلەر ۋە ياز بېزەكلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدىغان ئىلى ۋادىسىنى زوق بىلەن تاماشا قىلىشىپ ، ئۆزى بىلىشىدىغان يەرلەرنىڭ ناملىرىنى ئاتىشىپ خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇشماقتا . يالغۇز رەقىپلا ئۆزى بىلەن يانداش ئولتۇرغان گۈزەل ئايالنىڭ خىيالچان كۆزلىرىگە قاراشتىن ئەيمىنىپ ، بايىلا قايتا قوزغالغان ئەسەبىيلىك ئازابىدىن قىينالماقتا ئىدى . ئايروپىلان ئىلى ۋادىسىنى تېزلا بېسىپ ئۆتۈپ ، تۆپىلىكلەر ئۈستى بىلەن ئۇچۇپ ئاچال ئېغىزىغا كەلدى . ئايروپىلاندىن ئىككى تەرەپتىكى قارىغايلىق يېشىل چوققىلار ، كىچىك ئۆيلەر ، ئوتلاۋاتقان مال ـ ۋارانلار ۋە ئارىسىدىكى ئادەملەر كۆرۈندى . ئىككى ياقتىكى تاغلار ئايروپىلان بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە ، خۇددى ئايروپىلاننىڭ قانىتى چوققىلارغا تېگىپ كېتىدىغاندەكلا بىلىنىدى . «مانا ، گۆرساي مۇشۇ ئاستىمىزدا بولسا كېرەك ،— دەپ ئويلىدى رەقىپ ، ئەلانىڭ ھېلىقى قېتىمقى باشلىق بىلەن «قاسقىر ئاۋۇز » نىڭكىگە چىققاندا ئېيتقان ھېكايىسىنى ئەسلەپ ، — ئۇنىڭ ئايىغى تەگمىگەن گۆرساي ، گەنجا يايلىقىنىڭ قاراڭغۇ سايلىرى قالمىدى .

ئۇن بەش يىلدىن بېرى ئۇ نېمە قىلغىنىغا شۇنچىلىك ئازاب چەكتى؟ مەن مەردلىك قىلغان بولسام، ئۇ بەلكى تاغلار ئىچىدە قېچىپ يۈرمىگەن بولار ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا غەزەپلىنىشى، مېنى ئىنسانىيەت تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋېتىشكە ھەققى بار، ئۇنىڭ نەپرىتىنى مەن پەيدا قىلغان تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا بۇ نەپرەتنى يوقىتىشنىڭ، ھېچبولمىسا ئازايتىشنىڭ ئامالىنى قىلمايمەن؟ قارا كۆڭۈللۈك قىلغىنىم راست، ھېلىھەم بولسىمۇ تۈۋا قىلسام، ئەيىبىمنى تونۇتسام، چىن كۆڭلۈم بىلەن ئەلادەك ئەزىمەتلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئۇلارغا يار - يۆلەك بولسام بولمامدىكەن؟ لېكىن، مەن بۇ كۆڭلۈمنى ئۇلارغا قانداق چۈشەندۈرىمەن...»

ئۇنىڭ خىيالىدا ئىنسان بىلەن ياۋۇزلۇق ئەنە شۇنداق پات - پات ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇردى. ئۇنىڭ بىردە ساختىلىق، قۇۋلۇق، سۇيىقەست بىلەن ئۆز ئادىتى بويىچە ياشىغۇسى، شۇ يول بىلەن باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرغۇسى كېلەتتى، بىردە بولسا، ئۇنىڭ يۈرىكىدە ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەتكە ئازراق بولسىمۇ ھۆرمەت پەيدا بولاتتى - دە، ھەممىدىن قول ئۈزۈپ، ئىنساپ ۋە دىيانەتلىك ئادەملەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇسى كېلەتتى.

ئايروپىلان تەڭرىتاغىنىڭ بۇ تىزمىلىرىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتۈپ، تاغ ياقىلاپ شەرققە قاراپ ئۇچقاندىن كېيىن، ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، يېنىك يۆتىلىپ قويۇپ، يېنىدىكى ئايالغا قارىدى:

— رازىيە مۇئەللىم، — دېدى ئۇ سىلىق يۇمشاق ئاۋازدا، — شۇنداق، قىلىپ، ھاشىر شۇجىنى ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا كۆرىمىزمۇ؟

رازىيە ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ قانسىز، قەغەزدەك ئاق يۈزىدە بىردىنلا قىزغۇچ ئەلەڭگە پەيدا بولدى - دە، ئۇ ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى سىلاپ، ئاقارغان

چاچلىرى ئۈستىدىكى نېپىز ياغلىقنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى .
— ئايروپىلان ئاخىرقى بىر مىنۇتتا ھادىسىگە ئۇچرىمىسا شۇنداق بولىدۇ ، رەقىپ جۆرىن .
— خاتىرجەم بولىسىڭىز بولىدۇ ، ھاشىر شۇجى بىلەن سالامەت كۆرۈشىمىز .
— ھەي تاڭەي ، — دېدى رازىيە كۈلۈپ قويۇپ ، — خاتىرجەملىك ئۈچۈن شەرت - شارائىت بارمىكىنتاڭ ، نېمىشقا دەمسىزا ؟ سەۋەبى ئاددىي : ئايروپىلاندا سىز بار - دە .
رەقىپ ئۆمرىدە بىرمۇ قېتىم سۆزلەشمىگەن ، لېكىن سىرتىدىن بىلىشىدىغان بۇ ئايالدىن بۇ خىل گەپلەرنى كۈتمىگەنىدى .
ئۇنىڭ چىرايى تۇمۇردەك قارىداپ ، قاپاقلىرى لىپىلداپ كەتتى .
ئۇ مەقسەتسىزلا يانچۇقلىرىنى كولاشتۇرۇپ بىرنېمە ئىزدىدى ، ئاخىر رازىيەگە قاراپ قويۇپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى :
— ھەقلىق ، شۇنداق دېيىشكە تامامەن ھەقلىقسىلەر ، لېكىن مەن سىزدىن بىرلا نەرسىنى ئىلتىماس قىلىمەن . مەن ھاشىر شۇجى بىلەن بىر سائەت يالغۇز پاراڭلىشىشىم كېرەك . سىز ئۇنى ماڭا بىرلا سائەت ئارىيەت بېرىشكە ۋەدە قىلىڭ ، مەن مەخسۇسلا مۇشۇ ئىش بىلەن كەلدىم . ئىككىمىزنىڭ سەپىرى بىر ئىش ئۈچۈن ، رازىيە سىڭلىم ، ھەر ئىككىمىز بىر ئادەم ئۈچۈن كەلدۇق . لېكىن مەقسەت ھەر خىل ، سىز ئۇنى چەكسىز خۇشال قىلغىلى ، مەن بولسام ئۇنى چەكسىز خاپا قىلغىلى ، نەپرەتلەندۈرگىلى كەلدىم .
— ياق ، مەن سىزگە ئۇنى بىر مىنۇتمۇ ئارىيەت بېرەلمەيمەن . ياق ، سىزنىڭ ھاشىر بىلەن كۆرۈشۈش ھوقۇقىڭىز يوق .
ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا تۆۋەنلەشكە باشلىدى . مانا ، ئايرودرومدىن ئەڭ ئاخىرقى ماشىنىلار قوزغالدى . رەقىپ ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ ، كۆزنەكە قارا كۆزەينەك تاقاپ ، يۈك -

تاق ئالدىغان ئورۇندا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ ، ۋەسۋەسە بىلەن
ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ ، لېكىن سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالماس-
تىن يۈرمەكتە . ئۇ بايا ئايروپىلاندىن رازىيەگە ئەگىشىپ چۈشۈپ ،
هاشىر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەن ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلە-
شىشكە ئىمكانىيەت تاپىمەن ، دەپ ئويلىغانىدى ، لېكىن ئۇنداق
قىلالمىدى . ئۇ ئايروپىلان شوتىسىدا تۇرۇپلا ، كۈتۈش بىناسىنىڭ
ئالدىدىكى سەينادا كۈتۈۋالغۇچىلار ئارىسىدا ئوڭ قولىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ كۈلۈپ تۇرغان هاشىرنى تونۇدى . هاشىر يەنىلا بۇرۇنقى-
دەك تۆت يانچۇقلۇق كۆك چاپان كىيگەن ، يالاڭئاش ئىدى . ئۇلار
يېقىنلاشتى ، رەقىپ هاشىردىن كۆزىنى ئۈزمىدى . هاشىرنىڭ چە-
رايىدىكى هەربىر ئۆزگىرىشكە دىققەت بىلەن قاراپ ، ئۇنىڭ ئۆزىگە
بىر نەزەر تاشلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى ، لېكىن ئۇ كۈتكە-
نىگە ئېرىشەلمىدى . هاشىرنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ كېڭەيگەن كەڭ پې-
شانىسىدە ئاۋۋال ئۇششاق قورۇقلار پەيدا بولۇپ ، ئولتۇرۇشقان
كۆزلىرى ئەتراپىدىكى سىزىقلار كۆپەيدى - دە ، بىردىنلا چىرايى
سوزۇلۇپ ، هېلىقى قورۇقلار يوقالدى ، ئۇنىڭ قىڭراق بىسىدەك
بولۇپ قالغان قاڭشىرىدا قىيا قۇياش نۇرىنىڭ شولىسى چاقنىدى .
رەقىپ بۇ چاغدا ، هاشىرنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى ، ئوت چاقناپ
تۇرغان كۆزلىرى بىرلا رازىيەگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىگە تولۇق ئى-
شەندى . رەقىپ ، ئۇلار قۇچاقلىشىدۇ ، يىغلىشىدۇ دەپ ئويلىغانى-
دى ، لېكىن ئۇلار قۇچاقلاشمىدى ، يىغلاشمىدى . بىر - بىرىنىڭ
قوللىرىنى چىڭ سىقىشىپ ، كۆزلىرى بىلەن بارلىق خۇشاللىق -
هاياجانلىرىنى ئىپادە قىلىشتى . رەقىپ هاشىرنىڭ ئورنىدا بولغى-
نىدا ، ئۇيغۇر پىسخىكىسى — نومۇس - پەردىشەپلىرىنى ئاللىقا-
چان چۆرۈپ تاشلاپ ، رازىيە بىلەن «ياۋروپاچە» كۆرۈشكەن
بولاتتى - دە . لېكىن ئۇلار قانداق كۆرۈشۈشنى خالىسا شۇنداق
كۆرۈشەلەيدۇ ، رەقىپ باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا پىكىر بېرىپ تۇرد-

تىش ھوقۇقى يوق. ئادىلە: «سىز دەسسىگەن كوچىغا كىرمەيمىز!» دېسە، ئەلا: «مېنى ئۇنتۇغىن» دېدى. رازىيە بولسا: «ھاشىر بىلەن كۆرۈشۈش ھوقۇقىڭىز يوق» دېدى. ھاشىرچۇ؟ رەقىبىنى كۆرمىگەندىمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ھەممىنى كۆردى. ئۇ رەقىبىنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى، نېمىشقا ھاشىر بىلەن كۆرۈشمەكچىكەنلىكىنى ... قىسقىسى، ھەممىنى بىلىپ بولدى. ئۇ رەقىبىنى كۆرمەسكە سالدى، ئۇنى مەڭگۈ كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەر قاتارىغا كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇلار 50 - يىللاردا تونۇشقان، 60 - يىللاردا ئاز كۈن بولسىمۇ، بىر ناھىيىنىڭ پارتكوم ئىدارىسىدە رەھبەر بولۇپ بىللە ئىشلىگەن، 70 - يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە، راستتىنلا بىر - بىرىنى تونۇمايدىغان، كۆرمەسكە سېلىشىدىغان ئادەملەرگە ئايلىنىپ كېتەمدۇ؟ مۇشۇنداق بولسا، بۇ يىللار نېمانچە زور ئارازلىق پەيدا قىلىپ، شۇنچە تېز ئۆتكەندۇ - ھە؟ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى دوستلۇقتىن دۈشمەنلىككە قاراپ راۋاجلىنىشنىڭ ئەيىبكارى راستتىنلا رەقىپ بولىدىغان بولسا، رەقىپكە بۇنىڭدىن كېيىنكى 80 - ، 90 - يىللارنىڭ قانچىلىك زۆرۈرىيىتى، لەززىتى باردۇ - ھە؟

رەقىپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئايرودروم چۆرىسىدە مېڭىپ يۈردى. ئۇ چارچىغان، قورسىقى ئاچقانلىقىنى سەزمىدى. ئۇ چەكسىز روھىي چۈشكۈنلۈك، ئازاب ئىچىدە، خۇددى بەزگىكى تۇتقان ئادەمدەك تىترەپ، ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردا، ئۇزاقتىن - ئۇزاق مەقسەتسىز يول ماڭدى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا جەمئىيەتتىن ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۆزىگە ئوڭۇشلۇق يول ئىزدىگۈسى كېلەتتى ھەم بۇ يولنىڭ تېپىلىشىغا ئىشىنەتتى، تۇرۇپلا ئۆزىدىن پۈتۈن تونۇش - بىلىش، يېقىنلىرى، ھەتتا تۇغقانلىرىنىڭ يىرگىنىپ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ، ھاياتتا ئۆزىنى چەكسىز يېتىم، بىچارە، ھىمايىسىز ھېس قىلىپ، ھاياتتىن بىر

يولىلا قول ئۈزۈشنى ، بۈگۈنلا مۇشۇ چۆلدىكى ئايرودروم يولىدا
بىر مەقسەتكە ئوڭايلا ئېرىشىشنى ئويلايتتى . ئۇ ئايرودرومدىن
شەھەرگە تېگى يوق خىياللار بىلەن پىيادە ماڭدى . ئۇ بىلىكىگە
سومكىسىنى سېلىۋالغان ، سومكىسىدا ھەربىي گراناتتىن ئىككىسى
تۇرۇپتۇ . ئۇ بۇ گراناتنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ھېلىقى قورال-
لىقلار ئېتىبارلانغان دەۋرىدە ئېلىۋېلىپ ، ئىنقىلابىي كومىتېت
قۇرۇلغاندىن كېيىن تاپانچىسىنى تاپشۇرۇپ ، مۇشۇ ئىككى گرانات-
نى ساقلاپ قويغان . ئايروپىلان تەكشۈرۈشىدىنمۇ بۇ ئىككى تال
گراناتنى ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتكۈزەلىدى . مانا بۈگۈن ، ئۇلارنىڭ
ئەسقاتىدىغان ۋاقتى كەلگەن ئوخشايدۇ . ئۇ خىيال بىلەن كېتىپ
بېرىپ ، سومكىسىدىكى بۇ ئاخىرقى مەقسىتى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان
قوراللىرىنى سىلاپ - سىيپاپ قويدى : «ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمە-
دىم . ئاخىر شەرمەندىلەرچە ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىدىغان ھالغا كەلدىم .
بۇ ھاشىر ، ئەللار مېنى ھامان ساق قويمايدۇ . نامەتنى ئىشقا
سالغان مەن ، بۇنى بىلىدىغانلارمۇ بار . لى شۈجىمۇ بىلىدۇ . كىم
بىلىدۇ ، لى شۈجى ئۆزىنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ،
مېنىڭ ئۈستۈمگە ھەممە گۇناھنى ئارتىپ ، پاش قىلىپ ، خىزمەت
كۆرسىتىپ بولدىمۇ تېخى . ئۆز يېقىنلىرىنى سېتىپ ، ئۆز ئورنىنى
ئۆستۈرۈش ، ھەممىلا ئادەم ئىشلىتىدىغان ئاددىي ئۇسۇل . لى
شۈجىنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسامۇ ، ئاللىقاچان ئۇنى ساتقان
بولاتتىم . مەن بۇ يەردە ھاياتەن دەپ يۈرگىنىم بىلەن ، بەرىبىر
قاپقانغا چۈشكەن تۈلكىمەن ، ئاز كۈندە قاپقان ئىگىسى كېلىدۇ -
دە ، تېرەمنى تەتۈر سويىدۇ . ھەي ئىسىت ، ھېچبولمىغاندا گۈزەل-
ئايغا ھېلىقى چاغدا راستىنلا باسقۇنچىلىق قىلغان بولسام بوپتى-
كەن . ئاز كۈندە ئۇلارمۇ مۇنۇ رازىيە بىلەن ھاشىردەك ھاياجانلى-
نىپ كۆرۈشىدۇ . ئۇلار ماموق ياستۇقلىرىدا ئوڭدا يېتىپ ، مەن
تۇغرۇلۇق نەپرەت بىلەن سۆزلىشىدۇ . يەنچۇ ، بەلكى ھېلىقى

ئۇسمانمۇ قايتىپ كېلەر، قۇرماش دېگەن ناكەسمۇ بۇ چاغقىچە مېنىڭ ئۇنى قىستاپ سوراقتا تارتقانلىرىمنى تېگىشلىك جايىغا ئېيتىپ بولغاندۇ، ھېلىقى داۋۇت دېگەنلەر لېنتىغا ئېلىۋالغان ئىقرارنامىچۇ تېخى؟ جەمئىيەتتە ماڭا ھايات يولى تېپىلغان تەقدىردىمۇ، ئاشۇ ماڭا تىغ بىلەپ يۈرگەنلەر ماڭا كۈن بەرمەيدۇ. بىرلىرى تۇيۇقسىز ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ، ھاشىرلار ھېلىقى مەن ئۆچۈن باشقىلارنى ئۇرۇپ بەرگەن، بىر كۆزىدە ئېقى بار كالتەكچىگە ئوخشاشلارنى ئىشقا سېلىپ ئۇرغۇزۇپ، مەڭگۈ قوپالماس ناكار قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىنغۇ؟ ھەي ئىست، ئەلانى ئىككى قېتىم ئۇرغۇزدۇم، نېمىشقا ئۆلتۈرگۈزۈۋەتمىدىم؟ نېمىشقا ئىشنى چالا قىلدىم؟ جاۋابكارلىقتىن قورقتۇممۇ؟ مانا بۈگۈنكى ۋەھىمە، خورلۇق ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىدىن يېنىك چۈشۈۋاتامدۇ — ھە... ؟»

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. يول بويىدىكى چىراغلارمۇ ياندى. چىراغلار دالىغا سۇرلۇك مەنزىرە ئېلىپ كەلدى. رەقىپىنىڭ يۈرەك تەرىپى چىمىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ مانا قىرىق ياشقا تولدى، راسا قىران چاغلىرى كەلگەندە، ئۇنىڭ ھايات بىلەن خوشلاشماقچى بولغانلىقى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئەمەسمۇ؟ خې شۇجىنى تېپىپ لەنجۇغا قايتىپ كەتسىچۇ؟ غەربىي - شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى يەنە ئەسلىگە كەپتۇ. شۇ يەرگە كېتىپ، شىنجاڭ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشسىچۇ؟ ئۇ خوشلىشىش، ھايات بىلەن خوشلاشقانغا قارىغاندا يېنىك ئەمەسمۇ؟ خىيالىغا خې شۇجى كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ، ئۆچۈشكە باشلىغان ئۈمىد چىرىغى قايتىدىن پىلىلداپ يانغاندەك بولدى.

شۇ چاغدا، ئۇنىڭغا قارشى كېلىۋاتقان كىچىك ماشىنا توختىدى - دە، ماشىنىدىن تونۇش ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ سۆزلەپ بىرى ئالدىراپ چۈشتى:

— رە بۇجاڭ، پىيادە جاپا تارتىپسىز، ماشىنىغا تېز چىقىڭ،

قېنى ئالدىغا !

بۇ يىگىت ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كاتىپى . ئۇ ئەسلىي تەرجىمان ئىكەن ، كېيىن كاتىپ بولغان ، ناھىيە ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەندە ، بىر تەرەپنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق رەھبىرى بولغان . «ئەلەم كۈرشى»گە رەھبەرلىك قىلغانلىقى ، قورال بۇلاشتا «تۆھپىسى بار»لىقى سەۋەبىدىن ، بۇ قېتىم «ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ھاكىمىيەت»تىن ئورۇن ئالالمىغان . ئۇمۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى بىلەن يېقىن بولغاچقا ، ئورۇمچىگە ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئەرز قىلغىلى لى شۇجى بىلەن بىللە كەلگەنىدى .

— رە بۇجاڭ ، نېمىشقا ھاشىر شۇجىنىڭ ماشىنىسى بىلەن بىللە ماڭمىدىڭىز . شۇ كىشىنىڭ ئايالى دېمىگەن بولسا ، سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزدىن لى شۇجىمۇ خەۋەرسىز ئىدى . لى شۇجى نەچچە كۈندىن بېرى ھاشىر شۇجى بىلەن بىللە ، ئۇلار ناھىيىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ، بىللە باش قاتۇرۇپ ، بىللە پىلان تۈزۈۋاتىدۇ .

— ھاشىر شۇجى لى شۇجىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلدىمۇ ؟

— قىلمايچۇ ، ئۇ دېگەن ئاق كۆڭۈل ، كۆكسى ـ قارنى كەڭ پارتىيە ئەزاسى تۇرسا ، ئۆتكەن ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى كۆڭلىگە ئېلىپ يۈرەتتىمۇ ؟

— شۇنداق بولسىمۇ ، بىزنىڭ كاساپىتىمىزدىن ئۇ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ـ دە ، ناۋادا ئەلا قاراملىق قىلىپ يۇقىرىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلمىغان بولسا ، ئۇ ئېتىلىپ كەتكەن بولاتتى .

— شۇنداق ، لېكىن ئۇ ئادەم مەسىلىگە كەڭ قارايدىكەن ، ھەتتا لى شۇجىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا يۇقىرىغا تەكلىپمۇ بەرگەن . بولمىسا ، ئۇ ئادەم بىلەن

لى شۈجى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كىچىك زىددىيەت ئەمەس. ھاشىر شۈجى ھەممىنى بىلىدۇ. لېكىن ئۇ «ئىنتىپاقلىشىشقا ماھىر بولۇش، ئۆزىگە قارشى تۇرغان، خاتالاشقانلىقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان ئادەملەر بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر بولۇش كېرەك» دېگەن تەلىماتقا تولۇق ئەمەل قىلىدىغان ئادەم ئىكەن. كۆرۈپ قالىسىز، ئۇ سىزنىڭ ئۆتكەندىكى خاتالىقىڭىزنى ھەرگىز يۈزىڭىزگە سالمايدۇ. راسا قاملاشتۇرۇپ روھىي دۇنيايىڭىزغا تاقاپ بىر تەكشۈرۈش يازسىڭىزلا، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ. كىم خاتالاشمىغان؟ سىز بىلەن بىزنىڭ خاتالىقىمىز قانچىلىك خاتالىق دەيسىز؟ ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ - چوڭ رەھبەرلىرىمۇ خاتالاشتى. نەچچە يۈزلىگەن، نەچچە مىڭلىغان ئادەمگە ۋابال قىلدى. شۇلارنىڭ بىرمۇبىر ھېسابى بولىدۇ دەمسىز؟ ئۇنداق بولمايدۇ، رە جۇرىن، خاتالىق قاتلاممۇقاتلام سۈرۈشتۈرۈلسە، ئاخىرى قانداق بولار؟ يۇقىرى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، پۈتۈن ئىش نامەتنى جازالاش بىلەنلا تۈگەيدۇ. ھەرگىزمۇ سىزگە، لى شۈجىغا تاقالمايدۇ.

رەقىپنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى يورۇشقا باشلىدى. «يۇقىرى دېگەن يۇقىرى - دە، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — ھەقىقەت يۇقىرىدا، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئامال قىلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەش كېرەك. تاسلا قاپتىمەن، گراناتنى ئىشقا سالغىلى».

— سىز گرانات ئېتىشقا ئۇستىغۇ - ھە؟ — ئۇ تەرجىماندىن سورىدى.

— ساۋاتسىز ئەمەسمەن، ئەجەب سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— مۇنۇ ئىككى تال گراناتنى ئاۋۇ چۆلدە ئېتىپ يوقىتىڭە، يېنىمدا تۇرسا ۋەھىمىلىك بولىدىكەن؟

— ماقۇل، ئەكېلىڭ، بارلىق ئەندىشىڭىز مۇشۇ ئىككى تال گرانات بىلەن تۈگىسۇن. سىز غەمدىن خالاس، يۈرەكلىك ئادەمگە

ئايلىنىڭ، لى شۈجى سىزدىن مۇشۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىر ئازدىن كېيىن كەينى ـ كەينىدىن ئىككى تال گرانات پارتلىدى، رەقىپكە گرانات ئاۋازىدىن كېيىن جاھان باشقىچە بىلىندى. گويا ئۇنىڭغا ئىستىقبال ئىشىكى يېڭىۋاشتىن ئېچىلغاندەك...

# ئالتىنچى باب ئىزدىنىش

## 1

«... سەن تۆگە، مېنى تولا قىستاۋەرمىگىن. مەن ناھىيىگە يۆتكىلىپ كېلىشنى خالىمايمەن، نېمە؟ مېنىڭ ئائىلەمنىڭ بىر ئەزاسى بولىسەن، بۇ رازىيە ئىككىمىزنىڭ تەلىپى دەمسىنا؟ مەن سىلەرنىڭ بەختىڭلار بىلەن خۇشال. لېكىن، بىلىپ قويۇڭلار، مەن سىلەرنىڭ لەززەتلىك تۇرمۇشىڭلاردىن ئۆزۈمگە تېگىشلىك بولغان بىر ئۈلۈشنى ھەرقانداق يول بىلەن قوبۇل قىلىپ ئالالمايمەن. ھېسسىيات، پىكىر، غايە ۋە مىجەز - خۇلقتا ئورتاقلىق بولىدۇ، لېكىن تۇرمۇشتىن ئالىدىغان شەخسىي لەززەتتە ئۇنداق ئەمەس، سەن قوبۇل قىلىپ ئالغان لەززەت مېنى خۇشال قىلالايدۇ، لېكىن رازى قىلالمايدۇ. ئېيتايلى، سەن رازىيەنىڭ قولىنى تۇتقىنىڭدا ياكى چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ ئولتۇرغىنىڭدا، ۋۇجۇدۇڭدا پەيدا بولغان لەززەتنى ھېچقانداق تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيسەن. ئۇ شۇنچىلىك شېرىن، شۇنچىلىك نازۇك، شۇنچىلىك سىرلىق، ئۇنى يۈرىكىڭ بىرلا ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ساڭا تېگىل، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر كىشى سەنچىلىك لەززەتلىنەلمەيدۇ. يەنە بىر مىسال كۆرسىتەي، مەن تۈنۈگۈن نەۋائىغا تەقلىد قىلىپ بىر شېئىر يازدىم. شېئىرىمىنىڭ ماۋزۇسى «ساڭا»، شېئىرنى پۈتتۈرۈپ ھاياجاندىن يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇسىزلىق ئازابىنى تارتتىم. مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولساڭ، بۇ لەززەت ئازابىدىن پۈتۈنلەي خالىي بولغان بولاتتىڭ،

چۈنكى بۇ لەززەت ساڭا يات . گەپ ئەنە شۇنداق . مەن سېنىڭ ئۆيۈڭدە ھاياتتىن ئۆزۈم خالىغىنىمدەك لەززەت ئالالمايمەن . ماڭا يالغۇز ئۆي ، پاكىز ھاۋا ، خىيال قىلىش ئۈچۈن جىمجىتلىق كېرەك . قاچانغىچە خىيال دۇنياسىدا ياشايسەن دېگىنىڭ نېمىسى ؟ بەلكى ئۆمۈر بويى شۇنداق قىلارمەن . بۇنداق ياشاشنىڭ ماڭا زىيىنى يوق . بىزنىڭ دوستلۇقىمىزغىمۇ تەسىرى يوق . مەن چوڭ گەپ قىلىپ قوياي . ئۇلۇغ ماركس ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ يازغان ئەسىرى «كاپىتال»نىڭ بىرىنچى تومىنى دوستى ۋېلىيام ۋۇروفقا بېغىشلىغان . مەنمۇ بۇ ئۇلۇغ ئادەمگە تەقلىد قىلىپ بىر ئەسىرىمنىڭ تىتۇلىغا : «ئىككى دۇنيالىق ئاغىنەم ھاشىرغا بېغىشلايمەن» دەپ يېزىپ قويماقچىمەن . چۈنكى ، سەن مېنى ۋۇروفقا ئوخشاش يەتتە يۈز فوندستېرلىڭلىق كىتاب ، مال - مۈلۈك بېرىپ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىمدىن قۇتۇلدۇرمىغىنىڭ بىلەن ، ئاق كۆڭۈل ، سەممىي ، راستچىللىقىڭ بىلەن مېنىڭ مەنىۋى ھاياتىمدىكى بوشلۇقنى دائىم تولدۇرۇپ كەلدىڭ . ناۋادا ، كىتابلاردىكى ئاجايىپ ئادەملەر بىلەن رېئال تۇرمۇشتىكى ساڭا ئوخشاش قەيسەر دوستلىرىم ماڭا دائىم ئىلھام بېغىشلاپ تۇرمىغىنىدا ئىدى ، مەن ئاللىقاچان ھەممىدىن قول ئۈزۈپ ، بىر مېھماندوست دېھقانغا ئايلانغان بولاتتىم...»

ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىش بىلەن ئەلانىڭ قەلىمى توختىدى . ئىشىكتە «تاغىل ئۆكۈز» لەقەملىك ھېلىقى تۆۋەنگە چۈشكەن قېرى ئارتىس مۈكچىيىپ تۇرۇپ ، قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى .

— مەتيۈسۈپ ھاجى 1934 - يىلى 4 - ۋە 5 - ئايلاردا بىرىنچى قېتىم سەھنىگە چىققان ، ھۆسەيىن تارانوف گوگولنىڭ «ئۆيلىنىش» دېگەن دراممىسىنى تەرجىمە قىلغان . بىز ئۇنى ، ئىتالىيىنىڭ «خىيالى تېۋىپ» دېگەن دراممىسىنى ، تاتارچە «ئۆردەك-

لەر » دېيىلىدىغان يەنە بىر سەھنە كىتابىنى يىگىرمە يىللاپ ئوينىغان . رەمىتى رەخمىجان سابىرھاجى بىرىنچى بولۇپ خوتۇنى بىلەن سەھنىگە چىقىپ رول ئالغان . ئىككىنچى قېتىم ، رەمىتى قاسىمجان قەمبىرى رازىيە خېنىم بىلەن رولغا چىققان . ئۇكام ئەلا ، جۇل - جۇل كىيىم ئىچىدە ئادەم بار جۇمۇڭ ، ئەسكى خالتا ئىچىدە سىز كىتاب ساقلايسىز . مەنمۇ شۇنداق ، ئەسكى چاپان ئىچىدە بىر پاكىز يۈرەكنى ساقلاۋاتىمەن !...

ئەلا يۈزىنى قاتمۇقات قورۇق باسقان ، ساقاللىرىغا شاما يۇقى چاپلاشقان بۇ ئادەمنىڭ باش - ئاخىرى يوق گەپلىرىدىن نېمە دېمەكچىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى .

— ئاز ئىچىپسىز ھە ، ئاكا ، كېمىنى تولدۇرۇشقا مەن تەييار ، — دېدى ئەلا بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ .

ئەلا كارىۋات ئاستىدىن يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئالدى - دە ، ئىككى پىيالىغا تەڭ قىلىپ قويۇپ ، بىرىنى «تاغىل ئۆكۆز »گە سۇندى . بوۋاي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن پىيالىنى ئالدى . ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىدە خۇشاللىق جىلۋىلەندى .

— بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە خۇشاللىق قالدى ، ئۇكام ، ئويلاپ باقسام ، تۇرمۇشمۇ بىر سەھنە كىتابى ئىكەن . بىز ھەممىمىز ئارتىس ئىكەنمىز . بىردەمدىلا يىغلايمىز ، بىردەمدىلا كۈلىمىز ، بىرلىرى ساڭا قاراپ تۈكۈرىدۇ ، بىرلىرى ساڭا قاراپ كۈلۈپ كۆڭۈل ئاچىدۇ ، يەنە بىرلىرى ساڭا قوشۇلۇپ يىغلايدۇ . لېكىن ، مۇشۇ ھاراق بولمىغان بولسا ، مەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ كېتەتتىم . جاپا - خورلۇقتىن مېنى مۇشۇ ھاراق ھىمايە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ جۇمۇڭ . ئاجايىپ بىر يەردە تۇغۇلدۇق . غۇلجا شەھىرى باياشاتچىلىق ، ئويۇن - تاماشا ، راھەت - پاراغەتنىڭ بۆلىقى ئىدى . جالالىدىن بايۋەچچىنىڭ پۈتۈن دۇنياسىنى يەپ تۈگىتىشكەنىدۇق ، ھەپتىلەپ - ھەپتىلەپ ئاشپۇزۇلدىن چىقمايتتۇق . جىرغىلاڭ ، زايۇم-

كا، توغرا سۇ، ئۈشكىلىك، سايرام بويلىرى دەمسىز، مەن - مەن دېگەن بايلارنىڭ، ئېيتايلوق، ھەسەنباي، ھاكىمبەگ، ئەختەمباي، تۇرداخۇنبايلارنىڭ سارايلىرى دەمسىز، ئىشقىلىپ، نەدە راھەت، نەدە ئويۇن - كۈلكە بولىدىكەن، بىز شۇ يەردە تەق ئىدۇق. غېنى باتۇرنىڭ دۆلىتىنىمۇ كۆرگەنمەن. باتۇرنىڭ كۈچى بىلەن ھەددى-مىزنىڭ ئۈستىگە توقالمۇ ئالغانمەن دەڭە! رەھمىتى ھەدىڭىز مېنىڭ دەردىمنى تولا تارتقان... ھەي، قېنى ئەمسە!

ئۇ ھاراقنى بىر يولىلا كۆتۈرۈۋېتىپ، ئاۋۋال جاۋغايلىرىنى، ئاندىن كېيىن كۆز يېشىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتتى. ئۇ ئەمدى تراگېدىيە رولىغا چىققان ھەقىقىي ئارتىسقا ئايلاندى. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئەلاغا تېگىل بولغان كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدى. يېرىم پىيالە ھاراق ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا تارتقان جەبىر - جاپالىرىنى بىر يولىلا يادىغا سالغان چېغى، ئۇ خۇددى بالىسىدىن ئايرىلغان بوتىدەك بوزلاپ يىغلاشقا، چىگىش كىرگەن بىر كاللەك يىپقا ئوخشاپ قالغان ھايات خاتىرد-سىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدىن تاتىلاشتۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

كۆز پەسلىنىڭ بۇنداق ئوچۇق ئاسمانلىق كۈندۈزلىرى يېزا كوچىلىرىدا ئادەم قالمايدۇ. ئۇلار گويا ئېتىزدىن ئۈنگەن بارلىق ناباتاتنى ئۆيلىرىگە توشۇپ ئەكېلىۋالماقچى بولۇشقاندەك، پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئېتىزغا كۆچۈپ چىقىشىۋېلىشقان. بۇنداق كۈنلىرى، كەچ كىرگۈچە كوچىدا لاغايلاپ يۈرىدىغان يېزا مۇئەللىمى بىلەن باج كادىرىغىمۇ ئېتىزدا ئىش تېپىلىدۇ. ماگىزىنچىمۇ دۇكىنىنى ئېچىشتىن ئېرىنىپ، قىرلاردىكى مال ئايىغىدىن ئاشقان پىچان، چۆچۈكبۇيىلارنى تاتىلاشتۇرۇشقا كەتكەن. بۇ يېزىنىڭ بىردىنبىر بىكارچىلىرى ئەلا بىلەن بايىقى تۆۋەنگە چۈشكەن قېرى ئارتىس ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىنلا مەلۇم. قېرى سۆزلىمەكتە، يىغلىماقتا. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى كۈز پەسلىنىڭ سىرىق يوپۇرماق-

لىرىدەك تۈگۈلمەكتە . ئەلا ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى كۆڭۈلنى ئېزىدى-
غان پاجىئەلەر ، تىلىدىكى ئاجايىپ سەنئەت ، ھەرىكىتىدىكى جەلپ
قىلىش كۈچى بىلەن ، بۈگۈن يازماقچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى-
دىن كەچكەن . ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن بوۋايغا بېرىلگەن ، بوۋاي-
نىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىزىق كىتاب ، سەھنىدە ئوينى-
لىۋاتقان قىزىقارلىق ، تاتلىق بىر دراما ئىدى . ئۇ ئىختىيارسىز
ھالدا ئۆز پىيالىسىنىمۇ بوۋايغا سۇندى ۋە ئۆزى سىرلانمىغان
ئۈستىلىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ خاتىرە يېزىشقا باشلىدى .

ئۇ مۇشۇ 1975 - يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ تىنماي خاتىرە
يازىدىغان بولۇۋالدى . بەزى كۈنلىرى مۇشۇنداق بوۋايلارنى ئىزدەپ
تاپاتتى - دە ، ئۇلارنى گەپكە سېلىپ قويۇپ ، غۇلجا دېھقانلىرىنىڭ
ئۆتمۈشى ، بۇ تۇپراقتا ئۆتكەن ۋەقەلەر ، ئاجايىپ ئادەملەر توغرى-
سىدا خاتىرە يازاتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خاتىرىنى نېمىشقا يېزىۋاتقان-
لىقىنى ئېنىق بىلمەيتتى ، لېكىن ئۇ لەنجۇدىن غۇلجىغا كەلگەندىن
بېرىقى ئون يىللىق ھاياتى جەريانىدا ئۆز خەلقىنى چوڭقۇرراق
بىلىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇ ئۆزىنىڭمۇ
مۇشۇ ئاددىي ئادەملەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە نەق بۇ يىل ئىشەندى .
ئۇنىڭ بۇ ئادەملەردىن پەقەت بىرلا پەرقى بار ، بۇ پەرق ئۇنىڭ كۆپ
كىتاب ئوقۇغانلىقىدا . ئۇ نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ تارىخى ، جۇغراپى-
يىسى ، مەشھۇر ئادەملىرى بىلەن كىتاب ئارقىلىق تونۇشتى . ئۇ
رۇسلار ، فرانسۇزلار ، نېمىسلار ۋە ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ، ئەرەبىس-
تان ، ھىندىستان ئادەملىرى توغرىسىدا باشقىلارنى ئىشەندۈرەلىگۈ-
دەك سۆزلىيەلەيدۇ ، لېكىن ئەتراپىدىكى ئۆز ئادەملىرى توغرىسىدا
سۆز بولغاندا ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىمايدۇ . بۇ مازارلار ،
مەھەللىلەر قانداق پەيدا بولغان ؟ سەكسەن ئۈچ يۈزى قايسى
يېزىلارنى كۆرسىتىدۇ ؟ ئىلى دەرياسى بويىدىكى بۇ دېھقانلار قاچان-
دىن بېرى بۇ يەردە ياشاۋاتىدۇ ، بۇ يەرنىڭ يۇرت ئىسىملىرى ،

دەريا ، تاغ ئورمانلىرىنىڭ ناملىرى قانداق پەيدا بولغان ؟ يەنە ئادەم-
لەردىن گۈلەمخان ، مايىمخان ، نوزۇگۇم ، سادىر پالۋان ، ئەلا-
خان ، نودەرگاڭگۈك ، غېنى باتۇرلار توغرىسىدا ؛ شائىرلاردىن مول-
لا بىلال ، سېيىت مۇھەممەت ، ھېيت مۇھەممەت ، نەسۇھا داموللا
ۋە ھەر يۇرتنىڭ ناخشا - قوشاقچىلىرى توغرىسىدا ھېچنېمە بىل-
مەيتتى . كىتابلاردا مەيلى قايسى تىلدا بولمىسۇن ، بۇ ھەقتە مەلۇ-
مات كەم ئىدى . ئۇنىڭ بۇ نەرسىلەرنى بىلىشكە قىزىقىشى ، تارى-
خىي تېمىدا ئەسەر يېزىشنىڭ تەييارلىقىمۇ ؟ بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىل-
مەيتتى . ئۇ ھازىرغىچە يەتمىش نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى ،
يازغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئەدىبلەر توغرىسى-
دىكى تەھلىل - تەقرىزلەر بىلەن تونۇشتۇرۇشلار . ئۇ بۇ ئەسەرلە-
رى بىلەن خۇشال . لېكىن ، ئۇ يەنە نېمىنىدۇر قىلالمايۋاتقاندەك ،
نېمىنىدۇر قىسىنىۋاتقاندەك ، دائىم ھەسرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈز-
مەكتە . ئۇ يازغانلىرىنى پات - پاتلا ئوقۇپ چىقاتتى ، بىرلىرىنى
تۈزىتەتتى لېكىن تېخىچە ئۇنىڭ قولىيازمىلىرىنى ئۆزىدىن باشقا
ھېچكىم كۆرمىدى ، قولىيازمىلىرىنى بىرەر گېزىت - ژۇرنالغا
ئەۋەتىشكە تېخىچە ئىمكانىيەت يوق . ئۇلاردىن بىرەر پارچىسى ئې-
غىزدىن ئېغىزغا كۆچسىلا ، ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارايدىغانلارنىڭ تەي-
يار ئىكەنلىكى شۈبھىسىز . ئوتتۇز سەككىز ياشقىچە بىر پارچە
ئەسىرىنى مەتبەئە يۈزىدە كۆرمىگەنلىكى ئۆچۈنمىكىن ياكى يەنىمۇ
چوڭ ئارمانلىرى بارمىكىن ، ئىشقىلىپ ئۇ دائىم خاپا ، دەردلىك
يۈرەتتى . ئۇ پەقەت بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەن بىللە
بولغاندىلا كۈلەتتى ، ھاياجانلىناتتى .

مۇنۇ ئالدىدا دەلدەڭلەپ يۈرۈپ سۆزلەۋاتقان ئادەم شۇڭا ئۇنىڭ
ئۆچۈن بىر كىتاب ، بۇ كىتابتا ئەلا تېخى ئوقۇپ باقمىغان نۇرغۇن
يېڭىلىقلار بار . نۇرغۇن غەرب ۋە شەرق ئالىملىرى بىلەن يازغۇچى-
لىرىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ ھاياتىنىڭ يېرىمىدىن تولىسىنى تو-

گىتىپ بولغان بۇ ئادەم ، شۇ تاپتا ئالدىدىكى بوۋاينىڭ ھايات كىتابىنى ئاڭلاۋېتىپ ، ئۆزىنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى تېخى بىلەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلماقتا . بىر ئادەم پۈتۈن ھاياتىدا ئۆگىنىش ، يادلاش ، ئويلاش ، سېلىشتۇرۇش بىلەنلا بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇ ھايات بىلىمىنى بىلىپ بولالمايدۇ ـ دە . ھاياتتىكى ئەڭ ئاددىي ، باشقىلار چۈشىنىپ ، ھېس قىلىپ بولغان قانۇنىيەتنى بىر مەشھۇر شەخس بىلەلمەسلىكى مۇمكىن ، لېكىن ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان خەلقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى بىلەلمەسلىك ، بىر ۋىجدان ئىگىسى ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش ئىكەن . ئەلا بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ، يۇقىرىقىلارنى ئويلىدى ـ دە ، ئۆزىچە قىزىرىپ ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى .

— بىز پىيەنچۈك ، ھاراقكەش بولماي ، نېمە بولساق بولاتتى ئەمىسە ؟ مەن بايلىق ، مەنسەپ تالاشقىنىم يوق . بىر ئوبدان درامىدا باش رولغا چىقىۋالسام ، ئۆزۈمنىڭ رول ئېلىشتا ئالاھىدە تالانتلىق ئىكەنلىكىمنى بىر كۆرسىتىۋالسام دەپ ، قىرىق يىلدەك تىرىشتىم ، ھېچبولمىسا ، يېزا سەھنىسىدە بولسىمۇ بىر رولغا چىقىۋالسام دېگەن ئارمىنىم بار ئىدى . شۇنىڭغىمۇ ئېرىشەلمىدىم ، ئۇكام ، مەن ئىچمەي كىم ئىچىدۇ ، بوتۇلكىدا بىر يۇتۇممۇ قالمىدىمۇ ؟ ئىسپىرت يوقمۇ ؟ قاراپلا تۇرىسەنغۇ ، ھېچبولمىسا ئەتىر ، ئادىكالۇن بولسىمۇ ئەكەلگىنە ، يەنە بىر يۇتۇم ئىچىۋالغان بولسام ، ساڭا يەنە يېرىم كۈن سۆزلەپ بېرەتتىم . مېنى ئەدەبىيات ـ شېئىر دېگەننى زادىلا بىلمەيدۇ دېمىگىن ، بىلىمەن ، ئۇكام ، ئۆمەر ھەييامنىڭ ، ھۇۋەيدانىڭ ، قۇل خوجا ئەخمەتنىڭ ، نەۋائى ، نازىملارنىڭ شېئىرلىرىدىنمۇ خېلى بىلىمەن ، ئۇكام ، پەرھات ـ شېرىن ئوپېراسىدا بەھرامنىڭ رولىنى قانداق ئالغانمەن دېمەمسەن ؟ سەھنىگە شۇنداق چىقىۋىدىم...

تالادىن بىرى قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى كىرىپ كەلدى ـ دە ،

بوۋاينىڭ «رولى» بۇزۇلۇپ قالدى.

— ئەلا ئۇكام، — دېدى نېمىگىدۇر خۇشال بولغان زۇليا بېشىنى گىلدىڭلىتىپ كۇلۇپ، — ماۋۇ گېزىتنى ئوقۇڭ، ئاجايىپ قىزىق گەپ يېزىلىپتۇ.

زۇليانى كۆرۈپ ئەلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ 1973 - يىلى قىشتىن تارتىپ، يەنى زۇليانىڭكىگە كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى، زۇليا ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇپ، ئەسەر يېزىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرمەكتە ئىدى. ئۇ ئەلانىڭ قولىيازمىلىرىنى ھەرقانداق قىيىن - قىستاقلار ئاستىدىمۇ تاپشۇرمىغان، ئۇنىڭ ئۆيىنى نەچچە قېتىم مىنبىگىلار ئاختۇرغان بولسىمۇ، ئەلانىڭ بىر ۋاراق قەغىزىنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن. ئۇ تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئەلا بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىلا، ئەلانىڭ كىتاب ۋە قولىيازمىلىرى، بولۇپمۇ ساۋۇتوف ئەلاغا سوۋغا قىلغان قىممەتلىك تارىخى قولىيازمىلار بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات، تارىخ، تىل، ئارخېئولوگىيە ئىلمىگە دائىر مۇھىم كىتابلىرىنىڭ ساق - سالامەت ساقلانغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئەلا ئۇنىڭ قوللىرىنى چەكسىز ھۆرمەت ۋە مۇھەببىتى بىلەن سىققانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تۇردى «قاسقىر ئاۋۇز»نى مىڭ تەسلىكتە قايىل قىلىپ، زۇليانىڭكىگە كۆچۈپ كېلىۋالغان. ئۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئاچ بالا ئانىسىنىڭ كۆكسىگە چاپلاشقاندەك كىتابلىرىغا چاپلاشتى. ئۇ ئۇستەل ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىككى يىلنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى، سىرتتا نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ تەتقىق قىلىش، يېزىشقا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتتىكى، كىچىك ئاپىسى ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا ياتسىمۇ، يوقلاپ بېرىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشى تاپشۇرما ۋە مەسلىھەتسىزلا زۇليا بىلەن پۈتۈپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەك يۇيۇش، كىچىك ئاپىسىنىڭ ھالىدىن

خەۋەر ئېلىشتەك ئائىلە ئىشلىرىنىمۇ زۇلىيا ئارقىلىق پۈتتۈرىدۇ . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ خۇددى زۇلىيا ئائىلىسىنىڭ خوجايىنىدەك ، بەزى ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالسا ، خاپا بولۇپ ۋارقىراپمۇ قوياتتى ، لېكىن بۇنداق چاغلاردا ، ئۇ يەنە دەرھال خاتا قىلغانلىقىنى سېزەتتى ـ دە ، زۇلىيادىن ئەپۇ سورايتتى . زۇلىيا كۈلۈپ تۇرۇپ :

— ھاجىتى يوق ، ئەپەندى ، ھاجىتى يوق ، بۇ ئىشلارمۇ كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ، سىزنىڭ خۇسۇسىي ئىشىڭىز ئەمەسقۇ ، سىز كەچكىچە مۇكچىيىپ ئولتۇرغىنىڭىز بىلەن بىر تىيىن تاپالمايسىز . سىز بېكىرىغا ئىشلەيسىز ، بىز سىز ئۈچۈن ئىشلىسەك ، ئەپۇ سورايسىز ، بۇ ئىشىڭىز بولمىدى ، — دەيتتى .

— قانداق گەپ يېزىلىپتۇ ، زۇلىيا ئاكا ؟ — ئەلا ئورنىدىن تۇرۇپ زۇلىيانىڭ ئالدىغا باردى ، — قېنى ، ئولتۇرۇڭ .

— ماۋۇنى ، مانا مۇنۇ خەۋەرنى ئوقۇڭ .

— گېزىتكە : «يەر شارىدىن باشقا بىر پلانېتتا ئادەم بار بولۇشى مۇمكىن» دېگەن پەرەز يېزىلغانىدى .

— راستىمدۇ ، ئۇكام ئەلا ؟ — دېدى زۇلىيا قىزىقىپ ، — مەن گېزىتتىن گۇمانلانمايمەن ، لېكىن ماۋۇ «مۇمكىن» دېگىنى غەلىتىرەك تۇرىدۇ ـ دە ، ناۋادا يۇلتۇزلارنىڭ بىرىدە ئادەم بار بولىدىغان بولسا ، ئۇ يەرنىڭ دېھقانلىرىغا ئېيتىپ قويۇش كېرەك ، داجەيچە ئېتىزغا تولا كۈچەپ كەتمىسىمۇ بولغۇدەك ، نېمىشقا دېگەندە ، تاش تولا كېتىدىكەن ، تاش دېگەنمۇ بايلىققۇ ـ ھە ؟

ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى ، قېرى ئارتىس قاشلىرىنى ئويىنىتىپ تۇرۇپ گەپ قىستۇردى :

— ئۇكام ئەلا ، يۇلتۇزدىكىلەرگە خەت يېزىپ قالسىڭىز ، سوراپ باقسىڭىزا ، دراما ئارتىسى لازىممىكىن ، مەن شۇ يەرگە بېرىپ رولغا چىقمىسام ، ماڭا بۇ يەردە «جۇسەن»نىڭ رولىمۇ

تەگمىدى، ئارماندا كېتىدىغان ئوخشايمەن.

ئۇلار يەنە راھەتلىنىپ كۈلۈشتى.

— ئوكام ئەلا، ئۇلار رۇسچە سۆزلەمدۇ، خەنزۇچىمۇ، يە بىزچىمۇ؟ — زۇليا ھەييارلىق بىلەن سورىدى.

ئەلا قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلىش ئۈچۈن، سۇلايمان پەيغەمبەرنى تىرىلدۈرۈش كېرەك بولىدۇ ـ دە، ئۇلار ئادەمزات بولسىغۇ، بىز ياشاۋاتقان يەر شارىدىن بىرەر تەرجىمان چىقىپ قالار، ئەمما ئۇلار تېخى ئادەمگە ئۆزگەرمىگەن بولسۇچۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق بولسا، — دېدى ئارتىس ئەلانىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۇلار دراممىغا قالتىس قىزىقىدۇ، مەن ئۇلارغا رېژىس-سورلۇققا يارايمەن!

ئۇلار يەنە كۆڭۈللۈك كۈلۈشتى.

— ئوكام ئەلا، دۇنيادىكى ھەممە ئادەم بىر خىل تىلدا سۆز-لەشسە بولماسمىدى، ھە؟ — دەپ سورىدى ئارتىس، — ئۇ چاغدا ئۇيغۇر تىلى جەزمەن دۇنيا تىلى بولالايتتى ـ دە. نېمىشقا دېگەندە، بىزنىڭ تىلىمىز سەھنىگە تولىمۇ يارىشىدۇ.

— دۇنيا تىلى دەپمۇ تىل بولامدۇ، ھوي تاغىل ئۆكۈز، بىلمەيدىغان گېپىڭ يوق، ئېتىزدا ئىشلەشتىن باشقا ھەممىنى بىلىسەن ـ دە!

— شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈندە مېھمان بولۇپ يۈرۈيمەن، شۇجى! تېخى دۇنيا تىلى دەپمۇ تىل بولامدۇ دەپ سورايسىنا؟ مېنىڭ چوڭ كۇيئوغلۇمنىڭ ئىنىسى بىلىدىكەن، يېزىقى رۇسچىغا ئوخشاپراق كېتىدىكەن، ئىنگلىز تىلىمۇ دېسەم، ئۇ ھارىمى ئارانلا بېشىنى لىڭشىتتى.

— شۇنداقمۇ، ئەلا ئوكام، دۇنيا تىلى دېگەن تىل بارمۇ؟ دۇنيا خەرىتىسى، دۇنيا ۋەزىيىتى دېگەنىنىغۇ ئاڭلىغان، ئەمما

لېكىن...
— دۇنيا تىلى بار ، — دېدى ئەلا كۆلۈپ قويۇپ ، — بۇ تىلنى
پولشالىق تىل ئالىمى دوكتور زامېنخوف 1887 ـ يىلى ئوتتۇرىغا
قويغان . بۇ تىل دۇنيا تىلى دەپ ئېتىراپ قىلىندى ، لېكىن تېخى
دۇنيادا كەڭ قوللىنىلمىدى .
— ئېنگلىز تىلىمۇ ؟ — دەپ سورىدى قېرى ئارتىس
دەرھاللا .
— ياق ، — دېدى ئەلا كۆلۈپ .
— ئېنگېلسنىڭ بولمىسا ، ماركسنىڭ تىلىمۇ يا ؟ — دېدى
زۇليا ھەييارلىق بىلەن .
— مانا نادانلىق ، مانا بىر يېزا شۇجىسىنىڭ سەۋىيىسى ! —
قېرى ئارتىس قاقاقلاپ كۈلدى ، — بىر مىللەت بىلەن بىر ئادەم-
نىڭ ، ھە ، راسلا ، بىر داھىينىڭ پەرقىنى بىلمەيسەن . قانداقمۇ
پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەيسەن ، ئۇكام زۇليا ، ھە ؟
— ئۇلارغا دۇنيا تىلى ، دراما دېگەنلەرنىڭ سۆزلىمىگەندى-
كىن ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى موللىسى يەنە مەن دېگىنە .
ئەلا بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇ خىيالچانلىق بىلەن :
— شۇنداق ، بىز تولىمۇ ئارقىدا ، دۆلىتىمىزدە يەنە تېخى ئۈچ
يۈز نەچچە مىليون ساۋاتسىز خەلق بار . دۇنيادا ساۋاتسىزلارنىڭ
سانى ئەڭ كۆپ دۆلەت ، بىزنىڭ دۆلىتىمىز ، لېكىن بىز پەن -
مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ھەدەپ ئىنقىلاب قىلىۋاتى-
مىز . بەزى دۆلەتلەردە تازىلىق ئىشچىلىرى ، دېھقانلارمۇ تولۇق
ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ، لېكىن بىزدە پۈتۈن بىر ناھىيىگە رەھبەر-
لىك قىلىدىغانلارنىڭ ئىچىدە ، ئىسمىنى ئارانلا يازالايدىغانلار خېلى
كۆپ .
ئۇلار جىمىپ قېلىشتى . زۇليا خېلى جىمىلىقتىن كېيىن :
— مېنىڭمۇ تولا ئىچىم پۇشىدۇ . گېزىتتىمۇ ، مەجلىستىمۇ ،

رادىئودىمۇ بىر خىللا گەپ . قورۇق گەپتىن زاغرىدىن تويغاندەك تويدۇم ـ دە ، — دېدى ئۇھ تارتىپ .

— ھارىقىڭ بارمۇ ، زۇليا ؟ — دېدى قېرى ئارتىس ئارانلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ، — ئىچكۈزگىنە ، بىر يۇتۇم ئىچسەملا بولاتتى .

— ئاسمانغا چىقىپ ئەرشنى ، يەرگە چۈشۈپ كەشنى كۆرەتتىم دېگىنە !

— توغرا ئېيتىسەن ، زۇليا ، دۇنيانىڭ قىزىقى شۇنىڭدا .

ئۇلار باغقا چىقىپ سارما ئالما تېگىدىكى چىمەنلىككە سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ ، ئالمىدىن رومكا ياساپ ، ئالمىنى زاكۇسكا قىلىپ ھاراق ئىچىشتى . قېرى ئارتىس بىرىنچى رومكىنى ئىچتى ـ دە ، تەرىنى تۇرۇپ «رومكا»نى يەۋەتتى ، شۇنىڭ بىلەن كىمنىدۇر ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى ـ دە ، ئۇيقۇغا كەتتى . بىر تال دۈگىلەك ئالا كۆلەڭگە ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزىدە غىلىلداپ تۇراتتى . ئەلا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى ۋە قولىدىكى ئالمىدىن ياسالغان رومكىسىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ :

— كۆردىڭىزمۇ ، ئۇنىڭ ئۇخلىشىمۇ بىر سەنئەت . رافائىلدەك بىر ئۇلۇغ رەسسام بولسىدى ، ئۇنىڭ مۇنۇ قورۇق باسقان يۈزىدىكى ئارمان ـ ھەۋەس بەلگىلىرىنى ئەينەن سىزغان بولاتتى . بۇ ئادەمنىڭ جىسمى ئۆلگەن ، لېكىن ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى كۆكلەمەكتە . ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغانلار ، ئۇنىڭ جىسمىنى كۆرۈپ يىرگىنىدۇ ، لېكىن ھاياتقا مۇھەببەت كۆزى بىلەن قارايدىغانلارچۇ ؟ ئۇنداقلار بۇ خىل ئادەملەرنىڭ كۆز يېشىدىكى ئارزۇ ـ ھەۋەس ئۇچقۇنلىرىنى كۆرەلەيدۇ . كىم بىلىدۇ ، مەنمۇ خۇددى مۇشۇ بوۋايدەك ئۆمۈر بويى ئارمان ـ ھەۋەس بىلەن ئۆتۈپ كېتىمەنمۇ ؟ بۇنداقلار ئازمۇ ؟ ساۋۇتوف ، نادىروف ، ئۆمەر ئەپەندى ، يەنە مەن بىلمەيدىغان نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۇلۇغ ئىشلارنى ئارزۇ قىلدى ، لېكىن ئارزۇ بېغىدا بىر تال گىياھنىڭ ئۈنگىنىنى كۆرەلمەي

دۇنيادىن ئۆتتى .
ئۇلار قىزغىن سۆھبەت بىلەن ئىچىشىۋاتقاندا ، سىرتتىن ما-
شىنا سىگنالى ئاڭلاندى .
— ھاشىر ! — دېدى ئەلا خۇشال بولۇپ ، — ئەمدى ئىچىشى-
دىغان بولدۇق .
ئەلا دوستىنى ھەرقاچانقىدەك ئاددىي ، قارىماققا سوغۇق ، كۆ-
لۈپ قويۇپ قارشى ئالدى . رازىيە بىلەن بولسا ، ھەتتا قولمۇ
ئېلىشمىدى . ئۇ ھاشىرنىڭ ئورۇق ، قورۇقلىرى كۆپەيگەن ، قاراي-
غان يۈزىگە قاراپ قويۇپ ، بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى :
— ساڭا تۈرمە ياخشىكەن ، ھاشىر ، تۈرمىدىن يېڭى چىققاندا
خېلى ئاق سۈزۈك ، سېمىز كۆرۈنۈۋىدىڭ ، ناھىيىگە شۇجى بولۇش
بىلەنلا جۇدەپ ، قارىداپ كېتىپسەن .
— نېمىلا بولسامۇ ، سېنىڭدەك ئاۋاق ئەمەسمەن ، زۇلىيا
ئاكام ئۈچ ۋاخ تاماق بىلەن بىرلا كۈن باقمىسا ، سەن قوتۇر ،
كۆتۈرەم بولۇپ قالىسەن .
— كۆرۈشە - كۆرۈشمەيلا تىللاشقىلى تۇرغىنىڭلار
نېمىسى ؟ — دېدى رازىيە چاقچاق قىلىپ ، — ئامان - ئېسەنلىك
سورىشىۋىراق تىللاشساڭلارمۇ ئۈلگۈرەرىدىڭلار .
— سەھرا يوسۇنى شۇنداق ، ئۇكام رازىيەم ، بىزنىڭ كونىلار
ئاغىنىلىرى بىلەن بىردەم ئۇرۇشۇپ ، تىللىشىۋېتىپ ، تېخى
گۇپۇر - گۇپۇر قىلىشىپ چېلىشىۋېتىپ ئاندىن تىنچلىق سورىشى-
دىغان ، بۇلار تېخى نۇرغۇن سىپايىكەن ، دەڭە ، قېنى ، ئۆيگە -
سارايغىلا ، ھاي ئاپىسى ، بۇ ياققا چىق ، قارىغىنا ، سارىيىڭغا بىر
جۈپ قارلىغاچ كەلدى ، ھا... ھا... ھا !
ئۇلار كۈلكە - چاقچاق بىلەن پېشايۋانغا چىققاندا ، زۇلىيانىڭ
ئايالى بىلەن ئەلانىڭ كىچىك ئاپىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى .
چاچلىرى ئوخشاشلا ئاقارغان ، لېكىن بىر - بىرىدىن ئون نەچچە

ياشتىن پەرق قىلىشىدىغان ئۈچ ئايال قولىلىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، سەل ئېگىلىپ تۇرۇشۇپ، ئۇزاق ۋە قىزغىنلىق بىلەن تىنچلىق سوراشتى. ئەلا ئۇلارغا چاقچاق قىلدى:

— سىلەر سوراشمىغان باغىنىڭ شورىسى بىلەن سامان كۆشە-گىلا قالدىغۇ، — ئاندىن ئۇ كىچىك ئاپىسىغا بۇرۇلۇپ:

— پاھ، كىچىك ئاپا، رازىيەنىڭ دادىسىنىغۇ مەن دەپ بەر-گەن، بۇلارنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئىسىملىرىنى نەلەردىن بىلىۋال-غانسەن؟ — دېدى.

— ۋاي بالام، كېچە - كۈندۈز خىيالىم سىلەردە تۇرسا، بىلىۋالمايزە، دىلئارا ئاخشام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، ئەلىجاننىمۇ چۈشۈمدە كۆرۈپتىمەن، سۈرىتىگە كۆتمۇكۆت ئوخشايدىكەن، ۋاي بىچارە باللىرىم، نەلەردە يۈرىدىغاندۇ...

موماي بېشىدىكى سېنكىغا سېلىنغان داكا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى ۋە رازىيەنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— نادىرجان چوڭ بولۇپ قالغاندۇ؟ — دەپ قايتا سورىدى.

نادىر رازىيەنىڭ 1973 - يىلى يازدا تۇغقان ئوغلى. ئۇ هازىر شەھەردە، ئۆمەر ئەپەندىنىڭ يېنىدا ئاكىسى بىلەن بىللە بېقىلماق-تا. رازىيە كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ دەرهال چىرايىنى ئۆزگەرتتى، چۈنكى هاشىر رازىيەنى بالىلىرىدىن ئايرىپ كەينىگە سېلىپ، ناهىيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى كۆرستىپ يۈرگىلى بۈگۈن يىگىرمە كۈندىن ئاشتى. ياش ئانا ئوغۇللىرىنى بىر مىنۇتمۇ ئويلىماي تۇرالمايدۇ - دە.

— نادىر ئىككى ياشتىن ئاشتى.

— بىزنىڭ دىلئارامۇ بۇ يىل سەككىزىنچى سىنىپقا چىققان ئوخشايدۇ. ئەلىجانچۇ، ئەلا، بالا قانچىنچىگە كۆچتى؟

— توققۇزىنچىگە، — دېدى ئەلا كۆڭۈلسىزلا.

— ئۆيگە، قېنى قالغان گەپنى ئۆيدە قىلايلى، — زۇليا

غۇلچىنى كېرىپ مېھمانخانا ئۆينىڭ قىزىل تاۋار پەردىلىك ئىشى-
كىنى كۆرسىتىپ ، مېھمانلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى .
ئۇلار ئۆيگە كىرىپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇ-
ۋېلىپ قايتىدىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى .
زۇليا پەگاھتا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، ھاشىر بىلەن رازىيەگە
سىنچىلاپ قارىدى . زۇليا رازىيە توغرىسىدىكى ھەممە ھېكايىلەرنى
ئاڭلىغان ، لېكىن رازىيەنى بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇپتۇ . يوغان قارا
كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ، كۈلگەندە ئۈنچىدەك چىشلىرى يالتى-
رايدىغان ، ئوتتۇز نەچچە ياشقا كىرگەن ، ئېغىر كۆڭۈل ئاغرىقى ،
تۇرمە ئازابى تارتىپ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ ، خۇش-
خۇي چىرايىدىن ياشلىق گۈزەللىكى تېخى يوقالمىغان ياش ئايال ،
زۇليانىڭ كۆڭلىدە بىرىنچى قېتىمدىلا ھۆرمەت ۋە قىزىقىش تۇيغۇ-
سى قوزغىدى . ئۇ تۇنجى قېتىم كىنو كۆرگەن ساددا دېھقاندەك
رازىيەنىڭ ھەربىر سۆزى ، ھەربىر ھەرىكىتىگە ھەيرانلىق ۋە زوق-
لىنىش بىلەن زەن قويماقتا ئىدى . ئۇ كۆڭلىدە ئۆزى ياخشى
كۆرىدىغان شوجى ھاشىرنىڭ بەختىدىن رازى بولدى . «بۇنداق
ئايالنى ئۆيلەنمەستىن بىر ئۆمۈر كۈتسەڭمۇ ئەرزىيدۇ» دەپ ئويلى-
دى ئۇ موخوركىسا خالتىسىنى يېشىۋېتىپ . ئۇ ھاشىرغا قاراپ
كۈلدى .
— ئەمما لېكىن ، ھاشىر ئۇكام ، — دېدى ئۇ رازىيەنى كۆزى
بىلەن شەرەت قىلىپ ، — سىڭلىمىزنىڭ خوتەندىن تەزىم قىلىپ
كەلگۈچىلىكى باركەن . ئامەت ـ پېشانىڭىز ، ئۇكام . ئەمدى بىز-
نىڭ ئەلا ئەپەندى گۈلنى گۈلگە كەلتۈرۈۋالسىلا بولاتتىغۇ ،
ھەي...
— گۈزەلئاينىڭ تولا كۈتۈپ ھالى قالمىدى ، — دېدى رازىيە
ئەلاغا قاراپ قويۇپ ، — نېمانچە گەدەنكەشلىك قىلىسىز ؟ ئەلى
بىلەن دىلئارانىڭ خەتلىرىمۇ سىزگە تەسىر قىلماپتۇ ـ دە ، ئەجەب

تاش يۈرەككەنسىز جۇمۇڭ ، ئەلا !
— راست ئېيتىسىز ، قىزىم ، بۇ بالامنىڭ بوينى قاتتىق ،
باللارنىڭ يۈز - خاتىرسى ئۈچۈن بولسىمۇ كېلىنگە ئېگىل ،
قارىغىنا ، ھاشىر بالام بىر چىرايلىق كېلىننى ئەكەپتۇ . مەنمۇ
كېلىنىمنىڭ قولىدىن بىر چىنە غىزا يېسەم دەپ ئارمان قىلىمەن ،
يە مېنىمۇ ئويلاپ قويمۇدۇڭ ، بالام .
مومىنىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى . ئەلا كىچىك ئاپىسىغا قاراپ
سۇغۇق كۈلدى - دە ، چاقچاق قىلدى :
— سېنىمۇ دىلئارا بىلەن ئەلىنىڭ يېنىغا ئەكىرىپ قويايمۇ
يا ؟
چايدىن كېيىن زۇلىيا مال سويغىلى ، مومايلار قازان بې-
شىدىن خەۋەر ئالغىلى چىقىپ كەتتى . جىمجىتلىق ئىچىدە
بىر - بىرى بىلەن يوشۇرۇن مۇنازىرە ئېلىپ بارغان دوستلار ،
شۇ چاغدىلا بىر - بىرىگە باش كۆتۈرۈپ قاراشتى .
— مومايغا بىكاردىن - بىكار قوپاللىق قىلدىڭىز ، ئەلا ، —
دېدى رازىيە بىرىنچى بولۇپ «مۇنازىرە»نى ئاشكارىلاپ .
— موماي ئادەمنى تەڭلىكتە قويدى - دە .
— سېنىڭ بەختسىزلىكىڭ ، بىزدەك بەختلىكلەرنى كۆرگەن-
دىن كېيىن تېخىمۇ ئاشكارىلاندى . سەن چىدىغان بىلەن بۇ ئەلەمگە
موماي چىدىمايدۇ - دە .
ھاشىر ئەلاغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى .
— سەن غالىب ، ھەرنېمە دېيىشكە ھەقلىق ، لېكىن مەن
غالىب چاغلىرىمدا ، سېنىڭ بەختسىزلىكىڭ ئۈستىدىن
كۈلمىگەن ، — ئەلا سوغۇق كۈلۈپ ئاغىنىسىگە ، ئاندىن كېيىن
رازىيەگە قاراپ قويدى .
— خاتالاشتىڭ ، ئاداش ، — دېدى ھاشىر كۈلۈپ تۇ-
رۇپ ، — بىز ئۇ چاغلاردا بەخت ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتاتتۇق .

ساڭا ئوخشاش ئۈمىدسىز ئەمەستۇق . مېنىڭ بەختسىز چاغلىرىم بولغان ئەمەس .

— بۇ سېنىڭ ئاكيۇ روھى بىلەن ياشىغانلىقىڭ ، سەن تۇرمىدە ياتقاندىمۇ ، ناھەق ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندىمۇ ، ئۆزۈڭنى «بەختلىك» ھېس قىلغانغۇ دەيمەن ؟

ئەلا ھاشىرنىڭ كۆزىگە قارىدى . ھاشىر ئەلانىڭ تەنىسىنى ئاڭلاپ ئۈگدى ، تۇمۇردەك قارايدى :

— تۇھپەڭنى تولىمۇ مىننەت قىلدىڭا ، ئاۋاق ، سەن قۇتقۇزمىغان بولساڭ ، مەن ئۆلۈپ كېتەتتىم . سەندىن تولىمۇ مىننەتدارمەن ، لېكىن چاكىنىلىقىڭدىن كانايغىچە تويدۇم . گەپىڭ ماۋزۇسىنى نەگە بۇراۋاتىسەن ؟

— بۇرىغىنىم يوق ، ماۋزۇ يەنىلا بىر .

— مەن ئائىلە ـ مۇھەببەت توغرىسىدا سۆزلەۋاتىمەنغۇ .

— ئوخشاش ، ھەممىسى كىشىلىك تۇرمۇش . تۇرمە ، ھايات ـ مامات بىلەن ئائىلە ـ مۇھەببەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق يوقمىكەن ؟ بىزنى خاراب قىلغان ، ئۆلۈمگە ئەكەلگەن ، شۇ ئائىلە ـ مۇھەببەت بولماي نېمىكەن ؟ مەن ئۆز ۋاقتىدا گۈزەلئايغا بولغان مۇئامىلەمدە ھېسسىياتنى ئەمەس ، مېنى باشقۇرغۇچى تاشقى كۈچلەرنى ئاساس قىلغان بولسام ، بەلكىم ھاياتىمدا ساڭا ئوخشاش بەختسىزلىك كۆرمىگەن بولاتتىم .

— سىز گۈزەلئايغا بولغان ھېسسىياتىڭىزنى يوشۇرۇپ قالالايتتىڭىزمۇ ؟ ياق ، مېنىڭچە سىز ئۇنداق قىلالمايتتىڭىز .

— سىز ھاشىرنى ھەممىگە ئۆلچەم قىلماڭ ، رازىيە ، ھاشىر راستىنلا يوشۇرۇپ قالالمىدى . سىزمۇ يوشۇرالمىدىڭىز . سىز يولدىشىڭىز بار چاغدىمۇ ھېسسىياتىڭىزنى يوشۇرمىدىڭىز ، ھاشىر ھەتتا باشقا بىرسىنىڭ ئايالىنى «مېنىڭ» دېيەلىدى ، لېكىن جەمئىيەت ساپلا سىلەرگە ئوخشاشلاردىن تۈزۈلگەن ئەمەس . شۇنداق

ئادەملەر بار، ئۇلار ھەممىگە ئىجتىمائىي قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئۆزى-گە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن مۇھەب-بەتمۇ، ھېسسىياتمۇ پۇلغا ئوخشاش بىر نەرسە، خالىسا خەجلەيدۇ، خالىسا ئالداپ، ئوغرىلاپ ئالالايدۇ، ئۆز ئارامى ئۇچۇن، كۆڭلى تارتمىغان بىرى بىلەن بىر ئۆمۈر بىر ياستۇقتا ياتالايدۇ؛ ئۆز پايدىسى ئۇچۇن، چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغان سۆيگىنىنى ئۆز دۈشمىنىگە تەقدىم قىلىۋېرىدۇ. يادىڭلاردا بار بولسا كېرەك، رەقىپ ماڭا بىر چاغدا سىڭلىسىنى تونۇشتۇرماقچى بولغان. شۇ چاغدا ئۇ مېنى تولىمۇ يامان كۆرەتتى.

ئۇلار يەنە جىمىپ قېلىشتى. بىرھازادىن كېيىن ئەلا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، يالغۇز يەردە نالە قىلغاندەك ئۆزىچىلا غوتۇلدىدى:

— نېمىشقا مېنى يالغۇز ياشىغىلى قويمايدىغانسىلەر؟ ئۆزۈڭ-لەرنىڭ ئائىلە بەختىنى كوزا - كوزاك قىلماقچىمۇ؟ بۇ تولىمۇ چاكىنىلىق. مەن سىلەرگە ئۇنىڭسىزمۇ قايىل، زوقۇم كېلىدۇ، ھەسەتخورلۇقمۇ قىلىمەن. لېكىن، نېمىلا بولسۇن، سىلەر مېنىڭ ئۈستۈمدىن كۈلمەسلىكىڭلار كېرەك ئىدى. بالزاك: «مەسخىرە كۈلكە، ئەڭ رەھىمسىز زەربە» دەپ بىكار ئېيتمىغان. بىچارە يازغۇچى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان پولشا بارىنەسسىنىڭ مۇھەببەتسىز-لا بىر قېرى كىنەزگە ئايال بولۇپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۇنى ئاقسۆڭەكلەر قانچىلىك مەسخىرە قىلغان - ھە؟ بايرون بىلەن پۇشكىنمۇ ئۆز ئاياللىرى ئۇچۇن قاتتىق مەسخىرە قىلىنغان، بايرون ۋەتىنىدىن چىقىپ كېتىشكە، پۇشكىن ئۆلۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. مانا بۇلار، مەسخىرىنىڭ كۈچى. سىلەر بۈگۈن بەلكى مېنى خۇشال قىلغىلى كەلگەنسىلەر، لېكىن مېنىڭ كىچىك ئاپامغا ئوخشاش پىكىر قىلغىنىڭلار، مېنى مەسخىرە قىل-غىنىڭلار ئەمەسمۇ؟ مەن گۈزەللىكىنى قارىلاشقا ھەقلىق ئەمەسمەن.

لېكىن ، ئۇنىڭ مەن بىلەن ياراشماقچى بولغانلىقى ، تاشقى كۈچلەر-نىڭ — دوستلار ، باللار ۋە ئىچ پۇشۇقىنىڭ تۈرتكىسىدىن بول-غان . ئۇ ھەرگىزمۇ مۇھەببەتنىڭ مەجبۇرلىشى ئەمەس .

— يالغان ! — دېدى رازىيە تاقەتسىزلىنىپ ، — بۇ سىزنىڭ ئۇنى چۈشەنمىگەنلىكىڭىزدىن بولغان گەپ . ئىنسانغا يۇقىرى تەلەپ قويۇش تامامەن توغرا ، لېكىن گۇمانخورلۇقمۇ زىيانلىق . سىز گۇمانلىرىڭىزنى ھەقىقەت دەپ تۇرىۋالىدىكەنسىز ، گۈزەللىكنىڭ سىز-نىڭ ئۆلۈم خەۋىرىڭىزنى ئاڭلاپ قانچىلىك ئازابلاندى ، بىلەمسىز ؟ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا بىر كىشىلىك چەت ئەل پاسپورتى قالدۇر-غان ، ئۇ تامامەن ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا كېتەلەيتتى ، نېمىشقا ئۇزۇۋل - كېسەل كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز ؟ سىز ئاياللارنى بىلمەيسىز ، بىلسىڭىزمۇ ، كىتابلاردىكى ئاياللارنىلا بىلىسىز ، ماۋۇ ئېلى ۋادىسىدا چوڭ بولغان ئاق كۆ-ڭۈل ، پاكىز ئاياللارنى تېخى چۈشەنمەيسىز .

— دېگەنلىرىڭىز توغرا بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن مەن ھەممە نەرسە توغرىسىدا مۇستەقىل خۇلاسە چىقىرىشقا ئادەتلىنىپ قاپتىمەن ، بۇ كېسەلنىڭ دەردىنى بىر ئۆمۈر تارتىدىغان ئوخشايمەن ، ھەرقانداق بىرسىنىڭ گېپىنى دەرھال «شۇنداق» دەپ تەستىقلى-يالمايمەن . ئۇنىڭ دېگىنى ، مېنىڭ پىكرىمنىڭ ئەينى ئۆزى بولۇپ قالسا يەنە زېرىكىمەن . ئۆز ئاۋازىمدەك ئاڭلىنىدىغان گەپنىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن . مەن ئويلىمىغان ، مېنى مۇنازىرىگە باشلايدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغاندىلا ، مەن سۆھبەتدىشىمدىن لەززەت ئالالايمەن ، رازىيە .

— دېمەكچى ، مېنىڭ دېگەنلىرىم كونا گەپلەركەن - دە ؟

— ھەرھالدا بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان گەپلەر ئەمەس .

— ئۇنداق بولسا ، سىزنىڭ گۈزەللىكنىڭ توغرىسىدىكى «مۇستە-قىل» پىكرىڭىزنى يەنە قانچە ۋاقىت كۈتىمىز ، ئەلا ؟

— مەن پىكىر بايان قىلغۇچە كۈتىسلەر - دە .
— مەن چۈشەندىم ، ئەلىنىڭ تويىدىن كېيىن دېمەكچى ، بۇ
ئاۋاق .
— شۇنداقمۇ ، ئەلا ؟
— پاھ ، قىزىل قوغدىغۇچىلاردەك سوراقلا تارتقىلى تۇردۇڭ-
لارغۇ ئادەمنى .
— ئەلى ئۆيلەنگەندە ، سىلەر بوۋاي - مومايغا ئايلىنىسىلەر .
ئۇ چاغدا مۇھەببەت - ھېسسىيات چەكلىمىسى بولمايدۇ . ئىككىڭلار
بىر ئۆيدە ياشاۋېرىسىلەر . نەۋرەڭلار سىلەرنى مەھكەم باغلاپ تۇر-
دىغان ئارغامچا بولىدۇ . شۇنداقمۇ ، ئەلا ؟
— بوۋاي - مومايلارنى مۇھەببەت - ھېسسىيات بىلەن ھېساب-
لاشمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدىكەن ؟ رازىيە ، سىلەرمۇ كۈزدە ئېچىل-
غان گۈل جۇمۇڭ ، بىز ئاسىيالىقلار ئۈچۈن قىرىق ياشلىق يىگىت
بىلەن ئوتتۇز نەچچە ياشلىق قىزنىڭ مۇھەببىتى كۈلكىلىك بىر
ئىش ، لېكىن ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى ، بۇ توغرىدىكى ھەرقانداق كۈل-
كىنى رەت قىلىدۇ . ئەگەر ، مۇۋاپىق كۆرسەڭلار ، ھازىر باغقا
كۆچەيلى . ئۇ يەردە سورۇن راسلاندى ، كەچ كۈزدە ئېچىلغان
ئەتىرگۈللەرنىڭ ھىدىدىن ھۇزۇر ئالايلى . مەن ساھىبخانا سۈپىتىم
بىلەن ، بەختلىك مېھمانلارنى قارشى ئېلىش پائالىيىتى باشلاندى ،
دەپ جاكارلايمەن . قېنى ، ھاشىر تۆگە ، مە ، مۇنۇ پىيالىنى تۇت ،
باشلىنىش مۇراسىمىنى يېرىم پىيالىدىن ھاراق ئىچىش بىلەن
باشلايمىز !
ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى . ئۇلارنىڭ سىرتىدىن قارىغان
ئادەم : «بۇلار تولىمۇ ئىناق دوستلاردىن ئىكەن» دەپ ئويلايدۇ .
ئەلۋەتتە ، ئۇلار راستتىنلا ئىناق دوستلاردىن ، لېكىن بۇ «ئىناق-
لىق» ئىچىگە تېپىشىش - تالىشىش يوشۇرۇنغان . ھايات مانا
شۇنىڭ بىلەن لەززەتلىك ، ھاياتتا يېقىنلار ئارىسىدا كۈرەش بولمى-

غان بولسا، تۇرمۇش تولىمۇ زېرىكىشلىك بولغان بولارىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئىنسان ھەربىر كۆرەشتىن كېيىنكى يېڭىلىق لەززىتىدىن تامامەن مەھرۇم ھالدا كۈن ئۆتكۈزگەن بولاتتى.

خەير، ئۇلارنىڭ باغ ئولتۇرۇشى كۆڭۈللۈك بولسۇن، بىزمۇ ھاياتنى سۆيىمىز ئەمەسمۇ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتايلى.

سالقىن، تازا كۈز ھاۋاسى، توزغاق ئۇچۇپ يۈرگەن سۈزۈك ئاسمان، خازانلار تىنغان سۈزۈك سۇلۇق ئېرىقلار. ياپراقلىرى بىلەن ئالدىرىماي خوشلىشىۋاتقان دەل - دەرەخلەر بىلەن گۈللەر... كىشىگە راھەت، ئىلھام، ھېسسىيات بېغىشلايدۇ. ئۇلۇغ شائىر پۇشكىننىڭ: «كۈز پەسلى - ئىلھام پەسلى» دېگىنى بىكار ئەمەس - دە. كۈز پەسلى گەرچە قىشنىڭ بوسۇغىسى ھېسابلانسىمۇ، ئۇ كىشىدە ۋەھىمە، غەم - غۇسسە پەيدا قىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ پەسىلدە ھەممىلا نېمە بىر - بىرىدىن ۋە ئۆزىدىن رازى. ئۇلار بىر - بىرىنى ۋە ئۆزىنى ئوبدان رازى قىلالايدۇ، تەبىئەت تويۇنغان، ئۇخلاش ئالدىدىكى بوۋاقتەك ياۋاشلىغان، ئادەملەر قانائەتلىك، ئۇلار شېخىدىن ئۆزى چۈشكەن مېۋىگە ئوخشايدۇ، تەمى - شىرنىسى ئۆزى بىلەن...

— مەستلىكىم كېلىدۇ، زوقۇم كېلىدۇ، — دېدى زۇلىيا مېۋە - چېۋە، پىششىق گۆش، كاۋاپلار بىلەن تولغان داستىخاننىڭ پەگاھىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — سىلەرنىڭ دوستلۇقۇڭلار ماۋۇ سارىما ئالمىدەك تەملىك. مېنىڭ يېقىن دوستلىرىممۇ يوق، ئەڭ يېقىن ئادەملىرىم مانا سىلەر. سىلەر بىلەن 1957 - يىلى ئۈرۈمچىنىڭ يولىدا تونۇشقاندىلا سىلەرگە مېھرىم چۈشۈۋىدى، مانا ئەمدى سىلەرسىز ياشىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. رايىڭلارغا بېقىپ مەھەللىدىن ھېچكىمنى چاقىرمىدىم، ئەمما لېكىن ئۆيۈمدە ئاز تۇردى دېگەندىمۇ ئۈچ كۈن تۇرىسىلەر. ھاشىر ئۇكام، سىز بارمىسىڭىزمۇ دېھقان خەق ئاشلىقنى يىغىپ، كۈزگى بۇغدىينى تېرىد-

ۋېرىدۇ . بۇ تېرىقچىلىق دېگىنىڭىز قۇيرۇقى يوق بىر ئىش ، ئۈزۈلمەي كېتىۋېرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دەيمەنغۇ ، مەن ھەم ئالدىراش ، ھەم بىكار . قېنى ئەمىسە ، بىر زوقلىناي ، ئويۇن ـ كۈلكىنى باشلايلى .

— نېمىدىن باشلايمىز ؟ — دېدى ھاشىر سېرىق شەپكىسىنى يېنىغا قويۇپ ، بىلەكلىرىنى تۈرۈپ ، — ئېيتە ، ئاۋاق ، نېمىدىن باشلايمىز ؟

— سەن دە .

— مەن دېسەم ، چېلىشتىن باشلايلى .

— تۆگىنى يوكۇندۇرمەك ئاسان .

ئۇلار كۈلۈشتى .

— بوتۇلكىدىن دە ! — دېدى ئۇيقۇدىن يېڭىلا ئويغانغان «تا-غىل ئۆكۈز» دەلدەڭلەپ تۇرۇپ ، — ئويۇنىنىڭ ئاكىسى شۇ .

— ئۇنىڭدىن باشلىساق ، ئاخىرلاشتۇرغان بولارمىزمىكىن ئا-كا ، — دېدى زۇلىيا ئۇنىڭ يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىنى شەرەت قى-لىپ ، — ساڭا بۇ بوتۇلكا دېگەن ئۇيقۇ دورىسىكەن .

— ساڭچۇ زۇلىيا ، ساڭا نېمە دورىسى ئەمىسە ؟ كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ دەۋېرەي ، بۇ بوتۇلكا ساڭا ئەقىل دورىسىكەن . ئىچكەنسې-رى مەردانىلىشىپ ، پۈتۈن دادۇينىڭ بايلىقىنى بىزدەك يالاڭ تۆش-لەرگە بۆلۈپ بېرىۋېتىدىكەنسەن .

ئۇلار كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ئىچىشنى باشلىدى . ھاراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سۇنئىي ھۆرمەت ، يالغان ئەلتىپاتلارنى بىر-دەمدىلا تۈگەتتى ـ دە ، ئۇلار بىر ـ بىرىنى «سەن» لىشىپ ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقىلى تۇردى . رازىيە ئاياللارنىڭ ئارىسىدا بولغاچقا ، بۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ ، پۈتالمىغان قارىياغاچتەك ئەركىن ئۆسۈشكەن ئادەملەر پەردىشەپ ، ھېيقىشلارنى تېزلا ئۇنتۇپ ، كۆ-ڭۈل ئېچىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋاستە — ئەر ـ ئايال ئونتۇرد-

سىدىكى ئىشلاردىن بولۇشىغىچە چاقچاق قىلىشقا باشلىدى .
يېزا ئادىتى شۇنداق ، ھېچكىم بىرلىرىگە باغاق ياكى خەۋەر تارقاتمايدۇ . كوچىدىكى باغلاقلىق ئات ياكى ماشىنا ئۆزى باغاق . پۈتۈن مەھەللە بىردەمدىلا كىمنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلگەنلىكىنى بىلىپ بولىدۇ - دە ، شۇ ئۆيگە ئوينىغىلى تەكلىپسىزلا كېلىۋېرىدۇ . زۇلىيانىڭ ئۆيى قاراڭغۇ چۈشمەي تۇرۇپلا «سالام بەرگۈچى»لەر بىلەن تولدى . تەمبۇر بىلەن دۇتارمۇ پەيدا بولدى . باغقا پەنەرلەر يېقىلدى ، يەنە مال سويۇلدى . ئىچىملىك يەشكى بىلەن كەلتۈرۈلدى . زۇلىيانىڭ راستىنىلا مەردلىكى تۇتتى . ئۇ پۈتۈن تاپقان - تۇككىنىنى يېگۈزۈپ تۈگىتىۋېتىشىنىڭ راھىتىنى كۆرمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا ئىش بۇيرۇپ : «كۆتۈرۈۋەت ! چاڭ چىقىرىۋەت ، ئەمما لېكىن… » دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ ئالدىراپ يۈرمەكتە ئىدى .
ھاشىر بىلەن ئەلا ھەممىنى ئۇنتۇغان ، دۇتار بىلەن تەمبۇرنىڭ مۇڭىغا بېرىلىپ ، «مەرغۇل» تىڭشاش ، يۇقىرى ئاۋازلىق غۇلجا ناخشىلىرىغا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراش ، ئۇلارنى چەكسىز خۇشال قىلغانىدى .
باغدىكى ناخشا - ساز ، ئۇسسۇل - كۈلكە تاكى تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلدى . «تاغىل ئۆكۈز» نەچچە قېتىم ئۇخلاپ ، نەچچە قېتىم سەگىپ بولدى . مانا ئۇ كەچ كۈزنىڭ سوغۇقىدا دۈگدەرەپ تىترەپ ، باغدىكى كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ، كۆزىدىن ياش چىققۇچە يۆتەلدى .
ئۇنىڭ يېنىغا زۇليا ئىسسىق چاي ئەكەلدى . ھالىدىن كەتكەن «تاغىل ئۆكۈز» كاسىلداپ تىترەپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى :
— نېمەڭ بۇ ؟ — دېدى ئۇ چاينى كۆرۈپ ، — ئىچىمگە ئوت كەتتى ، ماڭ ، جۇگو ، مۇزدەك تاۋۇز ئەكەلگىن .

رازىيە ئادىتى بويىچە سەھەر تۇردى . ئۇ چۈشىدە كۆرگەن ئىككى ئوغلىنىڭ خۇمارىنى بېسىش ئۈچۈن ، ھاشىر بىلەن ئېيە-تىشماقچى بولۇپ ، ئەرلەر ئۇخلاۋاتقان مېھمانخانىنىڭ ئىشكىنى قىيا ئاچتى . ھاشىر موخوركىسىنى ئاچچىق - ئاچچىق تارتىپ ماھۇقنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ سۇنايلىنىپ ياتاتتى ، ئەلا ئۇنىڭغا نېمىنىدۇر قىزغىن سۆزلىمەكتە ئىدى . دېمەك ، ئۇلارمۇ كېچىچە ئۇخلىماي ئېچكىنىگە قارىماي ، كۈندىن بۇرۇن تۇرۇشقانىكەن . رازىيە ئۆيگە بېشىنى تىقىپ :

— غەرق مەست ياتامدىكىن دېسەم ، ساقكەنسىلەرغۇ ، قېنى ، ئۇ كېچىچە ئېچكەن ھارىقىڭلارەي ؟ — دېدى كۈلۈپ .

— ئېچكەن ھارىقىمىز ناخشا بىلەن تۈگىدى ، تېخى بىلمەمە-سىز ، سازەندە شۇنىڭ ئۈچۈن مەست بولمايدۇ ، — دېدى ھاشىرمۇ كۈلۈپ .

— سىزمۇ سازەندە بولۇۋالدىڭىزمۇ ، تېخى ئۆزىڭىزچە ؟

— ئەلا بىلەن بىللە بولسام ، ھەم سازەندە ، ھەم شائىر ھەم پەلسەپىچى بولۇپ قالىمەن ، — دېدى ھاشىر ئايالىغا ئەلانى كۆزى بىلەن شەرەت قىلىپ ، — شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دائىم دەيمەنغۇ : پارتكومدا بىر ئاي ئۇخلىماي ئىشلەپ ، ئەلا بىلەن بىر كۈن بىللە بولسام ، پۈتۈن ھاردۇقۇم چىقىپ بولىدۇ .

رازىيە ئاپئاق چىشلىرىنى يالتىرىتىپ ، بەختتىن خۇمارلاشقان كۆزلىرى بىلەن ھاشىرغا نازلىنىپ :

— ئۇنداق ئادەم نېمىشقا ئەلانى ناھىيىگە يۆتكەپ ئەكەتمەي-سىز ، توۋا ، شۇنچە بىلىملىك بىر زىيالى تېخىچە گوڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ يۈرۈۋاتسا ، سىز ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپىغا مەسئۇل شۇجى تۇرۇپ خىجىل بولمامسىز ؟ — دېدى .

— بۇيرۇق ، يالۋۇرۇشلىرىم كارغا كەلمىدى ، — دېدى ھا-

شىر ، — ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان قۇر-
ماشمۇ نەچچە قېتىم ئۆزى كېلىپ خىزمەت ئىشلىدى . ناھىيىنىڭ
مەدەنىيەت سارىيىغا مەسئۇل قىلايلى ياكى كىتابخانىغا مەسئۇل
بول ، نامىڭ شۇ بولسۇن ، ئۆزۈڭ خالىغىنىڭنى قىل دېدۇق ،
كاجلىق قىلىپ ئۇنىمىسا ، قانداق قىلىمىز ، ئەمدى . مىنبەڭلارنى
ئىشقا سېلىپ ، باغلاپ ئاپارساق بولامدىكىن يا .

— نېمىشقا ئۇنىمايسىز ، ئەلا ، بىز بىللە ئۆتسەك ياخشى
ئەمەسمۇ ؟ ئۆي - ئوچاقلىق بولغۇچە ، بىز بىلەن بىللە تۇرۇڭ ،
بىللە تۇرۇشنى قانچىلىك ئارمان قىلىشتۇق ، ئەمدى مۇرادىمىز
ھاسىل بولغاندا ، نېمىشقا يالتىيىۋالدىڭىز ؟ مەن سىزدىن راستتىن-
لا خاپا جۇمۇڭ ، ئەلا !

ئەلا قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ ئەسنىدى - دە ،
قىسقىلا قىلىپ :

— مېنى زۇلىيانىڭكىدە تۇرغىلى قويساڭلارا ! — دېدى .

— بىزنىڭ شارائىتىمىز ناچارمىكەن ؟ — دېدى رازىيە خاپا
بولۇپ ، — دادامنىڭ قىرائەتخانىسىنى كۆچۈرۈپ ئاچىقىمىز . دا-
داممۇ بىزگە ئەلا سىلەر بىلەن بىللە تۇرسۇن دەپ مەسلىھەت
بەرگەن . دادامنى يالغاندىن ھۆرمەت قىلاتتىڭىزكەن - دە ؟

— ھەي رازىيە ، چېچىڭىز بىكارلا ئاقارغانىكەن - دە ، —
دېدى ئەلا كۈلۈپ ، — تېخىچىلا بالا ئىكەنسىز ، سىلەر بىلەن بىللە
تۇرالمايمەن . بۇنىڭ ئۆمەر ئەپەندى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى
يوق . سىلەر بىلەن بىللە تۇرالماسلىقىمنىڭ سەۋەبى باشقا .

— ئېيتىڭ ، زادى سەۋەبى نېمە ؟ — رازىيە ئۇنىڭغا تېخىمۇ
چىڭراق ئېسىلدى .

— سەۋەبى ئاددىي : سىلەرنىڭ بەختىڭلارنى كۆرۈش ماڭا
ئازاب .

— نېمە ؟ — رازىيەنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، — بۇ نېمە

دېگىنىڭىز ؟

— چۈشىنىشلىك ، — دېدى ھاشىر بېشىنى تاتلاپ تۇرۇپ ، — بولدى كوچىلاۋەرمەڭ ، رازىيە .

— ياق ، مەن چۈشىنەلمىدىم .

— ئەلانىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام ، مەنمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولاتتىم ، سىز بولغان بولسىڭىز ، سىزمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولاتتىڭىز ، رازىيە .

— چۈشەندۈرەلمىدىڭىز ، ھاشىر ، ئوچۇقراق بىر گەپ قىلىسىڭىزچۇ ؟

— ماقۇل ، ئوچۇقراق ئېيتاي . ئەلانىڭ قارىشىچە ، دوستىنىڭ بەختى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق ئىكەن ، لېكىن ئۇنىڭ بەختى ئەمەسكەن .

— ۋىيى !

— بەخت ھېسسىي نازۇك ، شەخسگە تېگىل ، ئورتاقلىشىشقا بولمايدىغان نەرسىكەن . مەن بۇ قاراشقا قوشۇلىمەن ، رازىيە .

— توق ئادەمنىڭ كېكىرىشى ئاچ ئادەم ئۈچۈن ئوزۇق ئەمەس - دە ، — دېدى ئەلا ئاچچىق كۈلۈپ .

— چۈشەندىم ، — دېدى رازىيە قاقاقلاپ كۈلۈپ ، — بەختلىك ئائىلە ، ئەلانىڭ بەختسىزلىكىنى بەكرەك ئاشكارىلاپ قويىدۇ . ئۇ بۇ ئاشكارىلاشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئازابتىن قۇتۇلماقچى . بەرىبىر قۇتۇلالمايسىز ، قۇتۇلۇشنىڭ يولى بەخت ئۈچۈن جۈرئەت قىلىش — گۈزەللىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈكۈنۈش . يۈكۈنۈش خورلۇقمىكەن؟ ھاشىر ماڭا يۈكۈندى ، مەنمەنلىكى ، رەھىمسىزلىكى ۋە قورۇق سىياسەتۋازلىقىنى ئېتىراپ قىلدى . بۇ ئۇنىڭ ئاجىزلىقىمۇ؟ ياق ، قەيسەرلىكى ، ئۇنىڭ قەيسەرلىكى ئالدىدا مەنمۇ تىزلاندىم ، ھاشىرنى تېخىمۇ ياخشى كۆردۈم . ئۇنىڭ ئۈچۈن ، جاندىن كېچىشكىمۇ تەييار تۇردۇم . نادانلىق قىلىپ ، بىردەملىك ئاچچىق-

نى دەپ كۆزۈمنى يۇمۇپلا بەھرام ئەپەندى بىلەن توي قىلغانلىقىم، تۈزەتكىلى بولمايدىغان خاتالىقىم ئىدى، لېكىن بۇ خاتالىقىمنى بىرلا ھاشىر توغرا چۈشىنەلىدى، مېنى ئىككىلەنمەستىن بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆردى. مەن قىلىنىلىشىپ نېمىشقا بۇ خۇسۇسىي ئىشلىرىمىزنى سۆزلەپ ئولتۇرىمەن، سىزگە ياردىمى بولسۇن دەيمەن. گۈزەلنىي بىلەن يارىشىپ قىلىشىڭىزدا، بىر توغرىراق يول تاللىۋېلىڭ دېمەكچىمەن. بىلەمسىز، ھاشىر ئىككىمىزنىڭ باشقا غېمىمىز يوق، ئولتۇرساق ـ قوپساق، سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەيمىز. سىز بىلمەيسىز، ھاشىر ئىككىمىز ھەر شەنبە كۈنى گۈزەلنى، باللارنى يوقلاپ تۇرۇۋاتىمىز. گۈزەلنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئېلىشقا ھەرىكەتمۇ قىلىۋاتىمىز تېخى.

ئەلا تامدەك تاتىرىپ ھاشىرغا ئالىيىپ قارىدى.

— راست، رازىيەنىڭ دېگەنلىرى ھەممىسى راست، ئارۇپ، تاشپولات، قۇرماشلارمۇ جىم تۇرغىنى يوق. بىز سېنىڭ ئىشىڭ توغرىسىدا نۇرغۇن قېتىم باش قاتۇردۇق.

— نېمىشقا مېنى تىنچ ياشىغىلى قويمايسىلەر، زادى؟

— بىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز، ساڭا تىنچلىق يوق.

— مەن ھەممىڭلاردىن كېچىمەن، سىلەر ماڭا تۇسقۇنلۇق قىلىۋاتىسىلەر! — ئەلا راستىنلا ئاچچىقلاندى.

شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ئاۋۋال تور ياغلىقلىق ئايالنىڭ بېشى، ئاندىن كېيىن تونۇش ئاۋاز كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالام، ئا شۇجى، دېگەن بىلەن كېتىپ قالماپلا، ياۋاللا، ئىزدىمىگەن ئىدارە، ئىزدىمىگەن مەكتەپ، ئىزدىمىگەن مەجلىسخانا قالمىدى. سىلىمۇ باركەنلا ئەلاجان، ئەجەب بەلەن بولدى. سىلى ماڭدىغان يولنى مەن مېڭىپ، سىلى خەجلەيدىغان پۇلنى مەن خەجلەپ تۈگىشىپ كەتتىم، ئىگەكىم، ئۈچ تۈمەن پۇل

مۇسادىرە بولدى ، بىر يىلدىن بېرى ھەرقايسىلىرىدەك كادىرلىغا ئۈچ مىڭ كويدەك پۇل خەجلەپ يول مېڭىپ ، ئالتە قېتىم ئايىغنى چەملەتتىم ، ئىگەكىم !

— سىلى... سىلى ؟...

رازىيە بۇ رۇخسەتسىز سۆزلەپ كىرىپ كېلىۋاتقان ئايالنىڭ ئالدىنى توسىدى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ئۆيى تاڭ سەھەردىن كەچكىرىگىچىلا مۇشۇنداق دەۋاگەرلەردىن خالىي بولمايتتى . ھاشىرنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئاشۇلار ئىگىلەپ كېتىپ ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى چالا قالاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن رازىيە ئۆيىدە مېھمان قوبۇل قىلىشىنى بىر تەرتىپ ئورناتقان ، مۇنۇ ناتونۇش ئايالنى شۇ تەرتىپ بويىچە باشقۇرماقچى بولۇپ ئالدىنى توسقانىدى . ئايال رازىيەگە قوپاللىق قىلدى :

— سىلى ، سىلى دەۋرمەستىن ئۆتۈپ تۇرسىلا ، خېنىم ، ئا شۇجىغا دەيدىغان گەپ بار ، خوتەندە بۇ كىشىنى ئا شوجاڭ دەيتتۇق . مانا ئەمدى ئا شۇجى دەيدىغان بولاپ قالدۇق . نېمە دېسەك دەيلى ، ئىگەكىم ، بۇ كىشى نامىتەكنىڭ ئاغىنىسى ، ئەلاجانمۇ ئاغىنىسى !

— قايسى نامىتەك ؟ ھېلىقى تۆھمەتخور نامەتما ؟

— تۆھمەتخور بولسىمۇ ، مۇشۇلىنىڭ ئاغىنىسى ، بىللە ئوقۇغان دوستى ، خېنىم ، سىلى چىقىپ تۇرسىلا دەيمەن ، كانىدەك چاپلاشماي ئادەمگە !

— نەگە چىقاتتىم ، ۋيىي !

— بۇ كىشى مېنىڭ ئايالىم رازىيە .

— شۇنداقمۇ ئا شۇجى ، تولا ياخشى ، تىزلىقما خېنىم . ئەجەب بەلەن پاكىز ، يۇمشاق چوكانكەنلا ، خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى بەرسۇن . ئەمىسە ، نامىتەكنىڭ گېپىنى قىلىلى ، ئاڭلىسام ئۇنى ئاتارمىش ، سىلى ئارىغا كىرسىلىرى ئاتمايمىش ، ئۆزىڭىز ئەسكى ئوغرى ، مېنى

تاشلاپ داغدا قوياپ، غۇلجىغا چىقىپ ئۆيلىنىۋالدى ئەمەسما! قىلغانلىرىنى ئويلىسام ئەسكەرنىڭ قولىدىن مىلتىقنى تارتىۋېلىپ ئۇزۇملا ئاتاي دەيمەن، ئىگەكىم، لېكىننىزە، ئاشۇ سەت، ئالدامچى ئوغرىغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قاپتىكەن، نومۇسنى قايرىپ قوياپ كەينىدىن پايتىمىدەك سۆرۈلۈپ يۈرۈپتىمەن جۇمۇسلا، ئىگەكىم، پۇل - پۇچەك دەيدىكەنمىز، پۇلنى دەپ خەقنى ئالدايدىكەنمىز، لېكىننىزە، كۆڭۈلنى ئالدىغىلى بولمايدىكەن ئەمەسما!

— سىلىگە نامەتنى ئاتقۇدەك دەپ كىم ئېيتتى؟

— كىم بولاتتى، ئوبلاستتىبكى رەقىپ بوجاڭ.

— سىلى ئۇنىڭ يېنىغا نېمىگە كىرگەن؟

— بۇرۇن نامەت بىلەن يېقىن ئىدى، قۇتقۇزۇپ قالارمىكىن دەپ كىرگەن.

— بىز نامەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز. ئۇ يالغان دېلو ياساپ بىزنى تۈرمىگە سالغۇزدى. نادىروف، ساۋۇتوفدەك ئېسىل ئادەملىرىمىزنىڭ بېشىغا چىقتى. ئۇ جىنايىتى ئېغىر دۈشمەن، لېكىن قانىنى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ. جاۋابكارلىق نامەتنىلا ئەمەس. بىز مەسىلىگە كەڭرەك قاراپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ خۇلاسە چىقارماقچى. نامەتمۇ ئالدانغان، ئۇنىڭغىمۇ چىقىش يولى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

— ئۆلمىسىلە، مىڭ يىل ياشىسىلا، چىرايلىق چوكانلىرىمۇ مىڭ يىل ياشىسۇن، ئىگەكىم!

ئايال دۇئا قىلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن گۇڭشې رەھبەرلىرى ھاشىرغا ئۆز خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەرگىلى كىردى. ئەلا سىرتقا مېڭىۋىدى، ھاشىر ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى ۋە ئۇنىڭ قولىقىغا:

— تۇرمۇش ئۆگەنمىسەم بولمايدىكەن دېۋىدىڭغۇ، نەگە قاچ-

سەن ، — دېدى .

دوكلات گېزىتتىكى سۆزلەر بىلەن باشلىنىۋىدى ، ئەلا يەنە ماڭماقچى بولۇپ قىمىرلىدى . ھاشىر ئۇنىڭ يانپېشىنى چىمدىۋالدى ۋە دوكلاتچىغا :

— نەق مەسىلىگە كۆچكىنە ، گۇڭشېنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى نېمىشقا شۇنچە كېمەيدى ، دېھقانلارنىڭ كۈنلۈك ئىش ھەققى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر سومغا يەتمەيدىكەن ، بەزى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ يىگىرمە تىيىنغا چۈشۈپ قېلىپ ئەزالارنىڭ تەڭدىن تولىسى قەرزدار بوپتۇ . بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە ؟ — دېدى .

دوكلاتچى گۇڭشې باشلىقى يېنىدىكى پارتكوم شۇجىسىغا پەچىرلاپ ، پېشانە - گەدەن تەرىنى كىچىك لۆڭگىسى بىلەن سۈرتتى . بۇ كۆرۈنۈش ئەلاغا ياققان ئوخشايدۇ ، ئۇ ھاشىرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى :

— ئىنچىكىلەپ سوراۋەرگىن ، بۇ بىر قىزىق گەپكەن .

ھاشىر گۇڭشېنىڭ ئىگىلىك مەھسۇلاتى ، تەقسىمات ، سۇ ئىشلىرى ، چارۋىچىلىق قاتارلىق مۇھىم ئىشلىرىنى ئىنچىكىلەپ بىرمۇبىر سورىدى ۋە «ئىنقىلاب»تىن بۇرۇنقىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ، ئومۇمىيۈزلۈك چېكىنىش پەيدا بولۇۋاتقىنىنى ئېنىق بىلدى . لېكىن ، گۇڭشې پارتكوم شۇجىسى يەنىلا ئىككى سۆزىنىڭ بىرىدە ، «ۋەزىيەت چوڭ ياخشى» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى . ھاشىرنىڭ تۇرۇپلا قوشۇمىسى تۇرۇلسە ، تۇرۇپلا ئاۋازى قوپال چىقاتتى . ئۇ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ يالغان سۆزلىرى بىلەن ئازابلىناتتى ، نومۇستىن قىزىراتتى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزى ئاساسىي جاۋابكار بولۇپ قالغاندەك ، ھېلىدىن - ھېلىغا ئەلەمدىن چىققان پېشانە تەرلىرىنى سۈرتەتتى .

— قانداق قىلماقچى ؟ — دېدى ھاشىر گۇڭشې باشلىقىغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ ، — ئېيتقىنا ، قەرزدارلار يىلدىن - يىلغا

كۆپىيىۋاتىدۇ، زادى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟

— بۇ يىل قانداق قىلىپ بولسىمۇ، قەرزنى تولۇق يىغىۋالىمىز، — گۈڭشې باشلىقى شۈجىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشمەكچى بولۇپ، كۈلۈمسىرەپ ھاشىرغا قارىدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — ھاشىر دەرھال سورىدى.

— قەرزنى يىغمىساق، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ كاسسىلىرىدا بىر تىيىن يوق.

— بەرگۈچىلىكى يوقلاردىنچۇ؟

— ئۆيلىرىنى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋالىمىز، جانلىق مال، كىگىز - كېچەك، بېدە - چۆپ، دەرەخ - ئورمان... ئىشقىلىپ، پۇلغا يارايدىغانلا نېمىسى بولسا ئالىمىز.

— قازان - قومۇچ، چىنە - قاچىلىرىمۇ پۇلغا يارايدۇ، — دېدى ھاشىر غەزەپ بىلەن ياش گۈڭشې باشلىقىغا قاراپ. گۈڭشې باشلىقى ناھىيىنىڭ پارتكوم شۈجىسىنى خۇش قىلىمەن دەپ ئەكسىچە خاپا قىلىپ قويغىنىنى چۈشەندى - دە، يېنىدىكى گۈڭشې پارتكوم شۈجىسىدىن ياردەم تىلىگەندەك، ئۆڭۈپ - تاتىرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— دېھقاننى پوستى سويۇلغان پىيازدەك يالىڭاچلاپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارماقچى. بىز مۇشۇنداق قىلىمىز دەپ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولغانمۇ؟

ئۆي ئىچى جىمجىت، ھەممىنىڭ كۆزى ھاشىردا. ھاشىرنىڭ غەزەپتىن لەۋلىرى كۆكەرگەن، كۆزلىرى نەملەشكەن، بۇرۇن تۆشۈكى بىر كېرىلىپ، بىر يېپىلىپ، يۈرىكىدە بىر غەزەپ ئوتى پارتلاپ چىقىشتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ زۇلياغا قارىدى.

— زۇلياكا، گەپ قىل، سېنىڭ دادۇيۇڭدە بۇ يىل دېھقاننىڭ كىرىمى قانداق بولىدۇ؟

زۇليا ھاشىرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆز ئىسمىنى مۇشۇنداق پەيتتە

تىلغا ئالغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى. ئۇ زۇلىيادىن ياخشى خەۋەر ئاڭلاپ، ئۆزىگە تەسەللى، ئەلا، رازىيەلەرگە ئۈمىد - ئىشەنچ پەيدا قىلماقچى. ئۇ زۇلىيانىڭ دادۈيلا ناھىيە بويىچە ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇنىڭدەك زۇلىيانىڭ يالغان گەپ قىلمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ.

— رۇخسەتمىكىن، — دېدى زۇلىيا سېرىق بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، خىيالچانلىق بىلەن، — ھازىرقى پەرەزدە تەقسىماتىمىز ئىككى سوم ئون تىيىن، ئەمما لېكىن قەرزدارلار بۇ يىل پۈتۈن دادۈي بويىچە يەنە يەتمىش - سەكسەن تۈتۈنگە بارىدۇ.

— ئۈچتىن بىرى قەرزدار بولىدۇ، دېگىنە!

— شۇنداق.

— ئەزالارنىڭ نورمىسىچۇ؟

— يۇقىرىسىنىڭ بەش يۈز ئەللىك، تۆۋەنلىرىنىڭ تۆت يۈز جىڭ، سەكسەن بەش پىرسەنت ئون ئاق، بەش پىرسەنت قوناق، ياغ بۇلتۇرقىدەك.

— نەچچە دۈينىڭ ئاشلىقى ئۈچ قالدۇرۇشقا يەتمەيدۇ؟

— بىر دۈينىڭ يەتمەيدۇ، قالغان يەتتە دۈينىڭ يېتىدۇ.

— سەنمۇ قەرز يىغامسەن؟

— قوي ئۈچ تۇياقتىن، كالا بىر سېغىن سىيىردىن كۆپ بولسا، ئارتۇق مېلىنى دۆلەت باھاسىدا قەرزگە ھېسابلاپ دۈيگە ئالىمىز، ئۆي - بىسات، باغ - ۋاران، كىيىم - كېچەكلەرنى قەرزگە ھېسابلاپ ئالمايمىز. قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەرنى دادۈي چارۋىسى ۋە دادۈينىڭ باشقا كىرىملىرىدىن كىرگەن كىرىم ھېسابىغا ئاز - تولىدىن قۇتقۇزىمىز، ئەمما لېكىن دادۈيمۇ كەمبەغەل.

— ياخشى، ياخشى، زۇلىيا ئاكا، بۇ يىل بىرىنچى ئۆكتەبىردىن بۇرۇن ئون سەككىز مىڭ مو يەرگە كۈزگى تېرىپ ۋەزىپىنى

ئورۇنداپ بوپسەن . ئېيتقىنا ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ، كىرىمنى كۆپەيتىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلماقچىسەن ؟

زۇلىيا نېمىلەرنى قىلماقچىكەنلىكىنى بىرنەچچە ئېغىز سۆز بىلەن بايان قىلدى . ئۇنىڭ قىلماقچى بولغانلىرى ئاددىي ئىشلار . تۈگمەن ، ماي زاۋۇتى ، سۈت پاراشوكى زاۋۇتى ، بىر مو يەرگە ئون مىڭ جىڭدىن ئوغۇت توپلاش ، ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى...

ھاشىرمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە خۇشال بولدى . ئۇ دوكلاتچىلار كەتكەندىن كېيىن دېرىزىگە تايىنىپ خىيال بىلەن ئولتۇرغان ئەلاغا قاراپ :

— قانداق ، كەمبەغەلچىلىك ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق دېسەم ئۇنىمايسەن . زۇلىيا ئاكام قىلغاننى باشقا دادۈيلەرمۇ قىلالايدۇ . مۇشۇنداق قىلىپ ، يەنە ئىككى - ئۈچ يىلدا دېھقانلار قەرزدىن قۇتۇلۇپ تۇرمۇشىنى ياخشىلىۋالالايدۇ . بۇنىڭغا ئىشىنەرسەن ؟ — دېدى .

— ئۈچ يىلدىن كېيىن قەرزدىن قۇتۇلىدۇ دەپمۇ خۇشال بولۇۋاتامسەن ؟ ساڭا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ ، ھاشىر ، بىر ناھىيە شۇجىسى دېھقانلارنىڭ قەرزدىن قۇتۇلۇشىنى شۇنچىلىك چوڭ خۇشاللىق بىلسە ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازاد بولۇپ يىگىرمە بەش ، يىگىرمە ئالتە يىل بولغاندا بۇ گەپنى دېسە ، ئادەمنىڭ تولىمۇ روھى چۈشىدىكەن ، ئاداش !

ھاشىرنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى . ئۇ ئەلا بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچىدى ، لېكىن تۈرمە ۋە ئۇ يەردىكى تەجرىبىلىك چوڭلارنىڭ سۆزلىرى ھاشىرغا تەسىر قىلغان . ئۇ ئېغىر - بېسىقلىق ۋە ئەمەلىي سۆز قىلىشقا خېلى ئادەتلەنگەنىدى .

— چۈشەندىم ، ئاداش ، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭنى چۈشەندىم . بىزنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىمىز تېخى خام ، بىز تەجرىبىسىز .

راست ئېيتىسەن ، خەلق گۇڭشېسىنىڭ مۇشۇ ھازىرقى ھالىتى بويىچە ماڭغان بىلەن دېھقانلارنى تېز ئارىدا باي قىلغىلى بولمايدۇ . مەن كۆپ ئويلايمەن ، ھېسابلايمەن . ئىستىقبالنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن ، لېكىن ئۇزۇل ـ كېسىل قەد كۆتۈرۈپ ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئويلىغاندەك دەرىجىدە ياخشىلاش ئۈچۈن ، تازا ياخشى چارە تېپىلمايۋاتىدۇ ، ئاداش . ماۋجۇشىغا ئىككىنچى قېتىم خەت يازاي دەيمەن ، خەلق گۇڭشېسىنى ئالىي كوپېراتسىيىگە ئۆزگەرتسە ، قانداق بولاركىنتاڭ .

ئەلا يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان دوستىنىڭ يىرىك ، قوپال قوللىرىنى تۇتتى :

— سەممىيلىك ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقى . ئاداش ، ھەرقانداق ئورۇندا راست گەپ قىل جۇمۇ . مەن ساڭا يازغۇچىلارنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەپ بېرەي . نېمىشقا يازغۇچىلار ، ئالىملار توغرىسىدا سۆزلەيسەن دەپ قېلىشىڭ مۇمكىن . سەۋەبى ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى راستچىل ، سەممىي بولىدۇ . بۇنىڭدىن يەتمىش ـ سەكسەن يىل بۇرۇن فرانسىيىدە بىر ئىش سادىر بولغان .

ئەلا خۇددى كىچىك بالىغا چۆچەك ئېيتقاندەك ھېكايىسىنى باشلىدى . ھاشىر كىگىز ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتتى ـ دە ، ئەلاغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قارىدى .

— سۆزلە ، ئاۋاق ، قېنى ، سېنىڭ سېسىق زىيالىيلىرىڭنىڭ سەممىيلىكى قانچىلىككى ، ئاڭلاپ باقاي ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ .

— دىلفۇس ئىسىملىك بىر يەھۇدىي ئوفىتسېر نېمىسلارغا ھەربىي مەخپىيەتلىكنى ساتتى دېگەن نام بىلەن ئەيىبلىنىپ سوتلىنىپتۇ . بۇ ناھەق ھۆكۈم خەلقنى غەزەپلەندۈرۈپتۇ . داڭلىق يازغۇچى زولا شۇ چاغدا ، يەنى 1897 ـ يىلى جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭىغا

خەت يېزىپتۇ . خېتىنىڭ ماۋزۇسى «ئەرز» . خەت ئاشكارا ئېلان قىلىنغاچقا ، ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغاپتۇ . يازغۇچى بۇ خېتى ئۈچۈن ، ئۆز يۇرتىدىن لوندونغا سۈرگۈن قىلىنىپتۇ ، لېكىن ئۇ سۈرگۈندە تۇرۇپمۇ كۈرەش قىپتۇ . 1906 ـ يىلى ، يەنە توققۇز يىلدىن كېيىن بۇ كۈرەش غەلىبە قىلىپ دىلفۇس ئاقلىنىپتۇ ! ئاڭلىغانسەن ، بىر يازغۇچى بىر ئاددىي ئوفىتسېرنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۆز ھاياتى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ . سەن بىر ناھىيىنىڭ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ، نەچچە مىڭلىغان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىسەن ، يۇقىرىغا خەت يېزىپ راست گەپنى ئېيت ، خەلق گۇڭشېسى دېھقانلارنى خۇشال قىلالمىدى ، دېھقانلار مەسىلىسىنى قايتىدىن ئويلاشمىساق بولمىدى ، بىر يېرىم مىليارد مو تېرىلغۇ يەر پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرالايدى-غان بولۇشى كېرەك ، دېھقانلار قەرز ، زاغرا ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن بىزار بولدى دەپ ياز . خېتىڭگە مانا مەنمۇ قول قويىمەن .

— پىڭ دېخۇيىدەك جاسارەتلىك بولالامسەن ؟

— مەيلى ، ئاداش .

— بولدى ، بۇ گەپنى قوي ، زولا دېگىنىڭ قالتىس يازغۇچە-كەن ـ ھە ، كېيىن خەلق ئۇنى بېشىدا كۆتۈرگەندۇ ـ ھە ؟

— نەدىكىنى ؟ ئۇ غەلىبىنى كۆرەلمەي ، 1902 ـ يىلى ۋاپات بولدى .

— ھەي ئىستەي ، قالتىس يازغۇچى ئىكەندۇق ـ دە .

— ئۆز ئىشىغا سادىق يازغۇچى ئىدى . «مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن كەسپىمنى قوغدايمەن . مەن ئۇچقاندەك يۈگۈرەيمەن ، لېكىن كەسپىم مەندىنمۇ تېز !» دەپ يازغان ئۇ .

— بۇ تەرىپى ساڭا ئوخشايدىكەن ، لېكىن سەن كەسپكە يېتىشەلىدىڭ ، سېنىڭ كەسپىڭنى بىز ساڭا قاچىلماس قىلىپ

باغلاپ بەردۇق . ھەي ئىستەي ، سىنى كەسپىنى قوغلايدىغان قىلىش كېرەك ئىدى . كەسپىڭنى باغلاقتىن بوشىتىپ قاچالايدىغان قىلىشنىڭ ئامالى بارمىكىن .

مەھەللە خەلقى ھاشىرلارنى ئۇ كۈنىمۇ قويۇپ بەرمىدى . ئۇلار ئۈچۈن ئۆي - ئۆيدە قويلار سويۇلدى ، زىياپەت داستىخانلىرى راسلاندى . ھاشىر بۇ ئىشلارغا خاپا بولۇپ زۇلياغا ۋارقىرىدى .

— سەن باشلاپ بەرمىگەن بولساڭ ، خەلق بۇنداق قىلاتتىمۇ ؟ — دېدى ئۇ دادۇينىڭ ئورمانلىق بېغىدا تەييارلانغان ھەشەمەتلىك سورۇننى كۆرۈپ ، — نۇرغۇن ئەزالار زاغرىنغىمۇ زار ، سەن بىلەن بىز پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرى تۇرۇپ ، خەلقنىڭ ئاچ - توق قېلىشى بىلەن ھېسابلاشماي ، ئۆزىمىزنى بۇنداق بوردىساق قانداق بولىدۇ ؟ بۇ بىر كۆڭۈل ئېچىش ئەمەس ، ناھايىتى چوڭ ئازاب !

— خەلقنىڭ سىزگە بولغان ھۆرمىتى ، ھاشىر ئۇكام ، — دېدى زۇليا يەرگە قاراپ ، — ئۈچىنچى دۈي ماڭا مەسلىھەتمۇ سالماي ، بۇ چاينى تەييارلاپ قويۇپتۇ . مەقسىتى...

— بىلىمەن ، مەقسىتى ماڭا ياخشى كۆرۈنۈپ ، داجەيچە دۈي بولۇۋېلىش . مەھسۇلاتى ئاشسا ، كىرىمى كۆپەيسىلا ھېساب ئەمەس ، ھەممىدە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش كېرەك . ئېيت ، قويلىرى سويۇلمىغان بولسا ، دەرھال مۇنۇ ئويۇننى يىغسۇن .

— لېكىن ، ئىككى داش قازاندا گۆش قايناۋاتىدۇ ، — دېدى ئەلا كۈلۈپ قويۇپ ، — ئۈچىنچى دۈي ناھىيە بويىچە باي دۈي . ساڭا ئۆز بايلىقىنى ، مۇنۇ ئالمىلىق بېغىنى كۆرسىتىپ ماختىنىۋالماقچى ، بۇنىڭغا نېمە قارغىشلىق قىلاتتىڭ .

— ئۇنداق بولسا ، زۇلياكا ، سەن دادۇينىڭ بوغالتىرىنى تاپ .

— نېمە قىلىمىز ، ھاشىر ئۇكام ؟

— ئون مىنۇت ئىچىدە مۇشۇ زىياپەتكە كەتكەن ئومۇمىي

چىقمىنى ھېسابلاپ ماڭا ئەكەلسۇن .
— بۇ... بۇ...
— نېمە بۇ ، بۇ ؟ قىلىسەن ، ماڭ جوگو ، چاپسان ئورۇندا ، راست بولسۇن - ھە .
ھاشىر زۇلياغا بۇيرۇق بېرىپ بولۇپ ، گەپ توگىدى دېگەندەك قىلىپ باغ ئېرىقلىرىنى ئاتلاپ ، باغنى كۆرۈش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى .
يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇ ئون پارچە تىكمەت سېلىنغان ، داستىخانلىرى مېۋە - چېۋە ، نان - توقاچ ، تاتلىق - تۈرۈم بىلەن تولغان سورۇندا پەيدا بولدى . بۇ يەرگە گۆشىي ، دادۇي ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ پۈتۈن كادىرلىرى بىلەن يۇرتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەملىرى توپلانغان . ھەممىنىڭ چىرايىدا ئەنسىزچىلىك ۋەھىمە چىقىپ تۇراتتى . ھاشىر ئۆزىنى كۆرۈپ ئورنىدىن دۇررىدە تۇرۇۋالغان كۆپچىلىككە قاراپ كۈلدى :
— بۇ نېمە ئىش ؟ كۆپچىلىك ئولتۇرايلى ، مەن ھېكىمبەگ خوجا ياكى غېنى باتۇر ئەمەسقۇ ، نېمىگە ئۆرنتۆپە بولۇۋالدىڭلار ، بۇگۈنكى زىياپەتنى ئەسلىي ئۈچىنچى دۈي تەييارلىغانىدى ، لېكىن مەن باياتىن دۈيجاڭلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ، بۇ زىياپەتنى سېتىۋالدىم . بۇ مېنىڭ كۆپچىلىككە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بەرگەن چېيىم !
كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈشتى . بۇ سورۇنغا ئەتەي تەكلىپ قىلىنغان ئۆمەر تەمبۇر بۇ يىل قويۇۋالغان كەكە ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ :
— راست ساتتىڭمۇ ، ھەي جارۇپ ؟ — دەپ سورىدى . كەڭ قاسقانلىق شىلەپە كىيىۋالغان دۈيجاڭ يوغان ئاغزىنى بولۇشىغا ئېچىپ ھىجايدى :
— ساتتۇق ، ئاكا !

— قانچىگە ؟

— باھاسىغا يەتتىڭمۇ ؟ — دېدى دۈيجاڭ ، — يىگىرمە بەش سوملۇق قويلارنى قىرىق سومدىن ھېسابلىدى ، تۆتتۇرۇق ئۆتتۈنلار-نىمۇ ھېسابلىدى . ئەيتاۋۇر ، بىز بۇغدايلىرىمىزنىمۇ بۇنچىلىك پۇل قىلالمىغان ، لېكىن...

— بولدى ، بولدى ، جارۇپكا ، — دېدى ھاشىر قولى بىلەن داستىخاننى كۆرسىتىپ كۆپچىلىككە قاراپ ، — ئولتۇرايلى ، مەن ساھىبخانا ، ماڭا تەييارلانغان تۆرنىڭ كاللىسى بۈگۈن ئۆمەر-كامنىڭ !

كۆپچىلىك چاقچاق - كۈلكە بىلەن ئولتۇرۇشتى . ئۆمەر تەمبۇر :

— ھاشىر ئۇكام ، تازا چۈشىنەلمىدىم . رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن دېگىنىڭ نېمىسى ، نېمىگە رەھمەت ئېيتىسەن ، زادى ؟

— نېمىگە بولاتتى ، ئاغىنەم ئەلانى بالا - قازادىن ساقلاپ قالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ، مانا زاكۇسكىلارمۇ كەلدى . مەن مۇنۇ بىر پىيالە ھاراقنى كۆپچىلىكنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈردۈم ، ئەمىسە !

باغدا كېچىچە داۋام قىلغان كۆڭۈل ئېچىش ، بۇ ئاخشام پۈتۈن دادۈي خەلقىنى جانلاندۇرۇۋەتتى . ھەممىلا ئادەم خۇشال ، بولۇپمۇ ھەممىدىن خۇشال بولغىنى ، ھاشىر بىلەن رازىيە بولدى .

يېرىم كېچىدە رازىيە بىلەن ھاشىر ئالا كۆلەڭگە بىلەن چىراي-لىق بولۇپ قالغان ، ئىككى تەرىپى ئېگىز تېرەكلىك كوچىدا قول-تۇقلىشىپ يالغۇز مېڭىشتى . رازىيە بېشىنى ھاشىرنىڭ مۈرىسىگە سىڭايان قىلىپ تۇرۇپ :

— ئەلانى ئاجايىپ ياخشى كۆرىسىز - ھە ؟ — دەپ سورىدى .

— شۇنداق ، رازىيە . مەن ئۇنىڭ نامى بىلەن پەخىرلىنىمەن . ئۇ بىر ئاجايىپ رومان ئۇستىدە ئىشلەۋاتىدۇ .

— راستما؟ ئاجايىپ ياخشى قىپتۇ. بىز ئەمدى ئۇنى تېخىمۇ ئاسرايلى، ھاشىر.

— بۈگۈنكى زىياپەت شۇ رومانىنىڭ خۇشاللىقى ئىدى، لېكىن بۇ سىرنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدىم.

شۇ چاغدا، ئاق بۇلۇتلار كەينىدىن كۆلۈپ چىققان ئاي، بۇ بەختلىك ئەر - ئايالنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكتى.

## 2

ئۆمەر ئەپەندى ئېغىر كېسەل بىلەن يېتىپ قالدى. رازىيە باللىرىنى ئېلىپ دادىسىنى باقىلى كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ھاشىرنىڭ بەش ئېغىز ئۆيى بار ھويلىسى مازاردەك سۈرلۈك جىمجىت بولۇپ قالدى. ئايغى ئۈزۈلمەيدىغان دەۋاگەرلەرمۇ ھويلا ئىشىكىگە سېلىنغان يوغان قارا قۇلۇپنى كۆرۈپ ھەسرەت بىلەن يېنىشتى. ھاشىر ئۆز ئۆيىگە كۈندۈزى تۇگۈل، كېچىسىمۇ كەلـ ـمەيتتى. ئۇ كۈندۈزلىرى كىچىك «گاز» ماشىنا بىلەن ناھىيىنىڭ مۇھىم قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى، ھەرقايسى گۇڭشېلارنىڭ مەسىلىسى ئېغىر دۈيلىرىگە باراتتى، ئۇ يەرلەردە ئىشلاردىن خۇلاسە چىقىراتـ ـتى، بىرلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلاتتى، بىرلىرىگە نەسىھەت - مەسلىھەت بېرەتتى، بىرلىرىنى ئىشقا بۇيرۇيتتى... ئاخشاملىرى بولسا، ئىشخانىسىغا قايتىپ كېلىپ كىتاب ئوقۇيتتى، دوكلات - خەت يازاتتى، لېكىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يېرىم كېچىگىچە كادىر- لار، زىيالىيلاردىن كەلگەن ئەرز خەتلىرىنى ئوقۇپ، ھەربىر خەتـ ـنىڭ بېشىغا بىر ياقلىق قىلىش توغرىسىدا ئۆز پىكرىنى يازاتتى.

ئۇ ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەتلەپ قاتتىق ئىشلەيتتى، كۆپىنـ ـچە ۋاقىتلاردا ئىشتىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى.

بولۇپمۇ، ئاشلىقى يېتىشمەيۋاتقان ئون يەتتە ئىشلەپچىقىرىش دۈيە-نى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشى، ئۇنىڭ ئوي - خىيالىنىڭ مەركىزى ئىدى. ھازىر تېخى ئون ئىككىنچى ئاي، كېلەر يىلى يەتتىنچى ئاي كىرمىگۈچە يېڭى ئاشلىق بولمايدۇ. دېمەك، بۇ دېھقانلار ئالتە - يەتتە ئاي ھۆكۈمەت ئاشلىقى بىلەن تەمىنلىنىشى كېرەك. ھۆكۈمەت سېتىپ بېرىدىغان بۇ ئاشلىق كۆكىرىپ كەتكەن قوناق. نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ شۇ قوناقنى سېتىۋېلىشقىمۇ چامى يەتمەيدۇ تېخى. كۈنىگە ئۈچ ۋاخ تامىقىغا قوناق يېيىش بىلەن شۇنچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئو-رۇق، يېلىڭ - يالىڭاچ، ئاچ بالىلار، جۇل - جۇل كىيىملىك، چىرايى زەپىرەڭ تۇغۇمچان ئانىلار زادىلا نېرى كەتمەيتتى. ئۇ مۇشۇ ئون يەتتە ئىشلەپچىقىرىش دادۈيىدىكى بىر مىڭ نەچچە يۈز جاننىڭ غېمىنى قىلىپ، ئوبلاستقا، قوشنا ناھىيىلەرگە قانچە قېتىملاپ ئادەم ئەۋەتتى، خەت، ئالاقە، تېلېگراممىلار يوللىدى، لېكىن تېخىچىلا ئۇ قانائەتلەنگۈدەك بىر چارە تاپالمىدى.

كەچ كۈز ئاخىرلىشىپ، قىش باشلىنىش ئالدىدا، كوچىلاردا ئاچچىق، سۆڭەكلەردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىزغىرىن شامال ۋىژىل-داپ، يازىچە تەبىئەتكە زىننەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر تەبىئەت-نىڭ جازاسىغا يولۇققان سېرىق يوپۇرماقلارنى ئۈچۈرۈپ يۈرمەك-تە. قۇرۇقدالغان باغلاردىكى دىرىلداپ تىترەپ تۇرغان شاخلاردا قاغىلار شۈمشىيىپ نالە قىلىشماقتا. ئېرىقلاردىكى چۆرىسى چا-ۋات بولۇپ مۇز قېتىشقان ھۆرۈن سۇمۇ شامال دەستىدىن تىترىمەكتە...

ھاشىر ئۈيقۇسىزلىقتىن ئىششىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، يەر-گە يورۇق چۈشۈش بىلەن ھويلىسىغا چىقتى. ئۇ چېلەك - تۇڭلار-نى تاراقلىتىپ بىر تېمىم سۇ تاپالمىدى - دە، ئىشىكى ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، مۇز ئارىلاش ئېرىق سۇ-

يىنى شالاپلاپ يۇز ـ كۆزنى يۇدى . شۇ چاغدىلا ، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقى بىلىندى . ئىدارە ئاشخانىسىنىڭ ئېچىلىشىغا تېخى ئۈچ ـ تۆت سائەت بار ، ئۆيدە بولسا قاتتىق نانمۇ قالماپتۇ . شۇ چاغدا ، ئۇنىڭ يادىغا ھېلىقى ئاچ ـ يالىڭاچ باللار بىلەن ئاياللار كەلدى ـ دە ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى . ئۇ ھويلىسىغا كىرىپ ۋېلىسىپىتىنى جالاقلىتىپ سۆرەپ چىقتى ـ دە ، ھويلا ئىشىكىگە قۇلۇپ سالدى .

ئۇ بىردەمدىن كېيىن چوڭ كوچىغا قارىغان بىر دېرىزىگە ئالىقانلىرى بىلەن ئۇردى . ئۆيدىن ئاۋۋال : «ھە ، ھە كىم ؟» دېگەن ئاۋاز چىقتى ـ دە ، ئاندىن كېيىن ھويلىدىن چاپان يېپىنچاقلاپ ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم چىقتى .

— ۋۇي ، ھاشىر شۇجىكەنغۇ ، قېنى ئۆيگە ، — ئۇ ئادەم كۇلۇپ تۇرۇپ ئۆي ئىشىكىنى كۆرسەتتى .

— قاچانغىچە ئۇخلايسەن ، بۇگۈن نەدىن بولسىمۇ ، ھېلىقى كۆنەستىن يۆتكىلىدىغان بۇغدايىنى ھەل قىل ! سەن ناھىيىنىڭ سودا ـ ئاشلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبىرى بولسەنۇ تېخى ، ئۆيۈڭدە خاتىرجەم ئۇخلايسەن !

ھاشىر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئاچچىق بىلەن تىكىلىپ قارىدى .

— بولىدۇ ، بىرىنچى ئاپتوبۇس بىلەنلا شەھەرگە كىرەي .

— ياق ، ھازىر ماڭ ، بېرىپ «گاز »نىڭ شوپۇرىنى ئويغات ، ئاشلىق ئىدارىسى ، سودا ئىدارىسى ، بانكىنىڭ باشلىقلىرىغا ئاخشام مەن ئۇقتۇرغان . ئۇلارنىمۇ بىللە ئېلىۋال ، ئۈچ كۈنگىچە ئاشلىق دۆلەتكە يەتكۈزۈلمىسە ، مەندىن يامانلىما ـ ھە !

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، ۋېلىسىپىتقا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى . ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم قورۇسىغا كىرىپ يەنە بىر ئىشىكنى قاقتى . ئۆيدىن ياش بىر شىببە يىگىت چىقتى .

— تەرجىمە قىلىپ بولدۇڭمۇ ، شاۋگوەن ؟ — دېدى ھاشىر

ئۈنىڭغا .

— ھەئە .

— نەچچە نۇسخا كۆچۈردۈڭ ؟

— خەنزۇچىنى ئۈچ نۇسخا ، ئۇيغۇرچىنى ئىككى نۇسخا .

— كۆپىيىسىنى چىڭ ساقلا . جۇگۇ ، ھەممىنى ئاچىق ، مەن بۈگۈن شەھەرگە كىرىمەن . ئاڭلىغانسەن ، قېيناتامنىڭ ئەھۋالى ئېغىر كەن . جىگەر راك ، بىر - ئىككى كۈنلۈكى قالغان ئوخشايدۇ . مەن كېچىلەپ بولسىمۇ ۋېلسىپىت بىلەن قايتىپ چىقىمەن . لۇ شۈجىغا ئەھۋالنى ئېيت ، ھېلىقى يىغىننى يېرىم كېچىدە بولسىمۇ ئاچىمىز .

ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، ۋېلسىپىتنى مىنىپ شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى . ئالدىدىن ئاچچىق شامال ئۇرماقتا . غەرب تەرەپ قاپقارا بولۇپ تۇتۇلغان . ناھىيىدىن شەھەرگە بارىدىغان تاشيولدا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم يوق . قۇم ، توپا ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلماقتا ، رول تۇتقان پەلەيسىز قوللىرى چىملىدىماقتا ، قورسىقى ئېچىپ بېشى ئايلانماقتا ، لېكىن ئۇنىڭ پۇتلىرى ۋېلسىپىت پىدالىنى شۇنچىلىك تېز ، شۇنچىلىك كۈچ بىلەن تەپمەكتە . ئۇنىڭغا شەھەر خۇددى مىڭ تۇرمۇش يېقىنلاپ ، ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە . ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى ، ھازىرقى قېيناتىسى ئۆمەر ئەپەندىنىڭ چىرايىنى كۆرۈۋېلىشقا ، ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىنى ئاڭلىۋېلىشقا ئالدىرىماقتا . ئۇ ماشىنىدەك تېز سۈرئەت بىلەن مېڭىپ ، نىلقا مەھەللىسىگە كەلگەندە ، قېرىشقاندەك ۋېلسىپىتنىڭ زەنجىرى چىقىپ كەتتى . ئۇ تۇزەپ باقتى ، تۈزىگەنسېرى ئەپلەشمىدى ، زەنجىر ئۈزۈلگەندى .

ئۇ ۋېلسىپىتنى مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر ئۆيگە سۆرەپ ئەكىردى - دە ، تامغا يۆلەپ قويدى . ئۇ ھويلىدىن چىققاندا ، ئۇنىڭغا كەينىدىن بىر سېرىق ئىت «كاپ» قىلىپ ئېغىز سالدى .

ئۇ چىم قىلىپ قالغان پاقالچىقىنى ئېگىشىپ تۇرۇپ يىرتىلغان ئىشتان بىلەن قوشۇپ مەھكەم قىلىپ تاڭدى ـ دە ، ھويلىدىن ئالدىراپ چىقتى . ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆي ئىگىسى چىقتى :

— ھوي ، ھاشىر شۇجىغۇ ، بۇ نېمە قان ؟ — دەپ ھەيران بولدى ئۇ . ئۇنىڭغا جاۋابەن گۇناھكار ئىت ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغاندەك ، ئىگىسىگە قۇيرۇق شىپپاڭلىتىپ سۈركەلدى .

ھاشىر دوختۇرخانىغا — ئۆمەر ئەپەندىنى يوقلىغىلى كىرىشتىن بۇرۇن ناشتا قىلىۋالماقچى بولدى . خەنزۇ بازىرى ـ تاشلىپكىدىن چايخانا ئىزدىدى ، بۇ يەردە ئۆز ۋاقتىدا تاڭ سەھەردىن يېرىم كېچىگىچە نەغمە ـ ناۋا ، مېھمانلىرى بىلەن ئاۋاتلىشىپ تۇرىدىغان چايخانىلاردىن بىرىمۇ يوق ، نان ياكى پىرەنىك ساتىدىغان دۇكانلار تېپىلمىدى . ئۇ تاسمىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى ـ دە ، لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان سول پۇتىنى سۆرەپ كونېپېتىشقا — دوستلۇق دوختۇرخانىسىغا قاراپ ئالدىراپ ماڭدى . ئۇنىڭ يىرتىلغان پۇشقىقى ھېلىدىن ـ ھېلىغا يېشىلىپ كېتىپ ئۇنى ئاۋارە قىلغىلى تۇردى . ئۇ توغرا كوۋرۇككە بارغاندا ، بىر دۇكاندىن خادانى شىم سېتىۋالدى ـ دە ، يىرتىلغان ، قان يۇقى ئىشتىنىنىڭ سىرتىدىن قاپلاپ كىيدى .

ئۇ دوختۇرخانىدىن قېيناتىسىنى تاپالمىدى ، ئۇنىڭ ياتقان كارىۋىتىدا باشقا بىرى ياتاتتى . ئۇ ئەمدى غەربكە — ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭدى . ئۇنىڭ بېشى قايدى ، بەدىنى قىزىدى ، پۇتى قاتتىق ئاغرىشقا باشلىدى . ئۇ ئازاب بىلەن ئالدىراپ مېڭىپ ، كۆپ خېلى ئۆرلىگەندە قېيناتىسىنىڭ ئۆزىگە تونۇش ، مېھرى ئىللىق ئۆيىگە يېتىپ كەلدى ـ دە ، ھويلىغا كىردى . ئۇنىڭ ئالدىغا قاپاقلىرى ئىششىغان ، روھى چۈشكۈن ھالدا رازىيە چىقتى :

— بارمۇسىز ؟ — دېدى رازىيە يېشى لىغىلداپ تۇرغان ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن يولدىشىغا تىكىلىپ .

— دادام قانداقراق ؟
— گەپتىن قالغىلى ئىككى كۈن بولدى ، — رازىيەنىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلدى ، — سىزگە تارتىشامدىكىن...
ھاشىرنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى . ئۇ ئوتتەك قىزىۋاتقان ئېغىر گەۋدىسىنى بوسۇغىدىن ئارانلا يۆتكىدى — دە ، سارايغا - 1957 - يىلى يازدا ئۆمەر ئەپەندى ھاشىر بىلەن ئەلانى ئۇزىتىپ زىيايەت بەرگەن ھېلىقى ئۆيگە كىردى . ئۆمەر ئەپەندى قاتلاپ سېلىنغان تىكمەت ئۈستىدە قېلىن كۆرپىلەرگە چۆكۈپ ، كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى . ھاشىر ئۇنىڭ بېشىدا تىزلاندى . ئۇ دادىسىنىڭ قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن قانسىز يۈزىگە سايە تاشلاپ ، تالا - تالا بولۇپ يالتىراپ تۇرغان كىرپىكلىرىنىڭ جۇپلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز بۇقۇلداپ يىغلىدى :
— دادا ، — دېدى ئۇ دادىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، — رازى بولۇڭ !
دادىسى كۆزىنى ئاچتى ، ئۇ كۆيئوغلىنىڭ سولغۇن چىرايىنى ، كۆز يېشىنى ئاخىرقى قېتىم كۆردى -دە ، مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى .
ھاشىر شۇنىڭدىن كېيىن ئۈن سېلىپ يىغلىمىدى ، بېلىگە ئاق باغلاپ ، ھازىدار بولۇپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغىنى بىلەن ، ئۇ ئىچىدە ئۆزى بىلەن سۆزلەشتى . دادىسىنىڭ كۆڭلىگە سالغان قاداقلىرى ئۈچۈن ئازابلاندى . 1958 - يىلى ، ئۆمەر ئەپەندى «ئوڭچى» بولۇپ قالغاندا ، ھاشىر بۇ ئاق كۆڭۈل ئوقۇتقۇچىسىدىن قاتتىق يىرگەندى . شۇ سەۋەبتىن ، رازىيەنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىگە سوغۇق ۋە قوپال مۇئامىلە قىلىپ ، رازىيەنى ھايات ئاتا قىلغان بەختتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا بولغۇچى قانچىلىك ئازابلانغاندۇ - ھە ؟ 1966 - يىلى ، ئۆمەر ئەپەندىنىڭ كىتابلىرى تالان تاراج قىلىندى . بۇ دەرد بىلەن ئۆمەر ئەپەندىنىڭ

ئىنسى ، ئايالى ۋاپات بولدى ، رازىيە تۇرمىگە كىردى . بۇ چاغدا ، هاشىر ئاللىقاچان رازىيە بىلەن كەلگۈسى بەختلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىپ بولۇشقان . ئۆمەر ئەپەندى قىزىنىڭ هاشىرنى دەپ ئېرىدىن ئاجراشقىنىنى ، هاشىر بىلەن بىللە بولۇپ ، قالغان ئۆمرىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈشكە ئىشەنگىنىنى بىلەتتى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال ئىدى . ئۆيگە سورۇقچىلىق كېلىپ ، ئۆمەر ئەپەندى نەۋرىسى بىلەن بۇ چوڭ قورۇدا يالغۇز قالغاندا ، ئۇنىڭ بارلىق خىزمەتداش ، ئەل - ئاغىنە ، ئۇقۇغۇچىلىرى ئۇنى يوقلىدى . لېكىن ، هاشىر ئۆزىنى بۇ «ئۇلۇغ ئىنقىلاب»نىڭ ئاكتىپ قاتناشچىسى هېسابلاپ ، ئۆمەر ئەپەندىنى ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى دۈشمىنى هېسابلىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۆز ئۇستازىنىڭ بوسۇغىسىغا ئاياغ باسمىدى . ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ! هاشىر تۇرمىگە كىردى . ئۆمەر ئەپەندى هەر هەپتىدە بىر قېتىم رازىيەنى يوقلىغىلى تۇرمىگە كەلگەندە ، هاشىرنىمۇ بىللە يوقلاپ تۇردى . شۇ چاغلاردىمۇ هاشىر ئۆزىنى بۇ ئاق كۆڭۈل بوۋاي بىلەن ئىككى قۇتۇپنىڭ ئادىمى هېسابلاپ بولغۇسى قېيناتىسىغا سوغۇق چىراي مۇئامىلە قىلدى ، سوۋغىلىرىنى قوبۇل قىلمىدى... لېكىن بوۋاي هاشىردىن يەنە رەنجىمىدى . قىزىنىڭ بەختىنى يەنىلا مۇشۇ مۇز كۆڭۈل ئوقۇغۇچىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىزدىدى... هاشىر 1973 - يىلى يازدا رازىيە بىلەن توي قىلغانىدىچۇ؟ ئۇ چاغدا ، هاشىر هاياتىنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىغان ، ئۆزىنىڭ هاياتتا نېمىنى خاتا قىلغانلىقىنى خېلى چوڭقۇر چۈشەنگەن ، ناهىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ قىرىق ياشتىن هالقىغان مۇدىرى ئىدى . شۇنداق تۇرۇپمۇ قېيناتىسى بىر قېتىم ئۆزىنىڭ گۇناهسىز ئىكەنلىكىنى ناهايىتى ياخشى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن ئېيتقاندا ، ئۇ سوغۇقلۇق بىلەن : «هەممە ئىشقا تارىخىي شارائىت نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش كېرەك . هازىر هېچقانچە بىلىنمەيدىغان بەزى ئىشلار ئۆز

ۋاقتىدا باشقىچە ئىدى... » دەپ جاۋاب بەرگەن...
مانا ئەمدى ئۆمەر ئەپەندىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىن ئادىل خۇلاسە چىقىرىدىغان چاغ كەلدى. بۇ ئەلۋەتتە تۇرمۇشنىڭ، ۋىجداننىڭ تەلىپى. ئۆمەر ئەپەندى ئاتمىش ئىككى يىللىق ئۆمرىدە، زادى خەلققە قانچىلىك زىيان سالدى؟ ئون سەككىز يېشىدىن تارتىپ مۇئەللىم بولۇشقا باشلىغان بۇ ئادەم، پۈتۈن ھاياتىدا ھاياتتىن گۈزەل نەرسىلەرنى ئىزدىدى، باشقىلارغا شۇ نەرسىنىلا سۇندى. ئۇنىڭ قەلبى ئەنە شۇ پاكىز ئەمگەكنىڭ مېۋىسى بىلەنلا قانائەت تېپىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ھاياتتا بىرمۇ ئادەمنى بىھۇدە رەنجىتمىدى، بىرمۇ ئادەمگە يامانلىق تىلىمىدى، بىرمۇ ئادەمگە زىيان سالمىدى. ئۇنىڭ نەچچە مىڭ پارچە كىتاب ـ ژۇرنال، گېزىت توپلاپ، ئۆز قىرائەتخانىسى بىلەن پەخىرلىنىشى، ھەرگىزمۇ شەخسي مۇددىئا ۋە نام ـ ئابرۇي ئۈچۈن ئەمەسكەن، بەلكى ئۆز خەلقىنىڭ، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە تەلىپىنى نامايەندە قىلىش، كەلگۈسى ئۈچۈن باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك بايلىق قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىكەنغۇ؟...
ھاشىرنىڭ خىيال ئېكرانىدىن ئۇستازىنىڭ نەسىھەت ـ تەلىملىرى، چىرايلىق ئىملاسى بىلەن تاپشۇرۇق دەپتىرى ۋە ئالبوملىرىغا يېزىپ قالدۇرغان سۆزلىرى، دەرس سۆزلىگەندىكى ئۆزىنى تۇتۇشى، دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان مېھرىبان چىرايى، پاكىز، ئاددىي كىيىنىشلىرى، قولىنى كەينىگە قىلىپ خىيال بىلەن مېڭىشلىرى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇتۇقلىرى بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشلىرى بىرمۇبىر ئۆتتى.
ھاشىر ئۆيلىگەنسېرى ئازابلاندى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئازاب بىلەن كۆيۈپ ئېغىرلىشىۋاتقان بەدىنىدىكى جىسمانىي ئازاب بىرلىشىپ ئۇنى يېتىشقا، كۆزلىرىنى يۇمۇپ كىچىككىنە ئارام ئېلىشقا قىستايتتى، لېكىن ئۇ بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى، تونۇش ـ

بىلىش ، يۇرت ـ جامائەت بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ قوللىرىنى قى-
سىپ «ئەلھۆكمىللىللا » دېمەكتە . ئۇ ئاخىرىغىچە غەيرەت قىلىشى ،
دادىسىنىڭ تۇپرىقىغا ئۆز قولى بىلەن يەتتە كەتمەن توپا تاشلىشى ،
يۇرت ـ جامائەتتىن دادىسىنىڭ قەبرىسى بېشىدا تۇرۇپ : «جاما-
ئەت ، مېنىڭ دادام قانداق ئادەم ئىدى ؟ » دەپ سورىشى لازىم .
... مانا ، كىگىزگە ئورالغان جەسەت تاختىپوش بىلەن تاۋۇتقا
سېلىنماقتا . ئاق ياغلىقلىق رازىيە دادىسىنىڭ جەسىتىگە تاشلانماق-
تا . ئۇنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن زۇلخۇمار بىلەن گۈزەلئاي قولتۇق-
لىۋالغان ، ئۇلارنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياش ،
هاشىرنىڭ كۆزلىرىدە مانان پەردىسى پەيدا قىلماقتا ئىدى . هويلىدا
يىغا ـ زار كۆچەيدى . ئاق ياغلىق سالغان ئاياللار ، بېلىگە ئاق
باغلىغان ياش ـ قېرى ئەرلەر ، باللارنىڭ ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ
هاياتتىكى ئەڭ كۆڭۈلسىز نەرسە هېسابلىنىدىغان جۇدالىق ئۈستىدە
نالە مۇناجاتى شەكىللەندى . بۇ مۇناجات هاشىرنى ئىختىيارسىز
هالدا ياش تۆكۈشكە ، نالە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى . هاشىر ئۆزىمۇ
سەزمىگەن هالدا بېلىدىكى ئاق پوتىسىغا تايىنىپ يۈرەك ـ باغرىنى
تىغ بولۇپ تىلىۋاتقان ئەلەملىرىنى ئۆز تىلى بىلەن ۋارقىرىدى :
— رازى بولۇڭ دادا ، ئالدىڭىزدا گۇناهكارمەن ، مېهرىبان
ئۇستازىم !
ئۇنىڭ كۆز يېشى ۋۇجۇدىنى ئېرىتمەكتە ، پىغان ـ پۇشايمان-
لىرى قەلبىنى ئۆرتىمەكتە ئىدى . ئۇ ئالدىغا يىغا بىلەن كەلگەن
بىرىگە ئېسىلدى ، ئۇلار قۇچاقلاشتى . ئۇلارنىڭ ياشلىرى ، ئاۋازلى-
رى بىر ـ بىرىگە قوشۇلدى . هاشىر ئاخىر كۆزىنى ئاچتى . ئۇ
شۇ چاغدىلا باياتىن ئۆزى قۇچاقلاپ يۈرگەن ئادەم ئەلا ئىكەنلىكىنى
بىلدى ، ئۇلار ئەمدى كۆپچىلىك ئارىسىدا شەرققە — ساۋۇتوفلارنى
دەپنە قىلغان قەبرىستانلىققا قاراپ كېتىپ باراتتى . هاشىر ئالدى-
راپ ئالدىغا — تاۋۇتنىڭ يېنىغا ئۆتمەكچى بولدى ، لېكىن ئۇ

ھەرقانچە قىلسىمۇ تاۋۇت كۆتۈرگەن ياشلارغا يېتەلمىدى . ياشلار نۆۋەت بىلەن تاۋۇتنى قولدىن قولغا يۆتكەپ ، ياندىشىپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا سېلىشقا يول قويمايۋاتاتتى . ھاشىر نېمىشقىدۇر ئەلا بىلەنمۇ تەڭ ماڭالمىدى . ئۇنىڭ قاۋۇل بەدىنى بۈگۈن ئاجىزلاشقان ، كۈچلۈك ئىرادىسى سۇنغان . ئۇ ئۆزىنىڭ قېرىشقا باشلىغانلىقىنى ، قېيناتىسى ماڭغان بۇ سەپەرگە يېقىن كۈنلەردە ماڭىدىغانلىقىنى ئويلىدى . ئۇ ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم ئۆلۈمنى ئويلىدى . شۇ چاغدىلا ئۇ ھاياتنى ئاسراش ، قەدىرلەشنىڭ قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلدى . ئۆز ۋاقتىدىكى ئۈمىدۋار ، پالۋان يىگىت ، مانا بۈگۈن ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن غەمگە پاتقان ياشانغان ئادەم ھالىتىدە . ئۇ گەرچە قىرىق نەچچە ياشتا بولسىمۇ ، بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئۆزىنى بوۋاي — ھاياتى ئاخىرلاشقان بىر ئادەم ھېسابلايتتى . مانا ئۇ ئەمدى سول پۇتىنى تەستە يۆتكەيدىغان ، ئۆزىنىڭ نەگە كېتىۋاتقىنىنى ئارانلا بىلىدىغان بولۇپ قالدى . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇ بۇ سەپەرنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈشكە بەل باغلىغان . ئۇ ئۆمىلەپ بولسىمۇ بۇ يولنى مېڭىپ تۈگىتىدۇ .

— نېمە بولدۇڭ ، ھاشىر ؟ — مۇدۇرۇپ - تىترەپ ئارانلا كېتىۋاتقان دوستىدىن سورىدى ئەلا .

— ھېچنېمە .

ئەلا دوستىنىڭ قولىنى تۇتتى - دە ، چۆچۈپ كەتتى :

— نېمانچە قىزىپ كەتتىڭ ، ئوت - كاۋاپ !... ھەي ماشىنا ، توختا !...

ئەلا بىلەن ئارۇپ ھاشىرنى يۆلەشتۈرۈپ ماشىنا كابىنكىسىغا سالدى . ھاشىر شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ قاتتىق چارچاپ ، ئاچلىق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىت چىشى بىلەن جاراھەتلىنىش نەتىجىسىدە جىسمانىي جەھەتتە ئاجىزلاشقانلىقىنى بىلدى . ئۇ كابىنكىگە چىقتى - دە ، جالاقلاپ تىترىدى . ئۇنىڭ بەدىنى بىر پارچە ئوتتىن چىققان

تۆمۈرگە ئايلانغانىدى .
تۇپراق بېشىدىمۇ ئۇنىڭ يەرگە چۈشۈشىگە رۇخسەت قىلىشمى-
دى . ئۇ قېيناتىسىنىڭ قەبرىسىدىن ئەللىك - ئاتمىش قەدەم يىراق-
تا تۇرۇپ ئاخۇنۇمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى . ئاخۇنۇم ئۆز ۋاقتىدا
ھاشىرلارغا ماتېماتىكا دەرسى ئۆتكەن ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ
كېلىپ شىنجاڭغا فىزىكا ، ئالگېبرا ، گېئومېترىيە دېگەنلەرنى
تۇنجى قېتىم تارقاتقان ، كېيىن ئىلىمنىڭ ھۆرمىتى قالمىغانلىقى
ئۈچۈن پېنسىيىگە چىقىپ ئىمام بولۇۋالغان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى
ئىدى . ئۇ جاراڭلىق ئاۋازى ، چۈشىنىشلىك ، ئوبرازلىق تىلى
بىلەن خۇددى ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس سۆزلىگەندەك چۈشىنىشلىك
قىلىپ مەرھۇم سەيدىشنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكتە ئىدى :
— مەرھۇم ئۆمەر ئەپەندى تولىمۇ ئوبدان ، ئاق كۆڭۈل ،
ئىنساپلىق ، ئەخلاقلىق ، دىيانەتلىك ، قانائەتچان ، سەۋرچان ئادەم
ئىدى . ئۇ شۇنچىلىك ھالال ئىشلىدىكى ، ئەللىك يىلدەك مۇئەللىم-
چىلىك قىلىپ ، نەچچە مىڭلىغان قاراڭغۇ دىللارنى ئىلىم چىرىغى
بىلەن يورۇتتى . ئۇنىڭ ھالال ئەمگىكى خەلقىمىزگە نۇرغۇنلىغان
بىلىم ۋە ئەخلاق ئەھلىنى تەقدىم قىلدى . ئۇنىڭ ئەمگەك ھەققى
پانىي دۇنيادا ياشىغۇچىلارنىڭ گەدىنىگە قالسا قالدىكى ، بىراۋنىڭ
پىننە قاسىرىقىدەك قەرز - نېسىۋىسى ئۇنىڭ گەدىنىدە قالمىدى .
ئۇ تايامۇم قىلىشقا يارايدىغان توپا ، زەمزەم ئورنىدا ساقلايدىغان
سۇدەك تازا ئىدى . بىھۇدە بىرىگە ئازار بەرمەيدىغان ، خاپىلىق ،
نارازىلىقىنى ئېغىزىدىن چىقارماي كۆڭلىدە بىلىدىغان ، پايدا -
زىيان ئالدىدا پايدىنى باشقىلارغا ئىتتىرىدىغان ، ئۆزىدىنمۇ كۆرە
شاگىرتلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆپرەك ئويلايدىغان مېھرىبان ئادەم
ئىدى . ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا تەمەدىن نېرى ، خىيانەتتىن خالىي ياشى-
دى . بۇ ئەۋلادلار ئۈچۈن نەچچە مىڭ پارچە كىتاب قالدۇردى .
ئۇنىڭدىن قالغىنى يالغۇزلا بىرنەچچە مىڭ پارچە كىتابمۇ ؟ ياق ،

بۇلا ئەمەس، بۇنىڭدىن يەنە ئەمگەك، ئەقىل، ئۇلاردىنمۇ مۇھىمى ئۈمىد - ئارزۇ مىراس قالدى...

هاشىر ئوت - كاۋاپ ئىچىدە يېتىپ ئاخۇنۇمنىڭ قىيىناتىسىغا بەرگەن باھاسىنى تولۇق ئاڭلىدى. ئۇ قىيىناتىسىدىن رازى بولدى، پەخىرلەندى. لېكىن ئاخۇنۇمنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقان:

— لېكىن، تىرىكلىكتە بىز ئۆمەر ئەپەندىنى چۈشەنمىدۇق، ھەتتاكى ئۇنى خاتا چۈشەندۇق، ئۇنىڭغا ئازار بەردۇق. ۋەھالەنكى، ئۇ كۆڭلىگە ھەرقانداق ئادەم ئۇچۇن قىساس مۇددىئاسىنى پۈكمەي دۇنيادىن ئۆتتى! — دېگەن سۆزلىرى قاتتىق ھار كەلدى. ئاخۇنۇم بۇ سۆزلەرنى خۇددى ھاشىرغا دەۋاتقاندەك، ھاشىرنىڭ ئۆرتىنىۋاتقان يۈرىكى تېخىمۇ قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ تۇپراق بېشىدا قىرائەت ئوقۇلغاندىن كېيىن باشقا ھېچنېمىنى سەزمىدى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتامدۇ ياكى ئوڭىدا بۇ ئازابلىق ئىشلارغا دۇچ كەلدىمۇ، ھېچنېمىنى پەرق قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممىلا نەرسە لاۋۇلداپ كۆيمەكتە، يېنىدىلا كىچىككىنە كۆلچەك تۇرماقتا. ئۇ شۇ كۆلچەككە ئۆزىنى تاشلىيالىسا ئىدى، مۇنۇ يالقۇندا كۆل بولۇشتىن ئۆزىنى قوغداپ قالالايتتى. لېكىن، ئوت - يالقۇن ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان، ئۇ ئوت بىلەن ئېلىشماقتا، ئوتنى يېڭەلىسىدى، يەنە خېلى يىللارغىچە ياشىيالايتتى.

كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق شامىلى گۇناھسىز يوپۇرماقلارنى يەر بېتىدىنمۇ قوغلاپ - ئۇچۇرۇپ يۈرگەن بۇنداق كۆڭۈلسىز كۈنلەردە، ئىككى سوتكا ئاچ قورساق يۈرۈش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىت چىشى بىلەن يارىلانغان پۇتىنىڭ زورۇقۇپ، سوغۇق ئۆتۈپ ئاغرىۋاتقىنىنى ھېسابقا ئالماستىن، نەچچە سائەتلەپ ئۆرە تۇرۇپ ئاتىسىغا ھازا تۇتۇش، ئۇنى جىسمانىي جەھەتتە كاردىن چىقارغان بولسا، ئۆز ئۇستازىنى ئىشەنمەستىن قوپاللىق قىلىپ ئۈستى - ئۈستىلەپ رەنجىتكەنلىكىنى، مۇشۇ ئاخىرقى جۇدالىشىش مىنۇت-

لىرىدىلا بىلگەنلىكى ، روھىي جەھەتتە ئۇنى قاتتىق ئازابلاپ ، بى-
راقلا يىقىتقانىدى . ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ھازىسى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا
ھاشىرنىڭ يىقىلىشى رازىيەنى تامامەن گاڭگىرىتىپلا قويدى . ئۇ
ھاشىرنىڭ بېشىدا تولا يىغلاپ يېشىمۇ تۈگىگەن نۇرسىز كۆزلىرىنى
مۆلۈلدىتىپ ، خۇددى قاتۇرۇپ قويغانىدەك جىمجىت ئولتۇراتتى .
مۇنداقلا قارىغان ئادەم ئۇنى بىپەرۋا ، ھازىسىز ياكى ئېسىنى يوقات-
قان ئايال بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتى . لېكىن ، رازىيە روھىي
ئازاب بىلەن پىشقان ، جۇدالىق ۋە دەرد ـ ئەلەمنىڭ قازىنىدا ئوبدان
قورۇلۇپ چېچى ئاقارغان چىدامىلىق ئايال بولغاچقا ، ھەرقانداق
گاڭگىرىغان ھالەتتىمۇ ، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن نېمىلەرنى قى-
لىدىغانلىقىنى بىلەتتى . ئۆمەر ئەپەندى ئۈچۈن ياش تۆكۈپ ئازابلى-
نىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، مۇنۇ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ھوشسىز ياتقان
ئېرى ھاشىرنى دوختۇرغا كۆرسىتىشى ، ئۇنى داۋالاپ ساقايتىشى
كېرەك . رازىيە يېنىدا مىسكىن ئولتۇرغان گۆزەلئايغا پىچىر-
لىدى :

— ئۇسسۇزلۇق ئەكېلىڭە ، ئىچۈرۈپ باقاي .

گۆزەلئاي ئالدىراپ دالان ئۆيگە چىقتى ـ دە ، ئەلاغا دوقۇرۇ-
شۇپ قالدى .

— ئۇسسۇزلۇق ئەكەلسۇن دەيدۇ ، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ .

ئەلا ئۇنىڭغا بىر سېكۇنت ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ۋاقىت
تىكىلىپ قارىدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى دەرھال سىلكىندى . ئاق داكا
ياغلىق ئاستىدىن تونۇش ، سۆيۈملۈك ، گۆزەل چىراي بىر مىنۇتقا
ئۇنى بىھوش قىلىدىغان دورىدەك ھوشسىزلاندۇردى . ئۇ خۇددى
توك سىمى تۇتۇۋالغاندەك سىلكىندى ، ئىسسىق يوتقاندا راھەتلى-
نىپ ياتقىنىدا ، بەدىنىگە تۇيۇقسىز سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك ئەن-
دىكتى . «بەللى ، ھازا ۋە قايغۇ بىلەن مۇز بولۇپ قاتقان بەدەندىن
ئىشقى ـ مۇھەببەت ئۇچقۇنى چاچرىغىنى نېمىسى ؟ — دەپ ئويلىدى

ئۇ كۆزىنى ئايالدىن قاچۇرۇپ ، — ھازا بىلەن مۇھەببەت ، قايغۇ
بىلەن ھاياجان بىر ئۆيدە ، بىر بەدەن ، بىر يۈرەكتە ، بىرلا ۋاقىتتا
مەۋجۇت بولالىغىنى نېمىسى؟ مېنىڭ ئۇستازىمغا بولغان ھۆرمە-
تىم ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان ئېچىنىشىم ، ئۇنىڭ توغرىسىدىكى
ئازابلىرىم يالغان - ساختىمۇ يا؟ ياق ، ھەرگىز ساختا ئەمەس ،
گۈزەللىكىگە بولغان نەپرىتىم ساختا ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشۇم
يالغان بولسا كېرەك...» ئۇ شۇنداق ئويلىدى - دە ، گۈزەللىكىگە
قايتا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمىدى . ئۇ دەرھال كەينىگەياندى ۋە
بىر پىيالە چاينى ئېلىپ گۈزەللىكىگە سۇندى . پىيالە ئۇلارنىڭ قول-
لىرىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزدى . گۈزەللىكىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆز-
گىرىشنى ھازىرچە سۆزلىمەي تۇرايلى ، ئەلا مۇشۇ پېتى قېتىپ
قېلىشقا ، پۈتۈن تارتقان ئازابلىرىنى مۇشۇ دەقىقە ئۈچۈن ئۇنتۇشقا
رازى ، قوللارنىڭ ئۇچرىشىشىدىن پەيدا بولغان ئاشۇ قىسقا ، لەز-
زەتلىك ئىچكى ھېسسىياتنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇلمايدۇ .
ھاشىر ئىككىنچى كۈنى كۆزىنى ئاچتى . ئۇنىڭ پۈتى ئىششى-
غان ، كۆزلىرى تېخىمۇ ئولتۇرۇشقان ، قوۋۇزلىرى چۆككەن ،
ئۆزى تونۇغۇسىز دەرىجىدە جۇدەپ ، ساقاللىرىنىڭ ئېقى كۆپەيگەنى-
دى . بۈگۈن ئۆيدە يېقىنلاردىن باشقا ھېچكىم قالمىغان ، رازىيە
ئاياللار بىلەن ، ئەلا بىلەن ھاشىر يالغۇز ئۆيدە قېلىشقان . ھاشىر
سۇنايلىنىپ يېتىپ ، يېنىدا ئولتۇرغان ئەلاغا ئىش بۇيرۇماقتا
ئىدى :
— مۇشۇ ئادرېسقا تېلېفون بەرگىن ، لۇ شۇجىنىڭ ئۆزى
بىلەن سۆزلەشكىن ، مەن ئەتە كەچكىچە چوقۇم چىقىمەن ، ھېلىقى
يىغىننى چوقۇم ئاچىمىز .
— سەن ھە دېسىلا چوقۇم ، چوقۇم دەۋەرمىگىن ، — دېدى
ئەلا دوستىنىڭ كىگىز ئۈستىگە تاشلانغان ئاردەك يوغان قوللىرى-
نى مېھرىبانلىق بىلەن سىقىپ قويۇپ ، — يەنە بىر قېتىم ئىت

چىشلۇۋېلىشى ياكى ۋېلىسىپىتىڭ ، ماشىناڭ بۇزۇلۇشى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، رازىيەنىڭ گېپىمۇ يوللۇق ، داداڭنىڭ يەتتىسىنى بېرىۋېتىپ چىقساڭمۇ بولىدۇ . سەن بولمىساڭمۇ ، ناھىيىنىڭ ئىشلىرى كېتىۋېرىدۇ . بۇنچىلا زورۇقۇشنىڭ ھاجىتى يوق . دېدىمغۇ ، كىم زورۇقسا شۇنىڭغا زىيان ، دېھقانلارنىڭ ئىشىنى ھەرقانچە تىرىشىپمۇ ياخشىلىيالمايسەن ، ئاداش !

— سەن ماڭا دەرس ئۆتمىگىن ، ئەڭ ياخشىسى ، سەن خوتۇنۇڭ بىلەن تېزرەك يارىشىۋال ، بالاڭ تولىمۇ ئەقىللىق ، چىرايلىق بالا بوپتۇ .

— قىزىمچۇ ؟

— بېرىۋەت ، ئادىلە بېرىۋەت ، ئادىلە بىچارە ياخشى ئايالكەن . مەن ئۇنى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئورۇنلاشتۇرىمەن . ياخشى ئارتىس ئىكەن ئۇ ، قىزىڭغا تولىمۇ ئامراقكەن . بىرلا يېرى ، قىزىڭنىڭ دادىسىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايدىكەن .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەلانىڭ قاپىقى تۈرۈلدى . ئۇ خېلى جىملىقتىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە :

— ھەي ئاداش ، — دېدى ئۇ ھاشىرغا قاراپ قويۇپ ، — مەن دىلئارانى ئەلىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىمەن . مەن ئۇنىڭ دادىسى . ساڭا ئېيتماق ئاسان ، لېكىن ماڭا تەس . ئۇ بالا مېنى ئۆز دادام دەپ بىلىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ مېنىڭ دۈشمىنىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا ، جەزمەن قاتتىق ئازابلىنىدۇ . ئۇ ھازىرمۇ ھەيران ، نېمىشقا ئەلىمۇ ، ئۆزىمۇ ئەلانىڭ بالىسى ئىكەنۇ ، بىرى ئانىسى بىلەن ، بىرى دادىسى بىلەن قاپتۇ . ھازىرمۇ دادىسى بىلەن ئانىسى بىر ئۆيدە تۇرمايدىكەن ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ بىزگە چۈشىنىشلىك بولغان بۇ مەسىلە ، ئۇلار ئۈچۈن بىر تېپىشماق . چوڭ بولغاندا بۇ ئاكا - سىڭىللار قان جەھەتتە پۈتۈنلەي بىر - بىرىگە يات ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ . ئۇ چاغدا ئۇلار بىزنى ئالدامچى-

لار دەپ تىللىشىمۇ مۇمكىنغۇ؟

— ياق، تىللىمايدۇ، سېنىڭ ئالىيجانابلىقىڭغا ئاپىرىن ئېيتىدۇ، سەن خۇددى سۆڭگۈلىگۈچ كاككۇك بالىسىنى بېقىپ چوڭ قىلغاندەك، ئۆز دۈشمىنىڭنىڭ پۇشتىدىن بولغان پاناھسىز بىچارىنى بېقىپ ئادەم قىلدىڭ. بىلىپ قوي، بۇنداق بالىلار ئەقىللىق بولىدۇ.

ئەلا كۈلدى ۋە بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

— نېمە كۈلىسەن، ئاۋاق، يالغانمۇ يا؟

— مەن سېنىڭ سىياسەت ئارىلاشتۇرماستىن تۇرمۇش توغرىسىدا سۆزلەۋاتقىنىڭغا كۈلۈۋاتىمەن.

— سەنزە، مېنى تېخىلا چۈشەنمەيدىكەنسەن - دە، بەلكى يېقىن ئاغىنەم بولساڭمۇ، ئۆمۈر بويى چۈشەنمەسلىكىڭ، مەن ئۆلگەندىن كېيىن چۈشىنىشىڭ مۇمكىن.

— مەن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەمچۇ؟ سېنى چۈشەنمەيلا ئۆتكەن بولىمەن - دە، ئۇ چاغدا.

— بىلىپ قوي، ئاۋاق، مەن سەن ئويلىغاندەك قۇرۇق سىياسەتۋاز ئەمەسمەن.

ھاشىر ئەلاغا ئالىيىپ قاراپ قويدى. ئەلا كۈلۈپ قويدى.

— ئىشقىلىپ، سىياسەتۋاز سەن. لېكىن ھېسسىياتسىز، دوگما، سىپايىگەرلەردىن ئەمەس سەن. سەندە ئاز - تولا لىرىكىمۇ، رومانتىكىمۇ بار، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سىياسەت سۈيىدىن ئارىلاشتۇرۇپ تەمىنى قاچۇرۇپ قويىسەن.

— لاۋزىلاشتىڭ، سىياسەت ئارىلاشسا تەمى قاچىدىغان قانداق لىرىكا، رومانتىكا ئىكەن ئۇ؟ سېنىڭچە سىياسەت شۇنچە تەمسىز، لاۋزا نېمىمۇ؟

— بەزىدە شۇنداق.

— قانداق «بەزىدە» ئىكەن ئۇ؟

— مەسىلەن ، سىنىپىي كۈرەش ئەڭ چوڭ سىياسەت ، لېكىن ئۇ ئۆز رولىنى جارى قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە سۆزلىنىۋېرەمدۇ؟ ئۇ چاغدا تەمسىز بىرنېمىگە ئايلىنىدۇ .

ھاشىر ئەلاغا لاپ قىلىپ قاراپ قويدى ـ دە ، جىم بولۇپ قالدى . ئۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلىرى بولغان بولسا ، ئەلا بىلەن مۇنازىرە قىلغان ، تالاشقان بولاتتى ، لېكىن تۇرمۇش ئۇنىڭغا ئەلانىڭ نۇرغۇن قاراشلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ ھازىر ئەلانىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلالمىسىمۇ ، سەكرەپ كەتمەستىن ئاڭلايدىغان ، ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى .

— مەسىلەن ، مېنىڭ قېيناتامنى كەچۈرگۈسىز دەرىجىدە رەنجىتىشىم ، ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ، ئۆزۈمگە دۈشمەن ھېسابلىشىم... سەن دېگەن نەزەرىيىنىڭ دەلىللىرى ، مانا بۇ ئۇچىغا چىققان تېتىقسىزلىق ، ئاداش ، مېنى ئەيىبلە ، سەن ھەقلىق !

ئەلا دوستىنىڭ ئەلەم ، پۇشايمان ، ئەپسۇس بىلەن نەملەنگەن كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى :

— ھاياتنىڭ نۇرغۇن سىناقلىرى بار تېخى ، نۇرغۇن مەسىلەلەرنى كەلگۈسىنىڭ ھەل قىلىشىغا قالدۇرۇشقا مەجبۇر بىز .

ئۇلارنىڭ پارىڭى راسا قىزىۋاتقاندا ، سىرتتىن رازىيە كىرىپ كەلدى :

— زۇلخۇمار ، ئەلانۇر بىلەن كەپتىكەن ، كىرىپ كېلىۋاتىدۇ ، — دەپ خەۋەر قىلدى ئۇ . ئەرلەر ئۆزلىرىنى تۈزەشتۇرۇپ بولغۇچە زۇلخۇمار بىلەن ئەلانۇرمۇ كىرىپ كەلدى . ئۇلار تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن زۇلخۇمار كۆز يېشى قىلدى :

— ئوسمانغا ئۆزۈڭلار خەت يېزىڭلار ، بولمىسا ، كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ . تۆت بالا بىلەن ماڭا تەس بولدى . بولۇپمۇ ، ئاتا ـ ئانىسى كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ ، بىر دىدارلاشاق

بولاتتى دەپ كۆڭلۈمگە كېلىپ قالدى. ئۆزۈڭلار ئاجايىپ ئادەم ئىكەنسىلەر. پۇل ئەۋەتىدۇ، ئۆزى كېلىشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ، نېمە بولدىكىن، ھېچ بىلەلمىدىم.

— ئادەم ئەۋەتىپ باغلاپ ئەكەلدۇرەيلىمۇ ـ ھە؟ — دېدى ھاشىر كۈلۈپ قويۇپ، — تېخىچىلا خېتىمدە، ئىشەنمەيمەن، بار-سامال ئاتىدۇ، دەپ يېزىۋاتامدۇ؟

— ھەئە، بەكمۇ قورقۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، زادىلا ئىشەنمەيدۇ. سىز ھاشىر ئۆزىڭىزنىڭ سالامەت تۇرمىدىن چىققانلىقىڭىزنى يازسىڭىز، ئەلامۇ ئۆزىنىڭ ئاقلانغانلىقىنى يازسا، ئىشىنەرمىكىن دەيمىنا؟

— خەتكە ئىشەنمەيدۇ، ھەممىمىزنىڭ خېتىنى ھىيلە دەپ چۈشىنىدۇ. بىر ئامال قىلىپ بىرىمىز بارساق بولىدىغان ئوخشايدۇ. ھاشىر رۇخسەت قىلسا، مەن بېرىپ ئۇنى ئەكېلەتتىم.

— ساڭا ئىشەنچ يوق، سەن چوقۇم كەلمەي قويىسەن، ھېلىقى گەننەن دېگەن يېرىڭگە بېرىۋالامسەن تېخى، كىم بىلىدۇ؟

ھاشىرنىڭ چاقچىقىغا ھېچكىم كۈلمىدى، يالغۇز ئەلانۇرلا مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ھاشىر ئەلانۇرغا قارىدى. بۇ قىزنى ھاشىر 1957 ـ يىلى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە بارغۇچە يولدا كۆرگەن-دىن كېيىن بىرنەچچە قېتىم ۋالىبول مەيدانىدا كۆردى. ھاشىرمۇ ۋالىبول ھەۋەسكارى بولغاچقا، توپ ئويۇنلىۋاتقان مەيدانىنى كۆرسە ماڭالماي تۇرۇپ قالاتتى. ئۇ غۇلجا شەھىرىدە بىر ـ ئىككى قېتىم ئەرلەر كوماندىسىغا چۈشۈۋېلىپ توپ ئويناۋاتقان ئەلانۇرنى كۆرۈپ زوقلانغان، قىزنىڭ يېنىك سەكرەپ چىقىپ توپنى كۈچ بىلەن ئۇرۇشى ئۇنى ھەيران قالدۇرغانىدى. مانا بۈگۈن، بۇ قىزمۇ ئۆز كەسپىدىن ئايرىلغان، دادىسى بىگۇناھ تۇرمىدە ئۆلگەندىن كېيىن بۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋالىبولچى قىز خىزمەتتىن ھەيدەلگەن. ئۇ يالغۇز ئانىسىنى يېزىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن

تۆت - بەش يىل باققان، ئانىسى ۋاپات بولۇپ، ئۆزى ئۇششاق باللىق ئاكىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان، هازىر ئۇ ئاقلانغان، ئۈرۈمچى- دىن مائاشى كېلىدىكەن، لېكىن خىزمىتى يوقكەن، قىزنىڭ ئەم- دى ۋالىبول ئوينايدىغان ۋاقتى ئۆتكەن بولسىمۇ، ترېنېرلىق ياكى ئوقۇتقۇچىلىق قىلسا بولاتتى. هاشىر خىيال سۈرۈپ بىردەم جىم تۇردى - دە، يېنىدىكى ئۆزىدىن ياردەم كۈتكۈچى دوستلىرىغا بىر - بىردىن قارىدى:

— ئەلا، ئوسمان، قۇرماش، گۈزەلئاي، ئادىلە، ئەلانۇر، زۇلخۇمار، تېخى نامەتمۇ بار، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا مېنىڭ يار- دىمىم كېرەك. ئەلا بىلەن قۇرماشقۇ چاغلىق، «مەنسەپكە تەيىنلەش بۇيرۇقى» چىقارساقلا بولدى. ئوسماننىڭمۇ كارى چاغلىق، گەپ مۇنۇ ئارتىس، ئىسپورتچى قىزلىرىمىزنىڭ ئىشىدا، مەيلى يېقىن- لىرىنى ئىشقا سالدى دەپ خىزمەتتىن ھەيدىۋەتسىمۇ، بۇ قىزلارغا قانات ياپىمەن. ئەلانۇر مەن سىزگە ناھىيىمىزدە ۋالىبول كوماندى- سى تەشكىللەپ بېرىمەن، ئەرلەرگە ترېنېرلىق قىلىسىز. بىر يىلدىن كېيىن باشقا پۈتۈن ناھىيىلەرنىڭ كوماندىلىرىنى يېڭەلەيدى- غان قىلالامسىز؟

— گەپ سىزنىڭ يىغىپ بەرگەن ئادەملىرىڭىزدە.

— ئۇنىڭدا گەپ يوق. مەن خېلىدىن بېرى بۇ ئىشقا دىققەت قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن. بىرنەچچە گۈڭشېمىزدا ۋالىبول ئويناش قال- تىس تەرەققىي قىلغان. ئۇلارنىڭ كوماندىلىرى خېلى كۈچلۈك. مەن شۇ كوماندىلارنىڭ ئەڭ ياراملىق يىگىتلىرىدىن يىگىرمىنى تاللاپ بېرىمەن. قانداق، بىزنىڭ ناھىيىگە ترېنېرلىققا چىقامسىز؟

ئەلانۇر كۈلۈپ قويدى. ئۇ كۈلگەندە، كۆز قۇيرۇقلىرىدىكى ئۇششاق سىزىقلار ئالاھىدە كۆرۈندى.

بىر تالانتلىق قىزنىڭ راسا تونۇلىدىغان چاغلىرى مەنىسىز ئىشلار: چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىش، يىغىن ئېچىش، نامايىش

قىلىش، ئاخىرىدا قېچىش، سولىنىش، سوراققا تارتىلىش، جازالىنىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇ سەھنىگە يارىمايدىغان ھالغا كەلگەندە ئۇنىڭغا ئىگە يوق. بۇ تەڭسىزلىك ھاشىرنى تولىمۇ بىئارام قىلدى، ئەلانۇر ھازىر ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغان، خەلققە خىزمەت كۆرسىتىمەن دەپ تېخىچە ئۆي ـ ئوچاقلىقمۇ بولمىدى. ئۇنىڭ بۇ بەختسىزلىكىنىڭ جاۋابكارلىقى كىمدە؟ ئەلا دۇرۇس ئېيتىدۇ، تۇرمۇشنى بىلىش كېرەك، تۇرمۇش ھەرقانداق بىر دەۋر سىياسەتلىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى ئوڭايلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ… ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكۈچە مۇڭداشتى. ئايالار بىلەن بىللە ئەلامۇ ماڭدى. ھاشىر:

— نەگە، ئاۋاق؟ ئىككى ئەلانۇرنىڭ ھال ـ مۇڭىنىڭ چالىسى بار ئوخشىمامدۇ، ماقۇل ئەمىسە، ئەتىگەنلىككە كېلەمسەن؟ ھېلىقى تېلېفوننى قانداق قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ئۈچ كۈندىن كېيىن نەزىر كۈنى كېلىمەن. تېلېفون خەۋىرىنى بىرئازدىن كېيىن بېرىمەن.

ھاشىر كۆزلىرى ئانىسىغا ئوخشايدىغان كىچىك ئوغلىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئۆمەر ئەپەندىدىن قالغان بۇ تەۋەررۈك قورۇنى ئايلاندى. بۈگۈن بۇ بەش ئېغىزلىق ئۆي، ئالما، ئۈزۈملۈك بېغى، ئاددىي بولسىمۇ بوستانلىق سۇپا ـ شىپاڭلىرى بار قورۇدا ھاشىر، رازىيە، ئىككى ئوغلى بىلەن قالغان. ئۇ ئەمدى قالغان ئۆمرىنى مۇشۇ قورۇدا ئۆتكۈزىدۇ. گەرچە ئۇ ئۇستازىنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيەتنى ئاڭلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇستاز ۋەسىيىتى ئۇنىڭغا ئايان، ئۇ ئۇستازى قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىشى كېرەك. ئۇستازى جاپاكەش، مېھرىبان مائارىپچى ئىدى. بۇ ئىشنى رازىيە ئىككىسى ئەلۋەتتە قىلىدۇ. مۇنۇ تەۋەررۈك قورۇنى ھاشىر ئوبدان ئاسراپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بالىلىرىغا ئۆتكۈزىدۇ. ئۆمەر ئەپەندىنىڭ كىتابخانىسىنىچۇ؟ يوقالغان كىتابلىرىنى كاتالوگ بويىچە

ئىزدەپ تولۇقلايدۇ. ھېچكىم ۋاراقلاپ باقمىغان خورزۇم، تاۋار مۇقاۋىلىق كىتابلار بىلەن ئاۋۇ قېلىن گېزىت - ژۇرناللارنىچۇ؟ ئەلۋەتتە ئوقۇتۇپ كۆرۈش كېرەك. بۇ ئىشقا ئەلانى تەكلىپ قىلسىچۇ؟ ئۇ يەنىلا: «سىلەرنىڭ بەختىڭلارنى كۆرۈپ ئازابلىنىشنى خالىمايمەن!» دەپ تۇرۇۋالارمۇ؟

ئۇ بالىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كۆڭلىدە نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزدى. ئۇ پىلانلىرىنى رازىيەگە ئېيتىدۇ. رازىيە ھازىر ئۇنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ھاشىر قولىدا ئۇخلاپ قالغان ئوغلىنى ئەستە كۆتۈرۈپ، دالانغا كىردى. رازىيە بالىنى ئېلىش ئۈچۈن سۇپىدىن چۈشتى. ھاشىرنىڭ جۇدەڭگۈ، ساقال - بۇرۇتى ئۆسكىلەڭ چىرايىدىن تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— خاپا بولۇشقا ھەقلىقسىز رازىيە، لېكىن...

— بىلدىم، ھەممىنى بىلدىم، — دېدى رازىيەمۇ كۈلۈمسىرەپ، — سىز ھوشسىز ياتقاندا ناھىيە رەھبەرلىرى كىردى. ئۇلار سىزنىڭ نېمىشقا كىرەلمىگىنىڭىزنى، يولدا كىرگۈچە تارتقان جاپالىرىڭىزنى بىرمۇبىر ھېكايە قىلىپ بەردى. ئۇلار سىزنىڭ ۋىلەسىپىتىڭىزنى تاپقان، ئىتنىڭ ئىگىسىمۇ ئىتنى سىزنى ماراپ چىشلىگەنلىكى ئۈچۈن تېرەككە ئاسقان. نېمىگە ئۆرە تۇرىسىز، ئولتۇرۇڭ، سىز ئۆزىڭىزنى كىچىك چاغلىماڭ، ھاشىر، خەلق ئىچىدە ئىناۋىتىڭىز يۇقىرىكەن. ھە، راست، ئۇخلاشقا ئالدىراۋاتامسىز؟ ياق، ئاۋۋال ساقال - بۇرۇتىڭىزنى ئېلىڭ.

— قارىلىق تۇتقانمەن رازىيە، دادامنىڭ قىرقىنى بەرمىگۈچە چاچ - ساقال ئالمايمەن.

— بولدى، بولدى ئاشۇرۇۋەتمەڭ، سىز ھەممە ئىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولماقچى ئەمەسمۇ، ئۇ خۇراپاتلىقنى بۇزۇشتىمۇ ئۈلگە بولۇڭ، قورقماڭ، مەن رۇخسەت قىلدىم، مېنىڭ كۆڭلۈمنى

ئاپايمەن دەپ ئىرادىڭىزگە خىلاپ ئىش قىلماڭ .

— لېكىن ، رازىيە ، دادامنى ھاياتلىقىدا رازى قىلالمىدىم .

— ياق ، دادام سىزدىن رازى ، ئۇ جان ئۈزۈشتىن ئىككى كۈن ئاۋۋال نادىرنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ، سىز توغرۇلۇق ياخشى گەپ قىلدى ، رازىلىق بەردى .

— نېمە دېدى ، دادام ؟

— مەن ھاشىردىن رازى ، ئۇنىڭ ماڭا سالقىن مۇئامىلە قىلىغانلىقىنى مېنى يامان كۆرگەنلىكىدىن دەپ چۈشەنمەيمەن . مېنى يامان كۆرگەن بولسا ، ماڭا كۈيئوغۇل بولمىغان بولاتتى . بىزنىڭ ئارىمىزدىكى سۇنئىي ئاداۋەتنى ھاشىر ئەمەس ، بىز ياشاۋاتقان دەۋر پەيدا قىلغان . ئۇ مېنىڭ بالام ، شۇنداقلا دەۋرنىڭ بالىسى . ئۇ ھەر ئىككىلا ئاتىسىنى رازى قىلماقچى ، ئەمەلدە ھەم رازى قىلدى . ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى بولغان بولسا ، بەلكى بىرىنىلا رازى قىلغان بولاتتى ، دېدى . دادامنىڭ ئەينى سۆزى مۇشۇ ، ھاشىر ، مەنمۇ سىزدىن قاتتىق رەنجىگەن ، لېكىن كېيىن ئەمەلىيەتتە ئۇقتۇم . پۇتىڭىزنى ئىت چىشلىگەن ، جاراھەت ئېغىر كەن ، شۇنداق تۇرۇپ شۇنچە يولنى پىيادە مېڭىپ ، ئەتىدىن كەچ كىرگۈچە ئۆرە تۇرۇپ دادامغا ھازا ئاچتىڭىز . سىز يىقىلغاندىن كېيىن دوختۇر كەلدى ، پۇتىڭىزنى يۇيۇپ تاڭدى ، سىزگە ئوكۇل سالدى ، سىز ئىككى كۈندىن كېيىن ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز . سىز ئەمدى مىدىرلىماي يېتىڭ ، نەزىرنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ناھىيىدىكىلەر قىلىۋاتىدۇ .

— لېكىن ، مەن...

— ياق ، ياق ، ھەرقانداق «لېكىن»ىڭىزنى ئاڭلىمايمەن . سۇ تەييار ، ساقال - بۇرۇتىڭىزنى ئېلىڭ ، ئاۋۇ كىيىملەرنى يۆتكىۋېلىڭ .

— بىرلا «لېكىن»نى ئاڭلاپ ، قويۇڭ ، ئەمىسە .

— قېنى ، سۆزلەڭ .

— بولىدۇ ، بەش ـ ئون كۈن ئۆيدە ياتاي ، لېكىن گۈزەلئاي بىلەن سۆزلىشىپ ، ئەلا بىلەن ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قوياي دېۋىدىم . ئەلانى شەھەرگە يۆتكەپ قويسام ، ئۇلار ئۆز ئۆيىدە بىزگە ئوخشاش خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزسە دەيمىنا .

— ياخشى ئويلاپسىز ، ئۇنداق بولسا مەن گۈزەلئاي بىلەن ئادىلەنى چاقىرتىپ كېلىمەن ، بالىلىرىمىز تونۇشۇپ دوستلاشسۇن . ئەلانىڭ ئوغلى بىزنىڭ چوڭ ئوغلىمىز ئەكرەم بىلەن تەڭ ئىكەن .

— ئۇنداق بولسا ، مەن سىزنىڭ كوماندىڭىز بويىچە ھەرىكەت قىلاي ، ئەمما يەنە بىر ئىشقا بىر قېتىم رۇخسەت قىلىڭ .

— ھە ، رۇخسەت قىلدىم ئەمىسە .

— ئۇنداق بولسا ، ئاڭلاڭ ، دېھقانچە بىر سۆزلىۋالاي : جېنىم خوتۇن ، كەلگىنە ، قولۇمغا سۇ قۇيۇۋەت !

— شۇمىدى ، ۋۇي ، ساراڭ تۆگە !

مۇسىبەت ئورنىنى مۇھەببەت ئىگىلىگەن ھامان بۇ چوڭ ئۆيدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ خۇشاللىق ـ بەختكە ئۆز ئورنىنى بوشىتىپ بەردى .

ھاشىرلارنىڭ ئىككى بالىسى بىلەن گۈزەلئايلارنىڭ ئىككى بالىسى يالىڭاچلانغان باغدا كۆڭۈللۈك ئويۇنلارنى تېپىشىۋېلىشتى . ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرىمۇ بىر ئىكەن ، پەقەت كىچىك نادىرلا ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن زېرىكىپ قارغىشلىق قىلاتتى . ئۇنىڭ تەلىيىگە ، دىلئارا كىچىك بالىغا تولىمۇ ئامراق ئىكەن . ئۇن ئىككى ياشلىق بۇنداق قىزلار ئىنسان ھاياتى توغرىسىدا ئۆز قۇراملىق ئوغۇل بالىلاردىن كۆپرەك بىلىمگە ئىگە بولىدۇ . دىلئارا نادىرنى ئەپچىللىك بىلەن كۆتۈرۈپ شۇنداق ياخشى بەزلەيتتى . بۇ ئىش ئەلى بىلەن ئەكرەمنىڭ قولىدىن ھەرگىز كەلمەيتتى .

پېشايىۋانىدا ئولتۇرۇپ سەۋزە قەلەم قىلىۋاتقان ئۈچ ئايال ئۆز بالىلىرىنىڭ بەختىدىن خۇشال بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ياكى ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سىردىشالىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ خۇشال، خۇش كەيپ ئىدى. بۇ ئۆينىڭ ماتەملىك ئىكەنلىكىنى ئەسلىرىدە تۇتۇشمىغانلىرىدا ئىدى، ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشكەن، ھەتتا ناخشا ئېيتىشقان بولار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، بولۇپمۇ ئادىلە تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى سەۋەبسىز ئەمەس، ئۇ ھازىر شەھەردە تەشكىللەنگەن «تەشۋىقات ئەترىتى»نىڭ ناخشى-چىسى، سەنئەت كەمبەغەلچىلىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ھەر كۈ-نى رادىئودا قايتا ـ قايتا ئېيتىلىدىغان بىرنەچچە ناخشا كىشىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويغان بۇ كۈنلەردە، ئادىلەنىڭ سەھنىگە چىقىپ دۇتار بىلەن غۇلجا خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشى، ئادەملەرنى تولى-مۇ خۇشال قىلغان، شۇڭا ئادىلە سەھنىگە چىقىشى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن چاۋاك چېلىنىپ، ئون نەچچە خەلق ناخشىسىنى ئارقىمۇئارقا ئېيتىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئۇ تەشۋىقات ئەترىتى رەھبەرلىرى بەلگىلەپ بەرگەن ناخشىلاردىن باشقا، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ناخشىلارنىمۇ ئېيتىۋېرەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھېچ-كىم ئەيىبلىيەلمەيتتى. تۈنۈگۈن غەلىتە ئىش بولدى. ئادىلە «يار سېنىڭ دەردىڭ» قاتارلىق تۆت ناخشىنى ئېيتقانىدى، كېيىن تۇ-يۇقسىزلا خىرقىراپ قالدى. تۆۋەندە كۈلۈپقالىق تولغان خەلق بىر چەتتىن چاۋاك چالسا، بىر چەتتىن ئىسقىرتىپ زادىلا توختىمىدى. ئۆزىنىڭ مىللىي سەنئىتىگە بولغان كۆڭۈل خۇمارىنى بېسىلدۇ-رۇش ئۈچۈن بولۇۋاتقان بۇ تەلەپنى كىممۇ چەكلىيەلەيتتى؟ لېكىن ئادىلە كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بېرىشكە ئاجىز ئىدى. دەل شۇ چاغدا، ئادىلەنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىزلا گۈزەلئاي پەيدا بولدى. ئادىلە دوستىنىڭ نىيىتىنى دەرھال چۈشەندى ـ دە، دۇتارىنى دەرھال «خانلەيلۇن» ئاھاڭىغا چالدى. گۈزەلئاي زىل، يېقىملىق،

كىشىنى مەست قىلغۇچى ھېسسىياتى سىڭگەن ئاھاڭدا كىشىلەرگە تېخى ئۆزلەشمىگەن قوشاق بىلەن ناخشا باشلىۋىدى، زال ئىچى بىردىنلا قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك جىمىقتى - دە، گۈزەلئاينىڭ ئاۋازى رادىئو كانىيى ئارقىلىق شەھەرنىڭ يىراق بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئاڭلاندى. گۈزەلئايغا خۇددى مۆلدۈر ياغقاندەك گۈلدۈرلىگەن چاۋاكلار چېلىندى، ھۇررالار تۆۋلاندى، قىقاس - چۇقانلار كۆتۈرۈلدى. گۈزەلئاي ئارقىمۇئارقا ئون ناخشا ئېيتتى. غۇلجا سەھنىسىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ ئاجايىپ ناخشىچى، ئەتىسىدىن باشلاپ پۈتۈن شەھەرگە نام چىقاردى. ئېلىنىچى ئارتىسنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇنىڭ ئىسمىنى «ھەدىيە» دەپ ئېلان قىلغانلىقى ئۈچۈن، تاملاردا ئەتىسى «ھەدىيەگە مەدھىيە» ماۋزۇلۇق شېئىرلار پەيدا بولدى.

بۇ ئىشنى گۈزەلئاي نام چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، دوستىنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ «تەشۋىقات ئەترىتى»گە قاتناشمىغان بولغاچقا، ئەتىسىدىن باشلاپ ناخشا ئېيتىشنى رەت قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ بۇ تەۋەككۈلچىلىكى ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىنى قاتتىق كايىغانىدى. لېكىن، گۈزەلئاينىڭ سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىشى ئادىلەنى چەكسىز خۇشال قىلغان. چۈنكى، ئادىلە ئۆز دوستىنىڭ كەم ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز تالانتىنى كۆرسىتىدىغان سورۇن-نىڭ بولماي كېلىۋاتقىنىنى ئويلاپ ئازابلىنىپ يۈرەتتى. بولۇپمۇ، گۈزەلئايدەك قابىلىيەت ئىگىسىنىڭ دۇنيادىن ناخشا ئېيتماي كې-تىشىنى ئويلىسىلا، ئۇنىڭ تۈنلىرى ئۇيقۇسى قاچاتتى. تۈنۈگۈن ئاخشام نېمىلا بولسۇن دوستىنىڭ تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكى ئاشكا-رىلاندى. بۇ ئەلۋەتتە ئادىلە ئۈچۈن چەكسىز خۇشاللىق.

— بۇنىڭدىن كېيىن چانىۋەتسەڭمۇ سەن بىلەن بىللە كۈلۈپقا بارمايمەن، — دېدى ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئادىلەدىن راستىنلا

رەنجىپ، — سەن يالغۇز كېتىشتىن قورقىمەن دېمىگەن بولساڭ، كۆلۈبقا بارمايتتىم، سەن ساراڭ سەھنىگە چىقىپ كېكەچلىمىگەن بولساڭ، سېنى ئۆيىتىن قوتۇلدۇرىمەن دەپ سەھنىگە چىقمايتتىم. مانا ئەمدى، نېمىدېگەن سەتچىلىك، ۋىيى، ئەجەب سەت بولدى!...

— پەخىرلىنىشىنىڭ ئورنىغا ئازابلىنىدۇ تېخى، بۇ گالۋاڭ، — دېدى ئادىلە گۈزەلئاينى جۇنۇپ، — شۇنچە تالانتلىقسەن، لېكىن بۇ تالانتىڭنى مودىدىن قالغان كۆڭلەكنى ساندۇقتا ساقلىغاندەك ئىچىڭدە ساقلايسەن، بۇ ساڭا ئازاب ئەمەسمۇ؟

ئۇلار كېچىچە تالاشتى. مانا بۈگۈن ئادىلە شۇنىڭ ئۈچۈن بۆلەكچىلا خۇشال.

تۆت ئايال سۇپىدىكى كىگىز ئۈستىدە پوپايكىچان، باشلىرىغا ياغلىق تېڭىشقان ھالدا ئازادە ئولتۇرۇشۇۋېلىپ، نازۇك قوللىرىدىكى قىڭراقلىرىنى ئالدىدىكى دۇشە ئۈستىدە رېتىملىق ئوينىتىپ، پاكىز يۇيۇلۇپ، قىرىلغان سەۋزىنى قەلەمچە قىلىشماقتا. ھاشىر يوپۇرماقلىرى قۇرۇشقا باشلىغان ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى ياغاچ كارىۋات ئۈستىگە قاتلاپ سېلىنغان تېكمەت ۋە كۆرپىلەر ئۈستىدە يانپاشلاپ يېتىپ، ئاچچىق موخوركىسىنى شوراپ، ئاياللارغا قاراپ ئولتۇرماقتا. تۆت ئايال كەم - كۈتىسىز گۈزەللەردىن، ئۇلارنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى كىشىگە قادالسا، ھەرقانداق يۈرەكنى ئېرىتەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ تېخى ياشلىق گۈزەللىكىدىن مەھرۇم بولمىغان سىرلىق يۈزلىرىچۇ؟ بۇ يۈزلەرگە كىشىنىڭ قارىسا قارىغۇسى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوماق بۇرۇنلىرى بىلەن كىشىگە لەززەتلىك مېۋىدەك زوق بېغىشلايدىغان چىرايلىق لەۋلىرى، قاچا گۈللىرىدەك يېقىملىق سەنئەت بۇيۇمىنىڭ ئەينى ئۆزى. ئۇلارنىڭ ئەۋرىشىم، نازۇك ھەرىكەتلىرىچۇ؟... ھايات مانا مۇشۇلار بىلەن لەززەتلىك، قىزىقارلىق بولسا كېرەك. ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە

خاس خۇلق ـ مىجەزى بار ئىكەنا، تېخى. ئەڭ سۆيۈملۈكى رازىيە. ئۇ ئېغىر ـ بېسىق، كەم سۆز، كۆپرەك كۆزى بىلەن سۆزلەيدىغان ئايال. ئادىلەچۇ؟ ئۇنىڭ يوغان، شوخ كۆزلىرى خۇددى بىرلا قارىغاندا سېنىڭ ھەممىلا يېرىڭنى بىراقلا كۆرىدىغاندەك، تىنىمسىز لەۋلىرى سېنى سۆز مۆلدۈرلىرى بىلەن سوقۇشقا يارالغاندەكلا، ئۇنىڭ چىداملىق، سېخىيلىق، مەردلىككە ئۆگەنگەن يۈرىكى، زىمىستان قىشتا سېنى ئۆزىگە چىللايدىغان گۈلخانغا ئوخشايدۇ... گۈزەلئايچۇ؟ ئۇنىڭ ئاياللاردا كەم ئۇچرايدىغان سۈزۈك، جىلۋىدار چىرايى، ھەرقانداق يۈرىكى ساق ئەر كىشىنىڭ قەلبىدە لىرىكا پەيدا قىلىپ، سېنى شېئىر ئوقۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھۆسن ـ جامالى، ھەرقانداق گۈزەل چىرايى ئىگىسىنىمۇ كۆرۈمسىز قىلىپ كۆرسىتىشكە ھوقۇقلۇق. ئۆزۈڭلەرنى چىرايى بازىرىدا سىنىماقچى بولغان گۈزەللەر، ھەرگىزمۇ يېڭىلىشىپ گۈزەلئاينىڭ يېنىدا پەيدا بولماڭلار. ئۇنىڭ ھۆسنى سىلەرنى ھەرقانداق چىرايلىق بولساڭلارمۇ، ئەيىبلىك قىلىپ كۆرسىتىدىغان سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە. سىلەر بۇ قۇدرەت ئالدىدا پاكىز يۈرىكىڭلارنى بىكاردىنلا ھەسەت، دۈشمەنلىك بىلەن بۇلغىۋالىسىلەر... گۈزەلئاينىڭ خۇلق ـ مىجەزىمۇ چىرايىغا ماسلاشقان. ئۇنىڭ ھىم يۇمۇلغان قىزىل ياقۇتتەك سۈزۈك لەۋلىرى كەمدىن ـ كەم ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭغا بەرگەن نۇرغۇن سوئاللىرىڭىز جاۋابسىز قالىدۇ. بەك قىستاپ تۇرۇۋالسىڭىز، ئۇ پەقەتلا مىيىقىدا پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى سىزگە جاۋاب. چۈنكى، بۇ كۈلكە ئاق بۇلۇتلار كەينىدىن ماراپ چىقىپ سىزگە چىراي ئاچقان ئاينىڭ ئۆزى. بۇ ئاي سىزنىڭ سۈزۈك قەلب ئاسمىنىڭىزنى نۇرلاندۇرىدۇ...

تۆتىنچى قىزچۇ؟ ئۇ يېزىدىن كىرگەن ھاشىرنىڭ تۇغقىنى. خۇدايىم ئۇنىڭ قارىقۇمچاق يۈزىگە تەبىئىي گۈزەللىك بېرىش ئۇر-

نىغا ، قەلبىگە ساداقەت ـ پاكلىقنى كۆپرەك بەرگەن . ئۇ مۇشۇ ئۆينىڭ ئېغىر ئىشلىرىنى قانچىلىك كۆپرەك قىلالىسا ، ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېسابلايدۇ...

ھاشىرنىڭ ئاياللارنى كۆزىتىشى ، ئاياللار توغرىسىدىكى چوڭ- قۇر مۇلاھىزىسى ئۈزۈلۈپ قالدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى خوراز قوغلايمەن دەپ چۆنەككە يىقىلىپ بۇرنىنى قانىتىۋاپتۇ . ئۇنىڭ «ۋاي دادا» دەپ نالە قىلىۋاتقىنى ھاشىرنىڭ قۇلىقىغا كىردى .

كىچىك ئوغۇل ئىككى ئوغۇل ، بىر قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا ھاشىرنىڭ ئالدىغا يىتىپ كەلدى . بۇ ئەتىۋارلىق ئوغۇل ئۈچۈن ئاياللارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . باشقىلارغا كۆڭۈلسىز بىلىند- گەن بۇ ئىش ، ھاشىرغا كۈلكىلىك تۇيۇلدى . ئۇ ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

— توختات ، يىغاڭنى دەرھال توختات ! — دېدى . بالا دادىسى- غا بىرلا قاراپ قويۇپ يىغىدىن توختىدى . ھاشىر ئوغلىنىڭ بۇرنى- نى يۇيۇپ قاننى توختاتتى ـ دە ، مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ :

— كۈل ، ئەمدى كۈلە ! — دېدى . بالا ئاياللارغا قاراپ تاتلىق كۈلۈۋىدى ، ھويلىدىكى ھەممىلا ئادەم ئەگىشىپ كۈلدى .

— قانداق ئەلى ، بىزنىڭ نادىر باتۇرمىكەن ؟

— قالتىسكەن .

— كىمنى دوراپتۇ ؟

— دادىسىنى .

— يالغان ئېيتىسەن ، دادىسىنى ئەمەس ، ئەلا دادىسىنى دوردى !

ئۇ ئەتەي ئەلانىڭ ئىسمىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتتى .

— مېنىڭ دادام پالۋانما ؟ — ئەلى دەرھال سورىدى .

— مېنىڭ دادام سىزدەك باتۇر ئەمەس ! — دىلئارامۇ سۆز

قوشتى . هاشىر ئىككى قولىدا ئەلانىڭ ئىككى بالىسىنىڭ قولىنى تۇتتى :

— سىلەرنىڭ داداڭلار ھەممىدىن باتۇر ، ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ . بىلەمسىلەر ، داداڭلار زاڭزۇ چارۋىچىلارنىڭ ئارىسىغا مەجبۇرىي ئەمگەككە ئاپارغاندا...

— ھە بىلىمەن ، گەننەن دېگەن يەرگە ئەۋەتكەن .

— دادام بۇتخانىدىن قاچقان ! كېچىلەپ قېچىپ يامغۇرغا چىلىشىپ...

— قېچىپ ، قېچىپ ، يەنە شۇ بۇتخانىدىن نېرى كېتەلمىگەن .

ئىككى بالا ھاشىرنىڭ دېمەكچى بولغان ھېكايىسىنى ئېيتىپ بولدى .

— داداڭلارنى نېمىشقا ئۇ يەرگە ئەۋەتكەن بىلەمسىلەر ؟

— ياق ، بىلمەيمىز .

— ئوڭچى بوپتىكەن ، دادام .

— سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىكەن .

— سىلەرگە كىم شۇنداق دېدى ؟

— گۈزەل ئاپام بىلەن ئادىلە چوڭ ئاپام .

— سىلەرگە راست گەپنى قىلماپتۇ . داداڭلار ئالىم بولغاچقا ، ئۇنى كۆرەلمەيدىغانلار ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغان .

— راستما ؟ ئەجەب ئەسكى ئادەملەركىنا !

— مەن چوڭ بولغاندا ، ئۇنىڭغا كۆرسىتىمەن .

— مېنى تۈرمىگە سولىغان ، داداڭلارنى قولغا ئالىمىز دەپ ۋەيران قىلغان ، سىلەرگىمۇ زىيانكەشلىك قىلغان بىرلا ئادەم ، ئۇنى بىلىپ قويۇڭلار .

— ھاشىر باشقا گەپ قىلىسىڭىزا ، — دېدى رازىيە كۆز ئىشارىسى بىلەن بىئارام بولۇۋاتقان گۈزەلئاي بىلەن ئادىلەنى كۆرسىتىپ .

— ياق، مەن ئۇزۇندىن بېرى بۇلارغا ئۆز دۈشمەنلىرىنى ئېيتىپ بەرمەكچىدىم. دۈشمىنىنى تونۇيالمىغان بالا، دوستىنىمۇ تونۇيالمايدۇ. ئەلى، ئېسىڭدە تۇت، داداڭنىڭ دۈشمىنى ھازىرمۇ ھايات!

— ئۇنى نېمىشقا سولىمىدى؟

— قېچىپ يۈرەمدۇيا؟

— ئۇنى سولىمىدى، ئۇ قېچىپمۇ يۈرگىنى يوق. ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئۆستۈردى!

— يامان ئادەمنى نېمىشقا ئۆستۈرىدۇ؟

— ھەرقاچان كۆز بويايدىغاندۇ ئۇ - ھە؟

— يامان ئادەملەرمۇ ئۆسىدۇ، ياخشى ئادەملەرمۇ بىگۇناھ ئېتىلىدۇ. بىلەمسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت مۇرەككەپ.

— ئاجايىپ ئىكەنا!

— سىلەر چوڭ بولغاندا بۇنداق ناھەق ئىشلار ئازىيىدۇ. ئادەملەر بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغان، قەدىرلەيدىغان بولىدۇ.

— ھازىرمۇ ئادەملەر بىر - بىرىنى قەدىرلەيدىغۇ! — دېدى ئادىلە ھاشىرنىڭ گېپىگە ئارىلىشىپ.

— توغرا ئېيتىسىز، ھازىرمۇ قەدىرلەيدۇ، لېكىن بۇ قىسمەنلىك. مىسالى، ئەلانى ئالايلى، بىباھا ئادەم، ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى، قىلچە يالغانچىلىق، ساختىلىقنى بىلمەيدۇ، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان يىگىت. لېكىن، ئۇ قانچىلىك قەدىرلىنىۋاتىدۇ؟ باشقىلار تۇگۇل، بىز ئۇنىڭ يېقىنلىرى تۇرۇپ ئۇنى قانچىلىك ئاسراۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئىلىم ساھەسىدە قىلىدىغان ئىشى شۇنچىلىك كۆپ، لېكىن شارائىت يوق. ئۇ ئۆمرىنىڭ بىكارغا زايە بولۇپ كېتىۋاتقىنىغا رەللە بولۇپ، بەزىدە يىغلاپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى دەپ يىغلايدۇ. بىلەمسىلەر، باللار سىلەرنىڭ داداڭلار ئالدىنقى يىللىرى قېچىپ يۈرۈپمۇ كىتاب ئوقۇش، چەت ئەل تىلى يادلاش، ماقالە يېزىشنى بىر كۈنمۇ تاشلىم-

غان . هازىر ئۇنىڭ نەچچە ئون پارچە ئەسىرى پۈتۈپ بولدى . ئۇ هازىرمۇ مىنۇت ـ سېكۇنت ۋاقىتنى زايە قىلماي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ . ئۇ بىر ئۇلۇغ ، غايىلىك ئىلىم ـ پەن خادىمى . شۇنداق ئادەمگە بىز قانچىلىك غەمخورلۇق قىلدۇق ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ياردىمىمىزنى بېرەلمەي. مىز . ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش . دۇنيادىكى ئۇلۇغ ئادەملەردىن ماركس ، لېنىن قاتارلىقلار دوستلىرىنىڭ ، باللىرىنىڭ ، قېرىنداش ، ئاياللىرىنىڭ ياردىمى بولغانلىقى ئۈچۈن زور ئىشلارنى قىلالىغان .

ئۇ بارغانسېرى هاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى . ئۇ باللارغا سۆزلەشتىن ، ئەمدى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئاياللارغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى . ئۇنىڭ سۆزى هەممىگە تەسىر قىلدى . ئادىلە يىغلاشقا باشلىدى . گۈزەلئاي ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا مېڭە. ۋىدى ، هاشىر ئۇنىڭغا قاراپ :

— مەن سىزگە سۆزلەۋاتىمەن ، گۈزەلئاي . مەن سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىدىم . مۇشۇ گېپىم هېساب بولۇپ قالسۇن . سىز خەلق ئالدىدا ئۆز بۇرچۇمنى ئورۇندايمەن دەيدىغان ۋىجدان ئىگىسى بولسىڭىز ، ئەلاغا زۇلۇم سېلىشنى قەتئىي توختىتىڭ ! — دېدى .

گۈزەلئاي هاشىرغا قارىغىنىچە تورۇپلا قالدى .

— هاشىر ! — دېدى رازىيە ئارىغا كىرىپ ، — نېمىلەرنى دەۋاتىسىز ؟ سىز ئاغىنىڭىزنى ئاقلىسىڭىز ، مەنمۇ دوستۇمنى ئاق. لايمەن . گۈزەلنىڭ ۋىجدانى پاك ، گەپ قىل ، گۈزەل . هاشىر ناهىيىنىڭ پارتكوم شۇجىسى بولغىنى بىلەن سېنىڭ بىلەن مەن ئوخشاش ئادەم . گەپ قىل ، نېمىگە تىترەيسەن ؟ نېمىگە يىغلايسەن ؟ ئۇلتۇرغىنا !

رازىيە گۈزەلئاينى قولتۇقلاپ ، ئۆز ئورنىغا — سۇپىغا ئەكەل. دى ، هاشىر كارىۋاتتىن چۈشۈپ مېڭىپ يۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— زۇلۇم سېلىشنى توختىتىڭ ، دېسەم خاپا بولۇۋاتامسىز ؟ سىز ئۇنى ياخشى كۆرىسىز ، ئۇنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىپ تىزلىنىشىنى ئۈمىد قىلىسىز ، بىلىپ تۇرىمەن ، سىز بۇ ئىشنى كۈتۈۋاتىسىز . ئەگەر سىزگە بىرىنى تىزلاندۇرۇش راستتىنلا زۆرۈر بولسا ، ئەلا ئۈچۈن مەن تىزلىناي ! ئۆمۈر دېگەننى باغلاپ قويغىلى بولامدۇ ، ياشلىق دېگەننى تەكرارلىغىلى بولامدۇ ؟ قېرىغاندا پۇشايمانىنى ئازراق قىلىش ئۈچۈن ، ياش ۋاقتىمىزدا خاتا قەدەمنى ئازراق باسقىنىمىز تۈزۈك . ھېسسىياتنى خەلقىمىز پايدىسىغا بويسۇندۇرايلى . ئەلا سىزنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرىدۇ . ئۇنىڭ پاكىز يۈرىكى ئۈچۈن قۇربان بەرسىڭىز ، تامامەن ئەرزىيدۇ ، سىڭلىم !

گۈزەلئاي يۈزىنى ئالىقانلىرى بىلەن يېپىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . رازىيە ھاشىرغا ئالىيىپ قويۇپ ، گۈزەلئاينىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە ماڭدى . ئادىلە خۇشاللىق بىلەن ھاشىرغا قارىدى :

— پۈتۈن شىنجاڭنى سىزگە باشقۇرۇشقا بەرگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى . ئاڭلىدىڭلارمۇ ئەلى ، دىلئارا ؟ ئاپاڭلارغا ئېسىلىپ يىغلاڭلار ، داداڭلارنى ئۆيگە ئەكېلىپ بەرسۇن .

باللار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ئوماق كۈلۈشتى . ھاشىرنىڭ بېشى ئايلاندى . ئۇ تېخى كېسەلدىن تولۇق ئۈرە بولۇپ كەتمىگەن ، ماغدۇرسىز ، يەنىلا پات - پات قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالاتتى ، لېكىن ئۇ ھامان ناھىيىگە — ئۆز خىزمىتىگە ئالدىرايتتى . ئۇ ئۆز ھويلىسىدىكى بەختلىك باللارنى كۆرگەندىلا ، يېزىلاردىكى مۈشۈك كەچ كۈزنىڭ سوغۇق كۈنلىرى يالاڭ - يالىڭاچ ھالدا مانتا ئوچاق ياكى كاڭنىڭ بوغىزىنى تالىشىپ بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇۋاتقان نامرات دېھقان باللىرىنى ئويلىغانىدى . مانا ئەمدى ئۇ دوستى ئۈچۈن تۈت ئېغىز خالىس گەپ قىلىۋالدى -دە ، ئۆزىنى بىر چوڭ غەمدىن خالاس بولغاندەك سەزدى . چۈنكى ، ئۇ گۈزەلئاينىڭ چىرايىغا بىرلا قاراپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزگىرىش

بولغانلىقىنى سەزدى. ئەمدى ئۇنىڭ سۆزلىرى چوقۇم ئۇنۇم بېرىدۇ، گۈزەلئايلا كاجلىق قىلمىسا، ھاشىر ئەلانى ھەر ئامال بىلەن يارىشىشقا ماقۇل قىلالايدۇ. ھاشىر ئادىلەنى ناھىيىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ - دە، گۈزەلئاينىڭ ئۆيىگە ئەلانى ئەكىرىدۇ. ئەلانىڭ خىزمىتى ئاتاقتا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ، ئەمەلدە بولسا، ئۇ ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۆيىدە ئۆز ئىشى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مۇنۇ ئۆمەر ئەپەندىنىڭ كىتابخانىسىنىمۇ ئەلاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. گۈزەلئاي خىزمەت قىلىمەن دېسە، ھاشىر ئۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا خىزمەت تېپىپ بېرىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ ئۆي ئىشىغا ئۆزىنىڭ ئاۋۇ قېرىندىشىدەك يارامىلىق خىزمەتچىدىن بىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەنە شۇنداق قىلغاندا، ئەلا ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، راسا ئۇنۇم بېرىدىغان قىران چاغلىرىنى زايە قىلمىغان بولىدۇ. ئۇ تەستە مېڭىپ ئىشىك تۈۋىدىكى ئايرىم ئەشكىلىك مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆيگە رازىيە ھاشىرنىڭ پۇت ئاغرىقىنى كۆزدە تۇتۇپ مەشمۇ قويغان. مەشنىڭ يېنىدا ئۇزۇن دىۋان بار، ئۇ يەردە سۇنايلىنىپ يېتىشقا بولىدۇ. ھاشىر بايىقى خىيالىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتمەكچى بولۇپ شۇ ئۆيگە قاراپ ماڭغاندا، ھويلا ئىشىكى ئالدىدا ئادەملەرنىڭ پارىڭى، ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا بىمەھەل كەلگەن مېھمان ھاشىرنى ئۈنچىلىك خۇش قىلمىدى. ئۇ ئۆيگە كىرمەكچى بولۇپ پەلەمپەيگە كۆتۈرۈلۈشگە قوش ئىشىك قوپال قېقىلدى - دە، ئاندىن كېيىن بىر ناتونۇش ئاۋاز خىرقىراپ:

— ھاشىر شۇجىنىڭ ئۆيى مۇشۇدۇ - ھە؟ — دەپ ۋارقىرىدى. ئۆيدىن رازىيە ئالدىراپ چىقتى ۋە بىر ئازدىن كېيىن ناتونۇش ئىككى ئادەمنى باشلاپ كىردى. كىرگۈچىلەر ئەللىكتىن ئاشقان

تىمەن مەسىلەر ئىدى . ھاشىر ئۇلار بىلەن پەلەمپەيدە تۇرۇپلا سوغۇققىنا قول ئېلىشتى ۋە مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى .

— سىز بىزنى تونۇمايسىز ، لېكىن بىز سىزنى تونۇيمىز . سىزنى يېقىن ئاغىنىلىرىمىز قاتارىدا كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ، ئۆمەر ئەپەندىنىڭ مۇسىبىتى سەۋەبى بىلەن بىر پەتە قىلىشنى قەرز بىلىپ ، دوستۇم بىلەن ئىككىمىز كېلىۋىدۇق .

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپلا قىرائەت قىلىشقا باشلىدى .

«ئەلھەمدۇ» بىلەن «قۇلھۇۋاللاھۇ ئەھەت» تېزلا ئوقۇلۇپ «سۇبھانە رەببىكە رەببىل ئىززەتى» ئەمدىلا ئوقۇلۇۋىدى ، ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا ھاراق يەرگە دومىلاپ چۈشتى . ھاشىر شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ مەستلىكىگە دىققەت قىلدى . شۇ چاغدا ئەلى ئۆيگە بېشىنى تىقىپ قارىدى ـ دە ، سىرتتا تۇرۇپ :

— ئاپا ، چوڭ دادام بىلەن كومىسسىيونچى كەپتۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى . شۇ چاغدىلا ھاشىر بۇ تولا پارڭىنى ئاڭلىغان ئىككى ئادەمنى تونۇدى : بۇلار ئادىلەنىڭ يولدىشى بىلەن گۈزەلئاينىڭ كەينىگە كىرىۋالدىغان كومىسسىيونچى ئىدى . قىرائەت ئوقۇغۇچى يەردىن ھارىقىنى ئالدى ـ دە ، ئۇنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى . ئۇنىڭ بۇ ئىشى ھاشىرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى .

— قىرائەت بىلەن بوتۇلكىنى بىر داستىخانغا تەڭ تەقدىم قىلغان پەتىچىنى بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن ، — دېدى ھاشىر قاپىقىنى تۈرۈپ ، — بوتۇلكىنى يانچۇقىڭىزغا سېلىڭ .

— مەنمۇ ئىچەرمەن ئەمەس ، لېكىن سىز بىلەن تونجى قېتىم ئەسرا بولدۇق .

— گەپنىڭ بولار يېرىنى قىلمىدىڭىز ، گۈزەلئاينىڭ ھىدىنى پۇراپ خۇمارىم تۇتتى دەڭ . مەن مېھمانغا قوپاللىق قىلىدىغان ئادەم ئەمەسمەن ، لېكىن سىلەرگە مېھماندوستلۇق قىلالمايمەن . ئايالىلارنىڭ كەينىدىن مۇشۇ ئۆيگىچە قوغلاپ كەپسىلەر ، مەسىلە

چۈشىنىشلىك . سىلەردە نە ھايا، نە ئادەمگەرچىلىك دېگەن يوق-كەن، بۇ ئەلپازىڭلار بىلەن ئۇ ئاياللارغا ئارام بېرەمسىلەر - ھە؟ سىلەرگە دەپ قوياي : ئۇ ئاياللاردىن دەرھال قول ئۈزۈڭلار، بول-مىسا، مەن سىلەرنى ئوڭايلا بۇ يولدىن چەكلىيەلەيمەن!

— سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ ئادىلە مېنىڭ قانۇنلۇق ئايلىم!

— بىلىمەن . ئۇ خالىمايدۇ، سىز ھوقۇقىڭىزدىن پايدىلىنىپ نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىشىنى ئۈچ - تۆت يىلدىن بېرى كەينىگە سۈرۈپ كېلىۋاتىسىز . ئادىلە مېنىڭ سىڭلىم، ئۇنى ئىگە - چاقى-سىز ھېسابلىماڭ . ئېيتىڭە، سىزدىن نەپرەتلىنىدىغان بىر ئايال بىلەن ئۆي تۇتۇشقا سىزنى مەجبۇر قىلىۋاتقان زادى نېمە؟

ئادىلەنىڭ ئېرى تامدەك تاتىرىپ ھاشىرغا قاراپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى . ھاشىر ھۆجۈمىنى دەرھال كومىسسىيونچىغا يۆتكىدى :

— پۇل، چىراي، چىرايلىق گەپ بىلەن ئەخمەقلەرنىلا ئازدۇ-رۇش مۇمكىن، لېكىن بىزنىڭ گۈزەلئاي ئەخمەق ئەمەس . سىزمۇ بىلىسىز، ئۇ ھازىر پۇللۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ سۆيگىنى — ئەلىنىڭ دادىسى ئەلا تېخى ھايات . ئۇ ئېرىنى جېنى-دىنمۇ ئەزىز بىلىدۇ . شارائىتى بار تۇرۇپ چەت ئەلگە كەتمىگەنلى-كى، لايىغا مىلىنىپ مەدىكارلىق قىلىسىمۇ، سىزدەك پۇللۇق، چىرايلىق ئەرلەرگە يېلىنماسلىقى، ئۆزىگە بىر ئەركەك چىقىنىنىمۇ قوندۇرماي ھازىرغىچە كېلىشى، نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ سىز ئۇي-لاپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ئۆز سۆيگىنىگە شۇنچە سادىق بىر ئايالنىڭ كەينىدىن قاتراپ يۈرۈش، بىر ۋىجدانى بار ئەرنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ؟ سىلەر ئىككىڭلاردا چىراي، پۇل، مەنسەپ بولغىنى بى-لەن تىرناقچىلىك ئەرلىك غۇرۇر يوق . سىلەر ئۈچۈن مەن نومۇس قىلىۋاتىمەن . سىلەردەكلەر جاھاندا مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن ئايالىلار ئەرلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ . مەن سىلەر بىلەن

قاۋاقخانىدا ياكى لەڭزى بېشىدا سۆزلەشمەكچىدىم ، لېكىن تەلە-
يىڭلار باركەن ، مەندىن ئۆگەي قوتۇلىدىغان بولدۇڭلار . سىز بىر
ئايغىچە ئادىلەنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش تەلىپىگە قوشۇلۇپ ، ئۇ-
نىڭغا ئەركىنلىك بېرىڭ . سىز ھازىردىن باشلاپ كاللىڭىزدىن
گۈزەلئايىنى چىقىرىۋېتىڭ . سىز يەنە ئۇلارنىڭ مەھەللىسىنى ئەگە-
دىغان بولسىڭىز ، پۇت - قولىڭىزغا تېڭمقچى تەييارلاپ قويۇڭ .
ئەمدى سىلەرگە ھويلامنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ، قېنى مەرھەمەت !

ھاشىر ئورنىدىن دەس تۇردى - دە ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچ-
تى . كومىسسىيونچى غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ، ئادىلە-
نىڭ ئېرى مىجىلىپ تاشلانغان سامان قەغەزدەك قورۇلدى . لې-
كىن ، ئۇلار ئىشىك تۈۋىدە قاپىقىنى تۈرۈپ تىك تۇرغان كەڭ
گەۋدىلىك ، ئېگىز بوي ، قاتاڭغۇر ئادەمگە قايتا تىكىلىپ قارىيالمى-
دى ۋە چىش يېرىپ جاۋاب قايتۇرالمىدى .

ھاشىرغا شۇ ئاخشىمى ناھىيىدىن خەۋەر كەلدى : ھېلىقى
سىرتتىن يۆتكىلىدىغان ئاشلىق تېخى ئەمەلىيلەشمىگەن . ئۇ سىرتقا
چىقىپ ئۆزى تېلېفون بېرىپ ناھىيىدىن ماشىنا چاقىرتىپ كېچە-
لەپ ناھىيىگە چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ يادىغا مۇنۇ ئائىلىسى قاچان
كېلەركىن ، ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ .

## 3

بەزىدە گۈزەللىك سۈرلۈك ، قورقۇنچلۇق ياكى كۆڭۈلسىز -
خۇنۇك نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولىدۇ . مىسالى ،
بۈگۈنكى كەچ كۈز كېچىسىنى ئالساق ، كوچىلارنى خازان ۋە
چاۋار - چاتقاللار قاپلىغان ، ئەڭ خىلۋەت بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىمۇ
ئىزغىرىن شامال كۆشۈلدايدۇ . ئۈستى ئەينەكتەك پارقىراق ، ئا-
ۋازسىز ئاقىدىغان ئېرىق سۇلىرى ، گۈڭگا ئاي يورۇقىدا خۇددى

ئۆيۈپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. مانا بۇلار كىشىدە ئۈمىدسىزلىك، ۋەھىمە پەيدا قىلىدۇ - دە، سېنى سەيلىدىن يالتايتىدۇ. سېنىڭ بۇ كۆرۈمسىز، ھەتتا سۇرلۇق تەبىئەتنى سەيلە قىلىشتىن ۋاز كېچىپ ئىسسىق يوتقاندا خىيال سۈرگۈڭ كېلىدۇ. لېكىن، ئوبدانراق زەن قويساڭ، بۇ خىل كېچىنىڭمۇ ساڭا مەڭگۈلۈك خاتىرە قالدۇرالىغۇدەك گۈزەل قىلىق ۋە كۆرۈنۈشلىرى بولىدىكەن. ئەنە، ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار كەينىدىن كۈلۈپ، ئېچىلىپ ئاي چىقتى. ئۇنىڭ نازلىق بېقىشى، بىردىنلا گۈزەللىكنىڭ جامالىنى ئەسلىتىدۇ. ئاي ئۆزىنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن ئېرىق بويىدىكى ئۈششۈكتىن سالپايغان كوكاتلار ئارىسىدا تېخى يازلىق كىيىمى بىلەن كۈلۈپ تۇرغان ئەترگۈلنىڭ غۇنچە - پورەك، ياپراقلىرىنىڭ رەڭ بوياقلىرىنى ئەينەن ئاشكارىلىدى. سولغۇن كوكاتلار ئارىسىدا بىر توپ ئەترگۈلنىڭ بۈككىدە ئېچىلىپ، بۇرنۇڭغا ياز ھىدىنى ئۇرۇپ تۇرۇشى، گۈزەللىك بولماي نېمە؟ ئۇ قەبرىستانلىقتا ئويناۋاتقان، ئۆلۈمنى ھەرگىز ئېسىگە ئالمايدىغان ساپ دىل گۆدەككە ئوخشايدۇ. ئۇ يەنە سانسىز مۇسىبەت - خاپىلىقلار ئارىسىدا تۇرۇپمۇ ھاياتلىقتىن قانائەت تېپىپ ئۆزىچە كۈلگەن ئۈمىدۋار يۈرەككە ئوخشايدۇ. ئۇ يەنە تۇندە يانغان گۈلخانغا، قەھرىتاندا ئاققان ئەزىمەت سۇغا ئوخشايدۇ. ئۇ ۋەھىمىگە پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇ خۇددى ئۇستىدىكى ئايغا قاراپ: «سەن نۇرۇڭنى ئايىمىساڭلا، مەن گۈزەللىكىمنى يوشۇرمايمەن. مەن كۆرۈمسىز ئاياللار ئارىسىدا ئۆز ھۆسن - جامالى بىلەن كېرىلىپ ئولتۇرغان چىرايلىق چوكانغا ئوخشايمەن. ئۇ چوكاننىڭ گۈزەللىكىنى، چىرايىدىكى تەكەببۇرلۇقى تۇن قاراڭغۇسىغا ئوخشاش كۆمۈۋەتكەن، مەن بولسام ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ئېچىلىشقا ئىنتىلىمەن» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى...


ئاچچىق شامال يەر سىيپىلاپ ۋاژىلداپ ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئەترگۈلنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنى يوقىتالمىدى، ئاچچىق شامال

شۇمشەيگەن سۇلارنى تىترەتتىيۇ، ئەتىرگۈلنى كۈلدۈردى...

بىر جۈپ ئەر - ئايال قولتۇقلىشىپ كېلىپ، دۈمبىلىرىنى قېرى تېرەككە قىلىپ، ئايغا قاراپ جىمجىت تۇرۇشتى. ئۇلارنى ئاي يورۇتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۇچىسىدا توقۇلما ياقىلىق چىبەرقۇت پاختىلىق چاپان، ھەر ئىككىلىسى كۆك خادانى شىم، چۇخەي كىيىشكەن، يالاڭۋاش، قىز يىگىتتىن تۆتلىك ئېگىز، يىگىت قىزدىن بىر چارەك كەڭ، تەمبەل. قىز يىگىتنى قولتۇقلىـ ۋالغان، يىگىتنىڭ ئىككى قولى چاپان يانچۇقىدا. ئاي ئۇلارنىڭ چىرايلىرىنى يورۇتتى. ھەر ئىككىلىسى ئاق يۈزلۈك، خۇددى تۇرمىدىن چىققاندەك تاتىراڭغۇ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى غەملىك، مىسكىن. بۇلار ھاشىرنىڭ ئۆيىدىن چىققان ئەلا بىلەن ئەلانۇر.

— ئۇھ! — دېدى قىز تېرەككە يۆلىنىپ، ئايغا قاراپ. شۇ چاغدا، ئاي ئۇنىڭ قاڭشارلىق بۇرنى، يوغان، خىيالچان كۆزلىرى بىلەن ھىم يۇمۇلغان لەۋلىرىنى يورۇتتى. قىز گۈزەل، لېكىن يېڭى ئېچىلغان گۈلدەك ئەمەس، بەلكى بوتۇلكىدىكى سۇنىڭ كۈچى بىلەنلا ئاخىرقى جىلۋىسىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان گۈلدەك. ئۇنىڭ پېشانە ۋە كۆز قويرۇقلىرىدىكى ئىنچىكە سىزىقلار چىرايىدىكى گۆدەكلىكنى تۈگەتكەن.

— مۇشۇنداق ھېچ ئىش قىلالمايلا بوۋاي - موماي بولۇپ كېتىمىزمۇ، ئەلا ئاكا، توۋا، ھەش - پەش دېگۈچىلا ئوتتۇز ياشتىن ئېشىپتىمەن. ئەمدى مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىدىغان ۋاقـ تىم ئۆتۈپ بولدى. ئەجەب ساددىكەنمەن. مەن تېخى ئۆزۈمنى، دۇنيا سەھنىسىدە ئويۇن كۆرسىتىپ داڭق چىقىرىدىغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بىرىمەن دەپ ھېسابلاپ كەپتىكەنمەن. ئوتتۇزدىن ئاشقاندا، شۇ ھۆرمىتىم بىلەن ۋالىبولچىلارنى تەربىيىلىسەممۇ بولار، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. كوچىدا قالارمەن، ۋالىبول ئويناشـ تىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ دېگەنلەرنى ئويـ





لىغان بولسام، ئائىلە توغرىسىدا، شەخسىي بەختىم توغرىسىدا ئويلىغان بولماسمىدىم. بەزىدە ئۆلۈۋالغۇم كېلىدۇ دەڭە، قىزىق - ئەللىك ياشلىق، نەچچە باللىق ئادەملەردىن ئەلچىلەر كېلىدۇ. ئۇ ئادەملەرغۇ يامان ئادەملەر ئەمەس، لېكىن مەن بۇنداق ئىشنى زادىلا ئەقلىمگە سىغدۇرالمايدىكەنمەن. ئەلا ئاكا، قېلىنلىق بولسىمۇ ئېيتىۋېرەي، مەن هازىرغىچە بىر يىگىت بىلەن ياخشى كۆرۈشۈپ، يۈرۈپمۇ باقمىدىم. راستىنى ئېيتسام، مەن يېقىنغىچىلا خىيال دۇنياسىدا ياشاپتىمەن، ئەتراپىمغا قاراپمۇ باقماپتىمەن، راستىنلا ماڭا بوۋايلاردىن باشقا لايىق قالماپتۇ. تەڭتۇشلىرىم ساپلا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق. كىچىكلەر ماڭا لايىق ئەمەس، قېرى يىگىت تولىمۇ ئەتىۋار، قېرى يىگىتلەر مەلۇم سەۋەب بىلەن تۇرمىگە كىرىپ چىققانلار ئىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ هېلىقى بوۋايلاردىن پەرقى يوق. توۋا، ئۆز بەختىنى بوۋايلاردىن ئىزدەيدىغان قېرى قىز بولۇپ قالغىنىمنى دەڭە، ها... ها... ها!...

قىزغا قوشۇلۇپ يىگىتمۇ كۈلدى. كۈلگەندە يىگىتنىڭ ئورۇق يۈزى قورۇقلار ئارىسىدا قالدى.

— ئۈمىدسىزلەنمەڭ ئەلانۇر، — دېدى ئەلا قىزنىڭ ئۆز بىلىكىدىكى مۇزدەك بارماقلىرىنى سىلىق مۇجۇپ قويۇپ، — هە دېسىلا بوۋايلار، يىگىتلەر دەۋەرمەڭ، مەنمۇ بوۋاي جۇمۇڭ، كۈڭلۈمگە كېلىدۇ. گەپ ئادەملەرنىڭ يېشىدا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكىدە. ئۆيلۈك بولۇشى، باللارنىڭ بولغانلىقى ئۇنچىلىك چوڭ ئەيىب ئەمەس، گەپ سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدە، قانداق بىر ئادەم سىزنىڭ ئاشۇ يۈرىكىڭىزدە مۇهەببەت هېسسى پەيدا قىلالايدۇ؟ گەپ مانا مۇشۇ مەسىلىدە. سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان، هەتتا ئۆزىڭىز قۇربان بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭ مۇهەببىتىنى ئاسراشقا ئەرزىيدىغان ئادەممۇ ياكى سىزدىن مەنپەئەت ئىزدەپ، ساختىلىق بىلەن يۈرىكىڭىزگە قول سالغان بىرىمۇ؟ گەپ مانا مۇشۇنىڭدا! سىزنى غەرەز-

سىز سۆيگەن ھەرقانداق بىرىنى، مەيلى سىز ئۇنى سۆيۈڭ ياكى
سۆيمەڭ، ھۆرمەتلىشىڭىز كېرەك. ئەمما قوشۇلۇش باشقا گەپ،
ئۇ ئىككى يۈرەكتىكى ئورتاق مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى، بىر-
بىرىنى ھەقىقىي سۆيىدىغان ئىككى ئادەم ئائىلە قۇرۇشى كېرەك.
بۇ شەرتنىڭ بىرىلا كەم بولسا، بۇ خىل ئائىلە ئازاب. ئىنسان
ئۈچۈن ئائىلىلىك بولۇش شەرت ئەمەس، بويتاق ياكى تۇل ئۆتۈشمۇ
ئەيىب ئەمەس، ئەمما بىرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ،
مۇھەببەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشنىڭ ئۆزى بىر بەخت. سىز
بىلەن بىز ھاياتقا كونىلارنىڭ كۆزى بىلەن قارىساق بولماس.
ئۆيلۈك بولۇش، بالا-چاقىلىق بولۇش، كىيىم كىيىش، تاماق
يېيىشكە ئوخشاش تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى، قانۇنىيىتى. ياخشىسى
بولمىسا، يامىنى، يېڭىسى بولمىسا، كونىسى بولسىمۇ بولىۋېرى-
دۇ، ئىشقىلىپ، بولسىلا بولدى، دەپ قارىساق، ھاياتنى، ئىنسان-
نى ياخشى چۈشەنمىگەن بولىمىز.

ئەلانۇر ئايغا قاراپ خىيالغا پاتتى. ئۇ بىرىنى چىن قەلبىدىن
ياخشى كۆرگەنمۇ؟ ياق، ئۇ راستىنلا مۇھەببەت دېگەن بۇ ئاجايىپ
سىرلىق نەرسىنىڭ تەمىنى بىلمەيدۇ. ئۇ ئون بەش يېشىدىن تار-
تىپ توپقا، مەيدانغا، شۆھرەتكىلا بېرىلدى، ھاياتنىڭ لەززىتىمۇ
مانا شۇلاردا دەپ چۈشەندى. خەلقئارا توپ مۇسابىقىلىرىگە ئىككى
قېتىم باردى، لېكىن مەيدانغا چۈشمىدى. ھىندونېزىيىدە كوماندى-
نىڭ زاپاس ئەزاسى، ئالبانىيىدە كۆزەتكۈچى بولۇپ چەتتە تۇردى.
ئۇنىڭ سەكرىگۈسى، دومىلىغۇسى، ئۆزى ئۈچۈن چېلىنغان قىز-
غىن چاۋاكلاردىن ھوزۇرلانغۇسى كەلدى، لېكىن بۇلار ئۇنىڭغا
نېسىپ بولمىدى. ۋۇخەندە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە، ئۇ ھاياتىدا
ئەڭ خۇشال بولىدىغان ئىش — ئاساسىي ھۇجۇمچى ئورنىدا توپ
ئوينىدى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى خۇشاللىق، تويى بولغاندەك ياكى
باشقا بەختكە يولۇققاندەك ئىش. ئۇ شۇ چاغدا — ئالقىش-

چاۋاكلارغا كۆمۈلۈپ ، بىرنەچچە كوماندىنى يەڭگەن شۇ كۈنى ئاخ-
شىمى ئۇڭدا يېتىپ : «مەن تېخى يىگىرمە ئۈچ ياشتا ، يەنە بەش
يىل توپ ئوينىيالايمەن ، بەش يىلغىچە ئېلاستىكلىق ، پاقالچاقنىڭ
كۈچى جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىمنى تۈگىتىپ ، دۇنيادىكى ئەڭ
ياخشى توپ ئۇرغۇچىلاردىن بولۇپ چىقىپ ، ياپونىيە ، ئامېرىكا ،
سوۋېت ئىتتىپاقى ، كۇبا كوماندىلىرىدىكى چولپانلار بىلەن بەسلە-
شەلەيمەن» دەپ ئويلىدى . ئۇنىڭ يىگىتلەر توغرىسىدا ئويلايدى-
غان ، مۇھەببەت توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ ئۆز - ئۆزىنى
تەربىيلەيدىغان چاغلىرى ، ئەنە شۇنداق ئارزۇ - خىيال بىلەن
ئۆتۈپ كەتتى . مانا بۈگۈن ، ئارزۇ قىلغانلىرىمۇ ، پۇشايمان قىلغان-
لىرىمۇ ئۆتمۈش بولۇپ قالدى . «ئىنقىلاب» خۇددى يېرىم كېچىدە
بېسىپ كەلگەن كەلكۈندەك ، ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇ - خىيال ، پىلان-
لىرىنى ئاپىرىپ لايغا كۆمۈپ تاشلىدى . ئۇنىڭ كەلگۈسى قاراڭغۇ ،
ھاياتى خەۋپلىك ، تۇرمۇشى مەنىسىز بولۇپ قالدى . ئۇ خۇددى
ئوۋچى ئىتلىرىنىڭ ئالدىغا چۈشكەن كېيىك بالىسىدەك ، بىرلا جان
ۋە ھاياتلىق ئارزۇسىدا قالدى . بۇنداق ئەھۋالدا ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش
غېمى ئۇنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالايتتىمۇ ؟ ئېھ ، ئۈمىدسىزلىك ،
ئېھ ، دەۋر ، سەن شۇنچىمۇ رەھىمسىز بولارسەنمۇ - ھە ؟ دەۋرنىڭ
غېمىنى يەيدىغان بىر غايىلىك قىزنى ، ئىنسانىي مۇھەببەت لەززى-
تىدىنمۇ جۇدا قىلىپ قويدۇڭ ، ئۇنىڭ ساپ - ئۇلۇغۋار غايىلىرىنى
دەۋرگە ، خەلققە دۈشمەن قىلىپ كۆرسەتتىڭ ، ئۇنىڭدىكى ئۆز
ئىشىغا بولغان ئىشقى مۇھەببەتنى جان ، قورساق غېمى بىلەن
ئاربلاشتۇرۇۋەتتىڭ . مانا ئەمدى ، ئۆزىنى دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارى-
دىكىلەردىن ھېسابلىغان مەغرۇر قىزنىڭ مۇھەببەتنىڭ كىشىلىك
ھاياتتا تۇتىدىغان ئورنىنى چۈشىنەلمەيدۇ . شۇنداق سۆيۈملۈك ،
گۈزەل قىزنىڭنى بىرەر يىگىت سۆيمىگەن ، سىنىڭ ئۇ قىزنىڭمۇ
ئوتتۇز ياشتىن ئاشقۇچە بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغان .

قىز شۇلارنى ئويلاپ ئازابلاندى . ئۇ كۆزلىرىدىن قويۇلۇۋاتقان ياشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قاراڭغۇ باغقا قارىدى . باغ سۈرلۈك ئىدى . تۇيۇقسىز باغنىڭ چېتى بوزۇلغان يېرىدىن ئەنسىز ۋارقىرىشىپ ئىككى مۇشۇك چىقتى . تېرەك بېشىدىكى قاغىلار قاقىلدىشىپ تۆۋەنگە ماياق تاشلىدى . ئەلانۇر ئۆزىنى مازاق قىلىۋاتقان مۇشۇك ، قاغىلاردىن خاپا بولمىدى . چۈنكى ، ئۇمۇ بىرنەچچە يىل ئاۋۋال باللىرىنى چىرايلىق كىيىندۇرۇپ كوچىغا ئەگەشتۇرۇپ ئاچىقىپ ، ئوماق باللىرى بىلەن ماختانغان ساۋاقداشلىرىنى كۆرسە ، ئىچىدە مازاق قىلىپ : «بىچارىلەر !» دېگەنىدى . مانا ئەمدى ئۇلار بەختلىك ، ئۆزى بىچارە . ئۇنىڭ مۇشۇ ھالىدا ئۆزىنى مازاق قىلغۇچىدىن رەنجىگۈچىلىكى بارمۇ ؟ ئۇ ئەتۇر قاراپ تۇرۇپ ، چاپىنىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ :

— ئوھ ، توۋا ! — دېدى ئازاب بىلەن ، — ئەلا ئاكا ، ئېيتىڭ ، كەلگۈسىدە يەنە ياخشى ئىشلار بولارمۇ ؟

بۇ قېتىم ئەلا قىزنىڭ بىلىكىنى ئاستا تۇتتى . ئۇ قىزنىڭ ئازابلىنىۋاتقىنىنى چۈشەنگەن ، قىزغا تەسەللى زۆرۈر :

— سىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزنى باللىرىڭىز ئىشقا ئاشۇرىدۇ ئەلانۇر . بىر ئۇلۇغ ئارزۇ - ئارماننى ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە تاپشۇرۇشمۇ يېرىم بەخت . ساۋۇتوف ، ئۆمەر ئەپەندىلەر ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ماڭا تاپشۇردى ، بەلكى مەنمۇ باشقىلارغا تاپشۇرارمەن . خۇددى شۇنداقلا ، ئەلانۇرنىڭ ئورنىدا بەلكى باشقا بىر قىزىمىز دۇنيا سەھنىسىدە چولپان بولۇپ پارلاپ قالار ، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خۇشال بولساق بولىدۇ . ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزمۇ ئۆلۈپ ، بىزنىڭ ئورنىمىز ئوت كەتكەن جاڭگالغا ئوخشاپ قالسا ، قانداق قىلارىدۇق ؟

— مەن ئەمدى بىر ئەر كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا چىن قەلبىمدىن رازى . ئۇچاق بېشى ئەمدى مەن ئۈچۈن دۇنيا

سەھنىسى .

قىز شۇنداق دېدى ـ دە ، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى . ئەلا قىزنىڭ قويۇق چاچلىرىنى سىلىدى . قىز بېشىنى ئەلانىڭ مۇرىسىگە قويدى ، قىزنىڭ چاچلىرى ئەلانىڭ يۈزىنى غىدىقلىدى . ئەلا مېھرىبانلىق ، ھېسداشلىق ۋە تەسەللى ئۈچۈن ، قىزنىڭ يىرىك چاچلىرىنى پۇرىدى ، قۇلىقىنى ئاستا سۆيدى . ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ھاياجان ۋە ئەرلىك ھېسسىي ھەۋىسى بىلەن جانلاندى . ئۇ قىزنى ئۆز باغرىغا چىڭراق باستى . قىزنىڭ ھودۇققان ، ھاياجانلانغان ئىسسىق تىنىقى ئۇنىڭ يۈزىگە تەگدى . ئۆمرىدە ئۆزىنى يىگىت قۇچىقىدا كۆرۈپ باقمىغان قىز ، تۇنجى قېتىم ئەر كىشى ھارارىتىنىڭ تەپتى بىلەن ئېرىپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى . ئۇ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئەلانىڭ خىيالچان كۆزلىرىگە توغرا تىكىلدى . قىز كۆزى ئارام ـ راھەت ۋە بەخت ئىزدەيتتى ، لېكىن يىگىت ئۆزىنى تۇتۇۋالغان . ئۇ قىزنىڭ تەلەپچان لەۋلىرىدە كەلگۈسىدىكى ئۈمىدسىزلىك ۋە روھىي ئازابنىڭ ئۇرۇقلىرىدىن ئىزنا قالدۇرۇشنى خالىمىدى . ئۇ ئەلانۇرنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويدى ـ دە ، قىزنى يېنىك قولتۇقلىۋالدى .

ئۇلار نومۇس ۋە خىجالەتتىن يەرگە قارىدى . يەردە قويۇق كۆكاتلار ئارىسىدا چوغدەك ئېچىلىپ ئەتىرگۈل تۇراتتى . ئەلا ئەتىرگۈلدىن كەچ كۈزنىڭ قىراۋسى بىلەن ئاقۇچ رەڭگە كىرگەن بىر تال غۇنچىنى ئۈزۈۋالدى ـ دە ، ئەلانۇرنىڭ تۈگمىسىگە ئېسىپ قويدى . تولۇن ئاي بۇ چاغدا غەربكە ئېگىشكەن.. ئۇ يان تەرەپتىن ئۇلارنى ، گۈلنى يورۇتۇپ تۇراتتى . قىراۋ بىلەن ئاقىرىپ تۇرىدىغان ئەتىرگۈل ئاچچىق شاماللىق ، خازان بىلەن سەتلەشكەن ، يالىڭاچلىنىپ قالغان ، قىش كىرىش ئالدىدىكى سۇرلۇك شەھەرگە باھار پۇرىقىنى چېچىپ تۇراتتى .

ئۇلار قولتۇقلىشىپ چوڭ كوچىغا چىققاندا ، دوقمۇشتىكى

كانايدىن تۇيۇقسىزلا بىر يېقىملىق ناخشا ئاڭلاندى . ئەلانۇر بۇنداق ئاخشىمى (پېشانىسىگە تۇنجى قېتىم يىگىت لېۋى تەگكەن ئاخشىمى ) ھېسسىياتلىق ناخشا ـ مۇزىكا ، چىرايلىق سۆھبەتكە تەشنا ئىدى . ناخشا دەرھال ئۇنىڭ قەلب ئىشىكىنى چەكتى .

— توختاڭا ، بۇ كىمدۇ ، قانداق ياخشى ئېيتقان ـ ھە ، ئىھ !

قىزنىڭ قەدىمى ئىختىيارسىز توختىدى . ئۇنى قولتۇقلىۋالغان ئەلا شۇ چاغدىلا رادىئو كانىيىدىن ناخشا ئاڭلىنىۋاتقىنىنى سەزدى ـ دە ، ئۆزىگە تونۇش ئاھاڭ ، ئۆزىگە ياد بولۇپ كەتكەن بېيىتتىن ھەيران بولۇپ ئەلانۇرغا قارىدى :

— پاھ ، پاھ ، مۇنۇ كارامەتنى ـ ھە .

— سىرىق دېمەي كانايدىن بېرىۋېرىپتىغۇ ، چەت ئەلنىكىمۇ ـ يا ؟

— ياق بىزنىڭ ، ئۆزىمىزنىڭ .

ئەلا بۇ سۆزنى ھاياجان ، خۇشاللىق بىلەن ئېيتتى ، لېكىن ئەلانۇر ئۇنىڭ نېمىگە ھاياجانلانغانلىقىنى بىلەلمىدى .

— بەسلىشىمەن ، چەت ئەلنىڭ ! — دېدى ئەلانۇر ئوڭ قولىنى سوزۇپ ، — بىرى تەلۋىلىك قىلىپ چەت ئەل رادىئوسىنى سىمغا ئۇلاپ قويغان . غۇلجىنىڭ بەڭۋاش ياشلىرى نېمىنى قىلمايدۇ دەيسىز ؟ پاھ ، پاھ ، توختاڭا ، نېمانچە ئاۋازى يېقىملىق قىز بالا بۇ !

ئەلامۇ ھاياجانلاندى . بۇ چاغدا ئۇلار يەنە بىر تېرەككە يۆلىنىپ ئېرىق ياقىسىدا دەرەخ سايىسىدا تۇراتتى ، لېكىن يىگىتنىڭ قىزنى قولتۇقلىۋالغان قولى بوشاپ چۈشۈپ كەتكەن . بۇ ھالەتنى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى سەزمىگەنىدى . ئۇلار ئىختىيارسىز سارغايغان چۆپلەر ئۈستىگە ئولتۇرۇشتى . ناخشا ئۇلارنى پەرۋانىنى ئۆزىگە تارتقان چىراغتەك ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان . ئۇلار ئۈن ـ تىنسىز ، بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئاڭلىماقتا ئىدى .

ئادەملەرنىڭ قەلبىدە تولا ئېيتىلىدىغان غۇلجا «كوچا ناخشا»

لىرى، بۈگۈن ئاخشام غۇلجا ئاسمىنىدا يېڭىدىن ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىلىرىدەك پەرۋاز قىلدى. ئۆيىدە خىيال ياكى جېدەل بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەملەر، ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىشىپ، رادىئو كانىيىغا يېقىن دوقمۇشلارغا توپلىنىشقان. ئۇلار خۇشاللىق ۋە ھاياجانلىرىنى ئاۋازسىز ھالدا كۆز، قول ۋە باش ئىشارىلىرى بىلەن بىلدۈرۈشۈپ، خۇددى مەشرەپ تەرتىپىنى ساقلىغان ئوتتۇز ئوغۇلدەك جىم-جىت، تەرتىپ بىلەن ناخشا ئاڭلاشتى.

ناخشا، دىلغا ئارام ۋە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. ناخشا، كىشى قەلبىدىكى غەم - قايغۇ بۇلۇتلىرىنى شامالدەك ھەيدەپ كۆڭۈلگە يېنىكلىك بېرىدۇ. ناخشا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزىدە ئۇنتۇلغان يۈرەك ئاغرىقىنى كىشىنىڭ ئېسىگە سالىدۇ، ساقايغان كۆڭۈل يارىسىنى قوزغىتىدۇ...

ناخشا تۈگىگەندىن كېيىن ئەلا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، ئەلەم بىلەن ئايغا قارىدى. ئاي يورۇق دەرەخلەر ئارىسىغا قىيسايغان، لېكىن ئەلانۇرنىڭ قەلبى خۇددى پاراغەت تاپقان ئاشىق قەلبىدەك ئۆركەشلىدى. ئۇنىڭ مۇھەببەت تەشنالىقىدا ئازابلانغان يۈرىكى قانائەت تاپتى. ئۇ ھاياتلىقتىكى خۇشاللىقنىڭ يەنە بىر قېتىم تەمىنى تېتىدى. ئۇ ئەلانىڭ بىلەكلىرىگە دولقۇنلۇق يۈرىكىنى چىڭ چاپلاپ، ئۇنى مەھكەم قولتۇقلىۋالدى.

— كېچىچە ماڭايلى، مەن نەگىمۇ بارىمەن؟ زۇلخۇمار ئاللىقاچان بالىلىرى بىلەن ئۇخلاپ بولدى. ئۆيگە قايتسام، يەڭگەم خاپا بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، سىز بىلەن سەيلە قىلىپ تۈننى ئۆتكۈزۈش. ئىلى دەريا بويىغا چىقىپ، قاشتا ئولتۇرىمىزمۇيا؟

— سىزنى قانغۇچە سەيلە قىلدۇراي، لېكىن مەن ئەتە سەھەر يېزىغا چىقىپ كېتىمەن. نېمىلا بولمىسۇن، ئارۇپىنىڭ ئۆيىدە قونمىسام بولمايدۇ.

قىزنىڭ ئەلانى قولتۇقلىۋالغان قولى بوشىدى . ئۇ كۆكرىكە-
نى ئەلانىڭ بىلىكىدىن نېرى قىلدى .

— ناۋادا ، سىز خاپا بولسىڭىز ، بولىدۇ ، كېچىچە بىللە سەيلە
قىلايلى ، — دېدى ئەلا قىزنىڭ بۈگۈن كېچە پەيدا بولغان خۇشاللى-
قىنى ئاسراش ئۈچۈن ، — ئانچە مۇھىم ئىشىممۇ يوق ،
بىر كۈن - يېرىم كۈن كېچىكسەممۇ ، ھېچ نەرسە بولمايدۇ .

قىز قايتىدىن ئەركىلەپ يىگىتكە سۆركەلدى .

قىبلىدىن ئاچچىق شامال چىقماقتا . تېرەكلەردىن ئاخىرقى
يوپۇرماقلار تۆكۈلمەكتە… مانا ئايمۇ نەگىدۇر مۆكۈندى ، كوچىلار-
دىكى چىراغلارمۇ ئۆچتى . نەلەردىندۇر بىرى سوزۇپ ۋارقىراپ
ناخشا ئېيتماقتا . بۇ بەلكى كېچىلەپ يولغا چىققان كۆمۈرچى ياكى
تونۇرىغا ئوت ياققىلى تۇرغان ناۋاي ، ياكى بولمىسا ، ئىچى كۆچلۈك
كۆزەتچى… دېمەك ، مۇھەببەت — كۆڭۈل شادلىقىدىن
باشقا ، ھەر خىل ئىشلار بىلەن كېچىسى مىدىرلىشىپ يۈرۈش-
كەنلەر بار ئىكەن - دە !

— مەن چوڭ بولدۇم ، تېخى قېرىمىدىم دەپ ئويلايمەن ،
لېكىن ئۇرغۇن ئىشلارنى تېخى چۈشەنمەيدىكەنمەن . ئاددىيسى ،
يېنىمدا يۈرگەن دوستلىرىمنىمۇ تازا دېگەندەك چۈشەنمەيدىكەنمەن .
مانا سىز مېنىڭ يېنىمدا كېتىۋاتىسىز ، مەن شۇ تاپتا سىز بىلەن
بىللە سوغۇق يەپ كوچا ئايلانغىنىم ئۈچۈن ، ئۆزۈمنى تولىمۇ
بەختلىك ، خۇشال سېزىۋاتىمەن . قېلىنكەن دېسىڭىزمۇ دەۋېرەي ،
شۇ تاپتا سىزدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىغۇم كەلمەيدۇ . سىز
تونۇقسىزلا مېنىڭ تىپتىنچ تۇرغان مېڭەمنى خىيال ، سوئال -
سوراق ، پىكىرلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتىڭىز . سىز مېنى ھەم خۇ-
شال قىلدىڭىز ، ھەم گاڭگىرىتىپ قويدىڭىز . گەپىڭىز ئوچۇقىنى
قىلسام ، سىز مېنى ئەمدى خاتىرجەم قويمايدىغان بولدىڭىز . لې-
كىن ، مەن سىزنى خاتا چۈشەنگەن ، ھەتتا چۈشەنمىگەن بولۇشۇم

مۇمكىنغۇ ؟...

ئەلا ئەمدى قىزنىڭ چىرايىنى كۆرمەيتتى . ئۇ ئۆز خىيالىدا بايا ناخشا ئېيتقان گۈزەلئاي بىلەن سۆزلەشمەكتە ئىدى . گويا گۈزەلئاي قارا بۇلۇت ئارىسىغا مۆكۈنگەن ئايغا ئوخشاش ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ، ئەلانۇرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى . ئۇ ئەلانۇرنىڭ ئاخىرقى سوئالىنى چالا - بۇلۇلا چۈشەندى - دە :

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز ؟ سىز بىلەن بىز كونا دوست ، — دېدى .

— ياق ، كونا دوست ئەمەسكەنمىز . مەن بۇ ھەقىقەتنى بۈگۈنلا سەزدىم ، — دېدى قىز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، — دوستلۇق قىممەتلىك نەرسە ، لېكىن ئادەم دوستلۇق بىلەنلا بەختلىك بولالمايدىكەن . ناۋادا ، سىز بىلەن كونا دوستلاردىن بولغان بولساق ، سىز ماڭا بۈگۈن بۇنچىلا سىرلىق بىلىنمىگەن بولاتتىڭىز .

ئۇلار قاراڭغۇ كوچىدا جىمجىت ، خۇددى بىر ئادەمدەك يېقىن ياندىشىپ خېلىغىچە ماڭدى . ئاچچىق شامال ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ، يۈزلىرىگە زەھەر سانجىپ ئۆتەتتى . ئاسماندا بىرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمىدى . كوچىلار شۇنچىلىك قاراڭغۇلاشتىكى ، ئۆيلەر بىلەن قورۇق تاملارنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى .

ئەلا قىزنىڭ تىنىقىنىڭ ئۆز قۇلىقىغا ئۇرۇلغانلىقىنى سەزدى . ئۇ ئوتتۇز گرادۇس بورۇلسىلا ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ، لەۋلىرى ئۇچرىشاتتى . تۈن ئۇلارنى ھەممە ھايا - نومۇس ، ئېھتىياتلاردىن ئازاد قىلغان . ئەتراپتا ئاچچىق شامالنىڭ ھۇۋۇلىشىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى . قىز كۆڭلى ئەلادىن نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتقىنى ئېنىق . ئەلا قىزنىڭ تەلەپ قىلغىنىنى ئەتەي يوشۇرماقتا ، خۇددى كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك قىزنى ئالدىماقتا ئىدى . ئۇ گەپدانلىق بىلەن قىزنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولدى :

— راست دەيسىز ، دۇنيا سىرلىق ، ئادەملەر چۈشەنگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مۇرەككەپ . دۇنيادا دانالار تولىمۇ ئاز جۇمۇك . ئىنسانلارنىڭ توقسان توققۇز پۈتۈن يۈزدە توقسان توققۇز پىرسەنتى مايمۇنغا ئوخشاش دورامچى ، ئۆزىچە يېڭى يول تېپىپ ماڭىدىغانلار ئىنتايىن ئاز . ئادەملەر بىر - بىرىنى دوراپ ، هازىرقىلار ئۆتكەنكىلەرنى ، كىچىكلەر چوڭلارنى ، پۇقرالار باشلىق ، مۆتىۋەر ، يۈز - مەرتىۋىلىكلەرنى دوراپ ياشاۋېرىدۇ . ئۆز ئەقلى بىلەن ھەممىنى ھەل قىلىدىغانلار تولىمۇ ئاز . بەزىلەر ھايات توغرىسىدا دانالىق بىلەن سۆزلەيدۇ . ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى سىزگە بىر يېپيېڭى كىتابتەك بىلىنىدۇ ، لېكىن ئۇلارمۇ ھاياتنى ئۆزلىرى سۆزلىگەنچىلىك چۈشەنمەيدۇ . بەزىلەر قېرىپ مۈكچەيگۈچە بۇ دۇنيادا ياشايدۇيۇ ، ھاياتتىكى ئەڭ ئاددىي قانۇنلارنىمۇ چۈشەنمەيدۇ . بەزىلەر پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ يېڭىلىق ئىزدەيدۇ . ئۇلار ئازراق يېڭىلىقمۇ يارىتىدۇ ، لېكىن ئەقىل بىلەن باھا بەرگەندە ، ئۇنىڭ يېڭىلىق دەپ تاپقان نەرسىسىمۇ باشقىلارنىڭ ، ھېچبولمىسا قېلىپى باشقىلارنىڭ بولۇپ چىقىدۇ . بۇ دۇنيا سىرلىق بولماي نېمە ؟

ئەلانىڭ ئەزمىلىك بىلەن ھايات ئۈستىدە ئېلىپ بارغان بۇ مۇلاھىزىسى قىزنىڭ ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان قەلبىگە سېلىنغان بىر پارچە مۇز بولدى . قىزنىڭ يۈزى ئۇنىڭ يۈزىدىن يىراقلاشتى .

— ئاھ ! — دېدى قىز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، — بىز راستتىنلا ئاجىزكەنمىز . بىزنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشىدىغان نەرسەمىز تولىمۇ ئازكەن . كىشىلەردىن قورۇنۇش ، نومۇس قىلىش ، ئىپپەت - نومۇسىمىزنى ھىمايە قىلىش بىلەن راسا گۈلدەك چاغلىرىمىز ئۆتۈپ كېتىدىكەن . بىز ئەقىل تاپقاندىن كېيىن چىراي - ھۆسنىمىز ئىسكىلاتنىڭ تېگىگە بېسىلىپ قالغان مالغا ئوخشاپ قالىدىكەن . دۇنيادا كۆرىدىغان راھەت - پاراغىتىمىز ، تارتىدىغان

جاپا - مۇشەققىتىمىزنىڭ ئۇندىن بىرسىگە توغرا كەلمەيدىكەن.

ئەلانىڭ قىزغا ئىچى ئاغرىدى. ئۇ ھەقىقەتنى ئېيتماقتا، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ماختاشقا ئورۇن يوق.

— ئېمىشقا كۆڭلىڭىزنى بۇزىسىز، قاراڭە، كۆزلىرىڭىز نەم، — ئەلا قىزنى تۇيۇقسىزلا ئۆزىگە تارتتى. ئالىقانلىرى بىلەن قىزنىڭ يۈزىنى سىلىدى، ئاندىن كېيىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، ھېسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش ۋە تەسەللى يۈزىسىدىن قىزنىڭ پېشانىسىگە، كۆزىگە سۆيدى. قىز بىردىنلا ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك يىگىتكە چىڭ ئېسىلدى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى، ئاندىن كېيىن لەۋلىرى ئۇچراشتى...

— توۋا، — دېدى قىز ھارغىنلىق بىلەن ئەلاغا يۆلىنىپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، — كۈتۈلمىگەن ئىش.

— ئىنسان يوشۇرغان بىلەن تەقدىر يوشۇرمايدۇ. شۇنداق بىر شېئىر بار، ئاڭلاپ قويۇڭ:

سۇبھىدەك ھەر دەمدە گەردۇن قويماغاي ئاسارىنى،
ناگە ئەھلى سىدىقى كۆڭلى مېھرىن ئەپشان ئەيلەسە.

— چۈشىنەلمىدىم.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ قوپال تەرجىمەمنى ئاڭلاڭ.

سۇبھىدەك ھەر دەمدە تەقدىر قويمايدۇ ھېچ سىرىنى،
چىن ئاشىقلار ئىزھار قىلماق بولسا گەر ئىچ سىرىنى.

— ھا... ھا... ھا... — قىز قاقاقلاپ كۈلدى، — مۇھەببەتنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ، سەن يوشۇرساڭ تەقدىر ئۇنى سۇبھىدەك ئاشكارا قىلىپ قويىدۇ دېمەكچىمۇ؟

— ئاپىرىن ، — دېدى ئەلا شەرقنى كۆرسىتىپ ، — ئەنە سۇبھى ، بىزمۇ ئاشكارىلىنىپ قالمايلى يەنە .

— يەنە يوشۇرغۇچلىكى بارمۇ تېخى ؟

قىز ھەيران بولۇپ يىگىتتىن ئەستايىدىل سورىدى .

— تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى ، تېز بارايلى ، دوستۇم ئارۇپ تولا ساقلاپ ئۇخلىيالمىدى ، ھەقچان .

راست دېگەندەك ، ئارۇپ تېخىچە ئۇخلىمىغانىكەن . دەرۋازا ھالقىسى قېقىلىشى بىلەن ئۇ چاپان يېپىنچاقلاپ دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولدى .

— ئوھو ، ھوي ، — دېدى ئۇ شوخلۇق بىلەن ، — قەدىمىڭلارغا مۇبارەك ، مانا تۇنجى قار !

1975 - يىلى كەچ كۈزدە ، غۇلجا شەھىرىگە راستىنلا تاڭغا يېقىن تۇنجى قار ياغقانىدى .

ئەلانۇر ئارۇپنىڭ سارىيىدىكى سىم كارىۋاتتا چۈشكە يېقىن ئارانلا ئويغىنالىدى . ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قانغان . ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ يېنىك ، تولىمۇ خۇشال سەزدى . ئۇ ئويغىنىپلا بىرىنچى بولۇپ ئەلانى ئويلىدى ، ئۇنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى . ئۆي غۇۋا يورۇق ، تولىمۇ ئىللىق ئىدى . دېرىزىلەرگە تور ۋە يىپەك پەردىلەر تارتىلغاچقا ، ئۇ يەر ، بۇ يەردىن چۈشكەن يورۇقلار ئەتراپقا كەڭ شاخ يايغان گۈلنىڭ توم ، يېشىل يوپۇرماقلىرىنى ئوچاقتىن چاچراپ چىققان چوغلاردەك ئالا - بۇلا يورۇتۇپ تۇراتتى . قىز ماموق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ، ئۇزۇن پۇتلىرىنى سوزۇپ ھوزۇرلىنىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ پىكرى يەنە ئەلاغا يۆتكەلدى . ئۇ «توۋا !» دەپ پىچىرلاپ قوپۇپ كارىۋاتتىن چۈشتى - دە ، شىم ، پوپايكىلىرىنى ئالدىراپ كىيدى . ئۇ ئۆيدىن ھېچكىمنى تاپالمىدى . ئارۇپ ئەر - ئايال ، باللىرى مەكتەپكە كېتىشكەن . ئاخشام ئارۇپ بىلەن بىللە يان ئۆيدە ياتقان ئەلاچۇ ؟ ئۇ كەتكەن بولسا ، بىرەر ئىلىك

خەتمۇ قالدۇرماي كەتكەنمىدۇ ـ ھە؟ قىز ئەلانىڭ چىپەرقۇت چاپىنىنى ئىزدىدى، ئۇمۇ يوق بولۇپ چىقتى. دېمەك، ئەلا كەتكەن. ئەلانورغا خوشمۇ دېمەي، ئىككىلىك قەغەزمۇ قالدۇرماي كەتكەن. ئۇنىڭ ئاخشامقى قىلىقلىرى ساختىلىقمۇ؟ بىردەملىك كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن، ئەلانۇرنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆمۈر بويى ئۆچمەيدىغان بىر ئوتنى تۇتاشتۇرغانمىدۇ ـ ھە؟ قىز شۇنداق ئويلىدى ـ دە، بىردىنلا ئەلادىن نەپرەتلەندى، لېكىن بۇ نەپرەت تومۇزدا تويۇقسىز پەيدا بولغان كىچىككىنە قۇيۇندەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. قىز بىردىنلا ئەلانى ئەيىبلىگىنى ئۈچۈن ئۆزىدىن نەپرەتلەندى. «ياق، — دېدى ئۇ ئۆزىچە، — مەن ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرگەن بولسام، ئۇمۇ مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆردى، ئۇ مېنى ئالدىمايدۇ. ئۇنىڭ مېنى ئالداپ ئەخمەق قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ھەممىلا ئىشتا سەمىمىي ـ سادىق، مۇھەببەتتە تېخىمۇ شۇنداق». ئۇ يۇيۇنۇپ ـ تارىنىپ سىرتقا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۆيگە قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە ئارۇپىنىڭ ئايالى بىلەن زۇلخۇمار كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار تۈنجى قارنىڭ سوغۇقىدا خۇددى ئاپورت ئالمىدەك قىزىرىشقان، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئاپئاق ھور چىقىپ تۇراتتى.

— قارلىق تاشلاپ تۇتۇلۇپ قالدىم، — دېدى زۇلخۇمار دولقۇنلۇق چاچلىرىدىكى قارنى سىلكىپ تۇرۇپ، — قانداق ئەھۋالىڭ، ئەلانۇر قوزىچاق. ھوي، سېنى قاچانغىچە ئەركىلىتىمىز، سەنمۇ ئەمدى بالا ئەركىلەتسەڭ بولاتتى.

— ئاز قالدى، — دېدى ئارۇپىنىڭ ئايالى زۇلخۇمارغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، — خۇدايىم بۇيرۇسا، كېلەر يىلى بۇ چاغدا بۆشۈك تويى ئوينايمىز.

— ساراڭ خوتۇن! — دېدى ئەلانۇر ئەركىلەپ، ئۇنىڭ مۇردىسىگە بوشلا ئۇرۇپ، — ئەلا ئاكام غەلىتە ئادەمكىنا؟ خوشمۇ

دېمەي كېتىپ قاپتۇ .

— ئۆزىڭىز يولغا سالغانسىز ، كۆرۈك تېخى خۇپسەنلىكىنى ، ئۆزى يولغا سېلىپ قويۇپ ، بىلمەس كىشى بولۇۋالغىنىنى .

— مەن نەدىن بىلەي ، ۋىيى ، تېخى…

— ئىككىڭلارنى ئۆيدە ئۇخلىتىپ قويۇپ ئىشقا كەتكەن بىز ، — دېدى ئارۇپنىڭ ئايالى يەنە زۇلخۇمارغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ ، — كېچىچە تۈگىمىگەن پاراڭلار بارمىكىن دەپ ئۆينى ئۆزىڭچە تاشلاپ بەردۇققۇ ، خېنىم .

ئەلانۇر ھوپپىدە قىزىرىپ ، ئىچكەركى ئۆيگە قاراپ ماڭدى . بۇ چاغدا ئارۇپنىڭ ئايالى زۇلخۇمارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاشقا ئۈلگۈردى :

— كېچىچە كوچىدا تۈنىگەن گەپ .

ئەلانۇرغا ئەمدى ھەممىلا نېمە يېڭى ، يېقىملىق بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ ئارۇپنىڭ ئۆيىدىن چۈشلۈك تاماقنى يەپ قايتتى . ئاياللار تاماق ئېتىشىۋېتىپ باشتىن - ئاخىر ئەلا توغرۇلۇقلا سۆزلەشتى . ئۇلار ئەتەيلەپ ئەلانى شۇنچىلىك ماختاشتى . ئۇلارنىڭ ماختاشلىرى ئەلانۇرغا خۇددى توپ مەيدانىدا چېلىنغان چاۋاكتەك يېقىملىق ئاڭلاندى . ئۇ ئاياللارنىڭ ئەلا توغرىسىدىكى مەدھىيىلىرىدىن ، ئەلانىڭ دوستلىرى بۇ بىر جۈپ يۈلتۇزغا ھېسداشلىق قىلىدىكەن ، ئىككى ئەلا ، ئىككى نۇرنىڭ ئىككى دۇنيالىق قوشۇلۇشىنى چىن قەلبىدىن خالايدىكەن ، دېگەن مەنىنى چۈشەندى . ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىغۇسى ، قار بىلەن بۆكلەشكەن ئالمىلىق باغقا كىرىپ ناخشا ئېيتقۇسى ، يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقاندا تۇنجى مۇھەببەت شارابىغا ئېغىز تېگىپ مەست بولغان ، يۈرىكىنى سوغۇق ، سوزۇك ، يېقىملىق ھاۋادا سەگىتىش ئۈچۈن ، ئىلى دەرياسى بويلىرىدا يۈگۈرگۈسى كەلدى .

لېكىن ، ھايات ھېسسىياتنىڭ تورمۇزى . مۇنۇ بازاردا مىغىل-

دىشىپ يۈرۈشكەن ئادەملەر ، ئۇنىڭ بىر يىگىتكە ئاشىق ئىكەنلى-
كىنى بىلىپ قالماسلىقى ، ئۇ يىگىتنىڭ ھېلىلا مۇشۇ كوچىلاردىن
ئىككى ئات قوشۇلغان تارانچى ھارۋىسىغا چۈشۈپ ، كۆرەك جۈۋ-
لىق بىر يىگىت بىلەن كۈلۈشۈپ - چاقچاقلىشىپ ، غۇلجا شەھىرى-
نىڭ شەرقىي تەرىپى — جىرغىلاڭ تەرەپكە ماڭغانلىقىنى ئەلانۇرغا
ئېيتىپ قويماسلىقى كېرەك . ئۇ چاغدا ، قىز ئۆز ئىسمىنى ھەر
سېكۇنتتا بىر يادلاۋاتقان ئۇ يىگىت قىزنى تامامەن ئۇنتۇغان ،
پۈتۈن ئەست - خىيالى بىلەن كىتابلىرىغا بېرىلگەن بىر بىپەرۋا
ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ . ئۇ چاغدا ، بىچارە قىزنىڭ روھى
چۈشىدۇ ، بىز ئۇنى ئازابلاشنى ، ئۇنى ھاياتنىڭ «مۇھەببەت» ئە-
سىملىك ، ئىسمى چىرايلىق ، لېكىن رەھىمسىز ؛ قىممەتلىك ،
لېكىن جاپالىق ؛ بەخت بىلەن ھەم يېقىن ، ھەم دۈشمەن بولغان
نازارەتچىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى خالىمايمىز .

قىز كۈنلەرنى سېغىنىش ، يادلاش ، ئەسلەش ، ئۇيقۇسىزلىق
خىيالچانلىق بىلەن تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزدى .

ئۇ مۇز مەيدانىدا كانكى ئويناپ يۈرگەن باللار ئارىسىدا
كىيىنىشلىرىمۇ ، چىرايلىرىمۇ ھەددىدىن تاشقىرى چىرايلىق بىر
جۈپ باللىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ باللارنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى ،
ئاخىر باللارنى قولىدىن تۇتۇۋالدى ، باللار تۆگە يۇڭىدىن توقۇل-
غان پوپايكا ، ئىشتان ، باسماق كىيىشكەنىدى . ئەلانۇر كىچە-
كىدىن :

— سىلەر كىمنىڭ باللىرى ؟ — دەپ سورىدى .

— ئەلا دادامنىڭ !

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئەلانۇر ئۇگدىسىغا ئۇچۇپ كەتكىلى تاسلا
قالدى .

— سىز قىزمۇ ، ئوغۇل ؟

— مەن قىز ، ئاكام ئەلى ئوغۇل .

— ئىسمىڭىز نېمە؟
— دىلئارا.
ئەلانۇر ئىختىيارسىز دىلئارا بىلەن ئەلىنى قۇچاقلىدى. ئۇ-
لارنىڭ مۇزدەك يۇزلىرىنى يۇزىگە ياقتى.
— دىلئارا، سىزنى لەنجۇدىن كىم ئەكەلگەن، بىلەمسىز؟
— بىلمەن، ئەلانۇر ھەدەم ئەكەلگەن.
— ئەقىللىق جېنىم، شۇ ھەدىڭىز مەن بولىمەن. شۇنچىلا
چوڭ بولۇپ كەتكۇچە، ھەدىڭىز سىزنى كۆرمەپتۇ. بىزنى بىكۆيۈم
قىلغانمۇ، ئادەمگەرچىلىكنى ئۇنتۇشقا مەجبۇر قىلغانمۇ، مۇشۇ
ئىنقىلاب.
— قايسى ئىنقىلاب ـ ھە؟
— سورىماڭ، دىلئارا، سىلەر ئۇنى بىلمەيلا قويۇڭلار، خۇدا-
يىم سىلەرگە ئۇنى كۆرسەتمىسۇن.
ئەلانۇر كەچقۇرۇنلۇقى گوزەلئاينىڭ ئۆيىگە باللار بىلەن بىل-
لە كەلدى. ئۇ گۇزەلئاي بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولۇپ
قىزغىنلىق بىلەن غۇلاچ يېيىپ ماڭدى، لېكىن گۇزەلئاي ئۇنى
سوغۇقلا كۇتۇۋالدى.
— نېمە مىجەزىڭ يوقمۇ، قانداق ئەھۋالىڭ؟ — دېدى ئەلانۇر
ھەيران بولۇپ دالان ئۆيىدىكى كاڭنىڭ لېۋىگىلا ئولتۇ-
رۇپ، — مەش ئەجەب ياخشى ـ ھە، مۇشۇ دالاندا قىشلامسەن؟
— نەدە قىشلىشىمنى بىلمەيلا تۇرىمەن، دادام ئىككى دۆلەت
ئەلچىخانىلىرى ئارقىلىق سۆزلىشىپ، چەت ئەلگە كېتىش مەسى-
لەمنى ھەل قىلغانىكەن، يېقىندا كېتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش
چىقىرىدىغاندەك تۇرىدۇ.
بۇ كۇتۇلمىگەن خەۋەر ئاق كۆڭۈل ئەلانۇرنى باشتا ھەيران
قالدۇردى. ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:
— ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسەن؟ — دېدى ئارقىدىنلا ئۆز كۆ-

شەندىسىنىڭ كۆزىدىن يىتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى.

— تەبرىكلەيمەن ئاداش، خويمۇ ياخشىغۇ؟

— خۇشالمۇ سەن، ئەلانۇر ئاداش؟

— خۇشال بولماي، سەن بولساڭمۇ ئاتا - ئاناڭ بىلەن بىللە بولۇپ بەختلىك بولساڭ، نېمىشقا خۇشال بولمايدىكەنمەن؟

گۈزەلئاي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، مەش ئۈستىدە قايناۋاتقان ئاليۇمىن چۆگۈندىن چاي دەملەش ئۈچۈن چىرايلىق مىس چۆگۈنگە قايناق سۇ قۇيدى. ئەلانۇر گۈزەلئاينىڭ چەينەك تۇتقان قولىنىڭ دىرىلداپ تىترەۋاتقىنىنى كۆردى - دە، ئۆزىنىڭ ئەلانى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى گۈزەلئاي بىلىپ بوپتۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئۇ بىردىنلا ئىسسىپ، تەرلەشكە باشلىدى. ئۇ پاختىلىق چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، قىزىل پوپايكا بىلەن ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئۇ گۈزەلئايغا تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەندەك بىلىندى.

— رەھمەت، سېنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭگە، لېكىن بەخت ئىچىدە بەختسىزلىكمۇ بار دېگىنە، بىلىسەن، ئەلى دادىسىغا تولىمۇ ئامراق، مەن ئەكەتسەم، بالام دادىسىز — بەختسىز بولىدۇ. قالدۇرۇپ قويسام، مەن چىدىمايمەن.

ئەلانۇرنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. «بۇ ئايال تېخىچە ئېرىگە تارتىشىدىغان ئوخشايدۇ. ئېرىنىڭ باشقا بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى، ئۇ قىزنىڭ بەختىمۇ شۇ ئەرگە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ. كېتىڭ خېنىم، تېز كېتىڭ، مېنىڭ بەختىمگە كاشىلا بولماڭ، بالا بولسىمۇ سىز چەت ئەلدە بەختلىك بولالايسىز. سىزنى ياخشى يىگىتلەر، سەنئەت، ئېسىل كىيىم - كېچەك، ئۈنچە - مارجان، مەرۋايىتلار كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ...» دەپ ئويلىدى.

— كەتسەم، بالامنى ئەكېتىمەن، — دېدى گۈزەلئاي ئەلانۇرغا سوغۇقلا قاراپ قويۇپ، — قېنى، ئىسسىق چايدىن ئىچكىنە،

ھازىرلا تاماق تەييار بولىدۇ. قونۇپ قالارسەن، ئايىغىڭنى سىپىلىپ، كۆرپىگە چىقە.

لېكىن، ئەلانۇر بالىسىدىن ئايرىلسا ئەلا قانداق ئازابلىنار، ئۇ ئوغلىغا تولىمۇ ئامراق ئىدى، دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئەلا ئۈچۈن ئازابلانماقتا ئىدى.

— ئاتا - بالا دادىسىغا شۇنچە ئامراق تۇرسا، ئۇلارنى ئايرىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئاز - تولا قۇربان بەرسەڭ بۇنىڭ، نېمىسى يامان؟

— مەن ئۈنچىلىك ئالىيجاناب ئەمەسمەن، — دېدى گۈزەلئاي تاتىرىپ، تىترەۋاتقان لەۋلىرىنى ئارانلا باشقۇرۇپ، — بۇ زاماندا كىم - كىمگە يول قويىدىكەن؟ بالىسىغا چىدىمىسا، ئەلا بىز بىلەن بىللە ماڭسۇن.

— نېمە، يارىشىمەن دەمسىنا؟!

— بالامنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۇنى كەچۈرىمەن.

— ئالجىپسەن گۈزەل، ئۆزۈڭنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى ئىزدەپ، خەلقىمىزنى ئۆز ئالىمىدىن قۇرۇق قويماقچىمۇ؟ ئەلانى ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرۈشكە مەجبۇرلىماقچىمۇ؟

— ۋەتەن، خەلقنى دېسە، بالىسى بىلەن كەسپىدىن ۋاز كەچسۇن. مەن بالىنى ئەكېتىمەن. ۋەتىنى بىلەن خەلقى ئۇنى كەسپىدىن ئايرىپ تاشلايدۇ، بەرىبىر ئۇ ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ.

— نېمانداق رەھىمسىز سەن، گۈزەل! نېمىشقا بالىنى دادىسىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزۈڭ يالغۇز كېتىۋەرمەيسەن؟

گۈزەل ئاچچىق كۈچى بىلەن قورسىقىدىكى گەپنى ئاشكارا دەۋەتتى.

— ھىم، ئەمدى بىلدىم. سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئەلىگە ئانا بولۇشقا ئالدىراۋېتىپسەن - دە؟ يادىڭدىمۇ، بىر چاغدا سەن مەندىن كىمگە تارتىشىپ كەتمىدىڭ؟ دەپ سورىغانىدىڭ.

— يادىمدا، ھەتتا سىنىڭ ھازىرمۇ ئەلانى ياخشى كۆرىدىغىنىڭنى بىلىمەن.

— يالغان، يالغان ئېيتىسەن، مەن ئۇنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكەن.

— يالغان، يالغان ئېيتىسەن.

ئۇلارنىڭ تالاش-تارتىشى نەلەرگە بارىتتىكىن، ئۆيگە نېرىقى ئاشخانا ئۆيدىن ئادىلە كىرىپ كەلدى. ئۇ چىرايلىق پەرتۇق بىلەن قارا پوپايكا كىيىۋالغانىدى. ئۇ ئاجايىپ تولغان كۆكرىكى، ئويناق، شوخ كۆزلىرى بىلەن ئەلانۇردا يېقىملىق تەسىرات قالدۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلدى.

— يۇرۇڭلار، قوزىلىرىم! — دېدى ئۇ ئىككىسىنى ئىككى قولىدا باغرىغا بېسىپ، — چۆچۈرە تەييار، مانا قاراڭغۇ قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىسى باشلاندى. قورساقنى تويغۇزۇپ پاراڭغا بىر چۈشىمىز، دۇنيانىڭ غەيۋىتى بولسىمۇ تۈگىتەلەيمىز، ھا... ھا... ھا!

ئىككىسىمۇ كۈلدى، لېكىن ئۇلار زورىدىغا، ئازاب بىلەن كۈلدى.

قېلىن تاختايلار بىلەن سۇپا ياسالغان ئازادە يان ئۆي، ئۇلارنىڭ ئاشخانىسىكەن. دېرىزىلىرىدە بۈككىدە گۈللەر ئېچىلغان، يېپيېڭى قازان مەشتە كۆيۈۋاتقان كۆمۈر چوغىدا ھۇپپىدە ئىسسىغان ئۆيدىن مەززىلىك شورپا پۇرىقى پۇرايتتى: ئىككى بالا باغقا قارىغان دېرىزە يېنىدىكى كىچىك ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ غىزالانماقتا، چوڭ تېكمەتلەر ئۈستىدىكى چىرايلىق داستىخان يېيىلغان دۈگىلەك ئۈستەلگە ئاياللارغا چىنە، قوشۇق، جانان چىنىلەر تەييارلانغان. ئەلانۇر ئۆيگە، غىزاغا زوقلاندى. بۇ كۆرۈنۈشلەر، بۇ ئىككى چىرايلىق تول ئايالنىڭ ھالاۋەتتە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇلار ئىشتىھا بىلەن ئۇن-تىنسىز چۆچۈرە ئىچمەكتە،

لېكىن ئۇلار خىياللىرىدا بىر ـ بىرى بىلەن تالاشماقتا، كۆرەشمەكتە.

«بىچارىلەر! — دەپ ئويلايتتى ئادىلە بىرى ـ بىرىدىن قېپلىشمايدىغان ئىككى بەختسىزگە ئىچ ئاغرىتىپ، — نېمىشقىمۇ ئەلاغا ئوخشاشلار كۆپ ئەمەسكىنتاڭ، ھېچبولمىسا، ئىككىسى بولسىچۇ؟ شۇنداق بولسا، ئىككىڭلار بەختلىك بولغان بولماسمىدىڭلار؟ مەن ھەر ئىككىڭلارغا بەخت تىلەيمەن، لېكىن مەن سىلەرگە مەسلىھەت بېرەلمەيمەن، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ياقلاپ، بىرىڭلارنى ئەيىبلەشكىمۇ تىلىم بارمايدۇ. سىلەرنىڭ ئۆز بەختىڭلار ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ھوقۇقۇڭلار بار. گۈزەل، سەن بۇ قىزنى يامان كۆرۈشكە ھەقلىق ئەمەسسەن، چۈنكى قىز سېنىڭ ئېرىڭنى ئەمەس، ئەلانى ياخشى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ ھېلىقى ئاخشىمى ئەلا بىلەن بىر كېچە سىرتتا بىللە يۈرگىنىنى، ھېلىقى ئارۇپ پاكارنىڭ خوتۇنى شۇنچە ئايالارنىڭ ئىچىدە زوق ـ شوق بىلەن سۆزلىگەندە، سېنىڭ قانچىلىك ئازاب چەككىنىڭنى، شۇ كېچىسى بۇقۇلداپ يىغلىغىنىڭنى، لېكىن چاندۇرماي يەنە مېيىقىڭدا كۈلۈپ يۈرگىنىڭنى مەن بىلمەيمەنمۇ؟ بىز ئايالار ئەجەب ئۇششاق سۆز، ئەجەبمۇ ئىچى تار كېلىدىكەنمىز. ئارۇپ پاكارنىڭ خوتۇنى نېمىگە چىدىمىدىكىنتاڭ؟ ھە، راستىنلا، ئۇنىڭمۇ ئەلاغا توغرىلاپ يۈرگەن بىر سىڭلىسى بار ئەمەسمۇ؟ سەن — ئارۇپنىڭ ۋاتىلداق ئايالى، تىلىڭ قۇرۇغۇر زوغۇي خوتۇن، نېمىشقا باشقىلارنىڭ بەخت ـ ئازابلىرىنى ھېسابقا ئالماي، كىچىككىنە ئىشنى پۈتۈن شەھەرگە يايىسەن؟ سېنىڭ زوغۇيلۇقۇڭ بىلەن مېنىڭ گۈزىلىم قانچىلىك ئازابلاندى، قانچىلىك جۇدىدى ـ ھە؟ مانا بۇگۈن ئازابلىنىۋاتقانلار يالغۇز بىرلا گۈزەل ئەمەس، مۇنۇ بىچارە قىزمۇ گۈزەلنىڭ كۇنداشلىقىنى سېزىپتۇ. ھازىر ئۇلار بىر ئۇستەلدە بىللە تاماق يەپ ئولتۇرۇشقىنى بىلەن بىر ـ بىرىگە دۈشمەن. مەن

قانداق قىلسام بولارنىڭ قەلبىدىكى ئازارلىقنى دوستلۇققا، ئازابىنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرالايمەن؟...»

«ئەلانور، سەن ئۆزۈڭنىڭ مېنى يەڭگەنلىكىڭنى، مەندىن ئۇستۇن ئىكەنلىكىڭنى ماڭا كوزا- كوزاڭ قىلغىلى كەلگەنسەن. لېكىن، سەن خاتالاشتىڭ، ئەلا سېنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈپ باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈشىگە ئىشەنمەيمەن. بەلكى ئىچ پۇشۇقى ياكى ھېسداشلىق سەۋەبىدىن سەن بىلەن بىللە كوچا ئايلانغاندۇ. ئۇ ھېسسىياتقا، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تولىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ئادەم، بەلكى سەن نادان قىزدا پەيدا بولغان تۇنجى مۇھەببەت ئالدىدا ئۆزىنى قەرزدار، جاۋابكار ھېسابلاپ، سېنىڭ ئوتلۇق قەلبىڭنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن، ساڭا بېرىدىغان سالقىن جاۋابنى ئەتەيلەپ ۋاقتىغا — كەلگۈسىگە تاپشۇرغاندۇ، بىلىپ قوي، قېرى قىز، مەنلا مۇشۇ ئۆيۈمدە تۇرىدىكەنمەن، ئۇ ھەرگىز سەن بىلەن نىكاھلانمايدۇ. سېنىڭ بەختىڭ مېنىڭ قولۇمدا، لېكىن مەن رەھىمسىز قوپاللاردىن ئەمەسمەن. مەن سېنىڭ يۈرىكىڭدىكى نازۇك سىرلارنى بىلىشنى خالىمايمەن. مەن ساپ مۇھەببەتكە ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. ئۇ ھازىر مېنىڭ قانۇنلۇق ئېرىم ئەمەس، سېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈش ھوقۇقۇڭ بار. ئۇ ھەتتا مېنىڭ ئېرىم بولغان تەقدىردىمۇ، سېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈش ھوقۇقۇڭ بار. مۇھەببەت ساپ بولسىلا، باشقا غەرەز سىڭمىگەن بولسىلا، مەن بۇنداق مۇھەببەتنىڭ ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەيمەن، باياتىن ساڭا قوپاللىق قىلدىم. سەۋەبى، سەن بىچارە ئۆز ئۇستۇنلۇكۇڭ بىلەن ماختىناقچى، مېنى قوپاللىق بىلەن كۆزدىن نېرى قىلماقچى بولدۇڭ. مەن سەن ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ بۇرۇنقى ئايالى، سۆيگەن ھەمراھى بولغىنىم ئۈچۈنلا، سەن مېنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن سانىۋالدىڭ. مۇھەببەتتىكى رىقابەتكە توپ مەيدانىدىكىدەك مۇئامىلە قىلدىڭ، لېكىن سەن خاتالىق ئۇستىگە خاتالىق ئۆتكۈزدۈڭ. بىرىنچىدىن، سەن مېنى تېخى يەڭگەن

ئەمەسسەن ، ئىككىنچىدىن ، بىر ئەر كىشىگە ئاشىق بولغان ئىككى ئايال بىر ـ بىرىنىڭ ھەم دۈشمىنى ، ھەم دوستى ئىكەنلىكىنى سەن بىلمەيدىكەنسەن . سەن مېنى ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا قوپاللىق قىلدىڭ . ماڭا ھېسداشلىق ، نەسىھەت ، ئەيىبلەشلەرنىڭ قانچىلىك لازىمى بار ، سەن بىلسەڭ ، سەنمۇ مەن تارتقان ئازابلارغا شېرىك ، سەن تېخى ئۇنى ئەمدىلا باشتىن كەچۈرۈۋاتىسەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، سەن مېنى ھۆرمەتلىشىڭ ، قەدىرلىشىڭ لازىم…»

گۈزەلئاي شۇلارنى ئويلىدى ـ دە ، ئالدىدىكى قىزغا بىردىنلا ئىچ ئاغرىتىشقا باشلىدى . ئۆز قولى بىلەن ئەلانۇرنىڭ قاچىسىغا چۆچۈرە ئۇستى ـ دە ، باياتىن گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك مېيىقىدا چىرايلىق كۈلۈپ قويۇپ :

— قانداق ئادەملە ، ئەلانۇر چىرايلىقمۇ ؟ — دەپ چېقىشتى ، — بۈگۈن ئەلانۇر ، مەن بىلەن بىللە ياتارسەن ـ ھە ؟

— ياق ، — دېدى ئادەملە قاچىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ ، — ئەلانۇر دىلئارا بىلەن بىللە ياتىدۇ . دىلئارا بايىلا ماڭا يالۋۇردى ، مەن ئۇنىڭغا ماقۇل دېدىم . سەن قىزىڭ بىلەن پايدا تالاشما ـ ھە ، گۈزەل .

ئۇلار كۈلۈشتى ، جىمىلىق بۇزۇلدى ، لېكىن ئۇ بۇزۇلۇش ئۇزاققا بارمىدى . ئۇلارنىڭ سۆھبىتى قولاشمىدى ، ئەلانۇر كۆز قۇيرۇقىدا گۈزەلئايغا قاراپ قويدى ـ دە ، خىيالىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۈنسىز سۆزلىشىشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى :

«كۈنچىلىك ، قىزغىنىش بىلەن مېنى بۇ يولدىن قايتۇرالمايسەن . سەن ، گۈزەل ، ئەلانىڭ مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرگەنلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭنى دالدىغا ئېلىشىڭ ، ئاتا ـ ئانانىڭ يېنىغا كېتىشىڭ ، بۇ يەردە بولغان ئىشلارنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشىڭ لازىم . مەن ساڭا ھەممىنى چۈشەندۈرۈشۈم لازىممۇ ؟ سەن مېنىڭ نېمىشقا ئۆيۈڭگە كەلگىنىمنى ، ئەلانىڭ ئىسمى چىققاندا نېمىشقا شۇنچە ھاياجانلىنىپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالغىنىمنى

زادى چۈشەنمەيسەن . سەن مېنى قېرى قىز بولغىنى ئۈچۈن ، كىمگىلا بولمىسۇن يېپىشىۋېرىدۇ ، بۇنىڭغا مۇھەببەت ئەمەس ، ئەر كىشى كېرەك ، قالغان ئۆمرىدە ئالدىراپ - تېنەپ بالا يۈزى كۆرسىلا ، كىشىلەرنىڭ تاپا - تەنىسىدىن قۇتۇلۇۋالسىلا ، ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدىغان چاكىنا قىز دەپ پەس كۆرۈپ ، كۆزۈڭگە ئىلمايۋاتىسەن . سېنىڭ مېيىقىڭدا كۈلۈپ قويۇپ ، قاپاقلىرىڭنى سۈزۈشۇڭ ، ماڭا سېنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغىنىڭنى چۈشەندۈرۈپ بولدى ، لېكىن سەن بىر ئەر كىشىنى ئۆمۈر بويى ئۆزۈمگە باغلاپ تۇرالايمەن دەپ خاتا ئويلاپسەن . ئۇلار سېنىڭدىن كۆرمىگەن ئىللىق ھارارەتنى باشقىلاردىن كۆرگەن ھامان ، سېنىڭدىن يۈز ئۆرۈيەلەيدۇ . ئۇلار شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق . ئۇلار ساڭا ئوخشاش بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ ، ۋۇجۇدىدىكى ئىللىق مۇھەببىتىنى ئۆزىدىن ئايىغان مۇز كۆڭۈل ئايالغا بىر ئۆمۈر ئۈمىد باغلاپ يۈرىدىغان خىيالىي ئادەم ئەمەس . ئەلا ھېسداشلىققا تازا موھتاج بولغاندا ، سەن نەدە قالدىڭ ؟ ئۇ شەھەرمۇشەھەر قېچىپ يۈرگەندە ، سەن ئۇنىڭ قايغۇسىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قۇربان قىلالىدىڭ ؟ دۇرۇس ، سەن ئۇنىڭ بالىلىرىنى باقتىڭ ، ئاياللارغا خاس ھېسسىيات بىلەن ئەلى ئۈچۈن بېغىر ياقتىڭ . لېكىن ، ھايات ئانا - بالىلىق مۇناسىۋىتى بىلەنلا چەكلەنمەيدىغۇ . دوستلۇق ، مۇھەببەت ئاغىنە - بۇرادەرچىلىك دېگەن نېمىلەر ئىنسانلاردىن بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشنى ، بىرى ئۈچۈن بىرى مەلۇم نەرسىنى قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ، ئەلانىڭ جېنىنى قولىغا ئېلىپ خېيىمخەتەرگە قارىماي ئۈرۈمچىگە بېرىپ دەۋالىشىپ دوستلىرىنى ئاقلىشى ، رازىيەنىڭ ھاشىر ئۈچۈن تۈرمىدە تارتقان ئازابلىرى ، باشقىلارنىڭ بىرى ئۈچۈن يەنە بىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە ، خەتەرگە تۇتۇپ بېرىشى ، ئەنە شۇ خىل قۇربان بېرىشلەرنىڭ مىسالى . مەن مانا شۇ كۈنلەردە ئەلا ، ھاشىرلار بىلەن ھېسسىياتتا ، جاپالىق شارائىتتا ، بىر - بىرىمىزنى قوغداشتا بىللە بولغانمەن . لېكىن ،

سەنچۇ ؟ ئەلانىڭ دۇشمەنلىرى بىلەن ئاپاق - چاپاق بولدۇڭ . ئۆ-
زۈڭنىڭ جان ئارامى يولىدا ئۇلارنىڭ ياردەملىرىنى قوبۇل قىلىپ ،
ئۆيۈڭنى قايتۇرۇۋالدىڭ ، ئۆيۈڭنى سېتىپ پۇل قىلىپ ، باياشات
تۇرمۇش ، راھەت - پاراغەتكە ئۆزۈڭنى ئاتتىڭ . بۈگۈن ئەمدى
بوران - چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندە ، قايسى يۈزۈڭ بىلەن يەنە مەندىن
ئەلانى كۈنلەيسەن ؟ تېخى يەنە ئۇنىڭ ۋەتىنىدىن ، خەلقىدىن يۈز
ئۆرۈشىنى ، سەن ئۈچۈن ھەممىدىن قول ئۈزۈشىنى تەلەپ قىلى-
سەن ، تېخى ! سېنىڭ بۇ قىلغانلىرىڭ ، بىر ئەر كىشىنى ياخشى
كۆرگەنلىكىڭمۇ ؟ سەن باشقىلارنىڭ سەن ئۈچۈن قۇربان بېرىشىنىلا
ئويلاپسەن ، سەن نېمىشقا باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى ئويلاپمۇ
قويمايسەن ؟ تەبىئەت ساڭا ئوقۇشماي بېرىپ قويغان چىرايىڭ ئۈ-
چۈن ، شۇنچە ئالاھىدە بولۇۋالامسەن ؟ مەن ئەلا ئۈچۈن ، ئۇنىڭ
ساڭا ئوخشاش بىر مۇز كۆڭۈل ئايالغا قىلغان پاكىز ئەقىدىسى
ئۈچۈن ئازابلىنىمەن . ئەگەر ئۇ ساڭا قىلغان ئەقىدىسىنىڭ يۈزدىن
بىرىنى ماڭا قىلغان بولسىدى ، مەن ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا جان
بېرىشكە تەييار تۇرغان بولاتتىم… »

ئۇنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ، كۆزلىرىدىن ئىختىيار-
سىز ھالدا ياشلار تۆكۈلدى . بۇنى ئادىلە بايقىدى :

— نېمە بولدىڭىز ، خېنىم ؟ ئاچچىق لازا يەۋالدىڭىزمۇيا ؟ —
دېدى ئۇ قىزنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ .

— ياق ، — دېدى ئەلانۇر خىيالىغا كەلگەن يالغاننى دەرھال
تىلغا ئېلىپ ، — ھېلىقى ئوسماننىڭ قىلغان ئىشىنى دەيمىنا !
بىچارە زۇلخۇمارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ . سىلەرنىڭ بەختلىك تۇرمۇ-
شۇڭلارنى كۆرۈپ زۇلخۇمار يادىمغا كەلدى . قېيىناتىسى بىلەن
قېيىنانىسى بىراقلا يىقىلغان ، تۆت بالا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ ، ئۆزىنىڭ
خىزمىتى تېخىچە ئۇرۇمچىدىن غۇلجىغا ئالماشمىدى ، ۋاقىتلىق
ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئوتتۇز نەچچە سومغا ئىشلەپ يۈرىدۇ .

— ئوسمان پۇل ئەۋەتىدىكەنغۇ ؟ — دېدى ئادىلە بىردىنلا

دىققەتسىزلىك بىلەن، — ھېلىقى كۈنى سىز ئەلا بىلەن بىللە ھاشىرلارنىڭكىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن زۇلخۇمار ھاشىرلار-نىڭكىگە بارغانىكەن. بىز بىللە بولدۇق، ئوسمان پۇل ئەۋەتىدى-كەن، لېكىن خەت يازمايدىكەن، شۇڭا زۇلخۇمار ئۇنىڭ ئادرېسى-نىمۇ بىلمەيدىكەن.

گۈزەلئاي ئەلانۇرغا قارىدى. ئۇ چوغدەك قىزارغان، يالغان ئېيتمەن دەپ قاملاشتۇرالماي تۇتۇلۇپ قالغانىدى.

گۈزەلئاي ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇزۇن كىرپىكلىك، چىرايلىق كۆزلىرىنى مۆلۈلدىتىپ جىمجىت تىكى-لىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قارىشىدىن ئەلانۇر بىر خىل مېھرىبانى-لىق، ھېسداشلىق سەزدى. ئۇ تېخىمۇ قىزاردى، چۈنكى باياتىن ئۆز ئىچىدە ئېلىپ بارغان مۇلاھىزىسى ئۇنى ئىچ تەرىپىدىن كۆيى-دۈرمەكتە ئىدى.

— يورۇڭلار، ئەمدى چوڭ ئۆيگە چىقىمىز، — دېدى ئادىلە سۇپىدىن چۈشۈپ، — دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىمىز. بىرىنچىدىن غەيۋەتكە، ئىككىنچىدىن يىغلاشقا رۇخسەت يوق، قېنى ئەمىسە، ئارقامدىن مېڭىڭلار، قوزىلىرىم.

بىر دەمدىن كېيىن بۇ ئۆيدىن ناخشا بىلەن كۈلكە ياڭراشقا باشلىدى. تالادا بولسا لەپىلدەپ قار ياغماقتا. چۈشۈۋاتقان قار ھەممىنى، ئۆيلەرنى، باغلارنى، گۈللەرنى، ئىزلارنى كۆمۈپ تاش-لىماقچى. «ھېلىقى ئەتىرگۈل نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟» دەپ ئويى-لىدى ئەلانۇر، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويۇپ.

## 4

لېكىن، مۇنداق قار يېغىۋاتقان، جىمجىت كېچە ئەلا ئۈچۈن تېپىلغۇسىز. ئۇ زۇليانىڭ قورۇسىدىكى بۇ كىچىككىنە ھۇجرىسى-

دا كىرسىن لامپىسى يورۇقىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ، خىيالىي ئادەملەر بىلەن كۆڭۈللۈك مۇڭدىشىدۇ ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ، خىيال ۋە يۈرەك تېپىشلىرىنى زوقلىنىپ ئاڭلايدۇ...

ئۇ ئارۇپنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىنلا ئەلانۇرنى ئۇنتۇغان ، ئۇنىڭ خىيالىنى يېزىۋاتقان رومانىدىكى ئادەملەر ئىگىلىۋالغان ، ئۇ پۈتۈن ھېسسىيات ، پىكىر - خىيالى بىلەن رومان ۋەقەلىرى ئىچە-گە كىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ تاڭ سەھەردە غۇلجا شەھىرىدىن يامانتۇ تەرەپكە ماڭىدىغان ئاپتوبۇسقا چۈشۈۋالدى - دە ، ئىشىك تۈۋىدە ئىككى سائەت ئۆرە تۇرۇپ قاش دەرياسىنىڭ بويىغا كەلدى . ئۇ شۇ يەردە ماشىنىدىن چۈشىدىغانلارغا يول بېرىپ ، ئۆزى شورمەللى-نىپ ، ھەيۋەتلىك ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ چوڭ قورام تاش ئۈستى-دە خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇ خىيالدىن سەگىپ ماشىنىغا چىقماقچى بولدى ، لېكىن ماشىنا ئاللىقاچان كېتىپ بولغان ، بۇ يەردىن مەھەللىسىگە يەنە ئون ئالتە كىلومېتىر يول بار . ئەلا ئىككىلەنمەيلا بۇ يولنى پىيادە مېڭىشقا بەل باغلىدى . ئۇ بىر ئاشخانىدىن بىر نان سېتىۋالدى - دە ، يېنىدىكى سۇدانغا مۇزدەك سۇ قاچىلاپ ، ئېتىز ئارىلىرىدىكى چىغىر يوللار بىلەن يۈرۈپ كەتتى .

بۇ يەرلەرنىڭ مەھەللىلىرى بىر - بىرىگە يىراق بولغىنى بىلەن ، ئېتىزلىرى تۇتاش ، بىر مەھەللىدىن چىقساڭ ، تۈنجى قاردىن كېيىنكى سۈزۈك ھاۋادا يەنە بىر يېزا روشەن كۆرۈنىدۇ . يېزا ئۆيلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن تۈتۈنلەرمۇ ئۇپۇق قىرغىقىدا سۈزۈ-لىدۇ ، ئۇچۇپ يۈرگەن بۈركۈتمۇ ئاشكارا كۆرۈنىدۇ . سەن ئاشۇ كۆرۈنگەن مەھەللىگە قاراپ قىرلار بىلەن كېتىۋېرىسەن ، بۇ خىل سەپەر ساڭا تولىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ ، دالا سېنىڭ ھېسسىياتىڭ-نى قوزغايدۇ ، سەن ئىلھام ۋە ھېسسىيات بىلەن ئەتراپقا قارايسەن . سەن ھېچقاچان گۈزەل شەھەرلەردە بۇنچىلىك زوقلىنالمايسەن .

يۇپقا قار بىلەن قاپلانغان دالا ساڭا تەبىئەتنىڭ چۈشىنى ، ئاجايىپ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ...

ئەلا خاتىرە ، شېئىر ، ماقالە ، ھەتتا ھېكايىلەرنى يازغان ، لېكىن رومان ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ باقمىغان . ئۇ نۇرغۇن رومانلارنى ئوقۇغان ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل ئادەملەر نەچچە مىڭغا يېتىدۇ . ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرلىرىمۇ ، چىراي ، تىل ، كىيىملىرىمۇ ئەلانىڭ ئېسىدە ھېلىغىچە ساقلانغان ، ئەلا شۇلارنى بىرمۇبىر ئەسلەپمۇ ھاياتتىن زوق ئالالايدۇ ، لېكىن ، ئۇ رومانلاردىكى ھاياتنى ئەينەك قىلىپ ، ئۇنىڭدىن ئۆزى ياشاۋاتقان مۇنۇ ھاياتنى كۆرۈشنى ھەممىدىن قىزىق بىلىدۇ . چۈنكى ، ئۇ نۇرغۇن ئويلاپ ، نۇرغۇن سېلىشتۇرۇپ ، پەقەت ئۆزى ياشاۋاتقان مۇشۇ يەردىكى ئادەملەرلا ئۇنىڭ يېزىۋاتقان رومانىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى . ھە دېگەندە ، رومانىنىڭ تۇنجى بابلىرىنى يازغاندا بىردە قەھرىمان خاراكتېرى ، بىردە مىجەز - خۇلقى ، بىردە ۋەقەلىك ياكى جۈملىلەر ئوقۇغان كىتابلىرىدىكىگە ئوخشاپ قالاتتى . ئۇ نېمىلا قىلمىسۇن ، تەقلىد قىلىشتىن قۇتۇلالمىدى . گويا ئۇنىڭغا يازغۇدەك ھېچقانداق يېڭى نەرسە قالمىغاندەك ، دېيىشكە تېگىشلىك ھەممە گەپلەرنىمۇ باشقىلار دەپ بولغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى : «راسا تىل ۋە تۇرمۇش كاساتچىلىقى دەۋرىدە تۇغۇلغان ئوخشايمەن . نېمىشقا ھېسسىياتقا باي ، ئەمما تىل ۋە ۋەقەلىككە كەمبەغەلمەن ؟ ئەدەبىيات ھاياتنىڭ ئىنكاسى دەيمىز ، نېمىشقا ھاياتتىن ئەدەبىياتقا ماتېرىيال تاپالمايمەن ؟» رومانىنىڭ ئومۇمىي ۋەقەلىكى ، قەھرىمانلىرى ئۇنىڭغا ئايان ، لېكىن نېمىدىن باشلاش ، نېمىنى قانداق يېزىش ئۇنىڭغا خىرە . ئۇ نەچچە كۈنلەپ بىرىنچى جۈملىنى يازالمىدى ، يىگىرمە ، ئوتتۇز بەتتەك ئاق قەغەز بىرىنچى جۈملە يارىمىغانلىقى ئۈچۈن يىرتىلدى . ئۇ ۋاقىتنىڭ ئىسراپ بولۇۋاتقىنىغا رەللە بولدى . ئىلمىي ماقالىلەرنى شۇنچە تېز

يازىدىغان ئادەمنىڭ توقۇلما ئۇستىدە گاللىق قىلىۋاتقانلىقى ، ئۇ-
نىڭغا تولىمۇ ئەلەم قىلدى . ئۇ ئاخىرى ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆمەر
تەمبۇرچىنىڭ ئۆيىگە كەلدى . بوۋاي ھازىر ھاسىغا چۆشۈپ قال-
غان ، بۇ يىل قىش كىرىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ قاشلىرى
ئاقارغانىدى .

— تولا ئىشلىگەن - دە ، — دەپ قاشلىرىنى سىلاپ قويدى
ئۇ ، — ئادەمنىڭ قايسى ئەزاسى كۆپ ئىشلىگەن بولسا ، شۇ ئەزاسى
بالدۇر قېرىيدىكەن ، ھا... ھا... ھا !...

— سىنىڭ قېشىڭ نېمىگە كۆپ ئىشلىگەن ؟ — دەپ سورىدى
ئەتەيلەپ ئەلا ، — ياشلىقىڭدا شوخمىدىڭ - يا ؟

— ياشلىقىڭدا دېگىنىنى قارا ، شوخلۇقتىن قالغىلى ئىككى
يىل بولدى دېگىنە ، كاساپەت سول پۇتۇمنىڭ پالەچ بولۇپ قالغىنى-
نى دېمىسەم ، بۇ قاشلىرىمنىڭ ھازىرمۇ جىم تۇرغۇسى كەلمەيدۇ ،
لېكىن سول پۇتۇم گەپكە كىرمەيدۇ ، گۆرگە ساڭگىلىغان
ئوخشايدۇ...

ئۆمەر تەمبۇر ياشلىقىدىكى شوخلۇقلىرىنى سۆزلەشكە
باشلىدى .

ئۆمەر تەمبۇر يىگىرمە ئىككى ياشلىق يىگىت ۋاقتىدا ، تۆت
ئاغىنىسى بىلەن نودەربايىنىڭ ئون خو بۇغدىيىنى ئورۇپ بېرىشكە
پۇل ئېلىپ ، پۇلنى قۇم ئارشاڭ بارابىتىدە قىمىز ۋە بوزا بىلەن
ئاشپۇزۇلغا خەجلەپ تۈگىتىۋېتىپتۇ . بۇغداي پىشىپ ، نودەرباي
ئون خو بۇغداينى ئۆمەرگە كۆرسىتىپتۇ . بۇغداي قارا قىلتىرىق ،
تولىمۇ ئوخشىغان بۇغداي ئىكەن . بۇغداينىڭ بېشى بىر غېرىچ ،
مىسلى قومۇشتەك ، ئىككىلا ئورغاق سالسا خامان توشاتتى . بۇ
خىل ئوخشىغان بۇغداينى چاپچىپ ياكى بېدىچىلاپ ئورۇشقا دېھقان
يىگىتلەرنىڭ ھەرگىز قولى بارمايتتى ، لېكىن ئوك قاماپ ئورۇسا
بىر ئورغاق كۈنىگە بىر پۇت يەرنىمۇ ئورۇيالمايتتى . ئون خو

دىگەن قىرىق پۇت ، بىر ئادەم قىرىق كۈن ، تۆت ئادەم ئون كۈن ئورۇشى كېرەك . ئۆمەركام تەمبۇرگە ماھىر بولغىنى بىلەن ئور- غاققا بوش ، شۇڭا ھەر سولدا ئون قېتىملاپ بۇغداينىڭ باش - ئاخىرىغا قارايدىكەن ، چەكسىز سارغىيىپ ياتقان بۇغداي قار چۈش- كۈچىمۇ تۈگىمەيدىغاندەك كۆرۈنىدىكەن . مانا شۇنداق كۈنلەردە ، ئۇنىڭ شوخلۇقى ئەسقىتىپتۇ . نودەربايىنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ ئاشنىسى ، يوز بېگىنىڭ كاتىپى ، شوخ ، قاملاشقان يىگىت بىر كۈنى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ھال ئېيتىپتۇ . ئۇ ئاشنىسى بىلەن كۆرۈشمىگىلى بىر ئاي بوپتۇ ، يەنە بەش كۈنلا كۆرۈشمىسە ، ئۇ ئۆلۈپ كېتەرمىش .

— مەن كۆرۈشتۈرسەم نېمە بېرىسەن ؟ — دەپتۇ ئۆمەركام .

— دېگىنىڭنى بېرىمەن ، قېنى دە ؟

— چوڭ باغنىڭ بېدىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى قېرى ئالما ئاستىدا تاڭ ئاتاردا ئاشناڭ بىلەن بىللە بولىسەن ، لېكىن مۇنۇ ئون خو بۇغداينى ئورۇغۇزۇپ بېرىسەن .

— ئەكەل قولۇڭنى ، بولدى !

ئۇلار قول ئېلىشىپتۇ .

شۇ كېچىسى ئۆمەركام ئاغىنىسى بىلەن «پەنجىرە ماراش» ئوچۇن بايىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپتۇ ، لېكىن باي ياش ئايالىنىڭ بويىنغا مەھكەم گىرە سېلىپ ، بىرى ئوغرىلاپ كېتىمدىغاندەك باغ- رىغا چىڭ تېڭىۋالغانىكەن .

— تەس ، — دەپتۇ ئاغىنىسى ، — ئامال يوق ، بۇ قېرىنىڭ ئۆلۈكىمۇ خوتۇنىدىن ئاجرىمايدۇ .

— توختا ، — دەپتۇ ئۆمەر تەمبۇر تامدىن سىيرىلىپ بوزغا مېڭىپ ، — مەن بىر جايلاي ، بۇ قېرىنى .

ئۇ ئالدىدىن تەييارلانغان ئىچى كاۋاك قومۇشنى چۈمۈلە ئۇۋۇ- سىغا توغرىلاپ ، ئىككى پۇتى بىلەن ئۇۋۇنىڭ چۆرىسىگە گۇپۇلدى-

تىپ دەسسەشكە باشلاپتۇ. چۈمۈلىلەر چۆچۈپ ئويغىنىپ، قومۇش-
نىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۇ قومۇشنىڭ ئاغزىنى پاختا
بىلەن ئېتىپتۇ-دە، تۆپە پەنجىرگە كېلىپ، قومۇشنى پەنجىر-
دىن كىرگۈزۈپ باينىڭ يوتقىنىنىڭ ئايىغىدىن تىقىپتۇ، ئاندىن
ئۆزى تۇتۇپ تۇرغان تەرەپتىن پۈۋلەپتۇ. شۇ چاغدا، يوتقانغا چۈمۈ-
لە كىرىپ باينى بىئارام قىلىشقا باشلاپتۇ. باي ئۇياققا-بۇياققا
ئۆرۈلۈپ نالە قىپتۇ-دە، خوتۇنىنى تىللاشقا باشلاپتۇ:

— نېمە ئۇ چاققان؟ ۋۇي، لايغەزەل خوتۇن، ئۆزۈڭ يات،
بۇ چۈمۈلە ئۇۋىسىدا!

باي ئۆينىڭ سىرتىدىن زەنجىرلەپ قويۇپ، غودۇڭشىپ چى-
قىپ كېتىپتۇ. ئۆمەر تەمبۇر ئەمدى قومۇشقا: «ئالمىنىڭ تېگىگە
چىق» دېگەن بەلگىنى قىستۇرۇپ ئايالنىڭ قوينىغا ساپتۇ ۋە پەم
بىلەن چۈشۈپ ئىشىكنى ئېچىۋېتىپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن يۈز بېشىنىڭ نامىدىن دورە بوپتۇ. پۈتۈن
بىر يۈز بېگىلىك يەردىكى دېھقانلار ئورغاقلىرىنى بىلىشىپ يۈز
بېگىنىڭ دورىسىگە كېلىشىپتۇ. بىر كۈن ئويۇن-تاماشا،
يېمەك-ئىچمەكنىڭ قىزىقى بىلەن يۇرت يىگىتلىرى يۈز بېشى-
نىڭ بۇغدىيىنىمۇ، نودەرباينىڭ بۇغدىيىنىمۇ ئوراپ تۈگىتىپتۇ.

— يۈزدىن بىرى شۇنچىلىك، — دەپ ماختاندى ئۆمەر تەم-
بۇرچى، — بىز قىلمىغان نېمە قالدى دەيسەن؟

ئەلا ئۆمەر تەمبۇرنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ، كىتابلاردىن
ھاياتقا، خىيالىي ئادەملەردىن ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى ئۆزى
بىلەن سىردىشىدىغان ئادەملەرگە قايتتى. ئۇ رومانىنىڭ بىرىنچى
بابىنى ئۆمەر تەمبۇرچىنىڭ ئۇن خو بۇغداي ئورۇشقا قەرز بولغانلى-
قىدىن باشلىدى. ئۇنىڭ قەھرىمانى ئۆمەر تەمبۇردەك شوخ، ئويۇن-
چى، «قاسقىر ئاۋۇز» دەك قورقۇمسىز، زۇلىيادەك تۈز كۆڭۈل،
كۆيۈمچان بولۇپ تەسۋىرلەندى. ئۇ شۇنداق قىلىپ ئىجادىيەتنىڭ

بۇ يولنى ئىزدەپ تاپتى. ئۆزى بىلىدىغان ئادەملەر ئۇنىڭ يېنىدا، ئۇلارنىڭ چىرايى كۆز ئالدىدا، ئاۋازى قۇلىقىنىڭ يېنىدا. ئۇنىڭ ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ھاياتى ۋە كۈرەشلىرىگە بېغىشلانغان رومانى ھازىر توسقۇنسىز يېزىلماقتا. ئۇنىڭ پىكىرلىرى خۇددى ياخشى چېپىلغان ئېرىقتىكى شوخ سۇدەك، ۋىلىقلاپ كۆلۈپ ئاقماقتا...

ھازىر ئۇ شۇ رومانىنىڭ قىزىقارلىق بابلىرىنى يېزىش ئۈچۈن ئېتىز قىرلىرى بىلەن ئالدىراپ ماڭماقتا. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى رومان بىلەن تولسا، ئەلانۇرنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن قىلغان كىچىككىنە ھەرىكىتى ئۇنىڭ يادىدا قالامدۇ؟ ئۇنىڭ بۇ ئويلانمايلا، ياخشى كۆڭۈل بىلەن قىلغان ھەرىكىتىنىڭ، بىر قىز ئۈچۈن شۇنچىلىك چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇ قانداقمۇ ئالدىدىن ئويلىيالىسۇن؟... ئۇ كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. باغ شورىسى بىلەن ھويلىغا كىردى - دە، تونۇش ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە كىردى - دە، سومكىسىنى مۇرىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ قويۇپ، يولدا كەلگۈچە ئويلىغانلىرىنى يېزىشقا ئولتۇردى. ئۇنىڭ شۇ ئولتۇرغىنىدىن ھازىرغىچە توپتوغرا ئون تۆت كۈن ئۆتتى. ئۇ ھېچكىم بىلەن گەپلەشمىدى، تالا - تۈزگىمۇ چىقمىدى، ھەر كۈنى ئوتتۇز، قىرىق بەتلەپ ئەسەر يازدى. يېزىپ چارچىغاندا، بەزىدە زۇليا بىلەن، بەزىدە يېزا مەكتىپىدىكى ئاغىنىلىرى بىلەن بىردەم - يېرىمدەم مۇڭداشتى. ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئۇنىڭ ۋاقتىنى تولىمۇ ئەتىۋارلايتتى. يېزا ياشلىرى قىشلىق مەشرىپىگە ئۇنى قاتناشتۇرماقچى بولۇۋىدى، زۇليا ئۇلارغا يېزا ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا:

— ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى تەكلىپ قىلساڭلارا. قېرى كۆرسەڭلار بۇرۇتۇمنى چۇشۇرۇۋېتەي، ئەلا نېمە قىلالىسا، مەنمۇ شۇنى

قىلالايمەن. ئەزبىرايى خۇدا، تەمبۇر بىلەن مۇقامنىمۇ خېلى ئۆگىنىپ قالدىم، — دېدى. ياشلار ئۇنىڭ چاقچىقىدىن ئەلانىڭ مۇھىم ئىش بىلەن بەند ئىكەنلىكىنى بىلىشتى.

— ئۇخلىمايدۇ، — دېدى زۇليا ئەلا بىلەن ماختىنىپ، — بەزىدە يېرىم كېچىدە دېرىزىسىدىن ماراپ باقىمەن، تورۇپلا سۆزلەپ كېتىدۇ، تورۇپلا ئۆزىچە كۈلۈپ، ئۆزىچە يىغلاپ كېتىدۇ. بەزىدە ھېچنېمە يازمايلا، كۇرۇك توخۇدەك تۈگۈلۈپ ئىككى - ئۈچ سائەت ئولتۇرۇۋالىدۇ. پاھ، بۇ يازماق دېگەن ئاياللارنىڭ تۇغۇتىدەك تەس بىر ئىش ئوخشايدۇ.

— يازماق، يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازماق، دېگەن شۇ.

— بەزىلىرى يازالماستىن ئالجىپ مەجنۇن بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ، دېيىشىدىغۇ، راستىمىدۇ - ھە؟

ھاياتىدا بىر جۈملە سۆز يېزىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ باقمىغان نادان دېھقانلار بۇ يەردە تولىمۇ كۆپ. ئۇلار زۇليانىڭ ئەلا توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېزىقچىلىق ھەققىدە يۇقىرىقىدەك قىزىق گەپلەرنى قىلىشىدۇ. ئۇلار ئەلانىڭ پارىڭىغا تولىمۇ ئامراق، ئەلا ئۇلارغا دۇنيادىكى ھەر خىل دۆلەتلەر، ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرى، تارىخ ۋە ئەدەبىيات توغرىسىدا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، زۇليا ئەلا توغرىسىدا گەپ قىلغاندا، ئۇلار تولىمۇ قىزىقىپ ئاڭلايدۇ ۋە زۇليانىڭ گېپىنى قۇلاقتىن قۇلاققا، مەھەللىدىن مەھەللىگە، بىرگە ئوننى قوشۇپ - توقۇپ يەتكۈزىدۇ - دە، مەھەللىلەردە ئەلا توغرۇلۇق قىزىقارلىق ھېكايىلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

قاراڭغۇ قىشنىڭ پۈتۈن جانلىقلارنى ئۈۋىسىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلغان زېرىكىشلىك كېچىلىرىنى دېھقانلار پاراڭ، ھېكايە - چۆچەك، ناخشا، كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشلىرى ئۈچۈن مول داستىخانلىق ئولتۇرۇش، زىياپەتلەر ياكى

نەغمە ـ ناۋالىق سورۇنلار زۇرۇر ئەمەس، ئۇلار قىشلىق سىغىن سىيىرى بار ئۆيگە كىرىپ تەرلەپ ئولتۇرۇپ بىر چىنە ئەتكەنچاي ئىچىۋالسا ياكى ئامىتى كەلگەن كۈنلىرى بىرىنىڭ قىشلىق سوقۇم گۆشىگە ئېغىز تېگىۋالسا، ئۇزلىرىنى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقان ھېس قىلىشىدۇ ـ دە، بېشىغا ئىككىنچىلەپ دەرد ـ ئەلەم، غەم ـ غۇسسە توزانلىرى كېلىپ قونمايدىغاندەك كەلگۈسىنى ئۇنتۇشۇپ، ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەستىن پاراڭ قىلىشىدۇ. مانا مۇشۇ دىلكەشلەرنىڭ پاراڭلىرى كۆپىنچە ئەلا توغرىسىدىكى توقۇلما ئەپسانىلەرگە كېلىپ تاقىلىدۇ.

— قىرىق پارە قۇرئاننى يادا بىلگۈدەك، — دەيدۇ بىرى، — ئەزبىرايى، ئۇنىڭ كىتابلىرىنى كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر بار، «تاغىل ئۆكۈز»مۇ نەچچە قېتىم ئۇنىڭ كۆندىن، تاۋاردىن تاشلانغان قۇرئانۇ ھەدىسلىرىنى كۆرۈپتۇ.

— كېچىچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلغۇدەك.

— ماگە نېرى، ئىبادەت قىلمايدۇ، كىتاب ئوقۇيدۇ.

— بىر قېتىم دېرىزىسىدىنماراپ، ئۇنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆزۈم بىلەن كۆردۈممەن.

— مېڭىپ يۈرۈپ، ئۆزىچە قاقاقلاپ كۈلگىنىنى مەنمۇ كۆرگەنمەن.

— ئاڭلىساق، بەش قېتىم ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپتۇدەك.

— دۇنيادا ئۇ بىلمەيدىغان تىل قالماپتۇ، دەمدۇ نېمە؟

— سۇلايمان پەيغەمبەر بولايلا دەپتۇ ـ دە.

1976 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى مۇبارەك كۈنى قار يېغىش بىلەن باشلاندى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى يېڭى يىل ئاخشىمى ئۆز ئۇيقۇسى بىلەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى يىلنىڭ يېڭىلانغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئەلا پەقەتلا تۆت پەسىل، ھەپتە، كۈندۈز، كەچ بىلەنلا ھېسابلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1976 ـ يىلىنىڭ يېڭى يىل

ئاخشىمى بۇ يەردە ھېچقانداق داغدۇغا بولمىدى . يالغۇز ئەللا بۇ
ئاخشام ئىشلىمەستىن كۆڭۈل ئېچىشنى ئويلىدى . ئۇ ئاۋۋال ياز-
غانلىرىنى رەتلىدى ، سەككىز يۈز ئاتمىش ئىككى بەت يېزىپتۇ .
يولى يوق ئاق سۈت قەغەزدىن قىلىنغان ۋاراقلار دەستە - دەستە ،
بۇ دەستىلەرنىڭ كۆپچىلىكى كۆك سىياھ بىلەن بويالغان ، كۆك
سىياھتا يېزىلغان خەت قۇرلىرى ئارىسىغا قىزىل سىياھتا يەنە بىر
نېمىلەر يېزىلغان . مانا ، رومانىنىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش ئىككى
بەتلىك ئوتتۇز ئالتە بابى ، يېزىلىپ بولغان ئەسەرلەر قاتارىدىن
ئورۇن ئالدى . چەت - چۆرىلىرى يىرتىلغان ، بەزى جايلىرى
سارغىيىپ كەتكەن ، كونا قولىيازمىسىلا ئۆزلىرىگە كېلىپ قوشۇل-
غان يېڭى قولىيازمىلارنى مازاق قىلىپ : «كېلىنچەكلەر ، تەلەيسىز
قەغەزلەر ، توپا بېسىپ ، كونىراپ - سارغىيىپ تۇرىسىلەر ئەمدى .
سىلەرنى بىزنىڭ خوجايىندىن باشقا ھېچكىم ئوقۇمايدۇ . سىلەرنى
ئەتىۋارلايدىغان يېڭى ئەۋلاد پەيدا بولغۇچە ، سىلەر توزۇپ توزان
بولۇپ تۈگەيسىلەر !» دەۋاتقاندەك قىلاتتى . ئەلانىڭ ئۆز قولىيازمى-
لىرىنى قېقىشتۇرۇپ رەتلەۋاتقان قوللىرى تىترىدى . ئۇنىڭ كۆڭ-
لى بۇزۇلۇپ ، يىغلىغۇسى كەلدى . قولىيازمىلار ئۇنىڭدىن پاناھ ۋە
ھاياتلىق تىلەۋاتقاندەك قىلاتتى . يەتمىش نەچچە كىتاب بولۇپ ،
مۇقاۋىلىرى بىلەن ماختىنىپ كىتاب جاۋەنلىرىدىن ئورۇن ئېلىشقا
تېگىشلىك بولغان بۇ قولىيازمىلارنىڭ بىر سوملۇق كونا يەشىك
ئىچىدە ، ئەخلەت ئورنىدا دۆۋىلىنىپ تۇرۇشى ، بىر ئەمگەك ئەھلى
ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب - ھە ؟ ئۇ قولىيازمىلىرىنى ئەسكى يەشىككە
جايلاشتۇرۇپ ، ئورۇن - كۆرپە تىزىدىغان پاكار لىمتاق ئۈستىگە
قويدى - دە ، يەنە بىر كونا ، پەنتۇس قېقىلغان ساندۇقتا بېسىلىپ
ياتقان قەدىردان كىتابلىرىغا قارىدى . بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر بايلىقى ،
كىتابلىرىدىن باشقا ، ئۇنىڭ كونىرىغان ئۈچ قۇر خادانى شىم تو-
جۇركىسى ، ئۈچ كۆڭلىكى ، ياماق چۈشكەن شىبلىتى ، ھاشىر

بەرگەن ئۈچى يۇڭ باجىنگىرى بىلەن ، زۇلىيا تىكتۇرۇپ بەرگەن
ئىت تېرىسىدىن تىكىلگەن پىنجىكى ، «قاسقىر ئاۋۇز» سوۋغا
قىلغان سەنسەن جۇۋا بىلەن توقۇلما ياقىلىق چىپەرقۇت چاپان ،
كونا قۇلاقچا ، مايلاشقان شەپكىدىن باشقا ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق .
بىر پارچە تىكىمەت ، پاكىز تاشلانغان يوتقان - كۆرپىسىلا ئۇنىڭغا
گۈزەللىكى بىلەن تۇتقان ئۆيىنىڭ يالدامىسى . ھېسابلاپ كۆرسە ،
ئۇنىڭ ھۆكۈمەت مائاشى بىلەن ياشاۋاتقىنىغا يىگىرمە يىل بولاي
دەپتۇ . يىگىرمە يىلدىن بېرى توپلىغان خۇسۇسىي بايلىقى ئەنە شۇ ،
قالغان پۇلى مۇنۇ كىتابلارغا خەجلەندى . ئۇنىڭ ھازىر ساۋۇتوفدىن
قالغان ، ئۆزى ھەر خىل يوللار بىلەن سېتىۋالغان ، كۆچۈرۈۋالغان
كىتابلىرى ئۈچ يۈز پارچىدىن ئاشىدۇ . بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى
ھازىر ھېچقانداق ئورۇندا يوق . بەزىلىرى دۆلەتنىڭ مۇھىم ئورۇن-
لىرىدىكى ئارخىپلاردىلا ، بەزىلىرى چەت ئەللەرنىڭ مۇزېيى ، كۇ-
تۇپخانىلىرىدا ، بەزىلىرى بولسا ئەلاغا ئوخشاش ئىلىمنى جېنى
بىلەن باراۋەر كۆرىدىغان ئىلىم ئەھلىنىڭ قولىدا...

ئۇ رەڭگى ئۆچكەن كونا پوپكىنى قولىغا ئالدى ، پوپكىنىڭ
ئاغزى قۇلۇپلانغان . ئۇ تولىمۇ ھۆرمەت بىلەن قۇلۇپنى ئاچتى .
پوپكىنىڭ بىرىنچى قاتلىمىدا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن خىيالچان
بىر يىگىتنىڭ رەسىمى تۇراتتى . ئەلا بۇ رەسىمگە تىكىلىپ قارى-
دى . بۇ ساۋۇتـوفنىڭ رەسىمى . ئەلا رەسىمگە ئـۇزاق قـاراپ ،
ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە ، پوپكىنىڭ ئىككىنچى قاتلىمىنى
ئاچتى . بۇ قاتلامدا قارا تاشلىق دەپتەر بار ئىدى . ئەلا دەپتەرنى
ۋاراقلىدى . دەپتەرگە كىتابلار كاتالوگى يېزىلغان ، بەزى كىتابلار-
نىڭ ئاخىرىدىكى بوش جايىغا « » بەلگە ، بەزىلىرىگە سوئال ، بەزى-
لىرىگە نۆل بەلگىلىرى قويۇلغانىدى . بۇ بەلگىلەرنى ئەلا ئۆزىلا
چۈشىنىدۇ ، بۇ ئۇنىڭ تەتقىق قىلىپ بولغان ، تېخى ھەل قىلالمى-
غان مەسىلىلەر بار ياكى تېخى قول تەگمىگەن دېگەندەك ئەھۋاللار-

نى بىلدۈرىدىغان بەلگىلىرى بولسا كېرەك . ئۇ ئەلەم بىلەن بېشىنى
ئىرغىتتى . دېمەك ، ئۇ تېخى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى تېخى
قىلىپ بولالمىغانىكەن - دە !

ئۇ كىتاب ۋە قولىيازمىلىرى بىلەن ئەستە خوشلىشىپ ، كونى-
رىغان قول سائىتىگە قارىدى . سائەت توققۇزدىن يىگىرمە مىنۇت
ئۆتكەن ، يەنە يېرىم سائەتلەردىن كېيىن زۇلىيا يىغىندىن قايتىدۇ .
ئەلا ئەتىگەن ئۇنىڭغا گۇڭشېدىكى يىغىندىن كەچ سائەت ئونغىچە
قايتىپ كېلىشىنى ، قايتىشىدا بىر - ئىككى بوتۇلكا بىرنېمە تېپىپ
كېلىشىنى تاپشۇرغانىدى .

ئەلا بىر ئايدىن بېرى ئۇستىرا تەگمىگەن ئېڭىكىنى سىلاپ
قويدى - دە ، مەشتىكى ئۆچۈشكە باشلىغان كۆمۈر چوغىنى چۇقچى-
لاپ چۆگۈن قويدى ۋە سۇ ئىسسىغۇچە چىگە يېپقا ئېسىلغان
كۆڭلەكلىرىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئوبدانراقىنى تاللىدى . ئۇنىڭ
قولىغا لەنجۇدىن كەلگەندىن بېرى ئاياپ يۇرگەن كۆك گىرىپتىشتىن
كۆڭلەك چىقتى . بۇ كۆڭلەك گۇزەلئاي بىلەن توي قىلغان يىلى
كىيگەن ، بىردىنبىر توي يالدامىسى ئىدى . كۆڭلەك پۇرلەشكەن ،
ئانچىمۇ پاكىز ئەمەس ئىدى . ئەلا كۆڭلەكنىڭ پۇرلەشكەن جايلىرى-
نى تۇزەشتۇرۇش ئۈچۈن سۇ پۇركىدى - دە ، تارتىشتۇرۇپ -
سوزۇشتۇرۇپ قايتىدىن ئېسىپ قويدى .

ئۇ ئاخىر ياسىنىپ - تارىنىپ زۇلىيانىڭ پېشايۋانلىق ئۆيىگە
قاراپ ماڭدى . ئۇ سالام بىلەن ئاشخانىغا كىردى . ئۆيدىكىلەر
ھەيران بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشىپ ھۆرمەت بىل-
دۇرۇشتى . كاڭدا ماموق ياستۇقنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ خىيال
بىلەن ياتقان موماي كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئەلاغا قارىدى :

— ۋەئەلەيكۇم ، يېڭى يىلىڭنى ئۇنتۇماپسەن دېگەنبىلەن ، —
دېدى موماي ئەستە كۇلۇپ ، كۇلگەندە ئۇنىڭ قورۇق باسقان ،
زەپىرەڭ يۈزى قىزىق مايغا چۈشكەن پوشكالدەك قورۇلدى ، كۆز

جىيەكلىرىدىكى قىزىل سىزىقلار بىر مەھەل يوقالدى ، ئۇ بىردىنلا ئۈمچەيدى ـ دە ، كونا تور ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — يېڭى يىلنىغۇ ئۇنتۇماپسەن ، لېكىنزە ، كىچىك ئاپاڭ بىلەن بالاڭنى ئۇنتۇپ يامان قىلدىڭ ، بالام .

— نېمە دەۋاتىسەن ، كىچىك ئاپا ، قولۇم بوشىغاندا...

— قويغىنا بالام ، سېنىڭ قولۇڭ بوشايدىغان كۈن بولامدى. كىنتاڭ ، ئىنقىلاب تۈگىسۇن دېدىڭ ، ماقۇل دېدىم ، قاچىتىڭ ـ مۆكتۈڭ ، كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق دېدىم ، مانا ئۇقلارمۇ ئاڭلانماي. دۇ ، «تۇت باغلا»مۇ ئۆتۈپ كەتتى . سەن تېخىلا ئالدىراش . دىلئا. رانى ئەكېلىپ بەرگىن دېگىنىمگە نېۋاخ ؟ بىلەمسەن ، بالىنى كۆر. مىگىلى ئۈچ يېرىم يىل بولدى . زاكىسىدىن ئايرىپ چوپچوڭ قىلدىم ، بىر بالىنى شۇنچىلىك قىلماق ئاسانمىدى ؟ قاراپ تۇرۇپلا ھېلىقى ئازازۇل خوتۇن بالىنى ئەكەتتى ـ دە . ئايالىڭ بىلەن ياراشقىن ، ئەلىنىمۇ ، دىلئارانىمۇ ئەكەلگىن دېگىنىمگە نى زامانلار بولدى . يېشىڭ قىرىققا يېقىنلاشتى ، بالام ، نېمە تۈگىمىگەن ئۇ. قۇش ، نېمە تۈگىمىگەن يېزىشكەن بۇ ـ ھە ؟ ئوقۇمايمۇ ـ يازمايمۇ كۈن ئالغىلى بولىدىغۇ ؟ ئەنە ، ھاشىر ئاغىنەڭ چېغىدا بىر ئۆيلۈك بولدى ، ناھىيىنىڭ چوڭى بولدى . سىلەر بىللە ئوقۇغان ، بىللە ئۆسكەن ، ئوقۇغانغا كۆتۈرۈلىدىغان گەپ بولسا ، سەن كۆتۈرۈلسەڭ بولماسمىدى ؟ مېنىڭ تۆت كۈنلۈكۈم قالدى ، بىر تىنىقتىن قال. سام‍لا يوقمەن ، ھېچبولمىسا سېنىڭ تېمىڭنى ، ئۆي موراڭدىن ئىس چىققىنىنى كۆرسەم دەيمەن .

— نېمە دېگەنلىرى ھەدە ، بۇ ، بۇ ئۆيمۇ سىلىنىڭ ئۆز ئۆيلى. رىغۇ ، بىزنى يات بىلىدىكەنلى ـ دە ؟

مومايىنىڭ گېپىدىن زۆلياننىڭ ئايالى رەنجىدى . موماي بىلەن ئايالىنىڭ گېپى ھەقىقەت . ئەلا راستىنلا موماي بىلەن بالىلارنى

ئۇنتۇغىلى خېلى كۈنلەر بولدى . ئۇ مەشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئازاب بىلەن تىرنىقىنى تاتىلىدى .

ئەمدى ئۇ ھاشىرنىڭ نەسىھەتلىرى ، رازىيەنىڭ رەنجىشلىرى ، گۈزەلئاي ، ئەلى ، دىلئارا توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىدى . ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى بىردىنلا ئارۇپنىڭ ئۆيىگە ، ئۇنىڭ سىم كارىۋىتىدا ئۇخلاپ قالغان ئەلانۇرغا بېرىپ قوندى . ئۇ ئەلانۇر بىلەن بۇنىڭدىن ئىككى يېرىم ئاي بۇرۇن تونجى قار ياغقان ئاخشىمى بىللە سەيلە قىلغان ، ئەتىگەنلىكى ئەلا قىز ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى قىيا ئې-چىپ قاراپ باققان . قىز قوللىرىنى تاشلاپ قاپقارا چاچلىرىنى ئاپئاق ماموق ياستۇققا يېيىپ بەخت ئىگىسىدەك ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاپ قالغان . ناۋادا ، شۇ قىزنىڭ بەختىمۇ ئەلاغا مۇناسىۋەتلىك بولىسچۇ ؟ ئۇ چاغدا ئەلا بىلەن بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان-لار ، كىچىك ئاپىسى ، بالىلىرى ، گۈزەلئاي ، ئەلانۇر... يەنە ئاغى-نىلىرى ، خەلقى ، ئاللىكىملەر... ئۇ ھېچكىمنى رازى قىلالماستىن دۇنيادىن ئۆتسۇنمۇ ؟ يازغان ئەسەرلىرىنى زامان قوبۇل قىلمىسا ، ئۇنىڭ كىتابلىرى تېخى سولاقتا تۇرسا ، يېقىنلىرى ئۇنىڭدىن نۇر-غۇن نەرسىلەرنى كۈتۈپ تۇرسا... ئۇ ھېچكىمنى رازى قىلالماستىن-لا قىرىق ياشقا كىرگەن تۇرسا ، ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قانچىلىك مەنىسى قالدى ؟ نەۋائىي قىرىق يېشىدا دۆلەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ يىگىرمە قىرىق ياشقىچە يېزىقچىلىققا بېرىلگەن . ئۇ كىشى قانچىلىك ئۆلمەس ئە-سەرلەرنى يازدى ـ ھە ؟ «خەمسە» ۋە باشقىلىرى بولۇپ قىسقا يىللار ئىچىدە پۈتكەن قىرىق سەككىز مىڭ مىسرالىق داستان شېئىرلىرى نەۋائىي ھاياتىنىڭ مېغىزى ئەمەسمۇ ؟ لېكىن ، ئەلا تېخى ھېچنېمە قىلمىدى ، ھېچكىمنى رازى قىلالمىدى...

ئۇ ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن كىچىك ئاپىسىغا قارىدى ، كى-چىك ئاپىسى ئوغلىنى خىجالەت قىلغىنى ئۈچۈن ئۆز ئىچىدىن ئازابلىنىپ مۆلۈلدەپ قاراپ ، ئۇھ تارتىپ ئولتۇراتتى .

— ماقۇل ، كىچىك ئاپا ، ياز يورۇسۇن ، مەن ساڭا دىلئارا
بىلەن ئەلىنى ئاچىقىپ بېرەي ، شەھەردە نەۋرىلىرىڭ بىلەن ئۆي
تۇتامسەن ـ يا ؟
ھەرقانداق كۆڭۈل ئاغرىقىنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئادەت-
لەنگەن مومايلار تولىمۇ كۆڭۈل ئايايدۇ ـ دە ، موماي ئوغلىنى
خۇشال قىلىش ئۈچۈن زورىغا كۈلۈمسىرىدى :
— شەھىرىڭ قۇرۇسۇن ، ۋايىەي ، سۈت ـ قېتىقنى تىيىنغا
ئېلىپ ئىچىدىغان يەردە تەمتىلەپ نېمىمۇ قىلاتتىم ، بالام ، باللار-
نى سېغىندىم ، بىر كۆرستىپ قويساڭلا بولاتتى ، دېگىنىم ـ دە .
— ئەتىلا شەھەرگە كىرىپ مەن ئۇلارنى ئاچىقاي ، قىشلىق
تەتىلمۇ يېقىنلاشتى ، ئۇلارمۇ سەھراغا چىقىشقا ئامراق .
كۆڭۈلسىزلىك تۇماندەك كۆتۈرۈلدى . زۇليا ئۆيگە كىرگەن-
دىن كېيىن ئۆي ئىچىگە تېخىمۇ چوڭ خۇشاللىق بىللە كىردى .
زۇليا گۇڭشې مەكتىپىنىڭ بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىسىنى بىللە يېڭى
يىل كېچىسى ئۆتكۈزۈشكە باشلاپ كەلگەنىدى .
كەلگەن تۆت يىگىت ئەلانى ياخشى چۈشىنىدىغان ، شۇ 70 ـ
يىللارنىڭ ئىلىم ـ پەن ئەھلىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان يىگىتلەر
ئىدى . ئۇلار بىلەن 70 ـ يىللاردا پەيدا بولغان دۇنياۋى يېڭىلىق-
لار ، كەلگۈسى تۇرمۇش توغرىسىدا كۆڭۈللۈك پاراڭلاشقىلى بولات-
تى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ، كونا ـ
يېڭى كىتابلاردىن خېلى كۆپ ئوقۇغان ، يەنە بىرى ماتېماتىكا ئو-
قۇتقۇچىسى بولغىنى بىلەن گېزىت ـ ژۇرناللارنى قويماي ئوقۇپ
خاتىرە يازىدىغان ، يەنە بىرى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولغىنى ئۈچۈن
تارىخ توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەرگە قىزىقىدىغان ، ئاخىرقى بىرى
مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولغىنى بىلەن ناخشا ـ سازغا مۇھەب-
بەت باغلىغان ، مۇقاملاردىن ئالتە ـ يەتتىسىنى ئېيتالايدىغان ،
ئۆزى يالغۇز بىرەر ئولتۇرۇشنى قىزىتالايدىغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە

چاقچاقچا تولىمۇ چاققان يىگىت ئىدى . ئەلا يىگىتلەر بىلەن ئوڭايلا چىقىشىپ ، ئۆزلىشىپ تېزلا «سىز» ، «سىلە»نى تاشلىشىپ «سەن» لىشىپ كېتەلىدى .

— شۇنداق قىلىپ بۈگۈن ساز چالماستىن پاراڭ ، چاقچاق بىلەن كۆڭۈل ئاچىمىز دېگىنە ، رىشىت ، — دېدى ئەلا ئىلمىي مۇدىرغا كۈلۈپ چاقچاق قىلىپ ، — ئىككى رومكا ئىچكەندىن كېيىن ئاداش ، سۇپۇرگىنى دۇتار قىلىپ مۇقامىڭنى باشلىساڭ قانداق بولىدۇ ، ئۇ چاغدا ؟

— ئەزىبىرايى ، غىڭشىسام ئۆلەي ، — دېدى رىشىت كۆكىرىپ تۇرىدىغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ ، — بۇ مەھەللىدە غىڭلا قىلساڭ ھەممە ئادەم ئەسسالام دېيىشىپ كىرىپ كېلىدىغان ئادەت بار . ھازىرمۇ قۇلىقىنى دىڭ قىلىشىپ ، قايسى ئۆيدىن ناخشا چىقاركىن دېيىشىپ تۇرۇشقان بىر توپ گەكسى بار ، ئۇلار تۆت كوچىدا مارىشىپ تۇرۇشىدۇ .

— تىللىمىساڭ ئۇكا ، بىزنىڭ مەھەللىلىكلەرنى ، — دېدى تالادىن كىرگەن زۇلىيا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ ، — گەكسى دەۋر-مە جۇمۇ ، قېيناتام ئاڭلاپ قالسا ، ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىدۇ .

— ھە ، راست ، سەن ئاسىم گەكسىنىڭ كۈيئوغلى ھە ، ئۇنداق بولسا ، سېنىڭ لەقىمىڭ كۆكىنەك !

ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى ، زۇلىيا ئەلاغا قاراپ قويدى . ئەلا-نىڭ لەقىمى «قۇشقاچ» بولغىنى ئۈچۈن ، «كۆكىنەك» ئۇنىڭ «دۈشمىنى» بولۇپ قالاتتى .

— ئۇنداق دېمە ، ئەلانىڭ يۈرىكى چىقىپ كەتمىسۇن ، — دېدى زۇلىيا .

لەقىمىنى تىلغا ئېلىپ يوشۇرۇن چاقچاق قىلىش يېزىلاردىكى بىر خىل كۆڭۈللۈك ئويۇن . بۇ يەردىكىلەردىن ھېچكىم لەقەمسىز ئەمەس ، شۇنداقلا بۇ يەردە چاقچاق بىلمەيدىغان ئادەممۇ ئاز . بۇ

يەردە ئادەملەر ئويۇن ـ تاماشا سورۇنلىرىدىمۇ، بىر ـ بىرى بىلەن ئايرىم ئۇچراشقاندىمۇ ياكى تازا ئالدىراش ھەتتا ئېغىر كېسەل ئازابى بىلەن ياتقاندىمۇ، بىر ـ بىرىگە چاقچاق قىلىشىدۇ، بىر ـ بىرىنى كۇلدۇرۇش، كىشىلەرنى زوقلاندۇرغۇدەك بىرەر ئېغىز سۆز قىلىۋېلىش، بۇ يەردىكى ئادەملەر ئۈچۈن تولىمۇ چوڭ ئىش. چاقچاقلىشىش ئەرلەر بىلەنلا چەكلەنمەستىن، ئاياللار، بالىلارمۇ بىر ـ بىرىگە چاقچاق قىلىشىدۇ. بۇ خىل چاقچاقلار بىر ـ بىرىنىڭ لەقەملىرىنى يوشۇرۇن ياكى بەزىدە ئاشكارا تىلغا ئېلىش بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

زۇلىيانىڭ ئۆيىدىكى يېڭى يىل ئاخشىمى، ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۇك چاقچاق بىلەن باشلاندى. كۆپچىلىك ھەدېگەندىلا «قۇشقاچ»قا ھۇجۇم قىلىشتى. قۇشقاچنىڭ قورغۇيىنى كۆرسە جىمىپ كېتىشى، زىغىر پاخىلى بىلەن يېپىلغان ئۆگزىلەرگە ياسىغان ئۇۋىسى، يىلان تىلىنى چىقىرىپ مىدىرلىتىپ بەرسە، يىلان تىلىنى قۇشقاچ بىچارە قورت دەپ چۇشىنىپ، ئۆزىنى يىلاننىڭ ئاغزىغا ئاتىدىغانلىقى... ئىشقىلىپ، قۇشقاچ ھەققىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسى دېيىلىپ، ئۇلار ئەلاغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى زادىلا ئېغىز ئاچقۇزمىدى. ئەلا دوستلىرىنىڭ چاقچاقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى.

قورۇلما غىزالار بىلەن ئېچىملىك كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆي ئىچى بىرپەس جىمىدى ـ دە، ئېچىملىك ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پارىڭى ئەمدى ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە دۇنيادىكى يېڭىلىقلارغا كۆچتى. مانا ئەمدى سۆزلەش نۆۋىتى ئەلاغا كەلدى. ئەلا ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ بىردە شېئىر ئوقۇيتتى، بىردە كىتابلاردىن نەقىل ئالاتتى، بىردە تەس بىر نەزەرىيىنى ئاددىي مىسال بىلەن چۈشەندۈرەتتى. ئولتۇرغانلار بىرەر ئېغىز گەپنى ئاڭلىيالماي قې-

لىشىدىن ئەنسىرەپ ، داستىخانغا شىپقاپ ئولتۇرۇپ پۈتۈن دىققىتى
بىلەن گەپكە بېرىلگەن . تالادا بولسا ، قىبلىدىن سۈسراق بوران
چىقىۋاتقاچقا ، دەرەخلەر ھۇۋۇلاشماقتا ئىدى . ئەلا ھېلىدىن ـ ھېلى‌ـ
غا رومكا بوشىتىپ زوق بىلەن سۆزلەۋاتقاندا ، ئۆيگە ئۈستىۋېشى
قار ، قىشلىق كىيىملىرى بىلەن تونۇغۇسىز ھالغا كىرىشكەن ئا‌ـ
دەملەر كىرىپ كېلىشتى . بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمانلار ئۆيدىكىلەرنىڭ
كەيپىياتىنى بۇزغىنى ئۈچۈن ، ئۆيدىكىلەر ئۇلارنى ئورۇنلىرىدا
ئولتۇرۇشۇپ سوغۇق قارشى ئېلىشتى . كىرگۈچىلەرمۇ كىيىملى‌ـ
رىدىكى قارلارنى قاقماستىن ، يۈزلىرىدىكى قارلار ئېرىپ بولغۇچە
جىم تۇرۇشتى . تاپىسىدىكى بەش ئادەم بىلەن داستىخاندىكى ئالتە
ئادەم بىر ـ بىرىگە سوغۇق قارىشىپ بىردەم تۇرۇشتى ـ دە ،
بىرىنچى بولۇپ زۇليا ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى :
— ھوي ، بۇ ، بۇ ھاشىر شۇجىلاركەنغۇ ، بەللى ، بەللى…
— دەرۋازا قاقتۇق ، سىگنال بەردۇق ، ئىتلار سىلەردىن سە‌ـ
گەككەن ، بىرىنچى بولۇپ ئالدىمىزغا چىقتى ، — دېدى ھاشىر
قىسقا جۇۋىسى بىلەن قۇلاقچىسىنى سۇپىغا تاشلاپ ، — ئاۋاق ،
ئولتۇرىسەنغۇ ، ماۋۇ كىيىملەرنى ئاسقىن .
ئەلا خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، ھاشىرنىڭ كىيىم‌ـ
لىرىنى قولىغا ئالدى :
— سېنىڭ جاۋىغايلىرىڭمۇ تۆت ئېشەككە يۈك ، قېنى پىيماڭ‌ـ
نىمۇ سال !
ئۆي ئىچى ئۇپۇر ـ توپۇر ، ئۆرىتۆپە بولۇشتى . تۆردىكىلەر
تاپىسغا چۈشۈپ ، مېھمانلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشتى .
ئون ئادەم داستىخاندىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ساھىبخانا
زۇليا تاپىسدا ئۆرە تۇرۇپ :
— ئەجەب ياخشى كەپسىلەر ، ئەمدى يېڭى يىلنى تېخىمۇ
كۆڭۈللۈك قارشى ئالىدىغان بولدۇق . ماڭا رۇخسەت قىلساڭلار ،

بەش مىنۇتقىلا .

— ياق ، بىز قويۇڭنى كېيىن يەيمىز ، يېڭى يىل كىرىشكە تېخى يەنە ئىككى سائەت بار ئىكەن ، بىز سىلەرنى ئېلىپلا شەھەرگە ماڭىمىز . بىزنى ئۇ يەردە يىگىرمە نەچچە ئەر - ئايال كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ . راستىنى ئېيتساق ، بىز ساۋاقداشلار جەم بولۇشقاندۇق .

ھاشىرنىڭ گېپىدىن ئەلا ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەنگىنى بىلەن زۇليا ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى . ئۇ مۇرىسىنى چىقاردى - دە :

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز ، ھاشىر شۇجى ، شەھەرگە ئېلىپ ماڭىمىز دەيسىز ، يىگىرمە ئەر - ئايال دەيسىز ، بىزنىڭ خوتۇنلارنىمۇ ھېسابلىغانسىز ؟ ساۋاقداشلار دەيسىز ، بىز سىز بىلەن يۇرتداش ، پىكىرداش ، ئاداش ، يەنە تۇرمىداش ، لېكىن ساۋاقداش ئەمەس - دە .

ھاشىر قاقاقلاپ كۈلدى . ئەمدى گەپنى قۇرماش ئالدى :

— ئۇيغۇرچە گەپنى چۈشەنمىدىڭلار - ھە ، ئەمىسە قازاقچىسىنى چۈشىنىسىلەر ، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ ، — بىز ئىلى پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ كونا ئوقۇغۇچىلىرىدىن .

— ياق ، — دېدى تاشپولات ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — چۈشەندۈرەلمىدىڭ ، بىز ئەھمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىنىڭ سابىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن .

— ئەمدى توختا ! — دېدى قۇرماش ، — تېرىسىنى ئاجراتىڭ ، ئىچى - قارنىنى ئېلىشنى ماڭا قويۇپ بەرگىن ، تاشپولات دېگەندەكلەردىن نەق يىگىرمە ئوچمىز ، ئاياللىرىمىز ، باللىرىمىز بىلەن بىر يەرگە ، يەنە غۇلجا شەھىرىدىكى مەرھۇم مۇئەللىمىمىز ، ساۋاقداش ھاشىرنىڭ قېيناتىسى ، ساۋاقداش رازىيەنىڭ دادىسى ،

ساۋاقداش ئەلانىڭ ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ئۇستازى ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ يېڭى يىلنى كۈتۈۋالماقچى بولۇشقان. شۇ سەۋەب- تىن، شەھەردىن ساۋاقداشلارغا ۋەكىل بولۇپ مەن، تاشپولات، مۇنۇ ئارۇپ — يەنى تىيىر پاكار، مۇنۇ تۇرغان گىراسىم بوۋاي ئۈچىمىز ناھىيىگە ھاشىر، ئەلا، قورماشلارنى شەھەرگە — ئاشۇ ئولتۇرۇشقا ئەكىرمەكچى بولۇپ چىققاندۇق، ئاغىنىمىز ھاشىر تۆگىنىڭ يۈكى ئېغىر، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۈكى بەكمۇ چىڭ تېڭىلغا- نىكەن، ئۇنى يۈكتىن ئازاد قىلىمىز دەپ كېچىكىپ قالدۇق. ئەمدى مۇنۇ ئەلا بەكمۇ كىچىك جانۋار بولغىنى ئۈچۈن سامانلىقمۇ سامانلىق ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىر بۇ يەردىن تاپتۇق. خالىساڭلار بىللە كىرەيلى، بولمىسا يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ بىر رومكىدىن ئىچىمىز - دە، يولغا چىقىمىز، بىزگە رۇخسەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

— مەقسەتنى چۈشەندۇق، — دېدى زۇليا قىزىل دۇخاۋا بۆكىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ، كۆڭلى يېرىم ھالدا، — نېمە دەيمىز؟ سىلەرگە كاشىلا بولساق بولماس، ئەمىسە مەن ئۆزۈمنىڭ ئورنىدا بىر ۋەكىل ئەۋەتمەكچى، شۇنى ئېلىۋالساڭلار، بەش مى- نۇت كۈتىسىلەر، مەن ۋەكىلىمنى كىيىندۈرۈپ بولىمەن.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچىكەنلىكىنى ھېچكىم چۈشەنمىدى. ھاشىر ئەلاغا: «نېمە گەپ؟» دېگەندەك قىلىپ قارىدى. ئەلا كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنىڭ ۋەكىلىنىڭ كىملىكى چۈشىنىشلىك، ھەي زۇليا ئاكا.

— كىم ئۇنىڭ ۋەكىلى، ئېيتقىنا ئاۋاق؟ — دېدى قورماش ئالدىراپ، — بالىلىرىدىن بىرىمۇ؟

— ياقەي، — دېدى ئەلا كۈلۈپ، — زۇليا ئاكا بىرىگە يۈك ئارتىدىغان ئادەم ئەمەس، تەھقىق ئۇنىڭ ئەلچىسى قوي. ئۇ قوي

سويغىلى چىقىپ كەتتى . بىزنى جاپا تارتمىسۇن دەپ قوينى تىرىك بەرمەستىن ، سويۇپ تەقدىم قىلماقچى .

ئولتۇرۇشتىكىلەر بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى .

— ئاجايىپ ئادەم ، — دېدى ھاشىر ، — باشقىلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇشنىلا ئويلايدۇ .

— راست گەپنى ئېيتسام ، زۇليا ئاكا بولمىغان بولسا . مەن ئالللىقاچان تۈگەشكەن بولاتتىم . ئۇ مەن ئۈچۈن تۇرمىگە كىردى ، مەن ئۈچۈن ھەرقانداق مۇشكۈلاتقا تەييار .

— چۈشىنىمىز ، — دېدى ھاشىرمۇ بېشىنى ئېغىتىپ ، — ئۇ گەرچە ئۆزى ئوقۇمىغان بولسىمۇ ، بىلىمنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، سەن ھەرقانداق ئورۇندىن ئۇنىڭ ئۆيىنى ياخشى كۆرسەن ئەمەسمۇ .

— مەن سىلەرگە بىر نەرسىنى ئېلان قىلاي ، — دېدى ئەلا ھاراق بىلەن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى دوستلىرىغا تىكىپ ھاياجان بىلەن ، — مەن رومانىمنى تاماملاشقا ئاز قالدىم . مەن رومانىنىڭ بىر قەھرىمانى قىلىپ مۇشۇ زۇليا ئاكىنى ئالدىم . ئۇ باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بولۇشقا دائىم تەييار تۇرىدىغان ئاق كۆڭۈل ، كۆ-يۈمچان ، مەردانە دېھقان . مەن شۇ دېھقاننى يازغاندا ، زۇليا ئاكا قولىقىمنىڭ يېنىدا پىچىرلاپ تۇردى .

— يارايسەن ، ئاداش ! — دېدى تاشپولات پىيالىنى بىراقلا كۆتۈرۈپ ، — بىزنىڭ پەخىرلەنگۈدەك سەندىن باشقا ھېچنېمىمىز يوقكەن ، ياز ، ئاداش ، ئاتا - بوۋىلار قىلالمىغاننى سەن قىل ، بىز سېنىڭ نامىڭ بىلەن خۇشال بولايلى ، بېشىمىز ئاسمانغا تاقاشسۇن !

— پاھ ، پاھ ! — دېدى ئارۇپ كولۇپ ، — بىر ئايلا شاپاق ، ھەلەپ بىلەن باقسا ، شائىر بولىدىكەنسەن جۇمۇ ، ئاداش تاشپولات !

— ماۋۇنى كۆردۇڭمۇ ؟ — دېدى ھاشىر بىر گېزىتنى ئىچ

يانچۇقىدىن ئېلىپ ، — گېزىت ئوقۇمايسەنغۇ دەيمەن ، ئاۋاق ، تېخى بىزدىن يوشۇرۇنچە گېزىتكە ماقالە ئەۋەتىپسەن ـ ھە ؟

ئەلا گېزىتنى ئالدىراپ يايدى . تونۇش ماۋزۇغا كۆزى چۈشتى : «موللا بىلال ۋە ئۇنىڭ ‹غەزەلىيات› ناملىق ئەسىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك» . ئاپتورنىڭ نامىنى ئوقۇپ ، ئەلانىڭ ۋۇجۇدى تىترىدى ، ئاپتورى : ئەلا نۇراخۇن .

— ھە ، نېمىگە ئاغزىڭنى ئۇمچەيتىسەن ، — دېدى ھاشىر ئۇنى نوقۇپ ، — ئەمدى ئەۋەتۋەرگىن ، ئەسەرلىرىڭ گېزىت ـ ژۇرناللاردا بېسىلىۋېرىدۇ .

— مەن ھېچنەگە ئەسەر ئەۋەتمىگەنمەن ، — دېدى ئەلا بىردىنلا خاپا بولۇپ ، — بۇ ماقالىنى مەن ھېلىقى چاغدا «خوجايىن» نىڭ تەلىپى بىلەن شۇ كىشىگە يېزىپ بەرگەن . ئۇ كىشى مېنىڭ نامىم بىلەن گېزىتكە بېرىپتۇ .

«خوجايىن»نى ئولتۇرغانلار چۈشەنمىدى ، ئەمما ھاشىر ، قۇرماش ، ئارۇپلار بۇ ئىشنى بىلگەچكە ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى .

— ياخشى قىپتۇغۇ ، بۇنىڭ خاپا بولغۇدەك نېمىسى بار ؟ ھاشىر دوستىغا ھەيران بولۇپ قارىدى .

— ئۇ ئادەمنىڭ ھالاللىقى مېنى قايىل قىلدى ، — دېدى ئەلا گېزىتنى ئوقۇۋېتىپ ، — لېكىن بۇ ماقالىدىكى بەزى گەپلەر ئورۇنلۇق ئەمەس ، مېنىڭ بۇ شائىر ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرىم تولۇق شەرھلەنمىگەن . مەن ۋەزىيەت تەلىپى بىلەن دېيىشكە تېگىشلىك گەپلەرنى دېيەلمىگەنمەن .

— خۇشال بول ، ئاۋاق ! — دېدى ھاشىر ئەلانىڭ بېقىنىغا ئاستا تۇرتۇپ قويۇپ ، — ماقالەڭنىڭ گېزىتتە ئېلان قىلىنغانلىقى ، سېنىڭ تولۇق ئازاد بولغىنىڭنى چۈشەندۇرىدۇ .

— مەن ئازاد بولغان بىلەن مېنىڭ كىتابلىرىم بىلەن ئەسەر-

لىرىم تېخى تۇرمىدە ، — دېدى ئەلا ئۆزىچە غودۇڭشىپ ، — سادىر
پالۋان قوشاقلىرى تېخى ئازاد بولمىدى . زۇلۇمغا قارشى قوشاقلار
ئازاد بولمايۋاتسا ، كلاسسىك ئەسەرلەر ، مىسالى ، مەھمۇد قەشقە-
رى ، يۇسۇپ خاس هاجىپ ، نەۋائى ، لۇتفى ، سەككاكى ، زەلىلى ،
نىزارىلار قاچان ئازاد بولىدۇ ؟ قىسقىسى ، قاچانمۇ ئادەملەر تارىخ ،
ئىلىم ۋە سىياسەت توغرىسىدا ئۆز قاراشلىرىنى ئەركىن سۆزلەپ ،
باشقىلار بىلەن قانغۇچە مۇنازىرىلىشەلەيدىغان بولىدۇ ؟ مۇشۇنداق
ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە مېنىڭ هېچ كۆزۈم يەتمەيدۇ .
— مەست بولدۇڭمۇ ؟ — دېدى هاشىر بارغانسېرى قايناپ
سۆزلەۋاتقان دوستىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقراق سۆزلەرنى قىلىۋېتىشى-
دىن ئەنسىرەپ .
— راست ئېيتىسەن ، ئاداش ئەلا ، — دېدى قۇرماش هاراق
بىلەن هاياجانلىنىپ ، — مېنى يەنە مائارىپ ئىدارىسىگە باشلىق
قىلىپ قويدۇڭ ، هاشىر ، لېكىن ئۇ يەردە ئىلىم توغرىسىدا سۆز
قىلالمايمەن . ماتېماتىكىغىمۇ سىياسەتنى قوماندان قىل دەيسەن ،
ئېيتقىنا ، دۇنيادا پرولېتارىيات ماتېماتىكىسى ، بۇرژۇئازىيە ماتې-
ماتىكىسى دەيدىغان ئاتالمىلار بىزدىن باشقا يەنە نەدە بار ؟ مەن پەن
سۆزلەنمەيدىغان مائارىپ ئىدارىسىدە ئىشلىمەيمەن ، مەن ئىستېپا
بېرىمەن ، قۇرۇق سىياسەت ، سىنىپىي كۈرەش ، چوڭ پىپەن دې-
گەنلەرنىڭ ئەهلى ئەمەسكەنمەن .
زۇلىيا كىرمىگەن ، هاشىر ئورنىدىن تۇرمىغان بولسا ، ئۇلار
يەنە نېمىلەرنى دېيىشەتتىكىن ؟ هاشىر ئۆزىگە هال ئېيتىۋاتقان
مائارىپچىلارغا كۆڭلىدە هېسداشلىق قىلسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ
خىيالىغا كەلگىنىنى سۆزلەۋېرىشىنى ياقتۇرمايتتى .
— بولدى قىلىش ! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئېيتىپ
قوياي ، بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەندە سىياسەت ، ۋەزىيەت توغرىسىدا
سۆزلەشكە رۇخسەت قىلمايمەن . مەست بولۇشقا ، تىللىشىشقا ،

ھەتتا مۇشتلىشىشقا رۇخسەت ، لېكىن سىياسەت توغرىسىدا گەپ قىلىشقا رۇخسەت يوق . ئاڭلىدىڭمۇ ، ئەلا ؟ سەن دائىم گەپنى چوڭ ئېشقا بۇرايسەن ، مەن سېنىڭ ئاغزىڭغا يوگەن ، بۇرنۇڭغا چۇلۇك تەييارلاپ قويىمەن .

— چۇلۇكنى سېنىڭ بۇرنۇڭغا سالارمىز ؟ — دېدى ئەلامۇ كۈلۈپ قويۇپ چاقچاق بىلەن .

ئۇلار چالا مەست بولۇشۇپ پاخال ۋە كىگىز بىلەن راستلانغان كۆزۈپقا چىقىپ ، قېلىن جوۋا ، پاختىلىق چاپانلىرىغا ئورىنىپ ئولتۇرۇشتى . زۇلىيا راست دېگەندەك سويۇلغان قوي ، ئۇن ، ماي ، ئۇن بوتۇلكا ھارىقنى ماشىنىغا جايلاشتۇرۇپ بولۇپ ، مېھمانلىرى بىلەن خوشلاشتى .

— خوش ئەمىسە ، سىلەر شەھەردە ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن يېڭى يىلنى قارشى ئېلىڭلار ، بىزمۇ مۇنۇ رىشىت ئەپەندىنىڭ ناخشىلىرى بىلەن تاڭ ئاتقۇزايلى . مانا مەھەللىنىڭ يىگىتلىرىمۇ كەلگىلى تۇردى . خەير ئەمىسە !

ئۇلار 1976 ـ يىلنى ئاشۇنداق داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىشتى ، لېكىن يىللار سېنى ئۇنچىلىك قىزغىن كۈتمىسە بۇنىڭغا نە ئىلاج ؟ 1976 ـ يىلنى ئۇلار قىزغىن كۈتۈۋالغىنى بىلەن ، ئەكسىچە ، بۇ يىل ئۇلارنى قوپاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى . 1976 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ، ھاشىرنىڭ رەقىبى بولغان سابىق ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لۇ شۇجى ناھىيىگە يەنە بىرىنچى رەھبەر بولۇپ ئورۇمچىدىن قايتىپ كەلدى . ئۆز ۋاقتىدا رەقىپ بىلەن بىرلىكتە ھاشىر ، ئەلالارنىڭ ئەدىبىنى بەرگەنمۇ ، كېيىن «كېڭەيتمۇۋېتىش خاتالىقى» يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن ، «كېسەل داۋالاتقىلى» كەتكەنمۇ ۋە ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكىنىنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ، «مۇناسىۋەتلىك ئورۇن»لاردىن «ئىسپات ماتېرىيال» توپلىغانمۇ ئەنە شۇ لۇ شۇجى ئىدى . لۇ شۇجى دېسە ،

ھەرقانداق بىر ساۋاتسىز يېزا كادىرىنىڭ كۆز ئالدىغا قاپقى يامان ، كۆك چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ، ئىشتىنىنى تىزىغىچە تۈرۈپ يۈرىدى- غان بىر تەرسا بوۋاي كېلىدۇ . بۇ بوۋاي قارىماققا تولىمۇ ئاددىي - ساددا ، بىر سوملۇق شەپكە بىلەن رېزىنكە خەي ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق كىيىمى ، ياماق چۈشكەن خادانى شىم - تۇجۇركا ئۇنىڭ تەۋەررۈكى . ئۇ زادىلا پىكاپقا چۈشمەيدۇ ، ئالدىراش ئىشلار بولغاندا ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ئات مىنىمىسە ، باشقا ۋاقىتلاردا دائىم دېگۈدەك پىيادە يول يۈرىدۇ . ئۇ بارغانلا يېرىدە ئىشلارنى بۇيرۇق بىلەن ھەل قىلىدۇ . ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ باش قوشۇش يىغىنلىرىدىمۇ ئۆز پىكىرىنى سىياسەت ، قانۇن قىلىپ بېكى- تىدۇ - دە ، ئۇنىڭ پىكرىگە كىمكى قوشۇلمىسا ، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكىشىدۇ ، ئۇنى ياكى ناھىيىدىن يۆتكىۋېتىدۇ ، ياكى ئامال قىلىپ پۇتلاشتۇرۇپ يىقىتىدۇ . ئۇ ئادەتتە ئادەملەرنى كۆرگەندە شالاڭ چىشلىرىنى كۆرستىپ كۈلۈپلا تۇرىدۇ ، ئەمما ئىش ھەل قىلىشقا كەلگەندە ھېچكىمگە يۈز - خاتىر قىلمايدۇ ، مەسلىھەت سالمايدۇ ، يالغۇز ئۆزى بۇيرۇق بىلەنلا يېزا كادىرلىرىنى خىزمە- تىدىن قالدۇرۇپ بىرلىرىنى بېكىتەلەيدۇ ، ھەتتا بۇيرۇق بىلەن بەزى ئادەملەرنى قولغا ئالغۇزۇپ ، بەزىلەرنى ئاقلاپمۇ قالالايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، لۇ شۈجى كەپتۇ دېسە ، يېزا كادىرلىرى ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىدۇ . دېھقانلار ئۇنى «ئالا بايتال» دېيىشىدۇ . ئالا بايتال كونا جەمئىيەتتە ئۆتكەن لوزۇڭ ، ئۇ شۇنچە- لىك زالىمكى ، دېھقانلار ئىچىدە «ئالا بايتال» كەپتۇ دېسە ، «بۆ- شۈكتىكى بالا چىرقىرايدۇ» دېگەن سۆز بىكار چىقمىغان . لۇ شۈجىنىڭ نامىمۇ ئەنە شۇ «ئالا بايتال» بىلەن ئوخشاپ قېلىشىنىڭ ئاسا- سەۋىمۇ ، لۇ شۈجىنىڭ تۆۋەندە ئادەم جازالاشنى ئۆزىنىڭ ئاساس- لىق خىزمىتى قىلىۋالغانلىقىدا . غەللە - پاراقنى ۋاقتىدا تاپشۇر- مىغان ، قىشلىق خالىس ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ئادەمنى تولۇق بەر-

مىگەن ، تېرىش پىلانىنى ئورۇندىمىغان ، بوزۇشقا بەلگىلەنگەن باغ-
لارنى بۇزمىغان ، «داجەيچە سالا ئېتىز» قۇرۇش ئىشلىرىغا سۇس-
لۇق قىلغان ، سۇ پۇلىنى بەرمىگەن ياكى تاغدىن رۇخسەتسىز ياغاچ
توشۇغان ، قىشلىقى ئەزالارنىڭ مەشرەپ ئوينىشىغا يول قويغان ،
«چوڭ پىپەن تاختىسى» ياساتمىغان ، ئۆزۈندى مۇنارىسىنى پاكار
ياسىتىپ قويغان ، تاملارنىڭ ھەممىسىنى قىزىل شوئارلار بىلەن
بوياپ چىقمىغان دادۇي شۇجىلىرىنىڭ قىلمىشىنى ئاڭلاپ قالسىلا ،
لۇ شۇجى ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ - دە ، ئۇنى
دەرھال ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ ، گوڭشې پارتكومىغا قايتا بىرىنى
سايلاپ قويۇشنى تاپىلاپ قويۇپ يولىغا كېتىۋېرىدۇ . ئۇ ئۆز بۇي-
رۇقلىرىنىڭ ئىجراسىنى تۇيۇقسىز ۋە كېچىكتۈرمەي تەكشۈرىدۇ ،
ئىجرا قىلمىغۇچىلارغا ھەرگىز رەھىم قىلمايدۇ . ئۇ يەنە يۇقىرى-
دىن كەلگەن رەھبەرلەرگىمۇ ئۇنچىلىك خۇشامەت قىلىپ كەتمەي-
دۇ . ئۆزى بىرىگە زىياپەت بەرمەيدۇ ، باشقىلارنىڭ زىياپىتىگىمۇ
بارمايدۇ . ئۇ نان بىلەن ئەتكەنچايغا ئامراق ، ئۇيغۇرچە تىلنىمۇ
خېلى ئەپلەشتۈرۈپ سۆزلەيدۇ . ئۇ تۆۋەنگە چۈشسە ، كادىرلارنىڭ
ئۆيىدە زادى تاماق يېمەيدۇ . كەمبەغەل - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار
جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ ، ئۆزىمۇ
ناھىيىلىك كەمبەغەل - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ
رەئىسى . بۇ مەنسىپى بىلەن ئۇ تولىمۇ پەخىرلىنىدۇ...

لۇ شۇجى ناھىيىگە كېلىپ ئەتىسىلا ، ئۇنىڭ تەلىيىگە يارىشا
گېزىتتە ئەلانىڭ ھېلىقى موللا بىلال ھەققىدىكى ماقالىسىنى ئاشكا-
را پىپەن قىلغان : «ئۆلگەن ۋە ھايات ياشاۋاتقان ۋەتەن ئاسىيلىرى-
نىڭ قىزىل تون كىيىشىگە رۇخسەت يوق !» دېگەن ماقالە ئېلان
قىلىندى . ماقالىنىڭ ئاپتورى «قىزىل خەنجەر» دەپ يېزىلغان .
ماقالە بۇ ناھىيىنىڭ نامىنى ، ناھىيىدىكى مەلۇم رەھبەرنىڭ ئەك-
سىيەتچى زىيالىيلارنىڭ قۇتراشلىرىغا ئارقا تىرەك بولۇۋاتقانلىقىنى

ئاشكارا يازغانىدى . لۇ شۈجى كېلىپلا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومى-
تېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچتى – دە ، «سىنىپىي كۈرەش-
نىڭ يېڭى يۈزلىنىشى»نى تەھلىل قىلىپ كېلىپ ، گېزىتنى ئۈس-
تەلگە يايدى :

— بۇ ۋەقە بىزنىڭ ناھىيىمىزدە يۈز بەردى ، يولداشلار كاللى-
مىزنى سىلكىۋېتەيلى ! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ ، —
ئەكسىلئىنقىلابچىلار كالا تۇكىدەك تولا دېسەم ئىشەنمەيسىلەر ،
خەتەرلىك ، تولىمۇ خەتەرلىك !

ئەتىسىدىن باشلاپ ناھىيە تاملىرىنى چوڭ خەتلىك گېزىت
قاپلاپ كەتتى . يېزىلغان ماقالىلەردە ، ئەلانىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىن-
غان ، ھاشىرغا دارتىملانغان .

كوچىلاردا ئەگىز سۆلىرى ئېقىپ ، ئەتىيازنىڭ سېرىق شامى-
لى دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچ شاخلىرىنى قاقشىتىپ ۋىژىلداپ يۈرگەن
بىر كۈنى ، ھاشىر قولىغا ھېلىقى تەنقىد ماقالىسى بېسىلغان گې-
زىتنى ئېلىپ لۇ شۈجىنىڭ يېنىغا كىردى . لۇ شۈجى ھەربىي
ۋەكىل بىلەن بىرنېمىنى تالىشىۋاتقانىكەن ، ئۇ ھاشىرنى كۆرۈپ
دەرھال تەتۈر ئۆرۈلدى . ھەربىي ۋەكىل — ياش يىگىت ئورنىدىن
تۇرۇپ ھاشىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئورۇندۇققا قىزغىنلىق بىلەن
تارتتى :

— كېلىڭ ئا جۇرېن ، ياخشى كەپسىز . لاۋلۇ بىلەن مۇنۇ
ئىنقىلابىي چوڭ پېپەن توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتۇق . سىزمۇ پە-
كىر بېرىڭ ، تېرىلغۇ ۋاقتى كەلدى . پۈتۈن خىزمەتنىڭ مۇھىم
نۇقتىسى ئىنقىلابىي چوڭ پېپەن بولۇشى لازىممۇ ياكى ئەتىيازلىق
تېرىلغۇمۇ؟ بىز پىكىردە بىرلىككە كېلەيلى .

ھاشىر لۇ شۈجىغا قاراپمۇ قويماستىن گېزىتنى ئۈستەلگە
قويدى . لۇ شۈجى ئۇنىڭغا «يالت» قىلىپ قارىدى .

— مۇشۇ ماقالە ئۈچۈنمۇ ؟ — دېدى ھاشىر قاپىقىنى

تۇرۇپ، — مۇشۇ بىر شەخسنىڭ پىكرى ئۇچۇنمۇ؟

— شەخسنىڭ پىكرى؟ — لۇ شۇجىنىڭ ئاۋازى تىترىدى، — يولداش، مۇنۇ گېزىت پارتىيىمىزنىڭ ئورگان گېزىتى!

— دۇرۇس، پارتىيىمىزنىڭ ئورگان گېزىتى، — دېدى هاشىر سالماقلىق بىلەن هەربىي ۋەكىلگە قاراپ قويۇپ، — لېكىن بەزى يامان غەرەزلىك ئادەملەر هامان پارتىيىمىزنىڭ نامىدىن، يا گېزىتىدىن، ئورگانلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ رەزىل غەرەزلىرى ئۇچۇن جامائەت پىكرى تەييارلايدۇ.

— سىز نېمە دېمەكچى؟ پىكرىڭىزنى ئېنىقراق ئېيتىڭە، — لۇ شۇجى مازاق قىلغاندەك ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— ماقۇل، ئوچۇق ئېيتاي، مۇنۇ ماقالە ئاپتورى «قىزىل خەنجەر» دېگىنى رەقىپ، مەن ئاخشامدىن بېرى ئۇنىڭ ناهىيىمىزدە تارقىتىپ يۈرگەن بىر يۈرۈش نەزەرىيىلىرى بىلەن مۇنۇ گېزىتتىكى گەپلەرنى سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. «بىرگە زەربە بېرىش، ئۇچكە قارشى تۇرۇش» هەرىكىتىدە توۋلانغان شوئارلارنىڭ ئەينى ئۆزى بۇ، ناهايىتى ئازراقلا رەندە سېلىنىپ سىلىقلانغان. بۇ شوئارلار بىزنىڭ بېشىمىزغا نېمە كۈنلەرنى سالمىدى؟ قانچىلىگەن بىگۇناھ ئادەملەر ئۆلدى؟ قانچىلار ئۆمۈرلۈك مېيىپ، قانچىلار قانچىلىك قان، كۆز يېشى ئاققۇزدى؟ زەربە يېگەن، ئۆلگەن، تېخىچە سىياسەت ئەمەلىيلەشمەستىن قاڭغىر قاقشاپ يۈرگەن ياخشى كادىرلار، زىيالىيلار ئازمۇ؟ شۇنچە چوڭ جاراهەت تېخى ساقايماستىن تۇرۇپ، جاراهەت ئۈستىگە ئۆزىنىڭ قىزىل خەنجىرىنى تەڭلىگەن ئادەمنى يەنە قوللايمىزمۇ - هە؟ بىز پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋەت، هۆرمىتىنى ئاشۇرىمىز دېسەك، رەقىپتەك ئادەملەرنىڭ ئەدىبىنى بېرەيلى!

لۇ شۇجىنىڭ قوۋۇز تېرىلىرى لىپىلداپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ

كەتتى :

— سىز... سىز رەقىپنىڭ قىزىل خەنجەر ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلىسىز ؟

— بىلىمەن ، ئەلۋەتتە بىلىمەن ، گېزىتخانا بىلەن ئالاقىلەشسەك ئاسانلا مەلۇم بولىدۇ . ئۇ يىراقتا تۇرۇپمۇ بىزگە خەنجەر ئۇرماقچى تېخى ، بىلىپ قويسۇن ، خەنجەر ئۇرۇش نۆۋىتى ئەمدى بىزنىڭ !

— ئەلانىڭ ماقالىسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇردۇم ، — دېدى لۇ شۇجى چالۋاقاپ ، — ماقالىدە راستتىنلا مەسىلە بار ، مەسىلە ئېغىر !

— ئۇ ئىلىم مەسىلىسى ، — دېدى ھاشىر ئولاشتۇرۇپلا ، — ماۋجۇشىنىڭ تەلىمى بويىچە ئىلىم مەسىلىسى ، ئىدېئولوگىيە مەسىلىلىرىنى ، ئىلىم ئەھلى ئۆزلىرى تەنقىد - مۇنازىرە ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشى كېرەك . ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ياكى پارتكوم بۇ مەسىلىنى مەمۇرىي يول بىلەن ھەل قىلماسلىقى كېرەك .

— مەن ئا جۇرنىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن ، — دېدى ھەربىي ۋەكىل دەرھاللا ، — دېمەك ، ناھىيىنىڭ ئۈچ رەھبىرىدىن ئىككىمىز ناھىيىدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلمايمىز ، بىرى ئۇنىڭغا قارشى . پارتىيىمىزنىڭ ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش دېگەن پرىنسىپى بويىچە ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە گۇرۇپپىسى شۇجىلىرىنىڭ قارارى ئېنىق بولدى ، قانداق دەيسىز ، لاۋلۇ ؟

— نېمە ئېنىق بولدى ؟

— ئەلانى ناھىيە بويىچە پىپەن قىلىشقا ، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ ، ناھىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ .

— بۇ مېنىڭ پىكرىم ئەمەس .

— شۇنداق ، بۇ پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ قارارى ، سىز قارارغا بويسۇنىسىز ، يولداش لاۋلۇ .

— نېمە ، ئىككىڭلارغىمۇ ؟ پارتىيىگە سىلەر ئەمەس ، مەن ۋەكىللىك قىلىمەن .

— نېمە ، نېمە ؟ — دېدى ھەربىي ۋەكىل تامدەك تاتىرىپ ، — خاتالاشتىڭىز لاۋلۇ ، ئەگەر پىپەن قىلىشقا توغرا كەلسە ، سىزنىڭ مۇشۇ پارتىيە ئىنتىزامىغا قارشى ئىدىيىڭىزنى پىپەن قىلىش كېرەك !

— خىخ ! — دېدى لۇ شۇجى ئىشىككە بۇرۇلۇپ ، — ئىنتىزامسىزلىقكەن تېخى ، ئىنتىزامسىزلىق ، تەسلىمچىلىكتىن مىڭ ياخشى !

ئۇ ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى . ھاشىر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇۋېدى ، ھەربىي ۋەكىل كۈلۈپ قويدى ۋە :

— لاۋئا ، لۇ مىڭچۈەن بىلەن ئېلىشىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ ، بىز ھەر ئىككىمىز خەنزۇ ، بىر - بىرىمىزگە تەڭلەيدىغان باشقا قالپىقىمىز يوق ، لېكىن سىزگە ئۇنىڭ تەييارلاپ قويغان قالپىقى بار ، — دېدى .

ئەلا ھەممىدىن خەۋەرسىز . ئۇ يېڭى يىل ئاخشىمى دوستلىرى بىللە بىللە كۈڭۈل ئاچتى ، چاقچاق ، ناخشا - ئۇسسۇل ، قىزىق ئويۇنلار تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتى . ئەتىگەنلىكى كۆپچىلىك ئۇ يەر ، بۇ يەردە ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يېتىشىپ ئۇخلاۋاتقاندا ، ئۇ ھاشىرنىڭ ئۆيىدىن ھېچكىم بىلەن خوشلاشمايلا چىقتى - دە ، ئاپئاق قىراۋ بىلەن چۈمكەلگەن دەرەخلىك كوچىلاردىن ئەگىپ ، تېخى ئىز چۈشمىگەن يۇمشاق قارنى دەسسەپ شەھەرنىڭ غەربى — مۇتەللىپ باغچىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئۇ باغنىڭ ئارقىسىدىكى كوچىغا ئۆتكەندە ھاياجاندىن ھودۇقتى ، ئۆزىچە كۈلدى ، ئۆزىچە

غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى. ئۇ كېچىچە ئىچكەن ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن مەست پېتى كوچىغا چىققان. ئۇنىڭغا كۈن نۇرىدا كۆزنى چېقىپ پارقىرىغان شاخلاردىكى تىۋىتتەك يۇمشاق قارمۇ، قاغىلار-نىڭ لىڭشىتىشى بىلەن شاخلاردىن بېشىغا چۈشكەن مۇزدەك قار ئۇچقۇنلىرىمۇ، ئايىغى ئاستىدا غاچىرلاۋاتقان قارمۇ كۆڭۈللۈك - گۈزەل تۇيۇلماقتا، خۇددى تەبىئەت ئۇنى تەبرىكلەۋاتقاندەك بىلىن-مەكتە ئىدى. ئۇ خۇشاللىق، قىزغىنلىق بىلەن سابىق ئايالى بىلەن ئۇماق باللىرىنى كۆرۈشكە ماڭغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، قەدەملىرى يېنىكلەپ، ئۆزى تېتىكلىشىپ قالغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى.

ئۇ گۈزەلئاينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، دۈپۈلدەپ ئۇ-رۇۋاتقان يۈرىكىنى تىڭشاپ بىردەم تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېلىقى ئاخشىمى گۈزەلئاينىڭ رادىئو كانىيىدىن ئاڭلانغان ئاۋازى تەكرار ئاڭلانغاندەك بىلىندى. گۈزەلئاي ئەلا دائىم ئېيتىدىغان قوشاقلارنى ئاھاڭغا سالغان، ھەتتا ناخشىنىڭ ئەگىمە - چۈشۈر-گىلىرىنىمۇ ئەلاغا ئوخشىتىپ ئالغان. ئۇ كۈنى ئەلا گۈزەلئاينىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ، يېنىدىكى ئەلانۇرنى ئۇنتۇغان، ئۇ ھاياجان بىلەن ئۇھ تارتقان، مانا ھازىر شۇ ئۇھ تارتىشلارمۇ تەكرارلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاخشامدىن بېرى دوستلىرىنىڭ ئەلا بىلەن گۈ-زەلئاينىڭ بەختى ئۈچۈن كۆتۈرگەن رومكىلىرىمۇ، ئۆزىنىڭ دوستلىرىنىڭ قىستاشلىرى ئالدىدا گۈزەلئاي بىلەن چوقۇم يار-شىشقا ۋەدە بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە مەدەت بولغاند-دى. ئۇ يۈرەك تېپىشىنى بىرئاز تىڭشىدى - دە، مەستلەرگە خاس جۈرئەت بىلەن دەرۋازا ھالقىسىنى شاراقلاتتى.

ئىشىكنى ئاچقىلى چاپان يېپىنچاقلىغان ھالدا ئادىلە چىقتى. ئەلا ئادىلەنى ئۇزۇندىن بېرى كۆرمىگەن. ئۇ ئادىلەنى كۆرۈپ خۇشال بولدى، ئادىلەنىڭ قوللىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن دەرھال قول سۇندى:

— ئادىلە ، قانداق ؟...

— ياخشى ، — ئادىلە ئۇنى سوغۇق ، چىراي ئاچمايلا كۈتۈۋالدى .

— بالىلارنى كۆرەي دەپ ... — دېدى ئەلا ئۆز غۇرۇرىنى ساقلاش ئۈچۈن دەرھال خېمىغا يېنىپ ، — بالىلارنى تولىمۇ سېغىندىم .

— گۈزەلنىچۇ ؟ — ئادىلە ئەلانىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى .

— ئەلۋەتتە ، كۆرگۈم كەلدى .

— كېچىچە باشقىسى بىلەن سەيلە قىلىپ ، تاڭ ئاتقاندا گۈزەلنى كۆرگۈڭىز كەلدىمۇ ؟ بالىلار سالامەت ئۇخلاۋاتىدۇ ، گۈزەل دادىسىنىڭ يېنىغا كەتمەكچى ، سىزنىڭ كۆرگۈڭىز كەلگەن بىلەن ئۇنىڭ كەلمەيدۇ .

ئادىلە شۇنداق دېدى - دە ، ئىشىكنى يېپىپ ۋە ئىچىدىن زەنجىرلىدى .

ئەلا ئەنە شۇ كۈنى قىرىق كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ يېرىم كېچىدە قايتىپ چىققاندىن كېيىن ، خىيال ، ئازاب ، يېزىش بىلەن يەنە نۇرغۇن كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى . ئۇ ھازىر ناھىيىدە بولۇۋاتقان ئۆزى توغرىسىدىكى كۈرەشلەر ، شەھەردە بولۇۋاتقان گۈزەلئاي بىلەن ئەلانۇر ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن زىددىيەتلەر ، بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان دوستلىرىنىڭ نېمىنى ئويلاپ ، نېمىلەرنى قىلغانلىقى ، ئاخىرىدا كىچىك ئاپىسى بىلەن ئۈمەر تەمبۇرچىنىڭ ئۇنى ئۆيلەش ئۈچۈن لايىق ئىزدەپ قىلىشقان مەسلىھەتلىرى ، «قاسقىر ئاۋۇز»نىڭ ھېلىقى بىر چاغدا ئەلاغا بۇلاق بويىدا گەپ قىلغان چوكاننى ئەلاغا لايىق تېپىپ ، ئۇنى يېنىغا كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ ئۆي سېلىپ بېرىپ ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئادىمى قىلىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى... قىسقىسى ، ئۆزى توغرىسىدىكى بارلىق ئىشلاردىن خەۋەرسىز...

شۇ كۈنى زۇلىيا بىرلىرى بىلەن قاتتىق گەپ تالاشتى . دادۇي شۇجىلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر خىل ئىشلار كۈندە دېگۈدەك بولۇپ تۇرغاچقا ، ئەلانىڭ بۇ ئىش بىلەن كارى بولمىدى . ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن يېزىشقا بېرىلگەن . ئۇ ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇشقا ئادەتلەنمەكتە ئىدى .

ئەلا 1976 ـ يىلى كۆكلەمدىلا زۇلىيادىن ناھىيىدە بولغان ئىشلارنى ئانچە ـ مۇنچە ئۇقالىدى : ھېلىقى كۈنى زۇلىيانىڭ ئۆيىدە ۋاڭ ـ چۇڭ بولغاندا ، ناھىيىدىن ئەلانى تۇتۇپ كەتكىلى ئىككى قوراللىق جيۇچادۇي ئادىمى كەلگەن . زۇلىيا مەھەللىدىكى ئەلانىڭ يېقىنلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەلانى تۇتۇشىغا قارشىلىق قىلغان . كەلگۈچىلەر بىلەن يېزىلىقلار ئارىسىدا راسا جېدەل ئۇلغىيىۋاتقاندا ، ناھىيىدىن بىر كىچىك ماشىنىدا ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى كەلگەن ، ئۇلار قوراللىق قىسىملار بۇسى مەسئۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ھېلىقى ئىككى نەپەر قوراللىق جيۇچادۇي ئادەملىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن . زۇلىيا بۇ ئىشنىڭ لۇ شۇجى بىلەن ھاشىر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىلا ، ئەلا قولىدىكى قەلىمىنى يېزىشتىن توختاتتى .

ئۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن ناھىيىگە چاقىرتىلدى . بۇ قېتىم ئۇنى گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتى ئارقىلىق چاقىرتقانىدى . ئۇ ناھىيەدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ روھى چۈشكۈن ، چىرايى پۈچۈلگەنىدى . بۇنىڭ سەۋەبىنى زۇلىيا ئاخشىمى بىلدى . ھاشىر باشقا بىر ناھىيىگە يۆتكەلگەن ، ئۇ يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغان ، لېكىن يۇقىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ خەت يازغان ، ئەلانى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلغان . ئەلا بولسا خىزمەتتىن ئۈزۈل ـ كېسىل چېكىنىش توغرىسىدا ئىلتىماس بېرىپ ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مائارىپ ـ مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە گۇرۇپپىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن .

زۇلىيا بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئەلاغا :

— بوپتۇ ئۇكام ، قېرىنداش بولۇپ قالدۇق ، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇڭ . گۇڭشې ئەزاسى بولۇشمۇ يامان ئىش ئەمەس ، — دېدى .

— ئەتىدىن باشلاپ تام سوقۇشقا كىرىشەي ، — دېدى ئەلا كۈلۈپ قويۇپ ، — ماڭا جايلىق يەر كۆرسىتىپ بېرىڭ .

— يەر تەييار ، — دېدى زۇلىيا چېچەكلەر بىلەن قاپلانغان باغنى كۆرسىتىپ ، — سوقما تاش ، چاقسا ، ياغاچلارمۇ تەييار .

ئەلا ئەتىسىدىن باشلاپ قولىغا گۈرجەك ۋە سوقما تاش ئالدى . ئەمدى ئۇ ھاياتنى قايتىدىن باشلىماقچى ، كۆندىلىك پىلانلىرىنىمۇ قايتىدىن تۈزمەكچى .

## 5

خىزمىتىنىڭ باشقا ناھىيىگە يۆتكىلىشى ، ھاشىر ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر زەربە بولدى . ناۋادا ، ئېھتىياج يۈزىسىدىن بولغىنىدا ئىدى ، ھاشىر تەقسىماتقا خۇشاللىق بىلەن بويسۇنغان بولاتتى ، لېكىن ھازىرقى يۆتكىلىش ئۇنىڭغا بىر خىل جازا بولۇپ تۇيۇلدى . ئۇ لۇ مىڭچۈەن بىلەن بولغان ئېلىشىشنى بۇنداق ئاددىيلا ئاخىرلاشتۇرۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى . لۇ شۇجىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈنلا يىراق بىر ناھىيىگە يۆتكىۋېتىش ، بىر ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەشكۈچىگە قىلىنغان ھاقارەت . بۇ خىل ھاقارەتنى ھاشىر ھەرگىز ئۈن - تىنسىز قوبۇل قىلمايدۇ - دە . ئۇ ئوبلاستقا ، ئاپتونوم رايونغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ خەت يازدى . ئوبلاستتىن بىر كىشى چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى . ھاشىر ئۇنىڭغا بۇ بىر خىل ئۆچ ئېلىش ، ناھەق زەربە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېيتتى .

ئۇ مانا 1976 - يىلىنىڭ ماي بايرىمىنى شەھەردىكى ئۆيىدە ئارقا - ئارقىدىن تاماكا چېكىش بىلەن بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە

ئۆتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەستىن بېغىدا كېسەك قۇيۇش بىلەن بەند بولدى. ئۇ تاڭ سەھەردە تۇرىدۇ - دە، كۈن ئىسسىغۇچە ئالتە - يەتتە يۈز دانە كېسەك قۇيىدۇ، ئاندىن كېيىن دۆڭلۈكتىن توپا بوشىتىپ لاي چىلايدۇ. ئۇ چۈشلۈكى پاكىز يۇيۇنۇپ كىيىم يۆتكەيدۇ - دە، خىرە يورۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان گۈللەر بىلەن تولغان ئۆيىدە، كىگىز ئۈستىدە پۇتلىرىنى سۇنۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇيدۇ، كەچقۇرۇنلۇقى قاراڭغۇ چۈشكۈچە يەنە كېسەك قۇيىدۇ... بىر ناھىيە رەھبىرى ئۈچۈن مۇناسىپ بولمىغان بۇ خىل تۇرمۇش، ھاشىرغا ھار بىلىنمىگىنى بىلەن، رازىيەگە چىدىغۇسىز ئازاب بىلىندى. ئۇ ئۆز ھەمراھىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن خاپىلىق تارتماسلىقىنى، كۆڭلىرىنى جۇشقۇن، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشىنى خالايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھاشىر بۇ خىل جۇشقۇنلۇق، خۇشاللىقنى جىددىي، جاپالىق خىزمەتتىن تاپالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رازىيە ھاشىر نەچچە كۈنلەپ جىددىي ئىش بىلەن بولۇپ «ئۆيىنى ئۇنتۇپ قالغان» چاغلارنى ئۆزى ئۈچۈن كۆڭۈلسىز ھېسابلىمايتتى، بەلكى بۇ كۈنلەر رازىيە ئۈچۈن خۇشاللىق، ھۇزۇر - ھالاۋەت بىلىنەتتى. چۈنكى، بۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ھاياتتىن خۇشاللىق قوبۇل قىلىۋاتىدۇ - دە... ھاشىرنىڭ ئۆز ۋاقتىنى مەنىسىز ئىشلارغا زايە قىلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۆز ھەسرىتىنى يوشۇرغانلىقى، بۇنى رازىيە چۈشىنىدۇ. ھاشىر ھېچقاچان بىرىگە داد ئېيتقان ئەمەس، ئۇ ئۆز دەردىنى ئەنە شۇنداق ئۆز ئىرادىسىگە يات بولغان ئىشلارنى قىلىش، ئىلاجىسىزلىق سەۋەبى بىلەن ئۆزىنى بىر خىل سۈنئىي جاسارەتكە زورلاش ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن. پۈتۈن ياشلىقىنى، قايغۇلۇق، خۇشاللىق كۈنلىرىنى ھاشىرغا بېغىشلىغان ئەقىللىق ئايال، ئۆز ئېرىنىڭ ھازىر ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، ئازابىنى يوشۇ-

رۇش ئۈچۈن كېسەك قۇيۇۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتىمۇ؟ ئۇ ھاشىر-
نىڭ قەلبىدىكى دەرد - ئەلەم تۇمانلىرىنى چىرايلىق سۆز بىلەن
ھەرگىز تارقىتالمايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىنى، كۈندىلىك تۇرمۇشىنى
پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش، يەنە ئۇنىڭغا ياخشى، كۆڭۈللۈك بىر ئەمەك
تېپىپ بېرىش كېرەك.

رازىيە ئاشۇ مەقسەت بىلەن ئارۇپ، تاشپولاتلارنى مەسلىھەتكە
چاقىردى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ھاشىرنى پارتىيە - ھۆكۈمەت
رەھبەرلىك خىزمىتىدىن مائارىپ سېپىگە قايتۇرۇپ ئەكېلىش ئۈ-
چۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا
يېزىدا تەمتىرەپ يۈرگەن ئەلانىمۇ غۇلجا شەھىرىگە قايتۇرۇپ كې-
رىپ ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇش، قالغان ئۆمرىنى
يېقىن ئەل - ئاغىنىلەر بىر شەھەردە، ئىناق، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈ-
زۈشنى پىلانلىدى. ھاشىرنى مائارىپ سېپىگە قايتۇرۇپ كېلىش
ئۈچۈن، ئوبلاست رەھبەرلىرىنى ماقۇل دېگۈزۈش كېرەك. بۇنىڭ
ئۈچۈن، يېڭىدىن ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىگە يۆتكەلگەن قۇر-
ماشنى ئىشقا سېلىش كېرەك.

ئۇلار مۇشۇ پىلان بويىچە ئىدارىلەر، باشلىقلارنىڭ بۆلۈم
ئىشخانىلىرى، ئۆيلىرىگە ئېرىنمەستىن كەينى - كەينىدىن مېڭىش-
تى. رازىيە مۇشۇ ئىشلار بىلەن ھەر كۈنى كەچ قايتىدىغان بولدى.
ھاشىر ئۆزىمۇ كېسەك قۇيۇش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، رازىيەنىڭ
نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىنى سوراپمۇ قويمايتتى.

رازىيە مۇتەللىپ باغچىسىنىڭ كەينىدىكى كوچىغا كەلگەندە
كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان. چوكان جالا چىقىرىپ، ياشارغان
سۆگەتلەر، يوپۇرماقلىرى كەچكى قۇياشنىڭ قىيپاش نۇرىدا قىز-
غۇچ رەڭگە كىرگەن تېرەكلەر بۇ كوچىنى قاراڭغۇلاشتۇرغان.
كوچىغا سۇ سېپىلگەن، ئۆي - ئۆيلەردىن گۈپۈلدەپ گۈل -
چېچەك پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. رازىيە تەبىئەتنىڭ بۇ خىل سۇۋ-

غىلىرىدىن دەردلىك يۈرىكىگە تەسەللى، ئارامىلىق تاپتى – دە، سالاسۇنى كۆك سىرلانغان چىرايلىق كۆۋرۈكتىن چاققان ئۆتۈپ، ئوخشاشلا كۆك سىرلانغان، قىيا ئوچۇق تۇرغان قوش ئىشىكنىڭ هالقىسىنى شاراقلاتتى. خىش ياتقۇزۇلغان يولدىن تۇپلەي بىلەن ماڭغان يېنىك، چاققان ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ كەلدى – دە، رازىيەنىڭ ئالدىدا بىردىنلا ئاق بۇلۇت ئارىسىدىن كۈلۈپ چىققان تولۇن ئاي — گۈزەلئاي پەيدا بولدى. رازىيە گۈزەلئاينىڭ ئاق مەڭزىگە سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە بىر خىل نۇرلار ئىچىدە چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە قارىدى. گۈزەل راستىنىلا گۈزەل ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى، ئۇماق لەۋلىرى كۈلمەكتە ئىدى. رازىيە ئىختىيارسىز ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ئەلا ئۈچۈن، جېنىم، ئەلا ئۈچۈن قۇچاقلايمەن.

— قويغىنە، ساراڭ.

گۈزەلئاي دوستىنىڭ قۇچىقىدىن سىلىق ھەرىكەت بىلەن قۇ-تۇلۇشقا ئۇرۇندى.

— سىنىڭ خاپىلىقىڭمۇ بىر گۈزەللىك جۇمۇ، ئېيتقىنا، نېمىشقا سەن باشقىلارنى بەختلىك قىلىشقا كاجلىق قىلىسەن؟

— يوق، ئۆيگە، كوچىدا سەتلەشمىگىنە.

گۈزەلئاي قىزىل پوپايكىسى بىلەن لەيلىدەك قىزاردى.

— ياق، ئۆيۈڭگە كىرگىلى كەلمىدىم، يوق، مۇتەللىپ باغ-چىسىنى ئايلىنىپ چىقمىز. باغ ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

— باغ سەيلىسى قىلغۇدەك كۆڭۈل ئارامى نەدە دەيسەن؟ كەچ كىرگىچىلا غەم.

گۈزەل يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ گۈزەل كىرپىكلىرى چىرايلىق بۇرنىنىڭ ئىككى يېنىغا سايە تاشلىدى.

— ماڭا قارا، گۈزەل، — دېدى رازىيە جەددىي تۈردە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ، — مەن سېنى چۈشىنىمەن، سەن بىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ئىچ ئاغرىتىدىغان، ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان ئايالسەن.

گۈزەلئاي ئەنسىزچىلىك بىلەن رازىيەگە قارىدى:

— بىر ئىش بولدىمۇ، رازىيە؟

— ھەم بولدى، ھەم بولمىدى، يوق، بىردەم باغ ئايلىنايلى، مەن سېنىڭ بىلەن جەددىي بىر ئىش ئۈستىدە سۆزلەشكىلى كەلدىم. ئەمما بىلىپ قوي، بۇ مېنىڭ ئاخىرقى يېلىنىشىم.

ئۇلار باغ ئىچىدە خېلىغىچە، ئىچىدە گەپ تۈزەپ، خىيال بىلەن جىمجىت، قولتۇقلىشىپ مېڭىشتى. ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمىلارنىڭ قەبرىسى يېنىغا كەلگەندە، رازىيە گۈزەلئاينىڭ جەينىكىدىن تارتىپ توختاتتى. ئۇلار ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئۈن - تىنسىز، قالدۇرماي ئوقۇپ چىقىشتى.

— گۈزەلئاي، سەن بىلەن مەنمۇ ئادەم، بۇلارمۇ ئادەم، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى بىزدىن نۇرغۇن ياش ئىكەن تېخى. بىزمۇ خەلقىمىزنى رازى قىلىدىغۇدەك بىر ئىش قىلساق، قىلالايمىزغۇ دەيمەن؟

— سەن قىلالىشىڭ مۇمكىن، ئەمما مەن تۈگەشتىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ سەن تېخى ياشقۇ؟

— بىر ئارتىسنىڭ ئۆز تالانتىنى كۆرسىتىدىغان ۋاقتى چەكلىك بولىدۇ. مەن ئەمدى تالانتىمنى جارى قىلالمايمەن.

— دۇرۇس، ناخشا ئېيتىشتا ئالاھىدە تۆھپە يارىتالماسلىقىڭ مۇمكىن، لېكىن سەن خەلقىمىزنى باشقا يول بىلەنمۇ رازى قىلالايسەن.

— ئەلانىڭ خىزمىتىنى قىلىپ دېمەكچىمۇ؟ — دېدى گۈزەلئاي يەرگە قاراپ، — يەنە شۇ ھاشىر ئاكامنىڭ پىكرىنى تەكرارلى-

ماقچىمۇ ، سەن ؟

— تەكرارلايمەن ، تېخى سېنى مەجبۇرلايمەن . ئەلانىڭ يازغان ئەسەرلىرى تولىمۇ قىممەتلىك ، كەلگۈسىدە ئۇ خەلقىمىز ئۈچۈن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى قالدۇرالايدۇ . مېنىڭچە ، ئۇ بىز ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىر ، ئىككىسى بولسا ، بىرى شۇ . شۇنداق بىر كىشىنى بەختلىك قىلالىساڭ ، خەلقىمىز سېنى ھۆرمەتلىمەمدۇ ؟

گۈزەلئاي يەرگە قارىدى :

— ۋاقتى ئۆتتى ،— دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، — مەن دادامنىڭ يېنىغا كېتىمەن ، ھەتتا ئەلىنىمۇ دادىسىغا قالدۇ- رۇپ كېتىمەن .

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترىدى . رازىيە ئۇنى ئىككى بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى :

— كۆزۈمگە قارىغىنا ، بۇ راست گېپىڭمۇ ؟ كەتمەك ئاسان ئەمەس ، سەن بۇنى بىلىسەن ، ھەر - ھەر كېتىدىغان چاغلاردا كەتمىدىڭ ، ئەلاغا تارتىشتىڭ ، ئەمدى نېمىشقا كەتمەكچى ؟ ئەلانۇر- نى بەختلىك قىلىش ئۈچۈنمۇ ؟ خاتىرجەم بول ،ئەلانىڭ بەختى ئەلا- نۇر بىلەن ئەمەس ، ئۇ ھاشىرغا ھەممىنى ئېيتقان ، قىز ئۇنىڭغا بىر مەھەل قاتتىق بېرىلگەن . شۇ چاغدا ئەلا قىزغا تەسەللى بولسۇن ئۈچۈن ، قىز بىلەن بىر ئاخشام مەقسەتسىز بىللە سەيلە قىلغان . بۇ بىر ئاخشام ئەكسىچە ئەلانۇرنى تېخىمۇ قاتتىق ئۈمىدلەندۇرگەن . ئەلانۇر ئەلاغا يۈز پىرسەنت ئۈمىد باغلاپ ، ئۆز بەختىنى كوزا - كوزاڭ قىلىش ئۈچۈن سېنىڭكىگە كەلگەن . بىچارە قىز خاتالاشقى- نىنى شۇ كۈنى بىلگەن . ئۇ ئەسلى گۈزەلئاي ئەلانى ياخشى كۆرمەيدۇ دەپ ئويلىغان . لېكىن ، شۇ كۈنى ئۇ سېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ، ئۆزىنىڭ ئەلانى ياخشى كۆرگەنلىكىنى ، ئەلانىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاخشام بىللە سەيلە قىلغانلىقىنى بىلگە- نىڭدىن كېيىن قانچىلىك ئازابلانغانلىقىڭنى بىلگەن . سەن ئۇ قىز

بىلەن بىر ئورۇندا ياتقانسەن ، ئۇ يالغاندىن ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن سەن ئاستا ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ئەلانىڭ رەسىمىنى ئېلىپ ئۇزاق قارىغانسەن ، ئوغلۇڭنىڭ بېشىنى باغرىڭغا بېسىپ ئۇزاق يىغلىغانسەن ، راستمۇ ؟ لېكىن ئەلانۇر ئۇنچىلىك يامان قىز ئەمەس ، ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغان ، بىر ئايغىچە ئەلا قايتىپ كېلىپ ماڭا توي قىلىش تەكلىپىنى قويىدۇ ، مەن ئۇ چاغدا قانداق قىلارمەن ؟ ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغۇدەك غەيرەت مەندە بارمىدۇ ؟ دەپ ئويلىغان . لېكىن ، ئەلا ئىككى ئايغىچە ئەلانۇرنى ئىزدەپ كەلمىگەن . ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز ئىشىغا بېرىلىپ كېتىپ ھەممىنى ئۇنتۇغان .

گۈزەلئاينىڭ لەۋلىرى خۇددى ئىزغىرىن شامالدا قالغان ياپراقتەك تىترىدى .

— ئەلانۇر بىچارە ، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى رازىيە ، گۈزەلئاينىڭ مۇرىسىگە قوللىرىنى قويۇپ ، ئۆزىگە تاشلىنىشقا تەييار تۇرغان دوستىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ ، — شۇ چاغدىلا ئۆز خاتالىقىنى بىلگەن : ئۇ باشقا بىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاشىقىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ، ئەلانۇر بىچارە ئۇرۇمچىدىكى ئۆز ئىدارىسىگە قايتا ـ قايتا خەت يېزىپ يۈرۈپ ، يېقىندا ئۇرۇمچىدىن خىزمەت تاپقان . ئۇ ھازىر بىر مەكتەپتە ۋاقىتلىق تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ .

— ياق ، — دېدى گۈزەلئاي ئوخشاشلا يەرگە قاراپ ، — مەن ئۇ قىز بىلەن ئەلانى تالاشقىنىم يوق . بىچارە مۇرادىغا يەتسە بوپتىكەن ، ئەلامۇ بەلكى ئۇنى ياخشى كۆرگەندۇ . ئۇنىڭ باشقا قىز ـ چوكانلارنى ياخشى كۆرۈش ھوقۇقى بار . بۇ زاماندا كىممۇ بىر ئۆمۈر بىرىگە باغلىنىپ ئۆتەلەيتتى . مەن ئۇنىڭ ئۆيلىنىشىگە ، بەختلىك بولۇشىغا تىلەكداش . ئەلىگە ئوبدان بىر ئاپا تېپىپ بەرسىلا ، مەن بالىنى قولىغا بېرىمەن . مەنمۇ ئۆز ئاتا ـ ئانامنى رازى

قىلىشىم كېرەك .

— ۋەتىنىڭنى ، خەلقىڭنىچۇ ؟ سەن بىر ۋىجدان ئىگىسى ، ئاۋۇ ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ ، ئاباسوف ، ئىسھاقبەكلەرنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلمامسىنا ، گۈزەل ؟

گۈزەلئاي رازىيەگە تىكىلىپ قارىدى :

— مېنى نېمىشقا قىستايدىغانسىلەر ، — دېدى ئۇ زارلىنىپ ، — ماڭا نېمىشقا ئارام بەرمەيسىلەر ، زادى ؟

— ئىنسان دۇنيادا يۈز يىل ياشمايدۇ . ئوتتۇزدىن ئاشتۇق ، بىر ئۆمۈر قىلىدىغان ئىشىمىزنىڭ پىلانى بولۇشى كېرەك . يەنە ئون يىل پۇل ، راھەت تۇرمۇش بىلەن ھەپىلەششەڭ ، خەلققە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەستىن دۇنيادىن ئۆتىسەن . بۇنداق ھاياتنىڭ مەقسەتسىز قىمىرلايدىغان كۆك قۇرتنىڭ ھاياتىدىن قانداق پەرقى بار ؟

— سەنزە ، مېنى پۇل ، راھەتكە بېرىلگەن بىر مىشچانكا دەپ ئويلايدىكەنسەن - دە ؟

— بولمىسىچۇ ؟ نېمىشقا ئۆز ھايات يولۇڭنى تاللىۋالمايسەن ؟ نېمىشقا خەلققە خىزمەت كۆرسىتىش ئىمكانىيىتى ئۇچۇن كۈرەش قىلمايسەن ، ئەمىسە ؟

گۈزەلئاي تاتىرىپ - كۆكىرىپ رازىيەنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان يوغان ، چىرايلىق كۆزلىرىگە قارىدى . رازىيە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— بىز دۇنياغا ئۆزىمىز ئۇچۇن تۇغۇلغانمۇ ؟ ساۋۇتوف مۇئەللىممۇ پۇلى كۆپ ئادەم ئىدى ، نېمىشقا پۇلىنى راھەت - پاراغەتكە خەجلىمىدى ؟ نېمىشقا بىزدەك بىر چىرايلىق قىز بىلەن بىر ئۆمۈر راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلاپمۇ قويمىدى ؟ ئەلاچۇ ؟ بىلەمسەن ، ئۇمۇ مۇدىر ، نەمۇنچى ، ھەتتا باشلىق بولالايتتى . لېكىن بىلىپ تۇرۇپ بازىرى يوق ، دۈشمىنى كۆپ ئىشنى تاللىۋالدى ،

بىر ئۆمۈر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلىشۋالدى . ئۇ ئۆز ئەمگىكى بىلەن خەلقىمىزنىڭ جاسارەتلىك ، ئەقىللىق ، ئىرادىلىك ، جەڭگىۋار خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ دۈشمەنلىك ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ، خورلىنىدۋاتىدۇ ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ، بەختسىز ! ساڭا بۇ تەرىپى بەش قولدەك ئايان ، بىلىپ تۇرۇپ سەن ئەلانى قىيناۋاتىسەن ، بىلىپ تۇرۇپ ئاشۇنداق بىر ئادەمگە يار ـ يۆلەك بولۇشتىن باش تارتىۋاتىسەن ، راستىنى ئېيتسام ، سېنىڭ بۇ ئىشىڭدىن ھەممە ئادەم نارازى .

گۈزەلئاي رازىيەگە قارشىلىق قىلىشقا ئاجىز ، رازىيەنىڭ گەپلىرى ھەقىقەت . گۈزەلئاي ھەقىقەت ئالدىدا بىشەملىك قىلىدغان بىغەرەزلەردىن ئەمەس . ئۇ نېپىز ياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ يىغلاشقا باشلىدى . رازىيە ئەمدى دوستىنىڭ يۇمشىغان كۆڭلىنى ئېرىتمەكچى بولۇپ ، مۇڭ بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى :

— ھازىر ھاشىرمۇ ، ئەلامۇ ئېغىر روھىي بېسىم ئاستىدا ، بىلەمسەن ، ھاشىرنى ناھىيىنىڭ باشلىقلىقىدىن قالدۇردى . ئەلامۇ خىزمەتتىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ ، دېھقان بولۇپ كېتىش ئۈچۈن يېزىدا ئۆي سېلىۋاتىدۇ . ئەمدى ئۇنىڭ مائاشىمۇ يوق . كۈندۈزى نومۇرغا ئىشلەپ ، كېچىسى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقچى . ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى . ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك پىلانلىرى تەسىرگە ئۇچرىدى ، لېكىن دوستلار قاراپ تۇرغىنى يوق . بىلەمسەن ، ئوسمان ھازىر گۇاڭجۇدا چوڭ باي ئىكەن ، زۇلخۇمار بالىلىرىنى ئېلىپ ئالدىغا كەتتى . ئوسمان ئەلانىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ ، ھاشىرغا ئون مىڭ سوم پۇل بىلەن خەت ئەۋەتىپتۇ . خېتىدە : «ھاشىر ، ئەلانى ئاخىرقى نەپسىڭ قالغۇچە قوغدا . ئۇ نومۇرغا ئىشلىمىسۇن ، ئۇ ئىلمىي ئىشى بىلەن شۇغۇللانسۇن ، ئۇنىڭ يەرگە ئىشلەپ تاپىدىغان پۇلىنى مەن بېرىمەن . بىلىپ قوي ، ناھىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەقسىمات پۇلىدىن بىر باراۋەر ئارتۇق ھەق تۆلەيمەن»

دەپتۇ . زۇلىيا ئاكىمۇ ئۇنى ئەمگەككە سالماستىن ، بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن ئۇز ئىشىغا قويماقچى . تاغدا ياشايدىغان «قاسقىر ئاۋۇز» دەپ لەقىمى بار بىر ئادەم ، بەش ئېغىز ئۆيگە كېتىدىغان ياغاچ - تاشنى ئەكېلىپ بەرگەن . ئۇلار ئەلاغا يېزىدا ئىشلەشكە قولايلىق داچا سېلىپ بەرمەكچى . ھۆكۈمەت پەن - تەتقىقات ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگىنى بىلەن ، خەلقىمىز كۆڭۈل بۆلىدۇ . ئەلانى قوللاۋاتقان يۈزلىگەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئال ، جېنىم دوستۇم ، مەن ساڭا يېلىناي !...

رازىيە قاراڭغۇ چۈشكۈچە گۈزەلئاي بىلەن بىللە بولدى . ئۇ گۈزەلئاينى يۈمشىتالىدى ،لېكىن ئېرىتەلىدىمۇ بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلماق تەس .

ئۇ ئۆيگە كەچ قايتىپ كەلدى . ئۆيدە ھاشىر بىلەن قورماش ئۇزلىرى زاكۇسكا راسلاپ ھاراق ئىچىۋاتقانىكەن .

— نامەت دېگەن ھايۋان ! — دېدى قورماش چوكا بىلەن تەخسىدىن گۆش ئېلىۋېتىپ ، — تورمىدىن چىقىپلا ئورۇمچىگە مېڭىپتۇ . ئۇ چوقۇم رەقىپ بىلەن تېپىشىدۇ . رەقىپ نېمە قىلىۋېتىپتۇ ، بىلەمسەن ھاشىر ؟

—لۇ مىڭچۇەننىڭ دېيىشىچە ، خىزمىتى ئۆسۈپتۇ . ھازىر بىر ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن جۇجاڭى ئىكەن .

— ھۆكۈمەت ئۇنداقلارنى جازالىمىسا ئۆزىمىز جازالىيالايمىزغۇ ، — دېدى قورماش غەزەپ بىلەن رومكىسىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ، — ھامىنى بىر ئۆلۈم ، ئاشۇنداقلارنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىپ ، قورسىقىمنى بوشىتىۋېلىپ ئۆلسەم ، بۇ دۇنيادا يەنە نېمە ئارمان قالىدۇ دەيسەن . نېمە ئالىيسەن ، بىز باشقىلارغا بوزەك بولغىلى يارالغانمۇ - يا ؟

— نېمە ، سېنىڭچە بىز دۇنياغا قىساس ئېلىش ئۈچۈن يارالغانمۇ ئەمىسە ؟ ئۆزۈڭ بىر كونا كوممۇنىست ، تېخى رەھبىرى

كادىر، دەۋاتقان گېپىڭنى قارا.

— كوممۇنىست، رەھبەر بولغان ئادەم شۇنداق ئىنتائەتچان بولۇشى لازىمىكەن؟ بىز ياخشىلىقىنىلا ئويلايمىز. بۇنىڭغا جاۋابەن تۇرمىگە كىرىمىز، جازالىنىمىز، خورلىنىمىز، رەقىپتەكلەرچۇ؟ نەگىلا بارسا شۇملۇق، رەزىللىك قىلىدۇ، لېكىن ئۆسۈۋېرىدۇ. كوممۇنىست بولغان ئادەم مۇشۇنداق ھەقىقەتسىزلىككە پارقىراپ قاراپ تۇرۇشى لازىممۇ، سىڭىلچە؟

— كۇرەش مۇرەككەپ، — دېدى ھاشىر شۇۋىرلاپ، — ئېغىر بول ئاداش، ئويلىغىنا، جۇ ئېنلەي زۇڭلىنى خاتىرىلەش سەنچە قانداق جىنايەت؟ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت رەھبەرلىرىنى جازالىدىغۇ؟

رازىيە ئۇلارنىڭ گېپىنى تولۇق ئاڭلىدى. ئۇ ھاشىرنىڭ بۇ خىل پاراڭلارنى قىلىشىنى خالىمايتتى. ئۇ ئۆز ئېرىنىڭ يۈرەك يارىسىغا تۇز بولۇپ سېپىلىدىغان گەپ-سۆزلەردىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلاتتى.

ئۇ ئۆيگە كىردى-دە، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

— سىلەرگە خۇش خەۋەر، — دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئارتىسلاردەك ئۆيدە پىرقىراپ، — بۈگۈن تازا ئېچىلغان تازا خۇشال بولۇڭلار، گۈزەلئاي ئەلا بىلەن يارىشىدىغان بولدى.

ھاشىر خۇشاللىقتىن رازىيەگە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ رومكىسىدىكى ھاراق داۋالغۇپ تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا قاقاقلاپ-سىلكىنىپ كۈلۈۋىدى، قولىدىكى ھاراق رومكىدىن داۋالغۇپ تۆكۈلدى:

— راست خۇشاللىقكەن، ئاجايىپ خۇشاللىقكەن، ئىچەيلى، قورماش بىر مەست بولغۇچە ئىچىپ باقايلى، قېنى ئەمىسە، يۇمىكاڭنى كۆتە، گاداي ياي! — چاقچاق بىلەن ئىككىسىنىڭ ياشلىقىدا خوتەندە ئىشلىگەنلىكىنى ئەسكە ئېلىپ خوتەن تەلەپپۇزىدا سۆز-

لىدى ئۇ .

— خوشە ! — دەپ توۋلىدى قۇرماشمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن رومىكىسىنى كۆتۈرۈپ .

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇلارنىڭكىگە ئادىلە خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى . ئۇ چاقماق رەختتىن پىلاتى - يوپكا كىيگەن ، بۇرۇنقىدەك ياشىرىپ قالغانىدى . ئۇ ھاشىر بىلەن ئەرلەردەك قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى - دە :

— قېنى خىزمەت ، تېخى مېنى ناھىيىگە سەنئەت ئۆمىكىگە ئارتىسلىققا ئالىدىغان كىشى ، — دېدى .

— ئەمدى سىزنى كىم نەگە خىزمەتكە ئالىدۇ ؟ — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى ھاشىر ئۇنىڭغا جاۋابەن ، — قورقمىسىڭىز ، مەن بىلەن بىللە مېڭىڭ ، يېزىغا چۈشۈپ دېھقان بولىمىز . ھەرقانداق ناخشا ئېيتسىڭىزمۇ ، ئاسمان بىلەن يەر سىزنى جازالىمايدۇ .

ئادىلە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي يېڭىلىقلارنى سۆزلەشكە باشلىدى : ئۇرۇمچىدىن بىر چوڭ كىشى كەپتۇدەك ، ئادىلە بىلەن گۈزەلئاينىڭ ناخشىلىرىنى لېنتىغا ئاپتۇدەك ، ئۇ كىشى گۈزەلئاينى ئېلىپ كېتىشكە كەپتۇدەك . گۈزەلنىڭ بېيجىڭدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى ھازىر مۇھىم ئورۇنلاردىكەن ، ئۇلاردىن بىرى «ئۈلگىلىك تىياتىرلار»دا رول ئېلىشقا گۈزەلئاينىڭ تولىمۇ لايىق ئىكەنلىكىنى ئۇرۇمچىدىكى باشلىقلارغا ئېيتقانىكەن ، باشلىقلار ئۇنى چوقۇم ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇدەك .

— گۈزەلنىڭ ئادرېسىنى نەدىن تېپىپتۇ ؟ — دەپ سورىدى ھاشىر بىر ئىشتىن گۇمانلىنىپ .

— تاڭ ، تاپقاندۇ ئىزدەپ - سوراپ...

— ياق ، — دېدى ھاشىر قاپىقىنى تۈرۈپ ، — بۇ يەردە باشقا گەپ بار .

— قانداق گەپ بولماقچىدى ، كومىسسىيونچى بىلەن ھېلىقى

كىشى سىزنىڭ ھەيۋىڭىزدىن كېيىن تېخىچە ھوشىغا كەلمىدى.
— ئۇلار ھوشىغا كەلمىگىنى بىلەن، قالتىس تىرىلىپ، قىيـ.
غىتىپ يۈرگەن يەنە بىرى بار ئەمەسمۇ، ئادىلە، ئۇ ھايات، ئۆسـ.
كەن. ئۇ چوقۇم شۇنىڭ يىراقىتا تۇرۇپ گۈزەللىكىگە سالىغان
سالىمىسى.
— رەقىپ دېگەن ئىتمۇ؟ — دېدى ئادىلە بىردىنلا تامدەك
تاتىرىپ.
— شۇنداق بولۇشى ئېھتىمال، گۈزەللىكى ماقۇل دېدىمۇ؟
— ياق، ئۇ ھېچبولمىسا چەت ئەلگە چىقىپ دادام بىلەن
ئاپامنى كۆرۈپ كېلىمەن دەپ، ئالدىراپ مېڭىپ يۈرۈيدۇ.
— ئەلا بىلەن يارىشىشقا رازى بوپتۇ، راستمۇ ئادىلە؟
— مەن شۇ ئىش بىلەن كەلگەن، — دېدى ئادىلە بىردىنلا
يەرگە قاراپ، — ئۇنىڭ ئاخىرقى جاۋابىنى ئەينەن دەپ بېرەي،
ئويلاپ كۆرۈڭلار. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: مەن ئەلانى ياخشى كۆرگەنـ.
لىكىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن قايتا يارىشىشنى خالىمايمەن.
— چۈشىنىشلىك، — دېدى ھاشىر خىيال بىلەن تاماكا
ئوراپ، — ئائىلە ساپ مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنى، مەن ساپ مۇھەبـ.
بەتنى ئائىلە ئۈچۈن قۇربان قىلمايمەن دېمەكچىكەن ـ دە، بۇ بىر
رومانتىكا، لېكىن ئوتتۇزدىن ئاشقان ئاياللارغا رومانتىكا ئەمەس،
ئەمەلىيەت كېرەك ئىدى، ئائىلە مۇھەببەتنى ھەم خاراب قىلىدۇ،
ھەم تەربىيىلەپ تېخىمۇ كامالىغا يەتكۈزىدۇ. بىزنىڭ ئەمەلىيىتىـ.
مىز، ئىككىنچى ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدىغۇ؟ بىزنىڭ ئائىلىمىز ئا.
سانغا چۈشمىدى، لېكىن بۇ ئائىلە مۇھەببەتنى كۆيدۈرۈپ كۈل
قىلىدىغان ئوچاق بولماستىن، تەربىيىلەپ چوڭ قىلىدىغان بۆشۈك
بولماقتا.
ئۇ ھويلىدىكى باراڭ ئاستىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈ.
رۈپ، ئادىلەگە ئۆزىنىڭ ئائىلە، مۇھەببەت توغرىسىدىكى قاراشلىـ.

-رنى چۈشىنىشلىك مىساللار بىلەن چۈشەندۈردى . ئادىلە ھاشىرنى بۇرۇن تونۇغان بىلەن ، ھاشىر توغرۇلۇق خاتا چۈشەنچىدە ئىكەنلىكىنى بۈگۈن بىلدى . ئۇ بۇرۇن ھاشىرنى سوغۇق ، قوپال ۋە رەھىمسىز ئەرلەردىن ھېسابلايتتى ، لېكىن ھاشىر مۇھەببەت ، ئائىلە توغرىسىدا ئادىلە تېخى ئويلىمىغان ئىنچىكە مەسىلىلەرنى بىلىدىكەن . ئۇنىڭ ھايات توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئادىلەگە قارىغاندا تولىمۇ چوڭقۇر ئىكەن .

— مەن گۈزەلئايدىن قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا ، ھەرگىزمۇ مۇھەببەتنىڭ قۇربانى بولۇشنى كۆزدە تۇتقان ئەمەسمەن ، كەسپىي ھەۋەسنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ ، ئەلا بىلەن بىر ئۆيدە بولۇشنى ئارزۇ قىلغانمەن . ئەلا بىلەن بىللە بولۇش ، ئۇنىڭ ساپ مۇھەببىتى ئۈچۈن پاجىئە بولۇشقا كۆزى يەتكەن بولسا ، بىز ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت بىلدۈرىمىز ، بىز ئۇنىڭ پىكرى ئۆزگەرگۈچە كۈتىمىز . راست ، ئەلانى يىراقتىنلا ياخشى كۆرۈشكە بولىدۇ ، نامىغا ، پەزىلىتىگە ئاشىق بولۇشقا بولىدۇ ، لېكىن بىللە بولسىڭىز ، راستىنلا زېرىكىشلىك . بولۇپمۇ گۈزەلئايدەك ھېسسىياتلىق ئاياللار ئۇنىڭدىن ئاسانلا زېرىكىدۇ . ئۇ پۈتۈن مۇھەببەتى ، ئەس - خىيالىنى ئۆز ئىشىدىن ئايالىغا ھەرگىز يۆتكىيەلمەيدۇ ، لېكىن گۈزەلئاي ئۇنىڭدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئۇ شۇنداق قىلغاندىلا ، ئۆزىدىكى ئوتلۇق مۇھەببەتكە ھاياتتىن جاۋاب ئالالايدۇ . ناۋادا ، گۈزەلئايمۇ ئەلا سۆيگەن ئىشقا مۇھەببەت باغلىغان بولسىدى ، مىسالى ، ئۇمۇ ئەدەبىياتنى ياكى تارىخنى ئۆز ئاشىقىدەك ياخشى كۆرگەن ، شۇ ئىشتىن لەززەت ئالالايدىغان بولسىدى ، ئۇ چاغدا بۇ ئائىلە مۇھەببەتنىڭ بۈشۈكى ، بېغى ، گۈلزارى بولۇپ قالغان بولاتتى . گەپ گۈزەلئاينىڭ مۇھەببەتكە قويغان تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىقىدا ، ئۇنىڭدىكى مۇھەببەت يالقۇنىنىڭ كۈچلۈكلىكىدە...

ئادىلە دوستىنىڭ تومتاق سۆزىنى ئەينەن يەتكۈزگىنى بىلەن تېخى چۈشەنمىگەنىكەن. ئۇ ھاشىرنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن كېيىنلا دوستىنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ جىمجىت يۈرۈيدىغان خىيالچان دوستىنىڭ يۈرەك - قەلبىنى تېخى ئەمدى چۈشەندى.

كەچقۇرۇن رازىيە ئۆيگە خۇشال كىرىپ كەلدى.

— قانداق؟ — دېدى ئۇ ھاشىرغا ياش قىزلاردەك ئەركىلەپ، — ئادىلە خۇش خەۋەر ئەكەلدىمۇ؟

— ئەكەلدى، — دېدى ھاشىر رازىيەنىڭ نازۇك بېلىدىن كۈچلۈك قوللىرى بىلەن چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — ئۇ بىزگە مەززىلىك مېۋىدىن سوۋغا ئەكەلدى، لېكىن مېۋە تېخى پىشمىغان، پىشمىغان مېۋىنى ئالدىراپ ئۈزۈپ ئەكەلگەن. كېرەك يوق، مېۋە ھامان پىشىدۇ، ھازىر تېخى باھار، ئالدىمىزدا ياز بارغۇ تېخى!

# خاتىمە

بىز كىچىك ماشىنىدا كېتىۋاتىمىز .

… ئانا يەر يېشىل تون ئىچىدە ، كائىنات گۈل ـ گىياھ ، دېۋىرقاي ھىدىغا قانغان ، تەلكە داۋىنىدىن ئارقانغا قارىساڭ ، رەت ـ رەت قارىغايلار سېنى تىزىلىپ ئۇزىتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ . مانا ، تەلكە داۋىنىدىن ئاشتۇق ، سايرام كۆلى — سۈزۈك ئاسماننىڭ پارچىسى ئالدىمىزدا يېيىلىپ ياتماقتا . مەن 1976 ـ يىلىنىڭ ماي ئېيىدىن تارتىپ بۈگۈنكى 1979 ـ يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىغىچە بولغان ئۈچ يىل ئۈچ ئاي ۋاقىتنى ، زۆلىيانىڭ بېغىغا يېقىندىن سېلىنغان تاختايلىق ئۆيۈمدە ئەسەر يېزىش ۋە كەڭ ئېتىزدا ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، تۈزۈك تالا ـ تۈزگىمۇ چىقمىغانلىقىم ئۈچۈن ، ماڭا بۈگۈنكى ساياھەت تولىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى . مەن «كىتاب خالتىسى» بولغاچقا ، ئۆزۈمنى قىرىق بىر ياشلىق قىران ئادەم بولغىنىمغا قارىماي ، نەچچە ئەسىر ياشىغان مۇنەججىم بوۋاي ھېسابلايمەن . ئوغلۇم ئەلى 10 ـ سىنىپنى تۈگىتىپ قايتا تەربىيە ئېلىشقا چىققان . مەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئورنىغا ، خۇددى بوۋايدەك ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ قويدۇم . قىزىم دىلئارا مەركىزي سەنئەت ئىنستىتۇتىغا ماڭغاندىمۇ ، خۇددى مومايلاردەك پىشانىسگە سۆيگەنىدىم… لېكىن مەن تېخى قېرىماپتىمەن . نېمانچە ھاياجانلىنىمەن ، كۆزلىرىمدىن نېمىشقا ھاياجان ياشلىرى قۇيۇلىدۇ ؟ بۇ قىران چاغلىرىم تېخى ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ ؟

— سەن قاندااق ئويلايسەن ھاشىر ، بىز چارەك ئەسىر

ئۇخلاپ، ئەمدى ئويغاندۇقمۇ، ئاداش؟

يېنىمدا ئولتۇرغان ھاشىر ماڭا ھېلىمۇ ئۇخلاۋاتقاندەك بىلىندى. مەن ئۇنى نوقۇدۇم:

— ھەي ناخشا ئېيتقىنا، بۇنىڭدىن يىگىرمە ئىككى يىل بۇرۇن مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە، سەن ناخشا باشلىغان ئەمەسمىدىڭ. ياشلىققا بىر قايتايلى، ئېيتقىنا، ئاداش.

ھاشىر ماڭا قىيپاش قاراپ كۈلۈپلا قويدى:

— راست ئېيتىسەن، ئاداش، بىز چارەك ئەسىر ئۇخلاپ ئويغاندۇق.

— گېرمانىيە شائىرى گېيوتېنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «خاتالىقتىن ھەقىقەتكە قايتىش ـ چۈشتىن ئويغىنىشقا ئوخشايدۇ». چۈشىمىز ئاخىرلاشقاندا ئويغاندۇقمۇ ياكى چۆچۈپ ئويغاندۇقمۇ؟ سېنىڭ ئالىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا مېڭىشىڭ بىلەن مېنىڭ بېيجىڭغا ئىلمىي ئۇنۋان ئۈچۈن ئىمتىھان بېرىشكە مېڭىشىم، چۈشىمىزنىڭ داۋامى ئەمەستۇ، ئاداش؟

— ياق، بۇ خاتالاردىن قول ئۈزۈپ، ھەقىقەتكە قايتىشىمىزنىڭ باشلىنىشى.

— ئىشەنچىڭ كامىلمۇ، ئاداش؟

— ساڭا كەلگۈسىنىڭ ئۆزى جاۋاب بەرسۇن.

ھاشىر ئىككىمىز ئۈرۈمچىگە خۇددى ياش ۋاقتىمىزدىكىدەك ئويۇن ـ كۈلكە، چاقچاق ـ مۇھەببەت بىلەن بىر يېرىم كۈندىلا يېتىپ كەلدۇق.

... ئىھ، باھارنىڭ جۇدۇنى، يازنىڭ تومۇزى بولغىنىدەك، ھاياتلىقتىكى بارلىق خۇشاللىقلارمۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ تۇرىدىكەن. تونۇگۈن مېنى يېڭىدىن تەتقىقات ئورنىغا ئىلمىي خادىم سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ئورۇن، مېنى ئىدارىنىڭ بىر مەسئۇلى بىلەن تونۇشتۇردى. ئالدىمغا زامانغا لايىق كىيىنگەن

رەقىپ كۆلۈپ ، قوچاق ئېچىپ چىقىپ كەلدى . مەن ئەدەپ يۈزىدىنلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشتۈم . ئۇ ھازىر ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدا مەسئۇل خادىم ئىكەن .

— ئىلىم - پەننىڭ باھارى ، — دېدى ئۇ گېزىتتىن يادلىۋالغان سۆزىنى تەكرارلاپ ، — بىز ئىلىم - پەن خادىملىرىغا ئىللىق قوينىنى ئاچماقتا ، بىلىمەن ، سىز ئەلا ، بۇ باھاردا مول مېۋىڭىز بىلەن خەلقىمىزگە خىزمەت قىلىسىز !

مەن كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم . مېھمانخانىنىڭ يۇمشاق كارىۋىتى ماڭا قاتتىق بىلىندى . مەن بۇ باھاردىن بەھرىمەن بولالمىغان ئۇستازلىرىم ساۋۇتوف ، ئۆمەر ئەپەندىلەرنى ئەسلەپ ، تولىمۇ بىئارام بولدۇم . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، قوللىرى ھەقىقىي ئىلىم - پەن ئەھلىنىڭ قېنى بىلەن بۇلغانغان ئادەمنىڭ ئىلىم - پەن باھارىدىن بەھرىمەن بولۇشى مېنى تولىمۇ ئازابلىدى . مەن قانداق قىلاي ؟ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر كۆرەش قىلىمەنمۇ ؟ قالغان چەكلىك ئۆمرۈمنى كۆرەشكە بېغىشلىسام ، ئىلمىي ئىشىمنى كىم قىلىدۇ ؟

ئەتىسى مەن بۇ ئىشنى ھاشىرغا ئېيتتىم . ھاشىرمۇ خاپا بولدى . ئۇ رەھبەرلەرگە ئېيتماقچى ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان كۆرەشنى ئۆزى ئۇستىگە ئالماقچى بولدى . مەن ئۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم . قەلبىم ھەم خۇشاللىق ، ھەم غەشلىك بىلەن تولدى . مەن ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتىم... ھايات مېنى ئالدىدى ، خورلىدى ، ئاخىرىدا بەزلىدى . لېكىن ، مەن ھاياتنى ئالدىمايمەن ، خورلىمايمەن ، ئۇنىڭغا ساداقىتىم ، ساپ قەلبىم بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن...

ئەلانىڭ ئاخىرقى خاتىرىلىرى بىلەن بۇ كىتاب ئاخىرلاشتى . كىتابخان سورايدۇ : گۈزەلئاي ئەلا بىلەن ياراشتىمۇ ؟ ئوسمان خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلدىمۇ ؟ ئادىلە ، ئەلانۇرلار خىزمەتكە ئورۇنلاشتىمۇ ؟ ھاشىر راستتىنلا ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ رەقىپ-

تىن ئىنتىقام ئالالىدىمۇ ؟

ھايات ئۆز قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ . پاكلىق بىلەن رەزىللىك ، گۈزەللىك بىلەن ۋەھشىيلىك ، ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق مەڭگۈ كۈرەش قىلىشۋېرىدۇ . ھاياتلىق ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ، لېكىن ئادەملەر ھايات قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ .

بۇ كىتابتىكى پېرسوناژلار ھېلىمۇ ياشىماقتا ، كۈلمەكتە ، يىغلىماقتا ، لېكىن بىرلا ئىش ئۆزگەرمىدى : ئادەملەر ھامان تىرىشماقتا ، كۈرەش قىلماقتا . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتنى ، ئۆز ئورنىنى ئۆزگەرتىش كويىدا . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ، ھاياتتىكى بىز چۈشىنەلمىگەن ئىشلارنى كەلگۈسىدىكى ئەمەلىيەت بىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئىزدىنەيلى ، بىز ئىزدەنگۈچى .

1985—1987 - يىللار .

قەشقەر ، ئۈرۈمچى ، بېيجىڭ .

# ئىزدىنىش

(ئىككى قىسىملىق رومان)


ئاپتورى: زوردۇن سابىر

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي

مۇھەررىرلىرى: پاتىگۈل مىجىت

مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر، زەمىرە

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تېلېفون: 0991-2827472

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001

باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 41.5

نەشرى: 2009 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

باسمىسى: 2011 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 3001 — 7000

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 11474 - 0

باھاسى: 104.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)